تَرَكْتُ فِيكُمْ أَمْرَيْنِ لَنْ تَضِلُّوا مَا تَمَسَّكْتُمْ بِهِمَا كِتَابَ اللَّهِ وَسُنَّةَ نَبِيِّهِ.

«سىلەرگە ئىككى نەرسە قالدۇردۇم، ئەگەر شۇ ئىككى نەرسىگە يېپىشساڭلار ھېچ ئاداشمايسىلەر، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدۇر.»

— ھەدىس شەرىپ

رىزائۇددىن فەخرۇددىن

# شەرھى جاۋامىئۇلكەلىم

# مۇقەددىمە

بسم الله الرحمن الرحيم

رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحًا تَرْضَاهُ وَأَصْلِحْ لِي فِي ذُرِّيَّتِي إِنِّي تُبْتُ إِلَيْكَ وَإِنِّي مِنْ الْمُسْلِمِينَ.

مَا كَلَّفَ اللّٰهُ نَفْسًا فَوْقَ طَاقَتِهَا          وَلاَ تَجُودُ يَدٌ إِلاَ بِمَا تَجِدُ

"رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاء"

پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن. مەن ھەقىقىي تەۋبە قىلىپ ساڭا يۈزلەندىم ۋە مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن.

بىز مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىمىزنىڭ تارقىلىشىنى، شەرقتىن غەربكە قەدەر ھەر تەرەپنى نۇر چېچىپ يورۇتۇپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز ۋە بۇ دىنغا ئەگەشكۈچى خەلقلەرنىڭمۇ بەختلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. باشقا دىن ئەھلىلىرىمۇ ئېھتىمال شۇنداقتۇر. بۇنداق ئۈمىد ۋە ئارزۇلارنىڭ بولۇشى ھەر بىر دىن ئەھلى ئۈچۈن تەبىئىيدۇر. لېكىن، ئۆزىمىز شۇ دىننى ياخشى بىلمىسەك، ئۇنىڭغا تېگىشلىك ھۆرمەت قىلمىساق ۋە ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىساق، بىزنىڭ بۇ ئۈمىدلىرىمىز خام خىيالدىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ، ئاقىۋەت ھېچ مېۋە بەرمەيدۇ، خالاس.

بىر دىنىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە تارقىلىپ، پۈتۈن دۇنيانى يورۇتۇپ نۇر چېچىپ تۇرۇشى، خەلقنى بەختىيار ۋە ئۈمىدۋار قىلىشى ئۈچۈن، شۇ دىنغا ئەگەشكۈچى خەلق دىنىنىڭ قەدرىنى بىلىشى ۋە قوللىرىدىن كېلىشىچە شۇ دىنغا تېگىشلىك ھۆرمەت قىلىشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، دىنىنىڭ زەئىپلىشىپ پۈتۈن دۇنياغا نۇر چېچىپ تۇرمايدىغانلىقى ئېنىق.

دىننى قەدىرلەش ۋە ھۆرمەتلەش — ئۇ ھەقتە ئىلىم ھاسىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئەمەللەر بولمىغاندا، دىن تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ئالتۇن ۋە ئەخلەتكە چۈشكەن ئۈنچىگە ئوخشاش يوشۇرۇن تۇرىدۇ- دە، نۇرى تۆكۈل، ئۆزىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

بىلىم، ئىسلامنىڭ ئۇلىدۇر. بىر دىن توغرىسىدا تۇنجى قېتىم نازىل بولغان ۋەھيي «ئوقۇ...!» بۇيرۇقىدىن ئىبارەت بولسا ۋە ئۇ دىنىنىڭ ئاساسى بولغان كىتابتا «قەلەم» بىلەن قەسەم قىلىنغان بولسا، ئۇ دىنىنىڭ قارىشىچە ئىلىم ۋە يېزىش ـ ئوقۇشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ، باشقا دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈشكە ھېچ ھاجەت قالمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى پۈتۈن ئەھلى ئىسلام ئىچىدە ئىلىمنىڭ تارقىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى ۋە ھەركىمنىڭ ئۆزىگە كېرەكلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەشەببۇس قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئومۇمىيۈزلۈك ئىلىم تەھسىل قىلىشنى ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەمەللەرنىڭ بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى «ئومۇمىيۈزلۈك ئىلىم ئېلىش» تىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئەمەل تارىختىن بېرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھېچ بىر مەملىكەتتە ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى دىندا بولماستىن، بەلكى ئۈممەتنىڭ ئۆزىدىدۇر.

ئەلۋەتتە، ئىسلام دۇنياسىدا كاتتا مۇجتەھىدلەر، ناھايىتى مۆتىۋەر ئالىملار ۋە ھاپىزلار مەيدانغا كەلدى. لېكىن بۇلار ئۆز دەۋرىدىكى مۇسۇلمان نوپۇسىغا سېلىشتۇرغاندا ئارانلا مىليوندىن بىرىگە توغرا كېلەتتى، قالغانلىرى بولسا، نادانلىقنىڭ گىردابىدا ياشماقتا ئىدى. ئەبۇ ئەلى ئەلقالىنىڭ «ئەمالى» ناملىق ئەسىرىدىن دەرس بېرەلەيدىغان، پۈتۈن سەنەدلىرى بىلەن يۈزلەپ، مىڭلاپ ھەدىس ياد ئالغان ئاياللار ئۆتكەن، ئەمما بۇ ئاياللارنىڭ سانى بەش ــ ئون بىلەنلا چەكلىنىپ قالاتتى. ھەتتا بەزى جايلاردا «ئىلمى ھال» (ئىبادەت مەسىلىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم) ۋە ناماز ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلار ئىبادەت ئېھتىياجىنى قامدايدىغان باشلانغۇچ سەۋىيىسىدىكى ئەڭ ئاسان ئىلىملەرنى ئوقۇتىدىغان ئۇستازلارنى تېپىشتا ئىنتايىن قىينىلاتتى.

دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئۈممەتنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى، زېمىنىنىڭ كەڭلىكى ۋە نوپۇسىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن بولماستىن، بەلكى ئىلىم ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت، سانائەت ۋە مەرىپەتنىڭ تەرەققىياتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن ئىشقا ئاشاتتى، لېكىن ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر چاغلاردا شەرقتىن غەربكىچە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن ئىسلام دۇنياسى ئۆز ھالىتىنى ئىزچىل ھالدا ساقلاپ قالالمىدى. ئومۇمىيۈزلۈك ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش يولغا قويۇلماي، پۈتۈن خەلق باب ــ باراۋەر ھالدا ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، نەتىجىدە ئىسلام دۇنياسى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.

ئەگەر بىز ھازىرقى دەۋرىدە باشقا مىللەتلەردەك باياشات ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولساق، بۈيۈك ئالىملار يېتىشتۈرەلمىسەكمۇ، چوقۇم مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەتلىك ۋە قۇدرەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان بىلىمنى ئىگىلىگەن بىلىم ئىگىلىرىنى بىر كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. «ئىلىم ئېلىش ھەر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر» دېگەن ئەمرىنىڭ روھىنى شۇ چاغدىلا تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن بولىمىز.

ئەگەر دىنىمىزنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىنى، ياش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئىخلاسى بىلەن ئويۇشۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولساق، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز ئىسلام دىنىنى ياخشى چۈشىنىپ، مۇمكىن قەدەر ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىمىز لازىم.

باشلانغۇچ سەۋىيىدە ئىلىم ئىگەللىگەن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ۋەزىپىسىنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت بولغانلىقىنى بىلىشى ئەلۋەتتە مۇھىمدۇر. بۇنىڭ بىردىنبىر يولى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە مىراس قالدۇرغان ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى تولۇق ئىگەللەپ ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەت ۋە ھەدىسلىرىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ساھابىلەر سۈننەت ۋە ھەدىسلەرنى ئۆزىدىن كېيىنكى نەسىللەرگە ئېغىز تىلى بىلەن، كېيىنكىلەر ئۇنى ئۆزلىرىدىن كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈپ كەلدى. يۇقىرىقى مېتود ئارقىلىق كۆچۈپ كەلگەن سۈننەت ۋە ھەدىسلەر كۆچۈرۈلۈپ بۈيۈك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.

ساغلام، توغرا سەنەدلەر بىلەن رەسۇلۇللاھتىن قالغان ھەدىسلەر، ئۇممەتكە ئەمەل دەستۇرى بولۇشقا تېگىشلىك قائىدىلەر ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەت سائادىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان يوللاردۇر. «پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەنلىرىنى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار.»

بۇنىڭدىن بۇرۇن، ئەرەبچە ئۆگەنگۈچى تالىپلارنىڭ ھەم ئەخلاق ھەم دەرىسلىككە پايدىلىق بولۇش مەقسىتىدە «جەۋامىئۇل كەلىم» ناملىق بىر رىسالە قوللانغان ئىدۇق. تەجرىبىلەر ئەنە شۇ ھەدىسلەرنىڭ ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىشقا ئېھتىياج بارلىقىنى كۆرسەتتى ۋە بۇ ھەقتە بىزگە تەنبىھ قىلغۇچىلارمۇ بولدى. مانا ھازىر ئاللاھ تائالا بەرگەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «جەۋامىئۇل كەلىم» ناملىق ھەدىس كىتابىنى تەرجىمە قىلىشقا ھەم ئېتىمادلىق ئالىملار تەرىپىدىن يېزىلىپ قالدۇرۇلغان ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ شەرھلەر ۋە ئىزاھلار يېزىشقا مۇيەسسەر بولدۇق. بىز بۇ ئەسىرىمىزگە بۇگۈنكى تۇرمۇشىمىز، ھال ـ ئەھۋالىمىزغا مۇناسىپ ھەدىسلەرنى تاللاپ ۋە ئىسلام ھاپىزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى كۆچۈرۈشكە تىرىشتۇق. مۇبادا، زېھنىمىز ۋە ئىجتىھادىمىز سىرتىدا قالغان مەزمۇنلار بولسا، كىتابخانلاردىن ئەپۇ سورايمىز.

مَا كَلَّفَ اللّٰهُ نَفْسًا فَوْقَ طَاقَتِهَا　　　وَلاَ تَجُودُ يَدٌ إلاَ بِمَا تَجِدُ

ھەق تائالادىن ئەسىرىمىزنى سالىھ ئەمەللەر جۈملىسىدىن قىلىشىنى ۋە تۇپراق ئاستىدا ئۇنتۇلۇپ ياتقان كۈنلىرىمىزدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەيرى دۇئاسى بىلەن شاتلاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

"رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاء" —— ئى ئاللاھ دۇئالىرىمىزنى قوبۇل قىل!

غېرىپلەر شام چىراغ كۆرگەندە يولدا،

دېسۇنلەر: «بىر زامان بار بولغان ئۇمۇ»

# 1 ـ ھەدىس: ئىسلامدا نىيەتنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا

**إنَّما الأعمالُ بالنِّيَّةِ وإنَّما لامرئٍ مَانَوَى فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ إلى اللهِ وَإلَى رَسُولِهِ فهجرتُهُ إلى اللهِ وإلى رَسُولِهِ ومن كَانَتْ هجرتُهُ إلى دُنيا يُصيبُها أو امرأةٍ يتزوَّجُها فَهِجْرَتُهُ إِلىَ مَا هَاجَرَ إليهِ.** (صحيح البخاري.)

ئەمەللەر (شەرىئەت ھۆكمىچە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى لازىم بولغان ئاقىل، بالىغلار) نىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى (دەرىجە ۋە مەرتىۋىسى) نىيەتلەرگە قاراپ بولىدۇ. ھەركىمنىڭ ئۆز ئىشىدىن ئالىدىغان نېسىۋىسى نىيىتىگە قاراپ بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىپ ھىجرەت قىلغۇچىلارغا، ئاللاھ تائالا ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ھىجرەت قىلغانلىقنىڭ ساۋابى بولىدۇ. دۇنيالىق ئۈچۈن ياكى بىرەر خوتۇننى نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن نىيەت قىلىپ ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ نېسىۋىسىمۇ ئۇنىڭ دۇنيالىق مەقسىتىگە يېتىش ياكى شۇ خوتۇننى نىكاھىغا ئېلىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

مەككە پەتھى قىلىنغان ۋاقىتقىچە مەدىنە شەھىرىگە، يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كۆچۈپ بېرىش ئىنتايىن ساۋابلىق ئىش ئىدى. مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ «مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق» دېگەن سۆزىگە قارىغاندا، ھىجرەت قىلىش ئىشى ئىلگىرىكى دەرىجىسىدىن تۆۋەنلىگەن.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بىر ئادەم مەدىنىگە كۆچۈپ كەتكەن بىر خوتۇننى نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن مۇسۇلمان بولۇپ، مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بارغانىدى. بۇ ئادەمنىڭ ھىجرەتتىن مەقسىتى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىدا تۇرۇش ئەمەس، بەلكى شۇ خوتۇننى نىكاھىغا ئېلىش ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇنىڭ غەرىزىنى بىلگەندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى ھەدىسنى سۆزلىگەنىدى. بۇ ھەدىس مەدىنىگە كۆچۈشتەك خاس بىر ئىش توغرىسىدا ئېيتىلغان بولسىمۇ، مەقسەت ئومۇمغا قارىتىلغان بولۇپ، ھەر بىر ئىش (مەيلى بەدەن ياكى تىل بىلەن قىلىدىغان ئىش بولسۇن، مەيلى ئاز، مەيلى كۆپ بولسۇن) نىيەتكە قاراپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. نىيەت بۇزۇق بولسا قىلغان ئىشمۇ بۇزۇق، نىيەت تۈزۈك بولسا، قىلغان ئىشمۇ تۈزۈك ۋە ئېتىبارلىق بولىدۇ.

بەندىلەرنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشلار بىلىم، ئىرادە، كۈچ ـ قۇۋۋەت قاتارلىق ئۈچ نەرسە بىلەن تولۇقلىنىدۇ. چۈنكى ئادەم بالىسى ئۆزى بىلمىگەن ئىشنى قىلىشنى خالىمايدۇ، خالىماي تۇرۇپ ئىشلىيەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇسسىغان كىشى ئۇنىڭ دورىسىنىڭ سۇ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئاندىن كېيىن سۇ ئىچىشنى كۆڭلىدە ئىرادە قىلىدۇ ۋە سۇ ئىچىدۇ. بۇ كىشىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىشى مۇشۇ ئۈچ نەرسە بىلەن تولۇقلىنىدۇ. بۇ ئۈچ نەرسە ئىچىدىكى «ئىرادە» دېگىنىمىز — نىيەتتۇر. ئەگەر «نىيەت قانداق نەرسە؟» دەپ سورالسا، «بىلىم ئارقىلىق بىر ئىشنى قىلىشنى كۆڭۈلگە پۈكۈش، ئىرادە قىلىش» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. «ئەزىم»، «قەست» دېگەن سۆزلەرمۇ ئىرادە، نىيەت مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ يەردە، ئىبادەت قىلىش ۋاقتىدا تىل بىلەن سۆزلەش ۋە ئوقۇش كۆزدە تۇتۇلمايدۇ، ئۇلار نىيەتكە كىرمەيدۇ، چۈنكى نىيەتنىڭ ئورنى كۆڭۈلدۇر. مەسىلەن، كۆڭلىدە پېشىن نامىزى ئوقۇشنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ، تىلىدا خۇپتەننىڭ نىيىتىنى ئوقۇسا ياكى ھېچ نېمە ئوقۇماي جىم تۇرسا،

قىلچىمۇ زىيىنى يوق. ئەمما پېشىن نامىزى ئوقۇغاندا، ئاغزىدا شۇ پېشىننىڭ نىيىتىنى ئوقۇپ، كۆڭلى بىخەۋەر بولسا (كۆڭلىدە ئويلاپ تۇرمىسا) نامىزى ناماز بولمايدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ساھابىلىرىنىڭ ناماز ئوقۇشنى باشلىغاندا، مەيلى ئۈنلۈك، مەيلى مەخپىي ھالدا بولسۇن ئېغىزىدا «نىيەت قىلدىم» دېگەنلىكى ھەققىدە بىرەر رىۋايەت يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، باللارغا كۆڭۈل بىلەن نىيەت قىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك. ئېغىزدىلا «نىيەت قىلدىم»نى ئوقۇشقا ئادەتلىنىپ، كۆڭلى ناماز ئوقۇش مەقسىتىدىن بىخەۋەر قالمىسۇن.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەزھىبىگە قارىغاندا، ناماز، ھەج ۋە زاكاتتەك ئەسلى مەقسەت بولغان ئىبادەتلەر ئۈچۈن نىيەت قىلىش شەرت بولۇپ، ئەسلى ئىبادەتكە ۋاستە بولغان (تاھارەتتەك) ئىبادەتلەرگە نىيەت شەرت ئەمەس، (تەيەممۇم بۇنىڭ سىرتىدا). مەسىلەن، نىيەت قىلماي ئالغان تاھارەت بىلەنمۇ ناماز ئوقۇش دۇرۇس، شۇنداق بولسىمۇ، ساۋاب بولۇش ئۈچۈن نىيەت لازىم. مەسىلەن، نىيەتسىز (ناماز ئوقۇشنى مەقسەت قىلماي) ئالغان تاھارەت بىلەن، نىيەت قىلىپ (ناماز ئوقۇشنى ئويلاپ) ئالغان تاھارەتنىڭ ھەر ئىككىسى ناماز ئوقۇشقا يارايدۇ. ئەمما ئىلگىرىكىسىگە ساۋاب يوق، كېيىنكىسىگە (نىيەت بولغىنى ئۈچۈن) ساۋاب بولىدۇ. شۇڭا، مەيلى ئۆزى مەقسەت بولغان ياكى ۋاستە بولغان ئىبادەت بولسۇن، ھەر بىر ئىبادەتتە نىيەت (ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى مەقسەت) قىلىش لازىم. نىيەت قىلمىغاندا ئىبادەتلەر ھېسابقا ئېلىنمىغاچقا، نىيەتنى توغرىلاش بەك مۇھىم ئىشتۇر. نىيەت — كۆڭۈلنىڭ ئىشى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا رىيا (باشقىلار كۆرسۇن دېگەن غەرەز) بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا جەننەتتە ياكى دوزاختا مەڭگۈ قېلىشىمۇ نىيەتنىڭ نەتىجىسى دېگۈچىلەر بار. يەنى مۆمىن كىشى جەننەتتە مەڭگۈ قالسا، دۇنيادىكى چاغدا مەڭگۈ مۆمىن بولۇشنى نىيەت قىلغىنى ئۈچۈن ۋە بىر كىشى دوزاختا مەڭگۈ قالسا، دۇنيادىكى چاغدا ھەمىشە گۇناھ قىلىشنى نىيەت قىلغىنى ئۈچۈن بولىدۇ.

پۇشايمان بار گۇناھنى يوق قىلسا، گۇناھ سادىر قىلىشقا نىيەت قىلىش يوق گۇناھنى بار قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇرۇشتا «مەدىنىدە بىر قەۋم بار، ئۇلارنىڭ بولغانلىقتىن بىزگە ھەمراھ بولالمىدى، ئەمما ئۇلار بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىزدا شېرىكتۇر» دېگەن مەزمۇندا قىلغان سۆزىمۇ، ئۇلارنىڭ مەدىنىدە تۇرۇپ نىيىتىگە ئاساسەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىققاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ھەر ھالدا ئەمەل ـ ئىبادەت ۋە باشقا ئىشلارنىڭ روھى نىيەتتۇر. بىراۋنىڭ مېلىنى ئوغۇرلاش نىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ مېلىنى ئالغۇچى كىشى گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ، ئۆز مېلىنى ئېلىش مەقسىتى بىلەن بىراۋنىڭ مېلىنى ئوغۇرلىغان كىشى شەرىئەتنىڭ ۋە ئەخلاقنىڭ نەزىرىدە ئەيىبلەنمەيدۇ.

نىيەتكە قاراپ بىر ئىشقا بەك كۆپ ساۋاب ياكى بەك كۆپ گۇناھ بولۇشى مۇمكىن. مۇباھ (ساۋاب ياكى گۇناھ بولمايدىغان) ئىشلار نىيەت سەۋەبىدىن ئىبادەت ياكى گۇناھ بولىدۇ. نىيەتنىڭ پەقەت ھارام ۋە پەرز ئىشلار بىلەن ئالاقىسى يوق. ياخشى نىيەت بىلەن ھارام ئىش قىلىشقا بولمىغاندەك، نىيەتنىڭ بۇزۇقلۇقنى باھانە قىلىپ پەرز ئىشلارنى تەرك قىلىشقىمۇ قەتئىي بولمايدۇ.

نىيەت بولغاندىن كېيىن، شۇ ئىش مەيلى قىلىنمىسۇن ياكى قىلىنسۇن، بەندىلەرگە ساۋاب يېزىلىدۇ. ئەمما نىيەت بولمىغان ئىشلارغا ساۋاب يوق. رىيا قوشۇلغان ياخشى ئىشقا ساۋاب بولماي قېلىشى مۇمكىن. ئەمما نىيەتتە مۇنداق ئېھتىمال يوق. «مۇنچە پۇلۇم بولسا ئىدى، مەكتەپ سېلىپ، يېتىم ـ يوقسۇل باللارنى ئوقۇتار ئىدىم» دەپ ئارزۇ قىلغان كىشىگە شۇ نىيىتىگە ئاساسەن ساۋاب يېزىلغان تۇرۇپ، پۇلى بولسىمۇ، شۇ ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى نىيىتىگە بېرىلگەن ساۋاب بىلەن تەڭ ساۋابقا ئىگە بولۇشىدا گۇمان بار. رىيا ئارىلاشمىسا، ئەلۋەتتە ساۋاب چوڭ بولىدۇ. لېكىن رىيادىن ساقلىنىش ئاسان ئەمەس.

«مۆمىننىڭ نىيىتى قىلغان ئىشىدىن ئەلا» بولۇشىنىڭ سىرى مۇشۇ. ھىلىنى رەت قىلىشتا ئىمام بۇخارى مۇشۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، بىر كىشى جازانە (ئۆسۈم ئېلىش) مەقستى بىلەن كىشىگە قەرز بېرىپ، كۆرۈنۈشتە شەرئىي ھىيلە قىلسا، بۇ ھىيلە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، بەلكى نىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بىر كىشى تەھلىل (خوتۇننى ھالال قىلىش) مەقستى بىلەن بىر خوتۇننى نىكاھىغا ئېلىش سەۋەبىدىن لەنەت ئوقۇلۇشقا تېگىشلىك بولىدۇ. چۈنكى بىر ئىشنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ھېسابقا ئېلىنماي، بەلكى نىيەت ھېسابقا ئېلىنىدۇ. ھىيلە بىلەن ئىش قىلىشنىڭ دۇرۇس ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئۆلىمالار ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش بار. دۇرۇس دېگۈچىلەرمۇ بار، دۇرۇس كۆرمىگۈچىلەرمۇ بار. ھەر ئىككى تەرەپ بىر بۆلۈك دەلىل ـ ئىسپات بىلەن ئۆز سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. لېكىن ياخشى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ مۇنداق نەتىجىگە كېلىدۇ:

ھىيلە قىلىش، ئەگەر بىرەر تۈرلۈك ھارامدىن قېچىش ۋە گۇناھتىن يىراق تۇرۇش مەقستى بىلەن ئىشلىتىلسە دۇرۇس، ھەتتا دانالىقتۇر. ئەمما بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى ۋە شەرىئەتنىڭ يوليورۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش غەرىزى بىلەن بولغان بولسا، بۇ گۇناھ بولغاننىڭ ئۈستىگە تاجاۋۇز قىلىش بولىدۇ.

## 2 ـ ھەدىس: مۇناپىقنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا

**آيةُ المُنَافِقِ ثَلَاثٌ إِذَا حَدَثَ كَذَبَ وإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ وإِذَا أُؤْتَمِنَ خَانَ.** (صحيح البخاري)

مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ خىل بولۇپ، مۇناپىق سۆزلىگەندە يالغان سۆزلەيدۇ، قىلغان ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ.

يالغان سۆزلەشنىڭ يامان ئادەت ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. كۆپىنچە كىشىلەر يالغان سۆزلەشكە ياش چاغلىرىدىن باشلاپ، كېيىنچە كۆنۈپ قالىدۇ. مەيلى پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولسۇن، ئويلىمايلا يالغان سۆزلەپ، شۇنىڭدىن كۆڭلى ئارام تاپىدۇ.

**عَنْ صَفْوَانِ بْنِ سَلِيْمٍ أَنَّهُ قِيْلَ يَا رسول الله أَيَكُونُ المُؤْمِنُ جَبَانًا؟ قَالَ: نَعَمْ. قِيْلَ: أَيَكُونُ المُؤْمِنُ بَخِيْلًا؟ قَالَ: نَعَمْ. قِيْلَ: أَيَكُونُ المُؤْمِنُ كَذَّابًا؟ قَالَ: لاَ.** (وأخرج مالك والبيهقي)

ئىمام مالىك سەفۋان ئىبنى سەلىم ئىسىملىك ساھابىدىن: «رەسۇلۇللاھتىن مۆمىن كىشى قورقۇنچاق بولامدۇ؟» دەپ سورالغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ: «بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. «مۆمىن كىشى بېخىل بولامدۇ؟» دەپ سورالغانىدى، رەسۇلۇللاھ «بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. «مۆمىن كىشى يالغان سۆزلەمدۇ؟» دەپ سورالغانىدى، رەسۇلۇللاھ «ياق!» دەپ جاۋاب بەردى» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ. يەنى «قورقۇنچاقلىق بىلەن بېخىللىق مۆمىنلىك بىلەن قارىمۇ قارشى ئەمەس. ئەمما يالغان سۆزلەش مۆمىنلىك بىلەن قارىمۇقارشىدۇر»، دېمەكتۇر. ھەدىس شەرىپتىكى ھەم ئۆز ئارىمىزدىكى قېلىپلىشىپ كەلگەن «ۋەدە دېگەن قەرز» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزدە دېيىلگەن ۋەدىدىن مەقسەت ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ۋەدىدۇر. ئەمما شەرىئەت چەكلىگەن ناچار ئىشقا ۋەدە قىلىپ، ئۇ ۋەدىدە تۇرماسلىق بولسا، مۇناپىقلىقنىڭ ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئىسلامنىڭ ھۆكمىگە ئاساسلانغاندا، يامان نىيەتلىك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرماسلىق ۋە يامان نىيەتلىك ۋەدىدە تۇرماسلىق لازىم. لېكىن يۇقىرىقى ئۈچ ئالامەت تېپىلغان كىشىلەرنى مۇناپىق دەپ كېسىپ ھۆكۈم قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى بىر نەرسىدىن شۇ نەرسىنىڭ مەلۇم بىر ئالامىتى تېپىلسا، ئۇ نەرسىنىڭ دەل ئۆزى دېيىش توغرا ئەمەس. ھەدىستىن مەقسەت بولسا، شۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىشتىن ساقلىنىش توغرىسىدا بەندىلەرگە نەسىھەت قىلىشتۇر. ھەر كىم بۇ ھەدىستىن باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىشتا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە تەتبىقلاشتا پايدىلىنىشى كېرەك.

«نىپاق» دېگەن سۆز، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئىچكى دۇنياسى ئارىسىدا زىتلىق بولۇشىدۇر. دىلىدا ئەكسىنى قىلغان كىشى مۇناپىقتۇر. ئەگەر كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولۇپ، دىلىدا ئىشەنمىسە، ئۇ كىشى قۇرئان كەرىمدە ۋەقەسى بايان قىلىنغان مۇناپىقلار قاتارىدىن بولىدۇ.

«مۇناپىق كىم؟» دەپ سورىغۇچىلارغا: «ئىسلام دىنىنىڭ بىر ئىشىكىدىن كىرىپ، يەنە بىر ئىشىكىدىن چىقىپ كەتكۈچى كىشى» دەپ جاۋاب بېرىلسە، توغرا جاۋاب بېرىلگەن بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يالغان ئېيتقۇچىلار، ۋەدىسىدە تۇرمىغۇچىلار، ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ بارلىقىدا شەك يوق. ئۆزى قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاشۇ قىلمىشى مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر ئۆزى دۇرۇست ئادەم بولۇپ، بۇ ئالامەتلەر ئۇ كىشىگە نالايىق ھالدا يۇقۇپ قالغان بولسا، بۇنىڭ چارىسى بۇ ئۈچ ئالامەتنى ئۆزىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل يىراقلاشتۇرۇش، ھەتتا يوقىتىش لازىم.

مۇناپىقلىق دەسلەپتە مەدىنىدە ئاشكارا بولغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى مۇناپىقلاردىن بەك كۆپ جەۋر ـ جاپالارنى چەككەنىدى.

بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ئالامەتلەر، مۇناپىقلىقنىڭ ئەڭ چوڭ ئالامەتلىرى بولۇپ، بۇلاردىن باشقىلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. (يالغان سۆزلەش توغرىسىدىكى چۈشەنچە 240 ـ ھەدىستە، ۋەدىدە تۇرماسلىق ھەققىدىكى چۈشەنچە 238 ـ ھەدىستە بايان قىلىنىدۇ).

# 3 ـ ھەدىس: پۇل ـ مال سەرپ قىلىش توغرىسىدا

**ابْدَأْ بِنَفْسِكَ فَتَصَدَّقْ عَلَيْهَا فَإِنْ فَضَلَ شَيْءٌ فَلِأَهْلِكَ فَإِنْ فَضَلَ عَنْ أَهْلِكَ شَيْءٌ فَلِذِي قَرَابَتِكَ فَإِنْ فَضَلَ عَنْ ذِي قَرَابَتِكَ شَيْءٌ فَهَكَذَا.** (سنن النسائي)

ئەڭ باشتا ئۆز خىراجەت ۋە ھاجەتلىرىڭنى تۆلەتكىن، ئۆزۈڭدىن ئاشسا ئاندىن ئائىلەڭنىڭ ھاجىتىگە سەرپ قىل، ئاندىن بالىلىرىڭنىڭ ۋە تۇغقانلىرىڭنىڭ ھاجىتىگە سەرپ قىل، بايلىقىڭ بولغاندا مېلىڭنى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە سەدىقە قىل!

رەسۇلۇللاھنىڭ مال ۋە بايلىقنى باشقۇرۇش توغرىسىدا ئۆگەتكەن مۇشۇ قائىدىسى بەك مۇۋاپىق ئۇسۇل بولۇپ، ئۆزى ۋە بالىلىرى ئاچ، موھتاج تۇرۇپ، قولىدىكى ئىقتىسادنى باشقىلارغا سەرپ قىلىش ياكى بالىلىرىنىڭ رىزقىنى پەقەت بىر ئاپىرىن ئوقۇلۇش ئۈچۈن ياكى سېخىيلىق نامىنى ئېلىش ئۈچۈن يات كىشىلەرگە بېرىش ئەخمەقلىقتۇر. شۇنىڭدەك، باشقىلارغا قەرزى بار تۇرۇپ ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ ياسىنىپ يۈرۈش، خوتۇن ـ بالىلىرىنى جابدۇش، ئۆيلەرنى ھەشەمەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇش ئالىملارنى، ئاغىنىلەرنى چاقىرىپ بەزمە قىلىش ئىشلىرى بولسا، پىلانسىزلىق ۋە دىتى يوقلۇق بولۇپ، مۇشۇ ئۇلۇغ ھەدىس روھىنىڭ دەل ئەكسىنى قىلغانلىق بولىدۇ. «ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈڭگە ئىشلەت!» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى «ئەڭ ئاۋۋال قەرزىڭنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۆزۈڭنى قەرزدارلىقتىن قۇتۇلدۇر» دەپ چۈشىنىش لازىم.

مال ـ بارلىقنى ئۆز ھاجىتىگە ۋە ئۆز بالىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىگە سەرپ قىلىشنى رەسۇلۇللاھنىڭ «سەدىقە» دەپ ئاتىشىدىكى سەۋەب، ئۇممىتىگە چوڭ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈندۇر. مال ـ مۈلۈكنى مۇشۇ ھەدىستە ئۆگىتىلگەن تەرتىپ بىلەن باشقۇرغۇچىلار سەدىقە بەرگۈچىلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ ۋە شۇلارنىڭ قاتارىدا ساۋابقا ئېرىشىدۇ، بۇ ھەدىس شەرىپتىن مۇشۇ مەنە چىقىدۇ.

# 4 ـ ھەدىس: خۇش خەۋەر بېرىش توغرىسىدا

**أَبْشِرُوْا وَبَشِّرُوْا مِنْ وَرَاءِكُمْ أَنَّهُ مَنْ شَهِدَ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ صَادِقًا بِهَا دَخَلَ الجَنَّةَ.** (مسند الإمام أحمد)

سىلەرگە خۇش خەۋەر بېرىمەن، سىلەرمۇ كېيىنكىلەرگە خۇش خەۋەر بېرىڭلاركى، خالىس دىلى بىلەن، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن كىشى (ئەگەر شۇ ئىمان بىلەن ئۆلۈپ كەتسە) جەننەتكە كىرىدۇ.

ھەقىقىي تەۋھىد بولسا، ئاللاھ تائالانى مەئبۇدلۇقتا ھەم ئاللاھقا خاس بولغان خۇسۇسىيەتلەردە شېرىكتىن پاك (شېرىكى يوق)، دەپ ئىبادەتنى پەقەتلا ئاللاھقىلا خاس قىلىش، ئاللاھتىن باشقىسىدىن قورقماسلىق، ئۆزىنى ئاللاھقىلا تاپشۇرۇش، باشقا مەخلۇقات ۋە نەرسىلەرنى ئاللاھتەك كۆرمەسلىكتىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبەرلەر ئۈممەتلىرىگە مۇشۇ تەۋھىدنى ئۆگەتتى. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىمۇ مۇشۇ خىل تەۋھىدكە بۇيرۇدى.

نۇھ، سالىھ، ھۇد، شۇئەيب ئەلەيھىسسالاملار ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمىگە «**أَنْ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ**» دېيىش ئارقىلىق مۇشۇ تەۋھىدكە چاقىردى.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىمۇ: «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشىمىزغا، بويسۇنۇشىمىزغا ھەقلىق ھېچ كىشى يوق. بىرلا ئاللاھ تائالا بار دېمىگۈچە خەلق بىلەن ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇلار شۇنداق دەپ ئىشىنىپ ئىقرار قىلغاندا، قانلىرىنى، ماللىرىنى مەندىن ساقلاپ قالىدۇ (ئىسلام قانۇنىدا قىساس كەلگىنى بۇنىڭ سىرتىدا). ئۇلارنىڭ راست ئىشەنگەن ياكى ئىشەنمەي ئېغىزلىرىنىڭ ئۇچىدىلا ئىقرار قىلغىنىنىڭ ھېسابىنى ئاللاھ ئالىدۇ» دەپ، تەۋھىد ئاساسىنىڭ مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ پۈتۈن تىرىشچانلىقى تەۋھىدنى خالىس ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. شېرىكنىڭ ئۆزىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ۋاستە بولىدىغان ئىشلارنىمۇ تۈگىتىشكە تىرىشتى. قۇياشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلارنى ناماز ئوقۇشتىن توسۇشى بولسا، شېرىكنىڭ تومۇرىنى كېسىش ۋە ئالاقە، ۋاستىلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىدى. مۇسۇلمانلارنى شېرىك ئەقىدىدىن تازىلاپ، مەۋجۇت ۋاستىلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا (مەيلى پەرىشتە ياكى ئىنسان ياكى جىن ـ شەيتان، مەيلى پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالار بولسۇن) «مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلىدۇ، كۆڭۈلگە كەچكىنىنى تۇيۇپ تۇرىدۇ، كېسەلگە شىپا بېرىدۇ، بەخت ئاتا قىلىش، بەختسىز قىلىش، ھىدايەت قىلىش قولىدىن كېلىدۇ. ئومۇمەن بەندىلەرنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا كارامەت ئارقىلىق مەدەت بېرىدۇ. دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ»، دېگەندەك ئېتىقاد بىلەن چوقۇنغۇچىلار بولسا، مۇشۇ يەردە ئېيتىلغان تەۋھىدنى قوبۇل قىلمىغۇچىلار ۋە ئۆزىگە شوئار قىلمىغۇچىلاردۇر. «**لا إله إلا الله**» بىلەن راست ۋە خالىس دىلىدىن گۇۋاھلىق بەرمىگۈچىلەردۇر. بەندىلەرنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى ۋە نەرسىلەرنى، يالغۇز ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدىنلا سوراش، قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە يالغۇز ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا يالۋۇرۇش لازىم. مانا بۇ ھەقىقىي تەۋھىد ۋە «**لا إله إلا الله**» غا چىن يۈرەكتىن گۇۋاھلىق بەرگەنلىكتۇر. ئەگەر

ئېغىزنىڭ ئۇچىدىلا «لا إله إلا الله» نى ئوقۇپ قويۇپ، باشقا ھېچقانداق ھەرىكەتتە بولمىسا، ئۇنداق گۇۋاھلىقنىڭ مەنىسى بولمايدۇ.

بۇ، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆز جامائەسى تەرىپىدىن ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا قىلغان ۋەزى ئىدى.

«ئارقاڭلاردا قالغانلارغا خۇش خەۋەر بېرىڭلار» دېيىشتىكى مەقسەتىمۇ: «سىلەر قايتقاندىن كېيىن مۇشۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈڭلار!» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەدىس ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا سۆزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ئۈممەتكە ئومۇمىي ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

# 5 ـ ھەدىس: تالاق توغرىسىدا

**أَبْغَضُ الحَلالِ إِلَى اللّهِ الطَّلاقَ**. (سنن ابن ماجه)

ئاللاھ تائالا يامان كۆرىدىغان ھالال نەرسە تالاقتۇر.

ئەر ـ خوتۇن بولۇش، ئەر ـ خوتۇننىڭ ئائىلە قۇرۇپ بىرگە ياشىشى ۋە بالا تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزئارا قۇرغان ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، تالاق بولسا، بۇ خىل ئىتتىپاقنى بۇزىدىغان نەرسىدۇر.

ئائىلە قۇرۇشتىكى مەقسەت ئەۋلاد قالدۇرۇش، ئەر ـ ئايال ئۆز ئىپپىتىنى ساقلاش (پاھىشىدىن ساقلىنىش) بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدا دوستلۇق ۋە مۇھەببەت بولۇشى شەرت، ئۇلپەت ۋە مۇھەببەت بولمىغاندا، ئائىلە قۇرۇشنىڭ مەنىسى بولمايدۇ، ئەر ـ خوتۇنلۇق توختىمىنى بۇزۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

ئۆيلىنىش ۋاقتىدا ھەر بىر ئەر ياخشى، ئىتائەتلىك ۋە ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان بىر خوتۇن ئېلىشنى، شۇنىڭدەك ھەر بىر خوتۇن ۋە قىزمۇ ئۆزى تېگىدىغان ئەرنىڭ كۆيۈمچان، دىلى يۇمشاق، ئۆزىگە ئوبدان قارايدىغان، بېشىغا خاپىلىق تېپىپ بەرمەيدىغان بىرى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ توغرىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. ھەرخىل چارە ئىزدەيدۇ. شۇنداق تىرىشسىمۇ، ئىش يەنە ئۆز ئارزۇسىدەك بولمايدۇ.

ئەر بىلەن خوتۇننىڭ مىجەزى كېلىشمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً**﴾ ئاياللار بىلەن ئۈنسى ـ ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھرى ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. (رۇم سۈرىسى 21 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتىگە ئەمەل قىلمىغانلىق بولىدۇ. ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىنى ياقتۇرمايدۇ. بىرلىكتە كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمايدۇ. بىر ـ بىرىگە يولداشلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. بەلكى ئارىسىدا دۈشمەنلىك كۈچىيىدۇ. بەختسىزلىك كۆزىگە كۆرۈنۈپ كېلىدۇ. ئىستىقبالدا ئۈمىد بولمايدۇ. دىل ئاراملىقىدىن مەھرۇم بولۇپ، بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە ياشايدۇ. بېشىغا مۇشۇنداق پالاكەت كەلگەن ئەر ـ خوتۇن، يىگىت ـ قىز بۇ خىل ئەھۋالدا قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مېھربانلىقى بىلەن ئەر ــ ئايال ئۆتتۈرىسىدىكى بۇ خىل كۆڭۈلسىزلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىككى بىچارىنىڭ بۇ خىل كۆڭۈلسىزلىكتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن تالاقنى يولغا قويۇپ بەردى.

تالاق ئىسلامنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن زۆرۈرىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈنلا دۇرۇس قىلىندى. ئەمما ئاللاھ تائالا تالاقنى يامان كۆردى. بۇ رۇخسەتنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىنماسلىقى، بەزىبىر ئەرلەرنىڭ بۇنى خالىغانچە ئويۇن قاتارىدا قىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن تالاق تۆۋەندىكى بەش خىل ئەھۋال ئاستىدا رۇخسەت قىلىندى:

1 ـ ئەر ـ خوتۇننىڭ سەۋر قىلىشى (چىداپ ئەر ـ خوتۇن بولۇۋېرىشى) دىن ئىبارەت. ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى خېلىلا بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئەر ـ خوتۇن سەۋر قىلىپ، ئايرىلىشتىكى پايدا ـ زىياننى ئەتراپلىق شەكىلدە

مۆلچەرلەپ چىقىشى كېرەك. مۇشۇنداق مۆلچەرلەش ۋە سەۋر قىلىش نەتىجىسىدە بەلكى ئەر بىلەن خوتۇن ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، پىكىرلىرىدىن يېنىپ قېلىشى مۇمكىن.

كۆپىنچە دەسلەپ ئۆي تۇتقاندا بىر ـ بىرىگە يات ۋە خۇي ـ مىجەزلىرى مەلۇم بولمىغان ئادەملەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆز ئارا چۈشىنىش هاسىل قىلىدۇ، كېيىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق، ئۈلپەت پەيدا بولىدۇ. ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرىنچى قېتىملىق سوغۇقلىشىش بىلەنلا ئاجرىشىپ كېتىشى مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى مۇندىن كېيىن ئالىدىغان خوتۇن، تېگىدىغان ئەر بىلەنمۇ يەنە شۇنداق كېلىشەلمەسلىك ئېهتىمالى بار. ئەگەر دەسلەپكى كۆڭۈلسىزلىككە سەۋر قىلىپ، ئايرىلىشنى ئارقىغا سۈرۈش نەتىجىسىدە مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىپ كەتسە، ئىككىنچى قېتىم پاراكەندىچىلىككە ئۇچراشتىن كۆڭۈل تىنىدۇ. ئەر ـ خوتۇن بولغان تۇنجى يىل مۇناسىۋەت بەك ناچار بولسىمۇ، كېيىن ياخشىلىنىپ كەتكەن ئەر ـ خوتۇنلار دۇنيادا ئاز ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى قېتىم سوغۇقلىشىش بىلەنلا ئايرىلىشنى خىيال قىلماي، بىر مەزگىل سەۋر قىلىش كېرەك.

2 ـ ئىككى تەرەپ ئايرىلىش ئىشىنى ئەقىللىق، تەجرىبىلىك كىشىلەرگە مەسلىهەت سېلىشى كېرەك. ئەر ـ خوتۇن ئايرىلىشقا ئالدىراپ قالسا ۋە سەۋر قىلىشنىڭمۇ پايدىسى بولمىسا ئۇ چاغدا ئايرىلىش ئىشىنى مەهەللە موللىلىرىغا مەلۇم قىلىپ، قازى شۇنىڭغا قاراپ بۇ ئىشنى ئىككى تەرەپنىڭ پىلانلىق كىشىلىرىگە تاپشۇرۇشى لازىم. بۇلار ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىدىن كۆڭلى سوۋۇپ كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، سەۋەبىنى تاپقاندىن كېيىن، قولىدىن كەلگەن چارىنى قوللىنىپ ئەپلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇ چاغدا خاتالىقى بار تەرەپ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ خاتالىقىدىن يېنىشى مۇمكىن.

3 ـ يول بولسا، يانغىلى بولىدىغان تالاق — بىرلا قېتىم تالاق قىلىشتۇر. ئەر ـ ئايال تەرەپتىكىلەرمۇ تۈزىتەلمىسە، بۇ چاغدا ئەر شۇ ئايالنى بىر تالاق قىلىدۇ. ئېهتىمالكى بۇ چاغدا ئەر ـ خوتۇننىڭ كۆڭلىگە: «بىر تالاق بولدى. يەنە بىر تالاق بولسا، ئارىمىز پۈتۈنلەي ئايرىلىدۇ. ئۇ هالدا يەنە بىر ئۆيگە كىرىشكە يول قالمايدۇ. كىچىك باللىرىمىز يېتىم قالىدۇ. ئۇلارغا كىم قارايدۇ؟ كىملەرنىڭ قوللىرىغا قالار؟ مۇندىن كېيىن قانداق تۇرمۇش نېسىپ بولار؟ كىملەر بىلەن كۈن كەچۈرۈشكە توغرا كېلەر؟ ياخشى تۇرمۇش نېسىپ بولارمۇ ياكى بۇنىڭدىن كېيىن يامان كۈنگە ئۇچرارمىزمۇ؟» دېگەندەك ئويلار كېلىدۇ، باللىرىغا ئىچى ئاغرىيدۇ. ئائىلىنىڭ قەدرىنى قايتىدىن هېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىشىدۇ. چىن كۆڭلىدىن ئەپلىشىپ قالىدۇ. بۇرۇن ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىگە پۇشايمان قىلىشىدۇ ـ دە، بىر ـ بىرىگە سادىق بولۇپ ئۆتىدۇ. بۇنداق ئەهۋاللار نۇرغۇن ئۆتكەن بولۇپ، هەمىشە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

4 ـ يول بولسا، ئىككىنچى قېتىم ئاجرىشىشتۇر. بىر قېتىم تالاق قىلىشتىن پايدا چىقمىسا، ئىككىنچى قېتىم تالاق قىلىدۇ. ئاۋۋالقى تالاقتا بولمىغان تەسىرلەر ئىككىنچى تالاقتا بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى يەنە بىر تالاق قىلىنغان تەقدىردە، قايتا يارىشىشقا شەرئەت يول قويمايدىغانلىقىنى، ئىشنىڭ يامان بولۇشىنى ئويلاپ، پۇشايمان قىلىپ كېلىشىپ قېلىشىدۇ.

5 ـ يول بولسا، ئۈچىنچى تالاق قىلىشتۇر. ئىككى قېتىم ئاجرىشىشتىمۇ ياخشى نەتىجە چىقمىسا، ئارىلىرىدا كۆڭۈل سوۋۇشنىڭ ئېغىرلىقى، ياخشىلىنىش ئېهتىمالى قالمىغانلىقى بىلىنىدۇ. شۇڭا ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلىدۇ. بۇندىن كېيىن، بۇ ئىككىسىنىڭ يارىشىشىغا ئورۇن قالمايدۇ. خوتۇن كىشى بارلىق ئەرلەرگە پۈتۈنلەي يات

ھالغا كېلىدۇ. ھەتتا ئەرلەرگە تېگىشكە يول بولسىمۇ، بۇ ئەر (ئۈچ تالاق نەتىجىسىدە ئاجراشقان ئېرى) بىلەن بۇ ئايال قايتا نىكاھ بىلەنمۇ بىر يەرگە كېلەلمەيدۇ. خوتۇن كىشى باشقا ئەرلەرگە تـوغرا نىكاھ بىلەن تېگىپ ئاندىن ئاجراشمىغۇچە بۇرۇنقى ئېرى بىلەن يارىشالمايدۇ. تالاق توغرىسىدا ئىسلامدا يولغا قويۇلغان قائىدە پرىنسىپلار شۇنچە تىرىشىپمۇ يەنىلا كېلىشەلمىگەن بۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مېھرى مۇھەببەت ۋە كۆلپەتداشلىقىنىڭ سوۋۇپ كېتىشىگە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلالماسلىقىغا دەلىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ ئەر ـ خوتۇن بولۇشىنىڭ مەنىسى يوق. شۇڭا بۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ھارام بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئەمدى، يوقىلاڭ باھانە بىلەن ئاياللىرىنى تالاق قىلغۇچىلار ياكى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن قائىدە بويىچە قىلماي، بىر يولىلا ئۈچ تالاق قىلغۇچىلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ قەبىھلىكى شەرىئەت ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى شۇ ئادەملەرنىڭ ھەم نىكاھ ـ تالاق ئىشلىرىنى ئىجرا قىلغۇچى مەھكىمىلەر، قازىلار، ئىمام ۋە ئاخۇنلار ئۈستىدىدۇر. بۇنىڭغا شۇلار جاۋابكار بولىدۇ.

خوتۇن كىشى، يۇرەكى ئويلايدىغان، كۆپىنچە ئىچىدە غوم ساقلايدىغان خاراكتېرگە ئىگە بولغاچقا، شەرىئەت تالاق قىلىشنى ئېغىر بېسىق، چىداشلىق، ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئەرلەرگە تاپشۇرغان. توغرىسى كۆڭۈلسىزلىك، يوقىلاڭ بىرەر سەۋەب، كىچىككىنە ئۇقۇشماسلىقتىن ئائىلە ئىتتىپاقىنىڭ بۇزۇلماسلىقى، ئەر ــ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتمەسلىكىدىن ئىبارەت ئىدى. ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان غىجى ـ پاراق، ئاچچىقلىنىش سەۋەبى بىلەنلا ئەر ـ خوتۇنلۇق ئىشلىرىغا تەسىر يەتمىسۇن دېمەك ئىدى. لېكىن بىزنىڭ بۇ يۇرتلىرىمىزدا ئەرلەرنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى تالاق ئىشى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىشەنچىنى ئاياق ـ ئاستى قىلىشى بەك كۆپ.

خوتۇنلىرى ئىتائەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ، بارلىق ئېغىرچىلىقلارنى تەڭ كۆتىرۈپ، ھەتتا شەرىئەت بۇيرۇمىغان تەلەپلەرگە قەدەر ئورۇندىغان ھالەتتىمۇ، كۆپىنچە ئەرلەر خوتۇننى ياراتماي ياكى خوتۇنىدىن ياخشىراققا كۆزى چۈشۈپ قېلىش سەۋەبىدىن خوتۇنلىرىدىن ئايرىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەتتا ئۇ ئايالنىڭ تويلۇق، ئىددەت چىقىمىنى ئېلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن خوتۇنلىرىنى ئورۇنسىز ئازارلاپ ئەتەي جاپاغا سېلىپ تەتۈر قىينايدۇ. ئاخىرىدا كىيىم ـ كېچەك، نەرسە ـ كېرەكلەردىن، ئىددەت خىراجەتلىرىدىن ۋاز كەچكۈزۈپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئەرنىڭ ئەسلىدىنلا خوتۇننى تاشلىۋېتىشتەك قارانىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ئىسلام ھۆكمىگە ئاساسەن ھالال ئەمەس. بىلىپ تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىشلاردا ئەرلەرگە يان تاياق بولغۇچى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئوخشاشلا بۇ گۇناھقا شېرىك بولۇشى تۇرغانلا گەپ.

يۇرتىمىزدا ۋە ئارىمىزدا شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە رىئايە قىلىنماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرسى «تەھلىل» مەسىلىسىدۇر. ئاللاھ بىلىدۇ، يۇرتىمىزدا شەرىئەتكە مۇۋاپىق تەھلىل تېپىلىسىمۇ بەك ئاز تېپىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئورۇنسىز ۋە سەۋەبسىزلا خوتۇننى تالاق قىلىش بولسا، شەرىئەتنىڭ زورۇر بولغاندا يولغا قويۇلىدىغان خاس ھۆكمىنى سۇيىئىستېمال قىلىش ۋە نېمەتكە كۆز يۇمۇش بولىدۇ. شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئوبدان بىلمىگەنلىكىمىز، قازىلار ئالدىدىكى ھۆكۈملەر بىلەن ئاللاھ ئالدىدىكى ھۆكۈملەرنى ئايرىيالمىغانلىقىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھىيلە ئىشلىتىشنى توغرا كۆرۈشىمىز بولسا، بىزنىڭ دىنىي مەجرۇھلىقىمىز بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا ئىجتىمائىي كېسەللىمىزدۇر. دەرۋەقە ياۋروپادىمۇ ئائىلە قۇرۇلمىسى يىمىرىلگەن بولۇپ، بەزى ئالىملار بۇنى

تۈزىتىشكە بار كۈچى بىلەن تىرىشۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلار بىلەن بىزنىڭ بۇ مەسىلىدە چوڭ پەرقىمىز بار. بىزدە ئائىلە قۇرۇلمىسى مۇكەممەل تەشكىللەنگەن. بۇ ھەقتىكى ئاساسى قائىدىلەر قۇرئان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى تەرىپىدىن ئۇچۇق كۆرسىتىلگەن. بىزدىكى بۇ ئەھۋالنى ئىسلام قانۇنى بويىچە تۈزىتىش ئوڭاي بولىدۇ.

مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ئائىلىنىڭ تۈزۈك بولۇشىغا باغلىق بولسا، ئەر ـ خوتۇننىڭ ئىستىقبالى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك يولدىشىغا ھۆرمەت قىلىشىغا باغلىقتۇر. خوتۇن تالاق قىلىش ۋە بىر نەچچە خوتۇننى ئەمرىگە ئېلىشتەك ئىشلار كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىشقا تېگىشلىك ئىدى. شۇنداق بولغاندا (زۆرۈر بولغاندا بۇ ئىشلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈنۈملۈك بولسىمۇ) ئائىلىلەر تۈزىلىدۇ ۋە شۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىللەتمۇ تۈزىلىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيا سەھنىسىدە رول ئويناشقا باشلايدۇ.

ئاخىرقى سۆز: تالاق، ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرمەيدىغان ئىش بولسىمۇ، خوتۇنغا زۇلۇم سېلىپ ئەمرىدە ساقلاش، مۇھەببىتى بولمىغان ۋە ئۆزىگە مېھرىلىك ھەمراھ دەپ قارىمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى قىلىشتىن ئۇيالمىغان كىشىنىڭ، خوتۇننى زورلۇق بىلەن قورقۇتۇپ ئەمرىدە ساقلىشى ئاللاھقا تېخىمۇ يامان كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. مۇنداق ئەھۋالدا، ئىككى تەرەپنىڭ (ئاجراشقان تەقدىردە) ئۆزىگە مۇۋاپىق ھەمرا تېپىشقا كۆزى يەتسە، ئۈزۈل ـ كېسىل ئايرىلىپ، ھەر ئىككىسى ئۆز بەختىنى ئۆزى سىناپ كۆرۈشكە، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامداشقا تېگىشلىكتۇر.

## 6 ـ ھەدىس: جېدەللەشكۈچىلەر توغرىسىدا

**إِنَّ أَبْغَضَ الرِّجَالِ إِلَى اللهِ الأَلَدُّ الخَصِمْ.** (مسلم)

ئاللاھ جېدەلخور، ئۆكتەم ئادەمنى ياقتۇرمايدۇ.

باشقىلارغا چىدىيالمايدىغانلار، ئۆچ ئېلىش غەرىزى بىلەن ھۆكۈمدارلارغا چاققۇچىلار، ئۆچ ئېلىش مەقسىتى بىلەن ھۆكۈمرانلار ئالدىغا كۆپ بارغۇچىلار، كىشىلەر بىلەن يۈزمۇ يۈز تىللاشقۇچىلار، مەتبۇئات ئارقىلىق كىشىلەرنى ئەيىبلەپ يۈرگۈچىلەر، مۇشۇ ھەدىس شەرىپتە كۆزدە تۇتۇلغان ئادەملەر بولسا كېرەك. ھەر ئىشتا ئوتتۇرا ھال، ئۆز ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك ياخشى. بىزدە مىراس ئۈلەشكەندە مىراسخورلارنىڭ دەۋالىششى بەك كۆپ ئۇچرايدۇ. كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ئاچچىقلىنىپ، بىر ـ بىرىدىن ئۆچ ئېلىش كويىدا بولىدۇ. ئۆز يېقىنلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت قۇيرۇقچىلىرىنى سېتىۋالىدۇ. ئىدارىمۇ ئىدارە قاتراپ ۋاقتىنى، ئىقتىسادىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىدۇ. مېغىزنى خەققە يېگۈزۈپ ئەرزىمەس ئەرزلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، ھەممە ئىشنى يەڭ ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىشىدۇ. ئەمما ئۆزى ئېرىشىش كويىدا يۈرگەن نېسىۋىدىن پۈتۈنلەي قۇرۇق قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالىدۇ؟ ئاقىۋەت ئەرزدە ياتلار ئۇتۇپ چىقىپ «ئۆز مىللىتىگە نەپ يەتكۈزۈشكە چىدىمىغان نەرسىنى بۆرىلەرنىڭ يۇتىۋېتىشىگە» رازى بولىدۇ.

# 7 ـ ھەدىس: ئەيىبلەش توغرىسىدا

**اتَّقِ اللهَ عَزَّ وَجَلَّ وَلاَ تَحْقِرَنَّ مِنَ المَعْرُوفِ شَيْئاً وَلَوْ أَنَّ تَفَرَّغَ مِنْ دُلُوكِ فِي إِنَاءِ المُسْتَسْقِي وَإِيَّاكَ وَالمُخِيْلَةَ فَإِنَّ اللهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى لاَ يُحِبُّ المُخِيْلَةَ وَإِنْ امرَؤُ شَتَمَكَ وَعِيْرَكَ بِأَمْرٍ يَعْلَمُهُ فِيْكَ فَلاَ تَعِيْرُهُ بِأَمْرٍ تَعْلَمُهُ فِيْهِ فَيَكُونُ لَكَ أَجْرُهُ وَعَلَيْهِ إِثْمُهُ وَلاَ تَشْتُمَنَّ أَحَداً.** (مسند أحمد)

جانابى ئاللاھ تائالادىن قورقىن! ئەڭ كىچىك ياخشىلىقنىمۇ ئاددى كۆرمە ۋە سەل چاغلىما! ھەتتا سۇ ئالغىلى كەلگەن كىشىنىڭ چېلىكىگە قۇدۇقتىن، كۆلدىن ياكى قاپىقىڭدىن سۇ قۇيۇپ بەرگىنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ياخشىلىقتۇر. تەكەببۇر ۋە مەغرۇرلۇقتىن ساقلانغىن. ئاللاھ تائالا ئۆزىنى چوڭ چاغلاشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەگەر بىراۋ (باشقىلار) سەندە بار ئەيىبنى بىلگىنى ئۈچۈن سېنىڭ ئەيىبىڭنى ئاچسا، زاڭلىق قىلسا ئۇنىڭ سەن بىلىدىغان ئەيىبنى چىشلەپ تارتما، زاڭلىق قىلما، ساۋابى ساڭا، گۇناھى ئۇنىڭغا يېزىلىدۇ، باشقىلارغا دەشنەم بەرمە.

يامانلىقنىمۇ، ياخشىلىقنىمۇ سەل چاغلاش، كۆزگە ئىلماسلىق ئەلۋەتتە ياخشى ئىش ئەمەس. **(فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَه وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَه)** «ھەركىم ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ، يامانلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىق مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى كىچىك بولسۇن، نەتىجىسىنى كۆرىدۇ». كۆلگە ياكى قۇدۇققا سۇغا چىققان كىشىنىڭ چېلىكىگە ياكى قاپىقىغا سۇ توشقۇزۇپ بېرىش ئاددىيغىنە بىر ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلپەت ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا شۇنىمۇ ياخشىلىق دەپتىرىگە يازىدۇ.

ئۆزىنى چوڭ چاغلاش، داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئىشىغا بۇرنىنى سوقۇش، كىشىگە قارا چاپلاش، غەيۋەت قىلىش قاتارلىق قىلمىشلار كىشىنىڭ نەسەبىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇ خىل قىلمىشلاردىن ئۇزاق تۇرۇش ۋە خالىي بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن پاناھ تىلەش ۋە يالۋۇرۇش لازىم. باشقىسىنىڭ بۇ خىل ناچار قىلمىشلىرىنى كۆرگەندە، ئۆزىنىڭ بۇخىل ناچار قىلمىشلارنى يۇقتۇرۋالمىغانلىقىغا ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش لازىم. بىر كىشى سىزدە بار ـ يوق ئەيىب بىلەن سىزنى ئەيىبلەپ يۈزىڭىزگە سالسىمۇ، سىز ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى يۈزىگە سالماڭ! تاقابىل تۇرماڭ! سىزگە قىلغان ــ ئەتكەنلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش كويىدا بولماڭ! ئۆزىڭىزنى بىھۇدە بىئارام قىلماڭ! مۇشۇنداق قىلالىسىڭىز سىزگە ساۋاب، ئۇنىڭغا گۇناھ بولىدۇ. بۇ دەۋر خەلقىگە ئادەت بولۇپ قالغان «مەدەنىي غەيرەت» مۇشۇدۇر. باشقىلار گەپتە چېقىۋالدى، يېڭىۋالدى، ئابرۇيۇم تۆكۈلدى، يامان ئاتقا قالدىم دەپ بىھۇدە قايغۇرماسلىق ۋە نومۇس قىلماسلىق لازىم. بۇنداق ناچار قىلمىشلارغا ئۆزىنىڭ ئەقلى بىلەن تاقابىل تۇرالمىغان، نومۇسسىز (پەسكەش) كىشىلەرنى دەككىسىنى بېرىش ۋە ئەيىبنى ئېچىش بىلەن ئادەم قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇنداق ئادەمدىن يۈز ئۆرۈش كېرەك ھەمدە:

**ولَقَدْ أَمَرَ عَلى اللَعِيْمِ يَسُبُّنِى فَمَضَيْتُ ثَمَّةَ قُلْتُ لاَ يُعْنِيْنِى**

(پەسكەش ئادەملەر مېنى تىللاۋاتقان چاغدا يېنىدىن ئۆتمەن، مېنى دېمەيدىغۇ دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىمەن) دېگەندەك ئۇقماسلىققا سېلىش ئالىي پەزىلەتنىڭ ئالامىتىدۇر. شائىرنىڭ:

**إِذَا نَعِقَ السَفِيْنُ فَلاَ تُجِبُ فَخَيْرٌ مِنْ إِجَابَتِهِ السُّكُوتُ.**

**سَكَتَ عَن السَّفِيْنِ فَظَنَّ إِنِّى، عُيِّيَتَ عَنْ الجَوَابِ وَمَا عَيَّيْتَ**

(ئەخمەقنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمە. ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگەندىن سۈكۈت قىلغان ياخشى. ئەخمەق ئادەم ماڭا گەپ قىلغان ئىدى، مەن جىم تۇرسام، جاۋاب بېرەلمەي قالدى دەپ ئويلىدى. جاۋاب بېرىشنى خالىغان بولسام، ئەلۋەتتە بېرەلەيتتىم. ئەمما قەستەن جاۋاب بەرمىدىم) دېمەكتۇر.

باشقىلار بىلەن تىللىشىش، جېدەل قىلىش ئەخلاقسىز ۋە بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ قىلمىشىدۇر. مۇنداق ئىشلارغا ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما! ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلما! ئىززىتىڭنى ساقلا!

# 8 ـ ھەدىس: ياخشى ئادەم بولۇش توغرىسىدا

**عَفَّ عَنْ محَارِمِ اللهِ تَكُنْ عَابَداً، وَأَرْضَ بِمَا قَسَّمَ اللهُ لَكَ تَكُنْ غَنِيّاً، وَأَحْسَنُ مُجَاوِرَةِ مِنْ جَاوِرِكَ مِن النّاسِ تَكُن مُسلِماً، وَصَاحِبُ النَّاسِ بِالذِيْ تُحِبُّ أنْ يُصَاحِبُوكَ بِهِ تَكُنْ عَدْلاً، وإِيّاكَ وَكَثْرَةَ الضِحْكِ فإِنَّ كَثْرَةَ الضِحْكِ تُمِيْتُ القَلْبَ.** (الدر المنثور في التفسير بالمأثور).

ئاللاھ تائالانىڭ ھارام قىلغان نەرسىلىرىدىن ساقلانغىن! ئابىدلاردىن بولىسەن. ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا بەرگەن نەرسىلىرىدىن رازى بول! باي ئادەملەردىن ھېسابلىنىسەن. قوشنىلىرىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىل! مۇسۇلمانلاردىن ھېسابلىنىسەن. ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى باشقىلار ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرگىن! ئادىل كىشىلەردىن ھېسابلىنىسەن. تولا كۈلمە! كۆڭۈل تولا كۈلۈش سەۋەبىدىن ئۆلىدۇ.

ئەخلاق چېتىلىش دائىرىسى كەڭ كەتكەن بىر پەن بولۇپ، ئۇنىڭ تارماق شاخلىرى ئومۇمىي قائىدىلەر دائىرىسىدە شەكىللىنىدۇ. بۇ ئومۇمىي قائىدىلەرنى ئىگىلىۋالغانلار ئادەتتە، پۈتۈن تارماقلىرىنىمۇ ئىگىلىيەلەيدۇ.

ئومۇمىي قائىدىلەرنىڭ بىرسى رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ: «**أَحِبْ لِلْنَّاسِ مَاَ تُحِبُّ لِنَفْسِكَ**» «ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى باشقىلار ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرگىن» دېگەن ھەدىسىدۇر. بۇ سۆزنىڭ ئەكسى بولسا، «ئۆزۈڭ ئۈچۈن خالىمىغان نەرسىلەرنى باشقىلار ئۈچۈنمۇ خالىما» دېمەكتۇر.

ئەخلاقنىڭ يېرىمى بۇ خىل ھەدىسلەر دائىرىسىدە يىغىنچاقلانغان بولىدۇ. بىر كىشىگە ھەر قانداق شەكىلدە مۇئامىلە قىلماقچى بولغان كىشى، شۇ ئىشنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە بىر دەگىسەپ بېقىشى، ئەگەر ئۆزىگە راۋا كۆرسە ئاندىن باشقىلارغا راۋا كۆرۈشى، ئەگەر ئۆزىگە يارىمىسا، باشقا كىشىگىمۇ راۋا كۆرمەسلىكى كېرەك.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «**لاَ يُؤمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى يُحِبَّ لِأَخِيْهِ مَايُحِبُّ لِنَفْسِهِ**» «ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن بىر ئىشنى مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈچۈن ياخشى كۆرمىگەن ئادەم (كامىل) مۆمىن ھېسابلانمايدۇ» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ.

مۇشۇ ھەدىستىكى نەسىھەتلەر ئەبۇ ھۇرەيرەگە قارىتىپ سۆزلەنگەن ئىدى. بىر كىشىگە قارىتىپ سۆزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ھۆكمى پۈتۈن مۆمىنلەرگە ئومۇمىدۇر. ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ساۋابلىقراقى بولسا، ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىش ۋە پەرزلەرنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ھەر كىمنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى پەرزنى تۆگىتىشى لازىملىقىدا گەپ يوق. خەلقنىڭ پەرز ئەمەللەرگە سەل قاراپ، نەپلە ۋە مۇستەھەب ئەمەللەرنى مۇھىم بىلىشى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ ئالدىدا يۈزلەرچە پەرزى تۇرۇپ، «زىكرى سۆھبەت»، «خەتمە ئوقۇش» تەك ئىشلار بىلەن بەند بولۇشى، پەرز ئۆشرە ـ زاكاتلارنى تاپشۇرۇشى زۆرۈر تۇرۇپ، يىغىلىش قىلىپ، بەزمە تۈزۈشۇپ نەپلە سەدىقىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى توغرا ئەمەس. شۇڭا ھارامدىن ساقلىنىش، پەرزلەرنى ئادا قىلىشتىنمۇ ياخشىراق ساۋابلىق ئىش يوق.

ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا قىلغىنىغا رازى بولۇش ئەلۋەتتە كاتتا بايلىقتۇر. «**القَنَاعَةُ كَنْزٌ لاَ يُفْنَى** ـ قانائەت تۈگىمەس بايلىقتۇر» ئۇ يوق، بۇ يوق دەپ زارلىنىپ يۈرگۈچىلەر يېقىن يورۇقلىرى ياكى ئائىلە ئەزالىرىغا بالا ـ قازا كەلسە، شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ نېمەت ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىكىنى ئاخىرى تونۇپ يېتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ زارلىنىپ يۈرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىدۇ.

قوشنىسى مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، ئۇنىڭغا قارىتا كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، «قوشنا ھەققى» دېگەن ئىدىيە بىلەن ئۇنىڭ يامانلىقىغا كۆز يۇمۇپ، يامانلىقىنىڭ ئورنىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئەلۋەتتە مۆمىنلىككە خاس سۈپەتلەردۇر.

كۆلۈش تەن ـ سالامەتلىك ئۈچۈن پايدىلىق دېگەندەك پاراكلار تارقىلىپ يۈرسىمۇ، ئەمما تولا كۈلۈش زىيانلىق بولۇپ، بۇ ئەقىلسىزلىقنىڭ ئالامىتىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئادەملەرنىڭ كۆڭلى ئېچىلمىغاندا، تولا كۈلۈشنى خالىماسلىقى تەبىئىي.

ئىبنى ئەلۋەردى: «تولا كۈلمە، تولا كۈلگۈچىلەر باركى، ئۇلارنىڭ كىيەنلىرى ئۆشتىگەرنىڭ قولىدىدۇر» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

ھەدىس شەرىپ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى يولباشچى بولالىشىنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ. ھەرقانداق مۇسۇلمان بۇ ھەدىستە ئېيتىپ ئۆتۈلگەن بەش قائىدىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ھەر قانداق ئىشنى بۇ قائىدىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆلچەپ تۇرسىلا، ئۇ چاغدا ئىنسانلارنىڭ ياخشى مۇرىدىدىنمۇ ياخشىراق مۇرىد، ئەڭ داڭلىق مۇرشىدى كامىللاردىنمۇ پايدىلىقراق مۇرشىد بولىدۇ. زاھىرى ئىلىممۇ، باتىنى ئىلىممۇ، تەسەۋۋۇپمۇ، فىقھىمۇ مۇشۇ ھەدىس شەرىپتە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئەمما بۇنى قوبۇل قىلىپ، ئاڭلاش ۋە ئەمەل قىلىش لازىم.

## 9 ـ ھەدىس: ھەق ـ ھوقۇق توغرىسىدا

**إتَّقِ اللهَ وَأَعْدِلُوا فِى أَوْلاَدِكُمْ**. (البخاري ومسلم)

ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار! بالىلىرىڭلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىڭلار.

شەرىئەتتە كۆرۈنۈش نۇقتىسىدىن ھەر كىم ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى خالىغان كىشىگە بېرىش ۋە خالىغانچە ئۈلەشتۈرۈش ئىختىيارلىقى بولسىمۇ، ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئادىل بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، بارلىق مال ـ مۈلكىنى ياش خوتۇن ـ بالىلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، قېرى خوتۇن ـ بالىلىرىنى قۇرۇق قويۇش توغرا ئىش قىلىنمىغانلىقتۇر. ئەگەر قېرى خوتۇنلىرىغا، چوڭ بالىلىرىغا ئايرىپ قويغان بولسا، شۇنىڭغا باراۋەر كەلگۈدەك مىلىنى ئايرىپ، ياش خوتۇنى ۋە كىچىك بالىلىرىغا بەرسە يامان بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يوسۇندا بولسا، بالىلىرىغا (قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن) ئوخشاش بېرىش كېرەك (مىراس بۆلۈنۈش سىرتىدا)، بىرىگە كۆپ، بىرىگە ئاز بەرمەسلىك لازىم. بەزى ئالىملار سوۋغا ـ سالاملارنى بالىلارغا ئوخشاش ئۈلۈشتۈرۈپ بېرىش مۇستەھەپ، ئوخشاش بەرمەسلىكمۇ دۇرۇس دېسىمۇ، بەزى ئالىملار: «زادى ئوخشاش بېرىشى لازىم، باراۋەر بەرمەسلىك دۇرۇس ئەمەس. مال، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىگىلىكىدىن چىقىپ بېرىلگەن بالىلارنىڭ ئىگىلىكىگە ئۆتكەن بولمايدۇ»، دەيدۇ. ئىمام بۇخارى ھەزرەتلىرى مۇشۇ قاراشتا بولۇپ، بۇ توغرىدا سەھىھۇلبۇخارىدا «**اِعْدِلُوا بَيْنَ أَوْلاَدِكُمْ فِي العَطِيَّةِ**» (البخاري) «بالىلىرىڭلارغا بىر نەرسە بەرگەندە ئادىل بولۇڭلار» دېگەن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان.

بۇ ھەدىس شەرىپ بەشىر ئىبنى سوئىلەبەتىل خەزرەجى ھەققىدە ئېيتىلغان ئىدى. شۇ ساھابە ئوغلى نۇئمانغا ئاز نەرسىنى سەدىقە قىلىپ بەرگەندە، خوتۇنى ئۆمرە بىنت رەۋاھە «رەسۇلۇللاھقا دېمىسەڭ، سېنىڭ بۇ ئىشىڭغا رازى بولمايمەن» دەپ نارازىلىقىنى بىلدۈردى. بەشىر رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ۋەقەنى ئېيتقاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ: «باشقا بالىلىرىڭغىمۇ شۇنداق بەردىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. بەشىر: «ياق» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىسنى سۆزلىدى. شۇنىڭ بىلەن بەشىر نۇئمانغا بەرگەن سەدىقىسىنى قايتۇرۇپ ئالدى. بۇ ھەدىس بالىلارغا نەرسە ـ كېرەك بېرىش ھەققىدە بولسىمۇ، بالىلارغا تەڭ ـ باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەدىسنىڭ ئىشارىتىدىن مەلۇم بولىدۇ.

مەسىلەن، بىر خوتۇننىڭ بالىلىرىنىلا ئۆي ئىشلىرىغا سېلىپ، يەنە بىر خوتۇندىن بولغان بالىلىرىنى ئوقۇتۇش، ھۈنەرگە بېرىش ياكى سەۋەبسىزلا بىر ئانىدىن بولغان بالىلىرىنىمۇ ئوخشاش كۆرمەسلىك ھەدىس شەرىپ بۇيرۇغان ئادالەتكە خىلاپتۇر.

## 10 ـ ھەدىس: سىلىق سىپايە سۆز قىلىش توغرىسىدا

**اتَّقُوا النَّارَ وَلَوْ بِشِقِّ تَمْرَةٍ فَإِنْ لَمْ تَجِدُوا فَبِكَلِمَةٍ طَيِّبَةٍ.** (رواه البخاري)

يېرىم خورما سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ، ئوتتىن ساقلىنىڭلار! ئۇنىمۇ تاپالمىساڭلار بىر نەرسە سوراپ كەلگۈچىگە ياخشى، سىلىق ـ سىپايە گەپ قىلىپ قايتۇرۇڭلار!

يەنى يېرىم خورما ياكى بىر تىلىم قوغۇن چاغلىق نەرسە سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ دوزاختىن ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار! ئەگەر ئۇنچىلىك بىر نەرسەڭلەرمۇ بولمىسا، سىلىق ـ سىپايە سۆز بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ ئۇزىتىڭلار، ئۇمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ.

مەدىنىدە خورما كۆپ بولغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى «يېرىم خورما» دېدى. ئەمما مەقسەت «ئاز نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار!» دېمەكتۇر. ئىمام بۇخارى ۋە باشقا مۇھەددىسلەرنىڭ رىۋايەت قىلغىنىغا قارىغاندا، تەۋبە سۈرىسىنىڭ ﴿**خُذْ مِنْ أَموالِهِمْ صَدَقَةً**﴾ «ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىن» دېگەن 103 ـ ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن، ساھابىلەر بازارلارغا بېرىپ، ھەتتا ھامماللىق قىلىپ ئاز ـ تولا پۇلغا ئىشلەپ، سەدىقە بېرىدىغان بولدى. ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف ئۆزىنىڭ مىلىنىڭ يېرىمىنى سەدىقە قىلدى. بۇنى كۆرۈپ مۇناپىقلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «رىيا قىلىپ سەدىقە قىلدۇ» دېيىشتى. ئەبۇ ئۇقەيل ئەنسارى تۆت قاداق خورما ئەكەلگەندى، مۇناپىقلار: «ئەمدى ئاللاھ سىلەرنىڭ تۆت قاداق خورماڭلارغا موھتاجدۇر» دېيىشتى، شۇ چاغدا: (**الَّذِينَ يَلْمِزُونَ الْمُطَّوِّعِينَ مِنْ الْمُؤْمِنِينَ فِي الصَّدَقَاتِ وَالَّذِينَ لَا يَجِدُونَ إِلَّا جُهْدَهُمْ فَيَسْخَرُونَ مِنْهُمْ سَخِرَ اللَّهُ مِنْهُمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيم**﴾«(مۇناپىقلار) مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەن تەۋبە سۈرىسىنىڭ 79 ـ ئايىتى نازىل بولدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ يېرىم خورما بولسىمۇ سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇشتىن مەقسىتى پېقىرلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتۇر. ئۇ مەزگىللەردە پەقەت سەدىقە بېرىش ئارقىلىقلا پېقىرلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ئۇ مەزگىللەردە پېقىرلار ئۈچۈن بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكىدەك ئىش تېپىپ بېرىش ۋە ئۇلارغا ھۈنەر ئۆگىتىپ ئىستىقبالىنى ياخشىلاش مۇمكىن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە شۇنىڭغا تەرغىب قىلغان بولاتتى ھەم شۇنداقمۇ بولغانىدى. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ساھابىگە پالتا سېپلەپ بەرگىنى ۋە ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىشقا بۇيرىغىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ. (سۈنەن ئەبى داۋۇد).

## 11 ـ ھەدىس: ئاز بولسىمۇ ئىزچىل بولغان ئەمەللەرنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقى

**أَحَبَّ الْأَعْمَالِ إِلَى اللَّهِ أَدْوَمُهَا وَإِنْ قَلَّ** (رواه مسلم)

ئاللاھ تائالا ئاز بولسىمۇ ئىزچىل داۋاملاشقان ئەمەللەرنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ.

ئاز، لېكىن داۋاملىق بولغان ياخشىلىق، كۆپ ئەمما داۋامى يوق ياخشىلىقتىن ياخشىراقتۇر. چۈنكى قىلىشقا كىرىشكەن ئىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرماسلىق ۋە داۋام قىلدۇرماسلىق، ئۇ ئىشقا نىسبەتەن مۇھەببەتنىڭ كامىل ئەمەسلىكى ۋە زېرىككەنلىكنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇنداق بولۇش ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەس. لېكىن داۋام قىلغان ياخشى ئىشنىڭمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رازى بولۇشى ئۈچۈن رىيادىن خالىي بولۇشى شەرتتۇر. خالىس بولمىغان ئىشنىڭ داۋاملىق بولغىنى ياكى بولمىغىنىنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. داۋاملىشىشتىن مەقسەت، ھەمىشە ئۈزۈلدۈرمەي قىلىپ تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، (مۇنداق قىلىش كىشىلەرگە مۇمكىن بولمايدۇ) بەلكى ئادەت قىلىش دېگەنلىكتۇر.

## 12 ـ ھەدىس: ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈشنىڭ پەزىلىتى

“**إِنَّ أَحَبَّ الأَعْمَالِ إِلَى اللهِ عَزَّ وَجَلَّ؟ الحُبُّ للهِ وَالبُغْضُ فِي اللهِ**” (للحافظ الهيثمي – كتاب الإيمان)

(بىرەر تۈرلۈك شەخسى غەرەزدىن خالىي بولۇپ، پەقەت ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش ئۈچۈنلا) بىركىمنى دوست تۇتۇش ياكى دۈشمەن كۆرۈش ئاللاھ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىشلاردىندۇر.

ساغلام ياخشىلىق قىلغىنى ئۈچۈن بىر كىشىنى دوست تۇتۇشنىڭ زىيىنى يوق. لېكىن، بۇ ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان دوستلۇق ئەمەس، بەلكى ساغلام پايدا يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن دوست تۇتۇشتۇر. خەلق ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئالىملارنى، ياخشى بەندىلەرنى ۋە دىنىي مەدرىسىلەرگە، ئومۇمەن ئىلىم يولىغا ماددىي ۋە مەنىۋىي يول بىلەن ياردەم قىلىپ تۇرغۇچىلارنى دوست كۆرۈش، شۇنىڭدەك، ئۆزىنىڭ گۇناھىدىن ۋە ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىشىغا سەۋەب بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى ياكى ئېرىنى سۆيۈش “**حُبُّ فِيْ اللهِ**” «ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈش»تۇر. ئۆزىگە مەيلى پايدىسى يېتىدىغان، مەيلى زىيان يەتكۈزىدىغان ئادەم بولسۇن، ئاللاھ تائالاغا بويسۇنمايدىغان، شەرىئەتكە ھۆرمەت قىلمايدىغان، ئىلىمغا ۋە دىنغا خىزمىتى ۋە ياردىمى يوق ئادەمنى (شۇ قىلىقلىرى ئۈچۈن) يامان كۆرۈش بولسا “**بُغْضُ فِى اللهِ**” «ئاللاھ يولىدا يامان كۆرۈش»تۇر.

## 13 ـ ھەدىس: ھەر ئىشنى لايىقىدا قىلىش توغرىسىدا

**أَحْبِبْ حَبِيبَكَ هَوْناً ما، عَسَى أَنْ يَكُونَ بَغِيضَكَ يَوْماً ما، وَأَبْغِضْ بَغِيضَكَ هَوْناً ما عَسَى أَنْ يَكُونَ حَبِيبَكَ يَوْماً ما.** (تحفة الأحوذي، للمباركفوري)

دوستۇڭنى ئۆز يولىدا دوست تۇتقىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۈشمىنىڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. دۈشمەن كۆرىدىغان ئادىمىڭنى ئۆز يولىدا دۈشمەن كۆرگىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە دوستۇڭ بولۇشى مۇمكىن.

يەنى ھەر قانداق ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. دوستلار دۈشمەن، دۈشمەنلەر دوست بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. دوست ۋاقتىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇپ، مەخپىي ساقلاشقا تېگىشلىك ئەھۋاللارنىڭ بار ـ يوقىنى بىلدۈرۈپ قويسا، كېيىن دۈشمەن بولغاندا زىيان تارتىشى، پۇشايمان قىلىشى مۇمكىن. ئىبنى ئەرەبى:

**أُحْذُرْ عَدُوَّكَ مَرَّةً، وَاحْذُرْ صَدِيقَكَ أَلْفَ مَرَّةً.**

**فَلَرُبَّمَا اِنْقَلَبَ الصَّدِيقَ، فَكَانَ أَعْلَمْ بِالمُضِرَّةِ.**

«دۈشمىنىڭدىن بىر قېتىم قورقساڭ، دوستۇڭدىن مىڭ قېتىم ئېھتىيات قىل! دوستۇڭ ئۆزگىرىپ كېتىپ قالسا، ساڭا زىيان سېلىشنى ياخشى بىلىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

بىر ئادەم بىلەن دۈشمەنلەشكەندە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن ئەھۋالدا، كېيىنچە ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىپ قالغاندا، بۇرۇنقى قىلمىش خىجىللىق ۋە ۋىجدان ئازابىغا دۇچار قىلىشى مۇمكىن.

# 14 ـ ھەدىس: ماختىغۇچىلار توغرىسىدا

**احْثُوا التُّرَابَ فِي وُجُوهِ المَدَّاحِينَ**. (كتاب الدّررَ المنتثِرة، للسيوطي).

(كىشىنى زورلاپ) ماختىغۇچىلارنىڭ يۈزىگە توپا چېچىڭلار!

توپا چېچىش دېمەك، بىر نەرسە بەرمەي ياكى ئاز بىر نەرسە بېرىپ بولسىمۇ، گېپىنى توختىتىش، ئۇنىنى چىقارماسلىق دېمەكتۇر. لېكىن مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ماختىغۇچىلارنىڭ يۈزىگە توپا چاچقانلىقى ۋە شۇ ئىشنى مۇشۇ ھەدىسنى دەلىل قىلغانلىقى، ھەدىسنى زاھىرىغا تەتبىقلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. "**مَدَّاحٌ**" دېگەن سۆز «ھەددىدىن زىيادە ماختىغۇچى» دېگەن مەنىدە بولسىمۇ، بۇ يەردە بىر نەرسە تىلەش، قولىغا بىر نەرسە چۈشۈرۈش مەقسىتى بىلەن كىشىلەرنى يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ ماختاپ، كۆپىنچە قوشاق، مەدھىيەلىك سۆزلەردىن ئىبارەت يالغان، ئەمەلىيەتسىز گەپلەرنى ياساپ سۆزلىگۈچىلەر كۆزدە تۇتۇلغان.

مۇبالىغە ۋە يالغان سۆزلەردىن ساقلىنىپ، ئەمەلىيەتتە بار خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كىشىنى ماختاش ۋە شۇنىڭغا رازى بولۇش مەنئى قىلىنمىغان بولۇپ، بۇ ھەدىس شەرىپىنىڭ روھىغىمۇ زىت ئەمەس.

ئابباس، ھەسسان ۋە باشقا ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنى مەدھىيەلەپ شېئىر ئوقۇغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ ھېچ قايسىسىنىڭ ئاغزىغا توپا چاچقىنى رىۋايەت قىلىنمىغان. رەسۇلۇللاھ ئۆزىمۇ: "**أَنَا سَيِّدُ وَلَدِ آدَمَ يَوْمَ القِيَامَةِ**" (مەن قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئۇستازىمەن) دېگەن. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿**اجْعَلْنِي عَلَى خَزَائِنِ الْأَرْضِ إِنِّي حَفِيظٌ عَلِيمٌ**﴾ (مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن (ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان، ئۇبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن)1 دەپ مىسىر ھۆكۈمدارىغا ئۆزىنى تونۇتىشىمۇ، يۇقىرىقى ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

ماختاش ۋە ماختىسا رازى بولۇپ تۇرۇشنىڭ ناتوغرا بولۇشى تۆۋەندىكى ئىنسانلارغا خاستۇر.

1 ـ پاسىقنى خوش قىلىش ئۈچۈن ماختاش.

2 ـ ۋەقەنى بايان قىلىش ئۈچۈن بولماي، بەلكى رىيا ۋە ئالداش ئۈچۈن ماختاش.

3 ـ ماختالغۇچى كىشىنىڭ شۇ ماختاش سەۋەبىدىن تەكەببۇر بولۇپ قېلىشى ۋە مەغرۇرلىنىشى قاتارلىقلار. ئەمما يۇقىرىقىلاردىن ساقلانغان تەقدىردە ماختاش ۋە رازى بولۇپ تۇرۇش مەنئى قىلىنغان ئىش ئەمەس.

كەئب ئىبنى زۇھەير ساھابىلەر ئالدىدا:

**بَانَتْ سَعَادُ فَقَلْبِي اليَوْمِ متبول،          مُتَيَّمٌ إِثْرُهَا لَمْ يُفْدِ مَكْبُولٌ.**

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى 55 ـ ئايەت.

دەپ باشلانغان مەشھۇر قەسىدىسىنى ئوقۇدى. شۇيەردە رەسۇلۇللاھنى ماختىدى، رەسۇلۇللاھ ئاڭلىدى، ئاچچىقلانمىدى، يامان كۆرمىدى.

ھەزرىتى ھەسسان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ:

**و أَحْسَنُ مِنْكَ لَمْ تَرَ عَيْنِى، وَ أَجْمَلُ مِنْكَ لَمْ تَلِدِ النِّسَاءُ.**

**خُلِقْتَ مُبْرَأً مِنْ كُلِّ عَيْبٍ، كَأَنَّكَ خُلِقْتَ كَمَا تَشَاءُ.**

«سەندىن ياخشىراقىنى كۆزۈم كۆرمىدى، سەندىن چىرايلىقراقىنى ئايال زاتى تۇغۇپ باقمىدى. ئەيىبسىز، نۇقسانسىز يارىتىلدىڭ، ئۆزۈڭ خالىغىنىڭچە يارىتىلغاندەك» دەپ رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىگە قارىتا شېئىر ئوقۇغان ئىدى. ھەزرىتى ھەسساننىڭ رەسۇلۇللاھ توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا قەسىدىلىرىمۇ بار.

# 15 ـ ھەدىس: ئېھسان توغرىسىدا

**الإِحْسَانُ أَنْ تَعْبُدَ اللهَ كَأَنّكَ تَرَاهُ. فَإِنْ لَمْ تَكُنْ تَرَاهُ، فَإِنّهُ يَرَاكَ.** (صحيح مسلم والبخاري)

(قۇرئان كەرىمدە نەچچە يەردە زىكىر قىلىنىپ، كۆپ ساۋاب ۋەدە قىلىنغان) ئېھسان ـ ئىبادەتنى خۇددى ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرغىنىڭدەك قىلىشىڭدۇر، سەن ئاللاھ تائالانى كۆرمىسەڭمۇ، ئۇ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئىبادەت دېمەك، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش مەقسىتى بىلەن ئاللاھنى بىر دەپ تونۇش (بەندىچىلىك قىلىشتا ھېچكىمنى ئاللاھقا تەڭ قىلماسلىق، ھەرقانداق كىشىنى ئاللاھتەك ئۇلۇغ بىلمەسلىك)، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغان ئىشنى شەرتسىز ھالدا ئادا قىلىش، باش ئېگىش ۋە قورقۇش بىلەن يالۋۇرۇش دېمەكتۇر. دىققىتى چېچىلاڭغۇ ھالدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشنى، ئوقۇغان نەرسىسىنى چۈشەنمەي ماشىنىدەك ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئەگەر ئىنسانلار ئىبادەت ۋاقىتلىرىدا ئاللاھ تائالانى كۆزى بىلەن كۆرسە ئىدى، قانچىلىك دەرىجىدە چىن قەلبى بىلەن بېرىلىدىغان، ئاللاھنى ئويلاپ تۇرۇپ قىلىشقا تىرىشىدىغان بولسا، كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ مۇشۇنداق ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشى لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا شۇ ئىبادەتنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىدۇ. ھەدىستىن بىلىنگەن مەزمۇن مۇشۇ بولۇپ، مەقسەت بولسا، بەندىلەرنى مۇمكىن قەدەر رىيادىن ۋە نىپاقتىن ساقلاشتۇر.

## 16 ـ ھەدىس: خادىم ـ خىزمەتچىلەرگە قوپال مۇئامىلە قىلماسلىق توغرىسىدا

**عن أبي ذر رضي الله عنه قال: قَالَ رسول الله صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: "إن إِخْوَانُكُمْ خَوْلَكُمْ جَعَلَهُمُ اللهُ تَحْتَ أَيْدِيكُمْ، فَمَنْ كَانَ أَخُوهُ تَحْتَ يَدَيْهِ فَلْيُطْعِمْهُ مِمَّا يَأْكُلُ، وَلِيُلْبِسَهُ مِمَّا يِلْبَسُ، وَلاَ تُكَلِّفُوهُمْ مَا يَغْلِبُهُمْ. فَإِنْ كَلَّفْتُمُوهُمْ، فَأَعِينُوهُمْ.** (رواه أحمد والبخاري ومسلم)

سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلغۇچى ئادەملەر سىلەرنىڭ نەسىل قېرىندىشىڭلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلدى. بىر كىشىنىڭ قول ئاستىدا ئۆزىنىڭ قېرىندىشى بولسا (مۇسۇلمان خىزمەتكار بولسا) ئۇنىڭغا ئۆزى يەيدىغان تامىقىدىن يېگۈزسۇن، ئۆزى كىيىدىغان رەختتىن كىيىم بەرسۇن. كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا زورلىمىسۇن، ئەگەر كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇش توغرا كەلسە، ئۆزۈڭلار ياردەملىشىڭلار! ئىشنى ئازايتىڭلار ياكى ئادەم قوشۇپ بېرىڭلار!

مانا بۇ، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى تەرىپىدىن قۇل، ئايلىقچى ياكى كۆنلۈكچى ئىشچىلارنى خىزمەت قىلدۇرۇش توغرىسىدا تۈزۈلۈپ قالدۇرۇلغان ئاساسىي قانۇن. ياللىنىپ ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئاش ـ تامىقى، كىيىم ـ كېچىكى خوجايىندىن بولغان ۋاقىتىدا، مەيلى ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ تاماق بەرسۇن، مەيلى ئايرىم ئولتۇرغۇزسۇن ئادەتتە ئۆزى يەيدىغان ئاش ــ غىزادىن يېگۈزۈشى، چايدىن ئىچكۈزۈشى ۋە ئادەتتە ئۆزى كىيىدىغانغا ئوخشاش كىيىم بېرىشى لازىم.

ئەگەر ئاش ــ تاماق، كىيىم ـ كىچەك ياللانغۇچىنىڭ ئۆزىدىن بولۇشقا سۆزلەشكەن بولسا، شۇنىڭغا لايىق ئىش ھەققى بېرىش لازىم. ئىشلەش سائىتى ھەر مەملىكەت، ھەر زاماننىڭ شارائىتىغا ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى بۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقىغا ۋە ۋىجدانىغا تاپشۇرغان بولسا كېرەك.

خوتۇننىڭ جاۋابىنى بېرىش، قۇل ئازاد قىلىش ۋە سەت گەپلەر مەسىلىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان مۇئەللىپلەرنىڭ فىقھى ئىلمىدا يېزىلغان كىتابلىرىدا قۇللار ۋە خادىملارنىڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە يېتەرلىك دەرىجىدە ئوچۇق تۈزۈملەرنىڭ بولماسلىقى ھەم ئەجەبلىنەرلىك ھەم ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر.

## 17 ـ ھەدىس: ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق توغرىسىدا

**أَدِّ الأمانَةَ إلى مَنِ ائْتَمَنَكَ وَلا تخُنْ مَنْ خَانَكَ.** (رَوَاهُ أَبُو دَاوُدَ والترمِذيُّ)

ساڭا ئامانەت بېرىلگەن نەرسىنى ئىگىسىگە تاپشۇر! ساڭا خىيانەت قىلغان كىشىگە سەن خىيانەت قىلما!

ئامانەت بولسا، ۋاجىپ سەدىقىلەرگە (ئۆشرە ـ زاكاتقا) ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر. شۇنىڭدەك ساقلىغىلى بەرگەن نەرسە، گۆرۈگە قويغان نەرسە، ئارىيەت ئالغان نەرسىلەردەك بەندىنىڭ ھەققى ھەم ياردەمپەرۋەر زاتلار تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك سەدىقە قىلىنغان ۋەقپىلەر سەدىقە جارىيەلەردۇر.

بەزى ئالىملار ئىلمىنىمۇ ئامانەت قاتارىدا ساناپ، «تېگىشلىك ئورۇنلاردا ۋە تېگىشلىك كىشىلەرگە ئۆگەتمەسلىك ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَخُونُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُوا أَمَانَاتِكُمْ وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ**﴾ (ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار)2 دەپ ئامانەتكە خىيانەت قىلىشتىن قەتئىي توسىدۇ.

ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، يالغان سۆزلەش، غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش بولسا (توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن ئادەم كاپىر بولدى دېگەنگە ئوخشاش)، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى غالىب بولغان ئىشلاردىندۇر. مۇنداق ئىشلاردا بەندىلەرنىڭ ئۆز ھەقلىرىدىن كېچىش ھوقۇقى بولسىمۇ، قىساس ئېلىشقا ھەقلىرى يوق. «سەن ماڭا قانداق قىلغان بولساڭ، مەنمۇ ساڭا شۇنداق قىلىمەن» دېيىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەندىلەرنىڭ خىيانەت قىلغۇچىنىڭ نەرسىسىگە خىيانەت قىلىشقا، «كاپىر» دېگۈچىگە «سەن كاپىر دېيىش» ھەققى يوق.

ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچى كىشى دەسلەپ خىيانەت قىلسۇن ياكى ئىلگىرى باشقا كىشىنىڭ قىلغان خىيانىتىدىن ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن خىيانەت قىلسۇن، خائىندۇر. ئۆزىنىڭ شەرئەتكە مۇۋاپىق ھەققىنى ئېلىش خىيانەت قاتارىغا كىرمەيدۇ.

ئەبۇ سۇفياننىڭ خوتۇنى ھىند ئېرىنىڭ بېخىللىقىدىن شىكايەت قىلغاندا، ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۆزى ۋە باللىرىغا يېتەرلىك خىراجىتىنى ئەبۇ سۇفياننىڭ مېلىدىن رۇخسەتسىز ئېلىشىنى توغرا كۆرگەن ئىدى.

كىشىنىڭ ھەققىنى بەرمەي تۇرۇۋېلىش قانداق بولىدۇ؟ مەسىلەن، بەكرىنىڭ ئوسماندا ھەققى بولسا، ئوسمان ئۇنى بەرمەي تۇرۇۋالسا، بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئوسماننىڭ مېلى بەكرىنىڭ قولىغا چۈشسە، بەكرىنىڭ شەرئەن ئۇ مالنى تۇتۇپ قېلىشقا ھەققى بارمۇ؟ ئالىملارنىڭ بۇ توغرىدىكى قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى ماددىلارغا جۇغلاش مۇمكىن:

1 ـ ھەر ئىككىسىنىڭ نەرسىسى بىر خىل بولسا، تۇتۇپ قېلىش دۇرۇس، ئەگەر بىر خىل بولمىسا، دۇرۇس بولمايدۇ. مەسىلەن، ئوسمان بەكرىدىن ئون چارەك بۇغداي ئۆتنە ئالغان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسماننىڭ يۈز

---

[2] ئەنفال سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

تەڭگە پۇلى بەكىرنىڭ قولىغا چۈشكەن بولسا، ئىككىسىنىڭ نەرسىسى بىر خىل بولمىغانلىقتىن پۇلدىن تۇتۇپ قېلىش بۇ پىكىرگە قارىغاندا دۇرۇس بولمايدۇ. ھەنەفى مەزھىپى مۇشۇنداق قارايدۇ.

2 ـ ئىككى تەرەپنىڭ ھەققى مەيلى بىر خىل بولسۇن ياكى بولمىسۇن تۇتۇپ قېلىش شەرتسىز دۇرۇس، بۇ شافىئىيلارنىڭ پىكرىدۇر.

3 ـ پەقەت توغرا ئەمەس، ئامانەتكە خىيانەت بولىدۇ.

4 ـ قازى ھۆكۈم قىلسا دۇرۇس، بولمىسا دۇرۇس ئەمەس، دېگەن پىكىرلەرمۇ بار.

بىرىنچى مەزھەبتىكىلەر ئۆزىنىڭ پىكرىگە: ﴿وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُمْ بِهِ وَلَئِنْ صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِلصَّابِرِينَ﴾ «ئەگەر (ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)»[3] ۋە ﴿الشَّهْرُ الْحَرَامُ بِالشَّهْرِ الْحَرَامِ وَالْحُرُمَاتُ قِصَاصٌ فَمَنْ اعْتَدَى عَلَيْكُمْ فَاعْتَدُوا عَلَيْهِ بِمِثْلِ مَا اعْتَدَى عَلَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ﴾ بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار،[4] دېگەن ئايەتلەرنى دەلىل قىلىدۇ.

ئىككىنچى خىل پىكىردىكىلەر بولسا، ﴿وَجَزَاءُ سَيِّئَةٍ سَيِّئَةٌ مِثْلُهَا﴾ «بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر»[5] دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ. دەلىل قىلىش سەۋەبلىرى ئوچۇق.

---

[3] نەھل سۈرىسى 126 ـ ئايەت.
[4] بەقەر سۈرىسى 194 ـ ئايەت.
[5] شۇرا سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

## 18 ـ ھەدىس: دۇئانى قوبۇل بولۇشىغا ئىشەنچ قىلغان ھالدا قىلىش توغرىسىدا

**اُدْعُوا اللَّهَ وَأَنْتُمْ مُوقِنُونَ بالإِجَابَةِ، وَاعْلَمُوا أنَّ اللَّهَ لا يَسْتَجِيْبُ دُعَاءً مِنْ قلبٍ غَافِلٍ لاهٍ.** (سنن الترمذي)

ئاللاھ تائالانىڭ قوبۇل قىلىشىغا چوقۇم ئىشەنگەن ھالدا دۇئا (ئىبادەت) قىلىڭلار ۋە شۇنى بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا غاپىل كۆڭۈل بىلەن قىلغان دۇئانى (ئىبادەتنى) قوبۇل قىلمايدۇ.

دۇئا دېگەن سۆز، ئىبادەت قىلىش، ئاللاھ تائالادىن بىر نەرسە تىلەش مەنىلىرىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ ھەدىس شەرىپتىن ئىبادەت قىلىش ۋە بىر نەرسە تىلەش مەقسەت قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە ھەر ئىككى مەنىسى يېزىلدى.

﴿**اُدْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ**﴾ «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن.»6 دېگەن ئايەتتىكى «دۇئا» سۆزىمۇ مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەخلاق كىتابلىرىدا دۇئا (ئاللاھ تائالادىن ھاجەت تىلەش) توغرىسىدا بەك كۆپ ئەدەبلەر بايان قىلىنىدۇ. مەخسۇس ۋاقىتلاردا، مەخسۇس دۇئالار تەيىن قىلىنىدۇ. لېكىن دۇئا قىلىشتىكى ھەقىقىي كېرەكلىك نەرسە دىلنىڭ ئىخلاسى (كۆڭۈلدە ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنى ۋە ھېچ نەرسىنى ئويلىماسلىق) ۋە بارلىق تىرىشچانلىق بىلەن ئاللاھ ئالدىدا ئۆزۈڭنى خار، تۆۋەن تۇتۇشتۇر. كۆڭۈلدە ئىخلاس بولسا ۋە قوبۇل قىلىنىشىغا ئىشەنچ ئورۇنلاشسا، دۇئا قانداق چاغدا ۋە قايسى مەقسەتتە، قانداق تىل بىلەن قىلىنسۇن، قوبۇللۇققا مۇشەررەپ بولىدۇ ۋە مېۋىسى كۆرۈلىدۇ. ئۆزى تىلىگەن بويىچە ئىجابەت بولمىغان تەقدىردىمۇ ئىخلاس بىلەن قىلىنغان دۇئالار قۇرئان ئوقۇش، نەپلە ناماز ئوقۇش، زىكىر، تەسبىھ ئېيتىشتەك ساۋابلىق ئىبادەتلەر بولۇپ، دۇنيادا بولمىسا، ئاخىرەتتە پايدىلىق نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچى چاغلاردا ۋە غېرىبلىق چاغلاردا ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىش ۋە مەقبۇل بولۇشىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىك لازىم.

﴿**وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ**﴾ «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن).»[7]

ئۆزى مەنىسىنى بىلمەيدىغان دۇئانى ئوقۇشتا كۆپ نەتىجە بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر كىمنىڭ خۇسۇسىي دۇئالىرىنى ئۆزى بىلگەن تىلدا قىلغىنى ياخشى. ھارام ئىشلارنى تىلەپ دۇئا قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇسۇلمانغا مەلۇم. دۇئا قىلىشتا ئەڭ مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرسى ھېرىپ قالماسلىق، زېرىكىپ

---

[6] مۇمىنۇن سۈرىسى 20 ـ ئايەت.

[7] بەقەرە سۈرىسى 186 ـ ئايەت.

قالماسلىق ھەم شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا خىلاپ ئىشلارنى تىلەپ دۇئا قىلماسلىق. مەسىلەن، ئاسماندىن ئالتۇن چۈشۈرۈپ بېرىشنى، ئۇرۇق چاچمىغان يەردىن ئاشلىق ئۈندۈرۈپ بېرىشنى سوراش توغرا ئەمەس، بەلكى بىمەنىلىكتۇر. دۇئا ئامال بار تاشقى سەۋەبلەرنى ئۆز جايىدا قىلغاندىن كېيىن قىلىنىشى كېرەك.

# 19 ـ ھەدىس: مېھماننى ياخشى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا

**إِذَا أَتَاكُمْ كَرِيْمُ قَوْمٍ، فَأَكْرِمُوهُ.** (ابن ماجه)

بىر قەۋمنىڭ ھۆرمەتلىك ئادىمى سىلەرنى يوقلاپ كەلسە، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىڭلار!

ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئېلىش، ھەشەمەتچىلىك قىلماي سۆھبەتلىشىش، ئائىلىدە بار نەرسە بىلەن مېھمان قىلىشتەك ئىشلار ئۆز لايىقىدا ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئىپادىلىرىدۇر. بىر قەبىلە ياكى بىر مىللەت يا بىر جەمئىيەتنىڭ چوڭىنى ھۆرمەت قىلىش شۇ قەۋم، شۇ مىللەت، شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھۆرمەت قىلغانلىقتۇر. مەيلى بىر يەرنىڭ ھۆرمەتلىك كىشىسى بولسۇن ياكى بولمىسۇن بارلىق مۇساپىرلارنى ۋە ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنى روھىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى كۆتۈرۈپ كۈتۈۋېلىش مۇسۇلمانلارغا خاس بولغان ياخشى ئەخلاقلاردىن بولسىمۇ، تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنىڭ پۈتۈنلەي باشقا يولغا كىرىپ كېتىشى سەۋەبىدىن بۇ گۈزەل، ئېسىل ئەخلاقنىڭمۇ زامانغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىشى چوقۇم. موسكۋادىكى مۇسۇلمانلار قوشنا رايونلاردىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنى، بولۇپمۇ قېرىنداش قەبىلىلەرنى، دوستلىرىنى قوبۇل قىلىپ تۇرسا ۋە ھەر قايسىسىنى ئىككى ـ ئۈچ كۈن مېھمان قىلىپ ئۇزىتىشنى ئادەت قىلسا، ئۆز كەسىپلىرىنى قىلىشقا ۋاقىتلىرى يەتمەيدۇ. چىقىملىرى ئۈچۈن قولىدىكى بايلىقىمۇ يېتىشمەيدۇ.

ئەقىللىق ۋە دىيانەتلىك ھېسابلىنىدىغان بىر باينىڭ تىجارىتىنىڭ ۋەيران بولۇشى (زىيانغا ئۇچراپ سەرمايىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى) غا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ھېكايە بار. بىر بوۋاينىڭ بىر سىرلىق تېشى بار ئىكەن. ھەر قايسى كەنتلەردىكى خوتۇنلار ئۇ سىرلىق تاشنى بالىلىرىغا چايقاپ ئىچۈرۈش ئۈچۈن ئۇ بوۋاينىڭ قېشىغا كېلىدىكەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئۇ يەرگە كەلگەنلەر بوۋايغا قوشنا كېلىدىغان باينىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ چۈشىدىكەن. قوشنا كەنتىدە بىر ئىشان بار ئىكەن، ئۇنىڭ قېشىغا بارىدىغان ـ كېلىدىغان مۇرىدلارمۇ «ئىشراق نامىزى ئوقۇيمىز» دەپ ھېلىقى باينىڭ ئۆيىگە كىرىپ مېھمان بولۇشىدىكەن. ئۇلار ھەر خىل ئادەملەرنى ئۆيىگە باشلاش، ئۇزىتىش ئىشلىرىدىن ۋاقتى ئاشمىغانلىقى سەۋەبىدىن كەسپى ئارقىغا كېتىدىكەن. ئاخىرى بۇ سىرلىق تاش ۋە ئىشراق نامىزى سەۋەبىدىن بۇ ئادەم كەمبەغەل بولۇپ قالىدىكەن.

خۇلاسە گەپ، ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزۈپ يۈرگۈچىلەرنى، پەقەتلا چاي ئىچىپ يوقلاڭ پاراڭ سوقۇپ ئولتۇرىدىغان ۋە قىلىدىغان سۆزى: «تىنچلىقمۇ، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟» دېگەندەك ئەھمىيەتسىز سۆزلەردىنلا ئىبارەت بولىدىغان، كەلدى ـ كەتتى كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ ئولتۇرۇشقا زامان پۇرسەت بەرمىسىمۇ، بىر يۇرتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان كىشىلەرنى ياكى ئالىم ـــ ئۆلىمالارنى قولدىن كېلىشىچە ئېھتىرام قىلىش لازىم.

## 20 ـ ھەدىس: مۇسىبەت يەتكەندە دۇئا قىلىش توغرىسىدا

**إذا أَصَابَ أَحَدُكُمْ مُصِيْبَةٌ فَلْيَقُلْ إنَّا للَّهِ وإنَّا إلَيْهِ رَاجِعُونَ، الَّلهُمَّ عِندكَ أحْتَسبُ مُصِيْبَتِيْ فَأجِرْنِيْ فِيْهَا وَأَبْدِلْنِي مِنْهَا خَيْراً.** (سنن الترمذي)

بىشىغا دەرد ـ ئەلەم كەلگەن بەندە (دىلىنى ئاللاھقا خالىس قىلغان ھالدا): ﴿**إنَّا للَّهِ وإنَّا إلَيهِ رَاجِعُوْنَ**﴾ (بىز ئۆزىمىز، بالا چاقىمىز، مال ـ مۈلكىمىز،قىسقىسى ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، بىز توغرۇلۇق ئاللاھ ئۆزى خالىغاننى قىلىدۇ ھەم ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئالدىغا قايتىپ بارغۇچىلارمىز) ئى ئاللاھ! بۇ غەم ـ قايغۇنىڭ ئورنىغا ساۋاب ئاتا قىلغىن. شۇ قايغۇنى ياخشىراق ئىشقا ئالماشتۇرۇپ بەرگىن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپ يېرىدە سەۋرنى ماختاپ، نۇرغۇن پەزىلەت ۋە ياخشى ئىشلارنى سەۋرگە باغلىغان ھەتتاكى: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ**﴾ «ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[8] دەپ سەۋرنى نامازدىن ئىلگىرى بايان قىلدى. ئۆزىنىڭ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى: ﴿**فَاصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُوْلُوا الْعَزْمِ مِنْ الرُّسُلِ وَلَا تَسْتَعْجِلْ لَهُمْ**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن، ئۇلارغا بولىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن»[9] دەپ ھەزرىتى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىنىمۇ سەۋر قىلىشقا بۇيرۇدى.

ھەزرىتى رەسۇلۇللاھنىڭ سەۋرنىڭ ساۋابىنىڭ ئارتۇقلۇقى ھەققىدىكى ھەدىسلىرى، سەۋر قىلغۇچىلارغا ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىلىرى بەك كۆپ. بەزى ئەرەب شائىرلىرى سەۋر ھەققىدە تۆۋەندىكى شېئىرلارنى ئېيتقان:

**فَلاَ تَجْزَعْ وَ إنْ أَعْسَرتَ يَوْمًا،  لَقَدْ أَيْسَرَتَ فِي الزَّمَنِ الطوِيْلِ.**

**فَلاَ تَيْأَسْ فَإِنَّ اليَأْسَ كُفْرٌ،  لَعَلَّ الله يُغْنِى عَن قَلِيْلٍ،**

**وَإِنَّ العُسْرَ يِتَّبِعُهُ يَسَارٌ.  وَقَوْلُ اللهِ أَصْدَقُ كُلِّ قِيلَ.**

**وَلاَ تَظُنُّ بِرَبِّكَ ظَنَّ سُوءٍ،  فَإِنَ الله أَوْلَى بَالجَمِيلِ.**

**وَكَم لله مِنْ لُطْفٍ خَفِيْ،  يَدُقُّ خِفَاهُ مِن فَهْمِ الزكِى.**

**وَكَمْ يُسرٍ أَتَى مِنْ بَعدِ عُسْرٍ،  وَفَرْجُ كُربَةِ القَلبِ السِجِى.**

---

[8] بەقەرە سۈرىسى 135 ـ ئايەت.

[9] ئەھقاف سۈرىسى 35 ـ ئايەت.

**وَكَمْ أَمرٍ تَسَاءَ بِهِ صَبَاحًا، وَتأْتِيْكَ المَسْرَةُ بِالعشِي.**

**إِذْا ضَاقَتْ بِكَ الأَحْوَالُ يَوْمًا، فَثِقْ بِالواَحِدِ الفَردِ العلى.**

**وَلاَ تَجْزِعْ إِذاَ مَانَابَ حَطَبٌ، وَكَمْ للهِ مِنْ لُطفٍ خَفِى.**

«بىر كۈن قىيىنچىلىق تارتساڭ قايغۇرما، ئۇزۇن زامان كەڭرى ياشىدىڭغۇ، ئۈمىدسىزلەنمە، ئاللاھتىن ئۈمىد ئۈزۈش كۇپۇرلۇقتۇر. يېقىندا ئاللاھ تائالانىڭ ئاسان قىلىشىدىن ئۈمىد بار. تەسلىكتىن كېيىنلا ئاسانلىق كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ سۆزى ھەممە سۆزدىن راست، ئىگەڭدىن يامان گۇمان قىلما. ئاللاھ تائالا بەندىگە ياخشىلىق قىلىشقا يېقىن، ئاللاھنىڭ مەخپى مېھرىبانلىقى كۆپ. ئۇنى ھوشيار كىشىلەرمۇ بايقىيالماي قالىدۇ. قىيىنچىلىقتىن كېيىن بەك كۆپ ئاسانلىق كېلىدۇ، ئەقىللىق دىللارنىڭمۇ خاپىلىقىنى كۆتۈرۈپ ئاتىدۇ. كۆپىنچە ئەتىگەندە ئىچىڭ پۇشسا، كەچتە خوش بولۇپ قالىسەن. قايسى بىر كۈنى ساڭا قىيىنچىلىق يەتسە، ئەڭ ئۈستۈن بولغان ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئىشەنگىن! بېشىڭغا بىر قازا كەلسە قايغۇرما، ئاللاھنىڭ يوشۇرۇن مېھرىبانلىقى كۆپ، ئادەم بالىسى ئۈچۈن قايغۇ بەك ئېغىر ۋە قىيىن ھېسابتۇر. شۇنداق بولسىمۇ، ھەر ئېغىرلىقنىڭ تېگىدە بىر يەڭگىللىك ۋە بىر تۈرلۈك پايدا بولغانلىقىدىن قايغۇلارمۇ پايدىسىز ئەمەس. غەم ــ قايغۇ، مۇسىبەت سەۋەبى بىلەن ئادەمنىڭ ئەخلاقى تۈزۈلىدۇ، كۆڭلى ياخشىلىنىدۇ، ئەقلى زىيادە بولىدۇ.»

غەم ــ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەملەر قانچە چوڭ بولسا بولسۇن، قورقۇنچلار ۋە لەززەتلەر ھەر قانچە ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ تۇرسا تۇرسۇن، بەندىنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا ۋەزىپىسى، نارازىلىق بىلەن تىل ئۇزىتىش ياكى ئۈمىدسىزلىنىش ئەمەس، بەلكى «مېنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئىشلاردا ياخشىلىق باردۇر» دەپ مۇشۇ ھەدىستىكى دۇئانى ئوقۇش، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سېخىيلىقىدىن ساۋاب ۋە ياخشىلىق ئۈمىد قىلىپ تۇرۇشتۇر.

مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ شۇم خەۋەر ئاڭلىغاندا ﴿**قَالُوا إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ**﴾ دېگىنى ئاڭلىنىدۇ. مۇنداق دېيىش ئۆزى ئوقۇماي باشقىلارنىڭ ئوقۇغانلىرىنى ھېكايە قىلىش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «**قَالُوا**» (ئۇلار دېدى) نى قوشماي، ﴿**إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ**﴾ دەپ ئوقۇش كېرەك.

## 21 ـ ھەدىس: ۋىجدان تىوغرىسىدا

**إِذَا حَاكَ فِيْ نَفْسِكَ شَيْءٍ فَدَعْهُ.** (مسند أحمد)

ۋىجدانىڭنى ئازاپلايدىغان ئىشنى قىلما، تاشلا!

كۆڭۈل تارتمىغان، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قىلغان ئىشلار كۆپىنچە ھاللاردا ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ كۆڭۈل توختىمىغان، ۋىجدان راھەت بولمايدىغان ئىشلارنى قىلماي، يۈتۈنلەي تاشلاشقا بۇيرۇغان بولسا كېرەك. لېكىن بۇ بۇيرۇق ھەممە كىشىگە ئەمەس، بەلكى ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىيالىغۇدەك، ئىككى زىياننىڭ يەڭگىلرەكىنى ئۆلچىيەلىگۈدەك ئەقلى بار ئادەملەرگە قارىتىلغاندۇر.

**وعن مُسْلِمَ بْنَ مِشْكَمٍ قَالَ سَمِعْتُ الْخُشَنِيَّ يَقُولُ قُلْتُ يَا رسول الله أَخْبِرْنِي بِمَا يَحِلُّ لِي وَيُحَرَّمُ عَلَيَّ قَالَ فَصَعَّدَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَصَوَّبَ فِيَّ النَّظَرَ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْبِرُّ مَا سَكَنَتْ إِلَيْهِ النَّفْسُ وَاطْمَأَنَّ إِلَيْهِ الْقَلْبُ وَالْإِثْمُ مَا لَمْ تَسْكُنْ إِلَيْهِ النَّفْسُ وَلَمْ يَطْمَئِنَّ إِلَيْهِ الْقَلْبُ وَإِنْ أَفْتَاكَ الْمُفْتُونَ.**

مۇسلىم ئىبنى مىشكەم خۇشەنىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ماڭا ھالال ۋە ھارام ئىشلارنى دەپ بەرگىن،ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئىنچىكىلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن: ياخشىلىق كۆڭۈلۈڭ توختالغان ۋە قەلبىڭ رازى بولغان ئىشتۇر. گۇناھ بولسا، گەرچە كىشىلەر ئۇنى قىلىشقا ھەر قانچە رۇخسەت قىلسىمۇ، كۆڭلۈڭ توختالمىغان، قەلبىڭ خاتىرجەم بولالمىغان ئىشتۇر.

بۇ ھەدىسمۇ شۇنداق كامىللىققا ئىگە بولغانلارغا قارىتا ئېيتىلغان بولسا كېرەك. كۆڭلىنى قاساۋەت باسقان، ئەمەل ـ ئىبادەتتىن لەززەت ئالالمىغان ئادەملەرنىڭ ۋىجدانلىرى قوبۇل قىلغان ـ قىلمىغاننىڭ ئەھمىيىتى يوق. ئەڭ توغرىسىنى جانابى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

# 22 ـ ھەدىس: سىر ساقلاش توغرىسىدا

**إِذَا حَدَّثَ الرَّجُلُ الْحَدِيثَ ثُمَّ الْتَفَتَ فَهِيَ أَمَانَةٌ.** (أبي داود في كتاب الأدب)

بىر كىشى (مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن) گەپ قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيان ـ بۇيانغا قارىسا، ئۇ گەپ ئامانەت (يەنى ئۇ سۆز سىر بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنىڭ باشقا كىشىگە دېيىشى خىيانەت) تۇر.

سۆزلىگۈچى گەرچە: «بۇ سۆز ئامانەت، بۇنى ھېچكىمگە دېمەڭ!» دېمىسىمۇ، سۆزلىگەندە ئۇياق ـ بۇياققا قارىغانلىقى باشقا كىشىنىڭ ئاڭلىشىنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان سىر (مەخپىيەتلىك) لارنى — مەيلى ئۆزىنىڭ ياكى باشقىسىنىڭ سىرى بولسۇن، بولۇپمۇ ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى سىرلارنى كىشىگە ئېيتىش يامان ئىش بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىدا ھارامدۇر. ئىمام مۇسلىم ئەبۇ سەئىدىلخۇدرىدىن: «ئامانەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭى نىكاھلىق ئەر بىلەن خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سىردۇر» دېگەن مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

شۇنىڭغا قارىغاندا ئاشۇنداق خۇسۇسىي سىرلارنى پاش قىلغۇچى ئەر ـ خوتۇن ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى چوڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىدۇ. «سىر» مەخپىيلىكى داۋاملاشقان ئەھۋالدا سىر بولۇپ، كىشىلەرگە سۆزلەنگەندىن كېيىن «سىر» بولۇشتىن چىقىدۇ. ھەد ۋە تەزىر ئۇرۇشتەك ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولغان ياكى يوشۇرغاندا كىشىگە زىيان كېلىش ئېھتىمالى بولمىغان سىرلارنى پاش قىلماسلىق لازىم. ئەمما يوشۇرۇش سەۋەبىدىن بىرەر كىشىگە زەرەر يېتىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇ سىرنى تېگىشلىك ئورۇنغا (ئىسلام قانۇن مەھكىمىلىرىگە) مەلۇم قىلىش كېرەك.

ئادەملەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالايى ـ قازا، پالاكەتلەرنىڭ تولىسىنىڭ «سىر» نىڭ پاش قىلىنىشى سەۋەبىدىن كېلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەۋەرلەردە: «**اسْتَعِيْنُوا عَلَى قَضَاءِ حَوَائِجِكُم بِالكِتْمَانِ فَإِنَّ كُلَّ ذِيْ نعمة مَحْسُودَةٍ**» «يوشۇرۇش ئارقىلىق ھاجىتىڭلارنى ھەل قىلىشقا تىرىشىڭلار! چۈنكى ھەر قانداق نېمەت ئىگىسى ھەسەد قىلىنغۇچىدۇر» يەنى نېمەت بېرىلگەن كىشىگە ئادەملەر چىدىماي قالىدۇ دېمەكتۇر.

ھەزرىتى ئەلىدىن: «**سِرُّكَ أَسِيْرُكَ فَإِذَا تَكَلَّمْتَ بِه صِرْتَ أَسِيْرَهُ**» «سىرىڭ ساڭا مەھكۇمدۇر، ئەگەر ئېيتىۋەتسەڭ، سەن ئۇنىڭغا ئەسىر بولۇپ قالىسەن» دېگەن پايدىلىق نەسىھەت رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ھەركىم ئۆز سىرىنى ئۆزى ياخشى ساقلىشى لازىم. ئۆزى ساقلىيالماي باشقا بىرسىگە سۆزلىسە، ئاندىن كېيىن باشقىلارغا تارالسا، بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ كىشىگە كايىسا، خاپا بولسا توغرا ئەمەس، بۇ توغرىدا ئەرەب شائىرى:

**إِذَا المَرْءُ أَفْشىَ سِرّه بِلِسَانِهِ، وَلاَمَ عَلِيهِ غَيْرُهُ فَهُو أَحْمَقٌ.**

**إِذَا ضَاقَ صَدْرُ المَرْءِ عَنْ سِرِّ نَفْسِهِ، فَصَدْرُ الذِي يَسْتَوْدِعُ السِّر أَضْيَقٌ.**

«ئىنسان ئۆز مەخپىيەتلىكىنى ئۆز ئاغزى بىلەن كىشىگە ئېيتىپ بولۇپ، باشقىسىغا مالامەت قىلسا، ئۇ كىشى ئەخمەق. ئادەمنىڭ دىلى ئۆز سىرىنى ساقلاشقا تار كەلسە، كىشىنىڭ سىرى ئامانەت قىلىنغان دىل تېخمۇ تار كېلىدۇ.»

بەزى ئەقىللىق كىشىلەر: «داھى كىم؟» دېگەن سوئالغا «سىر ساقلىغۇچى ئادەم» دەپ جاۋاب بەرگەن. «ئازاد دىللار سىرلارنىڭ خەزىنىسىدۇر» دېگەن سۆز بەكمۇ مەشھۇردۇر. بۇ توغرىدا ئەقىللىق مەجنۇن:

وَ مُسْتَخْبِر عِن سِر لَيْلِى تَرَكْتُه، بِعُمْياَءٍ مِنْ لَيْلَى بِغَيْرِ يَقَيْنٍ.

يَقُولُونَ أَخْبِرنَا فَأَنتَ أَمِيْنَها، وَمَا أَنَا إِنْ أَخْبَرتَهُم بِأَمِينٍ.

«لەيلىنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېگۈچىنى تاشلىدىم. لەيلىنىڭ سىرىنى پەقەتلا بىلدۈرمىدىم، ئۇلار: «سەن ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشىسى بولغاندىن كېيىن بىزگە خەۋەر بەرگىن» دەيدۇ. ئەگەر مەن ئۇنىڭ سىرىنى ئۇلارغا دېسەم، لەيلىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولالمايمەن» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىدى.

## 23 ـ ھەدىس: يوشۇرۇن ھالدا قىلىنغان گۇناھ توغرىسىدا

**إِذَا خَفِيْتِ الخَطِيْئَةُ لاَ تَضُرُّهُ إِلاَصَاحِبُها وَإِذَا ظَهَرَتْ فَلَمْ تُغِيِّرْ، ضَرَّتِ العَامَّةَ.** (الجامع الصغير)

يوشۇرۇن ھالدا قىلىنغان گۇناھ (خاتالىق) ئىشلارنىڭ زىيىنى گۇناھ سادىر قىلغۇچىغىلا بولىدۇ. ئەمما (گۇناھلار) ئاشكارا ھالدا قىلىنىپ، (توسۇشقا كۈچى يېتىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن) مەنئى قىلىنمىسا، (بۇ چاغدا ئۇنىڭ زىيىنى ئىگىسىگىلا بولماي، بەلكى) باشقىلارنىڭ ھەممىسىگە بولىدۇ.

گۇناھ ئىشلار ئاشكارا بولۇشقا باشلىغاندا، ئۇنى چەكلەش ئۈچۈن تىرىشىش، شۇ ئىشقا چامى يېتىدىغان ئادەملەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئەگەر چامى يېتىدىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ كۈچى يەتكەن مىقداردا شۇ گۇناھنىڭ تۈگىشى ۋە ئازىيىشى ئۈچۈن تىرىشماي سەل قارىسا، شۇ گۇناھقا رازى بولغان ۋە شېرىك بولغان ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ. «سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنى بىر ياكى ئىككى ئادەم ئۆلتۈرگەن تۇرۇپ، ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن پۈتۈن قەۋمنى ھالاك قىلدى؟» دەپ سورىغۇچىلارغا، ھەسەن بەسرىنىڭ: «باشقىلار شۇنىڭغا رازى بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

**عَنْ أَبِي بَكْرٍ سَمِعْتُ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنَّ النَّاسَ إِذَا رَأَوْا الظَّالِمَ فَلَمْ يَأْخُذُوا عَلَى يَدَيْهِ أَوْشَكَ أَنْ يَعُمَّهُمْ اللَّهُ بِعِقَابٍ.**

ئىمام تىرمىزى ئەبۇ بەكرى سىددىق ھەزرەتلىرىدىن: «خەلق زۇلۇم قىلغۇچىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتمەي ئىختىيارىغا قويىۋەتسە، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ھەممىسىگە چۈشۈشى مۇمكىن» دېگەن مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

بۇنىڭغا قارىغاندا ئاللاھنىڭ: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا عَلَيْكُمْ أَنفُسَكُمْ لَا يَضُرُّكُمْ مَنْ ضَلَّ إِذَا اهْتَدَيْتُمْ**﴾ «ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»[10] دېگەن ئايىتى زۇلۇمغا ۋە بۇزۇقلۇققا قارشى مۇمكىن بولغان ۋە شەرىئەت بۇيرۇغان چارىلەرنى ئىشقا سېلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋالغا قارىتا بولىدۇ. باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئەسلىدە شۇ ئىشقا چامى يېتىدىغان كىشىلەرنىڭ كۈچىگە لايىق قىلىشى كېرەك بولغان ئەمەللەردىندۇر.

﴿**وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنْ الْمُنْكَرِ وَأُوْلَئِكَ هُمْ الْمُفْلِحُونَ**﴾ «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[11] پەرز بولغان ئىشلاردا ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇش پەرز بولۇپ، مۇستەھەب ئىشلاردا مۇستەھەبدۇر.

---

[10] مائىدە سۈرىسى 104 ـ ئايەت.

[11] ئال ئىمران سۈرىسى 104 ـ ئايەت.

ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نەرسىلەر شەرتتۇر:

1 ــ ئىلىم؛ ئىلمى بولمىغان كىشى شۇ ئىشنىڭ شەرئىيتىكى ھۆكمىنى بىلەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىغىر خاتالىشىدۇ. ئاردا زىددىيەت ۋە نەپرەتنىڭ كۆچىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

2 ـ ئۆزى تەقۋا بولۇش؛ پاسىق ۋە ئېتىبارسىز كىشىلەرنىڭ گېپىنىڭمۇ ئېتىبارى بولمايدۇ.

3 ـ ئەخلاقلىق بولۇش؛ چۈنكى ئەخلاقى گۈزەل بولمىغان، بولۇپمۇ ناھەق، تەرەپباز بولغان ئادەم ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇشقا دائىر شەرئىيەت كۆرسەتكەن تەرتىپلەرنى بۇزۇپ، بۇزۇق ئادەملەرنىڭ تېخىمۇ بۇزۇلۇشىغا ۋە يولدىن چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ھەق تائالا پىرئەۋن ئالدىغا بېرىش ئالدىدىكى مۇسا بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا: ﴿فَقُولَا لَهُ قَوْلًا لَيِّنًا لَعَلَّهُ يَتَذَكَّرُ أَوْ يَخْشَى﴾ «ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن»[12] دېدى ۋە ياخشى ئىشقا بۇيرۇشتىكى مۇھىم بىر ئاساسنى ئۆگەتتى. ئۆزىنىڭ شەخسىي ئاچچىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش نامىنى ئىشلىتىش ئەمەلىيەتتە، ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇش بولماي، بەلكى شەكلىنى ئۆزگەرتىش بولغىنى ئۈچۈن، ئىسلام دىنىغا خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ توغرىدا مەشھۇر بىر تەمسىل بار بولۇپ، تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

بىر قەۋم ياغاچتىن ياسالغان بۇتقا ئىبادەت قىلاتتى، توغرا ئىبادەت قىلىدىغانلاردىن بىرسى غەيرەتكە كېلىپ، قولىغا پالتا ئېلىپ، شۇ ياغاچ بۇتنى چاناش ئۈچۈن ماڭدى. يولدا شەيتان ئالدىغا كېلىپ ئابىدنى توسقىلى تۇردى، ئابىد بىلەن شەيتان ئېغىزاكى قارشىلىشىشتىن ئۆتۈپ، قول ئىشلىتىپ ئۇرۇشقىلى باشلىدى. ئابىد شەيتاننى ئاستىغا بېسىپ، كۆكرىكىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ، بېلىدىن پالتىسىنى ئېلىپ شەيتاننىڭ بوينىنى ئۇزۇپ تاشلاشقا تەييار بولدى، شەيتان بەك يالۋۇردى. نەچچە خىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆزرە ئېيتتى ۋە: «مېنى قويۇپ بەرگىن، ياغاچنىمۇ كەسمە، ھەر كۈنى ساڭا بىر ئالتۇن ئەكېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلاي، كەچتە ناماز ئوقۇغىنىڭدىن كېيىن جاينامازنىڭ بىر تەرىپىنى ئۆرۈسەڭ، ئاستىدىن بىر ئالتۇن تاپىسەن. بۇ ئىش سەن ئۆلگۈچە داۋام قىلىدۇ» دېدى. بۇ سۆز ئابىدقا ياقتى، شەيتاننى قويۇۋەتتى. كەچتە ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن جاينامازنىڭ بۇرجىكىنى كۆتۈردى ۋە ئالتۇننى ئالدى. بىر قانچە كۈن مۇشۇ ئەھۋال داۋام قىلغاندىن كېيىن ئالتۇن چىقماس بولدى. ئالتۇندىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئابىد يەنە بۇتنى كەسكىلى ماڭدى. بۇ قېتىممۇ شەيتان ئۇچراپ دەسلەپتە تىللاشقىلى، ئاخىرى ئۇرۇشقىلى باشلىدى. ئاخىرى شەيتانغا تەڭ كېلەلمىدى. شەيتان ئابىدنى ئاستىغا باستى، كۆكرىكىگە مىنىپ ئولتۇردى. ئابىد بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ: «بىرىنچى قېتىمدا سەن ماڭا تەڭ كېلەلمىگەن ئىدىڭ، ئەمما بۇ قېتىم مەن ساڭا تەڭ كېلەلمىدىم، بۇنىڭدا نېمە سەۋەب بار؟» دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن شەيتان: «بۇنىڭ سەۋەبى ئۇچۇق، سەن بىرىنچى قېتىمدا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ۋە دىن يولىدا غەيرەت قىلىپ چىققان ئىدىڭ، شۇڭا ئۇ چاغدا ساڭا قارشى تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم جاينامازنىڭ تېگىدىن ئالتۇن چىقمىغانلىقىنىڭ ئاچچىقىدا، شەخسىي پايداڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدىڭ. ئاللاھ تائالا رازى بولمايدىغان يول بىلەن چىقتىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ساڭا ياردەم قىلمىدى» دەپ جاۋاب بەردى.

---

[12] تاھا سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ تەرتىپ ـ قائىدىلىرى ئەخلاق كىتابلىرىدا ئوچۇق سۆزلىنىدۇ. بىز 303 ـ ھەدىسنىڭ شەرھىدە بۇ ھەقتە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتىمىز.

# 24 ـ ھەدىس: رىزىقنى چىڭ ساقلاش توغرىسىدا

**إِذَا سَبَّبَ اللهُ تَعَالَى لِأَحَدِكُمْ رِزْقاً مِنْ وَجْهٍ، فَلاَ يَدَعْهُ حَتَّى يَتَغَيَّرَلَهُ.** (سنن أبي داود)

ئاللاھ تائالا بىرىڭلارغا بىرەر تۆرلۈك سەۋەب بىلەن رىزىق بېرىپ كەلگەن بولسا، (زىيانلىق) ئۆزگىرىش بولماي تۇرۇپ شۇ سەۋەبنى تاشلىمىسۇن.

مەسىلەن، بىرەر تۆرلۈك سودا ـ تىجارەت ياكى قول ھۈنىرى سەۋەبىدىن كۈن ئۆتكۈزگۈچىلىك رىزقى كېلىپ تۇرسا، ئۆزى ۋە ئائىلىسى ھاجەتمەنلىكتىن قۇتۇلسا، شۇ كەسپىنى تاشلىمىسۇن. بىرەر مەنسەپ ۋە خىزمەت سەۋەبى بىلەن (ئىسلام ھۆكۈمىتى خادىملىقى سەۋەبىدىن) دۇنيالىقى ئوبدان ئۆتۈپ تۇرغاندا، تېخىمۇ كۆپرەك بايلىق تېپىش خيالى بىلەن شۇ مەنسەبتىن ياكى خىزمەتتىن ئىستېپا بەرمىسۇن، ئاسماندىكى غازغا گول بولۇپ، قولىدىكى قۇشقاچنى قويۇۋېتىش ئەقىلسىزلىقتۇر. كېلىشى چوقۇم بولمىغان كۆپ نەرسىدىن ئاز بولسىمۇ، كېلىپ تۇرغان نەرسە ياخشىراق. «بىر ئىشتا بەرىكەت بېرىلگەن كىشى شۇ ئىشقا يېپىشسۇن»، «بىر نەرسىدە پايدا تاپقان كىشى شۇنىڭغا يېپىشسۇن»13 دېگەن ھەدىسلەر بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ نەسىھەتى بولسا، چوقۇم بىر نەرسە ئۈچۈن يەنە بىر نەرسىنى تاشلاشتىن توسۇش ئەمەستۇر. مەسىلەن: ئايدا ئەللىك سوم ئايلىق ئالىدىغان كىشى، ئايدا يۈز سوم ئېلىشقا تەيىنلەنگەندە ياكى بۆگۈن بىر سودا سەۋەبى بىلەن كېلىدىغان پايدىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ ھەسسىسى ئىككىنچى بىر تۆرلۈك نەرسىنى ئېلىپ ـ سېتىشتا بىر يولى كېلىدىغان بولسا، بۇرۇنقى سودىنى، بۇرۇنقى ئورۇننى تاشلىماق دېگەنلىك ئەمەس.

---

[13] سۈنەن ئىبنى ماجە.

## 25 ـ ھەدىس: ساۋابلىق ئىشلاردىن شاتلىنىش، گۇناھ ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرۇش توغرىسىدا

**سَرَّتْكَ حَسَنَتُكَ وَسَاءَتْكَ سَيِّئَتُكَ فَأَنْتَ مُؤْمِنٌ.** (مسند أحمد)

ياخشى ئىشلىرىڭ شادلاندۇرۇپ، يامان ئىشلىرىڭ بىئاراملىق ھېس قىلدۇرسا، سەن مۆمىن ھېسابلىنىسەن.

ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلار ئۈچۈن خۇشال بولۇش، ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسىلەر سەۋەبىدىن قايغۇرۇش ۋە پۇشايمان قىلىش ئەلۋەتتە «مۆمىنلىك» نىڭ ئالامىتىدۇر. چۈنكى ئىمانى يوق كىشى ئۈچۈن ياخشىلىق بىلەن ئەسكىلىك ئارىسىدا دېگەندەك پەرق يوق. ئىمانى بار كىشى ئۆزىنىڭ قىلىپ سالغان ئەسكى ئىشلىرىغا قايغۇرۇشى ۋە ۋىجدانىنىڭ ئازابلىنىشى، قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى ئويلاپ ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە ئۈمىدىنىڭ كۈچلىنىشى ۋە تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئىش قىلىشقا تىرىشىشى تەبىئىيدۇر، لېكىن قىلغان ياخشى ئىشلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ، ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىن بەندىلەردىن ساناپ ياكى ئۆز كۆڭلىدە بولسىمۇ: «مەن خېلى ياخشى ئىشلارنى قىلدىم» دېگەندەك خىياللارنى قىلىپ يۈرۈش توغرا ئىش ئەمەس، ئەدەبسىزلىك ۋە بىمەنىلىكتۇر. بۇنىڭدىن بىخەۋەر بولۇش ياخشى ئەمەس.

# 26 ـ ھەدىس: قوشنىلارنىڭ گۇۋاھلىقى توغرىسىدا

**إِذَا سَمِعْتَ جِيرَانَكَ يَقُولُونَ قَدْ أَحْسَنْتَ فَقَدْ أَحْسَنْتَ وَإِذَا سَمِعْتَهُمْ يَقُولُونَ قَدْ أَسَأْتَ فَقَدْ أَسَأْتَ.** (سنن ابن ماجة)

ئەگەر قوشنىلىرىڭنىڭ «ياخشى قىلدىڭ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىساڭ، سەن ياخشى ئادەمسەن. ئەگەر قولۇم ـ قوشنىلىرىڭنىڭ «يامان قىلدىڭ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىساڭ، سەن «يامان» ئادەمسەن.

كىشى ئۆزى ھەققىدە خاتا تونۇشتا بولۇشى، ئۆز ئەيىبلىرىنى كۆرمەسلىكى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئەھۋالىنى بىلىشنى خالىغۇچىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۇسۇل، كىشىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشتۇر. ئەگەر كىشىلەر «ياخشى» دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، خۇشال بولۇش ۋە شۇ ياخشىلىقنى يوقاتماسلىققا تىرىشىش، ئەگەر كىشىلەر «ئەسكى ئادەم» دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، شۇ ئوسالل‍ىقنى تۈزىتىش كېرەك. ھەركىمنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزىنىڭ قوشنىلىرى ۋە ئۆز ئارا مۇئامىلە قىلىشقان كىشىلەردەك ياخشى بىلىدىغانلار يوق. شۇڭا بۇ توغرىدا قوشنىلارنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ھەر كىم ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كەلسە، قوشنىلىرىنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالسۇن. ئەمما گۇۋاھلىق بەرگۈچى قوشنىلارنىڭ ياخشى، ۋىجدانلىق ئادەملەر بولۇشى شەرت. گېپىنىڭ ئەتىۋارى يوق، پايدا يەتكۈزگەننى ياخشى، پايدا يەتكۈزمىگەننى يامان دەيدىغان، ۋىجدانى يوق ئادەملەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق. شۇنداق بولسىمۇ، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش، قەدرىنى بىلىش ـ بىلمىسە قوشنىلىق ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن مۇھىم بىر ۋەزىپىدۇر.

## 27 ـ ھەدىس: ۋابا كېسىلىدىن قېچىش توغرىسىدا

**إِذَا سَمِعْتُمْ بِالطَّاعُونِ بِأَرْضٍ فَلَا تَدْخُلُوهَا وَإِذَا وَقَعَ بِأَرْضٍ وَأَنْتُمْ بِهَا فَلَا تَخْرُجُوا مِنْهَا.** (صحيح البخاري)

بىر يەردە ۋابا كېسەللىكى بارلىقىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ يەرگە كىرمەڭلار! ئەگەر ئۆزۈڭلار بار يەردە ۋابا كېسىلى پەيدا بولسا، ئۇ يەردىن باشقا يەرگە چىقماڭلار!

ۋابا، بىزنىڭ يۇرتىمىزدا «ئاغرىق سىلاق» ئىسمى بىلەن تونۇلغان يۇقۇملۇق كېسەلدۇر. ۋابا بەك قەدىم زاماندىن بېرى دۇنياغا تارقالغان بولۇپ، ئەرەبلەرگە مەلۇم ئىدى. ئىسلام تارىخىدا تىلغا ئېلىنىدىغان ۋابالارنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋە قورقۇنچلۇقراقى تارىخى ھىجرىنىڭ 18 ـ يىلى (مىلادى 640 ـ يىلى)، شام مەملىكىتىدە پەيدا بولغان «ئەمۋاس ۋاباسى» دۇر.

مەشھۇر ساھابىلەردىن ئەبۇ ئۇبەيدە، مۇئاز، يەزىد ئىبنى ئەبۇسۇفيان، ھارىس ئىبنى ھىشام ۋە باشقىلار مۇشۇ خىل ۋابادا ۋاپات بولۇپ كەتكەن.

ۋابا — مەخسۇس مىكروپلار ۋاستىسى بىلەن تارقىلىدىغان مەلۇم بىر كېسەل بولسىمۇ، بۇ ھەدىستىكى ۋابا دېگەن سۆز، مىكروپلار ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارنى ھالاك قىلىدىغان ھەر قانداق كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (قىزىل، چېچەك، تەپ ۋە باشقىلار). بۈگۈنكى كۈندە يۇقۇملۇق كېسەللەر ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك چارىلەر تېپىلغان بولسىمۇ، شۇ چارىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ ھەدىستە ئېيتىلغاندەك ساق كىشىلەر بىلەن كېسەللەرنى قوشماسلىق، مۇمكىن قەدەر ئايرىپ تۇرۇشتۇر. بەدەن، كىيىم، ئورۇن ۋە ھاۋانىڭ پاكىز، سۈزۈك بولۇشىمۇ، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ تارقالماسلىقى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھەزرەتلىرى خەلقنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە ئورۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ھىجرىيەنىڭ 18 ـ يىلى رەبىئۇل ئاخىر (3 ـ ئاي) دا مەدىنىدىن شام مەملىكىتىگە قاراپ يولغا چىقتى. شۇ يىلى مۇھەررەم، سەپەر ئايلىرىدا كۈچلۈك ۋە قورقۇنچلۇق بولغان ۋابا كېسىلى بېسىقىپ قالغاچقا ھەزرىتى ئۆمەرگە: «ئەمدى ۋابا كېسىلى بېسىلدى، قورقۇنچ تۈگىدى» دەپ خەۋەر بېرىلگەن ئىدى. لېكىن ھەزرىتى ئۆمەر مەدىنىدىن يولغا چىققاندىن كېيىن ۋابا تېخىمۇ كۈچەيدى. ھەزرىتى ئۆمەر «تەبۇك»قا يېقىن يەردە «سۇرغ» ئىسىملىك كەنتكە كەلگەندە، شام ئەسكىرىنىڭ باشلىقى بولغان ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ھەزرىتى ئۆمەرنى قارشى ئالدى ۋە شامدا ۋابانىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. شۇچاغدا ھەزرىتى ئۆمەر يۇقىرىدىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن شامغا كىرمىدى ۋە ئارقىسىغا يېنىپ مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. «ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدىن قاچامسەن؟» دېگۈچىلەرگە: «ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن كېتىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش ۋە تېبىبىي قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش كېرەكلىكىنى مۇشۇ ھەدىس شەرىپتىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىمام مۇسلىم رەسۇلۇللاھنىڭ بەنۇ سەقىف تەرىپىدىن كەلگەن ئەلچىلەر ئىچىدە كېسەللى بار بىر ئادەم بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، شۇ كىشىگە ئادەم ئەۋەتىپ «سېنىڭ بەيئىتىڭ شۇ ھالەتتە مەقبۇل، ئەمدى قايتىپ كەتكىن!» دەپ خەۋەر ئەۋەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. (سەھى مۇسلىم 143 ـ ھەدىسكە قارالسۇن.)

## 28 ـ ھەدىس: خاتالىقتا رازىلىق بىلدۈرگەن ۋە بىلدۈرمىگەنلەر توغرىسىدا

**إِذَا عُمِلَتْ الْخَطِيئَةُ فِي الْأَرْضِ كَانَ مَنْ شَهِدَهَا فَكَرِهَهَا وَقَالَ مَرَّةً أَنْكَرَهَا كَانَ كَمَنْ غَابَ عَنْهَا وَمَنْ غَابَ عَنْهَا فَرَضِيَهَا كَانَ كَمَنْ شَهِدَهَا.** (سنن أبي داود)

شەرىئەتتە مەنئى قىلىنغان يامان بىر ئىش سادىر بولغان يەردە تۇرسىمۇ، كۆڭلىدە رازى بولمىغۇچىلار بولسا، باشقا يەردە تۇرغان ۋە شۇ ئىشنىڭ قىلىنغىنىنى بىلمىگەن كىشىگە ئوخشاشتۇر. ئۆزى باشقا يەردە بولسىمۇ، شۇ يامان ئىشنىڭ قىلىنغىنىغا كۆڭلىدە رازى بولغۇچىلار بولسا، شۇ ئىشنى بىللە قىلغۇچىلارغا ئوخشاشتۇر.

شەرىئەتتە چەكلەنگەن يامان ئىشلار يۈز بەرگەندە، بەندىلەر شۇ ئىشنى قىلغۇچىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، تىللاشمىغان ئاساستا ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈرسە بولىدۇ. مۇمكىن بولسا، ئاغزاكى نارازىلىق بىلدۈرۈپ تۇسۇس، ئەگەر ئۇنىڭغا چامى يەتمىسە، كۆڭلىدە نارازىلىق بىلدۈرۈش لازىم.

# 29 ـ ھەدىس: يامانلىقنى يويۇش ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

**إِذَا عَمِلْتَ سَيِّئَةً فَأَتْبِعْهَا حَسَنَةً تَمْحُهَا**. (مسند أحمد)

ئەگەر ئىنسانچىلىقتا بىر گۇناھ قىلىپ سالساڭ، ئۇنىڭدىن كېيىنلا بىر ياخشى ئىش قىل! ئۇ ياخشى ئىش بۇرۇنقى گۇناھ ئىشىڭنى يوقىتىدۇ ۋە تۈگىتىدۇ.

بۇنىڭدىن مەقسەت، گۇناھ ئىش قىلىپ سالغان بەندىلەرنى تەۋبىگە چاقىرىش ياكى قانداقلا بولسا، بىر ياخشى ئىش قىلىپ گۇناھىنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرۈشتۇر. مەسىلەن، شەرىئەتتە مەنئى قىلىنغان سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاش، گۇناھ ئىش قىلىنغان يەردە تۇرۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئېتىكاپ نىيىتى بىلەن مەسجىدتە ئولتۇرۇش، كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ سالغاندىن كېيىن، شۇ كىشىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىش قاتارلىقلار.

خۇلاسىلىغاندا، ھەر قانداق بىر گۇناھنى ئۆز تۈرىدىكى بىر ياخشىلىق بىلەن يۇيۇش لازىم. جانابى ھەق تائالانىڭ: ﴿**إِنَّ الحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّآتِ**﴾ «شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ»[14] دېگەن ئايىتىمۇ بۇنىڭغا يېقىن تەپسىر قىلىنىدۇ.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ماڭا بىر نەسىھەت قىلساڭ!» دەپ تەلەپ قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى مۇشۇ ھەدىسنى ئېيتقان ئىدى. ئەبۇ زەرگە قىلغان بۇ تاپشۇرۇق ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۈممەتكە قارىتىلغاندۇر. **عَنْ مُعَاذٍ أَنَّ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَهُ يَا مُعَاذُ أَتْبِعْ السَّيِّئَةَ بِالْحَسَنَةِ تَمْحُهَا وَخَالِقْ النَّاسَ بِخُلُقٍ حَسَنٍ**. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ھەزرىتى مۇئاز ئىبنى جەبەلگە: «يامانلىققا ياخشىلىقنى ئەگەشتۈرگىن، ئۇ يامانلىقنى يۇيىدۇ، كىشىلەرگە ياخشى، گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن!» دېگەن سۆزىمۇ شۇ مەزمۇندىدۇر.

---

[14] ھەدىد سۈرىسى 144 ـ ئايەت

# 30 ـ ھەدىس: مال ـ مۈلۈكتىن پايدىلىنىش توغرىسىدا

**إِذَا كَانَ لَكَ مَالٌ فَلْيُرَ عَلَيْك**. (سنن النسائي)

ئەگەر مېلىڭ بولسا، سەندە ئۇ مالنىڭ نىشانى كۆرۈلسۇن.

بىر ساھابە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ھەم كونا ھەم كىر كىيىم بىلەن كىرگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى، ئىقتىسادى بار ـ يوقلىقىنى سورىدى. ئۇ ساھابە ئۆزىنىڭ پۇل ـ مېلى بارلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئۇ ساھابىگە مۇنداق دېدى: «ئەگەر مېلىڭ بولسا، سەندە تەسىرى كۆرۈلسۇن». ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئۇ ئادەمنىڭ خار ـ زەبۇن يۈرۈشىنى ياقتۇرمىغان ۋە ئاللاھ بەرگەن نېمەتنىڭ نىشانىنىڭ كۆرۈلۈشىنى ئارزۇ قىلغان (چىرايلىق كىيىم كىيىشىنى تەلەپ قىلغان) بولىدۇ. ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە قارىغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن نېمىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن قىممەت باھالىق كىيىم كىيىشنىڭ شەرئەتتە چەكلەنمىگەنلىكىنى، تەكەببۇرلۇق ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش مەقسەت قىلىنغاندا، قىممەت پۇللۇق كىيىم كىيىشمۇ، ئەرزان كىيىم كىيىشمۇ تەنقىدلەشكە تېگىشلىك ناتوغرا ئىشتۇر. بۇنى تىل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق بولۇپ، نىيەت ھېسابقا ئېلىنىدۇ. ھەركىم ئۆز نىيىتىنى ئۆزى بىلىشى لازىم (نىيەت مەسىلىسى 1 ـ ھەدىستە بايان قىلىندى).

ئىمام ئەبۇ داۋۇد: **أَصْلِحُوْا لِبَاسَكُمْ** يەنى «كىيىمىڭلارنى تۈزەشتۈرۈپ كىيىڭلار!» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ (مۇسنەد ئىمام ئەھمەد).

## 31 ـ ھەدىس: ئاياللىرىغا ئادىل مۇئامىلە قىلمىغان كىشى توغرىسىدا

**إِذَا كَانَ عِنْدَ الرَّجُلِ امْرَأَتَانِ فَلَمْ يَعْدِلْ بَيْنَهُمَا جَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَشِقُّهُ سَاقِطٌ.** (سنن الترمذي)

بىر كىشىنىڭ نىكاھىدا ئىككى خوتۇنى (ياكى ئۈچ ـ تۆت) بولۇپ، (كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش، بىرگە بولۇش قاتارلىق ئىشلاردا باراۋەر،) ئوخشاش مۇئامىلە قىلمىسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى بىر يېنى پالەچ بولغان (ياكى قۇرۇغان) ھالدا خەلق ئالدىغا كېلىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تۆتكە قەدەر خوتۇن ئېلىش دۇرۇس بولسىمۇ، بۇ دۇرۇسلۇق شەرتسىز بولماستىن، بەلكى نۇرغۇن شەرتلىرى بار. زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا بىردىن ئارتۇق خوتۇن ئېلىشقا رۇخسەت بېرىدىغان شەرىئەت، ئەدەب ـ ئەخلاق نۇقتىسىدىن بۇ ئىشنى بەزى ۋاقىتتا بەزى كىشىلەر ئۈچۈن مەنئىي قىلىدۇ.

ھەر ھالدا كېسەللىك، تۇغماسلىق ياكى كۆيۈمسىزلىك، ئەخلاقسىزلىقتەك قۇسۇرلار (تېپىلغاندا رۇخسەت قىلىنىدۇ)، زۆرۈرىيەت بولمىغاندا ياكى قۇسۇرلىرى بولسىمۇ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شەرتلەر (ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش ــ ت) نى ئۆز جايىدا ئورۇنداشتا ئۆزىگە ئىشەنمىگەندە، خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئەگەر ھەر قانداق بىر سەۋەب بىلەن خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالغان بولسا، ئۇ چاغدا ھەممىدە تەڭ باراۋەر كۆرۈشكە تىرىشىش، رەسۇلۇللاھنىڭ نەسىھىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، قىيامەت كۈنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولماسلىق ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. پەقەت خوتۇن كىشى ئۆز رازىلىقى بىلەن (ئېرىنىڭ ياكى باشقا كىشىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئەمەس)، ئۆز ھەققىدىن ۋاز كەچسە ياكى باشقا كۈندىشىگە ئۆتۈنسە، بۇ چاغدا ئوخشاش كۆرۈش شەرت ئەمەس، لېكىن مەزكۇر خوتۇن ئۆزىنىڭ ئۆتۈنگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ كېيىندىن يېنىۋالسا، يەنە بالدۇرقىدەك ھەممىگە تەڭ، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش ۋاجىپتۇر.

## 32 ـ ھەدىس: ئۈچ كىشى بار يەردە ئىككىسىنىڭ مەخپىي سۆزلىشىشىنىڭ چەكلەنگەنلىكى

**إِذَا كُنْتُمْ ثَلَاثَةً فَلَا يَتَنَاجَى رَجُلَانِ دُونَ الْآخَرِ حَتَّى تَخْتَلِطُوا بِالنَّاسِ من أَجْل أَنْ يُحْزِنَهُ.** (صحيح البخاري)

ئۈچ كىشى بىر يەردە بولغان چېغىڭلاردا، ئىككىڭلار يوشۇرۇن سۆزلەشمەڭلار (چۈنكى ئۇنداق قىلىش يەنە بىر ھەمرايىڭلارنى قايغۇ ۋە گۇمانغا سالىدۇ). ئەگەر باشقا كىشىلەرنىڭ قوشۇلۇشى سەۋەبىدىن كۆپىيىپ كەتسەڭلار، ئۇ چاغدا ئىككىڭلارنىڭ مەخپىي گېپىڭلاردا زىيان يوق.

بىر ھەمراھىنى ئايرىپ قويۇپ ئىككى كىشىنىڭ يوشۇرۇن سۆزلىشىشى، سۆھبەت، ئۈلپەت ۋە ئۇبدان تۇرمۇش كەچۈرۈش ئەدەبلىرىگە خىلاپتۇر. ئۈچىنچى ھەمرايى بىلمەيدىغان تىل ياكى قانداقلا بىر خەت يېزىش ۋاستىسى بىلەن، ھەتتا ئىشارەت بىلەن سۆزلىشىشمۇ ئۇشبۇ چەكلىمە دائىرىسىگە كىرىدۇ. چوڭ يىغىلىشقا يىغىلغان ئادەملەرنىڭمۇ قۇلاقتىن ـ قۇلاققا پىچىرلىشىپ، گويا زور ئىشلارنى باشقۇرغۇچىلار ۋە مەخپىي ئەھۋاللارنى بىلىپ تۇرغۇچىلاردەك قىلىشىپ ئولتۇرۇشلىرى بولسا، تەربىيەسىزلىك ۋە بىپەرۋالىقتۇر.

بۇ ئىش ھاراممۇ ياكى مەكرۇھمۇ؟ بۇ توغرىدىكى ھۆكۈم ماكان، زامان ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ نەچچە تۈرلۈك بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، يامانلىق قىلىدۇ دەپ گۇمان قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئىككىسى ئايرىلىپ (قېشىدىكى بىرىدىن يوشۇرۇپ) مەخپىي سۆزلىشىشى ھارام بولۇپ، ئۇنداق ئىشلارغا ھېچ ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، قارىمايدىغان ئۈچىنچى كىشىنىڭ قېشىدا قالغان ئىككى كىشىنىڭ يوشۇرۇن سۆزلىشىشى مەكروھتۇر. ھەر ھالدا ھەمراھلىق، يولداشلىق ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش توغرىسىدا بېرىلگەن بۇ ھۆكۈم، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇممەتنى توغرا يولغا باشلاش ۋە بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېيتقان مۇھىم نەسىھىتىدۇر. مۇشۇ مەزمۇندا باشقا ھەدىسلەرمۇ بار.

# 33 ـ ھەدىس: قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى باشقىلارغا ئېيتماسلىق توغرىسىدا

**إِذَا لَعِبَ الشَّيْطَانُ بِأَحَدِكُمْ فِي مَنَامِهِ فَلَا يُحَدِّثْ بِهِ النَّاسَ.** (صحيح المسلم)

شەيتان قايسى بىرىڭلارنى چۈشۈڭلاردا ئېزىقتۇرسا، (ئويغانغاندىن كېيىن) ئۇنى كىشىلەرگە ئېيتمىسۇن.

قورقۇنچلۇق ۋە قالايمىقان چۈشلەر، كۈندۈزى ئويلاپ يۈرگەن نەرسىلەرنىڭ ئۇيقۇدىكى چاغدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ، بۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىدە: «شەيتاننىڭ ئويۇنىشى» دېيىلىدۇ. ئۇنداق چۈشلەرنىڭ راست بولۇش ئېھتىمالى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى سۆزلەپ يۈرۈش بىمەنىلىكتۇر. قورقۇنچلۇق چۈش كۆرسە، ئويغانغاندىن كېيىن سول تەرەپكە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈش ھەم ئۇ چۈشنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھ تائالادىن ئامانلىق تىلەش ۋە باشقا تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىش لازىم. بۇ توغرىدا ھەدىسلەرمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنداق قىلغاندا چۈشلەرنىڭ ھېچقانداق زىيىنى بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئەسھابى كىرامدىن ئەبۇ قەتادەتۇل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «يامان چۈش كۆرگىنىم ئۈچۈن بەك قورقتۇم، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىدىن ھەدىس ئاڭلىغىنىمدىن كېيىن قورقۇنچلۇق چۈشلەرگە پەرۋا قىلمايدىغان بولدۇم، ئويغىنىشىم بىلەن تەڭ ئۈچ قېتىم ئاللاھتىن پاناھ سورىدىم ۋە باشقا تەرەپكە قاراپ ياتتىم، كىشىگە سۆزلەپ يۈرمىدىم ۋە شۇ چۈشلەردىن بىرمۇ زىيان كۆرمىدىم» دېگىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ. (سەھىھۇ مۇسلىم)

رەسۇلۇللاھ خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا بىر ئەرەب كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! چۈشۈمدە بىرى بېشىمنى كېسىپ تاشلىدى، بېشىمنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ تۇتۇۋالدىم ـ دە ئۆز جايىغا (بويىنۇمغا) قويدۇم» دېگەن ئىدى. (سۈنەن ئىبنى ماجە)

يۇقىرىدىكى ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ بۇ ئەرەبكە سۆزلەپ، ئۇنداق چۈشلەرنىڭ توغرا چۈش ئەمەسلىكىنى، بەلكى شەيتاننىڭ قايمۇقتۇرۇشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

چۈشلەرنىڭ راستلىرىمۇ بولىدۇ، لېكىن ھەممە چۈش ئەمەس، بەلكى بەزى كىشىلەرنىڭ بەزى چۈشلىرى راست چىقىدۇ، مۇنداق چۈش ھەدىسلەردە: **الرُؤْيَا الصَّادِقَةُ** (راست چۈش) دەپ ئاتىلىدۇ. ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ بىر ھەدىستە: **عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصَّامِتِ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ رُؤْيَا الْمُؤْمِنِ جُزْءٌ مِنْ سِتَّةٍ وَأَرْبَعِينَ جُزْءًا مِنْ النُّبُوَّةِ.** (صحيح البخاري رقم الحديث 6472 في كتاب التعبير). «مۆمىننىڭ راست چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىق ئالتە پارچىسىدىن بىر پارچىدۇر» دېدى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئەلۋەتتە «توغرا چۈش» تۇر. راست چۈشنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن قىرىق ئالتە پارچىدىن بىر پارچە بولۇشىنى بەزى ئۆلىمالار مۇنداق بايان قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىك مۇددىتى يىگىرمە ئۈچ يىل بولۇپ، ئاۋۋالقى ئالتە ئاي ھەممىسى چۈش كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭغا كۆرە يىگىرمە ئۈچ يىلنىڭ قىرىق ئالتىنچى پارچىسى ئالتە ئاي بولىدۇ. پەن ئەھلىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا «چۈش مۇھاپىزەت قۇۋۋىتى بىلەن ۋەھىمە قۇۋۋىتىدە بولغان نەرسىلەرنىڭ ئۇيقۇ ئەسناسىدا جىسمانىي ھەقىقەت سۈرىتىدە كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت» تۇر. ھەر كىشىنىڭ چۈشىنىڭ ئۆزىگە مۇۋاپىق يوسۇندا كۆرۈنۈشىمۇ چۈشنىڭ مۇھاپىزەت قۇۋۋىتى بىلەن ۋەھىمە قۇۋۋىتىنىڭ

تەسىرىنىڭ مېڭىدە جىسمانىي نەرسە بولۇپ كۆرۈلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. مەسىلەن: يول سوپۇرگۈچى ئادەمنىڭ ئۆز ئۆمرىدە چوڭ بىر سىياسىي ئادەم ياكى مەشھۇر مۇخبىر ياكى دوختۇر بولۇپ، مەجلىسلەردە چەت ئەل ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن مۇنازىرە قىلىشقىنىنى، چوڭ سوراقخانىلاردا بىر ئەيىبكارنى تىلەپ ئالغىنىنى ياكى بىر كېسەلگە دورا بەرگىنىنى چۈشىدە كۆرگىنى يوق. شۇنىڭدەك، بىر سىياسىيونمۇ چۈشىدە ئۆزىنىڭ كوچىدا كۆمۈر سېتىپ يۈرگىنىنى كۆرمەيدۇ. ھەتتا بۇ ئىش تەسەۋۋۇرمۇ قىلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ كىشىلەرنىڭ مۇھاپىزەت قۇۋۋىتى بىلەن ۋەھىمە قۇۋۋىتىگە مۇنداق نەرسىلەرنىڭ كىرگىنى يوق. كىرمىگەن نەرسىنىڭ جىسمانىي ھالدا كۆرۈنۈشىنى ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە دىلى ئاق، قەلبى ساغلام، ۋەھىمە ــ خىياللاردىن يىراق بولغان بەزى ئادەملەرنىڭ بەزى چۈشلىرىنىڭ توغرا، راست بولۇشى مۇمكىنلىكىنى پەن ئەھلىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ ۋە: «بۇنىڭ سەۋەبى ئوچۇق بىلىنمىسىمۇ، بۇ ئىش ئەمەلىيەتتە بار» دەيدۇ.

ھەر كىمنىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكتىن بىر پارچە بولۇپ كۆرۈنمەيدۇ. ھەر كىمنىڭ كۆرگىنىمۇ راست چۈش قاتارىغا كىرمەيدۇ. راست چۈش بىلەن شەيتان ئېزىقتۇرغان چۈشلەرنى ئايرىشمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشلەرگە ئانچە بەك ئەھمىيەت بەرمەسلىك، سۆزلەپ يۈرۈپ ۋاقتىنى زايە قىلماسلىق لازىم.

# 34 ـ ھەدىس: قىيامەتنىڭ ئالامىتى توغرىسىدا

**إِذَا وُسِّدَ الْأَمْرُ إِلَى غَيْرِ أَهْلِهِ فَانْتَظِرْ السَّاعَةَ.** (صحيح البخاري)

ئىش (بىر مىللەتنىڭ دىنىي ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرى) لاياقەتسىز كىشىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلسا، (شۇ مىللەتنىڭ قىيامىتىنى) كۈت!

ئالىملار بۇ ھەدىسنى: «مۇسۇلمانلارنىڭ پادىشاھلىق، قازىلىق، مۇپتىلىق، ئىمام ۋە مۇدەررىسلىكتەك دىنىي ۋەزىپىلىرى لاياقەتسىز كىشىلەرنىڭ قولىغا قالسا، قىيامەت كۈننى كۈتۈڭلار، چۈنكى لاياقەتسىز كىشىلەرنى ئىش بېشىغا ئەكىلىش ئامانەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ ئۈستىگە، ئەقلسىزلىق ۋە قوغداش روھى يوقلۇقنىڭ بەلگىسىدۇر» دەپ شەرھىلەيدۇ. **"ساعَةَ"** سۆزىدىن پۈتۈن دۇنيا ھالاك بولىدىغان مەشھۇر قىيامەت كۈننى ئىرادە قىلىش مۇمكىن بولغاندەك، شۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغان پالاكەت ۋە مۇنقەرزلىك (سىياسىي ئەركىنلىكى يۇقىلىپ، ئەجنەبىيلەرگە قۇل بولۇش) نىڭ كېلىشىنى ئىرادە قىلىشىمۇ مۇمكىن. بىر مىللەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنىڭ لاياقەتسىز ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈشى بىلەن قىيامەت قايىم بولمىسىمۇ، شۇ مىللەتنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە ھايات دەپتىرى تۈرۈلۈپ تارىخ مۇزېيىغا قويۇلۇشى ھەممىگە مەلۇم. بۇ ھال شۇ مىللەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىيامەتتۇر: **إِذَا وُسِّدَ الْأَمْرُ إِلَى غَيْرِ أَهْلِهِ فَانْتَظِرْ السَّاعَةَ.** بۇ ھەدىس شۇنچە قىسقا بولسىمۇ، ئۇممەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىدا كەسكىن قائىدە بولغان بىر سۆزدۇر. ئەگەر مۇنتىسكو مۇشۇنداق بىر سۆز سۆزلىگەن بولسا ئىدى، پەرەڭلەر ئۇنى ئالتۇن ھەل بىلەن تارىخ بېتىگە پۈتكەن بولاتتى.

## 35 ـ ھەدىس: زاھىتلىق توغرىسىدا

**ازْهَدْ فِي الدُّنْيَا يُحِبَّكَ اللَّهُ وَازْهَدْ فِيمَا فِي أَيْدِي النَّاسِ يُحِبُّوكَ**. (سنن ابن ماجة)

مال ـ دۇنياغا كۆڭۈل بەرمە، سېنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدۇ، كىشىلەر قولىدىكى نەرسىلەردىن تەمە قىلما، خەلق سېنى ياخشى كۆرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى بۇ سۆزنى: «ماڭا ئاللاھ تائالامۇ رازى بولىدىغان، ئىنسانلارمۇ رازى بولىدىغان بىر چىقىش يولىنى ئۆگەت» دېگەن بىر ئادەمگە قارىتا ئېيتقان ئىدى. «زاھىت» لىقنى «پېقىر» لىق دەپ چۈشىنىشكە بولمىغاندەك، باي بولۇشنىمۇ «دۇنياغا ئامراقلىق، ھېرىسمەنلىك» دەپ چۈشىنىش توغرا ئەمەس. بايلىق بىلەن مال ـ مۈلۈككە ھېرىسمەن بولماسلىق بەزى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدە تېپىلىشى مۇمكىن بولغاندەك، ئامراقلىق بىلەن يوقسۇللۇقمۇ بىر كىشىنىڭ خاراكتېرىدە تېپىلىشى مۇمكىن. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مال ــ دۇنيا ئىگىسى تۇرۇپ مال ـ دۇنياغا بېرىلمەيتتى. ئۇ ئۆز مېھنىتى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مال ـ دۇنياغا بېرىلمىگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلىشقا توسالغۇ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بايلىق زاھىتلىققا زىتمۇ ئەمەس. شۇنىڭدەك «زاھىتلىق» تاغ، ئۆڭكۈرلەرگە بېكىنىۋېلىش ياكى گۈمبەزلەردە ئىبادەت قىلىپ يېتىۋېلىش دېگەنلىكمۇ ئەمەس. سەلەپ دەۋرىدە مۇسۇلمانلار، ئۇمۇمەن ساھابىلەر گۈمبەز، ئىبادەتخانىلار، خانىقا ۋە ئۆڭكۈرلەردە ئىبادەت بىلەنلا كۈننى ئۆتكۈزگەن ئەمەس.

«ئەسھاب سۇففە» نىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بارىدىغان ئورۇنلىرى ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن مەسجىدتە كۈن كەچۈرەتتى. لېكىن ئۇ دەۋردىكى مەسجىد بۈگۈنكى مەسجىدلەردەك ئىبادەتلا قىلىنىدىغان خالىي ئورۇن ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئىشلار كېڭەشىلىدىغان ئاممىۋى ئورۇن ئىدى. شۇ «ئەسھاب سۇففە» رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە سەپەرگە چىقاتتى، رەسۇلۇللاھ ھەم ساھابىلەر بارغان سورۇنلارغا باراتتى. باشقىلاردىن ئارتۇق ناماز ئوقۇشى ۋە روزا تۇتۇشى بىلەن تونۇلمىغان ئىدى. ئەمما ئائىلىلىك ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى بازارلاردا ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانسا، بەزىلىرى باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى (سەھىھۇل بۇخارى). ھازىرقى دەۋرىمىزدە كەنت ئاھالىسىنىڭ بازاردا ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئېتىزلىقتا دېھقانچىلىق قىلغىنىدەك، ساھابىلەرمۇ ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىناتتى ۋە ئىشلەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زاھىت ئىدى. چۈنكى ئۇلار مال ـ دۇنياغا بېرىلمەيتتى ۋە مۇھەببەت باغلىمايتتى.

بۇ ھەدىس شەرىپ، كىشىلەرنىڭ مۇھەببەتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىش يامان ئىش ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خەلق ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىغا كۆز تىكمىگەن ۋە قىزغانمىغان كىشىلەرگە ئامراق بولۇشى تەبىئىيدۇر.

ئىمام شافىئى (جانابى ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن):

**وَمَنْ يَأْمَنُ الدُنْيَا فَإِنِّى طَعِمْتُهَا        وَسِيْقَ إِلَيْنَا عَذَبُهَا وَعَذابُهَا،**

**وَمَاهِيَ إِلاَّ جِيْفَةٌ مُسْتَحِيْلَةٌ        عَلَيْهَا كِلاَبٌ هَمُّهُنَّ اجْتِذَابُهَا،**

**فَإِنْ تَجْتَنِبُهَا كُنْتَ سَلَمًا لِأَهْلِهَا        وَ إِنْ تَجْتَذِبُهَا نَازَعَتْكَ كِلاَبُهَا.**

«مال ـ دۇنيانىڭ لەززىتىنى تېتىپ باقتىم، ھېچكىم خاتىرجەم بولالمايدۇ. مال ـ دۇنيانىڭ ھالاۋىتىنىمۇ ئازابىنىمۇ تېتىپ باقتۇق. مال ـ دۇنيا بولسا ھىيلە بىلەن ئېرىشىدىغان تاپقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىتلار بولۇپ، قەستى ئۇنى تالاشتۇر. سەن يىراق تۇرساڭ ئىتلاردىن ساق قالىسەن، ئەگەر تاپىنى تالاشساڭ، ئىتلار سەن بىلەن تالىشىدۇ.»

## 36 ـ ھەدىس: تەمەخورلۇقتىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا

**اسْتَعِيذُوا بِاللَّهِ مِنْ طَمَعٍ يَهْدِي إِلَى طَمعٍ وَمِنْ طَمَعٍ يَهْدِي إِلَى غَيْرِ مَطْمَعٍ وَمِنْ طَمَعٍ حَيْثُ لَا مطَمَعَ.** (مسند أحمد)

ئادەمنى خارلىق ۋە پەسكەشلىككە ئېلىپ بارىدىغان تەمەدىن ئاللاھنىڭ پاناھىغا سېغىنىڭلار! بىھۇدە تەمەدىن ساقلىنىشنى ئاللاھتىن تىلەڭلار! ئورۇنسىز يەردە تەمە قىلىشتىن ئاللاھ تائالادىن پاناھ تىلەڭلار!

ئۇلۇغ زاتلار ئاچ كۆزلۈكنى خارلىق، تەمەنى پېقىرلىق ۋە ھەر ئىككىسىنى ئەخلاقسىزلىقنىڭ بىشى دەپ ئاتىدى. خەلقتىن تەمە قىلماي ياشاش قانچىلىك ياخشى ئەھۋال بولسا، كىشىدىن بىر نەرسە تەمە قىلىش شۇنچە ناچار ئەخلاقتۇر (ئەسكى ئادەتتۇر). تەمەدىن ساقلىنىش ۋە باللارنى ئۇنىڭدىن خالىي تۇتۇش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ۋە ھەر بىر ئائىلە باشلىقى ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالماستىن، ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن تېخىمۇ زۆرۈردۇر. مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا قاچان سەدىقە بېرىش قائىدىلىرى بۇزۇلدى ۋە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان تەرتىپتىن چىقىپ كېتىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ «تەمەخورلۇق» كېسىلى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. يۈز كىشىدىن توقسان توققۇزى بىر كىشىگە يۈك بولۇپ، شۇنىڭ قان تەرى بىلەن ياشاش يولىغا كىردى.

يۇرتىمىزدا موللا، ئىمام، مۇئەززىن ئائىلىلىرىدە ئۆسكەن ياشلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارىغاندا، بۇلارنىڭ بارلىق تىرىكچىلىك يولى تەمەخورلۇقتىن كېلىپ چىققان ئىلغىمايلا يېيىش ۋە ئېرىشىش ئۇسۇلىغا قۇرۇلغاندۇر. بۇلار مەدرىسىدە ئوقۇغان ۋاقتىدىن باشلاپلا تەمەنى ئادەت قىلىدۇ ۋە خەلق ئارىسىدا بىرەر دىنىي ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، پۈتۈن تۇرمۇشىنى شۇ ئاساس ئۈستىگە قۇرىدۇ. ئائىلىلەر ئىچىدە ۋە ئاغىنە ـ دوستلار بىلەن يىغىلغان ئولتۇرۇشلاردا قىلىشىدىغان بارلىق گەپ ـ سۆزلەرنىڭ تېمىسى، ئۆشرە، قۇربانلىق، سەدىقە فىتىر، قەبرىستان سەدىقىسى، قۇرئان ئوقۇش، نەزرە ئاشقا بېرىش، ئاز ـ كۆپ نەرسە يانچۇققا سېلىش، ئۆلگەن، تۇغۇلغان، ئاجراشقان، توي قىلغانلاردىن كۆچى يەتكەنگە قەدەر ئېلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ ئىشلار شۇ قەدەر تەبىئىي ئادەت بولۇپ كەتكەنكىنى، بۇنىڭ ناچار ئادەت ئىكەنلىكى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ نەسىھىتىگە نامۇۋاپىق ئىكەنلىكى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەچمەيدۇ. ياشلار بار يەردە، ھەتتا يات ئادەملەر بار يەردىمۇ ھېچ نومۇس قىلماستىن، قەبىھ ـ يامان ئادەت ئىكەنلىكى سۆزلەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەز ـــ نەسىھەتنىڭ تۈپ مەقسىتى ئازدۇر ـ كۆپتۇر نەپ ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇلارنىڭ شەرىئەت ھۆكمىنى سۆزلەشتىكى مەقسىتىمۇ خەلقنىڭ مال ـ بارلىقىنى ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە تولدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىما دەپ ئاتالغان كىشىلەر خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا ھۆرمەتكە ئىگە ئەمەس، قەدىر ـ قىممىتى ناھايىتى تۆۋەن. ئۆلىمالار ئارىسىدا ئاز كۆرۈلسىمۇ، راستچىل (ئاللاھ رازىلىقىنى ئويلاپ ھەقنى سۆزلەيدىغان) كۆڭلى دەريادەك، نومۇسچان، قەلبى پاك زاتلارمۇ بار. لېكىن ئاۋام خەلق ھەممىگە بىر خىل قارىغانلىقتىن بۇلارنى ئايرىمىقى تەس بولىدۇ.

دەردمەن:

ئەگەر يۈز نا پەسەند ئىش قىلسا دەرۋىش،

يۈز مۇرىددىن بىرى ئالماس تىلىگە.

ۋە گەر بىر ناپەسەند ئىش قىلسا سۇلتان،

ئۇنىڭ داڭقى ئۇچىدۇ ئەلدىن ـ ئەلگە.

بۇ ناچار ئادەتلەرگە چارە قىلىنىشى ۋە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەسلىدىكى نوپۇزىنى، نام-ئابرۇيىنى، ھۆرمىتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى، جۈملىدىن پەرز ئىدى. لېكىن ۋاقتى كەلمىدىمۇ ياكى دەۋرنىڭ چاقى تەتۈر چۆگىلىدىمۇ ئەيتاۋۇر ھېچ بىرچارە كۆرۈلمىدى. ناچار ئادەتلەر بۇرۇنقىدەكلا ئۆز پېتىچە كېتىۋەردى. ھەر مەھەللىدىكى مولla، مۇئەززىنلەرگە ۋە دىنىي خادىملارغا قىلغان خىزمىتىگە لايىق مائاش تەيىنلەپ بېرىلىشى، ئۆلگۈچى ۋەسىيەت قىلغان مىراسلار، ۋەقپىلەر، ئومۇمەن سەدىقىلەر، نەزرىلەر مەھەللە مۆتىۋەللىسىنىڭ ئامبىرىغا توپلىنىپ، مۆتىۋەللىلەر بۇ خىل مال-دۇنيانى كەسپىي قابىلىيىتى ئاجىز بولغانلار، تەربىيەسىز قالغان يېتىملەرنىڭ تۇرمۇشىغا سەرپ قىلىپ بېرىشى، تېنى ساق بولغان تىلەمچى دۇئاگويلارغا ئىش تېپىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە يۈك بولماي ئۆز كۈنلىرىنى ئۆزى ئېلىشى لازىم. ئورۇنسىز ھالدا جەندە ـ كۇلا كىيىپ، قوشاق ئوقۇپ ئابدۇللاھ ۋە ئۇبەيدۇللاھلارنى ئالداپ، دۇئا قىلىپ يۈرمىسۇن. مازار بېشىدا پۇلغا قۇرئان ئوقۇپ (پۇل بېرىشنى سۆزلەشمىسىمۇ) خەتمە قۇرئان قىلىش ئادىتى تاشلانسا ياخشى بولاتتى!

شەرىئەتتە ئۇنداق قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئاساسى يوق، رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەردىنمۇ رىۋايەت قىلىنغىنىمۇ يوق. بۇ ئىشتىن پايدىمۇ چىقمايدۇ. ئەكسىچە ئاخىرەتتە زىيىنى كۆپ بولىدۇ. قۇرئان ئوقۇپ بېرىپ پۇل ئالغۇچىلارغا: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ إِلَّا أَنْ تَكُونَ تِجَارَةً عَنْ تَرَاضٍ مِنْكُمْ**﴾ «ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا» (نىسا سۈرىسى 29 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ ئاۋامدىن يوشۇرغۇچىلار ۋە ھەممىشە مۇشۇنداق نومۇسسىز كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ: ﴿**وَلَا تَلْبِسُوا الْحَقَّ بِالْبَاطِلِ وَتَكْتُمُوا الْحَقَّ وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ**﴾ ھەقنى باتىلغا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان ھەقىقەتنى ئۆزۈڭلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىگە) ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار» (بەقەر سۈرىسى 42 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ تەھدىدى ئاستىغا كىرمەي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

تاماخور ئالىمنىڭ خەلق ئارىسىدا ھۆرمىتى بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ناچار ئەخلاقنى ئەڭ گالۋاڭ ئادەملەرمۇ پەرقلەندۈرەلىگەنلىكتىن، تاماخور ئادەمدىن يىرگىنىپ قاچىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

تاماخورلۇق دېگەن سەئىيى، كەسىپ ياكى قانداقلا بولمىسۇن شەرىئەتكە ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر سەۋەب دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر سەۋەب قىلماي، ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر چارە قوللانماي تۇرۇپ ئاللاھ تائالادىن ئون مىڭ سوم بېرىشى توغرىسىدا مەسجىدنىڭ بۇرجىكىدە دۇئا قىلىپ ئولتۇرۇش «تەمەخورلۇق» بولمايدۇ. شۇنىڭدەك تىۋىپلەر تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن قائىدىلەرگە رىئايە قىلماي ۋە ئۇلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىماي، زىيانلىق

نەرسىلەردىن ساقلانماي تۇرۇپ كېسەللىكتىن ساقىيىپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىشمۇ «تەمەخورلۇق» بولمىغان يەردە تەمە قىلغانلىقتۇر.

# 37 ـ ھەدىس: دىل ۋە كۆڭۈل خاتىرجەم بولغان ئىشنى قىلىش توغرىسىدا

**اسْتَفْتِ نَفْسَكَ الْبِرُّ مَا اطْمَأَنَّ إِلَيْهِ الْقَلْبُ وَاطْمَأَنَّتْ إِلَيْهِ النَّفْسُ وَالْإِثْمُ مَا حَاكَ فِي الْقَلْبِ وَتَرَدَّدَ فِي الصَّدْرِ وَإِنْ أَفْتَاكَ النَّاسُ.** (مسند أحمد)

كۆڭلۈڭدىن يول سورىغىن، ياخشىلىق شۇنداق نەرسىدۇركى، قەلب ھەم جان ئۇنىڭدىن ئارام ئالىدۇ. گۇناھ شۇكى ئۇنىڭدىن دىل خاتىرجەم بولمايدۇ، ۋىجدان ئازابلىنىدۇ (كىشىلەر يول كۆرسەتسىمۇ، سەن ئۆز قەلبىڭدىن يول سوراپ ئىش قىل).

«كىشىلەردىن مەسلىھەت سورا، ئۆزەڭنىڭ بىلگىنىنى قىل!» دېگەن بىر ماقال بار. بۇ ھەدىس شەرىپىنىڭ مەنىسىمۇ شۇنىڭغا يېقىن بولۇپ، باشقىلارغا مەسلىھەت سالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىمۇ ئويلىنىپ بېقىشىغا بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەدىس ئەلۋەتتە ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قەلبى ساغلام، ئەقلى جايىدا، ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىيالايدىغان ۋە ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىيالايدىغان كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلغان. شۇنداق بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى مۇشۇ ھېكمەتلىك سۆزى بىلەن ھەر نەرسىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا، پىكىردە مۇستەقىل بولۇش ھەققىدە مەسلىھەت كۆرسىتىدۇ. كىم يول باشلىسا شۇنىڭ ئارقىسىدىن پايپاسلاپ يۈرۈشتەك ناچار ئىشلاردىن ۋە قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن توسىدۇ. ئەقلىنى ئىشلىتىشكە، پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ئۇنى دىلنىڭ نۇرى بىلەن سىپىلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر نەرسە ھەققىدە ئەھلىدىن (ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلىدىغان) لاردىن مەسلىھەت سوراش، مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك ئىش بولسۇن، ئۆز ئەھلىگە مەسلىھەت سېلىش ۋە ئۆزىمۇ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشى ۋە تەكشۈرۈپ كۆرۈشى لازىم. چۈنكى ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ. باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە كەلمەيدىغان ئىشلار، ئۆزىگە تەجرىبە بىلەن ئالدىن مەلۇم بولىدۇ. ۋابىسە ئىبنى مەئبەد ئىسىملىك ساھابە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى سورىغىلى بارغان ئىدى. شۇ چاغدا، رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە مۇشۇ جاۋابنى بەرگەن.

# 38 ـ ھەدىس: شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا

**إِنَّ أَشْكَرَ النَّاسِ لِلَّهِ عَزَّ وَجَلَّ أَشْكَرُهُمْ لِلنَّاسِ.** (مسند أحمد)

ئاللاھ تائالاغا ئەڭ كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى كىشى، ئادەملەرگە شۈكۈر قىلغۇچى كىشىدۇر.

شۈكۈر «ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر» دەپ قۇرۇق سۆزلەپ، تەكرارلاپ يۈرۈشتىن ئىبارەت ئەمەس. ئۆتكۈر پىكىرلىك ئالىملارنىڭ قارىشىچە: شۈكۈر:

1 ـ نېمەتنى كىمنىڭ ئاتا قىلغانلىقىنى تونۇش.

2 ـ ھەم ئۇنى بەرگىنىگە كۆڭۈلدىن خۇشال بولۇش.

3 ـ شۇ نېمەتنى تېگىشلىك بولغان ئورۇندا ئىشلىتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ھەقىقىي شۈكۈردۇر. ئەمما بەندىلەرگە قارىتا بولغان شۈكۈر، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈش ۋە ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

نېمەتكە شۈكۈر قىلىش، ياخشى ئىشلارنى مۇكاپاتلاش، ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئەخلاقىنىڭ جۇملىسىدىن بولۇپلا قالماستىن، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بولۇپ، زۆرۈر بولغان يەردە ئەمەلگە ئاشۇرماسلىق ئىغىر ئىجتىمائىي كرىزىسنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۈكۈر ۋە مۇكاپات نېمەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىشىغا سەۋەب بولغاندەك، ئۇنى تاشلاش، سەل قاراش شۇ نېمەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

بەندىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان خۇسۇسى ۋە ئومۇمىي ياخشىلىقلار ۋە نېمەتلەرگە خىيانەت قىلىش (تونۇماسلىق، قەدرىگە يەتمەسلىك) شۇ ياخشىلىقلار ۋە نېمەتلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغانلىقى تۈپەيلى ھەم ئىنسانىيەت ھەم مىللەت ئالدىدا جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. نېمەتنىڭ قەدرى بىلىنمىگەن، ئېتىبارغا ئېلىنمىغانلىقىنى كۆرگەن خەلقنىڭ شۇ ياخشىلىق ۋە خىزمەتلەردىن كۆڭلى سوۋۇپ ئىرادىسىنىڭ سۇنىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. لېكىن بىراۋغا ياخشىلىق قىلىپ، ياخشىلىقىنىڭ بۇ دۇنيادىلا مېۋە بېرىشىنى ئۈمىد قىلمايدىغان، قىلغان خىزمىتىگە باشقىلارنىڭ ئاپىرىن ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغىنىغا پىسەنتمۇ قىلمايدىغان كىشىلەرمۇ بار. دەۋرىمىزدە بۇ خىل كىشىلەر ھەتتا ئۆز ئارىمىزدىمۇ تېپىلىدۇ. لېكىن مۇنداق كىشىلەر بەك ئاز بولغانلىقتىن ئۇلارغا قاراپ كەسكىن ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. مۇشۇ ھېكمەتتىن بولسا كېرەك، رەسۇل ئەكرەم ھەزرەتلىرى ئۈممەتلىرىنى بېرىلگەن نېمەتلەرگە، مەنپەئەتلەرگە، خىزمەتلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ ۋە شۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى مۇشۇ ھەدىس شەرىپتە بايان قىلىدۇ.

شەيخ ئابدۇلقاھىر جۇرجانى ھېكايە قىلىپ بەرگەن قىزىقارلىق بىر ۋەقە، بۇ ھەدىس مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەردە بايان قىلىندۇ: «بىر مەجلىستە ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ھەسسان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا جاھىلىيەت (ئىسلامدىن بۇرۇنقى مۇشرىك ئەرەبلەر) شېئىرلىرىدىن ئوقۇشقا بۇيرۇغان ئىدى. ھەسسان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەشا تەرىپىدىن ئەلقەمە ئىبنى ئالاسەنى سۆكۈپ ئېيتىلغان ھەجۋى قەسىدىسىنى ئوقۇدى. رەسۇلۇلاھ خۇشال بولمىغان بولسا كېرەك: «ئى ھەسسان! بۇندىن كېيىن بۇ قەسىدىنى مېنىڭ يېنىمدا ئوقۇما!» دېدى. ھەجۋى (سۆكۈش) بولغانلىقىدىن ئەرزىمەي قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان ھەسسان: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەلقەمە بولسا قەيسەر قېشىدا تۇرغان مۇشرىكتۇر. ئۇنى سۆكۈشنىڭ نېمە زىيىنى بار؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «قەيسەر مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىغان چېغىدا، ئەبۇ سۇفيان مېنى يامان كۆرسىتىشكە تىرىشقان بولسىمۇ، ئەلقەمە مەخپى ھالدا ياخشى تونۇشتۇرغان، ئەلقەمەنىڭ شۇ ياخشىلىقىغا مىننەتدار بولۇش لازىم. «**إِنَّ أَشْكَرَ النَّاسِ لِلَّهِ عَزَّ وَجَلَّ أَشْكَرُهُمْ لِلنَّاسِ**» دەپ جاۋاب بەردى.

## 39 ـ ھەدىس: ئەخمەق ئادەمدىن يىراق تۇرۇش توغرىسىدا

**اِصْرِمِ الأَحْمَقِ**

ئەخمەق كىشى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتما، مۇناسىۋىتىڭ بولسا ئۈزگىن!

بۇ ھەدىس شەرىپ ئەخمەق ئادەم بىلەن دوست بولۇش، مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە مۇئامىلە قىلىشتىن توسىدۇ. «ئەخمەقلىق»نىڭ دورىسى تېپىلمايدىغان كېسەل ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئەرەب شائىرى:

**لكل داء دواء يستطب به الا الحماقة أعيت من يداويها**

ھەرقانداق كېسەللىكنىڭ دورىسى بار. لېكىن ئەخمەقلىقنىڭ دورىسى يوق بولۇپ، ئەخمەقنى داۋالايمەن دېگۈچى ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ.

«ئەخمەق دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشىراق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز نۇرغۇن تەجرىبە ساۋاقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ھەزرىتى ئۆمەر: «ئەخمەق بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ساقلانغىن! ئەخمەق كىشى پايدا يەتكۈزىمەن دەپ زىيان كەلتۈرۈشى مۇمكىن» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخمەق بىلەن دوست بولۇشتىن ۋە بىللە يۈرۈشتىن توسۇسى كۇپايە بولۇپ، باشقا دەلىلگە ھاجەت يوق.

**إِذَا جَاءَ نَهْرُ اللهِ بَطَلَ نَهْرُ مَعْقَلٍ.**

ئىمام شافىئى ھەزرەتلىرى: **لاَبُدَّ لِلْفَقِيْهِ مِنْ سِفِيْهِ يُنَاضِلُ عَنْهُ و يُحَامِي عَلَيْهِ** «خىيىم ــ خەتەردىن ساق ــ سالامەت قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىلىملىك ئادەملەر گالۋاڭ، ئەخمەقلەردىن پايدىلىنىشنى بىلىشى لازىم» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى نەقىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنى ئەخمەق بىلەن دوست بولۇش، مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئەمەس، بەلكى ئۈستەلنى يەردە تەكشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىستۇرغىلى تارشا كېرەك بولغاندەك، ۋاقىتلىق پايدىلىنىشتۇر. بولمىسا، ئەخمەقتىن پايدا كۈتۈش، قىشتا يامغۇر ئۈمىد قىلغاندەك بىھۇدە ئىشتۇر.

ئۇلۇغ زاتلاردىن بىرىنىڭ: «داۋاملىق دەۋا قىلىشىم بىلەن قارىغۇلارنىڭ كۆزى ئېچىلدى، ئاق كېسەللەر ساقايدى. ئەمما ئەخمەقكە ھېچبىر دورا پايدا قىلمىدى، ساقايماي ئۆز پېتىچە قالدى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

بىر كىشىنىڭ ئەقىللىق ياكى ئەخمەقلىقىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولمايدىغان نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ كۆزىتىپ بېقىش لازىم. ناۋادا شۇنىڭغا ئىشەنسە ۋە ئۇ نەرسە ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزەلمىسە، ئۇ كىشى ئەخمەقتۇر.

بۇ ھەدىستىكى «ئەخمەق» — ئەخمەق يارىتىلغان كىشىگە قارىتىلغان سۆزدۇر. ئەكسىچە بولغاندا، بەزىبىر ئەخمەقلىق ھەر قانداق كىشىدە ھەتتاكى بەك ئەقىللىق ئادەملەردىمۇ تېپىلىشى مۇمكىن.

ئادەم بالىسى گالۋاڭ ئەخمەقلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ئاچچىق ــ سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلىك، بىلىمى مول ئالىملار، پايدا ـ زىياننى پەرقلەندۈرەلەيدىغان دانا كىشىلەر ۋە زېھنى ئۆتكۈر، كاللىسى ئىشلەيدىغان ياشلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ۋە مۇمكىن قەدەر شۇلاردىن پايدىلىنىش لازىم. «كاتتىلار بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇڭلار! ئالىملاردىن سوراپ ئىش قىلىڭلار! ھەر ئىشنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلىيالايدىغان ھەكىملەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈڭلار!» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىڭ مەزمۇنىمۇ مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان.

## 40 ـ ھەدىس: ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش توغرىسىدا

**إِذًا اعْبُدْ اللَّهَ لَا تُشْرِكْ بِهِ شَيْئًا وَأَقِمْ الصَّلَاةَ الْمَكْتُوبَةَ وَأَدِّ الزَّكَاةَ الْمَفْرُوضَةَ وحج واعتمر وَصُمْ رَمَضَانَ وانظر وَمَا تُحِبُّ للناس أَنْ يأتوه إليك فَافْعَلْهُ بِهِمْ وَمَا تَكْرَهُ أَنْ يَأْتِوه إِلَيْكَ فَذَرْهم مِنْهُ.** (مسند أحمد)

(ئاللاھ تائالاغا دىلىڭ بىلەن خالىس ئىبادەت قىل) زاتىدا ۋە سۈپەتلىرىدە ئاللاھقا ھېچكىمنى شېرىك قىلما، پەرز نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇ، پەرز زاكىتىڭنى ئۆز جايىغا تاپشۇر، كىچىك ھەجنى ۋە پەرز ۋە نەپلە ھەجلەرنى قىل، رامىزان روزىسىنى تۇت. ئۆزۈڭگە خەلقنىڭ قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى خالىساڭ، سەنمۇ خەلققە شۇنداق مۇئامىلە قىل. ساڭا ئۇلارنىڭ قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى يامان كۆرسەڭ، سەنمۇ ئۇلارغا ئۇنداق مۇئامىلە قىلىشتىن ساقلانغىن!

«ئىبادەت» ئاللاھ تائالا ئالدىدا ئۆزىنى ئاجىز دەپ تونۇپ، باش ئېگىشتىن ئىبارەت. شېرىك بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدا يا سۈپەتلىرىدە ۋە ئالەمنى ئىدارە قىلىشتا شېرىكى ۋە ئوخشىشى بار دەپ بىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ھەدىس شەرىپتە ئىماندىن كېيىن ناماز، زاكات، ھەج، رامىزان روزىسىدەك ئىسلام ئەركانلىرى، نەپلە ھەج ھەم مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەرىكەت دەستۇرى قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان ئەخلاقى بەلگىلىمىلەردىن بەزىلىرى سۆزلەندى. ناماز، زاكات، ھەج ۋە روزا ئىسلام دىنىدا ئۇلۇغ ۋە ساۋابلىق ئىبادەتلەردىن بولۇپ، قۇرئان كەرىم تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ئەمەللەردىندۇر. ئەيتاۋۇر نېمە سەۋەبتىنكى، كېيىنكى زامانلاردا ھەر قايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۇ ئەمەللەرنى ئادا قىلىشتا ھورۇنلۇق ۋە ھۆرمەتسىزلىك ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى، بۇ ئەلۋەتتە ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

مۆمىن بولۇش ۋە رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ تۇتقان يولىنى قوبۇل قىلىش بولسا، شۇ ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش ۋە: «مەن ئۇلارنى ئادا قىلىشقا ۋەدە قىلدىم، شۇ ۋەدىگە ئەلۋەتتە ۋاپا قىلىمەن» دەپ ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق بولغانىكەن، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ۋە لەۋزىدە تۇرۇش لازىم. بۇ ئىبادەتلەرنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ناماز ئوقۇش بەك يەڭگىل ئىبادەت بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ۋاقتىدا ئادا قىلىنماي سەل قارىلىشى ھەقىقەتەن ھورۇنلۇق ۋە كۆزگە ئىلمىغانلىقتۇر، خالاس.

توغرا، پەرزلىكىنى ئىنكار قىلمىغان ھالەتتە مەزكۇر ئىبادەتلەرنى ئادا قىلمىغۇچىلار كۆپىنچە ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئىسلام دىنىدىن چىققان ۋە مۇسۇلمانلار جۈملىسىدىن ئايرىلغان بولمايدۇ. ئەمما چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ ۋە ئۈستىدىكى قەرزدىن قۇتۇلالمايدۇ.

«ئۇ يەردە بەك قورقۇنچلۇق يىلان بار» دەپ خەۋەر بېرىلگەن ئورۇنغا بېرىش، شۇ سۆزگە ئىشەنمىگەنلىكتىن كەلسە، مۇشۇ ئىبادەتلەرگە سەل قاراش ۋە ئۆزرىسىز كەينىگە تارتىشمۇ شۇ ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بۇيرۇلغانلىقىغا ئىشەنمەسلىك ياكى قارشىلىقىدىن كېلىدۇ. شۇ ئېھتىماللارنىڭ ھەر ئىككىسى ناتوغرا ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرز نامازلار ۋە ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان بارلىق ئىبادەت ۋە ئىشلارغا سەل قارالماسلىقى ۋە ئېتىبارسىزلىق كۆرۈلمەسلىكى لازىم ئىدى. بولۇپمۇ، نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى، ئىسلام دىنىنىڭ قەدرى ـ قىممىتى، ھۆرمىتى تۆكۈلگەنلىكىنىڭ كۈچلۈك ئالامىتىدۇر. «ناماز ئوقۇشنىڭ ئادەت بولۇپ قىلىشى، تەبىئىي خۇيغا ئايلىنىشى» ئۈچۈن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ بۇنىڭغا كۆنۈش ۋە داۋاملىق قىلىش لازىم. چۈنكى نارەسىدە چاغدا ئۆگىتىلگەن ئادەتلەر ئىنساندا ئۆمرى ئاخىرلاشقۇچە تاشلانمايدىغانلىقى مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، رەسۇلار ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن چېركاۋغا بارغان چاغلىرىدا كىچىك بالىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بارىدۇ. دىنىنىڭ رەسمىي قائىدىلىرىنى قىلىشقا ئادەتلەندۈرىدۇ.

إِذَا بَلَغَ الْغُلَامُ سَبْعَ سِنِينَ أُمِرَ بِالصَّلَاةِ فَإِذَا بَلَغَ عَشْرًا ضُرِبَ عَلَيْهَا. (مسند أحمد)

«يەتتە يېشىغا يەتكەندىن كېيىن نارەسىدە بالىلار (ئوغۇل ـ قىزلار) ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلىدۇ، ئون يېشىغا يەتكەندىن كېيىن ئوقۇمىسا، ئۇرۇش (ئەدەپلەش يۈزىسىدىن) دۇرۇس بولىدۇ» دېگەن بۇ ھەدىس ئىمام ئەھمەدتىن رىۋايەت قىلىنغان.

كىچىك ھۇجرىلاردا، ناچار ھاۋالىق يەرلەردە بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق يۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ناماز ئوقۇيتتى، زەھەردەك قاتتىق سوغۇقلاردا يىراق ئۆستەڭلەردە تاھارەت ئېلىپ كېلەتتى. تاش سۇففە ئۈستىدە نامازلارنى ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتمەي ئوقۇيتتى. ھازىر بولسا، ياخشى ھاۋالىق بىنا ـ ئىمارەتلەردە ئولتۇرىدىغان ئەمەلدارلار، ئوقۇغۇچىلار، تاھارەت ئورۇنلىرى زامانىۋى بولغان دىنىي ئوقۇغۇچىلار نامازغا سەل قاراپ، ئېتىبار بەرمىسە، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل بولمايدۇ. دۇنياۋى ئۆلىمالار ئۈچۈن قۇرۇلغان ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى بالىلارغا رۇسلار «دىن» دەرسى ئوقۇتىدۇ ۋە شۇ دەرسلىرىدىن ئىمتىھان ئالىدۇ. ياخشى ئىمتىھان بېرەلمىسە، قايتا ئوقۇيدۇ. ھەر ھەپتىدە ۋە دىنىي بايراملىرىدا جامائەت بولۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. ئەھۋال ئۇ تەرەپلەردە ئەنە شۇنداق. بىراق، بىزنىڭ دىنىي مەكتەبلىرىمىزدە بولسا، ئىسلام قائىدە ئەھكاملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلمەسلىكى ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن بولغان ئىشلارنى ئادا قىلماسلىقىقا نېمە دەپ باھا بېرىش كېرەك؟ بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان بىر ئىش.

ھۆرمەتلىك ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلار، تەربىيە ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق بەرگۈچىلەر بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈپ، مىللەت بالىلىرىنىڭ ئۆز دىنىغا مۇھەببەتسىزلىك قىلغانلىقى توغرىسىدا بىرەر چارە تاپسا بولاتتى. بۇرۇنقى خەلپەتلەر بەش ـ ئالتە يىل تىرىشىپمۇ ئۆگىتەلمەيدىغان بىلىملەرنى بىر قىشتا بىلدۈرۈشكە ئامال قىلالىغان ئەر ـ ئايال مۇئەللىملەر ئۈچۈن بۇ ئىش قىيىن بولمىسا كېرەك. ئۆز دىنىغا مۇھەببىتى بولغان دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغۇچى بالىلار، ئۆزى ئائىلىلىك بولغاندىن كېيىن ۋە بالا ـ چاقىلارغا تەربىيە بېرىشكە كىرىشكەندىن كېيىن ئاشۇ ئوقۇتقۇچىلارغا رەھمەت ئوقۇيدۇ. ياخشىلىقنى ئۇنۇتمايدۇ. ئۇلارغا ھەمىشە ياخشى دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. ياخشىلىقلىرىنى مىسال قىلىپ سۆزلەپ بېرىدۇ.

دۇنيادا ئۆمرى ھەر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئۆلۈم بار. ئۆلگەندىن كېيىن بەك قۇرقۇنچلىق بىر كۈندە ھېساب ۋە جازا بولىدۇ، شۇ كۈندە بەك كۆپ يۈزلەر ئاقىرىدۇ ۋە بەك تولا يۈزلەر قارا بولىدۇ. ھايات تومۇرى ئۈزۈلۈشتىن، بەدەن ھەرىكەتتىن توختاشتىن، پۇرسەت ئۆتۈپ كېتىشتىن بۇرۇن شۇ كۈن ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش، سەپەر جابدۇغىنى ئوبدان قىلىش لازىم. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە ئىنساپ بېرىپ، دىلىمىزنى تۈزۈك قىلسۇن.

## 41 ـ ھەدىس: يولدا توسالغۇ بولىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش توغرىسىدا

**اعْزِلْ الْأَذَى عَنْ طَرِيقِ الْمُسْلِمِينَ.** (صحيح المسلم)

مۇسۇلمانلار ماڭىدىغان يولدا مېڭىشقا توسالغۇ بولىدىغان نەرسىلەر بولسا، ئۇنى ئېلىپ تاشلا، يوقات!

ئەبۇ بەررزەتىل ئەسلەمى ئىسىملىك ساھابە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئۆزۈم پايدىلىنىدىغان بىر ئىش ئۆگىتىپ قويساڭ» دەپ ئۆتۈنگەندە، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئۇنىڭغا يۇقىرىقى ھەدىسنى ئېيتقان.

ھازىرقى كۈندە بىرەر ئالىمدىن: «ماڭا بىر ئىش ئۆگىتىپ قويساڭ» دەپ سورىسا، «مۇنچە رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇ، كۈنىگە مۇنچىلىك تەسبىھنى ۋەزىپە قىل!» دەپ ئۆگىتىشى چوقۇم.

رەسۇلۇللاھنىڭ يوللارنى ياساپ، خەلققە قولايلىق يارىتىپ بېرىشنىڭ پەزىلەتلىك ۋە ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلىرىمۇ كۆپ. بۇنىڭغا قارىغاندا تاش يول، تۆمۈر يوللارنى ياساش، ماشىنا، پويىز، پاراخوتلار ماڭدۇرۇش، كۆۋرۈك ياساش ئىسلام دىنىدا ئەڭ ساۋابلىق ۋە ئەڭ پەزىلەتلىك ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

ئەسلىدە، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرى توغرىسىدا مۇشۇنداق نەسىھەت سۆزلەيدىغان، خەلقنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلەشنى ئاخىرەت ئىشلىرىدىن سانايدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى، دۇنيادا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە چىقىش ئېھتىمالى بولغان تېخنىكا ۋە ھۈنەرلەرنىڭ باش سەركەردىلىرى بولۇشى ۋە بارلىق ياخشى ئىشلارنىڭ بۇلارنىڭ خىزمىتى ۋە ھەسسە قوشۇشى بىلەن مەيدانغا كېلىشى لازىم ئىدى. لېكىن... بۇ "لېكىن" دىن كېيىن يېزىلغان گەپ بەك كۆڭۈلسىز ۋە ئېچىنارلىقتۇر. توغرا، ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنى ۋە ئاخىرەت ئىشلىرى ھەققىدىكى نەسىھەتلىرىنى چوڭ غەنىمەت بىلىپ چىڭ تۇتقىنىدەك، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىدىمۇ رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن سۆزلەپ قالدۇرۇلغان سىزىق بويىچە ماڭدى ۋە مىللەتنى پايدىلىق يولغا باشلىدى. قۇدۇق كولاش، مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدا ياخشى يول ياساش، پۇل چىقىرىش، شەھەر بىنا قىلىش قاتارلىقلار مۇشۇ ئىشلار جۈملىسىدىندۇر.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇشبۇ **"اعْزِلْ الْأَذَى"** دەك ھەدىسلەرنىڭ ئىبارىلىرىدىن، ئىشارەتلىرىدىن چۈشىنىپ ئېيتقان بولسا كېرەك، كۇفە شەھرىنى ياسىغان چاغدا، «ئۆيلەر ئىككى قەۋەتتىن ئېگىز بولمىسۇن، يوللار ئون ئۈچ مېتىردىن ۋە كىچىك كوچىلار يەتتە مېتىردىن كەم بولمىسۇن، مەسجىد ئالدىدا ئاتمىش مېتىر مىقدارى مەيدان بولسۇن» دېگەنىدەك بۇيرۇقلارنى بەرگەن ۋە شۇ بۇيرۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىدى. بۇرۇنقى مۇسۇلمان ئاتىلىرىمىزدىن باشلانغان قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ كېيىنكىلەر تەرىپىدىن داۋام قىلدۇرۇلۇشى ۋە بارغانچە تولۇقلىنىشى، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزى چۈشكۈدەك نەمۇنە ـ ئۆرنەك بولۇپ تۇرغۇدەك بىر ھالەتكە يەتكۈزۈلۈشى لازىم ئىدى. لېكىن كېيىنكىلەر بۇرۇنقىلارنىڭ يولىچە ماڭمىدى. تولۇقلاش، تەرەققىي

قىلدۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، دەسلەپكى ھالىتىدىمۇ داۋام قىلدۇرالمىدى. مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا ھىندىلارنىڭ راھىبلىقلىرى، ئىرانلىقلارنىڭ ئىستىبدادلىرى كىرىشى نەتىجىسىدە مەدەنى تەرەققىياتلار بىر ئىزدا توختاپ قالدى. ھەتتا تاشلىنىپ قالدى. ئاۋام خەلق دەرۋىشلىك، خاكىسالىق يولىنى تۇتتى. نومۇسسىز خاۋاسلار بولسا، روھانىي باشلىق سۈپىتى بىلەن ئاۋام خەلقنى ئېمىپ ياتتى. نەتىجىدە ئىسلام دۇنياسى ھوق سوپىلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالاقلىق، ۋەيرانلىق ئەۋج ئالدى. **إِنَّا للهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُوْنَ**.

# 42 ـ ھەدىس: بەرىكەتلىك ئاياللار توغرىسىدا

أَعْظَمُ النِّسَاءِ بَرَكَةً أَيْسَرُهُنَّ مَئُونَةً. (مسند أحمد)

خوتۇنلارنىڭ بەرىكەتلىكرەكى ئەرگە يۈكى يەڭگىل، چىقىمى ئاز بولغىنىدۇر.

تويلۇقى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ئەمەس، تويلىرى چىقىمسىز، كىيىم كىيىش، ئۆي تۇتۇشلىرى چىرايلىق، پاكىز بولۇش بىلەن بىللە، ھەشەمەتسىز، ئاددى ـ ساددا، يېمەك ـ ئىچمەكتە ئوتتۇرا ھال، ئەرلىرى بىلەن تىرىكچىلىكى جاپاسىز بولغان خوتۇنلار مۇشۇ ھەدىسكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئاياللار ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق مىللەت ئانىلىرىدۇر.

دۇنيا ھاياتىنى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈش روھى بولسا، تەدبىر ۋە ئىقتىساد (ئوتتۇرا ھاللىق) بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. خوتۇن ھەر قانچە مۇكەممەل خوتۇن بولسىمۇ، تەدبىرلىك ۋە ئىقتىسادقا رىئايە قىلىدىغان بولمىسا، ئائىلە ۋە بالىنىڭ كېلەچىكى خەۋپكە دۇچ كېلىپ، بەختسىزلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىكتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

خوتۇن كىشى كىيىم ـ كېچەك ۋە پەردازغا كۆپ بېرىلسە، ئۇنىڭ قەدرى، ئېتىبارى كېمىيىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تىيىن بولسىمۇ ئورۇنسىز چىقىم قىلماسلىق كېرەك. ئائىلە مەيلى كەمبەغەل مەيلى باي بولسۇن، ھەممىسى بۇ ھۆكۈم دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا بايلىق بىلەن ماختىنىش ئومۇملاشقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بايلار ئۆز باللىرىنىڭ تويلىرىنى بەك ھەشەمەتلىك قىلاتتى. خوتۇنلىرىنى جابدۇشقا ۋە زىبۇ ـ زىننەتكە كۆچەپ بايلىقنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇ ئادەت دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە، ھەر قەۋمدە بولۇپ، توي، زىياپەت، جابدۇنۇش، بېرىش ـ كېلىش قىلىشاتتى. ئەمما ھازىرقى كۈندە توي، زىياپەت، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇش، يەر ـ زېمىن مەسىلىلىرىدە ئادەملەر ئارىسىدا دىگەندەك پەرق قالمىدى. ئىشلەمچىلىك قىلغان ئادەم بوگۈن موسكۋادىنمۇ، ۋارشاۋادىنمۇ قەيەردىندۇر مال ئەكېلىپ، دۇكان ئېچىپ باي بولىۋاتىدۇ. ئۆلىمالار مەجلىس ئۆتكۈزۈپ، دۇنيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋاتىدۇ. دۇكاندارلارنىڭ خوتۇنلىرى بايلارنىڭ خوتۇنلىرىدىن بەكرەك كېيىنىدۇ. پىركازچىكلار ئۆزلىرىنى بايلاردىن قەتئى كەم قىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، زىياپەت، كىيىم كىيىش، بايلىقنى كۆز ــ كۆز قىلىش ۋە جابدۇنۇشنىڭ بۇ كۈندە ئانچە ئەتىۋارى قالمىدى، بەلكى پۇتلۇنلەي مەنىسىز بىر ئىش بولۇپ قالدى. چۈنكى بۇرۇنقى چاغلاردا مۇشۇ نەرسىلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بايلىقنى كۆرسىتىپ، خەلق ئارىسىدا ئىناۋىتىنى ئۈستۈرۈش ئارقىلىق چوڭ ئىشلارنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئىدى. ئەمما ھازىر ئىناۋەت، خاتىرجەملىككە ئېرىشىش ئۈچۈن باشقا ئۇسۇللار چىقتى. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن بايلىق كۆرسىتىشكە ھاجەت قالمىدى. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئائىلىلەرنىڭ يۈز ـ ئابرۇي تېپىشىغا، ئىش ـ ئوقەتنى ئەپلەشتۈرۈشكە سەۋەب بولغان جابدۇنۇشلار، مېھماندارچىلىقلار، بۇ كۈندە ئائىلىلەرنىڭ پالاكەتكە ئۇچرىشى، ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئابرۇيپەرەسلىككە، جابدۇنۇشقا بېرىلىپ كەتكەن خوتۇنلار ئەرلىرىنى ئوتقا تاشلايدۇ. ئەقىللىق خوتۇنلار مۇنداق ئىشقا رازى بولمايدۇ. بۇ زامان ياشلىرى ئۆز تويلىرىغا ئۆزى ئىگە بولۇپ، ئۆزى

تەدبىر قوللىنىشى لازىم. توي ئاقساقاللىرى بىلەن پىلان تۈزۈشۈپ، چوڭ يەپ ـ ئىچىدىغان زامانلار ئۆتۈپ كەتتى. ئەگەر قىزلارنىڭ چوڭ زىياپەت قىلىشىپ، يەپ ـ ئىچكۈسى كەلسە، ئۆزى قىلىشۋالسۇن، ياشلارنىڭ ئىقتىسادىنى بۇزۇپ، چېچىپ بەختىنى بوغمىسۇن. پەسكەشلەرچە يەپ ـ ئىچىشكە ئاتىغان ئاقچىلار ياشلارنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىغا (مىنىدىغان ئۇلاغ، سېغىن كالا، ئۆي ۋە ئۆي سەرەمجانلىرىدەك زۆرۈر ئىشلىرىغا) چىقىم قىلىنسۇن، تۇرمۇشىغا سەرمايە قىلىنسۇن.

پەسكەشلەرچە ئۆتكۈزۈلگەن نۇرغۇن تويلارنى كۆردۈم، ھەتتا ھەممىنى ئۇنۇتتۇم. لېكىن ئۇزۇن زامان ئۆتسىمۇ پەسكەشسىز ئۆتكەن بىر تويىنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمەن. رۇس يۇرتىدا ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرىدىغان بىر تۇل خوتۇن ئۆزىنىڭ يېتىم قىزىنى چەت شەھەردىكى چوڭ بايلاردىن بىرىگە بەردى. تويغا مۇپتى، قازى، مەھەللە ئىمامى ۋە ياشلاردىن ئىككى ـ ئۈچ ئادەم يىغىلىپ بارلىقى ئالتە ـ يەتتە ئادەم ئىدى. نىكاھ مۇراسىمى تۈگىگەندىن كېيىن داستىخان سېلىندى. ئەر تەرەپتىكى ۋەكىل بىر قانچە دانە پۇل چىقىرىپ: «ھەزرەت! بۇ ئاقچىنى توي قىلغۇچىلارنىڭ تۆھپىسى قىلىپ يوقسۇل ئوقۇغۇچىلارغا ياكى مەدرىسىنىڭ باشقا زۆرۈر جايلىرىغا خىراجەت قىلىپ بىرەرسىز» دەپ ئاخۇنغا بەردى، توي بىر ئاز ئۆتمەيلا ئاياغلاشتى. بىز تارقالدۇق. ئەمما شۇ تويىنىڭ تەسىرى كۆڭلۈمدە چوڭقۇر غەش پەيدا قىلغان بولسا كېرەك شۇ پېتى تۇرىدۇ.

شەرىئەتتە تويلۇقنىڭ كۆپ تەرىپى بەلگىلىك بىر ئۆلچەم بىلەن چەكلەنمىگەن، بەلكى قانچىلىك كۆپ بولۇشى خەلقنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان. بىر چاغدا ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىنبەردە خەلققە: «تويلۇقنى كۆپ سالماڭلار، ئەگەر تۆت يۈز دىرھەم (يىگىرمە سەككىز سەر كۈمۈش) مىقداردىن ئارتۇق تويلۇق بەرسەڭلار، ئارتۇقنى ھۆكۈمەت بانكىسىغا ئالىمەن (مۇسادىرە قىلىمەن)» دەپ سۆزلىگەندىن كېيىن مىنبەردىن چۈشتى. ئارقا سەپتە ئولتۇرغان بىر خوتۇن ئورنىدىن قوپۇپ: «ئى ئۆمەر! ئاللاھ تائالا قۇرئاندا: «خوتۇنلىرىڭلاردىن ئايرىلغان ۋاقتىڭلاردا تويلۇققا بەرگەن نەرسەڭلارنى ئېلىپ قالماڭلار، بەرگەن نەرسەڭلار مەيلى قىنتار (تۆت يۈز دىرھەمدىن كۆپ ئارتۇق) بولسىمۇ» دېدى ۋە ھەتتا تويلۇق ئۈچۈن قىنتار بېرىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىزنىڭ بۇ بۇيرۇقىڭىز قوبۇل قىلىنمايدۇ...» دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر خوتۇننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئارقىسىغا يېنىپ مىنبەرگە چىقتى ۋە: «ھەر بىرلىرىڭلار ئۆمەردىن ئالىمراق، مەن تويلۇق توغرىسىدا بەرگەن بۇيرۇقىمدىن ياندىم» دېگەن مەزمۇندا سۆزلەپ مىنبەردىن چۈشتى.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ ئىشى ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى خاتا بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ۋە رەسۇلۇللاھ ئەركىن قالدۇرغان نەرسىنى قىسىشنىڭ خەلق ئۈچۈن مۇۋاپىق بولماسلىقىنى ۋە خوتۇنلارنىڭ ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئاغرىنىدىغانلىقىنى سەزگەنلىكىدىندۇر. بولمىسا، ئايەتتىكى قىنتارنىڭ تويلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئاساس يوق، بەلكى ئۇ ئاياللارغا ھەدىيە سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

تويلۇقنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە تويلاردا ئىسراپچىلىق قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئەرلەرگىمۇ، ئاياللارغىمۇ پايدىلىق ئەمەس. ئۇنىڭ نەتىجىسى ئېلىپ ـ تېگىش ئىشلىرىنىڭ ئازىيىشى ۋە ئارقىغا سوزۇلۇشى (توي چىقىمىغا يېتىشەلمەسلىك سەۋەبىدىن ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ ئۇزۇن مۇددەت تۇل ئولتۇرۇپ قېلىشىدىن ئىبارەت) نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكى ئېنىق. چۈنكى ھەرقانداق ئىش چېكىدىن ئاشسا، ھەممە تەرەپتىن

يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى تەبىئىي. ئېلىپ ـ ئېيتقاندا ئەھمىيەت بېرىلىدىغان نەرسە، تويلۇق، توي زىياپەت ۋاھاكازالار ئەمەس، بەلكى ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپنىڭ دىنىدا، ئەخلاقتا، تەربىيە، تەبىئەت جەھەتلەردە مۇۋاپىق بولۇشىدۇر. تويلۇق، ئۆي سەرەمجانلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ئەر ــ خوتۇن ئۆچۈن ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ.

# 43 ـ ھەدىس: ئەڭ چوڭ ھەقلەر توغرىسىدا

**أَعْظَمُ النَّاسِ حَقًّا عَلَى المَرْأَةِ زَوْجُهَا، وَأَعْظَمُ النَّاسِ حَقًّا عَلَى الرَّجُلِ أُمُّهُ.** (الترغيب والترهيب)

خوتۇنلار ئۈستىدە بولغان ھەقلەرنىڭ چوڭى ئەرنىڭ ھەققى، ھەم ئەرلەر ھەم خوتۇنلارنىڭ ئۈستىدە بولغان ھەقلەرنىڭ چوڭى ئانىنىڭ ھەققىدۇر.

بۇ ھەدىستە ئاياللار ئۈستىدە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەققى ھەم ئەرلەرنىڭ ۋە خوتۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى ئانىلارنىڭ ھەققى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەرلەر ئۈستىدە خوتۇنلارنىڭمۇ ھەققى بار. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدە بالىلارنىڭمۇ كۆپلىگەن ھەققى بار. بۇنى ئوبدان بىلىش ۋە شۇ بىلگىنىگە ئەمەل قىلىش، بىلىش ئۈچۈن ئوقۇش، سوراپ بولسىمۇ ئۆگىنىش لازىم.

مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى مۇكەممەللىك، ئائىلە قۇرىدىغان شەخسلەرنىڭ بىرلىكىگە ۋە ئۇلپەت بولۇشىغا قاراشلىق بولغانلىقتىن، ئەر ـ خوتۇنلۇقنىڭ تەبىئىي بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شەخسلەر ئارىسىدىكى بىر ــ بىرى ئۈستىدىكى ھەقلەرگە يېتەرلىك دەرىجىدە رىئايە قىلىنىشى لازىم. «تەبىئىي ئەر ــ خوتۇنلۇق» ياشتا، ئەخلاقتا، ئىلىمدە، مىجەز ـ خاراكتېردەك ئىشلاردا ئەر بىلەن خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىگە مۇناسىپ ۋە مۇۋاپىق بولۇشىدىن ئىبارەت. مۇشۇ نەرسىلەرگە رىئايە قىلىنمىغان ئەر ـ خوتۇنلۇقتا ئەرنىڭ ھەققىمۇ، خوتۇننىڭ ھەققىمۇ لايىقىدا تولۇقلانمايدۇ، بەلكى تولا ۋاقىتىدا كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

# 44 ـ ھەدىس: تەۋەككۇل قىلىش توغرىسىدا

**قَالَ رَجُلٌ يَا رسول الله أَعْقِلُهَا وَأَتَوَكَّلُ أَوْ أُطْلِقُهَا وَأَتَوَكَّلُ قَالَ اعْقِلْهَا وَتَوَكَّلْ.** (سنن الترمذي)

بىر ساھابە رەسۇلۇللاھتىن: «تۆگەمنى باغلاپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلامدىمەن ياكى ئۇنى قويۇۋېتىپ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلامدىمەن؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «تۆگەڭنى باغلا ۋە ئاللاھقا تاپشۇر»، دېدى.

بۇ سۆزنى رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ تۆگەمنى قويۇپ بەردىم دېگەن ساھابىگە قارىتا ئېيتقان ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ مەقسىتى، تەۋەككۇلنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. بەندىلەر ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن بىللە، ئوبيېكتىپ تەدبىر ــ پىلانلارنى كەم قويماي قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرنى قىلىشقا تىرىشماي، سوزۇلۇپ يېتىش، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇش ياكى دۇئا قىلىپ، ناماز ئوقۇپ ئولتۇرۇش «تەۋەككۇل» ئەمەس. ئەگەر ھەر ئىش ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ھازىرلانماي، تەدبىر قوللانماي تۇرۇپ، دۇئا بىلەنلا پۈتسە ئىدى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇرۇشقا بېرىشقا ھاجىتى چۈشمەس ئىدى، بەلكى ئولتۇرغان جايىدا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغان، دۈشمەنلەرنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلۇپ، دۇنيادىن ئىزى ئۆچكەن بولاتتى. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىدىن ئۇلۇغ دۇئا يوقتۇر. پەيغەمبەرلەر، خۇسۇسەن پەيغەمبىرىمىز ھېچ ئىش قىلماي، تەدبىر قىلماي تۇرۇپ ناماز ئۈستىدە دۇئا قىلىپلا ئولتۇرغانمىدى؟ ئۇنداق ئولتۇرغىنى نەدە؟ ھەتتا تۆگىنىمۇ باغلاشقا، چۆكتۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇيتتى. شۇنىڭدەك خەلىپىلەر (رەسۇلۇللاھنىڭ ئىز باسارلىرى) ۋە ساھابىلەر ھەر ئىشنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرىگە يېپىشاتتى. كۆپ جاپا تارتىپ، چېكىسىدىن تەر ئاققۇزاتتى. ھالبۇكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغۇچى بەندىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سەپتە بولغانلىرى شۇلار ئىدى. ئىمام تىرمىزى ۋە باشقىلار: «ئەگەر ئاللاھ تائالاغا ئۆز لايىقىدا تەۋەككۇل قىلساڭلار، ئاچ ھالدا تاڭ سەھەرگە، توق ھالدا كەچكە كىرىدىغان ئۇچار قاناتلارغا رىزىق بەرگىنىدەك سىلەرگىمۇ رىزىق بېرىدۇ» دېگەن مەزمۇندا: **لَوْ أَنَّكُمْ كُنْتُمْ تَوَكَّلُوْنَ عَلَى اللهِ حَقَّ تَوَكُّلِهِ لَرُزِقْتُمْ كَمَا تُرْزَقُ الطَّيْرُ تَغْدُوْ خماصًا وتروح بِطَانًا فَغُدُوِّهَا وَ رَوَاحُهَا سَبَبٌ.** (الجامع لأحكام القرآن، للإمام القرطبي) دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ.

جانىۋارلارنىڭ كەچتە قورسىقى توق بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ كۈن بويى رىزىق ئىزدەپ جىم تۇرماي ھەرىكەت قىلىشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكەن يولىدا ماڭغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. ئۇچار قۇشلار ئۇۋىلىرىدا جىم ياتمايدۇ، جىم يېتىپ رىزىق قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. رىزىق تېپىش ئۈچۈن تاڭ ئاتقاندىن كەچ كىرگۈچە ئۇچىدۇ. بۇلارنىڭ تەۋەككۇلى — تىرىشىش ۋە سەۋەب قىلىشتىن ئىبارەت. رەسۇلۇللاھ ئادەملەرنى قۇشلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئىبرەت ۋە ئۈلگە ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. تەۋەككۇل — كۆڭۈلنىڭ ئىشى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر بىلەن پەقەتلا زىتلىقى يوق. ئىنسان كەسىپ قىلىپ تۇرۇپ تەۋەككۇل قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ۋە ھېچقانداق كەسىپ قىلمىغان ھالدا تەۋەككۇلسىز بولۇشى مۇمكىن. لېكىن رىزقنى پەقەتلا كەسىپىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالادىن كۆرۈش لازىم. بۇ ئوچۇق ئەھۋالدۇر. ھېچ ئىش قىلماي جىم يېتىش بولسا، ھايات

كۈرىشىدە دۈشمەنلەرگە ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ غالىب بولۇشىغا يول ھازىرلاش ھەم ئۇلار تەرىپىدىن ئاياق ئاستى قىلىنىش ۋە ئېزىلىش دېمەكتۇر. لېكىن كېيىنكى زامان مۇسۇلمانلىرى بۇ ئىشنىڭ زىيىنىنى چۈشىنىپ يېتەلمىدى، شەرىئەتنى توغرا چۈشىنەلمىگەنلىكتىن، بۇنىڭغا يانتاياق بولىدۇ. شۇڭا بۇلار جەڭ مەيدانىدا ئۆزىگە قارشى تۇرغۇچىلارغا قورال بېرىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى سەزمەيدۇ.

مەككە ـ مەدىنىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنماي تۇرۇپ، ئىشانلارنىڭ ئارقىسىدىن تىنەپ يۈرىدۇ. باللىرىنى ئوقۇتۇپ تەربىيەلىمەستىن خەتمە ئوقۇپ ئولتۇرۇش، زىكرى ـ سۆھبەتلەردە ئاھ ـ ئۇھ قىلىپ يۈرۈشلىرى بولسا، «دۈشمەن بىلەن ئەركىن ھايات تالىشىش، ئەركىن ھاياتنى ساقلاش» مەيدانىدىن قاچقانلىق، ھايات جېڭىدە دۈشمەنلەرگە كۈچ بەرگەنلىكتۇر. ھالبۇكى، ھەر كىم قولىدىن كەلگەن مىقدارى ئىشلەش، بايلىق ۋە ھۈنەر، تېخنىكا ئىشلىرىدا مىللەتنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ھەسسە قوشۇشى كېرەك.

بىز مازارلاردا ياتقانلارغا، ئىشانلارغا، مۇرىدلارغا ھۆرمەت قىلىشقا ھەم «بەيتۇللاھ ۋە رەسۇلۇللاھغا سېغىنىپ دۇئا ـ تەلەپ قىلىش بىلەن مەشغۇلمىز» دېگەندەك ئىبارىلەرگە ۋە قاپىيىلىك ھۆكمەت ـ قوشاقلارغا بەكلا ئەھمىيەت بېرىمىز. ئەمما ئەسلىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ساھە باشقىدۇر. جەننەت ئاچقۇچلىرى خەلقنىڭ ئايىغى ئاستىدا يۆتىلىشىپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ سۈركۈلۈپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنى كۆرمەي بەك يىراق يەرلەرگە بېرىپ ئىزدەيدۇ، ئەمما تاپالمايدۇ.

كۈشەنشىنلارنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولغان بىر ئادەمنىڭ: «بېشىمغا پادىشاھ ئىنئامىنى ياغدۇرار (يۈز سوم دۇئا قىلدۇرۇشىدىن كىنايە قىلىدۇ) دەپ پالانى كىشىنىڭ قېشىغا بارغان ئىدىم، ئارانلا يىگىرمە بەشلىكنى بەردى. يۈزى قىزارمىدى، ئۆزرىمۇ ئېيتمىدى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بىز ئوقۇغان مەدرىسە ھوجرىلىرىدىن بىرسىنىڭ تام مېشى يىقىلغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلار سوغۇقتا توڭۇپ جاپا تارتتى. ئۆكتەبىرنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى بولۇپ، ھاۋا سوغۇق ئىدى. بىر ـ ئىككى سوم ئاقچە يوقلۇقىدىن شاگىرتلارنىڭ سوغۇقتا ئولتۇرغىنىنى ئاڭلىغان بىر مۇساپىر ياشانغان ئادەم ھاسىراپ تۇرۇپ ئۆزى مەش ياساشقا كىرىشتى. شاگىرتلارنىڭ بىرسى خىش پارچىسى، بىرسى لاي، بىرسى سۇ توشۇغىلى تۇردى. ھەر قايسى بىر ئىشقا يۈگۈرەيتتى. ئوچاق، مورا يېرىم بولغاندا تام مەشكە ئوت ياقتى. تولسى پارچە كېسەك، چالما، داشقالدا ياسالغان بۇ تام مەش راسا كېلىشتى ۋە ئۇيدانلا يانىدىغان بولدى. تالىپلار خۇشال بولۇشۇپ: «بوۋا! سىزگە قانداق دۇئا قىلساق بولار؟» دېيىشتى. بوۋاي: «مېنىڭ مەقسىتىم بىرلا نەرسە، ئۇ بولسىمۇ دۇنيادىن ئىمان بىلەن كېتىش، شۇنى تىلەپ بەرسەڭلار بولدى» دېدى. شاگىرتلار بىر ئېغىزدىن ئۈنلۈك دۇئا قىلىشتى، بوۋاي ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

يىگىرمە بەش سومنى پۇل قاتارىدا كۆرمىگەن كىشىگە ياخشىلىق قىلىپ جەننەتنى سېتىۋالمەن دېگەننىڭ ئورنىغا بىر تەڭگىلىك تام مەشنى ياساپ بېرىش بىلەن سېتىۋالغىلى بولۇشى مۇمكىن. «ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىمەن» دېگەن باھانە بىلەن كەسىپ قىلىشتىن، تىرىشىشتىن توختاش قانچىلىك ئاساسسىز بولسا، تەقدىرنى باھانە قىلىپ كەسىپتىن، توغرا سەۋەبتىن ۋە تەۋپىلەرگە كۆرۈنۈش، داۋالىنىشتىن توختىتىۋېلىشمۇ شۇنچە بىمەنىلىكتۇر. بىرەر يەردىن چاي زىياپەت، نەزىر ـ چىراغلارغا قىچقىرىلىش تەمەسىدە يۈرگەن مۇنداق ئادەملەر

تەۋەككۈل ياكى تەقدىرنى پەش قىلىپ جان دەپ بارىدىغان تۇرۇپ، ئومۇم ۋە مۇھىم ئىشلار ھەققىدە ئاشۇنداق باھانىلەر بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇش پەقەتلا ھۇرۇنلۇق ۋە يالقاۋلىقتۇر، خالاس.

توسالغۇ ئەمەس تەۋەككۈل بىلەن ئىشلەش، كۈرەش قىلىش،

چېلىشقۇچىلار تاپتىلار ئىززەت، شان ـ شەرەپ.

# 45 ـ ھەدىس: تەقدىردە نېمە يېزىلغان بولسا شۇنىڭغا رازى بولۇش توغرىسىدا

**اعْمَلُوا فَكُلٌّ مُيَسَّرٌ لما خلق له.** (صحيح البخاري)

سىلەر ئەمەل قىلىۋېرىڭلار (ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىۋېرىڭلار)، ھەركىم قانداق ئىش ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، ئۇ كىشىگە شۇ ئىشنى قىلىش ئاسان بولىدۇ.

تەقدىرنى سۈرۈشتە قىلىش، ئۆزىنىڭ بەختسىز، بەختلىك، جەننەتكە كىرىدىغان ياكى دوزاخقا كىرىدىغانلاردىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىش، كوچىلاش بىھاجەت. سىز دىنى ئىسلام بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىڭ، شەرىئەت بۇيرۇغان ئىشلارنى ئادا قىلىڭ، ئىشىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، قابىلىيىتىڭىز يېتىدىغان ۋە سىز ئۇنى قىلىشقا يارىتىلغان ئىشلار ئالدىڭىزغا كېلىدۇ.

ئەمەل قىلىش دېمەك، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەدىس شەرىپتىكى ئەمەلدىن مۇ شۇ ئومۇمىي مەنە يەنى دۇنيالىق ئىشلار ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلار ئىرادە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. تەقدىر نۇقتىسىدىن ئاخىرەتلىك ئىشلارنى كەم قويۇش ياخشى ئىش دەپ قارالمىغاندەك، تەقدىرنى بۇرمىلاپ دۇنيا ئىشلىرىدا بوشاڭلىق قىلىشمۇ ياخشى ئەمەس. بەندىلەر تەقدىرگە ئىشىنىشكە بۇيرۇلۇش بىلەن بىللە، تەقدىرگە يۆلەپ قويۇپ ئىش ـ ھەرىكەتتىن توختاپ قېلىشتىن ۋە تېگىشلىك سەۋەبلەرنى قىلماي ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتىن مەنئى قىلىنىدۇ. ھەرىكەت قىلماستىن، تىرىشچانلىق كۆرسەتمەستىن نەچچە مو تېرىلغۇ يەرگە، نەچچە ماگىزىن توشقۇدەك مالغا ئىگە بولغان بىرەرسىنى كۆرگەنلەر يوق. ئالەم سەۋەبنىڭ ئالەمى بولۇپ، بارلىق نەرسىلەرنىڭ: **(وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنسَانِ إِلَّا مَا سَعَى)** «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.» (نەجم سۈرىسى 39 ـ ئايەت) دېگەن قائىدىسىگە قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن بىلىنىدۇ.

ئىمام غەززالىنىڭ:

**جَرَى قَلَمُ القَضَاءِ بِمَا يَكُونُ          فُسِيَان التَحَرُّكِ وَالسُّكُون،**

**جُنُونٌ مَعَكَ أنْ تَسْعَى لِرْزقٍ          وَيُرْزَقُ فِي غِشَاوَتِهِ الجَنِيْن.**

«مۇندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمى يېزىلىپ بولغان، ھەرىكەت قىلىشمۇ، جىم تۇرۇشمۇ ئوخشاش. رىزىق ئۈچۈن ئىشلىگىنىڭ ساراڭلىقىڭتۇر، قورساقتىكى بوۋاق پەردە ئىچىدە تۇرۇقلۇق رىزىق بېرىلىدىغۇ!» دېگەن بېيىتلەرنى كۆككە كۆتۈرۈشنى كاتتا ئادەملەرنىڭ پىكرى خاتالىقىغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىش كېرەك. بۇ بېيىتلەر شائىرلار، ئەدەبىياتچىلار تەرىپىدىن مەدھىيەلەنسىمۇ، ئىمام غەززالىدەك شېئىر ۋە ئەدەبىيات ساھەسى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان ئۆتكۈر ۋە تەتقىقاتچى ئالىملار تەرىپىدىن ياخشى دەپ باھا بېرىلىشى توغرا ئەمەس، ھەتتا قەبىھ شېئىر دەپ ئېغىزغا ئېلىنىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى ئىمام غەززالىدەك كەم تېپىلىدىغان بۈيۈك ئالىملارنىڭ قەبىھ ھېسابلىنىشى شېئىرنى ئېتىبارغا ئالغانلىق بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، بۇ شېئىر مەنە ۋە مەزمۇن

جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھېچ قانداق قىممىتى يوقتۇر. ئاللاھنىڭ: ﴿**وَهُزِّي إِلَيْكِ بِجِذْعِ النَّخْلَةِ تُسَاقِطْ عَلَيْكِ رُطَبًا جَنِيًّا**﴾ يەنى «خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن...» (مەريەم سۈرىسى 25 ـ ئايەت) ۋە (**فَامْشُوْا فِيْ مَنَاكِبِهَا**) يەنى «زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار» دېگەندەك ئايەتلەر بىلەن خەلقىقە ھايات قائىدىلىرىنى، تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ۋە دۇنيادا پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىنتىزاملىرىنى تەكىتلىۋاتسا، ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلغانلىنىڭ، جىم تۇرغاننىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغان جاھىل شائىرنىڭ خىيالى شېئىرلىرىنى «ھەرىكەت قىلىش بىلەن جىم يېتىش ئوخشاش» دېگەن مەنىسىز سۆزلىرىنى «ياخشى» دېيىشى، قورساقتىكى بالىنى مىسال كەلتۈرۈشى بىمەنىلىكتۇر. بالا ئۆزى ھەرىكەت قىلمىسا، بالا ئۈچۈن ئانىسى ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ تىرىكلىكى ئانىسىنىڭ تىرىكلىكىگە باغلىق، ئەگەر ئانىسى ھەرىكەت قىلمىسا، بالا ئوزۇقلىنالامدۇ؟ ئىمام غەززالى بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ ئەگەر ئىمام غەززالىنىڭ: «**إحياء علوم الدين**» ۋە «تهافت» ئىسىملىك كىتابلىرىدا سەۋەبلەر بىلەن سەۋەب قىلىنغۇچى نەرسىلەر توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزى ھەممە قائىدىلەرگە مۇۋاپىق ئىلمىي ئۇسۇلدا سۆزلەنگەن بولسا ئىدى، بۇ شېئىر ھەققىدىكى مۇئامىلىسى ئېتىبارسىز بولاتتى ۋە كۆپ ئۆزارتىلماس ئىدى. لېكىن بۇ ئادەمنىڭ سەۋەبلەر توغرىسىدىكى مەسلىكى بەك چۇۋالچاقتۇر.

**العِصْمَةُ لله وَحْدَهُ** كەمچىلىكسىز بولۇش ئاللاھقىلا خاستۇر.

# 46 ـ ھەدىس: بەش نەرسىنى غەنىيمەت بىلىش توغرىسىدا

**اِغْتَنِمْ خَمْسًا قَبْلَ خَمْسٍ شَبَابَكَ قَبْلَ هَرَمِكَ وَصِحَّتَكَ قَبْلَ سَقَمِكَ وَغِنَاكَ قَبْلَ فَقْرِكَ وَفَرَاغَكَ قَبْلَ شُغْلِكَ وَحَيَاتَكَ قَبْلَ مَوْتِكَ.** (خريج أحاديث الإحياء، للحافظ العراقي)

بەش نەرسە كېلىشتىن بۇرۇن بەش نەرسىنى غەنىمەت بىل! يەنى ئۆلۈشىڭدىن بۇرۇن تىرىكلىكىڭنى، كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن ساقلىقىڭنى، بىر ئىش بىلەن بەنت بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇن بوش ۋاقتىڭنى، قېرىشتىن بۇرۇن ياشلىقىڭنى، يوقسۇل بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇن بايلىقىڭنى غەنىمەت بىل!

بۇ بەش نەرسىنىڭ قەدرى ـ قىممىتى — بۇلار قولدىن كېتىپ ئورنىغا بۇلارنىڭ تەتۈرسى كەلگەندىن كېيىن بىلىنىدۇ. بۇنى ھەر كىم ئۆز تەجرىبىسى بىلەن چۈشىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئويلاپ كۆرمەيدۇ، ھەمىشە مەغرۇرلۇق بىلەن تۇيماي يۈرۈۋېرىدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ بۇ نەرسىلەرنى ئۇممىتىگە ئەسلىتىدۇ، بىخۇتلاشماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە تىرىكچىلىك ۋە تۇرمۇش يولى بولغان بۇ دۇنيا ھەق تائالانىڭ: ﴿**وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا مَتَاعُ الْغُرُورِ**﴾ «دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر» (ئال ئىمران سۈرىسى 185 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتىگە ئىنتايىن مۇۋاپىق بولۇپ، ئالدىنىش ۋە غاپىل بولۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەم بالىسى بۇ يەردە دائىم مۇشەققەت بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بولغان ۋە بولمىغان ئىشلارغا ھەسرەت چېكىپ، يۈرىكى كۆيۈپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىنىڭ خۇي ـ ئەخلاقىنى ياخشىلاشقا، ھەقىقىي ئىلىم ئېلىشقا ۋە دۇنياغا يېتەرلىك تونۇش ھاسىل قىلىشقا يېتەلمەيدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۆمۈرلىرى كېيىنكى نەرسىلەرنى ئۈمىد قىلىش ۋە خىيال سۈرۈش بىلەن بىھۇدە ئۆتىدۇ. ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن بىرگە ھەممە ئىشلىرى ئاخىرلىشىپ، چالا قالىدۇ. ئازغىنە نەرسىدىن باشقا ئۆزىگە ياخشىلىق ئەكىلىدىغان بىرەر ياخشىلىقمۇ قالمايدۇ. ياخشىلىقلارنى ھايات ۋاقتىدىلا قىلىۋېلىش مۇمكىن. ئاللاھ تائالا تەۋپىق بەرگەن زاتلار ھاياتلىقنىڭ ئازغىنە ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، كۆپ ئىشلارنى قىلىۋېتەلەيدۇ. ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ھەر دائىم ئالدىرايدۇ. شۇڭا ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن تىرىكلىكنى غەنىمەت بىلىش، قانداقلا بولمىسۇن، توغرا نىيەت ۋە ساپ قەلب بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قالدۇرۇش لازىم. ياخشىلىقنى چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىماستىن قىلىش كېرەك: ﴿**فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَه**﴾ «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ» (زەلزەلە سۈرىسى 7 ـ ئايەت).

جان ۋە تەننىڭ ساغلام بولماسلىقى مۇشۇ ئۆلۈغ ھەدىستىكى كېسەللىككە كىرىدۇ.

# 47 ـ ھەدىس: ئىلىم ئۆگىنىش توغرىسىدا

**اغْدُ عَالِمًا أَوْ مُتَعَلِّمًا أَوْ مُسْتَمِعًا أو محبا وَلَا تَكُنِ الخامسة فَتَهْلِكَ.** (سنن الدارمي)

ئالىم ياكى ئۆگەنگۈچى ياكى (ئىلىمنى) ئاڭلىغۇچى ياكى (ئىلىمنى) سۆيگۈچى بولغىن! بەشىنچى بولما (ئىلىمنى يامان كۆرگۈچى بولما)، ھالاك بولىسەن!

قولۇڭدىن كەلسە، پۇرسەت تاپالىساڭ ئوقۇپ ئالىم بول. ئالىم بولۇش نېسىپ بولمىسا، شاگىرت (ئىلىم ئۆگەنگۈچى) بول. بۇمۇ نېسىپ بولمىسا، ئىلىم مەجلىسلىرىدە ئولتۇرۇپ ئىلىم ئاڭلا. بۇمۇ بولمىسا، ئىلىمنى دوست تۇت. بۇنىڭدىن باشقىسى (دىنىي ئىلىمنى خالىمايدىغان) بولۇش ھەقىقەتەن خەتەرلىكتۇر. چۈنكى ھالاك بولۇش شۇنىڭدىدۇر. ئىبنى ئەلۋەردى مۇشۇ ھەدىسنى:

**كُنْ عَالمًا فِي النَّاسِ أَو مُتَعَلِّمًا     أَو سَامِعًا فَالعِلْمُ ثَوْبُ فَخَارٍ،**

**مِنْ كُلِّ فَنٍّ خُذْ ولاَ تَجْهَلْ بِهِ     فَالحُرُّ مَطْلَعٌ عَلَى الأَسْرَارْ.**

«بىلگۈچى، يا ئۆگەنگۈچى، يا بىلىم ئاڭلىغۇچى بول. بىلىم بولسا پەخرى كىيىمدۇر، ھەر قانداق بىلىمنى ئۆگەن، ئۇنى بىلمەي قالما. ئەركىن روھلۇق ئادەم پايدىلىق بىلىملەرگە قايىل بولىدۇ» دەپ نەزم قىلىدۇ.

ئىلىمنى دوست تۇتۇش بولسا، ئىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، خەلق ئارىسىغا ئىلىمنى تارقىتىش، بىلدۈرۈش، ئۆگىتىش، ئوقۇغۇچىلارغا، مەكتەپ ـ مەدرىسىلەرگە، ئوقۇتقۇچىلارغا ماددىي ـ مەنىۋى ياردەملەرنى قىلىش، گۇمان ياكى كونا ئاداۋەت سەۋەبىدىن ئىلىم ـ ئەھلىلىرىنى دۈشمەن كۆرۈشتىن، يامانلىق قىلىشتىن، غەيۋىتىنى قىلىشتىن، ئىلىمنى سۇيىئىستىمال قىلىشتىن، ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ باشقىچە كۆرسىتىشتىن ساقلىنىش، ئومۇمەن ئىلىم يولىدا، ئىلىم خىزمىتىدە بولغان كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە بەزىلەر:

**فَلَولاَ العِلْمُ مَا سَعدَتْ نُفُوسُ     وَلاَعَرِفَ الحَلاَلَ ولاَ الحَرَامَ،**

**هُوَالهَادِي الدَلِيْلِ إِلَى المَعَالِي     وَمِصْبَاحٌ يُضِئُ بِهِ الظَّلاَّمَ.**

«ئىلىم بولمىسا ئىدى، ئىنسانلار بەختلىك بولالمايتتى، ھالال بىلەن ھارام تونۇلمايتتى. ئىلىم كىشىنى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتۈرگۈچى، قاراڭغۇ كۆڭۈللەرنى يورۇتقۇچى نۇردۇر» دېگەن بېيتلەرنى ئېيتقان.

ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭمۇ باشقىلاردەك دۇنيادا بەختلىك ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ياشىغۇسى بولسا، بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى باشقىلاردەك تەرتىپلىك يوسۇندا ئىلىم ئۆگىنىشتۇر (دىنىي، ئەخلاقىي، سىياسىي بىلىمدە يۈكسەك پەللىلەرگە يېتىش، پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش، كەشپىياتلارنى يارىتىش ئارقىلىق يات

مىللەتلەردىن كېيىن قالماسلىق، ئىچكى ئىختىلاپنى تۈگىتىپ، دىنىي، مىللىي دوستلۇقنى كۈچەيتىپ، خائىنلىقنى يوق قىلىشتۇر).

**إنّ الجَهَالةَ كَالوَبَاء مُضِيعَةٌ        أَروَاح أَهْل الشَعْبِ كُلُّ ضَيَاعٍ،**

**لاَيَرتَقِى شَعْبٌ بِغَيْر مَعَارِفَ        هَلْ يَهْتَدِي السَارِى بِغَيْر شُعَاعٍ.**

«بىلىمسىزلىك ۋابا كېسىلىدەك مىللەتلەرنىڭ روھىنى نابۇت قىلىدۇ. ھېچقانداق مىللەت بەخت ـ سائادەت يولىنى تونۇماستىن گۈللىنەلمەيدۇ. كېچىدە يول ماڭغان كىشى ئاي شولىسى بولمىسا، يولىنى تاپالامدۇ؟»

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى بۇ ھەدىستە ئىلىمگە ئىخلاسى بولمىغان كىشىلەرنى ھالاك بولغۇچىلار قاتارىدىن ھېسابلايدۇ. ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئايەت كۇپايە قىلسا كېرەك!

﴿هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾ «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟» (زۇمەر سۈرىسى 9 ـ ئايەت)

## ***48*** **ـ ھەدىس: سالامەت ۋاقتىدا بېرىلگەن سەدىقىنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا**

**أَفْضَلُ الصَدَقَةِ أَنْ تصَدقَ وَأَنْتَ صَحِيْحٌ شَحِيْحٌ، تَخْشَى الفَقْرَ وتَأْمَلُ الغِنَى، ولاَ تَمْهَلْ حَتَّى إِذَاَ بَلَغَت الحُلْقُومْ قُلْت: لِفُلاَنٍ كَذَا، وَلِفُلاَنٍ كَذَا، أَلاَ وَقَد كَانَ لِفُلاَنٍ.** (الجامع الصغير)

سەدىقىنىڭ ئەڭ ساۋابلىقى — ئۆزۈڭ سالامەت ھەم مال جۇغلاشقا ھەۋەسىڭ كۈچلۈك، كەمبەغەللىكتىن قورقىدىغان، باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋاقتىڭدا قىلغان سەدىقىدۇر. سەدىقە بېرىش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمە! ئۆلۈم گىردابىدا «پالان كىشىگە ئانچە پۇل، پالان كىشىگە پالان نەرسەمنى سەدىقە قىلىڭلار» دېگىلى تۇرىسەن. ھالبۇكى، بۇ چاغدا مال ـ مۈلكۈڭ مىراسچىلار قولىغا ئۆتۈپ بولغان بولىدۇ. سېنىڭ قارارىڭنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

سەدىقىنىڭ ساۋابلىقراقى ئۆزۈڭ ساق چاغدا ئۆز قولۇڭ ۋە كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ بېرىلگىنىدۇر. ئىبنى دۇرەيد:

**وِلِلْفَتَى مِنْ مَالِهِ مَا قَدَّمَتْ　　　يَدَاهُ قَبْلَ مَوْتِهِ لاَ مَااقْتَنَى،**

**وَإِنَّمَا المَرْءُ حَدِيْثٌ بَعْدَهُ　　　فَكُنْ حَدِيثًا حَسَنًا لِمَنْ وَعَى.**

«ئىنساننىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ياخشى ئىشقا خەجلىۋالغىنى ئۇنىڭ مېلىدۇر، تاپقىنى ھەممىسى ئۇنىڭ ئەمەس، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئارقىدا قالغانلارغا ئۈلگە بولىدۇ. سېنى ئېسىدىن چىقارمىغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى تەمسىل، تارىخىي ئۈلگە بول!»

سەدىقىنىڭ ساۋابىنىڭ ئارتۇقلۇقى توغرىسىدا ئايەتلەرمۇ، ھەدىسلەرمۇ كۆپ. لېكىن سەلەپ (ساھابىلەر، تابىئىنلار) زامانىسىدا بەك تەڭلىكتە قالمىغان كىشىلەر ئاغزى بىلەنمۇ، قىياپىتى بىلەنمۇ سەدىقە سورىمايتتى. كۆپىنچىسى سورىماي بېرىلگەن سەدىقىنى قوبۇل قىلمايتتى. تېنى ساق، ئىش ـ كەسىپ قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغان تۇرۇپ، بىراۋدىن بىر نەرسە سوراشنى خارلىق ۋە پەسكەشلىك ھېسابلايتتى. ئەمما زامانىمىزدا بۇ خىل سەدىقە بېرىش ۋە ئېلىش ئۇسۇلىدىن پۈتۈنلەي چەتنەپ كېتىلدى. سەدىقىگە دۇئا قىلىش ياخشى كەسىپلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئىسلام روھىنىڭ ۋە مەقسىتىنىڭ تامامەن ئەكسى ئەۋج ئالدى. بىر قىسىم تون ۋە كۇلالىق مۇسۇلمانلار، مەيلى مۇسۇلمان ياكى باشقا تائىپىدىكىلەر بولسۇن، ئازدۇر ـ كۆپتۇر نەپ چىقىدىغان يەر بولسا، شۇنى يانچۇقچىلاردەك سۇغۇرۇپ ئالىدىغان بولدى. نۇرغۇنلىرى يەتمىش ـ سەكسەن تىيىن، بىرەر سوم ئۈچۈن كۈنلىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ. رامىزان ئايلىرىدا زاكات ئېلىش ئۈچۈن يۈز چاقىرىم يىراق يەرلەردىن يىغىلىپ، قىممەتلىك ئۆمرىنى، قىممەتلىك ۋاقتىنى خازان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەدىقىگە بىر قائىدە بېكىتىپ، مۇسۇلمانلارنى يات مىللەتلەر ئالدىدا كۆلكىگە قويماستىن، ئىسلامنىڭ روھىنى ۋە مەقسىتىنى ئۆز جايىدا ئەمىلىلەشتۈرۈش لازىم ئىدى. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىكى ۋەزىپىلەردىن بىرى مۇشۇ ئىشتۇر.

## 49 ـ ھەدىس: ئەڭ ئەۋزەل سەدىقە توغرىسىدا

**الصَّدَقَةِ مَا كَانَ عَنْ ظَهْرِ غِنًى وَالْيَدُ الْعُلْيَا خَيْرٌ مِنْ الْيَدِ السُّفْلَى وَابْدَأْ بِمَنْ تَعُولُ.** (سنن النسائي)

سەدىقىنىڭ ساۋابلىقراقى ئۈزىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالغان نەرسىنى سەدىقە قىلىشتۇر. ئۈستىدە تۇرغۇچى (بەرگۈچى) قول، ئاستىدا تۇرغۇچى (ئالغۇچى) قولدىن ياخشىراقتۇر. سەدىقە بەرمەكچى بولساڭ، سېنىڭ نەپىقە بېرىشىڭ لازىم بولغان كىشىدىن باشلا!

سەدىقە بېرىمەن دەپ پۈتۈن دۆلىتىڭدىن، بايلىقىڭدىن ئايرىلما. ئاللاھ تائالا بۇ توغرىدا: ﴿**وَلَا تَجْعَلْ يَدَكَ مَغْلُولَةً إِلَى عُنُقِكَ وَلَا تَبْسُطْهَا كُلَّ الْبَسْطِ فَتَقْعُدَ مَلُومًا مَحْسُورًا**﴾ (قولۇڭ باغلانغادەك ھېچ نەرسە بەرمەي جىم تۇرما ھەم سەدىقە بېرىمەن دەپ قولۇڭنى پۈتۈنلەي يېيىۋەتمە (ھېچنېمە قويماي بېرىۋەتمە)». (ئىسرا سۈرىسى 29 ـ ئايەت) دېگەن مەزمۇندىكى ئايىتى ئارقىلىق ئوتتۇرا ھال يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سەدىقىنىڭ ئەۋزەلى، ساۋابلىقراقى مۇشۇ ھەدىسكە قارىغاندا، سەدىقە قىلغۇچىنى موھتاجلىققا چۈشۈرۈشكە سەۋەب بولغان سەدىقە ئەمەس، بەلكى ئۆزىگىمۇ ماددىي ئىقتىساد ياكى (كۆڭۈلنىڭ رازىلىقىدەك) مەنىۋى بايلىق قالدۇرغان سەدىقەدۇر. ھەر ھالدا سەدىقەڭدىن كېيىن ساڭىمۇ يەتكۈدەك، كۆڭلۈڭ قانائەت قىلغۇدەك نەرسەڭ قالسۇن. بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ياخشىراق «سەدىقە بەرمەكچى بولساڭ، نەپىقە بېرىشىڭ لازىم بولغان كىشىدىن باشلا» دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ ئوچۇق تەپسىرى 3 ـ ھەدىس شەرھىنىڭ ئۆزى ئىدى. نەپلە سەدىقە بېرىشتە ئىنسانىنىڭ نەپىقە بېرىشى پەرز بولغان كىشىلەردىن باشلاش لازىم. چۈنكى مۇنداق كىشىلەرگە سەدىقە بېرىشتە ھەم سەدىقە بەرگەنىنىڭ ساۋابى ھەم نەپىقە، سىلە ـ رەھىم قىلغانىنىڭ ساۋابى بولىدۇ.

مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ئىمام بۇخارى: «**تَقُولُ الْمَرْأَةُ إِمَّا أَنْ تُطْعِمَنِي وَإِمَّا أَنْ تُطَلِّقَنِي**» دەپ بىر جۈملىنى ئارتۇق رىۋايەت قىلىدۇ: «نەپلە سەدىقەڭنى نەپىقە بېرىشىڭ كېرەك بولغان كىشىدىن باشلا، ئۇنىڭ بىرى خوتۇنۇڭدۇر. خوتۇنۇڭ ساڭا يا مېنىڭ نەپەقەمنى بەر يا قويۇپ بەر! دېگۈدەك بولمىسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ (ئۆشرە، زاكاتتىن باشقا سەدىقىنى ئۆز ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا بېرىش كېرەك دېگەنلىك بولىدۇ).

## 50 ـ ھەدىس: ئەڭ ئەۋزەل كەسىپ توغرىسىدا

**فَقَالَ (أَفْضَلِ الْكَسْبِ) بَيْعٌ مَبْرُورٌ وَعَمَلُ الرَّجُلِ بِيَدِهِ.** (مسند أحمد)

كەسىپنىڭ ئەۋزىلى خىيانەتسىز ئېلىم ــ سېتىم، كىشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرىشىدۇر.

ئىنسانلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا يېمەك ــ ئىچمەك، يېيىشكە خىراجەت تېپىشقا ۋە ئۆزىنى بېقىپ ئاسراشقا مەجبۇردۇر. بۇ ھەدىستە رىزىق ھاسىل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىككى تۈرلۈك يول كۆرسىتىلىدۇ. بىرسى، ساختىلىق ئارىلاشمىغان سودا ـ سېتىق. ئىككىنچىسى، قول ھۈنەرلىرى. ئادەم باللىرى ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ھىمايىسى ئاستىدا بولغان ئائىلىلىرىدىن، يېقىنلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە بالا ـ مۇسىبەتكە ئۇچرىغان دىنىي ۋە نەسلىي قېرىنداشلىرىغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە مال ــ دۇنيا تېپىشى شەرتتۇر. «بۇ پانى دۇنياغا قىزىقىقانلىق پۇل ـ مالغا مۇھەببەت باغلاش بولىدۇ. شۇڭا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش مۇسۇلمانلارغا دۇرۇس ئەمەس» دېگۈچىلەر باتىل، ئاساسسىز، بىمەنە سۆزلەيدۇ. ماھىيەتتە بۇ مەزمۇندىكى سۆزلەر بولسا، بىر بۆلۈك ئادەملەرنىڭ ماللىرىنى، بايلىقلىرىنى ھىيلە بىلەن سۇغۇرۇپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن پانى دۇنياغا رىغبەتلەنگۈچىلەر ۋە بايلىققا مۇھەببەت باغلاپ ئاسان يول بىلەن پۇل تېپىشقا ئېرىشكۈچىلەر تەرىپىدىن تارقىتىلغان پىتنە ـ پاساتتۇر. بەندىلەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا بۇيرۇلغان. قۇرئان كەرىم: ﴿**فَإِذَا قُضِيَتْ الصَّلَاةُ فَانتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِنْ فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ**﴾ «ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارقىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تىلەڭلار»[15] دەيدۇ.

دۇنيادا ئەڭ لەززەتلىك ئۇزۇق ئادەمنىڭ ئۆز كەسىپى ۋە بىلىكىگە تايىنىپ تۇرۇپ تاپقان ۋە ماڭلاي تەرىنى ئېقىتىپ قولغا كەلتۈرگەن ئۇزۇقتۇر. ئاللاھ تائالا: ﴿**وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنْسَانِ إِلاَ مَا سَعَى**﴾ «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»[16] دەپ ئۆزىنىڭ بەلگىلىگەن تۇرمۇش يولىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ خام خىياللىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى ئەلۋەتتە بۇزمايدۇ ۋە ئۆزى تىرىشمىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئاسماندىن رىزىق ياغدۇرمايدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغان دۇئا ۋە مۇناجاتلاردىنمۇ مېۋە چىقمايدۇ. دۇئانىڭ پايدىسى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق ئىشلاردىدۇر. دۇكىنىڭغا ئوبدان قارىساڭ دۇكىنىڭ ساڭا ئوبدان قارايدۇ، ئاچ ـ يالىڭاچ قويمايدۇ.

---

[15] جۇمە سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

[16] نەجم سۈرىسى 10ـ ئايەت.

قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە ھازىرقى كۈندىلا ئەمەس، بۇرۇنقى زامانلاردىمۇ ئەھمىيەت بېرىلەتتى. ئەخلاق ۋە ھېكايە كىتابلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان ۋەقە ۋە قىسسىلەر بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ، بىر دەرس كىتابىدىن تۆۋەندىكى تەمسىلنى ئۈلگە بولسۇن ئۈچۈن بايان قىلىمىز:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا چوڭ بايلاردىن بىرىنىڭ ئوغلى سەھرادا سۇ بويىدا كېتىۋېتىپ كەپىدە ئولتۇرىدىغان بىر كەمبەغەل بېلىقچىنىڭ قىزىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولغان ۋە شۇ قىزنى نىكاھىغا ئالماقچى بولۇپ، قىزنىڭ دادىسىدىن سورىغان. بېلىقچى: «قانداق ھۈنىرىڭىز بار؟» دەپ سورىغان. يىگىت: «مەن پالان كىشىنىڭ ئوغلى بولىمەن، بىزنىڭ بايلىقىمىز ئۆز ئۆمرىمىزدىمۇ، باللىرىمىزنىڭ باللىرىنىڭ ئۆمرىدىمۇ يېتىدۇ» دېگەندە، بېلىقچى: «بايلىق بىر ئايلىق، ئۇنىڭدا ئىشەنچ يوق. بىرەر كېلىشمەسلىك سەۋەبىدىن بىر تىيىنسىز قېلىشىڭ مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئۆزۈڭنى ۋە خوتۇنۇڭنى، باللىرىڭنى نېمە بىلەن باقىسەن؟ ھۈنىرى بولمىغان كىشىگە مەن قىزىمنى بېرەلمەيمەن»، دەپ يىگىتنىياندۇرغان. ئىككى ئايدىن كېيىن يىگىت كېلىپ بېلىقچىدىن قىزنى يەنە سورىغان ھەم «مەن بېرزىنت توقۇشنى ئۆگەندىم، مانا بۇ بېرزىنتنى ئۆزۈم توقۇدۇم ۋە قىزنى سورىغىلى كەلدىم» دېگەن. بېلىقچىمۇ: «ئەمدى مۇمكىن» دەپ قىزنى نىكاھ قىلىپ بەرگەن.

ئادەم بالىسى ھەر قانچە زېرەك ۋە كاتتا ئائىلىدىن كېلىپ چىققان باي بولسىمۇ، قولى بىلەن ئىش قىلىشى، ماڭلاي تەرىنى ئېقىتىپ بايلىق تېپىشنى ئۆگىنىشى ئەيىب ئەمەس، ئەمگەك قىلىش ئىنساننىڭ ئەتىۋارىنى تۆۋەنلەشتۈرمەيدۇ. داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قول كۈچى بىلەن ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. سودا ــ سېتىق، زىرائەت (تېرىقچىلىق)، قول كۈچى بىلەن ئىشلەش، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ پەزىلەتلىك ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم سەھىھلىرىدا، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇسنەدىدە، ئومۇمەن **كُتُبُ السِّتَّةِ** (ئالتە كىتاب) تا ھەدىسلەر بەك كۆپ. ياۋروپادا مىليونېر باللىرىنىڭ ئايلىق مائاشقا زاۋۇتلاردا، كاراخانىلاردا ئىشلىگەنلىكىنى ۋە ئىشچىلار بىلەن بىللە يۇرگەنلىكىنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئوقۇدۇق. يولۋاس ئاغزىدىكى ئالتۇننى ئېلىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كېرەك. يېقىنچە ئۇسۇلدا ئېچىلغان مەكتەپلىرىمىزدە قىز باللارغا قول ھۈنەرلىرى ئۆگىتىلىدۇ. بەزىبىر جەمئىيەتلىرىمىز (ئاممىۋى مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن تەشكىللەنگەن جەمئىيەتلەر) تەرىپىدىن ئوغۇل باللار ئۈچۈن كەسپى ھۈنەر مەكتەپلىرىنىڭ ئېچىلىشى بەك ياخشى، كۆڭۈل شاد بولىدىغان ئىشلاردىندۇر. بۇ يولدا خىزمەت قىلغۇچىلارغا، بايلىقى بىلەن ياردەم قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالا تۈگىمەس مۇكاپات بەرسۇن!

ساقمار بويىدا بولغان سەپىرىمدە باشقۇرد خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئوبدان شارپا توقۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ۋە تۆمۈر يول ئىستانسىلىرىدا مۇسۇلمان خوتۇنلارنىڭ ئۆزى توقۇغان شارپىلارنى سېتىپ يۈرگەنلىرىنى كۆرۈپ، شۇ قەبىلە خەلقىنىڭ مۇندىن كېيىن پېقىرلىقتىن قۇتۇلىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدىم زورايدى. باشقۇردلار ھۈنەرسىز، ھۇرۇن ئادەملەر دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئېچىنغان ئىدىم، ئەمما باشقۇرد كەنتلىرىدە پىچان ۋە ئورام ماشىنىلىرى، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىنغانلىقىنى ۋە ياخشى قائىدىلەر بىلەن ھايات باشلانغىنىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇم. ﴿**كَذَلِكَ يُحْيِ اللَّهُ الْمَوْتَى، إن الله عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ**﴾ «ئاللاھ تائالا ئۆلۈكلەرنى شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كۈچى ھەممىگە يېتىدۇ»نىڭ ھېكمىتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ يەتتىم. ھۈنەر بولسا، يوقسۇللۇقتىن قوغدايدىغان قالقاندۇر. دۇنيا يىلدىن يىلغا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

تىرىكچىلىك كۈندىن كۈنگە باشقىچە بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆتمۈشتىكى ھۈنەرلەر بۈگۈن ئىشقا يارىمايدۇ. بۈگۈنكى كەسىپ ئەتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدۇ. كەنتلەردە يەرلىك بوقۇسدا يەر تېرىش، ئوغاق بىلەن ئورما ئورۇش ئىشلىرى ماشىنىلىشىدۇ. يەرنى بوقۇسا ئورنىغا تراكتور ئاقتۇرىدۇ. بۇزۇلسا ئۆزى ئوڭلىغۇدەك ھۈنەر كېرەك بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، دۇنيانى ھۈنەرگە قابىل ئىنسانلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، پۈتلىشىپ يۈرمەستىن يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

# 51 ـ ھەدىس: بۈيۈك گۇناھلار توغرىسىدا

**أَكْبَرُ الْكَبَائِرِ الْإِشْرَاكُ بِاللَّهِ وَقَتْلُ النَّفْسِ وَعُقُوقُ الْوَالِدَيْنِ وَشَهَادَةُالزور.** (صحيح البخاري)

ئەڭ چوڭ گۇناھلار ئاللاھ تائالاغا بىر نەرسىنى شېرىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر.

گۇناھلارنىڭ كىچىكلىرىمۇ چوڭلىرىمۇ بولىدۇ. بۇنى ﴿**وَوُضِعَ الْكِتَابُ فَتَرَى الْمُجْرِمِينَ مُشْفِقِينَ مِمَّا فِيهِ وَيَقُولُونَ يَاوَيْلَتَنَا مَالِ هَذَا الْكِتَابِ لَا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً إِلَّا أَحْصَاهَا وَوَجَدُوا مَا عَمِلُوا حَاضِرًا وَلَا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَدًا**﴾ «كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: ۋاي بىزگە! بۇ نامە ـ ئەمەلغا چوڭ ـ كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟ دەيدۇ.»[17] ﴿**وَكُلُّ شَيْءٍ فَعَلُوهُ فِي الزُّبُرِ، وَكُلُّ صَغِيرٍ وَكَبِيرٍ مُسْتَطَرٌ**﴾ «ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى ۋە يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى نامە ـ ئەماللىرىدا مەۋجۇدتۇر. كىچىك ئىش، چوڭ ئىشنىڭ ھەممىسى (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنگەندۇر.»[18] دېگەندەك ئايەتلەردىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

گۇناھلارنىڭ چوڭى — جازاسى چوڭ بولىدىغان گۇناھ دېمەكتۇر. شېرىك دېگەن سۆزدىن مەقسەت، مۇتلەق كۇپرىلىق بولۇپ (ئاللاھ ساقلىسۇن!)، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىشمۇ شېرىك ھۆكمىدە، بەلكى چوڭراق جىنايەتتۇر.

شەرئىەتكە خىلاپ بولمىغان ھالدا ئاتا ـ ئانىنى (بۇلار بولمىغاندا چوڭ دادا ــ چوڭ ئانا) لارنى قاخشىتىش ئەلۋەتتە چوڭ گۇناھ. ئەمما شەرئىەت مەسىلىسىدە بويسۇنۇش دۇرۇس ئەمەس، مەخلۇققا بويسۇنىمەن دەپ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەگەر دادا ياكى ئانىنىڭ قايسى بىرى بالىنى كۆچى يەتمەيدىغان ئىشقا زورلىسا، بۇ چاغدا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ مۇنداق ۋەقەلەر داۋاملىق بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئوغۇللىرى ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان بىر قىزنى نىكاھىغا ئالماقچى بولسا ياكى قىزى ئۆزى ياقتۇرىدىغان بىر كىشىگە تەگمەكچى بولسا ياكى تۇل ئولتۇرغان قىزى كېلىنىنى ئالغىلى ئۇنىمىسا، ئوغۇللىرىدىن رازى بولمايدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار كېلىنى ئۆزىگە ئەرزىمىسە، باللىرىنى نەۋرىلىرىنىڭ ئانىسى بولغان خوتۇنىنى تالاق قىلىشقا زورلايدۇ. بەزىلىرى ئوغۇللىرىنىڭ ئوقۇشىغا ۋە ئوقۇش ئۈچۈن يىراق يەرلەرگە بېرىشىغا رازى بولمايدۇ. مۇندىن باشقا مىساللارمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق ئىشلاردا ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنماسلىق، ئاتا ـ ئانىنى رەنجىتكەنلىك

---

[17] كەھف سۈرىسى 49 ـ ئايەت.
[18] قەمەر سۈرىسى 52 — 53ـ ئايەتلەر.

بولامدۇ؟ «بالام ئۇنداق ياكى مۇنداق بولدى» دەپ ئەقىل پاراستى كېمەيگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا يامان دۇئا قىلىش، قارغاش ھەققى بارمۇ؟

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنۇشنى ۋە ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇ قەتئىي بىر ھۆكۈم. بارلىق مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى شەرت. لېكىن بويسۇنۇش ۋە ياخشىلىق قىلىشنىڭ مەنىسى: ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى يوقىتىش، بارلىق ئىختىيارىنى ئاتا ـ ئانىغا تاپشۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس. ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت قىلىش، ئەدەب ۋە ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ تېنىگە، روھىي ھالىتىگە زىيان يەتكۈزۈشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. ئەمما شەرىئەتتە مۇباھ (قىلسا گۇناھ يوق) ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەدەپكە لايىق، توغرا بىر ئىش بولۇپ، ئۆزىنىڭ بەختى ۋە ئىستىقبالى شۇ ئىشتا ياخشى بولىدۇ دەپ قارىغان ئىشتىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەيلى توغرا ياكى ناتوغرا ھالدا نارازى بولۇشى سەۋەبىدىن ۋاز كېچىش، ئۇنى قىلماي تاشلاپ قويۇش توغرا ئەمەس.

بىر بالا ئۆزىنى مۇكەممەل ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، دىنغا، مىللەتكە خىزمەت قىلىش مەقستى بىلەن يىراق يەرلەرگە بېرىپ ئىلىم ئۆگىنىشكە نىيەت قىلغاندا، ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان باشقا كىشىسى بولسىمۇ، ئايرىلىشقا چىدىمىغانلىقتىن ياكى يارامىلىق ئادەم بولۇش، دىن ۋە مىللەتكە خىزمەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن رازى بولماسلىقىغا، يامان دۇئا قىلىمەن (قاغايمەن) دەپ قورقۇتۇشىغا ھەققى يوق. بۇنداق ئەھۋالدا بالىنىڭ قارارى ئاتا ـ ئانىسىنى رەنجىتكەن ھېسابلانمايدۇ.

نېمەتۇللاھ ھاجى (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدە بولسۇن!): «بىر ۋاقىتتا ئوقۇشقا قىزغىنلىقى بار، قابىلىيەتلىك شاگىرتلارنى ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن يىراق شەھەرلەرگە ئەۋەتتىم، شۇ تالىپلاردىن بىرىنىڭ ئانىسى: «مېنىڭ بالامنى مەندىن ئايرىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ھاجىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئامراق نەرسىسىدىن ئايرىسۇن!» دەپ يامان دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بەك قورقتۇم. خاتا قىپتىمەن دەپ پۇشايمان قىلدىم، ۋىجدانىم ئازابلاندى. ھازىرغىچە كۆڭلۈم يېرىم» دېگىنىدە ئۇنىڭغا ئازراق گەپ قىلغان ئىدىم. بۇ يەردە يازغانلىرىم شۇنىڭ خۇلاسىسىدۇر.

يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ھەدىسلەر كۆپ بولۇپ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ھەم ئاتا ـ ئانىغا ئاسىي بولۇشنىڭ، «كۇپۇرلۇق» قىلىش گۇناھى بىلەن بىرلىكتە بايان قىلىنىشىدا چوڭ ئىبرەت بار. مەيلى قەسەم قىلىش بىلەن ياكى قەسەم قىلماستىن، قەسەم قىلغاندا مەيلى قۇرئان تۇتسۇن ياكى تۇتمىسۇن، تاھارىتى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش مۇسۇلمان كىشىگە مۇتلەق دۇرۇس ئەمەس. بۇ خىل ئاڭ بىلەن يېتىشىپ چىقىش لازىم ۋە بۇنى ھەر زامان ئېسىدە تۇتۇپ رىئايە قىلىش لازىم. (چوڭ گۇناھ توغرۇلۇق 214 ـ ھەدىس، يالغان گۇۋاھلىق توغرۇلۇق 231 ـ ھەدىس شەرھىدە سۆزلىنىدۇ).

## 52 ـ ھەدىس: قىيامەت كۈنى ئەڭ كۆپ گۇناھلىرى بار ئىنسانلار توغرىسىدا

**أَكْثَرُ النَّاسِ ذُنُوبًا يَوْمَ القِيَامَةِ أَكْثَرُهُمْ كَلاَمًا فِيْمَا لاَ يعْنيْهِ.** (مسند أحمد والجامع الصغير المجلد الثاني رقم الحديث 1386)

قىيامەت كۈنى گۇناھى كۆپ بولىدىغان كىشى دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئەھمىيەتسىز يوقىلاڭ گەپلەرنى كۆپ سۆزلىگۈچى كىشىدۇر.

تىلى تەرپىدىن ئادەمگە كېلىدىغان خەتەرلەر بەك چوڭ بولغانلىقتىن، رەسۇل ئەكرەم ھەزرەتلىرى ئۇممەتلىرىگە مۇمكىن قەدەر تىلنى يىغىش توغرۇلۇق يول كۆرسەتتىدۇ. بار ـ يوق گەپلەرنى سۆزلەپ ئۆمۈر ئۆتكۈزمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. تىلنى ئەركىن قويۇپ بېرىشنىڭ يالغان، خاتا، غەيۋەت، گەپ توشۇش، رىيا، نىپاق، قەبىھ سۆز، جېدەل، دەۋا، ئارتۇق گەپ، راستنى ئۆزگەرتىش، دىلغا ئازار بېرىش قاتارلىق ئاپەتلەرگە سەۋەب بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

شۇنىڭ ئۈچۈن: «جىم تۇرغان كىشى قۇتۇلىدۇ» دېيىلىدۇ. لېكىن تىلنى ساقلايمەن دەپ پۈتۈنلەي جىم تۇرۇش ياخشى ئەمەس، گەپ ـ سۆزنى تۆۋەندىكى تۆت قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن:

1 ــ پۈتۈنلەي زىيانلىق.

2 ــ پۈتۈنلەي پايدىلىق.

3 ـ پايدىسىمۇ بار، زىيىنىمۇ بار.

4 ـ پايدىسىمۇ يوق، زىيىنىمۇ يوق.

مۇشۇ تۆت خىل گەپتىن بىرىنچىسىدە شەرتسىز جىم تۇرۇش لازىم. ئىككىنچىسىدە دادىللىق بىلەن سۆزلەش لازىم. ئۈچىنچىسىدە پايدا ــ مەنپەئەتنى دەڭسەپ بېقىش، زىيانلىق تەرىپى كۆپرەك بولسا ياكى پايدىسى بىلەن زىيىنى باراۋەر بولسا سۆزلىمەسلىك، ئەگەر پايدىلىق تەرىپى كۆپرەك بولسا سۆزلەش كېرەك. تۆتىنچىسىدە جىم تۇرۇش لازىم. چۈنكى پايدىسىمۇ يوق زىيىنىمۇ يوق گەپنى دېگەنلىك ۋاقىتنى زايە قىلغانلىق، بىمەنىلىكتۇر.

ئەھمىيەتسىز گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1 ـ كېرەكسىز نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە سۈرۈشتۈرۈشكە ئامراق بولۇش.

2 ـ بىر كىمگە دوستلۇق ئىزھار قىلىش ئۈچۈن گەپ تېپىشقا تىرىشىش.

3 ـ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ۋە شۇنىڭدەك پايدىسىز نەرسىلەردۇر، يېمەك ـ ئىچمەك ئۈستىدە قىلىشىدىغان سۆزلەرمۇ كۆپىنچە مۇشۇ 3 ـ قىسىمدىكى گەپلەردىن بولىدۇ. مۇشۇ ئاپەتلەردىن ساقلىنىش نىيىتى بىلەن چاي، زىياپەتلەرگە بارمايدىغان كىشىلەرنى: «چايغا چاقىرسا بارمايدۇ، تەكلىپ قىلسا كەلمەيدۇ، دىنىي بۇرادەرلىك ھەققىنى

ئادا قىلمايدۇ، مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇقى بار، باشقىلارنى كۆزىگە ئىلمايدۇ» دەپ ئەيىبلەشكە، يامان گۇمان قىلىشقا بولمايدۇ. تىلنى ئاپەتتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەڭ ئاسان چارە بىكار تەلەت، كەلسە ـ كەلمەس ئادەملەرگە ئارىلاشماسلىق، ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئولتۇرۇشلىرىغا بارماسلىقتۇر.

تىل ئۆزى كىچىك بىر نەرسە بولسىمۇ، تەسىرى بەك چوڭ. تىلنىڭ سەۋەبىدىن چوڭ ھادىسىلەر ۋە ئادەمنىڭ بېشىغا دەھشەتلىك پالاكەتلەر كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ «تىل» نى ئوبدان باشقۇرۇشقا، ئۆلچەپ سۆزلەشكە بۇيرۇيدۇ. بەزى ئالىملار: **لاَيَبْلُغُ العَبْدُ حَقِيْقَةَ الإِيْمَانِ حَتَّى يُخْزَنَ مِنْ لِسَانِهِ** «ئىنسان تىلىنى باشقۇرالمىسا، ھەقىقىي ئىمانغا يېتەلمەيدۇ» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ.

«دۇنيادا ئۆزىنى تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم، قىيامەت كۈنى تۈزىتىشكە ئامال تېپىلمايدۇ.»

خۇلاسىلىگەندە، بۇ ھەدىس ۋە باشقا ھەدىسلەر قىيامەت كۈنى ئادەم بالىسىنىڭ تىلى (ۋە قەلىمى) سەۋەبىدىن سوراققا تارتىلىدىغانلىقىنى ۋە كۆپ مۇشەققەتلەرنى تارتىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۆز ئىشىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ تۇرمىسا، شۇ ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ كېيىنلىكىدىن غەم يېمىسە، كېيىن ئادەم كىمدىن خاپا بولار؟ «ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولدۇم، ماڭا ئۇۋال بولدى» دەپ دەۋا قىلىشقا نېمە ئاساس تاپار؟ ﴿**وَمَا رَبُّكَ بِظَلاَّمٍ لِلْعَبِيْدِ**﴾ «ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ناھەق جازالىمايدۇ».

# 53 ـ ھەدىس: ئۆلۈمنى دائىم ياد ئېتىپ تۇرۇش توغرىسىدا

**أَكْثِرُوا ذِكْرَ هَاذِمِ اللَّذَّاتِ يَعْنِي الْمَوْتَ.** (سنن الترمذي)

لەززەتلەرنى يوقاتقۇچىنى (ئۆلۈمنى) تولا ئەسلەڭلار!

تۇرمۇشى قىيىن ئادەملەرنىڭ ئارزۇ ھەۋەسلىرى ئۆلۈمنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇش سەۋەبىدىن ئازىيىدۇ، دۇنيا ئۈچۈن ئىچ پۇشۇقى تارتماي، بارغا قانائەت قىلغىلى باشلايدۇ. باي ۋە ئەركىن ئادەملەرنىڭ مەغرۇرلۇقلىرى ئاخىرلىشىپ، ئىنساپقا كېلىدۇ. ئۆلۈم تۇيۇقسىز، كۈتۈلمىگەن، ھەتتا خىيالغا كەچمىگەن چاغدا كېلىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلۈمنى داۋاملىق ياد ئېتىش، ئەستە تۇتۇش، ئۇنۇتماسلىق قولدىن كېلىشىچە ئۆلۈمنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا (قىيامەت كۈنى ئەسقاتىدىغان ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا، گۇناھ ئىشلاردىن ساقلىنىشقا) سەۋەب بولىدۇ. ئۆلۈمنى ئەسلەش سەۋەبىدىن كىچىك دەپ قارىلىدىغان بىر يامان ئىشنىڭ قىلىنماي قېلىشىمۇ ئىنتايىن پايدىلىقتۇر. لېكىن ئۆلۈمنى ئەسلەش دېمەك: «مەن ئۆلسەم دۇنيا كىمگە قالار، دۇنيالىق ئىشلىرىم، نەرسىلىرىم كىمگە قالار» دەپ قايغۇرۇش بولماستىن، بەلكى بارىدىغان يەر ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشنىڭ كويىدا بولۇش لازىم. كېلەچەك ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىنىپ تۇرغۇچى كىشى بىلەن، بىخەۋەر، بىخۇد يۈرۈپ تەييارلىق قىلمايدىغان كىشىنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىدىمۇ روشەن پەرقلەر بولىدۇ، ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىقنى پۇختا قىلغۇچى بىلەن، ئاخىرەتنى ئىسىگە كەلتۈرمەي، تەييارلىق قىلماي بىخەۋەر يۈرگۈچىنىڭ ئارىسىدا قانچىلىك چوڭ پەرقنىڭ بارلىقىنى تۆۋەندىكى شېئىردىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

شائىر:

**إِذَا أَنْتَ لَمْ تَرْحَلْ بِزَاد مِنَ التُّقَى،**　　**وَلاَقَيْتَ بَعْدَ المَوْتِ مَنْ قَدْ تَزودَا.**

**نَدِمْتَ عَلى أَنْ لاَتَكُونَ كَمِثْلِهِ،**　　**وَإِنَّكَ لَمْ تَرْصُدْ كما كَانَ أَرْصُدَا.**

تەرجىمىسى: دۇنيادىن ئاخىرەتكە ئاللاھتىن قورقۇشتىن ئىبارەت سەپەر جابدۇغى بىلەن كۆچمىسەڭ، ئۆلگەندىن كېيىن ئوزۇق ــ تۈلۈك ئېلىپ بارغان كىشى بىلەن ئۇچراشقىنىڭدا، ئۆزەڭنىڭمۇ شۇ كىشىدەك ئاخىرەت ئۈچۈن كۆيۈپ پىشمىغانلىقىڭغا پۇشايمان قىلىپ قالىسەن.

ئۆلۈمگە تەييارلىق كۆرۈش دېمەك، ناماز ئوقۇپ ئولتۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى پەرز ئىشلارنى (ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن) خالىس نىيەت بىلەن قىلىش، ئىسلام دىنى چەكلىگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىق، ئۆتكەن گۇناھى ۋە كەمچىلىكلىرىگە پۇشايمان قىلىش، خەلققە پايدا يەتكۈزۈش ۋە دۇنيالىق ئىشلارنى دۇرۇسلۇق بىلەن تەرتىپلىك، پۇختا بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ھالال كەسىپ قىلىش، بالا ـ چاقىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ھۈنەر ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن زىتلىقى يوق. بىر كىشى بىر ۋاخ نامازدىن قالماي مەسجىدكە بېرىپ تۇرسىمۇ، ئۆلۈمدىن بىخەۋەر قېلىشى، يەنە بىر كىشى ئېتىزلىقتا ساپان

تۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولسىمۇ، ئاللاھتىن، ئۆلۈمدىن غاپىل قالماسلىقى مۇمكىن. ئەسلى نىشان كۆرۈنۈشىنى تۈزىتىش ئەمەس، بەلكى ھاجەت مىقدارى زاھىرىنى تۈزىتىش بىلەن بىللە كۆڭۈلنى تۈزىتىشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئاز ئىقتىسادى بار، بولۇپمۇ ئۇششاق باللىرى بار كىشىلەرنىڭ ياخشى كىشىلەر ئالدىدا يېزىلغان ۋەسىيەتنامىلىرى تەييار تۇرۇشى، ئېلىش - بېرىشلىرى بولغان كىشىلەرنىڭ مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئالدىغان ــ بېرىدىغانلىرىنى، باشقىلارنىڭ ئامانەتلىرىنى، كىشىدىكى ئامانەتلىرىنى دەپتەرگە يېزىپ قويۇشى كېرەك. مانا بۇ ئىشلار ئۆلۈمگە تەييارلىق كۆرۈش قاتارىغا كىرىدۇ. كىشىنىڭ ھەققىنىڭ قالماسلىقى، مىراس ئالغۇچىلارنىڭ، بولۇپمۇ نارەسىدە باللارنىڭ ھەققى زايە بولماسلىقى ئۈچۈن، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە خاس تەرتىپلىك دەپتىرى بولۇشى، ئېلىش - بېرىشلەر، ئامانەتلەر، قەرزلەر شۇ دەپتەرگە يېزىلىپ تۇرۇلۇشى لازىم. پۇختا كىشى شۇنداق بولىدۇكى، ئۆزى بولمىغاندىمۇ دەپتىرى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلالايدۇ.

## 54 ـ ھەدىس: ئىمانى كامىل بولغانلارنىڭ ياخشى ئەخلاقلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**أَكْمَلُ الْمُؤْمِنِينَ إِيمَانًا أَحْسَنُهُمْ خُلُقًا وَخِيَارُكُمْ خِيَارُكُمْ لِنِسَائِكُمْ خُلُقًا.** (سنن الترمذي)

مۆمىنلەرنىڭ ئىمان جەھەتتىن ئەڭ مۇكەممەل بولغىنى ئەخلاقى ياخشى بولغىنىدۇر. سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار بولسا، ئۆز ئاياللىرىغا ياخشىلىق قىلغۇچىلىرىڭلاردۇر.

ئەخلاقى تۈزۈك ئادەمنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ياخشىلىق قىلىشى، مۇمكىن قەدەر ياخشى مۇئامىلە قىلىشى تەبىئىي ئەھۋال. لېكىن رەسۇلۇللاھ بارلىق ئاياللارغا، خۇسۇسەن ئۆز ئائىلىسىدىكى ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىدىغان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرقى جۈملىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

تۆۋەندىكىلەر ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە گۈزەل مۇئامىلىدە بولۇش قاتارىدا سانىلىدۇ:

ئۇستى باشلىرىغا قاراش، ھالال يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن بېقىش، دىندا زۆرۈر بولغان ئىلىملەرنى ئۆگىتىش، زۇلۇم ۋە دىل ئازار قىلماسلىق، كاجلىق، تەتۈرلۈكلىرىگە سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتۇر. ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ ئالدىدىكى بۇرچى بولسا، ئەرلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش، ئەرلىرىنى رازى قىلىشتۇر.

ئاياللار ئۆي باشقۇرۇشتا خىزمەتكارلاردىن تۆۋەن دەرىجىدە بولماسلىقى ھەم ئۆلارنى بىكار قويۇپ، ئۆزىلا ئىشلەپ يۈرمەسلىكى لازىم. ئايالنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۆي ئىشىنى پىلانلىق باشقۇرۇشنى خادىملارغا (قىزلىرىغا، كېلىنلىرىگە) ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنى ئىشقا سېلىشنى بىلىش، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزى ئىشلەپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. ئاياللارنىڭ ئېسىل ـ ئۆگلۈقى قىممەت پۇللۇق كىيىم كىيىشى ۋە كىيىم ــ كېچەك، ئۆي سەرەمجانلىرى كۆپ بولۇشى ياكى ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مارجان، قاشتېشى قاتارلىق زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ يۈرۈشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئائىلىنى پىلانلىق باشقۇرۇشى، ئوتتۇرا ھال تۇرمۇشنى چىڭ تۇتۇشى، ئائىلىدە ئانىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتۈشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. مىللەتلەرنىڭ باي ياكى يوقسۇل بولۇشى ئاياللارنىڭ ئىقتىسادقا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە، ئابرۇيپەرەسلىككە بېرىلىش ـ بېرىلمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئائىلىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئاياللارنىڭ ئۆز ئەرلىرىنى رازى قىلىشنى تونۇپ يېتىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىشتۇر. لېكىن ئاياللارنىڭ مۇكەممەل بولۇشى، ئەرلەرنىڭ ياخشى تەربىيە قىلىشى ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىشىغا باغلىقتۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ بىرى بۇدۇر.

## 55 ـ ھەدىس: كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشنىڭ نەپلە ئىبادەتلەردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى

**أَلَا أُخْبِرُكُمْ بِأَفْضَلَ مِنْ دَرَجَةِ الصَّلَاةِ وَالصِّيَامِ وَالصَّدَقَةِ قَالُوا بَلَى قَالَ إِصْلَاحُ ذَاتِ الْبَيْنِ فإن فَسَاد ذَاتِ الْبَيْنِ هِيَ الْحَالِقَةُ.**

(مسند أحمد)

ئاگاھ بولۇڭلار! سىلەرگە ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، سەدىقە قىلىشتىنمۇ ساۋابلىقراق بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشتۇر، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشى (ئىتتىپاقى بۇزۇلۇشى) ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ.

ئەڭ ساۋابلىق ئىبادەتلەر پەرز ئەمەللەر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ناماز، روزا، سەدىقەلەرنىڭ نەپلە ناماز، نەپلە روزا ۋە نەپلە سەدىقەدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

ئەگەر ئارىسى بۇزۇق بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆلتۈرۈش، بۇلاش، ھەتتا مىللەتكە ئېغىر زىيان ۋە ھالاكەتلەرنىڭ كېلىش خەۋپى بولسا، بۇ چاغدا ئىككى تەرەپنى ياخشىلاشتۇرۇشنىڭ ساۋابى، پەرز ئىشلاردىنمۇ ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن. پەرزلەر بولسا، ئاللاھنىڭ ھەققى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قازاسىنى كېيىن قىلىۋېلىش مۇمكىن.

مەھەللە ئەزالىرى بەزى چاغدا يوقىلاڭ نەرسىلەر ئۈچۈن ئاچچىقلىشىپ، بىر - بىرى ئۈستىدىن مەھكىمىلەرگە ئەرز سۇنۇشىدۇ، دەۋالىشىپ كۆڭلىنى بۇزۇپ يۈرىشىدۇ. ئەگەر مەھەللىنىڭ مويسىپىتلىرى بۇ خىل كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۈزەپ قويسا، ھەر قانداق ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلغىنىنى ئاڭلىغاندا، دەرھال ئوت ئۆچۈرگىلى بارغان كىشىدەك تېز بېرىپ، ئىككىسىنىڭ غەزەب ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، قوللىرىنى تۇتقۇزۇپ كۆرۈشتۈرۈپ قويسا، بۇ دۇنيادا ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىشىدۇ. مۇشۇ ھەدىسنىڭ روھىغا قارىغاندا، يىرىكلىشىپ قالغانلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويغۇچىلار ئاخىرەتتىمۇ نەپلە ناماز، نەپلە روزا تۇتقانىنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ.

ھازىر كىشىلەر بۆلۈنۈش، قارشىلىشىش ۋە بىرلىككە كېلەلمەسلىكتە بەرىكەت يوقلىقىنى ئۆز تەجرىبىسى ئارقىلىقمۇ تونۇپ يەتتى. ئۆز ئارا ئۇلپەتسىز، مۇھەببەتسىز مىللەتلەرنىڭ مۇنقەرز (يات مىللەتكە قول) بولىدىغانلىقىنى، دۆلەت ۋە شىركەتلەردىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇردى. رەسۇلۇللاھنىڭ: «كىشىلەرنىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشى (ئىتتىپاقى بۇزۇلۇشى) ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ كەسكىن بىر قائىدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدى. لېكىن ئىسلام ئەللىرى مۇشۇ خىل بۆلۈنۈش ۋە ئۇلپەتسىزلىك ئىللىتىدىن داۋاملىق تۈردە قۇتۇلالماي كەلمەكتە. قولىدا پۇرسەت بار چاغدا بۇنىڭغا چارە تېپىش ھەققىدە ئويلانمايدۇ ۋە تىرىشمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەنلىكى كىمگە يۈكلىنىدۇ. بۇنىڭ جاۋابكارى كىم؟ سەۋەنلىك بىرلا گۇرۇھتا ياكى بىر قىسىم كىشىلەردىلا بولماستىن، بەلكى پۈتۈن خەلق ۋە ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئائىتتۇر. ئەگەر ھەر كىم ئۆز ئەخلاق ۋە مۇئامىلىسىنى تۈزەتسە، ئەيىبلىرىدىن قۇتۇلسا، ئىسلام مىللىتى بۇ چاغدا ئانىدىن تۇغۇلغاندەك پاكىز ۋە تۈزۈك مىللەت بولىدۇ ۋە دۇنيا يوقالغانغا قەدەر پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىر ئائىلە، بىر تەشكىل بولۇپ، ئۇيۇشۇپ ئۆتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كىم ئۆزىنى تۈزىتىشكە تىرىشىشى، «مەن ئۆز ئەيىبىمنى تۈزەتتىم، باشقىلار تۈزەتمەيدۇ» دېمەسلىكى

لازىم. چۈنكى مۇنداق گەپلەرنى قىلىشنىڭ ئۆزى چوڭ ئەيىبتۇر. ئەيىبنى تۈزىتىشنىڭ ئىپادىسى، گۇناھنى باشقىلارغا يۈكلەش ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ئەيىبىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتۇر.

سېتىلدى بەك ئەرزان بۇ مىللەت مەرھۇم ئەغيار،
تەپرىقە بىلەن چۈشۈردۇق ئۆزىمىزنى قەدرى ـ قىممەتدىن.
سۆزىنى ئىنكار قىلار مەرۇپ بىلەن ئەمىرلىرىڭ پىئىلى،
رەزالەت ئىچرە قالدۇق گەرچە كەلدۇق خەير ئۈممەتتىن.

تەرجىمىسى: بۇ مەرھۇم مىللەت ياتلارغا بەك ئەرزان سېتىلدى، پارچىلىنىش، ئىتتىپاقسىزلىق سەۋەبىدىن دۇنيادا قەدرى ـ قىممىتىمىزنى يوقاتتۇق. مىللىتىمىز ئىچىدىكى ھەقىقەتپەرۋەر كىشىلەر باشقىلارنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلسا، خىزمەت قىلسا، ئۇلارنى يالغانچىلار دەپ قارىلايمىز. ئەسلىدە ھەممە ئەلدىن ياخشى ئۇممەت ئىدۇق. خارلىق ـ زارلىق ئىچىدە قالدۇق. (مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى قىسمەن خائىن ـ ساتقىنلارنىڭ بۆلگۈنچىلىكىدىن ياتلارغا خار بولدۇق.)

# 56 ـ ھەدىس: ياخشى ـ يامان كىشىلەرنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا

**أَلَا أُخْبِرُكُمْ بِخَيْرِكُمْ مِنْ شَرِّكُمْ، خَيْرُكُمْ مَنْ يُرْجَى خَيْرُهُ وَيُؤْمَنُ شَرُّهُ وَشَرُّكُمْ مَنْ لَا يُرْجَى خَيْرُهُ وَلَا يُؤْمَنُ شَرُّهُ.** (سنن الترمذي)

ئاگاھ بولۇڭلار! سىلەرگە ئەڭ ياخشى ئادەمىڭلار ۋە يامان ئادەمىڭلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ياخشى كىشىلىرىڭلار، ياخشىلىق قىلىدىغانلىقىدىن ئۈمىد قىلىنىدىغان، ئەسكىلىك قىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنگىلى بولىدىغان كىشىدۇر. يامان كىشىلىرىڭلار شۇكى، ياخشىلىق قىلىدىغانلىقىدىن ئۈمىد قىلىنمايدىغان، يامانلىق قىلمايدىغانلىقىدىن كۆڭۈل تىنمايدىغان كىشىدۇر.

كۆپىنچە ئادەم ئۆزىنى ئوبدان ھېسابلاپ، باشقىلارغا گۇمان بىلەن قارايدۇ. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ ياخشى كىشى بىلەن ئوسال كىشىنى ئايرىش ئۈچۈن توغرا ئۆلچەمنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۆزىنىڭ ياخشى ئادەملەردىن ياكى ئوسال ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كەلگەن كىشى ئۆزىنى ئۆز تونۇشى بويىچە ئەمەس، بەلكى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇ ئۆلچىمىگە سېلىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈشى لازىم.

مىنبەرگە چىقىپ: «ئۆزۈڭلار بىلەن ھېسابلىشىپ بېقىڭلار! قىلغان ئىشىڭلارنى ئۆلچەپ كۆرۈڭلار!» دەپ توۋلاپ قويۇش ۋە ئۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئولتۇرۇشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق. مۇھىم بولغىنى مۇمكىن قەدەر ئاشۇنداق سۆزلەرنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىشتۇر.

بۇ دۇنيانىڭ گەرچە كىشىلەر بىلەن دەۋالىشىپ، دۈشمەنلىشىپ، بىر ـ بىرىگە ئىچىنى قىزارتىشىپ يۈرگۈچىلىكى بولمىسىمۇ، كۆپىنچە كىشىلىرىمىز شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن كۈنىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئارزۇ قىلىنغان بىرەر نەرسە تۇيۇقسىزلا قولغا كېلىپ قالسىمۇ، مەڭگۈلۈك ئەمەس، بەلكى بۈگۈن ـ ئەتە قولدىن كېتىدىغان ئارىيەت نەرسىدۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ، بىر ـ بىرىگە يامان نىيەتتە بولۇشۇپ تۇرغۇچى ئادەملەر بەختسىز ئادەملەردۇر.

# 57 ـ ھەدىس: مۆمىن كىشىنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا

**أَلَا أُخْبِرُكُمْ بِالْمُؤْمِنِ مَنْ أَمِنَهُ النَّاسُ عَلَى أَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ وَالْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ النَّاسُ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ وَالْمُجَاهِدُ مَنْ جَاهَدَ نَفْسَهُ فِي طَاعَةِ اللَّهِ وَالْمُهَاجِرُ مَنْ هَجَرَ الْخَطَايَا وَالذُّنُوبَ.** (مسند أحمد)

ئاگاھ بولۇڭلار! سىلەرگە مۆمىننىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ مۆمىن ـ كىشىلەر ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە ئۆز جانلىرىدىن (جېنىمىزغا، مال ـ مۈلكىمىزگە چېقىلمايدۇ دەپ) خاتىرجەم بولىدىغان كىشىدۇر. مۇسۇلمان ـ كىشىلەر ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىدىن خاتىرجەم بولىدىغان كىشىدۇر. مۇجاھىد (جەڭچى) ـ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش يولىدا ئۆز نەپسى بىلەن جەڭ قىلغۇچىدۇر. مۇھاجىر ـ بۇزۇق ۋە گۇناھ ئىشلارنى تەرك قىلغۇچىدۇر.

بىزدە مۇسۇلماندارچىلىق كىيىم ـ كېچەك بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولۇپ، ئادەتلەنگەن فورمىلاردا كىيىنگەن كىشىنى مۇسۇلمان، سەللە، تون، مەسە كىيگەنلەر ئالىم، پازىل ھېسابلىنىدىغان ئادەت بار.

مۇسۇلمان كىم؟ دېگەن سوئالغا رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئۇچىسىدا تون، بېشىدا سەللە بار كىشى» دەپ جاۋاب بەرگىنىنى بىرەر ھەدىس كىتابىدا كۆرگىنىمىز يوق. مۇشۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۆمىن كىم؟» دېگەن سوئالغا: «مۆمىن، كىشىلەر ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە ئۆز جانلىرىدىن (جېنىمىزغا، مال ـ مۈلكىمىزگە چېقىلمايدۇ دەپ) خاتىرجەم بولىدىغان كىشىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كىشىلەر ئۆزلىرى ياكى مال ـ مۈلكىدىن خاتىرجەم بولالمىغان ئادەمنى مۇسۇلمان ھېسابلىغىلى بولمايدۇ دېگەن مەنە چىقىدۇ.

كامىل مۇسۇلمان باشقا مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرمەيدۇ، زۇلۇم سالمايدۇ، غەيۋەت قىلمايدۇ. مەيلى ئۆزىنىڭ شاگىرتى ياكى مۇرىدى بولسۇن، يامان دۇئا قىلمايدۇ (قاغىمايدۇ)، ئاغرىنمايدۇ. «پالان كىشى ئۇستازىدىن قاغىش ئالدى ۋە پالانى كىشى ئۆز شەيخى تەرىپىدىن رەت قىلىندى» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ تارقىلىشى شۇ ئۇستاز ۋە شۇ شەيخنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىنىڭ كامىل ئەمەسلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ يەردىكى «قول» ۋە «تىل» دېگەن سۆز باشقىچە شەكىلدە ئازار بېرىش ۋە زۇلۇم سېلىش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى كىشىلەرگە ئازار بېرىشنىڭ تولا چاغدا تىل ۋە قول بىلەن بولىدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئېيتىلىدۇ. مەقسەت، قانداق ئۇسۇلدا بولسا بولسۇن، مۇسۇلماننى رەنجىتىش كامىل مۇسۇلمانلىق بىلەن زىتتۇر. قاش، قاپاق، كۆز، قىياپەت بىلەن رەنجىتىش، پۇتى بىلەن رەنجىتىش، بىراۋغا پايدا بولىدىغان ھەق سۆزنى سۆزلىمەي جىم تۇرۇۋېلىشلارنىڭ ھەممىسى كامىل مۇسۇلمانلىققا خىلاپتۇر.

مەككە پەتھى بولغاندىن كېيىن، ھىجرەتنىڭ ھۆكمى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئىختىيار قىلغان كىشى ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ھىجرەتنىڭ ساۋابىنى تاپالىشى ۋە مۇھاجىرلار قاتارىدا بولالىشى مۇمكىن. بۇ بولسا ئاللاھ تائالا چەكلىگەن نەرسىلەردىن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بولىدۇ.

ئۆز نەپسى بىلەن جەڭ قىلىش بولسا، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش مەقسىتىدە شەرىئەت بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىشتۇر. ئۆز نەپسى بىلەن مۇشۇنداق جەڭ قىلىشنىڭ نەتىجىسى ھىدايەت (توغرا يولدا مېڭىش) تىن ئىبارەت بولغانلىقتىن، بۇ جىھادلارنىڭ ئەۋزىلىدۇر.

﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «بىزنىڭ دىنىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنىڭ يولىغا باشلايمىز».[19]

[19] ئەنكەبۇت سۈرىسى 69 ـ ئايەت.

# 58 ـ ھەدىس: ئاچچىقىنى بېسىۋالغان ئادەمنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئادەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**أَلاَ أَدُلُّكُمْ عَلَى أَشَدِّكُمْ؟ أَمْلَكُكُمْ لِنَفْسِهِ عِنْدَ الغَضَبِ.** (الجامع الصغير)

ئەڭ كۈچلۈككىڭلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋالالايدىغان كىشىدۇر.

ئاچچىقلىنىش كۆپلىگەن زىيانلىق ئىشلارغا سەۋەب بولىدىغان نورمالسىزلىقتىن ئىبارەتتۇر. ئاچچىقى يامان ئادەم ئۆزىنگىمۇ، يېقىنلىرىغىمۇ، باشقىلارغىمۇ زىيانلىق ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. خوتۇنىنى، باللىرىنى تىللايدۇ، زۇلۇم سالىدۇ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بۇزىدۇ. بىلمەي سۆزلەيدۇ، چاغلىماي ئىش قىلىدۇ. بۇ خۇي كۆپىنچە ئاياللار ۋە ئەركە چوڭ بولغان كىشىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

بىلىمسىز ئادەملەر ئاچچىقلىنىشنى يۈرەكلىك، پالۋان، غەيرەتلىك، ئەركەك، ئوغۇل بالا، ناھەقچىلىككە چىدىمايدىغان دېگەندەك چىرايلىق ناملار بىلەن پەردازلاپ، كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ بەك يولدىن ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئاچچىقلىنىش باشقا، بۇ خىل سۈپەتلەر باشقا بولۇپ، بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئاچچىقلىنىش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. بۇ سۈپەتلەرنى بىر قاتاردا كۆرۈشكە، يىلىم بىلەن ھەسەلنى ئوخشاش دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نادان خەلقنىڭ سۆزىگە ئالدانماسلىققا ۋە ئاچچىقنى بېسىشقا تىرىشىش لازىم.

ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىسى ئارقىلىق ئەسلىدە ئاچچىقلىنىش ھەققىدە ئەمەس، بەلكى كەلگەن ئاچچىقنى كونترول قىلىش، ھەددىدىن ئاشۇرۋەتمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ.

ئاچچىقلانماسلىققا بۇيرۇغان ھەدىسلەرمۇ بار. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ماڭا نەسىھەت قىلغىن (ياخشىلىق ئىش تاپىلىغىن)» دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە: «**لاَ تَغْضَبْ** ـ ئاچچىقلانما!» دەپ تاپىلىدى. ئۇ كىشى تەلىپىنى تەكرارلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ يەنە: «ئاچچىقلانما» دەپ جاۋاب بەردى. ئورۇنلۇق ۋە چېكىدىن ئېشىپ كەتمىگەن ئاچچىقلىنىش چەكلەنمەيدۇ. چەكلەنگەن ئاچچىقلىنىش بولسا، ئۆزىنى كونترول قىلالماسلىق ۋە ئاچچىقنى يېڭەلمەسلىكتۇر. ئاچچىقنى يېڭەلمەسلىك سەۋەبىدىن دوستلار، تونۇش ـ بىلىشلەر، يېقىنلار، تۇغقانلار بىر ــ بىرىدىن يۈز ئۆرۈشۈپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. چىدىماسلىق، غەيۋەت قىلىش، ئاداۋەت، گەپ توشۇشتەك بۇزۇق ئىشلار سادىر بولىدۇ، نەتىجىدە پۇشايمانغا قالىدۇ. كىشىنىڭ ئەقلى كامىل، سەۋر ـ تاقىتى يېتەرلىك ئىكەنلىكىنىڭ توغرا ئۆلچىمى بولسا، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋېلىشىدۇر. بۇ خۇسۇستا ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **لَيْسَ الشَّدِيدُ بِالصُّرَعَةِ إِنَّمَا الشَّدِيدُ الَّذِي يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ.** (صحيح البخاري رقم الحديث 5649 في كتاب الأدب) «باتۇرلۇق كىشىنى چېلىشتا يېڭىپ يىقىتىش ئەمەس، بەلكى ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋېلىشتىن ئىبارەت» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «پالۋان ئۇرۇشقاندا، دىلى يۇمشاقلىق ئاچچىقلانغاندا، دوستلۇق باشقا خاپىلىق كەلگەندە بىلىنىدۇ» دېگەن سۆز رىۋايەت قىلىنىدۇ.

# 59 ـ ھەدىس: يېتىم بىلەن ئايال كىشىنىڭ ھەقلىرى توغرىسىدا

**اللَّهُمَّ إِنِّي أُحَرِّجُ حَقَّ الضَّعِيفَيْنِ الْيَتِيمِ وَالْمَرْأَةِ.** (سنن ابن ماجة)

ئى ئاللاھ! مەن ئايال ۋە يېتىملاردىن ئىبارەت ئىككى تۆرلۈك ئاجىز كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدىن ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرىمەن.

رەسۇل ئەكرەم ھەزرەتلىرى يېتىملار بىلەن ئاياللارنى ئاجىز دەپ كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن مەنئىي قىلدى ۋە بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختالدى، شۇنداقلا بۇ ئىشقا ئاللاھ تائالانى گۇۋاھچى قىلدى.

خوتۇننى تالاق قىلىپ بولۇپ، تويلۇقنى ۋە ئىددەت خىراجىتىنى بەرمەي يۇرگۇچىلەر، ئۆزى ياراتماي تالىقىنى بېرىپ تۇرۇپ، يەنە: «تويلۇقىڭنى ۋە ئىددەت نەپىقەڭنى، زىرە ـ بىلەيزۈكلىرىڭنى تاشلاپ كېتىسەن!» دەپ خوتۇنغا ھەر خىل ئازارلار بېرىپ قىينىغۇچىلار، ئاياللارنى مەھرەم تۇغقانلىرى ـ يېقىنلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى، سۆزلەشكىلى قويمىغۇچىلار ئۆزىنى ئوبدان دەڭسەپ باقسۇن. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىنساپقا كەلسۇن. چۈنكى پۇل ـ مال كېلىدۇ ۋە ئۆچۈپ كېتىدۇ، ئەمما كىشى ھەققى يوقالمايدۇ، كېيىن بۇنىڭ ھېسابى سورىلىدۇ.

ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ۋىدالىشىش ھەججىدە ئەرەفاتتا يۈز مىڭدىن ئارتۇق خەلققە سۆز قىلىپ، ئۇممەتنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى توغرىسىدا ناھايىتى مۇھىم ۋە ئىنتايىن تەسىرلىك بىر ۋەز سۆزلىگەن ئىدى. مەزكۇر ۋەزنىڭ: «خوتۇنلىرىڭلار ئۈستىدە سىلەرنىڭ ھەققىڭلار بولغاندەك، خوتۇنلىرىڭلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەردە ھەقلىرى بار. ئۇلارنى سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئامانىتى قىلىپ ئالدىڭلار» دېگەن مەزمۇندىكى سۆزلىرىمۇ بار بولۇپ، شۇ ھەقلەرنىڭ بەزىلىرى بايان قىلىنغان ۋە ئاياللارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەرلەرگە ئامانەت ئىكەنلىكلىرى ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئامانەتنى قانداق ئاسراش لازىملىقىنى ھەر بىر مۇسۇلمان ياخشى بىلىدۇ.

يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يېيىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا قۇرئان كەرىمنىڭ: ﴿**إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامىٰ ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ نَارًا وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا**﴾ «زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ».[20] دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشى كۇپايە قىلسا كېرەك. بۇ سۆز تەسىر قىلمىغان ئىنسانغا ھېچ نەرسە تەسىر قىلمايدۇ.

ۋەھىي:

[20] نىسا سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

مەزلۇم[21]نىڭ ئاھىنى ئالما، ئاسمان لەرزان ئولۇر،
يېتىملەر ھەققىنى ئالما، جاھان بەرباد ئولۇر.

[21] زۇلۇم قىلىنغۇچى.

# 60 ـ ھەدىس: ئامانەت ۋە خىيانەت توغرىسىدا

**الأَمَانَةُ تَجْلِبُ الرِزْقَ، وَالخِيَانَةُ تَجْلِبُ الفَقْرَ.** (الجامع الصغير)

ئىشەنچ رىزىقنى، خىيانەت يوقسۇللۇقنى كەلتۈرىدۇ.

ئاۋامنىڭ ئىشىنىدىغان كىشىلىرى "ئەمىن" ۋە "ئامانەتلىك كىشى"، ئىشىنىدىغان نەرسىلىرى "ئامانەت" دېيىلىدۇ. ئاۋام ئىشەنمەيدىغان ئادەمنى "خائىن" دەپ ئاتايدۇ. ئىشەنچلىك بولۇشنىڭ رىزىق كەلتۈرىدىغانلىقى، خىيانەت قىلىشنىڭ يوقسۇللۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى توغرا ۋە خەلقنىڭ تەجرىبىسىدىنمۇ ئۆتكەن قائىدىدۇر. ئاۋام ئىشەنچلىك كىشىلەر بىلەن قورقماي، ئىككىلەنمەي ئېلىم ـ بېرىم قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كەسىپ ـ تىجارىتى روناق تاپىدۇ، مۇئامىلىسى كۆپىيىدۇ. داڭقى ئەتراپقا تارقىلىپ، كىشىلەر ئۈزلۈكسىز ئەتراپىغا ئۇيۇلىشىدۇ ۋە پوچتا ـ تېلېگراممىلار ۋاستىسى ئارقىلىق كەسپىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرىدۇ. ئەمما خىيانەت قىلىدىغان ئادەملەردىن ئاۋام قاچىدۇ، بىللە ئىش قىلىشتىن، مۇئامىلە قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. ئاقىۋەتتە، پېقىرلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئىشەنچلىك بولۇش دېمەك، ئامانەتنى ئىگىسىگە ۋاقتىدا، جايىدا، ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. پۇل، كىتاب، مال، خەت ـ چەككە ئوخشاش نەرسىلەر ھېسسىي، ماددىي ئامانەت، ئىلىم بولسا، مەنىۋى ئامانەتتۇر. پۇل، خەت ـ چەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇش لازىم بولغاندەك، ئىلىمنىمۇ ئۆگىنىش، يەتكۈزۈش لازىم (بىلگەن ئىلىمنى كىشىلەرگە ئۆگەتكەمەسلىك خىيانەتتۇر).

﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا﴾ «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.»[22]

بىر مىللەتتە بىلىمسىزلىكنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى، شۇ مىللەت ئىچىدىكى ئالىملارنىڭ ئىلىمنى يەتكۈزمەسلىكىدىن، ئۆگەتمەسلىكىدىن، قىسقىسى، قۇرئان كەرىمدىكى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشقا دائىر بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىقى، سەل قارىشى ۋە ئېتىبارغا ئالماسلىقىدۇر. مۇنداق مولللار "ئەمىن" لەر بولماستىن، بەلكى خائىنلاردۇر.

شۇ سەۋەبتىن ئالىملار ۋە ئۆزىنى موللا، ئالىم دەپ يۈرگۈچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، مۇسۇلمان بالىلىرىغا ئىسلام دىنى تەربىيەسىنى ۋە روھىنى يەتكۈزۈش، زېھىن ۋە پىكىرلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەقىقى "ئىنسان" قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن ھەممىدىن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، مىللەت ئىچىدە ئىلىمنى كېڭەيتىشكە تىرىشىشى لازىم.

---

[22] نىسا سۈرىسى 58 ـ ئايەت.

بار مەكتەپلەرنى تاقۋەتكۇچىلەر، ئوقۇتقۇچىلارنى سەۋەبسىز قوغلىغۇچىلار، يېڭى ئۇسۇل، دوسكا پەيدا قىلغاننى باھانە قىلىپ ئالالاھنىڭ ئىسمىنى، دىنىنى ئۆگىنىشكە قارشى تۇرغۇچىلار ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچىلاردۇر.

**حَاسِبُوا أَنْفُسَكُمْ وَزِنُوا أَعْمَالِكُمْ.**

# 61 ـ ھەدىس: ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق توغرىسىدا

**الْأَنَاةُ مِنْ اللَّهِ وَالْعَجَلَةُ مِنْ الشَّيْطَانِ.** (سنن الترمذي)

(ئىرادىسى مۇستەھكەم، پىلانلىق) ئېغىر بېسىق بولۇش ئاللاھ تائالادىندۇر، (دۇنيا ئىشلىرىدا) ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش شەيتاندىندۇر.

بىر ئىش كۆڭلىگە كېلىپ بولغۇچە سەكرەپ قوپۇپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئارزۇلاش ئالدىراڭغۇلۇقتۇر. ئىرادىسى چىڭ، ئېغىر بېسىق، پىلانلىق كىشىلەر ھەر ۋاقىت ھۇشيار تۇرۇپ، بىر ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئويلاپ قىلىدۇ. بۇ خىل خاراكتېر، يۇقىرىقى ھەدىستە ئېغىر بېسىقلىق دەپ ئاتالغان. ئەبدى قەيس قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى مەدىنىگە كېلىشى بىلەن تۆگىلىرىدىن چۈشۈپ، ئالدىراشلا رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ماڭدى، ئەلچىلەردىن بىرى ئەشبەھ (مۇنزىر) تۆگىسىدىن چۈشۈپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى چۈشۈرۈپ، تۆگىسىنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، ئۆزى ئوبدان، پاكىز يۇيۇنۇپ، ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ، مەسجىدكە بېرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ كۆرۈشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئالدىرىماي تەرتىپ بىلەن ھەرىكەت قىلىشىدىن سۆيۈندى ۋە: «**إِنَّ فِيْكَ خِصْلَتَيْنِ يُحِبُّهُمَااللهُ، الحُلُمْ وَالأَنَاةُ**» «ئى ئەشبەھ! سەندە ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان دىلى يۇمشاقلىق بىلەن پۇختىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىسلەت بار،ـ دېدى.»

ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ ماختاشقا تېگىشلىك تەرىپىمۇ بار. مەسىلەن، قەرزنى تۆلەش، ئۆلۈكنى يۇيۇپ كېپەنگە ئېلىش، گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش قاتارلىقلاردا ئالدىراش ياخشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمىدە "دۇنيا ئىشلىرىدا" دېگەن جۈملە قوشۇپ قويۇلدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھ تائالاغا: ﴿**وَعَجِلْتُ إِلَيْكَ رَبِّ لِتَرْضَى**﴾ «پەرۋەردىگارىم! سېنى رازى بولسۇن دەپ ئالدىراپ كەلدىم»[23] دەپ مۇناجات قىلغان ئىدى. ئەگەر ئالدىراڭغۇلۇق ھەممە ئورۇندا پايدىسىز بولسا ئىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەرمىگەن بولاتتى. دېمەككى، بارلىق ئىشتا ئادالەتلىك بولۇش، «ھەممە ئىشتا ئوتتۇرا ھاللىق ياخشى» دېگەن سۆزگە ئەمەل قىلىش، ئاشۇرىۋېتىشتىن، كەم قويۇشتىن ساقلىنىش، ئەھۋالغا قاراپ ئالدىراش، ئەھۋالغا قاراپ ئالدىرىماسلىق، شۇنداق ئورۇنلارنى پەرق ئېتىپ بىلىش لازىم.

[23] تاھا سۈرىسى 84 ـ ئايەت.

## 62 ـ ھەدىس: دۇنيا ئىشلىرىنى كىشلەر ئۆزلىرى بەكرەك بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

أَنْتُمْ أَعْلَمُ بِأَمْرِ دُنْيَاكُمْ. (صحيح مسلم رقم الحديث 4358 في كتاب الفضائل)

دۇنيا ئىشلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار ياخشى بىلىسىلەر.

مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئىشلىرى (ئىلىملىرى) دىكى ئاساسىي يېتەكچى، قۇرئان كەرىم ھەم رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى (يولى) بولۇپ، شۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىش (ھەر ئىشنى شۇنىڭغا توغرىلاش) ۋە پەيغەمبەردىن ئۆگىنىپ بىلىش لازىم.

دۇنيالىق ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىشلارنى ئىنسان ئۆزلىرى تەتقىق قىلىشى، تەجرىبە ۋە ئەقىللىرىنى ئىشلىتىپ بىتەرەپ قىلىشى كېرەك. دۇنيالىق ئىشلار مەيلى ئادەم بالىسىنىڭ زېھنى يەتكۈدەك بولسۇن ياكى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە قىيىن بولسۇن، ئۇنى قۇرئان، ھەدىستىن ئىزدەش ۋە پەيغەمبەردىن سوراش بولسا، ۋەھيىنى ھەم پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنى چۈشەنمىگەنلىك ۋە ئۇلارنىڭ نىمىشقا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

پەيغەمبەرلەر بەندىلەرگە دۇنيالىق بىلىملەرنى، تەبىئەت، ئاسمان جىسىملىرى بىلىملىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشنىڭ يولىنى بىلدۈرۈش، ئۆز ئارا ئۇلپەت ۋە مۇھەببەت بىلەن ياشاش ئەھۋالىنى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتكە زىيانلىق ئىشلاردىن ساقلىنىش يوللىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. ئەگەر دۇنيالىق بىلىملەرنىڭمۇ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئۆگىتىلىشى لازىم بولسا ئىدى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز پىكىرلىرىنى تەرك ئېتىشى ۋە ھەممە نەرسىنى ۋەھيىدىنلا كۈتۈشى كېرەك بولاتتى. لېكىن پەيغەمبەرلەر تۇيغۇلارنىڭ ساداسىغا قولاق سېلىش، ئەقىلنى ئىشلىتىش ۋە ئىبرەت ئېلىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇردۇ. بۇ توغرىدا قۇرئان كەرىمدە كۆپلىگەن ئايەتلەر بار. پەقەت بۇ خىل ئاگاھلاندۇرۇش، دۇنيالىق ئىلىملەرنى ئۆگىتىش، سانائەت، ھۈنەر ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئەمەس، بەلكى شۇ ئىشلارنى دىن ۋە ئىمانىنى كۈچەيتىشكە سەۋەب ـ ۋاستە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرى توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنىڭ قۇرئان كەرىمدە نەچچە قېتىملاپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بەندىلەرگە تارىخ ئىلمىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى: ﴿**لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِأُوْلِي الْأَلْبَابِ**﴾ «ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ»[24] دېگەن ئايەتتىن مۇۋاپىق ئىبرەت ۋە نەسىھەت ئېلىش ئۈچۈندۇر.

قۇرئان كەرىمدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنىڭ تارىخنى ئايدىڭلىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئۈچۈن بايان قىلىنغانلىقى ناھايىتى روشەن. ﴿**وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولًا أَنْ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ**)

[24] يۇسۇف سۈرىسى 111 ـ ئايەت.

«بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق»[25] ۋە ﴿**كُلَّمَا أُلْقِيَ فِيهَا فَوْجٌ سَأَلَهُمْ خَزَنَتُهَا أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَذِيرٌ، قَالُوا بَلَى قَدْ جَاءَنَا نَذِيرٌ فَكَذَّبْنَا وَقُلْنَا مَا نَزَّلَ اللَّهُ مِنْ شَيْءٍ**﴾ «دوزاخقا ھەرقاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز: ئاللاھ (ھېچ ئادەمگە ۋەھيىدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق دېدۇق»[26] ۋە: ﴿**إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ بِالْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَإِنْ مِنْ أُمَّةٍ إِلَّا خلَا فِيهَا نَذِيرٌ**﴾ يەنى «قانداقلا ئۈممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن»[27] ۋە ﴿**وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلًا مِنْ قَبْلِكَ وَجَعَلْنَا لَهُمْ أَزْوَاجًا وَذُرِّيَّةً وَمَا كَانَ لِرَسُولٍ أَنْ يَأْتِيَ بِآيَةٍ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ لِكُلِّ أَجَلٍ كِتَابٌ**﴾ «سەندىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار»[28] دېگەنگە ئوخشاش ئۇلۇغ ئايەتلەردىن ئېلىنغان چۈشەنچىگە قارىغاندا، يەر يۈزىدە بولغان ئۈممەتلەرگە ھېسابسىز كۆپ پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن بولۇشى لازىم. ھالبۇكى، قۇرئاندا بايان قىلىنغان پەيغەمبەرلەر بەك ئاز. ئەگەر بۇلار تارىخ نۇقتىسىدىن سۆزلەنگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تارىخى سۆزلىنىپ ئۆتۈلگەن ۋە تارىخ ئىلمى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈلگەن بولاتتى. ھەممە پەيغەمبەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ سۆزلەنمەسلىكى ۋە تارىخ ئىلمى نۇقتىسىدىن تىلغا ئېلىنماسلىقى، ئۇلارنىڭ باشقا سەۋەبتىن زىكرى قىلىنغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

مۇشۇ سەۋەبتىن، دىن ئىلمى بىلەن دۇنيا ئىلمىنى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن دىن ئىشلىرىنى ئارىلاشتۇرىۋەتمەسلىك، پەرقىنى ئايرىش، بىرىنى ۋەھيىدىن ۋە پەيغەمبەردىن ئۆگىنىش، ئىككىنچىسىنى بولسا، ئادەملەر بىلسە ـ بىلمىسە ئۆزى تىرىشىپ، تەجرىبە قىلىپ كۆرۈشى لازىم. ئىسلام دىنىنىڭ فىترى (كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن ئىزدەيدىغان) دىن بولغانلىقىنىڭ مەنىسىمۇ، دىنىنىڭ دۇنيالىق ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى، دۇنياۋى ھۈنەر ـ سانائەتتىن توسماسلىقى، دۇنيا ئىشلىرىنى ئۆگىتىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالماسلىقى، بەلكى ئاۋامنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا تاپشۇرۇشى ۋە كائىنات سۈننىتىچە (تەبىئەت ئالەمدىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە) بولۇشىغا مۇۋاپىق كەلگەنلىكىدۇر.

مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ «**أَنْتُمْ أَعْلَمُ بِأُمُورِ دُنْيَاكُمْ**» «دۇنيا ئىشلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز ياخشى بىلىسىز» دېگەن ھەدىسىنى ئۆزلىرىگە دەستۇر قىلىشى، دىنغا ئالاقىسى بولمىغان دۇنيالىق ئىشلار ۋە ئىلىملەردە ئۆز تەجرىبە ۋە تىرىشچانلىقلىرىنى ئاشۇرۇپ، دۇنيا ھاياتىدا باشقا مىللەتلەردىن قېلىشماي ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە تېگىشلىك ئىدى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، مۇسۇلمانلار بۇ قائىدىنى دەستۇر قىلمىدى. دىن ئىشى بىلەن دۇنيا ئىشىنى ئايرىماي، ھەممە نېمىنى شەرىئەتكە تەتبىق قىلماقچى بولدى ۋە شەرىئەت پەتىۋاسىنى ئىزدىدى.

---

[25] نەھل سۈرىسى 36 ـ ئايەت.
[26] مۇلك سۈرىسى8 ـ 9 ـ ئايەتلەر.
[27] فاتىر سۈرىسى 24 ـ ئايەت.
[28] مۇئمىن سۈرىسى 78 ـ ئايەت.

كېيىنكى زامانلاردا ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنىڭ ئەڭ ئېغىر ۋە بەك ئاچچىق بولغىنى، دۇنيالىق ئىشلارنىڭ دىن نامىدىن چەكلىنىشى ۋە شۇ باتىل ئىشنىڭ ئۈستىگە: «ئىسلام دىنى بىلەن مەدەنىيەت بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدۇ» دېگەن ئىككىنچى بىر باتىل دەۋانىڭ قوشۇلۇشى بولدى.

سۇلتان مەھمۇد (بۇرۇنقى تۈركىيە پادىشاھى) ئەسكەرلەرگە يېڭى ئىنتىزام ئۆگىتىشكە ۋە مۇۋاپىق بىر فورمىدا كىيىم ـ كېچەك بېرىپ باشقا ھۆكۈمەتلەردەك ھەربىي تەربىيە بېرىشكە كىرىشكەندە، ئىستانبۇل ئالىملىرى بۇ ئىشقا دىن نامىدىن قارشى تۇردى. شەيخۇل ئىسلاملىرىدىن باشلاپ مەدرىسە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قەدەر ھەممىسى «ياخشىغا بۇيرۇش، ياماندىن توسۇش» ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا كىرىشتى. لېكىن سۇلتان مەھمۇد ئۆزى دىنىنى ئوبدان بىلگەنلىكتىن ۋە ھەر بىر سەللىلىك ئادەمنىڭ: «كىتاب ئۇنداق بۇيرىمايدۇ» دېگەن سۆزىگە ئىشىنىپ كەتمەستىن، ئۆز سۆزىنى سۆزلەۋەردى. ئەمر ـ مەرۇپ، نەھى ـ مۇنكەر قىلىش ئۈچۈن ئىستانبۇل رەستىلىرىگە جۇغلىشىۋالغان دىن باشلىقلىرىغا توپنىڭ ئۈچىنى قاراتتى. ئۇلارمۇ ئۆزى بىلگەنلىرىنى قىلىۋەردى. مىڭ مۇشەققەت بىلەن قېچىپ جانلىرىنى ئۆيلىرىگە ئاران ئالدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن سۇلتان مۇراد ئىستانبۇلدا رەسەتخانا سالدۇرۇشقا كىرىشكەندە، ئىستانبۇل ئالىملىرى: «رەسەتخانا قىلىش ھەم ھېكمەت (پەن، يېڭى تېخنىكا) كە دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش چەكلەنگەن»، دەپ دىن نامىدىن پەتىۋا چىقارغان ۋە شۇ سەۋەبتىن ئىستانبۇلدا پۈتۈن دەرس «ھىدايە» بىلەن «ئىنايە» دىن ئىبارەت بولۇپ قالغان ئىدى. رەسەتخانىنىڭ دىن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ قۇرئاننىڭ قايسى ئايىتى ئۇنى چەكلەيدۇ؟

مۇشۇ كۈنلەردە بۇخارا ئالىملىرى يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن باللارغا ئېلىپبە ئوقۇتۇشنى توسۇپ، مەكتەپلەرنى دىن نامىدىن تاقىغۇزدى. كۆكرەكلىرى ئوچۇق رۇس قىزلىرىنىڭ تىياتىرلاردا، سىرىك ئويۇنلىرىدا ئويىنىشىنى «ھەجەپ ياخشى!» دېيىشىپ، ئېغىزلىرىدىن سۇ ئېقىتىپ ئولتۇرۇشنى، ئىسلامنىڭ ۋەقپىلىرىنى سېتىپ كەسىپ قىلىشنى، جازانە (ئۆسۈم) بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن دىنىي چەكلىمە دەپ قارىمىغان بۇ «مۇبارەكلەر» قىسقا ۋاقىتتا ئاسان يول بىلەن باللارغا خەت تونۇتۇشنى، خەت يېزىشنى ئۆگىتىشكە قانداق چەكلىمە تاپقاندۇر؟!

عَجِبْتُ مِنْ شَيْخِي وَ مِنْ زُهْدِهِ، وَذِكْره النَّارَ وَأَهْوَالَهَا.

يَكْرَهُ أَنْ يَشْرَبَ فِي فِضَّةٍ، وَيَسْرُقَ الفِضَّةَ إِنْ نَالَهَا.

"شەيخىمغا ۋە ئۇنىڭ دۇنياغا بېرىلمەسلىكىگە، دوزاخنى ۋە قورقۇنچلۇق ئازابلىرىنى ئېيتىپ بېرىشلىرىگە ئەجەبلەندىم. كۈمۈش قاچىدا سۇ ئىچىشنى يامان كۆرىدۇ، كۈمۈش قولىغا كېلىدىغانلا بولسا ئوغۇرلايدۇ."

# 63 ـ ھەدىس: ھەر ئىنساننى ئۆز لايىقىدا كۆرۈش توغرىسىدا

أَنْزِلُوا النَّاسَ مَنَازِلَهُمْ. (سنن أبي داود)

ھەر كىمنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بويىچە كۆرۈپ، ئۆزىگە لايىق مۇئامىلە قىلىڭلار!

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بۇ سۆزى ھەركىم ئۈچۈن ھەرىكەت دەستۇرى بولۇشقا تېگىشلىك بىر ئاساستۇر. ھەر كىمنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تەبىقىسىدە كۆرۈپ، ئۇ ئۆز ئەھۋالىغا مۇناسىپ مۇئامىلە قىلىش لازىم. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى چۈشىنىش ۋە دەڭسەپ بېقىش كېرەك. يازغۇچىلارنىڭ مەرتىۋىسىنى كىتابلىرىنىڭ چوڭلىقىغا قاراپ ئۆلچەشكە بولمىغاندەك، ئەھلى ئىلىملەرنىڭ مەرتىۋىلىرىنىمۇ، گېپىنىڭ چوڭلۇقىغا، باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە ئاۋازىنىڭ ئۈنلۈك چىقىشىغا قاراپ ئۆلچەشكە بولمايدۇ. بۇ تائىپىلەر (ئالىملار) نىڭ ئۆلچىمى پۈتۈنلەي باشقا ئۆلچەمگە ئاساسەن ئۆلچىنىلىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىدا نادان (بىلىمسىز) ‟ئەللامىلەر” ۋە پىتنە ــ ئىغۋا تارقاتقۇچى مۇھەققىقلار، «ئەۋلىيالار سۇلتانى» ئاجىز بىچارىلەر، ناتوغرا يوللار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىقلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۋالغۇچى نائەھلىلەر ۋە گالۋاڭلار، مۇستەبىت مەغرۇرلارنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، مۇشۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىشنى بىلمىگەنلىك، خىيالىغا كەلگىنىچە سۆزلەش، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە ئىسراپچىلىقنىڭ ھەممە جايغا يامراپ كېتىشىدۇر.

## 64 ـ ھەدىس: ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا ياردەم قولىنى سۇنۇشى توغرىسىدا

**انْصُرْ أَخَاكَ ظَالِمًا أَوْ مَظْلُومًا قَالُوا يَا رسول الله هَذَا نَنْصُرُهُ مَظْلُومًا فَكَيْفَ نَنْصُرُهُ ظَالِمًا قَالَ تَأْخُذُ فَوْقَ يَدَيْهِ.** (صحيح البخاري)

زۇلۇم قىلغۇچى ياكى زۇلۇم قىلىنغۇچى بولسۇن، مۆمىن قېرىندىشىڭغا ياردەم بەر! «ئى پەيغەمبىرىمىز! زۇلۇم قىلىنغۇچىغىغۇ ياردەم قىلىمىز. زالىمغا ياردەم قىلىشىمىز قانداق بولىدۇ؟» دەپ سوراشتى. رەسۇلۇللاھ: «زالىمنىڭ قولىنى تۇتۇۋالسەن (يامانلىقتىن توسىسەن)» دېدى.

ئەگەر زۇلۇم قىلغۇچى كىشى ۋاقتىدا توسۇپ قېلىنسا، ئۇنىڭ جاۋابكارلىققا تارتىلىشى، مەھكىمىلەرگە چىقىرىلىشى ۋە ئەيىبلىنىپ جازالىنىشىدەك ئىشلاردىن ساقلىنىپ قالغىلى بولۇشى، ھەتتا زالىم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىپ، پۇشايمان قىلىشى مۇمكىن. مۇنداق بولغاندا، زۇلۇم قىلغۇچىنى زۇلۇمدىن توسۇش مەجازى مەنىدە ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي مەنىدە ئۇنىڭغا چوڭ ياردەم قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

## 65 ـ ھەدىس: ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتىگە قانائەت قىلىش توغرىسىدا

**انْظُرُوا إِلَى مَنْ هُوَ أَسْفَل مِنْكُمْ وَلَا تَنْظُرُوا إِلَى مَنْ هُوَ فَوْقَكُمْ فَإِنَّهُ أَجْدَرُ أَنْ لَا تَزْدَرُوا نعمة اللَّهِ عَلَيْكُمْ.** (سنن الترمذي)

(دۇنيا ئىشلىرىدا) ئۆزۈڭلاردىن يۇقىرىدىكىلەرگە ئەمەس، بەلكى تۆۋەندىكىلەرگە قاراڭلار! بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا بەرگەن نېمەتلەرنى ئاز كۆرمەسلىكىڭلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

ئادەم بالىسى دۇنيا ئىشلىرىدا ئۆزىدىن يۇقىرىغا قاراشنى ئادەت قىلسا، ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە بەختسىز ئادەم ھېسابلاشقا باشلايدۇ، ئۈمىدسىزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆزىدىن يۇقىرىدىكى ئادەملەرگە ھەسەت قىلىپ، دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلايدۇ. ئەمما ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە قارىسا، ئۆزىنى بەختلىك ئىنسانلاردىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشكەن بەندىلەردىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، قول ئىلكىدىكىگە شۈكۈر قىلىدۇ-دە، نەتىجىدە ئائىلىسىدە خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەمما ئاخىرەت ئىشلىرىدىن بولغان ئەمەل ـ ئىبادەت، باشقىلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش، ياخشىلىق قىلىش ئىشلىرىدا بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇش، يەنى ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارغا ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلارغا قاراش ۋە ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىش كېرەك. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ «يۇقىرىغا قاراپ پىكىر قىل، تۆۋەنگە قاراپ شۈكۈر قىل» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بىر نەسىھەتتۇر.

# 66 ـ ھەدىس: مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئاز بولسىمۇ ھارام ئىكەنلىكى

**أَنْهَاكُمْ عَنْ قَلِيلِ مَا أَسْكَرَ كَثِيرُهُ.** (سنن النسائي)

كۆپ بولغاندا مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئىېزىدىنمۇ مەنئى قىلىمەن.

مەست قىلغۇچى نەرسىنى ئىچىشنىڭ ھاراملىقىنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەر بىلەن بايان قىلىنغانلىقى ئىسلام دۇنياسىدا ھەممىگە مەلۇمدۇر. ئەرەب خەلقى ھاراق ئىچىشكە خۇمار بولۇپ، ئۇنى ئىچمىسە تۇرالمايتتى. ئۆز ئارىسىدا بولغان پىتنە ـ پاسات، ئۇرۇش ـ قىرىلىشلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھاراقخورلۇق ئىدى. قۇرئان كەرىم توسقاندىن كېيىن ئەرەبلەر بۇ بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، ئۆزلىرىنى ھاراقتىن پۈتۈنلەي تارتتى. ھاراقتىن يانغانىنىڭ ياخشى نەتىجىسىنى كۆرۈپ، قۇرئاننىڭ ھۆكمىدىن تولىمۇ سۆيۈندى. شائىرلارنىڭ:

**أَلاَ يَالقَوْمِي لَيْسَ فِي الخَمْرِ رُفْعَةٌ، فَلاَ تَقْرَبُوا مِنْهَا فَلَسْتَ بِفَاعِلٍ.**

**فَإِنِّي رَأَيْتُ الخَمْرَ شَيْئًا وَلَمْ يَزَلْ، أَخُو الخَمْرِ دِخَالاً لِشَرِّ المَنَازِلِ.**

* * *

**وَ كُلّ أُناسٍ يَحْفظُونَ حَرِيْمَهُم، وَلَيسَ لِأَصْحَابِ النَبِيْذِ حَرِيْمٌ.**

**فَإِنْ قُلْت هَذاَ لمَ أَقُلْ عَنْ جَهَالَةٍ، وَ لَكِنَّنَى بِالفَاسِقِيْنَ عَلِيْمٌ.**

“مىللىتىم ئاگاھ بولۇڭلار، ھاراقتا ئۈستۈنلۈك يوق. سىلەرمۇ يېقىن بارماڭلار، مەنمۇ ئىچمەيمەن. ھاراق ئىچىشنىڭ چوڭ ئەيىبلىكىنى بىلدىم. ھاراق ئىچىدىغان ئادەم داۋاملىق پېشكەللىككە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەركىم ئۆز ئائىلىسىنى، مۈلكىنى ئاسرايدۇ. ھاراقكەشنىڭ ئاسرىيالايدىغان ھېچ نەرسىسى يوق. بۇ گەپنى بىلمەي سۆزلىمىدىم. مەن دىنى ئىسلام يولىدىن چىققانلارنى ئوبدان بىلىمەن.”

رەسۇلۇللاھنىڭ ھاراق ئىچىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن خەلق ئىچىدە ئۆسۈپ ـ يېتىلگەن تۇرۇپ، ھاراق ئىچمىگەنلىكى ئەرەبلەرگە مەلۇم ئىدى. گەرچە ئەرەبلەر ئىچىدە ھاراق ئىچىشنى ئۆزىگە ھارام قىلىپ، ئۆزىنى تارتقان ئىنسانلار بار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشلىرىغا ھاراق يۈزىسىدىن پالاكەت ۋە مەسخىرىلەرگە ئۇچرىغانلىقى سەۋەب بولغان ئىدى. ھاراق ھەر تۈرلۈك بۇزۇق ئىشلارنىڭ ئانىسى بولۇپ، ھاراق ئىچكەن ئادەم ئەقلىدىن ئادىشىپ، ساراڭلار قاتارىغا كىرىدۇ. ھاراق ئىچىش ئەخلاقنى بۇزىدۇ، تەن ـ سالامەتلىكنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. ھاراققا خۇمار بولغان كىشىنىڭ نەسلى بۇزۇلىدۇ. بۇ، دوختۇرلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ئارقىلىق بېكىتىلگەن ئەھۋالدۇر.

زامانىمىز تېۋىپلىرىدىن بىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بىر رىسالىدە مۇنداق سۆزلەر بار: بۈگۈن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى چېكىدىن ئاشقان يوقسۇللۇقنىڭ سەۋەبى ھاراقتۇر. ھاراق ئىچىش ئادىتى قېرىلاردىن ياشلارغا، ئاتا ـ

ئانلاردىن باللارغا مىراس بولۇپ قالىدۇ. ھاراق ئىچىشكە خۇمار بولغان ئائىلىلەر بىلەن قۇدا ـ باجا بولۇش جەمئىيەت كەيپىياتىغا ناچار تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بوستۇن شەھىرىدىكى بىرنەپەر ئائىلىسىدە ئەللىك يىل ئىچىدە يىگىرمە بىركىشى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ ئائىلىدە ھاراق ئىچىش ئومۇميۈزلۈك ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ خىل ئەخلاقسىزلىق پەرزەنتلىرىگە مىراس بولۇپ قالغانلىقتىن ئىدى. تەكرار ئېيتىمىز، ھاراق ئىچىش، ئەپيۇن چېكىش ۋە شۇنىڭدەك نەشە قاتارلىق مەست قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە نەرسىلەرگە ئادەتلەنگەن ئاياللار ۋە ئەرلەر بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولۇش توغرا ئىش ئەمەس، بۇنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمان بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم ۋىلايەتلەر ھاراق ئىچىشنى زىيانلىق قىلمىش دەپ قاراپ، ئاياللارغا تالاق قىلىش ھوقۇقى بېرىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، ھاراق ئىچىشنىڭ باللارغا مىراس بولۇپ قېلىشىنى تۈگىتىش ياكى ئازايتىشتۇر.

ئۇشبۇ ھەدىس شەرىپنىڭ ھۆكمى ئىچىملىكلەرگىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئەپيۇنغا ئوخشاش باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرگىمۇ قارىتىلىدۇ (رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئۇنىڭدىنمۇ توسىدۇ). ئەپيۇن يۇتۇش دوختۇر رېتسېپلىرىغا مۇۋاپىق ئىشلىتىلمىگەندە، ئىسلام شەرىئىتىدە دۇرۇس بولمايدۇ. ئەپيۇننىڭ ھاراقتا ۋە ھاراق تەركىبىدىكى ھەر قانداق نەرسىگە سېلىشتۇرغاندا زىيانلىقراق ئىكەنلىكى توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى ئوقۇدۇق. دوختۇر، تېۋىپلار كۆرسىتىپ بەرگەن ئەقىل ۋە بەدەنگە زىيان قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر.

«شەيتان ئۆزى كىرەلمىگەن ئورۇنلارغا ئەڭ ئاۋۋال ھاراق كىرگۈزىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزى كىرىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز قەدىمكى زامانلاردىن بىرى مەشھۇردۇر.

ئىسلام دۇنياسىدا ھاراقنىڭ «**أُمُّ الخَبَائِثِ**» (بۇزۇقچىلىقنىڭ ئانىسى) دەپ تەرىپلىنىشى ئۇنىڭ ئەڭ زىيانلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 67 ـ ھەدىس: ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر توغرىسىدا

**إِنَّ أَبَرَّ الْبِرِّ صِلَةُ الْوَلَدِ أَهْلَ وُدِّ أَبِيهِ.** (صحيح مسلم)

ياخشىلىقلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، پەرزەنتنىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ دوستلىرىنى (يېقىن كۆرۈپ) يوقلاپ تۇرۇشىدۇر.

مۇشۇ ھەدىسكە قارىغاندا، پەرزەنت دادىسى مەيلى ساق ياكى ۋاپات بولغان بولسۇن، دادىسىنىڭ قېرىنداشلىرى، ئائىلىسى، يېقىن يورۇقلىرى ۋە ئائىلە دوستلىرىنى ئىزدەپ ياخشىلىق قىلىپ تۇرۇشى، ئۇلارنى دوست كۆرۈشى، قىچقىرىپ مېھمان قىلىشى، ھەدىيە ـ سوۋغاتلار بېرىشتەك خەيرلىك ئىشلار بىلەن كۆڭلىنى ئېلىپ تۇرۇشى لازىم. بۇ ئاتىغىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئانىغىمۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەتتۇر. ئەگەر ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە شەرئەت تەرىپىدىن چەكلىمە بولمىسا، مۇشۇنىڭغا ئەمەل قىلىش لازىم. بۇ ئىشقا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

# 68 ـ ھەدىس: رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇممىتى ئۈچۈن ئەڭ قورققان ئىشى

**أَخْوَفَ مَا أَتَخَوَّفُ عَلَى أُمَّتِي الْإِشْرَاكُ بِاللَّهِ أَمَا إِنِّي لَسْتُ أَقُولُ يَعْبُدُونَ شَمْسًا وَلَا قَمَرًا وَلَا وَثَنًا وَلَكِنْ أَعْمَالًا لِغَيْرِ اللَّهِ وَشَهْوَةً خَفِيَّةً.** (سنن ابن ماجة)

ئۇممىتىم ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغان نەرسەم ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشىدۇر. ئۇلارنىڭ قۇياشقا، ئايغا ياكى بۇتقا ئىبادەت قىلىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنى رازى قىلىشتىن باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئەمەل قىلىشى ۋە يوشۇرۇن شەھۋەتكە باغلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇمەن.

ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشتىن باشقا مەقسەت بىلەن قىلىنغان ئىبادەت ۋە ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى "**رِيَاءٌ**" ھەم شەھۋەت دېگەن سۆزنىڭ ئەتراپىدا ئۆز مەنىسىنى تاپىدۇ.

خەلققە بىلىندۈرمەكنى رىيا ۋە خەلقتىن يوشۇرۇلىدىغىنى يوشۇرۇن شەھۋەت دەپ ئاتىلىدۇ. يوشۇرۇن شەھۋەت بىلەن رىيانىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ يامان ئىش ۋە گۇناھ ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم: ﴿**وَيْلٌ لِلْمُصَلِّينَ * الَّذِينَ هُمْ عَنْ صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ * الَّذِينَ هُمْ يُرَاءُونَ**﴾ «شۇنداق نامازخانلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ»[29] يوشۇرۇن شەھۋەت ۋە رىيا ئۈچۈن قىلىنغان ئىبادەتلەر، ئەمەللەر ھەقىقىي ھالدا ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بولمىغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھ ئۇنى «شېرىك» دەپ ئاتىغان. رىيا مەسىلىسى ئەخلاق كىتابلىرىدا، خۇسۇسەن ئىمام غەززالىنىڭ: **كِتَابُ الأَرْبَعِيْن**"، "**إِحَيَاءُ**" ئىسىملىك ئەسەرلىرىدە تەپسىلىي زىكىر قىلىنىدۇ.

رىيانىڭ ئەڭ يامانراقى ۋە زىيانلىق بولغان قىسمى دىنىنىڭ نامى بىلەن رىيا قىلىشتۇر. ئۇزى غەيۋەت قىلىدۇ، گەپ توشۇيدۇ، چېقىشتۇرىدۇ، ھارام مۇئامىلىلەردىن ساقلانمايدۇ، جازانىخورلۇق (ئۆسۈمگە نەرسە بېرىش) قىلىدۇ، دىنىي ئالىملارغا ئەگىشىمەن دەپ داۋراڭ سېلىپ تۇرۇپ، ئالىملار تەرىپىدىن يامان دەپ قارالغان سودىلارنى قىلىدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ ئازراق ئەيىبىنى كۆرۈشى بىلەنلا خۇددى رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن شۇ خىزمەتكە بەلگىلەپ قويۇلغان كىشىلەردەك دەرھال سەكرەپ قوپۇپ دىن نامىدىن غەم تارتقان بولۇپ، زارلىنىشقا، دۇنيانىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنىشقا باشلايدۇ.

ئاۋام خەلق دىن نامىدىن سۆزلەنگەن گەپ ـ سۆزلەرنى مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە قىلماستىن، تەكشۈرمەستىن قوبۇل قىلىدۇ. ئاۋامنىڭ غەپلىتىدىن پايدىلانغان بۇ رىياكارلار، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر قاچان ئۆزىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى دىن نامىدىن سۆزلەيدۇ ۋە ئۆزىگە ياقمىغان كىشىلەرنى دىن نامىدىن تىللايدۇ، سۆكىدۇ، ھاقارەتلەيدۇ. ئۆزىنى دىندار، قارشى تۇرغانلارنى دىنسىز ۋە دەھرى دەپ ئاتايدۇ.

---

[29] مائۇن سۈرىسى 4 ـ 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

# 69 ـ ھەدىس: ھالال ئەمگەك توغرىسىدا

**إِنَّ أَطْيَبَ مَا أَكَلَ الرَّجُلُ مِنْ كَسْبِهِ وَإِنَّ وَلَدَهُ مِنْ كَسْبِهِ**. (مسند أحمد)

ئىنساننىڭ ئەڭ لەززەتلىك يېمەكلىكى ئۆز ئەمگىكى بىلەن تاپقان ھالال رىزقىدۇر. كىشىنىڭ بالىسىمۇ ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ.

ھاجەت چۈشكەندە ھاجىتىدىن چىقىش شەرتى بىلەن، بالىسى مەيلى رازى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بالىسىنىڭ مېلىدىن پايدىلىنىش دۇرۇس بولىدۇ.

بالىسىغا يۆلەك بولۇش، ئۇنىڭدىن تەمە قىلىش، باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىش ۋە تەمە قىلىشقا ئۇيغۇن ئەمەس يەردىن تەمە قىلىش ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بالىنىڭ مېلى دادىنىڭ ئۆز ئەمگىكى بىلەن تاپقان مېلىغا ئوخشاشتۇر. «مېنىڭ مېلىممۇ بار، بالىلىرىممۇ بار، دادام بولسا مېلىمنى ئالغىلى قەستلەيدۇ» دەپ شىكايەت قىلغان بىر كىشىگە رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى: «**أَنْتَ وَ مَالُكَ لِأَبِيكَ**» «سەن ئۆزەڭمۇ، مېلىڭمۇ داداڭنىڭدۇر» دەپ جاۋاب بېرىش ئارقىلىق زۆرۈر ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك بولۇش شەرتى بىلەن، بالىنىڭ مېلىدىن پايدىلىنىشقا دادىنىڭ ھەققى بارلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، سەدىقە سوراپ كەلگەن بىر ساھابىنىڭ كونا كىيىمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ساماپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا پالتا ئېلىپ، ئۆز قولى بىلەن ساپلاپ بەرگەندىن كېيىن، «مۇشۇ پالتا بىلەن تاغدىن ئوتۇن ئەكىلىپ سېتىپ، تۇرمۇشۇڭنى قامدىغىن ۋە 15 كۈنگىچە قېشىمىزغا كەلمىگىن» دېيىشى، ئۇنىڭ ئۆز ئۈممىتىنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىنىش ۋە شۇغۇللىنىشىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ دەلىلى بولسا كېرەك. بۇ ۋەقەنى ھەدىس ئىماملىرى رىۋايەت قىلىدۇ.

# 70. ھەدىس: ۋاپادار بولۇش توغرىسىدا

**إِنَّ حُسْنَ الْعَهْدِ مِنَ اْلإِيمَانِ.** (الجامع الصغير)

(ھۆرمەتلەش ۋە) ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىماندىندۇر.

ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئۆز يېنىغا كەلگەن بىر قېرى ئايالغا كاتتا ھۆرمەت، ئىلتىپات قىلدى. ھال ـ ئەھۋالىنى ۋە قانداق تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقانلىقىنى سورىدى. ئۇ كىشى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ كىشىگە مۇنداق ھۆرمەت قىلىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى: «ئۇ كىشى خەدىچە بار ۋاقتىدا بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلەتتى» دېدى ۋە يۇقىرىقى ھەدىسنى ئېيتتى.

بۇ توغرىدا ئىمام بۇخارى ھەزرىتى ئائىشەدىن: «**كَانَ رسول الله صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمْ لِيَذْبَحَ الشَّاةَ ثُمَّ يَهْدِي فِي خِلَّتِهَا مِنْهَا**» «رەسۇلۇللاھ قوي سويغاندا گۆشتىن خەدىچەنىڭ يېقىنلىرىغا بېرەتتى» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام تىرمىزىمۇ ھەزرىتى ئائىشەدىن: «رەسۇلۇللاھتىن ھېچبىر كۈندەشىمنى خەدىچىنى كۈنلىگەندەك كۈنلىمەيمەن، ھالبۇكى، مەن خەدىچەنىڭ ۋاقتىدا يوق ئىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى رەسۇلۇللاھ خەدىچەنى بەك تولا ئەسلەيتتى. رەسۇلۇللاھ قوي سويسا، گۆشتىن خەدىچەنىڭ يېقىنلىرىغا بېرەتتى» دېگەن مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

«عَهْدٌ» (توختام) نى جايىغا يەتكۈزۈش، ھەقلەرگە رىئايە قىلىشنىڭ ئالىيجاناب ئىش ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوق. بۇ ئەمەل ئىماندىن بولۇشقا لايىق بىر مەرتىۋەدۇر.

**رَأَىَ المَجْنُونُ فِي البَيْدَاءِ كَلَبًا، فَمَدَّ لَهُ مِنَ الإِحْسَانِ ذِيْلاً.**

**فَلاَمُوهُ عَلَى مَا كَانَ مِنْهُ، وَقَالُواْ لم مَنَحَت الكَلْب نِيْلاً.**

**فَقَالَ دَعُوا المَلاَمَةَ إِنَّ عيْنِى، رَأَتْهُ مَرةً فِي حَيٍّ "لَيْلَى".**

مەجنۇن سەھرادا بىر ئىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يېمەكلىك بېرىپ ياخشىلىق قىلدى. بۇنى كۆرۈپ خەلق مەجنۇننى ئەيىبلەپ: « ئىتقا نېمىشقا نەرسە بېرىسەن؟» دېدى. مەجنۇن: «ماڭا مالامەت قىلماڭلار، بۇنىڭدا سەۋەب بار. بىر قېتىم كۆزۈم شۇ ئىتنى لەيلىنىڭ مەھەللىسىدە كۆرگەن ئىدى (شۇڭا ئۇ ئىت ماڭا سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ)» دېدى.

ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان «ئەھدە» دېگەن سۆزنىڭ قەسەم قىلىش، ئامانلىق بېرىش، ئۆز ئۈستىگە ئېلىش، غەيرەتلىك ۋە تىرىشچان بولۇش، كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى، خاتىرىسىنى قىلىش، ۋەسىيەت قىلىش قاتارلىق مەنىلىرىدىن باشقا مەنىلىرىنىڭ يوق ئىكەنلىكى ئىبنى ئەسىرنىڭ "**النِهَايَةُ**" ئىسىملىك ئەسىرىدىن مەلۇم بولىدۇ.

# 71 ـ ھەدىس: ياخشى ئىشقا دالالەت قىلغۇچى شۇ ئىشنى قىلغانغا ئوخشاش ئىكەنلىكى

إِنَّ الدَّالَّ عَلَى الْخَيْرِ كَفَاعِلِهِ والله يحب إغاثة اللهفان. (سنن الترمذي)

كىشىنى ياخشى ئىشقا دالالەت قىلغۇچى شۇ ئىشنى ئۆزى قىلغانغا ئوخشاشتۇر. ئاللاھ تائالا دەرتمەنلەر ۋە ھاجەتمەنلەرگە (سۆزى ياكى ئەمەلىي ھەرىكىتى) بىلەن ياردەم بەرگۈچىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

كىشىنى ياخشى ئىشلارغا رىغبەتلەندۇرۇش ۋە سەپەرۋەر قىلىش تۆۋەندىكى يوللار بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

1 ـ تىل بىلەن سۆزلەش.

2ـ ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەلىيىتى بىلەن ئۈلگە بولۇش.

3ـ مەسلىھەت سورىغاندا ياخشى مەسلىھەت بېرىش.

4ـ مەتبۇئات ۋە ماقالىلەر بىلەن تەسىر كۆرسىتىش.

شەرھى يازغۇچىلار "اَلخَيْرُ" دېگەن سۆزنىڭ دائىرىسىگە دۇنيالىق ياخشى ئىشلارنىمۇ، ئاخىرەتلىك ۋە دىنىي ئىشلارنىمۇ كىرگۈزىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. «دەرتمەنلەر» دېگەن سۆزنىڭ دائىرىسىگە ئوگۇشسىزلىقتا ئۇچرىغۇچىلار ۋە مەقسىتىگە يېتەلمەي چارىسىز يۈرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ. ئاخىرەتلىكى ياكى دۇنيالىقى ئۈچۈن بولسۇن، ئوقۇشقا ئالدىراپ ماڭغۇچىلارمۇ مۇشۇ قاتاردىن ھېسابلىنىدۇ.

يەرگىلەردە، رۇسلاردا ناھايىتى ياخشى بىر ئادەت بار. ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى كىشىلەر، بالا ـ چاقىسى يوقلار، ياشانغانلار، ئىگە ـ چاقىسىز بالىلار، ئاجىزلار، كېسەللەر، ئومۇمەن قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلارنىڭ غەم ـ قايغۇ، قىيىنچىلىقلىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ساناتورىيە، دوختۇرخانا، مەكتەپلەرنى قۇرىدۇ ۋە شۇلاردىن خەۋەر تېپىشقا يېتەرلىك ماللارنى ۋەقفە قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كىتابخانا، باغچىلارنى ئاچىدۇ. مۇنداق ساخاۋەتلىك ئىشلارنى سالامەتلىكى ئوبدان چاغدا قىلالمىغانلار، بۇ دۇنيادىكى رولى ئاخىرلىشىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، ئاخىرەت سەپىرىگە تەييارلانغاندىن كېيىن بولسىمۇ، ئۇنتۇماستىن ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ. ئەمما بىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى كىشىلىرىمىزنىڭ ۋەسىيەتلىرى قەبرە بېشىدا قۇرئان ئوقۇش، نەپلە ھەج قىلدۇرۇش، گۆر سەدىقىسى بېرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ خالاس. ھاجەتمەنلەرگە، چارىسىزلارغا، دەرتمەنلەرنىڭ، بىچارىلەرنىڭ دەردىگە يېتىش يادىغا كەلمەيدۇ.

بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭدۇر، بۇ دەۋىردە ھەر تۈرلۈك ياخشى ئىشلارنىڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن مەخسۇس خەير ـ ساخاۋەت جەمئىيەتلىرىنى ئاچقىلى بولۇشى مۇمكىن، دەرتمەنلەر ۋە ئاجىزلارغا ياردەم قىلىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئاسان چارىسى مۇشۇنداق جەمئىيەتلەرگە ياردەم قىلىش ياكى باشقا

خىزمەتلەرنى قىلىشتۇر. شەرھى يازغۇچىلار ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان "**لاَحِلْفَ فِى الإِسْلاَمِ**" دېگەن ھەدىسنى يولۇچىلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش، پىتنە چىقىرىشتەك شەرىئەتكە خىلاپ بولغان جەمئىيەتلەرنى قۇرۇش ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئەمما پېقىر، ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قۇرۇلغان جەمئىيەتلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ «**وَأَيَّمَا حِلْفٌ كَانَ فِى الجَاهِلِيَةِ لمْ يزِدْهُ الإِسْلاَمُ إلاَّشِدَّةً**» دېگەن ھەدىسىگە ھەم «**شهدت فِى دَارِ عَبْدِ اللهِ بْنِ جَدْ عَانِ حَلِفًا لَوْ دُعِيْتُ إَلَى مِثْلِهِ فِى الإِسْلاَمِ لأَجَبْتُ**» دېگەن ھەدىسىگە مۇۋاپىق بولىدۇ.

## 72ـ ھەدىس: دىندا ئۆتتۈرا ھال بولۇش توغرىسىدا

إِنَّ الدِّينَ يُسْرٌ وَلَنْ يُشَادَّ الدِّينَ أَحَدٌ إِلَّا غَلَبَهُ فَسَدِّدُوا وَقَارِبُوا وَأَبْشِرُوا وَاسْتَعِينُوا بِالْغَدْوَةِ وَالرَّوْحَةِ وَشَيْءٍ مِنْ الدُّلْجَةِ. (صحيح البخاري)

ئىسلام دىنى يەڭگىل بىر دىن، ھەركىم شۇ يەڭگىللىككە رازى بولماي ئارتۇق ئىبادەت قىلىشقا كىرىشسە ئاجىز كېلىپ قالىدۇ ـ دە، ئاقىۋەت مەغلۇپ بولىدۇ (ئۆزىگە ئۆزى يۈكلىگەن ئىبادەتلىرىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالماي قالىدۇ. دىن ئىشلىرىدا بۇيرۇمىغاننى قوشۇۋېلىشمۇ، بۇيرۇغاننى كەم قويۇشمۇ توغرا ئەمەس، ئوتتۇرا يولنى تاللاڭلار). كامىل ئىبادەت قىلالمىساڭلار شۇنىڭغا يېقىنراق يوسۇندا ئىبادەت قىلىشقا تىرىشىڭلار. ئاز بولسىمۇ، ئىبادەتلەر ئۈرنىغا ساۋاب بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ سۆيۈنىڭلار. پۇرسەت كەلگەن چاغدا، مەسىلەن، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن، چۈشتىن كېيىن ۋە كۈن ئاخىرىدا بىر ئاز ئىبادەت قىلىڭلار.

بۇ ھەدىس كامىل ئىبادەت قىلىشقا تىرىشىشتىن توسمايدۇ، بەلكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيدۇ. شۇنىڭدەك بۇھەدىس رۇخسەت بويىچە ئەمەل قىلىشقىمۇ ئورۇن بېرىدۇ. مالاللىق كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولغۇدەك بولسا، كاتتىسى بىلەن شۇغۇللانماسلىققا ئىشارەت قىلىدۇ. يەنى نەپلە ۋە مۇستەھەب ئىبادەتلەرنى قىلىش ئەۋزەل بولۇپ، قىلماسلىق رۇخسەت، ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى قىزغىنلىق سەل بوشاشقاندا نەپلە ئىبادەتنى توختىتىپ، دەم ئېلىش كېرەك. پەرز، ۋاجىپ بولمىغان ئىبادەتلەرنى زورلاپ ئۆزۈڭگە يۈكلىمەي، كۆڭۈل قىزىغان مىقداردا قىلىش لازىم دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ھەدىس مەزمۇنىغا قارىغاندا، ئۆزىنىڭ ھەم ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى، زۆرۈر بولغان ئۆي لازىمەتلىكلىرىنى قامداش ئۈچۈن كۈن بويى ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان كىشىلەرنىڭ پەرز نامازلارنى ئاز كۆرۈپ، نۇرغۇن نەپلە نامازلارنى ئۆزىگە يۈكلىشى، ئەتىگەندە ئۇنىمىڭ، ئوتتۇز مىڭلاپ زىكرى ئوقۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىشى دېگەندەك مۇناسىپ ئىش ئەمەس. ھەرقانداق ئىشنى قىلىدىغان ئادەم بار، نەپلە ئىبادەت قىلىش، مىڭلاپ، ئونمىڭلاپ زىكرى ـ تەسبىھ ئوقۇش بىكار ـ تەلەت، تۇرمۇشنىڭ رىتىمى ئاستا، ئائىلە قىيىنچىلىقى يوق كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش يۈرىدىغان بىر جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغان بىر ساھابىنىڭ خۇپتەن نامىزىدا ئۇزۇن سۈرىلەر ئوقۇغىنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ ساھابىنى تەنقىد قىلغان ۋە قىسقا سۈرە ئوقۇشقا بۇيرۇغان ئىدى. ئىككىنچى بىر ئىمامنىڭمۇ جامائەت نامىزىنى ئۇزۇن ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «إِنَّ مِنْكُمْ مُنَفِّرِينَ فَأَيُّكُمْ مَا صَلَّى بِالنَّاسِ فَلْيَتَجَوَّزْ فَإِنَّ فِيهِمْ الضَّعِيفَ وَالْكَبِيرَ وَذَا الْحَاجَةِ.» (صحيح البخاري) «خەلقنى دىندىن ئۈركۈتىدىغىنىڭلار بار، قايسىڭلار نامازدا ئىمام بولساڭلار نامازنى قىسقا، يەڭگىلرەك ئوقۇڭلار، چۈنكى جامائەت ئىچىدە ئاجىز، قېرى، ئالدىراش ئادەملەر بار» دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، رەسۇلۇللاھنىڭ (ئىبادەتتە) يەڭگىللىكنى خالىشى ۋە خەلقنىڭ ئىبادەتتىن زېرىكىپ قېلىشىغا، كۆڭلىنىڭ دىندىن سوۋۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇشىدىن قورققانلىقىدۇر. بۇت (ھەيكەل) لارغا، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچى شېرىك

ئېتقادلىق ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا بويسۇنۇپ، قىزغىنلىق ۋە خالىسلىق ئاساسىدا بىرلىككە كېلىشلىرى، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ئۆگەتكىدەك ھالغا كېلىشلىرىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارغا دىنىنى يەتكۈزگۈچى ساھابىلەرنىڭ: ﴿**ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنْ ضَلَّ عَنْ سَبِيلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ**﴾[30] دېگەن ئايەتكە ئەمەلگە مۇۋاپىق يوسۇندا مۆتىدىل يول تۇتۇش ئارقىلىق، خەلقنى ئۆزىگە قايىل قىلغانلىقى ۋە ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن دىنىنى ئاسان كۆرسىتىڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، ئۈركۈتمەڭلار، دىنىنى ئېغىر نەرسە دەپ گۇمانلاندۇرماڭلار، دېگەن مەزمۇندا بولغان بۇيرۇقلىرى ئاساس قىلىنغانلىقىدىندۇر، دەپ قارىلىدۇ.

مۇشۇ پىكىر ھەققەتەن توغرا، ئىسلام دىنى سەلەپ (ساھابە ۋە تابىئىن) دەۋرىدە ھەركىم ئاڭقىرالىغۇدەك دەرىجىدە چۈشىنىشلىك ۋە ناھايىتى ئۇستۇن ئىدى. ئەمەللەر ۋە ئىبادەتلەر قىيىنچىلىقسىز ھەم يەڭگىل بولۇپ، ئىنسان دۇنياسىغا نۇر بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە رەسۇلۇللاھ قىلغان ئىشلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغىنىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى كەم قويۇشتىن ساقلىناتتى.

[30] نەھل سۈرىسى 136 ـ ئايەت.

# 73 ـ ھەدىس: پىتنىدىن ساقلىنىش توغرىسىدا

**إِنَّ السَّعِيدَ لَمَنْ جُنِّبَ الْفِتَنَ إِنَّ السَّعِيدَ لَمَنْ جُنِّبَ الْفِتَنِ إِنَّ السَّعِيدَ لَمَنْ جُنِّبَ الْفِتَنُ وَلَمَنْ ابْتُلِيَ فَصَبَرَ فَوَاهًا**. (سنن أبي داود رقم الحديث 3719 في كتاب الفتن والملاحم)

بەختلىك كىشى پىتنىلەردىن يىراق تۇرغان كىشىدۇر، بەختلىك كىشى پىتنىلەردىن يىراق تۇرغان كىشىدۇر، بەختلىك كىشى پىتنىلەردىن يىراق تۇرغان ۋە بالا ــ مۇسىبەتكە دۇچ كەلگەندە سەۋر قىلغان كىشىدۇر.

رەسۇل ئەكرەم ھەزرەتلىرى ئۆزىنىڭ دۇئالىرىدا ھەمىشە پىتنىدىن ئامانلىق تىلەيتتى ۋە مۇسۇلمانلارغىمۇ پىتنىدىن ساقلىنىشنى بۇيرۇيتتى. ساقلىنىپ ۋە ئاللاھتىن ئامانلىق تىلەپ تۇرۇپ، يەنە پىتنىگە دۇچار بولسا، ئۇنىڭ چارىسى سەۋرى قىلىشتۇر؛ سەۋر ئىنساننى بەختكە ئېرىشىدۇ. كىشىلەر ئۈستىدىن يوق يەردىن گەپ تېپىپ، سوخەنچىلىك قىلىپ، ئائىلىلەر ۋە بالىلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ يىغلىتىشقا، ھەق ياكى ناھەقلىقنى بىلمەي تۇرۇپ مۇسۇلمان قېرىنداشنىڭ ھوقۇقدارلار ۋە سوراقخانىلار ئالدىدا ناھەق سوراققا تارتىلىشىغا، ئىنسانلار ئارىسىغا دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى چېچىپ، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈشىگە، دىن ۋە شەرىئەت كىتابلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشىگە، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ۋە قۇرئان كەرىم ئوقۇلىدىغان مەكتەپلەرنىڭ تاقىلىشىغا، ئىسلام دىنى ھۆكۈملىرىنى ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈنلا بىھۇدە قارىلانغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، مەكتەپ ۋە مەدرىسە تەربىيەچىلىرىنىڭ جازالىنىشىغا، خانىۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولغۇچىلار بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، بەختلىك ئادەملەر ئەمەس (بەدبەختلەردۇر). «**الفِتْنَةُ نَائِمَةٌ لَعَنَ اللهُ مَنْ أَيْقَظَهَا**» «ئۇخلاۋاتقان پىتنىنى ئويغاتقان كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلسۇن!» سەۋرى قىلغۇچىلار (ھەق يولىدا ئاداققىچە چىڭ تۇرغۇچىلار) ۋە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن قازاغا رازى بولۇپ تۇرغۇچىلار ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە كاتتا ۋەدىلەر بار. شۇ ۋەدىلەرگە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشىدا شەك يوق، بالا ـ قازاغا چىداش، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇش بولسا، بالا ـ قازاسىز جايغا (جەننەتكە) بارىدىغان بىردىنبىر يولدۇر. ئىنسانلار بۇ دۇنيادا ھاياتلا بولىدىكەن، قايغۇ ھەسرەت، جەۋرى ـ جاپا كۆرمەي ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس. تۇرمۇش تىرىكچىلىكى ــ تىكەنلىك، شاخ ئۈستىدىن مېڭىپ ئۆتۈشتىن ۋە مۇشەققەت دولقۇنلىرى بىلەن تىنماي كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت. ئەقىللىق كىشى مۇشۇنداق جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئالدىدا تەۋرەنمەستىن، چۈشكۈنلەشمەستىن كېلىچەككە ئۈمىد بىلەن قاراپ، روھلۇق ھالدا ئالغا بېسىشى لازىم. ھەر قىيىنچىلىقتىن كېيىنلا ئاسانلىق كېلىدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىم ۋەدە قىلىدۇ، مۇسۇلمان كىشى ئەلۋەتتە شۇ ۋەدىنى ئەسلەپ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزۇشى ۋە ئۆزىگە تەسەللىي بېرىشى كېرەك.

فىراقى:

يىغلىما بەختىڭ بولسىمۇ قارا،

ئۇلۇغلارمۇ چەككەن رىيازەت،

ئېتىلساڭ، خارلانساڭ يېگى ئىش ئەمەس،

بو يولدا چارچىما، بولسىمۇ چارە.

«باشقا كىشىلەر راھەتتە يۈرىدۇ، غەم ـ ئەندىشىسى يوق، بار خاپىلىق ماڭا» دەپ گۇمان قىلىش خاتا تونۇش، ناتوغرا ئىشتۇر. "راھەتتە يۈرىدۇ" دەپ گۇمان قىلىنغان ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلسە، ئۇلارنىڭ مۇسىبىتىنىڭ تېخىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. بۇ دۇنيا دەرتمەنلەر ماكانى بولۇپ، بىر سائەت خۇشال بولسا، يۈز سائەت دەرد ھەسرىتى بولىدۇ. ئىبنى ۋەردى:

| | |
|---|---|
| كَمْ مِنْ صَدِيقٍ صَدِيق الَود تَحْسَبُهُ | فِى رَاَحَةٍ وَلَدَيْهِ الهَمَّ وَالْكَمْد |
| لاَتَغْبِطَنَّ بَنِى الدُنْيَا بِنِعْمَتِهِمْ | فَرَاحَةُ القَلْبِ لَمْ يَظْفَرْ بِهَا اَحَدٌ |

تەرجىمىسى: «نۇرغۇن خالىس دوستلىرىڭنى راھەتتە دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى ئۇلار ئالدىدا غەم ــ قايغۇ، خاپىلىق بار، دۇنيانىڭ ھالاۋىتىنى ئارزۇ قىلما، دىلنىڭ راھىتىگە يېتەلىگەن كىشى يوق.»

## 74 ـ ھەدىس: كىشىلەر مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن قورقىدىغان ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتى

**إِنَّ شَرَّ النَّاسِ مَنْزِلَةً عِنْدَ اللَّهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مَنْ وَدَعَهُ أَوْ تَرَكَهُ النَّاسُ اتِّقَاءَ فُحْشِهِ.** (صحيح مسلم)

دۇنيادىكى چېغىدا ئەسكىلىكىدىن ئىنسانلار ئۇنى تەرك ئەتكەن، يېقىن كەلمەي مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن ئادەم، قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئەڭ يامان ئورۇندا تۇرىدىغان ئادەمدۇر.

بىز كەنتتە تۇرغان ۋاقتىمىزدا مەھەللىلەردىكى ياۋاش، ئاجىز، يۇمشاق كىشىلەر شۇ مەھەللىدىكى زوراۋانلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايتتى. پۈتۈن ئۆمرىنى شۇلارنىڭ بىئارام قىلىشىدىن قورقۇپ، ئەنسىزلىكتە ئۆتكۈزەتتى، ئۇلارغا بىچارىلارچە يىلىنىشقا، تۆگمەس ـ پۈتمەس، ئالۋان ـ سېلىق بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. بۇ لۆكچەكلەرگە ئوخشاش نائەھلىلەر مەدرىسىدە ئىلىم ئېلىۋاتقان شاگىرتلار ئارىسىدىمۇ ئۇچرايتتى.

بۇ زوراۋان نائەھلىلەر مەھەللە خەلقىنىڭ ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، باي بولۇشىغا، ئاۋامنىڭ خىزمىتىنى قىلىشىغا كۈچلۈك توسالغۇ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياشلارغا يامان ئۈلگە ۋە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەدرىسىدىكى نائەھلىلەرمۇ قابىلىيەتلىك تالىبلارنىڭ خاتىرجەم ئىلىم تەھسىل قىلىشىغا، تەلىم-تەربىيە ۋە گۈزەل ئەخلاق ئۆگىنىشىگە توسالغۇ بولاتتى.

ھەدىس شەرىپتە «يامان ئورۇندا تۇرغۇچىلار» دەپ خەۋەر بېرىلگەن كىشىلەر قاتارىغا مۇشۇ زالىم ـ زوروۋانلار ۋە تەربىيەسىز نائەھلىلەر كىرسە كېرەك. بۇ كۈنلەردە مەدرىسىدىكى زوراۋانلىقلار ئېھتىمال تۆگگەندۇ، ئەمما كەنتلەردە بولغانلىرىنى يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن تازىلاش مۇمكىن بولمىسا، ھۆكۈمەت قولىغا ۋە ئادالەت مەھكىمىلىرىگە (ئىسلام قانۇنى ئورۇنلىرىغا) تاپشۇرۇش كېرەك. زالىملارغا، ئوغرى ۋە خائىنلارغا ئەركىنلىك بېرىپ، سالغان زۇلۇم ۋە جاپالىرىغا كەسكىن قارشى تۇرماستىن، سوغۇققان پوزىتسىيە بىلدۈرۈش ياخشى كىشىلەرگە، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارغا زۇلۇم قىلغانلىق ۋە جاپا سالغانلىقتۇر.

بۇ ھەدىستە كۆرسىتىلگىنى ئوساللىقىدىن تەرك ئېتىلگەن، باشقىلار بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن كىشىلەر بولسىمۇ، ئوساللىقىدىن قورقۇلۇپ خۇشامەت قىلىنىپ، چايغا قىچقىرىلىپ، ھۆرمەت قىلىنىپ يۈرگۈچىلەرمۇ يۇقىرىدىكىلەر بىلەن ئوخشاش ھۆكۈمنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

بۇ ھەدىس: «**إِنَّ مِنْ شِرَارِ النَّاسِ الَّذِينَ يُكْرَمُونَ اتِّقَاءَ أَلْسِنَتِهِمْ**» (سنن أبي داود) قورقۇلۇش دېگەن ئىبارەت بىلەنمۇ يەنى «تىلىدىن ياكى (قەلىمىدىن ياكى باشقا جەۋرى ـ جاپالىرى سەۋەبىدىن) ھۆرمەتلىنىپ، چاي قويۇلۇپ تۇرغۇچىلار ئادەملەرنىڭ نائەھلىلىرىدىندۇر» دەپمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئەسكىلىكىدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش، ئوچۇق چىرايدا بولۇش دۇرۇستمۇ؟ ئالىملار بۇنىڭغا: «دۇنياۋى ياكى دىنىي زىياننى توسۇش ئۈچۈن ئىقتىساد چىقىم قىلىش دۇرۇست، ئەمما دىنىنى بويسۇندۇرۇپ بېرىش دۇرۇست ئەمەس، بۇنىڭ بىرىنچىسى مۇرەسسە قىلىش ۋە كېيىنكىسى مۇداھىنە

(خۇشامەتچىلىك) قىلىش بولىدۇ» دەيدۇ. شۇڭا ھەركىم مۇشۇ قائىدىنى بىلىشى ۋە مۇئامىلە قىلغاندا مۇشۇنى ئاساس قىلىشى لازىم.

## 75 ـ ھەدىس: شەيتاننىڭ ئادەمنىڭ قان تومۇرلىرىدا تۇرىدىغانلىقى

**إِنَّ الشَّيْطَانَ يَجْرِي مِنْ ابْنِ آدَمَ مَجْرَى الدَّمِ.** (صحيح البخاري)

شەيتان ئادەمنىڭ تومۇرلىرىدىكى قان يولىدىن ماڭىدۇ.

شەيتاننىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشى، ئەسكىلىككە قۇترىتىشى دىنىي ئەسەرلەردە كۆپ سۆزلەنسىمۇ، نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدىغانلىقى ئوچۇق كۆرسىتىلمىدى ياكى بايان قىلىنغان تەقدىردىمۇ دۇنياۋى بىلىملەر، پەنلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تولۇق قانائەتلەندۈرەلىگۈدەك چۈشەندۈرۈلمىدى. ئادەمدىكى قاننىڭ تومۇرلار ئارقىلىق يۈرەككە كىرىشى ۋە ئۇ يەردىن يېنىپ تومۇرلارغا تارقىلىپ بىر تۇتاش ئېقىپ يۈرۈشى، كونا زامانلاردا مەلۇم بولمىغىنى ئۈچۈن ھەدىسكە ئىزاھات يازغۇچىلار بۇ خىل ھەدىسنى تەئۋىل قىلىپ (مۇناسىۋەتلىك مەنىلەرگە بۇراپ) يازاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كۆڭۈلنى ئېزىقتۇرۇشنىڭ تېگى ئېچىلماي يېپىق قالغانىدى.

بۇ ھەدىسنىڭ ئوچۇق مەنىسىگە قارىغاندا، شەيتان ئادەمنىڭ كۆڭلىگە قان يولىدىن تەسىر قىلىدۇ ۋە ئىشنى قان يولى بىلەن باشلايدۇ. مۇشۇنداق تەسىر قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى ئەمەلىيەتتە كۆڭۈلگە كىرىپ خىتاب قىلمىسىمۇ، ئىشىكنىڭ سىرتىدىكى سىمنى تارتىش بىلەن تەڭ ئۆي ئىچىدىكى قوڭغۇراق جىرىڭلىغاندەك، بەدەننىڭ سىرتىدىن ئۆزىگە ئەپلىك بىر يول بىلەن تومۇرغا تەسىر قىلىشى بىلەنلا، كۆڭۈلدە بىر تۈرلۈك ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى مۇمكىن، شۇڭا شەيتاننىڭ مۇشۇ ۋەزىپىسى بەك ئاسان بولۇپ، شەيتاننىڭ تەسىرىدە بەك ئاز ۋاقىتتا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەسكى ئەمەللەر ئىشلەنسە كېرەك، ھەدىسنىڭ دەسلەپ سۆزلىنىش جەريانى يۇقىرىدا توختالغان مەزمۇننى بىلدۈرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئېتىكاپتىكى ۋاقىتىدا ئايالى سەفىيە (مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) كەچ ۋاقىتىدا زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەسجىدكە كەلگەن ئىدى، ئۇلار بىر سائەتتەك سۆزلىشىپ ئولتۇردى. قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇزاتقىلى چىقتى، شۇ چاغدا ئۇلارغا ئىككى كىشى ئۇچرىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىلەرگە يېقىنلىشىپ: «بۇ ئايالىم سەفىيە، ھۇيەيىنىڭ قىزى» دېدى.

ھېلىقى كىشىلەر «**سبحان الله**» (سېنىڭ ھەققىڭدە قانداقمۇ يامان گۇمان بولسۇن!) دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ شۇ چاغدا مۇشۇ ھەدىسنى سۆزلىدى. مەزكۇر ئادەملەر مەدىنىلىك ئەنسارلارنىڭ كاتتىلىرىدىن ۋە خالىس مۆمىنلەردىن بولغىنى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ يامان گۇمان قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە تۆكمىسىنى بېسىشنىڭ بەك ئاسان ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ مەرھەمەت يۈزىسىدىن شۇنداق بىر ئاگاھلاندۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردى. ئەمەلىيەتتە رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ مەقسىتى خەلققە ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىتىش، تۆھمەتلەردىن ساقلىنىش يوللىرىنى بىلدۈرۈش، ئۈممەتكە ئىبرەت ۋە

ئۆلگە بولۇشتۇر. مۇمكىنقەدەر قارا سۇركىلىپ قالدىغان جايلاردىن ساقلىنىش لازىملىقى ۋە بىرسىنىڭ يامان گۇمان قىلىش ئېھتىمالى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ گۇمانىغا ئۇرۇن قالدۇرماسلىق كېرەكلىكىنى مۇشۇ ھەدىستىن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاۋادا يۈرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمانلار ھاۋادا ئۇچۇش ئىلمىنى بىلىشكە تىرىشمىدى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنچى چوڭ بىخۇتلۇقى ئىدى. ئىككىنچىسى بولسا، مۇسۇلمان تىۋىپلارنىڭ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان قان ئالىنىش توغرىسىدىكى بىلىملەر ھەققىدە تەجرىبە - سىناق ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارماسلىقى ئىدى. بۇ ئىلىملەر كېيىنكى زامانلاردا ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا ئايلاندى ۋە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىلىم - پەندىكى چوڭ بىر بوشلۇق تولدۇرۇلدى. ئەسلىدە، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. ھالبۇكى، مۇسۇلمانلار غەيرىتى بولمىغاچقا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىدى.

شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى، ھىيلە - مىكىرلىرى، تور - قاپقانلىرى توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلارنىڭ ئەڭ ئېشەنچلىكى (بىزنىڭ ئويلىشىمىزچە) ئىبنۇل قەييىمنىڭ «إِغَاثَةُ اللَّهْفَانِ فِيْ مَصَايِدِ الشَّيْطَانِ» ناملىق ئەسىرىدۇر.

## 76 ـ ھەدىس: يالغانچىلىقتىن ساقلىنىش توغرىسىدا

**إِنَّ الصِّدْقَ يَهْدِي إِلَى الْبِرِّ وَإِنَّ الْبِرَّ يَهْدِي إِلَى الْجَنَّةِ وَإِنَّ الرَّجُلَ لَيَصْدُقُ حَتَّى يَكُونَ صِدِّيقًا وَإِنَّ الْكَذِبَ يَهْدِي إِلَى الْفُجُورِ وَإِنَّ الْفُجُورَ يَهْدِي إِلَى النَّارِ وَإِنَّ الرَّجُلَ لَيَكْذِبُ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللَّهِ كَذَّابًا.** (صحيح البخاري)

راستچىللىق ياخشىلىققا، ياخشىلىق جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ، ئادەم سۆز ۋە ئىش ھەرىكىتىدە ھەمىشە راستچىل بولسا، (ئاللاھ تائالا ئالدىدا) راستچىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ، يالغانچىلىق ئەسكىلىككە، ئەسكىلىك دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. ئادەم يالغانچىلىق قىلىۋەرسە، ئاخىرى ئاللاھ تائالا ئالدىدا يالغانچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئىنسانلاردا ياخشى ـ يامان خۇي ـ ئادەتلەر بەك كۆپ بولسىمۇ، ئەخلاق ئالىملارنىڭ نەزىرىدە راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگىلا ئايرىلىدۇ، بارلىق ياخشى ۋە پەزىلەتلىك ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى راستچىللىققا كىرىدۇ. بارلىق بۇزۇق ۋە پەسكەش ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى يالغانچىلىققا كىرىدۇ. راستچىللىقنى پىكىردە، سۆزدە، مۇئامىلىلەردە، ۋەدىلەردە راستچىل بولۇش قاتارلىقلارغا ئايرىش مۇمكىن.

1 پىكىردە راستچىل بولۇش؛ ئۆز ـ ئۆزىنى ئالدىماسلىق، يوق نەرسىلەر بىلەن ئۆزىنى ھەقىقەتتىن يىراقلاشتۇرماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. ئىنسان بىر نەرسە ئويلايدۇ ۋە ئېتىقاد قىلىدۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تەمە قىلىش، ئارزۇ — ھەۋەس، قىزغانچۇقلۇق، كۆندەشلىك سەۋەبىدىن ئۆز ئېتىقادىغا ئۆزى ئىشەنمەسلىككە باشلايدۇ، ئاقىۋەت ھەقىقەتنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، چارە ئىزدەپ تاپىدۇ. ئەگەر شۇ ئىللەتلەرنى بىر تەرەپكە چۆرىۋەتسە، بۇ چاغدا بۇرۇنقى ئېتىقادى ئوچۇق ھالدا مەيدانغا چىقىپ، ئۇنىڭ توغرىلىقى ۋە ھەقىقەت ئىكەنلىكىدە گۇمانى قالمايدۇ، بەزى كىشىلەر بىر ئىشنىڭ ناچار ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، شۇنىڭغا كۆڭلى تارتىپ، ئۆزىگە شۇنى توغرا ئىش دەپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ ۋە يول ئىزدەيدۇ. مانا شۇنىڭدەك ئىشلار راستچىللىق بولماستىن ئەكسىچە يالغانچىلىق بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداشتۇر خالاس.

2 ـسۆزدە راستچىل بولۇش بولسا، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى يوشۇرماي سۆزلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەممە جەھەتتىن پاكىزلانغان كىشىلەرگە خاس بولغان كامىللىقتۇر. ئۆز ئېتىقادىنىڭ تەتۈرسىنى، يەنى ھەقىقەت دەپ بىلگىنىنىڭ ئەكسىنى سۆزلەش كىشىنىڭ ئېتىبارسىزلىقىغا، تۆۋەنلىكىگە، مەيدانسىزلىقىغا، ئىرادىسىزلىكىگە دەلىلدۇر. «ئۆز ئېتىقادىمنى سۆزلىدىم» دەپ تۇرۇۋېلىش، سورۇن ئەھلى بىلەن تەڭ تالاش ـ تارتىش قىلىش توغرا ئىش ئەمەس. ئەمما كېڭەش، مەسلىھەت ۋاقتىدا ياكى پىكرى سورالغاندا: «مېنىڭچە بۇ ئىش مۇنداق، بۇ توغرىدا مېنىڭ پىكرىم مۇنداق» دەپ ئوچۇق سۆزلەش لازىم. ئىسلام دۇنياسىدا سەلەف (ساھابە، تابىئىن) زامانىدا ئىشلار، ئۆرپ ـ ئادەتلەر مۇشۇ يوسۇندا بولۇپ، ھەتتا خەلىپىلەرگە ئادەتتىكى بىر كىشى ئۆز جايىدا ئولتۇرۇپ گەپ قىلاتتى، تۆت چوڭ خەلىپىدىن بىرى مۇنبەردىن: «خاتالىقىم بولسا كۆرسىتىڭلار!» دەپ خەلققە قاراپ سۆز قىلغاندا، بىر ئەرەب: «خاتالاشساڭ ماۋۇ توغرىلايدۇ» دەپ قىلىچىنى كۆرسەتكەن. ئىككىنچى بىر خەلىپىنىڭ مۇنبەردە بەرگەن

بۇيرۇقنى بىر خوتۇن ئىنكار قىلغان ئىدى. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە مۇستەبىت تۆرىلەر، زالىم ئەمىرلەر خەلقنى قورقۇنچاق، ياۋاش قىلىۋەتتى، ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىشقا ئەركىنلىك بەرمەي قورقۇتتى، خەلىپىلەرنىڭ بىرى: «ئاللاھتىن قورقىن» دېگەن كىشىنىڭ: «بېشىنى كەستۈرىمەن» دەپ ئېلان قىلدى. شۇ سەۋەبتىن خەلق ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشتىن يىراق تۇرۇش يولىنى تاللىدى. بۇ ئىشلىرىغا "مۇجامەلە"، "مادارا"، "مۇرائات" ۋە "سەمەرقەندى" دېگەن ئاتلارنى قويدى، مەجبۇرلۇق ۋە زۆرۈيىيەت سەۋەبىدىن بولغان بۇ ئىشلار زامانىمىزدا تۈگىشى لازىم. چۈنكى راست سۆزلىيەلمىگەن ۋە ئۆز پىكرىنى ئوچۇق سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمىغان مىللەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن مىللەت، ئاساسى يوق بىر ھەيكەل ئىكەنلىكى ئېنىق.

3. مۇئامىلىدە راستچىل بولۇش بولسا، پۈتۈن تىرىكچىلىك ۋە تۇرمۇشنىڭ تۈپ يىلتىزىدۇر. ياخشى تىجارەت قىلىش، قەرزلەرنى ۋەدىلەشكەن ۋاقتىتا تاپشۇرۇش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك، ئېلىپ قالماسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇئامىلىدە راستچىل بولۇشقا كىرىدۇ.

4. ۋەدىدە راستچىل بولۇش مۇئامىلىدە راستچىل بولۇش تۈرىگە كىرىسىمۇ، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا ھەددىدىن تاشقىرى سەل قاراپ، ئېتىبار بەرمىگەنلىكىدىن ئۆز ئالدىغا بىر خىل راستچىللىق ئەندىزىسى ئويدۇرۇپ ئۆز نەپسىگە خىزمەت قىلدۇرىدۇ.

ۋەدىدە تۇرۇش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ۋەدىسىزلىك دېگەندەك ئىبارىلەرنىڭ مەنىلىرى بىزدە ھەققىي ئۆلچەم ئاساس قىلىنماستىن، سۇيىئىستىمال قىلىنىدۇ. بىزدە ۋەدە قىلىش كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ۋەدىدە تۇرماسلىق تېخىمۇ بەك ئومۇملاشقان. بىزنى بىركىم چاقىرسا بېرىشنى ۋەدە قىلىمىز، لېكىن پەقەت بارمايمىز ياكى بەلگىلەنگەن سائەتتە بارالمايمىز، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئىشىنى تاشلاپ كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئىچى پۇشۇپ ئاغرىنىدۇ، بىز ئۇنىڭ قولىنىڭ ئىشقا بارماي قالغانلىقىنى ۋە كۆڭۈل قەرزىگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئالمايمىز. ۋەدىنىڭ قەرز ئىكەنلىكىدىن، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ مۇناپىقلىقنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىدىن بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق. ھەتتا كۆپىنچىمىزنىڭ ۋەدىسى شۇ ئىشنى قىلىش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى «شۇنداق قىلسىلا» دېگەن سۆزگە «ياق» دېيىشكە يۈز كېلەلمەي «ماقۇل» دەپ ۋەدە قىلىنىدۇ، بۇ بولسا، ۋەدىدە تۇرماسلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋەدىدە تۇرماسلىق نىيىتى بىلەن ۋەدە قىلغانلىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك سەتچىلىكتۇر، خالاس. قولىدىن كەلمەيدىغان، ۋاپا قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىگە ھېچ قانداق ۋەدە قىلماسلىق ۋە: «بۇ ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ» دەپ ئوچۇق ئېيتىش لازىم.

ئىسلام دىنىدىكىگە ئوخشاش راستچىللىقنىڭ كاتتا پەزىلەت، يالغانچىلىقنىڭ ئىنتايىن پەسكەش بىر ئىش ئىكەنلىكىگە دائىر نەسىھەتلەر ھېچ قانداق بىر دىندا يوق. بۇ نەسىھەتلەر قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كۆرۈلىدۇ، كىتابلاردا ئوقۇلىدۇ، مۇنبەر ۋە مېھراپلاردا سۆزلىنىدۇ، مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلىدۇ. شۇنداقتىمۇ نەتىجىسى بولمايدۇ ياكى ئاز بولىدۇ. بۇنى ھەركىم ئۆز تەجرىبىسى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىلەلەيدۇ، شۇڭا ئالاھىدە دەلىل كەلتۈرۈش ۋە مىسال سۆزلەشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق.

خەلق نېمە ئۈچۈن راستچىللىققا كۆنمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن يالغانچىلىقتىن ۋە قىلالمايدىغان ئىشقا ۋەدە قىلىشتىن ساقلانمايدۇ؟ قىلغان ۋەدىسىدە تۇرۇشقا دىققەت قىلمايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى ئېنىق. يەنى ياش ۋاقتىدا ئوبدان تەربىيە ئالماسلىق، راست سۆزلەشكە، يالغاندىن ساقلىنىشقا كۆنمەسلىكتۇر.

بالىلار ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئاتا ـ ئانىلار تەربىيىدىن بۇ ئادەتلەرگە كۆندۈرۈلۈشى لازىم. ئۆسمۈر ۋاقتىدا بۇ خىل گۈزەل ئەخلاقلارغا كۆنمىگەن كىشىگە كىتابتا يېزىلغان، مۇنبەردە سۆزلەنگەن سۆزلەرنىڭ پايدىسى ئاز بولىدۇ. پاراخوت، تۆمۈر يول، پويىز، ماشىنىلارنى شوپۇرلار يولدا قاتناش قائىدىسىگە ھەرگىز سەل قارىماستىن، دىققەت بىلەن ھەيدەشكە مەجبۇر بولغىنىدەك، ئاتا ـ ئانىلار ۋە تەربىيەلىگۈچىلەرمۇ، ياش باللارنى راستچىللىققا، يالغاندىن ساقلىنىشقا كۆندۈرۈشى لازىم. باللارنى توغرا تەربىيەلەش مۇشۇنداق بولىدۇ، راستچىللىققا كۆنگەن باللارنىڭ باشقا ناچار ئادەتلەردىن ساقلىنىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. چۈنكى دۇنيادا بولغان ناچار ئىشلارنىڭ ھېچ بىرى راستچىللىق بىلەن بىر يەرگە كېلەلمەيدۇ. رىۋايەتلەرگە كۆرە، بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: «مەن يالغان ئېيتىمەن، ئوغرىلىق قىلىمەن، ھاراق ئىچىمەن ۋە باشقا گۇناھلارنىمۇ قىلىمەن، شۇ گۇناھلاردىن بىرىنىلا تاشلىيالايمەن. سەن بىرنى بەلگىلەپ بەرگىن. شۇنىڭدىن تەۋبە قىلىپ يانىمەن» دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ: «يالغاندىن پۇشايمان قىلىپ يانغىن!» دېدى. ھېلىقى كىشى يالغان ئېيتماسلىققا تەۋبە قىلدى. بىر ئازدىن كېيىن باشقا بىر گۇناھ توغرا كەلدى. قىلىشقا قەدەم قويغاندا: «رەسۇلۇللاھ سوراپ قالسا راستىنى ئېيتسام، ماڭا شەرىئەت ھۆكمى كۆرسەتكەن جازانى بېرەر، ئەگەر راستىنى ئېيتمىسام، تەۋبەمنى بۇزغان بولىمەن» دەپ بۇ گۇناھتىن توختىدى. شۇنداق قىلىپ باشقا گۇناھلاردىن يېنىشقا مەجبۇر بولدى. راستچىللىققا كۆندۈرۈش مەقستى بىلەن باللارغا قوپال مۇئامىلە قىلىش، كەلسە ـــ كەلمەس بۇيرۇق بېرىش، تىل ـــ ئاھانەت، تاياق ـــ توقماق ئىشلىتىش، دۈشكەللەش دېگەندەك پايدا بەرمەستىن، بەلكى زىيانلىقتۇر. باللارغا تەربىيە بېرىش بۇ ئۇسۇلدا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ يولى ئاتا ـ ئانا ئۆزى باللار يېنىدا راست سۆزلىشىش، گوللىماسلىق، باللارغا ئۈلگە بولۇش ۋە ئۆزلىرىنى مېھرىبان، كۆيۈمچان كۆرسىتىپ، باللىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆزلىكىدىن ئەگىشىشكە ھەر تۈرلۈك يول ھازىرلاپ تۇرۇشتۇر. قىلمايدىغان ئىشنى ئۇنداق ـ مۇنداق قىلىمىز دەپ سۆزلەش ياكى خاپا قىلىمسۇن دەپ ۋەدە قىلىپ قويۇش، ئەڭ زىيانلىق ئىشلاردىندۇر. ئىنسانلارنى ياخشىلىققا ۋە جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان راستچىللىق ـ مۇشۇنداق راستچىللىق بولۇپ، راستچىللار مۇشۇنداق كىشىلەر ئىچىدە نامايان بولىدۇ.

# 77- ھەدىس: ئېسىل ئەخلاقلىق بولۇش توغرىسىدا

**إِنَّ الْفُحْشَ وَالتَّفَحُّشَ لَيْسَا مِنْ الْإِسْلَامِ وَإِنَّ أَحْسَنَ النَّاسِ إِسْلَامًا أَحْسَنُهُمْ خُلُقًا.** (مسند أحمد)

(شەرىئەت ياكى ئەقىلنىڭ قارشىدىكى) سەت گەپلەرنى ئوچۇق سۆزلەش ھەم شۇنداق سەت گەپلەرنى قەستەن سۆزلەشكە تىرىشىش مۇسۇلمانلىقتىن ئەمەس، ئادەملەرنىڭ مۇسۇلمانلىقى ياخشى بولغانلىرى ئەخلاقى ئېسىل ۋە ياخشى بولغانلىرىدۇر.

گەپ مۇناسىۋىتى بىلەن بىرەر سەت گەپنى قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، يېپىق ھالدا ئىشارەتلەر ياكى ئاممىباب ئىبارىلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى لازىم. ئەگەردە ئۆگىتىش ياكى ھۆكۈم قىلىشتەك زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا، ئەلۋەتتە ئۇ چاغدا ئوچۇق ئېيتىلىدۇ. زۆرۈرىيەت ئورۇنلىرى ھۆكۈملەردىن مۇستەسنادۇر. ھاياسىز، سەت گەپلەرنى ئىشلەتمەسلىك ئەدەب ۋە تەربىيەدىن بولۇپ، سەت گەپ قىلىش ئىسلامغا يات بولغىنى ئۈچۈن، بۇنداق گەپ - سۆزلەردىن ئەڭ ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئورۇن ئىلمى ۋە ئەدەبىي سورۇنلاردۇر. ھالبۇكى، ئىسلام دۇنياسىدا سەت گەپنىڭ ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئورنى ئەرەبچە ۋە پارسچە يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر (ئۇيغۇرچە غەزەل، ناخشىلارنى تىلغا ئېلىشقا ئادەم خىجىل بولىدۇ-ت) دۇر.

مۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئاتا - ئانىلار بار يەردە، ئوغۇل - قىزلار توپلىشىپ ئولتۇرغان يەرلەردە ئائىلە ئىچىدە كۆڭۈل ئېچىش، دەم ئالغاندا ئوقۇلۇشى، ئاڭلىنىشى لازىم ئىدى، لېكىن ئۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئائىلە ئىچىدە ئۈنلۈك ئوقۇش ئەمەس، بەلكى خالىي يەردە ئوقۇشقىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ، ئادەمنىڭ يۈزى قىزىرىپ، بىئارام بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

تىل بايلىقىنىڭ مول بولۇشى، بولۇپمۇ مەنىداش ئىسىملارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ماختىنىدىغان ئەرەبلەرنىڭ ۋە مەدەنىيىتى ئونمىڭ يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ، تىلىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ قالغان پارسلارنىڭ ئەدەبىياتلىرىنى ئۇياتسىز سۆز-ئىبارە ۋە ھېكايىلەردىن ئايرىمىغانلىقىغا نېمە دەپ باھا بېرىش كېرەك؟ مەجلىسلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر پۈچەك، پايدىسىز ۋە بىمەنە سۆزلەردىن ئىبارەت بولغاندىن كېيىن، تۆگە ۋە يولۋاستەك ھايۋانلارنىڭ يۈز خىل، مىڭ خىل ئىسىملىرىنىڭ بولۇشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئەڭ لازىملىق ئورۇنلاردا كىنايە (ياپما) گەپلەر بىلەن قانائەت قىلمايدىغان، گەپ - سۆزلەردە تارتىنىش كېرەك بولغان ئىبارىلەردىن ساقلىنالماي تۇرۇپ، كىنايە ۋە دارىتما سۆزلەر ھەققىدە كىتابلارنى يېزىشنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ «الكنايات» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى سەئالىبى، نۆۋىتى كەلگەندە شۇ كىنايىلىك سۆزلەرنى ئۆزى ئىشلەتمەيدۇ. «ئەل ئەغانى» نىڭ مۇئەللىپى ئەبۇل فەرەجىل ئەسفەھانى توغرا كېلىپ قالغاندا سەت سۆزلەرنى ئىشلىتىشتە ئىنساپ قىلىپ ئولتۇرمايدۇ، شەيخ سەئدىمۇ باشقىلاردىن قېلىشمايدۇ. بىزنىڭ ئابدۇلقەييۇم ئەپەندىمۇ «فەۋاكىھۇل جۇلەسائ» دە بىر ئاز يادىگار قالدۇرۇپ كەتتى.

ئەدەبىيات، مەدەنىيەت بولسا، بىر مىللەت خەلقىنىڭ ساغلاملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئالىي جانابلىقىنى ئۆلچەيدىغان تارازا بولۇشى كېرەك ئىدى. ھەر مىللەتنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى پاھىشە، سەت قىلىقتىن ۋاز كېچىش، ئېسىل ئەخلاققا ئادەتلەندۈرۈش، بۇزۇقلۇقلاردىن سەسكەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم ئىدى. لېكىن ئەرەب ئەدەبىياتىدىن بۇنداق ئۈمىدنى كۈتكىلى بولمايدۇ، توغرا، ئىككى يۈز يىلنىڭ مابەينىدە ئەرەبلەر ئەدەبىياتىنى ئەيىبتىن پاكلاش، تەربىيەلەش ئۇسۇلىدا يېزىشقا باشلىدى. ئۇياتسىز سۆزلەر، ئۇياتسىز ھېكايىلەردىن باشقا ياخشى ھېكايە، ياخشى سۆزلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. لېكىن مىڭ يىلدىن بىرى سېلىپ كەلگەن قۇرۇلۇشنى يىقىتىپ، ئورنىغا يېڭى ئىمارەت سېلىش ئۈچۈن، خېلىلا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

## 78 ـ ھەدىس: بىرلىشىش، ئۇيۇشۇش توغرىسىدا

**إِنَّ اللَّهَ لَا يَجْمَعُ أُمَّتِي عَلَى ضَلَالَةٍ وَيَدُ اللَّهِ مَعَ الْجَمَاعَةِ وَمَنْ شَذَّ شَذَّ إِلَى النَّارِ.** (سنن الترمذي)

ئاللاھ تائالا ئۇممىتىمنى دىنى ئىسلام يولىدىن بىر پۈتۈن ئېزىقىدىغان قىلمايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى كۆپچىلىك ئۈستىدىدۇر، جامائەتتىن ئايرىلغۇچى ئادەم دوزاخقا كېتىش ئۈچۈن ئايرىلىدۇ.

بۇ ھەدىس ۋە ﴿**يَدُ اللهِ فَوْقَ أَيْدِيْهِمْ**﴾ دەك ئورۇنلاردىكى "**يَدْ**" سۆزىنى ئىنساننىڭ قولىدەك بىر ئەزا دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. بەلكى ئۇ سۆزدىن مەقسەت ئاللاھنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان بىر سۈپىتىدۇر.

بىر كىشى كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر نەرسىنى كۆپ كىشى كۆتۈرەلىگەنلىكى، بىر كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگەن ئىشلارغا كۆپ كىشىنىڭ ئەقلى يەتكەنلىكى ئۈچۈن كۆپچىلىكتە بەرىكەتلەر بارلىقى ئېنىق. ئىمام ئەھمەد ئەبۇ زەردىن: «ئىككى كىشى بىر كىشىدىن، ئۈچ كىشى ئىككى كىشىدىن، تۆت كىشى ئۈچ كىشىدىن ياخشىراقتۇر، سىلەر كۆپچىلىككە قوشۇلۇڭلار. ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بولغان جامائەتنى توغرا يولغا باشلايدۇ» دېگەن مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

لېكىن ھەدىسكە شەرھى يازغۇچى مۆتىۋەر ئالىملار: «بۇ ھەدىستىكى ‹جامائەت› قۇرئان ۋە ھەدىسكە چىڭ ئەگەشكۈچىلەر (ئەمەل قىلىشقا تىرىشقۇچىلار) ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يولىنى توغرا بىلىپ، شۇ يولدا ماڭغۇچىلاردۇر» دەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، رەسۇلۇللاھ دۇنيالىق ئىشلاردا جامائەتلىشىشتىن توسماسلىق بىلەن بىرگە، دىنىي ئىشلاردا جامائەت بولۇش (بىرلىك ئورنىتىش) نى مەقسەت قىلغان ۋە شۇلاردىن ئايرىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولىدۇ.

دىنىي جامائەتنى ھىجاز (سەئۇدى ئەرەبىستان) ئالىملىرى، بۇخارا دامولللىرى ياكى ئەبۇل ھەسەن ئەشئەرى بىلەن ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى دەپ بېكىتىش ۋە خاس قىلىش ئىشەنچىسىز ئادەملەرنىڭ دەلىلسىز، بەلكى پەقەتلا ئوي ــ خىيالى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقارغان قارىشىدۇر. ئۇنداق قاراشلارنىڭ ئاۋام ئالدىدىلا ئەتىۋارى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، رەسۇلۇللاھ مەقسەت قىلغان دىنىي جامائەتنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىس ئالىملىرى ئىكەنلىكى تاغ ئۈستىدە يانغان ئوتتەك ھەممىگە ئايدىڭ. بۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىش قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دىنىي ئىشلار توغرىسىدا قانداقلا بىر گۇمان بولسا، شۇ چاغدىلا قۇرئان ۋە ھەدىس ئالىملىرىغا مۇراجىئەت قىلىش ۋە شۇلار كۆرسەتكەن يولغا كىرىش لازىم. لېكىن بۇ ئەسىردە كىتاب ۋە سۈننەتنى بىلىدىغان ئالىملار بەك ئاز ياكى تېپىلمىسا خەلق قانداق قىلىدۇ؟!

مۇھەددىسلەرنىڭ ئۇستازى بولغان ئىمام بۇخارى بۇ مەسىلىگە كىتابىدىن: «**باب كَيْفَ الأَمْرُ إِذَا لَمْ تَكُنْ جَمَاعَةً**» (جامائەت بولمىغاندا ئىش قانداق بولىدۇ) دەپ بىر باب ئاجرىتىدۇ ۋە جامائەت بولمىغان تەقدىردە، خەلقتىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشاش لازىملىقى ھەققىدە ھۇزەيفەدىن (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ھەدىس شەرىپ رىۋايەت قىلىدۇ.

لېكىن ئىمام مۇسلىم ۋە باشقىلار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان: **لَا تَزَالُ طَائِفَةٌ مِنْ أُمَّتِي ظَاهِرِينَ عَلَى الْحَقِّ لَا يَضُرُّهُمْ مَنْ خَذَلَهُمْ حَتَّى يَأْتِيَ أَمْرُ اللَّهِ وَهُمْ كَذَلِكَ**. (صحيح مسلم رقم الحديث 3544 في كتاب الإمارة) دېگەن ھەدىسكە كۆرە، بۇ جامائەت مەيلى ئاز شەخسلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ، ھەر زامان داۋام قىلىپ تۇرىدۇ. ئىبنۇل قەييىم بۇ ھەقتە مۇشۇ مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ جامائەتكە چىڭ يېپىشىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىدىن مەقسەت، ھەققە چىڭ يېپىشىشتۇر، ھەق تەرىپىدە چىڭ تۇرغۇچىلارنىڭ سانى ئاز، قارشى تائىپىدىكىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولغىنىنىڭ زىيىنى يوق. ئىبنى مەسئۇدقا: «يالغۇز بولسىمۇ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشقا ۋە ئارقىسىدىن نەپلە دەپ جامائەت بىلەن ئوقۇشقا بۇيرۇشۇڭ بىلەن جامائەتكە ئەگىشىشكە چاقىرىشىڭنىڭ ئارىسىدا زىتلىق بار» دېيىلگەن ئىدى، ئىبنى مەسئۇد: «ھەقىقەتكە مۇۋاپىق بولغىنى جامائەت، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشۇڭ جامائەت» دەپ جاۋاب بەردى.

ھەسەن بەسرى: «ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئاز ئىدى. ئەمدى تېخىمۇ ئازىيىپ كەتتى» دەيتتى. بەزى ئەھلى ئىلىملەر: «**إِذَا إِخْتَلَفَ النَّاسُ فَعَلَيْكُمْ بِالسِّوادِ الأَعْظَمْ**» دېگەن ھەدىستىكى «سەۋاد ئەئزەم» دېگەن سۆزدىن قانداق جامائەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ؟ — دەپ سورىغۇچىلارغا: «مۇھەممەد ئىبنى ئەسلەم ئەتتۇسى» دەپ جاۋاب بەردى، ھەقىقەتەن بۇ جاۋاب توغرىدۇر. چۈنكى مۇھەممەت ئىبنى ئەسلەم كىتاب ۋە سۈننەت ئالىملىرىدىن بولۇپ، بىدئەتتىن قاچقۇچى ھەق سۆزلۈك كىشى ئىدى.

## 79 ـ ھەدىس: قەلبنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا

**إِنَّ اللَّهَ لَا يَنْظُرُ إِلَى صُوَرِكُمْ وَأَمْوَالِكُمْ وَلَكِنْ يَنْظُرُ إِلَى قُلُوبِكُمْ وَأَعْمَالِكُمْ.** (صحيح مسلم)

ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىڭلارغا ۋە ماللىرىڭلارغا ئەمەس، بەلكى كۆڭلۈڭلارغا ۋە قىلغان ئىشلىرىڭلارغا قارايدۇ.

كۆڭۈلنى ۋە ئەمەلنى ھەرىكەتنى ياخشىلىمىغۇچە، كۆرۈنۈشكە ھەر قانچە ئەھمىيەت بېرىلسە ۋە مال ھەرقانچە كۆپ چىقىم قىلىنسىمۇ، ئاللاھ تائالا بۇ نەرسىلەرگە رەھمەت بىلەن قارىمايدۇ ۋە ئۇ نەرسىلەر ئۈچۈن ساۋابمۇ بەرمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت بىلەن قارايدىغان ۋە ساۋاب بېرىدىغان نەرسىسى بولسا، ساپ كۆڭۈل ۋە ئىخلاس بىلەن (كۆڭۈلدە ھەق تائالانى رازى قىلىشنىلا ئويلاش بىلەن) قىلىنغان ئىشلاردۇر. ئەگەر زاكاتلىرى، سەدىقىلىرى تېگىشلىك ئورۇنلارغا بېرىلسە ۋە قىلىش لازىم بولغان ئىشلار، بولۇپمۇ ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئىشلار ئادا قىلىنسا، ئۇ چاغدا سۈرەتكە ۋە ماللارغىمۇ ئاللاھ تائالا رەھمەت بىلەن قارايدۇ، شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر قانداق ئەھۋالدا ئىخلاس كېرەكتۇر.

كۆڭۈل ساپ بولمىسا، تاشقى كۆرۈنۈشنىڭ ئانچە ئەتىۋارى يوق، ئادەم بالىلىرى كۆرۈنۈش ۋە قىياپەت جەھەتتە پەرقسىز ۋە بىر ـ بىرىگە باراۋەردۇر. شائىر:

ئومۇمي بەنى ئادىمى ئادىلانە  مۇساۋى ياراتمىش خۇداۋەندە مۇتلەق،

ئاسالەت مەدارىتىمىز دەگىلدۇر مەدارىتىمىز پەزىلەتتۇر ئانچاق.

تەرجىمىسى: ئادەم بالىلىرىنى ئاللاھ تائالا تەكشى باراۋەر ياراتتى، ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ كاتتىلىقىغا ئېتىبار قىلمايمىز. ئارتۇقچىلىقىمىز پەزىلىتىمىزدۇر.

ئىش قىلىشتا ئىخلاس بىلەن قىلىشنىڭ قانداق ئىكەنلىكى 15 ـ ھەدىستە تونۇشتۇرۇلغان ئىدى.

## 80 ـ ھەدىس: شېرىكچىلىكتە قىزىقتۇرۇش تۇغرىسىدا

**إِنَّ اللَّهَ يَقُولُ أَنَا ثَالِثُ الشَّرِيكَيْنِ مَا لَمْ يَخُنْ أَحَدُهُمَا صَاحِبَهُ فَإِذَا خَانَهُ خَرَجْتُ مِنْ بَيْنِهِمَا.** (سنن أبي داود)

ئاللاھ: «مەن بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلمىغان ئىككى شېرىكنىڭ ئۈچىنچىسىمەن. ئەگەر ئارىلىرىدا خىيانەت بولسا، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىمەن» دەيدۇ.

بۇ ھەدىس، شېرىكلىشىپ ئىش قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئۈممەتنىڭ ئىستىقبالىنىڭ ئاشۇنداق كەسىپلەردە ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. بىر شىركەت ئەڭ ئاز ئىككى كىشىدىن تەشكىل تاپقانلىقى ئۈچۈن، ھەدىس شەرىپتە ئىككى كىشىنىڭ شېرىكلىكى بايان قىلىنغان.

بولمىسا مەقسەت مۇتلەق «شىركەت» دۇر. «مەن ئىككى شېرىكنىڭ ئۈچىنچىسىمەن» ھەم «ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىمەن» دېيىشتىن مەقسەت «سودا، تىجارەت، كەسىپكە بەرىكەت بېرىمەن»، «سودا ۋە كەسىپتىن بەرىكەتنى كەتكۈزىمەن» دېمەكتۇر. ئۇنداق بولمىسا، ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكچىلىكتە ئۈچىنچى بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ.

شىركەت ئىگىلىرى ئۆز شېرىكلىرىگە ياكى بىرگە شىركەت قۇرمىغان باشقا كەسىپداشلىرىغا خىيانەت قىلمىسىلا، ئاللاھ تائالانىڭ قوغدىشى ئاستىدا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۆزىگە پەيغەمبەرلىك ۋەھيى قىلىنىشتىن بۇرۇن سائىب ئىبنى سائىب بىلەن شېرىك بولۇپ تىجارەت قىلغانىدى.

خۇلاسە گەپ: بۇ ھەدىس شېرىكلىشىپ كەسىپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە خىيانەتتىن توسىدۇ.

زامانىمىزدا سودا ۋە كەسىپلەرنىڭ پۈتۈن بەرىكىتى شىركەتلىشىپ ئىش قىلىشقا قاراشلىق بولغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇ ھەدىسنى مۆجىزە قاتارىدا ساناشقا تېگىشلىك. تۇرمۇش چىقىمى بەك ئاز، ھەركىم ئۆز قول كۈچى بىلەن كۈن كەچۈرۈش مۇمكىن بولغان بىر زاماندا رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئۈممەتنىڭ ئىسىگە ھېچ كەلمەيدىغان بىر سۆزنى قىلغان. بۇ سۆزنىڭ ئەھمىيىتىنى، قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىدىغان خەلق، زامانىمىزنىڭ خەلقى بولۇشى لازىم ئىدى.

شېرىكلىشىپ ئىش قىلىشنىڭ پايدىلىق ۋە بەرىكەتلىك ئىكەنلىكىنى يېزىپ يۈرۈشكە ھاجەت يوق. دەۋرىمىز خەلقى بۇنى ياخشى بىلىدۇ. لېكىن نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا ياكى دوست ـ بۇرادەرلەر ھەققىدە يامان گۇمان قىلماسلىق لازىم. ئىش ۋە كەسىپلەردە پۇختا ۋە رەسمىيەتلەرنىڭ ئوچۇق بولۇشى ئۈچۈن، شىركەت مەيلى ئاز ياكى كۆپ سەرمايىلىق بولسۇن، شەرتسىز ھالدا ئۇنى رەسمىيلەشتۈرۈشكە، ئىسلام قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق ئاساستا قۇرۇشقا، ماللارنىڭ زايە بولماسلىقى ۋە ھەقنىڭ يېيىلمەسلىكى ئۈچۈن ھۆججەتلىشىپ قويۇش كېرەك. ھازىرقى مۇئامىلىلەر مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

# 81 ـ ھەدىس: كېسەل يوقلاش توغرىسىدا

**إِنَّ اللَّهَ عَزَّ وَجَلَّ يَقُولُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ يَا ابْنَ آدَمَ مَرِضْتُ فَلَمْ تَعُدْنِي قَالَ يَا رَبِّ كَيْفَ أَعُودُكَ وَأَنْتَ رَبُّ الْعَالَمِينَ قَالَ أَمَا عَلِمْتَ أَنَّ عَبْدِي فُلَانًا مَرِضَ فَلَمْ تَعُدْهُ أَمَا عَلِمْتَ أَنَّكَ لَوْ عُدْتَهُ لَوَجَدْتَنِي عِنْدَهُ يَا ابْنَ آدَمَ اسْتَطْعَمْتُكَ فَلَمْ تُطْعِمْنِي قَالَ يَا رَبِّ وَكَيْفَ أُطْعِمُكَ وَأَنْتَ رَبُّ الْعَالَمِينَ قَالَ أَمَا عَلِمْتَ أَنَّهُ اسْتَطْعَمَكَ عَبْدِي فُلَانٌ فَلَمْ تُطْعِمْهُ أَمَا عَلِمْتَ أَنَّكَ لَوْ أَطْعَمْتَهُ لَوَجَدْتَ ذَلِكَ عِنْدِي يَا ابْنَ آدَمَ اسْتَسْقَيْتُكَ فَلَمْ تَسْقِنِي قَالَ يَا رَبِّ كَيْفَ أَسْقِيكَ وَأَنْتَ رَبُّ الْعَالَمِينَ قَالَ اسْتَسْقَاكَ عَبْدِي فُلَانٌ فَلَمْ تَسْقِهِ أَمَا إِنَّكَ لَوْ سَقَيْتَهُ وَجَدْتَ ذَلِكَ عِنْدِي.** (صحيح مسلم)

جانابى ھەق تەئالا قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارغا: «ئى ئىنسانلار! مەن كېسەل بولدۇم. مەندىن ھال سورىمىدىڭلار» دەيدۇ. ئىنسانلار: «ئى مېنى ياراتقۇچى ئىگەم! مەن سېنىڭ ھالىڭنى قانداق سورالايمەن؟ سەن پۈتۈن مەخلۇقنى يوقتىن بار قىلىپ پەرۋىش قىلغۇچىسەن؟» دېگەندە، ئاللاھ تائالا: «بىلمىدىڭمۇ، مېنىڭ پالانى بەندەم كېسەل بولدى. سەن شۇنىڭ ھالىنى سورىمىدىڭ، ئەگەر شۇ بەندەمنىڭ ھالىنى سورىغىلى بارغان بولساڭ (مېنىڭ رەھمىتىمنى) شۇ يەردە تاپقان بولاتتىڭ» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: «ئى ئىنسانلار مەن سىلەردىن تاماق سورىدىم، سىلەر تاماق بەرمىدىڭلەر» دەيدۇ. ئىنسانلار: «ئى مېنى ياراتقۇچى ئىگەم! مەن ساڭا قانداق تاماق بېرەلەيمەن؟ سەن پۈتۈن ئالەمنى تەربىيەت قىلغۇچىسەن» دېگەندە، ئاللاھ تائالا: «بىلمىدىڭمۇ، پالانى بەندەم سەندىن تاماق سورىدى. سەن ئۇنىڭغا تاماق بەرمىدىڭ، ئەگەر ئۇنىڭغا تاماق بەرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ ساۋابىنى مېنىڭ قېشىمدا تاپقان بولاتتىڭ» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: «ئى ئىنسانلار ئىچىش ئۈچۈن سەندىن سۇ سورىدىم، سەن سۇ ئىچۈرمىدىڭ» دەيدۇ. ئىنسانلار: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ساڭا قانداق سۇ ئىچۈرۈپ قويالايمەن؟ سەن پۈتۈن ئالەمنى تەربىيەلەپ رىزىق بەرگۈچىسەن» دېگەندە، ئاللاھ تائالا: «بىلمىدىڭمۇ، پالانى بەندەم سەندىن ئىچكىلى سۇ سورىدى، سەن ئۇنىڭغا سۇ بەرمىدىڭ، ئەگەر ئۇ بەندەمگە سۇ بەرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ ساۋابىنى مېنىڭ قېشىمدا تاپقان بولاتتىڭ» دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزىدىن مەقسەت كىشىگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى، خەلققە قىلغان ياخشىلىق (مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن) نىڭ بىكار بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ كېسەللەردىن ھال سوراش، ئاچ قالغانلارغا ئاش ـ نان، ئۇسسۇزلارغا سۇ بېرىشنىڭ ساۋابىنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئۇممەتلىرىگە بىلدۈرۈشتۇر. يېمەكلىكنى، سۇنى ئېغىزى بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ سوراش شەرت ئەمەس، بەلكى ھالىتى، قىياپىتى بىلەن سوراشمۇ تىلى بىلەن سورىغاندەك بولىدۇ. يەنى: يېمەك ـ ئىچمەككە ھاجەتمەن بولغان كىشى ئاغزى بىلەن ھاجىتىنى بايان قىلىشتىن تارتىنسا، شۇ ئەھۋالنى بىلگەن كىشى «سورىمىدى» دېمەي بەرسە، ئوخشاش ئەجرى ساۋاب بولىدۇ — دېمەكتۇر.

خاپىلىققا، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش، ئاچارچىلىق زامانلىرىدا ھالىغا يارىشا خەۋەر ئېلىش، ئىلىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلارغا ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ياردەم قىلىپ تۇرۇش شەرىئەتنىڭ قارىشىدىلا ياخشى ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەقلىنىڭ تەقەززاسى بويىچىمۇ مۇھىم ۋە كېرەك بولغان قەرزدۇر.

شەھەرلەردە، كوچىلاردا مۇسۇلمانلاردىن قېرى، ئوتتۇرا ياشلىق ئادەملەر ۋە كىچىك باللار تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىشىدۇ، ئىشىكمۇ ئىشىك قېقىپ چىقىدۇ، بەزىلەر كوچا دوقمۇشلىرىدا، ياقا ـ يۇشقاقلاردا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. يېزىلاردىن كەلگەن ياش يىگىتلەر ئىشلەش سايمانلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىش ئىزدەپ يۈرۈشىدۇ، شۇ ئەھۋاللارنى مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرى، نوپۇزلۇق، تۇرمۇشى پاراۋان ئادەملىرى كۆرىدۇ. لېكىن قېرىلارغا ۋە يېتىم باللارغا مەخسۇس تەربىيە خانا (شۇلارنى باقىدىغان ئورۇنلارنى)، ھۈنەر ئۆگىتىش مەكتەپلىرىنى ئېچىش، جەمئىيەت بىرلىكىنى تۈزۈپ، مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي كېسەللىرىگە چارە ئىزدەش توغرىسىدا ئويلانمايدۇ. يېتەرلىك دەرىجىدە تىرىشمايدۇ. بايلىق، بىلىم، ئاڭ، پىكىر ۋە تەن سالامەتلىك قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچى يېتىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەر قايسىسى مۇشۇ ھەدىستە كۆرسىتىلگەن تەرزدە قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئالدىدا ھېساب بېرىشكە تەييارلىق كۆرىشى لازىم.

بۇ ھەقتە مۇمكىن بولغان ۋە سىناقتىن ئۆتكەن ئەڭ ياخشى يوللار ئاجىزلارغا، كېسەللەرگە ۋە ئىش تاپالماي قالغانلارغا ياردەم بېرىش، يول كۆرسىتىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەردە، كوچا ۋە بازارلاردا، كەنتلەردە، مەھەللىلەردە ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىدىغان جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ، قولىدىن كېلىشىچە داۋاملاشتۇرۇش، قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشتىن ئىبارەت.

# 82 ـ ھەدىس: ئاياللارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە قەدىرلەش توغرىسىدا

**إِنَّ اللهَ تَعَالَى يُوصِيْكُمْ بِالنِّسَاءِ خَيْرًا، فَإِنَّهُنَّ أُمَّهَاتِكُمْ، وَبَنَاتِكُمْ، وَخَالاَتِكُمْ. إَنَّ الرَّجُلَ مِنْ أَهْلِ الكِتَابِ يِتَزَوَّجُ المَرْأَةَ وَمَا تَعَلَّقَ يَدَاهَا الخَيْطَ، فَمَا يَرْغَبُ وَاَحِدٍ مِنْهُمَا عَنْ صَاحِبِهِ.** (الجامع الصغير)

ئاللاھ تائالا ئاياللارغا مېھرىبانلىق ۋە شەپقەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. خوتۇن كىشىلەر بولسا، سىلەرنىڭ ئانىلىرىڭلار، قىزلىرىڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ بىرتۇغقانلىرى بولغان يېقىنىڭلاردۇر، يەھودىي ــ ناسارالار خوتۇن ئالغاندا، خوتۇنىنىڭ يىپقا چاغلىق نەرسىسى يوق، پېقىر بولغان تەقدىردىمۇ بىر ــ بىرىدىن كۆڭۈل سوغۇتۇشماي، بىرلىكتە ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ.

مەقسەت، مۇسۇلمانلارنى چىرايلىق تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىغا باشلاشتۇر. ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ شەرتى خوتۇن كىشىگە لايىقىدا ھۆرمەت قىلىش، لايىقىدا تەربىيەلەپ خەۋەر تېپىشتۇر «خوتۇنلار سىلەرنىڭ ئاناڭلار، قىزلىرىڭلار، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرەلىرى» دېيىشتىن مەقسەت ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە شەپقەت قىلىش، ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر. ياخشى ئىشلار ۋە ئومۇمىي خىزمەتلەر ھەققىدە ئىسلامدىن باشقا دىندىكىلەرنى ۋە ئومۇمەن يات مىللەتلەرنى ئۈلگە قىلىپ يېزىش ۋە سۆزلەشنىڭ توغرىلىقىغا، چىرايلىق ئەخلاق ۋە ياخشى ئىشلار توغرىسىدا ئاشۇلاردەك بولۇشنىڭ زىيانلىق ئەمەسلىكى، بەلكى لازىم ئىكەنلىكىگە رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ يەھودىيلارنى، خرىستىئانلارنى مىسال كەلتۈرۈشى دەلىل بولسا كېرەك.

ساھابىلەرنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ زامانىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇنلىرى ئۆزلىرىنى ھۆرمەتلەشكە لايىق تەربىيەگە قولاق سالىدىغان ئەھۋالدا ئىدى، ھەتتا ئىجتىمائىي ئىشلارغىمۇ قاتناشتۇرۇلاتتى. ھەدىس تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۇستازى ئىمام بوخارى ھەزرەتلىرى رۇبەييىئ بىنتى مۇئەۋۋىز ئىبنى ئىفرادىن: **كُنَّا نَغْزُو مَعَ رسول الله صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمْ: نَسْقِيْ القَوْمَ وَنَخْدِمُهُمْ، وَنَرُدَّ القَتْلَى وَالجُرْحَى إِلىَ المَدِيْنَةِ.** (صحيح البخاري) «بىز خوتۇن كىشىلەرمۇ پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە جەڭگە باراتتۇق، جەڭچىلەرگە سۇ بېرەتتۇق، خىزمىتىنى قىلاتتۇق، قۇربان بولغانلارنى، جاراھەتلەنگەنلەرنى مەدىنىگە قايتۇرۇپ ئەكىلەتتۇق» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ.

مۇشۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى قانچىلىك مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، بۈگۈنكى ئۇرۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ياكى ھەربىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا ھاجەت بولسا كېرەك. ھەزرىتى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللارنىڭ ئىچى ـ تېشىنى ئەمەل، ھەرىكەت، ئەخلاق بىلەن ياخشى تەربىيەلەشكە دائىر بۇ ھەدىسىدىن باشقا نەسىھەتلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇسۇللاردا ۋە مەشھۇر مۇسنەدلەردە بايان قىلىنغان. گەپ ئاڭلايدىغانلارغا مۇشۇ ھەدىسمۇ يېتىدۇ. ئەقلى بار ئادەم ئاز گەپتىن كۆپ مەنە چۈشىنىدۇ.

# 83 ـ ھەدىس: پاك بولۇش توغرىسىدا

**إِنّ الله طَيّبٌ يُحِبّ الطّيبَ، نَظِيفٌ يُحِبّ النّظَافَةَ، كَرِيمٌ يُحِبّ الكَرَمَ جَوَادٌ يُحِبّ الْجُودَ، فَنَظّفُوا أَفْنِيَتَكُمْ، وَلاَ تَشَبّهُوا بِاليَهُودِ.**
(تحفة الأحوذي)

ئاللاھ تائالا كەمچىلىكتىن پاكتۇر، كەمچىلىكى يوق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، پاكىزدۇر، پاكىزە نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، سېخىدۇر، سېخىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆي ـ ھويلىلىرىڭلارنى پاكىزە تۇتۇڭلار، يەھۇدىيلاردەك كىرلاش ـ پاسكىنا يۈرمەڭلار.

ئىسلام دىنى كۆڭۈلنى بۇزۇق ئەخلاقتىن تازىلاشنى بىرىنچى مەقسەت قىلىپ چىڭ تۇتسىمۇ، تاشقى پاكىزلىقنىڭمۇ كۆڭۈلنىڭ پاكىزە بولۇشىدا كۈچلۈك تەسىرى بار. بۇ سەۋەبتىنمۇ رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئۆي ـ ھويلىنى پاكىزە تۇتۇش، ئەخلەت ۋە پاسكىنا تۇتماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۆي ئىچى، ھويلا ـ ئاراملارنى، ھەتتا ئۆي ئۈدۈلىدىكى كوچىلارنىمۇ مۇمكىن قەدەر سۈپۈرۈپ تۇرۇش، سۆڭەك، تېزەك، تاش ـ تىكەندەك نەرسىلەرنى كوچىغا تاشلىماسلىق، ئومۇمەن ئەخلەت ساقلىماسلىق كېرەك. ئۆي ئىچىنى، قازان، چۆگۈن ۋە قاچا ـ قۇمۇچلارنى پاكىزە تۇتۇش ئىنتايىن زۆرۈر. شۇنىڭدەك كىيىم ـ كېچەك، كىگىز ـ بىسات، يوتقان ـ كۆرپە، ئۇستى باش، چاچ ـ ساقالنىڭ بولۇپمۇ كۆينەك ياقىلىرىنىڭ كىرسىز بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، خەقلەرنىڭ كۆز ئالدىدا يىرگىنىشلىق ھالەتتە يۈرمەسلىك لازىم.

ئىمام مۇسلىم ۋە باشقىلار "**الطُهُورُ شَطْرُ الإِيْمَانِ**" دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ. يەنى پاكىزلىق ئىماننىڭ تەڭ يېرىمى دېمەكتۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىسىدا يەھۇدىيلار تازىلىققا ئانچە رىئايە قىلمايتتى. بۈگۈنكى يەھۇدىيلارنىڭمۇ باشقىلارغا قارىغاندا تازىلىققا دېگەندەك رىئايە قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز.

## 84 ـ ھەدىس: سېخى ۋە ئەخلاقلىق بولۇش توغرىسىدا

**إِنَّ اللهَ كَرِيْمٌ يُحِبُّ الكَرَمِ، وَيُحِبُّ مَعَالِيْ الأَخْلاَقِ، وَيَكْرَهُ سَفَسَافِهَا.** (كشف الخفاء للإمام العجلوني)

ئاللاھ تائالا سېخىدۇر، ئالىي بولغان گۈزەل ئەخلاقلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەقىر ـ پەسكەش ئىشلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

مېھرىبان، ئەپۇچان بولۇش، ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلاش، مىللەت، دىن، ئىنسانلىق ۋە ئىلىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشلار، ھەر ـ تۈرلۈك جاپا ـ موشەققەتلەرگە چىداپ، ئاداققىچە كۈرەش قىلىش، ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن قەھرىمانلىق ۋاھاكازالار. يۇقىرىدا ئېيتىلغان گۈزەل ئەخلاقلار قاتارىغا كىرىدۇ.

قىسمەن ئىلغار كىشىلەر ھەرخىل جاپا۔ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، يامان گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، دىنىي تەلىم۔ تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەكتەپلەرنى قۇرىدۇ. ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. يوقسۇل، ئاجىز باللارنى بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىلىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئىككىنچى بىر قىسىم ئادەملەر بولسا، پەقەتلا ئىچىنىڭ يامانلىقى سەۋەبىدىن شۇ مەكتەپنىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ياردەم بەرگۈچىلەر ئۈستىدىن ناھەق ماتېرىيال يېزىپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئىشەندۈرۈپ، مەكتەپنى تاقاتتۇرىدۇ. نەتىجىدە مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ۋە ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، باللار مەرىپەتسىز قېلىپ، تارقىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ماتېرىيال تەييارلىغۇچى ھەسەتخور، قارانىيەت كىشىلەر ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاقتۇرۇشقا تىرىشىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كۆڭلى يايراپ كېتىدۇ، ھەتتا ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى ئويلاپ قىن ــ قىنىغا پاتماي قالىدۇ. ئوغۇل باللار ساپايى چېلىپ، قىز باللار سېغىز چايناپ (خار ـ زار بولۇپ) كۈن ئۆتكۈزىدۇ. مانا مۇشۇ ئەھۋالدا ئالىي، ئېسىل ئەخلاقمۇ، پەسكەشلىكمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت، مۇنداق ئىشلار بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ بارلىق ياقا ـ پۇچقاقلىرىدا ھەمىشە ئۇچراپ تۇرغىنى ئۈچۈن، يىراق يەرلەردىن مىسال ئىزدەشكە ھاجەت يوق. كەيپ قىلىش ئۈچۈن ھاراق ئىچىش، ئەپيۇن، نەشە ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش، قارتا ئويناپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش، ئوغلاق ئويۇنى، ئىت تالاشتۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەسكەش ئىشلاردىن بولۇپ، ئاللاھ يامان كۆرىدىغان ئادەتلەردۇر. ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلاشنى ۋە ئىچى پۇشۇقنى چىقىرىشنى باھانە قىلىپ بۇ ئىشلار بىلەن بەند بولۇش، ئاساسسىز، ئاقماس ئۆزرىخاھلىقتۇر. دۇنيادا ئىشتىن كۆپ نەرسە يوق، بولۇپمۇ رۇسىيەدە مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى ۋە ئاۋامنىڭ خىزمىتى شۇنداق كۆپكى، قارتا ئويناپ، كۆڭۈل ئېچىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئەمەس، ھەتتا بېشىنى قاشلاشقىمۇ ۋاقىت تاپالماسلىق ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

## 85 ـ ھەدىس: ئاللاھ تائالانىڭ ھەر دائىم مۇجەددىدلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقى

**إِنَّ اللهَ يَبْعَثُ لِهَذِهِ الأُمَّةِ عَلَى رَأْسِ كُلِّ مِائَةِ سَنَةٍ مَنْ يُجَدِّدُ لَهَا دِيْنَهَا.** (كشف الخفاء للإمام العجلوني)

ئاللاھ تائالا بۇ ئىسلام ئۇممىتىگە ھەر يۈز يىلنىڭ بېشىدا دىنىنى يېڭىلىغۇچىلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

ئىسلام دىنى بۇرمىلانمايدىغان، ئۆزگەرمەيدىغان بىر دىن بولسىمۇ، بىلىمسىز خەلق ۋە بىدئەتچىلەر تەرىپىدىن خۇراپىلەر (ئاساسسىز ئويدۇرما سۆزلەر)، خىيالىي نەرسىلەرنىڭ قوشۇلۇشى، دىندىن بولمىغان ئادەت ۋە مۇراسىملارنىڭ دىننىڭ جۈملىسىدىن قىلىپ كۆرسىتىلىش ئېھتىمالى يوق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ھەر ئەسىردە رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلگەن توغرا تەۋھىد دىنىدىن خەۋەردار ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇلار شۇ ھەقىقىي دىننىڭ ماھىيىتىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ.

رسۇلۇللاھنىڭ زامانىسىدىكى ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە ئاساس بولىدىغان ئومۇمىي بىر تارىخ بولمىغانلىقتىن «ھەر يۈزيىلنىڭ بېشىدا» دېگەن سۆزنى رەسۇلۇللاھ تۇغۇلغاندىن ياكى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن ۋەياكى رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن باشلاپ ھەر يۈز يىلدا دېگەندەك مەخسۇس ۋە مۇئەييەن يىللارغا باغلاشنىڭ ھاجىتى يوق ھەم مۇناسىۋىتى يوق.

بۇ يەردىكى "ھەر ئەسىر" دېگەن سۆز "ھەر زاماندا چىقىپ تۇرىدۇ" دېگەننى مەقسەت قىلسا كېرەك. ھەقىقەتەن بۇ ھەدىس 220 ـ ھەدىسنىڭ ئىككىنچى بىر لەپزى بىلەن سۆزلەنگىنىگە ئوخشايدۇ، بۇ ھەدىستىكى ‹مَنْ› دېگەن سۆز ئومۇمىي بولغانلىقتىن، بۇ دىننى يېڭىلىغۇچىلارنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ كۆزدە تۇتۇلۇشى مۇمكىن. ئەمما بىدئەتكە يانتاياق بولغۇچىلار، دىنغا ئاساسسىز، مەنتىقسىز چۈشەنچىلەرنى ۋە شەيئىلەرنى، خۇراپاتلىقلارنى قوشقۇچىلار ۋە قارىغۇلارچە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ مۇجەددىد (دىننى يېڭىلىغۇچى) بولالماسلىقىدا شەك يوق، ئەلۋەتتە.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى يولغا قويغان "دىن" دېگەن سۆز قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن بېكىتىلگەن مەزمۇنغىلا خاس بولغانلىقتىن، دىننى يېڭىلىغۇچىلارمۇ قۇرئان ۋە ھەدىسنى بىلىشتە مۇتەخەسسىس ۋە ماھىر بولغان ھەم ئىلمىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر بولۇشى لازىم. بۇلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرى مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئۆز زامانىدا ئەتراپقا تونۇلغان ياكى تونۇلمىغان بولسۇن، بۇنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق.

ئەقلى بىلىملەر ۋە ئەرەبچە بىلىملەرنى (نەھۋى، سەرف، بالاغەت ۋە جېدەل ئىختىلاپ ئىلىملىرىنى) بىلىدىغان ئالىملار، ئابىدلىق ۋە ئىسرار نامى بىلەن ھىندى ۋە ئىرانلىقلارنىڭ خىيالىي چۈشەنچە ۋە ئىدىيەلىرىنى تاراتقانلىقى سەۋەبىدىن ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ ياتلارغا مۇستەملىكە بولۇپ، ئەجنەبىلەرنىڭ چاڭگىلىغا ئۆتۈشىگە يول ھازىرلاپ بەرگۈچىلەر، شۇنداقلا قۇرئان، ھەدىس ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، چۈشەنمەي، تېگى ـ تەكتىنى، ماھىيىتىنى تەتقىق قىلماي، بەلكى رىۋايەت ۋە ھېكايە تەرىقىسىدىلا ئوقۇغان ـ ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ بۇ ھەدىستە كۆرسىتىلگەن (دىننى يېڭىلاپ ياشارتقۇچىلار) غا توغرا كېلىش ئېھتىمالى يوق.

بۇ ھەدىس شەرىپ ئىلمنى ۋە تەسەۋۋۇپنى يېڭىلىغۇچىلارنى ئەمەس، بەلكى يالغۇز دىننى يېڭىلىغۇچىلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئېتىقادىمىز يالغۇزلا قەتئىي دەلىل (قۇرئان ئايىتى ۋە ھەدىس مۇتەۋاتىر) گىلا ئاساسلىنىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دۇنياسىدا بولغان ھەر تۈرلۈك يېڭى (رەسۇلۇللاھ، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەر زامانىسىدىن كېيىن پەيدا بولغان) مەزھەپ ۋە سۇلۇكلارنى تۈگىتىپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى قۇرئان، ھەدىسنىڭ بايراقلىرى ئاستىغا توپلايدىغان "دىن يېڭىلىغۇچىلار" نىڭ مەيدانغا چىقىشىغا ئىمانىمىز كامىل، ئۈمىدىمىز چوڭدۇر.

«ئۇممەتلەرنىڭ ياخشىسى» دېگەن شەرەپلىك نامنى ئالغان بۇ ئېسىل مىللەتنى، شەرىئەتلەرنىڭ ئەڭ كامىلى بولغان ۋە ئاساسلىق قانۇنى بولغان ئىسلامغا ئەگەشكەن بۇ جامائەتنى ئاللاھ تائالا مۇشۇ تارقاقلىق، پاراكەندىلىك، قاششاقلىق ھالىتىدە قويماس، بولمىغۇر ئادەتلەر ۋە خۇراپاتلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئېزىپ يۈرىشىمىزگە رازى بولماس. بۇ بەندىلەر شۇ دىننى يېڭىلىغۇچىلارنىڭ خىزمەتلىرى سەۋەبىدىن رەسۇلۇللاھ زامانىسىدىكى دىنغا يېنىپ كېلىدۇ. ئازغان بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنى تاپقان ۋاقتىدىكىدەك خوش بولىدۇ ۋە ﴿**الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي هَدَانَا لِهَذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِيَ لَوْلَا أَنْ هَدَانَا اللَّهُ**﴾ «بىزنى مۇشۇنداق ئىسلام يولىغا باشلىغان ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇيمىز، بۇ بەخت ـ سائادەتلىك يولغا بىزنى ئاللاھ ئۆزى باشلىمىغان بولسا، بىز ئۆزىمىز بۇ يولنى تېپىپ توغرا ماڭالمايتتۇق» دەپ شۈكرى سەجدىسى قىلىدۇ. ئىنشا ئاللاھ!

## 86 ـ ھەدىس: ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئۈچ ۋە يامان كۆرىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئىش

**إِنَّ اللَّهَ يَرْضَى لَكُمْ ثَلَاثًا وَيَسْخَطُ لَكُمْ ثَلَاثًا يَرْضَى لَكُمْ أَنْ تَعْبُدُوهُ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَأَنْ تَعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَأَنْ تَنَاصَحُوا مَنْ وَلَّاهُ اللَّهُ أَمْرَكُمْ وَيَسْخَطُ لَكُمْ قِيلَ وَقَالَ وَإِضَاعَةَ الْمَالِ وَكَثْرَةَ السُّؤَالِ.** (موطأ مالك)

ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئۈچ ئىشىڭلاردىن رازى بولىدۇ ۋە سىلەرنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئىشىڭلارنى يامان كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رازى بولىدىغانلىرى:

1 ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قۇلچىلىق قىلىپ، ئاللاھقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك،

2 ـ قۇرئان كەرىمگە بىرلىكتە يېپىشىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلماسلىق (بۆلۈنۈپ كەتمەسلىك)،

3 ـ سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا قاراش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن كىشىلەرگە (ئىسلام باشلىقلىرىغا) ياخشىلىق قىلىش.

ئاللاھ تائالا يامان كۆرىدىغان ئىشلار:

1 ـ دىن ئۈچۈنمۇ دۇنيا ئۈچۈنمۇ پايدىسى بولمىغان "ئانداقمىش، مۇنداقمىش" دېگەن سۆزلەر،

2ـ تولا سوئال سوراش،

3 ـ ئورۇنسىز يەرگە پۇل ـ مال چىقىم قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىنغان ئىبادەتنىڭ مەقبۇل بولۇش ئۈمىدى بار. ئاللاھ تائالا: ﴿**يَاأَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُوا رَبَّكُمْ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ**﴾ دەپ ئىنسانلارنى ئۆزىگە قۇلچىلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئىبادەت قىلغۇچىلار ۋە مۇشۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغۇچىلار بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغۇچىلار بولىدۇ. شېرىكنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ھەممىدىن ساقلىنىش، شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىمگە پۈتۈن ئۈممەت بىرلىكتە ئەگىشىپ، ئايرىلماسلىق لازىم. مۇمكىن بولسا، ئىش باشقۇرغۇچىلارغا ياخشى نەسىھەت قىلىشمۇ مۇسۇلمانچىلىقنىڭ جۈملىسىدۇر.

ئەھمىيەتسىز سوئاللار ــ مەيلى پۇل ـ مال سوراش ياكى مەسىلىھەت سوراش بولسۇن ــ، ئارىغا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىشقا ۋە سورىغۇچىنىڭ ئىززىتىنى چۈشۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ. بۇرۇنلاردا بىزنىڭ مىللىتىمىزدە مەسلىھەت سوراش بەكلا ئومۇملاشقان ئىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت باشقىلارنىڭ يۈزىنى قىزارتىش، ئۆزىنىڭ ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىر نەرسە بىلىدىغانلىقىنى ئاۋامغا بىلدۈرۈش ئىدى. كاتتا مۇدەررىسلەر بىر يەرگە چايغا چاقىرىلسا، كىملەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان سۈرۈشتۈرەتتى ۋە چوڭ ياۋروپا ئۇرۇشلىرىغا تەييارلىق قىلغاندەك تەييارلىق قىلاتتى، ھەتتا كېچە ـ كۈندۈز كىتاب كۆرۈپ، بەھس يادلايتتى. ئولتۇرۇش بولىدىغان مەھەللىلەرگە بېرىپ مەجلىس باشلانغاندىن كېيىن، بىر ـ بىرىدىن ھېيىقىپ دىمى ئىچىگە چۈشەتتى، ئەمما ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە نۇقتىلىرىنى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

شەخسەن مەن مۇنداق مەجلىسلەرنى بەك كۆپ كۆردۈم. لېكىن ئۆمرۈمدە بىرمۇ مۇدەررىسنىڭ: «بۇ مەسىلىنى بىلمىدىم» دېگىنىنى ئاڭلىمىدىم. بۇلارغا نىسبەتەن "بىلمەيمەن" دېيىش مۇرتەد بولۇشتىنمۇ يامانراق تۇيۇلسا كېرەك، ھەتتا مەنىلىك بىر سۆزمۇ ئاڭلىغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. بىر مەجلىستە: «زەمزەم سۈيىنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچىش كېرەكمۇ ياكى ئولتۇرۇپمۇ؟» دېگەن مەسىلىدە «بوۋغۇلمە» دېگەن جايىنىڭ قىرى ئاخۇن ۋە شەيخلىرى شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن مۇنازىرە قىلىشتىكى، مېنىڭچە ئۇنداق ئەھمىيەتسىز تالاش ـ تارتىشلار دۇنيادا بەك ئاز كۆرۈلسە كېرەك.

ئىككىنچى بىر ئورۇندا، «ئۆرە تۇرۇپ كىچىك تەرەت قىلىش» توغرىسىدا شۇنداق بىر تالاش ـ تارتىش داۋام قىلدىكى، بۇ تارتىشىش ئاياغلاشماستىنلا مەجلىس تارقىلىشقا مەجبۇر بولدى. تاماق يېيىشنى تۈزغا تۇگۈرۈپ باشلاش، تەرەت سۇندۇرغاندىن كېيىن چالما تۇتۇش، غەيرى مۇسۇلماننىڭ ئاشلاپ ئەيلىگەن جۇۋىدا ۋە ئۆتەك بىلەن ناماز ئوقۇشى قاتارلىق ئورۇنسىز ۋە ئەھمىيەتسىز مەسىلىلەردە پەتىۋا بېرىش قاتارلىقلار ئادەتكە ئايلانغان ئىدى.

ئىراق مەملىكىتىدىن بىر كىشى كېلىپ، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن: «چىۋىننىڭ قېنى بەدەنگە ياكى كىيىمگە يۇقۇپ قالسا، ناماز دۇرۇس بولامدۇ ـ يوق؟» دەپ سورىغان ئىدى، ئىبنى ئۆمەر ھەزرەتلىرى: «ئىراق خەلقىگە قاراڭلار، ئەمدى ھەزرىتى رەسۇلۇللاھنىڭ نەۋرىسى ئىمام ھۈسەيىنى ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ قېنىدىن شەكلەنمەي، بۇ يەرگە كېلىپ چىۋىننىڭ قېنى توغرىسىدا پەتىۋا سورايدۇ» دەپ ئەھمىيەتسىز مەسىلە سورىغۇچىنى ئەيىبلىگەن ئىدى.[31]

پەرز نامازلارنىڭ كۆپىنچىسىگە سەل قاراپ ئوقۇمىغان، غەيۋەتنى ئاشلىق ئورنىدا يەپ، مۇسۇلمانلارغا قارا چاپلاشنى ۋە ئۇلار ئۈستىدىن چېقىمچىلىق قىلىشنى ھېچ نەرسە ھېسابلىمىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇستەھەب، ئەۋزەل ۋە مۇباھ ئىشلار توغرىسىدا مەجلىسلەردىكى چوڭ ــ كىچىك ھەر كىشىدىن ئەدەب ۋە تۈكى يوق مەسىلىلەرنى سوراپ، ئۆزىنى دىندار كىشى كۆرسىتىدۇ، ھالبۇكى ئىسلام شەرىئىتىدە بولغان ھارام، مەكرۇھ، پەرز، ۋاجىبلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم. مۇستەھەب، مۇباھ ئىشلاردا خالىغىنىنى قىلىش خەلقنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش.

لېكىن ئىلىم ئۆگىتىش، ئۆگىنىش، پايدا يەتكۈزۈش، پايدىلىنىش ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش قاتارلىق شاگىرتلارغا ئەھمىيەتلىك ئىشلار توغرىسىدا سوئال سوراش ئورۇنلۇق ۋە خۇشاللىنارلىق ئىشتۇر. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى «**باب طرح الإمام المسئلة على أصحابه ليختبرما عنده من العلم**» دەپ بىر باب تۈزگەن.

شاگىرتلاردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھانلار مۇشۇ مەقسەتتە بولۇشى كېرەك. ھەزرىتى رەسۇلۇللاھمۇ ئۆزىدىن تولا سوئال سورىلىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. سوئال سوراش سەۋەبىدىن بەزى ئىشلارنىڭ چەكلىنىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. تەپسىرشۇناسلار: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَسْأَلُوا عَنْ أَشْيَاءَ إِنْ تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ**﴾ دېگەن ئۇلۇغ ئايەتنىمۇ شۇنداق سوئاللاردىن چەكلەش ھەققىدە چۈشكەن دەيدۇ. شەيخ ئىبنى ئەرەبى[32]مۇ شۇ مەزمۇننى تەكىتلەيدۇ.

[31] بۇ مەسىلە سەھىھۇلبۇخارىدا بايان قىلىنىدۇ.

[32] ئىبنى ئەرەبي — مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەل ئەندۇلۇسى، قازى ئەبۇ بەكرى ئىبنۇلئەرەبي دەپ تونۇلغان، مالىكى مەزھىپىدىكى مۇجتەھىد ئالىملاردىن بولۇپ، ھىجرى 543 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ھىجاب ئايىتى مەخلۇقلار تەرىپىدىن سورالغان سوئالنىڭ سەۋەبىدىن چۈشتى. سوئال سوراش ۋە نەپسانىي غەرەز بولمىغان بولسا ئىدى، ھىجاب ئايىتى چۈشمىگەن بولاتتى. شۇڭا بەندىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدىن باشلىنىپ بۇيرۇلغان بۇيرۇقلار بىلەن، مەخلۇقلار ھەققىدە سوئال سورىغانلىقتىن كەلگەن بۇيرۇقلارنى پەرقلەندۈرىدۇ ۋە ئىككى تۈرلۈك بۇيرۇقنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە بويسۇنۇش لازىم بولسىمۇ، دەرىجىلىرىنى ئوخشاش كۆرمەيدۇ. ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ: «**أُتْرُكُونِيْ مَا تَرَكْتُكُمْ**» «مەن دېمەي قويغاننى مەندىن سورىماڭلار» دەپ، خەلققە ئەسكەرتىپ تۇراتتى.

مالنى بۇزۇپ - چېچىش ۋە ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىش توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدە ئايەتلەر ۋە سەر خىل كىتابلاردا ھەدىسلەر كۆپ بولۇپ، مال بۇزۇشنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى قايغۇلۇق بولىدۇ. بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى ئاچ - يالىڭاچ ئولتۇرىدۇ، سوغۇقتا توڭىدۇ، كېسەل بولسا دوختۇرغا ۋە دورا ئېلىشقا پۇل يوق، ئۇ يەردە ئاھ ئۇرۇپ، بۇ يەردە مىشىلداپ يىغلىشىدۇ. مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشنىڭ سەۋەبى تەكشۈرۈلسە، پۇل - مالنى ئورۇنسىز بۇزۇشتىن بولغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يۇرتنىڭ غوجىسى ئۆز يېنىدىكى پۇلنى تۈگەيدۇ دەپ ئويلىمىغان، ئاغىنىلىرى بىلەن قىمار ئوينىغان ۋە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان، ئاقىۋەت بىلمىسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق پاتقىقىغا پېتىپ، بارلىق مال ـ بىساتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئائىلىسى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەختسىز، قارا كۈنگە قالغان كىشىنىڭ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان بىر ئىشنى قىلغانلىقى ئۈچۈن بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىككە پۇشايمان قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق. بۇ ئادەم ئۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر ئەمەس ئىدى. ئۇنى قىلمايمۇ تۇرالايتتى، پۇلمۇ يېنىدا ساقلىناتتى.

دۇرۇس، ئاقچىنى سۆيۈش، پۇل ئۈستىگە پۇل جۇغلاش ياخشى ئىش ئەمەس، پۇلنى ئورۇنسىز بۇزۇپ - چېچىشمۇ ياخشى ئىش ھېسابلانمايدۇ.

# 87 ـ ھەدىس: ئىسلامنىڭ بەلگىلىرى توغرىسىدا

**إِنَّ لِلإِسْلاَمِ صُوًى وَعَلاَمَاتٍ كَمَنَارِ الطَّرِيْقِ.** (مجمع الزوائد للحافظ الهيثمي)

ئىسلام دىنىنىڭ يولدا ئورنىتىلغان بەلگىلەردەك بەلگىلىرى باردۇر.

مەقسەت، خىيالىي ئىشلار، خۇراپاتلار ۋە كۆڭۈل ئارزۇلىرى بىلەن يولدىن ئېزىقماڭلار، يول ماڭغۇچىلار يول بەلگىلىرىگە قاراپ ماڭغاندەك، سىلەرمۇ ئىسلامنىڭ بەلگىلىرىگە قاراپ مېڭىڭلار، يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەڭلار، دەپ يول كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. ئىسلامنىڭ ئەڭ ئوچۇق بەلگىلىرى بولسا، پەرز ئىبادەتلەرنى قىلىش، ھارام نەرسىلەردىن ساقلىنىش، ئىنسانلار بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىشتۇر. بۇلاردىن باشقا ئالامەتلەرمۇ بار بولۇشى مۇمكىن.

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن، ئۇستاز ۋە مۇئەللىملىرىدىن، ئەتراپ ۋە مۇھىتتىن ئالغان تەربىيەسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى ھەق تەرىپىدە دەپ بىلىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمەيدۇ. ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلاپ، ئەخمەقلەر تەرىپىدىن ساراڭلار ئورنىغا يىغىلىپ خەۋەر ئېلىنغانلىقىنى گۇمان قىلغان ساراڭلاردەك، ئۆزىنى توغرا يولدا ۋە باشقىلارنى يولدىن ئازغان بەندىلەر دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا بۇنداق خاتا ئىشلارنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن، ھېچكىم ئۆزىدىن خاتىرجەم بولماسلىقى، بەلكى دائىم ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆزىنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى لازىم. ئۇلۇغ ساھابە ۋە خەلىپىلەردىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ: «مەندە نىفاقنىڭ ئالامىتى بارمۇ؟» دەپ يەنە بىر ساھابىدىن سورىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئىسلامدا توغرا يولدا بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى بىلىشكە ياردەم بېرىدىغان ئۆلچەم بولسا، كۆچى يېتىدىغان كىشىنىڭ قۇرئاننى مەنىسىنى ئويلاپ تۇرۇپ ئوقۇش ۋە ھەدىس ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىنىش، دائىم رسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمىھالىنى، ئەمەلىيىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرۇشتۇر. ھەدىستە: «**فَعَلَيْكُمْ بِسُنَّتِي وَسُنَّةِ الْخُلَفَاءِ الرَّاشِدِينَ الْمَهْدِيِّينَ عَضُّوا عَلَيْهَا بِالنَّوَاجِذِ**» «مېنىڭ يولۇمنى ۋە توغرا يولدا ماڭغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئورۇن باسارلىرىمنىڭ يولىنى چىڭ تۇتۇڭلار، شۇ يولنى ئېزىق چىشىڭلا بىلەن چىشلەپ تۇتۇڭلار» دېيىلىدۇ.

# 88 ـ ھەدىس: ھەق ئىگىسى توغرىسىدا

**إِنَّ لِصَاحِبِ الْحقِّ مَقَالاً.** ( الجامع الصغير)

ھەق ئىگىسىنىڭ سۆزلەش ھوقۇقى ۋە دەلىلى بولىدۇ.

بىر كىمنىڭ بىر كىمدە ئالىدىغان ھەققى ياكى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھەر قانداق بىر تەلىپى بولسا، شۇ ھەقتە گەپ قىلىش، مەھكىمىلەرگە دەۋا قىلىش، مەتبۇئات ئارقىلىق مۇداپىئە قىلىش ۋە ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۇ كىشى شەرىئەتتە كۆرستىلگىنى بويىچە ھەققىنى ئىزدىسە بولىدۇ. ئۆلچەمنىڭ تېشىغا چىقمىغانلا بولسا، ئۇ كىشىنى توسۇش توغرا ئەمەس. ئەمما ئالىدىغان نەرسەم بار دەپ قەرزدارنى تىللاش، ئۇرۇش ياكى ھاقارەتلەش، كىشىلەر ئالدىدا ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش، يۈزىنى قىزارتىش توغرا ئىش ئەمەس. بۇ چاغدا يۇقىرىدىكى ھۆكۈمنىڭ يەنى ھەقىنىڭ ئالمىشىپ كېتىشى، قەرزدار كىشى ھەق ئىگىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

# 89 ـ ھەدىس: گۈزەل ئەخلاق توغرىسىدا

**إِنّ الْمُؤْمِنَ لَيُدْرِكُ بِحُسْنِ خُلُقِهِ دَرَجَةَ الصّائِمِ الْقَائِمِ.** (تهذيب سنن أبي داود)

گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى شۇ گۈزەل ئەخلاقى سەۋەبىدىن نەپلە روزا تۇتقۇچى ۋە كېچىلەردە ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

ياخشى ئەخلاق ھەقىقەتەن بىر كامالەتتۇر. كېچىلەردە نەپلە ناماز ئوقۇش ۋە نەپلە روزا تۇتۇشنىڭ پايدىسى شۇ كىشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا بولسىمۇ، گۈزەل ئەخلاقنىڭ پايدىسى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا باشقىلار ئۈچۈن بولىدۇ. بىراۋنىڭ ياخشى ئەخلاقىدىن بارلىق خەلق پايدىلىنىدۇ، نەپلە ناماز ۋە نەپلە روزىنىڭ نەتىجىسى ئاخىرەتتە كۆرۈلىدىغان بولسا، گۈزەل ئەخلاقنىڭ پايدىسى ھەم بۇ دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە ھەم ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا بولىدۇ.

مىللەتلەر ئىسىل ئىستىل سەۋەبىدىن تەرەققىي قىلىدۇ، ئەخلاقى بۇزۇلغانلىقى سەۋەبىدىن ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئاخىرەت ساۋابىنى تېپىشنى مەقسەت قىلغۇچىلارمۇ ئەخلاقىنى گۈزەل قىلىشى كېرەك. دۇنيالىق بەختنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغۇچىلارنىڭمۇ ئەخلاقىنى گۈزەللەشتۈرۈشى زۆرۈر. ئىستىلى، ئەخلاقى تۈزۈك ۋە گۈزەل بولغان مىللەت دۇنيادا شەرتسىز ھالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ.

رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي كەلگەن ۋاقىتدا، دۇنيادا پارسلار ۋە رىملىقلار ھۆكۈم سۈرەتتى. پۈتۈن يەر يۈزى بۇلارنىڭ سايىسىدىن قورقۇپ يۈرەتتى، شۇ زامانغا نىسبەتەن بايلىقى مول، سانائىتى يۇقىرى، ئەسكىرى مۇنتىزىم، بىلىم سەۋىيىسى جەھەتتىمۇ ئۈستۈن بولغان بۇ ئىككى چوڭ مىللەت، ھىجاز تاغلىرىدىن توپلىشىپ چىققان، ھەتتا ئۆشنىسىگە كۆڭلەكمۇ تىكىپ كىيەلمەي، رىداغا يۆگىنىپ يۈرىدىغان ئەرەبلەرگە قارشى تۇرالمىدى. ئەرەبنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، چۆل بۆرىسىدىن قاچقان قويدەك ھەر تەرەپكە قېچىپ تارقىلىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە ئىدى؟ سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، رىملاردا ۋە پارسلاردا ئەخلاق بۇزۇلغان، ئەمما ئەرەبلەر بولسا، ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيي ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەربىيەسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مۇكەممەل ئەخلاقى سىستېمىغا ئىگە ئىدى. بۇزۇق ئەخلاق ياخشى ئەخلاققا قارشى تۇرالمىدى، ئىرانلىقلار ۋە رىملىقلاردىن كېيىنمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تۆھپىسى بىلەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ ناچار ئەخلاق ئۈستىدىن غالىب كېلىشى بىر نەچچە قېتىم تارىخىي تەجرىبىدىن ئۆتتى. دەرۋەقە ھەممىسىدە نەتىجە بىرخىل بولدى. مۇشۇ تەجرىبىگە ئاساسلىنىپ، "گۈزەل ئەخلاقلىق مىللەت بەختىيار مىللەت، بۇزۇق ئەخلاقلىق مىللەت بەدبەخت مىللەت" دەپ ھۆكۈم قىلساق خاتالاشمىغان بولىمىز. ياخشى ئەخلاقنىڭ تۈرى بەك كۆپ بولۇپ، بۇ زاماندا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولغىنى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ توغرىلىق؛ گۈزەل ئەخلاقنىڭ سۇلتانى توغرىلىق، ئادىللىقتۇر. شۇڭا باللىرىڭغا توغرىلىقنى ئۆگەت، توغرىلىق بولسا، ئۇلارغا ھەممە ئارتۇقچىلىقنى ئۆگىتىدۇ، دېيىلىدۇ. توغرا ۋە دۇرۇست بولغان كىشى ئىشەنچلىك بولىدۇ، بىزنىڭ مۇسۇلمان خەلقلەر ۋەدە قىلىشقا بەك قىزغىن بولسىمۇ، تولا ۋاقىتتا شۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالمايدۇ،

ۋاپاسىز ۋە ۋەدىسىز بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ۋەدە قىلماسلىق ۋە ۋاپاسىز دېگەن ناچار نامنى ئالماسلىق لازىم. بىر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈشمۇ ۋاپاسىزلىقتۇر، شۇڭا ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىشقا تىرىشىش، پەلسەپە سۆزلەپ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك، ھەرئىشنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ھەقىقەتتىن بىخەۋەر بولماسلىق لازىم.

2 ـ خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش؛ ئۆز خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش شۇ مىللەتنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتىدۇر. ئۆزىنىڭ خاتالىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىنمۇ تېنىپ تۇرىۋېلىش، تۆزەتمەسلىك ئوچۇقتىن ئوچۇق بىمەنىلىكتۇر. مۇنداق بولۇش، بىرىنچىدىن باشقىلارنى، ئىككىنچىدىن ئۆزىنى ئالداش بولىدۇ. شۇنىسى ئوچۇقكى، خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش ئىنسانلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

3 ـ ئەدەبلىك، جاسارەتلىك بولۇش؛ ئەدەبلىك، جاسارەتلىك دېگەنلىك، ھەرقانداق سۆزنى ئوچۇق سۆزلەش ۋە كۆڭلىدىكى پىكرىنى يوشۇرماي بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بىز مۇسۇلمانلار، پىكىر بايان قىلىشقا توغرا كەلگەندە: «مېنىڭ پىكرىمنى باشقىلار ياراتمايدۇ، كۆڭلىگە ياقمايدۇ» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن، پىكرىمىزنى تولا چاغلاردا بىۋاستە بايان قىلىشتىن تارتىنىمىز، ھەتتا بەزى چاغدا، بىر يەردە بىر تۈرلۈك پىكىر بايان قىلساق، شۇ مەسىلە ھەققىدە ئىككىنچى ئورۇندا يەنە باشقا بىر تۈرلۈك پىكىر بايان قىلىمىز. بۇ پىكىرلەرنىڭ بىرى شۇ يەردە بار كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ سۆزلەنگەن بولسا، ئىككىنچى پىكىر ئىككىنچى مەجلىستىكى يەنە بىر كىشىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن سۆزلىنىدۇ. مەسلىھەت سورىغۇچىلارغا ئۆز كۆڭلىدە بولغاننىڭ تەتۈرىسىنى سۆزلەش خىيانەت بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر “توغرىسىنى ئېيتسام بىراۋنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر كېلىدۇ” دەپ، ئۆز كۆڭلىدە توغرا بولغان ۋە ئۆزى تۈزۈك ھېسابلىغاننى سۆزلىمەستىن، بەلكى مەسلىھەت سورىغۇچىنىڭ كۆڭلىگە مۇۋاپىق بىر پىكىرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىش شەرىئەتتىمۇ ۋە ئەقىل ئالدىدىمۇ ئوپ ئوچۇق خىيانەتتۇر.

4 ـ ۋەزىپىسىنى بىلىش؛ ئىنسان ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆزى بىلىشى، باشقىلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇرماسلىقى كېرەك. بۇ ۋەزىپە مەيلى دىنىي ياكى دۇنياۋى بولسۇن ئوخشاش. بىر مىللەتنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى مۇھىم سەۋەب ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ياۋروپا مىللەتلىرى باللىرىنى مۇشۇ قائىدە بويىچە تەربىيەلەيدۇ ۋە شۇنداق خۇسۇسىيەتنى تەنلىرىگە، قانلىرىغا سىڭدۈرىدۇ. ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلگەن بالا ئۆزىگە تېگىشلىك ئىشنى بىلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئىشلەشكە ئادەتلىنىدۇ، ھېچكىم ئېيتمىسىمۇ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ كېتىدۇ. شۇ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغۇچە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ.

5 ـ ھەقىقەتنى كۆزىتىش؛ ئىشلارنىڭ كۆرۈنگەن تەرىپىنى ئەمەس، بەلكى ئىچكى تەرىپىنى كۆزىتىش لازىم. ئومۇمەن شەرق ئەللىرى گىرىپتار بولغان ئادەتلەرنىڭ ئەڭ ناچىرى خۇشامەتچىلىك، رىيا ۋە نىپاق بولۇپ، بىز بۇنداق ناچار ئىللەتلەرگە پېتىپ قالماستىن، يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. مانا شۇنداق ئىشلارغا ئالدانماسلىق ۋە ئۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك.

6 ـ ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىش؛ بىزنىڭ ئارىمىزدا تارقىلىپ يۈرگەن بەك مەشھۇر سۆزلەردىن بىرى: «ماۋۇ ئىشنى مۇنداق قىلسىلا» دېگەنگە قارىتا، «ماقۇل، بولىدۇ»، دەپ ۋەدە بېرىپ تۇرۇپمۇ، شۇ ئىشنى قىلمايمىز ياكى ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىمىز. بىز مۇسۇلمان مىللەتنىڭ پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۈستۈن سەۋىيىگە چىققان «كاتتا»

ھۇنىرى چاي ـ زىياپەتكە بېرىش ۋە قىچقىرىشىپ مېھمان بولۇشتىن لەززەتلىنىش تۇرۇغلۇق، شۇنى بولسىمۇ ئۆز ۋاقتىدا قىلالمايدۇ، چاقىرىلغان منۇتقا ئەمەس، بەلكى سائىتىگىمۇ رىئايە قىلمايدۇ. دۇنيا بويىچە پويىزلار، پاراخوتلار بەلگىلەنگەن منۇتقا خىلاپلىق قىلماي ماڭىدىغان تۇرۇپ، مۇسۇلمانلار شۇ ئاش، غىزا مەجلىسىگىمۇ ئۆز ۋاقتىدا بارالمايدۇ. بۇلاردا دەقىقە يوق، بۇلار "ۋاقىت ئالتۇن" دېگەن سۆزنى كۆرسىمۇ، ئاڭلىسىمۇ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆز لايىقىدا چۈشىنەلمەيدۇ. «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرماسلىق» دۇنيادا ياشاشنىڭ بىرىنچى شەرتىدۇر، بىر ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قىلىنماسلىقى ناھايىتى كۆپ ئىشنىڭ قىلىنماي قېلىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇقەررەردۇر.

7 ـ سابات ۋە مەتانەت؛ ھەر تۈرلۈك توسالغۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۆزى ھەق دەپ تونىغان پىكىردىن يانماسلىق ساباتۇ ۋە مەتانەتتۇر. سوقرات ئىسىملىك پەيلاسوپ ئۆزى ھەق دەپ بىلگەن نەرسىنى قولىدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن، جېنىنى پىدا قىلدى. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھەززەتلىرى قامچا بىلەن ئۇرۇلغاندىمۇ ئۆز سۆزىدىن يانمىدى. ئەبۇ ھەنىفە ھەززەتلىرىمۇ زىندانغا تاشلاندى. يەنە بىر رىۋايەتتە زىنداندا ۋاپات بولدى ۋە ئىزچىل ھالدا ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇردى، كۈچلۈك پادىشاھلارنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنتمۇ قىلىپ قويمىدى. گاللىلىنىڭ ئىلىم يولىدىكى تەۋرەنمەس مەيدانى مەشھۇر، ئىبنى تەيمىيە ئۆز ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچكەن بولسا، ۋەزىرلەر كۆرمىگەن ھۆرمەتلەرنى كۆرەتتى، لېكىن ئۆز ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆمرىنى دەرۋىشلىك بىلەن ئۆتكۈزدى ۋە تۈرمىدە ۋاپات بولدى.

مانا مۇشۇ ئەھۋاللار ساباتۇ ۋە مەتانەتتۇر. ساباتلىق ۋە مەتانەتلىك ئادەملەر، يۇقىرىقىلارلا ئەمەس، بەلكى بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن ئىپادىلەر بار بولۇپ، دىن ۋە ئىلىم يولىدا جانلىرىنى بەرگۈچىلەر، تۈرمىلەردە ياتقۇچىلار، ئۆز يۇرتلىرىدىن سۈرگۈن قىلىنغۇچىلار ۋە ئۆز تۇرمۇشىدا خاتىرجەم بولالمىغۇچىلارمۇ ساباتلىق ۋە مەتانەتلىك ئادەملەردۇر... ئەبۇزەر ئەلغىفارى، ھەجەر ئىبنى ئەدى ۋە ئۇلاردىن كېيىن، ئىبنى رۇشد ۋە باشقىلارمۇ ھەم مۇشۇ جۈملىدىندۇر. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسلام دۇنياسىدا بۇ قىممەتلىك ئېسىل جەۋھەرلەر تەدرىجىي تۆۋەنلەپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئىشلارنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ: «تەدبىرسىزلىك، يەڭگىلتەكلىك» دېگەندەك ئىسىملار قويۇلدى، گويا مۇسۇلمان بولغان كىشى جانسىز ھەيكەلدەك ھېچ ئىش قىلالماسلىقى، ئۆز پىكرى ۋە مۇھاكىمىسى بولماسلىقى كېرەكتەك كۆرۈنەتتى. تىرىكچىلىك، تۇرمۇش قاتارلىق خەلق ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ھۈنەر ساھەلىرىدە، ئىنتىزام ۋە قانۇن چىقارغۇچىلار ئارىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسمىنىڭ كۆرۈلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا، بۇلارنىڭ ساباتسىز ۋە مەتانەتسىز بولغانلىقى ۋە قارىغۇلاردەك ئۆزى يولنى تېپىپ مېڭىشنى بىلەلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. پاراخوتلار، تۆمۈر يوللار، تېلېگرامما ـ تېلېفونلارنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىگە كېلىشى ئۈچۈن قۇربان بولغان جانلار، چىقىم قىلىنغان بايلىقلار، تۆكۈلگەن تەرلەر ۋە سەرپ قىلىنغان زېھنىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم.

ئەمما مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن بىخەۋەر ياشىماقتا. گەرچە، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دىن ۋە مىللەتكە خىزمەت قىلىش، دۇنيانىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، مال ـــ دۇنيانىڭ چوڭ ياردىمى بار بولسىمۇ، بۇ ئىشلارنىڭ نىگىزلىك سەۋەبى مال ـ دۇنيا ئەمەس، بەلكى يۈرەكلىك ۋە جاسارەتلىك بولۇشتۇر. ئىنسانلار ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەت قىلماستىن جىم تۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش

ئۆچۈن دۇنياغا كەلگەن. ئالغا بېسىش، ھەمىشە داۋام قىلىش بولسا، يۈرەكلىك، مەيدانى مۇستەھكەم بولغاندىلا مۇمكىن بولىدۇ.

8 ـ ئۆزىگە ئىشىنىش (ئۆز كۈچىگە تايىنىش، ئۆز ئىشىنى ئۆزى ھەل قىلىش) ؛ بىزدە ئۆزىگە ئىشىنىش دېگەن خاراكتېرنىڭ ئېزناسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. بىز ھەممە ئىشتا باشقىلاردىن ئۈمىد كۈتىمىز. خۇددى ئەمچەك ئېمىدىغان بالىدەك ياتلارنىڭ قولىغا كۆز تىكىمىز، شۇڭا بىزدە ئارزۇ ـ ئۈمىدتىن ئەسەرمۇ يوق. ئەمەلىي ھەرىكەت تېخىمۇ يوق. ھالبۇكى بۇ دۇنيانىڭ مەنتىقىسى ئۆز كۈچىگە تايىنىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىدا مۇشۇ خىل خۇسۇسىيەت تېپىلمىسا، ئۇ مىللەت پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بۈگۈن ياۋروپالىقلار، ئامېرىكىلىقلار پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولغان، ئىنسانلارنى كۆز ئىشارىتى بىلەن يېتەكلىگەن بولسا، بۇنىڭ سەۋەبى دەل بۇلارنىڭ ئالاھىدە بىر نەسىل بولغانلىقىدىن ياكى باشقىلاردىن ئالاھىدە ئەقىللىق بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ھەر شەخسنىڭ ئۆزىگە تايىنىپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە پۈتۈن مىللىتىنىڭ مەنىۋىيىتىدە مۇستەھكەملىك ھاسىل بولغانلىقىدىندۇر. ھالبۇكى بۇلارنىڭ ئالاھىدە نەسلىدىن ئەمەسلىكى، ھەتتا پەۋقۇلئاددە زېرەك ئەمەسلىكىمۇ ھەممىگە مەلۇم.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ كامىل دەرىجىدە ئىكەنلىكى: ﴿**اجْعَلْنِي عَلَى خَزَائِنِ الْأَرْضِ إِنِّي حَفِيظٌ عَلِيمٌ**﴾ «مېنى زېمىننىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن قانداق باشقۇرۇشنى بىلىدىغان، ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن» دېگەن سۆزىدىن بىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمنى چۈشەنمەستىن شار ـ شۇر ئوقۇپ، تەراۋىھتا خەتمە قىلغاننىڭ ئورنىغا، ئازراق بولسىمۇ چۈشىنىپ ئوقۇپ، كۆپرەك مەنىپەئەتكە ئېرىشىش، بولۇپمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاشۇنداق ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىدىن تەجرىبە ـ ساۋاق ئېلىش ئارتۇقراق ھېسابلانسا كېرەك. مىسىردەك زور بىر ئىمپېراتورلۇقتا شۇنداق بىر سۆزنى سۆزلىگۈچى ئادەم يولىۋاس يۈرەكلىك ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى پىرئەۋننىڭ ئۆز قول چۇماقچىلىرىغا ئىشىنىشىدىنمۇ ئارتۇق بولسا كېرەك. دۇنيادىكى داڭلىق ۋە كاتتا ئادەملەرنىڭ ھاياتى كۆزدىن كەچۈرۈلسە تولىسىنىڭ ئۆز ئۆزىگە ئىشىنىشى كۈچلۈك بولغانلىقى سەۋەبىدىن بەك تۆۋەن ئورۇندىن ئۆسۈپ يېتىشكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۆز زامانىسىدا تىۋپىلىق ئىلمىدا باش دوختۇر بولۇپ ھېسابلانغان ئەبۇ بەكىر ئەررازى بولسا، رەستىدە ئويۇن ئويناپ، كەسىپ قىلىدىغان بىر بالا ئىدى.

مەشھۇر ۋەزىر نىزامۇلمۇلك يېزىدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان بىر دېھقاننىڭ بالىسى ئىدى. مەشھۇر شائىر مۇتەنەببى سۇچىنىڭ بالىسى ئىدى، جەرىر ئىسىملىك شائىرمۇ پېقىر ئادەم ئىدى. ئەرەب ئالىملىرىدىن زەججاج ئىلگىرى چايچىلىق قىلغان، كېيىنچە كىتاب مۇقاۋىلاپ تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن كىشى ئىدى. بۇلار ئۆزىگە ئىشەنگەچكىلا چوڭ ئىشلارغا كىرىشتى، ھېچكىمدىن ياردەم سورىماي ئىشنى ئاداقچە داۋاملاشتۇردى. بۇ ئۇتتۇقلار، يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىشىلەرگىلا خاس بولماستىن، بەلكى ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىپ جاسارەت ۋە يۈرەكلىك بىلەن تىرىشقۇچىلار (ئالىي نىشان ئۈچۈن بېلىنى مەھكەم باغلاپ، تەۋرەنمەي، چېكىنمەي تىرىشقۇچىلار) نىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئالىي نىشانىغا يېتىدۇ. «تىرىشقان تاپار، ئىشكىنى قېقىۋەرگەن كىشى كىرەر.»

9 ـ ئىپپەت (بىنۇمۇس ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلاش)؛ ھەر كىمنىڭ ئەتىۋارى ئۆزىنىڭ ئىپپىتىگە قاراپ بولىدۇ. ئادەمنى پەرىشتىلەر مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدىغان نەرسىمۇ ئىپپەت (ئۆزىنى ساقلاش) بولۇپ، ئادەمنى ھايۋاندىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرىدىغان نەرسە شۇ ئىپپەتسىزلىك (نۇمۇسسىزلىق) تۇر. ئىپپەتلىك بولمىغان كىشى ياخشى

ئىشلاردا ئۈلگە بولالمايدۇ. بىرمۇ ياخشى ئىشتا ئۈلگە بولالمىغان كىشىنىڭ بۇ دۇنياغا كەلگىنىنىڭ پايدىسىمۇ بولمايدۇ. ئىپپىتى بولمىغان كىشىدە ئائىلە مۇھەببىتىمۇ بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە خوشاللىق، راھەتمۇ بولمايدۇ. بۇنداق تىرىكلىكنىڭ (ياشاشنىڭ) نىمە پايدىسى بار؟ نان يەپ، سۇ ئىچىپ يۈرىدۇ، يات خوتۇنلار بىلەن شەرىئەتكە خىلاپ، بۇزۇق ئىشلارنى قىلىدۇ، قىمار ئوينايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى نومۇسسىزلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بىر پاكىز ئادەم سەۋەبىدىن يۈزلەرچە بۇزۇق ئادەم تۈزۈلىدۇ، بۇنىڭغا ئوخشاش بىر بۇزۇق ئادەم سەۋەبىدىنمۇ يۈزلەرچە تۈزۈك ئادەم بۇزۇلۇپ، ئادىمىيلىكتىن چىقىدۇ. ئىپپەتسىز ئادەملەر ئىنسانلار ئۈچۈن بالايىئاپەت، بەلكى يوقاتقۇچ ۋابا كېسىلىگە ئوخشاشتۇر.

10 ـ سەۋرى ـ تاقەتلىك بولۇش؛ ئادەتتىكى كىچىك ئىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، چوڭ ئىشلاردا ئۆزىنى ئۇبدان تۇتۇپ، سوغۇققانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈش «سەۋرى ـ تاقەتلىك بولۇش»تۇر. بۇ خۇي كىشىلەرنىڭ ئەقلى كامىللىقىغا دەلىلدۇر. قىلىشقا باشلانغان ئىش بىرەر توسالغۇغا ئۇچراپ ئاياغلاشماي قالسا، ياكى باغقا بارىمەن دەپ ماڭغان يول تىكەنلىككە كېتىپ قالسا، ئۈمىدسىزلەنمەستىن، بىئارام بولماستىن، بەلكى ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي تېخىمۇ غەيرەتلىك بولۇش لازىم. دۇنيادا ھەممە ئىش ئوڭغىلا ماڭمايدۇ، ھەر بىر ئىشنى ئۆزى خالىغانچە قىلغىلى بولمايدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ ۋەزىپىسى تىرىشىش، سەئى ـ سەۋەب قىلىش، نەتىجىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشتۇر. بۇلاردىن باشقا گۈزەل ئەخلاقلارمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇشبۇ ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن ھەدىسلەرنىڭ تولىسى شەخسى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقتىن ئىبارەتتۇر. مەدەنىيەتلىك بولۇش، زىيالىي بولۇش بولسا، رۇسچە كىيىم كىيىش، شەپكە ـ شىلەپە كىيىش، ياتلار پاسونىدا چاچ قويۇپ، مىللىي قىياپەتنى ئۆزگەرتىشتىن، ئۇستەل ـ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، چوكا بىلەن تاماق يېيىشتىن ئىبارەت ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئەخلاقلارنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. بىز شۇنداق دەپ قارايمىزكى، مەدەنىيەتلىك، زىيالىي دېگەن سۆز شۇنداق ئەخلاققا ئىگە بولغان كىشىلەرگىلا لايىقتۇر.

بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىنى باشقىلاردىن بەكرەك ئۆزۈمنىڭ ئورنۇمنى باسىدىغانلارغا، مەندىن ۋە مېنىڭ ئەسەرلىرىمدىن پايدىلىنىدىغانلارغا ھەدىيە قىلدىم. ئۇلار قوبۇل قىلسا، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم.

## 90 ـ ھەدىس: مۇسىبەت ۋە سەۋر توغرىسىدا

**إِنَّ المَعُونَةَ تَأْتِيْ مِنَ اللهِ لِلْعَبْدِ عَلَى قَدْرِ المُؤَونَةِ، وَإِنَّ الصَبْرَ يَأْتِيْ مِنَ اللهِ عَلَى قَدرِ المُصِيْبَةِ.** (الجامع الصغير)

ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى مۇشەققەت مىقدارىچە كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كېلىدىغان سەۋر دېگەن نېمەتمۇ مۇسىبەت ۋە غەم ـ قايغۇنىڭ مىقدارىچە كېلىدۇ.

بالا ـ چاقىسى كۆپ بولغان بىر كىشىنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىش ۋەزىپىسى يالغۇز ئۇ ئۆز ئۈستىگە يۈكلەنگەنلىكتىن، باشقا بارلىق دۇنيا سورۇقچىلىقلىرىدىن ئارتۇق غەم قىلىشقا ھاجەت قالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ بولىدۇ. شۇنىڭدەك سەۋرمۇ باشقا كەلگەن غەم ـ قايغۇ ۋە سورۇقچىلىقنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ئېھسان قىلىنىدۇ.

بۈگۈن ياۋروپا خەلقلىرىدە ئەۋج ئالغان «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش»تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ سەۋەبىمۇ «ئۈمىدسىزلىك»تىن كېلىپ چىققاندۇر. ئەگەر بىر كىشىگە «ئۆمرۈڭدە بىرلا دۇئايىڭ مەقبۇل بولىدۇ» دېگەندەك ئۇخشاش ئۈمىدسىزلىككە تولغان بىر سۆز دېيىلسە، بۇ سۆزگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەستىن، ئۈمىدسىزلىكتىن پاناھ تىلەش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلاشنى ئاللاھتىن تىلەش لازىم.

"ئۈمىدسىزلىنىش"نىڭ تولىمۇ ناچار روھىي كەيپىيات ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ ھەدىس شەرىپ مۇسۇلمانلارنى ئۈمىدسىزلىكتىن ساقلىنىشقا ۋە قولىدىن كېلىشىچە ھەمىشە ئۆز ۋەزىپىسىنى لايىقىدا ئادا قىلىش ئۈچۈن بەنت بولۇشقا دەۋەت قىلغان بولسا كېرەك. قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتى مۇشۇدۇر. ئەرەب شائىرلىرىدىن بىرى سەۋر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

| | |
|---|---|
| **إِذَا مَاأَتَاكَ الدَهْرُ يَوْمًا بِنَكْبَةٍ** | **فَافْرُغْ لَهَا صَبْرًا وَوَسِّعْ لَهَا صَدْرًا** |
| **فَإِنَّ تَصَارِيفَ الزَمَانِ عَجِيْبَةٌ** | **فَيَوْمًا تَرَى يُسْرًا وَيَوْمًا تَرَى عُسْرًا** |

تەرجىمىسى: «زامان ساڭا سالسىمۇ جاپا، سەۋر قىل، چىدا، شىكايەت قىلما، ھەرخىل ـ ھەر رەڭلىك، بۈگۈنى ھالاۋەت، ئەتىسى موشەققەت بىلەن تولغان ئاجايىپ زامان بۇ.

﴿**فَإِنَّ مَعَ العُسْرِ يُسْرًا إِنَّ مَعَ العُسْرِ يُسْرًا**﴾ «ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار. ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار.»

## 91 ـ ھەدىس: ئاتىسىدىن يۈز ئۆرۈشنىڭ يامانلىقى توغرىسىدا

**إِنَّ مِنْ أَعْظَمُ الفِرَى أَنْ يَدَّعِيَ الرَجُلُ إِلَى غَيْرِ أَبِيْهِ، أَوْ يُرِي عَيْنُهُ مَا لَمْ تَرَ، أَوْ يَقُولَ عَلىَ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيهِ وَسَلَّم مَا لَمْ يَقُلْ.** (رياض الصالحين)

يالغانلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئۆزىنى ئۆز دادىسىدىن باشقا كىشىگە مەنسۇپ قىلىش ياكى كۆرمىگەن چۈشىنى كۆردۈم دەپ سۆزلەش ۋەياكى رەسۇلۇللاھ دېمىگەن سۆزنى "رەسۇلۇللاھ دېدى" دېيىشتۇر.

بىرسى، يۈز ئابرۇيلۇق ئائىلىلەرگە يېقىنلىشىش ئارقىلىق دۇنياۋى پايدا-مەنپەئەت كۆزلەش ياكى ئېرىشىش، ئەمەلىيەتتە مىراس ئېلىشقا ھەققى بولمىسىمۇ، بىركىمدىن مىراس ئۈندۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە ئۆزىنى باشقا كىشىنىڭ ئائىلىسىدىن قىلىپ كۆرسىتىشى مۇمكىن. (ئۆزىنىڭ دادىسى ئەھمەد بولسىمۇ، مېنىڭ دادام مەھمۇد دەپ تونۇۋېلىشى مۇمكىن).

بىر ئوچۇم پەس ئادەملەر خەلقنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئىگە بولۇۋېلىش ۋە مۆتىۋەر قاتارىدا تۆردىن ئورۇن ئېلىش مەقسىتىدە ھەزرىتى پاتىمە ئەۋلادى (سەييىد ئەۋلادى) بولىۋالىدۇ. بۇ ھەدىس بولسا، شۇ خىلدىكى پەس كىشىلەرنىڭ سەت قىلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. يەنە بىر قىسىم پەس، يالغانچى ئادەملەر بولۇپ، ئويغاق ھالىتىدە سۆزلىگەن يالغانلىرىنى ئاۋامنىڭ بىر قەدەر ئاسان پەرق ئېتەلەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، كۆپىنچە ئوچۇق-ئاشكارا يالغان - ياۋىداق سۆزلەشتىن ساقلىنىدۇ، نورمالدا چۈشىدە كۆرگەنلەرنى ئاۋامنىڭ پەرق ئەتمىكى تەس بولىدۇ. بۇنى بىلىدىغان بۇ خىل كىشىلەر ئاۋامنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئالدايدۇ، خۇسۇسەن بىر قىسىم كىشىلەر چۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا، كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۈم دەپ يالغان ئېيتسا، خەلقنىڭ ئالدىنىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. چۈشىدىكى ئىشلارنى ئېيتىپ ئالداشنىڭ گۇناھىنىڭ ئويغاق ھالەتتىكى ئىشلار بىلەن ئالداشنىڭ گۇناھىدىن چوڭراق بولۇشى مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

بەزى كىشىلەرنىڭ بەزى چۈشلىرى راست بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭغا قاراپ چۈشلەرگە يۆنىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھۆكۈم چىقىرىش توغرا ئەمەس. مەيلى چوڭ ئالىم ياكى دۇنيا مەئىشىتىدىن يۈز ئۆرىگەن بىر زاھىت بولسۇن، رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن ئوچۇق كۆرسىتىلگەن شەرىئەتكە خىلاپ ھالدا كۆرگەن چۈشىگە ئەمەل قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ھەتتا شەرىئەتكە مۇۋاپىق كۆرگەن چۈشلەرگىمۇ ئەمەل قىلىش توغرا بولمايدۇ (چۈش بىلەن شەرىئەت ھۆكمى سابىت بولمايدۇ.) شۇڭا چۈشىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى سۆزلەپ يۈرۈش ئانچە ياخشى ئىش ئەمەس. بۇنىڭدىن تېخىمۇ يامانراق بولغىنى كۆرمىگەن چۈشنى "كۆردۈم" دەپ سۆزلەپ يۈرۈشتۇر. بۇ ھەدىس شۇنىڭغا خىتاب قىلىدۇ.

ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەخسۇس غەرەزلەر بىلەن كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۈم دەپ، يالغان چۈشنى كەسىپ قىلغۇچىلارنىڭ بارلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. چاي ئىچىپ ئولتۇرغان يەردە بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپ تۇرۇپلا چۈش كۆرۈپ يۈرگەن بىر ئادەمنى بىلىدىغانلىقىنى ئىشەنچلىك بىر ئادەمدىن ئاڭلىدىم. ھەر ھالدا يالغاندىن چۈش ئۆرۈپ يۈرگۈچىلەر ۋە كىشىلەر ئۇچۇن ئىستىخارە قىلغان ۋە چۈش كۆرگەن كىشى بولۇپ يۈرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھەدىس شەرىپىنىڭ ھۆكمىگە قارىغاندا، يالغان توقۇغۇچىلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بىر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا ئىستىخارە قىلىش (ئاللاھتىن ئىشلارنىڭ ياخشىراقىنى تاللاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش) لازىم. «ئىستىخارە قىلغان كىشى نائۈمىد قالمايدۇ، مەسلىھەت سوراپ ئىش قىلغۇچى پۇشايمان

قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال تۇرمۇش كەچۈرگەن كىشى كەمبەغەللىكتە قالمايدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. لېكىن ئىستىخارە ئۇخلاپ چۈش كۆرۈش ئەمەس، بەلكى ناماز ئوقۇش ھارام بولمىغان ۋاقىتتا، ئىستىخارە نىيىتى بىلەن نەپلە ناماز ئوقۇش، نامازدىن كېيىن دۇئا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇ يوسۇندا ئىش قىلىش ھەققىدە ئىمام بۇخارى، تىرمىزى ۋە باشقا ئىشەنچلىك مۇھەددىسلەر ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىستىخارە قىلغاندا ئۇخلاش ۋە كۆرگەن چۈشىگە ئاساسلىنىپ ئىش قىلىش لازىملىقى توغرۇلۇق مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرىدا ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇسنەدىدە بىرمۇ ھەدىس كۆرگىنىمىز يوق. بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆگەتكەنلىكىنى، ساھابە ۋە سەلەپلەردىن ئەسەر قالدۇرۇلغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. بەلكى ساھابىلەر زامانىسىدىن كېيىن پەيدا بولغان بىدئەتلەردىن بىرسى دەپ گۇمان قىلىمىز.

بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بەزىبىر ئىشانلار ئۆزىگە مۇرىد بولغىلى كەلگەن كىشىلەرگە دەسلەپتە ئىستىخارە قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. «ناماز ئوقۇتۇپ، دۇئا قىلىپ ئۇخلىتىدۇ ۋە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلىتىپ ئۆزى بىلگىنىچە تەبىر بېرىدۇ.» ئىستىخارە قىلدۇرغۇچى دېگەن ئىسمدا ياردەمچى بولىدۇ. بۇ ئادەم مۇرىتلىرى ئارىسىدا ئۆزىنى ھىندىستان براھمانلىرى (لامالىرى) ئورنىدا تۇتىدۇ. شۇنداق براھمانلاردىن بىرىنى بەك ئۇزۇن گەپ قىلدۇرۇپ، نۇرغۇن گەپلىرىنى ئاڭلىغانىمدىن.

يىگىرمە يىل شۇ ۋەزىيىتى ئۆتەپ تۇرۇپ، بىرمۇ كىشىنىڭ كۆرگەن چۈشى مەقبۇل بولماي قالمىغانلىقىنى، ھەتتا چۈش كۆرەلمەيدىغانلارنىڭمۇ زۆرۈرىيەتكە ۋە ياخشى گۇمانغا ئاساسلىنىپ، ئۆمرىدە بىر قېتىم كۆرگەن چۈشىنىڭ ئىشقا يارىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇلار ھەدىستىكى: ‹‹ئىستىخارە، ئۇخلاش ۋە چۈش كۆرۈش ئەمەس›› دېگەن سۆزگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

ئۆزىنىڭ شەيخلىرىدىن مىراس بولۇپ قالغان ئادەتلىرىنى تاشلاشقا رازى بولمايدۇ. ﴿**كُلُّ حِزْبٍ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ**﴾ «ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشالدۇر»[33]

ھەدىسلەردىكى: «رەسۇلۇللاھ ھەر بىر ئىشتا ئىستىخارە قىلىشقا بۇيرۇيتتى» دېگەن سۆزدىن مەقسەت ياخشى ياكى يامانلىقى بىلىنمىگەن ئىشلاردۇر. ياخشىلىقى ياكى يامانلىقى شەرئى دەلىل بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇلغان ئىشلار توغرىسىدا ئىستىخارە قىلىشقا بولمايدۇ. ھاراق ئىچىش ياكى ناماز ئوقۇش توغرىسىدا ئىستىخارە قىلىشقا ھاجەت يوق. ئىستىخارىگە قارىتا ئادەملەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، ياخشىلىقى ئاشكارا، يامانلىقى ئاشكارا ياكى ياخشى ـ يامانلىقى ئېنىق بولمىغان ئىش دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. (بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسىدە ئەمەس، ئۈچىنچىسىدە ئىستىخارە قىلىش كېرەك).

بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن ئالىملىرى، ئۇخلىماي چۈش كۆرىدىغان كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن دەيدۇ. ئۇخلاپ كۆرگەن چۈشىدە ئاز ۋاقىتتا ئۇزۇن ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەندەك، ئويغاق كىشىلەرمۇ بىر مىنۇت ۋاقىتتا بەك ئۇزۇن چۈش كۆرۈۋالايدۇ. ئىلىم ـ پەن كۆپىنچە چاغلاردا، مۇشۇنداق ئويغاق ھالەتتە كۆرۈلگەن چۈشلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئىلىملىك كىشىلەر ھەيران قالغان، ئەتىۋارى يوق، بىتايىن ئادەملەرنىڭ كۆرگەنلىرىنى ‹‹سېھىر››، پاكىزە، دىنغا مۇستەھكەم ئادەملەرنىڭ كۆرگەنلىرىنى "كارامەت"، "كەشپ" دېيىشكە مەجبۇر بولغان. ئاۋام خەلق تەرىپىدىن ‹‹كارامەت›› ئىسمى بېرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ تولىسى ئويغاق ھالەتتە كۆرۈلگەن چۈشلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

---

[33] مۆمىنۇن سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

ئۆز تونۇشىدا راست سۆزلەيدىغان پاكىزە بىر ئادەم لوندوندىن ئۇچۇپ ئالجىرىيە ئۈستىدە يۈرگىنىنى ۋە ئالجىرىيە شەھىرىنىڭ دېڭىزى ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەرسە، بۇ ئىش ئەمەلىيەتتە بولغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئويغاق ھالەتتە كۆرگەن چۈشتۇر. ئەگەر شۇنداق سىر بۇرۇنقى زاماندا بىلىنگەن بولسا ئىدى، ئوخشاش كۈن ۋە ئوخشاش سائەتتە ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەمنىڭ كۇفەدە ۋە مەككىدە كۆرۈنۈشىنى راست دېگۈچىلەرنى كاپىر دېيىشكە ھاجەت قالمىغان، بەلكى ئۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئويغاق ۋاقتىدىكى چۈشى دېيىشكە بولاتتى.

شەيخلەرنىڭ كەبىگە كېلىپ زىيارەت قىلىشى، خىزىر پەيغەمبەرنى ۋە رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنى مۇشۇ دۇنيادا كۆرىشى، بۇ ئالەمدىن باشقا ئالەمگە چىقىپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىشى، سۇغا چۆمۈپ چىققاندىن كېيىن باشقا شەھەرگە بېرىپ خوتۇن ئېلىشى ۋە بالىسى بولۇشى، ئاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم سۇغا چۆمۈلۈپ چىقسا، ئۆزىنى بۇرۇنقى كىيىملىرى قېشىدا كۆرىشى (رىۋايەتلەر راست بولغان تەقدىردىمۇ) شۇنداق چۈشلەردىندۇر.

ئىسلام دۇنياسىدا ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى ئىبنى ئەرەبىي، ئىبنى فارىز ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئادەملەردۇر. ئىبنى فارىزنىڭ قىسقا مۇددەتتە مەككە، مەدىنىگە بېرىپ كېلىشىمۇ ئويغاق ھالەتتە كۆرگەن چۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇنداق ئەھۋال بۈگۈنكى ياۋروپادا بەك كۆپ ۋە ھەر كۈنى نۇرغۇن يېڭى ئىشلار يېزىلىپ تۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئېيتمىغان سۆزلەرنى «رەسۇلۇللاھ ئېيتتى» دېيىش شەرىئەتنى بۇزۇشقا سەۋەب بولغانلىقتىن، تۆھمەت ۋە گۇناھ بولىدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمدۇر.

# 92 ـ ھەدىس: شېرىكتىن ساقلىنىش توغرىسىدا

**إنَّ مِنْ أَكْبَرِ الكَبَائِرِ الشِّرْكُ بِاللهِ، وَعَقُوقُ الوَالِدَيْنِ، وَاليِمِيْنِ الغَمُوسِ، وَمَا حَلفَ حَالِفٌ بِالله يَمِيْنٌ صَبَرا فَأَدْخَلَ فِيْهَا مِثْلَ جَنَاحِ بَعُوضَةٍ إِلا جَعَلَتْ نُكْتَةً فِيْ قَلْبِهِ إِلَى يَوْمِ القِيَامَةِ".** (الدر المنثور في التفسير بالمأثور)

چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرى: ئىبادەتتە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى رەنجىتىش، يالغان قەسەم ئىچىش، قازى ئالدىدا يالغان قەسەم قىلىش ئارقىلىق كىشىدىن چىقىنىنىڭ قانىتىچىلىك بىر نەرسە ئالسا ياكى كىشىنىڭ شۈنچىلىك ھەققىنى بەرمەي ئېلىپ قالسا، ئاللاھ تائالا شۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە قىيامەتكىچە يوقالمايدىغان بىر قارا داغ سالىدۇ.

ئاللاھ تائالاغا قىلىنىدىغان ئىبادەتنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلماي، باشقا بىرىنى ئاللاھ بىلەن تەڭ ۋە ئۇلۇغ بىلىپ بىللە ئىبادەت قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھلىقىنى ئەقىل بىلەنمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىنى رەنجىتىش شېرىك بىلەن تەڭ بولمىسىمۇ، شېرىكتەك چوڭ گۇناھ، ھەممە چوڭ گۇناھلارنىڭ چوڭراقىدىندۇر. ئاللاھ تائالا: ﴿**وَقَضَى رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِنْدَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُلْ لَهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا * وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنْ الرَّحْمَةِ وَقُلْ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا**﴾ يەنى «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ، ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى ماللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن، ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنىڭ مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگەندەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن› دېگىن».[34] دەپ ئاتا ـ ئانىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ روھىغا قارىغاندا، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى ۋە ھۆرمىتى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىر قاتاردا سانىلىشىمۇ، ئۇلارنى رەنجىتىشنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەندەك قەبىھ قىلمىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، خەلقنىڭ دېگىنىدەك، بالىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ بالىنى كىچىك ۋاقتىدا باققانلىقى ۋە چوڭ بولغاندىمۇ بالىلىرىنى داۋاملىق ئۆز جېنىدەك قوغداپ كۆيۈنىدىغانلىقىدىندۇر.

ئادەم بالىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ "نېمەت" ۋە "رەھمەت" ئىكەنلىكى دۇنيادىكى چاغدا ئوچۇق بىلىنسە ئىدى، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھۆرمىتىنىڭ چوڭ بولۇشىنىڭ سەۋەبى "ئۇلارنىڭ بالىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولغانلىقى" دېيىش توغرا بولار ئىدى. لېكىن بۇ ئىش دۇنيادىكى چاغدا مەلۇم بولمايدۇ. ھەتتا گۇمانلىق ھالىدىمۇ بىلىنمەيدۇ. بارلىققا كېلىشىنىڭ ئۆزى خاس ياخشىلىق ئىكەنلىكىنى ھىندىستان، يۇنان ھەم بۈگۈنكى ياۋروپا پەيلاسوپلىرىدىن «ۋەھدەتۇلۋۇجۇد»قا قايىل بولغۇچىلار دەۋا قىلىدۇ. ئەگەر «ۋەھدەتۇلۋۇجۇد» نەزەرىيەسىگە ئىشەنسەك ئىدۇق، بىزمۇ "دۇنياغا كېلىشنىڭ ئۆزى ياخشىلىق" ئىكەنلىكىگە ئىقرار بولار ئىدۇق، لېكىن بۇنىڭغا ئىشىنىشتىن دىنىمىز ۋە ئىمانىمىز توسىدۇ.

[34] ئىسرا سۈرىسى 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

دەرۋىشلەردىن بىرىنىڭ بۇ نۇقتىغا مۇناسىۋەتلىك جۈملىلىرىنى نەقىل كەلتۈرىمىز. سۆزى توغرىمۇ ياكى خاتامۇ ئۇنىڭغا بىز ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىلار ئۆزى تەكشۈرۈپ ھۆكۈم قىلىدۇ: «دۇنياغا كەلگىنىمگە ئەمدى قەمەرىيە ھېسابى بىلەن 58 يىل بولدى. مۇشۇ مۇددەتتە ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ، باشقىلار ئۈچۈنمۇ بىر تىيىنلىق مەنپەئەتىم كۆرۈلمىدى. بۇ ئۇزۇن ئۆمرۈمدىكى بارلىق مەھسۇلاتىم، ئاش ـناننى قىممەتلەشتۈرۈش ۋە ھاۋانى بۇزۇپ يۈرۈش (نان يەپ، قاچا بىكارلاش، تەرەت سۇندۇرۇش) تىن، يول ۋە پىكىرلەرگە قارشى بولغىنىم ئۈچۈن، زامانەم ئادەملىرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. زامانەم كىشىلىرى مېنى بىلىمسىز، دىنسىز، دەھرى ۋە زىندىق (دىندىن چىققۇچى) دەپ سۆكتى، خرىستىئان موللىلىرىغا سېتىلغان دەپ ئىغۋا تارقاتتى. بولارغا گەپ قىلمىدىم، تاقابىل تۇرمىدىم، ئەھۋالىمنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. بىر كۈنى ھەق ئاشكارا بولار دەپ، چىداپ تۇردۇم. ھەتتا ئۇلارنىڭ نىيىتى توغرىدۇر، ئۆزرىسى باردۇر دەپ، ئازراقمۇ يامان دۇئا قىلمىدىم (قاغىمىدىم)، ئۇلارنىڭ ئوسال مۇئامىلىلىرىنى ياخشىلىققا بۇراپ تۇردۇم، لېكىن مەن ئۈمىد قىلغان ھەقىقەت ئاشكارا بولمىدى. پۈتۈن يامان ئاتالغۇلار ئۈستۈمگە يۈكلىنىپ قالدى. دۇنياغا كېلىپمۇ بىر كەملىكنى پۈتتۈنلىيەلمىگەن ئىدىم، دۇنيادىن كېتىشىم بىلەنمۇ بىر ئورۇن بىكار بولىدىغاندەك ئەمەس، پۈتۈن تەرجىمىھالىم "كەلدىيۇ كەتتى، ئىزى قالمىدى" دىن ئىبارەت بولدى. ئۆمرۈم بويىچە ئاللاھقا يارىغۇدەك ئىش قىلمىدىم، ياخشى كىشىلەردىن ئوبدان دۇئامۇ ئالالمىدىم، بەندىلەرگە پايدام يەتمىدى. شۇنداق بولغاچقا دۇنياغا كېلىشىمدە ۋە ئۆمۈر كۆرۈشۈمدە نېمە مەنە بار؟ ئانامدىن سەككىزىنچى بالا بولۇپ دۇنياغا كەلگەنىدىم، ئانام مەندىن چوڭ ئىككى قىزنى ھارۋىغا سېلىپ توينى قىلىپ بەرگەن ۋە بەك ئىشچان ئائىلىگە كېلىن بولۇپ خىزمەت قىلغان. قېيىن ئاتا ۋە قېيىن ئانىلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ۋە دەككە ـ دەشنەملىرى ئاستىدا ئېزىلىپ، بېشىنى قەيەردە قويۇشنى بىلمەي يۈرگەن، ئېغىر مۇشەققەت ۋە جاپالارغا مۇپتىلا بولغان دادام بىلەن ئانامنى، مېنى ئارزۇ ـ ئارمانلاپ تۇغۇپ باققاندۇ دەپ ئويلىمايمەن، بەلكى ئۇلارنىڭ تىلىمەسلىكى ۋە ياخشى كۆرمەسلىكىگە قارشى دۇنياغا كەلگەنمەن ۋە بۇ بالا ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ بولاتتى، دېگەن ئارزۇلارغا قارشى دۇنيادا ياشىغانمەن ۋە ئۆسكەنمەن، مەندىن بۇرۇن تۇغۇلغان باللىرىنىڭ تۇغۇلغان تارىخىنى ئۆزىنىڭ مەخسۇس دەپتىرىگە يېزىپ تۇرغان بولسىمۇ، دادام مېنىڭ دۇنياغا كەلگىنىمنى يازمىغان. بۇ مېنى خاتىرجەم... بەربىر ئۆلەر، بۇنى نېمىشقا يازاتتىم" دېگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ئەمدى مۇشۇنداق ئۆتكەن ھاياتىمنى ۋە مۇشۇنداق ۋەزىيەتتىكى ئۆمرۈمنى قانداقمۇ "نېمەت" ھېسابلاپ، بۇنداق نېمەتكە چۆمگىنىم ئۈچۈن ئاتا ـ ئانامدىن مىننەتدار بولۇشۇم كېرەك دەپ ئىشىنىمەن؟ بەلكى پۈتۈن ئۆمرۈم دۇنياغا كەلگىنىمگە قايغۇرۇپ ئۆتتىدۇ. ماڭا قىزىل ۋە چېچەك چىققانلىقىنى بىلىمەن، 22 يېشىمدا تېرە كېسىلى بولۇپ، ئۆلۈم ئالدىغا بارغانمەن، شۇ چاغدا دۇنيادىن كەتكەن بولسام، چوقۇم گۇناھىم ئازراق ۋە ئۆز ئۆزۈمگە قىلغان جىنايىتىم كەمرەك بولغان بولاتتى. دۇنياغا كېلىشىمدە، كىچىكلىكىمدە ئۆلۈپ كەتمەسلىكىم مېنىڭ ئىختىيارىمچە بولمىدى. بۇ نۇقتىدا ئامالسىزمەن، ئەمدى نېمىشقا ئۆيلەندىم، نېمىشقا ئائىلە قۇردۇم، بۇنىڭغا كۆرستىدىغان باھانەم ۋە ھىلەم يوق. ئەخمەقلىق قىلدىم. ئۆزۈم ئۈچۈن جاۋاب بېرىشكە كۈچۈم يەتمەيدىغان تۇرۇپ، بىرمۇنچە جانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدۇم. بۇلارنىڭ نەچچە خىل جاپا ۋە قىيىنچىلىق تارتىشىغا سەۋەبچىمەن. مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ئويلاپ ھەسرەتلىنىمەن، غەم ـ ئەندىشە دېڭىزىغا چۆكۈپ كېتىمەن ۋە: "ئى ئاللاھ نېمىشقا مېنى دۇنياغا كەلتۈردۈڭ، كەلتۈرگەن بولساڭ، نېمىشقا گۇناھ ئىش قىلمىغان چېغىمدا جېنىمنى ئالمىدىڭ، ھېچ بولمىغاندا شۇ تېرە كېسىلى بىلەن ئۆلۈمگە ھازىرلانغان چېغىمدا نېمىشقا دۇنيادىن كەتمىدىم، بۇنىڭدا نېمە ھېكمەتلىرىڭ بار ئىدى. قاچانغىچە دۇنيانى كاشىلا قىلىپ يۈرىمەن" دەپ ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىمەن.

أَلا موت يُبَاعُ فَاشْتَرِيْهِ فَهَذَا العَيْشُ مَالاَ خَيْر فِيْهِ

أَلا موت لَذِيْذُ الطَعْمِ يأْتِي يُخْلِصُنِيْ مِنَ العَيْشِ الكَرِيْهِ

‶ئۆلۈمنى سېتىۋالغىلى بولسا ئالار ئىدىم، چۈنكى بۇ تىرىكچىلىكتە ياخشىلىق يوق، تاتلىق ئۆلۈم كېلىپ، مېنى ئۇسال تىرىكچىلىكتىن قۇتقۇزۇپ قويغان بولسا ئىدى″ دەپ زارلىنىمەن ۋە بەزى چاغلاردا ئۆكسۈپ يىغلايمەن. مۇنداق پالاكەتلىك ۋە بەختسىزلىككە ئۇچراشقا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران بولۇپ ئولتۇرىمەن، بۇ دۇنيا چوڭ دوۋزاخ بولمىسىمۇ، كىچىك ئوت ئىكەنلىكىنى ھەركىمنىڭ بىلىشى لازىم ئىدى. لېكىن ئادەم بالىسى ھەر تۈرلۈك مۇشەققەتلەرگە ئۆگىنىپ قالىدۇ ۋە ئادەتلىنىدۇ. مىليونلارچە ئادەملەر چۆل ۋە تاغلاردا ئىشلەيدۇ. كاتتا ۋەزىر ـ مىنىستىرلار، ھەتتا پادىشاھلار تۈرمىلەردە ياتىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار ئۆزىنىڭ مۇسىبەتلىرىنى، پاراكەندىچىلىكىنى بىلىپ تۇگىتىپ بولالمايدۇ. ئىبنى ئەرەبىنىڭ «دوزاخقا كىرگەنلەر بار ـ بارا ئازابنى سەزمىگىلى باشلايدۇ»[35] دېيىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ بولسا كېرەك. ئەمدى مۇشۇنداق دۇنياغا كېلىش قانداق رەھمەت بولسۇن؟ ئۇنىڭغا كېلىشكە سەۋەب بولغۇچىلارنىڭ قانداق چوڭ ھەقلىرى بولسۇن؟ توغرىسى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكى سەۋەبىدىن يوقلۇق جەننىتىدىن ھەيدىلىپ چىقىپ: ﴿**لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ فِي كَبَدٍ**﴾ دېگەن ئايەتكە توغرا كېلىپ، دۇنيا دوزىخىغا كېلىدۇ. «مۇخلىسلار» دەپ ئايرىلغانلاردىن باشقىلارنى (كۆپچىلىك ئادەملەرنى) ئاخىرەت دوزىخى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ﴿**وَلَعَذَابُ الْآخِرَةِ أَشَدُّ وَأَبْقَى**﴾ «ئاخىرەتتىكى ئازاب قاتتىق ۋە داۋاملىقتۇر.» بەلكى شۇنداق ئەھۋاللارنى ئويلىغاندىن كېيىن، ئەبۇلئەلا مەئەررى ئۆزى ھەققىدە:

**هذا جناه أبي علي          ولم أجن على أحد**

‶بۇ دادامنىڭ قىلغان جىنايىتى، مەن بىرسىگە يامانلىق قىلمىدىم″ دەيدۇ ۋە بۇ دۇنياغا كەلمىگەن باللىرى ۋە نەۋرىلىرى ھەققىدە:

**وَأَرَحت أَوْلَادِيْ فَهُمْ فِيْ نعمة ال          عَدَمُ الَّتِيْ فضلت نَعِيْم العَاجِل،**

**وَلَوْأَنَّهُمْ ظَهَرُوا لَعَانُوا شِدَّةً          تَرْمِيْهِمْ فِيْ مُتلفَاتٍ هُوَ آجِلٌ**

‶پەرزەنتلىرىمگە راھەت بەردىم، ئۇلار ئارتۇق نېمەت، نەق راھەت بولغان يوقلۇقتىدۇر. ئەگەر ئۇلار دۇنياغا كەلسە، قىيىنچىلىق تارتىدۇ. ئۇلارنى كېيىنكى ھالاكەتلەرگە ئېتىپ تاشلايدۇ″ دېيىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن كېيىنرەك ئاتا ـ ئانام مېنى ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنى بىلەن يۆگەپ باقتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدە بولغان ياخشىلىقى بەك چوڭ» (دەرۋىشنىڭ سۆزى تۈگىدى).

دۇنيادا نىيىتى ناھايىتى توغرا كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. سۆزىمىز ناھايىتى ئاز ساندىكىلەرگە ئەمەس، بەلكى كۆپچىلىككە قارىتىلىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بالا ئەخلاق كىتابلىرىدا يېزىلغان نىيەت ـ مەقسەتلەردىن بەكرەك نەپسى ـ ئارزۇسىنى قولغا كەلتۈرۈش سەۋەبىدىن دۇنياغا كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بالىنىڭ بولۇشىنى تىلىمەيلا قالماستىن، بەلكى بولماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ، بالا بولماسلىقى ئۈچۈن چارىمۇ قوللىنىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، يەنى ئاتا ـ ئانىنىڭ نىيىتىگە قارشى ھالدا دۇنياغا كەلگەن بالا ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا قانداق ياخشىلىق قىلغان بولىدۇ.

---

[35] الفتوحات المكية 2 ـ توم 251 ـ بەت.
ئىبنى ئەرەبىنىڭ بۇ قارىشىنىڭ ناتوغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئارتۇقچە دەلىل — پاكىتقا كېرەك بولمىسا كېرەك. ئازابلانغۇچى ئازابنى سەزمەس بولۇپ قالغىنىدا، ئاللاھ ئۇنىڭغا نېمىشقىمۇ جازا بەرسۇن؟! ـ تەھرىر.

بۇ ئۇزۇن گەپلەردىن مەقسەت بولسا، ئاتا ئانىنىڭ خىزمىتى چوڭ بولۇشىنىڭ سەۋەبى بالىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئايەت كەرىمىگە قارىغاندا بالىنىڭ تېنىنى، روھىنى قېتىرقىنىپ ئۆستۈرگەنلىكى، ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىكى، ئۆز جېنىدەك ئامراق بولغانلىقىدىن ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. ھەقىقەتتە ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇ ھەقتە خىزمىتى بەك چوڭ بولۇپ، بۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپ جاۋاب قايتۇرۇش زادىلا مۇمكىن ئەمەس.

«سەۋر قەسىمى»، «غەمۇس قەسىمى» قاتارىغا كىرسىمۇ، ئۇبدانراق ئۇقۇلسۇن ئۈچۈن قايتا تەكىتلىنىدۇ. بۇ ھەقتىكى «ۋەئىد» يەنى ئازاب ۋەدىسى، تەۋبە قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەن كىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەگەر چىن يۈرىكى بىلەن پۇشايمان قىلىپ يانسا، مەزكۇر قارا داغنىڭ يوقىلىشى مۇمكىن.

قەسەم دېمەك، بىر گەپنىڭ راستلىقىغا ئاللاھ تائالانى گۇۋاھ قىلىش بولۇپ، تۆۋەندىكىلەرگە ئايرىلىدۇ.

1 ـ غەمۇس ـ ئۆتكەن زاماندا بولغان ياكى بولمىغان بىر ئىش توغرىسىدا بىلىپ تۇرۇپ يالغان قەسەم قىلىش؛ يۇقىرىقى ھەدىستە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ خىل قەسەم چوڭ گۇناھلاردىندۇر. «غەمۇس» گۇناھقا ياكى ئوت ئازابىغا چۆمدۈرگۈچى دېگەن بولىدۇ. مۇنداق قەسەم، قەسەم قىلغۇچىنى گۇناھقا شۇڭغۇتقىنى ئۈچۈن «غەمۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداق قەسەم قىلىپ سالغان كىشى تەۋبە قىلىپ، ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى لازىم. بۇنىڭغا كەففارەت بەرگەننىڭ پايدىسى يوق.

2 ـ لەغۋى (ئورۇنسىز قەسەم) ــــ ئۆتكەنكى بىر ئىش توغرىسىدا  گۇمان بىلەن قەسەم قىلىش؛ مەسىلەن، ئابدۇللاھقا قەرزىمنى بېرىپ بولدۇم دەپ ئويلاپ، گۇمانىغا ئاساسەن «بېرىپ بولدۇم» دەپ قەسەم قىلىدۇ ياكى ئابدۇللاھقا بەردىم دەپ ئويلاپ باشقا كىشىگە بېرىپ سالىدۇ. ئاندىن ئابدۇللاھقا بەردىم، دەپ قەسەم قىلىدۇ. بۇنداق قەسەمنىڭ ئەپۇ قىلىنىش ئېھتىمالى بار.

3ـ مۇنئەقىد ــــ قىلىدىغان بىر ئىش توغرىسىدا قەسەم قىلىدۇ ـ يۇ، شۇ سۆزىدە تۇرالماي قەسەم بۇزۇلىدۇ؛ بۇنىڭغا كەففارەت (قەسەمنىڭ گۇناھىنى ئۆچۈرگۈچى ئىش) لازىم بولىدۇ. قەسەم قىلىش، قەسەمنى بۇزۇش مەيلى ئىختىيارى ياكى مەجبۇرى بولسۇن، بەرىبىر ئوخشاش، پەرقى يوق. كەففارەت ئەڭ ئاز بولغاندا، ئون يوقسۇل ئادەمگە كىيىم بېرىش، ياكى ئون مىسكىن (ئۆي ماكانىمۇ، ئىقتىسادىمۇ يوق ئادەم) گە بىر كۈن تويغۇدەك تاماق بېرىش بولۇپ، بۇلارغا كۈچى يەتمىگەندە، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشتىن ئىبارەت.

# 93 ـ ھەدىس: پاساھەت ۋە شېئىر توغرىسىدا

إِنَّ مِنْ الْبَيَانِ سِحْرًا وَإِنَّ مِنْ الشِّعْرِ حكمًا. (مسند أحمد)

بەزى سۆزلەردە سېھىر (باتىل نەرسىلەرنى ھەقىقەتتەك كۆرسىتىش) بولىدۇ ۋە بەزى شېئىرلاردا ھېكمەتلىك سۆزلەر بولىدۇ.

بەزى ئادەملەرنىڭ تىللىرى ياكى يازغان نەرسىلىرى تەكەللۇپسىز، مۇلايىم ھەم تەبىئىي بولغانلىقىدىن، ئوقۇغۇچىلار ياكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى تارتىپ كېتىدۇ. ھەتتاكى پۈتۈنلەي ئاساسسىز، يالغان نەرسىلەردىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، سېھىردەك تەسىر قىلىدۇ ۋە ھەق، راست نەرسىدەك تۇيۇلىدۇ. شۇنىڭدەك بەزىبىر شېئىرلاردىمۇ كىيىنلىك ئۈچۈن پايدىلىق مەنىلەر ۋە كۆڭۈللەرنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئامىللار بولىدۇ. بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقا مۇھەددىسلەر شېئىر توغرىسىدا:

قَالَ لبيْدٍ:

أَلاَ كُل شَيْ ءٍ مَا خَلا اللهُ بَاطِ وَكُلُّ نَعِيْمٍ لاَ مَحالَةَ زَآئِلٌ

لۇبەيد دېگەن شائىرنىڭ، "ئاللاھتىن باشقا ھەرنەرسە يوقىلىپ كېتىدۇ، يوقالمايدىغان نېمەت بولمايدۇ" دېگەن ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان سۆزنى نەقىل قىلىدۇ. شېئىر ئوقۇش ۋە ئۇنى ئاڭلاش توغرىسىدا ئىسلام ئۆلىمالىرى ئارىسىدا قارىمۇقارشى پىكىرلەر بار. بۇ ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىش مۇمكىن:

1 ـ ھەممىسى ھارام.

2 ـ شېئىرنى ئويۇن ئەسۋابلىرىغا قوشۇپ ئويناش ھارام، ئۇنىڭدىن باشقىلىرى مۇباھ (گۇناھمۇ يوق ـ ساۋابمۇ يوق).

3 ـ مۇ تلەق مۇباھ.

4 ـ مۇباھ ئەمەس، بەلكى مۇستەھەب.

مۇشۇ پىكىرلەرنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قارشى پىكىر ۋە دەلىللەرنى رەت قىلىدۇ. لېكىن دەلىللەرنىڭ قاراشلارغا ئاساس بولۇشىدا بىرئاز گۇمان بار. بۇلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇبدان تەھلىل ـ مۇلاھىزە قىلىش لازىم. بۇ ئالىملاردىن بەزىلىرى دەلىل كەلتۈرۈشتىن بەكرەك ئىجتىھادىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ شەخسى پىكرىنى ئالغا سۈرىدۇ. ھالبۇكى، بىركىمنىڭ شەخسى پىكرى ۋە بىر ئىككى مۇجتەھىدنىڭ ئىجتىھادى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقىسىز، بىردەك بويسۇنۇشى شەرت دەلىللەردىن ھېسابلانمايدۇ.

شېئىر ئوقۇش، ئاھاڭغا سېلىش ۋە ئۇنى ئاڭلاشنى ھارام دەپ دەۋا قىلىش بولسا، ‹ئاللاھ تائالا بۇ ئىشتىن توستى ۋە رەسۇلۇللاھ مۇشۇ چەكلىمىنى خەلققە يەتكۈزدى› دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆزنى ئىسپاتلىغىلى بولامدۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ بۇ ھەقتە شەرئى دەلىل بارمۇ؟ بۇنى ئەقىل بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھالال ۋە ھارامنى بېكىتىشتە ئەقىل دېگەندەك ئىشقا ياراپ كەتمەيدۇ. پەتىۋا كىتابلىرىنى يازغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىمۇ دەلىل بولمايدۇ. چۈنكى شەرئەت ھۆكۈملىرىنى بىلىش ئۈچۈن

قۇرئان ۋە سۈننەت (سەھىھ ھەدىس)، ئىجما ۋە قىياستەك شەرئىي دەلىل لازىم. بۇ توغرىدا گۇمان ۋە تەخمىنلەر ياكى ‹پالانى كىشى شۇنداق دېدى› ۋە ‹ماۋۇ كىشى مۇنداق دېدى› دېگەندەك نەقىللەر ۋە رىۋايەتلەر كۇپايە قىلمايدۇ.

ئەمدى شېئىر ئوقۇش، مۇزىكا ئاڭلاش ۋە ئويناشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە شەرىئەتتە تۇتقۇلۇق بولغان كەسكىن دەلىل كۆرسىتىلمىسە ۋە ئۇنداق دەلىل كەلتۈرۈشكە كۈچى يەتمىسە، قانداق سەۋەب ۋە قايسى ئاساس بىلەن ھارام بولىدۇ؟ بۇ ھەقتىكى ئېھتىماللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) ھەجۋى (كىشىلەرنى سۆكۈش)، چاقچاق ۋە پايدىسىز سۆزلەر بولغانلىقىدىن ھارام،

2) ۋەزىنلىك، قاپىيەلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ھارام،

3) كۆپ قىسىم شائىرلارنىڭ تەرجىمىھالى ياخشى بولمىغان ۋە قۇرئان ئۇلارنى سۆككەنلىكىدىن ھارام،

4) يېقىملىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھارام، دېگەنلەردىن ئىبارەت.

1 ـ ئەگەر ھەجۋى ۋە چاقچاق، بىھۇدە ۋە قەبىھ سۆزلەر بولغانلىقتىن شېئىر ئوقۇش ۋە ئاڭلاش ھارام بولىدىغان بولسا، پەقەت گەپ قىلىشمۇ ئۆلتۈرۈش لازىم. چۈنكى شېئىرلارغا سېلىشتۇرغاندا شېئىر ئەمەس سۆزلەر تېخىمۇ ياماندۇر. شېئىرلاردىكى ھەجۋىلەر، چاقچاق، بىمەنە، سەت سۆزلەرگە قارىغاندا، باشقا سۆزلەردە كېلەر ـ كەلمەس، يارىماس سۆزلەر كۆپرەك، بولۇپمۇ، ھەر يۇرت، ھەر زاماندا باشقىلارغا قارىغاندا شائىرلار ئاز، شائىرلارنىڭمۇ باشقا گەپلىرىدىن شېئىرلىرى ئاز بولىدۇ. ئەگەر بىرلا ئەسەردىكى سۆكۈش، چاقچاق ۋە بىھۇدە سۆزلەر بىر يەرگە جۇغلانسا ئىدى، پۈتۈن ئەسەردىكى بارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى ھەجۋى قىلىش ۋە مەسخىرىلەردىن ئېشىپ كېتەتتى، بۇ بىر.

ئىككىنچى، ئەيىب شائىردا بولسا، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەش توغرا ئەمەس. ئەگەر شېئىرنى ئوقۇش سەۋەبى بىلەن بىر ناھەقچىلىككە ياردەم بېرىش، باتىل ئىشقا ھەمدەم بولۇش ياكى بىر مۇسۇلماننى كەمسىتىشنى مەقسەت قىلمىسا، بىر ۋەقە ياكى بىرەر ھادىسىنى ھېكايە قىلغۇچىغا جاۋابكارلىق كەلمەيدىغانلىقى مەلۇم. قۇرئان كەرىم ئۆزىمۇ كۆپ يەردە كاپىرلارنىڭ كۇپرانە سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىدۇ، بۇ ئىش ئەلۋەتتە نىيەتكە باغلىقتۇر. مۇپەسسىرلەر، قۇرئاننىڭ يۇچۇن سۆزلىرىنى تەپسىر قىلىشتا ھەجۋى، مەينەت، قەبىھ ئىبارىلەر بار بولغان شېئىرلارنى دەلىل كەلتۈرىدۇ، ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ۋاقىتتا ئەممار ئىبنى ۋەلىدنىڭ مەي توغرىسىدىكى شېئىرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، رەسۇلۇللاھ بەزى شېئىرلارنى سۆككەن بولسا، بەزى شېئىرلارنى ماختىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ھەسسان، ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە، كەئب ئىبنى مالىكلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئاڭلىغىنى ۋە شېئىر ئوقۇتقىنى، ھەسسانغا «داۋاملىق ئوقۇۋەر، جىبرىل پەرىشتە سەن بىلەن بىللە» دېگەنلىكى، ھەم كەئب ئىبنى زۇھەيرگە «**وَمَا كَانَ رَبُّكَ نَسِيًّا شِعْرًا قُلْتَهُ**» دېگەنلىكى مەشھۇردۇر.

ھەزرىتى ئائىشەدىن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) ھەمىشە سەمۇئەل ئىسىملىك مەشھۇر شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئىككىسىنى ئوقۇتقىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھەزرىتى سەۋدە بىر يەردە «ئەدى» بىلەن «تەيىم» قەبىلىلىرىنى كەمسىتىپ شېئىر ئوقۇغاندا، ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەپسە بۇنى: «بىزگە قاراتقان شېئىر» دەپ چۈشەنگەن (ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاتىسى ئەبۇ بەكرى تەيىم قەبىلىسىدىن ۋە ھەزرىتى ھەپسىنىڭ ئاتىسى ئۆمەر ئەدى قەبىلىسىدىن ئىدى) ۋە سەۋدە بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلغىلى تۇرغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر شېئىرنىڭ بۇلار گۇمان قىلغان تەيىم بىلەن ئەدى قەبىلىسى توغرىسىدا ئەمەس، باشقا بىر تەيىم بىلەن ئەدى قەبىلىسى توغرىسىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ بولسا، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ

شېئىر ئىلمىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ. نابىغەتۇلجەئدى ئۆز شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇ شېئىرنى ياقتۇرۇپ: **أَ جَدْتَ لاَيَفضِضُ اللهُ فَاكَ** «يەنى ئۇبدان ئوقۇدۇڭ ئاللاھ سېنىڭ ئاغزىڭنى ئەسكى قىلمىسۇن، چىشىڭنى چۈشۈرمىسۇن» دەپ ياخشى دۇئا قىلغان ئىدى. كەئب ئىبنى زۇھەير «**بانت سعاد**» قەسىدىسىنى ئوقۇغاندا، رەسۇلۇللاھ شۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا: «ئاڭلاڭلار» دەپ بۇيرۇغان ئىدى. ئۇنداق بولغانىكەن، نېمە ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ شېئىرنى سۆككەن سۆزلىرىلا ئېتىبارغا ئېلىنىپ، شېئىرنى ماختىغان ۋە ئاڭلىغان ئوقۇغان سۆزلىرى، بۇيرۇقلىرى ۋە رازىلىقلىرىغا كۆز يۇمۇلىدۇ؟

ئىككىنچى، ۋەزىنلىك ۋە قاپىيەلىك بولغىنى ئۈچۈن ھارام دېيىلسە، بۇ چاغدا ۋەزىنلىك ۋە ئاھاڭلىق سۆزلەرنى ئاڭلاش ۋە سۆزلەشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا شەرئى دەلىل كەلتۈرۈش لازىم. مۇنداق دەلىل كەلتۈرمەي تۇرۇپ، ۋەزىن، ئاھاڭ ئىشلەتكەنلىكتىن شېئىر ھارام بولىدىغان ئىش يوق، بۇ بىر. ئىككىنچىسى، ۋەزىنلىك، ئاھاڭلىق نەرسىلەر ھارام بولىدىغان بولسا، قالغاچ ۋە تورغاي ئاۋازلىرىنى ئاڭلاشمۇ ھارام بولۇشى لازىم. چۈنكى جانىۋارلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاھاڭلىق ۋە يېقىملىقتۇر.

3ـ كۆپىنچە شائىرلارنىڭ تەرجىمىھالى ياخشى بولمىغانلىقتىن، قۇرئان كەرىمدە شائىرلار: **(وَالشُّعَرَاءُ يَتَّبِعُهُمْ الغَاوُوْنَ)** «توغرا يولدىن ئازغان كىشىلەر شائىرلارغا ئەگىشىدۇ» دەپ سۆكۈلگەنلىكى ئۈچۈنلا شېئىرلارنى سۆكۈش توغرا ئەمەس. شائىرلارنىڭ ئەيىبلىرىنى شېئىرلارغا ئارتىپ قويۇش ئورۇنسىزدۇر. شېئىردا ئەدەب ۋە ھېكمەت، پەزىلەت ۋە ئىبرەتلەرنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئالىملار قۇرئان ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلىشتا شېئىرلاردىن پايدىلىنىدۇ، ھەتتا جاھىلىيەت (ئىسلامدىن بۇرۇنقى مۇشرىكلار) ۋاقتىدا ئۆتكەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ئى خالايىق! ئىسلامدىن بۇرۇنقى شېئىر توپلاملىرىڭلارنى ساقلاپ پايدىلىنىڭلار! چۈنكى ئۇنىڭدا قۇرئاننىڭ تەپسىرى بار، قۇرئان تەرجىمىسىگە ئاساس بولىدىغان لۇغەتلەر بار» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئەگەر شائىرلارنىڭ ئەيىبلىرى شېئىرلارغا يۈكلەنسە ۋە شېئىر بىلەن شۇغۇللىنىش دۇرۇس بولمىسا، سەلەپ ئالىملىرى بۇ ئىشلاردا شەرئەتكە خىلاپ ئىش قىلغان بولۇپ قالىدۇ. توغرا، قۇرئان كەرىمدە شائىرلار سۆكۈپ تاشلانغان، لېكىن شۇ سۆكۈلگۈچىلەر قاتارىدىن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ۋە ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكۈچىلەر ئايرىپ ئېلىنغان. رەسۇلۇللاھ ھەققىدە **(وَمَا عَلَّمْنَاهُ الشِّعْرَ وَمَا يَنْبَغِي لَهُ)** دېيىلگەن ئۇلۇغ ئايەتتىنمۇ شېئىر ئوقۇشنىڭ ھاراملىقى چىقمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئوقۇشنى بىلمىسە ۋە رەسۇلۇللاھقا شېئىر ئوقۇش لايىق بولمىسا، بۇ شېئىرنىڭ يامانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ پەيغەمبەرلىك ھەققىدە گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ۋە سەۋەبىنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈندۇر.

4ـ ھۇزۇر بېغىشلايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ھارام دەپ دەۋا قىلىشقىمۇ يول بولمىسا كېرەك. ئىسلام دىنى بىر نەرسىنى ھارام قىلىشتا باشقا سەۋەب بولمىسا، شىرىن بولغىنى ئۈچۈن ھارام قىلغىنى يوق. بۇ سۆزلەر شېئىر ھەققىدە ئىدى. ئويۇن ئويناش ۋە ئويۇن ـ تاماشالارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشمۇ مۇشۇنداق تالاش ـ تارتىشلىق مەسىلە بولسىمۇ، ئۇنى تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھارام ياكى مەكرۇھى تەھرىمى دەپ دەۋا قىلىش قىيىن:

بىرىنچى، قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئويناش ۋە ئويۇن ئاۋازلىرىنى ئىڭشاشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ئۈچۈق ئىبارە يوق. مەشھۇر مەزھەبلەرنىڭ باشلىرى بولغان ئىماملارنىڭمۇ بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە دېگەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

ئىككىنچى، ھاراملىقى ھەققىدە دەلىل ئورنىدا كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەر، ھەدىس تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا قارىغاندا زەئىپ (ئاجىز) ھەدىس ۋە تولىسى مەۋزۇ (توقۇلما) ھەدىسلەردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق ھەدىسلەرنى بىر نەرسىنىڭ ھاراملىقىغا دەلىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇچىنچى، جانابى رەسۇلۇللاھنىڭ ھېيت كۈنلىرىدە، تويلاردا ئويۇن ئويناشتىن توسمىغانلىقى سابىتتۇر. ئەسلى ھارام بولغان بىر نەرسىنىڭ تويلاردا، ھېيتلاردا مۇباھ بولۇشىنىڭ ئېھتىمالى يوق. ھارام ئىشنىڭ مۇباھقا ئايلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈرەت تېپىلىشى لازىم، بۇندىن باشقا ئويۇن ئاۋازلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى ئازايتىدۇ، جانلىرىغا راھەت ۋە سەۋرى ـ تاقەت بېغىشلايدۇ. بۇ زاماننىڭ تېۋىپلىرى روھى كېسەللەرگە ئويۇن ـ تاماشا ئاۋازلىرىنى ئاڭلىتىش بىلەن داۋالاشنى بۇيرۇيدۇ.

باھار پەسلى، گۈل ـ چېچەك ۋە ساز ـ نەغمە ئاۋازلىرى تەسىر قىلمىغان كىشىنىڭ مىجەزى بۇزۇق، ئۇنداق كېسەلگە ئىلاج يوق دەيدىغان كونا ماقال بار. قالغاچ ئاۋازى بىلەن ئىسكروپكا ئاۋازى ئارىلىقىدا نېمە پەرق بار؟! ئاۋۋالقىنى ئاڭلاش مۇباھ، كېيىنكىسىنى ئاڭلاش ھارام بولامدۇ؟

بۇ مەسىلىنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بولۇشى كېرەككى، شېئىرلار، ئويۇنلار ۋە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىرەر تۈرلۈك ھارام ئىشلارغا قوشۇلسا (مەسىلەن، مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىچىپ ـ چېكىش، زىنا ـ پاھىشە قىلىش، تاڭسا ئويناش يەنى يات ئەر ـ ئاياللار ئەدەبسىز ھالدا ئارىلىشىشتەك) ياكى ھارام ئىشلارغا باشلامچى بولسا ۋە گۇناھ ئىشلارغا يېتەكلىسە، ۋەياكى ئۆز ئائىلىدىن باشقا نامەھرەم ئايال كىشى ياكى ئەركىشىنى كۆيلەيدىغان، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇ ئويۇن ۋە ئاۋاز، ئويۇن ياكى ئاۋاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھارام ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى، گۇناھ ئىشقا باشلامچى بولغانلىقى ۋە چەكلەنگەن يامان ئىشلارنى قىلىشتا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ، يا ھارام يا مەكرۇھ بولىدۇ. ئويۇندىن ۋە نەغمە ـ ناۋادىن توسقۇچىلارمۇ مۇشۇ تەرەپنى نەزەردە تۇتسا كېرەك. ئەمما يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەردىن خالىي، پاكىزە بولغان تەقدىردە، شېئىر، ئويۇن ياكى ساز ئاۋازى بولغىنى ئۈچۈنلا بۇلارنى مۇتلەق ھارام ياكى مەكرۇھ دەپ ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

مەسرۇق، ئىبراھىم نەخەئى، سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ، ھەسەن بەسرى، ئەمر ئىبنى شۇئەيب، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ شېئىر رىۋايەت قىلىشنى مەكرۇھ كۆرۈشلىرى ھەم شەئبى، ئامىر ئىبنى سەئد، مۇھەممەد ئىبنى سىرىن، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، قاسىم، سەۋرى، ئەۋزائى، ئەبۇ ھەنىفە، مالىك، شافىئى، ئەھمەد، ئەبۇ يۇسۇف، مۇھەممەد، ئىسھاق ئىبنى راھۇۋەيھ، ئەبۇ سەۋر، ئەبۇ ئۇبەيد قاتارلىقلارنىڭ بۇ ئىش (شېئىر ئوقۇش، نەغمە ئاڭلاش) نىڭ زىيىنى يوق دېيىشى يۇقىرىقى قائىدىگە ئاساسەن تەتبىق قىلىنىدۇ (يۇقىرىقى ئىككى خىل پىكىر بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ). دۇنيادىكى ھايۋانلارنىڭ كۈيلەرگە (مۇڭلۇق ئاۋازلارغا) ئاشىق ئىكەنلىكىنى دەلىل قىلىپ، روھلار ئالىمىنىڭمۇ بۇنىڭغا مۇشتاق ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلىشىدۇ. ئابدۇراھمان جامىنىڭ:

«ئالىملارنىڭ نەغمە ئاۋازىدىن توسۇشى، «**وَنَفَخْتُ فِيهِ**» دېگەن ئايەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈندۇر» دېگىنىمۇ شۇنىڭغا يېقىن بىر گەپ. مۇڭلۇق ئاۋازلار ئىنسانلارنى ئۆزىگە تارتىدۇ، خەلقلەرنى يىراق يەرلەردىن سۆرەپ ئەكىلىدۇ. ئىسلام دۇنياسى مۇشۇنداق ئىشلارنى ئەخلاقنى تۈزىتىشكە ۋە ئىززەت ـ ئابرۇينى ساقلاش روھىنى تارقىتىشقا ۋاستە قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى.

ياشلارنى نەغمە ــ ناۋا، ناخشا ئاڭلاش ئۈچۈن ناچار ئورۇنلارغا بېرىش ۋە بۇزۇق ئاداش ـ ئاغىنىلىرىگە ئەگىشىشتىن توسۇش كېرەك. بۇ ئۆي ئىچىدە، ئائىلە، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قۇدا ـ باجا ئارىسىدا ساز ـ نەغمە، ناخشا ئوقۇش، ئاڭلاش ئىشلىرىنى

ئەيىب سانىماسلىق بىلەن بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى خۇسۇسى پىكىرىمىز مۇشۇدۇر. خاتا قىلغان بولساق، ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلغاي![36]

[36] ئائىلىلەردە، ئۆز ئارا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىي، مىللىي كۆرەش، ئىجابىي قەھرىمانلىقلىرى كۆيلەنگەن ناخشىلارنى ساز بىلەن ئوقۇش ئارقىلىق، ياشلارنى باشقا مىللەتلەرنىڭ زەھەرلىك ساز ـ ناخشىلىرىدىن كۆڭۈل سوۇغۇتۇش كېرەك دېمەكتۇر.

## 94 ـ ھەدىس: ھايالىق بولۇش توغرىسىدا

**إنَّ مِمَّا أَدْرَكَ النَّاسُ مِنْ كَلَامِ النُّبُوَّةِ الأُولَى "إِذَا لَمْ تَسْتَحِ فَافْعَلْ مَا شِئْتَ".** (الجامع الصغير)

خەلقنىڭ ئارىسىدا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىن قالغان ‹ئۇيالمىساڭ خالىغىنىڭنى قىل!›دەيدىغان بىر سۆز بار.

بۇ ھەدىس شەرىپ تەھدىت ئۇسلۇبىدا ئېيتىلىدۇ. ئۇيالمىغانلىقتىن خالىغان ئىشنى قىلىپ يۈرگەن ئادەم، شۇ قىلمىشىنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالادىن قورقماسلىق ۋە بەندىلەردىن ئۇياتماسلىق بولسا، ھاياسىزلىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى قىلىشقىمۇ، كىشىدىن سوراشقىمۇ غەيرەت، جۈرئەت قىلالماسلىق قورقۇنچاقلىقتۇر. بۇنىڭ ھەر ئىككىسى ئۇسال ئىش بولۇپ، ھايات قائىدىسىگە خىلاپتۇر. ئادەملەرنى ناتوغرا ئىشلاردىن توسىدىغان نەرسە، ئۇنىڭدىكى ھايا ۋە ئۇيىلىش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، خىجىللىق يوقالغاندىن كېيىن ئادەمنى يامان ئىشلاردىن ھېچقانداق نەرسە توسالمايدىغانلىقى مۇشۇ ھەدىس شەرىپتىن مەلۇم بولىدۇ. دۇنيانىڭ ئۆمرى بەك قىسقا بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ۋە ئەبەدىي بىر ئۆمۈر بار. شۇڭا بۇ قىسقا ئۆمۈردە كۆڭلى تارتقان ئىشلارنى قىلىپ، ھاياسىزلىق قىلىش ۋە بۇ سەۋەبلىك (ئاخىرەتتىكى) ئېسىل ھاياتتىن ئايرىلىپ قىلىش ئەقىلسىزلىق ۋە پىلانسىزلىقتۇر.

# 95 ـ ھەدىس:پايدىلىق ئىش قىلىش توغرىسىدا

**إنَّ مِمَّا يَلْحَقُ المُؤْمِنُ مِنْ عَمَلِهِ وَحَسَنَاتِهِ بَعْدَ مَوْتِهِ عِلْمًا نَشَرَهُ وَوَلَداً صَالِحًا تَرَكَهُ وَمُصْحَفًا وَرَّثَهُ أَوْ مَسْجِداً بِنَاهْ أَوَ بيْتًا لِابْنِ السَبِيْلِ بَنَاهُ أَوْ نَهْرًا أَجْرَاهُ أَوْ صَدَقَةً أَخْرجَهَا مِنْ مَالِهْ فِى صِحَّتِهِ وَحَيَاتِهِ تَلْحَقُهُ مِنْ بَعْدِ مَوْتِهِ.** (الجامع الصغير)

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتى توختايدۇ. لېكىن تۆۋەنـدىكى ئىشلارنىڭ ساۋابى تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ:

1 ـ خەلق پايدىلانغۇدەك ھالدا نەشر قىلىپ، ئۆگىتىپ، تارقىتىپ قالدۇرغان ئىلىم،

2ـ ياخشى پەرزەنت،

3 ـ قالدۇرۇپ كەتكەن قۇرئان نۇسخىسى،

4ـ ياساپ قويغان مەسجىدى،

5ـ مۇساپىرلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سېلىپ قويغان ئۆي،

6ـ سۇ ئېقىتىپ قويغان ئېرىق ـ ئۆستەڭ،

7ـ ساق ۋاقتىدا ياخشى ئىشلار ئۈچۈن ئاتاپ قويغان سەدىقىسى.

مۇشۇ ئىشلارنىڭ ساۋابى ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئارقىسىدىن بېرىپ تۇرىدۇ.

بۇھەدىس ئىمام مۇسلىم ۋە باشقىلار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان: ‹‹**عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رسول الله صلى الله عليه وسلم قَالَ**: "**إذَا مَاتَ الإِنْسَانُ انْقَطَعَ عَمَلُهُ إلاّ مِنْ ثَلاَثٍ: صَدَقَةٍ جَارِيَةٍ، أَوْ عِلْمٍ يُنْتَفَعُ بِهِ، أَوْ وَلَدٍ صَالِحٍ يَدْعُو لَهُ**›› دېگەن قىسقارتىلغان ھەدىسنىڭ تەپسىلىي شەكلىدۇر. ئىلىم تارقىتىش، بالا ئوقۇتۇش بىلەن ياكى خەلق پايدىلانغۇدەك دەرىجىدە كىتاب، ئەسەر يېزىپ قالدۇرۇش بىلەن بولۇشى مۇمكىن. مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەر (باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، يۇقىرى دىنىي مەكتەپلەر) نى سېلىش، كەنتلەردە خەلق ئېھتىياجلىق بولغان ئورۇنلارغا (ئەگەر يول قاراۋۇلى تۇرمايدىغان يەرلەر بولسا) كۆرۈكلەرنى سالدۇرۇش، يوللارنى ئوڭلاش، شىپاخانىلارنى سالدۇرۇش، مىللەت باللىرى ۋە باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئايلىق مائاش بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە دوختۇر ـ تېۋىپلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتەك ئىشلار مۇشۇ ھەدىستە سۆزلەنگەن ياخشى ئىشلار قاتارىدىندۇر. **كُلُّ مَعْرُوفٍ صَدَقَةٌ** ‹‹بارلىق ياخشى ئىشلار سەدىقىدۇر››. ئوبدان بالا قالدۇرۇپ كېتىش سەدىقە بولغاندەك، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ دۇنيادا بەخت ـ سائادەت ئىكەنلىكى مەلۇم. لېكىن باللارنى قانداق قىلغاندا ئوبدان تەربىيەلىگىلى بولىدۇ؟ ياخشى بالا ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، بەلكى ئائىلىلەر ئىچىدە يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ يولى بولسا ﴿**كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا**﴾ دېگەن ئايەتكە توغرا كەلتۈرۈپ، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئوبدان ئوقۇتۇپ، تەربىيەلەپ چوڭ قىلىشتۇر. بۇنداق قىلىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى ئەڭ چوڭ قەرز ھېسابلىنىدۇ. ياخشى تەربىيەلەنگەن باللارنىڭمۇ ھەممىسى ياخشى باللار بولۇپ يېتىشمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ قەرزنى ئادا قىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا ئاتا ـ ئانا مەسئۇل ئەمەس. باللارنى كىچىك چېغىدىن تارتىپ بىكار قويۇش ۋە

بۇزۇق ئادەملەرگە قوشۇپ قويۇش، كوچا باللىرى بىلەن ئوينىغىلى قويۇپ بېرىش ياخشى ئىش ئەمەس. باللار بولسا، ھەرقانداق خەتنى يازغىلى بولىدىغان ئاق قەغەز ۋەياكى ھەر قانداق نەرسىنى كۆرگىلى بولىدىغان ئەينەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇمكىن قەدەر ئوبدان خەت يېزىلىشى، ياخشى رەسىم سىزىلىشى لازىم. باللارنى تەربىيەلەشكە تولۇق بېرىلىش، ياخشى كىشىلەردىن بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىش كېرەك. ئەگەر شۇنداق تىرىشقاندىن كېيىن، ياخشى بالا يېتىشىپ چىقسا، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ نېمىتى، مىسلىسىز ياخشىلىقى دەپ بىلىش كېرەك. مەسجىدلەر، مۇساپىرخانىلار، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر، ئۆز ئىگىلىكىدىن چىقارغان سەدىقىلەر بولسا، شەرىئەت ئاتالغۇسى بويىچە "ۋەقفى" دەپ ئاتىلىدىغان ياخشىلىقلاردۇر. ئىسلامدىكى تۇنجى ۋەقفە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋەقفىسىدۇر. ئالتە ھەدىس كىتابى مۇئەللىپلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزىنىڭ خەيبەر شەھىرىدىكى بىر پارچە يېرىنى سېتىلمايدىغان، كىشىگە بېكارغىمۇ بېرىلمەيدىغان، مىراس قىلىپ ئۆلەشتۈرۈلمەيدىغان، مەھسۇلاتىنى پېقىرلارغا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ـ يېقىنلارغا، مۇساپىرلارغا، مېھمانلارغا چىقىم قىلىپ بېرىش شەرتى بىلەن ۋەقفى قىلغان ئىدى. ئۆمەردىن كېيىن بۇ ۋەقفىنى ئوغلى ئابدۇللاھ ئىگە بولۇپ باشقۇرۇپ تۇردى. شۇنىڭدەك، ھەزرىتى ئوسمان مەدىنە شەھىرىدە رۇمە ئىسىملىك قۇدۇقنى سېتىۋېلىپ، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تاپشۇرغان ئىدى[37]. ساھابىلەر ئارىسىدا بۇلاردىن باشقا ۋەقفىلەرمۇ بولدى. بۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى ناتارىيۇس ئالدىدا گۇۋاھلاندۇرۇلمىدى (مەھكىمىلەردە ئىگە قىلىنىپ، مۆھۈر باستۇرۇلمىدى). ھەتتا قەغەزگىمۇ يېزىلمىدى، ئىمزا قىلىنمىدى. بەلكى ئۆزىنىڭ ‹سەدىقە قىلدىم› دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، ساھابىلەر شۇلارنى ۋەقفى ھېسابلىدى ۋە ئامانەت قىلىپ ساقلىدى. «ۋەقفە قىلدىم» ياكى «سەدىقە قىلدىم» دېگەن گەپكە قاراپ ساھابىلەر شۇ نەرسىنى ۋەقفە دەپ بىلىپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرەتتى. بۇ توغرىدا ئەبۇ ھەنىفە ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزلىرىنى كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ مەزھىبىگە خىلاپ دەپ قارىشىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ شاگىرتى ئەبۇ يۇسۇفنىڭ: «**لَوْ بَلَغَ أَحَادِيْثُ الوَقْفِ أَبَا حَنِيْفَةَ لَقَالَ بِهِ**» (ۋەقفى توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى ئەبۇ ھەنىفە ئاڭلىغان بولسا، شۇ ھەدىسلەر بويىچە سۆزلەيتتى، قوبۇل قىلاتتى) دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ ۋە بۇنى بۇزۇش ھەققى ھەتتا ۋەقفە قىلغۇچىنىڭ ئۆزىدىمۇ يوق دەيدۇ.[38]

مىللەتنىڭ ئەمەلىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا مەنبە بولۇپ قالسۇن، يوقسۇللارنىڭ باللىرىنىڭ دىن ۋە ئىلىمدەك مۇھىم نەرسىلەرنى ھاسىل قىلىشىغا ياردەم بەرسۇن دەپ كونا زاماننىڭ ھىممەتلىك دادىللىرى ۋە بوۋىلىرى بەك كۆپ ۋەقفىلەرنى قىلىپ كەتكەن ۋە ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن ساۋابى ئۈزۈلمەي بېرىپ تۇرسۇن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك سەدىقىلەرنى قالدۇرغان ئىدى. بۇ ماللارنى ساقلاش ۋە شۇ ياخشى ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ياخشى نىيىتىگە مۇۋاپىق شەكىلدە داۋام قىلدۇرۇش ئۈممەتنىڭ ئۈستىگە قەرز ۋە جانابى ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىدە بولغان ئەزىز ئامانەتلەر ئىدى. لېكىن ياخشى بولمىغان پەرزەنتلەر بۇ ۋەقفىلەرنىڭ تولىسىنى يوقاتتى ۋە «سېتىلمايدۇ، تۆھپە بېرىلمەيدۇ، مىراس قىلىپ بېرىلمەيدۇ» دەپ ۋە: ﴿**فَمَنْ بَدَّلَهُ بَعْدَمَا سَمِعَهُ فَإِنَّمَا إِثْمُهُ عَلَى الَّذِينَ يُبَدِّلُونَهُ**﴾ «كىمكى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەڭگۈشلىۋەتسە ئۇنىڭ گۇناھى يەڭگۈشلىگۈچىنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ» دەپ ۋەقفە قىلىنغان سەدىقىلەرنى ساتتى، تۆھپە قىلدى، مىراس قىلىپ، مىراس ئالغۇچىلارغا قالدۇردى ۋە ئۆزى خالىغانچە ئىشلەتتى. بۇ ئىشلارنى خەلق ئاممىسى قىلمىدى، ئۇلارنىڭ ئىنساپى ۋە ۋىجدانى ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايدۇ. بەلكى بۇ ئىشنى ئۆزىگە «دىننى قوغدىغۇچى، مىللەت خىزمىتىنى قىلغۇچى، شەرىئەت ھۆكمىگە مەسئۇل بولۇپ خەلققە يەتكۈزگۈچى» دېگەن ناملارنى قويىۋالغان

[37] جامىئ تىرمىزى، 3ـ جىلد، 211ـ بەت. سۇنەن نەسائى 3ـ جىلد، 134ـ بەت.
[38] سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىم شەرھلىرى.

ئۇسال موللىلار قىلدى. بۇلار "**شَرط الواقفِ كَنَصِّ الشَّارِعِ**" دەپ دەۋا قىلىپ تۇرۇپ، ۋەقفە قىلغۇچىنىڭ شەرتىنى ئۆزى باشلاپ بىكار قىلدى. بۇلارنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماسلىقى مۇشۇ ئىشلىرىدىن ئىسپاتلىنىدۇ.

بۇخارا شەرىپتە ئۆزىگە ئۆلىما دەپ ئات قويۋالغان گۇرۇھنىڭ جازانخورلۇق قىلىپ، خالىس ھارامنى ھالال قىلىپ يېگىنىدەك، ياخشى كىشلەر تەرىپىدىن ئىلىم ئۆگەنگۈچى ۋە ئوقۇغۇچىلار، پېقىرلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ رازى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ياسالغان مەدرىسلەرمۇ ئاشۇ شەھەرنىڭ مۇتتەھقى ۋە دىندار ئالىملىرىنىڭ قولىدا ئەڭ پايدىلىق تىجارەت مېلى سانىلىدۇ. مانا بۇلار، شەقىلەر (بەتبەختلەر) نىڭمۇ ئاشقازىنى كۆتۈرەلمەيدىغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشتىنمۇ يېنىپ قالمايدۇ، باي داموللىلارنىڭ زاكات بەرمەسلىكى مۇشۇ جىنايەتلەردىن بىرسى بولسا كېرەك. ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان، باھاسى مىليونلارغا ئېلىنىدىغان ۋەقفە كىتابلىرىنىمۇ، ئاشۇ شەھەرنىڭ داموللا، ئاخۇن، قازى، مۇفتى ۋە مۇدەررىسلىرىنىڭ سېتىپ يېگەنلىكى دۇنياغا مەلۇم بولدى. بۇخارا ۋە تۈركىستاندا بولغان ئادەتلەرگە ئاساسەن، ۋەقفە ماللىرى ئالىملارنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلەتتى. ئالىملار بولسا، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ ۋەقفىلەرنى تامامەن ياكى قولىدىن كەلگەن مىقدارىنى ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزىۋالىدۇ.

زىيا پاشا:

سادىق كۆرۈنۈر كىسۋەدە ئەرباب خىيانەت،

مۇرشىد سانىلۇر ۋەھلەدە ئەرباب زالالەت.

ئەكسەر كىشىنىڭ سۈرىتىگە سىرتى ئۇيماس،

يارەب بۇ نە ھېكمەتتۇر، ئىلاھى بۇ نە ھالەت.

تەرجىمىسى: كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن خائىنلار راستچىللاردەك كۆرۈنىدۇ. تۇنجى قاراشتا ئازغۇچىلار توغرا يول كۆرسەتكۈچىلەردەك كۆرۈنىدۇ. كۆپ كىشىنىڭ كۆرۈنىشىگە قىلىقى ئوخشىمايدۇ، ئى ئاللاھ! بۇنىڭدا نېمە سىر بار، نېمە ئەھۋال بۇ؟

ئىلىم ئەھلىلىرىنى تەمەدىن، پېقىرلارنى ئاجىزلىقتىن ساقلاش نىيىتى بىلەن قىلىنغان ۋەقفىلەر كىرىمى كۆپ، پايدىسى داۋاملىق يېتىپ تۇرىدىغان ئومۇمىي سەدىقىلەر، ئۇسال باللارنىڭ ۋە ئۆز دىنىنى سېتىپ، باشقىلارنىڭ دۇنياسىنى پۇتىغۇچى ئالىملارنىڭ شۇملىقى سەۋەبىدىن تەمەگە قۇربان بولۇپ تۈگەيدۇ.

ئىسلام دۇنياسىدا قىلىنغان ۋەقفە ۋە سەدىقىلەردىن مەقسەت تۆۋەندىكىچە:

ھاجەتمەن مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغان ھاجەتلىرىنى ھەل قىلىش،

پايدىسى ئومۇمىي ۋە داۋاملىق بولۇش.

مۇشۇ مەقسەتلەرنىڭ ئۆز جايىدا ئورۇندىلىشى ئۈچۈن، ۋەقفىنىڭ ساغلام تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىشى لازىم.

بىرىنچى ماددىغا ئاساسەن، ھارام ئىشلارنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ۋەقفە قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

ئىككىنچى ماددىسىغا ئاساسەن ۋەقفىلەرنى باشقۇرۇش ۋە كىرىمنى كۆپەيتىش ئۈچۈن مۇتىۋەللى (باشقۇرغۇچى) لارنى قويۇش لازىم بولىدۇ.

ئەسرى سائادەتتە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار زامانىسىدا) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلام ھۆكۈمەتلىرى زامانىدا پۇل ئىشلىرى تەرتىپلىك بولمىغاچقا ھەم ۋەقفە ۋە سەدىقىدەك ياخشىلىقلىرىنى ھۆكۈمەت كۆزەتمىگەچكە، ۋەقفە قىلغۇچىلار شۇ ۋەقفە ماللىرى توغرىسىدا «سېتىلمايدۇ، ھەدىيە، سوۋغات قىلىنمايدۇ، مىراس قالدۇرۇلمايدۇ، قايسى يوسۇندا بولسا بولسۇن، مۈلۈك قىلىنمايدۇ» دېگەندەك شەرتلەر بىلەن ۋەقفىلەرنى باشقۇرغۇچىلار ئىختىيارىغا تاپشۇراتتى. ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان باشقۇرغۇچىلار شۇ ۋەقفىلەرنى ساقلاپ كەلسىمۇ، ئەھمىيەتسىز باشقۇرغۇچىلار ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىدۇ. بۇلار ئۈستىدە بىر كىم دەۋا قىلالمايدۇ. قىلسىمۇ ھۆكۈمەت ئارتۇقچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، سېتىلغان ۋە مىراس قىلىپ ئۈلەشتۈرۈلگەن ۋەقفىلەرنى يېڭىدىن ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرۇش قولىدىن كەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ چاغلاردىكى ۋەقفىلەر توغرىسىدا «سېتىلمايدۇ ۋە مۈلۈك قىلىنمايدۇ» دېگەندەك گەپلەر خائىن باشقۇرغۇچىلارغا تەسىر قىلمىغان بولسىمۇ، ۋىجدانلىق باشقۇرغۇچىلارغا بىر ئاز پايدىسى بولدى. لېكىن سېتىلىش بىلەن ۋەقفىلەر يوقىلاتتى.

ئەمما ھازىر رۇسىيەدىكى ۋەقفىلەر پۈتۈنلەي باشقىچە تەرتىپتە. ئەگەر بىر ۋەقفىنى ھۆكۈمەت ئۆزى تەستىقلىسا، شۇ توغرىدا خەت ـ چەك قىلىنىدۇ. ئەدلىيە مەھكىمىلىرى ئالدىدا ھۆججەت ـ قەغەزلىرى يېزىلىدۇ. رەسمىي دەپتەرلەرگە ئېلىنىدۇ ۋە بىر مىنىستىرنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ. مۇندىن كېيىن بۇ ۋەقفىنى ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم ساتالمايدۇ. ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلغان تەقدىردىمۇ، سېتىش سەۋەبىدىن ۋەقفە مېلى زايە قىلىنىۋېتىلمەستىن ھۆكۈمەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا توختام قىلىنىپ سېتىلىدۇ. پۇلى شەخسلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلماي، بەلكى ۋەقفە قىلىنىپ ساقلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن يەر ۋە ئۆي ۋەقفە قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەۋلىيە (ھۆججەت) گە ‹سېتىلمايدۇ› دەپ يېزىشنىڭ مەنىسى يوق، بەلكى يازماسلىق كېرەك. چۈنكى بەزى چاغدا شۇ يەر ۋە ئۆيلەرنىڭ سېتىلىشى ۋەقفىنىڭ نىشانىنى ئادا قىلىشنىڭ ياخشى يولى بولۇشى مۇمكىن. يۈز سوم كىرىم قىلىدىغان ئۆي ـ ئىمارەتنى سېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى يۈز سوم كىرىم كىرگۈزىدىغان يەرنى ئېلىشنىڭ ياكى ئەللىك سوم كىرىم كىركۈزىدىغان يەرنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلنى يۈز سوم پايدا بېرىدىغان ئىشەنچلىك تىجارەت، بانكىغا، شىركەتكە بېرىشنىڭ نېمە زىيىنى بولسۇن؟!

گەپنىڭ قىسقىسى، رۇسىيەدىكى قانۇنلارغا مۇۋاپىق تەستىقلانغان مەڭگۈلۈك ۋەقفە ـ سەدىقىلەردە شۇ نەرسىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى پۇلى ۋەقفى قىلىنغان بولۇپ، پەۋقۇلئاددە ئىش بولمىغاندا شۇ پۇلنى يوقاتماسلىققا قانۇن كېپىلدۇر. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، تەرتىپ ــ ئىنتىزام يوق مەملىكەتلەردىكى ئالىملارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تۇرۇپ، «ۋەقفىلەرنى سېتىشقا بولمايدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەقفىلىرىگە تەتبىقلاشقا تىرىششى ئىلمسىزلىك ۋە يۈزەكى پىكىر قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بۇ، بىزنىڭ ۋەقفىلىرىمىزگە خىيانەت قىلىش بولىدۇ.

# 96 ـ ھەدىس: دىندا ئۆتتۈرا ھال بولۇش توغرىسىدا

**إِنَّ هَذَا الدِّينَ مَتِينٌ فَأَوْغِلُوا فِيهِ بِرِفْقٍ.** (مسند أحمد)

بۇ (ئىسلام دىنى) كۈچلۈك ۋە مەھكەم بىر دىندۇر. سىلەر بۇ دىندا مۇلايىملىق ۋە يۇمشاقلىق بىلەن مېڭىڭلار.

ئىسلام دىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن بىر دىن بولۇپ، ھەممە دىنىنىڭ تۈگەنجىسىدۇر. ئىسلام دىنى يېڭى بىر دىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئۆگەتكەن دىنلارنىڭ ئۆزگەرتىش ۋە ئىلاۋە قىلىشلاردىن خالىي بولغىنى، بۇرۇنقى دىنلارنىڭ گەۋدىسى ۋە جېنى ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام دىنى پىكرىي ئەركىنلىك، ئىنسانلارغا باراۋەرلىك بېغىشلىغان دىن بولغانلىقتىن، ئومۇمىي ۋە ئىزچىل بولۇشى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم. ئىسلام بىلەن ئىستىبدادنىڭ بىر يەرگە كېلىشى مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلامدا كىشىلەرنىڭ قەلبىگە، پىكرىگە زورلۇق قىلىش ۋە دىندىن ھەيدەپ چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە روھانى باشلىقلار يوق، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تەقلىد قىلىش (قارىغۇلارچە ئەگىشىش)، تەرەپبازلىق، پىكىر يۈرگۈزمەسلىكتەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەنئى قىلىنغاندۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ ھايات ۋە تۇرمۇشقا مۇۋاپىق، مەدەنىيەت يارىتىشقا سەۋەب، ياردەمچى، تەلىماتى تەسىرلىك ۋە ئالىي دىن ئىكەنلىكىنى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئالىملىرى ئېتىراپ قىلغانلىقى، ئەسەر ۋە تەشۋىقاتلىرىدا سۆزلەپ ۋە يېزىپ تارقاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ دىنىنىڭ مەھكەم ۋە كۈچلۈك دىن ئىكەنلىكىگە باشقا دەلىللەرنى كەلتۈرۈشكە ھاجەت قالمايدۇ. «دۈشمەنلەر ئېتىراپ قىلغان ئارتۇقچىلىق ھەقىقىي ئارتۇقچىلىقتۇر.»

ئىسلام دىنى ئېتىقاد، ئەمەل ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىشلار ھەممە مۇسۇلمانلارغا مەلۇم. رەسۇلۇللاھ بولسا، مۇشۇ ئىشلاردا مۆتىدىل بولۇشقا، ئاشۇرىۋېتىش، كەم قويۇشتىن ساقلىنىشقا مۇشۇ ھەدىس بىلەن نەسىھەت ۋە دەۋەت قىلىدۇ. پايدا، ساۋاب ئەمەل ـ ئىبادەتنى كۆپ قىلىش، جاننى قىيناش ئەمەس، بەلكى بۇيرۇلغان، رەسۇلۇللاھ ئۆگەتكەن يول بىلەن قىلىشتۇر.

دۇنيا ئىشلىرىدا ئىقتىسادقا رىئايە قىلىش (ئورۇنسىز چىقىم قىلماسلىق) ياخشى ئىش بولغاندەك، ئاخىرەت ئىشلىرىدا، ئەمەل ـ ئىبادەتلەردىمۇ ئوتتۇرا ھاللىققا رىئايە قىلىش لازىم. ئۆزى كۆتۈرەلمەيدىغان، چىدىيالمايدىغان تەرىقىدە ئىبادەتلەرنى، ۋىردى ـ ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە يۈكلىۋېلىش بولسا، شۇ ئىبادەت ۋە ۋەزىپىلەردىن كۆڭلى سوغۇپ، زېرىكىپ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ زىيىنى بولسا، پۈتۈنلەي قىلمىغاندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇقتۇر.

بىر بۆلۈك ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئاياللىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىبادەت قىلىش ئەھۋاللىرىنى سورىدى. ئۇلار ئاڭلىغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمەل ـ ئىبادىتىنى ئۆزلىرى ئويلىغاندىن ئاز كۆرۈشتى ۋە ئۆز ئارىسىدا: «بىز ئۆزىمىزنى رەسۇلۇللاھقا قىياس قىلساق قانداق بولىدۇ؟ رەسۇلۇللاھنىڭ گۇناھى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەلۋەتتە ئىبادەتنى كۆپرەك قىلىشىمىز لازىم» دېيىشتى. ئارىدىن بىرسى: «مەن ئۆمرۈم بويىچە كېچىدە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيمەن» دېدى. يەنە بىرسى: «مەن ئۆمرۈم بويى كۈندۈزى روزا تۇتىمەن» دېدى. ئۈچىنچى بىرسى: «مەن ئۆمرۈم بويىچە خوتۇن ئالمايمەن، خوتۇن كىشىگە قوشۇلمايمەن» دېدى. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «شۇنداق

ئەھدى قىلغۇچىلار سىلەرمۇ؟ ئاگاھ بولۇڭلار! ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەردىن بەكرەك ئاللاھتىن قورققۇچىمەن، سىلەرگە قارىغاندا ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىدىن بەكرەك ساقلىنىمەن، بەكرەك بويسۇنىمەن، شۇنداق بولسىمۇ، بەزى چاغدا روزا تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن، نامازمۇ ئوقۇيمەن، ئۇيقۇمۇ ئۇخلايمەن، خوتۇنلارغىمۇ قوشۇلىمەن، مېنىڭ يولۇم مۇشۇ، كىمدە كىم مېنىڭ يولۇمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ كىشى مېنىڭ يولۇمدا ماڭغۇچىلاردىن بولمايدۇ»[39] دېدى.

رەسۇلۇللاھ مۇشۇ سۆزى بىلەن ھېلىقى ساھابىلەرنى ئەمەل ـ ئىبادەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن، شەرىئەت كۆرسەتمىسىدىن زىيادە قىلىۋېتىشتىن توستى ۋە ئوتتۇرا يولدا مېڭىشنى كۆرسەتتى. «**لا رهبانية في الإسلام**» يەنى ئىسلامدا راھىبلىق يوقتۇر.

[39] سەھىھۇلبۇخارى ۋە مۇسلىم.

# 97 ـ ھەدىس: مەنسەپكە ھېرىسمەن بولماسلىق توغرىسىدا

**إِنَّكُمْ سَتَحْرِصُونَ عَلَى الْإِمَارَةِ وَسَتَكُونُ نَدَامَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَنِعْمَ الْمُرْضِعَةُ وَبِئْسَت الْفَاطِمَةُ.** (صحيح البخاري)

سىلەر ھوقۇقدار بولۇشقا ئامراق كېلىسىلەر، (زوقمەن بولۇپ) ئەمىر بولۇش (مەسئۇللۇقىدىن چىقالمايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن) قىيامەت كۈنى پۇشايمان، ھەسرەت كەلتۈرىدۇ. ئەمىرلىكتىن پايدىلىنىش ياخشى بولسىمۇ، ئاخىرەتكە كېتىش ۋاقتىدا ياكى ئەمىرلىكتىن قالدۇرۇلۇش ۋاقتىدا پۇشايمان قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

پادىشاھ ياكى چوڭ ھوقۇقلۇق مەنسەپدار بولۇش ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھالاۋىتىگە ئېرىشىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ئۇنى سۈت ئېمىتكۈچى ئانىغا ئوخشىتىدۇ. ئۆز ۋەزىپىسىنى شەرىئەتنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە تولۇق ئادا قىلالايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، دىنىي ۋەزىپىلەرگە ۋە دۇنيالىق ھوقۇقلارغا ئىگە بولۇشقا تىرىشىش ۋە مەسئۇل بولۇش چەكلەنمىگەن، بەلكى بەزى كىشىلەر ئۈچۈن بۇنداق قىلىش زۆرۈر ۋە پەرز بولۇشى مۇمكىن. ئەمما دىنىي ۋە سىياسىي خىزمەتلەر قابىلىيەتسىز، ئۇسال كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قېلىش خەۋپى بولمىغاندا، باشلىق بولۇشتىن ساقلىنىش لازىم. تىنچلىق شۇنىڭدىدۇر. نومۇس ئىشلاردىن ساقلىنىش ۋە گۈزەل ئەخلاق توغرىسىدا مىسال ۋە ئۈلگە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان شاگىرتلىرىمىزنىڭ مەھەللە ئاخۇنى بولۇش ئۈچۈن يۇرت جامائىتىگە زىياپەت بېرىشى، چاي قۇيۇپ، پۇل قويۇپ، ھاراق ئىچۈرۈشى ۋە بىر يۇرت باشلىقى بولۇش ئۈچۈن قازاقلارنىڭ بىر دارۇلمۇئەللىمىن مەكتەپ سالغۇدەك ئىقتىسادىنى پارا ۋە خۇشامەت ئۈچۈن بۇزۇپ ـ چېچىشى، ھەربىي ياكى مەمۇرى ھوقۇقدار بولۇش ئۈچۈن باشقىردلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇپ، بالا تەربىيەلەشكە يەتكۈدەك پۇلنى ياكى ئەرەبىستانغا بېرىپ كەلگۈدەك مال ـ مۈلۈكنى تۆگىتىشى ئويلاپ كۆرۈلسە، رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇ ھەدىسلىرىنىڭ بىزگە توغرا كېلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

# 98 ـ ھەدىس: ئوچۇق چىراي بولۇش توغرىسىدا

**إِنَّكُمْ لاَ تَسَعُون النَّاس بِأَمْوَالِكُمْ، وَلَكِنْ يَسَعُهُمْ مِنْكُمْ بَسْطُ الوَجْهِ وحُسْنُ الخُلُقِ.** (كشف الخفاء)

ئادەملەرنى پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن خۇش قىلىپ بولالمايسىلەر، ئەمما ئوچۇق چىرايىڭلار ۋە ياخشى ئەخلاقىڭلار ئۇلارنى خۇش قىلالايدۇ.

خالىس بولغان ئوچۇق چىرايدىن ھەركىم سۆيۈنىدۇ، ھەتتا خېلى بۇرۇن پەيدا بولغان ئاچچىقمۇ ئوچۇق چىرايغا قارشى تۇرالماي، يوق بولىدۇ. كېسەل ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ. «دورىلىرى بەك پايدا قىلىدۇ. كېسەل ئۈچۈن پايدىسى كۆپ بولدى» دېگۈچىلەرگە مەشھۇر تېۋىپلەردىن بىرىسى: «بىز بېرىدىغان دورىلار ئادەتتىكى دورىلار بولۇپ، ھەممە تېۋىپلەرگە مەلۇملۇق نەرسىلەر، ئەگەر بىزگە كۆرۈنگۈچى كېسەللەرگە پايدا قىلغان بولسا، ئۇلارغا بىزنىڭ دورىمىزدىن بەكرەك ئوچۇق چىرايىمىز پايدا قىلىدۇ. بىز ئۇلارنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالىمىز. پۈتۈن غەم ـ قايغۇلىرىغا شېرىك بولىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئوچۇق چىراينىڭ قانچىلىك پايدىلىق ئىكەنلىكى يۇقىرىقى جاۋابتىن مەلۇم بولىدۇ. خۇلق (خۇي) نىڭ بىر خىلى، مەسىلەن، ئاچچىقى كېلىش، خۇش بولۇش، گەپ ـ سۆزلەردىن تەسىرلىنىشتەك خۇيلار ئادەم بالىسى يارىتىلغان ۋە ئانىسىدىن تۇغۇلغان چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يارىتىلىدۇ، بىرلىكتە دۇنياغا كېلىدۇ. بۇخىل خۇي «تەبىئىي خۇلق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەنە شۇ ئاچچىقى كېلىش ۋە خۇش بولۇشتەك نەرسىلەر ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بىر ئاز تەڭشىلىدۇ، ئوتتۇرا ھال بولىدۇ. بۇ خىل خۇلۇق «كەسپى خۇلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى چاغدا ئادەم بالىسى ياتلارنىڭ يامان تەسىرىگە ئۇچراپ مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىچىش، چېكىش، قىمار ئويناشتەك يامان ئىشقا ئادەتلىنىدۇ. ياكى ياخشى كىشىلەردىن تەسىرلىنىپ ئىبادەتكە كۆنىدۇ. بۇمۇ «كەسپى ئەخلاق» تىندۇر.

ئەخلاقنىڭ بىرىنچى خىلى تەبىئىي بولۇپ، قالغان ئىككىسى كەسپىيدۇر. يامغۇرنى يەرگە چۈشكىلى قويماسلىق، ئوت يالقۇنىنى ئۆرلىگىلى قويماسلىق ياكى سۇنى ئېگىزگە چىقىرىش، تاشنى سۇ ئۈستىدە ئېقىتىش مۇمكىن بولمىغاندەك، ئەسلى ئاچچىق ۋە خۇرسەنلىكنى ئادەم بالىسىدىن يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما باشقىلارنىڭ قۇترىتىشى، قىزىقتۇرىشى ياكى يۇۋاشلىتىپ نەسىھەت قىلىشى ياكى ئۆزىنىڭ تەسىرلىنىشى سەۋەبى بىلەن ئاچچىقنى ياكى خوشاللىقنى چېكىدىن ئاشۇرۇش ياكى پەسەيتىش مۇمكىن. شۇنىڭدەك، يامان ئاداش ـ ئاغىنىلەرنىڭ زەھىرىدىن پەرىشتىدەك پاكىزە باللارنىڭ ھاراق ئىچىدىغان، قىمار ئوينايدىغان بولۇپ قېلىشى ياكى ياخشى تەربىيە قىلىش، ياخشى كىشىلەرگە ھەمرا بولۇش ئارقىلىق بۇزۇق ئائىلىدىكى باللارنىڭ ياخشى ئادەم بولۇپ يېتىلىشىنىڭ مۇمكىنلىكى تەجرىبىلەر بىلەن مەلۇم.

«ئەخلاق ئۆزگەرمەيدۇ»، «ئەخلاق ئۆزگىرىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوق، ھەر ئىككىسى توغرا. «تەبىئىي» ئەخلاق ئۆزگەرمەيدۇ. «كەسپى» ئەخلاق سىرتقى ئامىللار ياكى شۇ كىشىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

پەيغەمبەرلەر كەسپى ئەخلاقنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدۇ. ياشلارغا، بولۇپمۇ نارەسىدە باللارغا كەسپى خۇينى نىشانلاپ تەربىيە بېرىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ گۈزەل ئەخلاق ھەققىدىكى تاپشۇرۇقلىرىمۇ كەسپى ئەخلاق توغرىسىدىدۇر.

ئادەملەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقنى ئۆزگەرتىش قابىلىيىتى ئوخشاش ئەمەس، بەزىلەرنىڭ قابىلىيىتى يۇقىرى، بەزىلەرنىڭ تۆۋەن بولىدۇ. ھەر ھالدا خۇلقنىڭ كەسپى قىسمى ئۆزگىرىدۇ، ئالمىشىدۇ. بولۇپمۇ، ھەركىم ئۆز ئەخلاقىنى ياخشىلاشقا تىرىشسا، تەسىرى بولىدۇ.

ئۆز ئەخلاقىنى تۈزىتىشكە مۇۋەپپەق بولغان ئادەم ئۆزىمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالىدۇ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن ئەمىن بولىدۇ. ئەخلاقىنى تۈزىتىشكە تىرىشمىغان، تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم بۇزۇق ئەخلاقى سەۋەبىدىن ئۆزىمۇ جاپا چېكىدۇ، ئازابلىنىدۇ، خەلقىمۇ ياخشىلىق قىلمايدۇ. ياخشى ۋە تۈزۈك ئەخلاقلار، بەزەن پېقىرلىق، غەم ـ قايغۇ، بالا ـ قازاغا ئۇچرىغاندا، كېسەللىك بولغان ياكى قېرىپ قالغاندا ئۆزگىرىپ، بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ بولسا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەخلاقنىڭ كەسپى قىسمىدۇر.

# 99 ـ ھەدىس: ئامانەت ۋە خىيانەت

**إِنَّمَا الْمَجَالِسُ بِالْأَمَانَةِ.** (فيض القدير)

ئولتۇرۇشلاردا ئامانەتكە رىئايە قىلىش كېرەك.

يەنى مەجلىسلەردىكى مەخپىي سۆز ۋە ئەھۋاللارنى ئاشكارىلاشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەمما ئاشكارىلىنىپ كەتسە ھېچكىمگە زىيان يەتمەيدىغان ۋە سورۇندىكىلەردىن ئۇنى يوشۇرۇن تۇتۇش تەلەپ قىلىنمىغان ئەھۋالدا، ئۇنى سۆزلەشنىڭ زىيىنى يوق. ئىشپىيونلۇق، چېقىمچىلىق قىلىش ئېھتىمالى بولغان ئادەملەرنى خۇسۇسى ۋە ئومۇمىي مەجلىسلەرگە چاقىرىش ۋە كۆپچىلىكنى ئەندىشىگە سېلىش، بۇ ھەدىسنىڭ ئىشارىتىگە قارىغاندا مۇناسىپ ئىش ئەمەس. چېقىمچىلىق بىلەن ئىشەنچلىك بولۇشنىڭ بىر يەرگە كەلمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم.

ئولتۇرۇشلارغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشمۇ ئىشەنچلىك بولۇش قاتارىغا كىرىدۇ. ئەدەپلەرگە رىئايە قىلىدىغان مەجلىسلەر بولسا، ئادەم بالىلىرىنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان، ئىلىم ھاسىل قىلىدىغان ئەدەپ ۋە پەزىلەت ئۆگىنىلىدىغان ئورۇن بولۇشى، ئولتۇرۇشلار ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان، ئۆمۈر زايا قىلىدىغان پايدىسىز ئاساستا بولماسلىقى لازىم.

«ۋەزىر ساھىب ئىبنى ئۇبباد تەرىپىدىن ھەمىشە مەجلىس ئېچىلىدۇ. مەجلىستە ئالىملار، ئالاھىدە كىشىلەر، شائىرلار، يازغۇچىلار، ئەدەبىياتچىلار جۇغلىشىپ سۆزلىشىدۇ. پايدا ئېلىش، پايدا بېرىش ئىشلىرى بولىدۇ. ئىلىم ئاكادېمىيىسىدىن چىققاندەك چىقىپ تارقىلىشىدۇ» دېيىشىدۇ. خەلقلىرىمىز ئۆردەك، غاز، قوي، كالا گەپلىرىنى قىلىشىپ ئولتۇرىدىغان ئولتۇرۇشلارنى كۆپ قىلىشتى، بۇ توغرىدا پۇشايمان قىلىشمىدى. غەيۋەت، بىھۇدە ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان مەجلىسلەرمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە كۆپىيىپ قالدى. بۇنداق ئولتۇرۇشلارنى تۈگىتىپ، ئورنىغا ئەدەبىي، ئىلمىي مەجلىسلەرنى قىلىش ئادىتى يولغا قويۇلسا، بەك ياخشى ئىش بولاتتى.

خەلىفە مەئمۇن (ئابباسى خەلىپىلىكىنىڭ ھىجرىيە 198 ـ 218 ـ يىللىرى، مىلادىيە 813 ـ 833 ـ يىللىرى ئارىسىدىكى خەلىپىسى) ھۇزۇرىدا دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا پاراڭ بولغان ئىدى. ھەر خىل لەززەتلىك نەرسىلەر كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، مەئمۇن ھېچبىرىگە قايىل بولمىدى ۋە ئۆزى: «مېنىڭچە دۇنيادا ئەڭ لەززەتلىك نەرسە ئەدەبلىك ۋە ئىلىملىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتۇر» دېدى (بەلكى مەئمۇن ئۈچۈن شۇنداقتۇر). تاتلىق گەپ قىلغۇچىلار ۋە مەجلىسنىڭ ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار ناھايىتى ئاز بولىدۇ. شۇ ئازنىڭ قەدرىنى بىلگۈچىلەر تېخىمۇ ئاز.

مەجلىسنىڭ ئەدەبلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: گەپ ـ سۆزلىرى ھەشەمەتسىز، يەڭگىل بولۇش، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سۆزلەش، مەجلىستە بولغانلارغا تەرتىپ ۋە نۆۋەت بويىچە سۆزلەشكە يول قويۇش، تۇۋلىشىش، بىر ـ بىرىنى يېڭىشىش، مەجلىستە بولغانلارنى كەمسىتىش ۋە كۆڭۈل ئايىماسلىقتەك ئىشلار بولماسلىق. گەپ ـ سۆزلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشاش ۋە سۆزلەنگەن سۆزگە قوشۇلۇش ياكى قوشۇلماسلىق ھەركىمنىڭ ئىختىيارى بولغاچقا، ئۆز پىكرىدە قالغۇچىلارنى يامان كۆرمەسلىك، ئۆزىنى يۇقىرى كۆرۈپ، كۆرەڭلەپ قالماسلىق ھەم زىيادە گەپ كوچىلىشىپ ئېگىز ـ پەسلەشمەسلىك، بۇيرۇقچىلاردەك

سۆزلىمەسلىك، ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشى مەجلىسنى باشقۇرۇش، مەجلىس تەرتىپىنى، قائىدىلىرىنى ساقلاشقا سەل قارىماسلىق، قىسقىسى گەپ ـ سۆزلەر مەجلىستىكىلەرنىڭ ئەھۋالىغا، شۇ ۋاقىت ۋە شۇ ئورۇنغا مۇناسىپ بولۇش لازىم.

## 100 ـ ھەدىس: يارامىلىق ئادەملەرنى تېپىشنىڭ قىيىنلىقى

**إِنَّمَا النَّاسُ كَالْإِبِلِ الْمِائَةِ لَا تَكَادُ تَجِدُ فِيهَا رَاحِلَةً.** (صحيح البخاري)

ئىنسانلار بىرسىمۇ مىنىشكە يارىمايدىغان يۈز تۆگىگە ئوخشايدۇ.

بىر ئادەمنىڭ يۈز تۆگىسى بولۇپ، بىرسى توكۇر، بىرسى قارىغۇ، بىرسى يېغىر، بىرسى بوغاز، بىرسى بوتىلاق بولغانلىقتىن مىنىشكە بىرسىمۇ يارىمىغاندەك، ئادەم شۇنچە تولا بولسىمۇ، ئىشقا يارىغۇدەك بىرەرسىمۇ تېپىلمايدۇ. ھەر قايسىدا بىر ياكى بىر قانچە خىل ئەيىب بار، ئىشىنىش مۇمكىن ئەمەس. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزى كېرەكلىك ئىشلار ئۈچۈن ئادەم تېپىلمايدىغانلىقىغا مىسال بولىدۇ. ئادەم تاپالمىغانلىقى، ئادەم باللىرىنىڭ ئازار يەتكۈزۈش ۋە جەۋر ـ جاپا سېلىشىدىن ۋايسىغان بىر شائىر:

**مِمَّا رَأَيْتُ مِنَ الزَّمَانِ وَأَهْلِهِ — أَصْبَحْتُ أَكْرَهُ أَنْ أَرَىَ إِنْسَانًا**

**وَأُجَانِبُ المِرآة خَشِيَةَ أَنْ تَرى — عَيْنِيْ بِهَا مِنْ شَخْصِهَا إِنْسَانًا**

«زامانەمدىن ۋە ئادەملىرىدىن كۆرگەن دەرد ـ ئەلەملىرىم سەۋەبىدىن ئادەم دېگەن نەرسىنى كۆرۈشنىمۇ يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ شولىسىدىن ئادەمنى كۆرۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئەينەككە قاراشتىنمۇ ساقلىنىمەن» دېگەن بېيىتلارنى توقۇغان. ئەبۇ فەتھۇلبىستى دېگەن شائىرمۇ:

**مَنْ عَاشَرَ النَّاسَ لاقَى منهم نَصَبًا — لِأَنَّ سَوسَهُمْ بَغى وَعُدذان**

**وَمَنْ يُفَتِّشُ عَنْ الإِخْوَانِ يُقلهمْ — فَجُلَّ إِخوَان هَذاَ العَصْرِ خَوان**

«خەلق بىلەن ياشىغان ئادەم ئۇلارنىڭ خاپىلىقىغا ئۇچرايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ پىلانى زۇلۇم قىلىش ۋە تاجاۋۇزچىلىق. قېرىنداشلارنى ئىزدىگەن كىشى ئۇلارنى ئاز ئۇچرىتىدۇ. چۈنكى بۇ زاماندىكى قېرىنداشلارنىڭ تولىسى خائىندۇر» دېگەن.

مىغ ـ مىغ ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بازاردا چىراغ ياندۇرۇپ يۈرگەن دىيوجانىستىن: «كۈندۈزى چىراغ ياندۇرۇپ نېمە ئىزدەيسەن» دەپ سورىغان ئىكەن. دىيوجانىس: «ئادەم ئىزدەيمەن، ئادەم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يەنە بىر قېتىم شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيداندا: «ھوي ئادەملەر» دەپ توۋلىغاندىن كېيىن «نېمە دەيدىكىن» دەپ نۇرغۇن ئادەم جۇغلىشىپتۇ، ئۇ: «مەن سىلەرنى ئەمەس، ئادەملەرنى چاقىرغان ئىدىم» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئادەم تېپىش چوقۇم قىيىن ئىش. شائىر:

**إِنِّيْ لَأَفْتَحُ عَيْنِيْ حيْنَ أَفْتَحُهَا — عَلَى الكَثِيْر وَلَكِنْ لاَ أَرَىَ أَحَدًا**

«نۇرغۇن كىشىگە قاراپ كۆزۈمنى ئاچىمەن، لېكىن بىرمۇ ئادەم كۆرمەيمەن» دېگەن.

# 101 ـ ھەدىس: نىيەت توغرىسىدا

**إِنَّمَا يُبْعَثُ النَّاسُ عَلَى نِيَّاتِهِمْ**. (سنن ابن ماجة)

ئىنسانلار قەبرىسىدىن ئۆزىنىڭ نىيىتىگە قاراپ قوپۇرۇلىدۇ.

بۇ ھەدىس ـــ نىيەت سەۋەبىدىن ساۋابقا ئېرىشىش ياكى جازاغا تارتىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەسىلەن، بىر پېقىر ئادەم خالىس نىيىتى بىلەن: «پالان كىشىدەك باي بولسام، مۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلاتتىم، مۇنداق ئوبدان ئىش قىلاتتىم» دېسە ياكى «پۇلۇم بولغان بولسا، مەنمۇ پالان ئادەمدەك دۇنيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، كەيپ ـ ساپا قىلىپ يۈرەتتىم» دېسە ئاۋۋالقىسى نىيىتىگە ساۋاب، كېيىنكىسى نىيىتىگە گۇناھ يۈكلەپ، يەنى شۇ ئىشلارنى ئەمەلىيەتتە قىلغاندەك بولۇپ، قەبرىسىدىن قوپۇرۇلىدۇ. بۇزۇق نىيەت بىلەن ھەج قىلىپ قايتقۇچىنىڭ قىيامەت كۈنىدە قاتتىق ئازابقا ئۇچرىشى مۇمكىن بولغاندەك، توغرا نىيەت بىلەن كەنتلەردە ئىسلام ھۆكۈمىتى خىزمەتلىرىنى قىلىش، زاۋۇت ـ كارخانىلاردا ئىشلەش ئارقىلىق نەپلى ھەجنىڭ ساۋابىغا يېتىشمۇ مۇمكىن. پۈتۈن مەنە ۋە ئېتىبار نىيەتتىدۇر.

ئىنساننىڭ نىيەتلىرىگە قاراپ قەبرىدىن قوپۇرۇلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش. دىنىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى بىرىنچى ھەدىستە بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

## *102* ـ ھەدىس: كوچىدا ئولتۇرۇشنىڭ ئەدەبلىرى

**إِيَّاكُمْ وَالْجُلُوسَ عَلَى الطُّرُقَاتِ فَقَالُوا مَا لَنَا بُدٌّ إِنَّمَا هِيَ مَجَالِسُنَا نَتَحَدَّثُ فِيهَا قَالَ فَإِذَا أَبَيْتُمْ إِلَّا الْمَجَالِسَ فَأَعْطُوا الطَّرِيقَ حَقَّهَا قَالُوا وَمَا حَقُّ الطَّرِيقِ قَالَ غَضُّ الْبَصَرِ وَكَفُّ الْأَذَى وَرَدُّ السَّلَامِ وَأَمْرٌ بِالْمَعْرُوفِ وَنَهْيٌ عَنْ الْمُنْكَرِ.** (صحيح البخاري)

كوچا دوقمۇشلىرىدا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار! ساھابىلەر: ‹ئولتۇرماي تۇرالمايمىز› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئەگەر چوقۇم ئولتۇرىمىز دەيدىغان بولساڭلار، يولدا ئولتۇرۇشنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار› دېدى. ساھابىلەر: ‹يولنىڭ ھەققى نېمە؟› دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹قاراشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرگە قارىماسلىق، يولدا ماڭغۇچىلارغا ئازار بەرمەسلىك، سالامنى ئىلىك ئېلىش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇشتۇر› دېدى.

يول بويلىرى، بازار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەرلەردە ئولتۇرۇش، مېڭىش شەرىئەت ئالدىدا مۇباھ (گۇناھمۇ ئەمەس، ساۋابمۇ ئەمەس) ئىشلاردۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەدىستە توسماقچى بولغىنى بولسا، شۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى شۇ ئىشلار گۇناھقا سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن، گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى تۈگىتىش ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىشتۇر. يول دوقمۇشلىرىدا، دۇكان ئالدىلىرىدا ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ غەيۋەتلىرىنى قىلىپ، ئەيىبىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇش، ئەلۋەتتە ياخشى ئىش ئەمەس.

# 103 ـ ھەدىس: يامان گۇمان، ھەسەد ۋە نەپرەتتىن يىراق تۇرۇش توغرىسىدا

**إِيَّاكُمْ وَالظَّنَّ فَإِنَّ الظَّنَّ أَكْذَبُ الْحَدِيثِ وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا تَحَسَّسُوا وَلَا تَبَاغَضُوا وَكُونُوا إِخْوَانًا.** (صحيح البخاري)

(بىر دەلىل بولماي تۇرۇپ) كىشىلەردىن يامان گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى يامان گۇمان سۆزلەرنىڭ يالغانراقىدۇر. خەقنىڭ ئەيىبىنى سۈرۈشتۈرمەڭلار! ئۆزۈڭلارنىڭ تۇيغۇ ئەزالىرىڭلار (كۆز، قۇلاق ۋە باشقىلار) بىلەنمۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار! ھەر بىر ئىشتا ئالاھىدە بولۇشنى ئارزۇ قىلماڭلار! چىدامسىزلىق قىلماڭلار، ئاچچىقى كېلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆپەيتمەڭلار! بەلكى تۆگىتىڭلار! بىر ـ بىرىڭلارغا ئارقاڭلارنى قىلىشماڭلار (تاشلاشماڭلار، قېيدىماڭلار)! ھەممىڭلار بىر ـ بىرىڭلارغا قېرىنداش بولغان ھالدا ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىدىغان بەندە بولۇڭلار!

گۇمان دېمەك، كۆڭۈلگە كەلگەن راست ياكى يالغان بولۇش ئېھتىمالى بولغان، ھېچ قايسى تەرەپكە دەلىل بولمىغان نەرسە دېمەكتۇر. گەپ ـ سۆزلەر گۇمان بىلەن ئېغىزدىن چىققاندىن كېيىن، ھەدىستە گۇمان ‹سۆز› دەپ ئېيتىلغان. گۇمان ئۆز جايىدا تۇرۇپ، ئېغىزدىن چىقمىسا ياكى باشقا ئىش بىلەن ئىپادىلەنمىسە، زىيىنى يوق، بەلكى بۇ ئىش ئېھتىيات تۈرىگە كىرىپ، ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما تەسىرى تاشقىرىغا چىققان گۇمان، ئەلۋەتتە يارىماس ھەم زىيانلىقتۇر.

**عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ اللَّهَ تَجَاوَزَ لِأُمَّتِي مَا حَدَّثَتْ بِهِ أَنْفُسَهَا مَا لَمْ يَتَكَلَّمُوا أَوْ يَعْمَلُوا بِهِ»** (صحيح مسلم) دېگەن ھەدىستىن ئاۋۋالقى گۇمان؛ «**إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ**» دىن ئىككىنچى گۇماننىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى مەلۇم. گۇمان تۆۋەندىكىچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1 ـ ۋاجىپ: ئاللاھ تائالا ھەققىدە ياخشى گۇمان قىلىش؛

2 ـ ھارام: ئاللاھ تائالا ھەققىدە يامان گۇمان قىلىش؛ سىرتقى كۆرۈنۈشتە ياخشى كۆرۈنگەن مۇسۇلمانلاردىن يامان گۇمان قىلىشمۇ مۇشۇ قاتارغا كىرىدۇ.

3 ـ مۇستەھەب: تاشقى جەھەتتە ياخشى كۆرۈنگەن مۇسۇلمانلار ھەققىدە ياخشى گۇماندا بولۇش؛

4 ـ مۇباھ: ھېچكىمگە زىيىنى بولمايدىغان گۇمان. گۇناھتىن قاچمايدىغان، گۇمانلىق يەرلەردە يۈرۈشتىن ئۇيالمايدىغان ئادەملەرگە قارىتا يامان گۇمان قىلىشمۇ مۇشۇ قاتاردىدۇر.

ھەر ھالدا شەخسىگە ياكى كۆپچىلىككە زىيان، پاراكەندىچىلىك ۋە بالا ـ قازا كېلىش قورقۇنچىسى بولمىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈش، ئاساس بولماي تۇرۇپ يامان گۇمان قىلىش ۋە شۇ گۇمانىغا ئاساسەن بىر ئىش قىلىش بولسا، ئەخلاقىي جەھەتتىن چەكلەنگەن بولۇپ، سەت قىلىقتۇر.

تەجەسسۇس دېمەك: ھەرخىل يول بىلەن خەۋەرلەرنى تەكشۈرۈش (جاسۇسلۇق) قىلىش دېمەكتۇر.

تەھەسسۇس دېمەك: ئۆزىنىڭ بەش تۇيغۇ ئەزاسى ئارقىلىق كىشىلەرگە زەن قويۇش بولۇپ، بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مارىلاپ يۈرۈش دېمەكتۇر. بۇ، ئەلۋەتتە مۇسۇلماننىڭ ئىشى ئەمەس.

تەنافۇس دېمەك: دۇنيا ئىشلىرىدا ئۆزىلا ئۇستۇن بولۇشنى خالاپ قىلىشتۇر. چۈنكى ئاخىرەت ئىشلىرىدا بەسلىشىش زىيانلىق ئەمەس، بەلكى پايدىلىقتۇر. **وَفِي ذَلِكَ فَلْيَتَنَافَسْ الْمُتَنَافِسُونَ** يەنى «قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن»[40].

ھەسەد دېمەك: چىدىيالماسلىق دېگەنلىك بولۇپ، ھەسەد كۆڭۈلگە چۈشۈش بىلەن تەڭ ئادەم ئۇنى تىرىشىپ كۆڭلىدىن چىقارسا، ئۇ چاغدا بۇنىڭغا گۇناھ بولماي، بەلكى ساۋاب بولۇشى ئېھتىمال. ئەمما تىرىشمىغان تەقدىردە تۆۋەندىكى ئېھتىماللار يۈز بېرىپ قىلىشى مۇمكىن:

1ـ ھەسەد بىلەن بىركىمدە بار نېمەتنىڭ يوقۇلىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان كىشى زالىم، گۇناھكار بولىدۇ.

2ـ يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش قولىدىن كەلمىگەنلىكتىن تۇرۇپ قالغان، قولىدىن كەلگەن تەقدىردە ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدىغان كىشىمۇ گۇناھكار بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق يامان ھەرىكەت قىلماسلىقى ئاللاھ تائالادىن قورقانلىقىدىن بولسا، بۇ چاغدا گۇناھكار بولماي، بەلكى ساۋاب بولۇش ئېھتىمالى بار. چۈنكى كۆڭلىگە كەلگەن چىدىماسلىقنى چىقىرىپ تۆگىتىش مۇمكىن ئەمەس. 127 ـ ھەدىس شەرىپ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ھەسەد قىلىش (كىشىنىڭ پايدىسىغا چىدىيالماي قىلىش) شەرىئەتتە ھارام ئىش ۋە چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، تۈگىتىش مۇمكىن بولمايدىغان دۈشمەنلىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شائىر:

**كُلُّ العَدَاوَاتِ قَدْ تُرْجَى إِزَالَتُهَا إِلاَ عَدَاوَةً مَنْ عَادَكَ مِنْ حَسَدٍ**

ھەسەد سەۋەبىدىن كەلگەن دۈشمەنلىكتىن باشقا دۈشمەنلىكنىڭ يوقۇلىشىدىن ئۈمىد بار، دەپ توغرا ئېيتقان.

ئەبۇ داۋۇد «ھەسەتتىن ساقلىنىڭلار! ئوت ئوتۇن ياكى پىچاننى قانداق كۆيدۈرسە، ھەسەد ساۋابلىق ياخشى ئىشلارنى شۇنداق كۆيدۈرىدۇ» دېگەن مەزمۇندا: **عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِيَّاكُمْ وَالْحَسَد فَإِنَّ الْحَسَدَ يَأْكُلُ الْحَسَنَاتِ كَمَا تَأْكُلُ النَّارُ الْحَطَبَ أَوْ قَالَ الْعُشْبَ.**» (سنن أبي داود) دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ھەسەد ئارقىلىق ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ دۇنياسىغىمۇ، دىنىغىمۇ زىيان يەتمەي، (ۋابالى) دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ھەسەد قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە قايتىش ئېھتىمالى بار. ھەسەد يۈزىسىدىن ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ نېمىتى يوقىلىدىغان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى ھېچكىمدە قالماس ئىدى. ھەتتا دۇنيادا مۇسۇلمانمۇ تېپىلماس ئىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلىقمۇ بىر نېمەت، بەلكى ئەڭ چوڭ نېمەت، ئۇنىڭغىمۇ چىدىيالمايدىغانلار بار. ئەمما ھەسەد يۈزىسىدىن ئىككىنچى بىر كىشى پايدىغا ئېرىشىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تالانىڭ ئالدىغا زۇلۇم قىلىنغۇچى بولۇپ بارىدۇ. مۇشۇلارنى ئويلاش ھەسەتتىن يېنىشقا سەۋەبمۇ بولىدۇ.

بىر تەرەپتىنلا بولغان چىدىماسلىق ھەسەد دەپ ئاتالسا، قارىمۇ قارشى بولغان چىدىماسلىق ‹تَحَاسُدْ› دەپ ئاتىلىدۇ. ھەسەد ھارام بولغاندەك، تەھاسۇدمۇ ھارامدۇر. بۇنداق ئىشلاردا قىساس يۈرمەيدۇ. «بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر.» دېگەن قائىدە بۇ خىل ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

تەباغۇز: ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىنى دۈشمەن تۇتۇشى بولۇپ، بۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھارامدۇر. بۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى تۆگىتىشكە تىرىشىش لازىم. سەۋەبلىرى يوقالسا، ئۆزىمۇ يوقىلىدۇ. ھارام قىلىنغان دۈشمەنلىك،

---

[40] مۇتەففىفىن سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شەخسىي مەنپەئەتلەر ئۈچۈن قىلىنغان دۈشمەنلىكتۇر. ئەمما دۈشمەنلىك ھەقىقەتتە ئاللاھ ئۈچۈن بولسا، ئۇ ھالدا ھارام ئەمەس، بەلكى ساۋابتۇر.

تەدابۇر: بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىش، بىر ـ بىرىگە ئۈچرىشىشتىن ۋە بىر يەرگە كېلىپ قېلىشتىن ساقلىنىشتۇر. بىرسىنى بار ئىكەن دەپ بىرەر مەجلىسكە بارماسلىق، شەخسلەرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماسلىق «تەدابۇر»دۇر. ئۇچرىغاندا سالام قىلىش ئارقىلىق تادابۇردىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىغان ئالىملارمۇ بار.

رەسۇلۇللاھ بۇ خىل بۇزۇق ئەخلاقلاردىن توسقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قېرىنداش بولۇشىنى ۋە ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغۇچىلار، بىر ـ بىرىنى قېرىنداش ھېسابلىغۇچىلارنىڭ شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولۇشى تەبىئىيدۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ نەسىھەتلەرنى قىلىشتىكى مەقسىتى ئۈممىتىنىڭ ئەخلاقىنى تۈزىتىش، ئارىلىرىدا قېرىنداشلىق ئورنىتىش، ئىپپەت ۋە ئىززەت بىلەن ياشاشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئۈلپەت ۋە مۇھەببەت پەيدا قىلىش ئىكەنلىكىنى ھەركىم ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ بىلەلەيدۇ. مەدىنىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا قېرىنداشلىق ئورناتقان ۋە قېرىنداشلىق ھەققىگە رىئايە قىلىشنى ئېيتىپ، ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ خىل ھەدىسلىرى بىلەن ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ ۋە قۇرئان كەرىمدە **إِنَّمَا الْمُؤْمِنُوْنَ إِخْوَةٌ** يەنى «پۈتۈن مۆمىنلەر ھەقىقەتەن دىندا قېرىنداشلاردۇر» دەپ قېرىنداشلىقنىڭ ئۈلىنى چىگىتتى. قېرىنداشلىق قۇرۇق گەپتىنلا ئىبارەت بولماي، بەلكى ئەمەلگە قويۇلۇشى لازىم. ئەگەر مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق نەسىھەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى بولسىمۇ تۇتقان ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت دەستۇرى قىلغان بولسا ئىدى، دۇنيادا ئىنتايىن ياخشى ياشىغان ۋە ئۆمرىنى خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتكۈزگەن بولار ئىدى.

## 104 ـ ھەدىس: دىندا بىر ئىشنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك توغرىسىدا

**وَإِيَّاكُمْ وَالْغُلُوَّ فِي الدِّينِ فَإِنَّمَا أَهْلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ الْغُلُوُّ فِي الدِّينِ.** (سنن النسائي)

دىن ئىشلىرىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار! بۇرۇن ئۆتكەن ئۇممەتلەرنى دىن ئىشىدا بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھالاك قىلدى.

پەيلاسوپلارنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بىرى كۆزىتىش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، دىن مۇنۇ نەرسىلەرگە ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگىمۇ، قىلغان ئىشلىرىغىمۇ، بەندىچىلىكلىرىگىمۇ ھاجەتمەن ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىرى بولسا، پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆز پايدىسى ئۈچۈندۇر.

2 ـ ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە مېھرىبان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشى، تۈزۈك بولۇشىنى خالايدۇ ۋە ئىنسانلارنى پايدىلىق بولغان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ.

3 ـ ئىبادەتلەر بولسا، ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىرىغا، ئالەمدە تۈزۈلگەن قانۇنىيەت ۋە تەبىئەتكە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم.

4 ـ ئىنسانلارنىڭ بەدەن ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى پەقەت ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى روھنى، كۆڭۈلنى تۈزۈك ۋە سۈزۈك قىلىشقا ۋاستە بولسۇن ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش لازىم.

پەيلاسوپلار دىنغا مۇشۇنداق قارايدۇ. ئەگەر ئېتىقادلار ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەتكۈزگەن بويىچە بولۇشى لازىم، دېگەن بىر شەرتنى قوشساق، ئىسلام دىنى تامامەن شۇنداق بولىدۇ.

دىنىنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئىنسانلارنىڭ جاپا ۋە قىيىنچىلىق تارتىشى ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىك، راھەت ۋە بەخت ـ سائادەت كۆرىشىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە تاكامۇللىشىشىغا توسالغۇ بولىدىغان دىنلارنىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ راھەت ئىچىدە ياشىشىغا، دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىگە، ھايات قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ۋە ياردەمچى بولىدىغان «دىن» لا ياشىيالايدۇ. بۇ دىنىنىڭ ئىسلام دىنى ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھىمىز يوق.

دىندا «غۇلۇۋ قىلىش» دېگەنلىك بولسا، ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىش، چىڭقىتىۋېتىش ۋە كاجلىق، تەرەپبازلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭغا قارىغاندا، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىدىن رىۋايەت قىلىنمىغان ئېتىقادلارنى ۋە ئىشلانى قوشۇۋېلىش، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش مەقسىتى بىلەن ئىبراخمان سوپىلىرىنىڭ ھاياتقا ۋە قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا ئۆز ـ ئۆزىنى قىينىشىدەك بەدەن ۋە جاننى قىيناش، سۇلۇك ۋە مەزھەب تالاش ـ تارتىشى بىلەن ئۆمۈرنى زايا قىلىش دىندا «غۇلۇۋ» قىلغانلىق بولىدۇ.

دىندا غۇلۇۋ قىلىش كۆپىنچە ياخشى، ساۋابلىق ئىشلارنىڭ رەڭگىدە كۆرۈنگەنلىكتىن خەلق ئۇنىڭغا دىققەت قىلمايدۇ ۋە مۇنكەر (شەرىئەتتە يامان ئىش) ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى بولمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر تېخى: «ئىبادەت قىلغاننىڭ نېمە زىيىنى بار، ھەر نېمە بولسا ئىبادەت ئەمەسمۇ، زىكىر ئېيتتىمغۇ» دېگەن پىكىرنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ يارىمايدىغان ئىش ئىكەنلىكى

توغرىسىدا ئىشەنچلىك ئالىملار ۋە مۇھەددىسلەرنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بېسىلىپ دۇنيادا نەشىر قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ھەر مىللەت، ھەر يۇرتلاردا بولغان بىدئەتچىلەرنىڭ، غۇلۇۋ قىلغۇچىلارنىڭ خەلقنى يولدىن ئازدۇرۇشى ۋە يۇقىرىقىدەك ئالىملارغا يولدىن ئازدۇرغۇچى، ئازغۇچى، دەھرى، زىندىق، شىئە، مۇئتەزىلە، پاسىق، مارق (دىندىن چىققۇچى) دېگەن لەقەملەرنى قويۇشى، ئۇچرىغان يەرلەردە سۆكۈپ، كەمسىتىپ يۈرۈشى سەۋەبى بىلەن، ئۇ كىتابلارنىڭ، ئەسەرلەرنىڭ نەسىھەتلىرى خەلقنىڭ دىلىغا تەسىر قىلمايدۇ، دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىمايدۇ. شۇڭا بۇ بىدئەتلەر ئىسلام دۇنياسىغا توسالغۇسىز تارقىلىدۇ. تېببىي چارە قىلغىلى بولمايدىغان بۇخارا ۋاباسىدەك پۈتۈن ئەتراپنى قاپلىۋالىدۇ. ئەھلى كىتابقا (يەھۇدىيلار، خىرىستىئانلار) ﴿لاَتَغْلُوْا فِيْ دِيْنِكُمْ غَيْرَ الحَقِّ﴾[41] دەپ نەسىھەت قىلغان قۇرئان كەرىم ئۆز تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدا غۇلۇۋ قىلىشىغا رازى بولۇپ تۇرمىسا كېرەك.

ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە سەلەپ ـ سالىھىنلارنىڭ دۇنيادىن كېتىشى بىلەن ئىسلام دىنىدا غۇلۇۋ (بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇۋېتىش) ئىشلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ھەر ئەسىردە، ھەر يۇرتتا خەلقنىڭ تەلىپىگە، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە كۆرە، يېقىملىق يوسۇندا غۇلۇۋنىڭ ھەرخىلى باش كۆتۈردى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى مىسال ئۈچۈن بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. سۆزلىگىنىمىز بىر بولسا، سۆزلىمىگىنىمىزنىڭ مىڭ ئىكەنلىكى ئەستە تۇتۇلسۇن!

1 ـ قۇرئان ۋە سۈننەتنى قويۇپ مەسۇم ئەمەس (گۇناھ ۋە خاتالىقتىن خالى ئەمەس) بەندىلەرگە ئەگىشىش. ھەممىگە مەلۇمكى، سەلەپ زامانىسىدا مەزھەپ دېگەن نەرسە يوق ئىدى. خەلق قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاساسەن ئەمەل قىلاتتى. ئەگەر قۇرئان، ھەدىسنى بىلىشكە كۈچلىرى يەتمىسە، كۈچى يېتىدىغانلاردىن سورايتتى، ئۆگىنىپ پايدىلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن، بۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنى يەككىل، ھايات ۋە تۇرمۇشقا مۇۋاپىق ئىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا كېيىن تارقالغان مەزھەبلەرنىڭ ھېچ قايسى سەلەپ زامانىسىدىكى ئىسلام دىنىدىن ئەركىن ئەمەس، بەلكى تەلفىق (مەزھەبلەرنى بىرلەشتۈرۈش) مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، بۇ مەزھەبلەرنىڭ ھەر بىرى شۇ كەڭرى دىننى ئاز ـ تولا قىسىش ۋە تارايتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ھېچكىمنى ھەنبەلى، شافىئى، ھەنەفى ۋە مالىكى مەزھەبلىرىگە كىرىشكە تەكلىپ قىلمىغىنىغا قارىماي، كېيىنكى خەلقلەر مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر تۆت مەزھەبتىن بىرىگە ئەگىشىشنى شەرت قىلدى ۋە بىر كىشىنىڭ ئۆز ئىجتىھادى بىلەن ئەمەل قىلىشىنى (ئاللاھ ساقلىسۇن) «مۇرتەد» (دىندىن چىقىش) بىلەن ئوخشاش كۆرۈشكە باشلىدى. ئىجتىھادنىڭ تۈپتىن يوقالغانلىقى ۋە مۇجتەھىد چىقمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۈمۈچۈكنىڭ تورىچىلىكمۇ شەرئىي دەلىل بولماي تۇرۇپ، ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرى بۇ ئىشنى بۇنىڭدىن كېيىن مۇجتەھىد چىقمايدىغانلىقىغا ئىشەنمىسە مۆمىن بولالمايدىغاندەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. بۇ خىل خاتا ئەقىدە ئۆزىنىڭ ئۇساللىق نامى بىلەن ۋە پىسىق ـ پۈجۈرلۇق كۆرۈنۈشى بىلەن تارقالماستىن، بەلكى: «بىزدەك گۇناھكار بەندىلەر ۋە باشتىن ئاياغ كەمچىلىك بىلەن ئورالغان ئىنسانلارنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستەك ئالىي پەرمانلارنى بىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىكى سىر (يوشۇرۇن نىشان) لارنى چۈشىنىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، تۇپراقنى يۇلتۇزغا قىياس قىلغىلى بولمايدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ زاھىرىنى چۈشىنىش ۋە دەلىل كەلتۈرۈشنى بىلىشلا يەتمەيدۇ. بەلكى شۇ مەسىلە توغرىسىدا جانابى ئاللاھنىڭ رىزاسى بارلىقى ياكى نارازى بولۇشىنى بىلەلىگۈدەك نۇر ھاسىل قىلالمىغان كىشىلەرنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىل كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى بولسا، ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنى تونۇمىغانلىق، توغرا يولدىن ئازغانلىق ۋە باشقىلارنى يولدىن چىقارغانلىق بولىدۇ» دېگەندەك ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش قىياپىتى بىلەن تارقىتىلدى. ۋەھالەنكى، ئاشۇ تونۇشىنىڭ ئۆزى خالىس

41 مائىدە سۈرىسى 81 ـ ئايەت.

بوھتاندۇر ۋە شەرىئەتكە قارشى توقۇلما گەپتۇر. قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىل كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازى بولىدىغانلىقىنى ياكى غەزىپى كېلىدىغانلىقىنى بىلەلىگۈدەك «نۇر» بولۇش لازىم، دېگەن شەرت قۇرئاننىڭ قايسى يېرىدە، قايسى ھەدىستە بايان قىلىندۇ؟ بايان قىلسا، شۇ «نۇر» نىڭ بارلىقىنى ۋە يوقلۇقىنى كىم ئايرىپ بېرەلەيدۇ ۋە شۇ دەۋانى قىلغۇچىلار ئۆزىدە شۇ نۇرنىڭ بارلىقىنى قانداق بىلىدۇ؟ بىلەلمىسە، ئۇ دەۋاسىنى قانداق ئاساسقا يۆلىنىپ قىلىدۇ؟

2 ـ مەيلى تىرىك ياكى ئۆلۈك بولسۇن «شەيخ» (ئىشان) لار، ۋەلىلەر توغرىسىدا «ئاللاھ تەسەررۇپ قىلىدۇ، ئۇلاردىن مەدەت تىلىگۈچىلەرگە ھەم ئۆلارنىڭ تەرىقىتىدە، سۇلۇكىدا ماڭغۇچىلار (مۇرىدلىرى) غا مەنىۋى ياردەم قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلار (مۇرىدلار) ئۆلۈپ دەپنە قىلىنىپ قەبرىگە پەرىشتە كېلىپ سوراق قىلغاندا، ئاشۇ پىر كامىللار، ئەۋلىيالار قەبرىگە ھازىر بولۇپ، مۇرىدىغا ياردەم قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن مەدەت تىلەش، ياردەم سوراشنىڭ پايدىسى بار دېگەنلەرگە ئېتىقاد قىلىش.

3 ـ بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان، مەسىلەن، كېسەلدىن ساقايتىش، تەۋپىق ـ ھىدايەت، چوڭ بايلىق بېرىش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەقسەتلىرىنى ھەل قىلىشتەك مەقسەتلەرنى تىلەش ئۈچۈن قەبرىلەرگە بېرىش، مازار بېشىدا نەزرە مال بوغۇزلاش، ھاجىتىنى تىلەش، تېنى ساق، ئىش قىلىشقا، كەسىپ قىلىشقا كۈچى بار ئادەملەرنىڭ شۇ مازارلاردا خاكسار ئابىد بولۇپ يېتىشى ۋە شۇ دۇئاگويلارغا نەزىر ـ سەدىقە بېرىشى.

4 ـ نەپلە ئىبادەتلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ تۇرۇپ، پەرزلەرگە ۋە ھاراملارغا سەل قاراش. نۇرغۇن كىشىلەر نەپلى ئىبادەتلەرنى ناھايىتى بەك ئىنچىكىلەيدۇ ۋە ئۆز لايىقىدا چىڭ تۇتمىغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ پەرز ئىشلار ۋە ھارام ئىشلارغا ئېتىبارسىز قارايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى ھەر يەردە ئۇچرىتىش ۋە كۆرۈش مۇمكىن.

5 ـ قۇرئان ۋە ھەدىسكە خىلاپ ھالدا پەتىۋا بېرىش.

6 ـ تاھارەت ئىشلىرىدا ئادەتتىن تاشقىرى تەكشۈرۈش، ئىنچىكىلەش.

7 ـ سەدىقە بېرىشكە توغرا كەلسە، قەبرە بېشىدا قۇرئان تامام قىلىش، تەھلىل («لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېيىش)، تەسبىھ ئوقۇپ ئولتۇرۇش، قەبرە بېشىدا سەدىقە، ناماز ھەققى، دەۋرە ئىسقات بېرىش، ئۆلۈك دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن بىرىنچى، ئۈچىنچى، يەتتىنچى، يىگىرمىنچى، قىرىقىنچى كۈنىدە ۋە يىل توشقاندا، بارائەت كۈنىدە نەزىر قىلدۇق دەپ زىياپەت بېرىش، قۇرئان ئوقۇتۇپ ئوقۇغۇچىلارغا سەدىقە بېرىش، قەبرىستانغا مەسجىد، دۇئاخانا ياساش، چېدىر تىكلەش، چىراغ ياندۇرۇش ۋە باشقىلار.

8 ـ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ۋە ۋىجدانىنى باشقۇرىدىغان بولۇۋېلىش. ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكمى بويىچە شەرىئەتكە لايىق قازى بولمىغان ياكى قازى بولسىمۇ ئۆزىگە شۇ مەسىلە تاپشۇرۇلمىغان كىشىلەرنىڭ بىزنىڭ قىبلىمىزگە ۋە قۇرئانغا ئىمانى بار كىشىلەرنى دىن نامىدىن دىنسىز، بەدمەزھەب، كاپىر، مارىق دەپ ھۆكۈم قىلىشى قاتارلىقلار بولسا، دىندا غۇلۇۋ قىلغانلىق بولۇپ، بۇ ھەدىسكە توغرا كېلىدۇ.

بەندىلەرنىڭ ئېتىقادلىرىغا مىنۋېلىش، ئۇلارنى كاپىر دېيىش، بەختلىك ياكى بەدبەخ (مۆمىن سالىھ ياكى دىنسىز) دەپ ھۆكۈم قىلىش، ئىسلام دىنى تەرىپىدىن خۇسۇسى كىشىلەرگە تاپشۇرۇلغىنى يوق.

مۇنداق ئەھۋاللار ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ زامانىسىدا بولمىغان ئىدى، ھەتتا رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىگىمۇ **(فَذَكِّرْ إِنَّمَا أَنْتَ مُذَكِّرٌ * لَسْتَ عَلَيْهِمْ بِمُسَيْطِرٍ)** يەنى «ئى مۇھەممەد! سەن چۈشەندۈر! سېنىڭ چۈشەندۈرۈش، نەسىھەت قىلىشلا ۋەزىپەڭ بار، سەن خەلق ئۈستىدە زوراۋانلىق قىلغۇچى ئەمەس» دەپ بۇيرۇق كەلگەن ئىدى. ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ بۇ توغرىدا **عَنْ عَبْدُ الرَّحْمَنِ**

**بْنُ أَبِي نُعْمٍ فَقَالَ خَالِدٌ وَكَمْ مِنْ مُصَلٍّ يَقُولُ بِلِسَانِهِ مَا لَيْسَ فِي قَلْبِهِ قَالَ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنِّي لَمْ أُومَرْ أَنْ أَنْقُبَ عَنْ قُلُوبِ النَّاسِ وَلَا أَشُقَّ بُطُونَهُمْ**» (صحيح البخاري) يەنى «مەن خەقنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ياكى قورسىقىنى يېرىپ كۆرۈپ بېقىشقا بۇيرۇلمىدىم» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇسۇلمان ھەرقانچە ئالىم بولسىمۇ، ئۆز تونۇشىدا ھەر قانچە دىندار بولسىمۇ، باشقا بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىغا زوراۋان بولۇۋېلىشىغا ۋە ئۇنىڭ ئىمانىغا، مەزھىبىگە، ئاقىۋىتىگە ھۆكۈم قىلىشقا ھەققى يوقتۇر. ئالىم كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، خەلقنى دىندىن چىقىرىپ تاشلاش ئەمەس، بەلكى دىنغا كىرگۈزۈش ۋە دىنغا يېقىنلاشتۇرۇشتۇر. كىشى بىلەن تاكاللىشىش، باشقىلارنى تەكشۈرۈشنىڭ ئورنىغا ھەركىم ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆزىنى تۈزىتىشى لازىم. باشقىلارنىڭ كەمچىلىكى ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىدىن بىغەم ۋە بىخەۋەر بولۇش ياخشى ئىش ئەمەس. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە **وَمَا أَدْرِي مَا يُفْعَلُ بِي وَلَا بِكُمْ** يەنى «ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە مۇئامىلە قىلىنىشىنى بىلمەيمەن» دېگەندەك، قۇرئان كەرىمدىمۇ «چۈشەنگەن كىشى ئۈچۈن چوڭ ئىبرەت بار»[42] دەپ كۆرسىتىلگەن. كىشىلەرنىڭ قۇتۇلۇشى ياكى ھالاك بولۇشىغا ھۆكۈم قىلىدىغان كۈن بۇ دۇنيا ئەمەس، بەلكى ئاخىرەت بولۇپ، بۇ توغرىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ كىمنىڭ ھەققى يوق. كىمنىڭ دەھرى (دىنسىز)، كىمنىڭ دىندار ئىكەنلىكى شۇ كۈندە مەلۇم بولىدۇ.

**ستعلم ليلى أي دين تداينت       وأي غريم في التقاضي غريمها**

«شۇ كۈندە لەيلا ئۆزىنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى، كىمگە كىمنىڭ ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.»

9ـ مەزھەپ توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىش. ئۆز دىنى ۋە ئۆز مەزھىبىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىمنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. بەلكى ئۆز تونۇشىدا مۆتىۋەر بولغان ھۆججەتلەرگە تايىنىپ، ئۆز مەزھىپى ۋە مەسلىكىنىڭ توغرىلىقىنى چۈشىنىش ئەقىللىق ۋە ئاگلىق بولۇشنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنداق قىلىش دىندا غۇلۇۋ ئەمەس. غۇلۇۋ بولسا، ئۆز مەزھىپىنى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەنلا قانائەت قىلماي، باشقىلارنىڭ مەزھەبلىرىگە تەنە قىلىش، كەمسىتىش، ئۆز مەزھىبىدە بولمىغانلارنى ۋە ئۆزىدەك پىكىر قىلمايدىغانلارنىڭ دىلىنى رەنجىتىش ۋە ھۆرمەت قىلماسلىقتۇر.

ئۆز دىنىدا، ئۆز ئەقىدىلىرىدە بولمىغان كىشىلەر ھەققىدە كۆڭۈلنى كەڭ تۇتماسلىق، قوپال مۇئامىلە قىلىش، كۆيۈنمەسلىكتەك ئەخلاقلار، ئۆزىنى دىن باشلىقلىرى دەپ سانىغۇچى كىشىلەردە ئومۇملاشقان ئادەت بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ ئىشلىرىنى دىنغا خىزمەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا يارايدىغان ئىش دەپ بىلىدۇ. ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن قارشى تەرەپنى كاپىر دېيىش ئارقىلىق جەننەت يولىدىن ھەيدەپ چىقىرىشتىن ھۇزۇر ھېس قىلىدۇ. ئۇلاردىن بىرىگە: «سېنىڭ گېپىڭگە قارىغاندا، ئاتا ـ ئاناڭمۇ كاپىر بولۇشى لازىم» دېيىلگەندە، ئۇ: «دوزاختىن ئورۇن چىقمايدۇ دەپ قورقماڭلار» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىلمى كالام بىلەن تەسەۋۋۇپتا ئىمام ۋە ئەللامە بولغان بىركىشى ھەققىدە سالىھۇل مۇقبىلى: «قاراڭلار بۇ كىشىنىڭ ئەدىبىگە! دادىسىنى كاپىرلىققا چىقىرىپ، بىر نەرسىلەرنى دېگىلى تۇردى ۋە ئۆزىنىڭ بىلمەسلىكىدىن بەك كۆپ مۇسۇلمانلارنى دىندىن چىقاردى» دەيدۇ. **(لَا إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ قَدْ تَبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الغَيِّ)** يەنى «دىندا زورلاش يوق، توغرا يول بىلەن خاتا يول ئاشكارا بولۇپ بولدى»[43] **(لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ)** يەنى «سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلەر ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن» دەيدىغان كىتابقا ئەگەشكۈچىلەر ئۈچۈن ئەقىدىلەر ۋە پىكىرلەرنى بوغۇش، تەھدىت سېلىش، دىن دائىرىسىنى ئۆزى خىيال قىلغان سىزىقلاردىن

[42] ئەھقاب سۈرىسى 8 ـ ئايەت.
[43] بەقەر سۈرىسى 257 ـ ئايەت.

ئىبارەت دەپ، شۇ دائىرىنى كەڭ ۋە چوڭراق قىلىپ ئويلاش توغرىسىدا باشقىلارغا ھەق ۋە ئەركىنلىك بەرمەسلىكتەك ئىشلار دىندا غۇلۇۋ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

قوغدىغۇچىسى ۋە ئەگەشكۈچىسىنىڭ كۆپ بولۇشى يۈزىسىدىن بىر ئىش ۋە بىر يولنىڭ ھەقلىقىنى دەۋا قىلىش ئورۇنسىزدۇر. ئەگەشكۈچىسى ئاز بولغان ھەق بىلەن، ئەگەشكۈچى كۆپ بولغان باتىل يول ۋە سۇلۇكلارنىڭ مىساللىرىنى ئەقلىي كۆزى كۆر بولمىغانلار ئۆزى تاپالايدۇ. **(وَإِنْ تُطِعْ أَكْثَرَ مَنْ فِي الْأَرْضِ يُضِلُّوكَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ)** يەنى «يەردىكى ئادەملەرنىڭ تولىسىغا بويسۇنساڭ ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئىزىقتۇرىدۇ»[44]. **(وَقَلِيلٌ مِنْ عِبَادِيَ الشَّكُورُ)** يەنى «بەندىلىرىم ئىچىدە مەن كۆرسەتكەن يولدا مېڭىپ ماڭا ئىتىقاد قىلغۇچىلار ئاز»[45]. ھەركىم ئۆزىنىڭ مەزھىبىنىڭ ھەقلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۆز مەزھىپىنى باشقا مەزھەبلەردىن تۆۋەن كۆرستىشكە رازى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەزھەپ تەرەپبازلىقىغا بېرىلىپ كەتكەن مىللەتلەر پايدىسىز تالاش ـ تارتىشلاردىن لەززەت ئېلىپ، دىن ۋە دۇنيا ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىلىم ۋە ھۈنەرلەردىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇ ئىش پۈتۈن مىللەتنىڭ پېقىر، يوقسۇل بولۇشىغا ۋە ئۆز ئارا ئىتتىپاقىنىڭ بۇزۇلۇشىغا، دەۋانىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ. سەلەپ ئالىملىرىنىڭ ‹ئىلمى كالام› نى سۆكۈشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرىنىڭ مۇشۇ نەرسە ئىكەنلىكى مەلۇم. ھەقىقەتتە ‹ئىلمى كالام› دىنى بىر يول بولۇشتىن بەكرەك، ئاساسى ئارستوتىلنىڭ پەلسەپىسىدىن ئىبارەت بولغان ئىلمي ۋە پەلسەپىۋى بىر يولدۇر.

ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن كالام بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك ئەمەس، بەلكى شۇغۇللانماسلىق لازىم. كالام كىتابلىرىدا سۆزلەنگەن ئامىللار ۋە قائىدىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى بىلىشمۇ ئۇ قائىدىلەرگە قاراشلىق ئەمەس. مۇشۇ سىرنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئەبۇل مائالى، غەزالى، پەخرۇددىن ئەررازى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كالام ئۆلىمالىرى ئىلمى كالام بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزگىنىگە پۇشايمان ۋە تەۋبە قىلدى. ھەر ھالدا ئۆزى كىرگەن مەزھەبلەرنىڭ ھەقلىقىنى ۋە توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن باشقا مەزھەبتىكىلەرنى ۋە مەزھىپىنى كەمستىشكە ۋە سۆكۈشكە ھاجەت يوق، **(وَلَا تَسُبُّوا الَّذِينَ يَدْعُونَ مِنْ دونِ اللَّهِ فَيَسُبُّوا اللَّهَ عَدوا بِغَيْرِ عِلْمٍ)** يەنى «مۇشرىكلارنىڭ خۇدانى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنى تىللايدۇ»[46] دېگەن بۇيرۇق يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزنىڭ ئوچۇق دەلىلى بولسا كېرەك.

---

[44] ئەنئام سۈرىسى 116 ـ ئايەت.
[45] سەبەئ سۈرىسى 12 ـ ئايەت
[46] ئەنئام سۈرىسى 108 — ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## 105 ـ ھەدىس: ئايال كىشىنىڭ يولدىشىنىڭ رۇخسەتسىز غائىب بولۇشىنىڭ يامانلىقى

**أَيُّمَا اِمْرَأَةٍ خَرَجَتْ مِنْ بِيْتِ زَوْجِهَا بِغَيْرِ إِذْنِ زَوْجِهَا كَانَتْ فِيْ سَخْطِ اللهِ تَعَالَى حَتَّى تَرْجِعَ إِلَى بَيْتِهَا أَوْ يَرْضَى عَنْهَا زَوْجُهَا.** (الجامع الصغير)

(ھېچقانداق مەجبۇرلۇق بولماي تۇرۇپ) ئېرىدىن سورىماي ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن خوتۇن كىشى، ئۆيگە قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ياكى ئېرى رازى بولغانغا قەدەر ئاللاھنىڭ غەزىپىدە بولىدۇ.

ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا، خوتۇن كىشىنىڭ ئېرى رازى بولماي تۇرۇپ تۆۋەندىكى ئورۇنلارغا بېرىشىغا ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلىمە يوق:

1 ـ ئون بەش كۈندە ياكى بىر ھەپتىدە ئاتا ـ ئانىسىدىن ھال سوراشقا بېرىش؛

2 ـ ئاتا ـ ئانىسى كېسەل بولسا، كېسىلىنى يوقلاپ كۆرۈپ تۇرۇش؛

3 ـ ئاتا ـ ئانىسىغا بىر قانداق دەرد ـ ئەلەم كەلسە، بېرىپ تەسەللى بېرىش؛

4 ـ يىلدا بىر قېتىم مەھرەم تۇغقانلىرىنى يوقلاپ، كۆرۈشۈپ كېلىش؛

5ـ كىشىنىڭ بالىسىنى بېقىشتەك ياكى باشقا توغرا تۇرمۇش ۋاستىسى ئىشلارنى قىلىدىغان ئاياللارنىڭ شۇ ئىشقا بېرىشى؛

6 ـ ئۆلگەن ئايال كىشىنى يۇيۇشقا بېرىشى؛

7 ـ كىشىلەردە ئالىدىغان ھەققى بولسا، ئېلىشقا بېرىشى؛

8 ـ پەرز بولغان ئىلىم – دىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە بېرىشى؛

9ـ مەھرەم تۇغقان بىلەن بىللە پەرز ھەج ئۈچۈن سەپەر قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئېرى رازى بولسىمۇ ـ بولمىسىمۇ، خوتۇنلارنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ يۈرۈشلىرى شەرىئەتكە خىلاپ ئەمەستۇر.

ئېرى رازى بولغان ۋاقىتتا خوتۇنلارنىڭ سەپەرلىرىنى مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن:

1ـ ئۆز ئېرى ياكى مەھرەم تۇغقىنى بىلەن قىلغان سەپىرىنىڭ مەيلى ھەرەمگە ياكى باشقا يەرگە بولسۇن، توغرىلىقىدا گەپ يوق.

2ـ ئېرى ياكى مەھرىمى ھەمراھ بولمىغاندىمۇ شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان بىرەر زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن سەپەر قىلىش. مەسىلەن، مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام مەملىكىتىگە كېتىش ياكى سوقۇش بولۇۋاتقان يەردىن تىنچ يەرگە كۆچۈش، ياكى ئۆزىگە، مال ـ مۈلكىگە يامان قەست قىلىنىدىغان يەردىن يۆتكىلىپ كېتىش، ياكى ئېرىدىن يامانلاپ كەتكەن يەردىن ئېرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىش، قەرزىنى ياكى باشقا ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن سەپەر قىلىش. بۇ سەپەرلەرنىڭ دۇرۇسلىقىغا قارشى پىكىر بارلىقى مەلۇم ئەمەس.

3ـ ئىرى ياكى مەھرىمى ھەمرا بولمىغاندا سەپەر قىلىشنى كۆپىنچە ئالىملار توغرا كۆرمىسىمۇ، بىر بۆلۈك ئالىملار (ئىمام مالىك بىلەن ئىمام شافىئى قاتارلىقلار) يولنىڭ تىنچ بولۇشى ھەم ئىشەنچلىك ئاياللارنىڭ ھەمراھ بولۇشى شەرتى ئاستىدا توغرا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ[47].

4ـ ئىرى ياكى مەھرىمى بولمىغاندا ھەجدىن باشقا سەپەرگە چىقىشنى ئالىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى توغرا كۆرمىسىمۇ، ئىبنى ھەزىم ئىسمىلىك ئالىم توغرا دەپ قارايدۇ. ئىبنى ھەزمنىڭ قارىشىغا كۆرە، مەيلى ياش مەيلى قېرى بولسۇن، ئىشەنچلىك خوتۇنلار ھەمراھ بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئايال كىشىنىڭ سەپەرگە چىقىشى دۇرۇستۇر[48].

قۇرئاندا خوتۇنلارنىڭ سەپەر قىلىشى توغرۇلۇق ئايەت يوق، ئەمما ھەدىسلەر بار، ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم **عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا تُسَافِرْ الْمَرْأَةُ إِلَّا مَعَ ذِي مَحْرَمٍ** «خوتۇن كىشى مەھرەمسىز سەپەر قىلمايدۇ»[49] دەپ ھەدىس نەقىل قىلىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئالىملار ئومۇملاشتۇرماي، زۆرۈر ئەھۋاللارنى مۇستەسنا قىلغانلىقى ئىككىنچى ماددىدا سۆزلەندى.

ھەج سەپىرىنى توغرا كۆرگۈچىلەر: «ھەج قىلىش بولسا، **(وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنْ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا)** يەنى «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىنىدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى بىلەن ئەرلەرگىمۇ، ئاياللارغىمۇ پەرز بولدى. بۇ ئۇلۇغ ئايەت ھەج سەپىرىگە كۈچى يېتىشنىلا شەرت قىلدى. ئايال كىشىگە ئىرى ياكى مەھرىمىنىڭ ھەمراھ بولۇشىنى شەرت قىلمىدى. ھەدىس شەرىپ بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ» دەيدۇ. بۇ ئالىملار ئىككىنچى دەلىل قىلىپ، مۇشۇ تەرەپنى كۆرسىتىدۇ. ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە ئەدى ئىبنى ھاتەمدىن «**لَتَرَيَنَّ الظَّعِينَةَ تَرْتَحِلُ مِنْ الْحِيرَةِ حَتَّى تَطُوفَ بِالْكَعْبَةِ لَا تَخَافُ أَحَدًا إِلَّا اللَّهَ**...»[50] دېگەن سۆزدىن ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ۋە مەھرەملىرى بىللە بولمىسىمۇ، سەپەر قىلىشىنىڭ دۇرۇسلىقى بىلىنىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزى ئىسلامنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى ئۇستۈن كۆتۈرۈپ، تىنچلىق ھۆكۈم سۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدىغان ئورۇندا سۆزلەنگەن. ئىرى ياكى مەھرىمى ھەمراھ بولماي سەپەر قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنىشى بولسا، ئاياللارنىڭ ھاقارەتلىنىدىغان، قورقۇنچ غالىب بولىدىغان ھالەتلەر سەۋەبىدىن ئىدى. سەۋەب يوقالغاندىن كېيىن چەكلەش ئەمەلدىن قالىدۇ (بۇ كېيىنكى دەلىلگە كۆرە، تىنچلىق شەرتىنىڭ ھازىرلىنىشى بىلەن ئاياللارنىڭ سەپەرگە چىقىشى شەرتسىز دۇرۇس بولىدۇ).

تۇرمۇش ۋە دۇنيانىڭ مەجبۇرلىشىغا قارىغاندا، بۇ زاماندىكى نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئىبنى ھەزمنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر. رۇسىيەدە ۋە ياۋروپادا بولغان تۆمۈر يول ۋە پاراخوت سەپەرلىرىنى بۇرۇنقى زامانلارنىڭ تۆگە ھەم ئات بىلەن قىلىدىغان سەپەرلىرىگە ئوخشىتىشتىن بەكرەك شەھەرلەر ئارىسىدىكى سەپەرلەرگە ئوخشىتىش مۇمكىن. قاتناش ئاپتوموبىللىرى، يوللار، مېھمان كۈتۈشلەردە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئولتۇرىدىغان، قونىدىغان ئورۇنلارنى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئورۇنلار ۋە مەملىكەتلەر،

---

[47] كتاب الام 2 ـ جىلد 100 ـ بەت.

[48] نيل الأوطار، 4- جىلد، 173- بەت.

[49] رەسۇلۇللاھ، ساھابە ۋە تابىئىنلار زامانىسىدىكى مۇئامىلىلەرگە پۈتۈنلەي خىلاپ بولغىنى ئۈچۈن كەلگەن «ئۆيۈڭلەردە ئولتۇرۇڭلار» دېگەن ئايەت ئومومى خاتۇنلار ھەققىدە ئەمەس، بەلكى مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا (رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا) خاس بولسا كېرەك. ئەگەر ھەممە ئاياللارغا ئوموم بۇيرۇق بولسا ئىدى، ساھابىلەرنىڭ خاتۇنلىرى سەپەرگە چىقمىغان بولاتتى.

[50] بۇ ھەدىسنى «نيل الأوطار» ساھىبى بۇخارىدىن «يوشك أن تخرج الظعين من الحيرة تؤم البيت لا جوار معها ...» ئىبارىتى بىلەن نەقىل قىلىسىمۇ شۇ ئىبارەتنى سەھىھۇل بۇخارىدىن تاپالمىدىم. ھەدىس شەرىپىنىڭ مەنىسى «خۇدادىن باشقا ھېچ كىمدىن قورقمىغان ھالدا خاتۇنلار ئۆز مەيلىسىدە ھېرە شەھىرىدىن سەپەر قىلىدۇ، مەككىگە يېرىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىدۇ» دېمەكتۇر. ئەدى ئىبنى ھاتەم ئۆزى: «خاتۇنلارنىڭ ھېرەدىن مەككىگە بارغىنىنى ۋە خۇدادىن باشقا ھېچ كىمدىن قورقماي ماڭغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم» دەيدۇ.

ئەرلەردىن، مەھرەملەردىن بەكرەك تىنچ بولسا كېرەك. بۇزۇقلۇق قىلىشنى قەست قىلغان ئايال ئۆچۈن سەپەردىن بەكرەك ئۆيدە ئولتۇرۇش قولايلىقتۇر. سەپەردە ئېرى ياكى مەھرىمى ھەمرا بولۇشنى شەرت قىلىشتىكى سەۋەب ئۇنى بۇزۇقلۇقتىن مەنئى قىلىش ئەمەس، بەلكى ئايالغا باشقىلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى، قورقۇتىشىدىن توسۇشتۇر.

## *106* ـ هەدىس: ئايال كىشىنىڭ تالىقىنى سورىشىنىڭ يامانلىقى توغرىسىدا

**أَيُّمَا امْرَأَةٍ سَأَلَتْ زَوْجَهَا طَلَاقًا مِنْ غَيْرِ بَأْسٍ فَحَرَامٌ عَلَيْهَا رَائِحَةُ الْجَنَّةِ** (سنن الترمذي)

(بىرەر زۆرۈرىيەت بولماي تۇرۇپ) قانداقلا بىر خوتۇن كىشى ئۆز ئېرىدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ پۇرىقى هارامدۇر.

جەننەتنىڭ پۇرىقى هارام بولسا، جەننەتكە كىرىشىنىڭ ئېهتىمالى يوق. ئەمما جاۋاب تەلەپ قىلىشقا زۆرۈر بولغاندا (مەسىلەن، ئەرنىڭ رەنجىتىشى، يېمەك ـ ئىچمەك، خىراجەت بەرمەسلىكى، ياكى ئۆچ بولۇپ قېلىشتەك) ئايرىلىشنى تەكلىپ قىلىشنىڭ زىيىنى يوقلۇقى هەم مۇشۇ هەدىستىن بىلىنىدۇ.

## 107 ـ ھەدىس: بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال توغرىسىدا

**أَيُّمَا امْرَأَةٍ مَاتَ لَهَا ثَلَاثَةٌ مِنْ الْوَلَدِ كَانُوا حِجَابًا مِنْ النَّارِ قَالَتْ امْرَأَةٌ وَاثْنَانِ قَالَ وَاثْنَانِ.** (صحيح البخاري)

قانداقلا خوتۇن كىشىنىڭ ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ بالىلار ئانىسى ئۈچۈن دوزاخ ئوتىغا توسالغۇ بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى سۆزلىگەندە بىر خوتۇن: ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ: ئىككى بالىسى ۋاپات بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ.ـ دېدى.

بۇ خۇش خەۋەر ئانىلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دادىلارغىمۇ كۈچكە ئىگە.

بۇيەردە «خوتۇن» دەپ ئېيتىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، خوتۇنلار ھەزرىتى رەسۇلۇللاھقا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەرلەر ھەمىشە سىلىدىن ئايرىلمايدۇ. دىن ئۆگىنىدۇ ۋە ئىلىم ئالىدۇ، بىز ئاجىز بولغىنىمىز ئۈچۈن ئۇلار بىلەن قىستىشىپ كېلەلمەيمىز. بىزنىڭمۇ ئىلىم ئۆگەنگۈمىز، دىن ئۆگىنىپ نەسىھەت ئاڭلىغۇمىز كېلىدۇ. بىز خوتۇنلارغا خاس بىر كۈن بەلگىلىسەڭ، بىز شۇ چاغدا ھوزۇرۇڭغا كېلىپ ئۆگىنەتتۇق» دەپ ۋەز ـ نەسىھەت ئۈچۈن ئۆزلىرىگە بىر كۈن تەيىنلەپ بېرىشنى سورىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئۇلارغا بىر كۈننى ئاجرىتىپ ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلىدى. بۇ خۇش خەۋەرنى شۇ چاغدا خوتۇنلارغا دېگەنلىكتىن خوتۇن ئىسمى بىلەن ئېيتىلىدۇ. ئىمامى بۇخارى يەنە بىر ئورۇندا ئۇشبۇ ھەدىسنى: «**عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا مِنْ النَّاسِ مِنْ مُسْلِمٍ يُتَوَفَّى لَهُ ثَلَاثٌ لَمْ يَبْلُغُوا الْحِنْثَ إِلَّا أَدْخَلَهُ اللَّهُ الْجَنَّةَ بِفَضْلِ رَحْمَتِهِ إِيَّاهُمْ**» دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، خەلق ئىچىدىن قانداق بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ بالىغ بولمىغان ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشىنى ئاللاھ تائالا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، دېمەكتۇر.

## 108 ـ ھەدىس: ئىمان ۋە ئەمەل توغرىسىدا

**الإِيْمَانُ وَالعَمَلُ قَرِيْنَانِ لاَ يَصْلُحُ كُلَّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا إِلاَّ مَعَ صَاحِبِهِ.** (الجامع الصغير)

ئىمان بىلەن ئەمەل (ئىسلام دىنى بۇيرۇغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش، ھەم چەكلىگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش) بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان قېرىنداشتۇر. بىرى بولمىسا يەنە بىرى ئىشقا يارىمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمان ۋە مۆمىن بولغان كىشى شارائىتىغا توغرا كەلسۇن ۋە ياكى كەلمىسۇن، ئەمەل قىلىشقا سەل قارىماسلىقى، ئۈستىدىكى قەرزىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىشى لازىم.

ئەمەل قىلىش دېمەك، كېچە ـ كۈندۈز جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇش ئەمەس، بەلكى پەرز، ۋاجىبلارنى ئادا قىلىشتۇر. بۇلار كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئېغىر ۋەزىپە ئەمەس، قىلىپ ئادەتلىنىش كېرەك. نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشقا پەيىز سەپىرىمۇ توسالغۇ بولمايدۇ. پاراخۇتلار بولسا كىشىنىڭ ئۆز ئۆيىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭدەك، ئەخلاقنى تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ھېچ بىر ئەمەل ئۆز ۋاقتىدا قىلىنمىسا، ئەخلاق بۇزۇق بولسا، «مەن مۆمىن» دەپ دەۋا قىلىشنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ تۇرغان كىشىگە ھېچ كىمنىڭ «سەن مۆمىن ئەمەس» دېيىشكە ھەققى يوق. شۇنداق بولسىمۇ، بارلىق كىشىلەر ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئارىسىنى تەكشۈرۈشى ۋە تۈزىتىشى لازىم.

شەرىئەت بۇيرىغان ئىبادەتلەر كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە كۆپ ۋە ئېغىر ئەمەس دېدۇق. بۇ ئومۇمغا قارىتىلغاندۇر. ئەگەر ئەسكەرلەردەك ۋە ئېغىر ئىش قىلىدىغان ئادەملەردەك بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن بەزى ئىبادەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆتەش مۇمكىن بولمىسا، ئۇنىڭ قازاسى بولىدۇ. ئۆزرىسى بولغان، قىستالغانلارغا ئايرىم كەڭچىلىك بار. بۇمۇ شەرىئەت ھۆكمىدۇر.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ماڭا بىر ئىشنى ئۆگەتكىنكى، ئۇ ئىش مېنىڭ جەننەتكە كىرىشىمگە سەۋەبچى بولسۇن» دېگەن ئەرەبكە: «ئاللاھقا ھېچكىمنى شېرىك قىلمىغان ھالدا ئىبادەت قىلغايسەن، پەرز نامازلارنى ۋاقتىدا ئۆتىگەيسەن، پەرز زاكاتنى بەرگەيسەن، رامىزاندا روزا تۇتقايسەن» دېدى. ئۇ كىشى: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، شۇ ئىشلاردىن ئارتۇق قىلمايمەن، كەممۇ قىلمايمەن» دەپ چىقىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ: «جەننەت ئەھلىنى كۆرگۈسى كەلگەنلەر، مۇشۇ ئادەمگە قارىسۇن»[51] دېدى. ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن، ئومۇمغا قارىتا بۇ ئىشلار چىدىيالمىغۇدەك ئېغىر بولمىسا كېرەك.

## 109 ـ ھەدىس: بېخىل نامىدىن قۇتۇلغانلار توغرىسىدا

[51] سەھىھۇ مۇسلىم.

**بَرِئٌ مِنَ الشُّحِّ مَنْ أَدَّى الزَّكَاةَ وَقَرَى الضَّيْفَ وَأَعْطَى فِيْ النَّائِبَةِ.** (الجامع الصغير)

زاكات بېرىدىغان، كەلگەن مېھماننى كۈتىدىغان، قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغانلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدىغان كىشى بېخىل دېگەن نامدىن قۇتۇلىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىدە بېخىللىق بىلەن سېخىلىقنىڭ ئۆلچىمى مۇشۇ ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك، زاكاتنى بەرگۈچى، كەلگەن مېھماننى ياخشى كۈتكۈچى ۋە بالايىئاپەتلەرگە ئۇچرىغانلارغا ئىقتىسادىي ياردەم قىلغۇچىلاردۇر. ئۆزىگە سەدىقىنى كۆپ بەرگۈچىلەرنى «سېخى» دەپ ماختاپ، ئۆزىگە بەرمىگەن ۋە كۈتۈۋالمىغانلارنى «بېخىل» دېيىش بۇ ئۆلچەمگە توغرا كەلمىسە كېرەك.

ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ياكى خوتۇن ـ بالىلىرى ئۈچۈن مال چىقىم قىلىش ئېغىر بولمىسىمۇ، كۆپچىلىككە، پايدىلىق ئورۇنلارغا پۇل چىقىم قىلىش ھەركىمگە ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى كوللېكتىپ مەنپەئىتى ئۈچۈن «مەكتەپ، مەدرىسلەر، مەسجىدلەر، دوختۇرخانىلار، كۆۋرۈكلەر، يوللار، ھۈنەر ــ سانائەت ۋە دىنىي ئىلىملەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا قۇرۇلغان ئىدارىلەر ئۈچۈن» مال چىقىم قىلغۇچىلارنى بېخىللار ھېسابلىمايدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قارىشىچە، پۇل ـ مال چىقىم قىلىش توغرىسىدا بەندىلەر ئۈستىدە ئىككى تۈرلۈك ۋاجىپ بار:

1 ـ شەرىئەت ۋاجىبى؛ زاكات، ۋاجىپ نەپىقەلەر مۇشۇ قىسىمغا كىرىدۇ.

2 ـ ئادەمگەرچىلىك ۋە ئادەت ۋاجىبى بولۇپ، كەلگەن مېھماننى ھۆرمەتلەش ۋە ئاممىۋى مەنپەئەتلەر ئۈچۈن مال چىقىم قىلىش مۇشۇ قىسىمدىندۇر.

بۇ ئىككى خىل چىقىمنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى توسمايدىغان كىشى سېخى بولۇپ، بۇ ئىككى خىل چىقىمنىڭ ئىككىنچى خىلىنى توسقۇچى بېخىل، بىرىنچىسىنى توسقۇچى بەكرەك بېخىل، ھەر ئىككىسىنى توسقۇچى بولسا، بېخىللىق بىلەن دۇنياغا ئامراقلىقتىن ئىبارەت يامان ئادەتنى ئۆزىدە جۇغلىغۇچى بولىدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، دۇنيادىكى مىللەتلەردىن ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولغانلىرى، ئۆز ئارىسىدىكى بايلارنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتلەر ياكى مىللەت مەنپەئىتى ئۈچۈن، مال چىقىم قىلغانلىقلىرىدىن بولسا، خار مىللەتلەرنىڭ خارلىنىشى ئۆز ئارىسىدىكى بايلارنىڭ مۇنداق ئومۇمىي مەنپەئەتلەر ئۈچۈن يانچۇقىنى كولىمىغانلىقى ۋە پۇل ـ مېلىغا كۆزى قىيمىغانلىقىدىندۇر.

## 110 ـ ھەدىس ياخشىلىق ۋە گۇناھ توغرىسىدا

الْبِرُّ حُسْنُ الْخُلُقِ وَالْإِثْمُ مَا حَاكَ فِي صَدْرِكَ وَكَرِهْتَ أَنْ يَطَّلِعَ عَلَيْهِ النَّاسُ. (صحيح مسلم)

ياخشىلىق گۈزەل ئەخلاقتىن ئىبارەتتۇر. گۇناھ بولسا، كۆڭلۈڭنىڭ ئىككىلىنىشىگە سەۋەب بولىدىغان، ۋىجدان ئازابلىنىدىغان ھەم ياخشى ۋە ئىنساپلىق ئادەملەرنىڭ ئۇقماسلىقى ئارزۇ قىلىنىدىغان ئىشتۇر.

گۈزەل ئەخلاقنىڭ دىنىنىڭ چوڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوق. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە ئەڭ كۆپ تەكىتلىنىدىغان نەرسە گۈزەل ئەخلاققا دائىر يوليورۇقلاردۇر. گۈزەل ئەخلاق ھەققىدىكى ئايرىم ئايەتلەر ياكى ئايەتلەر ئىچىدىكى جۈملىلەر ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن كۆپرەك ئىكەنلىكى مەلۇم، ھەدىسلەردىمۇ شۇنداق.

دۇنيادىكى ئىنسانلار ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى گۈزەل ئەخلاق سەۋەبىدىن ئالغا باسىدۇ، بۇزۇق ئەخلاق سەۋەبىدىن ئارقىدا قالىدۇ. (وَإِذَا أَرَدْنَا أَنْ نُهْلِكَ قَرْيَةً أَمَرْنَا مُتْرَفِيهَا فَفَسَقُوا فِيهَا فَحَقَّ عَلَيْهَا الْقَوْلُ فَدَمَّرْنَاهَا تَدْمِيرًا) يەنى «بىرەر شەھەر ئاھالىسىنى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى بىزگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي، پىسقى ـ پاسات قىلىدۇ ـ دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز»[52] دېگەن ئايەت بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەخلاقنى تۈزىتىش ھەممىدىن بۇرۇن كېلىدۇ. ئەخلاق تۈزىتىش ئۈچۈن ئىسلىلىق، ئارتۇقچىلىق بىلەن پەسكەشلىكنى پەرقلەندۈرۈش، ئىسىل پەزىلەتنى ئىگىلەش، رەزىللىكتىن ۋە پەسكەشلىكتىن ساقلىنىش يوللىرىنى پىششىق بىلىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىدىن بۇرۇن ئىنسانلار ئەخلاق ئىلمىنى پىششىق ئىگىلەش ۋە ئۇنى باشقا ئىلىملەردىن بۇرۇن ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئىسلام دۇنياسى ئاۋۋالقى شان ــ شەۋكىتىنى يوقىتىپ، ھەققىي ئالىملارنىڭ قەدرى ــ قىممىتى بىلىنمەي، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرى نالايىق كىشىلەرگە قالغانلىقتىن، باشقا ئىلىم ـ پەنلەر بىلەن بىرلىكتە ئەخلاق ئىلمىگىمۇ سەل قارالدى. ئۆزى ئەمەس، ھەتتا ئىسمىمۇ قالمىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا ئەخلاقسىزلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. (وَمَا ظَلَمَهُمْ اللَّهُ وَلَكِنْ كانوا أَنْفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ) يەنى «ئۇلارغا ئاللاھ زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزى زۇلۇم قىلدى».

ئەخلاقنىڭ تۈزىلىشى بىلەن بۇزۇلۇشىنىڭ ئۈممەتلەرنىڭ بەختلىك ياكى بەدبەخت بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىنسا، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ: «ياخشىلىق گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشتۇر» دېگەن سۆزىنىڭ سىرى ۋە ھېكمىتى ئوبدان بىلىنىدۇ.

[52] ئىسرا سۈرىسى 16 ـ ئايەت.

## 111ـ دەرس: ياخشىلىق ۋە گۇناھ توغرىسىدا

**الْبِرُّ لاَ يُبْلَى وَالذَّنْبُ لاَ يُنْسَى وَالدِيَانِ لاَ يَمُوتُ، اعْمَلْ مَا شِئْتَ، كَمَا تَدِيْنُ تُدَانُ.** (مسند أبي حنيفة)

ياخشىلىق كونىراپ چىرىپ كەتمەيدۇ. گۇناھ ئۇنتۇلمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۆلمەيدۇ، ئەمدى ئۆزۈڭ خالىغىنىڭنى قىل! قانداق ئىش قىلساڭ، شۇنىڭغا لايىق جازا كۆرىسەن.

«ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ» دەپ خەلققە قېيداش بىمەنىلىكتۇر.

ياخشى ئىش قىلىشتىن مەقسەت خەلقتىن مۇكاپات ئېلىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ئالدىدا ساۋابقا ئېرىشىشتۇر. ياخشىلىق ئۇنتۇلمايدىكەن، كەلگۈسىدە ئەلۋەتتە نەتىجىسى كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ خەلق ئالدىدا قەدرى بىلىنىش ـ بىلىنمەسلىكىنىڭ ئۇنچىۋالا ئەھمىيىتى يوق.

گۇناھ ئىش، بولۇپمۇ بەندىنىڭ ھەققى بولسا ئۇنتۇلمايدۇ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سۈرۈلشتە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلار قىلغان يامان ئىشنىڭ جازاسىنى كۆرىدىغان ۋاقىت بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىق ۋە ئالدىن پىلان تۈزۈپ، ھەر زامان سەگەك ۋە ھوشيار تۇرۇشى لازىم.

# 112 ـ ھەدىس: ئەخلاقنىڭ يەزىلىشى توغرىسىدا

**بُعِثْتُ لِأُتَمِّمَ حُسْنَ الْأَخْلَاقِ**. (موطأ مالك)

مەن ياخشى ئەخلاقلارنى تولۇق ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەر بىرى گۈزەل ئەخلاق ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئۇنى تولۇق ئۆگىتىش ۋە كامىل قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىنغان. قۇرئان كەرىمدە رەسۇلۇللاھ ھەققىدە: (**وَإِنَّكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيمٍ**) يەنى «ئى مۇھەممەد! سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن.»[53] دېيىلگەن. رەسۇلۇللاھ مۇشەققەتلەرگە چىدايتتى، ئۆزىگە دىل ئازارى ۋە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئەپۇ قىلاتتى، شەپقەتلىك، دىلى يۇمشاق ۋە ھەركىمگە ئىلتىپاتلىق زات ئىدى. مەسجىدكە كەلگەن ئاياللارنىڭ بەزىلىرى كىچىك بالىلارنى بىللە ئېلىپ كېلىپ، بالىلىرىنى بىر يەردە قويۇپ، رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىپ نامازغا تۇراتتى، رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: «ئۇزۇنراق ئوقۇش مەقستى بىلەن نامازنى باشلايمەن، بۇ ئەسنادا ئارقىدا بالىنىڭ يىغا ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، بالىسى يىغلىغانلىقتىن ئانىسى بىئارام بولمىسۇن، بالىسىغا يۈرىكى كۆيمىسۇن، دەپ نامازنى مۇمكىن قەدەر قىسقىراق، يەڭگىلرەك ئوقۇشقا تىرىشىمەن»[54] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولۇش ھەم خەلققە يۈز خاتىرە قىلىش توغرىسىدا رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇ مۇئامىلىسى مىسال بولۇشقا يارىسا كېرەك. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى ۋە قىلغان ئىشلىرى، مۇئامىلە ۋە ئادەتلىرى مۆتىۋەر ئالىملار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تارىخ كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

---

[53] قەلەم سۈرىسى 4 ـ ئايەت.

[54] سەھىھۇ مۇسلىم.

## 113 ـ ھەدىس: ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى

**بُنِيَ الْإِسْلَامُ عَلَى خَمْسٍ شَهَادَةِ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رسول الله وَإِقَامِ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ وَالْحَجِّ وَصَوْمِ رَمَضَانَ** (صحيح البخاري)

ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلدى. «لائىلاھە ئىللەللاھ» ‹بەندىنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا ھەقلىق ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى› دەپ كۆڭۈل بىلەن ئىشىنىپ ۋە تىل بىلەن ئىقرار قىلىش، پەرز نامازلارنى ئوقۇش، زاكات بېرىش، كۈچى يەتسە ھەج قىلىش، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش.

مۇشۇ بەش نەرسە ئىسلام دىنىنىڭ نېگىزىدۇر. بۇ ھەقتە باشقا ھەدىسلەرمۇ كۆپ، مۇسۇلمان كىشى مۇشۇ بەش ئىشقا سەل قارىماسلىقى كېرەك. نېگىزى، ئۇلى ئاجىز بولسا ياكى پۈتۈنلەي بولمىسا، ئىمارەتنىڭ ساق تۇرۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى مەلۇم. ئىلىم ۋە دىن ئىستىلاھىدا بۇ نەرسىلەر «بەش تۈۋرۈك» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەدىستە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەر بىرى بەندىلەر ئۈچۈن پەرز ئەين بولۇپ، بەزىلەرنىڭ ئادا قىلىشى بىلەن باشقىلاردىن ساقىت بولمايدۇ.

ناماز: ناماز مەككىدە پەرز بولغان، مۇساپىرلارنىڭ قىسقارتىپ ئوقۇشىغا بولسا، مەدىنىدە رۇخسەت قىلىنغان. قۇرئان كەرىمدە نامازنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە ئايەت بار بولۇپ، ناماز ئوقۇمىغۇچىلار قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان. نامازنىڭ مەخسۇس ۋاقىتلىرى ۋە بۇ ۋاقىتنىڭ ئاۋۋىلى، ئاخىرى، ناماز ئوقۇشنىڭ ئۇسۇلى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى قاتارلىقلار رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى ۋە يولى بىلەن نەقىل قىلىنغان ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بىلىنىدۇ.

نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن سائەت ۋە مىنۇتلار بىلەن ئۆلچەپ ئىش قىلىش كەتمەيدۇ. ئىسلام شەرىئىتى يەڭگىل بولۇپ، كىچىك ئىشلار ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمايدۇ. ناماز ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممە ئادەم بىلەلەيدىغان ئاشكارا بەلگىلىرى بار بولۇپ، ھەركىم ئۆز پەرىزى بىلەن شۇ بەلگىلەرنى تۇتقا قىلسا بولىدۇ. قىبلە يۆنىلىشىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن مەخسۇس ئەسۋاپلارنى ئىشلىتىش كېرەك ئەمەس. پەقەت پەرەز ۋە تەخمىنىي مۆلچەر بىلەن بەلگىلەش كۇپايە قىلىدۇ.

زاكات: زاكات بولسا، مەلۇم مىقداردىكى ئىقتىسادقا، يىل توشقاندىن كېيىن پېقىر، ھاجەتمەنلەرگە بېرىلىدىغان ۋە مۇسۇلمانلار ئېھتىياجى ئۈچۈن ئايرىپ چىقىرىلىدىغان سەدىقىدۇر. مال ئىگىسىنىڭ ئەقىللىق ۋە بالىغ بولۇشى ۋە زاكات ئالغۇچى كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ نەسلىدىن بولماسلىقى لازىم. ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە قارىغاندا زاكات ھىجرەتنىڭ 2 ـ يىلى پەرز بولغان.

زاكات قۇرئان كەرىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پەرز بولغان بولسىمۇ، قانداق نەرسىلەردىن ۋە قانچىلىك بايلىقتىن قانچىلىك زاكات ئايرىش كېرەكلىكى ھەم بېرىلىدىغان ۋاقتى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن بەلگىلەنگەن.

زاكات بېرىشكە تېگىشلىك كىشىلەر مۆتىۋەر ھەدىس كىتابلىرىدا بايان قىلىنىدۇ.

ھەج: ھەج يىلنىڭ مەلۇم ۋاقتىدا، مەككە مۇكەررەمىگە بېرىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنلارنى زىيارەت قىلىشتۇر. ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەج ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلى پەرز بولغان ئىدى. بۇ پەرزنى ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ھىجرەتنىڭ 10 ـ

يىلى ئادا قىلدى. يول تىنچ بولۇش شەرتى بىلەن مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ قايتىپ كېلىش ئۈچۈن يول خىراجىتىگە ھەم قايتىپ كەلگۈچە ئائىلىدىكىلەرنىڭ خىراجىتىنى بېرىشكە قۇدرىتى يېتىدىغان كىشىلەر ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشى لازىم.

رامىزان: روزا ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى پەرز بولغان. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ مەدىنىدە توققۇز قېتىم رامىزان روزىسىنى ئۆتكۈزگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ رامىزان ئايلىرى شۇ چاغدا ئۈچىنچى ئاي، ئىككىنچى ئاي، بىرىنچى ئاي، ئون ئىككىنچى ئايلارغا توغرا كېلەتتى.

# 114 ـ ھەدىس: تەۋبە قىلىش توغرىسىدا

**التَّائِبُ مِنْ الذَّنْبِ كَمَنْ لَا ذَنْبَ لَهُ.** (سنن ابن ماجة)

گۇناھتىن پۇشايمان قىلىپ يانغۇچى كىشى گۇناھسىز كىشىدەكتۇر.

تەۋبە دېمەك، ئەلۋەتتە شەرتىگە توغرا كەلگەن ۋە قوبۇل بولغان تەۋبىدۇر.

ھەدىس شەرىپتىن قانداقلا گۇناھ بولسا، ھەتتاكى شەرىئەتتىن چىققان، كاپىر بولغان گۇناھ بولسىمۇ، چىن دىلى بىلەن يېنىپ تەۋبە قىلىش سەۋەبىدىن گۇناھى يوقىلىدىغانلىقى بىلىنىدۇ. (**فَإِنْ تَابُوا وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوْا الزَّكَاةَ فَإِخْوَانُكُمْ فِي الدِّينِ**) يەنى «ئەگەر ئۇلار كۇفرىدىن تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، دىنى جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر)»[55]. (**وَالَّذِينَ عَمِلُوا السَّيِّئَاتِ ثُمَّ تَابُوا مِنْ بَعْدِهَا وَآمَنُوا إِنَّ رَبَّكَ مِنْ بَعْدِهَا لَغَفُورٌ رَحِيمٌ**) يەنى «يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىمانىدا سەمىمىي بولغانلارنى تەۋبىسىدىن كېيىن پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئۇلارغا رەھىم قىلىدۇ.»[56]

---

[55] تەۋبە سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

[56] ئەئراف سۈرىسى 153 ـ ئايەت.

# 115 ـ ھەدىس: راستچىل تىجارەتچى توغرىسىدا

التَّاجِرُ الصَّدوقُ الْأَمِينُ مَعَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاءِ. (سنن الترمذي)

ئىشەنچلىك ۋە توغرا مۇئامىلىدە بولغان تىجارەتچى قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شەھىدلار بىلەن بىرگە بولىدۇ.

شەرىئەت يولىغا چىڭ يېپىشقان، دىنغا مۇستەھكەم، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان كىشىلەر مۇشۇ ھەدىستە ئېيتىلغان ئىشەنچلىك، راستچىل تىجارەتچىلەرنى كۆرسىتىدۇ. دوستلۇق ۋە ئىشەنچ بارلىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسى بولۇپ، بۇ گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتكە ئىگە بولغان ۋە ئۆزىگە سىڭدۈرگەن تىجارەتچىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

نۇرغۇن كىشىلەر ياخشىلىقنى نەپلە نامازلارنى ئوقۇش، داۋاملىق زىكرى، تەسبىھ ئېيتىش بىلەن شۇغۇللىنىش، قۇرئان تامام قىلىش، مەككە، مەدىنىدە يېتىپ ئىستىقامەت قىلىش ۋە ئىشانلار بىلەن يۈرۈپ سۆھبەت قىلىشتىنلا ئىبارەت دەپ بىلگەنلىكتىن ئۆزىنىڭ كەسپى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، ساۋابى چوڭ بولغان ئىبادەتلەرنى قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ، روھسىزلىنىدۇ، ۋىجدانى ئازابلىنىدۇ، ئىچى پۇشۇق تارتىپ يۈرىدۇ. بەلكىم بۇ ئىنسانلارنىڭ شۇ خىل ھالىتىمۇ ياخشىلىق قاتارىدىن ھېسابلىنىشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچە بىئارام بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىسلام دىنى شۇنداق ئازادە ۋە شۇنداق ئەركىن بىر دىنكى، كىشىلەر مەيلى ئىبلىم ـ سېتىم قىلسۇن مەيلى كەتمەن چاپسۇن، مەيلى ساپان تۇتسۇن ۋە مەيلى قاراۋۇللۇق قىلسۇن، ئىلمىي ئاڭ بىلەن تەپەككۇر يۈرگۈزسە، پىكىرلىك بولسا، بىخەۋەر يۈرمىسە شۇ ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپمۇ كۆپ ساۋابقا ئېرىشىشى، ھەتتا زاھىدلار قاتارىغا كىرىشى مۇمكىن.

بىر دەرۋىش: «ھەمراھلىرىم بىلەن بىرلىكتە مەسجىدكە كىرىپ، خەلقنىڭ ئىبادەت قىلغىنىنى كۆزەتتۇق. شۇ چاغدا كۆڭلۈمگە ‹بۇيەردە ئۆمۈر بويىچە قۇرئان ئوقۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن› دېگەنلەر كەلدى ــ دە، يوشۇرۇن ھالدا قۇرئاندىن بىر قانچە ئايەت ئوقۇدۇم» دەيدۇ. ئەسكەرلىكتىن قايتقان بىر ياشنىڭ «چېگرىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان ۋاقتىمدا ‹يا ئاللاھ ...› دېگەن ۋاقىتلىرىمدىكى لەززەتنى مەسجىدلەردە تاپالمايمەن» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئەگەر بەندە ئۆزى كۆڭۈل بۆلسە، ساۋاب تاپىدىغان ئورۇن ھېسابسىزدۇر.

ئۇشبۇ ھەدىس شەرىپتە توغرا مۇئامىلىلىك ۋە ئىشەنچلىك تىجارەتچىلەرگە قانداق ۋەدىلەر ۋە خۇش خەۋەرلەر بار؟

ئىشانلارنىڭ خانىقالىرىدا يېتىۋالىدىغان، زىياپەت ۋە چاي ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆز تەبىقىسىدىكىلەر بىلەنلا ئولتۇرۇپ قوپىدىغان بايلار، مەككە مۇكەررەمەدە ئىبادەت قىلىشنى پەش قىلىپ يېتىۋالىدىغان «ئۇلۇغ زاتلار»غا قارىتىلغان «خۇش خەۋەرلەر» بارمىدۇ؟ ئەمما دۇرۇست ئىشەنچلىك، راستچىل تىجارەتچىلەرگە قارىتىلغان شۇنداق ئۇلۇغ ۋەدىلەر بار.

يۇنان پەيلاسوپلىرى، جۈملىدىن ئارىستوتىلمۇ تىجارەت ۋە قول ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى پەس كەسىپلەردىن سانايتتى. يۇقىرى تەبىقىلەر بۇ ئىشلارنى نام ئابرۇيغا دەخلى يەتكۈزگەنلىك دەپ ھېسابلايتتى.

ھەتتا ئەپلاتون: «تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى مەدەنى ھوقۇقتىن مەھرۇم بولۇشقا لايىقلار دەپ» دەۋا قىلاتتى ۋە «پەقەت بۇ ناچار كەسىپ رىم ئىمپېرىيىسى ئىچىدە ياتلار تەرىپىدىن شۇغۇللىنىشقا تېگىشلىك» دەپ جار سېلىپ يۈرەتتى.

يۇنان پەيلاسوپلىرى بۇنىڭغا ئوخشاش ناتوغرا قاراشقا ئىگە ئىدى. بىراق مەدەنىيەتسىز ئەرەبلەر ئارىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇلۇغ بىر زات يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەلقنى سودا ـ تىجارەتكە چاقىرىپ، تىجارەتنىڭ پەزىلەتلىك بىر كەسىپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپلا قالماستىن، بەلكى ئىشەنچلىك دۇرۇست تىجارەتچىلەرنىڭ شەھىدلەر بىلەن ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن.

مەدەنىيەت ۋە جۇمھۇرىيەت مۇھىتىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بىر پەلسەپە بىلەن ئەرەبىستان چۆللىرىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مەدەنىيەتسىز ئەرەبلەر ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىققان بىر پىكىر ئېقىمىنى، «ئاتالمىش مەدەنىيەت پېشۋالىرى» بىلەن، پەيغەمبەرنىڭ تۇتقان يولىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ھايات ۋە تۇرمۇشقا قايسىسىنىڭ يولى مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈش، ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك بىر ئىشتۇر. لېكىن ھازىرقى دەۋرىمىزدە سودا ـ تىجارەت ئۇسۇللىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، كونىچە قائىدىلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تىجارەتتە پايدا قالمىدى. دۇرۇست خەلققە پايدىلىق ۋە ئىشەنچلىك تىجارەتچى بولۇش ئۈچۈن ئاقچا ۋە ماللارنىڭ باھاسىنى ۋە ھۆكۈمەت كېپىللىكى بىلەن چىقىرىلغان چەكلەرنىڭ نەرقىنى، دەپتەر تۇتۇش ۋە پىرسەنت ئۇسۇللىرىنى بىلىش تولىمۇ زۆرۈر. رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سودا قانۇنلىرىنى، شىركەت تۈزۈملىرىنى بىلىشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئومۇمەن دەۋرىمىزدە سودا مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ چىقمىغان كىشىلەرنىڭ «تاجر صدوق» بولۇپ چىقىشى ھەقىقەت تەس.

دەۋرىمىزدە دىنىمىزنىڭ كەڭ قانات يېيىشى ۋە ماھىيەتكە مۇۋاپىق ھالدا ساق ــ سالامەت تۇرۇشى، جەمئىيىتىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشى نىسبەتەن مال ــ دۇنياغا قاراشلىق بولۇپ، دەۋرگە مۇۋاپىق پەننى بىلىملەرنى پىششىق ئىگىلىمىگەندە، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇدرەت تېپىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر سودا ئېگىمىز تۆۋەن بولغان تەقدىردە، تەبىئىي ھالدا دىنىمىز ۋە جەمئىيىتىمىزنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا ئۆز قولىمىز بىلەن خىزمەت قىلغان بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، سودا ئېگىمىزنى ئۆستۈرۈپ ماددىي بايلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

بۇرۇنقى زامانلاردا بىر يېزىدىن ئالغان بىر نەرسىنى قوشنا يېزىغا ئاپىرىپ ساتقاندا ياكى شەھەرنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن يەنە بىر بۇلۇڭىغا ئاپىرىپ ساتقاندا خېلى كۆپ پايدا ئالغىلى بولىدىكەن. بىراق، دەۋرىمىزدە سودا ـ تىجارەت قىلىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس، دەۋرىمىزدە تىجارەتتە كۆپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن، شەھەر ئاتلاپ ياكى چەت ئەللەرگە قاتراپ چەت ئەل سودا ــ شىركەتلىرى بىلەن شىرىكلىشىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك.

مەرۋىلىك تۈركمەنلەردىن بىر كىشى غەربانە ئۆيىمىزگە ئىلتىپات قىلغاندا مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: «مەن تىجارەت بىلەن جېنىمنى جان ئېتىدىغان بىرى، بىر كۈنى چوڭلىرىمىزمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئورۇنباغ شەھىرىگە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدۇق. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ پېتىربورگقىمۇ بارغان. خۇپتەن نامىزنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قورساقنى تويغۇزۇپ كوچىغا چىققان ئىدۇق. ۋاقىت شۇنداق تېز ئۆتۈپتۇ. بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى بىردىنلا كىرىپتۇ. بىز ئالدىنقى كۈنكى تاھارىتىمىز بىلەن بامدات ئوقۇدۇق. يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلگەندە ئەھۋالدىن يۇرت چوڭلىرىنى ۋە يۇرت ئاخۇنۇملىرىنى خەۋەردار قىلىپ، ‹ئاشۇ يەردە پېشىن نامىزىنىڭ ھۆكمى نېمە بولىدۇ؟› دەپ سورىساق، ئاخۇنلىرىمىز: ‹ئۇنداق يەرلەرگە بېرىشقا بولمايدۇ، ھالال نىكاھتىن تۇغۇلغان بىرى باشقا دىندىكى خەلق ئارىسىغا بارمايدۇ، ئۇ يەرگە نېمىشقا باردىڭ؟ بىزگە ئوخشاش ھېچ يەرگە بارماي ئولتۇرۇش قولۇڭدىن كەلمىدىمۇ؟ سەن ۋۇي ھايۋان› دەپ مېنى ناھايىتى سەت ھاقارەتلىدى» دەپلا قاخشاپ كەتكەن. بۇنىڭغا ئوخشاش بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىدىغان ئاخۇنۇم ۋە داموللىلار تۈركمەن داموللىلىرى ئارىسىدىلا ئۇچرىمايدۇ، بەلكى ھەممە

مىللەتتە ئۇچرايدۇ. ياخشى كۆڭۈللۈك، پاكىزە، ئۆز ئىززىتىنى ساقلايدىغان، ئىلمى كۈچلۈك ئالىملارغا بولغان ئېهتىياجىمىز قانچىلىك بولسا، موللا نامىنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈچى بەدبەخت خۇمپەرلەرمۇ هاجەتتىن تاشقىرى كۆپ. بۇلار تىجارەتچىلەرنى ئۆزىنىڭ تەختىگاهى بولغان شەهەرلەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىشتىن توسىدۇ. بىر قىسىم مۇهەددىسلەر رىۋايەت قىلغان«**عَنْ شُرَحْبِيْلِ بْنِ السَمْطِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رسول الله صَلَّى اللهُ عَلَيْهَ وَسَلَّمَ: مَنْ تَعَذَّرَتْ عَلَيْهِ التِّجَارَةُ فَعَلَيْهِ بِعُمَّانَ**» دېگەن هەدىسكە قارىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام تىجارەتتە ئوڭۇشسىزلىقا ئۇچرىغان كىشىلەرنى ئۇممان شەهىرىگە بېرىشقا دالالەت قىلغان ئىكەن.

جانابى روسۇلۇللاھ دەۋرىدە ئۇممان كاپىرلار هاكىمىيىتى ئاستىدىكى بىر شەهەر ئىدى. هىندىستان سودىنىڭ مەركىزى بولغانلىقتىن ئىلىم ـ سېتىم ئىشلىرى بەك جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇ يەردە كاپىرلار ياشايدۇ، ئۇ يەردە مۇسۇلمانچە تاماق تېپىلمايدۇ» دېمەستىن، بەلكى ساهابىلەرنى شۇ يەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. ئەگەر تۈركمەن دامولللىرى هەقىقەتتە ئالىم ۋە ئىنساپلىق كىشىلەر بولسا ئىدى، ئۆزىنىڭ بىخەۋەرلىكىنى تونۇپ يېتىپ، هېچ بولمىغاندا سۈكۈت قىلىشنى ئەۋزەل كۆرگەن بولاتتى.

# 116 ـ ھەدىس: ھەر ئىشتا ئېغىر بېسىق بولۇش

**التُّؤَدَةُ فِي كُلِّ شَيْءٍ خير إِلَّا فِي عَمَلِ الْآخِرَةِ.** (سنن أبي داود)

ئاخىرەت ئىشلىرىدىن باشقا ھەر قانداق ئىشنى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن تەكشۈرۈپ، ئاخىرىنى ئويلاپ قىلىش ياخشى.

قانداق ئورۇندا ئالدىراش، قانداق ئورۇندا ئالدىرىماسلىقنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇشۇ ھەدىسنى ئۆلچەم قىلىش لازىم. شەخسى ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئۈستىگە يۈكلەنگەن پەرز، ۋاجىپ ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداشقا ئالدىراش كېرەك. باشقا تۇرمۇش، كەسپى، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىشلاردا توختىلىپ ئويلاپ ئىش قىلىش كېرەك.

# 117- ھەدىس: قىيامەت كۈنىدىكى ئەڭ ئوسال ئادەم توغرىسىدا

**تَجِدُ مِنْ شَرِّ النَّاسِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عِنْدَ اللَّهِ ذَا الْوَجْهَيْنِ الَّذِي يَأْتِي هَؤُلَاءِ بِوَجْهٍ وَهَؤُلَاءِ بِوَجْهٍ** (صحيح البخاري)

قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى ئەڭ ئوسال ئادەمنىڭ يامان نىيەت بىلەن بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ قېشىغا بىرىپ بىر خىل، يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ قېشىغا بىرىپ يەنە بىر خىل كۆرۈنۈپ يۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن.

ھەدىس شەرھىنىڭ خۇلاسىسى، دۇنيادىكى چېغىدا يامان نىيىتى ۋە شەخسىي غەرىزى بىلەن ئىككى خىل بولۇپ يۈرگۈچىلەر، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئەڭ ئوسال ئادەملەردىن بولىدۇ دېمەكتۇر. بۇنداق قىلىش – مۇناپىقلىق ۋە كىشىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلغانلىقتىن رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن مۇشۇ شەكىلدە تەھدىت (ئاگاھلاندۇرۇش) قىلىنىدۇ. ئەمما بىر ـ بىرىگە ئاداۋەتلىك بولغان ئىككى بۆلۈك كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاش مەقسىتى بىلەن، ھەر قايسىسىغا ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى دوست كۆرسىتىش ۋە ئاداۋەتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مۇلايىم سۆز قىلىش يامان ئىش ئەمەس.

# 118 ـ ھەدىس: راست سۆزلەش توغرىسىدا

**تَحَرُّوا الصِّدْقَ وَإِنْ رَأَيْتُمْ أَنَّ فِيْهِ الهِلْكَةُ؛ فَإِن فِيْهِ النَّجَاةُ وَاْجْتَنِبُوْا الكِذْبَ وَإِنْ رَأَيْتُمْ أَنَّ فِيْهِ النَّجَاةَ؛ فَإِنْ فِيْهِ الهِلْكَةُ.** (كنز العمال)

ھالاكەتكە ئېلىپ بېرىشنى كۆرۈپ تۇرساڭلارمۇ راست سۆزلەشنى ئادەت قىلىڭلار! قۇتۇلۇش شۇنىڭدىدۇر. قۇتۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسەڭلەرمۇ يالغان سۆزلەشتىن ساقلىنىڭلار! ھالاك بولۇش شۇنىڭدىدۇر.

مەيلى ئىلىم ئىشلىرى، مەيلى سودا ـ تىجارەت ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ ئىشلىرىنىڭ پايدا بېرىشى ئۈچۈن راستچىللىقتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇش شەرتتۇر. مۇشۇ ئىككى شەرت بولمىغاندا، باشقا سەۋەبلەردىن كۆپ پايدا چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەكىملەر: «بالىلارغا راستچىللىقنى ئۆگىتىڭلار! راستچىللىق ئۇلارغا ھەممە پەزىلەتنى ئۆگىتىدۇ» دېگەن ئىدى.

پۈتۈن مۇئامىلىلەرنىڭ ئەسلى، دۇنيادا بولغان ھەرىكەت ۋە تىرىشچانلىقلارنىڭ جېنى شۇ راستچىللىق ۋە توغرىلىقتۇر.

بۇنىڭدىن مەقسەت، راستچىللىق بىلەن ھەر ئىشتا پۇت تىرەپ تۇرۇشنى جۇغلىغان كىشى ھېچ قانداق بالا قازاغا ئۇچرىمايدۇ، ياكى ئىلمى ۋە مەدەنى جەھەتتىن بەختى تۆۋەنلەشمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى راستچىللىق بىلەن ساباتنى ئۆزگە نىشان ۋە بەلگە قىلىپ ئالغۇچىلار شۇ سابات (مەيداندا مۇستەھكەملىك) بىلەن، راستچىللىق سەۋەبىدىن بەختسىزلىككە ئۇچرىماس، بەختسىزلىك كەلسە باشقا سەۋەبتىن كېلۇر دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىس شەرىپ توغرىلىقنى قوللىنىشقا بۇيرۇيدۇ. راستچىللىقتا ھالاكەت كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭدىن قورقماسلىق ۋە ئىككىلەنمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

راست سۆزلەش ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىش سەۋەبىدىن زىيان تارتىشقا ۋە يالغان مۇئامىلە قىلىش سەۋەبىدىن پايدا تېپىشقا ئالدىنىپ قېلىشقا ۋە شۇنىڭغا قاراپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئىشلاردىن كېلىدىغان نەتىجىلەر پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇشى مۇمكىن. راستچىللىق ۋە يالغانچىلىق ئىنساندا ئادەتكە ئەگىشىپ ماڭىدۇ. كىشى ئەگەر ئۆزىنى راست سۆزلەشكە كۆندۈرسە، يالغانغا رازى بولمايدىغان، ۋىجدانى ئازابلىنىدىغان بولىدۇ. ئەگەر يالغانغا كۆنۈپ قالسا، يالغان سۆزلەشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى ۋە پايدىسى يوق ئورۇندىمۇ يالغان سۆزلەيدۇ. يالغان ئېيتقىنىغا ئارتۇقچە ئىچى پۇشمايدۇ.

ھەججاج مۇنبەردە تەبلىغ (ۋەز) قىلغاندا، بىر ئادەم قوپۇپ: «ئەمدى بولار! كۆپ سۆزلىدىڭ! نامازنىڭ ۋاقتى ساڭا قاراپ تۇرمايدۇ» دېگەن ئىدى. ھەججاج ئاچچىقلاپ ھېلىقى كىشىنى تۈرمىگە قامىدى. ئۇ كىشىنىڭ يېقىنلىرى ھەججاجنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئۇ ئادەمنىڭ ئەقلى جايىدا ئەمەس، ساراڭ بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ئىشنى قىلدى، ئەپۇ قىلىڭ، ئۇ ئۆزرىلىك ئادەم» دەپ ئەپۇ سورىدى. ھەججاج: «ئۆزى ساراڭلىقىغا ئىقرار قىلسا، مەن ئۇنى قويۇپ بېرىمەن» دەپ، ئۇ كىشىنى ئالدىغا چاقىرىپ، سورىدى. ئۇ ئادەم: «مەن تولۇق ئەقىللىق ئادەممەن، ئىنساننى ئالداشتىن ھەم ئاللاھ تائالا بەرگەن ئەقىل نېمىتىنى ئىنكار قىلىشتىن ئاللاھ تائالا ساقلىسۇن!» دەپ جاۋاب بەردى.

مەن ساراڭ دېگەن بولسا، ھەججاج ئەپۇ قىلارمىدى قىلماسمىدى، بۇنىسى نامەلۇم. ئەمما شۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەججاج ئۇ كىشىنى قويۇۋەتتى ھەم ئۇ كىشىنىڭ كۈچلۈك، جاسارەتلىك ۋە راست سۆزلۈكلىكىگە خۇش بولۇپ ياخشى كۆردى.

بىر كىمنىڭ راستچىل ياكى يالغانچىلىقىنى بىلىشكە ھاجەت چۈشسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش كېرەك. كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزنىڭ ھەممىسى چىن كۆڭلىدىن بولماسلىقى مۇمكىن. كىشىنىڭ سۆزى بولسا، قىلغان ئىشىدىن ئىبارەتتۇر.

# 119 ـ ھەدىس: تەدبىرلىك بولۇش توغرىسىدا

**التَدْبِيْرُ نِصْفُ العَيْشِ، وَالتَوَدُّد نِصْفُ العَقْلِ، وَالهَمُّ نِصْفُ الهَرَمِ، وَقِلَّةُ العِيَالِ أَحَدُ اليَسَارِيْنِ.** (الجامع الصغير)

پىلانلىق بولۇش تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ يېرىمى، خەلقنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەقلنىڭ يېرىمى، غەم ـ ئەندىشە قېرىلىقنىڭ يېرىمى. ئائىلە تەۋەلىكىنىڭ ئاز بولۇشى ئىككى ئاسانلىقنىڭ بىرى (بايلىقنىڭ يېرىمى) دۇر.

تەدبىرلىك بولۇش — ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىداردىن ئىسلام يولىغا ۋە ئەقلىگە مۇۋاپىق ھالدا پايدىلىنىشنى بىلىش دېمەكتۇر. ئۆزىدە بار بولغان ئەقلىدىن پايدىلىنىشنى بىلگۈچىلەر تەدبىرلىك، پايدا ئالالمىغۇچىلار تەدبىرسىز دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى مۇھەددىسلەر «تەدبىردەك ئەقىل يوق، ئۆزىنى يامان ئىشتىن توسۇپ قېلىشتەك پەرھىزكارلىق يوق» دەپ ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ. تەدبىرنى تۆۋەندىكىچە تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن:

1 ـ ئۆزىگە ئالاقىدار پىلان. بۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش ئىشلىرىنى زىيان تارتمايدىغان ئۇسۇلدا باشقۇرۇشتۇر. ئىنسان ئاشۇنداق ئىشلاردا پىلانلىق بولسا، كۆڭلى خۇش، ئۆزى ئىشچان بولىدۇ. ئەگەر پىلانسىز بولسا، ھەر خىل كېسەللەرگە، ئىچى پۇشۇقلارغا ئۇچرايدۇ ۋە خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئارتۇق تاماق يېيىش، زىيانلىق نەرسىلەردىن ساقلانماسلىق، شارائىتىغا قاراپ كىيىم كەيمەسلىك قاتارلىقلار تەدبىرسىزلىكتۇر.

2ـ ئائىلىگە ئالاقىدار پىلان. يەنى ئائىلە، بالا ـ چاقىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەربىيەلەش، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن باش قاتۇرۇش، پايدىلىق چارىلەرنى ئىزدەپ تېپىشتۇر. بالىلارنىڭ ئىستىقبالى ۋە بەخت ـ سائادىتى مۇشۇ پىلانغا قاراشلىق بولغىنى ئۈچۈن بەك مۇھىمدۇر. خوتۇن ئالمايدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ مۇشۇ پىلانغا كۆچى يەتمەسلىكىدىن قورقۇپ ئۆيلەنمىگەنلىكى مەلۇم. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى كىشىلەر بۇ پىلانغا ھەددىدىن تاشقىرى سەل قارايدۇ. خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ۋە ئىستىقبالىغا قايغۇرمايدۇ. ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ غەمسىز ياتىدۇ ۋە شۇ ئىشىغا نۇرغۇن تەمسىل، شېئىر ئوقۇپ، ھەتتا ئايەت، ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ. بۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى ھەقىقەتتە خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى ئۈچۈن زىيان ۋە بالادۇر.

ئائىلىلەرنىڭ پېقىر بولۇشى ئەيىب بولمىغىنىدەك، بەختسىزلىكمۇ ئەيىب ئەمەس. نۇرغۇن پېقىر ئائىلىلەر بولىدۇ. لېكىن راھەتتە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئەر ـ خوتۇن ناھايىتى راھەت كۈن كەچۈرۈش بىلەن بىللە بالىلىرىنىمۇ ھالىغا چۇشلۇق تەربىيەلەپ باقىدۇ. ئەيىب ۋە بەختسىزلىك بولسا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ھەققىدە تەدبىرچان، پىلانلىق بولماسلىقتۇر.

بالىلىرىنى ھەددىدىن تاشقىرى چىڭ باشقۇرۇش، ئۇلارنى قىستاشمۇ تەدبىرسىزلىكتۇر. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ مۇسۇلمان ئائىلىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلار بۇزۇق گەپ ئاڭلاپ بۇزۇلىدۇ دەپ، پەقەتلا چىڭ تۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن تەربىيەلەيدۇ. ھەتتا پايدىلىق رومان، ھېكايە كىتابلارنى ئوقۇشقا ۋە ئۆز ئۆيى ئىچىدە ئولتۇرۇپ مۇزىكا، ساز چېلىشقا ۋە ئاڭلاشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. بۇ دەرىجىدە قىسىش زىيانلىقتۇر. بىر ۋاقىت كەلگەندە، بۇ بالىلار باغلاقتىن قۇتۇلغان ئىتلار، ئېغىلدىن قاچقان ئاتلاردەك نېمە قىلىشنى بىلمەي، پۈتۈنلەي ئەخلاقسىز بولۇپ كېتىدۇ. ھەر قانداق چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىش ۋە سەل قاراشنىڭ توغۇلۇشى

تەبئىيدۇر. بىزنىڭ موللىلىرىمىزنىڭ باللىرى ھەممىدىن بەكرەك بۇزۇق ۋە ئەخلاقسىز بولۇشى ۋە دىنىي ئىشلار (پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت) غا ئەھمىيەت بەرمەسلىكىدىكى سەۋەب، بۇلارنى مۇشۇنداق تەرتىپسىز قىسىشتۇر. باللىرنى پۈتۈنلەي تىزگىنسىز، نازارەتسىز قويۇپ بېرىش يارىمىغاندەك، بەك قاتتىق تىزگىنلەپ، چىرماپ تۇرمىگە قامىغاندەك تۇتۇشمۇ يارىمايدۇ. بەلكى ئوتتۇرا يولنى تۇتۇش ۋە ئادالەتتىن ئايرىلماسلىق كېرەك. تەدبىر مانا مۇشۇدۇر.

3 ـ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش پىلانى. مەئىشەت تەدبىرى بولسا، ئىسراپتىن ساقلىنىش ۋە ئىقتىسادقا رىئايە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە تۇرمۇش ھاياتىنىڭ يېرىمىدۇر. **مَاعَالَ مَنْ اقْتَصَدَ** يەنى «ئوتتۇرا ھال تۇرمۇشنى تاللىغان كىشى موھتاج بولۇپ قالمايدۇ» دېگەن مەزمۇندا ھەدىس نەقىل قىلىنغان. ئېھتىمال باشقا دىنلارمۇ ئىسراپ قىلىشقا يول قويمايدىغاندۇ. ئەمما ئىسلام دىنى بۇنىڭغا پەقەتلا كەڭچىلىك قىلمايدۇ. ھەتتا ئېقىن سۇدا تاھارەت ئالغان كىشىنىڭمۇ سۇنى بۇزماسلىقى (ئېھتىياجدىن ئارتۇق ئىشلەتمەسلىكى) توغرۇلۇق تاپشۇرۇقلار بار. تاھارەت ئېلىشتا ئەمەس، ھەتتا بىكار چۆللەرگە قويۇۋېتىشتە زىيان بولمايدىغان سۇنىمۇ ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىش شەرت بولغان يەردە، ئائىلىلەر ۋە مىللەتنىڭ پۈتۈن ھاياتى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان پۇل ـ مال ئورۇنسىز بۇزۇپ ــ چېچىلسا قانداق بولىدۇ؟

پۇل تېپىشنى بىلىش كامىللىق بولسا، تاپقان پۇلنى تۇتۇشنى بىلىش تېخىمۇ بەك كامىللىقتۇر. پۇل تاپقۇچىلار بەك كۆپ، ئەمما پۇلنى تۇتۇپ، تېگىشلىك ئورۇنغا خەجلىگۈچىلەر بەك ئاز. ھەر بىر ئائىلىدە ئۆزى ئۈچۈن بىر چىقىم دەپتىرى بولۇشى، دەپتەردە ھارام نەرسىلەر ۋە ئىسراپ چىقىملىرى كۆرۈنمەسلىكى لازىم.

كىرىمدىن چىقىمنىڭ كۆپ بولۇشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەرزگە بوغۇلۇشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا چىقىم ھېچ قاچان كىرىمدىن ئارتۇق بولماسلىقى لازىم.

قەرز بولسا، باشقا كىشىگە قۇل بولۇشنى ۋە شۇنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن مېڭىشنى تەقەززا قىلىدۇ. قورسىقى ئاچ، سوغۇقتا توڭۇپ، ياماق كىيىم كىيىپ خەلقتىن خىجىل بولۇپ يۈرۈش بەك ئېغىر ۋە قىيىن ئىشلاردىن بولسىمۇ، لېكىن قەرزگە بوغۇلغاندەك ئېغىر ئىش ئەمەس. دۇنيا خەلقىگە خىزمەت قىلىدىغان پاراخوتلار، تۆمۈر يوللار، چۆيۈن ۋە بېتون كۆۋرۈكلەر، يېمەك ـ ئىچمەك ئۈزۈقلىرى ھەممىسى ئىقتىساد بىلەن قولغا كېلىدۇ. ئىسراپ قىلغۇچىلارنىڭ ھەر قايسىسى ئاشۇنداق ئىقتىسادچىلارغا قۇل بولغان ياكى بولىدىغانلاردۇر. ئاللاھ تائالا ساڭا بايلىق بەرگەن بولسا، پەقەت ئىسراپ قىلما! ۋە بايلىقنىڭ بىر قانچە كۈنلۈك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما. دۇنيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغۇدەك بايلارنىڭ ئىسراپچىلىق يۈزىسىدىن پېقىرلىققا دۇچار بولغانلىقىدىن بىخەۋەر بولما!

ھەر قانداق مىللەت ئىسراپ ئادىتىگە گىرىپتار بولسىمۇ، رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى، بولۇپمۇ ئېدىل ـ ئورال بويلىرىدىكى شەھەرلەردە تۇرغۇچىلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ كىيىم ــ كېچەك ئىسراپچىلىقى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن. باشقا مىللەتلەرنىڭ خوتۇنلىرى جابدۇنۇش ئۈچۈن پۇل خەجلىسىمۇ، ئىلىملىك ۋە ئاڭلىق بولغىنى ئۈچۈن بۇ چىقىمنى ئېھتىمال كىرىمگە قاراپ قىلىدىغاندۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار كىرىم بىلەن چىقىم توغرىسىدا ئۆلچەم تۇتۇش ئەمەس، ھەتتا تەخمىنەن مۆلچەرلەپ خەجلەشنىمۇ ئويلاپ باقمىغانلىقتىن، ياسىنىش ۋە مېھماندارچىلىق ئۈچۈن چىقىم قىلغان پۇلنىڭ خالىس ئىسراپچىلىق ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

جىسمانىي ئۆلۈم چوقۇم بار. ئادەم بالىسى ھامان بىر كۈنى بۇ دۇنيادىن كۆچىدۇ. قالغانلار ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ دەپنە قىلىدۇ. بۇنى ھەركىم بىلىدۇ. لېكىن نۇرغۇن ئادەملەر جىسمانىي ئۆلۈمدىن بۇرۇن مەنىۋى ئۆلۈمگە يولۇقۇپ، ناھايىتى ئېغىر مۇشەققەتلەرنى تارتىدۇ. بالا ـ قازالارغا، ئاپەتلەرگە ئۇچرايدۇ، كېسەل بولىدۇ. مۇشۇلار مەنىۋى ئۆلۈم بولۇپ،

جابدۇنۇش ۋە بەزى تاماشا ئۇچۇن خەجلىنىدىغان پۇللار بىلەن شۇ مەنىۋى ئۆلۈمگە تەييارلىق كۆرۈش توغرىسىدا ۋە بالىلىرىنى تەربىيەلەش توغرىسىدا پايدىلىنىش لازىم.

خەلقنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دىل ئازار، زىيان ـ زەخمەتلىرىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ دۇستلۇقىنى ھاسىل قىلىش ئاقىللىق ھېسابلىنىدۇ.

غەم ـ قايغۇنىڭ بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقى ۋە پەللىمۇ پەللە قېرىتىدىغان بىر كېسەل ئىكەنلىكىنى بۇگۈنكى ئالىملار پەننى ئۇسۇلدا ئىسپاتلىدى ۋە رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ مۇندىن مىڭ يىل بۇرۇن: ‹غەم ـ قايغۇ قېرىلىقنىڭ يېرىمى› دېگەن سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىقرار قىلدى. مۇشۇ قارارغا ئاساسەن، ئالىملار غەمكىنلىككە مۇپتىلا بولغان كىشلەرنى مۇنداق داۋالاشنى مۇۋاپىق كۆرۈشتى: پىكرىنى ۋە ھېسسىياتىنى تارقىتىۋېتىدىغان ئويۇن ـ تاماشا ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش، ھاۋاسى ياخشى ۋە مەنزىرىسى گۈزەل جايلاردا يۈرۈپ كۆڭۈل ئېچىش، قول ۋە بەدەن ھەرىكىتى قىلىش، ئىش قىلىش. بۇلاردىنمۇ بەكرەك پايدىلىق بولغىنى ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىپ، دىنىنىڭ تۇتقۇسىغا ئىخلاس بىلەن ئېسىلىشتۇر.

شۇنىڭدەك ئائىلە ـ تاۋابىئاتى ئاز بولسا، ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىشمۇ ئازراق بولىدۇ. ئۇلار ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتمۇ يېنىك بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشلارنىڭ پۈتۈن بايلىق بولمىسىمۇ، يېرىم بايلىق ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

# 120 ـ ھەدىس: قۇرئان، ھەدىسكە مەھكەم ئېسىلىش توغرىسىدا

تَرَكْتُ فِيكُمْ أَمْرَيْنِ لَنْ تَضِلُّوا مَا تَمَسَّكْتُمْ بِهِمَا كِتَابَ اللَّهِ وَسُنَّةَ نَبِيِّهِ. (موطأ مالك)

سىلەرگە ئىككى نەرسە قالدۇردۇم، ئەگەر شۇ ئىككى نەرسىنى چىڭ تۇتساڭلار، ھېچقاچان يولدىن ئېزىقمايسىلەر. ئۇ ئىككىسى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدۇر.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى بۇ سۆزنى ساھابىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۈممەتكە قارىتىپ سۆزلىگەن بولۇپ، قۇرئان بىلەن ھەدىسنى ئۆزىگە رەھبەر قىلسا، يولدىن ئازمايدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. لېكىن ھەر بىر ئەسىردىكى ئۈممەت مۇشۇنداق ۋەدىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەمدۇ؟ چۈشەنسە ئەمەل قىلامدۇ؟

قۇرئان ۋە سۈننەتنى چىڭ تۇتۇش بولسا، قۇرئاننى ئاش مەجلىسىدە تەرتىل بىلەن ئوقۇپ يۈرۈشتىن، ئازدۇر ـ كۆپتۇر سەدىقە بېرىشى ئۈچۈن قەبرە ئۈستىدە خەتمە قۇرئان قىلىشتىن، كەلىمىلىرىنى گىرامماتىكا قائىدىلىرىگە مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەمەس.

سۈننەتنى چىڭ تۇتۇشمۇ مەزھەبكە توغرا كەلمىگەن ھەدىسلەرنى پەقەت شۇ مەزھەبكە توغرا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا رەت قىلىش، مەزمۇن ۋە ھۆكمىنى ئېتىبارغا ئالماستىن، لەپزىلىرىنى پەقەت تەبەررۈك ئۈچۈن غەزا ۋاقتىدا ئوقۇش بىلەنلا بولمىسا كېرەك. بەلكى قۇرئان ۋە ھەدىسكە چىڭ ئېسىلىش بولسا، بۇلارنى ھەر قانداق مۇقەللىدنىڭمۇ، مۇجتەھىدنىڭمۇ سۆزىدىن ئۈستۈن تۇتۇش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەممە ھەدىسكە ئەمەل قىلىش، ھەممىسىگە ئەمەل قىلىش مۇمكىن بولمىغاندا، قولىدىن كەلسە تەئارۇز قائىدىسىگە يۈلىنىپ، تەرجىھ (يەنى ھەدىسنىڭ سۆزلىنىش تارىخىغا، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ راستچىللىق، ئادىللىق دەرىجىسىگە قاراپ، كۈچلۈكرەكىنى تۇتۇش، تارىخى كېيىنرەكىنى تۇتۇش) قىلىش ياكى كۆڭلى تارتقان بىرىگە ئەمەل قىلىش.

قۇرئان ئوقۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھەدىيە قىلىنغان نەرسىنى قوبۇل قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئالىملارنىڭ بايان قىلىشىغا قارىغاندا «**تَمَسُّكْ**» (چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلىش) شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئىمام ئەھمەد ئىمران ئىبنى ھۇسەيىندىن: **عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ قَالَ سَمِعْتُ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ مَنْ قَرَأَ الْقُرْآنَ فَلْيَسْأَلْ اللَّهَ بِهِ فَإِنَّهُ سَيَجِيءُ أَقْوَامٌ يَقْرَءُونَ الْقُرْآنَ يَسْأَلُونَ بِهِ النَّاسَ** يەنى «ھەركىم قۇرئان ئوقۇسا، ئەجرىنى ئاللاھتىن تىلىسۇن. يېقىن زاماندا قۇرئان ئوقۇپ خەلقتىن ئەجىر سورايدىغان تائىپىلەر دۇنياغا كېلىدۇ.»[57] دېگەن ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ.

[57] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇسنەدى.

قۇرئان بولسا، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بەندىلەرگە ئەۋەتىلگەن، ھەق ۋە شەرىئەت قائىدىلىرىنى، پايدىلىق يوللارنى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتىنى ئۆزىگە جۇغلىغان بىر كىتابتۇر. بۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى ھەركىم بىلىدۇ ۋە بىلىشى كېرەك.

سۈننەت بولسا، رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئاندىن باشقا سۆزلىرى، قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە باشقىلارنىڭ قىلغىنىنى توغرا كۆرۈپ، قوشۇلغانلىرىدۇر.

قۇرئان ۋە ھەدىسنى يول باشچى قىلىپ تۇتۇش ھەققىدە بۇ ھەدىسلا ئەمەس، بەلكى مۇندىن باشقا نۇرغۇن دەلىللەرمۇ بار. دەلىل بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ قۇرئان ۋە ھەدىسنى يولباشچى قىلىش لازىملىقىنى ئەقىلنىڭ ئۆزىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەتتى. بۇ ھەممىگە مەلۇم بىر ئىش. لېكىن زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلار قۇرئان ۋە ھەدىسنى چىڭ تۇتامدۇ؟ قۇرئان ۋە ھەدىس بۇيرۇغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلامدۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش بەك قىيىن ھەم ئېچىنارلىق.

كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمانلار قۇرئان ئورنىغا قولىدىكى پەتىۋا كىتابلىرىغا، ناپاك بەندىلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن شەرھلەر ۋە ھاشىيەلەرگە ئېسىلىدۇ ۋە شۇ كىتابلارنى ھەممىگە كۇپايە، تولۇق يېتەرلىك دەپ دەۋا قىلىدۇ. تەپسىر دەرسلىرى ئەھمىيەت بېرىپ ئوقۇلمايدۇ. كۆپىنچە مەدرىسلەردە سىبۋەيھ، نەفتەۋەيھ، سىراج ۋە زەججاج مەزھەبلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ.

كائىنات ۋە ئالەمنىڭ تەشكىل ئىنتىزامى توغرۇلۇق سۆزلەنگەن ئارىستوتىل نەزەرىيەلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قۇرئاننى ئۇنىڭغا تەتبىقلايدۇ. بۇلارنىڭ شاگىرتلىرى قۇرئان ئارىستوتىل نەزەرىيەلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن چۈشكەن دېيىشمۇ، يوللۇق بولغان بولۇۋېرىدۇ. قۇرئان روھىغا ئۇيغۇن بولغان ۋەزىپە لايىقىدا ئادا قىلىنمىغاندەك، سۈننەت توغرىسىدىكى ۋەزىپىلەر ئادا قىلىندى دېيىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەدىس كىتابلىرى مەنىسىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىشىدىن بەكرەك بېشىمىزغا كەلگەن ھەرخىل پالاكەت، بالا ـ قازا دەپئى قىلىنسۇن، دەپ ئوقۇلىدۇ. ئۆيلەردە «ئوت بالاسى، جىن ـ ئالۋاستى ئاپىتى تەگمىسۇن» دەپ ساقلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن مەۋزۇ (توقۇلما) ھەدىسلەر ئانچە پەرق ئېتىلمەيدۇ. راستلىرى بىلەن يالغانلىرى بىر قاتاردا كۆرۈلىدۇ.

مۇنبەرلەردە ئوقۇلغان خۇتبىلەرنى، ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىشلاردىن تولۇق خەۋىرى بار.

قۇرئان ۋە ھەدىسكە چىڭ ئېسىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن، ئىسلام دۇنياسى ئاساسسىز پەتىۋالار بىلەن تولۇپ كېتىپ، "**حيلة شرعية**" دەپ ئاتالغان نەرسىلەر «**دستور العمل**» (ئىش ـ ھەرىكەت قوللانمىسى) قىلىپ ئىشلىتىلدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ شەرىئەت يولى دەپ كۆرسىتىلىشى ۋە ئەمەل قىلىنسۇن دەپ مۇسۇلمانلارغا تىڭشىتىلىشى: (**فَوَيْلٌ لِلَّذِينَ يَكْتُبُونَ الْكِتَابَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَذَا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ لِيَشْتَرُوا بِهِ ثَمَنًا قَلِيلًا فَوَيْلٌ لَهُمْ مِمَّا كَتَبَتْ أَيْدِيهِمْ وَوَيْلٌ لَهُمْ مِمَّا يَكْسِبُونَ**) يەنى «ئۆز قولى بىلەن كىتاب يېزىپ ئۇندىن كېيىن ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش ئۈچۈن، «بۇ ئاللاھتىن نازىل بولغان كىتاب» دەپ خەلقنى ئازدۇرغۇچىلارغا ئازاب باردۇر. ئۇلارغا يازغان خېتى، شۇغۇللانغان كەسپى تۈپەيلى ئازاب باردۇر» دېگەن ئايەتنىڭ روھىغا خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن بولسىمۇ، قۇرئان ۋە ھەدىسنى يېتەرلىك دەرىجىدە تونۇپ يېتىش ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى شۇنىڭغا توغرىلاپ ئېلىپ بېرىش، بۇنىڭدىن سىرت ئۆز پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمىھالى ۋە تۆت خەلىپىنىڭ سىياسەتلىرى، ساھابە كىراملارنىڭ مۇئامىلىلىرىنى بەك يېقىندىن تونۇش لازىم ئىدى. مۇشۇلار ئۈممەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ھەق يولدا ماڭغان ـ ماڭمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۇچۇق ۋە ئادىل ئۆلچەملەردۇر.

ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىل ئالىملىرىنىڭ «دىن» نى ئوينىشىنى ۋە ئۆزىنىڭ گۇمان ۋە پەرەزلىك گەپلىرىنى شەرىئەت قىلىپ يۇرگۈزۈشىنى قۇرئان كەرىمدە ئەيىبلىگەن ھەم شۇ قىلمىشلىرىنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن بولسا، مۇسۇلمانلار بۇنى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش دەپ ئوقۇسۇن ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەنى ئىسرائىل ھەققىدە ئەيىب بولغان بىر ئىشنىڭ باشقىلارغا قارىتامۇ ئەيىب بولىدىغانلىقىنى ۋە شۇ قىلمىش سەۋەبىدىن بەنى ئىسرائىلغا قانداق پالاكەت كەلگەن بولسا، شۇ پالاكەت ئۇلارنىڭ گۇناھىغا شېرىك بولغان مىللەتلەرنىڭ بېشىغىمۇ كېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماي ئەھمىيەت بېرىشكە، قىسقىسى ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر ۋەز ــ نەسىھەتتۇر.

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىم ئەيىبلەپ ئاگاھلاندۇرغان مىللەتلەردىن قانداق پەرقى قالدى؟ ئەگەر مۇسۇلمان مىللەتلەر بۇرۇنقى بىخۇدلۇقىدىن ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ قۇرئانىغا ۋە سۈننىتىگە چىڭ ئېسىلسا ۋە شۇلارغا ئەمەل قىلىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلسا، ھازىرمۇ پۇرسەت بار، ئەلۋەتتە. ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكىنى يوق. **(فَأَمَّا مَنْ تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَعَسَى أَنْ يَكُونَ مِنَ الْمُفْلِحِينَ)** يەنى «تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردىن بولۇشى ئۈمىدلىكتۇر.»[58]

بىزنىڭ ئۆز يۇرتىمىزدا بوۋىلىرىمىز بۇلغار تۈركلەر زامانىسىدا، تاتارلار موڭغۇللارنىڭ قول ئاستىدا تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەدىس ئىلمى ئومۇملاشقان دەپ بىلمەيمەن (تولا كىشىلەر ھەدىس بىلمەيتتى). بۇ مۇبارەك ئىلىمنىڭ مەرتىۋىسى ۋە ھۆرمىتىنى بىلىش كېيىنكى ۋاقىتلاردىلا بولدى. ئىلىملىق، مۇدەررىسلىك، مۇئەززىنلىك ئىشلىرىغا بەلگىلىنىشكە ئىمتىھان بېرىدىغان شاگىرتلار ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنى، ئوقۇتقان ئۇستازلىرىنى ۋە ئوقۇغان دەرسلىرىنى قىسقىلا يېزىش ئۈچۈن ئورنبورگ دۇخاۋنۇ (باشلىقلىرى) ئىشخانىسىدا دەپتەر بار ئىدى. مەزكۇر دەپتەر مىلادى 1840 ـ يىلىدىن تارتىپ تەرتىپلىك ھالدا داۋاملىشىپ كەلگەن، كېيىنچە ئىماملار ۋە مەشھۇر مۇدەررىسلەر قاتارىغا ئۆتكەن شاگىرتلار ھەدىس ئىلمىدىن **«عين العلم»** ئوقىدۇق دەپ مەزكۇر دەپتەرگە پۈتۈپ قويغان ھەمدە بەزىلىرى ھەدىس دەرسى قىلىپ پايدىلانغان **«طريقة محمدية»** ئىسىملىك كىتابى ھەققىدە توختالغان. ئۇنىڭدىن مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەدىس دەرسلىرى قاتارىغا **«مشكاة المصابيح»** مۇ يېزىلىشقا باشلىغان.

مىشكات ئوقۇتقۇچى مۇدەررىسلەرنىڭ شۇ كىتابنى ھەدىس ئۆگىتىش قائىدىسى بويىچە ئۆگىتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەلمەيمەن. ھىدايە دەرسىدەك ئۆگەتكەن ۋە «مرقات»نىلا تەرجىمە قىلىپ ئوقۇتقان دەپ ئويلايمەن.

ئىلگىرىكى ئالىملىرىمىز ئىچىدىكى ھەدىس ئىلمىنى ئۆز ئۇسۇلى بىلەن پەننى يوسۇندا چۈشەندۈرگۈچىلەر بولسا، قورساۋي، ئەلى تونتارى ۋە مەرجانى قاتارلىق زاتلاردۇر. ئالىمجان ئەلبارۇدى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن بەزىلىرى ۋە ھىجازدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ كەلگەن ئۈچ ـ تۆت زامانداشلىرىمىز بۇ ئېقىمدا قەدىرلىك سەلەپلىرىمىزنىڭ ياخشى ئىز باسارلىرى بولىدۇ، دەپ ئارزۇ قىلىمىز.

---

[58] قەسەس سۈرىسى 67 ـ ئايەت.

## 121 ـ دەرس: ئاللاھ تائالانى ھەر دائىم ئەستىن چىقارماسلىق توغرىسىدا

**تَعَرَّفْ إلى اللهِ فِيْ الرَّخَاءِ يَعْرِفْك في الشِدة.** (كشف الخفاء)

ئاللاھ تائالاغا تىنچ ۋە ئەمىن چاغلىرىڭدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن قۇلچىلىق قىل! ئاللاھ ساڭا خاپىلىق ۋە مۈشكۈللۈك چۈشكەن ۋاقىتلاردا ياردەم بېرىدۇ.

پىرئەۋن ئۆزىنىڭ سۇغا چۆكۈپ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئىمان كەلتۈرۈپ: «ئەمدى مەن مۇسۇلمان بولدۇم» دەپ ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا: «ئەمدى ئېسىڭگە كەلدىمۇ؟» دېگەن مەزمۇندا جاۋاب بېرىلگەن ئىدى. مۇشۇنداق ھايات ـ ماماتلىق ئەھۋال يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال، ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئەركىن ۋە تىنچ چاغدا بەندىچىلىك قىلىش ئەڭ ئەھمىيەتلىكتۇر.

## 122 ـ ھەدىس: ئۆز نەسەبىنى تونۇش توغرىسىدا

**تَعَلَّمُوا مِنْ أَنْسَابِكُمْ مَا تَصِلُونَ بِهِ أَرْحَامَكُمْ.** (سنن الترمذي)

ئۆزەڭلارنىڭ مەھرەم قېرىنداشلىرىڭلارنى (سىلە رەھىم قىلىشى ھالال بولمايدىغان تۇغقانلار) تونۇپ سىلە قىلغۇدەك (يوقلاپ ياردەم قىلغۇدەك) دەرىجىدە ئۆز ئەۋلاد، نەسەبىڭلارنى تونۇڭلار، ئۆگىنىڭلار.

ھەرقانچە يېقىن قېرىنداش بولسىمۇ، ئىزدەشمەي تاشلىشىپ كەتسە، يېقىنلىق ۋە مەھرەملىك بولمايدۇ ۋە ھەر قانداق يىراق تۇغقان بولسىمۇ، يوقلىشىپ تۇرغاندا يىراقلىق قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەھرەم تۇغقانلىرىغا ھەمىشە سىلە ـ رەھىم قىلىپ (يوقلاپ ياردەم قىلىپ) ۋە مەھرەم قېرىنداشلارنىڭ ئۇرۇق ــ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىش لازىم.

نەسەب ئىلمى (كىملەر بىلەن قانداق تۇغقان ئىكەنلىكىنى بىلىش) پايدىلىق ئىلىم بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئايماق، قەبىلە، ئۇممەت ۋە مىللەت ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ئورنىتىش مۇمكىن. مىراس ۋە نىكاھ مەسىلىلىرى ئۈچۈنمۇ نەسەب بىلىشنىڭ كۆپ پايدىسى بار. ئۇرۇنبۇرگ ئىجتىمائىي مەھكىمە ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن ۋاقتىمىزدا، رەسمىي ھالدا نىكاھ راۋا بولمايدىغان مەھرەم قېرىنداشلارنى نىكاھلاپ قويغان ۋەقەلەرگە دائىر مەھەللە ئىماملىرى تەرىپىدىن خاتىرە قىلىپ قالدۇرۇلغان ھۆججەتلەرنى كۆپ ئۇچراتتۇق. بۇنىڭ سەۋەبى ھارام ئىشلارنى بىلمەسلىكتىن، بولۇپمۇ نەسەب ئىلمىنى ياخشى بىلمىگەنلىكتىن ئىدى.

ئەرەبلەر ئۆزىنىڭ نەسەبىنى (قايسى ئەۋلادتىن ۋە كىملەر بىلەن قانداق تۇغقانلىقىنى) بىلىشكە بەكلا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئۆز ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى نەسەبنى ياخشى بىلىدىغان ئالاھىدە كىشىلەردىن بىرى ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ نەسەبكە ئەھمىيەت بېرىش ئەنئەنىسى ئىرانلىقلارغا ئارىلىشىپ، ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن سۇسلاپ كەتتى. ئاتا ـ بوۋىلىرى ۋە قەبىلىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئۆز شەھەرلىرى ۋە ھۈنەرلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. نەتىجىدە بۇرۇنقى شان ـ شەۋكەت ۋە پەزىلەتلىرى يوقالدى. نەسەب بىلىشكە ئەھمىيەت بېرىشتە تۈركلەرمۇ ئەرەبلەردىن قېلىشقۇچىلىقى يوق. تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى بولغان قازاق، قىرغىز ئايماقلىرىنىڭ كۆنىمىزدىمۇ نەسەب بىلىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى بىلىنىدۇ. بۇلار ھەتتاكى كىچىك باللارمۇ ئاتا بوۋىسىنىڭ ۋە ئەمگەن ئانىلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرىنى ئالتىنچى، يەتتىنچى بوۋىلىرىغىچە بىلەرمىش. بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش بولۇپ، بۇنىڭدا مەنىۋى يېقىنلىق ۋە روھىي بىرلىك بولىدۇ. ئوخشاش فامىلىدىن بولغان كىشىلەر باشقىلارغا قارىغاندا بىر ـ بىرىنى يېقىن كۆرىشىدۇ. بىر يەردە ئۇچرىشىپ قالسا، دەرھال ئۆلپەتلىشىپ ئۆزىنىڭ ئەجداد ۋە نەسەبلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇرۇق ــ تۇغقانچىلىق رىشتىلىرىنى قايتىدىن مۇستەھكەملەشكە تىرىشىدۇ.

ئورال بويلىرىدىكى تۈركلەرنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشى ۋە شان ــ شۆھرىتىنىڭ تۆگەپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى فامىلىلىرىنى (ئايماق مۇناسىۋىتىنى) يوقىتىپ قويۇشى ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشلىرى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك. پۈتۈن مىللەت بويىچە بىر كىشىنىڭ ئەۋلادى بولغان خەلقلەر شۇ كىشىگە باغلىق ۋە چېتىشلىقى زۆرۈر تۇرۇپ،

ھەسەن ھۈسەيىن ئوغلى، ئۆمەر ئوسمان ئوغلى، ئۇبەيدۇللاھ ئابدۇللاھ ئوغلى قاتارلىقلار پارچىلىنىپ، تىرىقتەك چېچىلىپ كەتتى ۋە شامال ئۇچۇرغان قۇمدەك بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىپ، تارقىلىپ تارىخ سەھنىسىدىن يوقىدى. نۇرغۇنلىرى يېقىنقى زامانىدىكى بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىلىرىنىمۇ بىلىشمەيدۇ. بۇرۇنقى زامانىدىكى مۇسۇلمانلار نەسەب ئىلمىگە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى، ھەتتا بۇ توغرىدا كىتابمۇ يازغاندى. نەسەب ئىلمىنىڭ پېشۋاسى ھىشام ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلسائىب ئەلكەلبى بولۇپ، (ھىجرى 204ـ يىلى ۋاپات بولغان) بۇ توغرىدا «**المنزلة**»، «**الجمهرة**»، «**الوجيز**»، «**الفريد**»، «**الملوك**» ناملىق ئەسەرلەرنى تۈزۈپ چىققان.

ئەھمەد ئىبنى يەھيا ئەل بەلازەرى (ھىجرى 279 ـ يىلى ۋاپات بولغان) «**أنساب الأشراف**» ناملىق يىگىرمە توملۇق كىتابنى يازغان بولسىمۇ، كىتابنى تاماملاشقا مۇيەسسەر بولالمىدى. ئەبۇلفەرەج ئەلئەسفاھانىنىڭ «ئەلئەغانى» سى نەسەب ئىلمىنىڭ ئەڭ ئەتراپلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئابدۇلمەلىك ئىبنى ھىشام ئەلھىميەرىنىڭ «**أنساب حمير وملوكها**»، ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ھەبىب ئەلباغدادىنىڭ «**أنساب الشعراء**»، سەمئانىنىڭ «**أنساب سمعاني**»، زۇبەير ئىبنى بەككارنىڭ «**أنساب قريش**»، مۇھىببىددىن مەھمۇد ئەلبۇخارىنىڭ «**أنساب المحدثين**» ناملىق كىتابلىرى بارلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مەرجانى ھەزرەتلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «مۇستەفادۇلئەخبار» ناملىق كىتابتا نەسەب ئىلمى ئېغىر سالماقنى ئىگەللەيدۇ. «ئاسار» ناملىق ئەسەرمۇ رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنى بىر ــ بىرىگە باغلاش رولىنى ئوينىسۇن، ئۇلپەت ۋە مۇھەببەت يېڭىلانسۇن، قېرىنداشلىق مەھكەم تۇرسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن يېزىلغان.

ساھابىلەرنىڭ ئەجداد ۋە نەسەبلىرى تەكشۈرۈپ يېزىلغان «**الإستيعاب**»، «**أسد الغابة**» ۋە «**الإصابة**» ناملىق كىتابلار كۈنىمىزدە بىسىپ تارقىتىلىپ ئىلىم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن ئۈنۈملۈك قوللىنىلماقتا.

ئىسلام ئالىملىرىنىڭ نەسەب ئىلمىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى يۇقىرىقى ئەسەرلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھەدىس ئىلمىدە ۋايىغا يەتكەن ئىلىم ئەھلىلىرى «**إن النسب علم لا ينفع وجهالة لا تضر**» دېگەن گەپنىڭ رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن ئېيتىلمىغانلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ. قەيت قىلىنغان تەقدىردىمۇ ئىسپاتلاپ چىقىش مۇمكىن بولمىغان نەسەبلەرنى تەكشۈرۈشكە قارىتىلغان گەپ بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىن نەسەبنى بىلىش، قاچان قەيەردە تۇغۇلۇپ، قەيەردە دۇنيادىن كەتكەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇش مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز بولسا، «نەسەب ئىلمىنى بىلىش پايدىلىق، بىلمەسلىك زىيانلىق ئەمەس» دەپ ئېيتىش قانداق دۇرۇس بولسۇن؟ خىلاپەت مەسىلىسىمۇ نەسەب ئىلمىنى بىلىشكە باغلىقتۇر.

مەيلى مەھرەم بولسۇن ياكى مەھرەم بولمىسۇن تۇغقانلار يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ داۋاملىق ئىزدىشىپ، يوقلىشىپ تۇرۇش تولىمۇ زۆرۈردۇر. بېرىش ـ كېلىش قىلىش مۇمكىن بولمىغاندا، خەت يېزىشىپ تۇرۇشمۇ سىلە ـ رەھىم ھېسابلىنىدۇ. چىقىمى بەك ئاز بولغان خەتلەر بىلەنمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان، جەمەت ۋە يۇرتداشلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ.

# 123 ـ ھەدىس: يوقسۇللۇق، خارلىق ۋە زۇلۇمدىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا

**تَعَوَّذُوا بِاللَّهِ مِنْ الْفَقْرِ وَالْقِلَّةِ وَالذِّلَّةِ وَأَنْ تَظْلِمَ أَوْ تُظْلَمَ.** (سنن النسائي)

پېقىرلىقتىن، ماددىي ۋە مەنىۋى لازىمەتلىكلەرنىڭ ئازلىقىدىن، خەلقئالەم ئالدىدا خار بولۇش ۋە زاڭلىق قىلىنىشتىن، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشتىن ۋە كىشىلەرنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئاللاھ تائالادىن پاناھ تىلەڭلار!

موھتاج بولۇپ قېلىش ۋە كىشىگە زۇلۇم قىلىش ياكى كىشىنىڭ زۇلمىغا ئۇچراش قاتارلىقلار ئىنسانغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۈشكۈل ئىشلاردىن بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ ئۈممەتلىرىنى بۇلارغا دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھتىن پاناھ تىلەشنى بۇيرۇدى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىشىگە پېقىرلىق سەۋەب بولغان بولسا، ئۈممەتنىڭ ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە ئىستىبداد ۋە زۇلۇم سەۋەب بولدى.

توغرا، بەزى كىشىلەر ئۈچۈن پېقىرلىق زىيانلىق ئەمەس، بەلكى ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مىللەت ئۈچۈن، بىر پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ زىيانلىق نەرسىدۇر. پېقىرلىق سەۋەبىدىن ئۈممەت ھاياتلىق جېڭىدە مەغلۇپ بولۇپ، ئەركىن، مۇستەقىل ياشاش يولىدىكى كۆرەش مەيدانىدا ھالسىزلىنىپ باشقىلار تەرىپىدىن ئېزىلمەكتە ۋە كۈندىن ـ كۈنگە ئەھۋالى خارابلىشىپ ئاجىزلىششقا يۈزلەنمەكتە.

پېقىرلىقنى سۆككەن ھەدىسلەرمۇ بولغاندەك، **أَنَّ فُقَرَاءَ الْمُؤْمِنِينَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ قَبْلَ أَغْنِيَائِهِمْ بِنِصْفِ يَوْمٍ خَمْسِمِائَةِ عَامٍ** يەنى: «مۆمىنلەرنىڭ پېقىرلىرى جەننەتكە بايلىرىدىن بەش يۈز يىل بۇرۇن كىرىدۇ»[59] دېگەنگە ئوخشاش پېقىرلىقنى ماختايدىغان ھەدىسلەرمۇ بار. لېكىن بۇ سۆكۈش ۋە ماختاشلار، كىشىلەرنىڭ ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى ئەھۋالىغا، بايلىق ۋە قىيىنچىلىقلارغا باغلىق بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدە مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە زىت بولۇشتەك ئەھۋال قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا بىرسىگە نىسبەتەن پېقىرلىق ياخشى ئەھۋال بولسىمۇ، يەنە بىرسىگە نىسبەتەن شۇ پېقىرلىق ھەتتا كاپىرلىقتەك زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئومۇمىي مىللەتكە نىسبەتەن بايلىق شەرتسىز ياخشى ئەھۋال بولۇپ، بۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىش قىلىشنىڭ قىلچە ئورنى يوق.

مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ھەم پېقىرلارنى بېقىپ تەربىيەلەش، ئىلمنى كۈچەيتىش، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بولۇپمۇ بۈگۈنكى ھەرخىل يات مىللەتلەر ئارىسىدا كۈن كەچۈرۈپ تۇرۇپ، دىنىي ۋە مىللەتنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ماددىي بايلىققا باغلىقتۇر. ھازىرقى دەۋرىدە باي بولمىغان مىللەت باي مىللەتلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ۋە شۇلارنىڭ ئاياغ ـ ئاستىدا ئېزىلىشكە مەھكۇمدۇر. مۇتەنەببى:

**فَلاَ مَجْدَ فِيْ الدُنْيَا لِمَنْ قَلَّ مَالُهُ    وَلاَ مَالَ فِي الدُّنْيَا لِمَنْ قَلَّ مَجْدُهُ**

[59] ئىبنى ماجە.

«مېلى ئاز كىشىنىڭ ھۆرمىتى بولمايدۇ. دۇنيادا ھۆرمىتى ئاز كىشىنىڭ مېلىمۇ يوق» دەيدۇ. ئۇرۋە ئىبنى ئەلۋەردە:

**ذريني للغنى أسعى فإني          رأيت الناس شرهم الفقير**

**وأهونهم وأحقرهم لديهم          وإن أمسى لهم نسب وخير**

**ويقصى فى الندى وتزدريه          خليلته وينهره الصغير**

**ويلقى ذوالغنى وله جلال          يكاد فؤاد صاحبه يطير**

**قليل ذنبه والذنب جم          ولكن للغنى رب غفور**

«مېنى بايلىق تاپقىلى قويۇڭلار! ئادەملەرنىڭ ئەسكىسى پېقىرلار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. پېقىرلار گەرچە ئاتا ـ بوۋىسى ئېسىل، ياخشى كىشىلەر بولسىمۇ، خەلق ئالدىدا خار، ھەقىر بولىدىكەن. ئۇلارنى دوستلىرىمۇ چاي ـ زىياپەتلەرگە چاقىرمايدىكەن، ھەتتا كىچىك باللارمۇ تاپا ــ تەنە قىلىدىكەن. باينىڭ ھەيۋىتى بار ئىكەن، يېقىنلىرىمۇ قورقۇپ تۇرىدىكەن. گۇناھى كۆپ بولسىمۇ، ئاز ھېسابلىنىدىكەن. لېكىن ئەسلى بايلىق ئالەمنى ياراتقۇچى مېھرىبان ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن ئىكەن.

پېقىر ۋە موھتاج بولۇپ قالماسلىقنى ئاللاھ تائالادىن تىلەش بولسا، قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ ئولتۇرۇشتىن بەكرەك مال تېپىشنىڭ سەۋەبلىرىنى قىلىش ۋە تىرىشىش دېگەنلىك بولىدۇ. سەۋەبلەرنى قىلماستىن، نامازلا ئوقۇپ دۇئا قىلىشتىن پايدا چىقىشى تەسرەك بولۇشى مۇمكىن. سەۋەبلىرىنى قىلىپ تەر تۆككەندىن كېيىن، ناماز ئوقۇپ ئاللاھتىن تىلەش ياخشى ۋە ئەڭ پايدىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پۇل ـ مالنىڭ قولغا كېلىشى بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ بەرىكەتلىك ۋە پايدىلىق بولۇشى، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگىنىدەك دۇئا قىلىش مۇشۇنداق ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر. زۇلۇم ھەققىدە 140 ـ ھەدىسنىڭ شەرھىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 124 ـ ھەدىس: ئاياللار توغرىسىدا

**تُنْكَحُ الْمَرْأَةُ لِأَرْبَعٍ لِمَالِهَا وَلِحَسَبِهَا وَجَمَالِهَا وَلِدِينِهَا فَاظْفَرْ بِذَاتِ الدِّينِ تَرِبَتْ يَدَاكَ.** (صحيح البخاري)

خوتۇن ئادەتتە مېلى، نەسەبى (كېلىپچىقىشى، خەلق ئارىسىدا مۆتىۋەر ئائىلىدىن بولۇشى)، چىرايلىقلىقى ۋە دىنى قاتارلىق تۆت تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى ئۈچۈن نىكاھلاپ ئېلىنىدۇ. سەن دىنىنى، دەپ ئالغىن! بولمىسا، ئۇبدان ئىش قىلمىغان بولىسەن!

خوتۇن ئېلىشتا بايلىقى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئابرۇيى ۋە چىرايلىقلىقى قاتارلىقلارلا مەقسەت قىلىنمىسۇن. بۇ، بۇلارنىڭ ئەتىۋارى يوق دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بۇ تەرەپلەرمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ھەممىدىن بەكرەك دىن ـ دىيانەتنى مۇستەھكەم، ئۆز ئېپپىتىنى ياخشى ساقلايدىغان خوتۇننى تېپىپ ئېلىشقا تىرىشىش، ئەۋزەل دېگەنلىك بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئالىدىغان خوتۇننى كۆرۈپ ئېلىشقا بۇيرۇغان ۋە كۆرۈپ ئالغاندا مۇھەببەت پەيدا بولىدىغانلىقنى بايان قىلغان ئىدى. بىر كۆرۈش بىلەنلا خوتۇن كىشىنىڭ دىيانەتلىك ياكى دىيانەتسىزلىكىنى بىلىش مۇمكىن بولمايدۇ (ئۇنى تەكشۈرۈپ بىلىش كېرەك). رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرۈپ ئېلىشنى بۇيرۇشتىكى مەقستى دىيانەتلىك بولۇش بولماسلىقىدىن بەكرەك، چىرايلىق ياكى سەت ۋە ئەخلاقلىق ياكى ئەخلاقسىزلىقنى بىلىشنى كۆزدە تۇتقان.

خۇلاسە سۆز: رەسۇلۇللاھنىڭ مەقستى مال، نام ـ ئابرۇي ۋە چىراينى كۆزلەشتىن توسۇش ئەمەس، بەلكى دىندارلىقنى بىرىنچى ئورۇندا تۇتۇش ئۈچۈن يول كۆرسىتىشتۇر. بىر ئەرەب شائىرى بۇ ھەقتە:

**وأول خبث الماء خبث ترابه — وأول لؤم المرء لؤم المناكح**

«سۇنىڭ پاسكىنا بولۇشى، توپىسىنىڭ پاسكىنىلىقىدىندۇر. ئادەمنىڭ پەسكەش، مەينەت بولۇشى بولسا، ئانىسىنىڭ پەسكەشلىكىدىن باشلىنىدۇ ۋەياكى ئۇسال خوتۇن ئېلىشىدىن بولىدۇ» دېگەن.

كىشىنىڭ دىندا مۇستەھكەملىكى ياكى دىنسىزلىقى ئىسلامنىڭ كۆز قاراشلىرىدا بەك ئېنىق بىلىنىدىغان ئەھۋال بولسىمۇ، بىزنىڭ كاللىمىزدا بۇ ئىشلار يەنىلا ئايدىڭ ئەمەس. لاياقەتسىز ۋە پەسكەش ئادەملەرنىڭ ئارىغا قىسىلىۋېلىپ سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇشى سەۋەبىدىن توغرا نىزام ۋە ئۆلچەمدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ ئادەملەر، بىزنىڭ ئىشىمىزغا توسالغۇ بولىدۇ دەپ قارىغان كىشىلەرنى ئاۋام خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈش قەستى بىلەن «دىنسىز» كۆرسىتىپ، ئۆز ئېقىمىدىكىلەرنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىغا كۆز يومىدۇ ۋە خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۇلارنى سەر خىل ۋە مۆتىۋەر كىشى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىشىدۇ.

سەللىسى چوڭ، تونلىرى كەڭ ۋە ئۇزۇن بولسا، يەڭلىرى قولىنىڭ ئۇچىدىن ئېشىپ تۇرسا، ئۆزىمۇ ئالدىغا قاراپ ماڭسا ۋە ئۆزىنى تۆت مەزھەبنىڭ بىرىگە يېپىشىدىغان مۇقەللىد ھېسابلاپ، ئەۋلىيا ۋە شەيخلەرگە قول بەرسە، ئۇلاردىن مەدەت ۋە ياردەم

تىلەشنى دۇرۇس كۆرسە، بۇرۇنقىلارنىڭ ئادەتلىرى ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تولۇق ساقلاپ قالسا، بۇرۇنقى مۆتىۋەرلەر سۆزلىمىگەن سۆزلەرنى ئېغزىغا ئالمىسا، بىز ئۇلارنى «دىندار» كىشى قاتارىدا كۆرىمىز ۋە شۇنداق مۇئامىلە قىلىمىز.

چېچىنى ئۆستۈرسە ياكى ساقىلىنى ئۇزۇن قويمىسا، كۆزئەينەك تاقىۋالسا، چاپىنىدا تىۋىت ياقا بولۇپ قالسا، ماشايىخلارنىڭ غايىبنى بىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنى رەت قىلسا، خانىم ـ قىزلارنىڭ خەت يېزىشىنى، تەلىم ــ تەربىيە ئېلىشىنى، مەسجىدكە بېرىپ، ئەرلەر بىلەن جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشىنى دۇرۇس كۆرسە، ئۇ كىشىنى «دىنسىز»، «دەھرى» ۋە «زىندىق» قاتارىغا چىقىرىۋېتىمىز.

مۇشۇنداق بىر قەۋم ئىچىدە ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ياشىغان كىشى دىيانەتلىك بىلەن دىنسىزنى قانداقمۇ ئايرىيالىسۇن؟

ئۆيلىنىش ئىنتايىن مۇھىم ئىش ئەمەسمىدى؟ ئىلگىرىكى پەيلاسوپلاردىن ھازىرقى پەيلاسوپلارغا مىراس بولۇپ قالغان ۋە ھەركىمنىڭ ئۆزىگە خاس كۆز قارىشى بولغان مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە ئۇزۇن توختىلىپ ئوقۇغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا بىز بۇ ھەقتە قىسقىچىلا توختىلىمىز.

ئىسلام دىنى ئۆيلىنىشنى ئەڭ مۇھىم ئىشلار قاتارىدىن سانايدۇ. مۇنداق دېگەنلىك — ئۆيلىنىش پەرز ئەين ۋە ھەر بىر شەخس چوقۇم ئۆيلىنىشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى «مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمەن ئۆيلىنىشى زۆرۈر» دېگەنلىك بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئومۇمىي ۋە قىيامەتكىچە ياشناپ تۇرىدىغان مۇكەممەل بىر دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، مىللەت تەرىپىدىن ئەمەل قىلىنسا، ھەقىقىي مەنىسىنى تاپقان بولىدۇ. ھالبۇكى، مىللەت بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئائىلە. ئىجتىمائىي بىرلىكنىڭ يىلتىزى ئائىلىدۇر. ئائىلىدىن تەركىب تاپمىغان بىرلىك سۇ ئۈستىدىكى قۇرۇلۇشتەك، قۇم ئۈستىدىكى سۇدەك مۇقىم تۇرمايدۇ ۋە ئۆزۈنىچە داۋاملىشالمايدۇ. ئائىلە بولۇش ئۈچۈن ئۆيلىنىش شەرت. باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ئائىلە بەرپا قىلىش، ئائىلە بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقىي دوستلۇق پەقەتلا ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىلا بولۇشى مۇمكىن.

گەرچە ھەقىقىي دوستلۇق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەمىشە تەكىتلەنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شەخسلەرنىڭ ھېچ قايسىسى ھەقىقىي دوستلاردىن بولالىشى ناتايىن. شۇڭا تۇرمۇش قۇرۇش زۆرۈر. ئەخلاق نۇقتىسىدىنمۇ زۆرۈر بولغان ۋە ئەھمىيەتلىك ئىش قاتارىدىن سانىلىدۇ.

ئۆيلىنىش دىن بىلەن ئەخلاق نۇقتىسىدىن زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، تېببىي جەھەتتىنمۇ تەشەببۇس قىلىنغان پايدىلىق ئىشتۇر. زامانىمىزدىكى تېۋىپلەردىن بىرسى ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

ئۆيلەنگەن ئىنساننىڭ بەدىنى ساغلام بولىدۇ. ئەقلى ئۆسىدۇ، روھى كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ، ھەزىم قىلىش ئەزالىرى ياخشىلىنىدۇ، قان ئايلىنىشى تېزلىشىدۇ. سەزگۈ ئەزالىرى رېتىملىق ئىشلەيدۇ، نېرۋىلار ئارام ئالىدۇ، غەم ــ قايغۇ يوقايدۇ. ئادەتتىن تاشقىرى ئاچچىقلانماستىن ئۆزىنى بېسىۋېلىشنى ئۆگىنىدۇ. بەدەن قۇرۇلمىسى تۈزلىنىپ يۈرۈش ـ تۇرۇشى نورماللىشىدۇ. ئۇششاق ــ چۈشەك كېسەللىكلەردىن خالىي بولىدۇ. بولۇپمۇ ياتلىق بولۇش ـ ئايال كىشىنىڭ ئەقلىنىڭ تېخىمۇ تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق.

ياتلىق بولۇش سالامەتلىككە زىيانلىق بولغان «ئانانىزم» ئۈچۈنمۇ زور پايدىسى بار.

## 125 ـ ھەدىس: ھەدىيە توغرىسىدا

**تَهَادوا تَحَابُّوا.** (موطأ مالك)

بىر ـ بىرىڭلارغا ھەدىيە ـ سوۋغات بېرىڭلار! ئاراڭلاردىكى مېھرى ـ شەپقەت كۈچىيىدۇ.

دىنىي ياكى دۇنياۋى ئىشلاردا بولسۇن ۋەياكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىدا بولسۇن، ئىنسانلار ھاياتلا بولىدىكەن بىر ـ بىرىگە ھاجىتى چۈشمەستىن بىرلىكتە ياشىيالىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە ھاياتلا بولىدىكەن بىر ـ بىرىگە ھاجىتى چۈشۈپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ ئۆتۈشىدۇ. بۇنداق بولۇشىدا ئۆزئارا ئۇلپەتچىلىك ۋە مېھرى ـ مۇھەببەت تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

ئادەتتە، ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن كىشىگە ياردەم قىلمايدۇ. ھەتتا قارشى تەرەپ ئېغىر مۇسىبەتكە ۋە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئازراق بولسىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ قويمايدۇ. ئائىلە تەربىيەسى، مېھرى ـ مۇھەببەت ئورنىتىشتىكى ھالقىلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بىر ئۆيدە ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇنتىزىم تەربىيەسى ۋە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىشى ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە يېقىن يورۇقلار ئوتتۇرىسىدا سۆيگۈ ئۇرۇقىنى تىكىدۇ. مېھرى ـ شەپقەت كۆچەتلىرى يېتىشىدۇ. ياشلىقىدا ئالغان تەربىيەنىڭ تەسىرى قېرىغاندىمۇ يوقالماستىن داۋام قىلىدۇ.

دوستلۇق رىشتىسى مۇستەھكەم بولغان خەلق پايدىلىق، ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. كۆزلىگەن مەقسەت ۋە نىشانغا يېتەلەيدۇ. بىر قات يىپتىن چوڭ ئارغامچا ئەشكىلى بولمايدۇ، ئەمما كۆپ يىپتىن توم ئارغامچا بولىدۇ. بىر تامچە سۇ كۆزگە كۆرۈنمىسىمۇ، تامچە سۇلار يىغىلسا، ئۆستەڭ بولۇپ ئاقىدۇ.

ئۇلۇغ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق رىشتىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ئىلمىي، مەدەنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا كۆز قاراشلارنىڭ بىردەك بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر بولسىمۇ، ئاۋامغا نىسبەتەن ئۇنداق ئەمەس. نەزەر دائىرىسى كەڭ، پىكرى ئۆتكۈر ۋە ئەقلى قابىلىيىتى ئۈستۈن كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا دوستلۇققا ئەھمىيەت بېرىشى تولىمۇ زۆرۈر. ئاۋام خەلق ئارىسىدا ئۇلپەتچىلىك ئىنتايىن ئاسان شەكىللىنىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بىر ـ بىرىگە سوۋغات بېرىشىپ، ئادىمگەرچىلىككە ئەھمىيەت بېرىش، چوڭ ـ كىچىك ھەر ئىشتا ئۆز ئارا ھەمدەمدە بولۇشىدۇر. ئاق كۆڭۈل ۋە ساددا ئاۋام خەلق ئارىسىدا شەخسى مەنپەئەت كۆزلەنمەستىن بىر ـ بىرىگە ھەدىيە بېرىش دوستلۇقنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ھەدىستە دوستلۇق سەۋەبلىرىدىن يۇقىرىقى (بېرىشلا ياكى ئېلىشلا ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا بېرىشىش) قىسمى سۆزلەنسىمۇ، باشقا ھەدىسلەردە باشقا سەۋەبلەرمۇ كۆرسىتىلىدۇ.

## 126 ـ ھەدىس: شەكسىز ئىجابەت بولىدىغان دۇئا

**ثَلَاثُ دَعَوَاتٍ مُسْتَجَابَاتٌ لَا شَكَّ فِيهِنَّ دَعْوَةُ الْمَظْلُومِ وَدَعْوَةُ الْمُسَافِرِ وَدَعْوَةُ الْوَالِدِ عَلَى وَلَدِهِ.** (سنن الترمذي)

مۇساپىرنىڭ، زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ ۋە دادىنىڭ بالىسى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك دۇئا ئاللاھ تائالا ئالدىدا شەكسىز مەقبۇلدۇر.

شۇنداق بولغاچقا مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ياخشى دۇئاسىنى ئېلىش ۋە بەد دۇئاسىدىن ساقلىنىش لازىم. بۇنىڭغا سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ. لېكىن بەد دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن سەۋەب بولۇشى شەرت. مەسىلەن، بىر ئاتا ياكى ئانا ئۆزىنىڭ ئىتائەتلىك ۋە ياخشى بالىسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاگاھسىزلىقى ۋە يوق ئىشلارغا چىدىماي ئاچچىقلاپ كېتىپ يامان دۇئا قىلسا، ئۇنداق دۇئا ئەلۋەتتە قوبۇل بولمايدۇ.

زۇلۇم قىلىنغان كىشىنىڭ دۇئاسى دېمەك، ئېنىق بىكىتمەستىن، مۇئەييەنلەشتۈرمەستىن، بەلكى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارىتىپ قىلىنغان دۇئادۇر. بىر كىشىدىن گۇمانلىنىپلا، ئۇ كىشى توغرىسىدا ھېچنەرسە ئاشكارىلانماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەددۇئا قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇنداق يەڭگىلتەكلىكتىن ساقلىنىش لازىم. دۇئا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان تەقدىردە «پالانى» دەپ ئىسمىنى ئاتاپ ئەمەس، «زالىمغا» دەپلا دۇئا قىلىش كېرەك. دۇئا ئۆزى تېگىشلىك كىشىسىنى تاپىدۇ. ئىمام ئەبۇ داۋۇد: «بىر كىم بىرەر نەرسىگە لەنەت قىلسا (قاغاپ دۇئا قىلىشمۇ شۇ ھۆكۈمدە) لەنەت ئاسمانغا چىقىدۇ، لېكىن ئاسمان ئىشىكى ئېچىلمايدۇ. ئاندىن كېيىن يەرگە قايتىپ چۈشىدۇ، يەرمۇ ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئاندىن كېيىن لەنەت ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە مېڭىپ باقىدۇ، چۈشكىلى يەر تاپالمىغانلىقتىن لەنەت قىلىنغان نەرسىنىڭ قېشىغا بارىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە شۇ لەنەتكە لايىق بولسا، شۇ نەرسىگە چۈشىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە لەنەت قىلىشقا تېگىشلىك بولمىسا، لەنەت قىلغان كىشىنىڭ ئۆزىگە قايتىپ كېلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

## 127 ـ ھەدىس: ھەسەت، يامان گۇمان ۋە شۇم خەۋەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى توغرىسىدا

**ثَلاَثٌ لَمْ تَسْلم مِنْهَا هَذِهِ الأُمَّةِ: الحَسَدُ، وَالظَّنُّ، وَالطَّيْرَةُ. أَلاَ أُنَبِّئُكُمْ بِالمَخْرَجِ مِنْهَا؟ إِذَا ظَنَنْتَ فَلاَ تُحَقق، وَإِذَا حَسَدَتْ فَلاَ تَبْغ، وَإِذَا تَطَيَّرَتَ فَامْضِ.** (الجامع الصغير)

بۇ ئۇممەت چىدىماسلىق، يامان گۇمان، شۇم خەۋەر ياكى يامان بىشارەتتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدىن قۇتۇلالمىدى. سىلەرگە شۇ نەرسىلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ بىر كىشىدىن يامان گۇمان قىلساڭلار، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ راستقا چىقارماڭلار! كىشىنىڭ پايدا تاپقىنىغا چىدىيالماي قالساڭلار، ئۇ كىشىگە قارىتىپ گەپ ـ سۆز تاپماڭلار ياكى كەينىدىن ئورا كولىماڭلار! بىر نەرسىدىن شۇم خەۋەر ياكى يامان بېشارەت كېلىپ قالسا، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلىپ، ئاقىۋىتىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، يولۇڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار.

ھەسەت دېگەن، بىر كىشى ئىگە بولغان ياكى ئېرىشكەن ماددى ۋە مەنىۋى بايلىق ياكى نېمەتنىڭ شۇ كىشىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر نېمەتنىڭ يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلماي، بەلكى شۇنداق بىر نېمەتنىڭ ئۆزىدىمۇ بار بولۇشىنى ئارزۇ قىلسا، ئۇ ھالدا ئۇ ھەسەت ئەمەس بەلكى **‹غبط›** (ھەۋەس قىلىش، زوقلىنىش) بولىدۇ. **‹غبط›** قىلىش دۇرۇس، ھەتتا دىنى ئىشلاردا **‹غبط›** قىلىش ساۋابتۇر.

شۇنىڭدەك، يامانلىققا، ئەسكىلىككە، قىسقىسى، ھەر تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىققا قارشى قورال قىلىنىدىغان نېمەتلەرنىڭ يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلىشمۇ ھەسەتكە كىرىدۇ. بەلكى «غىيرە» (كۈنلەش، قىزغىنىش) بولىدۇ. «غىيرە» ھارام ئەمەس، بەلكى مۇباھ بىر ئىشتۇر.

ئەخلاق ئالىملىرى ھەسەتنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىيدۇ:

1ـ ئۆزى ئۈچۈن ھېچ قانداق پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، بىر نېمەتنىڭ نېمەت ئىگىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشىنى تىلەش ياكى ئارزۇ قىلىش.

2ـ بىر نېمەتنىڭ بىر كىمنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىپ ئۆزىنىڭ قولىغا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىش. ئەمەلىيەتتە شۇ نېمەتنىڭ ئۆز قولىغا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىش بولۇپ، شۇ كىشىدىن يوقالغاندا ئۆز قولىغا كېلىدىغان بولغانلىقتىن، ئۇ كىشىدىن يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

3ـ شۇ نېمەتنىڭ ئوخشىشىغا ئېرىشكۈسى كېلىدۇ، ئەمما ئۇ نېمەتكە ئېرىششكە مۇمكىن بولمىغاچقا، ئوخشاش بولالىلى دەپ، ئۇ نېمەتنىڭ باشقا كىشىدىمۇ بولماسلىقىنى ئارزۇ قىلىش.

4ـ شۇ نېمەتنىڭ ئۆزىدىمۇ بولۇشىنى تىلەش، ئەمما باشقىسىدىن يوقىلىشىنى تىلىمەسلىك.

بۇ تۆت خىل ھەسەتنىڭ بىرىنچىسى ئەڭ قەبىھ ۋە يامان ھەسەتتۇر. ئىككىنچىسى ۋە ئۈچىنچىسى بىر ـ بىرىدىن بىر قەدەر يېنىكرەك، تۆتىنچىسى **‹غبط›** (ھەۋەس قىلىش) بولۇپ، ئۇ، يامان ئەمەس.

ھەسەت قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى پەقەتلا دۈشمەنلىك قىلىش ياكى ئۆزىنىڭ نېمەت ئىگىسى بولغۇسى كېلىش، ئۆزى ئۆزىگە ياخشى گۇمان قىلىشتەك ئىشلاردۇر. ھەسەت بىلەن گۇمان توغرىسىدا 103 ـ ھەدىستە سۆزلەنگەن ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە مۇشۇنچىلىكلا توختالدۇق.

«بۇ ئۈممەت ئۈچ نەرسىدىن قۇتۇلالمىدى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، باشقا ئۇممەتلەردە يوق ئىدى، مۇشۇ ئۇممەتتىلا كۆرۈلدى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى باشقا ئۈممەتتە كۆرۈلگەندەك بۇ ئۈممەتتىمۇ كۆرۈلدى دېگەنلىك بولىدۇ. ھەسەت قىلىش، يامان گۇمان قىلىش، بىر نەرسە ياكى ئىش توغرۇلۇق شۇم پال ئېلىش ياكى بېشارەت ئېلىش مۇسۇلمانلارغا دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر بىر كىشىدە شۇ يامان ئىشلار مەۋجۇت بولسا، بۇلاردىن قۇتۇلۇش ياكى ساقلىنىشنىڭ يولىنى رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىس شەرىپتە ئۆگىتىدۇ. بۇ يەردە ھەدىسنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم.

بەزى ئاي، بەزى كۈنلەردە بىر يەرگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا، بەزى بىر كىشلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى، قاغا، ھۇۋقۇش ھۇۋلىغانىنى ۋە بەزى كۈنلەرنى شۇم دەپ تونۇپ، شۇ سەۋەبتىن قىلىدىغان ئىشتىن توختاپ قېلىش ياخشى ئىش ئەمەس. ئەمما ياخشى نەرسىلەردىن، مەسىلەن، سەپەرگە چىققان ۋاقىتتا كۆپ رىزىقلارغا توغرا كېلىشنى ياكى سول تەرىپىدىن كېلىپ ئوڭ تەرىپىدىن ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم› دېگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىنىدىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىش ۋە ياخشى پال ئېلىشنىڭ ياكى ياخشى بېشارەتنىڭ زىيىنى يوق. رەسۇلۇللاھ سەپەرگە چىققاندا راشىد، ھادى، نۇجەيھ دېگەندەك سۆزلەرنى ئاڭلىسا، كۆڭلى ئېچىلاتتى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەپەرگە ماڭغۇچىنى ئۇزاتقۇچى كىشىلەر سەپەرگە چىققۇچىغا‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم›، ‹ئاللاھقا ئامانەت›، ‹سالامەت ماڭسىلا!›، ‹سەپەرلىرى ئوڭۇشلۇق بولغاي› دېگەندەك چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۇزاتسا، سەپەرگە ماڭغۇچى دەسلەپتىلا چىرايلىق گەپ ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى يايراپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلىگە ياقمايدىغان نەرسىلەرگە ئۇچرىسىمۇ كۆڭلى غەش بولمايدۇ.

## 128 ـ ھەدىس: قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا شەپقەت قىلمايدىغان كىشىلەر توغرىسىدا

**ثَلَاثَةٌ لَا يُكَلِّمُهُمْ اللَّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ الْمَنَّانُ الَّذِي لَا يُعْطِي شَيْئًا إِلَّا مَنَّهُ وَالْمُنَفِّقُ سِلْعَتَهُ بِالْحَلِفِ الْفَاجِرِ وَالْمُسْبِلُ إِزَارَهُ.** (صحيح مسلم)

قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۈچ تۈرلۈك كىشى بىلەن شەپقەتلىك ھالدا سۆزلەشمەيدۇ. بەرگەن سەدىقىسىگە مىننەت قىلغۇچى (پېشانىسىگە تاقىغۇچى)، ساتىدىغان نەرسىسىنى يالغان قەسەم بىلەن ماختاپ ساتقۇچى ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەكنى ئۇزۇن كىيگۈچى.

مىننەت دېمەك، ئۆزىنىڭ بەرگەن سەدىقىسىنى ياكى ھەر قانداق بىر ياخشى ئىشنى ساناش ۋە كىشىلەرگە دەپ يۈرۈش ياكى پىشانىسىگە تاقاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىش ئاللاھ تائالاغىلا خاس بولۇپ، بەندىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ. «مەن ئۇ كىشىگە ئۇستاز بولغان ۋە ساۋاق بەرگەن ئىدىم ياكى پالانى كىشىگە ئانداق ـ مۇنداق ياخشىلىقلارنى قىلغان ئىدىم» دېگەندەك سۆزلەرنى سۆزلەش مۇسۇلمان كىشىگە ياراشمايدۇ. مىننەت قىلىش بولسا، ياخشىلىقنى بىكار قىلىدىغان ۋە ساۋابىدىن قۇرۇق قويىدىغان يامان ئىللەتتۇر. (**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُبْطِلُوا صَدَقَاتِكُمْ بِالْمَنِّ وَالْأَذَى....**) يەنى «ئى مۆمىنلەر سەدىقەڭلەرنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار.»[60]

يالغان قەسەم مەسىلىسى يۇقىرىدا سۆزلەندى. بىر نەرسىنىڭ سودىسىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يالغان قەسەم قىلىشقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا راست قەسەم قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

«إزار» دېمەك، ئەرەبلەرنىڭ ئۆشىنىسىگە يېپىنىپ يۈرىدىغان تونى بولۇپ، تەكەببۇر كىشىلەر ئۇنى يەرگە سۆرىتىپ كىيىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدى. بۇ ئىش كىبىر بولغانلىقتىن رەسۇلۇللاھ بۇنىڭدىن توسقان. بۇ يەردىكى ئاگاھلاندۇرۇش «إزار»نىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى كىبىر كۆزدە تۇتۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كىبىرنى كۆزلىمەستىن ئىگىننى (بىر خىل كىيىم) ئۇزۇن كىيىشنىڭ زىيىنى بولماسلىقى ياكى كىبىرلىك ئادەملەرگە مەخسۇس پورمىدىكى قىسقا كىيىم كىيىش، شەپكە، تەلپەك ۋە دوپپىلارنى قىڭغىر كىيىپ يۈرۈشمۇ ئىگىننى ئۇزۇن كىيىشتەك چەكلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

---

[60] بەقەرە سۈرىسى 264 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## 129 ـ ھەدىس: جەننەت ۋە دوزاخ توغرىسىدا

**حُجِبَتْ النَّارُ بِالشَّهَوَاتِ وَحُجِبَتْ الْجَنَّةُ بِالْمَكَارِهِ.** (صحيح البخاري)

دوزاخ شەھۋەت ۋە نەپس ئارزۇسى بىلەن، جەننەت كۆڭۈلگە ئېغىر كېلىدىغان ئىشلار بىلەن قاپلاندى (پەردىلەندى).

بۇنىڭ مەنىسى، ئىنسانلار كۆڭۈل ئارزۇلىرىنىڭ ۋە نەپس ـ شەھۋەتلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە نەپس خالىمايدىغان ئىشلارنى ئېغىر كۆرۈپ جەننەتتىن قۇرۇق قالىدۇ دېمەكتۇر. «نەپس ئارزۇسى» دېگەن سۆزنى يېمەك ـ ئىچمەك، ئويۇن ـ كۈلكىگىلا خاس قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى بەك كەڭ، ئادەم ئۆزى ئويلىمىغان ھالدا يامان ھەۋەسكە ئالدىنىپ «قىيىنچىلىققا ياكى باش ئاغرىقىغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن» ئالدىنىشنىڭ سەۋەبلىرى قانچىلىك كۆپ بولسا، دۇنيادا ئالدانغۇچىلارمۇ شۇنچە كۆپتۇر.

جەمئىيەتتە، بىلىم ۋە شەرىئەت ئىلىملىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، قانداق بىر چىگىش مەسىلە چىقسا، ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلمەيدىغان شەكىلدە تەگلەپ، چىگىشنى يېشىپ چىقىدىغان ئالىملار بار.

ئابىدلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆمرىنى ئىبادەت بىلەن يەنە بەزىلىرى قۇرئان ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. تەراۋىھ نامازلىرىدا قۇرئان خەتمە قىلىدۇ.

شەيخلارنىڭ بەزىلىرى ھەممە ۋاقتى مەسجىدتە ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتىدۇ، پۈتۈن سۆزى مۇراقەبە (كۆزىتىش)، مۇھاسەبە (ھېساب ئېلىش)، تەپەككۇر، زىكىر، ناماز، ئىبادەت، نەپلە ۋە مۇستەھەب ئىشلار، تەۋبە ۋە ئىستىغپار بىلەن ئۆتىدۇ.

بەزى بايلار مەكتەپ ـ مەسجىدلەرنى ياسايدۇ، سەدىقىلەرنى ھەممە ئەتراپقا يەتكۈزىدۇ ۋە ھەر تۈرلۈك ياخشىلىق يوللىرىغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. ئەلۋەتتە جەمئىيەتتە ئوخشاشمىغان تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن ياخشى ئىش ـ ئىزلىرى بار. شەك ــ شۈبھىسىزكى، جەمئىيەتتىكى ئوخشاشمىغان تەبىقىدىكىلەر ئىچىدە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكۈچىلەر، بەخت ـ سائادەتكە يەتكۈچىلەر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىق تاپقۇچىلار كۆپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ياخشى ئىشلار خاس ‹نەپس ئارزۇسى›نى كۆزلەپ قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. ئىشلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. بەلكى ھۆكۈم نىيەت ۋە مەقسەتكە قاراپ بولىدۇ. بۇنىمۇ ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ.

ئۆزىنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىنىڭ ۋە ياخشى ئىشلارغا پۇل ـ مال سەرپ قىلغىنىنىڭ «نەپس ئارزۇسى» ئۈچۈن بولغان ـ بولمىغانلىقىنى بىلگۈسى كەلگەن كىشى، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشى ۋە ئالامەتلەرنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ بېقىشى تولىمۇ زۆرۈر. ئۆز ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ۋاقىت تاپالماسلىق باھانىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

ھەر قانچە كۆپ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلساڭمۇ، ئۆزۈڭنى ئاللاھ تائالا ئالدىدا مەقبۇل بەندە دەپ ھېسابلىما! بەلكى ھەمىشە قورقۇنچ بىلەن ئۈمىد ئارىسىدا بول! باشقىلارنىڭ دىيانىتى ۋە مەزھىبىگە تىلىڭنى ئۇزاتما، چېپىلما! ئومۇمى بىر

بالايىئاپەت كەلسە، ئۇنى: «باشقىلارنىڭ گۇناھىنىڭ شۇملۇقىدىن» دېمە! ئاللاھ تائالا بىلەن ئۆز ئاراڭنى تۈزىتىشكە (ئاللاھ بۇيرۇغاننى قىلىشقا، توسقاندىن يېنىشقا ۋە نىيىتىڭنى توغرىلاشقا) تىرىشقىن!

كىشلەرنىڭ دىلغا ئازار بەرگىنىڭگە، جاپا قىلغىنىغا خاپا بولما! ئۇلارنى ئاللاھقا تاپشۇر!

ئۆزۈڭ ئۈچۈن راۋا كۆرمىگەننى باشقا كىشىگىمۇ راۋا كۆرمە! ئۆزەڭدىن خاتىرجەم بولما! (إِنَّ النَّفْسَ لَأَمَّارَةٌ بِالسُّوءِ) يەنى «نەپس دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ.»[61]

دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىشانلىق ئىزدىمە، چۈنكى تېپىلمايدۇ.

بۇ ھەدىسنىڭ ئىبارىتى شۇنچە قىسقا ۋە ئاز بولسىمۇ، مەنىسى شۇنچە چوڭقۇر ۋە كۆپ. شەھۋەتكە بېرىلىشنىڭ زىيىنىنى چۈشەندۈرۈشكە مەزكۇر ھەدىس يېتەرلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەھلى ئىلىملار بۇ ھەدىسنى «جاۋامىئۇلكەلىم» دىن ھېسابلىغان.

[61] يۇسۇف سۈرىسى 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## 130 ـ ھەدىس: مۇسۇلماننىڭ ھەققى توغرىسىدا

**حَقُّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ سِتٌّ (قِيلَ مَا هُنَّ يَا رسول الله قَالَ) إِذَا لَقِيتَهُ فَسَلِّمْ عَلَيْهِ وَإِذَا دَعَاكَ فَأَجِبْهُ وَإِذَا اسْتَنْصَحَكَ فَانْصَحْ لَهُ وَإِذَا عَطَسَ فَحَمِدَ اللَّهَ فَشَمِّتْهُ وَإِذَا مَرِضَ فَعُدْهُ وَإِذَا مَاتَ فَاتَّبِعْهُ** (صحيح مسلم)

مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدە ئالتە تۈرلۈك ھەققى بار. ئۇچراشساڭ سالام قىل، چايغا چاقىرسا بارغىن، ماڭا نەسىھەت قىل دېسە، نەسىھەت قىل. چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللاھ دېسە، يەرھەمۇ كەللاھ دەپ جاۋاب بەرگىن، ئاغرىپ قالسا، ئەھۋال سورىغىن. ۋاپات بولسا، جىنازىسىنى ئۇزاتقىن (يۇيۇش، نامىزىنى ئوقۇش، دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا قاتناشقىن).

«ھەققى بار» دېمەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىشلارنىڭ جان پىدالىق بىلەن ئادا قىلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەبلەرمۇ بۇ ئىشلار قاتارىغا كىرىدۇ.

بەزى ھەدىسلەردە ئۈچ، بەزىسىدە بەش تۈرلۈك ھەق دەپ قەيت قىلىنغان بولۇپ، ھەممىسى مۇشۇ ھەدىستە سۆزلەنگەن ھەقلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

بىرىنچى ھەق «سالام»: مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا سالام قىلىشىشى سۈننەت بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە سالام قىلىشسا، سۈننەت ئادا قىلىنغان بولىدۇ. ئەگەر بىر تەرەپ كېيىن قالسا، ئۇنىڭغا قارىتا بۇ ئىش سالامنى ئېلىش، سالام قايتۇرۇش، سالامغا جاۋاب بېرىش دەپ ئاتىلىپ، بۇ، پەرز ھۆكمىدە بولىدۇ.

«ئەسسالام» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، سالام قىلىش بولسا، «ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى سىز بىلەن بىللە، سىز ئاللاھ تائالانىڭ قوغدىشى ئاستىدا تۇرىۋاتىسىز» دېمەكتۇر. بەزىلەر، سالام دېگەن سالامەتتىن كېلىدۇ ۋە سالام قىلىشنىڭ مەنىسى «سىزگە تىنچلىق، بىز تەرەپتىن سىزگە زەرەر يوق» دېگەنلىك بولىدۇ، دەيدۇ. ئىككى مەنىنىڭ ئانچە پەرقى يوق. بىر ـ بىرىگە سالام قىلىشىش بولسا، ئۆزىدىن يەنە بىرىگە زىيان ـ زەخمەت يەتمەيدىغانلىقىنى ۋە بىر ـ بىرىگە ياخشىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر بىر ئىسلام بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق مەنىلىك ھەرىكەتنىڭ باشقا مىللەتلەردە بار ـ يوقلۇقىدىن خەۋىرىمىز يوق.

سالام قىلىش، ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم›، ‹سالامۇن ئەلەيكۇم›، ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكە›، ‹سالامۇن ئەلەيكە› دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. جاۋاب بەرگۈچى: ‹ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام›، ‹ۋەئەلەيكەسسالام› دېگەن سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسىنى دېسە دۇرۇس. لېكىن مەيلى سالام قىلغۇچى مەيلى سالام قايتۇرغۇچى، مەيلى بىر كىشى مەيلى كۆپ كىشى، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال كىشى بولسۇن: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم » دېگەن ھەممىدىن ياخشى. ئەگەر «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ» دېسە تېخىمۇ ياخشى. (ھېچنەرسە دېمەي ئېگىلىپ قويۇش سالام ئەمەس، ھەم توغرا ئەمەس).

بىر قىسىم باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئەزان، تەكبىر ئوقۇشنى ھەم بىر ـ بىرىگە سالام قىلىشنىڭ ئۆگىتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولغان ئىدۇق. بۇ زۆرۈر ئىشتۇر. كۆپىنچە ئادەملەر كىچىك چېغىدا بۇ ھەقتە تەلىم ــ تەربىيە ئالمىغانلىقتىن مەسۇر دۇئالارنى (رەسۇلۇللاھ ئوقۇغان ۋە ئۆگەتكەن دۇئالارنى) غەلىتىلا ئوقۇيدۇ ۋە مۇشۇ سالام سۆزىنىمۇ بۇزۇپ دېيىشىدۇ.

ياشانغانلارنىڭ ۋە مەدرىسە كۆرگەنلەرنىڭمۇ «ئەسسالامەلەيكۇم»، «سالامەلەيكۇم» دېگەندەك خاتا تەلەپپۇز بىلەن سالام قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز.

ئەرلەرنىڭ ئەرلەرگە، ئاياللارنىڭ ئاياللارغا، مەھرەملەرنىڭ مەھرەملەرگە (نىكاھلىنىشى دۇرۇس بولمىغان ئەر ـ ئاياللار) بىر ـ بىرىگە سالام قىلىشى سۈننەت بولسىمۇ، يۇرتىمىزدىكى ئاياللار ئارىسىدا ئاغزى بىلەن سالام قىلىشنىڭ ئادەت ئەمەسلىكىنى ئۇچرىتىمىز. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيمىز. ئەگەردە مۇئەللىمە خانىملار ئۆز باشقۇرۇشىدىكى قىزلار مەكتەپلىرىدە مۇشۇنداق سالام قىلىش ئادىتىنى ئومۇملاشتۇرسا، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرىنى تىرىلدۈرگەن بولاتتى.

سالام قىلىش توغرىسىدا مۇقىم بىر تەرتىپ بولمىسىمۇ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا، ئادەتتىكى ئادەملەردىن يۇقىرى تەبىقە ئىنسانلىرىغا، كىشىلەر قورقىدىغان ئادەملەردىن قورقۇنچ ئادەملەرگە بالدۇر سالام قىلىش ياخشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كىچىكلەر چوڭلارغا، يولدا كېتىۋاتقانلار تۇرغانلارغا، ئۇلاغدىكىلەر پىيادە ماڭغان ۋە جىم تۇرغانلارغا، ئاز كىشىلەر كۆپلەرگە بۇرۇن سالام قىلىدۇ. كۆپ كىشى ئىچىدىن بىر كىشى سالام قىلسا، باشقىلار ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ھەممە كىشى ئۆزى سالام قىلغان ياخشى.

ئالىملار تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا سالام قىلىشنى تەۋسىيە قىلمايدۇ:

1 ـ ھۆكۈم قىلىش (دەۋا ساقايتىش) ئورۇنلىرىدا قازىغا سالام قىلىش.

2 ـ دەرس ئۆتۈلۈۋاتقان يەردە سالام قىلىش.

3 ـ قۇرئان ئوقۇلۇۋاتقان ۋە زىكىر قىلىنىۋاتقان ئورۇندا سالام قىلىش.

4 ـ خۇتبە ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇلۇۋاتقان ۋاقىتتا، ھاجەت (چوڭ ـ كىچىك تەرەت سۇندۇرۇۋاتقان) ۋاقىتتا، مۇنچىلاردا، ئومۇمەن ھەرقانداق بىر ئىچكى ئېھتىياج ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ئارىسىدا سالام قىلىش قاتارلىقلارنى مەكروھ ئىشلار قاتارىدىن ھېسابلىدى.

ھەدىس شەرىپتىكى «ئۇچراشساڭ سالام قىل» دېگەن سۆز، ئايرىلغاندا سالام قىلمىسىمۇ بولىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇچراشقاندا سالام قىلىشش سۈننەت بولغىنىدەك، ئايرىلغان ۋاقىتتىمۇ سۈننەتتۇر. سالام خەتلەرگە يېزىلغان سالام سۆزىنى ئوقۇغان كىشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى ئەدەب قاتارىغا كىرىدۇ. (ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام) دېمەك لازىمدۇر.

ئىككىنچى ھەق، تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش (چايغا ياكى ياردەمگە چاقىرسا بېرىش)؛ بۇ مەخسۇس نىشانلاپ چاقىرىلغان كىشىگە قارىتىلىدۇ. ئەمما كوللېكتىپ تەكلىپلەرگە ئەل قاتارىدا ئىسمى باغاقتا يېزىلغان كىشىلەرنىڭ بېرىشى زۆرۈر ئەمەس. بولۇپمۇ مۇھىم ۋەزىپىسى ئاقساپ قالىدىغان، ۋاقتى زايە بولىدىغان ياكى سالامەتلىكىگە زىيان يېتىدىغان تەكلىپلەرگە بېرىش ۋاجىپ بولمايدۇ. چاقىرغانغا بېرىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنىڭ سەۋەبى، مۆمىن قېرىنداشنى خۇش قىلىشتۇر. شۇڭا، بارسا بارمىسا ئوخشاش ۋە چاقىرغۇچىنىڭ يادىغىمۇ كېلىپ قويمايدىغان كىشىلەرنىڭ «چاقىرسا بېرىش» دەپ توي ـ تۆكۈن ۋە مېھماندارچىلىقتا بېرىۋېلىشلىرى ھەقىقەتەن بىمەنە ئىشتۇر.

ئۈچىنچى ھەق، نەسىھەت؛ مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا پايدىسى بولىدىغان ۋە زۆرۈر، دەپ تونىغان مەسلىھەتلەرنى بېرىشى لازىم. مەسلىھەت سورىسا، سورىمىسا بۇنى ئادا قىلىش سۈننەتتۇر. ھەدىستىكى «نەسىھەت قىلىشنى

سوريسا» دېگەن سۆز: «تەلەپ قىلمىسا نەسىھەت قىلما» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان كىشى داۋاملىق نەسىھەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش لازىم بولغانلىقتىنلا شۇنداق بايان قىلىنغان.

تۆتىنچى ھەق، چۈشكۈرۈپ «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېگەن كىشىگە رەھمەت ئوقۇپ دۇئا قىلىش؛ چۈشكۈرگۈچى «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېگەندە، ئاڭلىغۇچى «يەرھەمۇكەللاھ» (ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دېيىشى كېرەك[62]. شۇ تەرتىپتە «يەرھەمۇكەللاھ» دەپ جاۋاب بېرىش ئىسلامنىڭ ھەققى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما چۈشكۈرگۈچى «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېمىسە، جاۋاب قايتۇرۇش زۆرۈر ئەمەس[63].

بەشىنچى ھەق، كېسەل بولغاندا ھال سوراش (يوقلاش)؛ ئاغرىقتىن ھال سوراشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەب ـ قائىدىلەر بار. ئۇلارنى «نەسىھەت» رىسالىسىدە بايان قىلدۇق. مۇسۇلمان ئەمەس كىشىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش ھەق بولمىسىمۇ، شەرىئەت ئۇنى چەكلىمەيدۇ. ئىمام بۇخارى بۇ توغرىدا «**باب عيادة المشرك**» دەپ ئايرىم بىر باب ئاجرىتىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز خادىمى بولغان يەھۇدىي بالىسىنى يوقلىغانلىقىنى ھەم دادىسىنىڭ قېرىندىشى بولغان ئەبۇ تالىبنىڭ كېسىلىدىن ھال سورىغىنىنى رىۋايەت قىلىدۇ[64]. (بۇ ھەدىستىن يات دىندىكى ئادەمنى خىزمەتكە سېلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن).

ئالتىنچى ھەق، ۋاپات بولغان مۇسۇلماننى قەبرىگىچە ئېلىپ بېرىش (بۇنىڭ ئىچىگە يۇيۇپ، كېپەنگە يۆگەپ، نامىزىنى ئوقۇشمۇ كىرىدۇ)؛ ئىنسان ئەزىز يارىتىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋاپات بولغىنىغا قايغۇرۇش ھەم ئۇنى ئاخىرەتكە ئۇزىتىش توغرىسىدا مىراسخورلىرىغا ياردەملىشىش، ئۇرنىدا قالغانلارغا (بالا ـ چاقىلىرىغا) تەزىيە بىلدۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر. دەپنە قىلىش ۋە تەزىيە بىلدۈرۈش ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلىش لازىم. تەزىيە بىلدۈرۈش جاراھەتكە تۇز قۇيغاندەك قايغۇنى كۈچەيتىپ ئەمەس، بەلكى قىسقا ۋە ئەھمىيەتلىك بولۇشى كېرەك. «ئى قېرىنداشلار! ئۆلۈم قاچان كەلسە بىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى سەۋر قىلىڭلار! بەندىنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشتۇر. ئاللاھ تائالا مېيىتكە رەھمەت قىلسۇن، سىلەرنىڭ سەۋر قىلغانلىقىڭلارغا ئەجىر بەرسۇن» دېگەندەك سۆزلەر كۇپايە قىلىدۇ.

قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش مۇسۇلمانچىلىق ھەقلىرىدىن بولمىسىمۇ، ياخشى ئادەت سانىلىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرۈشكىنى راست ھەدىسلەر بىلەن بېكىتىلىدۇ. «**مصافحة**» نىڭ مەنىسى ئالقاننى ئالقانغا قويۇش بولغانلىقتىن، مەيلى بىر قول بىلەن ياكى ئىككى قول بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ پەرقى يوق. «ئىككى قول بىلەن كۆرۈشۈش سۈننەت» دەپ بىر قول بىلەن كۆرۈشۈشنى توسقۇچىلاردىن «نېمە دەلىل بار؟» دەپ سورىساق پەقەتلا خاتالاشمايمىز.

[62] سەھىھۇلبۇخارى
[63] سەھىھۇلبۇخارى
[64] سەھىھۇلبۇخارى

# *131* ـ ھەدىس: ھالال ـ ھارامنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكى

**الْحَلَالُ بَيِّنٌ وَالْحَرَامُ بَيِّنٌ وَبَيْنَهُمَا مُشْتَبَهَاتٌ لَا يَعْلَمُهَا كَثِيرٌ مِنْ النَّاسِ فَمَنْ اتَّقَى الْمُشَبَّهَاتِ اسْتَبْرَأَ لِدِينِهِ وَعِرْضِهِ وَمَنْ وَقَعَ فِي الشُّبُهَاتِ كَرَاعٍ يَرْعَى حَوْلَ الْحِمىٰ يُوشِكُ أَنْ يُوَاقِعَهُ أَلَا وَإِنَّ لِكُلِّ مَلِكٍ حِمى أَلَا إِنَّ حِمى اللَّهِ فِي أَرْضِهِ مَحَارِمُهُ أَلَا وَإِنَّ فِي الْجَسَدِ مُضْغَةً إِذَا صَلَحَتْ صَلَحَ الْجَسَدُ كُلُّهُ وَإِذَا فَسَدَتْ فَسَدَ الْجَسَدُ كُلُّهُ أَلَا وَهِيَ الْقَلْبُ.** (صحيح البخاري)

ھالال نەرسىلەر ۋە ھارام نەرسىلەر ئوچۇق بايان قىلىنغاندۇر. ھالال بىلەن ھارام ئارىسىدا گۇمانلىق نەرسىلەر باركى، بۇلارنىڭ ھۆكمى كۆپ كىشىلەرگە مەلۇم ئەمەس. ھەركىم گۇمانلىق نەرسىلەردىن ساقلانسا، ئۆزىنىڭ دىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلىيالايدۇ. كىشى ئەگەر شۈبھىلىك (ھالال ياكى ھاراملىقى ئېنىق بولمىغان) نەرسىلەرگە يېقىن بارسا، ھايۋانلار يېقىن كېلىشتىن مەنئى قىلىنغان يەرگە، يېقىن يەردە مال باققۇچىنىڭ ھايۋانلىرى چېگرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىشى مۇمكىن بولغاندەك، گۇمانلىق نەرسىگە يېقىن بارغۇچى كىشىنىڭ ھارامغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن بولىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلار! ھەر بىر پادىشاھنىڭ چېگرىسى (قوغدايدىغان جايى) بولىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلار! ئاللاھ تائالانىڭ يەردە بولغان چېگرىسى ھارام نەرسىلەردۇر (ھارام نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈشكە بولمايدۇ). ئاگاھ بولۇڭلار! بەدەن ئىچىدە چوقۇم بىر پارچە گۆش بار. شۇ گۆش ساغلام بولسا، پۈتۈن تەن سالامەت بولىدۇ، ئەگەر شۇ گۆش پارچىسى بۇزۇق بولسا، پۈتۈن تەن بۇزۇق بولىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلار! ئۇ پارچە گۆش يۈرەكتۇر.

بىر نەرسىنىڭ ئۆزى ياكى خىلى (تۈرى) نى مەنئى قىلىپ نەس (ئايەت ياكى ھەدىس، شەرىئەت دەلىلى) كەلمىگەن ياكى شۇ زاماننىڭ تېۋىپلىرى تەرىپىدىن ئۇ نەرسىنىڭ تەركىبىدە ئىنسانلارنىڭ روھىغا ياكى بەدىنىگە زىيان قىلىدىغان زەھەر بارلىقى مۇقىملاشمىغان نەرسىلەر ھالال بولۇپ، ئۇ نەرسە توغرىسىدا نەس (شەرىئەت دەلىلى) كەلگەن ياكى زامان تېۋىپلىرى ئۇ نەرسىنىڭ تەركىبىدە روھقا ياكى بەدەنگە زىيانلىق زەھەر بارلىقىدا ئورتاق پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلغان نەرسىلەر ھارامدۇر. مەنئى قىلغانلىقىقا نەس (ئايەت) بار ـ يوقلۇقى توغرىسىدا مۇجتەھىدلەر ئارىسىدا قارىمۇ قارشى پىكىر بولغان ياكى يېڭىدىن مەيدانغا كېلىپ، تېۋىپلار تەرىپىدىن تەھلىل قىلىنمىغان نەرسىلەر، مۇجتەھىدلەرنىڭ تالاش ـ تارتىشى بىر تەرەپ بولغىچە ھەم تېۋىپلار تەھلىل قىلىپ قارار ئېلان قىلغۇچە «مشبهات» (ھالالغىمۇ، ھارامغىمۇ ئوخشايدىغان گۇمانلىق نەرسە) بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھەدىس شەرىپ بولسا، مۇشۇنداق گۇمانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىشقا بۇيرۇيدۇ. ھەم قەلب (دىل) نى تۈزىتىشكە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. بۇنىڭغا دەلىل قىلىپ پۈتۈن بەدەننىڭ دىلغا ئەگىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 132 ـ ھەدىس: داۋاملىشىدىغان ئىبادەت توغرىسىدا

**خُذُوا مِنْ الْعَمَلِ مَا تُطِيقُونَ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يَمَلُّ حَتَّى تَمَلُّوا.** (صحيح البخاري)

قىلىدىغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىڭلاردىن كۈچۈڭلار يېتىدىغىنىنى قىلىڭلار! زېرىكىپ قالماڭلار، سىلەر ئۆز ئىبادىتىڭلارنى توختاتمىغۇچە، جانابى ئاللاھ ساۋاب بېرىشتىن توختىمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىگە «ھەۋلا بىنتى تۇۋەيت ئىسىملىك ئايال كېچىنى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ ئۆتكۈزىدۇ» دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ بۇ ئىشقا ماقۇللۇق بىلدۈرمىگەن. ھەتتا رەڭگى ئۆزگەرگەن ۋە مۇشۇ ھەدىسنى سۆزلىگەن[65]. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئىبادەتلەرنىڭ ئاز بولسىمۇ داۋام قىلىپ تۇرۇشىنى ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىستە: «ئۆزۈڭلار داۋاملاشتۇرۇشقا كۈچۈڭلار يەتكۈدەك ئىشنى تاللاپ قىلىڭلار!» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئىبادەت قىلىشقا كىرىشىپ بولۇپ، ھېرىپ قېلىپ توختىۋېلىش، ئۇنىڭدىن زېرىكىپ قېلىشقا سەۋەب بولغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھ ئىبادەتتىن زېرىكىپ قالماستىن، ھەمىشە قىزغىن داۋام قىلدۇرالىغۇدەك بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. باشقا ئىشلاردىمۇ شۇنداق. مەسىلەن، كېچىدە ئۇزاق ۋاقىت كىتاب كۆرۈپ ياكى خەت يېزىپ ئولتۇرغۇچىلارنى ھارغىنلىق باسىدۇ ـ دە، ھېچ ئىش خۇش ياقمايدۇ. ئۇزۇن ۋاقىتقىچە قولى ئىشقا بارماي لاغايلاپ يۈرىدۇ. كەچتە بالدۇر يېتىپ ئۇخلىغان كىشى ئەتىسى يەڭگىل، كۆڭلى ئۇچۇق قوپىدۇ. زوق ــ ئىشتىياق بىلەن ئۆز ئىشىغا كىرىشىدۇ. ئىشلىرى بەرىكەتلىك بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى دەل شۇنداق ئەھۋالغا ئىشارەت قىلغان.

ئەمەل ۋە ئىبادەتلەرنىڭ بىر قىسمى شەرىئەت تەرىپىدىن بەندىلەرگە يۈكلەنگەن. بۇلارنى ئادا قىلماسلىق توغرىسىدا بەندىلەرگە تاللاش ھوقۇقى بېرىلمىگەن. لېكىن بۇ ئىشلار ئاز بولغىنى ئۈچۈن زېرىكىپ، يېنىپ قالغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس. ئىككىنچى قىسمى بولسا، سۈننەت ۋە مۇستەھەب ئىشلارغا ئوخشاش ئىختىيارى ئادا قىلىنىدىغان ئىشلاردۇر. ھەرقانداق بىر سۈننەت ياكى مۇستەھەب ئىشنى قىلىشقا ئادەتلىنىپ بولۇپ، ئۇنى تاشلاش ھارام بولمىسىمۇ، شۇ ئىشنى ياخشى كۆرمىگەنلىكنى ئىپادىلەش ياكى يېرىم يولدا توختاپ قېلىش ياخشى ئەھۋال ئەمەس. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئەلئاس ھەزرەتلىرى بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن روزا تۇتماسلىقنى ئادەت قىلغان ئىدى. ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۇنىڭ: «يېشىم چوڭايدى، بۇ ئادەت ئېغىر كېلىشكە باشلىدى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

﴿**يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمْ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمْ الْعُسْرَ**﴾ يەنى «سىلەرگە دىنىدا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى»[66]، ﴿**وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ**﴾ يەنى «سىلەرگە دىنىدا ھېچقانداق مۇشكۈللۈقنى قىلمىدى» دەيدۇ.

---

[65] موطاء امام مالك.

[66] ھەج سۈرىسى 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رەسۇلۇللاھتىن **لا تشددوا على انفسكم** (ئۆزەڭلەرگە ئېغىر ئىشلارنى يۈكلەپ ئالماڭلار!» ۋە **إن الله تبارك وتعالى يحب أن تؤتى رخصه كما يكره أن تؤتى معصيته** يەنى «ئاللاھ تائالا گۇناھ ئىشلارنىڭ قىلىنىشىنى يامان كۆرگەندەك، رۇخسەت قىلغان ئىشلارنىڭ ئادا قىلىنىشىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ» دېگەندەك ھەدىسلەر بار. بۇلار مۆتىۋەر مۇھەددىسلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردۇر.

كېيىنكى زامانلاردا ئىسلام دۇنياسىدا مۇرتىلىق ۋە ئىشانلىق ئىشلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى، بۇلار ئۆزلىرىنى تەسەۋۋۇپقا نىسبەت بېرىپ، «ئەھلى تەسەۋۋۇپ» دەپ ئاتىشىدۇ.

بۇرۇن مەدرىسىلەردە ئوقۇپ ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى توغرىلىغان، قۇرئان ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى پىششىق ئىگىلەپ خەۋەردار بولۇپ، ئۆز ئەھۋالىنى قۇرئان ۋە ھەدىسكە توغرىلاپ، ئۆلچىيەلەيدىغان كىشىلەر خېلى كۆپ يېتىشىپ چىققان. ئۇلار ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلالايتتى.

لېكىن كەنتلەردە ۋە شەھەرلەردە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ كۆنۈپ قالغان ئادىتىگە ئاساسەن ئىشانلارغا قول بېرىپ، مۇرىد بولغان نادان خەلق توغرىسىدا بىر ـ ئىككى جۈملە يېزىپ قالدۇرۇش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك. بىلىمسىز خەلق ئارىسىدا ئىشانغا مۇرىد بولۇش ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ئېتىقادلارنىڭ تارقىلىشى، بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا، بىر كەنتتىن يەنە بىر كەنتكە كېڭىيىشى ھەممىگە ئايانەدۇر. ئاللاھ تائالانى ئادەمنى كۆرگەندەك ئۆز ئەينى كۆرۈش، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل سۆزلىشىشنىڭ مۇمكىنلىكى، ئىشانلارنىڭ غەيب ئالەمنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، مۇرىدلارنىڭ كۆڭلىدىكى پىكىر ـ خىياللارنىڭ ئىشانلارغا مەلۇم بولىدىغانلىقى، شەيخلارنىڭ تەقدىرنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقى، مۇرىدلارنىڭ ئۆلىدىغان چېغىدا پىرىنىڭ روھىنىڭ ھازىر بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى توغرا دەپ قارايدۇ. بىر ئىشاننىڭ مۇرىدلىرىنىڭ ئەرلەر، ئاياللار، ياشانغانلار ۋە ياشلار ھەممىسى ئارىلاش سۆھبەت قىلىشى، ئىشانغا قول بەرمىگەن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇماسلىقى، ئىشانغا مۇرىد بولمىغان كىشىنى ئاخىرەتتە ھالاك بولغۇچىلار دەپ ھېسابلىشى، پىرىنىڭ خىزمىتىدە بولغانلاردىن ھەر تۈرلۈك دىنىي مەسئۇلىيەتلەر (پەرز، ۋاجىبلارنى ئادا قىلىش، ھارامدىن ساقلىنىش مەسئۇللۇقى) نىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، ناماز ئوقۇش ۋە باشقا ئىبادەت قىلىش ۋاقتىدا پىرىنىڭ سۈرىتىنى دىلغا ھازىرلاپ تۇرۇش (پىرنى ئەسلەپ تۇرۇش) لازىملىقى قاتارلىق ئەقىدە ۋە ئىشلارنى ئىسلام دىنىغا توغرا كەلتۈرۈش ۋە ياكى ئىسلامغا مەنسۇپ دەپ قاراش ھەرگىزمۇ توغرا ئەمەس. ھالبۇكى، بىلىمسىز مۇرىدلار ئارىسىدا مۇنداق خاتا تونۇشلار ۋە خاتا ئىشلار بەك كۆپ. بىلىمسىز مۇرىدلار ھەققىدىكى ماجىرالار، پىكىر ۋە ئەقىدىلەر يېزىلمىدى، ئەسەرلىرىمىزگە ۋە ئەدەبىياتلىرىمىزغا كىرگۈزۈلمىدى. ئەگەر بۇ ئىش كۆچى يېتىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلسا، رىسالىلەر (ماقالىلەر) ۋە كىتاب ـ ژۇرناللار بېسىلىپ تارقىتىلسا بەك دەھشەتلىك ۋەقەلەر مەيدانغا چىقىدۇ، ئاجايىپ ئېغىر خاتالىقلار، گۇناھلار پاش بولىدۇ.

كەنتلەرنىڭ بىرىدە قىرىق يىل ئىماملىق قىلغان بىر مۇرىد: «ئەمدى بىزنىڭ ھەزرەت (ئىشاننى دېمەكچى) مۇرىدلىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ» دېگەندە، باشقىلار «ھەزرەت ئۆزى شۇ مەرتىۋىگە يەتكەنمىدى؟» دەپ سورىغان. «ھەزرەت ئۆزى ئاللىقاچان يەتكەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلغان زىياپەت ئۈستىدە بۇ خەۋەرنى ۋاستە بىلەنلا ئاڭلىدۇق.

بۈگۈن ھايات بولغان بىر ئىمام بىزگە مۇنداق بىر گەپنى سۆزلەپ بەردى. شەھەر رەستىسىدە كېتىۋاتقىنىمدا مەسجىد جامائەتىمىزدىن بولغان بىر ئادەمنىڭ قېرى ئايالى بىلەن بىر ھارۋىنى سۆرەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ: «ئوغلۇڭ بىلەن كېلىنىڭ قەيەردە؟» دېدىم. ئۇلار: «پالان كىشىنىڭكىدە سۆھبەت قىلىۋاتىدۇ. ئاشلىقىمىز تۈگىگەن ئىدى، ئاشلىق ئېلىپ قايتىپ، خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىز سوقىمىز» دېدى. ئىشىمنى تاشلاپ ئاشۇ ئىشاننىڭ سۆھبەتخانىسىغا باردىم. ياش ئەر ـ ئاياللار،

ئوغۇللار ۋە كېلىنلەر چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىشان بىر خەلپىسى بىلەن سۆھبەت قىلىشۋاتقان ئىكەن. ئەھۋالنىڭ مۇندىن باشقىسىنى يېزىشنىڭ ئورنى يوق.

مۇنداق ئەقىدە ۋە ئىشلاردىن شەرئەت قائىدىلىرىنى بىر ئاز بولسىمۇ بىلىدىغان ئىشان ۋە شەيخلەر ئۆزىمۇ رازى بولمىسا كېرەك. خۇسۇسەن يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ھەقىقىي تەسەۋۋۇپ كىشىلىرى چىداپ تۇرالايدىغان ئەھۋاللار ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشانلار، شەيخلەر بۇ توغرىدا چارە كۆرىشى كېرەك. چاپاقنى ئالمەن دەپ كۆزنى قارىغۇ قىلىشقا بولمىغاندەك، تەسەۋۋۇپقا كىرگۈزۈلۈپ، باشقىلارنى ئىماندىن ئايرىش ئەڭ خەتەرلىك ئىشتۇر. ئاۋام خەلقنىڭ ئارىسىغا تەسەۋۋۇپ تارقىتىلغانلىقتىن مۇسۇلمانلاردىن ھېچ ياخشىلىق كۆرمىدى. مۇندىن كېيىنمۇ ياخشىلىق كۆرۈشى ناتايىن.

ئەمما خەلقنى توغرا يولغا باشلاشتىكى مەقسەت بولسا، ئۇلارغا توغرا يول بىلەن ئىمان ۋە ئېتىقادنى، ھالال ـ ھارام ۋە پەرزلەرنى بىلدۈرۈش، پەرز ئىشلارنى ئادا قىلىش يولىنى، مۇسۇلمانلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەقلەرنى تونۇتۇش لازىم. بولمىسا مەنىسى بىلىنمەيدىغان ئادەتلەر، كۆپىنچە كىشىلەر چۈشىنەلمەيدىغان رەسمىيەتلەر ئاۋامنى ياخشى يولغا ئېلىپ بارمايدۇ. بۇ ئىشلار ئاۋام خەلق چىداپ كېتەلەيدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. «**كلموا الناس على قدر عقولهم**» يەنى «كىشىلەرنىڭ ئەقلىگە چۈشلۇق سۆزلەڭلەر!»، «**ما حدث أحدكم قوما بحديث لا يفهمونه إلا كان فتنة عليهم**» يەنى «قايسى بىرىڭلار خەلققە چۈشىنەلمەيدىغان گەپ قىلسا، خەلقنىڭ خاتالىششىغا سەۋەب بولىدۇ» دېگەن ھەدىسلەر باردۇر.

بىر ئىشنى گۇناھ ۋە كەمچىلىك دەپ بىلىپ تۇرۇپ قىلىش بىلەن، ئۇ ئىشنى تەرىقەت ۋە تەسەۋۋۇپ دەپ تۇرۇپ قىلىشنىڭ ئاسمان ـ زېمىن پەرقى بار.

«مەن بىر گۇناھكار بەندىمەن، ئۇستۇمگە يۈكلەنگەن پەرز، ۋاجىبتىن خەۋەرسىز يۈرۈشۈم ياخشى ئەھۋال ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، پىركاملىغا قول بېرىپ شۇ كىشىنى ئۆزۈمگە مۇرشىد قىلسام قانداق بولار؟» دەپ سورىغان كىشىگە مۇپتى مۇھەممەد ئابدۇھ ھەزرەتلىرى مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئۇنداق بولسا بىر يول باشلىغۇچىغا قول بېرىش لازىم، مەن ساڭا يول باشلىغۇچى تېپىش يولىنى كۆرسىتەي. ئۆزۈڭ بىلگەن ئەمەللىرىڭنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا تىرىشقىن! كۆڭلۈڭگە قانداق بىر شەك چۈشكەن ھامان كېچىكتۈرمەي ئۆزەڭدىن ئوبدانراق بىلىدىغان كىشىدىن سورىغىن! كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىشنىڭ، مۇسۇلمان ئادەملەرنى رەنجىتىشنىڭ، يالغان سۆزلەش ۋە خىيانەت قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى، روزا، ناماز، زاكاتنىڭ پەرزلىكىنى بىلىسەن. راستچىل ۋە ئىشەنچلىك بولۇش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە پېقىر ـ يوقسۇل مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىش لازىملىقىنى بىلىسەن. مۇشۇ زۆرۈر ئىشلارنى قىلىشقا خالىس كۆڭلۈڭ بىلەن داۋام قىل! ئىخلاس بار يەردە ئاز ئىشمۇ بەرىكەتلىك بولىدۇ. ئىخلاس سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئاللاھ يولىدا تىرىشقۇچىلارنى جانابى ئاللاھ ھەق يولغا باشلاشقا ۋەدە قىلغان. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى: «بىلگىنىڭگە ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ بىلمىگىنىنى ئاللاھ تائالا بىلدۈرىدۇ» دېگەن. بۇ ئىشلار ئۈچۈن مۇرشىد (ئىشان) نىڭ كېرىكى يوق. راست مۇرشىد بەك ئاز بولغانلىقتىن، ئۇلارنى تېپىش قىيىن. شۇنداق بولۇپ تۇرۇپ يەنىلا بىر ئىشانغا مۇرىد بولغۇڭ كەلسە، دىن بىلەن تىجارەت قىلمايدىغان كىشىنى ئىزدىگىن. سېنى مۇرىد، ئۆزىنى مۇرشىد دەپ بىلىپ، سەدىقە ئېلىش ئۈچۈن ساڭا قولىنى سوزغان كىشىنى ئۆزۈڭگە مۇرشىد قىلما. ئۇنداق قول مۇرشىدنىڭ قولى ئەمەس. بەلكى دىننى سودا ـ سېتىق دۇكىنى قىلىۋالغۇچىنىڭ قولىدۇر.»

گەپنىڭ قىسقىسى، كەنتلەردە ئىشلەيدىغان كىشلەرنىڭ ۋە نادان خەلقنىڭ تەسەۋۋۇپ بىلەن مەشغۇل بولۇشى، زىكرى قەلبى (ئاللاھنى دىلى بىلەن ياد قىلىش) ئارقىسىدىن يۈرۈپ، ئۆزىگە پەرز بولغان ئىشلاردىن قۇرۇق قېلىشى «**خذوا من العمل ما تطيقون**» «ئەمەل ــ ئىبادەتلەر كۈچۈڭلار يەتكۈدەك دەرىجىدە قىلىڭلار» دېگەن ھەدىسكە مۇۋاپىق ئىشلار ئەمەس.

بىر مەسجىدتە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، شۇ مەھەللىلىك بىرىگە: «ئەجەبلەندىم، كىرگەن بىر كىشى نەپلى ناماز ئوقۇۋاتىدۇ» دېگەن ئىدىم. ئۇ كىشى ماڭا: «بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى، ئۇلار مەسجىدتىن باشقا يەردە پەرز نامازلارنى ئوقۇمايدۇ، بازاردا هاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ خۇسۇستا يازىدىغان نۇرغۇن سۆزلەر بولسىمۇ، لېكىن كۇپايە. بەلكى مۇشۇلارمۇ ئارتۇق بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. خاتا قىلغان بولساق، ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلسۇن. **«غفرانك ربنا وإليك المصير»**.

## 133 ـ ھەدىس: پەيغەمبەرلەردىن قالغان بەش سۈننەت

الفطرة خَمْسٌ أَوْ خَمْسٌ مِنْ الْفِطْرَةِ الْخِتَانُ وَالِاسْتِحْدَادُ وَنَتْفُ الْإِبْطِ وَتَقْلِيمُ الْأَظْفَارِ وَقَصُّ الشَّارِبِ. (صحيح البخاري)

بەش ئەمەل بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىن قالغان سۈننەتلەردىن بولۇپ، ئۇلار ئوغۇل بالىنى خەتنە قىلىش، ئەۋرەتنىڭ ۋە قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش ۋە ئۈستىرا ئىشلىتىش، تىرناقنى ئېلىش، بۇرۇتنى قىرقىش.

بۇ ھەدىستە بەشلا ئەمەل دەپ تىلغا ئېلىنىشى قانداقتۇر بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ بەشلا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ، ئەلۋەتتە. بىر قىسىم ھەدىسلەردە بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن بەشتىن باشقا، «ساقالنى پۈتۈن قويۇپ بېرىش، مىسۋاك (چىش چوتكىسى) ئىشلىتىش، بۇرنىنى چايقاش، بارماقلارنىڭ بوغۇملىرىنى سۈرۈپ يۇيۇش، ئىستىنجا قىلىش ۋە ئاغزىنى چايقاش» قاتارلىقلار بايان قىلىنغان[67].

بۇ ئىشلار مۇسۇلمانلارغا پەرز، ئەگەر بۇ ئىشلارنى قىلمىسا چوڭ گۇناھ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىن بۇ ئۈممەتكە مىراس بولۇپ قالغان ياخشى ئادەت دېگەنلىكتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىشلار توغرىسىدا كىشىلەر بىلەن جېدەللىشىپ يۈرۈش ياكى غەيۋەت قىلىشىش، قاشنى ئۇگشايمەن دەپ كۆزنى قارىغۇ قىلغانلىقتۇر.

باللارنى خەتنە قىلدۇرۇش ھەممەيلەنگە مەلۇم بىر سۈننەت بولۇپ، بۇ توغرىدا بەلگىلىك بىر ياش ياكى ئاي، كۈن يوق. شۇنداق بولسىمۇ بالاغەتكە يەتكۈچە خەتنە قىلىنىپ بولۇشى تېخىمۇ مۇۋاپىق.

خەتنە قىلىش ۋاجىبمۇ، سۈننەتمۇ؟ بەزى ئالىملار (ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئى قاتارلىقلار) ۋاجىپ دەپ قارايدۇ، ئەمما، كۆپىنچە ئالىملار سۈننەت دەپ قارايدۇ. يەتتىنچى كۈنى خەتنە قىلىشنى يەھۇدىلارغا ئوخشاپ قالغانلىقتىن مەكروھ دېگۈچىلەر بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭغا شەرئى دەلىل يوق. ئەگەر تېۋىپلار بىرەر زىيىنى يوق دېسە، يەتتىنچى كۈنىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن بالدۇر ۋە ياكى كېيىن قىلىنسىمۇ ئوخشاش.

خەتنە قىلىش توغرىسىدا دەۋرىمىزدىكى خرىستىئان دوختۇرلىرىدىن بىرى مۇنداق يازىدۇ: «بالىنى خەتنە قىلىشتا ناھايىتى چوڭ ئىككى پايدا بار. بىرى پاكىزلىق، يەنە بىرى يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ يۇقۇملىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلماسلىق. مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ دەۋردە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىلىقلاردا بۇ ئادەت كەڭ ئوموملاشقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاكىلىقراقلىرى باللىرىنى خەتنە قىلدۇرىدۇ. خەتنە قىلىشنى دىنى نۇقتىدىن ئەمەس، بەلكى سالامەتلىكنى كۆزدە تۇتۇپ قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا بۇ ياخشى ئەھۋال. كاشكى بۇ ئادەت پۈتۈن دۇنيادا ئوموملاشسا ئىدى...!»

---

[67] سەھىھۇ مۇسلىم

كىچىك باللارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ خەتنە قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت قەرزىنى ئادا قىلىشىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ. خەتنە قىلغۇچى ئادەم مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن كىشىنى ئوبدان بىلسىلا بولىدۇ. خەتنە قىلغۇچى سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇشى لازىم، دېگەندەك گەپلەرنىڭ ئاساسى يوق. كىم قىلسا قىلسۇن خەتنە قىلىشنى ياخشى بىلسە بولدى.

قولتۇق تۈكىنى ۋە ئەۋرەتنى پاكىزلاش قىرىق كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم دېگەن توغرىدا ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ. زۆرۈر ۋاقىتلار ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەگەردە ۋاقىت بەلگىلەنمىسە، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سەل قارىشى ۋە بىر قىسىملىرىنىڭ بولسا ئۇ ئىش بىلەنلا بەند بولۇپ ۋاقىتنى زايە قىلىشى تۇرغانلا گەپ. مۇشۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. قىرىق كۈن بولسا، مۇۋاپىق ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ.

قىيامەت كۈنى نىجاسەت ھالەتتە بەدەنگە يېنىپ كېلىدۇ دېگەن ئەندىشە بىلەن غۇسلى قىلىشقا تىگىشلىك بولسىمۇ، غۇسلى قىلماي تۇرۇپمۇ تۈكنى يۇلماسلىق، ئۈستىرا ئىشلەتمەسلىك، چاچنى تارىماسلىق، تىرناق ئالماسلىق لازىم دەپ نەسىھەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ سۆزىگە شەرئەتتە ئىشەنچلىك بىر دەلىل يوق، بەلكى بۇ قارىغۇلارچە ئېيتىلغان بىمەنە قاراشتۇر.

بۇرۇتنى مەيلى ئۆزى كەسسىمۇ ياكى باشقا كىشىگە كەستۈرسىمۇ، سۈننەت ئادا بولىدۇ. ئەمما قانچىلىك ۋە قانداق ئېلىش كېرەك؟ بەزى ئالىملار: بۇرۇتنى قويماي ئېلىۋېتىش لازىم دەيدۇ (كۇفە ئالىملىرى ئىمام ئەزەم، ئىمام زۇفەر، ئىمام ئەبۇ يۇسۇف، ئىمام مۇھەممەد، ئىمام شافىئى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مۇشۇ قاراشتا). بەزىلەر: كالپۇك ئېچىلغۇدەك (كۆرۈنگۈدەك) قىرقىۋېتىش لازىم، بۇرۇتنى پۈتۈنلەي قىرقىۋېتىش مۇسلە (ئادەمنىڭ سۈرىتىنى ئۆز گەرتىش) بولىدۇ، دەيدۇ. ئىمام مالىك ۋە باشقا مۆتىۋەر زاتلار مۇشۇ قاراشتا. بۇلار «**خالفوا المشركين وفروا اللحى واحفوا الشوارب**» يەنى «ساقالنى تولۇق قويۇڭلار، بۇرۇتنى ئېلىڭلار. كاپىرلارنىڭ ئادىتىنىڭ تەتۈرسىنى قىلىڭلار!»[68] دېگەن ھەدىسكە: «كالپۇك كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك ئېلىڭلار» دەپ مەنە بېرىدۇ.

ئىنسان مەيلى بۇرۇتنى قويماي قىرىۋەتسۇن ياكى كالپۇكى كۆرۈنگۈدەك قويسۇن ھەمىشە ئۆز پېتى تۇرماي، يەنە ئۆسۈپ بالدۇرقىدەك كالپۇكنى يۆگەيدىغان ھالغا كېلىدۇ. قىرىق كۈن مۇددەت ئىچىدە بۇ كىشى بۇرۇتلۇق بولۇپ يۈرسۇنمۇ ياكى قايچا بىلەن ئۈستۈرنى يانچۇقىدا ساقلاپ پات ـ پات بۇرۇتنى ئېلىپ تۇرسۇنمۇ؟ ھەدىسكە شەرھ يازغۇچى كاتتا بىر ئالىم: «ئېلىۋېتىشقا تېگىشلىك بولغان تۈكلەر توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ قىرىق كۈندىن ئاشۇرماي قىرقىپ ياكى يوقىتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك. ئەمما ئۇنىڭغىچە ئۆسۈپ قالسا ئېلىۋەرسە بولىدۇ. ئۇ كىشى سۈننەتكە ئەمەل قىلمىغۇچىلاردىن سانالمايدۇ»[69] دەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇرۇتنى قىرقىش ياكى قويماي ئېلىۋېتىش سۈننەت دېگەننىڭ مەنىسى، قىرىق كۈندىن ئاشۇرماسلىق شەرتى بىلەن قىرقىش ياكى ئېلىۋېتىش بىلەن سۈننەت بولىدۇ، قىرىق كۈن ئىچىدە ئۆسكىنىنىڭ زىيىنى يوق. مۇشرىكلار پۈتۈن ئۆمرى بويىچە بۇرۇتنىغا تىغ تەككۈزمەيتتى، دېگەنلىك بولىدۇ.

ساقالغا ئۈستىرا تەگكۈزۈشكە بولامدۇ يوق؟ «رەسۇلۇللاھ ساقىلىنىڭ ئەتراپىدىن ھەم ئۇچىدىن قىرقاتتى» دەپ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار بار. ھەر ھالدا بۇرۇتنى قىرقىماي، ساقالنى قىرىپ ئېلىۋېتىش بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتىگە خىلاپ ئىش بولسىمۇ، بىراق ھارام ئىش ئەمەس. بۇ ئىشلاردا ئارتۇقچە چېك تۇرۇۋېلىش مۇناسىپ بولمىسا كېرەك.

---

[68] سەھىھۇلبۇخارى.
[69] نەيلۇلئەۋتار.

مسۋاك ـــ چىشنى يۇيۇش ۋە ئاسراشتىن ئىبارەت. مەيلى ياغاچ بىلەن، مەيلى باشقا نەرسە بىلەن بولسۇن تىببىي جەھەتتىن زىيانلىق نەرسە بولمىسلا، ئات قىلىدىن ياسالغان چوتكىلار بولسىمۇ مسۋاك قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مسۋاك ئىشلىتىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ۋاقىت يوق، شۇنداق بولسىمۇ ناماز ئوقۇش، تاھارەت ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئاش ـ غىزا يەپ ـ ئىچكەندىن كېيىن، ئۇخلاپ قوپقاندىن ياكى ئېغىزنىڭ تەمى بۇزۇلغاندىن كېيىن مسۋاك ئىشلىتىش مۇستەھەبتۇر.

ئىش ـ ئەمگەك قىلغۇچىلارنىڭ بارماق بوغۇملىرى بەكرەك كىرلىشىدىغان بولغاچقا، يۇيۇپ تۇرۇش لازىم. تىرناقنىڭ ئىچىگە كىر تولىۋالسا، ئۇنىمۇ پاكىزلاپ تۇرۇش كېرەك. چاچنى قىرقىش ياكى ئۆستۈرۈش سۈننەت دېگەن سۆز كۆرۈلمەيدۇ. ئەكسىچە رەسۇلۇللاھنىڭ چاچنى ئۆستۈرۈۋەتكەنلىكى توغرىسىدا مۆتىۋەر ئاساسلاردا ھەدىسلەر بار. راست ھەدىسلەردىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ چېچى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە ئۆستۈرۈلگەنلىكى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئۆستۈرۈلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھۇدەيبىيە ۋەقەسىدە ۋە ۋىدا ھەججىدە چېچىنى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈۋەتكەنلىكى ۋە چۈشۈرۈلگەن چاچنىڭ نەق مەيداندىكى ساھابىلەرگە بېرىلگەنلىكى مەلۇم.

خۇلاسە: چاچنى چۈشۈرۈش ياكى ئۆستۈرۈۋېتىش ھەر ئىككىلىسى مۇباھ (گۇناھمۇ ئەمەس، ساۋابمۇ ئەمەس)، چېچىنى قىرقىپ يۈرىدىغان مەجۇس (ئوتقا چوقۇنىدىغان) كاپىرغا ئۆزىنى ئوخشىتىش مەقسىتى بىلەن چېچىنى چۈشۈرۈپ تۇرۇش ياكى بەزى مۇسۇلمان بولمىغان مىللەتلەرگە ئۆزىنى ئوخشىتىش ئۈچۈن چاچنى ئۆستۈرۈش گۇناھ بولۇشى مۇمكىن. رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش ئۈچۈن چاچنى ئۆستۈرۈشنىڭ ساۋاب ئىكەنلىكى ئېنىق. مۇنداق ئىشلار نىيەتكە باغلىق. «**إِنَّمَا الأَعْمَالُ بَالنِّيَاتِ وَإِنَّمَا لِكُلِّ اْمْرِئٍ مَا نَوَىَ**.»

خەلقىمىز ئارىسىدا ئەڭ كۆپ سۆزلىنىدىغان گەپلەر چاچ، ساقال، بۇرۇت مەسىلىسى بولغانلىقتىن بىزمۇ بۇيەردە توختىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدۇق. بۇ دەۋردە يات مىللەتلەر (مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر) ئارىسىدا چاچنى ۋە ساقالنى ئۆستۈرۈپ يۈرگۈچىلەرمۇ بار، پۈتۈنلەي قىرقىپ، چۈشۈرۈپ يۈرىدىغانلارمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. بىرسىدىن قاچقان كىشى يەنە بىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

# 134 ـ ھەدىس: ياخشى دوست ـ ئاغىنىلەر توغرىسىدا

**خَيْرُ الأَصْحَاب صَاحِب إِذَا ذَكَرْتَ اللهَ أَعَانَكَ، وَإِذَا نَسِيْتَ ذَكَّرَكَ.** (الجامع الصغير)

دوست ـ ئاغىنىلەرنىڭ ياخشىراقى شۇنداق ھەمراكى، ئاللاھ تائالانى ئەسلىسەڭ، ساڭا ياردەم قىلىدۇ، (ئاللاھ تائالانى) ئۇنۇتساڭ ئېسىڭگە سالىدۇ.

ئاللاھ تائالانى ئەسلەش بولسا، بىر ئىشانغا مۇرىد بولۇپ، تەسبىھ سىرىپ ‹ئاللاھ، ئاللاھ› دەپ ئولتۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، زىكىر ـــ تىل بىلەنمۇ، كۆڭۈل بىلەنمۇ، بەدەن بىلەنمۇ (ناماز ئوقۇشتەك) بولۇشى مۇمكىن.

مۇسۇلمان ئادەم قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان بىر ئىشنىڭ قېشىغا بېرىپ قالغان چېغىدا: «ياق! بۇ ئىشنى قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ ئىشقا ئاللاھ رازى ئەمەس» دەپ ئۆزىنى توختىتىۋالسا، ئاللاھنى زىكىر قىلغۇچىلاردىن بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئاغىنىسى خۇش بولسا، ئۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇچىلاردىن بولىدۇ. يامان ئىش بار يەرگە بارغان چاغدا، ھەمرايى ئۇنىڭغا: «بۇ ئىشقا ئاللاھ تائالا رازى بولمايدۇ» دېسە، ئۇ كىشى شۇ ئىشتىن يانسا، ئاللاھ تائالانى ئېسىگە ئالغۇچى (زىكىر ئېيتقۇچى) بولىدۇ. مۇشۇنداق ئىشلار پىچىر ـ پىچىر قىلىپ تەسبىھتە ساناپ يۈزلەرچە، مىڭلارچە تەسبىھ ئېيتقانغا قارىغاندا بەكرەك ساۋابلىق ئىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن جانابى ئاللاھ: **(وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ وَنَهَى النَّفْسَ عَنْ الْهَوَى * فَإِنَّ الْجَنَّةَ هِيَ الْمَأْوَى)** يەنى «پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەتتە بولىدۇ»[70] دېگەن.

[70] نازىئات سۈرىسى 40 ـ 41 ـ ئايەت.

# 135ـ ھەدىس: قۇرئان ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش توغرىسىدا

**خَيْرُكُمْ مَنْ تَعَلَّمَ الْقُرْآنَ وَعَلَّمَهُ.** (صحيح البخاري)

سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار قۇرئان شەرىپىنى ئۆگىنىپ، باشقا كىشىلەرگە ئۆگەتكۈچىلەردۇر.

قۇرئان ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشتىن مەقسەت، مەنىسى بىلەن كارى بولمىغان ھالدا ئاغزىدا ئوقۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىش ئەمەس، ياكى جىنازىلەردە، مېھماندارچىلىق ۋە توي مەجلىسلىرىدىلا ئوقۇش ياكى پېتىغۇندا ئوقۇغاندەك مەنىسىنى ئويلىماي، ئۇقماي تەراۋىھ نامازلىرىدا ئوقۇش، ياكى ئۆلۈك ئۈچۈن قەبرىستاندا قۇرئان خەتمە قىلىش، ئاغزىدىلا گۈل كەلتۈرۈپ ئوقۇشنى ئۇلۇغ ئىبادەت دەپ ھېسابلاش ئەمەس، بەلكى قۇرئاننىڭ مەزمۇنى ۋە مەقسىتىنى چۈشىنىش، توغرا يول تېپىش، كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىش ۋە دىنىنى ساقلاشتۇر. مەنىسىنى چۈشەنمەستىن ۋە ئاللاھ تائالانى كۆڭۈلدە ئەسلەپ تۇرماستىن ئوقۇغان ئايەتلەرگە ساۋاب ئۈمىد قىلىشقا ئورۇن يوق. (**كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُوْلُوا الْأَلْبَابِ**) (بۇ كىتاب مۇبارەك بىر كىتابتۇركى، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنسان چوڭقۇر ئويلىسۇن ۋە ئەقىللىقلار ئۇنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلسۇن ئۈچۈن چۈشۈردۇق)[71] دېگەن ئايەت بىزنىڭ سۆزىمىزگە دەلىلدۇر.

مەشھۇرلىرى يۈز ۋە مەشھۇر ئەمەسلىرى ئىككى يۈز بولغان ئەسھاب سۇپپە (مەدىنىدىكى مەسجىدنىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرغۇچى ساھابىلەر) نىڭ تولىراقىنىڭ قىلىدىغان ئىشى قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش، ئومۇمەن قۇرئان بىلەن شۇغۇللىنىش بولۇپ تۇرۇقلۇق، پۈتۈن ساھابە كىرام ئارىسىدا قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى ياد ئالغۇچىلار يىگىرمىگە يەتمەيتتى. نۇرغۇنلىرى بىر ئىككى سۈرە يادلاپ قانائەتلىنەتتى ۋە بارلىق ئۆمرىنى شۇ بىلگىنىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىدى.

دۇنيالىق بىلىملەرنى، ھەر تۈرلۈك ھۈنەر ـ كەسىپلەرنى، ھايات ۋە تۇرمۇش ئۈچۈن ۋاستە قىلىش ئىنتايىن نورمال بىر ئىش، بۇنىڭ قىلچىمۇ زىيىنى يوق. ئەمما دۇنياۋى مەنپەئەت ئۈچۈن خەلقنىڭ سەدىقىلىرىنى، سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ، ئاش ـ تاماقلىرىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزۈش ۋە قۇرئان كەرىمنى دەسمى قىلىش بولسا، ئىنتايىن ناچار ۋە زالالەتلىك قىلمىشلاردۇر. مۇنداق نائەھلىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ «قۇرئاننى ئۆگىنىپ باشقىلارغا ئۆگەتكۈچىلەر، سىلەرنىڭ ياخشى كىشىلىرىڭلاردۇر» دېگەن خۇش خەۋىرىگە ئەمەس، بەلكى ئاۋامنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھارام يوللار بىلەن قاقتى ـ سوقتى قىلغۇچىلار ھەققىدىكى جازالارغا تېگىشلىك بولسا كېرەك.

---

[71] ساد سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

# 136 ـ ھەدىس: ئائىلىگە ياخشى قاراش توغرىسىدا

**خَيْرُكُمْ خَيْرُكُمْ لِأَهْلِهِ وَأَنَا خَيْرُكُمْ لِأَهْلِي.** (سنن ابن ماجة)

سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار ئۆز ئەھلىگە ياخشى بولغانلاردۇر. مەن ئۆز ئەھلىگە ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىمەن.

ئەھلى دېگەن، ئايال، بالا ـ چاقىلار ۋە يېقىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي سۆز بولسىمۇ، مەزكۇر ھەدىستىكى «ئەھلى» دىن ئاياللارنىڭلا كۆزدە تۇتۇلغانلىقى مەلۇم. ئەرلەر ئاياللاردىن كۈچلۈكرەك ۋە پىلانلىق بولغاچقا، ئاياللار ئۆزىنى ئەرلەر ئۈچۈن يارىتىلغانلار دەپ تونۇيدۇ ۋە ئەرلەردىن ھەر قانچە ئېغىر خاپىلىق ۋە جاپا كەلسىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا ھەققىمىز يوق دەپ ئويلايدۇ. بۇ ئەھۋال ئۆز ۋاقتىدا دۇنيا بويىچە شۇنداق ئىدى. ئىسلام دىنى كېلىپ **(وَلَهُنَّ مِثْلُ الَّذِي عَلَيْهِنَّ بِالْمَعْرُوفِ وَلِلرِّجَالِ عَلَيْهِنَّ دَرَجَةٌ وَاللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ)** يەنى «ئەرلەر ئۈچۈن ئاياللار ئۈستىدە قانداق مەسئۇلىيەت بولسا، ئاياللار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئەرلەر ئۈستىدىمۇ شۇنداق مەسئۇلىيەت بار. شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئەلەرنىڭ ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقچىلىقى بار»، **(الرجال قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ بِمَا فَضَّلَ اللَّهُ بَعْضَهُمْ عَلَى بَعْضٍ وَبِمَا أَنفَقُوا مِنْ أَمْوَالِهِمْ﴾** يەنى «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىلىرىدۇر، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ ـ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكتىندۇر)»[72] دېگەندەك ئايەتلەر بىلەن بۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشلار تۈزىتىلدى. ئاياللار ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەققى بولغاندەك، ئەرلەر ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەققى بار. ئەرلەرنىڭ بەزى جەھەتتىنلا ئارتۇقچىلىقى بار دەپ، ئەرلەرنىڭ ھەقلىرىگە چەك ـ چېگرا بەلگىلىدى. ئەگەر ئايال بىلەن ئەر ئۇلۇغ قۇرئان ئۆگەتكەندەك تەرزدە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى تونۇسا ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلسا، تىرىكچىلىكى خۇشال ـ خورام ئۆتىدۇ. بۇ چەكلىك ھاياتلىق سەپىرىدە بىر ـ بىرىگە ھەمدەمدە بولۇپ تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئاياللارنى كۆزگە ئىلماي خار كۆرىدىغان ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە ھەمراھ دەپ تونۇمىغان كىشىگە بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ تەمى بولمايدۇ. مۇنداق ھالەتتە بەختلىك ئائىلىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئۇممەتنىڭ مۇشۇنداق تۇرمۇشقا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دۇنيادىن مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان ھەدىس بولسا، شۇ نەسىھەتلەرنىڭ بىرسىدۇر.

مەلۇم بىر يازغۇچى ئىسلام ئائىلىسى بىلەن غەرب خىرىستىئانلىرى ئائىلىسىنى سېلىشتۇرغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «پەرەڭلەرنىڭ يۇقىرى سىنىپىدىكى ئائىلىلەرگە قاراڭ! ھەقىقىي ئائىلىنىڭ قانداق ياشىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىسىز. پەرەڭلەردىكى ئائىلە ھاياتىنىڭ بىزنىڭ مۇسۇلمانلاردا ئىزىمۇ يوق. پەرەڭلەردە ئائىلىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە

---

[72] نىسا سۈرىسى 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولغان مېھرى ــ مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق ۋە بىر ـ بىرى ئۈچۈن جېنىنى بېرىشكە تەييار تۇرۇش ئادەتتىكى ئىشلاردىن ھېسابلىناتتى. تاماق ۋاقتىدا ئۆيلىرىگە بېرىپ قالسىڭىز، ئەڭ تۆردە دادىسى، ئۇنىڭ يېنىدا ئانىسى، بالىلارنىڭ ئەتراپىنى بالىلىرىنىڭ چۆرىدىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. بىرسى گەپ قىلسا، باشقىلىرى پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرىدۇ. كىچىكلەر چوڭلاردىن بىلىم ۋە تەجرىبە ئالىدۇ، دادا بولسا، ھەم مەجلىسنى ھەم سۆز تەرتىپىنى باشقۇرىدۇ. خاتا سۆزلەرنى تۈزىتىپ، كەم يېرىنى تولۇقلايدۇ ۋە چۈشىنەلمىگەن تەرەپلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. نېمىدېگەن ئېسىل ئولتۇرۇش! بىز مۇسۇلمانلار بۇلارنىڭ بىزگە كېرەكلىكى بولمايدىغان چاكىنا ياسىنىشلىرىنىلا دوراپ، كىيىم ـ كېچەك قېلىپى بولۇپ يۈرۈشنى مەدەنىيەتلىك ئىش دەپ ھېسابلىشۋالغان ئىكەنمىز. يۇقىرىقىدەك ياخشى ئادەتلەرنى قىلچىمۇ دورىماپتۇق. ئەسلىدە بىز ئۆز دىنىمىزنىڭ تەقەززاسى بويىچە قارىغاندا، ئائىلە ئىچىدە بىرلىك ۋە مۇھەببەت ئۇرۇقى چېچىش توغرىسىدا ئۇلارغا ياخشى ئۈلگە بولۇشقا تېگىشلىك ئىدۇق.

ئەگەر ئۇلارنى دوراشتىن نومۇس قىلساق، رەسۇلۇللاھ ئەپەندىمىزنىڭ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئايال ـ بالىلىرىغا ياخشى بولغانلىرىڭلاردۇر» دېگەن سۆزىدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى. بىزدە نۇرغۇن ئەرلەر بار بولۇپ، ئۆمۈچۈكنىڭ تورىچىلىكمۇ ئەھمىيىتى يوق يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن خىزمەتچىلىرىنى تىللايدۇ، بالىلىرىغا قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئايالى بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىستۇرۇپ قويسا، ئايالىغا: «سەن جىم تۇر!» دەپ ۋارقىرايدۇ. تولا چاغدا ئۇرۇپمۇ قويىدۇ. مۇنداق ئائىلىلەردە قانداقمۇ راھەت ۋە بەرىكەتتىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن!

مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن مەلۇم بىر يازغۇچى: «ئاياللارغا شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولۇش ۋە ئەھۋالىغا ئېتىبار بېرىش جەھەتتە ناپالىيون قانۇنىدا بىرمۇ ماددا يوق ئىدى. ناپالئون ھەتتا بۈگۈنكى ياۋروپا نىزامنامەلىرىدە رەسۇلۇللاھ ھەدىسىدەك ئاياللارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بىرەر نىزام ماددىسىنى ئۇچرىتىش ھەقىقەتەن قىيىن. ھالبۇكى ھەدىسلەر ئەرەبلەر ئىچىدە ھەتتا پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئاياللار بارلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولىۋاتقان بىر دەۋردە سۆزلەنگەنىدى. بۇ چاغلاردا ئەرەبلەر ئۆز قىز پەرزەنتلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتەتتى. شۇ زاماننىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتلىرىدىن بولغان رىملىقلار ۋە ئىرانلىقلار (پارسلار) نىڭ كۆز قارىشىدا ئاياللارنىڭ ئورنى ئەسىرلىكتىن ئىبارەت ئىدى» دەيدۇ.

مۇشۇ ھەدىس شەرىپىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى تولىمۇ زۆرۈر. ئايالىنى چىن كۆڭلى بىلەن سۆيۈپ، ئۇنى ئۆزىگە ئەڭ ئىشەنچلىك ھەمراھ دەپ بىلىش، ئۇنى ھەرخىل ئېغىرچىلىقلاردىن ئاسراپ قېلىش، سىلىق مۇئامىلە قىلىش، بىمەنە چاقچاق قىلماسلىق، ياخشى ۋە پايدىلىق گەپ قىلسا ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، گەپ توشۇيدىغان، غەيۋەت قىلىدىغان ئاياللارغا يېقىن كەلتۈرمەسلىك، مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ ـ چاچماسلىق، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ھەمىشە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش، ئۆزى بار يەردە ئۇنى باشقىلارغا ماختاپ بەرمەسلىك، ئايالىنىڭ يارىماس خۇي ۋە مۇئامىلىلىرىنى تۈزىتىش ۋە مۇشۇ ئىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن ساۋاب ئۈمىد قىلىش، بالىلىرىنىمۇ بەكرەك ھالال ـ ھارامنى تونۇتۇش ۋە ھالال ـ ھارامغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىش لازىم.

بۇنى مىسال ئارقىلىق تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرەيلى: بىر ئايال نۆۋەتتە كەلگەندە باشقا بىر ئايالنىڭ بالىسىنى ئېمىتىشنى ئۇقمىسا ۋە بۇنى ئىسلام شەرىئىتىگە مۇناسىۋەتسىز ئادەتتىكى ئىش دەپ قارىسا، ھالال ـ ھارامغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. بالا يىغلىغان چاغدا، ئاياللار بىر ـ بىرىنىڭ بالىسىنى ئېمىتىپ قويۇش ئەھۋاللىرى كۆپلەپ يۈز بېرىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ، سەل قارىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ شەرىئەتتە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشتۇر.

ئىككى يېرىم ياشتىن ئاشمىغان بالا نەچچە ئايالنى ئەمسە شۇ ئايالارنىڭ ھەممىسى بۇ بالا ئۈچۈن تۇغقان ئانىسىدەك ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ بالىمۇ شۇ ئايالار ئۈچۈن ئۆز بالىلىرىدەكلا بولىدۇ. نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان ئېملىداش تۇغقانلار ئارىسىدا ئۆيلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بالا ئىمىتىش مەسىلىسىنى ھەركىم ئۆزىنىڭ ئايالىغا ئۆگىتىشى لازىم.

خۇلاسىلىگەندە، ئەرلەر سىرتتا خىزمەت قىلسىمۇ، لېكىن ئۆز ئۆيىدە ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك تاپىدۇ. بىر يىلدىن بېرى يېقىن بۇرادەرلەر ئولتۇرۇش قىلىشۋاتاتتۇق، بىر كۈنى بىرسى ھەققىدە گەپ بولۇپ قالدى. مۇسا ئەپەندى بۇ كىشى ھەققىدە مۇنۇلارنى بايان قىلدى: «ئۇ كىشى پۈتۈن ھۇزۇر ۋە بەختىنى ئۆيىدە تاپىدۇ، چۈنكى بالا ــ چاقىلىرى قېشىدا». بىراۋغا باھا بەرگەندە ئۇنى چىرايلىق تەرىپلەشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ. ئايالىڭ سېنىڭ قېشىڭدا ئولتۇرۇشتىن خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق ھېس قىلسا، يېنىڭدىن قوپۇپ كېتىپ باشقىسىنىڭ قېشىدا تۇرغۇسى كەلمىسە، بۇنىڭ ئۆزى دەل ئايالىڭنى ھۆرمەتلىگەنلىكىڭ ۋە ئائىلىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكىڭنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

# 137 ـ ھەدىس: ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى ۋە ئەسكىسى

**خَيْرٌ النَّاسِ مَنْ طَالَ عُمُرُهُ وَحَسُنَ عَمَلُهُ قَالَ فَأَيُّ النَّاسِ شَرٌّ قَالَ مَنْ طَالَ عُمُرُهُ وَسَاءَ عَمَلُهُ.** (سنن الترمذي)

ئادەملەرنىڭ ياخشىراقى ئۆمرى ئۇزۇن بولغان ۋە ياخشى ئىش قىلغانلىرىدۇر، ئادەملەرنىڭ ئوساللىرى ئۆمرى ئۇزۇن بولغان، قىلىقى يامان ۋە بۇزۇق بولغانلىرىدۇر.

ئىنساننىڭ ئۆمرى تىجارەتچىنىڭ دەسمايىسىگە ئوخشايدۇ. تىجارەتچىنىڭ دەسمايىسى قانچە كۆپ بولسا، شۇنىڭغا يارىشا پايدىسىمۇ كۆپ تېگىدۇ. ئەمما دەسمايىسى ئاز بولسا، پايدىسىمۇ ئاز تېگىدۇ. ئادەم ئۆمرىنى زايە قىلسا، يامان ۋە پايدىسىز ئىشلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزسە دەسمايىدىنمۇ، پايدىدىنمۇ قۇرۇق قالىدۇ.

# 138 ـ ھەدىس: گۇمانلىق نەرسىلەردىن يىراق بولۇش

**دَعْ مَا يرِيبُكَ إِلَى مَا لَا يرِيبُكَ فَإِنَّ الصِّدْقَ طُمَأْنِينَةٌ وَإِنَّ الْكَذِبَ رِيبَةٌ.** (سنن الترمذي)

گۇمانلىق نەرسىلەرنى قويۇپ، گۇمانسىز نەرسىلەرنى ئىختىيار قىل، چۈنكى راستچىللىق كۆڭۈل خاتىرجەملىكى، يالغانچىلىق كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكىدۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزى جەۋامىئۇل كەلىم (ئۆزى قىسقا، مەزمۇنى چوڭقۇر سۆزلەر) دىن بولۇپ، داۋاملىق ئىش ـ ھەرىكەت قوللانمىسى قىلىشقا تېگىشلىك. بۇ يەردە: «ھالال ياكى ھاراملىقى ئېنىق بولمىغان ئاش ـ نان ياكى پۇل ـ مال بولسا، ئۇنىڭغا يېقىن بارماي، ھالال، پاكىزىلىقى ئېنىق بولغاننى قولغا كەلتۈر. گەپ قىلغاندىمۇ گۇمانلىق گەپلەرنى سۆزلىمەستىن، راستلىقى ئېنىق بولغاننى سۆزلە ۋە باشقا ئىشلاردىمۇ شۇنداق قىل» دېمەكچى.

# 139 ـ ھەدىس: دىنىنىڭ پۈتۈنلۈكى

**الدِّينُ النَّصِيحَةُ قُلْنَا لِمَنْ قَالَ لِلَّهِ وَلِكِتَابِهِ وَلِرَسُولِه وَلِأَئِمَّةِ الْمُسْلِمِينَ وَعَامَّتِهِمْ.** (صحيح مسلم)

دىنىنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە يىلتىزى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن، قۇرئان ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبەرلىرى ئۈچۈن ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

«پەلاھ» دېگەن سۆز، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى جۇغلايدىغان سۆز بولغىنىدەك، «نەسىھەت» دېگەن سۆزمۇ مەنىسى كۆپ ۋە چوڭقۇر، ئەمما ئىخچام سۆزدۇر. نەسىھەتنى بىراۋنىڭ دوستلۇق ھەققىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىش ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشنى خالاش، دەپ تەرىپلىسەك، نەسىھەت دېگەن سۆزنى بىر قەدەر تولۇق چۈشەندۈرگەن بولىمىز.

ئاللاھ تائالا ئۈچۈن نەسىھەت قىلىش بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىش، ھۆرمەتلەش، ئۇلۇغلاش، ئاللاھقا لايىق بولمىغان سۈپەتلەردىن پاك دەپ تونۇش، بۇيرۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، توسقان ئىشلىرىدىن ساقلىنىش ۋە نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشتەك ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىشلارغا ئېھتىياجى يوق. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش ئەمەلىيەتتە بەندىنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولىدۇ.

قۇرئان ئۈچۈن بولغان نەسىھەت بولسا، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، قۇرئاننىڭ ئىلمىنى مۇسۇلمانلارغا تارقىتىش ۋە مۇسۇلمانلارغا قۇرئاننىڭ مەنىسىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبەرلىرىگە (ئىسلام ھۆكۈمىتى باشلىقلىرىغا) نەسىھەت قىلىش بولسا، شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارغا بويسۇنۇش ۋە ئۇلار ئىسلام قانۇنىغا خىلاپ ئىشلارنى سادىر قىلسا، مۇلايىملىق بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش، ئۇلارغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئادىل ۋە دۇرۇست بولۇشى ئۈچۈن ھەمىشە دۇئا قىلىشتەك ئىشلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئىسلام رەھبەرلىرى دېگەندە، ئىسلام ئالىملىرى ۋە مۇجتەھىدلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئالىملار ۋە مۇجتەھىدلەرگە ياخشىلىق قىلىش بولسا، ئۇلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى، نەقىل سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۇلارغا ياخشى كۆز بىلەن قاراش ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

باشقىلارنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە دىل ئازار قىلماسلىقىدىن خاتىرجەم بولغان ۋاقىتتا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياخشى ئىشلارنى دېيتى بار، ئىلمى كامىل، ئەخلاقى ياخشى كىشى ئادا قىلىشى شەرت. نەسىھەت قىلغۇچى نەسىھەت قىلىنغۇچىنىڭ ئىلمى سەۋىيەسىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەستىن، ئۆزى بىلگەنچە نەسىھەت قىلىشقا كىرىشسە، بۇ نەسىھەت ئەمەس، بەلكى ئارتۇقچە ئىشقا ئارىلاشقانلىق بولىدۇ.

ياخشى ئىشقا بۇيرۇش، يامان ئىشتىن توسۇشتا بەك مۇھىم شەرتلەر ۋە قائىدىلەر بەلگىلەنگەن. بۇ ھەقتە پىكرى ئۆتكۈر ئالىملاردىن مۇھەممەد ئابدۇھ ھەزرەتلىرىنىڭ بىر ماقالىسىدىن تۆۋەندىكى ئۆزۈندىنى بېرىمىز.

«زامانىمىز مۇسۇلمانلىرىدا كۈچ ـ قۇۋۋەت، شان ـ شەۋكەت، چوڭقۇر ۋە مول بىلىمنىڭ يوقىلىشىنىڭ سەۋەبى، تۆت چوڭ ئاساسلىق ئەمەلنىڭ جانۇ دىل بىلەن ئادا قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. تۆت ئاساسلىق ئەمەل بولسا، ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش، قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىس شەرىپلەردە بۇيرۇلغان ياخشى ئىشلارنى قىلىش، مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىگە ھەق ۋە ھەقىقەتنى تەۋسىيە قىلىش، ھەق ۋە ھەقىقەت يولىدا دۇچ كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۆت ئاساس ۋەلئەسرى سۈرىسىدە بايان قىلىنىدۇ.

دەۋرىمىزدە بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ئۇقۇپ ئادەتلەنگەن كەلىمىلەرنى تىلىدا يادلاشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، خەلق بۇ كەلىمىلەرنى بىر ـ بىرىنى دوراپلا سۆزلەيدۇ. پەزىلەتنى پەسكەشلىكتىن، ياخشىنى ياماندىن ئايرىغۇدەك دىتىمىز يوق. ھەتتا (**فَأَمَّا مَنْ أَعْطَى وَاتَّقَى * وَصَدَّقَ بِالْحُسْنَى**) يەنى «پۇل ـ مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، كەلىمە تەۋھىدنى تەستىقلىغانلارغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز»[73] دېگەن ئايەتتىن بىلىنىدىغان ئىماننىڭ دەۋرىمىزدىكى مۇسۇلمانلاردا تېپىلىشىدىن گۇمانلانساق خاتالاشمىغان بولىمىز.

بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزى قىلغان ئىشلارنى، قىلىقلارنى ياخشى، ساۋابلىق ئىشلاردىن ھېسابلايدۇ. ئاللاھ تائالادىن تەپتارتماستىن شۇ ئىشلىرىغا ساۋاب بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. قىلغان ئىشلىرى ئەمەلىيەتتە ياخشى ئىشلاردىنمۇ، يامان ئىشلاردىنمۇ؟ ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرمەيدۇ. بىر قېتىم بولسىمۇ ئويلاپ باقمايدۇ. ھەتتا بىزدە ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىيالىغۇدەك ئاڭمۇ يوق. ھالبۇكى «ئىمان» دەپ ئاتالغان نېمەت بولسا، ياخشى بىلەن يامانىنى، ئارتۇقچىلىق بىلەن كەمچىلىكنى ئېنىق ئايرىيالايدىغان ۋە ياخشىلىق بىلەن ئارتۇقچىلىقنى ياخشى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر قۇۋۋەتتىن ئىبارەت ئىدى. ئەگەر ئىمان ـ كەلىمە تەۋھىدنى ئاغزىدا ئوقۇشتىنلا ئىبارەت بولسا ئىدى، دۇنيادا ئىمانى يوق ئادەم تېپىلماس ئىدى. چۈنكى ھەممىگە غالىب بىر كۈچ ئىگىسىنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوقلۇقىنى دەۋرىمىزدە ھەركىم بىلىدۇ. بۇنى ئاغزىدا ئىنكار قىلغۇچىلارمۇ كۆڭلىدە ئىقرار قىلىدۇ. ھەقىقىي ئىمان بولسا، ئاغزىدا ئىمان سۆزىنى تەكرارلاشتىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانى مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ بىلىش، ھەممە يامان ۋە قەبىھ ئىشلارنى يامان كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر شۇنداق ئىمان ھاسىل بولسا، بەندىدە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ۋە بۇزۇق ئىشلاردىن ئۆزىنى توسۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر ھاسىل بولىدۇ. مۇشۇ يول بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىشكە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئەلچىلىرىگە، كىتابلىرىغا، تەقدىرىگە ۋە قىيامەت كۈنى تىرىلىپ قوپۇپ، تونۇلىنىشقا چىن دىلىدىن ئىشىنىش لازىم. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ھەسەت قىلىش (بىر ـ بىرىنىڭ پايدىسىغا چىدىيالماسلىق) ۋە بىر ـ بىرىنى دۈشمەن كۆرۈش، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ۋە بىلىمسىزلىك كېسىلىگە دۇچار بولدى. مۇنداق ئۈممەتلەر ئىچىدە ياخشى ئىشلارنىڭ قىلىنىشى ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ روھىدىن تەسىرلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. بىرلىك، ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلغان مىللەتنىڭ مۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا كۈچى يەتمەيدۇ.

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلاردا ھەق ۋە ھەققانىيەتنى ياقلاپ توغرا يول تېپىش، ھاۋايى ـ ھەۋەس چىرمىۋالغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، توغرىلىق بىلەن چىڭ تۇرۇشنى بىر ـ بىرىگە تەۋسىيە قىلىشتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق. دەۋرىمىزدە ياخشى ئىشلارغا

[73] لەيل سۈرىسى 5 ـ 7 ـ ئايەتلەر.

بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇشتەك ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. ھەقنى ياقلاشقا، سەۋر قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىش دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ئاللىبۇرۇن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. نەسىھەت قىلغۇچىمۇ يوق، قوبۇل قىلغۇچىمۇ يوق.

ئەگەر مۇسۇلمانلار بىدئەت ۋە خۇراپىي ئادەتلەردىن قۇراشتۇرۇپ چىقارغان توقۇلما بىدئەتلەرنى تاشلاپ، مۇشۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتۈلگەن تۆت ئاساستىن ئىبارەت دىندا چىڭ تۇرسىلا ئاللاھ تائالانىڭ: **(وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُم فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمْ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمْ الْفَاسِقُونَ)** يەنى «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىننى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر»[74] دېگەن ئايەتتە قىلغان ۋەدىسىگە ئەمەلىي كۆرۈنۈش ۋە **(إن الله لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنفُسِهِمْ)** يەنى «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ»[75] دېگەن ئايەتتىكى ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن خاتىرجەم بولاتتى.

بىرىنچى ئايەتنىڭ مەزمۇنى: ئاللاھ تائالا بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنى يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلغىنىدەك، ئىسلام دىنىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارنى (ئېتىقادتا، ئىبادەتتە، ئەخلاقتا، مۇئامىلىدە، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كۆرەشلەردە ئاللاھ كۆرسەتكەن يول بويىچە ماڭغانلارنى) زېمىندا ئورۇنباسار قىلىپ، ئەركىن، مۇستەقىل ياشاشقا (جىنايىتى سەۋەبىدىن يوقىتىلغانلارنىڭ ئورنىغا ئىگە قىلىشقا)، ئۇلارغا ئاللاھ ئۆزى رازى بولغان ئىسلام دىنىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشكە ۋە ئۇلاردىن قورقۇنچنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خاتىرجەملىك بېرىشكە ۋەدە قىلدى. يەنى ئۇلار ئاللاھقىلا قۇللۇق قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى تەڭ قىلمايدۇ. شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، دېمەكتۇر.

ئىككىنچى ئايەتنىڭ مەزمۇنى: ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىدە بار بولغان توغرا ئېتىقاد، ياخشى ئەمەلىيەت، ئېسىل ئەخلاقنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلمىغۇچە، ئاللاھ تائالا ئۇ مىللەتنى ئۇنىڭدا بار بولغان ئەركىنلىك، پاراۋان تۇرمۇش، دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق ۋە خاتىرجەملىكتىن ئىبارەت نېمىتىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ، دېمەكتۇر. قۇرئان كەرىم ھەقىقىي ئىمان بىلەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ھېچ قاچان زىيانغا ئۇچرىمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدى.» (مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ سۆزى تۈگىدى.)

ئاۋامغا قارىتىلغان نەسىھەتتە، ياخشىلىق مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمما ئۆزگە نىسبەتەن ھەق دەپ كۆرۈلگەن ئىشلارغا ھەممىنى چاقىرىش ياكى كىتاب يېزىش ياخشى ئەھۋال ئەمەس. چۈنكى بۇ كىشى ھەق دەپ تونۇپ، باشقىلارنى دەۋەت قىلغان ئىش ياكى كۆز قاراش، باشقا بىرسىگە نىسبەتەن پۈتۈنلەي باتىل ۋە ئاساسسىز ئىش بولۇشى مۇمكىن. ياكى ھەق دەپ تونۇلسىمۇ، ئۇ ئىش بىرەر مەجبۇرىيەت بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا نەسىھەت، دەپ قىلىنغان بۇ ئىش (ئۆز تونۇشى ياكى خاھىشىنى باشقىلارغا تېڭىش) پۈتۈنلەي تالاش ـ تارتىش، قارشىلىشىش ۋە بىر ـ بىرىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش، دۈشمەنلىشىشكە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئىش ھەق يولنى تەۋسىيە قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. نەسىھەت قىلماقچى

[74] نۇر سۈرىسى 55 ـ ئايەت.
[75] رەئد سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولغان كىشىدە ھەممىدىن بۇرۇن ئىلىم ۋە ياخشى ئەخلاق بولۇشى كېرەك. ئىلىملىك، سەۋرلىك ۋە ئەخلاقلىق كىشىلەر نەسىھەت قىلىش يوللىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ.

ئىلگىرىكى ئىلاھىي كىتابلار، قۇرئان ھەدىسىنىڭ روھى ۋە بارلىق دىنىي ئەسەرلەردە، مىللەت بىلەن دىن بىر مەنىدە كېلىدۇ. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۈممەتلىرىگە يەتكۈزگەن دىنىنىڭ ئاساسى بىر بولغانلىقتىن، بولۇپمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شەرىئىتىدىكى تارماق قائىدىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام شەرىئىتىدە شۇ پېتى قوبۇل قىلىنغانلىقتىن، قۇرئان كەرىمدە: (**فَاتَّبِعُوا مِلَّةَ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا وَمَا كَانَ مِنْ الْمُشْرِكِينَ**) يەنى «ئىبراھىمنىڭ توغرا دىنىغا ئەگىشىڭلار! ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى»[76] دېگەن بۇيرۇقلار بار. ‹مەن ئىبراھىم پەيغەمبەر مىللىتىدىن› دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسى: ‹مەن ئىككى پەيغەمبەرگە ئەگەشتىم› دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئىككى پەيغەمبەر تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن بىر دىنغا ئەگەشتىم، دېگەنلىك بولىدۇ.

كېيىنكى زامان خەلقلىرى مىللەت دېگەن سۆزنى ئىرق ۋە تۈر ھەم بىر تىلدا سۆزلىگۈچى خەلقلەر مەنىسىدە ئىشلەتتى. ھازىر بولسا، مۇشۇنداق ئىشلىتىش ئومۇملىشىپ كەتتى. ھەر ئىككى مەنىدە (دىن مەنىسىدە ۋە بىر ئىرق ـ نەسىل مەنىسىدە) ئىشلىتىلىشى خاتا ئەمەس. مەنىسىنى چۈشىنىپ ئىشلىتىلسە خاتالىق كېلىپ چىقمايدۇ. بۇنىڭدا مەسىلە يوق. ھەر بىر زاماندا ھەر خىل مىللەت ۋە جەمەتلەرنىڭ ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن نەرسىلىرى ھەققىدە ئىستىلاھ تۈزۈشكە (ئاتالغۇ ۋە ئادەتلەرنى پەيدا قىلىشقا) ھەققى بار.

ئاۋۋالقى ئەنئەنىلەرگە كۆرە، يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل مۇسۇلمانلار بىر مىللەت، پۈتكۈل خرىستىئانلار ئۆز ئالدىغا يەنە بىر مىللەت، يەھۇدىيلار، مەجۇسىلارمۇ ئايرىم ـ ئايرىم مىللەتلەردىن ئىكەن. ئەمما كېيىنكى ئەنئەنىلەرگە كۆرە، پۈتكۈل ئەرەب (مۇسۇلمانلىرى، خرىستىئانلىرى قوشۇلۇپ) بىر مىللەت، پۈتكۈل تۈركلەر (مۇسۇلمانلىرى، بۇددىستلىرى، شامانىيلىرى قوشۇلۇپ) بىر مىللەت بولغان ئىكەن. رۇسلار، نېمىسلار، ئىنگلىزلار باشقا ـ باشقا مىللەتلەردۇر.

---

[76] ئال ئىمران سۈرىسى 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# 140ـ ھەدىس: گۇناھلار توغرىسىدا

**ذنب لا يغفر وذنب لا يترك وذنب يغفر. فأما الذى لا يغفر الشرك بالله وأما الذى يغفر فذنب العبد الذى بينه وبين الله عز وجل وأما الذى لا يترك فظلم العباد بعضهم بعضا.**

كەچۈرۈلمەيدىغان گۇناھمۇ بار، ھېساب ئېلىنماي قالمايدىغان گۇناھمۇ بار، مەغپىرەت قىلىنىدىغان گۇناھمۇ بار. كەچۈرۈلمەيدىغان گۇناھ بولسا، ئاللاھ تائالاغا باشقىنى شېرىك قىلىش. كەچۈرۈلىدىغان گۇناھ بولسا، بەندىنىڭ باشقا گۇناھلىرى، ھېساب ئېلىنماي قالمايدىغان گۇناھ بولسا، بەندىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قىلغان زۇلۇملىرى.

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىشمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئوخشاش، بەلكى ئۇنىڭدىن ئېغىرراقتۇر. لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا ئەرەبىستان ۋە ھىجازنىڭ ئەرەبلىرى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايتتى، لېكىن ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرەتتى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى تولا ۋاقىتتا شېرىك كەلتۈرۈش توغرىسىدا سۆزلەيتتى.

شېرىك ئۈچ خىل بولىدۇ:

1ـ بارلىق مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، ياراتقۇچىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى، قىلغان ئىشلىرىنى ئىنكار قىلىش، قىسقىسى، ياراتقۇچىمۇ يوق، يارىتىلغۇچىمۇ يوق دېيىش.

2ـ ياراتقۇچىمۇ بار، يارىتىلغۇچىمۇ بار. ھەممە مەخلۇقنى ئاللاھ تائالا ياراتتى، دەپ تونۇش بىلەن بىللە ئاللاھ تائالاغا خاس خۇسۇسىيەتلەردە تەڭدىشى بار، دېيىش.

3ـ ئاللاھقا خاس ئىشلاردا شېرىكى يوق دەپ تونۇپ تۇرۇپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈش (بەندىدىن مەدەت تىلەش، ئەرۋاھتىن مەنپەئەت ئۈمىد قىلىش، ۋاستە قىلىش).

مۇشۇ ئۈچ خىل شېرىكنىڭ ئەڭ ئېغىرى بىرىنچىسى، ئۇنىڭدىن قالسا ئىككىنچىسى، ئۈچىنچىسىنىڭ ھۆكمى بولسا بىر ئاز يەڭگىلرەكتۇر.

زۇلۇم قىلىشنىڭ ئىنسانچىلىققا خىلاپ ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم. ئاللاھ تائالا زالىم ھەققىدە: **(وَلَا تَحْسَبَنَّ اللَّهَ غَافِلًا عَمَّا يَعْمَلُ الظَّالِمُونَ إِنَّمَا يُؤَخِّرُهُمْ لِيَوْمٍ تَشْخَصُ فِيهِ الْأَبْصَار)** يەنى «زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنىڭ خەۋىرى يوق دەپ ھەرگىز گۇمان قىلما! ۋە نېمىشقا زالىملارنىڭ جازاسىنى بەرمەيدىغاندۇ؟ دەپ بىئارام بولما! ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ جازاسىنى بىر كۈن ئۈچۈن كېچىكتۈرىدۇكى، ئۇ كۈن قورقۇنچنىڭ يامانلىقىدىن كۆزلەر ئۆز ئورنىدا تۇرالماي پۈلتىيىپ چىقىدۇ» دېدى.

بۇ قايسى كۈن؟ بۇ قىيامەت كۈنىدۇر. بۇ، دۇنيادا بولۇشىمۇ مۇمكىن. زۇلۇم قىلغۇچىلار مۇشۇ ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبرەت ئېلىشى لازىم.

زىيا پاشا:

زالىم يەنە بىر زۇلۇمغا گىرىپتار بولۇر ئاخىر،

ئەلۋەتتە بولۇر ئۆيىڭنىڭ خانەسى ۋەيران.

«باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان كىشى ئۆزى زۇلۇمغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. باشقىلارنى ۋەيران قىلغۇچى ئۆزى چوقۇم ۋەيران بولىدۇ»، دېمەكتۇر.

كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان گۇناھتىن مەقسەت، ھەقىقىي تەۋبە قىلىش بولمىسا، ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى بىلەن كەچۈرۈم قىلىۋەتمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر. ھەقىقىي رەۋىشتە تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تائالا ھەر قانداق گۇناھنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان.

## 141 ـ ھەدىس: شەپقەتلىك بولۇش توغرىسىدا

**الرَّاحِمُونَ يَرْحَمُهُمْ الرَّحْمَنُ ارْحَمُوا مَنْ فِي الْأَرْضِ يَرْحَمْكُمْ مَنْ فِي السَّمَاءِ الرَّحِمُ.** (سنن الترمذي)

شەپقەتلىك ۋە دىلى يۇمشاق كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا مېھرىبانلىق قىلىدۇ، ئىنسانلارغا رەھىم قىلىڭلار، ھۆكمى ئاسمانلاردا يۈرىدىغان ئاللاھ سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ.

رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەرمۇ كۆپ بولۇپ، مۆتىۋەر ئۆلىمالار ۋە ئىسلام ھافىزلىرى (ھەدىسشۇناسلار) تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان.

## 142 ـ ھەدىس: سودىدا كەڭ قورساق بولۇش توغرىسىدا

**رَحِمَ اللَّهُ رَجُلًا سَمْحًا إِذَا بَاعَ وَإِذَا اشْتَرَى وَإِذَا اقْتَضَى.** (صحيح البخاري)

بىر نەرسە ساتقاندا، ياكى بىر نەرسە سېتىۋالغاندا ۋە كىشىدىكى ھەققىنى تەلەپ قىلىپ ئالغاندا كۆڭلىنى كەڭ تۇتقان (چىڭ تۇرىۋالمىغان) ۋە سىلىق مۇئامىلىدە بولغان كىشىگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن!

كىشىلەرگە بەرگەن قەرز ھەققىنى ئېلىشتا كۆڭلى كەڭ بولغان (قەرز ئالغۇچىنى قىستىمىغان) كىشى مۇشۇنداق ياخشى دۇئاغا بەكرەك لايىق بولسا كېرەك.

بۇ ئۇلۇغ ھەدىس، كىشىدە ئالىدىغان ھەققى بولسىمۇ تۇتماسلىق كېرەك ياكى ئالماسلىق لازىم، دەپ بۇيرىمايدۇ. بەلكى ئۇنى تەلەپ قىلغاندا، سىلىق، يۇمشاقلىق بىلەن تەلەپ قىلىش، قىستىماسلىق ۋە رەنجىتمەسلىككە دالالەت قىلىدۇ.

## 143 ــ ھەدىس: مۇلايىم بولۇش توغرىسىدا

**اَلرِّفْقُ رَأْسُ الحَكْمَةِ.** (الجامع الصغير)

باشقىلارغا سىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ بېشىدۇر.

چۈنكى مۇلايىملىق سەۋەبىدىن ئارىدا دوستلۇق ۋە ئۈلپەت پەيدا بولىدۇ. بىر ـ بىرىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان، دىل ئازار قىلىشىدىغان ئىشلار تۈگەيدۇ. ئىمام مۇسلىم ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھ ئەنھادىن «مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق قانداق بىر كىشىدە بولسا، ئۇنىڭغا ناھايىتى گۈزەل يارىشىدۇ. قانداق كىشىدىن مۇلايىملىق يوقالسا، ئۇنىڭغا قەبىھلىك كەلتۈرىدۇ» دېگەن مەنىدىكى: «**إن الرفق لا يكون فى شيئ إلا زانه ولا ينزع من شيئ إلا شانه**» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ. شۇنىڭغا كۆرە مۇلايىملىق ھېكمەت ۋە ياخشىلىقنىڭ باشلانغۇچى ئىكەنلىكى ئۆز ــ ئۆزىدىن مەلۇم. ئەبۇلفەتھى ئەلبىستى:

**وَرَافِقْ الرِفْقِ فِى كُلِّ الأُمُوْرِ فَلَمْ يَنْدَمْ رَفِيْقٌ وَلَمْ يُذَمِّمْهُ نَدْمَانٌ**

**وَلاَ يَغُرُّكَ حَظٌّ جَرَّهُ خَرْقٌ فَالْخَرْقُ هَدَمٌ وَرِفْقُ المَرْءِ بُنْيَانٌ**[77]

لېكىن بۇ ھۆكۈم، ئەھۋال شۇنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتلارغا قارىتا ئېيتىلغان. ھەممىشە ۋە ھەممە كىشىگە مۇلايىم بولۇش شەرتمۇ ئەمەس، بەزى چاغلاردا قىسمەن ئادەملەرگە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن.

ھەر قانداق ئەھۋالدا مۇلايىم بولۇش، ياخشىلىق قىلىش ۋە دىلى يۇمشاق بولۇش دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىپ، جايىدا ئەمەل قىلىش كېرەك. ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى يېقىنلاشقاندا (ئۆلۈم گىرداۋىغا كەلگەندە) ۋە ھەق تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ھېساب بېرىش ئۈچۈن بارغاندا، ئەڭ كۆپ پۇشايمان قىلىدىغان سۆزى: «نېمىشقا تېخىمۇ بەك رەھىمدىل بولمىغاندىمەن؟ نېمە ئۈچۈن خەلققە كۆڭلۈمنى كەڭ تۇتۇپ، مۇئامىلە قىلمىغاندىمەن، نېمىشقا مۇلايىملىق، سىلىقلىقنى ئۆزۈمگە ئادەت قىلمىغاندىمەن» دېگەندەك سۆزلەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

---

[77] بارلىق ئىشلىرىڭدا مۇلايىم بولغىن، چۈنكى مۇلايىم كىشى پۇشايمانغا قالمايدۇ، پۇشايمان قىلغاندىمۇ مۇلايىملىق قىلغانلىقىغا ئۆكۈنمەيدۇ. قوپاللىقتىن كېلىپ قالغان تەلەيگە ئالدىنىپ كەتمە، قوپاللىق ئىشلار بۇزۇلىدۇ، مۇلايىملىق بىلەن تۈزىلىدۇ.

## 144 ـ ھەدىس: قەبرە زىيارەت قىلىش توغرىسىدا

**زُورُوا الْقُبُورَ فَإِنَّهَا تُذَكِّرُكُمْ الْآخِرَةَ.** (سنن ابن ماجة)

قەبرىستانغا (پات ـ پات) بېرىپ تۇرۇڭلار! چۈنكى قەبرىستانغا بېرىپ تۇرۇش ئاخىرەتنى ئېسىڭلارغا كەلتۈرىدۇ.

مازار بېشىغا بېرىشنىڭ ئەسلى سەۋەبىنىڭ ئاخىرەتنى يادىغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكى مۇشۇ ھەدىستىن مەلۇم بولىدۇ. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرىستانغا بارسا يىغلايتتى. بىر ۋاقىتتا (ئۇنىڭدىن بىر كىشى): «جەننەت بىلەن دوزاخنى ياد ئەتسىڭىز يىغلىمايسىز، قەبرە بېشىغا كەلسىڭىز يىغلايسىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دەپ سورىغان ئىدى. ھەزرىتى ئوسمان: «رەسۇلۇللاھتىن: ‹ئاخىرەت سەپىرىنىڭ بىرىنچى تۇرالغۇسى قەبرىدۇر. قەبرىدە ئىش ئوبدان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئوبدان بولىدۇ. ئەگەر قەبرىدىكى ئىشلار قورقۇنچلۇق بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى تېخىمۇ يامان بولىدۇ› دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم. شۇ سۆز ئېسىمگە كېلىپ يىغلىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. (ئەبۇ يۈسۈپنىڭ، «كىتاب ئەلخىراج» 9 ـ بەتتىن)

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ھەققىدە باشقا ھەدىسلەرمۇ بار. ئاخىرەتنى ئەسلەش مەقسىتى بىلەن مازار بېشىغا چىقىپ تۇرۇش شەرىئەتتە توغرا ۋە ساۋابلىق ئىشتۇر. قەبرىستانغا چىققاندا ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىشمۇ زۆرۈردۇر. رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلىرى مازار بېشىدا ئۆلۈكلەر ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. ئەمما ئۆلۈكلەردىن مەدەت تىلەش ۋە دەرد ئەھۋالىغا يېتىشنى ئۈمىد قىلىش، ئۇلاردىن ھاجىتىنى تىلەش ئۈچۈن قەبرىستانلىققا بېرىش شەرىئەتتە توغرا ئەمەس، بەلكى ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلەنگەن ئىشتۇر.

شۇڭا مازارلارنى زىيارەت قىلىمەن دەپ يىراق يەرلەرگە سەپەر قىلىش، ياخشى كىشىلەرنىڭ ۋە ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىلىرىدە يېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىبرەت ئېلىش ۋە ئاخىرەتنى ئەسلەش ئۈچۈن بېرىپ ـ كەلگىدەك قەبرىلەر ھەر شەھەر، ھەر كەنتتە بار.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى پۈتۈن ئۆمرىنى ئۈممىتىنى شېرىكتىن ساقلاش ئۈچۈن ۋە ئەقىدىلىرىنى ۋەھىملىك تونۇشلاردىن، خۇراپاتلاردىن ساقلاش يولىدا سەرپ قىلغان ئىدى ۋە بۇ ھەقتىكى مەقسىتىگە يەتكەن ئىدى. لېكىن سەلەپ سالىھ (ساھابە، تابىئىنلار) لىرىمىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ۋە يات دىنلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، راھىبلىقلىرى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار مازار بالاسىغا گىرىپتار بولۇشتى. ئەۋلىيا دەپ گۇمان قىلىغان كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرىنى ئۆزلىرىگە پاناھگاھ قىلىۋالدى. قەبرىلەر چوڭ بىر كەسىپ ـ تىجارەت بازىرىغا ئايلىنىپ قالدى. دىنى ئىسلامنىڭ روھى ۋە مەزمۇنىدىن خەۋەرسىز بىچارىلەر گۇرۇھ ـ گۇرۇھ بولۇپ ۋەلىلىرىنىڭ مازارلىرىغا بېرىشىپ، قەبرىدىكى كىشىنى ۋاستە قىلىپ، مەقسەتلىرىنى تىلىشىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى. بىر ئۈچۇم ھىيلىگەر كىشىلەر ئەتراپى توسالغان قەبرىلەردىن بىرىگە چىراغ ياندۇرۇپ، جايناماز ۋە ياخشى بىساتلارنى سېلىپ، سەندەلدە بوي سېلىپ ئولتۇرۇشۇپ توغ ـ ئەلەم باغلىشىپ، شۇ مازارنىڭ ئەۋلىيالىقىنى ۋە ئۇنى زىيارەت قىلسا، كېسەللەرگە شىپا بولىدىغانلىقىنى ۋە ھەر خىل دەرد ـ ئەلەم، قايغۇلارنىڭ يوقىلىشىغا ۋاستە بولىدىغانلىقىنى پۈتۈن خەلقئالەمگە جاكارلىشاتتى. ياللاقچىلىرى ئارقىلىق مۇشۇ گەپلەرنى ھەممە يەرگە تارقىتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشكە باشلاپ، ھەر تەرەپتىن قۇربانلىقلار، نەزىرلەر يېغىشقا باشلايتتى. كېسەللەر، قەرزگە بوغۇلغانلار ۋە بالا

دەردىدە يۈرەكلىرى لەختە ــ لەختە بولۇپ كەتكەن چارىسىز ئاتا ــ ئانىلار ئۆزۈلمەي كېلىپ، بۇ «مەككار ئەۋلىيالار» نى يوقلىشىپ تۇرۇشاتتى. تۆمۈرنى ئۆزۈپ تاشلىغۇدەك كۈچى بار تۇرۇپ ئىشلەشنى خالىمايدىغان ياش يىگىتلەر بۇلارنىڭ سەدىقە ـ نەزىرلىرىگە دۇئا قىلىشىپ، كۈننى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

مەلۇم بىر ئالىم «ۋاقىت گېزىتى» دە نەشر قىلدۇرغان ماقالىسىدە مازارلارغا ئورۇنلاشقان شەيخلەر ۋە مازاركەشلەر توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەۋلىيالارنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن ياردەم سوراش، غوجا ئەھمەد يەسەۋى، غوجا باھائۇددىن نەقشىبەندى، ئابدۇلخالىق غوجدىۋانىدەك مەشھۇر زاتلارنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، سەدىقىگە دۇئا قىلىپ تۇرغۇچى شەيخلەر توغرىسىدا بۇخارادىكى ۋاقتىمدا ئۇستازىم داموللا ئىۋەز ھەزرەتلىرى بىلەن ھەم پىكىر بولۇشقان ئىدۇق. داموللا، بۇ ئىشلارنىڭ پايدىسىز ئىشلارلا ئەمەس، بەلكى ناھايىتى خەتەرلىك بىدئەتلەردىن ئىكەنلىكىنى ۋە «ئەۋلىيا»لارنىڭ قەبرىلىرىگە نەزىر دەپ مال بوغۇزلاشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ روھىدىن ياردەم سوراشلىرىنى، ئاللاھ تائالانىڭ: **(وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا)** «ئۆزىنىڭ ياراتقان ئىگىسىگە ئىبادەت قىلىشتا ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن» دېگەن ئايىتىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، «شەيخلىق» داۋا قىلىپ قەبرە بېشىدا سەدىقە تopلاپ ياتقۇچىلارنىڭ غوجام بولۇش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بېرىپ، بىزنى كۈلدۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇلارنىڭ غوجام بولۇش ئۇسۇلى مۇنداق ئىكەن: ئەخمەق ۋە جاھىل بىكار تەلەپلەر غوجا بولۇش ئۈچۈن مەسلىھەتلىشىپ، بۇخارادىن يىگىرمە چاقىرىم يەردە ئاغاي بۇزرۇز دەپ ئاتىلىدىغان ئەۋلىيا قەبرىسىگە بېرىشىپ، ئارىسىدىن بىرىنى قۇمغا كۆمەرمىش. ئاندىن كېيىن «**والضحى غوجا**» دەپ قۇمغا كۆمۈلگەن كىشىنى چاقىرارمىش. ھېلىقى كۆمۈلگەن كىشى: «خوش تەقسىرلىرىم!» دەپ قۇم ئاستىدىن غوجا بولۇپ چىقارمىش.

بىر قېتىم ئۇفا شەھىرىدىن قايتىشىمدا، تونۇش بىر كەنتكە ئۆتۈپ قالغان ئىدىم. قىبلە تەرەپكە ئاقىدىغان چوڭ بىر بۇلاقنىڭ بېشىدا توسۇلغان تۆت بۇرجەك بىر يەرنى كۆردۈم. يولۇچىدىن: بۇ نېمە توسۇق؟ دەپ سورىسام: «بۇ يەردە بىر ۋەلىينىڭ قەبرىسى بار ئىكەن، شۇنى پالان كىشى ئىھاتە قىلدى» دېدى. ئۇ يەردە ۋەلىنىڭ قەبرىسى بارلىقىنى قانداق بىلگەنىكەن؟ـ دېسەم: مەھەللىمىزدىن پالان كىشى.... ھەزرەتنىڭ قېشىغا بارغان ئىدى، ھەزرەت ئۇ كىشىگە: مەھەللىڭىزدە قىبلە تەرەپكە ئاقىدىغان بىر بۇلاقنىڭ بېشىدا بىر ۋەلىينىڭ قەبرىسى خارلىنىپ ياتىدۇ. شۇنىڭ ئەتراپىنى چىتلىۋېتىڭ، دەپ ئەۋەتكەنىكەن. شۇڭا ئۇنى چىتلاپ ئىھاتە قىلدى،ـ دېدى.

ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزمۇ بىلمەيدىغان بىر قەبرىنىڭ بىردىنلا بۇ يەردە ئەۋلىيا قەبرىسى سۈپىتىدە پەيدا بولۇپ قېلىشىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم.

ئابدۇراھمان ئەلجەبىرتى، مىسىردا سەييىد ئەلى بەكرى ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئەۋلىيا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭمۇ ئەۋلىيالار قەبرىسى قاتارىغا كىرگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن مەۋلۇت ئوقۇشنى رەسمىيلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ مۇنداق بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىدۇ:

مىسىر كوچىلىرىدا يالىڭاچلا يۈرىدىغان بىر ساراڭ ئادەم بار ئىدى. ئاۋام خەلق ساراڭنى «ۋەلىي» دەپ بىلگىنى ئۈچۈن، ئايال كىشىلەرمۇ بۇ تەنتەك ئادەمنى ئەۋلىيا دەپ گۇمان قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىر تۇغقىنى ناھايىتى ھىيلىگەر، ئالدامچى ئادەم ئىدى. بىلىمسىز خەلقنىڭ ئۇ ساراڭ تۇغقىنىنى ۋەلىي دەپ گۇمان قىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھىيلە ئىشلىتىش يولىنى تاللىدى. ساراڭنى يۇيۇندۇرۇپ، پاكىزە كىيىم كىيدۈرۈپ، ئۆز ئۆيىدە بېقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ۋە تەبەررۇكلەش نىيىتى بار كىشىلەرگە ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ شۇ تۇغقىنىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئاياللار ۋە ئەرلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. بۇ ساراڭنىڭ گەپلىرىنى ھەركىم ئۆزى بىلگىنىچە مەنە ئېيتىپ چۈشىنەتتى. ھىيلىگەر تۇغقىنى

بولسا، كەلگەن كىشىلەرگە «ئەۋلىيا» ھەم «شەيخ ئىشان» تۇغقىنىنىڭ كارامىتىنى راسا كېلىشتۈرۈپ سۆزلەپ بېرەتتى. ئەل كۆزىدىن غايىپ ئەھۋاللارنى ۋە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى مەقسەتلەرنى بىلىدىغانلىقىنى سۆزلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، خەلق خۇدنى يوقىتىپلا قويدى. نەزرە، سەدىقە ۋە سوۋغاتلار بىلەن ئۇلارنى كۆمۈۋەتتى. بولۇپمۇ ئەمىر ۋە پادىشاھلارنىڭ ئاياللىرى ناھايىتى كۆپ مال ياغدۇرۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، دۇنيا ھېلىگەر ئادەمگە ئالدىنى قىلدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ تىجارەت ناھايىتى پايدىلىق بولغان ئىدى. ساراڭ شەيخ ھەزرەتلىرىمۇ جىم يېتىپ يەپ ـ ئىچىۋرگەنلىكتىن ئادەتتىن تاشقىرى سەمرىپ كەتتى ۋە ھىجرىيە 1200 ـ يىلىدىن كېيىن ئۆلدى. ئاۋام بۇ «ساراڭ»نىڭ قەبرىسىنى ھەرەمنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ساراڭنىڭ قەبرىسى ئادەم جۇغلىشىدىغان، ناتوغرا مۇناسىۋەتتىكى پاسىق ئەر ـ ئاياللارنىڭ كۆرۈشىدىغان بەلگىلىك ئورنى بولۇپ قالدى. 1214 ـ يىلى رەبىئۇلئاخىرنىڭ 15 ـ كۈنى ئۇنىڭ مەۋلۇد كۈنى (تۇغۇلغىنىنى خاتىرىلەش كۈنى) دەپ ئېلان قىلىندى. فرانسىيە مىسىرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بۇ مازارغا جۇغلىشىشنى ۋە مەۋلۇد مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى چەكلىگەن ئىدى. ئەمما بۇ يەرنىڭ زىنا، پاھىشە ۋە قەبىھ قىلىقلارنىڭ ماكانى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئەركىن قويۇۋەتتى. (ئاجايىبىل ئاسار فىت تەراجىمى ۋەل ئەخبار 3 ـ جىلد 80 ـ بەت)

سەييىد ئەلى ئەلبەكرى دەپ تونۇلغان ئەۋلىيا مۇشۇ بولۇپ، خەلق بۇنىڭ قەبرىسىدىن مەدەت تىلەيدۇ. مەۋلۇد مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ھۆرمەتلەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىدا مۇشۇنداق ئىشلار بارمىدى؟ مەدەت ۋە پەرياد قىلىش رىۋايەت قىلىنغانمىدى؟ مەدەت تىلەش رىۋايەتتە بولسا، بۇنى قايسى ھەدىس ئالىملىرى يەتكۈزدى؟ ئىسلام ھايىپزلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ ئەسەرلىرىدە يېزىلدى؟ قەبرىلەرنى ھۆرمەتلەش ۋە رىئايە قىلىش مۇھىم ئىش. لېكىن ئۇ يەرنى مەدەت ۋە ھاجەت تىلەش ئورنى قىلىش ۋە ئۇ يەرگە بېرىپ رۇكۇ، سەجدە قىلىش، قول قوشتۇرۇپ ئۆلۈغلاش دۇرۇس ئەمەس. بۇنى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشى، بىلگەنلەرنىڭ بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتىشى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

بۇ ھەدىستىن قەبرىستانغا (ئاخىرەتنى ئەسلەش ۋە ئۆلۈكلەرگە دۇئا قىلىش ئۈچۈن) بېرىش ـ كېلىشنىڭ شەرىئەتتە توغرا ئىكەنلىكى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئۆزىمۇ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلاتتى. ئۆز ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە بارغاندا ناھايىتى تەسىرلىنىپ يىغلىغان ۋە يېنىدا بولغانلارنىمۇ يىغلاتقان ئىدى. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىستانغا بارغاندا: **عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَتَى الْمَقْبُرَةَ فَقَالَ السَّلَامُ عَلَيْكُمْ دَارَ قَوْمٍ مُؤْمِنِينَ وَإِنَّا إِنْ شَاءَ اللَّهُ بِكُمْ لَاحِقُونَ** يەنى «سىزلەرگە سالام! ئى مۆمىنلەرنىڭ جايى! ئاللاھ خالىسا بىزمۇ سىلەرگە قوشۇلىمىز»[78] دېگىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ. قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش توغرىسىدا ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوخشاشمۇ؟

ئاياللارنىڭ مازار بېشىغا بېرىشىنى بىر قىسىم ئۆلىمالار مەكروھ دەيدۇ. بەزىلىرى مەكروھ تەھرىمى دېگەن ھالدا، بەزىلىرى مەكروھ تەنزىھى دەيدۇ. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنى ئابدۇراھماننىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا:

| | |
|---|---|
| **وَكُنَّا كَنَدْمَانِي جَذِيْمَة حَقْبَة** | **مِنَ الدَهْرِ حَتَّى قِيْلَ لَنْ يَتَصَدَّعَا** |
| **فَلَمَّا تَفَرَّقَنَا كَأَنِّى وَمَالِكًا** | **لِطُوْلِ اجْتِمَاعٍ لَمْ نَبُتْ لَيْلَةً مَعًا** |

[78] ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى.

دېگەن شېئىرنى ئوقۇغان ۋە «ئەگەر ئۆلگەن چېغىڭدا يېنىڭدا بولغان بولسام، شۇ ئۆلگەن يېرىڭگە دەپنە قىلدۇراتتىم. ھەم قەبرەڭنى زىيارەت قىلغىلى كەلمەيتتىم» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. (تىرمىزى رىۋايىتى) ھەزرىتى ئائىشەنىڭ مۇشۇ سۆزى ۋە ئىشى ئاياللارنىڭ مازارلىققا بېرىشىنىڭ مەكروھ تەنزىھى (يەڭگىل مەكروھ) ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

كۆپ ساندىكى ئالىملار: ئاياللارنى قەبرىستانغا چىقىشتىن توسۇشقا مەلۇم سەۋەب بولمىغاندا، ئۇلارنىڭمۇ ئەرلەردەك قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشى دۇرۇست. «ئاللاھ قەبرىستاننى زىيارەت قىلغۇچى ئاياللارغا لەنەت قىلسۇن» (ئىبنى ماجە) دېگەن ھەدىس بولسا، رۇخسەت ھەدىسلىرى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان،- دەيدۇ.

ئاياللارنىڭمۇ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلسا بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسلەرنىڭ بىرى ئىمام ئەھمەدنىڭ بۇرەيدە ئەلئەسلەمىدىن رىۋايەت قىلىنغان: **عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَدْ كُنْتُ نَهَيْتُكُمْ عَنْ زِيَارَةِ الْقُبُورِ** دېگەن ھەدىسىدۇر. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغاندا ئوقۇش ئۈچۈن دۇئا ئۆگىتىپ قويغانلىقى ھەم ئاخىرەتنى ئەسلەشنىڭ ئاياللار ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكى، ئاياللارنىڭمۇ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشىنىڭ دۇرۇست ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

خۇلاسە: بىدئەت ئىشلار ئارىلاشمىغان، ياسىنىپ، جابدۇنۇپ چىقمىغان، ئەرلەرگە ئارىلاشمىغان ۋە باشقا مەنئى قىلىشقا تېگىشلىك سەۋەبلەر پەيدا بولمىغان شارائىت ئاستىدا، ئاياللارنىڭ ھۆكمىمۇ ئەرلەر بىلەن ئوخشاش بولسا كېرەك. ئەگەر قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدىغان ئىشلارغا سەۋەب بولغاندا ئاياللارغىمۇ، ئەرلەرگىمۇ دۇرۇست بولمايدۇ.

## 145 ـ ھەدىس: دۇنيادا زاھىت بولۇش توغرىسىدا

**اَلزُّهْدُ فِيْ الدُّنْيَا يُرِيْحُ القَلْبَ وَالبَدَنَ وَالرَّغْبَةَ فِيْهَا تُكَثِّرُ الهَمَّ وَالحَزْنَ وَالبِطَالَةُ تُقْسِيْ القَلْبَ.** (كشف الخفاء)

دۇنيادا زاھىت بولۇش (دۇنيانى ئارتۇقچە ياخشى كۆرمەسلىك) بەدەنگىمۇ، كۆڭۈلگىمۇ راھەت بېرىدۇ. دۇنياغا ئارتۇقچە قىزىقىش بولسا، قايغۇ ۋە ھەسرەتنى زىيادە قىلىدۇ. ھورۇن، بىكار تەلەپلىك كۆڭۈلنى قارىلاشتۇرىدۇ.

زاھىت بولۇش: مال ـ مۈلكى يوق، مىسكىن، مەنسىپى يوق ۋە ئابرۇيى يوق بولۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى دۇنياغا قىزىقىپ كەتمەسلىك، دۇنيالىق ئىشى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدىشگە توسالغۇ بولماسلىقى لازىم، دېگەنلىكتۇر. يەنى چوڭ بىر باي ۋە كاتتا مەنسەپدارمۇ زاھىت بولۇشى مۇمكىن ۋە بىر مىسكىن ياكى قەدرى ـ قىممىتى يوق كىشى زاھىت بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىمنىڭ سىرتىدىن قاراپ زاھىدلىقىنى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىش قىيىن. شۇنداق بولسىمۇ، تاشقى ئالامەتلەرگە قاراپ ھەر كىشىنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ئويلىنىش ھەققى بار. ئۇ ئالامەتلەر تۆۋەندىكىدىچە:

1 ـ دۇنيالىققا ئائىت بىرەر نەرسىنىڭ ئۆزىدە بولغانلىقىغا خۇش بولماسلىق، بولمىغىنىغا ئىچى پۇشماسلىق.

2ـ ئۆزىنى ماختىغۇچىلار بىلەن يامان گېپىنى قىلغۇچىلارنى ئوخشاش كۆرۈش.

3ـ ئاللاھ تائالانى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈش ۋە ھېچ بىر غەرەزسىز ئىبادەت قىلىشتىن لەززەتلىنىش.

مال ــ دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش ۋە بۇ دۇنيا بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كېتىش غەم ــ قايغۇ، ھەسرەتنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت بولۇپ، بۇنى ھەركىم ئۆز تەجرىبىسىگە تايىنىپمۇ بىلەلىشى مۇمكىن.

ھورۇنلۇق: ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش دېگەنلىكتۇر. پۇل ـ مالنى ئىسراپ قىلىش ناچار ئىش بولسا، ۋاقىتنى، پۇرسەتنى ئىسراپ قىلىش تېخىمۇ بەك ناچار ئىش ھېسابلىنىدۇ.

پۇل ـ مالنى تاپقىلى بولىدۇ. ئەمما ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى، قولدىن بېرىپ قويغان پۇرسەتنى قايتۇرۇۋېلىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. دۇنيادا ھەممىدىن بەك پۇشايمانغا سەۋەب بولىدىغان سۆز بولسا: «ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى» دېگەن سۆزدۇر. ئىنسانلار قىيامەت كۈنى مال ـ مۈلكىدىن ھېساب بەرگەندەك، ۋاقىتنىڭمۇ ھسابىنى بېرىدۇ. ئىسلام ئالىملىرى يېزىپ چىققان ئەخلاق كىتابلىرىدا ئاز تاماق يېيىشنى، ئاز ئۇخلاشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەلۋەتتە ئاز يېيىش ۋە ئاز ئۇخلاشنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ (ئېھتىياجىغا چۇشلۇق بولۇش شەرت بىلەن)، شۇ پايدىلارنىڭ بىرسى «ۋاقىت» نىڭ كۆپىيىشىدۇر.

ۋاقىت كۆپ بولسا، ئاخىرەتلىك ئوزۇق تەييارلاشقىمۇ، بۇ دۇنيالىق تۇرمۇش ۋاستىلىرى تەييارلاشقىمۇ يېتىدۇ. يەنى ھەر قايسىسىدىن تېگىشلىك ھەسسە ئالغىلى بولىدۇ.

ئىنسانلار ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقىدىن زارلىنىدۇ. ھاياتىدا نەتىجىلىك ۋە پايدىلىق ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدۇ. ئەسلىدە زارلىنىش ۋە ھەسرەتلىنىش ئورۇنلۇق ئەمەس. ۋاقىت ناھايىتى كۆپ، ئۆمۈر ناھايىتى ئۇزۇن،

لېكىن بىز ۋاقىتنى، ئۆمۈرنى پايدىسىز، مەنىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلمىز. ئەگەر ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلەلىسەك، بىلىپ ئىشلەتسەك ئىدۇق، ۋاقىتنىڭ كۆپ ۋە ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تولۇق ھېس قىلغان بولاتتۇق.

ئەقلى ۋە جىسمانى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە توغرا ئۈنۈملۈك ئىشلەشنىڭ جاپاسى ھەقىقەتەن ئېغىر بولۇپ، كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىدۇ. بىراق ھورۇنلۇق، بىكارچىلىق ۋە ئىشسىزلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان جاپاغا ۋە ھورۇنلۇقنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان پالاكەتچىلىككە قارىغاندا، ئېغىرغا ئالغۇچىلىقى يوق دېيىشكە بولىدۇ.

دۇنيادا نام قالدۇرۇش، چوڭ ھوقۇقلارغا ئىگە بولۇش، ئىلىملىك، پەزىلەتلىك بولۇشتەك ئىشلارغا توسالغۇ بولغان نەرسە يوقسۇللۇق ئەمەس، بەلكى ھورۇنلۇق ۋە بىكار تەلەپلىكتۇر. باشقىلار ئىشلەۋاتقان، ھالال رىزىقنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىۋاتقان ۋاقىتتا سوزۇلۇپ يېتىش، ئەسنەپ ئولتۇرۇش كۆڭۈل قارىلىقى بولماي نېمە؟

«ھورۇنلۇق كۆڭۈلنى قارايتىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك بىر سۆز بار. ئەگەر بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى مۇندىن بىر مىڭ تۆت يۈز يىل بۇرۇن سەھرالىق ئەرەبلەر ئارىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ئۆمرىنى شۇلار بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى سۆزلىگەن بولسا، باشقا بىر دەلىل بولمىسىمۇ، شۇ كىشىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.

ھەدىس شەرىپتە زاھىدلىق بىلەن ھورۇنلۇق ۋە ئىشسىزلىكنىڭ بىر- بىرىگە زىت ئىككى نەرسە قىلىپ كۆرسىتىلىشىدىن، زاھىدلىق بىلەن بىكارچىلىقنىڭ ئوخشاش بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى ھەركىمنىڭ ئۆز ئەقلى ئارقىلىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى تولىمۇ زۆرۈر. ھورۇنلۇق بىلەن دۇنياغا بېرىلمەسلىك تامامەن بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىككى نەرسىدۇر.

باشقىلارغا يۈك بولۇش، دۇئا تەلەپ قىلىپ يۈرۈش زاھىدلىق ۋە قانائەتچان بولغانلىق ئەمەس، بەلكى ئىشلەشنى خالىماي، ئاسان يولدىن پۇل تاپقانلىق بولىدۇ. ھەر كىشىنىڭ ئۆز رىزقىنى ئۆزى تېپىشقا تىرىشماسلىقى ۋە توقسان كىشى ئىشلىمەي ئون كىشىگىلا يۈك بولىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن مىللىتىمىز (مۇسۇلمانلار) باي بولالمايدۇ ۋە دۈشمىنىگە كۈچى يەتمەيدۇ. ئەكسىچە قولىدا بار بولغان بايلىقىمۇ ئازىيىپ كېتىدۇ. مۇنبەت يەرلەرنىڭ سېتىلىپ تۈگەپ كېتىشىدىكى ۋە توپاندىن بېرى پالتا تەگمىگەن ئورمانلىقلارنىڭ تاقىر باش سايلىققا ئايلىنىپ كېتىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبمۇ، ھورۇن كىشىلەر ۋە ئاسان پۇل تويلاش يولىغا كىرىۋالغان پارازىت قۇرتلاردۇر.

## 146 ـ ھەدىس: تۇل ئاياللارغا ۋە ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش توغرىسىدا

**السَّاعِي عَلَى الْأَرْمَلَةِ وَالْمِسْكِينِ كَالْمُجَاهِدِ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَوْ الْقَائِمِ اللَّيْلَ الصَّائِمِ النَّهَارَ.** (صحيح البخاري)

تۇل ۋە ئاجىز ئاياللارغا، مىسكىن (ئۆيىمۇ يوق، ھېچ نەرسىسى يوق كىشى) لەرگە ياردەم قىلىش يولىدا يۈرگۈچىلەر بولسا، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلار ياكى كېچىسى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى روزا تۇتقۇچىلار بىلەن ئوخشاشتۇر.

كېيىنكى زامانلاردا تۇل خوتۇن ۋە ئاجىزلارغا يار ـ يۆلەكتە بولىدىغان خەير ـ ساخاۋەت جەمئىيەتلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. خەير ـ ساخاۋەت جەمئىيەتلىرى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىرلىشىپ ئىشلەشنى مەقسەت قىلىدىغان بولۇپ، بۇنداق پىداكارلىققا تولغان مۇھىتتا، بىرى مال ـ دۇنياسى بىلەن، يەنە بىرى جىسمانى كۈچى بىلەن ئىشلەش مۇمكىن بولغانلىقتىن، «ئاجىز كىشىلەرگە ناھايىتى ياردەم قىلغۇم بار، لېكىن پۇلۇم يوق، ياكى پۇل بېرەتتىم، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋاقتىم ـ پۇرسىتىم يوق» دېگەندەك ئۆزرە، سەۋەب كۆرسىتىشكە قىلچىمۇ ئورۇن قالمايدۇ.

# 147- ھەدىس: مۇسۇلماننى تىللىماسلىق توغرىسىدا

**سِبَابُ الْمُسْلِمِ فُسُوقٌ وَقِتَالُهُ كُفْرٌ**. (صحيح البخاري)

مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىق، (ناھەق) ئۆلتۈرۈش كۇپۇرلۇقتۇر.

مەزكۇر ھەدىس شەرىپكە كۆرە، بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنىڭ نام ــ ئابرۇيىنى ھۆرمەتلىشى ۋە ئىناۋىتىنى ساقلىشى تولىمۇ زۆرۈر. ئەكسىچە بولغاندا، ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇشتىن چىقىپ كەتكەنلىكتىن «پاسىق» بولۇپ كېتىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولۇشى توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا ناھايىتى كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، ئۆز دىنداشلىرىدىن مۇسۇلمانلاردەك جەۋرى جاپا كۆرگەن بىر مىللەتنىڭ بارلىقى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس. ئىسلام تارىخلىرى باشتىن ـ ئاخىر مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى تۆكۈلگەن قانلىق ۋەقەلەر بىلەن تولغان بولۇپ، قان تۆككۈچىلەرمۇ ئۆز دىنداشلىرى بولغان مۇسۇلمانلار ئىدى.

ئىسلام تارىخىدا خۇلەفائى راشىدىن (ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى...) دىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەن مۇستەبىت خەلىپىلەر، مەغرۇر پادىشاھلارغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ جانلىرى، قانلىرى، ئابرۇي ـ نومۇسلىرى، ئائىلىلىرى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرى بىلەن قىلچىمۇ ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى. يەنى بۇلار شەرىئەت بويىچە ئىش تۇتماي، ئۆز ئىرادىسىگە كۆرە دۆلەتنى ئىدارە قىلدى.

# 148 ـ ھەدىس: ئاللاھ تائالا سايىسى ئاستىغا ئالىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشى

**سَبْعَةٌ يُظِلُّهُمْ اللَّهُ فِي ظِلِّهِ يَوْمَ لَا ظِلَّ إِلَّا ظِلُّهُ الْإِمَامُ الْعَادِلُ وَشَابٌّ نَشَأَ فِي عِبَادَةِ رَبِّهِ وَرَجُلٌ قَلْبُهُ مُعَلَّقٌ فِي الْمَسَاجِدِ وَرَجُلَانِ تَحَابَّا فِي اللَّهِ اجْتَمَعَا عَلَيْهِ وَتَفَرَّقَا عَلَيْهِ وَرَجُلٌ طَلَبَتْهُ امْرَأَةٌ ذَاتُ مَنْصِبٍ وَجَمَالٍ فَقَالَ إِنِّي أَخَافُ اللَّهَ وَرَجُلٌ تَصَدَّقَ أَخْفَى حَتَّى لَا تَعْلَمَ شِمَالُهُ مَا تُنْفِقُ يَمِينُهُ وَرَجُلٌ ذَكَرَ اللَّهَ خَالِيًا فَفَاضَتْ عَيْنَاهُ.** (صحيح البخاري)

يەتتە تۈرلۈك كىشىنى ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۆز (رەھمىتى) سايىسىدىن باشقا كىرىۋالىدىغان سايە يوق ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ رەھمەت سايىسى ئاستىغا ئالىدۇ. بىرىنچىسى، ئادىل ئىمام (ئادالەتلىك ئىسلام ھۆكۈمىتى باشلىقى)؛ ئىككىنچىسى، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان ياش؛ ئۈچىنچىسى، مەسجىدتىن چىققاندىن كېيىن، يەنە مەسجىدكە بېرىشنى ئويلاپ يۈرگۈچى (جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشى)؛ تۆتىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن (دىن ئۈچۈن بىرلىكتە ئىشلەش نىيىتى بىلەن) دوست بولۇشقانلار، ئۆمۈرلۈك دوست بولۇشقانلار؛ بەشىنچىسى، چىرايلىق ۋە يۇقىرى تەبىقىلىك بىر ئايال بۇزۇق نىيەت بىلەن قېشىغا چاقىرغاندا: «مەن ئاللاھ تائالادىن قورقىمەن» دەپ ئايالنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان كىشى؛ ئالتىنچىسى، يوشۇرۇن ھالدا سەدىقە بەرگەن، ھەتتا ئوڭ قولى بەرگەن سەدىقىنى سول قولى بىلەلمەيدىغان كىشى؛ يەتتىنچىسى، ئاللاھ تائالانى ھېچكىم يوق يەردە ئەسلەپ، كۆزىدىن ياش ئاققۇزغان كىشى.

رەسۇلۇللاھنىڭ مەزكۇر ھەدىسى مۇشۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ خۇشخەۋەر بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن كىشىلەر مۇشۇ خۇشخەۋەر ۋە ۋەدىلەرگە ھەقلىق كىشىلەردۇر. چۈنكى ئىنسانلار ھەممىسى بىر گەۋدە ۋە ھەر بىر كىشى شۇ گەۋدىنىڭ بىر پارچىسىدەك بولغاچقا، يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولغان نەرسىلەردىن ۋە تەبىئەت نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىشى ۋە زىيانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىش جەھەتتە ھەممىسى ئوخشاش ھەق ـ ھوقۇقتا ئىگە. شۇڭا شەھەرلىك ۋە يېزىلىقلار، چۆل ـ جىلغىلاردا يۈرگۈچىلەر، پادىچىلار بۇ جەھەتتىن باراۋەر بولۇپ، ئوخشاش ھوقۇقتا ئىگە بولىدۇ. پادىشاھ ئادىل بولسا، بۇ قائىدىنى چۈشەنگەن ۋە خەلققە قارىتا شۇنى ھەرىكەت دەستۇرى قىلىپ تۇتقان بولىدۇ. خەلق ئارىسىدا مۇشۇنداق باراۋەرلىكنى قوللاش، پايدا ـ زىياننى ئوخشاش كۆرۈشنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى ۋە مۇشۇنداق قىلغۇچىنىڭ ناھايىتى ھۆرمەتلىنىشكە ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ھەركىم پەرق ئېتەلەيدۇ.

ئادەمنىڭ ياش ۋاقتىدىكىدەك ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچى تولۇق ۋە ھەر تۈرلۈك ئارزۇ مەقسەتلەرنى ھاسىل قىلىشقا شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغان بىر پەيتتە، ياش كىشىنىڭ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىشى بولسا، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى تونىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

ئىبادەت بىلەن كۈننى ئۆتكۈزىدىغان كىشى بۇزۇق ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ.

بىر كىشىنىڭ كۆڭلىنى داۋاملىق ئىبادەت تەرەپكە بۇراپ تۇرۇشى، شۇ ئادەمنىڭ پاكلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئۆز ئارا دوست بولۇش ئىتتىپاقلىق ۋە ئۈلپەتچىلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ ئۈچۈن دوست بولۇشقانلار ئىتتىپاق ۋە ئۈلپەتنىڭ ئۈلىنى قۇرغۇچىلار بولىدۇ.

چىرايلىق ئايالنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماسلىق بولسا، گۇناھنىڭ زىيىنىنى چۈشەنگەنلىك، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا خىلاپ ئىشتىن ساقلىنىشنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى بىلگەنلىك ۋە ئاللاھ تائالادىن قورققانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

يوشۇرۇن سەدىقە بېرىش بولسا، پۈتۈن ئۈمىدنى ئاللاھ تائالاغا باغلىغانلىقنىڭ، سەدىقىنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ تائالادىنلا كۈتۈشنى ھەر نەرسىدىن يۇقىرى ھەم ئالدىنقى ئورۇندا تۇتقانلىقنىڭ دەلىلىدۇر.

خالىي يەردە ئاللاھ تائالانى يادىغا كەلتۈرۈپ يىغلاش بولسا، قەلبى يۇمشاقلىقنىڭ، ئىخلاس بىلەن بەندىچىلىك قىلغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەزىلەتلەرگە قارىغاندا، بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن كىشىلەرنىڭ ھەر قايسىسى ئاللاھ تائالا ئالدىدا چوڭ ھۆرمەتكە ھەقلىق ۋە لايىق كىشىلەردۇر.

بۇ ھەدىستە ئېيتىلغانلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭمۇ قىيامەت كۈنى «ئەرش» نىڭ سايىسىدا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەر بار.

قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن رەھمەت ياكى ئەرشنىڭ سايىسىگە كىرىۋېلىشنىڭ قانداقلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنىڭ قىلچىمۇ ھاجىتى يوق. قۇرئاندا سۆزلەنگەن ‹ئەرش› ۋە ‹كۇرسى› دېگەنلەرنىڭ ھەقىقىتى ۋە قانداق ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم ئەمەس. بۇنىڭغا ئارىستوتىلنىڭ (بۇرۇنقى يۇنان پەيلاسوپى) قاراشلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن پەخرىددىن رازى ۋە باشقىلارنىڭ سۆزلىرى دەلىل بولالمايدۇ. ھەدىس شەرىپتە: «سايىدا بولىدۇ ياكى ئەرشنىڭ سايىسىدە بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بىز ئۇنى سۈرۈشتۈرمەيمىز ھەم ئەقلىمىزمۇ يەتمەيدۇ. ھازىرقى ئالىملار قۇرئاندا قەيت قىلىنغان ئەرش توغرىسىدا: «قۇياش ھەممە ئالەمنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتىدە تۆرلۈك توك، ماگنىت قۇۋۋەتلەر بار، شۇ قۇۋۋەت بىلەن پۈتۈن قۇياش ئالەمنى (كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە زېمىنلارنى) ئۆز ئەتراپىدا ئايلاندۇرىدۇ. ھەر بىر ئالەمنى بىر خىل ھالەتتە (يىراق ياكى يېقىن قىلماي) تۇتىدۇ» دېگەندەك قاراشلار ۋە تەخمىنلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئارىستوتىل نەزەرىيىسىگە كۆرە، بۇ خىل قاراش ۋە تەخمىن ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر. ھەقىقىتى ئەھۋال ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا مەلۇمدۇر.

**﴿وَمَا أُوتِيتُمْ مِنْ الْعِلْمِ إِلَّا قَلِيلًا﴾** يەنى «ئىنسانلارغا ناھايىتى ئاز ئىلىم بېرىلگەن.»

# 149 ـ ھەدىس: دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خاتىرجەملىكىنى تىلەشنىڭ پەزىلىتى

**أَنَّ رَجُلًا جَاءَ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ يَا رسول الله أَيُّ الدُّعَاءِ أَفْضَلُ قَالَ سَلْ رَبَّكَ الْعَافِيَةَ وَالْمُعَافَاةَ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ ثُمَّ أَتَاهُ فِي الْيَوْمِ الثَّانِي فَقَالَ يَا رسول الله أَيُّ الدُّعَاءِ أَفْضَلُ فَقَالَ لَهُ مِثْلَ ذَلِكَ ثُمَّ أَتَاهُ فِي الْيَوْمِ الثَّالِثِ فَقَالَ لَهُ مِثْلَ ذَلِكَ قَالَ فَإِذَا أُعْطِيتَ الْعَافِيَةَ فِي الدُّنْيَا وَأُعْطِيتَهَا فِي الْآخِرَةِ فَقَدْ أَفْلَحْتَ.** (سنن الترمذي)

بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ قىشىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ‹قايسى دۇئا ئەڭ ئەۋزەل؟› دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: ‹پەرۋەردىگارىڭدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خاتىرجەملىكىنى ۋە ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشىنى تىلىگىن!› دېدى. ئۇ كىشى ئىككىنچى كۈنى كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ‹قايسى دۇئا ئەڭ ئەۋزەل؟› دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يۇقىرىقى جاۋابنى بەردى. ئۇ كىشى ئۈچىنچى كۈنى يەنە كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ‹قايسى دۇئا ئەڭ ئەۋزەل؟› دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يۇقىرىقى جاۋابنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن: ‹ئەگەر دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىقعا مۇشەررەپ بولغان بولساڭ، شۇنىڭ ئۆزى مەقسىتىڭگە يەتكەنلىك بولىدۇ.ـ دېدى.

رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى «قانداق دۇئا ئەۋزەل؟» دەپ سورىغان بىر ساھابىگە دېگەن ئىدى. دۇنيادا سالامەتلىكتەك ئۇلۇغ نېمەت بولمىسا كېرەك؟ بۇنى ھەركىم تولۇق چۈشىنىپ يېتىشى تولىمۇ زۆرۈر. بىراق، ئامانلىقتىن باشقا نېمەت ئومۇمىي بولمايدۇ. بىر كىشىگە نىسبەتەن نېمەت بولغان نەرسە يەنە بىر كىشىگە نىسبەتەن نېمەت سانالماسلىقى مۇمكىن. پېقىر كىشىدىن: «ئۆزۈڭنى قاچان بەختلىك ھېسابلايسەن؟» دەپ سورالسا، ھېچ شەك ـ شۈبھىسىزكى «ئۆزۈمگە يېتەرلىك پۇلۇم بولغان كۈندە» دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن ياۋروپا پادىشاھلىرى ئەڭ بەختلىك كىشىلەردۇر، دېگەن چۈشەنچە تۇغۇلۇشى تۇرغانلا گەپ. ھالبۇكى ياۋروپادىكى ئەڭ باي ۋە چوڭ پادىشاھلاردىن بىرى خاتىرە دەپتىرىگە ئۆز قولى بىلەن مۇنداق يازغانىكەن: «ئادا قىلىشىم كېرەك بولغان رەسمىي خىزمىتىم بولمىغان بولسا، خەلق مېنى ھۆكۈمدار، دەپ چوڭ بىلمىسە، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا ئادەتتىكى بىر كىشى قاتارىدا بېرىپ ـ كېلىپ يۈرسەم، قەيەرگە بېرىپ، قەيەردىن كەلگەنلىكىمنى گېزىتلەرگە يازمىسا، ۋاقتىم كۆپ بولسا، راھەتلىنىپ ھېكايە كىتابلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرسام، ئايالىم ۋە باللىرىم يېنىمدا تىزىلىپ ئولتۇرسا، ئۇلار بىلەن ئوينىشىپ، كۈلۈشۈپ سۆزلەشسەم، ئاندىن ئۆزۈمنى بەختلىك كىشى دەپ ھېسابلايتتىم».

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللار نۇرغۇن كىشىلەردە بولىدۇ، ئۇلار ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىمايدۇ ياكى ئۆزىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرمەيدۇ. ھەتتا باشقىلار ئۇ كىشىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى سەمىگە سېلىپ قويسىمۇ، ئىقرار قىلمايدۇ. ئەمما سالامەتلىك بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، خەلق سالامەتلىكنىڭ نېمەتلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىنسانغا نىسبەتەن سالامەتلىك ئەڭ چوڭ نېمەت بولۇپ، بۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتى مەلۇم بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن ئۆتۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سالامەتلىكتىن ئىبارەت بۇ نېمەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى كېسەل كېلىشتىن بۇرۇن بىلىش ۋە ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە خىلاپ ئىشلاردىن ھەر قاچان ساقلىنىش لازىم. سالامەتلىكنى ئاسراش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلماسلىق، سالامەتلىك نېمىتىدىن تانغانلىق بولىدۇ. نېمەتنى تونۇش، سالامەت بولۇش ھەققىدە ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىشتىن باشقا، ئەمەل بىلەنمۇ

داۋاملىق دۇئا قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئەمما ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە سەل قاراپ، پەقەت تىل بىلەنلا دۇئا قىلىشنىڭ ئانچە پايدىسى بولمايدۇ.

سالامەتلىكنى ئاسراش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقى ئۆلۈم ـ يېتىم قازالىرىنىڭ باشقىلارغا كۆرە ئازراق بولىدىغانلىقى تەجرىبىلەر بىلەن ئىسپاتلانغاندۇر. شۇڭا ساقلىقنى ساقلاشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پايدىسى تېۋىپنىڭ رولىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار كېسەل بولۇپ قالسا، تېۋىپقا ھاجىتى چۈشىدۇ. شۇڭا سالامەتلىكنى ئاسراشنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىنىپ، تۇرمۇشنى شۇنىڭغا ئاساسەن ئېلىپ مېڭىشى كېرەك.

مەزكۇر ھەدىستىكى «ئافىيەت» (ساغلاملىق) دېگەن سۆز ھېسسىي ۋە مەنىۋى ئاپىيەتلىك (ساغلاملىق) قا قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندا، رەسۇلۇللاھ بەدەن سالامەتلىكى بىلەن بىللە، ئاللاھ تائالادىن ئىچى يامانلىق، ئاچچىقلىنىش ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتەك مەنىۋى كېسەللەردىنمۇ سالامەت قىلىشنى تىلەشكە بۇيرۇغان.

## 150 ـ ھەدىس: ئاللاھتىن مەنپەئەتلىك ئىلىم تىلەش توغرىسىدا

سَلُوا اللَّهَ عِلْمًا نَافِعًا وَتَعَوَّذُوا بِاللَّهِ مِنْ عِلْمٍ لَا يَنْفَعُ. (سنن ابن ماجة)

جانابى ئاللاھتىن پايدىلىق ئىلىم تىلەڭلەر! ۋە پايدىسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەڭلەر (قېچىڭلار)!

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىلىمنى پايدىلىق ۋە پايدىسىز دەپ ئىككىگە ئايرىپ، بىرىنى ئـاللاھ تائـالادىن تىلەشـكە ۋە يەنە بىرىدىن ئۈزاق تۇرۇشقا بۇيرۇغان. بۇنىڭدىن ھەر دەۋردە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئۆزى ئۈچۈن قانداق ئىلىم پايدىلىق، قانداق ئىلىم پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشـى ھەم شـۇنىڭغا قـاراپ مەكـتەپ ـ مەدرىسـىلەرنىڭ تەلـىم ــ تەربىيە سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىـپ، تەڭشـەپ تۇرۇشـى، ئوقۇغۇچىلارنىـڭ ئـۆمرىنى پايدىسـىز ۋە مەنىسـىز دەرسـلەرگە ئىسـراپ قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى مـۇئەييەن بىـر دەۋردە بىـر قىسـىم دۆلەتـلەر ئۈچـۈن پايـدىلىق بولغان ئىلىم ئىككىنچى بىر دۆلەتتىكى ياكى باشقا بىر دەۋردىكى خەلـق ئۈچـۈن پايدىسـىز بولۇشـى، بەلكـى زىيـانلىق بولۇشـى مۇمكىن. مەلۇم بىر دەۋردە زىيانلىق دەپ تونۇلغان ئىلىم ئىككىنچى بىـر دەۋردە پايـدىلىق بولۇشـىمۇ مـۇمكىن. لـېكىن ئىسـلام دۇنياسىدىكى مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە مۇنداق ياخشـى ئەھـۋال بارلىققا كېلىـپ باقمـىدى، بارلىققا كەلـگەن بولسـىمۇ، بىزنـىڭ خەۋىرىمىز بولمىدى.

مۇشۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن، دەۋرىمىزدىمۇ ھەر بىر مەدرىسە ۋە مەكتەپلەردىكى دەرسلىك كىتابلىرىنىڭ پايـدىلىق ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، تەلەپكە لايىق ئورۇنداش ئۈچۈن ئىلمىي ھەيـئەت تەشـكىللەپ تۇرۇشـنىڭ تولىمـۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىر نەرسە تىلەش، بىـر نەرسـىدىن ساقلىنىشـنى تىـلەش ۋە بىـر نەرسـىنى مۇھـاپىزەت قىلىشـنى تىلەش بۇيرۇلغان بولسا، بۇلارنى بىجاندىللىق بىلەن ئورۇنداش لازىم.

رۇسـىيە مۇسـۇلمانلىرىنىڭ كونـا مەدرىسـىلىرىدە نەچـچە ۋاقىتـتىن بىـرى داۋاملىشـىپ كەلـگەن دەرسـلەرنىڭ ئىچىـدە «پايدىلىق ئىلىم» دېيىشكە يارايدىغىنى يۈزدە بىر بولۇشىمۇ ناتايىن.

أَيُّهَا الْقَوْمُ الذِى فِيْ الْمَدْرَسَةِ　　　كُلّمَا حَصَلْتُمُوهُ وَسْوَسَةً

"مەدرىستىكى سىلەردەك ئادەملەرنىڭ ئىگىلىگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسـىسـىدۇر" دېـگەن بېيـت گويا بىزنىڭ كونا مەدرىسلىرىمىزدىكى ئوقۇغۇچى ـ تالىپلارغا قارىتىپ سۆزلەنگەندەكلا قىلىدۇ.

## 151 ـ ھەدىس: ياشلار ۋە ئاياللاردىكى ئەخلاقىي ئېغىش ۋە ئۇنىڭ جاۋابكارلىقى

**اَلشَبَابُ شُعْبَةٌ مِنَ الجُنُونِ، وَالنِّسَاءُ حَبَالَةُ الشَيْطَانِ.** (كشف الخفاء)

ياشلار ساراڭلىقتىن بىر پۇتاقتۇر، ئاياللار شەيتاننىڭ ئارغامچىلىرىدۇر.

ياشلىق ساراڭلىقنىڭ بىر تارمىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى چاغلاردا ياشلارنىڭ خاتالىقىنىڭ ئۆزرىسى تېپىلىشى مۇمكىن، ئەمما قېرىلارنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاياللارنى شەيتاننىڭ ئارغامچىسى دېگەنلىك، شەيتان ئۆزى بىۋاسىتە ئازدۇرالمىغان كىشىنى ئاياللار ئارقىلىق ئازدۇرىدىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر.

ئاياللارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى، ۋاپاسىزلىقىنى، ئىشەنچىلىك ۋە ۋاپادارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەر جەمئىيەتتە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتىكى ھېكايىلەر كونا ـ يېڭى كىتابلاردا، گېزىت ـ ژۇرناللاردا، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە يات مىللەتلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ناھايىتى ياخشى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئاياللاردىن زارلىنىشنى ئادەت قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇلار روسىيەدە ھۆررىيەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ياشلار ۋە ئاياللار ناچار ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالدى، دەپ قارىشىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرنى، بولۇپمۇ ئىسلام دىيارلىرىنى «پەرىشتىلەر دۇنياسى» دەپ خىيال قىلىپ يۈرەتتى. بىلمىسىز ۋە ھۆررىيەت دەۋرىدىن بۇرۇنقى تارىخنى ياخشى بىلمىگەچكە، ئەلۋەتتە بۇلار ئۆزلىرىنى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتە دۇنيا بۇگۈن قانداق بولسا، ھۆررىيەت ئېلانىدىن بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى. ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلارمۇ بۈگۈنكى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىدىن بەختلىك ئەمەس ئىدى. ئۆز دەۋرىدە مىسىر ئۆلىمالىرىنىڭ ئىچىدە كۈچلۈك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ھەنەفىيلەرنىڭ قازىلىرىدىن بەدرىددىن مەھمۇد ئىبنى ئەھمەد ئەلئەينى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ «**لو ادرك رسول الله صلى الله عليه وسلم ما احدث النساء لمنعهن المسجد**» دېگەن سۆزىنىڭ شەرھىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئەگەر ھەزرىتى ئائىشە بىزنىڭ زامانىمىزنىڭ ئاياللىرى پەيدا قىلغان بىدئەتلەرنى، شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى كۆرگەن بولسا ئىدى، ئاياللارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسۇش ئۈچۈن كۆپلەپ كۈچ چىقارغان بولار ئىدى. بولۇپمۇ، مىسىرنىڭ مۇسۇلمان ئاياللىرى بەكرەك بۇزۇلۇپ كەتتى. بۇلار تېشىغا ئالتۇن، ئۈنچە قادالغان يىپەك كىيىملەرنى كىيىشىدۇ. دوپپا ۋە رومالLIرى ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە، ياقۇتلار بىلەن توقۇلغان يىپەك نەرسىلەردۇر. كۆڭلەكلىرىنىڭ يېڭى ناھايىتى كەڭ، ئېتىكى ئىككى ـ ئۈچ غېرىچ يەردە سۆرىلىپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرا ھال كۆڭلەك تىكىلسە، بىر كۆڭلەكلىك رەختتە ئۈچ كۆڭلەك تىكىلىدۇ. قىممەت پۇللۇق كىيىم كىيىشىپ، خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى چېچىشىپ، ئەرلەر بىلەن قولتۇقلىشىپ ھاۋا يەپ بازارلاردا يۈرىشىدۇ. كۆپىنچىلىرىنىڭ يۈزلىرى ئوچۇق بولىدۇ. ئېشەككە مىنسە، يەڭلىرى ئىككى تەرىپىدىن ساڭگىلاپ، يەردە سۆرىلىپ تۇرىدۇ. ئەرلەر بىلەن نىل دەرياسى بويىغا سەيلىگە چىقىشىدۇ. ئەرلەر قېشىدا تۇۋۋلاپ ناخشا ئېيتىدۇ، ئاياللار بارغانسېرى ئەرلەرنىڭ بوينىغا مىنىپ، ئەرلەرنى ئۆزلىرى خالىغانچە ئىشلىتىدىغان دەرىجىگە يەتتى. بەزى ئاياللار ھارام نەرسىلەرنى ساتىدۇ، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدا دەللال (تېپىشتۇرغۇچى) لىق قىلىدۇ، رەستىلەردە ئەرلەرنى قىسماققا چۈشۈرۈپ يۈرىدۇ. بەزى ئاياللار رەمباللىق ـ ئەپسۇن شەكلى بىلەن تۇمار قىلىپ بېرىپ خەلقنى گوللايدۇ. سېھىرگەرلىك ۋە جادۇگەرلىك قىلىدۇ.

دۇكانلاردا ئولتۇرۇپ سودا ـ سېتىق قىلىدۇ. ئاياللار ئارىسىدا پۇلغا سېتىلىپ ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلار، غەزەل ـ ناخشا ئوقۇغۇچىلارمۇ بار. بۇلارنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ قىلمىشلىرىنى دەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ سۆزى ناھايىتى توغرا بولۇپ، ئائىشەنىڭ بۇ سۆزنى دېگەن ۋاقتى بىلەن رەسۇلۇللاھ ياشىغان دەۋرنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئەمما بىز ياشاۋاتقان دەۋرىمىز بىلەن ھەزرىتى ئائىشە ياشىغان دەۋر ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت بار.

يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى بايان قىلغان ئەلئەينى ھەزرەتلىرى ھىجرىيەنىڭ 855 ـ يىلى (مىلادىي 1451) زۇلھەججە ئېيىدا مىسىردا ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن، ھىجرىيەنىڭ 1323ـ يىلى (مىلادىيە 1905ـ يىلى) دىن كېيىنكى ئەھۋال توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى مۇندىن بەش يۈز يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋال ھەققىدە توختالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇسىيە مۇسۇلمان ئاياللىرى ھەققىدە توختالماستىن، بەلكى ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان مىسىردا، دىن ئالىملىرىنىڭ يېنىدا ياشايدىغان ئاياللارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە توختالغان. بىزنىڭ پېقىر مەھەللىلىرىمىزنىڭ مولللىرى ۋە مۇئەززىنلىرى مەھەللىسىدىكى مۇسۇلمان باللىرىنى ئۆيىگە يىغىپ ئىسلامنىڭ قائىدىلىرىنى ۋە ئەدەبلىرىنى ئۆگىتىشكە تىرىشتى. يىگىرمە، يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى دىنىي تەلىم ـــ تەربىيە خىزمىتىنى مەرىپەتپەرۋەر ئەر ـ ئاياللار ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى. قولىدىن كېلىشىچە زېمىنىسىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ كەلگەنلىكلىرى ئۈچۈن، بۇ ئىلىم ئەھلىلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، دۇئا قىلىش قەرزىمىزدۇر. ئەمما ئەلئەينىنىڭ زامانىسىدا، مىسىردا ناھايىتى ئابرۇيلۇق ۋە گېپى ئۆتىدىغان ئالىملار كۆپ بولغاندەك، بۇ ئالىملارنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيىلىرىنى مەسلىھەت كۆرسىتىشنى چىن دىلىدىن خالايدىغان پادىشاھلارمۇ بار ئىدى. ئەگەر شۇ نوپۇزلۇق ئالىملار تەرىپىدىن بىر ئىشارەت بولسا ئىدى، بۇ پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر، كۆچىدىن قالغان قېرى ئەرلەر، قېرى ئاياللارنىڭ قالغان ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشلىرى ئۈچۈن ساناتورىيەلەر، قىز باللارنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن مەكتەپ، تۇل ئاياللارغا ھۈنەر ـ سەنئەت ئۆگىتىش ئۈچۈن كارخانا، يېتىم باللارنى بېقىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن، يېتىم ـــ يېسىرلار ئورنى قۇرۇپ چىققان بولاتتى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئاممىۋى ئورۇنلار بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنىلا ئەمەس، ھەتتا چوڭ شەھەرلەرنىمۇ تولدۇرۇۋېتەتتى. كىتابخانىمىزدا، ئاياللارنىڭ ناشايان قىلمىشلىرىنى ۋە ئىنساپسىزلىقلىرىنى كۆرۈپ تۇرغان بۇ ئابرۇيلۇق ئالىملارنىڭ بۇنداق ئاياللارنى ئىنساپقا كەلتۈرىدىغان ئەدەب ـ ئەخلاقلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ كۆرگەنلىكىگە دائىر بىرمۇ كىتاب يوق. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھەقتە ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق.

رۇسىيەنىڭ ناھايىتى كۆپ شەھەرلىرىدە چوڭ خاتالىقلارنى سادىر قىلغان ۋە گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن باللارنى تەربىيەلەيدىغان ئورۇنلار ۋە مەكتەپلەر بار بولۇپ، شۇ مەكتەپلەردە تەربىيەلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى يېقىندىن تونۇيدىغان بىرى، ئۇ باللارنىڭ ئوقۇش جەريانىدا ئەدەب ـ ئىنساپ ئۆگەنگەنلىكىنى ۋە بۇرۇنقى قىلمىشلىرى يادىغا كەلسە، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ۋىجدانى ئازابلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

ياخشى تەربىيەلەنگەندە ئەلئەينى ھەزرەتلىرى زارلانغان ئاياللارنىمۇ بىر ئاز ئىنساپقا قايتىپ كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

ئەلئەينى ھەزرەتلىرىنىڭ 11 توم، 10844 بەت قىلىپ بېسىلغان كىتابىدا، ئاياللار مەسجىدكە بارغىنىدا ياكى جامائەتكە قوشۇلغىنىدا پىتنە كېلىپ چىقىدىغانلىقى (ئاياللارنىڭ خاتالىق سادىر قىلىشتىن قورقۇنچىسى) غا دائىر مەلۇماتلارنى ئىنتايىن كۆپ ئۇچرىتىمىز. بىراق، ئەرلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىقىدىن شىكايەت قىلغانلىقىغا دائىر سۆز ياكى جۈملىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بۇنى ئوقۇغان كىشىنىڭ كاللىسىدا تەبىئىي ھالدا «ئۇ دەۋردىكى ئەرلەردە كەمچىلىك يوقمىدۇ؟» دېگەن سوئال پەيدا بولىدۇ.

ئەلئەينى زامانىسىدىن ئىككى يۈز يىل بۇرۇن مەككىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقەنى ئىبنى جۇبەير ئەلكەنانىدىن نەقىل قىلىش ئارقىلىق مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تىرىشايلى. ئىبنى جۇبەير ھىجرىيە 578ـ يىلى مەككە مۇكەررەمەدە ئۆزى كۆرگەن بىر ئەھۋالنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«يەمەن ئاھالىسىدىن ‹سىرات› دېگەن بىر قەبىلە خەلقى رەجەپ ئېيىدا ئۆمرە قىلىش مەقسىتى بىلەن مەككىگە كەلگەن ئىدى. ئەرەب مىللىتىدىن بولغان بۇ خەلق پاساھەتلىك ئەدەبىي تىلدا سۆزلىشەتتى. تەن ـ قۇرۇلمىلىرى ساغلام ئىدى، ئەمما ئۇلاردا بىلىمدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ئاقكۆڭۈل كىشىلەر بولۇپ، باشقىلارغا يامانلىق قىلمايتتى. يەنى ياخشى نىيەتتىن باشقا ياخشى ئىشلىرى يوق ئىدى (ئەمەلىيەتتە ياخشى ئىش قىلىشنى بىلمەيتتى). مەككىگە كىرگەندە كەبىنى قورشىۋېلىپ، كەبىنىڭ يوپۇقىغا ئېسىلىپ يوپۇقنى پۇتۇنلەي يىرتىۋەتتى. ئۇنلۇك توۋلاپ دۇئا قىلىشتى. سىرتتىكىلەر ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىلار بۇلارغا قوشۇلۇپ دۇئا قىلىشتى. بۇلار بار يەردە ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ قېشىغا بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كەبىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىش بىلەن تەڭلا ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئىچىگە قىستىلىشىپ كىرىۋېلىشتى. ئۇلار نامازنى كەبىگە قاراپ سەجدە قىلىپلا ئۇقۇيتتى، رۇكۇ قىلمايتتى. سەجدىلىرىمۇ خۇددى خوراز دان چوقۇغاندەكلا ئىدى، بەزىسى بىر سەجدە بەزىسى ئۈچ سەجدە بىلەنلا بولدى قىلاتتى. ناماز ئىچىدە تۇرۇپ خالىغىنىچە سۆزلىشىپ، ئۇياق ــ بۇياققا قارىشاتتى. سالام ۋە ئەتتەھىيياتۇمۇ يوق ئىدى».

ئىبنى جۇبەير بايان قىلغان بۇ خىلدىكى نۇقسانلىق ياكى كەمچىلىك ناماز ئوقۇشنىمۇ قائىدىسى بىلەن ئادا قىلمىغان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ كەمچىلىكى ئەمەسمۇ؟ ئەلئەينى زامانىسىدىكى مىسىر ئاياللىرىدا بولغان كەمچىلىككە قارىغاندا كىچىكمۇ ياكى چوڭمۇ؟ بۇ نۇقسانلىق ياكى كەمچىلىككە كىملەر جاۋابكار؟

ئاياللارنى ماختايدىغان ۋە سۆكىدىغان گەپلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلارغا قاراپ ئومۇملاشتۇرۇپ باھا بېرىش ياكى ھۆكۈم قىلىش قىيىنغا توختايدۇ. ئەرلەرنىڭمۇ ياخشىلىرى ۋە ناچارلىرى بولغاندەك، ئاياللارنىڭمۇ ناچارلىرى ۋە ياخشىلىرى بولىدۇ. لېكىن ئاياللاردا خىيانەت قىلىش ۋە گوللاشتەك ناچار قىلمىشلار ئەرلەرگە قارىغاندا كۆپرەك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. بىراق بۇ ناچار قىلمىشلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئاياللاردىنمۇ بەكرەك ئەرلەردىن ئىزدەش كېرەك. چۈنكى ئاياللارنى تەربىيەلەش ۋە توغرا يولغا يېتەكلەش ئەرلەرنىڭ قەرزى بولغانلىقتىن شۇ قەرز ئۆبدان ئادا قىلىنغان، تېگىشلىك تەدبىر ئېلىنغان تەقدىردە ئاياللارنىڭمۇ ياخشى ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك يېتىشىپ چىقىشى تۇرغانلا گەپ. بۇ، تەربىيەگە باغلىق بولىدۇ. پەرۋىش قىلىنمىغان مېۋىلىك دەرەختىن ياخشى مېۋە چىقمىغىنىدەك، ياخشى تەربىيە بېرىلمىگەن ئايال ئىچىدىنمۇ پەزىلەتلىك ۋە ئىنساپلىق ئاياللارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىشقا، كۈتۈشكە نېمە ھەققىمىز بار؟

بۇ ھەقتە بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دەيدۇ:

| | |
|---|---|
| **حسب المرأة قوم أفة** | **من يدانيها من الناس هلك** |
| **ورآها غيرهم أمينة** | **فاز بالنئمة من ملك** |
| **إنما المرأة مرآة بها** | **كل ما تنظره منك ولك** |
| **فهي شيطان إذا أفسدتها** | **وإذا أصلحتها فهي ملك** |

ئايال كىشىنى ياخشى تەربىيەلىمىسەڭ، شەيتاننىڭ ئۆزىلا بولىدۇ. ئەگەر ئايال كىشى ياخشى تەربىيەلەنسە، پەرىشتە بولىدۇ. ئايال كىشىگە كايىما! سەۋەبىنى ئۆزۈڭدىن ئىزدە! ھەدىس شەرىپىنىڭ زاھىرى (كۆرۈلگەن قىسمى) خەۋەر بېرىش

بولسمۇ، مەقستى ئايالالرنى شەيتاننىڭ ئارغامچىسى قىلىپ قويۇشتىن (دىنى ئىلىمسىز، تەربىيەسىز قالدۇرۇشتىن) توسۇش بولسا كېرەك.

# 152 ـ ھەدىس: ناچار موللىلارنىڭ بالايى ـ ئاپەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

شِرَارُ النَّاسِ شِرَارُ العُلَمَاءِ فِيْ النَّاسِ. (الجامع الصغير)

ئادەملەرنىڭ ناچارلىرى خەلق ئارىسىدىكى ئۇسال ئالىملاردۇر.

ئادەملەرنىڭ ئۇساللىرى ئىلىمنىڭ روھىغا ئاساسەن ئىش تۇتمىغان خىيانەتكار ئالىملاردۇر. چۈنكى خىيانەتكار ئالىم (موللا) لار بىلىپ تۇرۇپ گۇناھ قىلىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ گۇناھ قىلغۇچىلار، بىلمەي تۇرۇپ گۇناھ قىلغۇچىلاردىن قەبىھرەكتۇر.

مەزكۇر ھەدىسكە كۆرە، خىيانەتكار ئالىملار تۆۋەندىكى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەردۇر:

1ـ ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغۇچىلار.

2ـ ئىلىمنى يامان ئىشلارغا ئىشلەتكەنلەر ۋە دۇنيالىق مەقسەتلىرىگە دەسمى قىلغۇچىلار.

3ـ ئالىملار ئارىسىدا ماختىنىش، نادانلارنى بەس ـ مۇنازىرىدە يېڭىش، ئولتۇرۇشلاردا تۆرنى ئىگىلەپ باش بولۇش ۋە خەلقنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر.

4ـ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر.

5ـ رىيا قىلغۇچى (كىشىلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن ئىلمىي گەپلەرنى، ئىشلارنى قىلغۇچى) لار ۋە مۇناپىقلار.

6ـ باشقىلارنىڭ ئىلمىگە ھەسەت قىلغۇچىلار، سۇيىقەست قىلغۇچىلار.

7ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىغا ۋە ئېتىقادىغا باھا بېرىپ، ئۆزى بىلگىنىچە ھۆكۈم قىلغۇچىلار.

8ـ ئىلىمنى، ئالىم كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىغۇچىلار.

9ـ ئىلىم ئۆگىتىشكە، چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك ئېھتىياجلىق كىشىلەر بار تۇرۇپ، ئىلىمنى يوشۇرۇپ يۈرگۈچىلەر.

10ـ بىلگەن ئىلىمنى يوقاتقۇچىلار.

11ـ ئۆزىنىڭ ئالىملىقىدىن پەخىرلىنىپ غادىيىپ يۈرگۈچىلەر.

12ـ كىشىلەرنى ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇپ تۇرۇپ، ئۆزى ئەمەل قىلمىغۇچىلار.

13ـ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى، قالايمىقان ئىشلار ۋە خۇراپاتلىقنى دىنىنىڭ ئەھكاملىرىدىن كۆرسىتىپ يۈرگۈچىلەر ۋە دىنىنى بۇرمىلىغۇچىلار.

14ـ دەرۋىشلەرنىڭ زاھىدلىق كىيىمىنى كىيىپ، تاشقى ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇپ، كىشىلەردىن بەد گۇمان قىلىش، غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇشتەك يامان ئەخلاقلارنى ئۆزىگە ئادەت قىلغۇچىلار.

خىيانەتكار ئالىملاردىن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئىلىمنى پۇل تېپىشنىڭ، مەنسەپكە ئېرىششىنىڭ قورالى قىلىۋالماسلىق ۋە مۇسۇلمانلارغا خائىنلىق ۋە زىيانكەشلىك قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. مۇشۇنداق قىلالىغاندا ھەقىقى ئالىم بولغىلى بولىدۇ.

**وهل أفسد الدين إلا الملوك　　　وأحبار سوء ورهبانها**

«ئىسلام دىنىغا پادىشاھلاردىن، خىيانەتكار مولىلاردىن ۋە بىلىمسىز ناداندىن باشقىسى زىيانكەشلىك قىلمىدى.»

ئەھمەد بەگ ئاغا: «مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنى ئاساسەن ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، ئالىملار ۋە ئەدىبلەر قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەر كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بولسا، خەلقىقە توغرا، ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈشنىڭ ۋە خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، ناھەقچىلىك قىلىش ۋە راھەتلىنىپ بىكار يۈرۈشنى، ئالىملار بولسا، ئاللاھ تائالادىن كەلگەن بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئورنىغا خۇراپات (تېگى يوق يالغان گەپ) لەرنى ۋە سەپسەتىلەرنى ئارىلاشتۇرۇشنى، ئەدىبلەر بولسا، تەسىرلىك، ئەھمىيىتى چوڭقۇر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ ئورنىغا، مەنىسىز، پەسكەش ھېكايە ۋە قوشاقلارنى يېزىشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىشىپ، خەلقنى زۇلۇمغا، بىلىمسىزلىككە ۋە پەس ئەخلاقلارغا مايىل قىلىپ قويدى» دەيدۇ.

بۇلار ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان: **عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قَالَ سَمِعْتُ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنَّ اللَّهَ لَا يَقْبِضُ الْعِلْمَ انْتِزَاعًا يَنْتَزِعُهُ مِنْ الْعِبَادِ وَلَكِنْ يَقْبِضُ الْعِلْمَ بِقَبْضِ الْعُلَمَاءِ حَتَّى إِذَا لَمْ يُبْقِ عَالِمًا اتَّخَذَ النَّاسُ رُءُوسًا جُهَّالًا فَسُئِلُوا فَأَفْتَوْا بِغَيْرِ عِلْمٍ فَضَلُّوا وَأَضَلُّوا**. (صحيح البخاري) دېگەن ھەدىستە كۆرسىتىلگەن نادان، لاياقەتسىز، خىيانەتكار موللىلار قاتارىغا كىرسە كېرەك. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىلدىكى باشلىقلار ئالىم بولمىسىمۇ، بىراق ئاۋام ئۇلارنى ئالىمدەك بىلىدۇ. بۇلار ھالال ـ ھارام توغرىسىدا خەلقىقە يول كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەزمۇنى: «ئاللاھ تائالا ئىلىمنى بىراقلا بەندىلەرنىڭ دىلىدىن سۇغۇرۇپ ئالمايدۇ. بەلكى ئالىملارنى ۋاپات قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ. ھەقىقي ئالىملار قالمىغاندىن كېيىن، خەلق بىلىمسىز ئادەملەرنى ئۆزىگە باشلىق سايلاپ، ئۇلاردىن شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى سورىشىدۇ. ئۇلار قارىسىغا جاۋاب بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىمۇ ئىسلام يولىدىن ئازىدۇ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ.

# 153 ـ ھەدىس: بېخىللىق يامان ئادەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**شَرُّ مَا فِي رَجُلٍ شُحٌّ هَالِعٌ وَجُبْنٌ خَالِعٌ.** (سنن أبي داود)

ئادەملەردە بولىدىغان ئەڭ يامان ئادەت، مېلى تۈگەپ قېلىشتىن قورقۇپ بېخىللىق قىلىش ۋە ئادەتتىن تاشقىرى قورقۇنچاقلىق.

بۇ خىل خۇلۇقلارنىڭ ناچار ئەخلاق ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈرۈشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق بولۇپ، بۇنى ھەرقانداق كىشى ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن بىلەلەيدۇ. بېخىللار خىلمۇ خىل بولۇپ، بىر قىسىم بېخىللار مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ياخشى ئىشلار ئۈچۈن سەدىقە ۋە ياردەم قىلىشقا بېخىللىق قىلىدۇ. لېكىن ئۆزىگە كەلگەندە، پۇلنى قەتئىي ئايىمايدۇ. يەنە بىر قىسىم بېخىللار بولسا، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ پۇل خەجلىمەيدۇ. بۇلارنىڭ كېچە ــ كۈندۈز ئويلايدىغىنى مال ــ دۇنيا يىغىش بولۇپ، قانداق قىلىپ بولمىسۇن بىرنى ئىككى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بۇ خىلدىكى بېخىللىق بىرىنچىسىگە قارىغاندا ئېغىر ۋە قەبىھ بولىدۇ. چۈنكى بىرىنچى خىلدىكى بېخىللار ھېچ بولمىغاندا ئۆزى ئۈچۈن بولسىمۇ چىقىم قىلىدۇ. ئۇ ۋاجىپ ھەقلەرنى ئادا قىلىشقا بېخىللىق قىلىدۇ. ئۇ لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋالىدۇ. نەتىجىدە سودا ــ سېتىقچىلار ئاز ــ تولا ئېلىم ــ بېرىم قىلىپ، تىجارەتنىڭ يۈرۈشىشىگە پايدىسى بولغان بولىدۇ. ئەمما ئىككىنچى خىلدىكى بېخىللار بولسا، سامان ئۈستىدە ياتقان ئاتقا ئوخشاش قىلىدىغان ئىشى مال ـ دۇنياسىنى بېسىپ يېتىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ. لېكىن مەزكۇر ھەدىس شەرىپتىكى بېخىللىقنىڭ دائىرىسىگە ھەر ئىككىسى كىرىدۇ.

ئەقىل ياكى شەرىئەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە، سۆزلەش، ھەرىكەت قىلىش ۋە نارازىلىق بىلدۈرۈش زۆرۈر بولغان يەردە ئېغىزنى يۇمۇپ جىم تۇرۇۋېلىش، دادىللىق بىلەن مەيدانىنى بىلدۈرەلمەسلىك، ھەق ــ ھوقۇقىنى قوغداشقا جۈرئەت قىلالماسلىق، مۇمكىن بولىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلماستىن قورقۇپ تۇرۇش قاتارلىقلار قورقۇنچاقلىق بولىدۇ.

بىزنىڭ قورقۇنچاق بولۇپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى، كىچىك چېغىمىزدىن باشلاپ ئەدەب ــ ئەخلاق نامى ئاستىدا قورقۇنچاقلىق پىسخىكىمىزغا سىڭدۈرۈۋېتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەدەب بىلەن قورقۇنچاقلىق ئايرىم نەرسىلەر بولۇپ، ئەدەب ئۆگىنىش ئىنسان ئۈچۈن كامىللىق بولسا، قورقۇنچاقلىق، مۇشۇ ھەدىستە ئېيتىلغاندەك ناھايىتى چوڭ ئاجىزلىقتۇر.

باللارنى قاتتىق ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلەرنىڭ قېشىغا چىقارماسلىق، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشقان يەرلىرىنى كۆرسەتمەسلىك، ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۈرمەسلىك، سۆھبەتكە قاتناشتۇرماسلىق، جىن، ئالۋاستى، ئېزىتقۇ، تەخسىرات دېگەنلەردىن قورقۇتۇش سەۋەبىدىن باللار قورقۇنچاق بولۇپ چوڭ بولىدۇ. ھېچقانداق ئىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىسى ئارقىلىق ئاشۇنداق ئادەملەرنى سۆكىدۇ.

بىر كۈنى رەستىدە ئويناۋاتقان باللار خەلىپە ئۆمەرنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ يول ياقىسىغا قاچقاندا، پەقەت ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرلا قاچماي، جىم تۇرىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ئابدۇللاھقا: «ئاداشلىرىڭ قېچىپ كەتتى، سەن نېمىشقا يالغۇز بۇ يەردە قالدىڭ؟» دەپ سورىغىنىدا، ئابدۇللاھ: «بىرەر سەۋەنلىك ياكى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىمنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، سىزدىن قېچىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم، ھەتتا يول كەڭرى بولغاچقا سىزگە تاقاشمايمەن دەپمۇ ئويلىدىم، شۇڭا قاچماي جىم تۇردۇم،

ھەممىدىن مۇھىمى سىزنىڭ ئىلتىپاتىڭىزنى كۆرۈش شەرىپىگە ئىگە بولدۇم» دەپ جاۋاب بەرگەن. (نىمىدېگەن گۈزەل جاۋاب.....!)

«قورقۇنچاقلىق» يارامسىز ئادەم بولۇشنىڭ، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈشنىڭ، ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسىدۇر. دۇنيادا ھوشيار، زېرەك ۋە بىلىملىك كىشىلەر ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. لېكىن ئەل ئۈچۈن بىرەر پايدىلىق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارمايدۇ. ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ پايدىسى تەگمەيدۇ. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ قورقۇنچاقلىقى سەۋەب بولىدۇ. دۇنيادا ياشاش ۋە پايدىلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن غەيرەتلىك بولۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ. يارامسىق بولۇش ۋە ئىتتىپاقلىقمۇ لازىم. لېكىن غەيرىتى يوق قورقۇنچاق كىشىلەر بىر ئىشقا يارىمايدۇ. يارىسىمۇ ئۆزى يالغۇز بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. دۇنيادا ئادەمدەك ياشاش ۋە ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن قابىلىيەت بىللە بولۇشى كېرەك. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرسى بولمىسا، ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ.

دۇنيانىڭ داڭلىق ئىجادچىلىرى، ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي ئىنقىلابلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىلارنىڭ ھەممىسى جاسارەت بىلەن قابىلىيەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئۇلۇغ ئادەملەردۇر.

ياۋروپالىقلار ئافرىقا ئەتراپىدىن چۆگىلىتىپ دېڭىز يولى ئاچتى، نەتىجىدە ئامېرىكا قىتئەسىنى بايقاپ چىقىپ، دېڭىزلارنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇردى، يەردە يۈگۈرۈپ، ھاۋادا ئۇچتى. ئولتۇرغان يېرىدە تۇرۇپ پۈتۈن دۇنيا بىلەن خەۋەرلىشىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ چىقتى. ئېلېكترنى ئىشقا سېلىپ تەبىئەتكە ھۆكۈمران بولدى (خام ئەشيالاردىن پايدىلاندى). ئەمما مۇسۇلمانلار نېمە ئىش قىلدى..؟ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى بولسا، يىغلىپ تاماق يېيىش، بىر ـ بىرىگە مېھمان بولۇپ يۈرۈش، ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان ماددى پاراغەت بىلەن كۈننى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق راھەت ــ پاراغەت ئىچىدە ياشاش بولدى. ئۆزىگە ھېچكىمنى تەڭ قىلمايدىغان مۇدەررىس ـ داموللىلىرى مەنىسىز ۋە باش ــ ئايىغى چىقمايدىغان بەس ــ مۇنازىرىلەرگە بېرىلىپ كېتىش، پايدىسىز شەرھ ۋە ھاشىيەلەرگە ئۆمرىنى سەرپ قىلىش، ئىلمى چەكلىك بولغان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەنقىدلەشتىن باشقىغا كۆڭۈل بۆلمىدى. بۇ دىباجىلەر، شەرھ ۋە ھاشىيىلەر نېمىگە لازىم بولىدىغاندۇ؟ دۇنيادا بۇنىڭغا توغرا جاۋاب تاپقان كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمىز. بۇ ئىشلارنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، شۇ ئىشلارنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تۈزىتىش ئۈچۈن غەيرەت ۋە سالاھىيەتنىڭ يوقلۇقى (شۇ ئىش قولىدىن كېلىدىغان ئادەم يوقلۇقى) دۇر.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۆمرى مەدرىسىلەردە «ئىلىم» پەش قىلىنىپ، مەنىسىز مۇنازىرىلەر، دىنى ئىلىم دەپ ئارىستوتىل پەلسەپىسىگە بېرىلىپ كېتىش ۋە زامانىۋى ئىلىم ــ پەننىڭ كۈچى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ئاساسسىز نەزەرىيەلىرىنى ئۆگىنىش يولىدا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. بىراق ھازىرمۇ بالىلارنىڭ ئۆمرى بۇ ئايىغى چىقماس يولدا زايا بولۇۋاتىدۇ. بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى ھاڭغا سەكرىگەن ئۆچكە ۋە قويلاردەك، بۇرۇنقىلارنىڭ ئارقىسىدىن كېيىنكىلىرى ئۆمرىنى زايا قىلىۋاتىدۇ. بۇ ناچار ئىشلارنىڭ سەۋەبى ئىشقا يارىماسلىق، قابىلىيەتسىزلىك، بولۇپمۇ ھەددىدىن زىيادە قورقۇنچاقلىقتۇر.

مەلۇم بىر ياۋروپالىق پەيلاسوپنىڭ: «قورقۇنچاق كىشىلەر ئۆلۈم پەيتى كېلىشتىن بۇرۇن نەچچە قېتىم ئۆلىدۇ، ئۆلۈمنىڭ ئاچچىقىنى تېتىيدۇ. ئەمما يۈرەكلىك كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمى بىر قېتىم بولىدۇ» دېگەن سۆزى ئىنتايىن جايىدا ئېيتىلغان مەنىلىك سۆزدۇر.

دۇنيادا ھەر قانداق نەرسىنىڭ بەدىلى بولىدۇ. ھېچ بولمىسا، تۆلەنگەن بەدەل كۈنلەرنىڭ بىرىدە كارغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. لېكىن جاسارەت بىلەن ئۈمىد بۇنداق بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى قىممەتلىك نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىنسان ھەممە ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ.

ئاياللارنىڭ مۇلايىم بولۇشى، ئۆينى ئوبدان باشقۇرۇشى تەقدىرلەشكە تېگىشلىك پەزىلەت بولسا، ئەرلەردىكى جاسارەتمۇ تەقدىرلەشكە ۋە قەدىرلەشكە تېگىشلىك بىر ئالاھىدىلىكتۇر. جاسارەت دېمەك، يەڭگىللىك قىلىش ياكى بىر ئىش يادىغا كېلىش بىلەنلا چاچراپ قوپۇپ قىلغىلى تۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئەتراپلىق ئويلاپ، ئالدى - ئارقىسىنى ئۆلچەپ ئىش قىلىش. بىر ئىشنىڭ پەيتى كەلگەندە، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك، نىيەتنى پۇختىلاپ ئىككىلەنمەي ئىشلەش دېگەنلىك بولىدۇ.

بىر ئىشنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، نەچچە خىل خىيالنى ئويلاپ قورقۇپ تۇرۇش ياكى خۇشياقماسلىق بولسا، چېكىدىن ئاشقان قورقۇنچاقلىق ھېسابلىنىدۇ.

# 154ـ ھەدىس: ئائىلىگە قاتتىق قول بولماسلىق توغرىسىدا

**شَرُّ النَّاسِ الْمُضِيْقُ عَلَى أَهْلِهِ.** (الجامع الصغير)

ئادەملەرنىڭ ئەسكىسى، ئۆزىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى (يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە گەپ ـ سۆز، مۇئامىلىلىرىدە ھەددىدىن زىيادە) قىسقۇچى ۋە قوپاللىق قىلغۇچى كىشىدۇر.

دۇنيادىكى مىللەتلەر ۋە ئوخشاشمايدىغان قەبىلىلەر ئائىلىدىن، ئائىلە بولسا، شەخسلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بىر مىللەت ياكى بىر جامائەتنىڭ دىندارلىقى ۋە ئەخلاقى توغرىسىدىكى ئۆلچىمى ۋە ئەينىكى ئائىلىدۇر. شۇڭا ئائىلە بىلەن ياشاش ۋە ئائىلىنى تەربىيەلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بىز مۇسۇلمانلاردا ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خوجايىن بىلەن چاكار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەر ئۆزىنى خالىغىنىنى قىلىشقا ھەققى بار خوجايىنلاردەك چاغلاپ، ئايالغا چاكار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەرنىڭ بۇ بىمەنە چۈشەنچىسىگە ئايالمۇ بەزىدە ئىختىيارىچە، بەزىدە مەجبۇرى قوشۇلىدۇ. ھالبۇكى، ئىسلامغا كۆرە، بۇ دۇنيادا خالىغىنىنى قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق.

ئائىلە باشلىقى بولغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ مۇناسىۋىتى ھەر ئىككى تەرەپتىن بىر ـ بىرىگە جېنىنى پىدا قىلىدىغان دەرىجىدە دوستلۇق ۋە مۇھەببەتتىن ئىبارەت بولۇشى ۋە ئارىسىدا ئاشىق ــ مەشۇقنىڭ ئارىسىدىكىدەك ئىخلاس، كەڭچىلىك ۋە خەيرخاھلىقلار بولۇشى لازىم. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا، ئەر بىلەن ئايالنى ئائىلە دېگەندىن كۆرە خوجايىن بىلەن چاكار دېگەن تۈزۈكرەك. خوجايىن بىلەن چاكاردىن بولغان بالىلارنىڭ ياخشى تەربىيەلىنىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئەرنىڭ ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭ ئايال كىشى قورققىلى، تەمتىرىگىلى، بالىلارمۇ ئۇيان ـ بۇيانغا قاچقىلى تۇرسا ۋە ئەرنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن ئايال ئەركىن تىن ئېلىپ خۇش بولۇپ، بالىلار ئويۇننى داۋاملاشتۇرسا، ئۇنداقتا، شۇ ئەرنىڭ ئۇسال ئادەم ئىكەنلىكى ۋە مۇشۇ ھەدىسكە توغرا كېلىدىغانلىقىدا گەپ يوق.

بەختلىك ئائىلە بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئەر بولغان كىشى ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئۆزىگە سادىق ھەمراھ ۋە ئۆزى يوق چاغدا ئورنىدا تۇرغۇچى خوجايىن دەپ بىلىشى، ئۆي باشقۇرۇشنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشى ۋە ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشى تولىمۇ زۆرۈر. ھەدىس شەرىپتە مۇشۇ مەقسەت كۆزدە تۇتۇلغان.

# 155 ـ ھەدىس: قەرزنى ئادا قىلىش توغرىسىدا

**صَاحِبُ الدّيْنِ مَغْلُولٌ فِيْ قَبْرِهِ لاَ يَفُكُّهُ إِلاَّ قَضَاءُ دِيْنِهِ.** (كنز العمال)

كىشىگە بېرىدىغان قەرزى بار تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى قەبرە ئىچىدە باغلىنىپ قويۇلغان ھالەتتە تۇرىدۇ. ئۇنى بۇ باغلاقتىن قەرزنى ئادا قىلىشلا قۇتقۇزىدۇ.

مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەقسىتى، «قەرزى بار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ھەمىشە جاۋابكارلىق ئاستىدا بولىدۇ» دېگەنلىكتۇر. قەرزدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆلگۈچىنىڭ يېقىنلىرى ۋە مىراس ئالغۇچىلار ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىشى لازىم. لېكىن بۇ قەرزنى يېقىنلىرىغا ۋە مىراسخورلىرىغا قويۇپ كەتمەي، ھەركىم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزى تۆلىگىنىشى لازىم.

ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى: **عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِيَّ يَقُولُ عَنْ أَبِيهِ عَنْ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ إِنَّ أَعْظَمَ الذُّنُوبِ عِنْدَ اللَّهِ أَنْ يَلْقَاهُ بِهَا عَبْدٌ بَعْدَ الْكَبَائِرِ الَّتِي نَهَى اللَّهُ عَنْهَا أَنْ يَمُوتَ رَجُلٌ وَعَلَيْهِ دَيْنٌ لَا يَدَعُ لَهُ قَضَاءً.** (المصدر سنن أبي داود) «ئاللاھ تائالا تونۇتقان چوڭ گۇناھلاردىن بىرى قەرزنى تۆلەشكە مال قالدۇرماي ئۆلۈشتۇر» دېگەن مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

## ***156*** **ـ ھەدىس: سەۋر قىلىش توغرىسىدا**

**الصَّبْرُ عِنْدَ الصَّدْمَةِ الْأُولَى.** (صحيح البخاري)

مۇسىبەت كەلگەندە سەبىر قىلىش (ئەڭ ياخشى ئىشتۇر).

كىشى قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ دەسلەپكىدىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، خاتالاشمىسا ئەقلىنىڭ يول كۆرستىشى ۋە پەسلىتىشى ئارقىلىق چىداشقا كۆندۇ ۋە كۆڭلىگە تەسەللى بېرىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەۋر قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى لەھزىلىرىدە ئۆزىنى توختىتىۋېلىشتۇر. سەۋر ھەققىدە ۋەدە قىلىنغان ساۋاپمۇ دەل بۇ مەزگىلدىكى سەۋرگىلا بېرىلىدۇ. سەۋرنىڭ ئەكسى «بىئارام بولۇش» تۇر. لېكىن كۆڭۈلنىڭ بىئارام بولۇشى، كۆزدىن ياش ئېقىشى (ئۈنسىز يىغلاش) سەۋر قىلمىغانلىق بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار بەندىنىڭ ئىختىيارىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلاردۇر. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئىبراھىم ئىسىملىك ئوغلى ۋاپات بولغاندا يىغلاپ كۆز يېشى تۆككەنلىكى، دىلىنىڭ ھەسرەتلەنگەنلىكى ۋە «ئېگىمىز رازى بولمايدىغان سۆزنى قىلمايمىز. ئى ئىبراھىم! بىز سەندىن ئايرىلىپ ئىنتايىن قايغۇردۇق» دېگەنلىكى مەلۇم.

بالا ۋە خاپىلىق كەلگەن ۋاقىتتا: (**إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ**) يەنى، بىز ئاللاھنىڭ مۈلكى، قانداق قىلسا قىلىدۇ، ھەممىمىز ئاللاھنىڭ تەرىپىگە قايتىپ كېتىمىز دەپ دۇئا قىلىش، مۇمكىن بولسا، رەسۇلۇللاھنىڭ ئادىتى بويىچە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇش كېرەك. بالا ـ قازالار بەندىنىڭ گۇناھىنى يۇيىدىغان سوپۇنغا ئوخشايدۇ.

**عبدالصمد بن المعذل:**

| | |
|---|---|
| **وإنى لصبار على ما ينوبنى** | **وحسبك أن الله أثنى على الصبر** |
| **ولست بميال إلى جانب الغنى** | **إذا كانت العلياء فى جانب الفقر** |

"ماڭا ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن بالاغا چىدىغۇچىمەن. ئاللاھ تائالانىڭ سەۋرنى ماختىغىنى ساڭا يېتىدۇ. ئەگەر ئۈستۈنلۈك پېقىرلىك تەرەپتە بولسا، بايلىققا ئېغىپ كەتمەيمەن."

# 157 ـ ھەدىس: مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىش توغرىسىدا

**الصَّدَقَةُ عَلَى الْمِسْكِينِ صَدَقَةٌ وَالصَّدَقَةُ عَلَى ذِي الرَّحِمِ اثْنَتَانِ صَدَقَةٌ وَصِلَةٌ.** (مسند أحمد)

مىسكىنگە سەدىقە بەرگەنگە سەدىقىنىڭ ساۋابى بولىدۇ. ئەمما مەھرەم (نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان يېقىن تۇغقانلار) لەرگە بەرگەن سەدىقىگە ھەم سەدىقىنىڭ ھەم سىلە ـ رەھىمنىڭ ساۋابى بولىدۇ.

يېقىنلىرى، تۇغقانلىرى ئېچىدە ھاجەتمەنلەر چىقىپ قالسا، سەدىقىنى ئەڭ ئاۋۋال شۇلارغا بېرىش كېرەك. چۈنكى بۇنىڭدا ھەم سەدىقە قىلغاننىڭ ھەم سىلە ـ رەھىم قىلغان (تۇغقان مۇناسىۋىتىنى ئۇلىغان) نىڭ ساۋابى بولىدۇ. بىر ئەجىردىن ئىككى ئەجىرنىڭ ئارتۇقلۇقى ھەممىگە مەلۇم.

زاكات، ئۆشرىدىن باشقا نەپلە سەدىقىلەرنىڭ ئەڭ تېگىشلىك ئورنى يېقىن بولغان مەھرەم تۇغقانلار (بىر تۇغقان، باشقا ئائىلىلىك بالا، ئاتا ـ ئانىنىڭ بىر تۇغقانلىرى، ئىنىك ئانا، قېيىن ئانىلاردەك) ئىكەنلىكى توغرىسىدا باشقا ھەدىسلەرمۇ بار. ئەمما زاكاتتەك پەرز سەدىقىلەر ئارىسىدا ئاتا ـ بالىلىق، ياكى ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتى بار كىشىلەرگە بەرسە بولامدۇ ـ يوق؟

زاكات بېرىشتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، سەدىقە بېرىلىدىغان كىشىنىڭ پېقىر (ئېھتىياجلىق) بولۇشى، سەدىقىنىڭ ئاللاھ تائالا رازى بولمايدىغان ئورۇنغا چىقىم قىلىنماسلىقى ۋە ھېچ بىر ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىلمەسلىكى لازىم. ئاتا ـ بالا ۋە ئەر ـ ئايال بولماسلىق دېگەن شەرتلەر ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەبۇ ھەنىپە مەزھىبىدە ئاتا ـ بالىلىق ۋە ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتى بار كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە زاكات ۋە پەرز سەدىقىلەرنى بېرىشى دۇرۇست بولمىسىمۇ، موھتاج بولغان ۋە ھىيلە قىلىنمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇلارنىڭ زاكات ئېلىشى ياكى زاكات بېرىشىنىڭ دۇرۇست ئەمەسلىكى توغرىسىدا شەرئى دەلىل بارلىقىنى بىلمەيمىز. ئەقلى دەلىللەر بىلەن شەرئى ھۆكۈملەرنىڭ ئۆزگەرمەس ياكى مۇقىم خاراكتېرگە ئىگە بولمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بىر ھەقىقەت.

قازاندا مەلۇم بىر باي موللا ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار: «زاكات ۋە ئۆشرىلەرنى بىر شاگىرتىغا بېرىدۇ، شاگىرتىمۇ ئۇستازىنىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەچكە زاكات ۋە ئۆشرىلەرنى ئېلىپ، يەنە موللىنىڭ ئۆزىگە باشقا يول بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ. (ئالدىدا قويىدۇ). ئۆشرە زاكات ئىشى مۇشۇنىڭ بىلەنلا تۈگەيدۇ. نۇرغۇن قەرزلەردىن قۇتۇلدۇق دېيىشىدۇ.» ھەتتا بەزى شاگىرتلار ئۇستازىنىڭ مۇشۇ ئەھۋالىنى، ئالىم ۋە فەقىھلىكىنى پەش قىلىش ئۈچۈن ماختىنىپ بىزگىمۇ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. «مەرۋە» شەھەرلىك تۈركمەنلەردىن بىر كىشى ئۆز ئارىسىدا بولغان ئالىم، ئاخۇنۇملار توغرىسىدا: «قولىغا چۈشكەن ھەرقانداق بىر مالنى بالا ـــ چاقىلىرىغا بېرىۋېتىدۇ. ئۆزى بولسا بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋاجىپ سەدىقىلىرىنى ئۆزىگە يىغىدۇ، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ نامىدىن موسكۋاغا ئۇن ـ يىگىرمىلەپ ۋاگون پاختا ئەۋەتىدۇ (چوڭ سودىگەرچىلىك قىلىدۇ)، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ بايلىرى، ئالىملىرىمىزنىڭ بالا ـــ چاقىلىرى ھېسابلىنىدۇ» دەپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

ئەگەر ئايال بىلەن ئەر، مۇدەررىس بىلەن ئوقۇغۇچى ئارىسىدا بولغان سوۋغات قىلىشىشتەك پىچەك ھىيلىلەر بىلەن زاكات بەرمەي ئۆتىشى ــ زاكات قەرزىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولسا ئىدى، ساھابىلەر زاكات بەرمىگۈچىلەر بىلەن ئۇرۇشمىغان بولاتتى. زاكات بېرىشنى ئېغىر كۆرگۈچىلەر ئەلۋەتتە بۇنداق ھىيلە ـ مىكىردىن بىخەۋەر قالمايتتى. بار مال ـ دۇنياسىنىڭ ھەممىسىنى بالا ـ چاقىلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، زاكات بېرىشتىن قۇتۇلغان بولاتتى. بەزى كىشىلەر ئۆز ۋاقتىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن زاكات بەرمىگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى: «دىنىدىن يانغانلار بىلەن بولغان ئۇرۇش» دېيىشىدۇ. زاكات بەرمىگۈچىلەرنى بولسا (ھەقىقەتمۇ ياكى مەجازمۇ) «مۇرتەدلەر» (دىنىدىن يانغۇچىلار) دېيىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار ئۆتىشى ـ زاكاتقا ھىيلە ـ مىكىرنىڭ ئىشقا يارىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

پەرز، ۋاجىپ، ھالال، ھارام نەرسىلەرنى ھەركىم بىلىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىمەيدۇ. بەزى نەرسىلەرنىڭ پەرز ياكى ۋاجىپ، ھالال ياكى ھارام بولۇشىدىكى سەۋەب ۋە ھېكمەت نېمە؟ بۇ توغرىدا بىر ئاز پىكىر يۈرگۈزۈش لازىم. ئۇسال موللىلارنىڭ ئۆتىشى ـ زاكات، سەدىقە بېرىشىدىكى ياكى ئېلىشىدىكى ھىيلە ــ مىكىرلىرى بولسا، سەدىقە پۇلنى بىر يانچۇقتىن ئېلىپ يەنە بىر يانچۇققا سېلىشتىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان ۋە ئەقىلسىز ئادەملەرمۇ توغرا كۆرمەيدىغان ئاساسسىز نەرسىلەردىن ئىبارەتتۇر. ئاشۇنداق ھىيلە بىلەن قەرزدىن ئاجراش ۋە گۇناھتىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولسا، ئۇنداق شەرىئەتتە قانداقمۇ ئۇستۈنلۈك، مەدەنىي، ئىجتىمائىي ئارتۇقچىلىق ۋە بەخت ـ سائادەت قالسۇن؟

زاكات ئىسلامنىڭ چوڭ ئاساسلىرىدىن بىرى ۋە مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى تەرتىپكە سالىدىغان بىر يول ئىدى. لېكىن دەۋرىمىزدە ئۇنى ئادا قىلىشقا سەل قاراش، سۇسلۇق قىلىش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۇنىڭغا ناچار، ساختىپەز ۋە خىيانەتكار موللىلارنىڭ بۇ ئىشلارغا باشلامچىلىق قىلىشلىرى ۋە ناچار قىلمىشلىرى سەۋەب بولدى. ھىيلە ـ مىكىر بىلەن قۇتۇلغىلى بولىدىغان نەرسىگە خەلق ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ھەم ئۇنى ناھايىتى تۆۋەن، ئەتىۋارى يوق نەرسە دەپ ھېسابلايدۇ. ھېچقانداق ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتمەي، ئوچۇق ـ ئاشكارا بەرمەيلا قويسا، بۇنىڭ ئانچە زىيىنى يوق، دەپ بىلىدۇ.

# 158 ـ ھەدىس: سىلە ـ رەھىمنى جانلاندۇرۇش توغرىسىدا

**عقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ لَقِيتُ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ لِي يَا عُقْبَةُ بْنَ عَامِرٍ صِلْ مَنْ قَطَعَكَ وَأَعْطِ مَنْ حَرَمَكَ وَاعْفُ عَمَّنْ ظَلَمَكَ...** (مسند أحمد)

ئۇقبە ئىبنى ئامىر مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يولۇقۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا: «سېنى تاشلىۋەتكەن مەھرەم تۇغقانلىرىڭنى سەن يوقلاپ تۇرغىن، سېنى ياخشىلىقتىن، ماددىي ياردەمدىن مەھرۇم قالدۇرغان كىشىگە سەن ياخشىلىق قىلغىن، ساڭا ناھەق ئىش قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلغىن»... دېدى.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر ئىسلىملىك ساھابە رەسۇلۇللاھقا: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ساۋابى كۆپ بولغان ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسەڭ» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ يۇقىرىقى سۆزلەرنى دېگەن.

ئىزدەشمىگەن ياكى ئۈزۈلۈپ كەتكەنلەرنى يوقلاپ تۇرۇش، ئەسكىلىك قىلغانلارغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىمام بۇخارى: «**لا يدخل الجنة قاطع**» «مەھرەم تۇغقانلىرىنى تاشلىۋەتكۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دەپ ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھرەم تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ رىزقىنىڭ كەڭرى بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەر بار.

مەھرەم تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش (يوقلاش، ياردەم قىلىش) نىڭ ھۆكمى بايلىق، كەمبەغەللىك، ئارىلىقنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىشى ۋە بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنۈشى مۇمكىن. سىلە ـ رەھىمنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى تۇغقانلار بىلەن تاشلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىشتۇر. مۇناسىۋەتنى ئۈزمەسلىكنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل سىلە ـ رەھىم ھېسابلىنىدۇ. نىكاھلىنىش ھالال بولغان تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشنى ئەھلى ئىلىملار ۋاجىپ كۆرمەيدۇ ۋە ئارىسىدا نىكاھ دۇرۇست بولىدىغان ئىككى ئايالنى ئۆز نىكاھىغا ئالغۇچى كىشىنى «تۇغقانلىقنى ئۈزگۈچى» دەپ ھېسابلىمايدۇ.

## 159 ـ ھەدىس: ھالال رىزىق تەلەپ قىلىش توغرىسىدا

**طَلَبُ الحَلاَلِ وَاَجِبٌ عَلَى كُلِّ مُسْلِمٍ.** (مجمع الزوائد)

ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ھالال رىزىق ئىزدەش ۋاجىپتۇر.

ھاراملىقى بىلىنمىگەن ۋە ھاراملىقى توغرىسىدا دەلىل ــ ئىسپات تولۇق بولمىغان نەرسىلەر ھالال قاتارىغا كىرىدۇ. ھالال رىزىق ئىزدەش بولسا، كەسىپ قىلىش يولى بىلەن بولىدۇ.

كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۆز پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدۇر. قۇرئان كەرىم داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە: ﴿**وَعَلَّمْنَاهُ صَنْعَةَ لَبُوسٍ لَكُمْ لِتُحْصِنَكُمْ مِنْ بَأْسِكُمْ**﴾، ﴿**هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُمْ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا**﴾، ﴿**وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنسَانِ إِلَّا مَا سَعَى**﴾ دېگەندەك ئايەتلەر بىلەن بەندىنى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا چاقىردى.

ئاللاھ تائالا: «بىز زېمىنغا ئورۇنلاشتۇردۇق ۋە دۇنيادا تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭلار ئۈچۈن سەۋەبلىرىنى ۋە ھايات يولىنى ھازىرلاپ بەردۇق. مۇشۇنداق مېھرىبانلىق ۋە رەھمەت قىلساقمۇ، يەنىلا ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر، نېمەتنى تونۇشۇڭلار، ئۆز جايىدا ئىشلىتىشىڭلار ناھايىتى ئاز» دېگەن مەزمۇندىكى ﴿**وَلَقَدْ مَكَّنَّاكُمْ فِي الْأَرْضِ وَجَعَلْنَا لَكُمْ فِيهَا مَعَايِشَ قَلِيلًا مَا تَشْكُرُونَ**﴾ دېگەن ئايىتى ئارقىلىق بىزگە زېمىنغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ھايات كەچۈرۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى تەييارلاپ بەرگەن نېمىتىنى تونۇتۇپ، بىزنىڭ ئاز شۈكۈر قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ ئاگاھلاندۇرغان بولسا، تىرىشىش ۋە ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئىككى ئالاھىدىلىكنىڭ ئىنسان ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن، بەلكى خەدىچە ئانىمىزنى ئېلىشتىن بۇرۇن بولسا كېرەك، «ئىش ھەققىگە ياللىنىپ مەككە خەلقىنىڭ قويلىرىنى باقتىم» دېگەن سۆزى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مۇنداق ھۆرمەتلىك بىر زات قوي باققان تۇرسا، ھۈنەر ـ سەنئەت، كەسىپ قانداقمۇ يارىماس ئىش بولسۇن؟ بۇ سۆزنى ئېبنى ماجە ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىپ كەلتۈردۇ.

يەر يۈزىدىكى بارلىق ھايۋانلار، ئۇچار قاناتلار، قۇرت ــ قۇڭغۇزلار، ھەتتا مىكروپلارغا قەدەر ھەممىسى جان بېقىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ ھەم شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ۋە تېگىشلىك. ھورۇنلۇقتىن سەسكەنگەن تىرىشچان مىللەتلەر دۇنيادا راھەت ۋە بەختلىك ياشاۋاتقان بولسا، ھورۇن، مىشچان مىللەتلەر خارلىق ئىچىدە ئەركىن ھاياتتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ھالدا ياشاۋاتىدۇ.

دۇنيادا ياشاش ۋە ھايات كەچۈرۈشتە باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالماسلىق ئۈچۈن، مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامدىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەت بىلىملىك، ھۈنەرلىك، باي ۋە قۇدرەتلىك بولۇشى، كەسىپكە ماھىر بولۇشى، خەلققە توغرا، ئادىل مۇئامىلە قىلىشى لازىم. بۇ ئىشلار بولمىسا، ھالال كەسىپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمىساق، مال ـ دۇنيا بىزگە ئۆز ئايىغى بىلەن كەلمەيدۇ. نەتىجىدە مىللىتىمىز خار ۋە پاراكەندە بولۇپ قالىدۇ.

بىز بۈگۈنگە قەدەر خەلق ئارىسىدا ئەتىۋارسىز بىر مىللەت بولۇپ ياشىغان بولساق، بۇنىڭ سەۋەبى «دىنىمىز» ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز بولدۇق. بىز ئېتىبارسىز، بىلىمسىز، ئاڭسىز، ھۈنەر ــ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايدىغان، پەن ــ تېخنىكىدىن خەۋەرسىز مىللەتكە ئايلىنىپ قالدۇق. ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلمىگەن كىشىگە باشقىلارنىڭمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقى ۋە ئاۋايلىمايدىغانلىقى ۋە ئۆزى تىرىشمىغان ھورۇن خەلققە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىنمۇ بايلىق، شان ـ شەرەپ ئاتا قىلىنمايدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر ھەقىقەت. ﴿**إِنَّ اللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنفُسِهِمْ**﴾ يەنى «بىر مىللەت ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلمىغۇچە، ئاللاھ تائالا ئۇ مىللەتتىكى بار بەخت ـ سائادەتنى كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ.» دۇئاخانىلار ۋە مازارلاردا يېتىۋېلىپ، خەلقنىڭ سەدىقىسىگە دۇئا قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش بولسا، بىرىنچىدىن، تەمەخورلۇققا، ئىككىنچىدىن، كۈچى بار تۇرۇپ كەسىپ قىلىشنى، تىرىششنى ۋە ئىشلەشنى تاشلىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولۇشقا يېتەرلىك سەۋەبتۇر. دۇنيادا تەر ئېقىتىپ ۋە بىلىكىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تاپقان رىزىقتەك تاتلىق ئوزۇق بولمىسا كېرەك.

## 160 ـ ھەدىس: ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇش توغرىسىدا

**طُوبَى لِمَنْ تَوَاضَعَ فِيْ غَيْرِ مَنْقَصَةٍ، وَذَلَّ فِيْ نَفْسِهِ فِيْ غَيْرِ مَسْكَنَةٍ، وَأَنْفَقَ مِنْ مَالٍ جَمَعَهُ فِيْ غَيْرِ مَعْصِيَةٍ، وَخَالَطَ أَهْلَ الفِقْهِ وَالحِكْمَةِ، وَرَحِمَ أَهْلَ الذُّلِّ وَالمَسْكَنَةِ. طُوْبَى لِمَنْ ذَلَّ نَفْسَهُ، وَطَابَ كَسْبُهُ، وَحَسُنَتْ سَرِيْرَتُهُ، وَكَرُمَتْ عَلاَنِيَّتَهُ، وَعَزَلَ عَنِ النَّاسِ شَرَّهُ. طُوبَى لِمَنْ عَمِلَ بِعِلْمِهِ، وَأَنْفَقَ الفَضْلَ مِنْ مَالِهِ، وَأَمْسَكَ الفَضْلَ مِنْ قَوْلِهِ.** ( الجامع الصغير)

شۇنداق كىشىگە خۇشخەۋەر بولسۇنكى، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ خار كۆرۈلىشىگە سەۋەب بولمىغۇدەك شەكىلدە ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدۇ، مىسكىنلىككە چۈشۈپ قالمىغۇدەك دەرىجىدە مۇلايىم بولىدۇ (كىشىدىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى ئەخلاقلىق ۋە پاكىزلىقىدىن ئۆزىنى خار كۆرىدۇ). ئۆزىنىڭ ھالال كەسپى بىلەن جۇغلىغان مال ــ دۇنياسىدىن پايدىلىق ئورۇنلارغا ياردەم قىلىدۇ، دىنىي مەلۇماتى يۇقىرى، باشقىلارغا نەپ تېگىدىغان تەجرىبىلىك كىشىلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، ئارىلىشىدۇ. خار كۆرىلىدىغان يوقسۇل كىشىلەرگە مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان بولىدۇ، ياردەم قىلىدۇ. شۇنداق كىشىگە خۇشخەۋەر بولسۇنكى، ئۇ كىشى ئەخلاقلىقلىقىدىن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدۇ، كەسپى ئوبدان، كۆڭلى ياخشى، سىرتقى كۆرۈنۈشىمۇ ئېسىل. ئەسكىلىكنى خەلققە يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. شۇنداق كىشىلەرگە خۇشخەۋەر بولسۇنكى، ئۇ كىشى ھالال كەسپى بىلەن تاپقان پۇل ـ مالىنىڭ ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقىنىنى تېگىشلىك ئورۇنغا (ياخشى ۋە ساۋابلىق ئورۇنغا) خەجلەيدۇ، گەپ سۆزىنىڭ زىيادىسىنى تۇتىۋالىدۇ، يەنى گەپنى قىسقا، چۈشىنىشلىك قىلىدۇ (مۇھىم بولمىغان گەپلەرنى سۆزلەشتىن ساقلىنىدۇ).

مەزكۇر ھەدىسنىڭ ھەر بىر جۈملىسى بىزنىڭ ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ئىشلىرىمىز ئۈچۈن دەستۇر بولۇشقا تېگىشلىك قائىدىلەردۇر.

# 161ـ ھەدىس: ئەيىبنى يوشۇرۇش توغرىسىدا

**طُوْبَى لِمَنْ شَغَلَهُ عَيْبُهُ عَنْ عُيُوبِ النَّاسِ، وَأَنْفَقَ الفَضْلَ مِنْ مَالِهِ، وَأَمْسَكَ الفَضْلَ مِنْ قَوْلِهِ، وَوَسِعَتِهِ السُّنَّةُ، وَلَمْ يَعْدِ عَنْهَا إِلىَ البِدْعَةِ.**

(الجامع الصغير)

شۇنداق كىشىلەرگە خۇشخەۋەر بولسۇنكى! ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈپ ئۇنى تۈزىتىشكە تىرىشىش سەۋەبى بىلەن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈشكە ۋاقتى يەتمەيدۇ. ھەم مال ـ دۇنياسىنىڭ ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقىنى تېگىشلىك ئورۇن ۋە شەخسكە ياردەم قىلىدۇ. زۆرۈر بولمىغان گەپلەرنى سۆزلىمەي توختىۋالىدۇ. سۈننەت بويىچە ئىش تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. (يەنى سۈننەتكە ئەمەل قىلىدۇ). سۈننەتتىن ھالقىپ بىدئەت ئىشقا يېقىن بارمايدۇ.

ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈشنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈشكە توسالغۇ بولۇشى ئۈچۈن، ئادەمدە ئۆز ئەيىبىنى كۆرگىدەك كۆز بولۇشى لازىم. ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى كۆرگىدەك كۆز بولمىغاندا، كىشىنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆز ئەيىبىنى كۆرەلمىگەن كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئۆزگىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلاش بولىدۇ. ئەبۇل ئاتاھىيە:

**يا واعظ الناس قد أصبحت متهما — إذا أنت عبت أمورا أنت تأتيها**

**وأعظم الإثم بعد الشرك نعلمه — فى كل نفس عماها عن ماساويها**

**عرفانها بعيوب الناس تبصرها — منهم ولا تبصر العيب الذى فيها**

«ئى! خەلققە ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلىگۈچى! سەن مۇتىھەم بولدۇڭ، چۈنكى خەلقنى ئەيىبلەيسەن، ئەمما ئۆزۈڭ شۇ ئىشنى قىلىسەن. كىشىنىڭ ئۆز ئەيىبىنى كۆرمەس بولىۋالغىنى شېرىكتىن قالسا، ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر. خەلقنىڭ ئەيىبىنىلا كوچىلاپ، ئۆزىدىكى ئەيىبنى كۆرمىگەنلىك چوڭ گۇناھتۇر» دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بىر بەندىسى ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشنى خالىسا، ئۇنىڭغا ئۆز ئەيىبىنى كۆرىدىغان كۆز بېرىدۇ ـ دە، ئۇ ئۆز ئەيىبىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىۋالىدۇ. ئۆز كۆزى بىلەن ئۆز ئەيىبىنى كۆرەلەيدىغان ئادەم ئەلۋەتتە بەختلىك ئادەمدۇر. چۈنكى كېسەلنى تونىغاندىن كېيىن ئۇنى داۋالاش مۇمكىن بولىدۇ، چارە تېپىلىدۇ. لېكىن ئۆز ئەيىبىنى كۆرىدىغان كۆز ناھايىتى ئاز كىشىدىلا بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق كىشىلەرگە خۇشخەۋەر بېرىدۇ.

ئۆز ئەيىبىنى كۆرۈشنى خالىغۇچىلار ئۈچۈن مۇنداق يوللار بار:

1ـ ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبى ۋە يوشۇرۇن كەمچىلىكلىرىنى كۆرەلەيدىغان دۇرست، كامىل بىر كىشى بىلەن داۋاملىق ھەم سۆھبەت بولۇش، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولى بىلەن مېڭىش. لېكىن دەۋرىمىزدە ئۇنداق دۇرست، كامىل كىشىلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇنى تېپىش ئىنتايىن قىيىن. بۇنداق كىشىلەر كۆپىنچە ئايرىم ئۆيلەردە تۇرۇشنى خالايدۇ، ئىنسانلاردىن يىراق تۇرىدۇ.

2ـ دىيانەتلىك، ئەقلى ۋە كۆزى ئۆتكۈر بىر دوست تېپىپ، ئۆزىنىڭ يارىماس ئىشلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇشىنى شۇ دوستىدىن ئۆتۈنۈپ سوراش. ھەزرىتى ئۆمەر: «ئەيىبلىرىمنى ماڭا بىلدۈرۈپ قويغۇچىغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!» دەيتتى. لېكىن دەۋرىمىزدە مۇنداق دوستلارنىڭ تېپىلىشىمۇ ناھايىتى تەس.

3ـ ئۆز ئەيىبىنى دۈشمەنىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاش ۋە ئۇلارنىڭ قەلەملىرى بىلەن يېزىلغان نەرسىلەرنى ئوقۇش. ئەيىب ـــ نۇقسانلىرىنى ئىچىپ تاشلايدىغان دۈشمەن يازغۇچىلارنىڭ پايدىسى خۇشامەتچى دوستلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئارتۇق.

4ـ ئاۋامغا قوشۇلۇش ئارقىلىق ئۇلاردىكى يارىماس ئادەتلەرنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش. «مۇنچە ئەدەب ـ ئەخلاقنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟» دەپ سورىغانلارغا بىر ھەكىمنىڭ: ئەدەبسىزلەرنىڭ ئەدەبسىزلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ساقلاندىم، بولمىسا بىر كىمدىن ئەدەب ئۆگەنگىنىم يوق» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئېھتىياجىدىن ئارتۇق بولغان مال ـ دۇنيانىڭ پايدىسى، ئۇنى ياخشى يولغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ. مال ـــ دۇنيا كېرەكلىك ئورۇنغا سەرپ قىلىنمىغىنىدا ئاقىۋىتى ئېغىر بولۇپ، بۇنىڭ خاپىلىقىنى تارتىشتىن باشقا يولمۇ قالمايدۇ. يەنى ئاقىۋەتتە مەسئۇل بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىنىدۇ. زىيادە گەپ تىلنىڭ ئاپەتلىرىدىن بولۇپ، ئىنسانغا زىياندىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ. بىدئەتتىن ساقلىنىش ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھەرزامان ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىم. بىدئەت مەسىلىسى 285 ـ ھەدىس شەرھىدە سۆزلىنىدۇ.

# 162ـ ھەدىس: زۇلۇم توغرىسىدا

**عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ الظُّلْمُ ظُلُمَاتٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ** (صحيح البخاري)

زۇلۇم قىلىش (كىشىگە ناھەق ئىش قىلىش) قىيامەت كۈنى قاراڭغۇلۇقتا (مۇشەققەت چېكىشكە) سەۋەب بولىدۇ.

ئەگەر زۇلۇم قىلىنغۇچى كىشى ئەپۇ قىلمىسا، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، يەنى ھەركىم ئۆزى قىلغان ئىشىنىڭ جازاسىنى تارتىشقا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

## 163 ـ ھەدىس: داۋالىنىش توغرىسىدا

**يَا عِبَادَ اللَّهِ تَدَاوَوْا فَإِنَّ اللَّهَ لَمْ يَضَعْ دَاءً إِلَّا وَضَعَ لَهُ شِفَاءً أَوْ قَالَ دَاءً إِلَّا دَاءً وَاحِدًا قَالُوا يَا رسول الله وَمَا هُوَ قَالَ الْهَرَمُ.** (سنن الترمذي)

ئى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى! كېسەللىرىڭلارغا دورا قىلىڭلار! ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر كېسەل ياراتسا ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ ياراتتى. لېكىن بىرلا كېسەلگە دورا يوق، ئۇ بولسىمۇ قېرىلىقتۇر.

بۇ ھەدىسنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى قېرىلىقتىن باشقا ھەر قانداق كېسەلنىڭ داۋاسى بار، دېگەنلىكتۇر. دەۋرىمىزدە بەزىبىر كېسەللەرنىڭ داۋاسى يوق بولسا، بۇنىڭ سەۋەبى ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمىدىن خەۋەرسىز قېلىشىمىزدۇر. مېدىتسىنا تەرەققىي قىلغانسېرى كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۇ كېسەللەرنىڭ داۋاسىنىمۇ تاپالايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ بەرگەن خەۋەرنىڭ راستچىللىقىغا ئىمانىمىز كامىل.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئۆز ئۈممىتىگە مېھرىبانلىق قىلىش سەۋەبىدىن مۇشۇنداق بۇيرۇيدۇ. كېسەلنىڭ دەردى ساق چاغدا بىلىنمەيدۇ. كېسەل دەردىنى تارتىپ ياتقۇچىلار تېۋىپ تەرىپىدىن بېرىلگەن دورىنى ئىشلىتىش ۋە كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ياخشىلانسا، گويا دوزاختىن جەننەتكە چىققاندەك راھەتلىنىدۇ.

داۋالىنىش توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەرمۇ بار. ئىمام مۇسلىم: **عَنْ جَابِرٍ عَنْ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ لِكُلِّ دَاءٍ داءٌ فَإِذَا أُصِيبَ دواء الداء بَرَأَ بِإِذْنِ اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ** يەنى «ھەر بىر ئاغرىقنىڭ ئۆزىگە مۇۋاپىق دورىسى (داۋاسى) بار. شۇ دورا توغرا كېلىپ قالسا، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئاغرىق ساقىيىدۇ»[79] دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

«دورا ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟» دەپ سورىغانلارغا رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى: «دورا قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

قۇرئان كەرىمدە ھەسەل توغرۇلۇق ﴿**فِيهِ شِفَاءٌ لِلنَّاسِ**﴾ دېگەن ئىبارە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ھەسەلنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا شىپا بولۇشى، ئەلۋەتتە كېسەل كىشىنىڭ ۋە كېسەللىكنىڭ ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس كېسەل بولۇپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئۇنى ھارىس ئىبنى كىلدە ئىسىملىك مۇشرىك ئەرەب تېۋىپىگە داۋالاتقان ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر شامغا بارغاندا، شامدا ۋابا كېسىلى بارلىقىنى ئاڭلاپ، شەھەرگە كىرمەي مەدىنىگە قايتىپ كەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئالىملارنىڭ ھارام نەرسىلەر (ھاراق ۋە چوشقىدەك) بىلەن داۋالىنىش توغرىسىدىكى قاراشلىرى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ھاراق توغرىسىدىكى «ھاراق دورا ئەمەس، بەلكى كېسەلدۇر» دېگەن سۆزى ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ:

[79] مۇسلىم رىۋايىتى.

«ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھارام قىلغان نەرسىلەردە كېسەللىكلىرىڭلارغا شىپالىق بەرمىدى» دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ، ھارام نەرسىلەر بىلەن داۋالىنىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىشىدۇ. ئىككىنچى تۈركۈم ئالىملار بۇنى دۇرۇست، دەپ قارايدۇ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگە سۈيدۈكى بىلەن داۋالىنىشقا بۇيرۇغانلىقىنى دەلىل قىلىدۇ ھەم بىر نەرسىنىڭ كېسەلگە شىپا بولۇشى ئېنىق بولسا، ئۇنىڭدىن ھاراملىق كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن، ـ دېيىشىدۇ.

**إِنَّ اللَّهَ لَمْ يَجْعَلْ شِفَاءَكُمْ فِيمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ** دېگەن ئىبارە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى ئەمەس، ئىبنى مەسئۇدنىڭ سۆزىدۇر. ئىبنى مەسئۇد ئۇنى ئۆز ئىجتىھادىغا ئاساسەن سۆزلىگەن بولسا كېرەك. بىر مۇجتەھىدنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگە سۈيدۈكى ھەققىدىكى سۆزىگە قارىمۇ قارشى قىلغان ئىجتىھادى ئومۇمىي دەلىل بولالمايدۇ. بۇ تالاش ـ تارتىش تېۋىپلەر بۇيرۇغان رېتسېپلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇنداق بولمىغاندا، پەقەتلا ئۆز گۇمانىچە ھارام نەرسىلەر بىلەن داۋالىنىشنىڭ دۇرۇست ئەمەسلىكىدە گەپ يوق (دوختۇرلارنىڭ قارارى بويىچە شىپا بولۇشى ئېنىقلانغان نەرسە ھارام بولسا، ئۇنىڭ بىلەن داۋالىنىش توغرىسىدا ئىككى خىل ئوخشىمىغان قاراش بار. ئەگەر دوختۇرلارنىڭ قارارى بولمىسا، ھارام نەرسىنى دورا دەپ ئىستېمال قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ، ـ دېيەلىكتۇر.)

ئەرەب خەلقىدىكى تېبابەتچىلىك ئەنئەنىسى يېتەرسىز تەجرىبىلەرگە ئىگە ئەجدادلىرى ۋە ياشانغان مويسىپىت كىشىلەردىن مىراس قالغان بولۇپ، بۇنىڭ قىسمەن توغرا كېلىدىغان شىپالىق رولى بار بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى دەۋردىكىدەك پەن ـ تەتقىقاتىغا ئاساسلانمىغان ئىدى. ئەرەب تېۋىپلىرىمۇ ئاشۇنداق بولۇپ، ھارىس ئىبنى كىلدەمۇ شۇلاردىن بىرسى ئىدى. ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنغان دورىلارمۇ ۋەھيي ئارقىلىق ئەمەس، تېببىي تەجرىبىگە ئاساسلانغان نەرسىلەر ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى بولسا، تېۋىپلىقنى ياكى ئۆسۈملۈكنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دىن ۋە شەرىئەت ئۆگىتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. تېۋىپلىق ۋە دۇنياۋى پەنلەرنىڭ پەيغەمبەرلىك بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. لېكىن قانداقلا بىر كىشى رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان داۋالارنى خالىس كۆڭۈل ۋە چىن دىلى بىلەن ئىشلەتسە، ئىخلاسى ۋە ئىمانىنىڭ بەرىكىتى بىلەن پايدا كۆرۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە سائادەت زامانىدىكى (رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر زامانى) تېۋىپلىق ئەنئەنىسى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى يۈزلىگەن، مىڭلىغان قېتىم تەجرىبە قىلىنىپ سىناقتىن ئۆتكەن تېۋىپلىق بىلەن ئوخشاش سەۋىيىدە بولالماسلىقى تەبىئىي. رەسۇلۇللاھ دەۋرىدىن نەچچە يۈز يىل كېيىن كەلگەن، ئىسلام دۇنياسىدا مېدىتسىنا ساھەسى بويىچە تەسىر دائىرىسى ئىنتايىن كۈچلۈك ئۆلمەس ئەسەرلەر يېزىپ قالدۇرغان ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنامۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئىت گەۋدىسىنىلا ئېچىپ تەكشۈرۈپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئىكەن. پۈتۈن ئۆمرىدە بىر ئىت گەۋدىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىشقىلا مۇۋەپپەق بولالىغان ئادەمنى پۈتۈن ئۆمرىدە نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ گەۋدىسىنى ئېچىپ تەكشۈرۈپ چىققان دوختۇرلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. يەنى بۇرۇنقى ئىبنى سىنا دەۋرى بىلەن ھازىرقى دەۋرنىڭ شەرت ـ شارائىتى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

رەسۇل ئەكرەم ھەزرەتلىرى ئۆز زامانىدىكى چەكلىك بولغان تېببىي ئىلمىدىن پايدىلىنىشقا ۋە: «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! كېسەللىرىڭلارگە داۋا قىلىڭلار!» دەپ داۋالىنىشقا بۇيرۇيتتى. ئەگەر ھازىرقى دەۋردىكى ئىلغار مېدىتسىنا ئىلمى ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك دوختۇرلار رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى تېخىمۇ باشقىچىرەك بولاتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ داۋالىنىشقا بۇيرۇغانلىقى ھەم ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك بىر ساھابىسىنى مۇشرىك تېۋىپقا داۋالاتقانلىقى ئېنىق ۋە بەزى مۇجتەھىدلەرنىڭ «تېۋىپ يوق شەھەردە تۇرۇش دۇرۇست ئەمەس» دېگەن سۆزلىرى نەقىل قىلىنغان تۇرۇپ، ئىلگىرى ئىسلام دۇنياسىدا تېبابەت ئىلمى ۋە تېۋىپلارنى يەكلەيدىغان، ھەتتا ھۇجۇم قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. قارشى

چىققۇچى ئالىملار ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە ئوت كەتسە، ئۆينى ئۆرۈپ تاشلاپ ئوتنى ئۆچۈرۈشنى قازا ۋە قەدەرگە خىلاپ دېمىگەن تۇرۇپ، تېۋىپقا بېرىپ داۋالىنىشنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە ۋە تەقدىرىگە رازى بولمىغانلىق، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلمىغانلىق بولىدۇ دېگەندەك ئاساسسىز گەپ ــ سۆزلەرنى بىلجىرلىشىپ يۈرەتتى. قارانتىن، چېچەك سالدۇرۇشتەك ئىشلارنى «پەرەڭلەرگە ئوخشىغانلىق، دىنغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ» دېيىشەتتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ جاپا تارتىشىغا ۋە سوغۇقتا مۇزلاپ ئۆلگەن ھاشارەتلەردەك ئۆلۈپ تۆگەپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئىدى.

بۇخارادا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالغان ئىدى. گويا بىر كۈندە مىڭ، ئون مىڭ جىنازا نامىزى ئوقۇلۇپ دەپنە قىلىنىۋاتقان، رۇسىيەدىن داڭلىق دوختۇرلار ۋە تەجرىبىلىك پروفېسسورلارنى چاقىرىپ پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بار بولسىمۇ، لېكىن بۇخارا ئالىملىرى بۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەزان ئوقۇش، دالائىلۇلخەيرات ۋە ھىزب ئەزەم ئوقۇش، سەھىھ بۇخارى ئوقۇش، رەستىلەردە تەكبىر ئوقۇپ توۋلاش، بۇخارادا سالاۋات ئوقۇپ رايوننى بىر پۈتۈن چۆگىلەپ چىقىشتەك ئاقماس ئىشلار بىلەن خەلقنىڭ كۆزىنى بوياشتى. نەتىجىدە بالايىئاپەتنىڭ چوڭىيىشىغا، تېخىمۇ كېڭىيىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولۇشتى. شەرىئەتنى ئىسلامنىڭ مەقسىتىدىن ئەمەس، ھەتتا ئۇلۇغ مەتنلىرى (ئاساسلىرى) دىنمۇ بىخەۋەر ئىكەنلىكلىرىنى دۇنياغا ئېلان قىلدى. رەسۇلۇللاھقا قاراڭلار! ھەم بۇ زاماندىكى ئۈممەتكە قاراپ بېقىڭلار! كىممۇ بۇ ئۈممەتنى ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى دېيەلەيدۇ؟ «وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللهِ العلي العَظِيْمِ»

ھازىرقى زامان تېببىي ئىلىم مۇندىن مىڭ يىل ھەتتا يۈز يىل بۇرۇنقى تېببىي ئىلىمدىن سەۋىيە جەھەتتە كۆپ ئىلغار بولۇپ، مېدىتسىنا ئىلمى گەرچە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە بېرىپ يەتمىگەن بولسىمۇ، بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا كۆرە كۆپ تەرەققىي قىلغان. يەنە داۋالىلىق تەرەققىي قىلىپ كۈندىن كۈنگە يېڭى سىرلار ئېچىلىۋاتىدۇ، بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى تېپىلىۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىغان ساقايماس كېسەللەر شىپا تېپىۋاتىدۇ، يۇقىرى سەۋىيەلىك تېببىي كىتابلىرى بەس ــ بەس بىلەن يېزىلىۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىغان ياشلار تەربىيەلىنىۋاتىدۇ.

دوختۇرلار ۋە شىپاخانىلار بۇرۇنقىدەك نازارەتسىز ئەمەس، بەلكى ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ۋەزىپىلەرمۇ مەخسۇس نىزام بىلەن بەلگىلەنگەن. مىللىتى، دىنى ۋە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. دوختۇرلار ئۆز كەسپىگە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ، ئازراق سەل قاراشنىمۇ كەسپى ئەخلاق ۋە ۋىجدان نۇقتىسىدىن ئېغىر جىنايەت ھېسابلايدۇ. دەۋرىمىزدە ياۋروپالىقلار ئۇرۇش قاينىمىغا كىرىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئۇرۇشقا ھەتتا دىن ئالىملىرىمۇ قاتناشتى، چوڭ ـ كىچىك ئىتتىپاقلىشىپ ‹دوست› ۋە ‹دۈشمەن› بولۇپ ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلىشتى. ئەمما ھەر ئىككى تەرەپتىكى دوختۇرلار ئۆز قوشۇنىدىن يارىدار بولغانلارغا قانداق ئەھمىيەت بېرىپ داۋالىسا، دۈشمەن يارىدارلىرىغىمۇ ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ داۋالايدۇ. بۇلارغا نىسبەتەن دوست ـ دۈشمەن مۇھىم ئەمەس، يەنى دوست ــ دۈشمەن دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن دەۋرىمىزدىكى دوختۇرلار بەختلىك كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ.

يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ئېگى بولغان ھازىرقى زامان دوختۇرلىرىنى، زامانىۋى قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى بىلەن ياسالغان دوختۇرخانىلار ۋە ئوپېراتسىيە ئۆيلىرىنى بۇرۇنقى تېببى ئىلىم، دوختۇرلارنىڭ سەۋىيەسى ۋە شىپاخانىلارنىڭ شارائىتى بىلەن ئوخشاش كۆرۈش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟!

باغداد ياكى مەرۋە شەھىرىدىكى بىر فەقىھ (دىنىي ئالىم) نىڭ بۇ توغرىدا مۇسۇلمان تېۋىپنىڭ دىئاگنوزى توغرا، ئەمما باشقىلارنىڭ توغرا ئەمەس، دېگەن ھۆكمى ئۆز زامانىسىغا ۋە ئۆز شەھىرىنىڭ شارائىتىغا نىسبەتەن مۇۋاپىق بولسىمۇ، بۈگۈنكى ئادەتلەر ۋە بۇ مەملىكەتلەرگە نىسبەتەن توغرا بولماسلىقى مۇمكىن.

نۇرغۇن كىشىلەر چارۋا ماللىرىغا كېسەل تەگسە داۋالىتىدۇ ۋە قۇرتلىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە چارە قىلىدۇ. قولىدىن كېلىشىچە چارۋا ماللىرىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن چارە ئىزدەيدۇ. ئەمما ئۆيدە كېسەل بولۇپ ياتقان ئايالىنى ياكى بالىلىرىنى داۋالىتىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇلارغا چارۋا ماللىرىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنمەيدۇ، يەنى پەرقلىق كۆرىدۇ. بالا ــ چاقىلىرى كېسەل بولۇپ قالسا، ئاللاھ بۇيرۇسا ئۆيدە يېتىپمۇ ساقىيىدۇ، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن گوللايدۇ ۋە قىيىنىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. يەڭگىگەن ئاياللار بۇ ئىش توغرىسىدا ئەڭ كۆپ شىكايەت قىلىشىدۇ. تېۋىپلىق ئىلمىدىن خەۋەرسىز، ھېچقانداق تەجرىبىسى يوق قېرىلار بۇ ئىشلارغا چات كېرىۋالىدۇ. ھۆكۈمەت ياكى زېمىستىۋا تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن دوختۇرلار، كېسەل باققۇچىلار، تۇغۇتخانىلار، چېچەك سالغۇچىلاردەك تېببىي ياردەم ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرىنى قىيناشقا، باللىرىنى قارغۇ ۋە پاڭ قالدۇرۇشقا ھېچقانداق ھەققى يوق بولۇپ، ئۇنداق قىلسا، ئۇلار ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ھېسابلىنىدۇ.

دارىلفۇنۇنلاردا سېستىرالىق ۋە دورىگەرلىكتەك پەنلەردە ئوقۇپ دىپلوم ئالغان ۋە ھەممە ئىشى ھۆكۈمەتنىڭ نازارىتىدە بولغان دوختۇرلار، سېستىرالار، دورىگەرلەر ۋە چېچەك سالغۇچىلار بار تۇرۇپ، تېببىي ئىلمىدىن قىلچە خەۋىرى يوق چىراقچى، پالچى، دەمچى، شەكلى توماچى ۋە سېھرگەرلەرنىڭ قېشىغا بېرىش بولسا ھالاك بولۇش ۋە يوقىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

كۆپىنچە كىشىلەر تېۋىپ دوختۇرلار تەرىپىدىن بېرىلگەن دورىلارنى بۇيرۇغان مىقداردا ئىشلەتمەيدۇ ياكى ۋاقتىغا رىئايە قىلمايدۇ، ياكى بىر ـ ئىككى قېتىم ئىشلىتىپ بېقىپ تەسىرىنى كۆرمىسە تاشلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن: «دورا قىلغانىنىڭ پايدىسى يوقكەن» دەپ يۈرىدۇ. تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈلمىگەن تەقدىردە، ئۇ دورا قانداق پايدا قىلىدۇ؟ ئەگەر ئىش دەل ئەكسىچە بولۇپ، تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش تۇتۇپمۇ بىرەر ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەندە، ئاندىن تېۋىپ ئۆزى بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى بۇ نۇقتىغا ئالاقىدار تۆۋەندىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ:

**عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أَنَّ رَجُلًا أَتَى النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ أَخِي يَشْتَكِي بَطْنَهُ فَقَالَ اسْقِهِ عَسَلًا ثُمَّ أَتَى الثَّانِيَةَ فَقَالَ اسْقِهِ عَسَلًا ثُمَّ أَتَاهُ الثَّالِثَةَ فَقَالَ اسْقِهِ عَسَلًا ثُمَّ أَتَاهُ فَقَالَ قَدْ فَعَلْتُ فَقَالَ صَدَقَ اللَّهُ وَكَذَبَ بَطْنُ أَخِيكَ اسْقِهِ عَسَلًا فَسَقَاهُ فَبَرَأَ.** (صحيح البخاري)

مەزكۇر ھەدىس شەرىپتە دورىنىڭ مىقدارى ۋە ۋاقتىنىڭ بارلىقى، بىر ـ ئىككى قېتىم ئەمەس، بەلكى ساقايمىسا ياكى دورىنىڭ پايدىسى كۆرۈلمىسە، ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكى قەيت قىلىنغان. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ھەر قېتىمدا ھەسەل ئىچۈرۈشكە بۇيرۇغان.

تېۋىپلار تەييارلاپ بەرگەن دورىنى تەكشۈرۈپ يۈرۈش ۋە قانداق نەرسىلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ بېقىش شەرىئەت تەرىپىدىنمۇ ناماقۇل ئىشلار ھېسابلىنىدۇ. تېۋىپ قاچان بىرەر تۈرلۈك كېسەللىكنى ساقايتىش ياكى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن قەتئىي ھارام بولغان نەرسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بۇيرۇسا، شۇ چاغدا: «شۇ نەرسىدەك پايدا قىلىدىغان باشقا بىر نەرسە بۇيرۇسىڭىز بولماسمۇ؟» دەپ سوراش لازىم. ئەگەر شۇ ھارام نەرسىنىڭ چوقۇم پايدا قىلىدىغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭدەك پايدا قىلىدىغان باشقا نەرسىنىڭ ئۇ يەردىن تېپىلمايدىغانلىقىنى ئېيتسا، ئۇ چاغدا تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش تۇتۇش ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.

﴿فَمَنْ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَلَا إِثْمَ عَلَيْهِ﴾ «زۇلۇم قىلمىغان ۋە شەرىئەت چەكلىمىگەن ئىشنى قىلمىغان ھالدا ھارام نەرسىلەرنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان كىشى ھارام يەپ قالغان تەقدىردە گۇناھكار بولمايدۇ.»

تەكشۈرۈش ۋە مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى كېسەللىكلەر خرىستىئانلارغا ۋە رۇسلارغا قارىغاندا پەۋقۇلئاددە كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1ـ مۇسۇلمانلار ئىنتايىن كەمبەغەل بولۇپ، قولىدا ئىقتىساد يوق.

شۇڭا ياخشى ئاش ـ تاماق يېيەلمەيدۇ. كۆپىنچە ئاچ يۈرىدۇ. ئاش ـ تاماق يېگەندىمۇ ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلمايدۇ. كۆكتات ئۆستۈرۈشكە سەل قارايدۇ، شۇڭا ئېشى كۆكتاتسىز، پۈتۈنلەي خېمىردىنلا ئىبارەت بولىدۇ. چاينى كۆپ ھەم قېنىق دەملەپ ئىچىدۇ. كېسەلخانا، شىپاخانىلار، دوختۇر ۋە سېستىرالارنىڭ تولىراقى رۇس مەھەللىلىرىدە بولىدۇ. مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ قىز ـ ئاياللار ئۇ يەرلەرگە بېرىپ دوختۇرلارغا كۆرۈنۈشنى ياقتۇرمايدۇ. مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە سالامەتلىكنى ساقلاش دەرسلىرى ئوقۇتۇلمايدۇ، مەكتەپمۇ ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق قىلىپ قۇرۇلمايدۇ. گىمناستىكا (تەنھەرىكەتلىرى) يولغا قويۇلمايدۇ، شۇڭا ئوقۇغۇچىلار قانسىز، ماغدۇرسىز بولىدۇ.

2ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرى ھەددىدىن ئارتۇق پار ـ پۇر كىيىم بىلەن، يىپەك ۋە تاۋارلارغا يۆگىنىپ يۈرىدۇ. بۇ نەرسىلەر ساپ ھاۋا ئېلىشقا توسالغۇ ھەم تېز سوغۇق تېگىشكە سەۋەب بولىدۇ.

3ـ باي مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرى، بولۇپمۇ شەھەرلەردە ياشايدىغانلار ساپ ھاۋادا، ئاپتاپتا يۈرەلمەيدۇ. كۆپىنچە ئۈستى يېپىقلىق دىمىق ئۆيلەردە، ھاۋاسى بۇزۇق ئورۇنلاردا ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا ئاجىز ۋە كېسەلچان بولىدۇ. مۇنداق ئاياللاردىن تۇغۇلغان باللار تەبىئىي ھالدا، ساغلام چوڭ بولمايدۇ.

# 164 ـ ھەدىس: بارلىق جانلىقلارنى ئاسراشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا

**عُذِّبَتْ امْرَأَةٌ فِي هِرَّةٍ رَبَطَتْهَا فَلَمْ تُطْعِمْهَا وَلَمْ تُرْسِلْهَا فَتَأْكُلَ مِنْ حَشَرَاتِ الْأَرْضِ.** (مسند أحمد)

بىر ئايال بىر مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا يېمەك بەرمىگەنلىكى، سۇ ئىچۈرمىگەنلىكى، زېمىنىدىكى ھاشارەتلەرنى يېيىشكىمۇ قويۇپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئازابقا دۇچار بولدى.

ئايال مۈشۈكنى باغلاپ قويغان ياكى بىر يەرگە سولاپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئايال شۇ سەۋەبتىن ئازاب قىلىنىشقا تېگىشلىك بولىدۇ.

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى دىن ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا شەپقەتلىك بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ھەق ـ ھوقۇقلارنى بەلگىلەپ، شۇ ھەقلەرگە رىئايە قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا، ھەرخىل ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ھەققىنىمۇ ئادا قىلىشنى شەرت قىلىدۇ، بۇ قانۇن ۋە قائىدە بولسا، مېھرىبانلىقنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بولىدۇ.

ئىنسانلار ئىنسانلارغا قانچە رەھىمدىل بولسا، ھايۋانلار، جانىۋارلار ۋە ھاشارەتلەرگىمۇ شۇنداق رەھىمدىل بولۇشى كېرەك. كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنى ئارتىش، ھېرىپ قالغان ھايۋانلارنى ئۇرۇش، قىيناش، زىيان سالمايدىغان ھايۋانلارنى سەۋەبسىز، بىكاردىن بىكار ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش، قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى كېسىش، كالپۇكنى تىلىش، ئوت بىلەن قىيناش، بوغۇزلاش، ئۆلتۈرگەن چاغدا ئارتۇق قىيناش، قۇشلارنىڭ قاناتلىرىنى يۇلۇش، پۇتىنى باغلاپ قويۇپ بېرىش، ئىتلارنى، قۇشلارنى، خورازلارنى تالاشتۇرۇش، ئۇسۇستۇرۇش، چوقۇشتۇرۇشتەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا مەنئى قىلىنغان ئىشلاردۇر. گەرچە ئادەملەر تىرىك ھايۋانلارنى ئىشقا سالماي، ئۇلارنىڭ تېرىلىرىدىن، يۇڭلىرىدىن، گۆشلىرىدىن پايدىلانماي تىرىكچىلىك قىلالمىسىمۇ، ئۇلارنى ئارتۇق قىينىماي، ئازابلىمايمۇ پايدىلىنالايدۇ. ئۇلارنى ئازابلاپ، قىينىلىشىدىن لەززەتلىنىش ئادەمىيلىك ئەمەس، بەلكى ۋەھشىيلىكتۇر. كۆڭلى پاك كىشى ھەر بىر مەخلۇقنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى، بارلىقى ۋە قۇدرىتىنىڭ بەلگىسى، ھەر بىر دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىنى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى يېزىلغان ۋاراق دەپ بىلىدۇ. ئاسمانلاردا پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە تەسبىھ ئېيتىپ تۇرسا، يەردە بولغان پۈتۈن ھايۋانلار، جانلىق ۋە جانسىز مەخلۇقلارمۇ ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىپ ئۇلۇغلايدۇ. **(وَلَكِنْ لَا تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ)** «ئۇلارنىڭ تەسبىھ ئېيتىقىنىنى سىلەر ئىنسانلار بىلمەيسىلەر.» شۇنىڭ ئۈچۈن، ھايۋانلارنى، قۇشلارنى سەۋەبسىز رەنجىتىش خىيانەت ۋە جىنايەتتۇر.

ياۋروپالىقلاردا بولغاندەك مۇسۇلمانلاردا «ھايۋانلارنى ئاسراش جەمئىيەتلىرى» بولمىسىمۇ، بىراق ھەر بىر مۇسۇلمان ھايۋانلارنى ئاسراشقا تەكلىپ قىلىنغان. **عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ أَبَا الْقَاسِمِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ لَا تُنْزَعُ الرَّحْمَةُ إِلَّا مِنْ شَقِيٍّ»**

(سنن الترمذي)

# 165 ـ ھەدىس: ئىلىمنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا

**الْعِلْمُ عِلْمَانِ فَعِلْمٌ فِي الْقَلْبِ فَذَلِكَ الْعِلْمُ النَّافِعُ وَعِلْمٌ عَلَى اللِّسَانِ فَذَلِكَ حُجَّةُ اللَّهِ عَلَى ابْنِ آدَمَ.** (سنن الدارمي)

ئىلىم ئىككى تۈرلۈكتۇر: بىرى كۆڭۈلدە بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارغا ئەڭ پايدىلىق ئىلىم ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىسى بولسا يالغۇز تىلدىلا بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھۆججىتىدۇر.

ئـاللاھ تائـالا ياراتقـان نەرسـىلەرنى كـۆرۈپ، چـوڭ ـ كىچىـك ھەممىسـىدىن ئىبـرەت ئـېلىش ئـارقىلىق ئۆزىنىـڭ قـۇل ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى، كۈچ ـ قۇدرىتىنى تونۇش ۋە بىلىش دىلنىڭ ئىلمى (كۆڭۈلدە بولىدىغان ئىلىمدۇر). بۇنىڭ دائىرىسى شۇنداق كەڭرى بولۇپ، تىل بىلەن سۆزلەش ۋە قەلەم بىلەن يېزىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. خوجا تەھسىن:

كىتاب ئالەمنىڭ ئەۋراقىدۇر ئىبتىدادىن ماھىدۇ،

سۇتۇر ھادىسات دەھرىدۇر ئەئسارىنا مەئدۇد،

باسىلمىش دەستىگاھ لەۋھۇلمەھفۇز تەبىئەتدە،

مۇجەسسەم لەفز مەئنىدارىدۇر ئالەمدە ھەر مەۋجود.

"سانىسىز مەخلۇقلار سىېنىڭ ئالەمگىدىن ئىبـارەت بولغـان كىتابىنـىڭ ۋارىقـى بولغـان بولسـا، ساناقسـىز ئەسـىرلەر زامـان ھادىسىلىرىنىڭ تەبىئەتنىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان خەتلىرىدۇر. ئالەمدىكى جىمى مەۋجۇتلۇق ياراتقۇچىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان مەنىلىك جىسمانىي خەتلەردۇر."

كۆڭۈلدىكى ئىلىم ئاللاھنى تونۇش ۋە ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشقا سـەۋەب بولىـدىغانلىقى ئۈچـۈن، ئۇنىـڭ دۇنيـادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ پايدىلىق ئىلىم بولۇشىدا شەك ـ شۈبھە يوق. ئىككىنچىسى بولسا، تىل ئـارقىلىق باشقىلارغا ئۆگىتىلىـدىغان ئىلىـم بولـۇپ، ھـېچكىم بـۇ ئىلىمـگە قارشـى «مەن بىلمەيـتىكەنمەن» دەپ ئـاللاھ ئالدىـدا سـەۋەب كۆرسـىتەلمىگەنلىكى ئۈچـۈن، بەندىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان ئاللاھنىڭ ھۆججىتىدۇر.

ئىلمى بار تۇرۇپ ئاللاھقا ئاسىي بولغان كىشى قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئالدىدا باھانە كۆرسىتەلمەيدۇ، ئەمما ئالىمنىڭ نىيىتـى توغرا بولغان تەقدىردە، بۇ ئىلىممۇ پايدىلىق ئىلىم ھېسابلىنىدۇ.

# 166- ھەدىس: ئالىملار توغرىسىدا

**الْعُلَمَاءُ أُمَنَاءُ اللهِ عَلَى خَلْقِهِ**. (كشف الخفاء)

ئالىملار ئاللاھ تائالانىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئەمىن (ئەڭ ئىشەنچلىك) بەندىلىرىدۇر.

ئىسلام دىنىنى ئۆزگەرتىلىشىدىن، بۇزۇلۇشىدىن ساقلاپ، ئىنسانلارغا ئۆگىتىش ئالىملارغا ئامانەت قىلىنغان.

چوڭ بىر سودا شىركىتىگە ياكى زاۋۇت كان ــ كارخانىغا مەسئۇل بولغان كىشىنىڭ ئىشەنچلىك، مەسئۇلىيەتچان، تەجرىبىلىك، بىلىملىك، ساداقەتمەن بولۇشى ۋە ھەممە ئىشقا مەسئۇل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن خەلققە مەسئۇل، ئامانەتدار قىلىپ قويۇلغان ۋە شۇ ۋەزىپە سەۋەبىدىن ئۈستىگە نۇرغۇن يۈك ۋە مەسئۇلىيەتلەر يۈكلەنگەن ئالىملارمۇ كۈچىنىڭ يېتىشى، قابىلىيىتى، نوپۇز ۋە ئىناۋىتىگە يارىشا ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا «ئىشەنچلىك» دەپ تەرىپلىگەن ئالىملارنىڭ ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ بىر قىسىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن:

1- شەرىئەت ۋە دىن ھۆكۈملىرى ئۆزگەرتىلمەسلىكى، بورمىلانماسلىقى، رەسۇلۇللاھ، ساھابە ۋە تابىئىنلاردىن رىۋايەت قىلىنمىغان قائىدە ــ يوسۇن ۋە ئەھكاملارنىڭ «دىن» نامىدىن يۈرگۈزۈلمەسلىكى قاتارلىقلارنى نازارەت قىلىش.

2- دىنىي ياكى ئىلمىي جەھەتلەردە گۇمانلىق مەسىلىلەر كۆرۈلگەندە، ئۆزىنىڭ قارىشى ياكى تەقلىد (شەخسىلەرگە، ئۆرپ ـ ئادەتكە ئەگىشىش) بىلەن ئەمەس، بەلكى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق ھالدا بىر تەرەپ قىلىش.

3- مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئاياق ئاستىدا خارلانماسلىقى، ھايات ۋە تۇرمۇش جېڭىدە يېڭىلىپ كەتمەسلىكى، مىللەتنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلۈك بىر مىللەت بولۇپ تۇرالىشى ئۈچۈن ياخشى چارىلەرنى تېپىش، بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ بەختلىك ۋە خاتىرجەم ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن رەھبەرلىك قىلىش، قىلغاندىمۇ شۇ خىزمەتنى ئاللاھنى رازى قىلىش، ئۈستىدىكى قەرزنى ئادا قىلىش ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئورۇنداش مەقستى بىلەن قىلىش.

4- گۈزەل ئەخلاق ۋە ھالال يوللار بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش جەھەتلەردە مىللەتكە ئۈلگە بولۇش.

5- دىنىنى قۇرئان كەرىمنىڭ روھى بويىچە چۈشەندۈرۈش، ئۆزىمۇ شۇ بويىچە چۈشىنىپ ئىش تۇتۇش.

6- ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەردە قۇرئان كەرىمدە كۆرسىتىلگىنى بويىچە خىزمەت قىلىش.

7- خەلقنىڭ ھۆرمەتلىشى، تەزىم قىلىشىنى كۈتمەسلىك.

8- دىنىنى ۋە ئىلمىنى پۇل ـ مال توپلاشنىڭ، مال ــ دۇنياغا ئېرىشىشنىڭ سەۋەبى ۋە قورالى قىلىۋالماسلىق.

9- پىسقى- پۇجۇر (شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلار)، ئومۇمەن دىنىي مەسىلىلەرگە سەل قاراشتىن ۋە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن ساقلىنىش.

10 ـ ھېساب ۋە تېخنىكىلىق قائىدىلەرنى، كائىنات ۋە تەبىئەت ئىنتىزاملىرىنى، ئومۇمەن قەتئىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان نەرسىلەرنى «دىن» نامىدىن ئىنكار قىلماسلىق ۋە شۇلارغا دىن نامىدىن قارشى تۇرماسلىق، دۈشمەنلىك قىلماسلىق.

11 ـ ئۇممەتنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋەتنى يىرىكلەشتۈرىدىغان، ئۈزۈلدۈرىدىغان ئايرىمچىلىققا ۋە ئىتتىپاقسىزلىقلارغا يول قويماسلىق (دۈشمەنلەرنىڭ، مىللىي خائىنلارنىڭ مىللەتنى پارچىلىشىغا، زىددىيەت پەيدا قىلىشىغا يول قويماسلىق، ئالدىنى ئېلىش).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا كۆپلىگەن ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتلەرمۇ بار بولۇشى مۇمكىن.

بىر ئالىم ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ماختىنىپ، باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرسە ۋە ئۇلارنىڭ تەنىم قىلىشىنى، ھۆرمەت قىلىشىنى كۈتسە، كىشىلەرنىڭ قوپال مۇئامىلىلىرىنى، ئاچچىق گەپلىرىنى كۆتۈرەلمەي «قەدرىمنى بىلمەيدۇ، ئىجتىمائىي ئورنۇمنى چۈشەنمەيدۇ، توغرا يول كۆرسەتكىنىم، ئىلىم ئۆگىتىپ قويغىنىم ئۈچۈن مېنى ھۆرمەتلىمەيدۇ» دېگەندەك خىياللارنى ئويلاپ يۈرسە، مىللەتتىن، خەلقتىن ياخشى مۇئامىلە كۆرمىگىنى ئۈچۈن ئاغرىنسا ۋە ئۇلاردىن ئايرىلىپ (يالغۇز تۇرۇشنى خالاپ)، خەلقنىڭ خوشاللىقىدىن، غەم ـ قايغۇلىرىدىن خەۋەرسىز ياشىسا، ئۇنداق ئالىم ئاللاھ تائالانىڭ ئەمنىي (ئىشەنچلىك ئادىمى) بولماستىن، بەلكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمىگەن ۋە «ئالىم، ئىشەنچلىك» دېگەن ياخشى ئىسىملارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە لايىق بولمىغان كەمتۈك، مىسكىن، گۇناھكار ۋە خائىندۇر.

تارىختا ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن باشتىن ـ ئاياقىچە ھەربىدىلىپ ئىككى پارچە قىلىپ تاشلانغان، تۆمۈر تاغاق بىلەن تارالغان، دوزاختەك قىزىغان ئوتلارغا تاشلانغان مۆمىنلەر ئۆتتى. ئۇلار شۇ قىيىن ۋاقىتتىمۇ ئاللاھ تائالادىن قىلچە نارازى بولۇشمىغان، خەلقتىن ئاغرىنىپ باقمىغان، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىدا ئاداقىچە چىڭ تۇرغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى تائىف خەلقى تاش ئېتىپ بېشى ۋە پۇتىنى قانىتىۋەتكەن ۋاقىتتىمۇ «ئى رەببىم! ئەگەر غەزىپىڭگە ئۇچرىشىمدىن ساقلىساڭ، ھەر قانداق ئېغىرچىلىققا چىداش مېنىڭ قەرزىمدۇر» دەپ مۇناجات قىلغان. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇبارەك چىشلىرى سۇنۇپ كەتكەندىمۇ «ئى ئاللاھ قەۋمىمنى ھىدايەت قىل (كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىل) ئۇلار بىلمەيدۇ (مەزۇرلاردۇر)» دەپ دۇئا قىلغانىدى.

مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى، ئۆز ۋەزىپىسىنى تونۇپ يېتىش ھەم ۋەزىپىسىنى — زىممىسىدىكى قەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشقانلىقتۇر.

ئىسلام دۇنياسىدا ھەق گەپنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشتىن باشقا گۇناھى يوق تۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، قامچىلانغان، زىندانىدا ياتقان، ئۆز يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىنغان ئالىملار ساناپ تۈگىتەلمىگىدەك دەرىجىدە كۆپتۇر. بۇلار مۇشۇنداق بالايى ـ مۇسىبەتلەرنى سەۋر ۋە رىزالىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە مۇشەررەپ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا خەلققە مىننەت قىلمايدۇ ۋە ئۇلاردىن ئاغرىنمايدۇ.

مۇشۇنداق يۇقىرى ئەخلاققا ئىگە بولغانلار ھەقىقىي ئالىم ۋە ساداقەتمەن كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. بىزدە «ئالىملار» كۆپ، بىراق ھەقىقىي ئالىملار ئىنتايىن ئاز.

بىزدە ئالىم دېگەن سۆز كۆپ، دىندارلىق پۈتۈنلەي يوق.

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئالىم بىلەن مۇجتەھىد (مەسىلىلەرنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تـوغرىلاپ ھەل قىلغۇچى) دېگەن سۆزلەر ئوخشاش ئۇقۇمغا ئىگە بولسىمۇ، بىزدە ئالىم نـامىنى ئـېلىش ئۈچـۈن رۇسـچە يېزىلغـان بىـر بەت قەغەزگە ئىگە بولۇش كۇپايە (مۇدەررىسلىك، ئاخۇنلۇق ۋەزىپىلىرىگە بەلگىلىنىپ مەنشۇرە، گۇۋاھنامە بېرىلسە، ئـۇ كىشـى مـوللا، ئالىم بولىدۇ). سۆز ـ تەشۋىقاتلىرى تۇتىرۇقسىـز، ۋەز ـ نەسـىھەتلىرىدە سـۆزلەيدىغان ھەدىسـلىرى مەۋزۇ (يالغانـدىن توقۇلغـان)، ياسالما گەپلەرنى تولا قىلىـدىغان، مەھەللە خەلقىـگە خـۇراپىي، بىھـۇدە نەسـىھەتلەرنى قىلىـدىغان، ئىلمىـي مەسـىلىلەرگە تۇتقـان پوزىتسىيىسـىگە ئىشـەنگىلى بولمايـدىغان ئـادەملەر ھەر يەرنـى قـاپلاپ كەتتـى. شـۇڭا بىـزدە «ئـالىم» ناھـايىتى كـۆپ بولـۇپ، ئېھتىياجدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق، ھەتتا چاي، نەزىرگە چاقىرغان باغاقلاردىمۇ «ئـاخۇنلار يىغىلىشـىغا كـېلىڭلار» دېـگەن گەپ يېزىلىدۇ. نېمىدېگەن ئەرزانچىلىق؟!

ھەزرىتـى رەسـۇلۇللاھ ئەڭ ئـالىي ۋە ئېنىـق، پۈتكـۈل ئىنسـانلارنىڭ تۇرمۇشـىغا مۇۋاپىـق ئىلمىـي، پەننىـي، ئەمەلىـي ۋە ئەخلاقىي بىر «دىن» بىلەن كەلگەن ئىدى. لېكىن ساھابە ۋە تابىئىنلاردىن كېيىن ئانچە كـۆپ ۋاقىـت ئۆتمەيلا، بـۇ دىنغـا يـات (باشقا دىنىدىكى) خەلقلەردىن ۋە باشقا مەزھەبلەردىن ناھايىتى كۆپ خىيالىي ۋە خۇراپىي نەرسە قوشـۇلدى. ئىلاھـي ھەقىقەتـتىن ئىبارەت بولغان قۇرئان كەرىمگە خىلاپ ۋە قارشى بولغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر، رەسمىيەتلەر، ياسالما قائىدىلەر پەيدا قىلىنـدى. مۇشـۇ سـەۋەبتىن ھېسابسىـز مەزھەپـلەر ۋە مەسـلەك (سـۇلۇك) لەر ئاشـكارا بولـدى. قەبـرىلەر ئۈسـتىگە ئىبادەتخـانىلار ۋە دۇئاخـانىلار سېلىنىپ، چىراغلار ياندۇرۇلۇپ، نەزرە ماللار ۋە توخۇ، كەپتەرلەر بوغۇزلىنىپ، ئومـۇمەن تەۋەررۇك قىلىـش مەقسـىتى بىـلەن ئـۈچ مەسجىد (بەيتۇللاھ، رەسۇلۇللاھ مەسجىدى، بەيتۇلمەقدىس) تىن باشـقا ئورۇنلارغـا، بولۇپمـۇ ئەۋلىيالارنـىڭ قەبرىلىـرىگە، ياخشـى كىشىلەرنىڭ بۇلاقلىرىغا، غوجىلارنىڭ تاغلىرىغا ساۋاب ئۈمىدى بىلەن سەپەر قىلىش، ئۆلۈكلەرنىڭ روھىدىن مەدەت سوراش، بالاغا ئۇچرىغاندا: «ئى پالانى مەدەت» دېگەندەك دۇئا قىلىش، مېيىتلارنىڭ ھۆرمىتىگە نەزىر بېرىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھېچ قايسىسى رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىدا يوق ئىدى.

قۇرئـان كەرىـم كۆرسـەتكەن مۇسـۇلمانلار ھۆكـۈمىتىنى ساقلاشـقا دائىـر يولىـورۇقنى رەسـۇلۇللاھ ئـۆز ئەمەلىيىتـى بىـلەن كۆرسەتكەن، ئىسلام ھاپىزلىرى (رەسۇلۇللاھ ھەدىسلىرىنى تەتقىقلاپ يېزىپ قالدۇرغۇچى مۇھەددىسلەر) رىۋايەت قىلغـان ئىـدى. كېيىنكى مۇسۇلمانلار بولسا، مەملىكەتلەرنـى ھىمـايە قىلىشـنى تـۇپراق ئاسـتىدا چىرىـپ تـۈگىگەن شـەيخ ئىدرىسـى، شـازىلى، ئابدۇلقادىر جەيلانى، بەھائىددىن نەقشبەندى ۋە بەدىۋىلەرگە تاپشۇردى.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى: «مەن سىلەرگە قۇرئان بىلەن سۈننەتنى قويـۇپ كەتـتىم، سـىلەر شـۇ ئىككـى نەرسـىنى چىـڭ تۇتساڭلار، ئېزىق چىشىڭلار بىـلەن چىشـلەپ ئېسىلساڭلار، يولـدىن ئازمايسـىلەر» دەپ نىجـاتلىق يـولىنى كۆرسـەتكەن ۋە شـۇ ھېكمەتلىك سۆزنى مۇئەييەن زامان ۋە مۇئەييەن مەملىكەت خەلقىگىلا خاس قىلماي، بەلكى پۈتۈن ئۈممەتكە، ئاخىر زامانغـا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مۇسۇلمانلارغىچە ئومۇملاشتۇرۇپ سۆزلىگەن تـۇرۇپ، ھەم كاتتـا مۇجتەھىـدلەر: «بىـز ماڭىـدىغان يـول قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەگىشىشتىن ئىبارەت بولۇپ، راست ھەدىسلەرگە خىلاپ كـۆرۈلگەن سـۆزلىرىمىز ئېتىبارغـا ئېلىنمىسـۇن، ئـۇ سۆزىمىزگە ئەمەل قىلىنمىسۇن» دېگەن مەزمۇندا نەسىھەت قىلىپ كەتـكەن تـۇرۇپ، كېيىنكـى خەلقـلەر ئىمامىمىزنىـڭ سـۆزى بىـلەن قۇرئـان ئـايىتى ئارىسـىدا ئوخشماسـلىق كۆرۈلسـە: «ئىمامىمىزنىـڭ سـۆزىگە (مەزھىبىمىـزگە) ئەمەل قىلىمىـز. ئەگەر ئىمامىمىزنىڭ سۆزى بىلەن ھەدىس قارىمۇ قارشى كەلسە ھەدىسـنى قاتارغـا ئالمـايمىز» دېگەنـدەك قائىـدىلەرنى چىقىرىۋېلىشـتى. ئىجتىھاد ھېچ بىر زامان ۋە ھېچقانداق مەملىكەتكە خاس قىلىنمىغان. ئـاللاھ تائالانـىڭ پەزلىنـىڭ توختـاپ قالغـانلىقى ھەققىـدە دەلىل يوق تۇرۇپ، بىزنىڭ كېيىنكى ئالىملىرىمىز: «تۆت مەشـھۇر مەزھەپـتىن بىـرىگە ئەگىشـىش لازىـم، مەزھەپـتىن مەزھەپـكە

يۈتكەلگۈچى ئەدەبلىنىشكە تېگىشلىك، مەزھەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش دۇرۇست ئەمەس، ئەمدى قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن دەلىل كەلتۈرىدىغان زامان ئۆتۈپ كەتتى» دېگەندەك قائىدىلەرنى تەپتارتماستىن كەڭ ئاۋامغا ئۇقتۇردى. ھەتتا ئاۋام خەلققە ئايەت ـ ھەدىسلەرگە ئېسىلىش ۋە ئەمەل قىلىش ئىسلام دىنىدىن يانغاندەك بىر ئىش قىلىپ كۆرسىتىلدى.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى پەرز نامازلارنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپ، ساۋابلارنى ۋەدە قىلدى. مەسجىدلەرنى ياساش، ئەزان ئوقۇشنى يولغا قويۇشتىكى ئەسلى مەقسەتمۇ ئۈممەتنى بىر جامائەت ۋە بىر گۇرۇپپا ھالىغا كەلتۈرۈش ئىدى. لېكىن مەزھەپ تەرەپبازلىقىغا مۇپتىلا بولغان خەلق رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ۋە مەقسىتىگە قارشى چىقىشتى. مەسجىد جامائىتىنى تۈرلۈك گۇرۇھلارغا ئايرىيدىغان ناچار ئىش پۈتۈن دۇنيادا بولغان تەقدىردىمۇ، كەبىنىڭ قېشىدا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ئىشلەنمەسلىكى، ئەدەب ساقلىنىشى لازىم ئىدى (ھەرەمدە تۆت مەزھەپ كىشىلىرىنىڭ تۆت جامائەت بولۇشى توغرا ئەمەس ئىدى). لېكىن بۇ ناچار ئىشنى ھەممىدىن بۇرۇن شۇ ئورۇنلاردا قىلىشتى. بۇ ئەھۋال «ئۇمەنائۇللاھ» دېگەن ئۇنۋانغا لايىق بولمىغان ئالىملارنىڭ بىلمىسىزلەرچە تەرەپبازلىقى سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلدى.

ئاردىن مىڭ يىل ئۆتتى. بىراق، ئىسلام ئالىملىرى ئۆزلىرى ئىجتىھاد قىلىشقا قۇربى يەتمىدى. ھەتتا، باشقىلارنىمۇ ئىجتىھاد قىلغىلى قويمىدى. ئەقىل ۋە پىكىرلەرنى تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلىدى. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى ئېچىنىشلىق، ھەسرەتلىك بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلى ـ پىكرى بىر ئىزدا توختاپ قالدى. ئەقىللىرى گاللىۋاشلىشىپ، تۇتۇقلاشتى. پۈتۈن خەلق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن چاغلاردا، بۇلار بارغانسېرى ئارقىغا چېكىنىپ كەتتى. دۇنيانىڭ غەربىدىكى خەلقلەر شۇنچە كۆپ ھۈنەر ـ سانائەتلەرنى ئۆگىنىپ، كاتتا ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ، پۈتۈن دۇنياغا بىلىم قۇياشى تۇغدۇرغان ۋاقىتلاردا، مۇسۇلمانلار پۈتۈنلەي ھارغىن ھالغا چۈشۈپ قالدى. دۇنيانىڭ خار، ھالى خاراب خەلق بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولدى.

﴿وَمَا ظَلَمهم الله وَلَكِنْ كَانُوا أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ﴾ ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش قۇۋۋەتلىرىدىن قۇرۇق قالغان ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىشنى بىلىش كامىللىقىدىن نېسىۋىسى يوق ئادەملەر، تەپسىرلەرگە ئىسلامدىن بۇرۇنقى زامانلاردىن قالغان خىيالىي سۆزلەرنى، يەھۇدىيلار ئويدۇرغان سەپسەتىلەرنى تولدۇرۇش بىلەنلا قانائەت قىلماي، بۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز خىياللىرىنى ۋە قاراڭغۇدا تەرمەچ تەرگەنلەرنىڭ جۇغلىغان ئەپسانىلىرىنىمۇ قوشۇپ قويىدى، شۇنداقلا ئۇلارغا شەرىئەتنىڭ سۈرىتىنى بېرىپ، خەلققە تەقدىم قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. بىلمىسىزلىككە گىرىپتار بولغان، يىراقتىن كەلگەن ھەرقانداق ئاۋازغا قۇلاق سېلىپ ئادەتلەنگەن مىللىتىمىز «هل من مزيد؟» (يەنا بارمۇ؟) دەپ مۇشۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام نامىدىن قوبۇل قىلدى. بۈگۈن بىر كىشى چىقىپ ئۇلارغا بۇ توغرىدا چۈشەنچە بېرىشكە ۋە ھەقىقەتنى ئاڭلىتىشقا تىرىشسا، ئۇ كىشى سۆكەك ئېتىلىپ چالما ــ كېسەك قىلىنىدۇ، زىندىق (دىندىن چىققۇچى) دېگەن نامغا ئىگە بولىدۇ، مىسيونېر (خرىستىئان دىن تارقاتقۇچىلىرى) لارغا سېتىلغان دەپ قارىلىنىدۇ.

دىنىي ئەسەرلەردە ۋە تەپسىر دەپ ئاتالغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە گوياكى مۇشۇ زېمىن ئۆكۈز (ئۇي) نىڭ مۈڭگۈزى ئۈستىدە، ئۆكۈزنىڭ بېلىقنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغانلىقى ۋە ئەتىگەندە ئۆسۈملۈك ئۈستىدە تۇرغان شەبنەم ـ قىرو ئاشۇ ئۆينىڭ تىرنىقىدىن پەيدا بولغان بۇستىن شەكىللىنىدىغانلىقى، ھەزرىتى ھەۋۋانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغانلىقىدىن سول قوۋۇرغىنىڭ سانىنىڭ ئاز ئىكەنلىكى، يامغۇرنى پەرىشتىلەر چىلەكلەردە دېڭىزدىن توشۇپ ياغدۇرىدىغانلىقى، ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىتى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تېكەسى، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى، ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېشىكىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى، پاچىقى يەردە، كۆكرىكى ئەرشىگە تېگىپ تۇرىدىغان چوڭ بىر خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن پۈتۈن يەر يۈزىدىكى خورازلارنىڭ چىللايدىغانلىقى، پۈتۈن يەر يۈزىنى قورشاپ ئالغان ۋە

يېشىل زەبەرجەددىن بولغان «كوھىقاپ» ئىسىملىك بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ شولىسىنىڭ ئاسمانغا چۈشۈپ تۇرىدىغانلىقى، شۇ كوھىقاپنىڭ ئارقىسىدىكى جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئادەملەرنى ئالدانسۇن ۋە سەھەردە تاماق يېيەلمەي قالسۇن ئۈچۈن، شولىسى پۈتۈن يەر يۈزىگە چۈشكۈدەك دەرىجىدە ئۇت قالاپ ياتىدىغانلىقى، ھەجەرۇلئەسۋەد ئەسلىدە ئاق ياقۇتتىن بولۇپ، گۇناھلىق ئادەملەرنىڭ قوللىرى تەككەنلىكى يۈزىسىدىن قارا بولۇپ قالغانلىقى، بەيتۇل مەقدەستىكى تاشنىڭ يەرگە تەگمەي ھاۋادا تۇرىدىغانلىقى ۋە شۇ تاشقا رەسۇلۇللاھنىڭ پۇتىنىڭ ئىزى چۈشۈپ قالغانلىقى، ئەۋج ئىبنى ئەنەق ئاتلىق چوڭ گەۋدىلىك بىر كىشى بولۇپ، توپان بالاسىنىڭ سۈيى ئۇنىڭ ئارانلا تىزىغا كېلىدىغانلىقى، توپان سۈيىدىن بېلىق تۇتۇپ قوياشقا قاقلاپ پىشۇرۇپ يېگەنلىكى، كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، شەدداد ئىسىملىك بىر پادىشاھنىڭ ئالتۇندىن بىر قىش، كۈمۈشتىن بىر قىش قويىدۇرۇپ ئەدەن سەھراسىدا باغ ياسىغانلىقى ۋە ئۇ باغ مۇشۇ كۈندە ساق بولسىمۇ، ئىنسانغا كۆرۈنمەي تۇرىدىغانلىقى، ھەر ئايدا باشقا ـ باشقا يېڭى ئاي ۋە ھەر كۈنى باشقا يېڭى كۈن چىقىدىغانلىقى، پەرىشتىلەرنىڭ قۇياشنى ئالتۇن ھارۋىغا سېلىپ تارتىپ ئەكىلىدىغانلىقى، ئابىھايات بۇلىقى ئىسىملىك بۇلاقتىن سۇ ئىچكەن كىشىنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقى ۋە شۇ سۇدىن ئىچكەنلىكى ئۈچۈن خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادا خەلقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەستىن سالامەت يۈرىدىغانلىقىغا ئوخشاش تېگى يوق سۆزلەر ۋە ئويدۇرما خەۋەرلەر يېزىلىپ تۇرىدۇ. بۇلار دىنىي ۋەز ـ نەسىھەتلەرنىڭ رەڭگىدە بويىلىپ، مۇنبەر ۋە مېھراپلاردا مۇسۇلمانلارغا سۆزلىنىدۇ.

شەرىئەت بىلەن تەبىئەت، كائىنات (ئالەمدىكى بارلىق مەخلۇقلار) نىڭ ئىنتىزامى ئارىسىدا مۇستەھكەم مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىش بولغانلىقى، تەبىئەت ئىلمى مۇكەممەللەشكەنچە شەرىئەت ئىلمىمۇ مۇكەممەل بولىدىغانلىقى، كائىناتنىڭ ئىنتىزامى، ئىنسانلاردىكى ئەقلى ۋە بەدەنى قۇۋۋەتلەر، قىسقىسى تەبىئەتتىن بىخەۋەر كىشىلەرنىڭ شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان تۇرۇپ، ھازىرقى مۇسۇلمانلار شەرىئەت بىلەن تەبىئەت ئىلىملىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن بىخەۋەر قېلىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، بۇلارنىڭ ئارىسىدا زىتلىق بار دەپ قارايدۇ. ئۇلتۇرۇشلىرىدا ۋە بۇنى كىتابلىرىدا يېپىق شەكىلدە ئەمەس، بەلكى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق سۆزلەپ ئۆتىدۇ.

تەبىئەت بارلىق يوشۇرۇن نەرسىلەردىن، ئىنتىزاملاردىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلار ئىلمى ۋە ئاڭ سېزىمىغا قاراپ بۇنىڭدىن پايدا ئالىدۇ. ئەگەر تەبىئەت ئومۇمىي ۋە داۋاملىق بولماي، قائىدىسىز ـ تەرتىپسىز بولسا ئىدى، خەلقلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايتتى ھەم ئۇلارنى ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا دەلىل قىلغىلى بولمايتتى.

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى، قۇدرىتى ۋە كامىللىقى توغرىسىدا تەبىئەتتىن دەلىل كۆرسىتىلگەن ئايەتلەر ئاز ئەمەس. ئەگەر بىر كىشى تەبىئەتتە تەرتىپسىزلىك ياكى قانداقتۇر بىر كەمچىلىك تاپسا، بۇ ئىش ئۇنىڭ پىكرىنىڭ توغرا ئىشلىمىگەنلىكىدىن، ئەقلىنىڭ ساغلام خىزمەت قىلمىغانلىقىدىندۇر. چۈنكى تەبىئەتنىڭ ناقىس، يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

﴿مَا تَرَى فِي خَلْقِ الرَّحْمَانِ مِنْ تَفَاوُتٍ فَارْجِعْ الْبَصَرَ هَلْ تَرَى مِنْ فُطُورٍ﴾

شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەتتە تەبىئەتكە، تەبىئەتتە شەرىئەتكە زىت نەرسە تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ نەرسىلەر «ھەق» ئىسىملىك ھارۋىغا قوشۇلغان چېپىپ يۈرىدىغان ئاتلاردۇر. ئەگەر بۇلار ئارىسىدا زىتلىق كۆرۈلسە ئىدى، ئاللاھ تائالا شەرىئەتنى بىر تۈرلۈك، تەبىئەتنى بىر تۈرلۈك تۈزۈش ئارقىلىق بۇزۇلۇۋەتكەن بولاتتى. ھەق تائالا مۇنداق ئىشلارنى قىلىشتىن مۇنەززەھ ـ پاكتۇر. تەبىئەت بىلەن شەرىئەت ئارىسىدا ئوخشاشماسلىق بار دەپ بىلگۈچىلەر ۋە شۇ قاراشقا ئاساسلىنىپ تەبىئەت ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى شەرىئەت نامىدىن مەنئى قىلغۇچىلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئىسلام دىنىنى ئوبدان چۈشەنمىگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ

بىلىمسىزلىكىدىن خەۋىرىنىڭ يوقلىقىدىندۇر. توغرا، شەرئەت ئالىملىرى ئارىسىدا خاتا سۆزلىگۈچىلەر ۋە يازغان ئەسەرلىرىدە بۇزۇق پىكىرلەرنى يازغۇچىلار بولغاندەك، تەبىئەت ئالىملىرى ئىچىدىمۇ خاتالاشقۇچىلار ۋە بۇزۇق ئاساسلارغا يۆلىنىپ سۆزلىگۈچىلەر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ خاتالىقلار ۋە ئېزىقىشلار ئۇ ئالىملارنىڭ ئۆزلىرىگە ئائىت بولۇپ، ئەسلى شەرئەت بىلەن تەبىئەتكە بۇلارنىڭ تەسىرى يوق. ئېنىقكى، ئىلمىي دەلىللەر ۋە قەتئىي ھۆججەتلەر بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن نەرسىلەرنى ئىسلام دىنى ئىنكار قىلىدىغان بولسا، بۇ ئىش بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئەتىۋارى تۆۋەنلىشىشكە ۋە بىكار بىر نەرسە دەپ تونۇلۇشقا توغرا كېلەتتى. شەرئەتكە ياردەم بېرىش مەقسىتى بىلەن مۇنداق يىلتىزى يوق داۋالارغا كىرىشكۈچى كىشى، دىنغا خىيانەت قىلىش خىزمىتىنى قىلىپ، ئىسلام دىنىغا زىيان يەتكۈزگەن كىشى بولۇپ، «گالۋاڭ دوستتىن زېرەك دۈشمەن ياخشى» دېگەن ھېكمەتكە توغرا كېلەتتى.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا، ئەتراپىدىكى ناھايىتى مۆتىۋەر ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلەرگە: «ماڭىلا قاراپ تۇرۇۋالار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئۆزەڭلار ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار» دېگەن مەزمۇندا نەسىھەت قىلىدۇ. «ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى بىلمەيمەن، مەنمۇ باشقىلاردەك ئادەم بالىسىمەن. باشقىلاردىن پەرقىم بولسا، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى خەلقلەرگە يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، غەيىپ ئىشلارنى بىلىشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ» دەيتتى. بۇددالارنىڭ ئۆز روھانىلىرىنى ئىلاھلىق ۋە مەبۇدلۇق (ئىنسانلارنىڭ باش ئېگىشىگە تېگىشلىك) دەرىجىسىگە كۆتۈرگىنىدەك، ئىسلام دۇنياسىدا پەيدا بولغان راھىب (ئىبادەتچى) ۋە دەرۋىشلەرمۇ ئۆز پىرى كامىللىرىغا «بالا ـ قازانى توسىدۇ، غەيبنى بىلىدۇ» دېگەن ھوقۇقلارنى بەردى. ھەتتا بۇلارنىڭ تونۇشىدا ئاللاھ تائالا مەغلۇب (پىرلارغا كۈچى يەتمەيدىغان) ۋە ئۇلار بۇيرىغاننى قىلىدىغان بىر زات دېگەندەك گۇمانلارنى كەلتۈرىدىغان دەۋالارنى قىلدى. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ تونۇشىدا ئەڭ چوڭ ئىشان ۋە ئەۋلىيا دەپ قارىلىدىغانلاردىن بىرى: «بۇ تاغقا ئالتۇن بول!» دېسەم، شۇ ۋاقىتتا ئالتۇن بولۇر ئىدى» دەپ دەۋا قىلىدۇ ۋە مۇشۇ سۆز يېزىلغان كىتابى (بەلكى بۇ ئۇنىنچى قېتىملىقىدۇر) بېسىلىپ، تارقىلىپ تۇرىدۇ. بىر تىپىنلىق ئەھمىيىتى يوق مەسىلىلەر توغرىسىدا: «ھەقنى سۆزلىمەي جىم تۇرغۇچى شەيتاندۇر» دەپ دۇنياغا سەكرەپ چىققۇچىلار ۋە: «پىتنە ئاشكارا بولسا ۋە ئالىم كىشى ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرسا گۇناھى شۇ ئالىمغا» دېگەنلەرنى ئوقۇپ ئەمر ـ مەرۇپ قىلىشقا كىرىشكۈچىلەرنىڭ ھېچ قايسىسى ئۈن چىقارمايدۇ.

بۇلار ئۆزىنى «بىر نەرسىنى يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، بولغىن دەيدۇ ۋە شۇھامان بولىدۇ» دېگەن سۈپەت بىلەن تونۇتقۇچى زات ئالدىدا تەسلىم بولۇشقا، قۇللۇقنى ۋە خار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە مەجبۇر كىشىلەردۇر. دەرۋىشلەردىن قولدىن ـ قولغا يۆتكىلىپ كەلگەن ۋە سەۋەتخانىلاردىن تارقالغان ھۆكمەت ۋە مەنقەبەت كىتابلىرىدىكى غولۇۋ ۋە ئىفرات (چېكىدىن ئاشۇرۇش) لار، توقۇلما ۋە يالغان سۆزلەرنىڭ، كەشپى ـ كارامەت، خارىقى ئادەتلەر توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ سانى ۋە چېكى يوق. بۇ كىتابلارنى، ھۆكمەتلەرنى ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن كۆڭلى بىلەن شۇنچە كۈچ ـ قۇدرەتكە ۋە ئۇلۇغلۇققا ئىگە بولغان ئەۋلىيالارغا يۆلىنىشكە، ئاللاھ تائالانى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقا، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى بىلمەسلىككە مەجبۇر بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇبدان تەكشۈرۈلسە، مۇنداق خەۋەرلەرنىڭ ئىنساپ ۋە دىنى كەمتۈك ئادەملەر تەرىپىدىن شەخسىي ۋە ئومۇمىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ، بەلكى تولىراقى يامان سىياسىي غەرەزلەر ئۈچۈن توقۇپ چىقىرىلغانلىقلىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مۇنداق تېگى يوق ھېكايىلەر، خىيالىي ۋە ئاشۇرما ئەپسانىلەر ئىسلام دۇنياسىغا، تۈركىستان يېزىلىرىغا قەدەر تارقالدى. رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلگەن سۈپ ـ سۈزۈك ۋە ئالىي ئىسلام نېمىتىنى قارا بوران بولۇپ باستى. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنىنىڭ روشەنلىكى ۋە زىننىتى كەتتى. مۇلھىدلار، زىندىقلار (دىنىنى ئۆز گەرتكۈچىلەر ۋە دىندىن چىققۇچىلار) لار ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈش ۋە: «مۇسۇلمانلار ئەخمەق، ئەقىلسىز» دەپ تۆھمەت قىلىشقا سەرمايە ھازىرلاندى.

﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ، وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ﴾

بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، بىز ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز.

كەسىپ ئىگىلەش، ھۈنەر ـ سانائەت ئۆگىنىش، پايدىلىق بىلىملەر بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن كەتكەن نەرسىسى بولۇپ، قەيەردىن تاپسا شۇ يەردىن قولغا ئېلىش مۇسۇلمان ئۈچۈن شەرتتۇر. ھەتتا نىيەت توغرا بولغاندا، ئىبادەت قىلغاندەك ساۋابقا ئىگە بولىدىغان تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى ھۈنەر ئۆگىنىشتىن، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىشتىن ئۈركۈتكۈچىلەر، خەلقلەرنى خانىقا، مازارلاردا زىكرى ـ سۆۋەت ئورۇنلىرىدا تۇتۇپ تۇرغۇچىلار، «شەيخى يوق كىشىنىڭ شەيخى شەيتاندۇر» دېگەندەك بىمەنە ۋە ئاساسسىز سۆزلەر بىلەن بىلىمسىز خەلقنى قورقۇتۇپ، مۇرىد بولۇشقا زورلىغۇچىلار ئاشكارا بولدى ۋە كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى. مۇشۇ ئەھۋال سەۋەبىدىن تەپسە تۆمۈر ئۈزگىدەك پەھلىۋان ۋە تىنى ساق كىشىلەر ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىسىدە، شەرەپلىك ئورۇنلاردا سەدىقە ۋە نەزىر تەمە قىلىپ يېتىشقا ۋە «خەلپەتلىك» نامى بىلەن ئىقتىساد توپلاشقا تۇتۇش قىلدى. باشقا مىللەتلەرگە ئارىلىشىش، ھۈنەر ـ سانائەت ئۆگىنىش، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت يولىغا كىرىشتەك ئىشلار ھەر تۈرلۈك سەۋەب بىلەن، بولۇپمۇ كاپىرلارغا ئوخشاش ئىش قىلغانلىق دېگەندەك باھانىلەر بىلەن مەنئى قىلىندى.

بۇ ئىشلارنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن ئىسلام مىللىتى ھەر جەھەتتىن پالەچ كېسىلىگە ئۇچرىدى. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، دىنىي ۋە دۇنياۋى، پەننىي ۋە ئىلمىي ئىشلاردا ئاۋازى ۋە ھەسسىسى يوق. بۇلار كۈندىن ـ كۈنگە، سائەتتىن ـ سائەتكە تۆۋەنلىشىۋاتىدۇ. مال ـ مۈلۈكلىرىدىن، ھوقۇق ۋە ئىناۋىتىدىن، ئېتىبار ۋە شۆھرەتلىرىدىن ئايرىلىۋاتىدۇ. دوزاخ ھېگىدىك چوڭقۇر بولغان خارلىق قۇدۇقىغا چۈشۈۋاتىدۇ.

ساھابە ۋە سەلەپلەر تەرىپىدىن پەتھى قىلىنىپ (قولغا كەلتۈرۈلگەن) ئىلىمنىڭ ۋە دىنىنىڭ مەركىزى قىلىنغان ۋە ھېسابسىز ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن تۇنىس، قىرۋان، ئالجىرىيە ۋە ماراكەش ھازىرقى پاراكەندە ۋە ۋەيران ھالدىدۇر.

جاھىز تەرىپىدىن ئەرشكە كۆتۈرۈلۈپ ماختالغان تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى تۈركىستان ئىمام بۇخارى، ئىبنى سىنا، فارابى، ئەبۇ ھەفسلارنى يېتىشتۈرگەن «بۇخارا» قەۋرلىرىگە، قۇربانلىرىغا، نەزرە ـ نىياز، قەلەندەر، دەرۋىشلىك، مورىدلىق، ئىشانلىق، مەدداھلىق ۋە..... باشقىلارغا گىرىپتار بولدى. ئۆتمۈشتە ئىلىم مەركىزى بولغان بۇخارادا ھازىرقى كۈندە تەرتىپكە سېلىنغان ۋە ئىلىم ئۆگىتىش قائىدىلىرىدىن خەۋەردار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان بىرمۇ مەكتەپ ۋە ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بىرمۇ ئالىم بارلىقى مەلۇم ئەمەس. كاتتا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار، مۆتىۋەر تەپسىر يازغۇچىلار، دىنىنىڭ ماھىيىتىنى بىلگۈچى ئالىملار، ھوقۇقشۇناسلارنى يېتىشتۈرگەن بۇخارا مەدرىسلىرىدە نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئىلىمنىڭ ئورنىغا دىباجىلەر، بىر پۇلنىڭ ئۈچتىن بىرىگە ئەرزىمەيدىغان ئاغزاكى بەس ـ مۇنازىرىلەر، ئىلىم بازىرىدا ھېچ قانداق تۆھپىسى يوق كىشىلەر تەرىپىدىن نەقىل قىلىپ يېزىلغان ئىزاھات ۋە كېڭەيتىلمىلەر، خاتا تەرجىمىلەرگە ئاساسلىنىپ تۈزۈلگەن يۇنان ئويدۇرمىلىرى ۋە مەنىسى يوق ھەرخىل سەپسەتىلەر ئوقۇتىلىدۇ. بۇ كىتابلارنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ بۇ ئىلىملەر تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغان بۈگۈنكى پەلسەپە ۋە ھەقىقىي ئىلىم ئالدىدا نېمە ئىشقا يارايدۇ؟ (شەمسىيە، ھاشىيە، مىرزاھىد، مەبىزى قاتارلىق يۇنان يەھۇدىيلىرىنىڭ دىنىي ئىلىمغا نېمە پايدىسى بار؟ـ دېگەنلىكتۇر).

بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلار، ۋىجدانلىق ۋە غەيرەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىلىم ۋە دىن يولىغا ياردەم قىلىپ قالدۇرغان ۋەقپىلىرى، نەچچە مىڭ تۈمەن كىتابلار بۈگۈن قەيەردە؟ كېيىنكىلەر ۋە ئۆلىمالاردەك كىيىم كىيىۋالغان بىلىمسىزلەر، ئىنساپسىز ئادەملەر

بۇخارادىكى ۋەقپىلەرنى سودا سەرمايىسى قىلىۋېلىشتى. بۇخارا ئالىملىرى، ئۆمۈچۈكنىڭ تورىچىلىكمۇ ئەتىۋارى ۋە كۈچى يوق ھىيلە ۋە باتىل سۆزلەرگە شەرىئەت رېڭىنى بېرىپ، ۋەقپە مەدرىسلەر، ۋەقپە ھوجرىلارنى سېتىشقا يول كۆرسەتتى.

ئابباسىي خەلىپىلىرى ۋە سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ يۇرتى شۇ زامانلاردا ئەقلى ئۆتكۈر ئالىملار بىلەن تولغان «ئانا تولىيە (تۈركىيەدە)» دىكى خەلىپىلىك ئورنى بولغان ئىستانبۇلدا ھەم شۇنىڭغا تەۋە بولغان مەملىكەتلەردە خەت ئوقۇشنى ـ يېزىشنى بىلىدىغان ئادەم ئوندىن بىرگە يەتمەيدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ دىنىنى ياخشى بىلىدىغان كىشىنىڭ مىڭدىن بىرگىمۇ يەتمەيدىغانلىقى مەتبۇئات خەۋەرلىرى ۋە رەسمىي رەقەملەردىن مەلۇم.

پىردەۋسى، ھاپىز شىرازى، خاقانى، سەئدى، رازى ۋە غەزەللارنى يېتىشتۈرگەن، ئۆمرى نەچچە مىڭ يىللاردىن ئىبارەت بولغان ئىران مەملىكىتى، تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى بىلىدىغان مۇئەللىملەردىن مەھرۇمدۇر.

بىزنىڭمۇ دىم، ساقمار، گاينە، ئەۋشاك، ئىك ۋە ئاق، سىرمسەن، قارماسان، سەنۋاي بويلىرىدىكى باشقۇرت يېزىلىرى، جەننەتكە ئوخشاش ياپ ـ يېشىل يېيىلىپ ياتقان يايلاقلار، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا ئورمانلىرىغا تېگىشىمگۈدەك دەرىجىدىكى قېلىن ئورمانلار قەيەرلەرگە كەتتى؟ بۇلارنى تالاپ ئالغۇچى ۋە زورلاپ سېتىۋالغۇچىلار بىر بولسا، جىسمانىي ۋە روھانى باشلىقلارغا يوشۇرۇن ھالدا بېرىلگەن سەدىقىلەرنىڭ ئورنىدا بېرىۋېتىلگەنلىرى مىڭدۇر. يەرلە، كۆز بىلەن كۆرۈپ ئەمەس، ئەۋج ئېبنى ئۇنۇقنىڭ قەدىمى بىلەن ئۆلچىلىپ بېرىلدى. بۈگۈن مىسقاللاپ ئالغان بۇ خەزىنىلەرنى بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىللا بۇرۇن بۇلاپ ـ تالاپ ئۈلۈشۈپ ئالدى. ئايال ـ قىزلار، بوۋاق باللار، يېتىملەر، كۈچى يوقلار، زىيانغا ئۇچرىغان، زۇلۇم قىلىنغانلارنىڭ كۆز ياشلىرى، ئاھۇ ـ زارلىرى، زىرائەتلەر، ئورمانلارنىڭ ئۈستىگە بۇلۇت بولۇپ يىغىلسا ئىدى، يەر ئۈستىنى قاراڭغۇلۇق باسار ئىدى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكا بىر تەرەپتىن دۇنيانى، يەنە بىر تەرەپتىن دىنلارنى تەكشۈرۈپ شۇ ھەقتە سوئاللارنى تەييارلاۋاتقان، ئىككىنچى تەرەپتىن ئىلىم ـ پەن ـ مەدەنىيەت ۋە بايلىق قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىزمىتىنى داۋام قىلدۇرغان، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەۋاتقان بولسا، بىزنىڭ بارلىق ئىشىمىز تاھارەت سۇندۇرغاندا چالمىنى قانداق تۇتۇش، ئىستىنجا، ساقال ـ بۇرۇت، شىلەپە، پەلتو توغرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە ھەم سامان بىلەن پىچانغا ئۆشرە كېلىش ـ كەلمەسلىك مەسىلىلىرى، ئاش ـ تاماقنى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يېمەكنىڭ سۈننەت ياكى مۇباھلىق مەسىلىلىرى، قۇربانلىق پەتىۋالىرىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ تالاش ـ تارتىشلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ باشلانغىنىغا يۈز يىلدىن ئارتۇق بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق جېدەللەر بايلارنىڭ ئۆيىدە (ئۆلىمالار يىغىلغان ئولتۇرۇشلاردا) كۆرسىتىلىدىغان ھۈنەرلەردۇر. ئەمما ھەر كۈنى باشقا كېلىپ تۇرىدىغان، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللارنىڭ قىستىشى بىلەن مۇسۇلمانلارنى بوغۇپ تۇرغان بانكا، ئۆسۈم (جازانە)، ئىلىم ـ سېتىم، ئىجارىدەك ئومۇمىي مۇئامىلىلەر توغرىسىدا قولغا چىققۇدەك ۋە ئېغىزغا ئالغۇدەك بىرمۇ مەسىلە مەيدانغا چىقىرىلمىدى.

«ئۇسۇلى سەۋتىيە»، «ئېلىپبە» توغرىسىدىكى تالاش ۋە دەۋالىرىمىزنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىغىمۇ يېرىم ئەسىر بولۇپ قالدى. دۇنيادا مەنىسى يوق بەس ـ مۇنازىرىلەر كۆپ بولسىمۇ، «يېڭى ئۇسۇل» تالاش ـ تارتىشىدەك مەنىسىز بولمىسا كېرەك. بۇنىڭ داۋام قىلىشى بولسا، **إذا أراد الله بقوم سوءا أعطاهم الجدل ومنعهم عن العمل** «ئاللاھ قايسى قەۋمنى يامان ھالغا چۈشۈرۈشنى خالىسا، ئۇلارغا جېدەل ـ ماجىرا بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىشتىن قالدۇرىدۇ» دېگەنگە توغرا كېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

شەرىئىتىمىزدە «بىلگۈچىلەر بىلەن بىلمىگۈچىلەر باراۋەر بولمايدۇ»، «مۇسۇلمان كىشى مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، زۇلۇم ۋە جاپا قىلىشمىسۇن! غەيۋەت قىلمىسۇن، ئىچى يامانلىق قىلمىسۇن، مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش كاپىرلىق، تىللاش بولسا پاسىقلىق»، «ئوغۇل ـ قىز باللىرىڭلارنى ئوقۇتۇڭلار! ئۇلارغا ياخشى تەربىيە بېرىڭلار! ھالال كەسىپ قىلىش ۋە ئىلىم ئوقۇش

پەرز»، «شەھەر ۋە كەنتلىرىڭلارنى ئوبدان ياساڭلار! پاكىزلىققا رىئايە قىلىڭلار!» دەپ ئېلان قىلغان تۇرۇقلۇق بىزلەر بۇ بۇيرۇقلارنىڭ تەتۈرىسىچە ئىلىمسىزلارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈپ، ئەتىۋارلاپ، ھەقىقىي ئالىملارنى خارلىدۇق. ئۇلارنىڭ بېشىغا توپا چاچتۇق، تاش ئاتتۇق. پىكرىمىزگە قوشۇلمىغانلارنى شەرىئەتكە توغرا بولغان گەپ - سۆزلىرى ئۈچۈن مۆئتەزىلە، دىندىن چىققۇچى، دەھرى، زىندىق، پاسىق ۋە دىنسىز دەپ بوھتان قىلدۇق. باللىرىمىزنى، بولۇپمۇ قىزلىرىمىزنى ئوقۇتماسلىق ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشتۇق. ھالال كەسىپ قىلىشنىڭ ئورنىغا «ئەتىنىڭ غېمىنى ئېشەك يەيدۇ»، «نېسىپ بولغان رىزىق ،چىشنى قۇمۇرۇپ بولسىمۇ ئېغىزغا كىرىدۇ» دەپ سوزۇلۇپ، ئەسنەپ يېتىشتىن باشقا ھۈنىرىمىز بولمىدى. «بولسا بۇلار، بولمىسا يوق، ئاخىرەت ئىشى ئەمەس» دەپ يۇرتىمىزنى يۆتكىلىپ يۈرىدىغان قۇم ئۈستىگە سالدۇق. كەنت ۋە شەھەرلىرىمىزنى ھوقۇش ئۇۋىسىدەك ياسىدۇق. زىيا پاشانىڭ:

دىيار ئىسلام كەزدىم پۈتۈن ۋەيرانىلار كۆردۈم،

دىيار كۇپرى كەزدىم خانىلەر، كاشانىلەر كۆردۈم.

«مۇسۇلمان يۇرتلىرىنى ئايلاندىم، ھەممىسىنىڭ پاراكەندە ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، كاپىرلار يۇرتلىرىنى ئايلاندىم ئالىي ئىمارەتلەر كۆردۈم» دېگەن سۆزىگە مۇۋاپىق، كەنت - شەھەرلىرىمىز مۈشۈك ياپىلاق ئۇۋىسىدۇر. بايلىقىمىزمۇ، ئىلمىمىزمۇ بولمىغانلىقتىن ئىناۋىتىمىزمۇ، سانىمىزمۇ يوق. ھەتتا شۇنداق تۆۋەنلىشىپ كەتكىنىمىزنى ۋە ئۆز دەرىجىمىزنى بىلگىدەك ئاڭ - سەزگىمىز مۇ مەھرۇممىز. ئۇنىڭغا ئېچىنغۇدەك روھىي ئۈستۈنلىكىمىزمۇ يوق.

ئاشۇنداق يامان ئىشلىرىمىز ۋە بەختسىزلىكىمىزنىڭ سەۋەبلىرى نېمىلەر ۋە بۇنىڭغا كىملەر جاۋابكار؟

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە قارىغاندا، بۇ ئىشلارغا سەۋەب بولغانلار ئۆزىمىزدىن باشقىلار ئەمەس. بىز ئۆزىمىز چېچىپ كەلگەن ئورۇقتىن ئۆسكەن ئاشلىقنى ئورۇۋىمىز. قىلغىنى ئىشلىرىمىزنىڭ جاپاسىنى تارتىمىز. بۇنىڭدا بىزنىڭ يارىتىلىشىمىز، جېنىمىز، قېنىمىز ياكى دىن ۋە شەرىئىتىمىزنىڭ شېرىكلىكى يوق (بىزنى ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق خار بولۇشقا ياراتقان، ياكى بىز ئەزەلدىن قابىلىيەتسىز، ياكى دىنىمىز سەۋەبىدىن ئارقىدا قالغان دېيىشكە ھەققىمىز يوق، بۇ پىكىر خاتادۇر). جاۋابكار بولىدىغان كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ «ئامانەتدارلىرى» دېگەن ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغۇچى ئالىملاردۇر. ئەگەر ئالىملىرىمىز بىزنىڭ مەكتەپسىز، ساۋاتسىزلىقىمىزدا، بىلىمسىزلىكىمىزدە ئۆزى ئۈچۈن پايدا بار دەپ قارىمىغان ۋە دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئاغزى - باشلىرىنى ياغلاشتۇرۇپ يۈرمىگەن بولسا، بىز مۇنداق ۋەيران، خار ھالەتتە كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەھكۇم بولمىغان بولاتتۇق. ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ ئامانەتچىلىرى بولغان ئالىملىرىمىز خالىسانە ھالدا ئىسلام دىنىنى ئەتراپقا تارقاتقان ۋە ھەممىگە ئاڭلاتقان، پاسىق بەندىلەرنىڭ راستچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغان سۆزلىرىنى «دىن» نامىدىن خەلققە چۈشەندۈرمىگەن بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلارمۇ باشقىلاردەك غالىب ۋە ھۆرمەتلىك بىر خەلق بولۇپ يۈرەر ئىدى.

**إذا كنت لا تدرى فتلك مصيبة        وإن كنت تدرى فالمصيبة أعظم**

«بىلمەسلىكىڭ مۇسىبەت بولسا ، بىلىشىڭ تېخىمۇ چوڭ مۇسىبەتتۇر»

بەدەۋى ئەرەبلەرنىڭ بىر - ئىككى ئەسىر ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلەرگە چىقىشىغا سەۋەب بولغان شەرىئەتنىڭ، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ خارلىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئەمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم. مۇسۇلمانلار پەسلىككە چۈشكەن ۋە خارلىققا ئادەتلىنىپ قالغان بولسا، بۇنىڭ سەۋەبى دىن ئەمەس، بەلكى ئالىملارنىڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلىشى، ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلماسلىقىدۇر. بۇلار مال - دۇنياغا، داڭق چىقىرىشقا ۋە كاتتىلىققا بېرىلىپ كېتىپ، ئازدى. ئۇلارغا پۇل - مال، پاراۋان

تۇرمۇش يەتكۈزۈپ بەرگۈچى ھوقوقدارلارغا، پادىشاھلارنىڭ كۆڭلىنى كۆرەلمەيدىغان، خەلق ئاممىسىغىمۇ ياقمايدىغان ھەق سۆزلەرنى سۆزلەشكە بېخىللىق قىلىشتى. ھەقنى يوشۇرۇپ، خۇشامەتچىلىك قىلدى. شۇ سەۋەبتىن مەغرۇر، مۇستەبىت، بىلىمسىز ۋە ئۆزىنى يۇقىرى كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ قولىدا قورال بولۇپ يۈرۈشتى.

بۈگۈن دۇنيادا ئۈچ يۈز مىليون مۇسۇلمان بار دېيىلىدۇ (بۇ مۇندىن ئاتمىش يىل بۇرۇنقى سان بولۇپ، ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بىر مىليارد ئۈچ يۈز مىليونىدىن ئارتۇق). ئالىملار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىنلىرى بولمىغاندىن كېيىن، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋاملىرىغا ۋە باشقا مىللەتلەرگە ئىسلام دىنى قايسى يول بىلەن يەتكۈزۈلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالانىڭ ھۆججىتىمۇ قانداق يول بىلەن تۇرغۇزۇلىدۇ...؟

مىللەتلەرنىڭ دۇنيادا سالامەت ياشىشى، بۇ دۇنيا ھاياتىدىن ئىبارەت سەپەردە بوران ـ چاپقۇنلارغا مەغلۇپ بولماي، تەبىئىي ھالدا داۋام قىلىشى ئۈچۈن مۇنۇ ئۈچ نەرسە شەرت:

1 ـ ئىلىملىك ۋە ھۈنەر ـ سانائەتلىك بولۇش، 2 ـ باي بولۇش، 3 ـ كۈچلۈك بولۇش ھەم ئۆز ئارا دوستلۇق ئىچىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش.

بۇ ئۈچ شەرتنىڭ ھەممىسى جۇغلاشمىغان مىللەتنىڭ تىنچ ـ ئەركىن ياشىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۈممەتلەرنىڭ، مىللەتلەرنىڭ ساق ـ سالامەت ياشىشى ئۈچۈن بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ تېپىلىشى «ھايات» ۋە «تۇرمۇش» قانۇنىيىتى بىلەن قەتئىي ھالدا تەلەپ قىلىنىدۇ. مىللەتتە، ئۈممەتتە شۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىش ۋە بۇ يولدا ئۆزى بىرىنچى بولۇپ مېڭىش «أمناءُ الله» (ئاللاھ تائالانىڭ ئىشەنچلىك بەندىلىرى) بولغان ئالىملارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قايغۇرمايدىغان ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغان ئادەم گەرچە بۇرۇنقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئىلمىنىڭ ھەممىسىنى قورسىقىغا، كۆڭلىگە يىغىپ ئالسىمۇ، لەۋھۇلمەھپۇزنى كۆرۈپ ئوقۇش دەرىجىسىگە يەتسىمۇ، ‹ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىنلىرى› دېگەن ئۇنۋاننى كۆتۈرۈشكە لايىق بولمايدۇ.

فرياد بسی کردم وفرياد رسی نيست

گوياکه درين گنبد فيروزه کسی نيست

يەشمىسى: «نۇرغۇن دەرد تۆكتۈم، كۆك ئاسماننىڭ ئاستىدا ھېچكىم يوقتەك، دەردىمگە يەتكىلى ئادەم تېپىلمىدى.»

بۈگۈن مۇسۇلمانلار كېسەل بولسىمۇ، تەندىن جان چىقىپ كەتكىنى يوق، تىرىلىشىدە ئۈمىد بار. ئەمما چارە كۆرۈلمىسە، ئۆلۈم ھۆكمى كېلىش ئېھتىمالى يىراق ئەمەس. ئەگەر ئالىملار ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىنلىرى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرسە ۋە كېسەل بولغان ئۈممەتنىڭ ساقىيىشىنىڭ يولىنى ئىزدىسە، قىلغان ھەرىكىتى بىكار بولۇپ كەتمەي، ياخشى نەتىجە بېرىدۇ. ئاخىرەتتىمۇ يۈزلىرى ئوچۇق بولغان ھالدا ھېساب بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالىم ئەمەس ئادەملەرنىڭ ئالىملارنىڭ كىيىمى ئىچىدە يۈرمەسلىكى (ئىسلام دىنىنىڭ مەقسەت نىشانىسىنى، قۇرئان، ھەدىس مەزمۇنىنى بىلمەيدىغان چالا ساۋاتلار دىنىي ئىشلاردا ئاۋام خەلقنى ئۆزى بىلگەنچە قايمۇقتۇرماسلىقى)، ئالىملارمۇ ئاۋام خەلق قاتارىدا تۇرىۋالماسلىقى، ئۇلارغا ئەگەشكەن خەلقنى ئېتىقادسىزلىققا، يوقسۇللۇققا ۋە ئەسىرلىككە ئېلىپ بارماسلىقى لازىم.

ئالىملارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە باشقا بىرمۇ ئايەت ياكى بىرمۇ ھەدىس بولمىغان تەقدىردىمۇ، مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلاتتى. لېكىن ئالىملارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە باشقا ھەدىسلەرمۇ، ئايەتلەرمۇ باردۇر.

## 167- ھەدىس: ئىشلارنىڭ قولايىنى تەرىپىنى ئۆگىتىشنىڭ پەزىلىتى

**عَلِّمُوا وَيَسِّرُوا وَلَا تُعَسِّرُوا وَبَشِّرُوا وَلَا تُنَفِّرُوا وَإِذَا غَضِبَ أَحَدُكُمْ فَلْيَسْكُتْ.** (مسند أحمد)

بىلگىنىڭلارنى باشقىلارغا ئۆگىتىڭلار! ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار! خوش خەۋەر بېرىڭلار، ئۈركۈتمەڭلار! قايسى بىرىڭلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالسا، جىم تۇرۇۋالسۇن!

بۇ ئۇلۇغ ھەدىس، ئۆگىتىش ۋە تەربىيەلەش ئۇسۇلىدا ئاساسىي قائىدە بولۇشقا تېگىشلىك. «ئاسانلاشتۇرۇڭلار» دېگەن سۆزدىن «تەسلەشتۈرمەڭلار» دېگەن مەنە بىلىنسىمۇ، ئەھمىيەت بېرىلسۇن، سەل قارالمىسۇن ئۈچۈن روسۇلۇللاھ: «ئاسانلاشتۇرۇڭلار» دېگەن سۆزنى ئوچۇق سۆزلەشنى مۇھىم دەپ قارىغان. «ئاسانلاشتۇرۇڭلار» دېيىش بىلەنلا قانائەت قىلماي، «قىيىنلاشتۇرماڭلار» دەپ تەكىتلىگەن.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى «ئىلىم ئۆگىتىڭلار» دېگەن بولسىمۇ، بۇنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ ئەمەس، بەلكى يەڭگىل قىلىپ، قىيىنلاشتۇرماي، ئوقۇغۇچىلارنى خۇش قىلىپ، روھىنى كۆتۈرۈپ، ئىخلاسىنى بوشاشتۇرمايدىغان ياكى ئوقۇشتىن سوۋۇپ قالمايدىغان شەكىلدە ئوقۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئىلىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىچى پۇشۇقى، نېرۋىسى قوزغىلىشى سەۋەبىدىن ئاچچىقى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەتتا دۇنيادا ئەڭ تەرسا، سوغۇق خۇيلۇق ئادەملەرنىڭ ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلىقى تەجرىبە بىلەن ئىسپاتلانغان ھەقىقەتلەردىندۇر. ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا بىرەر نالايىق سۆز قىلىپ سېلىشى ياكى قانداقلا بولسا بىر تېگىشسىز ئىش قىلىپ قويۇشى مۇمكىن بولغانلىقتىن رەسۇلۇللاھ جىم تۇرۇۋېلىشقا، كالپۇكىنى چىشلەپ بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۈگۈن مەدەنىي خەلقلەردە يولغا قويۇلغان ئۆگىتىش، تەربىيەلەش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسى مۇشۇ قائىدىلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

گەرچە بۇ بۇيرۇق تەلىم ـ تەربىيە ھەققىدە بېرىلگەن بولسىمۇ، تەسىر دائىرىسى باشقا دۇنيالىق ئىشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمان بولغان كىشى يەڭگىل ئىشلەش ۋە ئاسان ئىشلەيدىغان يوللارنى تېپىش، ماشىنىلارنى ياساش، يېڭى نەرسىلەر پەيدا قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ ۋە يول كۆرسىتىلىدۇ.

تېرىلغۇنى ماشىنا بىلەن تېرىغىن، ئوت ـ چۆپنى ماشىنا بىلەن چاپ، ماشىنا بىلەن يىغىشتۇر، ماشىنا بىلەن ئورا، ماشىنا بىلەن سوق! چۈنكى بۇ نەرسىلەرنى ماشىنا بىلەن قىلىش قول بىلەن ئىشلىگەنگە كۆرە ئاسانراقتۇر. خەتنى ماشىنا بىلەن ياز، كىتابلارنى باسما زاۋۇتىدا باستۇر. كۈچلۈك يەتسە يول مېڭىش ئۈچۈن ۋېلىسىپىت، ئاپتوموبىل ئال، قولۇڭدىن كەلسە بۇ نەرسىلەرنى ئۆزۈڭ ياسا. ئۆزۈڭ ياساشقا تىرىشقىن. شەھەردە باردى ـ كەلدى ئىشلىرىڭ كۆپ بولسا، ئۆيۈڭگە تېلېفون ئورنات، باھاسى قىممەت بولمىسا ئېلېكتىر ياندۇر، چۈنكى بۇلار يەڭگىللەتكۈدۇر. كىيىمنى ماشىنا بىلەن تىك، ئوغۇللىرىڭنىڭ چېچىنى ماشىنا بىلەن ئال. گۆشنى ماشىنا بىلەن توغرا، توسالغۇ بولمىسا، ئاشنى ماشىنىدا پىشۇرۇپ يېگىن. كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئۆز ئىشىڭغا ئىشلەشكە لايىق، كىيىپ ـ سېلىشقا ئوڭاي بولغان شەكلىنى تاللا. يىغىپ ئېيتقاندا، بىر نەرسىنىڭ ئېغىرى بىلەن يېنىكى ئارىسىدا تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، ياخشى ۋە مەھكەم بولۇش شەرتى بىلەن يېنىكىنى قىل، ئېغىرىغا يېقىن بارما!

ئىمام بۇخارى ھەزرىتى ئائىشەدىن تۆۋەندىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: **عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا أَنَّهَا قَالَتْ مَا خُيِّرَ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَيْنَ أَمْرَيْنِ قَطُّ إِلَّا أَخَذَ أَيْسَرَهُمَا مَا لَمْ يَكُنْ إِثْمًا فَإِنْ كَانَ إِثْمًا كَانَ أَبْعَدَ النَّاسِ مِنْهُ.** (صحيح البخاري)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارى بېرىلسە، گۇناھ بولمىسىلا يەڭگىلرەكىنى تاللايتتى، ئەگەر ئۇ يېنىك ئىش گۇناھ ئىشلاردىن بولسا، ئۇنىڭدىن بارلىق خەلقتىن بەكرەك يىراق بولاتتى.

قۇرئان كەرىم ھەم: ﴿**يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمْ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمْ الْعُسْرَ**﴾ (بەقەرە سۈرىسى 151 ئايەت) دەپ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن ئېغىرلىقنى ئەمەس، يەڭگىللىكنى خالايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئەمدى رەسۇلۇللاھ يەڭگىللىكنى تىلىگەن ۋە شۇنىڭغا بۇيرىغاندىن كېيىن يەڭگىل ئوقۇتۇشقا قارشى تۇرۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ بۇ ئىش ئىسلام ئالىملىرى ئۈچۈن شەرەپ بولمايدۇ. بەلكى كىتاب ۋە قۇرئان بېسىشقا قارشى تۇرۇش ۋە ياۋرۇپادىن ئېلىپ كەلگەن مەتبەئە ۋە ماشىنىلارغا ئىستانبۇل كوچىلىرىدا پاغرۇم ياساتقاندەك ئۆزگە ئۆمۈرلۈك بەتنام قىلىدۇ. خىلاپەت مەركىزىنىڭ ئالىملارنىڭ كىتاب بېسىشنى دىن نامىدىن مەنئى قىلىشى (شەرىئەتكە توغرا ئەمەس دەپ چەكلىشى) نىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ياۋرۇپالىقلاردىن ئىككى يۈز يىل ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەب بولغان بولسا، يېڭى ئۇسلۇب ۋە يېنىك ئۇسۇلدا ئوقۇتۇشقا قارشى تۇرۇشمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇيالماي قېلىشىغا، ھايۋاندەك ياشىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ياۋرۇپانىڭ ئۆتكەندە قۇرغان كامبورج، سوربۇنغا ئوخشاش ئالىي بىلىم يۇرتلىرى شۇنچە كۆپ ئالىم يېتىشتۈرۈپ چىققان بولسا، بۇخارانىڭ ئۇزۇن زاماندىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن داڭلىق مەدرىسىلىرىدىن مىر ئەرەب ۋە كوكۇلتاشلار (قورساۋى بىلەن مەرجانى) دىن باشقا ئادەم قىياپەتلىك بىر كىشىنىڭ يېتىشىپ چىقالماسلىقىنىڭ پەردە ئارقىسىدا بولسا، ياۋرۇپادا مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىنغانلىقى، بۇخارادا بولسا كىتاب دىيباجىلىرى ۋە ئېغىز تالاش ـ تارتىشلىرى، قۇرۇق جېدەلنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن مەنىسى يوق شەرھلەر ۋە ھاشىيەلەر بىلەن ياش ئەۋلادلارنىڭ زېھنلىرىنىڭ زەھەرلىنىشى ۋە شۇ زەھەرلىنىش سەۋەبىدىن ھىممەتلەر، قابىلىيەتلەر، غەيرەتلەر، ئىستىداتلار، قىزغىنلىق ۋە دىننى قوغداش روھلىرىنىڭ يوقىلىشى ياتىدۇ.

لېكسىيە ئۇسۇلىدا ئون بەش ـ يىگىرمە قېتىم بايان قىلىش ئارقىلىق تەلەپتىن زىيادە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولىدىغان ئىلمى كالام دەرسلىرىنى، زەئىپ، بەلكى مەۋزۇ ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى ناھايىتى تار، چەكلىك ھالدا چۈشەنگەنلىكى ئىسپاتلانغان ئادەملەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەلپاز ۋە ئىبارەت ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆگىتىش، خۇددى ھازىرقى ياۋروپا ئۇرۇشلىرىغا چوماق كۆتۈرۈپ بېرىپ قاتناشقاندەك ۋە موسكۋا كوچىلىرىدا قازاقلارنىڭ ئاق چېدىر ئۆيلىرىنى تىكىپ ئولتۇرغاندەكلا مۇناسىۋەتسىز ۋە ياراشمايدىغان ئىشتۇر.

شەيخ جامالىددىن ئافغانىنىڭ: «ئىسلام دۇنياسىدا ھازىر نېمىشقا ئىبنى رۇشد، غازالى، فارابى، ئىبنى سىنا، تەبەرى ۋە ئىبنۇلئەسىرلەر يېتىشىپ چىقمايدۇ؟» دەپ سورىغان بىر دەرۋىشكە: «بۇرۇنقى زاماندا ئىسلام دۇنياسىدا تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلى ياخشى ئىدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇزۇلدى. بۈگۈنكى ئۇسۇل بۇرۇنقى زامانلاردا دەستۇر تۇتۇلغان بولسا ئىدى، ئىبنى رۇشدلارمۇ چىقمىغان بولار ئىدى. تەربىيەلەش ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى تۈزەلسە، مۇندىن كېيىنمۇ تەبەرى ۋە ئىبنۇلئەسىرلەر ئاشكارا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانىدىم.

ئەمدى ئالتە يۈز يىل بولدى، بۇخارا مەدرىسىلىرىدە بىمەنە ھاشىيەلەر، شەرھلەر، مەنىسىز جېدەللەر، بىھۇدە سۆزلەر ئوقۇتۇلۇپ كەلدى. مۇنداق مەكتەپلەردىن شەرىئەت ئالىملىرى، مىللەت خادىملىرى، دىن ۋە دۇنيا رەھبەرلىرىنىڭ چىقمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

بۇخارانىڭ ھەممە رەسمىيەت، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆزى ئۆچۈن قوللانما قىلىۋالغان مۇدەررىسلىرىمىز، داموللىلىرىمىز دەرس ئۆگىتىش ئۇسۇلىنىمۇ ئۇلارغا تەقلىد قىلىپ كەلدى. ئاشۇلاردەك ناھايىتى قالايمىقان كىتابلاردىن، ئىشنىشكە بولمايدىغان ئادەملەرنىڭ تەكشۈرمەي، ئۆلچىمەي يازغان شەرھلىرىدىن شاگىرتلارغا دەرس ئوقۇتتى. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

زىيان تارتىش، بىلمىسىز قېلىش، تەرەپبازلىق، ئاگىسزلىق ۋە قارشىلىقتىن باشقا، ئوتتۇردا ھېچ نەرسە يوق. بۇخارانىڭ چوڭ مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ ئۆز رەسمىيىتى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققۇچىلار، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈنمۇ ياكى دۇنيالىقى ئۈچۈنمۇ سەرمايە بولغۇدەك بىرەر ئىلىم ھاسىل قىلالماي، قۇرۇق قول چىقسا، ياۋروپا دارۇلفۇنۇنلىرىدا ئىلىم ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچىلار، ئىلىملارنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىشىپ چىقىدۇ. ئادەمگە كېرەكلىك ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرگە تەييار تۇرىدۇ. شۇنداق ئېچىنارلىق ئەھۋالنى كۆرمەي كۆز ئۆتكۈزۈش ۋە ئىبرەت ئالماي ۋاقىت ئۆتكۈزۈش، پىكىر، ئەقىل، ئاڭ ۋە تۇيغۇنىڭ يوقلۇقىدىن بولماي نېمىدىن بولىدۇ؟

ئەگەر خەلقىمىز بۇخارانىڭ ئادەتلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىۋالمىسا ۋە بۇخارا شەرىپ، پالان ـ پۇستان شەرىپ دېگەندەك ئاتالارنى قويۇپ خەلقنى قايمۇقتۇرمىسا ۋە ئۇ سەۋەبلىك خەلقنىڭ نادان قېلىشىغا، ئارقىدا قېلىشىغا خىزمەت قىلمىسا ئىدى، بۇخارانىڭ ھەتتا ئىسمىنىمۇ تىلغا ئالمىغان بولاتتۇق.

شەرھ يازغۇچىلار (ولا تنفروا) غا «زىرىكتۈرمەڭلار، قورقۇتماڭلار» دېگەن مەنىلەرنى بەرسىمۇ، بۇ يەردە ئۇنى ئۆز مەنىسى بويىچە «قاچۇرماڭلار» دەپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

شەرىئەتكە خىلاپ كەلمەيدىغان ئىشلاردا، ئىلىم بىلەن دىننىڭ خەلقنىڭ دىندىن قېچىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم. مەسجىد مۇنبىرىدە، مېھراپتا ۋەز ئېيتىش نامى بىلەن شەخسىي ئىنتىقامنى ئېلىش، خەلقلەرگە ئاگاھلىتىپ تەنە قىلىش، زەربە بېرىش، قارا سۈركەش ۋە غەيۋەت قىلىشتەك ئىشلارنىڭ خەلقلەرنىڭ دىندىن ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتتىن قېچىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق.

كىيىم كىيىشلىرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، گەپ ـ سۆزلىرى، قىلىقلىرى بىلەن، خۇسۇسىي ۋە ئومۇمىي مۇئامىلىلىرى بىلەن خەلقلەرنىڭ ئوقۇشتىن ۋە بالىلىرىنى ئوقۇتۇشتىن، مەكتەپلەرگە خىزمەت ۋە ياردەم قىلىشتىن، نەرسە كېرەك ۋەقپە قىلىپ قويۇشتىن كۆڭۈللىرىنىڭ سوۋۇپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئوقۇتقۇچى ئەر ـ ئاياللار رەسۇلۇللاھنىڭ «ولا تنفروا» دېگەن نەسىھىتىگە قۇلاق سالغۇچىلاردىن بولالمايدۇ. دىن ئۆگەتكۈچى مۇئەللىم ۋە مۇئەللىمەلەرنىڭ بىر ھەسسە ۋەزىپىسى دىننى بىلدۈرۈش بولسا، ئۇن ھەسسە ۋەزىپىسى شۇ دىنغا خەلقنىڭ مۇھەببىتىنى جەلپ قىلىش، خەلقنى دىنلىق ھايات ۋە ھاياتلىق دىنغا كۆرە يېتىشتۈرۈشتۇر. خەلقنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە قاراپ باقمىغان، پەيغەمبەرلىك مۇنبىرىدىن تاپشۇرۇلغان تاپشۇرۇقلارغا ئەمەل قىلمايدىغان دىنىي مۇئەللىم ۋە مۇئەللىمەلەردىن چوڭ پايدا كەلمەيدۇ.

جابىر ئىبنى ھەييانىنىڭ كىگىز چاپىنى بىلەن سەللىسى خىمىيە ئىلمىنى تەجرىبە قىلىشقا، ئىبنى سىنانىڭ ئۇزۇن چاپىنى ئىتنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ چىقىشىغا توسالغۇ بولمىغان ئىدى. دىن دەرسلىرى بېرىشكىمۇ باشتىكى شىلەپە ياكى بۆك، چاچ ياكى گالاستۇكمۇ توسالغۇ بولمىسا كېرەك.

مۇئەللىم ۋە مۇدەررىس بولۇشنىڭ ئەڭ چوڭ شەرتى، شۇ خىزمەتكە يارايدىغان بولۇش بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى شەرتى خەلقنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە، ئەقىدە ۋە مەسىلەكلىرىگە ھۆرمەت قىلىشتۇر. بۇ ئەھۋال ھەرگىزمۇ ئەستىن چىقمىسۇن!

پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن مۇشۇنداق نەسىھەتلەر، يوليورۇقلار كەلگەن ئىكەن، مۇسۇلمانلار دۇنياغا پاراخوت، تۆمۈر يول، تېلگىرام، تېلېفون ۋە باشقا ماشىنىلارنى تەقدىم قىلىشى ۋە ھەر كۈنى بىر يېڭى ھۈنەرنى كەشىپ قىلىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. لېكىن بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ماشىنا ياساش، يېڭى نەرسىلەر چىقىرىش ئەمەس، چىققان نەرسىلەرنىڭ پايدىسىنىمۇ چۈشىنەلمەيدۇ.

كۆزىگە تاقىشىپ تۇرغان نەرسىلەرنىمۇ چىراغ ياندۇرۇپ ئىزدەيدۇ. بۇلارنىڭ ئۆمۈر بويى قىلىدىغان ئىشلىرى بىر يەرگە جۇغلىشىپ ئاش ـ گۆش يېيىش، بىر ـ بىرىدىن ئەيىب ئىزدەش، كىيىم ـ كېچەك، بۇرۇت ـ ساقال ۋە شىبلىت مەسىلىلىرىنى تالىشىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئىسملىرى چىققان ئادەملەرنى دەھرى، زىندىق، پاسىق، كاپىر، مىسيونىر، خائىن ياكى بەدمەزھەب، ۋەھھابى ۋە جەدىدى دەپ قارىشى تۇرۇپ، ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. گويا رەسۇلۇللاھ بۇلارغا ئەمەس، بەلكى تاغۇ تاشلارغا نەسىھەت قىلغاندەكلا...

**لقد أسمعت لو ناديت حيا ولكن لا حياة لمن تنادى**

«ئەگەر تىرىك ئادەمنى چاقىرغان بولساڭ ئاڭلىتالايتتىڭ، لېكىن سەن چاقىرغان ئادەم تىرىك ئەمەس.»

# 168- ھەدىس: مۇھىم نەسىھەتلەر

**عَلَيْكَ بِالأَيَاسِ مِمَّا فِيْ أَيْدِي النَّاسِ، وَإِيَّاكَ وَالطَّمَعُ فَإِنَّهُ الفَقْرُ الحَاضِرُ، وَصَلِّ صَلاَتَكَ وَأَنْتَ مُوَدِّعٌ، وَإِيَّاكَ وَمَا يُعْتَذَرُ مِنْه.** (الجامع الصغير)

كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن ئۈمىدسىز بول (كىشىدىن بىر نەرسە ئۈمىد قىلما)! تەمەدىن ساقلان! چۈنكى تەمە پېقىرلىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ناماز ئوقۇغاندا ئاخىرقى ناماز دەپ تۇرۇپ ئوقۇ (يەنى بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئاخىرقى نامىزىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئوقۇغىن! مۇنداق ئوقۇش ئىخلاس بىلەن ئوقۇشقا سەۋەب بولىدۇ). ئارقىسىدىن ئەپۇ سورىغىلى، ئۆزرە ئېيتقىلى سالىدىغان ئىشنى قىلىشتىن ساقلانغىن!

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ كىشىلەر قولىدا بولغان نەرسىلەردىن ئۈمىدسىز، ھاجەتسىز بولۇشقا بۇيرىشى، تەمەدىن ساقلىنىشقا نەسىھەت قىلىشى بولسا، بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ بىر تالاش ـ تارتىش مەيدانىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ۋە ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ مەيداندا ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش، غالىب كېلىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھەقىقەتتە غەيرەت قىلىش، ھەرىكەت قىلىش، كىشىگە موھتاج بولماسلىق ئىسلامنىڭ روھى بولۇپ، ساھابىلەر ۋە سەلەپلەرنىڭ زامانىسىدا كىشىنىڭ قول كۈچىگە قاراپ تۇرىدىغان ۋە بىرىنىڭ ماڭلاي تەرى ۋە ئەمگىكى بىلەن تاپقان نەرسىسگە قولىنى سۇنىدىغان (تەمە قىلىدىغان، سەدىقىگە دۇئا قىلىدىغان) ئادەم بولمايتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان ئۇزۇن بىر ھەدىستە: **إِنَّ إِخْوَانَنَا مِنَ الْمُهَاجِرِينَ كَانَ يَشْغَلُهُمْ الصَّفْقُ بِالْأَسْوَاقِ وَإِنَّ إِخْوَانَنَا مِنْ الْأَنْصَارِ كَانَ يَشْغَلُهُمْ الْعَمَلُ فِي أَمْوَالِهِمْ**.... (صحيح البخاري) «مەككىدىن كەلگەن قېرىنداشلىرىمىز ئېلىم ـ سېتىم قىلاتتى، مەدىنىلىك قېرىنداشلىرىمىز دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلاتتى» دېيىلىدۇ.

بۇ ۋاقىتلاردا يېتىمخانىدا بىكار يېتىپ ئاش ـ نان يەپ يۈرگۈچىلەر، مازارلاردا سەدىقە كۈتۈپ ياتقۇچىلارنىڭ ئۆزى ئەمەس ھەتتا ئىسمىمۇ، دۇئاخانا ۋە كەپىلىرىمۇ يوق ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر بىرى بىر خىل كەسىپ ۋە ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۆز يېمىكىنى ئۆز قول كۈچى بىلەن ھاسىل قىلاتتى.

بالىلىرىنى، ئائىلىلىرىنى تەمەدىن ھەم كىشىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇشتەك پەسكەشلىكتىن ساقلايتتى. ئۆزى تاپقان پۇل ـ مالنى سوزۇلۇپ ياتقۇچى ھورۇنلارغا، ئەسنەپ ئۆمۈر ئۆتكۈزگۈچى ئىشسىزلارغا خەجلەپ بېرىپ، ئۇنى ياخشى ئىش دەپ تونۇش ۋە شۇ ئىشقا ساۋاب ئۈمىد قىلىش ئادىتى ئەسرى سائادەتتە (ساھابىلەر زامانىسىدا) يوق ئىدى. بۇ ئىشلار بولسا، ئىسلام دىنى بالدۇرقى ھالىتىدىن چىقىپ كېتىپ، ئىسلام دۇنياسىدا ھورۇنخانىلار، دۇئاخانىلار پەيدا قىلىنغاندىن، ئۇلى يوق خىيالىي گەپلەر ئورۇنلاشقاندىن كېيىن كېڭەيگەن. بولمىسا ئىسلامنىڭ بىرىنچى نەسىھىتى تىرىشىش، ئىشلەش، ھايات جېڭىدە ئۈستۈنلۈك ھاسىل قىلىش، كىشىنىڭ قولىغا قاراپ تۇرۇشتەك بىچارىلىكتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. دۇنيادىكى پۈتۈن بۇزۇقلۇقلارنىڭ ۋە نۇرغۇن كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنىڭ «ھورۇنلۇق، بىكار تەلەپلىك» ئىكەنلىكى ئەخلاق ھەم تىببىي ئالىملار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان. «رأس الكسلان معمل الشيطان» «ھورۇن ئادەمنىڭ كاللىسى شەيتاننىڭ كارخانىسى» دېگەن تەمسىل بار. شۇنداق بولغاچقا ھورۇنلارغا، تەمە قىلغۇچىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ نېمە پايدا ۋە قانداق ساۋابى بولسۇن؟!

ھەقىقەتتە پۇل ـ مالنى قولى بىلەن ئىشلەپ تېپىپ ئۇنى مۇسۇلمان مىللىتىنىڭ پايدىسىغا ئىشلىتىش، ۋەقپىلەرنى، سەدىقىلەرنى يەپ ـ ئىچىپ ياتقانغا قارىغاندا ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشتۇر. مۇشۇنداق جەھەتلەردىن بولسا كېرەك، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى خەلقتىن بىھاجەت بولۇشقا ھەم ئاغزى ياكى قىياپىتى بىلەن ئۇلاردىن بىر نەرسە سورىماسلىققا تاپىلايدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇ تاپشۇرۇقىنىڭ ھەر زاماندىكى مۇسۇلمانلارغا ئومۇمىي ئىكەنلىكى مەلۇم. لېكىن بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار باشقىلاردىن قانداق بىھاجەت بولالايدۇ؟ ھازىرقى كۈندە تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى مۇشۇدۇر.

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا يىڭنە ۋە شارپا ياسىيالىغۇدەكمۇ سانائەت يوق. قەلەم ـ قەغەزلەرنىمۇ ياتلار ياساپ بېرىدۇ. شۇنىمۇ ئۆزى چىقىرالمايدۇ. مۇنداق بىر مىللەت باشقىلاردىن قانداقمۇ بىھاجەت بولالىسۇن؟ ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ باشقىلارغا ھاجىتى چۈشمەسلىكىنىڭ يولىنى تاپالامدۇ؟

شۈبھىسىزكى، يول تاپقىلى بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، بۈگۈنكى مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ بىلىملىرىنى، ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. مۇسۇلمانلار شۇ ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىۋالسا، ھۈنەر ـ سانائەتتە باشقىلارغا ھاجىتى چۈشمەيدۇ. باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى قىستىلىشقا قاراپ بولماي، بەلكى تەڭمۇ تەڭ بولغان تېگىشىش، ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياۋروپالىقلارنىڭ بىلىملىرىنى، ھۈنەر ـ تېخنىكىلىرىنى ئۆگىنىش كېرەك. ئارقىغا تارتىشقا زادى بولمايدۇ. ئەسلىدە شۇ ئىلىملەر ۋە ھۈنەرلەرنىڭ تولىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز نەرسىسىدۇر.

## 169 ـ ھەدىس: ھايۋانلارغا دىلى يۇمشاق بولۇش

**غُفِرَ لِامْرَأَةٍ مُومِسَةٍ مَرَّتْ بِكَلْبٍ عَلَى رَأْسِ رَكِيٍّ يَلْهَثُ قَالَ كَادَ يَقْتُلُهُ الْعَطَشُ فَنَزَعَتْ خُفَّهَا فَأَوْثَقَتْهُ بِخِمَارِهَا فَنَزَعَتْ لَهُ مِنْ الْمَاءِ فَغُفِرَ لَهَا بعلكَ.** (صحيح البخاري)

ئۇسسۇلۇقتىن ھاسىراپ ئۆلگىلى تۇرغان بىر ئىت قۇدۇق بېشىدا تىلىنى ساڭگىلىتىپ (قۇدۇقتا بويى يەتمىگەنلىكتىن سۇ ئىچەلمەي) تۇرغان ئىدى. بىر پاھىشە ئايال ئۇنى كۆرۈپ (سۇ تارتىشقا ھېچ نەرسە بولمىغاچقا) پۇتىدىكى ئۆتۈكنى سالدى ۋە (يىپ بولمىغاچ) لېچىكى بىلەن ئۆتۈكنى باغلاپ (قۇدۇقتا تاشلاپ سۇ تارتىپ) ئىتنى سۇغاردى. ئاللاھ تائالا شۇ ئىشى ئۈچۈن پاھىشەلىك گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلدى.

ھايۋانلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش، ئىچ ئاغرىتىش مەسىلىسىدە مۇشۇ ھەدىس كۇپايە قىلسا كېرەك. قۇشلارنى قەپەسكە، كاتەككە سولاپ بېقىش، ھايۋانلارغا ۋاقتىدا ئوت ـ چۆپ، سۇ بەرمەي قويۇش، كۆتۈرەلمىگۈدەك، تارتالمىغۇدەك يۈك ئارتىش، ئۇرۇنسىز قىيناش، ئۇرۇشقا بولمايدىغان يەرلىرىگە ئۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گۇناھتۇر.

بۇ ھەدىس شەرىپتىن ئازغىنە بىر ياخشىلىق ئارقىلىق چوڭ گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مۇنداقلارنى كەچۈرۈم قىلىش ئاللاھ تائالاغا ۋەزىپە ئەمەس، بەلكى مېھرىبانلىقىدىندۇر.

ئۇلۇغ ھەدىسلەردىن مەلۇم بولىشىچە، بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەپۇ قىلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ تەۋبە ــ شەرتلىرى ھازىرلانغاندىن كېيىن، تەۋبە بىلەن يوقالمايدىغان گۇناھ يوق. ﴿**وَالَّذِينَ عَمِلُوا السَّيِّئَاتِ ثُمَّ تَابُوا مِنْ بَعْدِهَا وَآمَنُوا إِنَّ رَبَّكَ مِنْ بَعْدِهَا لَغَفُورٌ رَحِيمٌ**﴾[80] دېگەن ئايەت بۇنىڭ دەلىلىدۇر. تەۋبە قىلىش ھەققى بولمىغان ئادەم بالىسى يوقتۇر. بۇ ئىش پەيغەمبەرلەردىن باشلاپ گۇناھى ئەڭ ئېغىر بەندىلەرگىچە ئومۇمىيدۇر. تەۋبە قىلىش سەۋەبىدىن گۇناھ تۈگەشلا ئەمەس، بەلكى ساۋاب بولۇش ۋە ياخشى ئىشلار يېزىلىشى مۇمكىن. ﴿**إن الله يحب التوابين ويحب المتطهرين**﴾[81] گۇناھتىن پۇشايمان بىلەن يانغانلارنى ۋە ئۆزىنى پاك ـ پاكىزە قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدۇ. تەۋبىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى توغرىسىدا 329 ـ ھەدىستە توختىلىپ ئۆتىمىز.

2 ـ ئىستىغپار – ئىستىغپار بولسا، ئاللاھ تائالادىن گۇناھلاردىن ئۆتۈشىنى سوراش ۋە دۇئا قىلىشتۇر. ئىستىغپار كۆپىنچە تەۋبە بىلەن بىرلىكتە بولىدۇ. ئەمما ئىستىغپار تەۋبىدىن ئايرىلماس نەرسە ئەمەس. بەندە تەۋبە قىلىپ ئەپۇ تەلەپ قىلماسلىقى ۋە ئەپۇ سوراپ تۇرۇپ تەۋبە قىلماسلىقى مۇمكىن. ئىستىغپار قىلىش لازىم ئىش. بۇنىڭ بىلەن گۇناھلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى مۇمكىن.

---

[80] ئەئراف سۈرىسى 153 — ئايەت.
[81] بەقەرە سۈرىسى 222 — ئايەت.

3 ـ ياخشى ئىش قىلىش – ئاللاھ تائالا: ﴿إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ﴾[82] «ساۋابلىق ئىشلار گۇناھلارنى يوقىتىدۇ» دېدى. بۇ توغرىدا باشقا ئايەتلەرمۇ بار ۋە سەھىھ ھەدىسلەرمۇ كۆپ. ھەر قانداق ياخشى ئىش ھەر قانداق گۇناھ ئىشنى يوقىتىدۇ دېيىشكە بولمايدۇ. ھەم ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچى كىشىنىڭ، «مېنىڭ ياخشى ئىشلىرىم گۇناھلىرىمنى تۆگىتىدۇ» دەپ بۇزۇق ئىش قىلىشىغا شەرئەت يول قويمايدۇ. ئەمما ياخشى ئىشلار سەۋەبىدىن (ئەگەر ئاللاھ تائالا ئالدىدا قوبۇل قىلىنسا) ئەسكىلىكلەر يوقىلىشى مۇمكىن. ھەتتا ياخشى ئىشلار سەۋەبىدىن چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىغىمۇ توسالغۇ يوق. بۇ ھەدىستىكى پاھىشە ئايالنىڭ ۋەقەسىمۇ شۇنى بىلدۈرىدۇ.

بىر ئىشنىڭ كۆرۈنۈشىگە قاراپلا ياخشى ئىش دېيىشكە بولمايدۇ. بەلكى ياخشى ئىش خالىس ئىمان (ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەن ۋە ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشنىلا ئويلاش) بىلەن قىلىنغان بولۇشى شەرت. ئىشلارنىڭ مەقبۇل بولغانلىقى تاشقى ئالامىتى بولسا، ﴿إن الصلوة تنهى عن الفحشاءِ والمنكر﴾ دېگەن ئايەتكە مۇۋاپىق ھالدا، ئۇ كىشىنىڭ گۇناھ ئىشلاردىن توختىشى ۋە توسۇلىشىدۇر. سەت قىلىقلار ۋە گۇناھ ئىشلارنى ھەر قانداق بىر ناماز ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئالدىدا قوبۇل قىلىنغان نامازلارلا چەكلىيەلىشى مۇمكىن.

4 ـ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش ـــ مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى دۇئاسىنى ئېلىش. بۇ ئىشلارنىڭ گۇناھىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىغا دەلىللەر بار.

5 ـ رەسۇلۇللاھنىڭ تىرىك چېغىدا دۇئاسىنى ئېلىش ۋە قىيامەت كۈنى شاپائىتىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت بەخت ـــ سائادەتكە نائىل بولۇش.

6 ـــ ئىنسان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ قىلغان سەدىقە جارىيە (كىشىلەر داۋاملىق پايدىلىنىدىغان سەدىقە) نىڭ ساۋابلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز بېرىپ تۇرۇشى.

7 ـ دۇنيادا بالالارغا ئۇچراش، قازالارغا، قايغۇ ـ ھەسرەتلەرگە گىرىپتار بولۇش – پەيغەمبەرلەر بالالارنىڭ ئېغىرلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ ئېغىر مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىغۇچىلار كۆپ بولغان. «ھەزرىتى ئائىشە بەسىرگە بارغىنىغا ئۆمۈر بويى پۇشايمان قىلىپ يىغلىدى» دېيىلگەن. سىففىن ۋەقەسىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئېغىر قايغۇغا چۆمگەنلىكى ۋە: «كاشكى بۇ كۈنلەرنى كۆرگىچە ئاخىرەتكە كەتسەم، نېمە بولار ئىدى» دەپ ئەپسۇسلانغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

8 ـ قەبرىدە ئازابلىنىشتەك ئاخىرەت بالالىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈش.

[82] ھۇد سۈرىسى 114 — ئايەت.

## 170ـ ھەدىس: غەيۋەت قىلماسلىق توغرىسىدا

**الْغِيبَةُ ذِكْرُكَ أَخَاكَ بِمَا يَكْرَهُ قِيلَ أَفَرَأَيْتَ إِنْ كَانَ فِي أَخِي مَا أَقُولُ قَالَ إِنْ كَانَ فِيهِ مَا تَقُولُ فَقَدْ اغْتَبْتَهُ وَإِنْ لَمْ يَكُنْ فِيهِ فَقَدْ بَهَتَّهُ.** (صحيح مسلم)

غەيۋەت دېگەن دىنىي قېرىندىشىڭ (ئۆزى ئاڭلىغان تەقدىردە) يامان كۆرىدىغان سۆزلەرنى (ئۇنىڭ ئارقىسىدا) سۆزلىشىڭدۇر. ئەگەر شۇ ئەيىب ئاشۇ قېرىندىشىڭدا بولسا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان، ئەگەر ئۇ ئەيىب ئۇنىڭدا بولمىسا، ئۇنىڭغا بوھتان قىلغا ۋە يالغان توقىغان بولىسەن.

بىر كىشىنى ئاشكارا تىلغا ئېلىپ ياكى مەلۇم كىشى ئىكەنلىكىنى خەلقلەر بىلەلىگۈدەك ھالەتتە ئومۇملاشتۇرۇپ سۆزلەش ياكى شۇ كىشىگە قاراپ، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئاڭلىتىشنىڭ ھەممىسى غەيۋەتتۇر. قۇرئان كەرىم: ﴿وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضاً أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتاً فَكَرِهْتُمُوهُ﴾ بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشماڭلار، ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى خالامسىلەر، ئەلۋەتتە خالىمايسىلەر.[83] دەپ غەيۋەت قىلىشتىن قەتئىي رەۋىشتە توستى ۋە رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى مۇشۇ ھەدىسى بىلەن غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەركىم چۈشىنەلىگۈدەك شەكىلدە تەرىپلەپ ئۆتتى. گەرچە شەرئەت غەيۋەتكە بۇ دۇنيادا جازا قوللانمىسىمۇ، بۇ ئىش ئادەمنى مەست قىلىدىغان نەرسىنى ئىچىش ۋە قىمار ئويناشتەكلا ھارامدۇر.

كۆپلىگەن كىشىلەر: «پاسىقنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا زىيان يوق» دەپ غەيۋەت قىلىشنى مۇباھ ئىشنىڭ ئورنىغا چۈشۈردى. توغرا، ھېچكىمدىن ئۇيالماي، ھايا قىلماي گۇناھ قىلغۇچى ياكى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق بىر بىدئەت ئىشقا دەۋەت قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنىڭ مۇباھلىقى ھەققىدە ھەدىسلەر ۋە پىقھى ئالىملىرىدىن رىۋايەتلەر بار. لېكىن بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ۋە ھەر قانداق بىر ئىشتا ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پاسىق ياكى ئاشكارا ھالدا شەرئەتكە خىلاپلىق قىلغۇچى ھېسابلىنىۋەرمەيدۇ. ھالبۇكى، ئاشكارا پاسىق ئەمەس، ھەتتا يوشۇرۇن پاسىقلىقى ئېنىق بولمىغان ئادەمنىڭ «غەيۋىتىنى قىلىش دۇرۇست» دېيىش بولسا، بىرىنچىدىن، ئوچۇق دەلىل بىلەن ھارام بولغان غەيۋەتنى ھالال كۆرگەنلىك؛ ئىككىنچىدىن، مۇسۇلمانغا گۇناھ ئارتىش ۋە يالغان توقۇش بولغىنى ئۈچۈن ئىككى تۈرلۈك گۇناھنى يۈدۈش بولىدۇ.

غەيۋەت ھارام بولمايدىغان ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىنغانلىقىنى قازىغا، ھۆكۈمەتكە ۋە باشقىلارغا شىكايەت قىلىش.

2 ـ بىر بەندە بۇزۇق ئىش قىلغان بولسا، ئۇنى تۈزىتىش قولىدىن كېلىدىغان بىر كىشىگە بىلدۈرۈش.

3 ـ پەتىۋا سوراش لازىم بولغاندا، بىر كىشىنىڭ ئەھۋالىنى (زۆرۈرىيەتكە قاراپ) سۆزلەش.

[83] ھۇجۇرات سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

4 ـ مۇسۇلمانلارنىڭ خاتالىششىغا ۋە شەرىئەت يولىدىن ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى يوقىتىش ئۈچۈن بەزىبىر كىشىلەرنىڭ بۇزۇق ئىشلىرىنى ئېچىش ۋە بىلدۈرۈش.

5 ـ گۇناھنى يوشۇرمايدىغان ۋە ئۇنى ئەيىب دەپ سانىمايدىغان كىشىنىڭ شۇ ئەيىبىنى سۆزلەش.

6 ـ خەلق ئوتتۇرىسىدا مەشھۇر بولغان بىر ئەيىب ياكى خۇسۇسىيەتنى تېخىمۇ ئوچۇقراق تونۇتۇش ئۈچۈن ئەيىبىنى سۆزلەش (قارىغۇ، توكۇر، چولاق پوقاق دېگەندەك سۆزلەرمۇ شۇ قاتاردا).

لېكىن ئاشۇ ئورۇنلاردىمۇ غەيۋەت دۇرۇست ئەمەس دېگۈچىلەرمۇ بار.

بىز مۇسۇلمانلاردەك غەيۋەتكە مۇپتىلا بولغان باشقا بىر گۇرۇھ يوقتۇر. ئىككى مۇسۇلمان بىر يەرگە كەلسە، راھەت ۋە كۆڭۈل ئېچىشى پەقەت غەيۋەت بىلەنلا بولىدۇ. ئارىمىزدا ئۈلپەت ۋە مۇھەببەت، قېرىنداشلىق، گەپ ـ سۆز بىرلىكى، بويسۇنۇش ۋە مېھرىبانلىق يوقلۇقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى غەيۋەت بولسا كېرەك. بۇ نەرسە بىز مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن شان ـ شەۋكىتىمىزنى يوقاتتى. قەدرى ـ قىممىتىمىزنى ۋە ھۆرمىتىمىزنى تۆكەتتى. بۇ كۈندە: ﴿**ضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ أَيْنَ مَا ثُقِفُوا إِلَّا بِحَبْلٍ مِنَ اللَّهِ وَحَبْلٍ مِنَ النَّاسِ وَبَاءُوا بِغَضَبٍ مِنَ اللَّهِ وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الْمَسْكَنَةُ**﴾[84] ئايەت كەرىمىسىگە توغرا كېلىدىغان بىزدىن باشقا كىشىلەرنىڭ بارلىقى ئادەمنى گۇمانلاندۇرىدۇ.

ئۆزىمىز باشتىن ئاياغ ئەيىبكە چۆمگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۆز ئەيىبىمىزنى تۈزىتىش بىلەن شۇغۇللىنىش بىرىنچى ۋەزىپىمىز بولۇپ تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كوچىلاپ ئۆمۈر ئۆتكۈزىشىمىز ئاقىلانىلىك ئەمەس.

غەيۋەتچى بولۇپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى، ئادىمگەرچىلىكىمىزنىڭ ناھايىتى كەم بولۇپ، جىددىيلىك، ئەقىلنى ئىشقا سېلىش، ئويلاش ۋە سېلىشتۇرۇش قاتارلىق مۇكەممەللىكتىن پايدىلىنالمىغانلىقىمىزدىندۇر. ئارىمىزدا ھەقىقىي ئىلىملىك كىشى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىلىمنىڭ نېمىدىن ئىبارەتلىكىنى بىلىدىغانلارمۇ ئازدۇر. بىزنىڭ پۈتۈن ھىممىتىمىز يېمەك ـ ئىچمەك ئۈچۈن دۇنيادا تۇرۇش ۋە دۇنيادا تۇرۇش ئۈچۈن يەپ ئىچىشتىن ئىبارەت. ئەھۋالى مۇشۇنداق بولغان خەلقلەر غەيۋەت، گەپ توشۇش، يالغان گەپ توقۇش ۋە قارا سۈركەشتەك ئىشلار بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزمىسە، بۇ دۇنيانى قانداق تۈگىتىدۇ؟ ئۆمرىنى نېمە ئىش قىلىپ ئۆتكۈزىدۇ... ئىش قىلىدىغان كىشىلەر ئۆز ئۆمرىنى غەيۋەت قىلىپ ئۆتكۈزۈش ئەمەس، ئۆزىنىڭ زۆرۈر سۆزلىرىنىمۇ، دۇنيادا كېرەكلىك مەسلىھەتلىرىنىمۇ سۆزلەشكە ۋاقىت تاپالماي يۈرىدۇ.

---

[84] ئال ئىمران سۈرىسى 108 ـ ئايەت

# 171ـ ھەدىس: ئازغۇن ئىمامدىن ئاگاھ بولۇش توغرىسىدا

**أَخْوَفُ عَلَى أُمَّتِي مِنْ الدَّجَّالِ الْأَئِمَّةَ الْمُضِلِّينَ.** (مسند أحمد)

ئازدۇرغۇچى رەھبەرلەر ئۈممىتىم ئۈچۈن دەججالدىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇقتۇر.

ئۈممەتنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى ئۈچۈن قايغۇرمايدىغان ۋە بەختى ئۈچۈن تىرىشىپ ھەرىكەت قىلمايدىغان، بەلكى ئۆزىنىڭ پايدىسىنى دەپ ئۈممەتنى يوقىلىش ۋە يولدىن ئېزىش تەرەپكە ئىتتىرىپ ئاتقۇچىلار، خەلقنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەلۋەتتە دەججالدىن بەكرەك زىيانلىقتۇر. ھەركىم ئازدۇر ـ كۆپتۇر دەججالنى بىلىشى ۋە ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىشى مۇمكىن. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ، ئادالەتلىك، ئىشەنچلىك، دىيانەتلىك ۋە تەقۋادار دېگەن نامنى ئېلىۋالغان يامان يولباشچىلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا مۇنداقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا كەلتۈرگەن زىيانلىرى دەججالنىڭ زىيىنىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولۇشىدا شەك ـ شۈبھە يوقتۇر.

غەرب ۋە بارلىق ئىسلام مەتبۇئاتلىرىدا بىر شەرقشۇناسنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئىمامىلىرى (دىن باشلىقلىرى) ھەققىدە يازغان بىر ماقالىسى نەشر قىلىندى. بىز بۇ يەردە شۇ ماقالىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەزى يەرلىرىنى نەقىل كەلتۈرىمىز:

«ئەگەردە ئىسلام دىنى ئۆزىگە لايىق ئادەملەرنىڭ قولىغا ئۆتسە، بۇ دىنغا ئەگەشكۈچىلەر ئەڭ بەختلىك ئادەملەر بولىدۇ. لايىق ئەمەس ئادەملەرنىڭ قولىدا بولغانلىقى بۇ دىن ئۈچۈن بىر بالا بولسا، بىلىمسىز ئىشانلار بىلەن ئىنساپسىز موللىلارنىڭ ئۆزلىرىنى بۇ دىننىڭ باشلىقلىرى دەپ ھېسابلىشى ئىككىنچى بالادۇر. چۈنكى بۇ ئادەملەر ئۆزىنى دىن باشلىقلىرى دەپ گۇمان قىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلكى ئورنىدا ئۆزى بىلگىنىچە ئىشلىتىدۇ. ئاچچىقنى كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارغا قارىمىغان ئادەملەرنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان، كاپىر دەپ ھېسابلايدۇ. مۇشۇنداق دىن باشلىقلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان ياخشى گۇمانى ئاجايىپتۇر. ئۆزىنى ناھايىتى ئالىم ۋە ئۇلۇغ ئادەملەر دەپ ھېسابلاپ باشقىلارنى تۆۋەن كۆرىدۇ. قايسى بىر كىشى ئايەت، ھەدىسكە مەنە ئېيتسا، ئۇنىڭ بېشىغا قىيامەت قوپۇرۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پايدىسى ۋە شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئايەت ـ ھەدىسلەرنى ئۆزى خالىغان مەنىدە تەپسىر قىلىدۇ. زېھنلىرى چۇۋالچاق، پىكىر دائىرىسى تار بولغانلىقىدىن ئۆزى بىلمىگەن، ئاڭلىمىغان كەڭ دائىرىلىك تەپسىر ۋە تەرجىمە قىلغۇچىلارنى ئىلھادلىق (خۇداسىزلىق) ۋە زىندىقلىقتا ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەسلىدە، ئىسلام دىنىدىن زادىلا خەۋىرى يوق، دىننىڭ روھى ۋە مەقسىتى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئادەملەر مۇشۇلارنىڭ ئۆزىدۇر. ھەتتا بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دىن بىلەن ئۆرپ ـ ئادەتنىمۇ ئايرىيالمايدۇ. بۇ ئادەملەر شۇ خىل ئەھۋالى بىلەن ئىسلام دىنىنى شۇنچە ئېتىبارسىز ھالغا كەلتۈرىدۇ، خارلاشتۇرىدۇ، ھەتتا سەييىد جامالىددىن ئافغانى ۋە شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھدەك ھەقىقىي ئالىملارنى ياراتمايدۇ. ھەمىشە ئاۋام خەلق ئارىسىغا ئۇلار ھەققىدە يامان گەپلەرنى تارقىتىدۇ.

جامالىددىن بىلەن مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ بۇلارنىڭ ئالدىدىكى گۇناھى بولسا، مۇسۇلمانلارنى ئوقۇشقا تەشۋىق قىلىشى ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا كىشىدىن مەدەت ـ ياردەم تىلەشنى توسقانلىقى، ئىجتىمائىي ۋە دۇنياۋى قانۇنىيەت (دۇنيالىق ئىشلاردا ھەر

ئىشتا ئۆزىگە لايىق سەۋەب قوللىنىش، تىرىشىپ ئىشلەشتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالا ئورناتقان تۈزۈمگە ئاساسەن چارە قوللىنىش) كە مۇۋاپىق دۇنيا قاراشقا چاقىرىشتۇر.»

«ئازدۇرغۇچى ئىماملار» دېگەن سۆزنىڭ قاتارىغا ئەقلى كەم پادىشاھلار، چوڭ ـ كىچىك ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئازدۇر ـ كۆپتۇر باشلىقلىق ھوقۇقى بارلارنىڭ ھەممىسى كىرسە كېرەك. لېكىن بۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى ئۆزىنى «ئازدۇرغۇچى باشلىقلار» ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى توغرا يولغا باشلىغۇچىلار، راست يولدا ماڭغۇچىلاردىن ساناپ، ئۆز مەسلىكىدە بولمىغانلارنى ـــ پىكىردە ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولمىغانلارنى ـ «ئازغۇن ئىماملار» دەپ سانايدىغانلىقى مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئازدۇرغۇچى دىنىي باشلىقلار» نىڭ ئالامەتلىرىنى بىلىۋېلىش لازىم.

«ئازغۇن ئىماملار» مۇنداق بولىدۇ: پۈتۈن مەقسىتى خەلققە باش بولۇش، خاھى توغرا، خاھى ناتوغرا يوللار بىلەن ئىقتىساد توپلاش، تاشقىرى ئىشلار ۋە كۆز بوياش بىلەن خەلقتىن ھەقىقىي دىننى يوشۇرۇپ قىلىش، بايلار بىلەن يوقسۇللارنى ئوخشاش كۆرمەسلىك، دىن باشلىقى بولۇشنى ئۆزىنىڭ دۇنيالىق مەقسىتىگە يېتىشكە ۋەسىلە ـ قورال قىلىش، قۇرئان ۋە سۈننەتنى (ھەدىسنى) بىر ياقىدا قويۇپ، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ سۆزىنى يۇقىرى ئورۇندا قويۇش ۋەھاكازالار...

ئەمما مۇسۇلمانلارنى سۆيۈش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، پەرز ئىشلارنى قىلىپ، ھاراملاردىن ساقلىنىش، ئىنسانلارغا ياردەم قىلىش، كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىغا كۆز يۇمۇش، كىشىنىڭ ئەسكىلىكىگە ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش، گەپتىن بەكرەك ئەمەلىي ئىشلار بىلەن ياخشىلىق قىلىش، خەلققە غوجا بولۇشتىن، ھەممە ئىشىغا ئىگە بولۇۋېلىشتىن ساقلىنىش، ئىنساپقا ۋە ۋىجدانغا خىلاپ كېلىدىغان ئورۇنلاردا ئالتۇن ـ كۈمۈشكە كۆز قىرىنى سالماسلىق، قانائەت بىلەن روھىي پاكىزلىقتىن ئايرىلماي چىڭ تۇرۇش، ئەۋلىيا ۋە مازار ـ ماشايىخلار توغرىسىدا ۋە ئومۇمەن ئىنسانلار ھەققىدە چېكىدىن ئېشىپ كېتىشتىن يىراق بولۇش قاتارلىقلار «ئاز غۇن دىنىي باشلىقلار» دىن بولماسلىقنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

## 172ـ ھەدىس: ياخشى ئىش توغرىسىدا

**فَعْلُ المَعْرُوْفِ يَقِي مَصَارِعَ السَوْءِ.** (الجامع الصغير)

ياخشى ئىش قىلىش ھالاكەتكە يۈزلىنىشتىن ساقلايدۇ.

ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنىڭ ياخشىلىق ئىكەنلىكى مەلۇم. ياخشى ئىش قىلىش ئادەمگەرچىلىكتىن بولۇپ، ئۇ ھېچ قاچان بىكارغا كەتمەيدۇ. «ياخشىلىق قىل، دېڭىزغا ئات! بېلىق بىلمىسە، خالىق (ياراتقۇچى) بىلىدۇ» دەيدىغان ھېكمەتلىك ماقال بار.

## 173 ـ ھەدىس: جەننەت توغرىسىدا

**فِي الْجَنَّةِ مَا لَا عَيْنٌ رَأَتْ وَلَا أُذُنٌ سَمِعَتْ وَلَا خَطَرَ عَلَى قَلْبِ بَشَرٍ.** (مسند أحمد)

جەننەتتە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاقلار ئاڭلىمىغان، ئادەم بالىسىنىڭ كۆڭلىگە كەچمىگەن نەرسىلەر بار.

يېڭى ھايات نەزەرىيەسى دۇنياغا تونۇلۇشتىن بۇرۇن جەننەت ۋە دوزاخنىڭ بۇ كۈندە يارىتىلىپ بولغان بولۇشى ھەققىدە: «ئۇنداق چوڭ ئورۇنلار قەيەرگە سىغىپ تۇرىدىغاندۇ؟!» دېگەن گۇمانلار بار ئىدى. يېڭى ھايات نەزەرىيەسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن بۇ بەس ـ مۇنازىرىلەر پۈتۈنلەي تۈگىدى، يوقالدى. قۇرئاندا ئېيتىلغان جەننەت ۋە دوزاخنىڭ مۇشۇ كۈندە نەق بارلىقىدا ھېچ قانداق شەك يوقلۇقى ۋە قەتئىي مۇمكىنلىكى بىلىندى.

ئەمدى بۈگۈنكى پەنلەردىن پۈتۈنلەي بولمىسىمۇ، بىر قەدەر خەۋىرى بولغان، تېلېفون، تېلېگراف، ئومۇمەن ئېلېكترونىڭ خىزمەتلىرىنى كۆرگەن كىشى، جەننەتتە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ھەتتا كۆڭۈلگە كەچمىگەن نەرسىلەرنىڭ بولۇشىغا ئازراقمۇ شەك قىلمىسا كېرەك. جەننەتتە ئەمەس، دۇنيانىڭ ئۆزىدىمۇ كۆز كۆرمىگەن ۋە قۇلاق ئاڭلىمىغان ھەتتا كۆڭۈلگە كەچمىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەر كۈنى بارلىققا كېلىپ ئىنسانلارنىڭ خىزمىتىگە يېتىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقان ئىنسانلار، جەننەتتە كۆڭۈلگە كەچمىگەن نەرسىلەرنىڭ بولۇشىنى تامامەن مۇمكىن ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارىسا كېرەك.

جەننەت ۋە دوزاخ ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە خەۋەر بېرىلگەن راھەت ۋە خاپىلىقلارنى، ئومۇمەن ئاخىرەت توغرىسىدا بولغان خەۋەرلەرنى ئىسىملىرىغا قاراپلا ھەممە جەھەتتىن دۇنيادىكى نەرسىلەر بىلەن بىر خىل دەپ گۇمان قىلىش توغرا بولمايدۇ. ئۇ يەردە بولغان نەرسىلەر ۋە ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق سۆز ۋە ئادەملەردە كېرەكلىك بولغان ئامىللار بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇنداق مەجھۇل ھالەتتىكى سۆزلەر بىلەن بايان قىلىشقا ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جەننەتنىڭ ھۆرلىرىنى، ئېقىن سۇلىرىنى، نېمەت ۋە لەززەتلىرىنى، شۇنىڭدەك دوزاخنىڭ ئازاب ۋە مۇشەققەتلىرىنى، قەبرە ئازابىنى، قەبرىدىكى سوراقنى، مىزان (دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىنى تارتىش)، كىتاب (ھەركىمنىڭ قىلمىشى يېزىلغان دەپتەر)، ھېساب ۋە ئاللاھنى كۆرۈش خەۋەرلىرىنى دۇنيا ئەھۋالىغا ئوخشىتىش ۋە شۇ سۆزلەرنىڭ دۇنيادىكى مۇئەييەن مەنىسىگە قىياس قىلىش توغرا ئەمەس. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «جەننەتتە بار نەرسىلەرنىڭ پەقەت ئىسىملا دۇنيادا بار بولغان نەرسىلەرگە ئوخشايدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ شۇ بولسا كېرەك.

بۇ سۆزلەر تەئۋىل يولىغا كىرگەنلىك، يەنى سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ ئاشكارا مەنىسىدىن بۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مۇئەييەن مەنىسىنىڭ تارماقلىرى ئارىسىدا ئومۇمىي بىر پەرقىنىڭ بارلىقىنى، «نەرسە» دېگەن سۆزگە توغرا كەلگەن سەۋەبىدىنلا تۈز كەتكەن چۈللۈكنى ھىمالايا تېغى بىلەن ئوخشاش بىر نەرسە دەپ پەرەز قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنىلا بايان قىلىشتىن ئىبارەت. ئۆمرىدە شەھەر كۆرمىگەن ۋە كىشىلەردىن ئاڭلاپمۇ باقمىغان، بىر قىسىم ساددا يېزا ئادىمى «مۇنچا» دېگەن گەپنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭ خىيالىدا دائىرىسى كىچىككىنە بولغان ۋە كۆپىنچە ئەھۋالدا شاخ تىكەن بىلەن چىتلانغان بىر قاراڭغۇ ئۆيگە ئوخشاش نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، مۇنچىنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئۈچ ـ تۆت قەۋەتتىن تەركىب تاپقان بىنالاردىن

ئىبارەت بولۇپ، ئىچىدە ئالىي بىساتلار، قىممەتلىك ئەينەكلەر، ئىشىكلەردىنمۇ چوڭ دەرىزىلەر، دەرىزىلەرگە زىننەت ئۈچۈن ئېسىلغان پەردىلەر بىلەن جابدۇلغانلىرىمۇ بولىدۇ. پۈتۈن بىر ئايدا ئۈچ تەڭگە پۇلغا ئىشلىيەلمەيدىغان كىشىلەر، ئاشۇ كېيىنكى مۇنچىلاردا بىر سائەت ئۈچۈن تۆت ـ بەش تەڭگە تۆلەپ كىرىشنى ئاجايىپ ئىش ھېسابلايدۇ ۋە ئۇلارغا ئۈچۈن بۇ «كۆز كۆرمىگەن قۇلاق ئاڭلىمىغان» ئىشتەك بىلىنىدۇ.

ئون ياش ۋاقتىم ئىدى، چىستاي شەھىرىدە مەدرىسىدە ئوقۇپ قايتقان بىر ياش شاگىرت كەنتىمىزنىڭ قىرلىرى ۋە ياشلىرى قېشىدا ئىدىل دەرياسىنىڭ كەڭلىكىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. سۆزىنىڭ ئارقىسىدا ئۇ دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ۋە توغرىسىنى ئېيتقاندا كۆۋرۈك سېلىشقا يارىغۇدەك بىرەر ياغاچنىڭ تېپىلمىغانلىقىنى ئېيتتى. مۆتىۋەر ئادەملەردىن بىرسى: «ھە!... بىزنىڭ مەسجىد مۇنارىسىغا ئىشلەتكەن ياغاچتەك ياغاچ دۇنيادا يوق دەمسىز؟ ئەگەر شۇنداق ياغاچنى توغرىسىغا قويسا، ياخشى كۆۋرۈك بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمسىز؟» دەپ ئىنكار قىلدى ۋە باشقىلارمۇ شۇ كىشىنىڭ سۆزىنى راست دېيىشتى. پۈتۈن ئۆمرىدە كىچىك زەيدان، كىچىك جىلغىدىن باشقا چوڭ دەريا كۆرمىگەن بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ خىل سۆزلىرى مەزۇر ئىدى (ئەيىبلەشكە لايىق ئەمەس ئىدى).

چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى كۆرگەن دەريالاردىن چوڭراق دەريالارنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. موسكۋا بىلەن پېتىربۇرگ ئارىسىدا سىملىق تېلېگراما بارلىقىغا دائىر خەۋەر دەسلەپ ئاڭلانغاندا، بوگۈلمە يېزىسىدىكى مەشھۇر ئالىملاردىن بىرسىنىڭ: «مۇنداق گەپلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى دادام ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى.

ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بالىغا: «سەن تۇرغان بۇ يەردىنمۇ چوڭ بىر يەر بار، ئۇ يەر دۇنيا دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلسە، دۇنيادىكى ماددى ۋە مەنىۋى ئەھۋاللار، كۆز كۆرىدىغان ۋە كۆرمەيدىغان نەرسىلەر چۈشەندۈرۈلمەكچى بولسا، قانچىلىك بىر نەرسە بىلدۈرگىلى بولار؟ مۇنداق تونۇشتۇرۇش ۋە چۈشەندۈرۈشلەردىن ئۇ بالا قانچىلىك ئىلىم ھاسىل قىلار؟! ھەتتا ئۆزى تۇرغان يەردىن كەڭ ۋە ئازادە ئورۇننىڭ بارلىقىغا ئۇنىڭ ئەقلى يېتەرمۇ؟ ئۇنىڭ ئەقلى بۇنى توغرا كۆرمەيدۇ ۋە بۇ توغرىدىكى تونۇتۇش، چۈشەندۈرۈشلەرگە ئىشىنەلمەيدۇ. دۇنيادا ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ئىنسانلارنىڭ ئاخىرەت كۈنى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىشكە خاس بولغان تۇيغۇلىرى ئىشلىمىسە كېرەك. توكنى ياندۇرۇش ئۈچۈن كونوپكىنى بېسىش كېرەك بولغاندەك، بۇ تۇيغۇنىڭمۇ بىرەر كونوپكىسىنى بوراشقا ئېھتىياج بار. ۋاقتى كەلگەندە كونوپكىمۇ (بۇ گېپىمىز توغرا بولسا) بېسىلىدۇ. قەبرە ئازابى، سوراق، سىرات (دوزاخ ئۈستىدىكى كۆۋرۈك)، مىزان، ھېساب بېرىش، كىتاب (دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان ئىشلار، سۆزلەر يېزىلغان خاتىرە)، بولۇپمۇ ئاللاھ تائالانى كۆرۈش ھەققىدىكى قۇلاق بىلەن ئاڭلىنىدىغان دەلىللەرنى ئۆز تونۇشى بىلەن ئۆلچەپ بىر نەرسىلەرنى دەپ باققانلىقى ۋە ئازغا قايىل بولماي، شۇ ئىشلار توغرىسىدا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىزدىنىشكە بېرىلىشى سەۋەبىدىن ئىلمى كالام ئالىملىرى ئىسلام دىنىغا بۇزغۇنچىلىق سالدى. قۇرئان ۋە سۈننەت خەۋەرلىرىنى ئۆزىگە لايىق مەرتىۋىسىدىن تۆۋەن چۈشۈرۈپ، مۆتەزىلە ۋە باشقىلارنىڭ تالاش ـ تارتىشىغا ۋە بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ جىنايەت سادىر قىلدى. ئاخىرەتتىكى رۇئيەت (قىيامەت كۈنى ئاللاھنى كۆرۈش) ۋە باشقىلارغا: «ئاللاھ تائالا ۋە رەسۇلۇللاھ نېمە دېمەكچى بولسا، شۇنىڭغا ئىشەندىم» دەپ تەسلىم بولۇش ئۇلارغا نېمىشقا يارىمايدۇ؟ بۇنىڭغا كىملەر قارشى ئىدى؟ گەپ قىلىشقا ھاجەت بولسا «رۇئيەت»كە «ئىنكىشاف تام» دەپ مەنە بېرىشكە نېمە توسالغۇلۇق قىلاتتى ؟ «ئىنكىشاف تام» نىڭ يېنىدا كۆز بىلەن كۆرۈش، ئومۇمەن تاشقىرى بەش ئەزا — تويغۇ ئەزاسى ئارقىلىق بىلىشلەر ھېچ نېمە ئەمەس، بۇلارغا قارىغاندا، ئىنكىشاف تام ناھايىتى ئالىي ۋە ئادەتتىن تاشقىرى بىر نەرسە بولسا كېرەك.

«ۋەزن»نى بازارلاردىكى جىڭ ـ تارازىلارغا ئوخشىتىشقا كېرەك يوق ئىدى. شەئرانىنىڭ، ئاخىرەت مىزانىنى چامغۇر ئۇرۇقى ساتقۇچىلارنىڭ سەرلىرىگە ئوخشىتىپ، رەسمى بىلەن كۆرسىتىشى ئەخمەقلىق بولمىسىمۇ، ئەدەبسىزلىك بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق. ھازىرقى كۈندە ئادەملەر كىرانلاردىن ئېشىپ تۇرىدىغان ئېقىن سۇلارنىڭ مىقدارىنى، ئىشلىتىلگەن توكنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى ئۆلچەيدۇ ۋە شۇنىڭغا قاراپ پۇلنى ھېسابلايدۇ. قىسقىسى، ئاخىرەت كۈنىنى باققال بازىرىدىكى ئىشلارغا قىياس قىلىش توغرا ئەمەس.

قىيامەت ۋە ئاخىرەتتىكى تىرىلىپ قوپۇش ھەققىدىكى قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئەمەلىيەتتە بولىدىغان ئەھۋاللارنىڭ مىڭدىن، مىليوندىن بىرىگە تەڭ كەلمەسلىكى مۇمكىن. ئاخىرەتتىكى تىرىلىپ قوپۇشنى چۈشىنىشكە خاس بولغان تۇيغۇنىڭ بۈگۈنكى ئىنسانلاردا پۈتۈنلەي يوق بولۇشى ياكى بولسىمۇ ئىشلەش شەرتىنىڭ يوق بولۇش مۇمكىنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبنى ئابباس ھەزرەتلىرىدىن رىۋايەت قىلىنغان سۆز ناھايىتى توغرىدۇر. ھەتتا ئۇ بۇنى رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلاپ سۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ يەردە رىۋايەت قىلىنغان ئۇلۇغ ھەدىس بولسا، ئادەم بالىسىنى ئەقلى ۋە زېھنى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىشقا ئالدىرىماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەقىللىق، بەسىرەتلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ. ئەكسىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنىڭ چىقىپ قېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېھتىماللىق قالدۇرۇپ قوي! بىلگىنىڭ بىر تامچە بولسا، بىلمىگىنىڭ دەريا، بەلكى دېڭىزدۇر. ﴿وَمَا أُوتِيتُمْ مِنْ الْعِلْمِ إِلَّا قَلِيلًا﴾ «سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن»[85]

[85] ئىسرا سۈرىسى 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## 174- ھەدىس: ھەر جەھەتتە ساغلام كىشىلەرنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقى

**قَدْ أَفْلَحَ مَنْ أَخْلَصَ قَلْبَهُ لِلْإِيمَانِ وَجَعَلَ قَلْبَهُ سَلِيمًا وَلِسَانَهُ صَادِقًا وَنَفْسَهُ مُطْمَئِنَّةً وَخَلِيقَتَهُ مُسْتَقِيمَةً وَجَعَلَ أُذُنَهُ مُسْتَمِعَةً وَعَيْنَهُ نَاظِرَةً.**

(مسند أحمد)

قەلبى ئىماندا خالىس ۋە سالامەت، راست سۆزلۈك، كۆڭلى ئارامىدا (ۋىجدانى تەرەددۇتسىز)، گۈزەل ئەخلاقلىق، قۇلىقىنى ئىشتكۈچى ۋە كۆزىنى كۆرگۈچى قىلغان كىشىلەر چوقۇم مەقسىتىگە يېتىدۇ.

بۇ ھەدىستىن مەقسەت: «نەپسىنىڭ ھەر تۈرلۈك غەرەزلىرىدىن پاكىزە بولغان ئىمانلىق، دىلى سالامەت، راست سۆزلۈك، ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇپ، كۆڭلى ئارامىدا تۇرىدىغان، ئەخلاقى گۈزەل بولغان، قۇلاقلىرى گەپنىڭ ياخشى - يامىنىنى ئايرىپ ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى ئىبرەت بىلەن كۆرىدىغان ئادەم زەپەر ۋە نىجاتلىق تاپىدۇ» دېگەنلىكتۇر. مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈش ئەلۋەتتە كاتتا كامالەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، گەپ - سۆزلەرنىڭ ياخشى - يامانلىرىنى بايقىيالماي، سىلىشتۇرۇپ، تەپەككۇر كۆزلىرى بىلەن كۆرەلمەيدىغان كىشىلەر توغرىسىدا ئاللاھ تائالا: ﴿**لَهُمْ قُلُوبٌ لَا يَفْقَهُونَ بِهَا وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لَا يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ آذَانٌ لَا يَسْمَعُونَ بِهَا أُولَئِكَ كَالْأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُولَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ**﴾ يەنى ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ، ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر.[86] دەپ كايىغان.

[86] ئەئراف سۈرىسى 178 - ئايەت.

# 175ـ ھەدىس: قەرز بېرىش سەدىقە بېرىشتىن ياخشىراقتۇر

**قَرْضُ الشَيْءِ خَيْرٌ مِنْ صَدَقَتِهِ**. (الجامع الصغير)

قەرز بېرىش سەدىقە بېرىشتىن ياخشىراقتۇر.

چۈنكى سەدىقە ياخشى ۋە يامان كىشىگە، پېقىرغا ۋە پېقىر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ بايلىق توپلىغۇچىلارغا بېرىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما قەرز سورىغۇچى كىشى مەيلى پېقىر ياكى باي بولسۇن، ئۆزىنىڭ بىر قىيىنچىلىقىنى، قىسىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندا سورايدۇ.

سەدىقە ئالغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى توپلىغان پۇلنى قاپاقچا، يەنە بىر قىسمىنى بانكىغا تاپشۇرسا، قەرز ئالغۇچى ئۆز مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ ياكى ھاجىتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئەلۋەتتە مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاجىتىنى ھەل قىلىش ساۋابلىق ئىشتۇر.

«قەرز» نىڭ سەدىقىدىن ياخشىراق بولۇشى مۇھىم ئېھتىياجنى راۋا قىلىش، ھەمدە ئىسراپ ۋە گۇناھ يوللارغا ئىشلىتىلمەسلىكى بىلىنگەن كىشىلەر ھەققىدىدۇر. بولمىسا ئىسراپ قىلغۇچىلار، ئۆز بايلىقىنى پاھىشە ۋە گۇناھ يوللارغا ئىشلەتكۈچىلەر، كىشىنىڭ مېلىنى كىشىگە قەرز بەرگۈچىلەر، بانكا ۋە جازانىخورلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچىلار، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا قەغەز پۇللارنى پىرسەنت بېرىشكە ئالغان ـ بەرگەنلەر، ئومۇمەن ئىسلام شەرئىتىگە خىلاپ يولغا ئىشلەتكۈچىلەرگە بىر نەرسە ياكى پۇل قەرز بېرىشنى، ياخشى ساۋابلىق ئىش دەپ بىلمەيمىز.

بىزنىڭ خەلقىمىزدە سودا ـ تىجارەت قىلىشقا قابىلىيەت بار. پۇل ـ مال تاپالايدۇ، مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدۇ، لېكىن مېلىنى ئوبدان تۇتۇش توغرىسىدىكى بىلىمى ئاز، ئىقتىساد مەسىلىسى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، ئەقلىنى ئىشقا سالمايدۇ. ئاشۇنداق كىشىلەرگە قەرز بېرىش، كۆرۈپ تۇرۇپ مېلىڭنى سۇغا ئېقىتىۋېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مال تۇتۇشنى بىلمىگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ بۇزۇپ ـ چېچىشى ۋە پىلانسىزلىقى سەۋەبىدىن ئۆز مېلىنى تۆگىتىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ماللىرىنىمۇ يوقىتىدۇ. بۇلارنىڭ بايدەك يۈرىشى ئۆزى ئۈچۈنمۇ، باشقىلار ئۈچۈنمۇ زىيانلىقتۇر. مۇنداق كىشىلەرگە بېرىلگەن قەرزلەرنىڭ تولىسى قولغا قايتىپ كەلمەيدۇ، يوقىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھاجىتىمۇ تۈگىمەيدۇ، خۇشىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى مۇنداق بۇزغۇنچىلارغا قەرز بەرمەسلىك، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىقتۇر.

# 176 ـ ھەدىس: ئىمان ۋە تەۋەككۇل توغرىسىدا

**قُلْ آمَنْتُ بِاللَّهِ فَاسْتَقِمْ**. (صحيح مسلم)

ئاللاھ تائالاغا ئىشەندىم دېگىن، ئاندىن كېيىن يولدا تۈز ماڭغىن.

سۇفيان ئىبنى سەقەفى ئىسىملىك بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئىسلام دىنى توغرىسىدا ئەھمىيەتلىك بىر سۆز سۆزلەپ بەرسەڭ، سەندىن كېيىن باشقىلاردىن سوراشقا موھتاج بولمىسام» دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى بۇ كىشىگە جاۋاب بېرىپ: **قُلْ آمَنْتُ بِاللَّهِ فَاسْتَقِمْ** دېگەن.

ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن توغرا بولۇش دېگەن سۆز پۈتۈن ئىسلام دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۆز «**جوامع الكلم**» (ئۆزى قىسقا، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر) دىن سانىلىدۇ.

«توغرا بول» دېگەن سۆزنىڭ دائىرىسىگە ئېتىقادنى ۋە ئەمەل (ئىش ـ ھەرىكەت) نى تۈزىتىش، ئىبادەت ۋە بەندىچىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىش، خەلق بىلەن مۇئامىلىدە توغرا، ئادىل بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ. ئىسلام دىنىدا توغرا بولغان ۋە مۇشۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلغانلىقنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىسى قۇرئانغا ۋە ھەدىسكە ئەگىشىش، ھەر قانداق ئۇلۇغ ۋە مەشھۇر ئادەم بولسىمۇ، ئۇنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىس تەلىمىگە خىلاپ بولغان سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىغا ئەگەشمەسلىك. ئىنسانلارنى ئاللاھلىق مەرتىۋىسىگە چىقارماسلىق (ھەر قانداق ئۇلۇغ كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ئاللاھتەك ياكى پەيغەمبەردەك كۆرمەسلىك، يەنى ئۇنىڭ سۆزى، قىلغان ئىشى رەسۇلۇللاھ ئۆگەتكەندەك بولسا، قوبۇل قىلىش، بولمىسا رەت قىلىش. قۇرئانغا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىمىگە توغرا كەلمەيدىغان ھەر قانداق كەشىپ، پەيز، پۈتوھات، تەسىراتلارغا ئالدانماسلىق) بىدئەتكە ياردەم بەرمەسلىك قاتارلىق ئىشلار ئىكەنلىكى مەلۇم.

ئىستىقامەتلىك بولۇش ناھايىتى قىيىن ئىش. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىك ۋە ئۇنداق بولۇش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ دېمەسلىك، بەلكى كۈچى يەتسە ـ يەتمىسە، شۇ يولدا تىرىشىش لازىم. بىر پۈتۈن ئىسلام يولىدا تۈپ ـ تۈز مېڭىشنىڭ يۈزدىن بىرىنى قولدا تۇتقىلى بولسا، ئۇمۇ چوڭ ئىش. ئۇمۇ مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە، شۇ يولدا تىرىشىشمۇ غەنىمەت.

﴿**وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ**﴾ بىزنىڭ يولىمىزدا توغرا مېڭىشقا ۋە ئۇ يولنى غالىپ قىلىشقا تىرىشقۇچى بەندىلىرىمىزنى، بىز رازى بولغان ئىسلام يوللىرىمىزغا چوقۇم باشلايمىز. ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىخلاس بىلەن بەندە بولغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

# 177ـ ھەدىس: شۈكۈر قىلىشنىڭ پەزىلىتى

**قليل تودي شكره خير من كثير لا تطيقه.**

شۈكۈر قىلالىغۇدەك بولغان ئاز نەرسەڭ، شۈكۈر قىلالمايدىغان كۆپ نەرسەڭدىن ياخشىراقتۇر.

سەئلەبە ئىبنى ھاتەب ئەنسارى دېگەن كىشى رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلساڭ، ماڭا بايلىق بەرسە،ـ دېگەن ئىدى. بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ شۇ سەئلەبەگە قارىتا سۆزلىدى. ھەقىقەتتە مالدىن مەقسەت، زۆرۈر ھاجىتىنى قامدىغۇدەك ۋە دۇنيادا بىر كىشىلىك كۈن كەچۈرگۈدەك مال بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولغىنىنىڭ ئانچە خاسىيىتى بولمىسا كېرەك. پايدىسى يوق، جاۋابكارلىقى يوق بولغان ئىقتىسادقا ئىگە بولغاندىن، پايدىسى كۆپ، جاۋابكارلىقى ئاز بولغان ئىقتىساد بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن ئەلۋەتتە ياخشىراقتۇر.

**قوام المرء عقله ولادين لمن لا عقل له.**

ئىنسانلارنىڭ تايىنىدىغان نەرسىسى ئۇنىڭ ئەقلىدۇر، ئەقلى بولمىغان كىشىنىڭ دىنىمۇ تولۇق بولمايدۇ.

ئىنسانلارنى ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ سۆزلىشىشنى بىلىشى ئەمەس. چۈنكى، ھايۋانلارمۇ ئۆز ئارىسىدا سۆزلىشىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىشىدۇ. بۇ توغرىدا ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. بۇنى ھەر كىم بىلىدۇ ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ: **﴿قَالَتْ نَمْلَةٌ يَاأَيُّهَا النَّمْلُ ادْخُلُوا مَسَاكِنَكُمْ لَا يَحْطِمَنَّكُمْ سُلَيْمَانُ وَجُنُودُهُ وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ﴾**[87] دېگەن سۆزلىرىمۇ بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بەلكى ئىنسانلارنى ھايۋانلاردىن ئايرىيدىغان ئالاھىدىلىك — ئەقىلدۇر. باشقىلار ئەقلى يوق ھايۋانلار بولسا، ئىنسانلار ئەقىللىق ھايۋانلاردۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئىنساننىڭ يۆلەنچۈكى ئەقىلدۇر. ئەقىل بولمىغاندىن كېيىن، دىنىنىڭ پۈتۈن بولماسلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم.

ئەقىل دېگەن قانداق نەرسە؟

ئىلىم ـ پەن بۈگۈنگە قەدەر بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمىدى. «پەرقلەندۈرەلەيدىغان بىر قۇۋۋەت» دېگەندىن باشقا بىر نەرسە دېيىشكە كۈچى يەتمىدى.

يارىتىلغان ۋاقتىدا ئىنسانلار بىلەن بىللە يارىتىلغان ئەقىل «غەرىزى»، «خۇلق»، «تەبىئىي» دەپ ئاتالسا، تەجرىبە ئاساسىدا قولغا كەلگەن ئەقىل «مۇكتەسەب (يېتىلدۈرۈلگەن) ئەقىل» دەپ ئاتىلىدۇ.

توغۇلۇشىدىنلا بار بولۇپ، بارلىق ۋەزىپىلەرگە ئاساس بولغان ئاۋۋالقى ئەقىل غەرىزى بولۇپ، ئۇنىڭ كەم ـ زىيادە بولۇش ئېھتىمالى يوق. ئۇ، ئىنسانلارنى ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەقىلدۇر.

«يېتىلدۈرۈلگەن ئەقىل» ماھىيەتتە غەرىزى ئەقىلنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، تەجرىبىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ كەم ـ زىيادە بولىدۇ. بۇنىڭ چېكى يوق. تىرىشىش ۋە ياخشى تەجرىبىلەر ئارقىلىق كۆپىيىشى ۋە كۈچلىنىشى مۇمكىن. ئەقىلنى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەر قانداق گەپ ۋە ھەر قانداق كىشىگە ئەگىشىپ يۈرۈش سەۋەبىدىن پۈتۈنلەي ئادىشىپ كېتىشى مۇمكىن. تەجرىبىسى ۋە مۇھاكىمىسى يوق، نېمىنى ئاڭلىسا، شۇنىڭغا ئىشىنىدىغان قېرىلارنىڭ ئەقلى ئاجىز بولۇپ، ھەر نەرسىنى ئۆز ئەقلى بىلەن مۇھاكىمە قىلغۇچى ياشلارنىڭ ئەقىللىق بولۇشىدىكى ھېكمەت مۇشۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىتاب كۆرۈپ، مۇتالىئە قىلغاندا ئەقىللىق مۇئەللىپ (كىتاب يازغۇچى) لار بىلەن ئەقىلسىز مۇئەللىپلەرنى ئۇبدان پەرق ئېتىپ تونۇش، ئەقىلسىزلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە مەپتۇن بولۇشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر تەجرىبىسى كامىل بولسا، ئۇ چاغدا ئىنسان قانچە ئۇزۇن ياشىسا، شۇنچە ئەقىللىق بولىدۇ.

---

[87] نەمله سۈرىسى 16 — ئايەت.

ھەر ھالدا ئادەملەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئەقلىگە قاراپ بولىدۇ. ئەقىلسىز كىشىنىڭ ئېتىبارى يوق. دۇنيادا بولغان بۇزۇق ئېتىقادلار، تېگى يوق پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى، ئەقىلسىز ئادەملەرنىڭ ئۆزى ئىخلاس قىلغان ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىشى، مېيىت يۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ياتقان ئۆلۈكتەك تەسلىم بولۇپ تۇرۇشى ۋە غەرىزى (ئاللاھ ياراتقان) ئەقلىنى ئىشلەتمەسلىكى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

شەيخنىڭ ھاراق ئىچكىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇ نەرسە ھاراق بولماسلىقى مۇمكىن، بەلكى پىرىمنىڭ كارامىتى بىلەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى سۇغا ئايلاندۇرغاندۇ، پىرىم ئۇنى مۇرىدلىرىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ھاراق شەكلىدە كۆرسەتكەندۇ، دەيدىغان قارىغۇلار تەسلىم بولغاندەك تەسلىم بولۇشتا قانداقمۇ پايدا بولسۇن؟ مۇنداق ئىشلار قايسى شەرىئەتكە توغرا كېلىدۇ؟

مۇنداق ئادەملەرنىڭ ئەقلىنىڭ يوقلىپ تۈگەپ كېتىشى ۋە بىخۇدلۇقتا ئۇچرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈلمىسە، ئورمانلىقنىڭ دەرەخلىرىمۇ قۇرۇپ تۈگەيدۇ. ئەجەبلىنەرلىك يېرى بولسا، بۇ كىشىلەرنىڭ مۇشۇ ئەھۋالى بىلەن ئادەم بولۇپ يۈرىشى ۋە پۈتۈنلەي تۆت پۇتلۇق ھايۋان بولۇپ كەتمىگەنلىكىدۇر.

**إذا كنت لا تدري بأنك لا تدري فذاك إذا جهل مضاف إلى جهل**

ئۆزەڭنىڭ بىلمىسلىكىڭنى بىلمەسلىكىڭ، قاتمۇ قات بىلمىسزلىكتۇر.

ئۆزىدە تۇيغۇ، سەزگۈلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمىگەن كىشىلەردە قانداقمۇ دىن بولسۇن؟

«ئەقلى يوق كىشىنىڭ دىنىمۇ يوق» دېگەن سۆز راست بولمىسا، دۇنيادا راست سۆز ھەرگىزمۇ تېپىلمايدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە بىرىنچى تۈۋرۈكى ئەقىل بولۇپ، ئىنسان، مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن شۇ ئەقلىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر. ھەقىقىي ئىمان ئەقىل ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەقىلنىڭ ھاكىم بولۇشىنى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى ئىنكار قىلىش ئىسلام دىنىغا توغرا كەلمىسە كېرەك. ئەقىلگە ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە ئۇنى تېگىشلىك ئورنىغا قويىدىغان ئىسلام دىنىدىن باشقا بىر دىنىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمىز. ياۋروپا پەيلاسوپلىرى ئىزدىگەن، كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ تېپىپ چىققان ۋە ئەقىل دىنى دەپ ئىسىم قويغان دىنغا قارىغاندا، ئىسلام دىنى تېخىمۇ ئالىي، تېخىمۇ روھلۇق، مەنالىق ۋە ئومۇمىيراقتۇر. ياۋروپا پەيلاسوپلىرى ئۆزىنىڭ مەلۇماتى ۋە ئىلىملىرى ئارقىلىق تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرسا، ئىنشائاللاھ ئىزدىگىنىنى ئىسلام دىنىدا تاپىدۇ. ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلۇغلۇقىنى تونۇش يۈزىسىدىن بۇنىڭغا باش ئېگىپ، سەجدە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭ بۈگۈن بولمىسا، ھامان بىر كۈن بولىدىغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق.

قۇرئان كەرىمنىڭ گۇناھكار بەندىلەر ئېغىزلىرىدىن ھېكايە قىلىدىغان ﴿«إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِلْعَالَمِينَ * وَلَتَعْلَمُنَّ نَبَأَهُ بَعْدَ حِينٍ﴾، ﴿وَقَالُوا لَوْ كُنَّا نَسْمَعُ أَوْ نَعْقِلُ مَا كُنَّا فِي أَصْحَابِ السَّعِيرِ﴾، ﴿أَفَلَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَا﴾ ھەم ﴿كَذَلِكَ نُفَصِّلُ الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ﴾ (رۇم سۈرىسى) دەك ھېسابسىز كۆپ ئايەتلەردىن ئەقىلنىڭ پۈتۈن پەزىلەتلەرنىڭ ئاساسى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساس ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

ئەقىللىق كىشىمۇ دىنسىز بولىدۇ، دېگەن سۆز يالغان، توقۇلما ۋە بوھتان سۆزدۇر.

توغرا! ئەقىللىق كىشىلەر بەزىدە بىردىنلا دىندىن مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ئۈزىدۇ ۋە دىن نامى بىلەن ئالدىغا كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى: «ھل من مزيد» (يەنە بارمۇ؟) دەپ تەخمىنەن ھالدا تەتقىقسىز ۋە ھەقىقىيتىنى تەكشۈرمەي تۇرۇپ قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ دىنسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەقىللىق كىشى دىنسىز بولمايدۇ، دىنسىز بولالمايدۇ. ئەقىللىق كىشى دىنسىز ھاياتتىن مەنە تاپالمايدۇ (دىنسىز ھاياتنىڭ ئەھمىيەتسىزلىكىنى بىلىدۇ).

ئەقىل بىلەن دىنسىزلىكنىڭ بىر كىشىدە مۇجەسسەملىنىش ئېھتىمالى يوق. ياۋروپادا دىنسىزلىق بىلەن تونۇلغان ئادەملەردىن نۇرغۇنىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۇردۇق ۋە بىر قىسىم ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇپ چىقتۇق. پەرەڭلەرنىڭ دىندارلىرى تەرىپىدىن «دىنسىز» دەپ قارىلىنىپ سۆرگۈن قىلىنغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئەرەبىستان دىندارلىرى تەرىپىدىن ئۇچۇق چىراي قارشى ئېلىنىشىدا شۈبھە يوق.

ئىنساننىڭ ئەقلى قانچە زىيادە بولسا، ئۇنىڭ ئەدەب ــ ئەخلاقى، ئىپپەت ـ نومۇسى، پىكرى، پەزىلىتى شۇنچە ئارتىدۇ، ھايۋانلارچە ئارزۇلاردىن يىراقلىشىدۇ ۋە ساقلانغىلى باشلايدۇ. دۇنياغا كېلىشىدىكى مەقسەتنى تەكشۈرىدۇ ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ تولۇق مەنىسى بىلەن ئىسلام دىنى بولالمىسىمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەنلىكتۇر. ئاندىن كېيىن ئىشىكنى ئېچىپ كىرىش ئېغىر ئىش ئەمەس. **(هَذَا بَصَائِرُ مِنْ رَبِّكُمْ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ)**

# 179 ـ ھەدىس: ئىلىمنى يېزىشنىڭ پەزىلىتى

**قَيِّدوا الْعِلْمَ بِالْكِتَابِ.** (سنن الدارمي)

ئىلىمنى يېزىش ئارقىلىق باغلاپ تۇختىتىڭلار!

بارلىق كېرەكلىك ئىلىملەرنى كۆڭۈلدە ساقلاپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسان ھەر قانچە زېرەك بولسىمۇ، بەزىبىر ئىلىملەرنى ئۇنۇتىدۇ، ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. ئەمما يېزىپ قويۇلغان نەرسە شۇ پېتى قالىدۇ، يوقالمايدۇ. ئەگەر ئۇنتۇلغان بولسا، كۆرگەن ھامان ئېسىگە كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن: قەغەزگە يېزىلغان نەرسىلەر شۇ خەت ۋە قەغەز زىيانغا ئۇچرىمىسىلا باشقىلارنىڭمۇ پايدىلىنىشى مۇمكىن بولىدۇ. ئىلىمنى ئېغىز بىلەن ئۆگىتىش ۋە يۈزمۇ يۈز سۆزلەپ تارقىتىشقا قارىغاندا، يېزىپ تارقىتىش ئاسانراق، پايدىلىقراقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ساھابىلەر قۇرئان كەرىمنى توپلاپ يېزىشنى لازىم كۆردى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرۇشنى توغرا تاپتى. ئەگەر ھەدىس ئالىملىرى ئۆزى ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى كىتابلىرىغا يازمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھەدىسلەر بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن بولاتتى. ھىندىستاندا يېزىلغان بىر كىتاب رۇسىيەدە ۋە رۇسىيەدە يېزىلغان بىر ئەسەر مىسىر بىلەن باغدادتا ئوقۇلىدۇ. بۇ بولسا، ئىلىمنىڭ يېزىلىش ئارقىلىق باغلىنىشى ۋە يوقالمىغانلىقىدىندۇر. ئىمام تىرمىزى: «ساھابىلەردىن بىرسى رەسۇلۇللاھقا ئۆزىنىڭ ئۇنۇتقاقلىقىدىن ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئېسىدە تۇتۇۋالالمىغانلىقىدىن شىكايەت قىلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە: ‹قولۇڭدىن ياردەم سورىغىن› دەپ يېزىشقا ئىشارەت قىلدى» دېگەن مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

**كفى معشر الكتاب فخرا وسوددا**      **على الناس أن الله أقسم بالقلم**

ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ساھابىلەر ئارىسىدا مەندىن كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان بىرى بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ يازىدۇ، مەن يازمايمەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

يېزىش مەدەنىي ئىلىم ئاملىلىرىدىن بولۇپ، مەدەنىيەت ئالغا باسقانسېرى يېزىشقا بولغان ئېھتىياج كۆپىيىدۇ. ساھابىلەرنىڭ قېرىلىرىغا قارىغاندا ياشلىرى ئارىسىدا يېزىپ قالدۇرىدىغانلارنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ، بۇ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ سىرى بولسا كېرەك.

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆز قارىشىدا، يېزىپ قالدۇرۇشنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىگە مۇداينە (قەرز بېرىش ھەققىدىكى) ئايەت يېتەرلىك دەلىلدۇر.[88] ئەگەر «ئەلمەبسۇت»، «ئەلمۇدەۋۋىنە» «ئەلئۇم»، «ئەلجامىئۇسسەغىر» دەك كىتابلاردا بۈگۈنكى «ناتارىيوسلۇق»قا ئوخشاش تەرتىپ ـ تۈزۈملەر، ماددىلار يېزىلمىغان بولسا، بۇنىڭ كەمچىلىكى قۇرئان ۋە ھەدىستە ئەمەس. مەزكۇر مۇداينە ئايىتىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ناتارىيوسلارغا دائىر ئىنتىزاملارغا ئاساسىي قانۇن بولۇشىدا شەك ـ شۈبھە يوق.

---

[88] بەقەرە سۈرىسى 282 ـ ئايەت.

ياۋروپالىقلار «ناتارىيوس» نىزاملىرىنى «مۇدايىنە» ئايىتىدىن ئالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مۇسۇلمانلار ئۆزى تىرىشقان، ئەقىللىرىنى ئىشلەتكەن بولسا ئىدى، ناتارىيوسلۇق توغرىسىدا ناھايىتى تولۇق ئىنتىزام تۈزۈۋالغان بولاتتى. ۋە بۇ ئىش **«فتاوى هندية»**، **«رد المختار»** لارنى يېزىشتىنمۇ بەكرەك پايدىلىق بولاتتى.

بۇ ئورۇندا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ھەدىس ئەرلەرگىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سائادەت ئەسىرلىرى (رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر زامانىسى) دە خەت يېزىشنى بىلىدىغان ئاياللار ئەرلەردىن كۆپ بولمىسىمۇ، ئاز ئەمەس ئىدى. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەفسە (ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىزى)، شىفا (ھەزرىتى ئابدۇللاھنىڭ قىزى) مۇشۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

**لا تعلموا النساء الكتابة ولا تنزلوهن الغرف** «ئاياللارغا خەت يېزىشنى ئۆگەتمەڭلار ۋە دەرىزىلىك ئۆيلەردە ئولتۇرغۇزماڭلار» دېگەن ھەدىس بولسا، ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ قارىشىچە ماۋزۇ (توقۇلما، يالغان) ھەدىستۇر. ماۋزۇ بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىشەنچلىكرەك ھەدىسلەرگە قارىمۇ قارشى بولغانلىقتىن ئۇنى دەلىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

شەرىئەتنىڭ مەقسىتى ئۈممەتنى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا كىتاب ۋە ھېكمەت (پايدىلىق ئىلىم) ئۆگىتىش بولۇپ، بۇنىڭدىن ئاياللارنى ئايرىپ قويۇش ئورۇنسىزدۇر. ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئابدۇللاھ قىزى شىفادىن: **وَأَنَا عِنْدَ حَفْصَةَ فَقَالَ لِي أَلَا تُعَلِّمِينَ هَذِهِ رُقْيَةَ النَّمْلَةِ كَمَا عَلَّمْتِيهَا الْكِتَابَةَ.** «مەن ھەفسەنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كىرىپ، ماڭا: ‹ھەفسەگە خەت يېزىشنى ئۆگەتكەندەك قېيىنچۇغا ئۇشكۈرۈشنىمۇ ئۆگەتسەڭ بولمامدۇ›؟» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزى ئاياللارنىڭ خەت يېزىشنى ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

## 180 ـ ھەدىس: ئادەمنىڭ ھۆرمىتى توغرىسىدا

**كَرَمُ الرَّجُلِ دِينُهُ وَمُرُوءَتُهُ عَقْلُهُ وَحَسَبُهُ خُلُقُهُ.** (مسند أحمد)

ئادەمنىڭ ھۆرمىتى دىنىدۇر، ئادەمگەرچىلىكى ئەقلىدۇر، پەزىلەت ۋە شەرىپىمۇ ئۆزىنىڭ ئەخلاقىدۇر.

ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ئۆزىنىڭ دىيانىتىگە قاراپ بولىدۇ. دىيانىتى تولۇق بولسا، ھۆرمىتىمۇ تولۇق بولىدۇ. دىنى كەم بولسا، ھۆرمىتى كەم بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئادىمگەرچىلىكىمۇ كىشىنىڭ ئەقلىگە قاراپ بولىدۇ. ئەقلى كەم بولسا، ئادەمگەرچىلىكىمۇ كەم بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئادەمنىڭ شەرىپىمۇ ئەخلاقىغا قاراپ بولىدۇ.

يەنى ئەخلاقى گۈزەل بولسا، ئۇ كىشى شەرەپلىك بولىدۇ. ئەخلاقى تۈزۈك بولمىسا، شەرىپى يوق بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

ئىسلامدا كىنەزلىك، مىرزىلىق، روھانىلىق يوق. ئالاھىدىلىك بولسا، مۇشۇ ھەدىستە بايان قىلىنغانىدەك دىن، ئەقىل ۋە ئەخلاقىقا قاراپ بولىدۇ.

شائىر مۇنداق دېگەن:

| | |
|---|---|
| **لعمرك ما الإنسان إلا بدينه** | **فلا تدع اتكالا على النسب** |
| **لقد رفع الإسلام سلمان فارس** | **وقد وضع الشرك الشقى أبا لهب** |

تەرجىمىسى: ئىنسان پەقەت دىنى بىلەنلا ئىنساندۇر، نەسەبىڭگە يۆلىنىۋالما! سەلمان فارىسى ئىسلام بىلەن ئەزىز بولدى، ئەبۇ لەھەبنى بولسا، شېرىك بەدبەخت قىلدى.

ئىككىنچى بىر ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك ئادەملەر ھەممىسى بىر ئادەمنىڭ بالىسىدۇر، بىر تۇغقاندۇر، ھەممىسى تۇپراقتىن يارىتىلغاندۇر، يەنە تۇپراققا قايتىدۇ.

ئادەم بالىلىرى، زېرەكلىكى ۋە ئەقلى ـ ھۇشى سەۋەبىدىن ھايۋانىيلىق، يىرتقۇچلۇقتىن پەرقلەندۈرۈلۈپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھايات ۋە تۇرمۇش يولىنى زېرەكلىكى بىلەن تاپتى ۋە ھەر تۈرلۈك كەسپىنى ۋە كۈن كۆرۈشنىمۇ زېھنى سەۋەبىدىن چۈشىنىپ ئۆگەندى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنىڭ تۈزۈك بولۇشى زېرەكلىك، زېھنى ۋە ھۇشيارلىقتىن بەكرەك ئەخلاققا باغلىقتۇر. ئىنسانلارنىڭ بىرلىشىپ ياشاش ئالاھىدىلىكى ئۇلارنى ھايۋانلاردىن پەرقلىق قىلدى. بىرلىكتە كۈن كۆرۈش ئۈچۈن بىر ــ بىرى بىلەن ئۇلپەتلىشىش، مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە بىرلىك شەرت. بۇلار بولمىغاندا بىرلىكتە كۈن كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلپەت ۋە مۇھەببەتنىڭ بولۇشى ۋە داۋام قىلىشى ئۈچۈن ئىخلاس، ئىشەنچ، راستچىللىق، شەپقەت (بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق قىلىش)، تەھەممۇل (چىدامىلىق بولۇش) ۋە كۆڭلى كەڭ بولۇش ھەم يالغاندىن، خىيانەتتەك ئۇسال ئەخلاقلاردىن ساقلىنىش لازىم.

ئىنسانلار ئەگەر گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولسىلا، ئازغىنە زېرەكلىك بىلەنمۇ كۆپ ئىش قىلالىشى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن. گۈزەل ئەخلاق ئومۇملاشقاندا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىك ۋە بىر ـ بىرىگە ئىشىنىش بولىدۇ. ئۇلپەت ۋە دوستلۇق

ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئەمما ئەخلاق بۇزۇلغان بولسا، ھەر قانچە زېرەكلىك بولسىمۇ پايدىسى كۆرۈلمەيدۇ. بەلكى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ زىيانلىق بولىدۇ. مۇنداق ئادەملەرنىڭ زېرەك ۋە ئالىم بولغىنىدىن گالۋاڭ بىلىمسىز بولغىنى ياخشىراقتۇر.

مۇشۇ ھېكمەتلەرنى چۈشەنگەندە، رەسۇلۇللاھنىڭ گۈزەل ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ سەۋەبى ئۆزلىكىدىنلا مەلۇم بولىدۇ.

مۇئامىلىدە راستچىل ئەمەس، خىيانەت قىلىدىغان، كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان، ياخشى ئىشلارغا پۇل چىقىم قىلمايدىغان، يوقسۇللارغا ياردەم قىلمايدىغان، زېرەك باينىڭ بولغىنىنىڭ نېمە پايدىسى بار ؟ بۇ ئادەمنىڭ ئۇنداق زېرەك باي بولغىنىدىن، گالۋاڭ پېقىر بولغىنى ئۆزى ئۈچۈنمۇ، باشقىلار ئۈچۈنمۇ ياخشىراقتۇر. يۇقىرىقى سۆزلەردىن گۈزەل ئەخلاقنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

# 181ـ ھەدىس: زامان ۋە ئۆلۈمنى ئەسلەشنىڭ ئەھمىيىتى

**كَفَى بِالدَّهْرِ وَاعِظًا، وَبِالمَوْتِ مُفَرِّقًا.** (الجامع الصغير)

ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشقا زامان، خەلقنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىشقا ئۆلۈم كۇپايىدۇر.

رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىسنى: «قوشنام ناھايىتى ئەسكى، ماڭا جاپا سالىدۇ، رەنجىتىدۇ» دەپ شىكايەت قىلىپ كەلگەن بىر ساھابىگە ئېيتىپ، ئۇنى سەۋر قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. ھەقىقەتتىمۇ زاماندەك مەنىلىك ۋە تەسىرلىك ۋەز ـ نەسىھەت بولمايدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى ۋە شۇ ئۆمرىدە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن نەرسىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە ھەيران قالىدۇ. ياشلىق ۋاقتى قەيەرگە كەتتى؟ ئاتا ـ ئانىلار، قېرىنداشلار، تونۇش ـ بىلىشلەر نەگە كېتىپ قالدى؟ دۇنيادا قانداق ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى؟ كىملەرنىڭ بېشىغا قانداق ئەھۋاللار كەلدى؟

ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئۈچۈن رىزقنى بەلگىلىۋەتكەن بولسا، ئۆمرى ۋە تىنىقلىرىنىمۇ بەلگىلىۋەتكەن. ھەر قانچە ئۇزۇن ياشىسىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە دۇنيادىن ئايرىلىشقا ھۆكۈم قىلغان. بۇ بەدەن تال ـ چىۋىقتەك ياش، نازۇك چېغىدا دۇنيادىن كېتىدۇ. ياكى قېرىپ كاردىن چىققاندىن كېيىن تۇپراق ئاستىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئادىتى ۋە سۈننىتى شۇدۇر. **(وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّةِ اللَّهِ تَحْوِيلًا)**، **(كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ الْمَوْتِ)**، **(كُلُّ مَنْ عَلَيْهَا فَانٍ)** يەنى ئاللاھنىڭ تۇتقان يولىدا ھېچ بىر ئۆزگىرىش كۆرمەيسەن. ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر.

گەر تۆمۈر قەلئەدە بولساڭ، بىل ھايات قويماس جاھان.

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان قوشنىسى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان كىشىنىڭ قوشنىسى مۇناپىق بولسا كېرەك. بولمىسا، رەسۇلۇللاھ ئۇنى چاقىرىپ نەسىھەت قىلغان بولاتتى. ياخشى كىشى بولغان بولسا ئىدى، ئۆزىمۇ رەسۇلۇللاھقا شىكايەت قىلىنىدىغان ۋە ئاللاھ تائالا رازى بولمايدىغان ئىشتىن ساقلانغان بولاتتى.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ نەسىھىتى مەزكۇر ساھابىگىلا خاس ئەمەس، بەلكى ھەممىشە تىلى ۋە قەلىمى بىلەن باشقىلارنى رەنجىتىپ تۇرىدىغان دۈشمەنلەرگە، ئىچى يامانلارغا دۇچار بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. بۇ دۇنيا ھېچكىمگە مەڭگۈلۈك ئەمەس. شۇڭا كىشىلەر بىلەن تونۇلىشىپ، دەۋالىشىپ يۈرگەندىن، ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش ياخشىراق ۋە تىنچراق بولىدۇ.

ئاتاـ ئاناڭ ۋە بوۋىلىرىڭنى ئېلىپ كەتكەن بۇ دۇنيادىن قانداق ئىلتىپات ۋە نېمە ياخشىلىقلارنى كۈتىسەن؟!

## 182 ـ ھەدىس: باشقىلار بىلەن جېدەللەشمەسلىك توغرىسىدا

**كَفَى بِكَ إِثْمًا أَنْ لَا تَزَالَ مُخَاصِمًا.** (سنن الترمذي)

كىشىلەر بىلەن جېدەللىشىپ يۈرۈشۈڭ، گۇناھكارلىقىڭنى ئىسپاتلاشقا يېتىدۇ.

كىشىلەر بىلەن ماجىرالىشىش مەلۇم شەرتلەر ئاستىدا دۇرۇستۇر. شۇنداق بولسىمۇ، قاتتىق مەجبۇر بولۇپ قالمىغان ئەھۋالدا تالاش- تارتىش قىلىشىپ يۈرمىگەن ياخشى. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئابباسقا ئېيتقان بولسىمۇ، ھۆكمى پۈتۈن ئۈممەتكە ئومۇمدۇر.

## ***183*** **ـ هەدىس: تېگىشلىك كىشىلەرگە نەپىقە بەرمەسلىكنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكى**

**كَفَى بِالْمَرْءِ إِثْمًا أَنْ يَحْبِسَ عَمَّنْ يَمْلِكُ قُوتَهُ.** (صحيح مسلم)

بىر ئىنساننىڭ نەپىقە بېرىشكە تېگىشلىك كىشىلەرگە نەپىقىلىرىنى بەرمەسلىكى ئۇنىڭ گۇناھكارلىقىغا كۇپايە قىلىدۇ.

مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆزى نەپىقە بېرىشكە تېگىشلىك كىشىلەر (ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقا، يېقىن تۇغقانلىرى) گە نەپىقە بەرمەي تۇرۇۋېلىشتىن باشقا بىر گۇناھ سادىر قىلمىسىمۇ، دەپتىرىگە باشقا گۇناھلار يېزىلمىسىمۇ، بېرىشكە تېگىشلىك نەپىقىنى بەرمەسلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك گۇناھتۇر. بۇ هەدىس بولسا، نەپىقە بېرىش كېرەك بولغان كىشىلەرگە نەپىقە بەرمەي تۇرۇۋېلىش گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى بايان قىلىدۇ.

# 184 ـ ھەدىس: ئاللاھ تائالادىن قورقۇش، ئۆزىنى ياخشى دەپ قارىماسلىق

**كَفَى بِالْمَرْءِ عِلْمًا أَنْ يَخْشَى اللَّهَ وَكَفَى بِالْمَرْءِ جَهْلًا أَنْ يُعْجَبَ بِعِلْمِهِ.** (سنن الدارمي)

ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشى ئىلىملىك ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى ياخشى دەپ قارىشى بىلىمسىزلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەرەب تىلىدىكى «خەۋپ» بىلەن «خەشيە» دېگەن سۆزلەر قورقۇش دەپ تەرجىمە قىلىنسىمۇ «خەۋپ» مۇتلەق قورقۇش بولۇپ، «خەشيە» بولسا، قورقۇلىدىغان زاتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئويلاپ ۋە ئۇنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قورقۇش (ئۇ زاتنىڭ كاتتىلىقى ۋە قۇدرىتى ئالدىدا تەسلىم بولۇش ۋە ھەيران قېلىش) تىن ئىبارەتتۇر. مۇنداق بولغاندا «خەشيە» دېگەن سۆز «خەۋپ» بىلەن بىر مەنىدە ئەمەس، بەلكى خاسراق مەنىدە ئىپادىلىنىدۇ.

**﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾** يەنى ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ دېگەن ئۇلۇغ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئومۇمىيۈزلۈك قورقۇشنى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى، كاتتىلىقى، قۇدرىتى ۋە ئىختىيارى ئالدىدا ھەيران قېلىش ۋە ھۆرمەتلەش قوشۇلغان قورقۇشنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئىشلار بولسا، ئەلۋەتتە ئالىملارغا خاس خۇسۇسىيەت بولۇپ، بۇ خىل قورقۇشنىڭ ئىلىم ھېسابلىنىدىغانلىقىدا شەك يوق. بولۇپمۇ «**ألم تر**» (كۆرمىدىڭمۇ؟) دەپ باشلىنىدىغان ئۇلۇغ ئايەت ئوقۇلغاندا، بۇ سۆز ناھايىتى روشەن مەلۇم بولىدۇ.

ئاللاھ تائالادىن مۇشۇنداق قورقىدىغان كىشى ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى قەرزلىرىنى ئادا قىلغىنىدەك، بەندىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ھەقلەرنىمۇ نۇقسانسىز ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى رەنجىتمەيدۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىدۇ، ياخشى ئىشلىرىغا ياردەم قىلىدۇ. گۇناھ ئىشلارغا ياردەم قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. ئىلىمنىڭ نەتىجىسى مۇشۇنىڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۆزىنىڭ قىلغان ئىبادىتىنىڭ قوبۇل بولۇش ـ بولماسلىقىنى (رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆگەتكىنىگە مۇۋاپىق ھەم ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى)؛ ئەگەر ئىلمى بولسا، ئۇ ئىلىمنىڭ پايدىلىق ياكى ئەمەسلىكىنى؛ باي بولسا، ئۇ بايلىقنىڭ ئۇنى ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىدىغانلىقىنى ياكى زىيانغا ئۇچرىتىپ جازاغا دۇچار بولۇشىغا سەۋەب بولۇشىنى چۈشىنەلمەي، ئىبادىتى، ئىلمى ياكى بايلىقىدىن مەغرۇرلىنىپ، ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلاش چوقۇم نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## 185 ـ ھەدىس: ئاڭلىغان ھەر قانداق گەپنى سۆزلەپ يۈرمەسلىك توغرىسىدا

**كَفَى بِالْمَرْءِ كَذِبًا أَنْ يُحَدِّثَ بِكُلِّ مَا سَمِعَ.** (صحيح مسلم)

ئاڭلىغانلىكى سۆزنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ يۈرۈش، ئىنساننىڭ يالغانچىلىقىغا كۇپايە قىلىدۇ.

يالغان گەپ قىلماسلىققا ھەر قانچە تىرىشسىمۇ، ئاڭلىغانلا گەپنى كىشىلەرگە سۆزلەپ يۈرسە يالغان سۆزلىمەي قالمايدۇ. يالغانچى بولماسلىق ئۈچۈن ئاڭلىغانلا گەپنى سۆزلىمەسلىك، يازماسلىق، سۆزلەرنىڭ بايان قىلىنىشىنىڭ بەدىئىيلىكىگە ئالدانماسلىق لازىم.

مۇھەممەد سادىق ئەپەندى:

بىرىلمە ھەر كالامنىڭ ھۆسنىگە، تەھقىق ۋە تەدقىق ئەت[89]،

بولۇر بەزى يالغانلار زاھىرى پارلاق ھەقىقەتتە.

دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

[89] تەكشۈرۈپ باق، دېگەن مەنىدە.

## 186 ـ ھەدىس: باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش

**كُفَّ شَرَّكَ عَنِ النَاسِ فَإِنَّهَا صَدَقَةٌ مِنْكَ عَلَى نَفْسِكَ**. (كنز العمال)

كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن ساقلانغىن، ئۇ سېنىڭ ئۆزۈڭگە قىلغان سەدىقەڭ بولىدۇ.

بۇ سۆزنىڭ ئىچىگە ئىنساننىڭ قىلىشى مۇمكىن بولىدىغان ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ.

«كىشىگە ئەسكىلىك قىلما!» دېگەن نېمىدېگەن قىسقا ھەم مەنىلىك سۆز...!

رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزى ئارقىلىق ھەر قانداق ئادەمنى ئۆزىگە يېتەكچى بولالايدۇ دەپ قارايدۇ. ئىنسان ئەۋلادى ئۆزى ئىنساپقا كەلسە ۋە ئەتراپىنى ياخشى ـ يامان ئىشلارنىڭ قورشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ يەتسە، ياخشى ئىش قىلىش يولىنى تاللاپ، يامان ئىشلاردىن قېچىشقا تىرىشىدۇ. بۇ ئەھۋالنى بەزىلەر ۋىجدان، يەنە بەزىلەر تەربىيە ۋە بەزىلەر تەۋپىق دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى توغرا. بۇ ئىبارىلەر بىر ـ بىرگە قارىمۇ قارشى ئەمەس. ھەر ھالدا بۇ ئىش ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى بولۇپ، شۇنداق بىر پىكىر كەلسە، كېچىكتۈرمەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى كىشىلەرگە يامانلىق قىلماسلىقتۇر.

ياخشىلىق بولسا، كىيىم ــ كېچەك، تۇرغان ئورۇن ياكى يۈرگەن يەرلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلنىڭ تۈز بولۇشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. كۆڭۈل تۈزۈلگەننىڭ بىرىنچى ئالامىتى باشقىلارنى قەستلىمەسلىك، دىل ئازارى قىلماسلىق ۋە جاپا سالماسلىقتۇر. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئاشۇنداق تۈزلىۋالغاندا، بارلىق مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئۆزلۈكىدىن تۈزىلىپ كېتىدۇ. غەيۋەت، گەپ توشۇش، يالغان ئېيتىش، قارا سۇۋاش، چېقىمچىلىقتەك ئىشلارنىڭ ئىزناسى قالمايدۇ. ئەگەر ئىسلام دۇنياسى تۈزەلسۇن، مۇسۇلمانلار ئارتۇقچىلىق، ئىسىللىق ۋە گۈزەل ئەخلاقتا ئۈلگە بولۇپ يۈرسۇن دېسەڭ، ئۆز كۆڭلۈڭنى تۈزەت، كىشىگە ئەسكىلىك قىلما، ئىچى تارلىق قىلما!

# 187 ـ ھەدىس: گۇناھلارنىڭ ئەيۋ قىلىنىدىغانلىقى

**كُلُّ أُمَّتِي مُعَافًى إِلَّا الْمُجَاهِرِينَ وَإِنَّ مِنْ الْمُجَاهَرَةِ أَنْ يَعْمَلَ الرَّجُلُ بِاللَّيْلِ عَمَلًا ثُمَّ يُصْبِحَ وَقَدْ سَتَرَهُ اللَّهُ عَلَيْهِ فَيَقُولَ يَا فُلَانُ عَمِلْتُ الْبَارِحَةَ كَذَا وَكَذَا وَقَدْ بَاتَ يَسْتُرُهُ رَبُّهُ وَيُصْبِحُ يَكْشِفُ سِتْرَ اللَّهِ عَنْهُ.** (صحيح البخاري)

گۇناھنى ئاشكارىلىغۇچىلاردىن باشقا پۈتۈن ئۈممىتىمنىڭ گۇناھى ئەيۋ قىلىنىدۇ. گۇناھنى ئاشكارىلىغۇچىلارنىڭ قاتارىغا مۇنداق بىر كىشىمۇ كىرىدۇكى، كېچىدە يوشۇرۇن ھالدا گۇناھ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يوشۇرۇپ قالغان گۇناھنى ئەتىسى ئۆزى: «ئى ئاغىنەم! كېچە مەن ئۇنداق قىلدىم، مۇنداق قىلدىم» دەپ گۇناھنى باشقىلارغا ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەيدۇ. ھالبۇكى كېچىدە ئاللاھ تائالا ئۇنى يوشۇرۇپ قالغان ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆزى تاڭ ئاتقاندا ئاللاھ يوشۇرغان پەردىنى يىرتىدۇ، پاسىقلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ...

بەندىچىلىكتە گۇناھ قىلىپ سالغان ئىكەنسەن، تەۋبە قىل (پۇشايمان قىلىپ يانغىن)! ئۇنى كىشىگە سۆزلەپ يۈرمە! «ئاللاھ تائالادىن يوشۇرمىغاننى بەندىدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلىسەن؟ دېمە! ئۇنداق دېيىش ئەقىلسىزلىقتۇر. ئاللاھ تائالادىن يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بەندىلەردىن يوشۇرۇش مۇمكىن. گۇناھنى سۆزلەش، كىشىگە ئۈلگە بولۇش ۋە گۇناھ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر. كۆپ ـ كۆندۈزدە چوڭ شەھەرلەردە، ئادەم بار يەردە ماگىزىنلارنىڭ، دۇكانلارنىڭ بولاڭ ـ تالاڭ قىلىنىشىغا سەۋەب بولغۇچىلار بولسا، ئاشۇنداق گۇناھنى ئاشكارا سۆزلەپ، باشقىلارغا ئۈلگە بولغان كىشىلەردۇر.

گۇناھنى ئاللاھ تائالا يوشۇرۇپ قالغان بولسا، ئۇنى نېمەت دەپ بىلىش، شۈكۈر قىلىش ۋە قاتتىق پۇشايمان قىلىش لازىم. ئاللاھ تائالا يوشۇرغان پەردىنى يىرتىش نېمەتكە تانغانلىق ۋە ئىككى قات گۇناھ سادىر قىلغانلىقتۇر. (**فَاعْتَبِرُوا يَا أُولِي الْأَبْصَارِ**)

## 188 ـ ھەدىس: ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مۇھاپىزەتچى ئىكەنلىكى

**كُلُّكُمْ رَاعٍ وَكُلُّكُمْ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ الْإِمَامُ رَاعٍ وَمَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ وَالرَّجُلُ رَاعٍ فِي أَهْلِهِ وَهُوَ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ وَالْمَرْأَةُ رَاعِيَةٌ فِي بَيْتِ زَوْجِهَا وَمَسْئُولَةٌ عَنْ رَعِيَّتِهَا وَالْخَادِمُ رَاعٍ فِي مَالِ سَيِّدِهِ وَمَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ قَالَ وَحَسِبْتُ أَنْ قَدْ قَالَ وَالرَّجُلُ رَاعٍ فِي مَالِ أَبِيهِ وَمَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ وَكُلُّكُمْ رَاعٍ وَمَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ.** (صحيح البخاري)

ھەر بىرىڭلار مۇھاپىزەتچىسىلەر، ھەر بىرىڭلار ئۆز تەۋەلىكىڭلاردىكىلەرگە مەسئۇل (جاۋابكار) بولىسىلەر. ئىمام (ئىسلام ھۆكۈمىتى باشلىقى) مۇھاپىزەتچىدۇر؛ ئۇ ئۆز خەلقى ھەققىدە مەسئۇل بولۇپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەر كىشى ئۆز بالا ـ چاقىسىنى قوغدىغۇچىدۇر؛ ئۇمۇ ئۇلار ھەققىدە جاۋاب بېرىدۇ. ئايال كىشى ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىنى قوغدىغۇچىدۇر؛ ئۆيى ھەققىدە جاۋابكار بولىدۇ. خىزمەتچى غوجىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغدىغۇچىدۇر؛ ئۇمۇ شۇ توغرىدا مەسئۇلدۇر. ھەر قايسىڭلار قوغدىغۇچى، ئۆز تارمىقىڭلاردىكى كىشىلەر ھەققىدە جاۋاب بېرىسىلەر.

بۇ يەردىكى ئىمام، ئەر كىشى، ئايال كىشى، خادىم دېگەن سۆزلەر مىسال ئۈچۈن سۆزلەنگەن. چۈنكى، «**كُلُّكُمْ رَاعٍ وَكُلُّكُمْ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ**» نىڭ ھۆكمىگە قارىغاندا، ئىش بېشىدا بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە بىرەر ئىشقا باشلىق بولغانلار، ھەر قانداق بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئورنى ۋە خىزمىتىگە قاراپ، دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلاردىن جاۋابكار بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاممىۋي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ۋە دۇنيالىق ئىشلاردا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تەسەررۇپى ۋە نوپۇزى، ئەقىل ۋە بىلىملىرى، ئاڭ ـ سەۋىيەلىرى، ئىناۋىتىگە كۆرە جاۋابكارلىق ئىچىدە بولىدۇ. لېكىن مۇنداق كىشىلەرنىڭ مەسئۇللۇقى، ئۇ خىل ئىشلارغا بىۋاستە تەيىنلەنگەن كىشىلەرنىڭ مەسئۇللۇقىدىن تۆۋەنرەك بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ. مەسىلەن: ھۇسەينىيە مەدرىسىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھەم شۇ مەدرىسىنىڭ ۋەقىپە ماللىرى ھەققىدە ئۇفا، قازان، ساما ۋە ساتاروف مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەسئۇللۇقى ئىككىنچى ئورۇندا، ئورنبورگ مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەسئۇللۇقى بىرىنچى ئورۇندا، ئەقىللىق ۋە پىكىرلىكلەرنىڭ مەسئۇللۇقى مەدرىسىنى باشقۇرغۇچى مۇددەرىس ۋە مۇدىر، ۋەقپىلەرنىڭ باشقۇرغۇچى مۆتىۋەللىلەرنىڭ مەسئۇللۇقىدىن تۆۋەن ۋە ئىككىنچى ئورۇندىدۇر.

ھەممە ئىش مۇشۇ تەرتىپ بويىچە بولىدۇ. ئىجتىمائىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئەخلاقىي ۋە ھاياتى ئىشلاردىكى ئۇمۇمىي مەسئۇللۇق مەتبۇئات ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىسا، ئۇ چاغدا، بۇ مەسئۇللۇق ئاڭ ــ پىكىر ئەھلىلىرىگە يۈكلىنىدۇ.

شان ـ شۆھرەت قولغا كەلتۈرگەن، كەم تېپىلىدىغان ئالىملارنى، روھى پاك مۇجتەھىدلەرنى يېتىشتۈرۈپ، دۇنياغا ئەخلاق ۋە ھۈنەر دەرسى بەرگەن ئىسلام دۇنياسى بۇ كۈندە ناھايىتى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. خارلىق ۋە پەسلىك ھېگىغا غۇلاپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋالدىكى كىشىلەرنىڭ باشقىلار ئالدىدا قەدىر ـ قىممىتى تۆۋەن، ئىناۋىتى كەم بولىدۇ. بۇنى ھازىر ھەر كىم بىلىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ.

بالا ـ قازالار، يوقسۇللۇق، بىلىمسىزلىك ھۆنەرسىزلىك ۋە ئەخلاقسىزلىقتەك ئىجتىمائىي كېسەللىكلەردىن دۇنيادا ھېچ بىر مىللەت ساق قالمىدى. ۋابا كېسىلىدەك بۇ نەرسىلەر بارلىق مىللەتلەرنى يوقلاپ ئۆتتى. بۇ مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرى يەر يۈزىدىن يۈتۈنلەي يوقالغان بولسىمۇ، بەزىلىرى ئۆز ـ ئۆزىنى ساقلاپ قالالىدى. بۈگۈنكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا خەلقى ئۆز ـ ئۆزىنى ئومۇمىي ھالاكەتتىن ساقلاپ قالغان مىللەتلەردۇر. بۇلار ئۆزىگە كەلگەن ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى بىلدى ۋە شۇنداق تۇرۇۋېرىشنى ئىززەت ـــ ھۆرمىتى ئۈچۈن مۇۋاپىق كۆرمىدى. ھەر تۈرلۈك چارە ئىزدەشكە كىرىشىپ، ئۆزىنى پالاكەت دېڭىزىدىن سالامەتلىككە ئېلىپ چىقتى.

نۆۋەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇنداق تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ كېتىشىگە كىملەر مەسئۇل بولىدۇ؟ شەك ـ شۈبھە يوق ئىسلام دۇنياسىدىكى شەخسىي مەنپەئەتنى ھەممىدىن مۇھىم بىلگۈچى ئەمىرلەر (ئىسلام ھۆكۈمەتى باشلىقلىرى)، دىنىي ۋە دۇنياۋى ئالىملار (مولللار)، شەيخلەر، سوپىلار، مۇدەررىسلەر ۋە مۇئەللىملەر (ئوقۇتقۇچى ۋە كىتاب يازغۇچىلار) مەسئۇل بولىدۇ.

بۇلار پۇل ـ مال جۇغلاشقا، نام ئېلىشقا دۇم چۈشۈپ، ئۆز دەرىجىسىنى يامان يولغا ئىشلەتتى. ئىسلام دىنىنى تىجارەت ۋاستىسى قىلىۋالدى. ئۆزلىرىگە ئىنئام ۋە ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ خاتالىقىغا كۆز يۇمدى. سەلەپلەرنىڭ (ساھابىلەر، مۇجتەھىدلەر) ئەخلاقلىرى ۋە يوللىرىغا ئەگەشمىدى. دىن ئالىملىرىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى دىننى كېڭەيتىش، ئىلىم ئوقۇتۇش بولۇپ تۇرۇپ، دىن ئالىمى دېگەن نامنى ئېلىش يولىنىلا تۇتۇپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى پۈتۈنلەي تاشلىدى. ئىلىم ئوقۇتۇشقا تېگىشلىك ئورۇندا كىتابنىڭ كىرىش سۆزلىرى، مەنىسىز شەرھ ۋە ھاشىيەلەرنى ئوقۇتۇپ شاگىرتلارنىڭ ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىلىرىنى زەھەرلىدى.

ھازىرقى كۈندە بىر كىشى چىقىپ سەلەپلەرنىڭ يولىنى يۈرگۈزۈشكە كىرىشسە، خىيالىي تونۇشلىرى ۋە خۇراپاتلاردىن پاكلىنىشقا دەۋەت قىلغىلى باشلىسا، بۇ زاتلار ئۇ كىشىنى سۆكۈپ تاشلايدۇ، زىندىقلىق ۋە كۇپۇرلۇق بىلەن ئەيىبلەيدۇ. ئاۋام خەلق ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنى ئۆتكۈزۈش، نام ئېلىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك يالغانلارنى توقۇپ قارا چاپلايدۇ. پاك ئىنسانلارنى چۈشەپ، گۇناھكار قىلىپ كۆرسىتىدۇ. **(أُوْلَئِكَ الَّذِينَ اشْتَرُوُاْ الضَّلاَلَةَ بِالْهُدَى فَمَا رَبِحَت تِّجَارَتُهُمْ وَمَا كَانُواْ مُهْتَدِينَ)** ئۇلار بولسا توغرا يولنى قولدىن بېرىپ ئازغۇنلۇققا تېگىشكەن، بۇ تىجارىتىدە زىيان تارتقان، ئىسلام يولىنى تاپالمىغان كىشىلەردۇر.

**الْكَلِمَةُ الْحِكْمَةُ ضَالَّةُ الْمُؤْمِنِ فَحَيْثُ وَجَدَهَا فَهُوَ أَحَقُّ بِهَا.** (سنن الترمذي)

ھېكمەتلىك سۆز مۆمىنىنىڭ يوقىتىپ قويغان نەرسىسىدۇر. ئۇنى قەيەردىن تاپسا، شۇ يەردىن ئېلىشقا ھەقلىقتۇر.

ھېكمەت ـ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئىلھام بىلەن شەيتانىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىنى پەرق ئېتەلەيدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىگىسىنى ياخشى ئىشلارغا ھەرىكەتلەندۈرىدىغان توغرا ئىلىمدىن ئىبارەت بولسىمۇ، بۇ يەردە دىن ياكى دۇنيالىق ئۆلچۈن پايدا بېرىدىغان بىلىملەر، تونۇشلاردىن ئىبارەت بولسا كېرەك. شۇنىڭغا ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنىڭ ئالغا بېسىشىغا، ئەركىن پاراۋان ياشىشىغا، داۋاملىق ياشاش يولىدىكى قارشى كۈچلەر بىلەن قىلىغان تالاش ـ تارتىش، سوقۇشلاردا مەغلۇپ بولماسلىقىغا سەۋەب بولىدىغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ھېكمەتلىك سۆز دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار يۇقىرىقىدەك ئىلىملەرنى قانداقلا يەردە تاپسا، قولغا ئېلىشى، ئۆگىنىشى ۋە ئۆزىنىڭ قىلىپ، شۇ ئىلىمنىڭ تەلىپىگە لايىق ئىشلىشى لازىم. ئۇ ئىلىم مەيلى ئىسلام مەملىكىتى، مەيلى باشقا دىندىكى ياكى دىنسىزلارنىڭ مەملىكىتىدە بولسۇن، ئۇنى ئېتىبارغا ئالماسلىق، ئۆگەتكۈچىنىڭ دىن ۋە مەزھەبلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەسلىك لازىم. ساھابىلەر بەدىر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن قۇرەيش ئەرەبلىرىنى ئوقۇش ـ يېزىش لازىم بولمايدىغان بىر زاماندا ئۆز باللىرىغا خەت يېزىشنى ئۆگەتكۈزدى. ئۇلار بۇ ئوقۇتقۇچىلارنى: ‹ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەس› دەپ رەت قىلىپ تۇرۇۋالمىغان ئىدى. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈريانى تىلى ھەم ئىبرانى تىلى (يەھۇدىي تىلى) نى ئۆگەنگەن ئىدى.

ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا سۈريانى ۋە يەھۇدىي تىللىرىنى بىلىدىغانلار بولمىغاچقا، تەبىئىي ھالدا باشقىلاردىن ئۆگەنەتتى.

ئەدەب ۋە ئەخلاق ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنىڭ مۇندەرىجىسى تەكشۈرۈلسە، كۆپىنچىسىنىڭ چەت ئەللەردىن ئېلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا بولغان تەسەۋۋۇپىنىڭمۇ چەت ئەلدىن كىرگەنلىكىگە تارىخ ئالىملىرىنىڭ شەك ـ شۈبھىسى يوق. ئۇلارغا يارىغان نەرسىلەر بۇ زامان مۇسۇلمانلىرىغا نېمىشقا يارىمايدۇ؟

ھۇنەرسىزلىك، بىلىمسىزلىك سەۋەبىدىن بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ناھايىتى يوقسۇللاشتى ۋە بۇرۇنقى ئېتىبارىنى، شان ـ شەرىپىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئەسلەي يوقاتتى. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇپ يەنە مۇسۇلمانلارنى ھۇنەر ـ سانائەتتىن، كەسىپتىن سوۋۇتۇش مۇسۇلمانلارغا قارشى چوڭ جىنايەت قىلغانلىقتۇر. ئۆزىنى دىن باشلىقى دەپ كۆرۈشنى خالايدىغان بەزىبىر ئادەملەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىنىڭ ئېچىلىشىغا ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشقا سەۋەب بولىدىغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىلمىي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە دىن نامىدىن قارشى تۇرىدۇ. ھالبۇكى، سەلەپ زامانىسىدا مۇسۇلمانلار ئاشۇرلارنىڭ، ھىندىلارنىڭ، ئىرانلىقلارنىڭ، بابىل ۋە يۇنانلىقلارنىڭ بىلىملىرىنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ ياشلارغا ئۆگەتكەن ئىدى. شۇ ھەقتە كىتاب يازغان ئىدى. ئىبنى ئابدۇلبەر ھەزرەتلىرى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «**العِلْمُ ضَالَّةُ المُؤْمِنِ فَخُذُوهُ وَلَوْ مِنْ أَيْدِي المُشْرِكِيْنِ وَلاَ يَأْنَفُ أَحدُكُمْ أَنْ يَأْخُذَ الحِكْمَةَ مِمَّنْ سَمِعَهَا مِنْهُ**» دېگەن سۆزىنى رىۋايەت قىلىدۇ. مەنىسى: «ئىلىم بولسا، مۆمىنىنىڭ يوقاتقان نەرسىسى، شۇڭا ئۇنى مۇشرىكلاردىن بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار، ئىلىمنى كىمدىن ئاڭلىساڭلار، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلماڭلار!»

فىرانسىيە، ئەنگلىيە، نېمىس، رۇس، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا، بەختلىك ياشىشىغا نېمە سەۋەب بولسا، تۈركلەرنىڭ، ئەرەبلەرنىڭ، ئىران ۋە ھەبەشلەرنىڭ، ئومۇمەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ۋە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە شۇ نەرسە سەۋەب بولىدۇ. ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار شۇ يولنى بىلگەن ۋە شۇ يول بىلەن ماڭغانلىقى ئۈچۈن تەرەققىي قىلغان ئىدى. كېيىنكى مۇسۇلمانلار ئۇ يولدىن بىخەۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئاياغ ئاستى بولۇپ قالدى، يارىماس ئادەملەرگە ئايلاندى. ئىسلام دىنى ئىلىم ۋە ھۈنەرگە ھەرگىز قارشى ئەمەس. بەلكى ئۇنى قوللايدىغان بىر دىن بولغانلىقتىن، دىن نامىدىن ئۇنىڭغا قارشى چىقىش مۇمكىن ئەمەس. دىن نامىدىن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش بولسا، خەلقنىڭ ئاڭسىز، بىلىمسىزلىكىدىن ۋە دىنىنىڭ نېگىزىنى بىلمەسلىكىنى پۇرسەت بىلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغانلىقتۇر. بىز بۇنداق دەۋاچىلارغا ئەگىشىشنى قويۇپ، بەلكى سەلەپكە (ساھابىلەر، تابىئىنلارغا) ئەگىشىشكە ۋە ھازىرقى كۈندە ياۋروپالىقلاردا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيالىقىمىزغا، ھايات ۋە تۇرمۇشىمىزغا پايدىلىق قانچىلىك ئىلىم ۋە سانائەت بولسا، ھەممىسىنى ئۆگىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرىشىمىز لازىم. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مىللەتنىڭ مۇنقەرىزلىكتىن ساقلىنىشىنىڭ بىردىنبىر يولى مۇشۇدۇر.

ياۋروپالىقلارنىڭ دىنسىزلىقىدىن باشقا ئىلىملىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. بولۇپمۇ ئۇلاردىكى تەلىم - تەربىيە ئىسىملىك ئىلىم مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زۆرۈردۇر. مۇسۇلمانلار تەلىم -تەربىيە ئىلمىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، يەڭگىل ئوقۇتۇشنىڭ پايدىسىنى ۋە كېرەكلىك ئىلىملەرنى ئۆز ئەقلى بىلەن بىلىشتىن ئاجىزدۇر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار يېڭى ئۇسۇل ھەققىدە مەنىسىز مۇنازىرىلەر بىلەن ئۆمرىنى يوقىتىدۇ. ھايات ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ھۈنەرلەرنى ھاسىل قىلىشقا ھىممىتى يەتمەيدۇ. باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلگەن ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن جاسارىتى يوق. بۇ ئىشلار ياخشى تەربىيە ئالمىغانلىق ۋە تەربىيە ئىلمىدىن خەۋەردار بولمىغانلىقنىڭ ئاپىتىدۇر.

# 190 ـ ھەدىس: ياخشى ئىش قىلىش توغرىسىدا

**كُلُّ مَعْرُوفٍ صَدَقَةٌ وَإِنَّ مِنْ الْمَعْرُوفِ أَنْ تَلْقَى أَخَاكَ بِوَجْهٍ طَلْقٍ وَأَنْ تُفْرِغَ مِنْ دَلْوِكَ فِي إِنَاءِ أَخِيكَ.** (سنن الترمذي)

شەرىئەت ۋە ئەقىل تەرىپىدىن ياخشى دەپ قارالغان ئىشنى قىلىش سەدىقىدۇر. قېرىندىشىڭغا خۇشخۇي مۇئامىلە قىلغىنىڭمۇ بىر ياخشىلىقتۇر. سۇ ئالغىلى كەلگەن كىشىگە كۆلدىن ياكى قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ بەرگىنىڭمۇ ياخشىلىقتۇر.

بۇ ھەدىسنىڭ خۇلاسىسى: «كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش سەدىقە ھېسابلىنىدۇ» دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، سەدىقە دېگەن قول بىلەن بىر نەرسە بېرىشكىلا خاس ئەمەس، بەلكى كەمبەغەللەرنىڭمۇ سەدىقە قىلىشى ۋە شۇ سەدىقە بىلەن ساۋابقا ئېرىششى مۇمكىن بولىدۇ. ھەتتا بەزىبىر ھەدىسلەرگە قارىغاندا، قىلماقچى بولغان ناچار بىر ئىشتىن يېنىۋېلىشمۇ سەدىقەدۇر. كىشىلەر بىلەن ئوچۇق چىراي ئۇچرىششمۇ سەدىقە ۋە ساۋابلىق ئىش بولغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى چېغىمىدا ئىقتىسادىم يوق ئىدى، ياخشىلىق قىلىشقا كۈچۈم يەتمىدى، دېيىشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق.

ئىنسانلارنىڭ تىلى تاۋۇش ۋە ھەرپ بىلەن سۆزلىسە، يۈزى ۋە كۆزى ھەرپسىز ۋە تاۋۇشسىز سۆزلەيدۇ ھەم ناھايىتى روشەن سۆزلەيدۇ. بىر ئەرەب شائىرى بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

**العين تبدى الذى فى نفس صاحبها　　من المحبة أو بغض إذا كانا**

**والعين تنطق و الأفواه صامتة　　حتى ترى من ضمير القلب تبيانا**

مەزمۇنى: «بىر كىشىنىڭ كۆڭلىدە دۈشمەنلىك ياكى دوستلۇق بارلىقىنى كۆز سۆزلەپ بېرىدۇ. ئېغىز جىم تۇرسىمۇ كۆز سۆزلەيدۇ. شۇڭا كۆز بىلەن سۆزلىگۈچىنىڭ كۆڭلىدىكى نەرسىنى بىلىۋالالايسەن.»

ھەتتا تىل بىر سائەت سۆزلەپمۇ چۈشەندۈرەلمىگەن نەرسىنى كۆز بىلەن يۈز بىر مىنۇتتىنمۇ ئاز ۋاقىتتا سۆزلەپ بېرىدۇ.

كىشىلەر بىلەن ئوچۇق چىراي ياكى سوغۇق چىراي ئۇچرىششنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىس شەرىپ بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا ئوچۇق چىراي بولۇشقا نەسىھەت قىلىدۇ.

## 191 ـ ھەدىس: بالا تەربىيەلەش ھەققىدە

**كُلُّ مَوْلُودٍ يُولَدُ عَلَى الْفِطْرَةِ فَأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ أَوْ يُمَجِّسَانِهِ كَمَثَلِ الْبَهِيمَةِ تُنْتَجُ الْبَهِيمَةَ هَلْ تَرَى فِيهَا جَدْعَاءَ.** (صحيح البخاري)

ھەر بىر ئادەم بالىسى (ئاللاھنى بىر دەپ بىلىدىغان) تەۋھىد فىترىتىدە تۇغۇلىدۇ. ئاندىن شۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي، ناسارا ياكى مەجۇسى (ئوتقا ياكى باشقا دىنلارغا ئىبادەت قىلىدىغان) قىلىدۇ. قولىقى كېسىك تۇغۇلغان ھايۋاننى كۆرگەنمىدىڭ؟ (ئادەم بالىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ساق تۇغۇلىدۇ).

ساغلام تەبىئەتلىك بولۇش ۋە ھەر خىل ئەيىب ۋە كەمچىلىكلەردىن سالامەت بولۇش ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ فىترى دىن (ئادەم بالىسى ئۆزلۈكىدىن ئىزدەپ تاپىدىغان بىر دىن) ئىكەنلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز قارىشىدا ئېنىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەدىسنىڭ مەقسىتى: «ھەر بىر بالا ئىسلام دىنىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىدىغان تەبىئەتتە كەلسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ ئورنىدىكى تەربىيەلىگۈچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيەسى يۈزىسىدىن تۈرلۈك يوللارغا كىرىپ كېتىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەكسىچە، بۇنىڭ مەنىسى ئىسلام شەرىئىتىنى بىلىپ دۇنياغا كېلىدۇ، دېگەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئەھۋالنىڭ تەبىئىي خۇي ئەمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم.

ئىسلام دىنى «فىترى دىن» دېگەننىڭ مەنىسى: ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقان ئالەمدىكى سۈننىتىگە (قائىدە ـ پىرىنسىپىغا) مۇۋاپىق بىر دىن. ئۇنى كېمەيتىش ياكى ئاۋۇتۇشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. ئىسلامنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر باراۋەر بولۇپ، پالانى دەيدىغان ئايرىمچىلىق يوق، دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى بەدەن بىلەن روھنىڭ ھەر ئىككىسىنى نەزەردە تۇتىدۇ ۋە ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ھۆكۈم بەلگىلەيدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق جازا ـ چارىسىنى تەيىنلەپ بېرىدۇ. ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولۇش ئۈچۈن ياسالما ئىشلارغا، رەسمىي قائىدىلەرگە ئېھتىياج چۈشمەيدۇ. ئۇنىڭغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزى ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولسا، ھېچكىم ئۇنى ئۇ دىندىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ.

# 192 ـ ھەدىس: ئىسراپ قىلماسلىق توغرىسىدا

**كُلُوا وَاشْرَبُوا وَتَصَدَّقُوا وَالْبَسُوا مَا لَمْ يُخَالِطْهُ إِسْرَافٌ أَوْ مَخِيلَةٌ.** (سنن ابن ماجة)

ئىسراپ ۋە چوڭچىلىق قىلىش (ئورۇنسىز چىقىم قىلىش، ئۆزىنى ئۆزى ياخشى دېيىش) تىن ساقلىنىش شەرتى بىلەن يەڭلار ئىچىڭلار! سەدىقە بېرىڭلار ۋە كىيىم كىيىڭلار!

بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ھەر كىم چۈشىنەلىگىدەك دەرىجىدە ئاسان بولۇپ، ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنىڭ ھەرىكەت دەستۇرى بولۇشقا تېگىشلىك.

يەپ ـ ئىچىشتىكى مەقسەت بەدەننىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ۋە سالامەتلىكىنى ساقلاش ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. شۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىشلەنمىگەن نەرسىلەرنى يېيىش ـ ئىچىش ئىسراپخورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنىڭغا كۆرە، پىشمىغان خېمىر، خام گۆش، ئومۇمەن ئاشقازانغا ياكى باشقا ئەزاغا زىيان قىلىدىغان ۋە كېسەل بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئاشنى ۋە ئىچىملىكنى يېيىش ـ ئىچىش ھەممىسى ئىسراپخورلۇق قىلىش ھېسابلىنىدۇ. سەدىقە بېرىش بولسا، ئاخىرەتلىك ئىشلاردىن بولۇپ، ئىسراپچىلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزمەسلىك (ئۆزىنى ئۈستۈن كۆرۈش) شەرتى بىلەن قىلىش ياخشىدۇر. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بولسا، دۇنيالىق ئىشلاردىن بولۇپ، بەدەنگە پايدىلىقتۇر. بەزىبىر نەرسىلەرنى يېيىش ـ ئىچىش ھەدىسلەر ئارقىلىق چەكلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقىسى مۇباھ (گۇناھمۇ يوق، ساۋابمۇ يوق) تۇر.

بۇ ئۇلۇغ ھەدىس بولسا، شۇ مۇباھ نەرسىلەرنى يېيىش ـ ئىچىشنىڭ ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس ھەزرەتلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «**كل ما شئت والبس ما شئت ما أخطأتك خصلتان سرفٌ ومخيلة**» دېگەن سۆزىنى بايان قىلىدۇ.

مەنىسى: سېنى ئىسراپخورلۇق قىلىش بىلەن — ئۆزىنى چوڭ بىلىشتىن ئىبارەت ئىككى نەرسە خاتالاشتۇرمىسىلا خالىغىنىڭنى يېگىن، خالىغىنىڭنى كىيگىن، دېگەنلىكتۇر.

كىيىملەرنىڭ ئۆزىنى ۋە فورمىلىرىنى مەنئى قىلىش ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە بىر ئېغىزمۇ ئوچۇق گەپ يوق، بەلكى بەزى كىيىملەرنى چەكلىگۈچىلەرگە قارشى: ﴿**قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ**﴾ يەنى ئېيتقىنكى، «ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» دەپ كايىغان ئايەتلەر بار.

ئىرانلىقلارنىڭ كىيىم كىيىش، جابدۇنۇش توغرىسىدا بىر بەلگىلىمە ئورنىتىشى مۇسۇلمانلارنى ئىسراپتىن ۋە ياسىنىشقا ئارتۇق بېرىلىشتىن ساقلاشنى مەقسەت قىلغان. شۇنداقلا بەزىبىر نەرسىلەردىن چەكلىگەن.

كىيىم كىيىش، جابدۇنۇش توغرىسىدا ھەدىس بىلەن چەكلەنگەن كىيىملەر تۆۋەندىكىچە:

1 ـ كۆڭلەك، ئىشتان چاپان ۋە باشقىلارنى يەرگە سۆرىتىپ كىيىش. بۇ توغرىدا **مَا أَسْفَلَ مِنْ الْكَعْبَيْنِ مِنْ الْإِزَارِ فَفِي النَّارِ.** (صحيح البخاري) يەنى «ئىشتاننىڭ ئوشۇقتىن ئېشىپ تورغىنى دوزاخ ئوتىدا بولىدۇ» دېگەن ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ

ھەدىستىكى «ئىزار» دېگەن سۆز ئادەتكە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. مەقسەت ئىشتانلا ئەمەس باشقا كىيىملەرمۇ مۇشۇ ھۆكۈمنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئىرانلىقلاردا ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئەرەبلەردە بۇ ئىش تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇقنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇ ئىشنى مەنئى قىلىشتىكى ئەسلى مەقسەت كىيىمنىڭ سۆرىلىپ تۇرغىنى ئەمەس، بەلكى كىبىر (ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش) نىڭ ئۆزىدۇر. كىيىمنى سۆرىتىپ كىيىش، بولۇپمۇ بىزنىڭ كىيىملىرىمىز يامغۇر، قار، ئوت ـ چۆپ، توپىلىق ۋە ھەر خىل ھايۋانلار يۈرىدىغان يەرلەردىكى ناپاك نەرسىلەرنى، شۇنداقلا مىكروپلارنى ئاسان يۇقتۇرىۋالىدىغان بولغانلىقتىن ھەم كىيىم كىيىش ھەم سۆرەپ كىيىش ھەمىشە چەكلىنىشى مۇمكىن. بۇ چەكلەش ئەرلەرگىمۇ، ئاياللارغىمۇ ئوخشاش بولغانلىقتىن مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ پالانى خىل مودا دەپ پەشلىرىنى سۆرىتىپ يۈرۈشى ياخشى ئەمەس. بىرسىدىن ئارىيەت ئالغان بولسا ياكى قىسقارتقىلى ۋاقىت بولمىغاندا، بىر كىيىمنى سۆرەپ كىيسە ۋە شۇ سەۋەبتىن ھاكاۋۇرلىشىپ قېلىش، ھاۋايى ـ ھەۋەس پەيدا قىلىش (كىشىلەرنى ياراتماسلىق) دەك ئىشلار كۆڭۈلگە كەلمىسىلا، بۇنىڭ زىيىنى ئانچە چوڭ بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەدىسلەردە، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنىڭ بەلگىسى بولغان كىيىملەرنى كىيىش ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلەنگەن دەپ ھۆكۈم قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. بۆك، تەلپەكلەرنى قىڭغىر كىيىپ، سائەت باغلىرىنى ساڭگىلىتىپ يۈرگەنلەرمۇ مۇشۇ قائىدە ئاستىغا كىرىشى مۇمكىن. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، كىيىم سەۋەبىدىن ھاكاۋۇرلىشىپ قېلىش، ھاۋايى ـ ھەۋەس پەيدا قىلىش ئەقىللىق كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس.

«تون ئىلە ئولماس مەزىيەت بىل يىقىن، ئېشەك ئەتلەس كىيسە ئېشەكتۇر ھەمىن»

ئېنىق بىلگىنكى تون كىيگەنلىك بىلەن ئالاھىدىلىك قولغا كەلمەيدۇ، ئېشەك ئەتلەس كىيسىمۇ ئېشەكلىكتىن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

2 ـ يىپەك كىيىم كىيىش. خاس يىپەكتە تىكىلگەن ئەتلەستەك نەرسىلەرنى كىيىش ئەرلەر ئۈچۈن مەنئى قىلىنىدۇ. بۇ توغرىدا: «يىپەك كىيمەڭلار، چۈنكى بۇ دۇنيادا يىپەك كىيگەن كىشى ئاخىرەتتە يىپەك كىيەلمەيدۇ» ۋە: «يىپەك بىلەن ئالتۇن ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام قىلىندى. ئاياللىرىغا ھالال قىلىندى» دېگەن ھەدىسلەر بار. كېسەللەر ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفەتەك پىت بېسىۋالغان ۋە بەدىنى قىچىشىشتەك ئاۋارىچىلىقلەرگە قالغان ساھابىلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشكە رۇخسەت بەرگەنلىكى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئىدى.

3 ـ سېرىق رەڭدە بويالغان كىيىم كىيىشمۇ ئەرلەر ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى مېنىڭ ئۇچامدىكى سېرىق رەڭلىك كىيىمنى كۆرۈپ: **هذه من ثياب الكفار فلا تلبسها** ‹بۇ، كاپىرلارنىڭ كىيىمى، ئۇنى كىيمىگىن!› دېدى» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ.

4 ـ ئاياللارغا خاس بولغان كىيىمنى ئەرلەر ۋە ئەرلەرگە خاس كىيىمنى ئاياللارنىڭ كىيىشى مەنئى قىلىنىدۇ. بۇ توغرىدا ھەدىسلەر بار. بىزدە بۇنىڭغا ئاياللارنىڭ بۇ كۈندىكى قالپاقلىرى بىلەن بوغۇشلۇق ئاياغلىرى، بېشىدىكى ياغلىق ۋە شارپىلىرى، ئەرلەرنىڭمۇ قىسقا كۆڭلەك ۋە كەستۇملىرى، شلەپىلىرى توغرا كەلمىسە، بۇنىڭدىن باشقا كىيىم تېپىلىشى گۇمانلىق.

5 ـ ئەرلەرنىڭ ئالتۇن يۈزۈك ۋە ئالتۇن بىلەزۈك سېلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتىمۇ ھەدىسلەر بار. ئەھلى ئىلىملەردىن كۆپ كىشىلەر: خاس يىپەك ياكى كۆپرەك قىسمى يىپەك بولغان نەرسىلەرنى ئەرلەرنىڭ كىيىشى ۋە ئالتۇن بىلەن

زىننەتلىنىشى مەنئى قىلىنغان ھەدىسلەرنى قوبۇل كۆرىدۇ ھەم شۇنىڭغا قاراپ ئەرلەرنىڭ خاس يېپەك ياكى بىر قىسمى يېپەك بولغان كىيىملەرنى كىيىشى ۋە ئالتۇن بىلەن زىننەتلىنىشى ھارام دەپ دەۋا قىلىدۇ[90].

ھەقىقەتتە ھەدىسلەرنىڭ مەنئى قىلىشى ئەقىلگە ناھايىتى مۇۋاپىق. ئەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى مال ـ مۈلۈكنى، بايلىقنى بىكارغا چىقىم قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىشلەپ بايلىق تېپىشقا تىرىشىش، كەسىپ قىلىش بولغانلىقتىن، يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ، ئالتۇن بىلەن ياسىنىش ئارقىلىق ئۇ مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئەمما كىيىملەرنىڭ تۈرلىرى، پاسونلىرى ھەققىدىكى مەسىلىگە كەلسەك، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، تەكەببۇرلۇق مەقسىتى بىلەن سۆرەپ يۈرۈشتىن ۋە سىرىق رەڭلىك كىيىمدىن باشقىسىغا شەرىئەتنىڭ ئارىلىشىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. توغرا! ھەج پائالىيىتىدە مەخسۇس بىر فورمىدا كىيىم كىيىش لازىم. شەرىئەتنىڭ بۇ ھەقتىكى تەكلىپى شۇ يەردىكى ئادەملەرنى ئوخشاش تۈسكە كىرگۈزۈش، ئىسراپتىن ۋە جاپا تارتىپ قېلىشتىن يىراق قىلىشتەك مەقسەتلىرىگە ئاساسەن بولسا كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ، مەخسۇس فورمىدا يۈرمەسلىك بىلەنلا قىلغان ھەج بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى بىر ئاز كەمچىلىك ھېسابلىنىدۇ. بىر ئاز جازا يۈكلىنىپ ھەجگە ھېساب قىلىنىۋېرىدۇ. كىيىملەرنىڭ پاسونى قىتئەلەر، مەملىكەتلەر، زامانلارغا قاراپ ئۆزگىرىدىغان بولغاچقا، شەرىئەت بۇنى خەلقنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدۇ. باشقا دىنىدىكىلەرنىڭ مەخسۇس بەلگىسى ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، تەن ـ سالامەتلىكنى ساقلاش قائىدىسىگە خىلاپ بولمىغان ياكى ئىسراپ ۋە كىبىرگە سەۋەب بولمايدىغان تەرزدە قانداق كىيىم كىيىش ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىختىيارى بولسا كېرەك. ھەقىقەتتە شىمالىي قۇتۇپتا تۇرغۇچىلار بىلەن ئېكۋاتور رايونلىرىدا ياشىغۇچىلارنىڭ، ھەبەشىستانلىق بىلەن جۇڭگولۇقنىڭ كىيىمى بىر شەكىلدە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تۈركىستان كىيىملىرى بورجان ۋە ئۇسرىگان باشقۇرتلىرىنىڭ ۋە ھىجاز ئەرەبلىرىنىڭ كىيىملىرىنى قوشلار ئۇچالمىغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق سوغۇق بولىدىغان سىبىرىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى كۆرۈپ كىيىشى ۋە قانائەت قىلىشىنىڭ ئېھتىمالى يوق. 8 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ۋاپات بولغان ئىبنى ئەلھاج ئۆز زامانىسىدىكى ئاياللارنىڭ تىزىدىن ئاستىن چۈشمەيدىغان كۆڭلەك كىيىشىنى، سەللە بىلەن يۈرۈشىنى ياراتمىغان. ئۇ كىشىنىڭ بۇ سۆزى بولسا، ئۆز زامانىسىدا مىسىردىكى مۇتلەق كۆپچىلىكنىڭ ئادىتىگە قارىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سەللە، مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالام زامانىدىن تارتىپ يەھۇدىيلاردا ئادەت بولغان ئىدى. ھىندىستان خەلقىدە ناھايىتى كونا زاماندىن تارتىپ ئىشلىتىلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. يەھۇدىيلار بۇنى ھىندىلاردىن ئۆگەنگەن بولسا كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن سەللە ئەرەبلەردە بار بولسىمۇ، ناھايىتى ئاز ئىدى. بەزى ئايرىم كىشىلەردە بولاتتى. **العمائم تيجان العرب** دېگەن (زەئىپ) ھەدىسمۇ سەللىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئومۇملاشقان كىيىملىرى ئەمەسلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

ئەسرى سائادەت (رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر زامانىسىدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارنىڭ بەختلىك زامانى) تىكى كىيىم ـ كېچەك پاسونلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات تاپالمىدۇق.

---

[90] زىننەتلىنىش مەقسىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت ۋاقىتنى بىلىش ئۈچۈنلا ئالتۇن سائەت تۇتۇشنى ھارام دەپ قارىمايمەن. ئاساسەن ھارام بولمىغاندا، «قىرىق تەڭگىلىك ئات مىنىپ بارغىلىمۇ بولىدىغان يەرگە، يۈز تەڭگىلىك ئات مىنىش ئىسراپخورلۇق بولىدۇ.» ئىسراپخورلۇق ھارام، دەپ مەنئى قىلىش ئورۇنسىز بولسا، «ۋاقىتنى بىلىش ئۈچۈن چۆيۈن سائەت بولسىمۇ بولىدىغان يەرگە، ئالتۇن سائەت تاقاپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇنىڭدىن مەنئى قىلىشمۇ ئورۇنسىز بولسا كېرەك. يىپەك كىيىم كىيىش ۋە ئالتۇرن بىلەن زىننەتلىنىش ھارام بولسىمۇ، ئۇنى يىغىپ ساقلاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ھارام ئەمەس. «ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئىستېمال قىلىش ھارام» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھېسسى بىر ھەرىكەتكە ۋاستە قىلىش دېگەن سۆز بولسا كېرەك. ئۇنداق دېمىسەك ئالتۇن پۇلنى خەجلەشنىمۇ ھارام دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئالىملارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمىز.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەخسۇس بىر خىل فورمىدا كىيىم كىيىش ھەققىدە تەكلىپ بارلىقى ھەدىس كىتابلىرىدا كۆرۈلمىدى. بۇ توغرىدا سەلەپ ۋە خەلەپ (بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى زامان) ئالىملىرىنىڭ قارارىنىڭ بار - يوقلۇقىمۇ نامەلۇم. رەسۇلۇللاھنىڭ خرىستىيانلار ۋە ئىران مەجۇسىيلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگەنلىكى ئېنىق. **وَاللّٰهُ أَعْلَمُ بَالصَّوَابِ**.

كىيىم - كېچەك، يۈرۈش - تۇرۇش ئىشلىرىغا چەكتىن ئاشۇرۇپ ئېتىبار بېرىپ كېتىش ئۇنچىۋالا دىققەتنى تارتقۇدەك مۇھىم مەسىلە ئەمەس. مۇھىم ئىش كۆڭۈلنىڭ تۈزۈك بولۇشى، خەلققە زىيان يەتكۈزمەسلىك ۋە رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىشتۇر. توغرا سۆزلەيدىغان ئىككى كىشىنىڭ بىرىدىن: «گەپ - سۆزىدە، تاشقىرى كۆرۈنۈشىدە رۇس قىزى بىلەن ئوخشاش يۈرىيدىغان پالانى ئايال پەرز ناماز ۋە پەرز روزىلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش بىلەنلا قالماي، نەفلە روزا ۋە نەفلە ناماز ئوقۇش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ ۋە ھەر كۈنى بىر ئاز قۇرئان ئوقۇماي قالمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىدىم. ئىككىنچى كىشىدىن: «پالانى موللا ۋە مۇددەرىسنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدىم. مۇئەززىننىڭ ھەر نامازغا ئەزان توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ مەسجىدكە بارغانلىقىنى، سەللىسىنىڭ ئورنىدىن قوزغالغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بىر قېتىممۇ سەجدە قىلغىنىنى سەزمىدىم. ھەتتا ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتى بىلەن: ‹سىزنى مۇئەززىن چاقىرىدۇ› دەپمۇ باقتىم. بۇ سۆزۈمگە ئۇنىڭدىن: ‹ھە ئۇ ھەمىشە چاقىرىدۇ، ئۇنىڭ چاقىرغىنىغا مەن ئېرەڭشىپ كەتمەيمەن› دېگەن جاۋابنى ئېلىپ، ئىسىت ئەيلىدىم» دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

# 193 ـ ھەدىس: باشلىقنىڭ خەلققە كۆرە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**كَمَا تَكُونُوْا يُوَلَّى عَلَيْكُمْ**. (كنز العمال)

ئۆزۈڭلار قانداق بولساڭلار، سىلەرگە شۇنداق كىشى باشلىق قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئۈممەتكە قارىتىپ ئېيتىدۇ ۋە: «زالىم بولساڭلار سىلەرگە زالىم باشلىق بولىدۇ. سىلەر ئەقىللىق ۋە ئەقىل بولساڭلار، باشلىقىڭلارمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. دېمەككى، ئەمىرىڭلار، باشلىقىڭلار سىلەرگە مۇناسىپ بولىدۇ» دەيدۇ. ئەنئام سۈرىسىنىڭ 29ـ ئايىتىدىمۇ مۇشۇ ھەدىستىكى مەنىگە ئىشارەت بار. خەلق ئارىسىدىمۇ **أعمالُكم عُمَّالُكم** يەنى قىلىقىڭلار باشلىقىڭلاردۇر، دەيدىغان سۆز بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق ئەمىرلەرنىڭ زالىملىقىنى كۆرۈشنى خالىمىسا، ئۆزى ئادىل، توغرا ۋە ياخشى بولۇشى لازىم. ﴿**إِنَّ اللّهَ لاَ يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنْفُسِهِمْ**﴾ يەنى ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.[91]

لېكىن بۇ سۆزگە ئاساسەن، زالىم ئەمەلدالار، خەلقنى قىينىغان پادىشاھلار جاۋابكارلىقتىن، خەلقنى قىينىغانلىقى ۋە زالىملىق قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى تارتىشتىن قۇتۇلالمايدۇ. «خەلق ئۇسال بولغاچقا، بىزمۇ ئۇساللىق قىلدۇق» دەيدىغان ھەققى يوق. خەلقنىڭ ئۇساللىقى بۇلارنىڭ ئۇساللىقىنى ياپالمايدۇ. توغرا يولدىكى خەلىپىلەردىن بىرى بىر مەۋسۇمدە (ھەج كۈنىدە): «قانداقلا بىركىشى باشلىقلاردىن جاپا كۆرسە، ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدە مېنىڭ ھەققىم يوق» دەپ ئېلان قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر: «ئۆزۈمنى فىرات دەرياسى بويىدا يوقاپ كەتكەن بىر تۆگىنىڭمۇ جاۋابكارى دەپ قارايمەن» دەيتتى. ھالبۇكى، فىرات دەرياسى بىلەن مەدىنە ئارىلىقى بىر ئايلىق مۇساپە ئىدى.

بىزنىڭ خەلقىمىز بىلىمسىز موللىلاردىن، ۋىجدانسىز ئىشانلاردىن، پىتنە تارقىتىپ ۋە چېقىپ يۈرىدىغان مۇرىدلاردىن، زالىم بايلاردىن، رەستىگە پاتماي گىردە يەپ يۈرىدىغان ھوقوقدارلاردىن زارلىنىدۇ. بۇلارنىڭ جاپاسىنى، ئېغىرنى كۆتۈرەلمەي قاخشايدۇ. ھەتتا ھەر تۈرلۈك يىغىلىقتا، كۆز ئېچىشقا، ۋەزىپىنى بۆلۈشكە قارشى تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ جىنايىتىنى كۆرۈپ «ئەمدى بۇ مىللەت قەددەم سالالمايدۇ، ئاخىرى يوقىلىپ تۈگەيدۇ» دېگەندەك ئۈمىدسىزلىكلەرنى نامايەن قىلىشىدۇ.

توغرا! بۇ ناھايىتى ئېغىر ئىشلار بولۇپ، مىللەتنىڭ بەختسىز بولۇشىنىڭ كۆچلۈك سەۋەبىدۇر (قەلبىدە ئىسلام، ئىمان بار ئادەمنىڭ بۇ ئىشقا ئېچىنىپ يۈرىكى ئېرىپ كېتىدۇ). لېكىن بۇنىڭ پۈتۈن ئەيىبلىرى ئۆزىمىزدىدۇر. ئەگەر ئۆزىمىز ئۇلاق بىلەن سولنى ئوبدان چۈشىنەلىسەك، باشقىلارنىڭ ھەققىنى پەرقلەندۈرەلىسەك ۋە شۇنىڭغا مۇۋاپىق ماڭالىساق، راست ۋە توغرا سۆزلەرنى يامان بۇزۇق سۆزلەردىن ئايرىۋالالىساق ئىدۇق، نادان موللىلار بىلەن ۋىجدانسىز ئىشانلار، مۇسۇلمانلارنى چېقىپ يۈرىدىغان زالىملار، مەھەللە ئاۋاپلىرى ئۆزلۈكىدىنلا تۈگەيتتى، قۇياشتىن قاچىدىغان شەپەرەڭدەك ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ

---

[91] سۈرە رەئد 11ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۆكنەتتى. بىز يوقىلىدىغان مىللەت ئەمەسمىز، بەلكى دۇنيادا مەڭگۇ تۇرۇشقا، باشقا مىللەتلەر بىلەن بىللە يەر يۈزىدىن پايدىلىنىشقا كەلگەن مىللەتمىز. يوقىلىمىز دەپ مەيۈسلىنىپ، ياشلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈش گۇناھتۇر. جىم تۇرۇش، ئوقۇش، ئۆگىنىش، ياخشى ئەخلاقلىق بولۇش، ھەركىم ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆزى تونۇش، ۋەزىپە ئۆتەشتە كەم قويماسلىق، كەنتلەرنى باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئوقۇغان ياشلار ئۆز قولىغا ئېلىش ۋە ھەممە ئىشنى ئىنتىزامغا مۇۋاپىق رەتلەش، دەپتەر، خاتىرە جەدۋەللەرگە بېكىتىپ يۈرگۈزۈش كېرەك. ئاندىن كېيىن موللىلىرىمىزمۇ، ئىشانلىرىمىزمۇ ياخشى بولىدۇ. **كَمَا تَكُونوُا يُوَلّى عَلَيْكُمْ**.

مەدرىستىن قايتقان ۋاقتىمدا، شەمسى ئىسىملىك بىر ياش يىگىتنىڭ تاياق تۇتۇپ دەرسخانىدا يۈرگىنىنى دېرىزىدىن كۆرگەنىدىم. دادامدىن: «دادا، بۇ شەمسى تاياق تۇتۇپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دەپ سورىدىم. دادام: «ئوغلۇم بۇ خەلق ئاجايىپ! مەسجىد مويسىپىتلىرى، ئاق ساقال كىشىلەرگە كۆپ يوقلۇقىدىن، يىغىنلاردا سۆزلەشكە ئەركىنلىك يوقلۇقىدىن، جاپا، زۇلۇمنىڭ كۆپلۈكىدىن، يۇرت ھوقۇقدارلارنىڭ يەپ ـ ئىچىپ كېتىشى بىلەن پۈتۈن كەنتنىڭ ھەققى زايە بولغانلىقتىن زارلىنىدۇ، كۆزىدىن ياش ئېقىتىپ يىغلايدۇ. ئەمدى ھوقۇقدارلانىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشكە، دۇغا، قول چۇماق سايلاش ۋاقتىدا ياخشى قېرىلار ئۆز ئۆيىدىن قاچىدۇ، يېقىن كەلمەيدۇ. شۇ خىزمەتنى ئۈستىگە ئالماسلىق ئۈچۈن چارە ئىزدەيدۇ. جاپا، زۇلۇم قىلىشتىن، بەش ـ ئون پۇللۇق تاماكىسىغا سېتىلىپ يالغان گۇۋاھچى بولۇپ، ھاكىم قېشىغا بېرىشقا ۋىجدانى قويماي قان يىغلايدۇ. چېقىمچىلىق قىلىدىغان ۋىجدانسىز ۋە ئىنساپسىز كىشىلەرنى دوغا، كەنت باشلىقى قىلىپ سايلاپ قويىدۇ. مەھەللىنىڭ ئەقىللىق قېرىلىرى ھاجىتى چۈشكەندە شۇ شەمسىگە يالۋۇرغىلى بارىدۇ» دېدى. شۇنداق بولغاچقا، كىمگە قېيىداش ۋە كىمدىن زارلىنىش كېرەك؟ ئەيىب خەلقنىڭ ئۆزىدە. خۇسۇسەن ياخشىلاردىن بولۇشقا تېگىشلىك كىشىلەردە. **كَمَا تَكُونوُا يُوَلّى عَلَيْكُمْ**.

## 194 ـ ھەدىس: دۇنيادا يولۇچىدەك كۈن ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا

**كُنْ فِي الدُّنْيَا كَأَنَّكَ غَرِيبٌ أَوْ عَابِرُ سَبِيلٍ.** (صحيح البخاري)

دۇنيادا غېرىپتەك ياكى يولۇچىدەك بول.

بېشىنى قويغىلى جاي ـ ماكانى، شەھەر ـ مەھەللىسى، بورا، كەپە چاغلىق ئۆيى، بالا ـ چاقىسى يوق كىشى غېرىپ ھېسابلىنىدۇ. ‹ئابىرى سەبىيل› دائىم كېزىپ يۈرىدىغان كىشىدۇر. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: «ئۆزۈڭنى غېرىپ ئادەمدەك ياكى بىر يەردە تۇرمايدىغان ساياھەتچىدەك خىيال قىل، دۇنيا بىلەن چىرمىشىپ كەتمە، خەلققە قوشۇلما! مۇساپىر ئادەم قانائەت قىلغۇدەك نەرسىگە قانائەت قىل» دېگەنلىكتۇر. غېرىپ ئادەمنىڭ، ساياھەتچى ئادەمنىڭ ئادەتتە دۈشمىنى بولمايدۇ، كىشىلەرگە ئاز ئارىلىشىدۇ. مەنسەپ، ھوقۇق، بايلىق، نوپۇز (ئىناۋەت) تالىشىپ ھېچكىم بىلەن رىقابەتلەشمەيدۇ، ئۇ كىشىگە باشقىلارمۇ رەقىب بولمايدۇ. شۇڭا ھەسەت قىلىش، ئىككى يۈزلۈك بولۇش، غەيۋەت قىلىش، يامان گۇمان قىلىشتەك بۇزۇق ئەخلاقلاردىن خالىي تۇرىدۇ. ئەسلىدە سەپەر مۇشەققەتلىك ئىش بولسىمۇ، ‹سەپەر دوزاخنىڭ بىر تارمىقى› دېيىلسىمۇ، ئادەم باللىرى بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش، بىر ـ بىرىگە يامانلىق قىلىشماسلىقتا سەۋەب بولۇشى نۇقتىسىدىن سەپەر ئەڭ ياخشى ئىشتۇر. سەپەردە يۈرگەن ۋاقىتلار ئادەمنىڭ ئەڭ بەختلىك ۋاقىتلىرى بولۇپ، ئۇنى بەخت ـ سائادەتنىڭ سەۋەبى دەپ ھېسابلىسا، خاتا بولمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنساننى دۇنيادا مۇساپىردەك ياشاشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ بۇيرۇقنىڭ، كىشىلەر بىلەن يامانلاشماي، زىددىيەتلەشمەي كۈن ئۆتكۈزۈشكە چاقىرىق قىلىشنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم. بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ دولىسىغا قويغان ھالدا سۆزلىگەن ئىدى. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: **عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ أَخَذَ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِبَعْضِ جَسَدِي فَقَالَ اعْبُدْ اللَّهَ كَأَنَّكَ تَرَاهُ وَكُنْ فِي الدُّنْيَا كَأَنَّكَ غَرِيبٌ أَوْ عَابِرُ سَبِيلٍ.** (مسند أحمد) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى مۈرەمگە قويغان ھالدا: ‹ئاللاھقا ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىل! بۇ دۇنيادا غەرىبتەك ياكى مۇساپىردەك ياشا› دېدى.

كېيىنكى جۈملىنىڭ مەنىسى «ئۆزۈڭنى قەبرە ئەھلىدىن ھېسابلا» دېگەنلىكتۇر. ئەمەلىيەتتە، ھەممە ئادەم قەبرە ئەھلىدۇر. بۈگۈن بولمىسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆلىدۇ. ھەممە نەرسىسىنى ۋە بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاشلاپ كېتىدۇ.

# 195 ـ ھەدىس: ئەقىللىق ۋە كۈچلۈك بولۇش

الْكَيِّسُ مَنْ دَانَ نَفْسَهُ وَعَمِلَ لِمَا بَعْدَ الْمَوْتِ وَالْعَاجِزُ مَنْ أَتْبَعَ نَفْسَهُ هَوَاهَا ثُمَّ تَمَنَّى عَلَى اللَّهِ. (سنن ابن ماجة)

ئەقىللىق ۋە ئاڭلىق، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئادەم، ئۆزىنى تۆۋەن ۋە خار تۇتۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدىغان، ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەمدۇر. ئاجىز ئادەم، ئۆزىنى كۆڭۈل ئارزۇسىغا، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگەشتۈرىدىغان، شۇنداق تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ مەغپىرەت، كەچۈرۈم قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەمدۇر.

كەيىس (ئاڭلىق) نىڭ قارىمۇ قارشىسى سەفىھ (گاللۋاڭ)، ئاجىزنىڭ قارىمۇ قارشىسى كۈچلۈك بولسىمۇ، ھەدىس شەرىپتە كەيىس بىلەن ئاجىزنى قارىمۇ قارشى قىلىپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ يەردە ئاڭلىق دېگەندە، ‹كۈچلۈك بولغان ئاقىل›، ئاجىز دېگەندە ‹گاللۋاڭ بولغان ئاجىز› كۆزدە تۇتۇلغان.

ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش ۋە مۇھەببەت باغلاشقا سەۋەب بولىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىرەت ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىگە مەلۇم ۋە مەشھۇر بولغانلىرى: ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا لايىقلىقىدا يەككە ـ يېگانە دەپ ئىشىنىپ، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماسلىق، پەرز ئىشلارنى ئىخلاس (ئاللاھنى رازى قىلىشنى ئويلاش) بىلەن ئادا قىلىش، ھارام ئىشلاردىن، ھارام نەرسىلەردىن ساقلىنىش، ھەرتۈرلۈك بالا ۋە قازاغا، بۇ دۇنيانىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە چىداش، مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق ۋە غەمخورلۇق قىلىش ۋە باشقىلار.

ئىسلام دىنىدا بىر ئىشنىڭ ئىبادەت دەپ ئاتىلىشى ئۈچۈن، ئىخلاس، توغرا نىيەت، ئاللاھ ئالدىدا ئۆزىنى خار تۇتۇش، باش ئېگىپ ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىسلام كۆرسەتكەن يول ۋە ئۇسۇلغا مۇۋاپىق بولۇش قاتارلىقلار شەرتتۇر. توغرا نىيەت بولمىغاندا، ئىبادەت بىلەن ئادەتنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئىخلاس: ئىبادەت قىلىنغان زات ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىش، رىيانى ئارىلاشتۇرماسلىقتىن ئىبارەت. ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىش، ئۆزىنى ئاجىز بەندە دەپ تونۇش ئەلۋەتتە ئەقىللىق، ئاڭلىقلىقتىندۇر.

## 196 ـ ھەدىس: ئىشەنچ ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ پەزىلىتى

لَا إِيمَانَ لِمَنْ لَا أَمَانَةَ لَهُ وَلَا دِينَ لِمَنْ لَا عَهْدَ لَهُ. (مسند أحمد)

ئىشەنگىلى بولمايدىغان كىشىنىڭ ئىمانى، ئەھدىسىدە تۇرمايدىغان ئادەمنىڭ دىنى بولمايدۇ.

ئەھدى دېگەن سۆز: بىر نەرسىنى تولۇق ئورۇنداش، باشقۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ۋە چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت. ئىككى ئادەم ئەقلىگە مۇۋاپىق ۋە شەرىئەتتىمۇ چەكلەنمىگەن شەرتلەر ئاستىدا ئۆز ئارىسىدا كېلىشىم تۈزسە، ھەر بىرىگە بۇ ئىش «ئەھدى» بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش لازىم بولىدۇ. بىر كىشى يەنە بىر كىشىدە بىرەر نەرسە ئامانەت قويسا، ئۇنى ساقلاش ۋە تېگىشلىك جايىغا ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغاچقا ئۇ «ئەھدى» بولىدۇ. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش دېمەك، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش بولغاچقا، بۇمۇ ئەھدىدۇر. قۇرئان ئىستىلاھىدا بۇنىڭ ئىسمى «ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا رەھمەت كۆزى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.[92] دېگەن ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەندەك، «ئاللاھ تائالانىڭ ئەھدىسىدۇر». شۇنىڭ ئۈچۈن: «ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئىبادىتىمىزگە موھتاج ئەمەس» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ناماز ئوقۇماي، روزا تۇتماي، ھىيلە قىلىپ زاكات بەرمەسلىك، ئۆزى بىلىپ تۇرۇپ ئىلىمگە ھاجىتى بار كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگەتمەسلىك ئەھدىدە تۇرمىغانلىقتۇر.

شەرىئەتكە خىلاپ ئىشقا ئەھدى قىلىش دۇرۇس ئەمەس. مۇنداق ئىشلاردا گېپىدە تۇرۇش نىيىتى بىلەن ئەھدى قىلغۇچىلارغا بىرقات؟، تۇرماسلىق نىيىتى بىلەن ئەھدى قىلغۇچىلارغا ئىككى قات گۇناھ بولىدۇ. ئەھدىگە ۋاپا قىلغۇچى، ئامانەتنى ئۆز جايىغا يەتكۈزگۈچىلەر ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن شۇ ئىشلارنى قىلغۇچىلاردۇر.

قازىنىڭ ھۆكمى ياكى ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمى بىلەن ئەھدىسىدە تۇرغۇچىلار ۋە ئامانەتنى ساق تەككۈزگۈچىلەر بولسا، ئەھدىسىدە تۇرمىغۇچىلار ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام دىنى ئامانەتنى ناھايىتى ئۇلۇغ سانايدۇ ۋە ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغۇچىلارنى ئادەم قاتارىغا ئالمايدۇ. دېيەت ۋاقتىدا بەش يۈز ئالتۇن باھاسىدا بولغان قۇلنىڭ، بىر ئالتۇننىڭ تۆتتىن بىرىنى ئوغۇرلاپ قالسا، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە قەدرى ـ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.[93]

ئامانەت ۋە ئەمىنلىكنىڭ خەلقنىڭ قىممەت باھالىق نەرسىسى ئىكەنلىكى خەلقنىڭ مۇئامىلىسىدىنمۇ مەلۇم بولىدۇ. ئىشەنچلىك بولغان تىجارەتچىلەرگە خەلق ئىشەنگەنلىكتىن، ئىشىكلىرىنى ئۇچۇق تۇتقانلىقىدىن چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا

---

[92] سۈرە ئال ئىمران 71 ـ ئايەت.

[93] شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇلئەئلا ئەلمەئەررى: «بىر كىشىنىڭ، بىرسى بىرەر يېرىنى سۇندۇرىۋەتكەندە، دىيىتى 500 دىنارغا توغرا كېلىدىغان بىر قۇل، نېمە ئۈچۈن بىر دىنارنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك نەرسە ئوغرىلىسا قولى كېسىلىدۇ؟» دېگەن سوئالىغا بەزى ئۆلىمالار: ئۇ قۇل ئىشەنچلىك چاغدا باھاسى قىممەت ئىدى. خىيانەت قىلغاندىن كېيىن خار ۋە ئەرزانلاشتى، ـ دەپ جاۋاپ بەرگەن.

مۇۋەپپەق بولالايدۇ. دېگەندەك كۆپ سەرمايىسى يوق كىشىلەرمۇ ئىشەنچلىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۆمرىنى ھۆرمەت ـ ئېتىبار ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ.

بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز تىلىمىز بويىچە ئېيتىشقا توغرا كەلسە، «ئىشەنچسىز كىشى ئىمانسىز، گېپىدە تۇرمايدىغان كىشى دىنسىز» دېيىش مۇمكىن.

# 197. ھەدىس: خۇشاللىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**عَنْ مُعَاذِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ خُبَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ عَمِّهِ قَالَ كُنَّا فِي مَجْلِسٍ فَجَاءَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَعَلَى رَأْسِهِ أَثَرُ مَاءٍ فَقَالَ لَهُ بَعْضُنَا نَرَاكَ الْيَوْمَ طَيِّبَ النَّفْسِ فَقَالَ أَجَلْ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ ثُمَّ أَفَاضَ الْقَوْمُ فِي ذِكْرِ الْغِنَى فَقَالَ لَا بَأْسَ بِالْغِنَى لِمَنْ اتَّقَى وَالصِّحَّةُ لِمَنْ اتَّقَى خَيْرٌ مِنْ الْغِنَى وَطِيبُ النَّفْسِ مِنْ النَّعِيمِ**.(سنن ابن ماجة)

مۇئاز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى خەبىب ئاتىسىدىن، ئاتىسى تاغىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى بىز يىغىلىپ ئولتۇراتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاچلىرى بىر ئاز ھۆل ھالەتتە كەلدى. ئارىمىزدىن بەزىلەر: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز بۈگۈن سىزنى ناھايىتى خۇش كەيپ كۆردۇق› دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياخشى» دېدى ۋە ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتقاندىن كېيىن: ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغانلار ۋە بېرىشكە تېگىشلىك ھەقلەرنى سەرپ قىلغۇچى كىشىگە باي بولغىنىنىڭ زىيىنى يوق. ئاللاھ تائالادىن قورققۇچىلار ئۈچۈن سالامەتلىك بايلىقتىن ياخشىراق. كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقى ئالاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىندۇر» دېدى.

مال ـ بايلىقنى سۆككەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ ھەقتە بەزى ئايەتلەرمۇ بار. بۇ يەردە ئېيتىلغان ھەدىستە مال سۆكۈلمەيدۇ، شۇنداقلا ماختالمايدۇ. بۇ ھەدىسلەر ۋە دەلىللەر ئارىسىدا قارىمۇ قارشىلىق يوق. بۇ دەلىللەرنىڭ «شەرىئەت مال ـ بايلىقنى سۆكىدۇ» دېگەنلىرىمۇ، «شەرىئەت بايلىق، مال ــ مۈلكنى ماختايدۇ» دېگەنلىرىمۇ توغرا.

«شەرىئەتنىڭ كۆز قارىشىدا بايلىق تەنقىد قىلىنىدۇ» دېگەن سۆزدىن مەقسەت، ھالال ۋە مۇباھ يوللار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلمىگەن ھەم ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى (زاكات، زۆرۈر چىقىم) ئارقىلىق بەندىلەرنىڭ ھەققى ئادا قىلىنمىغان، گۇناھ ئىشلارغا ۋەسىلە، ۋاستە بولغان بايلىق ۋە مال ــ مۈلك بولۇپ، ھەدىسلەر شۇنداق بايلىقنى سۆكىدۇ.

«شەرىئەت بايلىقنى ئەيىبلىمەيدۇ، بەلكى ماختايدۇ» دېگەن سۆزدىن مەقسەت، ھالال ۋە مۇباھ يوللار ئارقىلىق قولغا كەلگەن، تېگىشلىك ھەقلەر ئادا قىلىنغان، ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارغا ھەم ھايات ـ تۇرمۇشقا ۋاستە قىلىنغان بايلىقتۇر. مۇنداق بايلىقنىڭ داۋاملىشىشقا لايىق ئىقتىساد ئىكەنلىكىدە ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭمۇ يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئىگە بولۇشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوق. ئاللاھ ئىنفاقىنىڭ (ئاللاھ رازى بولىدىغان ئورۇنغا پۇل خەجلەشنىڭ) ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ناھايىتى كۆپ ئايەتلەردە سۆزلەيدۇ. بۇ توغرىدا ھەدىسلەرمۇ كۆپ. ئىقتىساد بولمىسا، ئىنسانىنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى پەرزلەرنى ئادا قىلىپ كۈن كەچۈرۈشى ئەلۋەتتە ئاسانغا توختىمايدۇ.

**لابد للمرء من مال يعيش به وداخل القبر محتاج الى الكفن**

«ئىنساننىڭ ياشىشى ئۈچۈن مېلى بولۇشى لازىم، (بولمىسا) قەبرىدىمۇ كېپەنگە موھتاج بولۇپ قالىدۇ.»

ئەگەر بايلىق مۇتلەق تۈردە ئەيىبلەنگەن بولسا ئىدى، ئۇنى ساقلاش ۋە قوغداش ياخشى ئىش بولماس ئىدى. رەسۇلۇللاھمۇ **مَنْ قُتِلَ دُونَ مَالِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ**. (صحيح البخاري) «مېلى سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىگە شېھىدنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ»

دېمەس ئىدى[94]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىمۇ ‹پىدەك› دېگەن ئورۇننىڭ مەھسۇلاتىدىن ۋە باشقا نەرسىلەردىن بولۇپ بىر يىللىق ئۇزۇق ــ تۈلۈك تەييارلايتتى. (جامئى بايانۇل ئىلم، 102ـ بەت).

ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنچە سېخىلىق قىلاتتى، ئومۇمىي ياخشىلىقلار ئۈچۈن ئارقا- ئارقىدىن پۇل ـ مال چىقىم قىلىپ تۇراتتى، ئۇ زات ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى ئامباردا يۈز ئەللىك مىڭ ئالتۇن، بىر مىليون كۈمۈش، يۈزمىڭ ئالتۇنغا يارىغۇدەك يېرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن چارۋا مېلى بار ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى شېھىد قىلىنغاندا تۆت ئايالى، بالىسى بار ئون توققۇز دېدىكى، يىگىرمە بىر، يەنە بىر رىۋايەتتە يىگىرمە تۆت بالىسى قالغان بولۇپ، قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلكى ئۇلارغا مىراس قىلىپ تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ھەر بىرى چوڭ باي قاتارىدىن سانالغۇدەك بايلىققا ئىگە بولغان ئىدى. ‹يەنبۇئ› شەھىرىدىكى خورمىلىق بېغىدىنلا كېلىدىغان پايدىنى ھېسابلاپ بولغىلى بولمايتتى.

ھەزرىتى زۇبەير ئىبنى ئاۋۋامنىڭ بەسرەدىكى مەشھۇر مۇساپىرخانىسى (مېھمان كۈتۈش ئورنى) دىن باشقا مىسىر، كۇفە، ئىسكەندىرىيە شەھەرلىرىدە زور ئۆي ـ جايلىرى بار ئىدى. ۋاپات بولغاندا، ئارقىسىدا ئەللىك مىڭ ئالتۇنى، مىڭ ئېتى، مىڭ ئەر قۇلى، مىڭ ئايال قۇلى قالغانىدى.

تەلھە ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ ياساتقان ئۆي ـ جايىدىن باشقا، ئىراق تەرىپىدىكى ئىگىلىكىدىن كېلىدىغان ئومۇمىي كىرىمى مىڭ ئالتۇن ئىدى. مەدىنىدىكى سارىيى ئادەمنىڭ بېشى ئايلانغۇدەك دەرىجىدە ئالىي ياسالغان ئىدى.[95]

ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭمۇ مىڭ تۆگىسى، ئونمىڭ قويى بار ئىدى. ئۇ كىشى ۋاپات بولغاندا، بىر ئايالىغا سەككىزدىن بىر مىراس ئۈچۈن، سەكسەن تۆت مىڭ ئالتۇن تەگكەن ئىدى.

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس تەرىپىدىن ئەقىق دېگەن يەردە ياسىتىلغان ئۆي ـ جاي ئادەم ھەيران قالغۇدەك گۈزەل ھەم ئالىي بىساتلىق ئىدى.

زەيد ئىبنى سابىت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى پالتا بىلەن يېرىپ پارچىلانغان، ئۇنىڭدىن باشقا ماللىرىمۇ يۈزمىڭ ئالتۇن قىممىتىدە ئىدى.

يەئلا ئىبنى ئۇمەييە ۋاپات بولغاندا بەش يۈزمىڭ ئالتۇندىن تاشقىرى، يۈزمىڭ ئالتۇنغا يارىغۇدەك مال ـ مۈلكى قالغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن تەگكەن مىراسنى بىر ئوغلى يۈزمىڭ كۈمۈشكە ساتقان ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر قىرىق مىڭ كۈمۈش بىلەن ۋەسىيەت قىلغان بولۇپ، مىراس ئالغۇچىلار جايىغا تاپشۇرغان ئىدى. ئىقتىسادى ئەڭ ئاز ساھابىلەردىن بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن يەتمىش مىڭ دىرھەم (تەڭگە) مىراس قالغانىدى.

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب: «ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاش ۋە ئاللاھنىڭ ئامانىتىنى ئادا قىلىش نىيىتى بىلەن مال جۇغلىمىغان كىشىدە ياخشىلىق يوق» دەيتتى. ئۆزى ۋاپات بولغاندا قىرىق مىڭ ئالتۇن مىراس قالدۇرغانىدى.

---

[94] ئەھمەت ئىبنى ھەنبەل رىۋايىتى.

[95] مەشھۇر ساھابىلەر ئارىسىدا تەلھە ئىسىملىك ئىككى ئادەم بار. ھەر ئىككىسىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ، ھەر ئىككىسى قۇرەيش ۋە تەمىم قەبىلىسىدىندۇر. شۇ ئىككى تەلھە ئوبدان پەرقلەندۈرۈلمىگەنلىكتىن كۆپلىگەن ئالىملار ئېغىر خاتالاشقان ئىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئىككىنچىسى، تەلھە خەندىرە دەپ تونۇلغان كىشىدۇر. بۇ يەردە ئېيتىلغان تەلھە ئالدىنقىسى...

ئەبۇ قەلابە: «ئاللاھقا شۈكۈر قىلالىسىڭىز، مال ـ دۇنيادىن زەرەر كۆرمەيسىز» دەيتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ: «ئۇھۇد تېغىدەك بايلىقىم بولسىمۇ، تېگىشلىك ھەقلەرنى ئادا قىلالىسام، زىيانلىق دەپ قارىمايمەن» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

سۇفيان سەۋرى: «ئۆتكەن زامانلاردا مال ـ مۈلك يامان كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ زامانىمىزدا مال ـ مۈلك مۆمىن ئادەمنىڭ قالقىنى بولۇپ قالدى»، «مىڭ تەڭگەم ئۈچۈن ئاللاھقا ھېساب بېرىشىم، ئىنسانلارغا موھتاج بولۇپ قالغىنىمدىن ياخشى» دەيتتى.

**حياة بلا مال حياة ذميمة.　　وعلم بلا مال كلام مضيع.**

خۇلاسە: ئادەملەرگە موھتاج بولماسلىق ئۈچۈن ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە بايلىق ھاسىل قىلىش شەرىئەتتە مەنئىي قىلىنغان ئەمەس، بەلكى ماختاشقا لايىق ئىشتۇر. سۆكۈشكە تېگىشلىك بولغىنى، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي، دىنىي ۋەزىپىلىرى (ئۆشرە ـ زاكات، سەدىقە، يېقىن تۇغقانلارغا ۋە دىنى پائالىيەتلەرگە ياردەم قىلىش قاتارلىقلار) نى ئادا قىلماي، بايلىققا ناھايىتى ئامراق بولۇش ۋە خەلقنىڭ ئىلمىسىز، تەجرىبىسىز ۋە يۇۋاشلىقىدىن پايدىلىنىپ (بوزەك قىلىپ، گوللاپ) مال جۇغلاشتۇر.

قۇرئان كەرىم مالنى «خەير»، «پەزلۇللاھ»، «ھەسەنە» ۋە «رەھمەت» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن سۈپەتلىگەن: **(وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ فَلأنفُسِكُمْ)**، **(وَآخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِي الْأَرْضِ يَبْتَغُونَ مِن فَضْلِ اللَّهِ)**، **(رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً)**، **(قُلْ لَوْ أَنْتُمْ تَمْلِكُونَ خَزَائِنَ رَحْمَةِ رَبِّي)**، **(وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَل لَّكُمْ جَنَّاتٍ وَيَجْعَل لَّكُمْ أَنْهَارًا)** سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ.[96] دېگەندەك ئايەتلەردە بايلىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى دەپ ھېساپلىنىشى، مال ـ مۈلكنىڭ ئۆزىنىڭ يامان نەرسە ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

زاھىد (بايلىققا خوشى يوق) ساھابىلەردىن بولغان ئەبۇ دەرداننىڭ: «ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكىنى ياخشىلاش مۇسۇلمان ئادەمنىڭ فەقىھ (ئەقىللىق، ئاڭلىق) لىقىنىڭ بەلگىسى، تۇرمۇشىنىڭ ياخشى بولۇشى، دىنىنىڭ ياخشى بولۇشىغا سەۋەبتۇر» دېگەن سۆزلىرىدە چوڭقۇر ئىبرەت بار.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پەقەت قۇرئان بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغانلارغا: «كىشىلەرگە يۈك بولماڭلار! ئاللاھنىڭ كەڭ خەزىنىسىدىن كەسىپ قىلىڭلار!» دەپ نەسىھەت قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئىمام شافىئىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ:

**لقد طفت فى شرق البلاد وغربها.　　وجربت هذا الدهر باليسر والعسر**

**فلم ار بعد الدين خيرا من الغنى.　　ولم ار بعد الكفر شرا من الفقر.**

«مەشرىق ۋە مەغرىبنى ئايلىنىپ چىقتىم. بۇ جەرياندا راھەت ـــ پاراغەتنىمۇ، جاپا ـــ مۇشەققەتنىمۇ باشتىن كەچۈردۈم. دىندىن قالسا، بايلىقتىن ياخشى نەرسىنى؛ كاپىرلىقتىن قالسىلا يوقسۇللۇقتىن يامان نەرسىنى ئۇچراتمىدىم.»

[96] سۈرە نوھ 12 ـ ئايەت.

گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى: بايلىق، مال ـ مۈلكنى ھەممە جەھەتتىن ماختاشقا بولمىغاندەك، ھەممە جەھەتتىن سۆكۈشكىمۇ بولمايدۇ. بايلىقنىڭ ياخشىلىقى ياكى يامانلىقى بولۇشى، ئىقتىساد ئىگىسىنىڭ توغرا ياكى خاتا چىقىم قىلىشىغا قاراپ ئۆلچىنىدۇ.

ئەقلىنىڭ ساغلام بولۇشى تەنىنىڭ سالامەتلىكىگە باغلىق بولغاچقا، تەن سالامەتلىكىگە ئېتىبار ۋە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. دۇنيادا كۈن كەچۈرۈش ۋە ياخشى ئۆمۈر سۈرۈش ئۈچۈن سالامەتلىكنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ۋە بايلىقتىنمۇ قىممەتلىك خەزىنە ئىكەنلىكىگە دەلىل كەتمەيدۇ. تەن سالامەتلىكىگە ئېتىبار بەرمەيدىغانلار، كېسەل بولۇپ قالغاندا داۋالاشقا ۋە چارە ئىزدەشكە تىرىشمايدىغانلار ئۆزلىرى ئالدىدىمۇ، بالا ـــ چاقىسى ئالدىدىمۇ جىنايەتكاردۇر. چۈنكى بەزىبىر كېسەللىكلەرنىڭ بالا ـ چاقىلارغا يۇقۇپ، ئىرسىيەت سۈپىتىدە داۋاملىشىدىغانلىقى مەلۇم. كېسەلنى مىراس قويۇپ كەتمەسلىككە تىرىشىش، ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر.

# 198 ـ ھەدىس: دىن ئىشلىرىنى مۇناسىپ كىشىلەرگە تاپشۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا

**لَا تَبْكُوا عَلَى الدِّينِ إِذَا وَلِيَهُ أَهْلُهُ وَلَكِنْ ابْكُوا عَلَيْهِ إِذَا وَلِيَهُ غَيْرُ أَهْلِهِ.** (مسند أحمد)

دىن ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا لايىق كىشىلەر ئۈستىگە ئالغاندا، دىن ئۈچۈن يىغلىماڭلار (بۇزۇلۇشىدىن غەم يېمەڭلار). ئەمما دىن ئىشلىرىنى ئەھلى ئەمەس كىشى (دىننى تولۇق بىلمەيدىغان ۋە جان تىكىپ قوغدىمايدىغان) لەر ئۈستىگە ئالسا، يىغلاڭلار (دىندىن غەم يەڭلار)!

دىن ئىشلىرىدىن مەقسەت دىنىي تەلىم ـ تەربىيە ۋە مەدرىسە (دىنى مەكتەپلەر) نى باشقۇرۇش، دىنىي خىزمەت مەسئۇللۇقى قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن. ئەھلى دىندىن مەقسەت، سالىھ بەندىلەر، ئۆگىتىش، تەربىيەلەش ئىشلىرىدىن خەۋىرى بار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقتىنى بىكار قىلىۋەتمەيدىغان، شۇنىڭدەك قازىلىق، مۇپتىلىق خىزمەتلىرىدە قۇرئان، ھەدىس ئىلىملىرىنى ۋە سەلەپ (ساھابە ۋە تابىئىنلار) نىڭ ماڭغان يولىنى بويلاپ ماڭىدىغان، روھى پاكىز، پىكرى ئۆتكۈر، تىرىشچان، ۋەزىپىلەرگە بېشى بىلەن جاۋابكار بولالايدىغان ئادەملەردۇر.

ئەدەبىي مۇستەقىللىقى ئۆلۈپ تۈگىمىگەن، دىننى قوغداش روھى پۈتۈنلەي چىرىپ كەتمىگەن مىللەتلەر ھېچقاچان ئۆز ئىختىيارى بىلەن، ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە ئىلمىي ئىشلىرىغا لاياقەتسىز ئادەملەرنى سايلىمايدۇ. دىنىي ئورۇنلارغا پاكىز ۋە جانلىق بولمىغان ئادەملەرنى يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. بىر مىللەتنىڭ دىنىي خىزمەتلىرى لاياقەتسىز، بۇرۇنقىلارنىڭ يولىدىن خەۋەرسىز، ساپ ئەمەس (نەپسى يامان) ۋە ئىشەنچسىز ئادەملەرنىڭ قولىغا قالسا، ئۇ مىللەتنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ۋە ئېتىبارىنىڭ يوقاپ كېتىدىغانلىقىدا، شۇنداقلا: «بىر مىللەتنىڭ يول باشچىسى قاغا بولسا، ئۇ قاغا شۇ مىللەتنى سېسىق تاپ بار يەرلەرگە باشلاپ ئاپىرىدۇ» دېگەن ماقال ـ تەمسىلگە توغرا كېلىپ قالىدىغانلىقىدا شەك يوق. شۇنداق بولغاننى كۆرگۈچىلەر چوقۇم يىغلىشى، بەلكى ياش ئورنىدا قان يىغلىشى لازىم. دىنىي مەنسەپنىڭ تىزگىنىنىڭ ئۆز مەرتىۋىسىنى ئۆزى بىلمەيدىغان، ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىنىڭ قولىدا بولۇشى، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن بۇزۇلغانلىقى ۋە پەزىلەت مەيدانىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

# 199 ـ ھەدىس: ئاچ تۇرۇپ، يېگۈم يوق دېيىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى

**لَا تَجْمَعْنَ جُوعًا وَكَذِبًا.** (سنن ابن ماجة)

ئاچلىق بىلەن يالغاننى بىرلەشتۈرمە.

قورسىقىڭ ئاچ ئەھۋالدا، ئاش ـ تاماق ئۈستىگە داخىل بولساڭ ياكى ھەر قانداق ھالەتتە ئالدىڭغا ئاش ـ تاماق كېلىپ، يېيىشىڭ تەلەپ قىلىنسا، ‹بىر نەرسە يېگۈم يوق› دەپ رىيا قىلىپ، يالغان سۆزلىمە! ئەمما راست توق بولساڭ، بۇ چاغدا ‹يېگۈم يوق› دېسەڭ بولىدۇ.

## 200 ـ ھەدىس: موھتاج ئەمەس كىشىلەرنىڭ سەدىقە ئالماسلىقى توغرىسىدا

**لَا تَحِلُّ الصَّدَقَةُ لِغَنِيٍّ وَلَا لِذِي مِرَّةٍ سَوِيٍّ.** (سنن النسائي)

باي (دۇنيالىقتىن بەندىگە موھتاج ئەمەس) ۋە تېنى ساق بولۇپ، كەسىپ قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان كىشىلەرنىڭ سەدىقە تىلىشى ھالال ئەمەس.

سەدىقە تىلەش: تىلى بىلەن سوراشقىلا خاس ئەمەس. مۇشۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە قارىغاندا، ھال تىلى بىلەن (يېپىق ھالدا) سوراشمۇ ھالال ئەمەس. كىشىنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىش، زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياجغا چۈشلۇقلا بولسا دۇرۇس بولۇپ، زۆرۈرىيەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇنى قوبۇل قىلىش ئەخلاق ۋە ئەدەپ نۇقتىسىدىن مەنئىي قىلىنغان. ئەكسىچە بولغاندا، سەدىقە قوبۇل قىلىش، بىر خىل كەسىپكە ئايلىنىپ قېلىپ، بەزى ئادەملەر شۇ يول بىلەن باي بولۇپ ياشىشى مۇمكىن. بۇ بولسا، بىرىنچىدىن، پېقىرلار ۋە ئاجىزلارنىڭ رىزقىغا شېرىك بولۇۋېلىش؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزىگە ئوخشاش بولغان بىر تۇرلۇك ھەققە ئىگە بولغان ئىنسانلارغا يۈك بولۇۋېلىش بولغانلىقتىن ئەقلى جەھەتتىن ئوسال ئىشتۇر. بۇ ئادەم نېمىشقا كىشىلەرنىڭ ماڭلاي تەرلىرى بىلەن تاپقان رىزىقلىرىدىن پايدىلىنىدۇ ۋە ئۆزى نېمىشقا باشقىلارغا ئاش ـ نان بەرمەيدۇ ۋە ياكى نېمە سەۋەبتىن ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى تىرىشمايدۇ؟

تىلى بىلەن ياكى كىنايە (قىياپىتى بىلەن) سورىماي، سەدىقە بەرگۈچى ئۆزى كېلىپ بەرگەن نەرسىنى، ئەگەر ئۆشرە ـ زاكات، سەدىقە پىترىدەك ۋاجىپ سەدىقە ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلمىسا، ھاجىتى يوق كىشىنىڭمۇ قوبۇل قىلىشى چەكلەنمىسە كېرەك. بۇ ھەدىستىكى (سەدىقە) دېگەن سۆزدىن مەقسەت ۋاجىپ سەدىقە (ئۆشرە زاكات) دۇر. ئەمما قول ــ ئىلكىدە بار تۇرۇپ، ۋاجىپ سەدىقە دەپ گۇمان قىلغان سەدىقىلەرنى قوبۇل قىلىش ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس.

سەدىقە ئېلىش ـ بېرىش ئىشلىرى تەرتىپ ـ ئىنتىزامسىز بولغان قەۋملەر بايلىق ۋە مەدەنىيەتنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. بايلىقى بىلەن مەدەنىيىتى بولمىغان يەردە ئىلىم راۋاج تاپمايدۇ. ئىلىم ۋە مەدەنىيەت بولمىسا، دىن ياشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنى سەدىقە ھەققىدە ناھايىتى ياخشى تەرتىپ تۈزۈپ قالدۇرغان ۋە سەدىقىدىن ئۇمۇمىي مىللەتنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مۇناسىپ ئىشىكلەرنى ئاچقان. لېكىن ئىسلام دۇنياسى (دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار) بۇ ئىشقا سەل قارىدى. بۇ ئىشنى شەرىئەت مەقسەت قىلغان يولنىڭ تېشىغا تېپىپ چىقىرىۋەتتى. بۇ ئەھۋال ئېرىچىل ھالدا شۇ ناچار يولدا داۋام قىلماقتا.

خوجا باھائۇددىن نەقشىبەندىنىڭ قەبرىسىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قىلىنغان ۋەقپىلەرنىڭ بىر دارۇل فۇنۇننى قامدىغۇدەك كىرىمى بار دېيىلىدۇ. ئەگەر شۇ ۋەقپىلەردىن مەقسەت باھائۇددىننىڭ ئۆزى پايدىلىنىش بولسا، ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلانالمايدىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر ۋەقپە قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە ساۋاب بولۇشىنى كۆزلىگەن بولسا، مەدرىسە، مەكتەپ، تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىمۇ ئېرپاننى تارقىتىشنىڭ ساۋابى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

## 201 ـ ھەدىس: ئاۋۋال ھېساب بېرىلىدىغان نەرسىلەر

**لَا تَزُولُ قَدَمَا عَبْدٍ يَوْمَ الْقِيَامَةِ حَتَّى يُسْأَلَ عَنْ عُمُرِهِ فِيمَا أَفْنَاهُ وَعَنْ عِلْمِهِ مَا فَعَلَ بِهِ وَعَنْ مَالِهِ مِنْ أَيْنَ اكْتَسَبَهُ وَفِيمَا أَنْفَقَهُ وَعَنْ جِسْمِهِ فِيمَا أَبْلَاهُ.** (سنن الدارمي)

قىيامەت كۈنى بەندە (1) ئۆمرىنى قانداق ئۆرۈن ۋە قانداق ئىشلارغا ئىشلەتكەنلىكى، (2) ياشلىق ۋاقتىنى (كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى) قانداق ئىشلاردا تۈگەتكەنلىكى، (3) بايلىقىنى قايسى يول بىلەن تاپقانلىقى، (4) ئىقتىسادىنى قانداق يەرلەرگە سەرپ قىلغانلىقى، (5) ئىلمى ئارقىلىق قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقى ھەققىدە سوراق قىلىنماي تۇرۇپ، ئىككى پۇتى مىدىرلىيالمايدۇ. (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

ئاللاھ ئىنسانغا ئۆمۈرنى، ياشلىقنى، مال ۋە ئىلىمنى بەرگەن بولسا، ئەلۋەتتە بۇلاردىن ھېساب ئېلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ھېسابسىز نەرسە يوق. بۇنى ھەركىم ئۆز ئەقلىگە تايىنىپمۇ بىلەلىشى مۇمكىن.

ئىلىمنىڭ پەزىلىتىنىڭ ھەممىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىگە دائىر كۆپلىگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بار. لېكىن بۇ پەزىلەتلەر شۇ ئىلىمغا ئەمەل قىلىشنى چىڭ تۇتقانلار ۋە ئاللاھتىن باشقىلاردىن مۇكاپات ۋە پايدا — مەنپەئەت كۈتمىگەن ھالدا خەلققە دىنىي ۋە دۇنيالىق ئىشلاردا پايدا يەتكۈزگۈچىلەر ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. پايدىسىنى كۆرمىگەن ئىلىم بىلەن ئاللاھ يولىدا خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغان مالدا ياخشىلىق يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىممۇ ‹پايدىلىق ئىلىم ۋە پايدىسىز ئىلىم› دەپ ئىككىگە ئايرىلغاندەك، ئالىملارمۇ ئاخىرەت ئالىملىرى ۋە ئۆلىما سۇئ «ئۇسال ئۆلىمالار» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

ئىلىمنى ناتوغرا ئورۇنلاردا ئىشلىتىدىغانلار ياكى ئىلىمنى ئىشلەتمەي يوشۇرۇپ يۈرىيدىغانلار يامان ئالىملار بولۇپ، ئۇلاردىن باشقىلار ئاخىرەت ئالىملىرى (ئىلىمنى ئىسلام دىنىنىڭ روھى ئۈچۈن ۋە ئاخىرەت سائادىتىگە ئېرىشىش يولىدا خىزمەت قىلدۇرىدىغانلار) دۇر. بەندىچىلىكتە، ھەر بىر ئالىم كىشى ئۆزىنى ‹ئاخىرەت ئالىمى›، باشقىلارنى ‹ئۇسال ئالىملار› دەپ گۇمان قىلىشى، ئالىملارنىڭ پەزىلەتلىرىگە دائىر رىۋايەتلەرنى ئۆزىگە ۋە ئۆز مەسلىكى (ئۆزى بىلەن بىر خىل تونۇش ۋە ھەرىكەتلەر) دىكىلەرگە نىسبەتلەشتۈرۈپ، ئۇسال ئۆلىمالارغا دائىر يامان خەۋەرلەرنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش تونۇش ۋە ھەرىكەتلەرنى قىلمايدىغانلارغا يۈكلەپ قويۇشى مۇمكىن. ئاشۇنداق گۇمانلارنى قىلماسلىق ۋە ئالدىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن، بۇ ئىككى تۈردىكى ئالىملارنى ھەر خىل ئىشلىرىغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ، ئىشلارنى شۇنىڭغا قاراپ بىتەرەپ قىلىش كېرەك.

1ـ ئىلىمنى دۇنيالىق مەنپەئەت ۋە مەنسەپلەرنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ۋاستە، قورال قىلىۋالماسلىق؛ بىر كىشى ئۆزىدە بار ئىلىمنى پۇل ـ مال توپلاشقا، قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولۇشقا، مېھماندارچىلىقتا تۆرلەردە ئولتۇرۇشقا ۋە باشقا ئىشلاردا كۆتۈرۈلۈشكە ئېلىپ بارىدىغان قورال قىلىۋالماسلىقى كېرەك. ئۇنداق قىلغان كىشى ئاخىرەت ئالىملىرىدىن بولالمايدۇ.

2 ـ قىلىدىغان ئىشى سۆزلىگەن گېپىگە خىلاپ بولماسلىق؛ بىر كىشىنىڭ قىلىقى سۆزىگە مۇۋاپىق كەلمىسە، باشقىلارنى بۇيرۇغان، ئۈگەتكەن ئىشلىرىنى ئۆزى قىلمىسا، ئۆزىنىڭ سۆزىگە ئۆزى ئىشەنمىگەن بولىدۇ. سۆزى بىر خىل، قىلىقى باشقا بىرخىل بولۇش ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس.

3 ـ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش ئىشلىرىدا پايدىسىز چىقىم قىلماسلىق؛ مۇنداق قىلىش دۇنياغا ئالدانغان ئادەملەرگە خاس ئادەتلەر بولۇپ، ئۇنداق ئىشقا ئادەتلىنىپ قالغانلار ئاخىرەت ئالىملىرىدىن بولالمايدۇ.

4 ـ پادىشاھلار، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا قوشۇلماسلىق، شەرىئەت ھۆكمىنى بايان قىلىشتا ئېغىپ كەتمەسلىك؛ ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە باشقا سەلەپ ئالىملىرىغا ئوخشاش ئىمام بولۇشتىن (ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇشتىن) ۋە ۋەسىي بولۇشتىن، ئامانەت تۇتۇشتىن، پەتىۋا بېرىش (شەرىئەت توغرىسىدا باشقىلارغا ئانداق ـ مۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلىش) تىن ئېھتىيات قىلىپ ساقلىنىش. ئەگەر بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە، قۇرئان ـ ھەدىسنىڭ ھۆكمى ۋە ساھابىلەرنىڭ يولى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا كۈچى يېتىدىغانلار، شۇ ئاساسلارغا يۈزلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىش، ئۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە: «بۇ مەسىلىنى بىلمەيمەن» دەپ توغرىسىنى ئېيتىش، ئۆزىدىن ئوبدانراق بىلىدىغانلارنىڭ قېشىغا يوللاش كېرەك.

ئىبنى ئاببېاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەسىلە سورىغانلارنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بېرىش ساراڭلىقتۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

5ـ بىدئەتلەر (دىنىي ئىش ياكى ساۋابلىق ئىبادەت نامى ئاستىدا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار) دىن ساقلىنىش؛ بىر خىل ئىبادەت ياكى بىر ئىش پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئاخىرەت ئۆلىماسى بولغان كىشى ئۇنىڭغا ئالاقىدار ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى، ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا شۇ ئىش ۋە ئىبادەتكە قارىتا قانداق پىكىرلەرنى بىلدۈرگەنلىكى ۋە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەرلىرى ۋە سەلەپ سالىھىنلارنىڭ ئەمەللىرىگە مۇۋاپىق بولسا، قوبۇل قىلىش، بولمىسا قوبۇل قىلماسلىق لازىم.

6ـ ئۆزى سۆزلەشتىن بەكرەك باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە پايدىلىنىش؛ گەپ قىلىشقا ئۆزىنىلا لايىق دەپ قارايدىغان، ئۆزىدىن باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئالىم ئاخىرەت ئالىملىرىدىن بولالمايدۇ. ئاخىرەت ئالىمى ئېغىر ـ بېسىق، مەيدانى مۇستەھكەم، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدىغان، كىشىلەرنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى بىلىدىغان، ئۆزىنى كاتتا، ئۇلۇغ كۆرمەيدىغان، خەلققە غەمخورلۇق، پېقىرلار ۋە شاگىرتلارغا مېھرى — شەپقەت قىلىدىغان، دىلى يۇمشاق بولىدۇ.

7ـ ئىلىمسىز سوپىلار ۋە ئىبادەت ئىشلىرىنى سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسىدىن ئاشۇرىۋېتىدىغان زاھىدلار ۋە ئىلىمگە ئەمەل قىلمايدىغان پاسىق موللىلارغا قوشۇلماسلىق، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش؛ بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى، ئىش ـ ئىزلىرى، ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى، ساھابىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئەڭ توغرا ئۆلچەمدۇر. شۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن، ئىشلىرىدىن ئاشۇرىۋەتكۈچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ يوللىرىنى بۇزغۇچىلار ئاخىرەت ئالىملىرىدىن بولالمايدۇ.

# 202 ـ ھەدىس: ئۆزى قىلالايدىغان ئىشقا باشقىلارنى بۇيرىماسلىق

**لَا تَسْأَلَ النَّاسَ شَيْئًا وَلَا سَوْطَكَ إِنْ يَسْقُطَ مِنْكَ حَتَّى تَنْزِلَ إِلَيْهِ فَتَأْخُذَهُ.** (مسند أحمد)

كىشىدىن بىر نەرسە سورىما، ھەتتا (ئۇلاغدا ياكى ھارۋىدا كېتىۋاتقىنىڭدا) قامچاڭ چۈشۈپ كەتسە، باشقىلارغا: ‹‹ئۇنى ماڭا ئېلىپ بەر!›› دېمەستىن، ئۆزۈڭ (چۈشۈپ) ئال.

بۇ ھەدىس، ھەركىم ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىش ۋە ھۇرۇنلۇق قىلىپ كىشىگە ئېغىرچىلىق سالماسلىق توغرىسىدا يول كۆرسىتىدۇ. بەرىكەتسىزلىكنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىنىڭ كىشىلەرگە يۈك بولۇۋېلىش ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ.

كۆپلىگەن كىشىلەر ئىش قىلماي، ئارام ئېلىشنى ۋە راھەتتە تۇرۇشنى بەخت ـ سائادەت دەپ ئويلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆمرىنى ئىش قىلماي، بىكار ئۆتكۈزىدۇ. بۇ بەخت توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ئەسلى بەخت ـ سائادەت، ئەقلىي ۋە جىسمانىي خىزمەتلەر ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

ھېچقانداق ئىش قىلمايدىغان بايلار بەخت ـ سائادەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئۇلار، يوقسۇللارنىڭ ۋە ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپ چارچىغاندىن كېيىن، لەززەتلىپ چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ياكى ئېزىلىپ ئۇخلىشىغا قاراپ قىزغىنىدۇ، ئاشۇنداق لەززەتتىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۈچۈن ئىچى پۇشىدۇ. ئىش قىلماي بىكار يۈرىدىغان بايلارنى‹بەختلىك›دەپ ھېسابلايدىغان پېقىرلار، شۇ بايلار كۆرگەن كۈننى كۆرسە ئىدى، ھەرگىزمۇ خۇش بولمايتتى، ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ ئاش ـ نان تېپىپ يېگەن كۈنلىرىنى سېغىنغان بولاتتى.

ئىشسىزلىق ئادەم باللىرىنى ھورۇنلۇققا كۆندۈرىدۇ. ھورۇنلۇقتىن ئىچى سىقىلىش پەيدا بولىدۇ. ئىچى سىقىلىش بولسا، بەدەن ئەزالىرىنىڭ نورمال ئىشلىمەسلىكى، قاننىڭ رىتىم ئىچىدە ھەرىكەتلەنمەسلىكى، كۆڭۈل شاتلانماسلىقى قاتارلىقلار يۈزىسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ داۋاسى ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئىشلەشتۇر.

مۇشۇ سىرنى چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن، ياۋرۇپانىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە كاتتا بايلىرى مىللەتكە خىزمەت قىلىشقا، پېقىرلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا كىرىشتى. ھەر تۈرلۈك جەمئىيەتلەر تەشكىل قىلىنىدى ـ دە، شۇ جەمئىيەتلەر نامىدىن پېقىرلارغا خاس شىپاخانىلار، كارخانىلار، يېتىم باللارنى باقىدىغان ۋە تەربىيەلەيدىغان ئورۇنلار ئېچىلدى ۋە شۇ ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىش باشلاندى. بۇ ئىشلار بىرىنچىدىن، پېقىرلارغا ياردەم قىلىش، ئۇلارنىڭ غېمىنى يېنىكلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلسا، ئىككىنچىدىن، ئۆزىگە نىسبەتەن چوڭ خۇشاللىق تېپىپ، كۆڭلىنى ئارام ئالدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۆز ئۆيىدىكى ئىشلىرىنى قىلىشتىن نومۇس قىلىدىغانلارمۇ، بۇلارنىڭ خەيرى ـ ساخاۋەت جەمئىيەتلىرىدە ئىشلەشنى ئەيىبلىمەيدۇ. بەلكى ماختانغان ھالدا تىلغا ئالىدۇ، ئۈلگە، نەمۇنە قىلىدۇ. بۇ ئىشلار ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، چوڭ بايلارنىڭ ئائىلىلىرى ئۈچۈن، چەت دۆلەتلەرگە بېرىپ راھەتلەنگەندىن بەكرەك پايدىلىقتۇر. توغرا ئىش قىلىش ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، پايدا ئەمەس زىياننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، سالامەتلىككە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇش لازىم.

قىسقىسى، چېكىدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك شەرتى بىلەن، مەيلى ئەقلىي، مەيلى جىسمانىي جەھەتتىن بولسۇن، ئادەملەر بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشى، ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قامچاڭ چۈشۈپ كەتسە، باشقىلارنىڭ ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلما!» دېگەن سۆزىنى بالىلار تەربىيەسىگە تەتبىقلاش، ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۇلارنى ئىشقا كۆندۈرۈش لازىم. ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىنى ئۆزى سالسۇن، ئۆزى يىغسۇن، ئۆز ئۆيلىرىنى ئۆزى يىغىشتۇرسۇن، ئۆزى تازىلىسۇن، ئائىلىرىغا ۋە خىزمەتچىلەرگە قاراپ تۇرمىسۇن. باشقا ئىشلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىشقا ئادەتلەنسۇن. كاتتىباشلار، غوجا ـ خانلارنىڭ قىزلىرى بولسىمۇ، مۇنداق ئىشلاردىن يىرگىنىپ ئادەتلىنىپ قالمىسۇن. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىقتىسادىنى مېنىڭ ئىقتىسادىم دەپ قاراپ تۇرمىسۇن، ئاتا ـ ئانىسىدىن مىراس قالىدىغان نەرسىگە ئىشىنىپ كەتمىسۇن. ئۆزىنىڭ چېكىسىدىن تەر ئاققۇزۇش ياكى ئەقلىي خىزمىتى ئارقىلىق تاپقان تەرگىنىنى يەپ ـ ئىچسۇنكى، مەجبۇرىيەت ياكى زۆرۈرىيەت بولۇپ قالمىغان ئەھۋالدا تەييارغا ھەييار بولمىسۇن. بارلىق بالىلار كېلەچەك ئۈچۈن ئۆزىگىلا تايىنىشقا، ئۆز رىزقىنى ئۆزى تېپىپ يېيىشكە تەييار تۇرۇشى لازىم. «ئۆزۈڭ قىلالايدىغان ئىش ئۈچۈن، باشقىلاردىن ياردەم سورىما» دېگەن سۆز ھەممە ئۆيدە ۋە ھەممە ئائىلىدە قانۇنىي ئاساس بولۇش كېرەك. ئىمام شافىئى:

| | |
|---|---|
| **ماحك جلدك مثل ظفرك** | **فتول أنت جميع امرك.** |
| **وإذا قصدت لحاجة** | **فاقصد لمعترف قدرتك.** |

«بەدىنىڭنى ھېچكىمگە ئۇزاتما، ئۇبدان قاشلاپ قويمايدۇ. ھەممە ئىشىڭنى ئۆزۈڭ ئىگە بولۇپ قىلغىن، كىشىگە ھاجىتىڭ چۈشكەندە، ئۇنى قەدرىڭنى بىلىدىغان كىشىدىن سورىغىن» دەيدۇ.

# 203 ـ ھەدىس: ئۆلۈكلەرنى ھاقارەتلەشلىك توغرىسىدا

لَا تَسُبُّوا الْأَمْوَاتَ فَإِنَّهُمْ قَدْ أَفْضَوْا إِلَى مَا قَدَّمُوا. (صحيح البخاري)

ئۆلۈپ كەتكەنلەر (مۇسۇلمانلار) نى سۆكمەڭلار، تىللىماڭلار، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ بولدى.

ئۆلۈكلەر مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىنىڭ جازاسىنى، نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئۇلارنى تىللاش، لەنەت ئوقۇش، قاغاشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. مەيلى ئۆلۈك ياكى تىرىك بولسۇن، ئومۇمەن كىشىنى تىللاش دۆتلۈك، ئەخلاقسىزلىقتۇر. روھى پاك ئادەملەر بۇ ئىشنى ئۆزى ئۈچۈن ئېغىر نۇقسان دەپ ھېسابلايدۇ ۋە ئەزىز ئۆمرىنى، تىل ۋە قەلەملىرىنى ئۇنداق ئىشلارغا بۇزمايدۇ. خۇسۇسەن، بەزى چاغلاردا ئۆلۈكلەرنى تىللاش سەۋەبىدىن تىرىكلەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان، روھى چۈشكۈنلۈكلەرنى پەيدا قىلىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. شۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدرىدە ئۆلتۈرۈلگەن مۇشرىكلارنى تىللاشتىنمۇ توسقانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىدىن باشقا مەبۇدنىڭ بارلىقىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇشرىكلارنى تىللاشتىنمۇ چەكلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا: ﴿وَلَا تَسُبُّوا الَّذِينَ يَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ فَيَسُبُّوا اللَّهَ عَدْوًا بِغَيْرِ عِلْمٍ﴾ مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنى تىللايدۇ.[97] دەپ مۇشرىكلارنى تىللاشتىن چەكلەيدۇ. ئەھۋال شۇنداقكەن، مۇسۇلمانلارنى تىللاشتىن يىراق تۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم بولسا كېرەك. مەيلى ھايات ياكى ئۆلگەن بولسۇن، ئادەملەرنى رەنجىتىش ۋە تىللاش زۆرۈر بولۇپ قالسۇن ياكى قالمىسۇن، كىشىلەرنى تىللاش، غەيۋەت قىلىش، يامان گېپىنى قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئارقىلىق چەكلەنگەن. بىر كىشىنىڭ ئەيىبىنى كۆرگەن ھامان ئۇنى كوچىلاش ۋە سۆكۈش ياخشى ئىش ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭمۇ كىشىلەر كۆرۈپ يېتەلمىگەن، پەقەت جانابى ئاللاھلا بىلىدىغان ئەيىب ۋە ئۆزرىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: اذْكُرُوا مَحَاسِنَ مَوْتَاكُمْ وَكُفُّوا عَنْ مَسَاوِيهِمْ» (سنن الترمذي) «ئۆلۈكلەرنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ تىلغا ئېلىڭلار، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن تىلىڭلارنى يىغىڭلار» دېگەن سۆزىنىڭ ئاۋۋالقى جۈملىسىگە ئەمەل قىلالمىغاندىمۇ، ھېچ بولمىغاندا كېيىنكى جۈملىسىگە ئەمەل قىلىش لازىم.

---

[97] سۈرە ئەنئام 108 ـ ئايەت.

# 204 ـ ھەدىس: ئۈچ مەسجىدتىن باشقا مەسجىدلەرنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلماسلىق

**لَا تُشَدُّ الرِّحَالُ إِلَّا إِلَى ثَلَاثَةِ مَسَاجِدَ مَسْجِدِي هَذَا وَمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَمَسْجِدِ الْأَقْصَى.** (صحيح مسلم)

بۇ (مەدىنىدىكى) مەسجىدىم، مەككىدىكى مەسجىدىل ھەرەم، ۋە مەسجىدى ئەقسا (پەلەستىنىدىكى بەيتىل مۇقەددەس) دىن باشقا مەسجىدلەردە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىنمايدۇ.

بۇ ھەدىس شەرىپتىكى «تۆگىلەرگە توقۇم توقۇلمايدۇ» دېگەن سۆزدىن «سەپەر قىلىنمايدۇ» دېگەن مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇ چاغلاردا تۆگىلەر بىلەن سەپەر قىلىنىدىغان بولغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق ئىپادىلىگەن. ئات ھارۋا، تۆمۈر يول، پويىز ۋە پاراخوت بىلەن قىلىنغان سەپەرلەرمۇ مۇشۇ قاتارغا كىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى، قۇبا مەسجىدى، بەنۇ ئۆمەر مەسجىدى، بەنۇ سائىدە مەسجىدى، بەنۇ ئۇبەيد مەسجىدى، بەنۇ سەلىم مەسجىدى، بەنۇ رىياھ مەسجىدى، بەنۇ زۇرەيق مەسجىدى، غىپار مەسجىدى، ئەسلەم مەسجىدى، جۇھەينە مەسجىدى دېگەن مەسجىدلەر بار ئىدى. ھەزرىتى بىلالنىڭ ئەزاننى ئاڭلىغان ھامان شۇ مەسجىدلەرنىڭ ھەممىسىدە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇلاتتى. بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مەدىنىدىكى مەسجىدىنى كۆزدە تۇتقان.

ھەدىسگە شەرھ يازغۇچىلار، ھەدىستىكى نەھى (توسۇش) گە نەپى (رەت قىلىش) مەنىسىنى بېرىپ: «شۇ ئۈچ مەسجىدتىن باشقا ئورۇنلارغا سەپەر قىلىنمىسۇن» دەيدۇ. بۇ ئۈچ مەسجىدتە قىلىنغان ئىبادەتلەر، ئوقۇلغان نامازلار ئۈچۈن باشقا يەرلەردىكىدىن كۆپرەك ساۋاب بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەر بار. شۇڭا ئۇ ئۈچ مەسجىدتە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن سەپەر قىلىش پايدىلىق ئىش. ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا مەسجىدلەر (قۇبادىن باشقا) ئىبادەت ۋە ساۋابتا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا سەپەر قىلىش بىھۇدە ئىشتۇر. ئۆلىمالارنىڭ ئۈچ مەسجىدتىن باشقىسىغا سەپەر قىلىشتىن توسۇشى مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

سەپەرنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىش مۇمكىن: 1ـ ئىلىم ئوقۇش ئۈچۈن سەپەر قىلىش؛ 2ـ مەلۇم بىر جاينى تەبەررۇك بىلىپ، ئىبادەت قىلىش مەقسىتى بىلەن سەپەر قىلىش؛ 3 ـ ھۈنەر ــ كەسىپ، تىجارەت قىلىش ياكى كۆڭۈل ئېچىش، دۇنيانى كۆرۈش ئۈچۈن سەپەر قىلىش. بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى سەپەرنىڭ دۇرۇسلىقىدا ھەممىنىڭ پىكرى بىردەك. قۇرئان ۋە ھەدىسلەر، ئىلىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭدەك، مەككىدىكى ھەرەم ۋە مەدىنىدىكى مەسجىد ھەم مەسجىدى ئەقسادا ئىبادەت قىلىش، ناماز ئوقۇش ئۈچۈن سەپەر قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى، بەلكى ساۋابلىق، مۇستەھەب ئىش ئىكەنلىكىگە قارشى پىكىرلەرمۇ يوق. ئەمما شۇ ئۈچ مەسجىدتىن باشقا يەرلەرگە ياكى قەبرىستان ۋە مازار غوجام، پاشايىم، سۇلتانىملارغا، بۇلاقلارغا بېرىپ ئىبادەت قىلىش، ساۋاب تېپىش مەقسىتى بىلەن سەپەر قىلىش ھەققىدە ئەھلى ئىلىملەر ئارىسىدا ئېغىر تالاش ـ تارتىشلار بار. بۇ تالاش ـ تارتىش، بەلكى بۇ يەردە ئېيتىلغان ھەدىس شەرىپكە مەنە بېرىشتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بىر بۆلۈك ئۆلىمالار بۇ ھەدىسكە «شۇ ئۈچ مەسجىدتىن باشقىسىغا سەپەر قىلىش دۇرۇس ئەمەس» دەپ مەنە ئېيتىدۇ.

«لا تشد» دېگەن «لا» ھەرپى جائىز ئەمەسلىكنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئىككىنچى بىرى بولسا، مۇشۇ ئۈچ مەسجىدتىن باشقىسىغا سەپەر قىلىشتا ساۋاپ يوق (مۇباھ) دەپ مەنە ئېيتىدۇ. (لا) ھەرپى ساۋاب يوقلۇقنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ ئىككى پەرقنىڭ دەلىللىرى:

1 ـ بۇ ھەدىس ئۈچ مەسجىدتىن باشقىسىغا سەپەر قىلىش دۇرۇس ئەمەس دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرمايدۇ، بەلكى ساۋاب يوق، پەزىلەت يوق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىگە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتىدىكى ‹لاينبغى› دېگەن ئىبارە دالالەت قىلىدۇ. بۇ ئىبارىدىن، ئۈچ مەسجىدتىن باشقا يەرگە ئىبادەت ئۈچۈن سەپەر قىلىشتا ساۋاب يوق، ئەمما گۇناھمۇ ئەمەس دېگەن مەنە چىقىدۇ.

2 ـ بۇ ھەدىس نەزرە توغرىسىدا بولۇپ، بىر كىشى ئۈچ مەسجىدنىڭ بىرىدە ناماز ئوقۇشنى نەزرە قىلسا، نەزرىسىدە تۇرۇش كېرەك[98]. ئەمما باشقا مەسجىدتە ناماز ئوقۇشنى نەزرە قىلسا، شۇ مەسجىدكە بېرىشى شەرت ئەمەس، بەلكى ئۆز مەھەللىسىدىكى مەسجىدتە ئوقۇش بىلەن نەزرە ئادا بولىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

3 ـ بۇ ھەدىس مەسجىدلەرگە سەپەر قىلىش ھەققىدە بولۇپ، قەبرىلەرگە سەپەر قىلىش مەسىلىسى بىلەن ئالاقىسى يوق.

«ئۈچ مەسجىدتىن باشقا يەرگە ئىبادەت ئۈچۈن سەپەر قىلىش دۇرۇس ئەمەس» دېگۈچىلەر ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەرەبى، قازى ئىياز، ئەبۇ مۇھەممەد جۇۋەينى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئالىملاردۇر. ئىبادەت قىلىش ۋە بەرىكەت ئۈمىد قىلىش نىيىتى بىلەن باشقا يەرلەرگە سەپەر قىلىش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچقانداق كۆرسەتمىسى يوق. بۇ ئىشنى ساھابىلەرمۇ، تابىئىنلارمۇ، سەلەپ سالىھىنلارمۇ قىلمىغان، قەبرىلەرگە سەپەر قىلمىغان. مەسىلەن، بىرمۇ ساھابە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مەقسىتىدە سەپەرگە چىقمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر شەنبە كۈنىدە قۇبا مەسجىدىگە باراتتى. مەدىنە بىلەن قۇبانىڭ ئارىسى يېقىن بولۇپ، ئارىدا سەپەر دېگۈدەك مۇساپە يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇباغا بېرىشى، مەسجىد ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قۇبا خەلقىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشى بۇ يەردە دەلىل بولمايدۇ. زىيارەتنى مەقسەت قىلىپ مازارلارغا سەپەر قىلىش ئىشلىرى سەلەپلەردىن كېيىن بولىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىش **من احدث فى امرنا هذا ما ليس منى فهو رد** دېگەن ھەدىس بىلەن رەت قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، ھەدىس شەرىپ ئەسلى جائىز ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن سۆزلەشكەن ئورنى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇبارەك بىلىپ، ئىبادەت قىلىش مەقسىتى بىلەن تۇر تېغىغا سەپەر قىلغان ئىدى. بەسرە ئىبنى ئەبى بەسرە ئەلغىپارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ ھەدىسنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ بۇ ئىشىغا قارشىلىق بىلدۈردى. ئەبۇ ھۇرەيرەمۇ: «كاشكى مەن سېنى بۇرۇنراق كۆرگەن بولسام، بۇنداق قىلماس ئىدىم» دەپ پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى بۇنداق سەپەرنىڭ ئەسلى دۇرۇس ئەمەسلىكىگە دەلىلدۇر. ئەگەر سەپەر دۇرۇس بولسا ئىدى، بەسرە ئەلغىپارى ئىنكار قىلمىغان، ئەبۇ ھۇرەيرەمۇ پۇشايمان قىلمىغان بولاتتى. ئۈچىنچى، ھەدىس شەرىپ ساۋاب يوق دېگەننى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر، دېگەن ئىبادەت ۋە تەۋەررۇك مەقسىتى بىلەن سەپەر قىلىش ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ، ئۇنىڭغا ساۋاب يوق، دەپ ئىقرار قىلغانلىقتۇر. پەزىلەت ۋە ساۋاب بولمايدىغان ئىشنىڭ ئىبادەت ئەمەسلىكى مەلۇم. ئىبادەت بولغان نەرسە ھېچ بولمىغاندىمۇ سۈننەت ۋە مۇستەھەب بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاچقا، ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە تەۋەررۇك ئۈچۈن سەپەر قىلىش

[98] ئەبۇ ھەنىپە رەھىمەھۇللا ئەلەيھىنىڭ مەزھىبىگە قارىغاندا ھەج بىلەن ئۆمرىدىن باشقا چاغلاردا ئۈچ مەسچىتكە بېرىش شەرت ئەمەس. بۇ يەردىكى سۆزلەر باشقا مەزھەبلەرگە قارىتىلىدۇ.

بىدئەت ئىش بولۇپ، ساۋاپ بولمايدۇ. ئىبادەت ئەمەسلىكىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، ئىبادەت ئۈچۈن بېرىش بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان مەنىسىز ئىشتۇر. يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ مەدىنىگە بارغان ۋە مەدىنىدە تۇرغان كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىش شەرىئەتكە توغرىمۇ ياكى ئەمەسمۇ، بۇ ھەقتىمۇ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر بار. بەزىلەر يۇقىرىقى ھەدىسنى ئومۇمىيلىققا كىرگۈزۈپ دۇرۇس ئەمەس دەيدۇ ۋە بەزىلەر دۇرۇس دەيدۇ. ئەڭ ياخشى يول ۋە ئىختىلاپتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى بولسا، مەدىنىگە بارغۇچى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە ناماز ئوقۇشنى مەقسەت قىلىپ سەپەر قىلىش لازىم. مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنى زىيارەت قىلىدۇ. مۇنداق بولغاندا تالاش ـ تارتىش ۋە شۈبھە يوقالغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدۇ. ﴿**وَالَّذِينَ اجْتَنَبُوا الطَّاغُوتَ أَنْ يَعْبُدُوهَا وَأَنَابُوا إِلَى اللَّهِ لَهُمُ الْبُشْرَى فَبَشِّرْ عِبَادِي**﴾ يەنى شەيتانغا ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە قايتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ.[99]

ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەرەبى بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مېنىڭ مەسجىدىم، بەيتۇللا ۋە بەيتۇلمۇقەددەستىن ئىبارەت ئۈچ مەسجىدتىن باشقا ئورۇنلارغا ئۇلاغ ئىشلىتىلمەيدۇ» دېگەن. ئۈچ مەسجىدتىن باشقا مەسجىد ۋە گۈمبەزلەرنى ھۆرمەتلەش، ئۇنى زىيارەت قىلىش مەقسىتىدە سەپەر قىلىش توغرا ئەمەس. زامانىمىزنىڭ ئادەملىرىگە ئۇلاغلارغا مىنىپ مەسجىدلەرنى مەقسەت قىلىپ يول مېڭىشنى شەيتان چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتتى. ھالبۇكى، ئۇ ئىش بىدئەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبا مەسجىدىدىن باشقا مەسجىدكە بارمىغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەر شەنبە كۈنى قۇباغا كېلىشى مەسجىدنى دەپ ئەمەس، بەلكى قۇبا خەلقىنى يوقلاش ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئىدى. مەسجىدنى ھۆرمەتلەيدىغان بولسا ئىدى، ئۆز مەسجىدىنى بەكرەك ھۆرمەتلىگەن بولاتتى.

خوجىلارنىڭ تاغلىرىغا (تۆت ئىمام زەبىھۇللاھ ۋە باشقىلار)، ئەۋلىيالارنىڭ زىيارىتىگە، بۇخارادىكى باھائۇددىن نەقشىبەندى بىلەن تۈركىستاندىكى خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ قەبرىسىگە تەۋەررۈك ئىزدەش مەقسىتى بىلەن بارماسلىقنىڭ ھېچقانداق زىيىنى بولمىسىمۇ، تەۋەررۈك نىيىتى بىلەن بېرىشنىڭ ناھايىتى ئېغىر گۇناھ بولۇش ئېھتىمالى بار. ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ چىقىپ، زىيانسىز، بەلكى ساۋابلىق يوللار كۆرۈنۈپ تۇرغان يەردە، زىيانلىق يولغا ماڭماسلىق لازىم. بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە باشقا بىر پارچە ئەسەردە ئۇزۇن توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە مۇشۇنچىلىك سۆزلەش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (**يَا اَيُّهَا الَّذينَ امَنُوا عَلَيْكُمْ اَنْفُسَكُمْ لَا يَضُرُّكُمْ مَنْ ضَلَّ اِذَااهْتَدَيْتُمْ اِلَى اللّهِ مَرْجِعُكُمْ جَميعًا فَيُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ**) ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. سىلەر ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

---

[99] سۈرە زۇمەر 17ـ ئايەت.

## 205 ـ ھەدىس: مۇسۇلمانغا كەلگەن مۇسىبەتكە خوش بولماسلىق توغرىسىدا

**لَا تُظْهِرْ الشَّمَاتَةَ لِأَخِيكَ فَيَرْحَمَهُ اللَّهُ وَيَبْتَلِيكَ.** (سنن الترمذي)

مۆمىن قېرىنداشلىرىڭلارغا بالا ـ قازا كەلسە، خۇش بولماڭلار، چۈنكى خۇش بولساڭلار ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز رەھمىتى بىلەن قۇتقۇزۇپ، سىلەرنى بالاغا يولۇقتۇرۇشى مۇمكىن.

قىسقىسى، مەيلى دىنىي جەھەتتىن، مەيلى دۇنيالىق جەھەتتىن بولسۇن، بىرىنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا كېلىشىنى تىلەش، ئۇ بالانىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ. شۇنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنداق ئىشتىن ساقلانغىن.

**فقل للشامتين بنا أفيقوا        سيلقى الشامتون كما لقينا**

«بىزگە خاپىلىق كەلگەنگە خۇش بولغۇچىلار، سەگەك بولۇڭلار، سىلەرمۇ بىزدەك بالاغا ئۇچراپ قالىسىلەر.»

## 206 ـ ھەدىس: بىر ئىشقا ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارماسلىق توغرىسىدا

**لا تعجبوا بعمل عامل حتى تنظرواما يختم له.**

بىرسىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ھۆكۈم قىلما!

ئىنسانلار ھەمىشە بىر خىل ھالەتتە تۇرالمايدۇ. ئۆلگۈچە بولغان جەرياندا، ئەقىلگە ھەر خىل پىكىرلەر كېلىدۇ. ئوخشىمىغان يول ۋە مەسىلىلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بولۇپمۇ كىشىنىڭ ياش ۋاقىتلىرىغا قاراپ قېرىغاندا قايسى يولدا ماڭىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ناھايىتى ئېنىق تەجرىبىلەر بىلەن ئىسپاتلانغان ئىشتۇر. ئىمام بۇخارى سەھلى ئىبنى سەئىدتىن رىۋايەت قىلىنغان ئۇزۇن بىر ھەدىستە: «ئىشلار نەتىجىسىگە قاراپ باھالىنىدۇ» دېگەن جۈملىنى بايان قىلىدۇ.

بىر كىشىنىڭ بۈگۈن قىلغان ياخشى ئىشى ۋە تۇتقان پايدىلىق يولىغا قاراپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمىسا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق ماڭالامدۇ ياكى يوتۇنلەي بۇزۇق يولغا كىرىپ كېتەمدۇ؟ ئۇنىڭغا قاراپ بېقىش كېرەك بولسا، ئىبادەت ۋە ئەمەل توغرىسىدىمۇ ئالدىراپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. پەرق شۇكى، ياخشى كەسىپ ۋە ئادەتلەر توغرىسىدا بىر نىمە دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولسىمۇ، ياخشى ئەمەل ۋە ئىبادەت ھەققىدە ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ ھەدىستىكى: «ئاخىرىنى كۈتۈڭلار ۋە قانداق تامام بولۇشىنى كۆزىتىڭلار» دېگەن مەزمۇندىكى سۆزدىن، ئىنساننىڭ ئۆلۈش ۋاقتىدىكى ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدۇ دېگەن مەنە چىقمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرىپىدىن خەۋەر بېرىلمىگەنلا بولسا، ھېچكىم ھەققىدە دۇنيادىكى ئەمەل ۋە ئىبادىتىگە قاراپ بەختلىك ياكى بەختسىز دەپ ھۆكۈم قىلىشقا (جەننەتى ياكى دوزىخى دېگىلى) بولمايدۇ. شەيخلەرنىڭ قەبرىسىگە ھەيۋەتلىك ئىمارەت ياساپ، خىزمەتچىلەرنى توختىتىپ، ۋەقپە قىلىش، يىراقتا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ روھلىرىدىن مەدەت، ياردەم تىلەش، ئۆلۈكلىرىنى ئاللاھ تائالا بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە ۋە شاپائەتچى دەپ بىلىشنىڭ ئىسلام دىنىدا ئاساسى يوق، بەلكى ئۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ تومۇرىغا پالتا چاپقانلىق بىلەن باراۋەر ئىشلاردۇر. بىچارە مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى، بالا ـ چاقىسىنىڭ رىزقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان تور ۋە قىسماق، ھىيلە ـ مىكىردۇر. دىننى ياخشى چۈشەنگەن ۋە دىنغا مۇھەببەت باغلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇشۇ بىدئەتكە قارشى تۇرۇشى، گەپ ئۆتسە ـ ئۆتمىسە سۆزلەپ، بىدئەتنى يوقىتىشقا تىرىششى ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىدۇر.

بۇخارا، تاشكەند، سەمەرقەندلەردە تۇرۇپ كەلگەن سەيىد ئەلى زاھىرى ھەزرەتلىرى ئۇفا شەھىرىدە ھەممە تەرەپنىڭ ئۆلىما ـ مولللىرى يىغىلغان چوڭ بىر مەجلىستە: «بۇخارا ۋە تۈركىستان تەرىپىدىكى مۇسۇلمانلار ئاجايىپ خەلق ئىكەن، ئىمام بۇخارىنىڭ قەبرىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا خىزمەتچى بولۇشقىمۇ لاياقىتى يوق باھائۇددىننىڭ قەبرىسىگە ئالىي ئىمارەتلەرنى ياساپتۇ» دېدى. بۇ سۆزنى مۇسا ئەپەندىگە سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم. مۇسا جارۇللاھ ئەپەندى ماڭا سەيىد ئەلى زاھىرىنىڭ باھائۇددىننىڭ قەبرىسى بېشىغا بېرىپ يانغاندىن كېيىن، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېغىر ئەيىب ۋە سەتچىلىك

ھېسابلىنىدىغان ئىشلارنىڭ بارلىقى توغرۇلۇق بىر سۆز ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئەلۋەتتە قەبرە بېشىدا شەرئەتكە خىلاپ، مۇنكەر ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن، مەجبۇر بولۇپ سۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىمام بۇخارى ئاسماندىكى قۇياشتەك ھەممىگە تونۇشلۇق بىر ئالىم، بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئۇستازىدۇر. ھەدىس ئىلمىگە خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ، ھەتتا مەكتەپ باللىرىغا قەدەر ھەممىسىنىڭ بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشكە، قەدرلەشكە، ياخشى دۇئا قىلىش قەرزى بار. قەبرىسىنىڭ ياسالمىغانلىقى، قەبرىسگە ئادەم يىغىلىپ مەدەت تىلمەسلىكى ۋە پەرياد قىلماسلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن كاتتا بەخت ـ سائادەت، بەلكى ھەدىس ئىلمىگە قىلغان خىزمىتىنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە بۇ دۇنيادا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىنئام بولسا كېرەك. خۇلاسىلىگەندە: ھېچكىمنىڭ ‹ۋاپات بولغاندا قانداق ھالەتتە كەتكەنلىكى› ھەققىدە سۆز قىلىش ھەققى يوق. ئەمما قىلغان خىزمىتى ۋە مەيدانى ئوچۇقتۇر. بۇنى دېيىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە مۇشەررەپ بولۇشىنى تىلەش قەرزىمىز بار. (ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە چۆمۈپ كەتسۇن!)

## 207 ـ ھەدىس: لەنەت قىلىشماسلىق توغرىسىدا

**لَا تَلَاعَنُوا بِلَعْنَةِ اللَّهِ وَلَا بِغَضَبِهِ وَلَا بِالنَّارِ.** (سنن الترمذي)

ئاللاھنىڭ لەنىتى، غەزىپى ۋە ئازابى بىلەن لەنەت ئوقۇشماڭلار.

ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن، ئاللاھ غەزەپ قىلسۇن، ئاللاھ ساڭا ئازاب قىلسۇن ياكى ئاللاھ سېنى دوزاخ ئوتى بىلەن ئازابلىسۇن، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن قاغاپ يامان دۇئا قىلىش، لەنەت ئوقۇش مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس.

ئاللاھنىڭ بىر كىشىگە لەنەت قىلغانلىقى بولسا، ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن ۋە جەننىتىدىن قوغلىغانلىقىدۇر. غەزىبىمۇ شۇ مەنىدە. بىر تۈركۈم ئەھلى ئىلىملەر: «ئاللاھنىڭ لەنىتى ۋە ئازابى بار دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىز بىلمەيمىز. ئۇنى بىلىش بەندىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس،ـ دەيدۇ. بۇلارنىڭ دېگىنى ھەق بولۇپ، تەۋىل قىلماسلىق توغرا بولسا كېرەك.

## 208 ـ ھەدىس: ئاياللارنى مەسجىدلەردىن توسماسلىق توغرىسىدا

**لَا تَمْنَعُوا إِمَاءَ اللَّهِ مَسَاجِدَ اللَّهِ.** (صحيح البخاري)

ئاللاھ تائالانىڭ قۇللىرىدىن ئىبارەت (ئاياللارنى) ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدىن توسماڭلار.[100]

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈملىرىگە قارىغاندا، بىرىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقى ئاستىدا بولمىغان مەسجىدلەر ئاللاھ تائالانىڭ مۈلكى بولۇپ، ئەر ــ ئايال مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن ئورتاق پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. قۇرئان كەرىمدە: «مساجدەللاھ» دەپ ئىبارەت كەلتۈرۈلگەنلىكتىن، ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى مەسجىدلەردىن توسۇشقا ھەققى بولمىغىنىدەك، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرنى توسۇش ھەققى يوق. شۇنىڭدەك، مەسجىدلەرنى ‹ئەرلەر مەسجىدى› ۋە ‹ئاياللار مەسجىدى›دەپ ئايرىم ـ ئايرىم، خۇسۇسىي مەسجىد قىلىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ھەدىس شەرىپتە، ئەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئاياللارغا نىسبەتەن ئېغىر ۋە مەجبۇرىيىتىنىڭ زورلۇقى نەزەرگە ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئەرلەرگە قارىتىپ خىتاب قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ئاياللار جۈمە نامىزىغا ۋە جامائەت نامازلىرىغا چىقاتتى. ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلايتتى. مۇسۇلمانلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ۋە مەنىۋى تەربىيەلەرنى ئۆز ئەمەلىيەتلىرى بىلەن ئەتراپلىق ئۆگىنەتتى. ھەتتا چۈشىنىش قىيىن بولغان مەسىلىگە دۇچ كەلسە، تارتىنىپ ئولتۇرماي، جامائەت يىغىلغان مەسجىد ئىچىدە سوراپ، مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالاتتى. مەسجىدلەردە ئۆگەنگەن ئىلىم ۋە مەرىپەتنىڭ روھى بويىچە پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەيتتى. ئىسلامنىڭ شان ـ شەرىپىنى دۇنياغا تارقاتقۇچىلار ئەنە شۇ ئاياللار بېقىپ، تەربىيەلەپ قاتارغا قوشقان يىگىتلەر ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ئىسلام تەربىيەسى بىلەن ياخشى تەربىيەلىدى ۋە بۇنى ئىسلام ئادىتى قىلىپ كېيىنكىلەرگە قالدۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بەزى بىر قىسىم سەۋەب ۋە باھانىلەرنى تۇتقا قىلىپ، ئاياللارنى مەسجىد ۋە جامائەت پەزىلىتىدىن مەھرۇم قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ ئايال بەندىلىرىنى ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدىن توسماڭلار» دەپ ئومۇمىي شەكىلدە ئەمر قىلغان ۋە بۇ پەرماننى ئەڭ كاتتا ساھابىلەر ۋە مۆتىۋەر شەيخلەر رىۋايەت قىلغان. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي: «زامان بۇزۇلدى، ئاياللار مەسجىدكە چىقسا بۇزۇق ئىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىش خەۋپى بار» دېگەن باھانە ـ سەۋەبلەر ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئاياللارنىڭ مەسجىدگە بېرىپ نامازنى ئادا قىلىشى چەكلەندى. بۇ چەكلىمىنى قويغانلارنىڭ نىيىتى توغرا ۋە ئىجتىھات بىلەن ئىش قىلغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشتا گۇناھكار ئەمەس، بەلكى ساۋابقا ئېرىشكۈسى. ئەمما بىر ـ ئىككى مۆتىۋەر ئادەمنىڭ شەرئى دەلىلگە ئاساسلانمىغان خۇسۇسىي پىكىرلىرىگە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئۆزرىسى مەقبۇل بولمىسا كېرەك. ئۇلار، ئاياللارنىڭ مەسجىدلەردىن توسۇلۇشىغا، دىن ۋە ئەخلاق ئىلمى بىلەن تەربىيەلىنىش يوللىرىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرتىپ ــ ئىنتىزاملىرىنى ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قېلىشىغا سەۋەب بولدى.

[100] مەساجىد دېگەن سۆزدىن كەبە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلۇغلاش مەنىسى ئۈچۈن كۆپلۈك ئاتالغۇسى بىلەن مەساجىد، دەپ ئاتالغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاياللارنى ھەجگە بېرىشتىن توسۇشقا بولمايدۇ، دېگەن سۆز ئاساسسىز، بەلكى مەنىسىزدۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى بولسا، ئاياللارنىڭ ئىسلام روھىدىن تامامەن يىراقلىشىپ، مەجۇسى ۋە دىيانەتسىزلىك روھىنىڭ سىڭىپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان. پۈتۈن ئىسلام ئەھلىگە بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك زىيانلىق ئىكەنلىكى مەلۇم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللارنى مەسجىدلەردىن توسماڭلار!» دەپ ئەمر قىلغان چاغدا، خوددى ئۇ زات كېلەچەكتە يۈز بېرىدىغان پىتنە ـ پاساتنى نەزەرگە ئالمايلا دەپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئاللاھ تائالامۇ ئۇ ھەقتە پەيغەمبىرىگە خەۋەر بەرمىگەندەكلا، بىر قىسىم كىشىلەر: «بۇ زامان بۇزۇلغان زامان» دەپ ئاياللارنىڭ مەسجىدگە بېرىشىنى چەكلەيدۇ. ئەگەر چەكلەشكە توغرا كەلگەن بولسا ئىدى، جانابى ئاللاھ بۇ ئىشنى ئەينى چاغدا پەيغەمبىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق چەكلىگەن، ئومۇمىي بۇيرۇق سۈپىتىدە قالدۇرۇپ قويمىغان بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ سۆزنى سۆزلىگەندە ئومۇملاشتۇرۇپ ئەمەس، بەزى شەرتلەرنى قويغان ھالدا سۆزلىگەن بولاتتى. ھالبۇكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىدە ھېچقانداق بىر شەرتنى ئۇچرىتالمايمىز، شۇڭىدەك «شارىئ» (شەرىئەت بەلگىلىگۈچى) تەرىپىدىن چەكلەنمىگەن، بەلكى چەكلىمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق كەلگەنىكەن. بەندىنىڭ ۋەزىپىسى، بۇنىڭغا رازىمەنلىك بىلەن بويسۇنۇشتۇر.

ھالبۇكى، زاماننىڭ بۇزۇلۇشىدىن خەۋەر بېرىدىغان زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زاماننىڭ بوزۇلۇشى ۋە دۇنيا پىتنە بىلەن تولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ زات ھەمىشە بۇ ھەقتە ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى ۋە پىتنىدىن ساقلىنىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ نەسىھەت قىلاتتى. بۇنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئاياللارنى مەسجىدتىن توسماسلىقنى بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ بۇيرۇقى بولسا، باشقىلارغا ھاۋالە قىلىنغان ياكى سۆز ئارىسىدا ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بۇيرۇق ئەمەس، بەلكى كەسكىن ۋە ئېنىق قىلىپ ئېيتىلغان بىر بۇيرۇقتۇر. ئەگەر مۇسۇلمان ئىنسان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بىلەن ئىش قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا قانائەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز ئەقلى ۋە خىيالى بىلەن «دىن» پەيدا قىلىۋالمىغان بولسا ئىدى، ئاياللارنىڭ جۈمە نامىزى ۋە پەرز نامازلارغا قاتنىششىنىڭ ئۆزى زاماننىڭ بوزۇلۇشىنىڭ ۋە پىتنە ـ پاساتنىڭ تارىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر شىپالىق داۋا بولۇپ قالغان بولاتتى. سەلەپ زامانىسىدىن باشلاپ كۈنىمىزگىچە بولغان ئىسلام تارىخىنى ۋە ھەدىس كىتابلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بارغانلىقى سەۋەبىدىن پىتنىگە يولۇققانلىقىقا بىرمۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇچراتمىدۇق، ئوقۇمىدۇق. پىتنە بولماي قالمىدى دەپ پەرەز قىلغان، ھەتتا بىزنىڭ يېتەرسىزلىكىمىز سەۋەبىدىن ئۇ پىتنىلەرگە دائىر خەۋەرلەرنى كۆرەلمىگەن ۋە ئوقۇيالمىغانلىقىمىز نەزەرگە ئېلىنغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرمانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، يەنى ئىككى يامان ئىشنىڭ يەڭگىل ۋە كىچىكرەكى ئىجرا قىلىنىشى لازىم. شۇ پىتنە يوللىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە تاقاشمايدىغان يول بىلەن يوقىتىشقا ۋە ئازايتىشقا تىرىشىش لازىم. دۇنيادا پۈتۈنلەي ياخشى ۋە پۈتۈنلەي يامان نەرسە يوق دېيىلىدۇ. ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشى پىتنىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ دەيدىغان ئەندىشە بار بولسا، مەسجىدكە بارماسلىقى جەزمەن پىتنە ۋە خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ «ئى پەرۋەردىگارىمىز! يەر يۈزىدە بۇزۇق ئىش قىلغۇچى ۋە قان تۆككۈچى ئىنسانلارنى يارىتامسەن؟» دېگەن سوئالىغا جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن: «مەن بىلىمەن، سىلەر بىلمەيسىلەر!» دەپ جاۋاب بېرىلگەن ئىدى. كىشىلەرنىڭ: «ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشى پىتنە پەيدا قىلىدۇ دەيدىغان ئەندىشە بار» دېگەن سۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ جاۋابى:«سىلەر بىلمەيسىلەر، مەن بىلىمەن» بولسا كېرەك.

يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ ئاياللىرى ئىبادەتخانىلىرىغا بېرىپ، باتىل بولسىمۇ ئۆز دىنى قائىدىلىرى بويىچە ئىبادەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. ياخشى سۆز ۋە تەربىيەلەرنى ئاڭلاپ، ئائىلىسىدە بالا ـ چاقىلىرىنى شۇ بويىچە تەربىيەلەيدۇ. ئۆزلىرىمۇ

ئىبادەتخانىدا ئاڭلىغان ۋەز ـ نەسىھەتلەرنىڭ تەسىرىدە ياخشى تەربىيەتچى بولۇپ قالىدۇ. ئەمما زامانىمىزدا بۇ بۈيۈك ئىشتىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرى مەھرۇم قالماقتا.

مەسجىدكە بېرىشتىن ئاياللارنى توسقۇچىلارنىڭ دەلىللىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1 ـ ھەزرىتى ئائىشە ۋە ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز زامانىسىدىكى ئاياللارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار مەسجىدكە بارسا بولمايدۇ.

2 ـ ئاياللار مەسجىدكە بارغانلىقى سەۋەبتىن بىر قىسىم ئەرلەر پىتنىگە ئۇچرىغاندا، (نامەھرەمگە قاراپ سېلىشقا باشلىغاندا) ﴿**وَلَقَدْ عَلِمْنَا الْمُسْتَقْدِمِينَ مِنْكُمْ وَلَقَدْ عَلِمْنَا الْمُسْتَأْخِرِينَ**﴾ بىز سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى ھەقىقەتەن بىلىمىز ۋە كېيىن كېلىدىغانلارنىمۇ ھەقىقەتەن بىلىمىز.[101] دېگەن ئايەتنىڭ نازىل قىلىنىشى ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشىنىڭ پىتنىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى خەلىپىلەرنىڭ زامانىسىدا ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشى بولسا، شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىدى. ئەمدى بۇ زاماندا دىنىي ئەھكاملار پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىنىپ بولدى. ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشىغا كېرەك يوق.

4 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرلەرنىڭ مەسجىدكە بېرىپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشىنى كۈچلۈك تەكىتلىگەن. ئەمما ئاياللارنى بۇ توغرىدا كۈچلۈك تەكىتلىمىگەن. ئۇلارنى جامائەت نامىزىغا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرمىگەن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيىدە ناماز ئوقۇشىنى ئەۋزەل كۆرۈپ، بۇ ھەقتە ھەدىس سۆزلىگەن. مانا بۇ ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىپ، ناماز ئوقۇشىنىڭ ئانچە ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

5 ـ ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشىنى مۇجتەھىدلەر توسقان بولسا، مۇقەللىدلەر ئۇلارغا ئەگىشىش لازىم. مۇقەللىدلەرنىڭ، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈپ مۇجتەھىدلەرگە قارشى يول تۇتۇش ھەققى يوق. بۇ ھەقتە مەزكۇر دەلىللەردىن باشقا دەلىللەر بار بولسىمۇ، ئەڭ ئىشەنچلىكرەكى بۇلاردۇر.

بۇ دەلىللەرگە مۇنداق جاۋاب بېرىش مۇمكىن:

1 ـ ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاياللارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسقىنى يوق. توغرا! ھەزرىتى ئائىشەنىڭ زامانىدا بەزىبىر ئاياللارنىڭ ياسىنىپ، خۇشبۇي ئەتىرلەرنى ئىشلىتىپ مەسجىدكە بارغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن: «ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز كۆرگەن بۇ ئاياللارنى كۆرگەن بولسا ئىدى، ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشىنى توسقان بولاتتى» دېيىش ئارقىلىق ئاياللارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسۇش پايدىلىقراق دېگەن ئىجتىھادقا مايىل بولغان، لېكىن ئۇلارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە خىلاپ ئىشقا يۈزلەنمىگەن، بەلكى ئۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «**لاَتَمْنَعُوا اِمَاءَ اللهِ مَسَاجِدَ اللهِ وَلَخْرُجْنَ نَفَلاَتٍ**» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان. ھەتتا «**لَمَنَعَهُنَّ**» دېگەن سۆزگە قاراپ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىدىيىسىدە، مۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە خاس بولۇپ، بۇ توغرىدا باشقىلارنىڭ بىر نەرسە پەيدا قىلىش ۋە بار نەرسىنى بىكار قىلىۋېتىش ھوقۇقى يوق دېگەن تەرەپتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

---

[101] سۈرە ھىجر 24 ـ ئايەت.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئاياللارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسقانلىقى ھەققىدە مەشھۇر ئالتە ھەدىس كىتابى، مۇسنەد ۋە ئەبۇ داۋۇد تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ ئەسەر بېسىلغان سائەتكىچىلىك ئىشەنچلىك بىرەر رىۋايەتنىڭ تېپىلغىنى يوق. كۆز كۆرمىدىمۇ ياكى بۇ سۆز ھەزرىتى ئۆمەرگە كىشىلەر تەرىپىدىن ئارتىلىپ قالدىمۇ، بۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ بىلىدۇ. بىز مۇھەددىسلەر (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى تەكشۈرۈپ يازغۇچىلار) ۋە ھەدىس ھاپىزلىرى (راست ھەدىسلەرنى يادلىغۇچىلار) نىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆز كۆزىمىز كۆرمەي تۇرۇپ، مەزكۇر سۆزنىڭ ئاساس بولالايدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىمىز. ئەلۋەتتە، بۇ گۇمانىمىز «ھىدايە» شەرھلىرىنىڭ بەزىلىرىدە ئىسنادسىز كەلتۈرۈلگەن خەۋەرلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. گۇمانلىنىشىمىزغا سەۋەب بولغان مەسىلىلەر:

1. ئىمام مالىك: «ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئايالى ئاتىكە بىنتى زەيد مەسجىدكە بېرىشقا رۇخسەت سورىغاندا، ھەزرىتى ئۆمەر جاۋاب بەرمەي جىم تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئاتىكەمۇ: ‹ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر توسمىساڭ چىقىمەن› دېگەن ۋە توسمىغانلىقى ئۈچۈن مەسجىدكە بارغان» دېگەن مەزمۇندا ئەسەر رىۋايەت قىلغان.

بۇ ئەسەرنىڭ تېكىستى مۇنداق: **«عن عاتكة بنت زيدبن عمربن نفيل امرأة عمربن الخطاب انها كانت تستأذن عمر بن الخطاب الى المسجد فيسكت فتقول والله لأخرجنَّ الا ان تمنعنى فلايمنعها»** (تەرجىمىسى يۇقىرىدا بېرىلدى.)[102]

ئۆز ئايالىنى توسمىغان ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ باشقىلارنىڭ ئاياللىرىنى توسۇشى ئېھتىمالدىن يىراق بولسا كېرەك. ھەزرىتى ئۆمەر ئاتىكەنى خەلىپە بولغاندىن كېيىن نىكاھىغا ئالغانىدى. ئەبۇ داۋۇد ئۆز ئەسىرىدە: «مەسجىدتە ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن ئايرىم تۇرۇشى» دەپ بىر ماۋزۇ ئايرىغان ۋە ئۇنىڭدا: «ئۆمەر ئەرلەرنىڭ ئاياللار كىرىدىغان ئىشىكتىن كىرىشىنى توساتتى، ئۆمەرنىڭ ئوغلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئاياللار كىرىدىغان ئىشىكتىن مەسجىدكە كىرمىگەن» دېگەن ئەسەرنى رىۋايەت قىلغان[103]. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئەرلەرنىڭ مەسجىدكە ئاياللار كىرىدىغان ئىشىكتىن كىرىشىنى توسقانلىقى ۋە ئوغلىنىڭ ۋاپات بولغانغا قەدەر ئاياللار ئىشىكىدىن كىرمىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسمىغانلىقىنى، ئوغلى ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ھىجرىيەنىڭ 73 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئايالى ئاتىكە بىنتى زەيد ھەزرىتى ئۆمەر شېھىد بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامغا ياتلىق بولغاندا، مەسجىدكە بېرىشتىن توسماسلىقنى شەرت قىلغان ئىدى. ئۇ شەرتنى قوبۇل قىلمىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى نىكاھلاردا ئۇنداق شەرتلەرنى قىلىش مەنىسىز بولغان بولاتتى. ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: **لا يمنعن رجل اهله ان يأتواالمسجد** «ھېچ بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاياللىرى ۋە بالىلىرىنى مەسجىدكە كېلىشتىن توسمىسۇن» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغاندا، ئۆزىنىڭ بىلال ئىسىملىك ئوغلى: «بىز ئۇلارنى چەكلەيمىز، مەسجىدكە ئەۋەتمەيمىز»، دېگەن ئىدى، بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزنى يەتكۈزسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزنىڭ تەتۈرىسىنى سۆزلەۋاتىسەن!» دەپ ئوغلىنى ئۇرغان ۋە ۋاپات بولغانغا قەدەر ئوغلى بىلەن گەپلەشمىگەن.

---

[102] مۇۋەتتا 69 ـ بەت.

[103] ئەبۇ داۋۇد 1 ـ قىسىم 73 ـ بەت.

ئەگەر ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئاياللارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسقانلىقى توغرا بولسا ئىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۆز ئوغلىغا مۇنداق قاتتىق مۇئامىلە قىلمىغان بولاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئېتىبارى بار، شۇنداقلا مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى دادىسىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوغلىنى ئۇرمىغان بولسا كېرەك.

ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئاياللارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسقانلىقى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئومۇمىي ھۆكۈم بولالمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى پەرز ياكى ۋاجىپ مىسالى شەرئىي مەسئۇلىيەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىغا قارشى ئىجتىھاد بولۇپ، شارىئنىڭ سۆزى ۋە ئومۇمىي دەلىللەرگە زىت ئىجتىھادنىڭ شەرىئەت نەزىرىدە ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ.

2ـ ئىمام تىرمىزىنىڭ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغىنىغا قارىغاندا، ۋەقە مۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن: **عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ كَانَتْ امْرَأَةٌ تُصَلِّي خَلْفَ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَسْنَاءَ مِنْ أَحْسَنِ النَّاسِ فَكَانَ بَعْضُ الْقَوْمِ يَتَقَدَّمُ حَتَّى يَكُونَ فِي الصَّفِّ الْأَوَّلِ لِئَلَّا يَرَاهَا وَيَسْتَأْخِرُ بَعْضُهُمْ حَتَّى يَكُونَ فِي الصَّفِّ الْمُؤَخَّرِ فَإِذَا رَكَعَ نَظَرَ مِنْ تَحْتِ إِبْطَيْهِ فَأَنْزَلَ اللَّهُ تَعَالَى وَلَقَدْ عَلِمْنَا الْمُسْتَقْدِمِينَ مِنْكُمْ وَلَقَدْ عَلِمْنَا الْمُسْتَأْخِرِينَ.** (سنن الترمذي)

بۇ گەرچە ئىللەتتىن ۋە ئىنكار قىلىنىشتىن خالىي بولسىمۇ، ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشىنى توسۇشقا ئەمەس، بەلكى توساسلىقنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭغا قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر پىتنە كۆرۈلىدىغانلىقىنى بىلگەن، ھەتتا بۇ ھەقتە ئايەت نازىل قىلىنغان تۇرۇپ، يەنە شۇ ھۆكۈمنى (ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشىنى) چەكلىمىگەن ھەمدە: «ئاياللارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسىماڭلار!» دەپ تېخىمۇ كۈچەيتكەن. ھەتتا ھەزرىتى ئائىشەنىڭ: «ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز كۆرگەن ئاياللارنى كۆرگەن بولسا ئىدى، ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشىنى توسقان بولاتتى» دېگەن سۆزىگە قارشى شۇ ئىبنى ئابباسنىڭ: «ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشىدا بەزى بولۇمسىز ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەتتى ۋە بۇ ھەقتە ئايەتمۇ نازىل بولغان. شۇنداق بولسىمۇ، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشتىن چەكلىمىدى، بەلكى چەكلەشتىن توستى ۋە ‹توسالغۇ بولماڭلار› دەپ ئەمرى قىلدى» دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىسى جاۋاب بولىدۇ.

3ـ ئىنسانلار ھەمىشە ئۆز زامانىسىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن شىكايەت قىلىدۇ؛ «ئىلىم يوقالدى، ئىنساپ قالمىدى، شەرىئەت ۋە دىن ئىلىملىرى تۈگەپ كەتتى، بىلىدىغانلار ئۆگەتمىدى، بىلمەيدىغانلار ئۆگەنمىدى» دەپ ئاھ ئۇرىدۇ، يىغلاپ قاخشايدۇ. ئەمما ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىش مەسىلىسىگە كەلسە: «ئەمدى بۇ زامان دىن ئىلمى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ ئومۇملاشتى، ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىپ دىنىي ئىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈشىگە ھاجەت يوق» دەيدۇ. بىر ـ بىرىگە تامامەن زىت بولغان بۇ ئىككى تۈرلۈك دەۋانىڭ قايسىسى ئىشەنچلىك؟ مەيلى ياش ياكى قېرى بولسۇن، مەيلى ئايال ياكى ئەر بولسۇن، ھېچكىم دىنىي ئىلىملەرنى ئىگەللەشتىن بىھاجەت ئەمەس ھەم ھېچقاچان بىھاجەت بولالمايدۇ. دىن ئىلمىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشى كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ھەر بىر ئائىلە ۋە ھەر بىر شەخسكە قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك تارقىلىشى كېرەك. بۇنداق كۈنلەر تېز بولامدۇ ياكى بولمامدۇ، بۇنىسى نامەلۇم. ئىنسانلارنىڭ پەزىلەتلىكرەكى ۋە ئالىمراقى بولغان زات ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ﴿**رَّبِّ زِدْنِي عِلْمًا**﴾ دەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغان يەردە، بىرسى: «شەرىئەت ئىلمى ھەممە يەرگە تارقالدى. ئادەتتىكى ئادەملەر ئۈچۈن مەسجىدكە بېرىپ ئىلىم ئۆگىنىشكە ھاجەت قالمىدى» دېسە، بۇنداق سۆزلەر يۈزەكى سۆز ۋە كۆز قاراشلار بولۇپ، يەڭگىل خىياللاردىن پەيدا بولغانلىقى مۇقەررەر. بۇنداق گەپلەرنى تېپىش ئاسان. ئىككىنچى بىر تەرەپتىن، مەسجىدكە بېرىشتىن مەقسەت ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، كىشىلەرگە مەلۇم بولغان ـ بولمىغان باشقا سىر ۋە سەۋەبلەرمۇ بار بولۇشى مۇمكىن. شۇ

جۈملىدىن مۇسۇلمانلار مۇئەييەن سائەتلەردە بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى ھايۋانىي ھالەتلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان روھىيەت ئالەمگە يۈزلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەپسىنى تازىلاشنى بىلسۇن، ئىجتىمائىي جەمئىيەت پرىنسىپلىرىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرسۇن دېگەندەك مەقسەتلەرنىڭ بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق ئەھۋاللاردىن ھېچبىر مەملىكەت ۋە ھېچبىر زامان خەلقى بىھاجەت قالغان ئەمەس.

4- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئاياللارنى ئايرىم ھالدا تەرغىب قىلمىغانلىقىنى دەلىل قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى جانابى ئاللاھنى بىر دەپ ئىشىنىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەق، راست پەيغەمبەر دەپ تونۇش مەسىلىسىنىڭمۇ ئاياللارغا ئايرىم، ئەرلەرگە ئايرىم يەتكۈزۈلمەستىن، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ خىتاب قىلىنغانلىقىنى ھەممە ياخشى بىلىدۇ. «جامائەتنىڭ نامىزى يالغۇز كىشىلىك نامازدىن يىگىرمە يەتتە دەرىجە ئارتۇق» دېگەندەك ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسىدىن ئاياللارنى ئايرىپ چىقىرىۋېتىش قايسى دەلىلگە تايىنىدۇ؟ «كىشىنىڭ پەرز نامازدىن باشقىسىنى ئۆز ئۆيىدە (ئادا قىلىشى) ياخشى» دېگەندەك ھەدىسلەرنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئەرلەرنى پەرز نامازلاردىن باشقا نامازلارنى مەسجىدتە ئوقۇشتىن توسقىلى بولمىغاندەك، «**بيوتهن خيرلهن**» يەنى «ئۆيلىرى ئۇلار ئۈچۈن ياخشى» دېگەندەك ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ، ئۇلارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسۇشمۇ ئانچە مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك!؟ چۈنكى ھەر ئىككى ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ئوخشاشتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزۈن بىر ھەدىسىدىكى: «**ولتشهد الخير و دعوة المسلمين**» دېگەن سۆزنىڭ ئاياللارنى ھېيت نامىزى ۋە جامائەت بىلەن ئادا قىلىنىدىغان نامازلارغا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىدە قەتئىي شۈبھە بولمىسا كېرەك.

5- ئىلىم ئەھلىلىرىگە مەلۇم بولغىنىدەك، مۇجتەھىدلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى، قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شەرىپ ياكى ئىجما (ئوچۇق بىر دەلىل بولمىغان مەسىلىلەردە پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى) ئىجتىھات قىلىش ۋە كىتاب، سۈننەت نۇرى ئاستىدا ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شەرىپتە ۋەياكى ئىجما بىلەن بىلىنگەن مەسىلىلەردە ئۇلارنىڭ ئىجتىھات قىلىشى ۋە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا بولمايدۇ. ئوچۇق كەلگەن مەتىن (تېكىست) لەرگە زىت ھۆكۈم شەرىئەتنىڭ نەزىرىدە ئىناۋەتلىك ھېسابلانمايدۇ. شەخشى كۆز قاراش بىلەن شەرىئەتنىڭ بىرەر ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغىلى بولمايدۇ. بىرەر مۇجتەھىد خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شەرىپكە خىلاپ پىكىر بايان قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىش مەسىلىسى ئىجتىھات قىلىشقا بولىدىغان مەسىلىلەردىن ئەمەس. بىرەر پايدىلىق ئىشلارنى نەزەرگە ئالغان ھالدا ياكى زامان ۋە شارائىتكە كۆرە، بۇ مەسىلىدە ئىجتىھات قىلىشقا ھېچقانداق ئاساس يوق. چۈنكى بۇ مەسىلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوچۇق ئەمرى بىلەن ماقۇللانغان. ئىككىنچىدىن، ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشنى قايسى مۇجتەھىد مەنئىي قىلغان؟ ئۇنى قايسى ئالىم رىۋايەت قىلغان؟ بۇلارنى ئىسپاتلاش لازىم.

ئىمام شافىئىنىڭ مەزھىبىنىڭ نوقتىلىق كىتابى بولغان «كىتابۇل ئۇم»دا ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشىنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئىش ئىكەنلىكىگە دائىر ئىزاھات بېرىلگەن كۆپلىگەن مەسىلىلەر ئۇچرايدۇ. ئىمام مالىك مەزھىبىنىڭ ھەرىكەت دەستۇرى ھېسابلىنىدىغان «ئەلمۇدەۋۋەنە» دە ئاياللارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسىدىغان بىر جۈملە سۆزنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە ئاياللارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسماسلىققا بۇيرۇيدىغان سۆزلەر كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. ئىمام مۇھەممەد رەتلەپ يېزىپ چىققان «ئەلجامىئۇسسەغىر» ھەم «ئەلمۇۋەتتا» ناملىق كىتابلاردىمۇ ئاياللارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسۇشقا دائىر مەزمۇن ئۇچرىمايدۇ. بەلكى زاھىر رىۋايەت جۇغلانمىسى بولغان «ئەلمەبسوت» تا بۇ ئىشنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ ۋە چەكلەنگەن ئىش ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارىلەر بار.

توغرا، سۇفيان ئىبنى سەۋرى بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئايالالرنىڭ مەسجىدكە بېرىشىنى مەكرۇھ دەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەكرۇھ دېگەن پىكرىنىڭ ‹مەكرۇھى تەنزىھى (ھاالالغا يېقىن مەكرۇھ)›مەنىسىدىكى مەكرۇھ ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، بىز ھازىرغا قەدەر مۇجتەھىدلەرنىڭ ئايالالرنىڭ مەسجىدكە بېرىشىنى چەكلىگەنلىكىكە ئاالاقىدار پىكىرلىرىنىڭ بارلىقىنى ئۇچراتمىدۇق. ئەمما چوڭ ـ كىچىك ئايرىماي توسماسلىق ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر كۆپ. بۇ ھەدىسلەرنىڭ بەزىلىرىدە: «ئاخشاملىرى توسماڭالر» ۋە بەزىلىرىدە: «قاراڭغۇدا توسماڭالر» دېيىلگەن، يەنى ئومۇملاشتۇرۇپ تىلغا ئېلىنغان. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالمنىڭ مەقستى ياشالرنى چەكلەپ، قېرى ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئايالالرنى توسماسلىق بولسا، بۇ ھۆكۈم ياش ئايالالر ۋە قىزلارغا يۈرگۈزۈلمەيدىغان بولسا ئىدى، يىگىرمىدىن ئارتۇق يول بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ بىرەرىدە بولسىمۇ، بۇ مەسىلە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ۋە بۇنىڭغا سەل قارالمىغان بوالتتى. ھالبۇكى ئەسرى سائادەتتە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالم ياشىغان دەۋرىدە) ۋە تۆت خەلىپە زامانىسىدا ياش ـ قېرى دەپ ئايرىماي ئايالالرنىڭ مەسجىدكە چىققانلىقى مەلۇم. ئىمام تىرمىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالمنىڭ زامانىسىدا قېرى ـ ياش ھەممە ئايالنىڭ ھېيت نامىزىغا قاتناشقانلىقى توغرىسىدا ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

ھەر ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالمدىن ۋە ھۆرمەتلىك ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان ئىش ـ ئەمەللەرنى ئىشىمىزدا دەستۇر ۋە ئاساس قىلىشىمىزغا، ئەدەب ۋە ئىنساپقا رىئايە قىلىش شەرتى بىلەن، ئايالالرىمىزنىڭ مەسجىدكە بېرىشىنى ھېچبىر مۇجتەھىد ۋە ھېچقانداق مۇقەللىدنىڭ توسۇش ھەققى بولمىسا كېرەك! بەندىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالمدىن رىۋايەت قىلىنغان ئىشالرنى، بولۇپمۇ ئىبادەتكە دائىر ئىشالرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش ھوقۇقى يوق.

**دعوا كل قول عند قول محمد  فما امن في دينه كمخطر**

ئاۋۋالدىن بېرى دەپ تەكىتلەپ كەلگەن بىر نۇقتىنى بۇ يەردە ئوچۇقراق قىلىپ يەنە بىر قېتىم تەكرارالپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

ئايالالر مەسجىدكە بارغاندا، چاي، توي ـ مەرىكىگە بارغاندەك ياسىنىپ، جابدۇنۇپ سەتەڭلىشىپ، خۇش پۇراق ئەتىر ـ سوپۇنالرنى ئىشلەتمەسلىكى، ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى ئالدىدىكى ئاجىزلىقى ۋە مىسكىنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىبادەت قىلغۇچى سۈپەتكە اليىق ئاددىي ۋە نورمال قىياپەتتە بولۇشى، ئەرلەرگە ئارىالشماسلىقى، ئورنى ۋە سەپلىرى ئايرىم ھەم شەرىئەتكە مۇۋاپىق ھىجاپ ئىچىدە بولغان بولۇشى، جانابى ئالالھ ھۇزۇرىدا ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئۇنۇتماسلىقى الزىم. مۇنداق بولمىغاندا ئۇالر مەيلى توسسۇن ياكى توسمىسۇن ئايالالرنىڭ مەسجىدكە بېرىشىنىڭ ھېچقانداق مەنىسى قالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا نامازنى ئۆز ئۆيىدە ئادا قىلغىنى تېخىمۇ ياخشى.

# 209 ـ ھەدىس: شەقى ئادەملەرگە رەھمەت قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا

**لَا تُنْزَعُ الرَّحْمَةُ إِلَّا مِنْ شَقِيٍّ**. (سنن الترمذي)

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى شەقى ئادەملەردىن باشقىسىدىن تۇسۇۋېلىنمايدۇ.

رەھمەت، باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارغا كېلىدىغان زەرەرنى كۆتۈرۈۋېتىشتىن ئىبارەت بىر سۈپەت بولۇپ، سىزنىڭ بەختلىك بولۇشىڭىز ئۈچۈن تىرىشىدىغان ۋە سىزگە كېلىش ئېھتىمالى بولغان زىيان ـ زەخمەتلەرنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلىدىغان كىشى سىزگە رەھمەت ۋە مەرھەمەت قىلغان كىشىدۇر. ھەقىقەتتە كىشىلەرگە مەرھەمەت قىلىش، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئۆزىگە مەرھەمەت قىلىشىدىن كېلىدۇ. چۈنكى باشقىلارغا قىلغان مەرھەمەتنىڭ نەتىجىسى شۇ بەندىنىڭ ئۆزىگە يېنىپ كېلىدۇ. ﴿**إِنْ أَحْسَنتُمْ أَحْسَنتُمْ لِأَنفُسِكُمْ**﴾ «(ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!) ئەگەر ياخشىلىق قىلساڭلار، ياخشىلىقىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر.»[104]

ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي بىر دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئايرىلىپ قالسا بولمايدىغان زۆرۈر بىر ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى ئەخلاقتىن ئىبارەت دىن ئىكەنلىكىنى ۋە گۈزەل ئەخلاق سەۋەبىدىن بەندىلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىگە يېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا كېرەك. بەزى ئالىملار: ﴿**صِرَاطَ الَّذِينَ أَنعَمتَ عَلَيهِمْ غَيرِ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ**﴾ غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن) دېگەن ئايەتنى: «باشقىلارنى ئىسلام يولىغا يېتەكلەيدىغان ۋە رەھىم شەپقەتلىك كىشىلەرنىڭ يولىغا باشلىغىن» دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

بۇ ھەدىس شەرىپ رەھىمسىزلىكنىڭ شەقىلىقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەرھەمەتلىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان باشقا كۆپلىگەن ھەدىس شەرىپلەرمۇ بار بولۇپ، بەزىلىرى بۇ ئەسەردىمۇ بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

---

[104] سۈرە ئىسرا 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## 210 ـ ھەدىس: ھەلىم ۋە ھەكىم كىشىلەر توغرىسىدا

**لَا حَلِيمَ إِلَّا ذُو عَثْرَةٍ وَلَا حَكِيمَ إِلَّا ذُو تَجْرِبَةٍ.** (سنن الترمذي)

پۇتى تېيىپ خەتەرگە يولۇققان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەر ھەلىم (باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرىنى يۆگىگۈچى) بولمايدۇ ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەردىن باشقا كىشىلەر ھەكىم بولمايدۇ (بىر ئىشنى ئالدىن بىلگۈچى بولمايدۇ).

ھەركىم بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى بىلىدۇ. كۆپلەپ خەتەرگە يولۇققانلار، خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ، ئۇنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان كىشىلەر، باشقىلارنىڭ ناتوغرا ئىشىنى كۆرگەندە، مۇمكىن قەدەر ئۇنىڭغا ياخشى بىر سەۋەب كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ‹قايغۇ كۆرمىگۈچە يىگىت ئەر بولمايدۇ، ئەر يىقىلغان ئورنىدىن قاچىدۇ› دەپ قولىدىن كېلىشىچە كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى يېپىشقا تىرىشىدۇ. باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا سۆزلەشكە، ئېچىپ تاشلاشقا يول قويمايدۇ. دۇنيادا مۇئامىلىنى كۆپ قىلغان، نۇرغۇن ئىش قىلىپ، دۇنيانىڭ ئاچچىق ـ تاتلىقىنى تېتىپ باققان، تەجرىبىسى مول ئادەم ھېكىم بولالايدۇ.

# 211 ـ ھەدىس: مۇشتۇمزورلۇق ۋە ئالماىدىغان مالنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يامانلىقى

**لاَحِمى فِى الإِسْلاَمِ وَلاَ مُنَاجِشَةَ.**

مۇباھ يەرلەردە مال بېقىشتىن توسۇش ۋە ئۆزىنىڭ ئالغۇسى يوق تۇرۇپ، مالنىڭ نەرقىنى ئۆستۈرۈش ئىسلامدا يوق.

ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زاماندا، ئەرەبلەرنىڭ شەيخ ۋە قەبىلە كاتتىلىرى بىرەر ئورۇننى ئىگىلىۋېلىشنى ۋە باشقىلارنىڭ ئۇ يەردە مال بېقىشىنى چەكلەشنى مەقسەت قىلسا، بىر چوڭ ئورۇنغا ئىتنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۇراتتى، ئىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىغۇدەك يەرنى ھەر تەرەپتىن بەلگىلىۋېلىپ، ئۇ دائىرىنى ئۆزىنىڭ يېرى قىلىۋالاتتى. بۇنداق قىلىش ئەرەبلەردە «ھىما» دەپ ئاتىلاتتى.

ئىسلام دىنى باراۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغانلىقتىن، مۇباھ (چۆللەر، تاغلار، يايلاقلار، سايلار، دەريالار، ھاۋانلار، ئۇچار ـ قاناتلاردەك)، شۇنداقلا خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ۋە كېرەكلىك بولغان يەرلەرنىڭ بىرلىرىگە پۈتۈنلەي تەۋە بولۇپ كېتىپ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەققىنىڭ بولماسلىقىدەك ئادەتنى بىكار قىلدى. «ھىما» پەقەت ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە خاس بولۇپ قالغان، بۇنىڭ مەنىسى، ئەگەر ئىسلامىيەتنىڭ دۆلەت دائىرىسىگە بىرەر يەر لازىم بولۇپ قالسا، ۋاقىتلىق شەكىلدە ئۇ يەرنى ھۆكۈمەت نامىدىن ئىشلىتىپ تۇرۇشى، قاچانكى ھۆكۈمەتنىڭ ئېھتىياجى تۈگىسە، ئەسلىدىكى ئىگىسى بولمىغان ھالىتىگە قايتىشى (يەنى ئومۇمىي خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن قويۇپ قويۇلىدۇ) دېگەن بولىدۇ. ئىمام بۇخارى ئىبنى جەسامەدىن رىۋايەت قىلغان **لا حمى الا الله ولرسوله** دېگەن ھەدىسمۇ بۇ ھەدىسنى ئىزاھلىغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا يۇقىرىقى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

سەلەپ سالىھىنلار زامانىدا باراۋەرلىك قانۇنىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە خەلىپە ھەزرىتى ئەلىنىڭ بىر يەھۇدىي بىلەن شەرىئەت قازىسى ئالدىدا سوتقا تارتىلغانلىقى كۈچلۈك دەلىل بولسا كېرەك. ئۆزى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر مالنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىش ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئېلىش مەقسىتى يوق، پەقەت باشقا ئالغۇچىلارنىڭ ئاقچا ـ پۇللىرىنى چىقىرىش، قاقتى ـ سوقتى قىلىش مەقسىتىدە بىر نەرسىنىڭ نەرقىنى ئۆستۈرۈشنى چەكلەپ، بۇ ھەدىسنى سۆزلىگەن. بۇ ئىشتا مال ساتقۇچىغا پايدا بولسىمۇ، ئالغۇچىغا زىيان بولىدۇ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشنىڭ يامانلىقى پايدا يەتكۈزۈشتىن ئېغىرراق ھېسابلىنىدۇ.

## *212* ـ ھەدىس: باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش بەدىلىگە پايدا ئېلىشنىڭ يامانلىقى

**أَنْ لَا ضَرَرَ وَلَا ضِرَارَ**. (سنن ابن ماجة)

ئىسلامدا باشقىلارغا زىيان سېلىش ۋە كىشىگە زىيان يەتكۈزۈپ، ئۆزى پايدا ئېلىش يوق.

بىر ئادەمگە نۇقسان يەتكۈزۈش زىيان سېلىش بولۇپ، زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۇنىڭغا نۇقسان يەتكۈزۈشىمۇ زىيان سالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قەستەنلىك بىلەن بىر ئادەمنىڭ كىيىمىنى ياكى يازغان خېتىنى يىرتىپ تاشلاش زىيان سالغانلىق بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆچ ئېلىش غەرىزى بىلەن ئۇنىڭ كىيىمىنى ياكى يازغان خېتىنى يىرتىپ تاشلىشى زىيان يەتكۈزگەنلىك بولىدۇ. ئىسلام قازىسى تەرىپىدىن بىر ھۆكۈم چىقىرىلماي تۇرۇپ، بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان بولىدۇ. مەشھۇر مۇجتەھىدلەرنىڭ زامانىسىدا بولمىغان ۋە فىقھى كىتابلىرىغا يېزىلمىغان نۇرغۇن مۇئامىلىلەر، ئۇشبۇ ھەدىسنىڭ ئومۇمى ھۆكمى دائىرىسىدە چەكلىنىشى مۇمكىن. بىر ئادەم تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرنى رۇخسەتسىز بېسىپ سېتىش ياكى مەلۇم ساندا بېسىشنى توختام قىلىشىپ بولۇپ، بەلگىلىك ساندىن ئارتۇقراق باستۇرۇۋېلىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش ئورنىدا قىممەتكە ئىگە قىلغان (بانكا چەكلىرى) ياكى خۇسۇسىي شىركەت ۋە كارخانىلارنىڭ سەرمايە (كىنىشكا، ھۆججەت ۋە بىلەتكە ئوخشاش) لىرنى ياساپ خەلق ئارىسىغا تارقىتىش، دەرس ئۆگىنىدىغان ۋە ئۆگىتىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەرنىڭ دەرس ۋاقتىدا چاي زىياپەتلىرىگە كېتىپ قېلىشى، ناماز، ئىلمى سۆھبەت ۋە دەرسلەر ئۈچۈن يىغىلغان كىشىلەرنى ساقلىتىپ قويۇشتەك ئىشلارمۇ باشقىلارغا زىيان سېلىش بولغانلىقتىن، ئۇ ئىشلارمۇ چەكلىنىدۇ.

## 213 ـ ھەدىس: ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ، بەندىگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ

**لَا طَاعَةَ لِمَخْلُوقٍ فِي مَعْصِيَةِ اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ.** (مسند أحمد)

ئاللاھ تائالاغا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا بەندىلەرگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالاغا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا ھېچكىمگە، ھەتتا ئاتا ـ ئانىغىمۇ ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا ئىمام تىرمىزى يەنە تۆۋەندىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان:

**السَّمْعُ وَالطَّاعَةُ عَلَى الْمَرْءِ الْمُسْلِمِ فِيمَا أَحَبَّ وَكَرِهَ مَا لَمْ يُؤْمَرْ بِمَعْصِيَةٍ فَإِذَا أُمِرَ بِمَعْصِيَةٍ فَلَا سَمْعَ وَلَا طَاعَةَ.** (صحيح البخاري)»

«گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇلمىغانلا بولسا، مۇسۇلماننىڭ باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش ۋاجىپتۇر. ئەگەر گۇناھ ئىشقا بۇيرۇلۇپ قالسا سۆزىنى ئاڭلاشمۇ، ئىتائەت قىلىشمۇ يوق».

ھەرقايسى ئەل ۋە شەھەرلەردە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئىسلامنىڭ قانۇن ۋە پىرىنسىپلىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش لازىم. ۋادىلاردىكى ئورمان ۋە توغراقلىقلارنى كەسمەسلىك، بىرەر ۋادى ۋە ئارالدىكى ھايۋانلارنى ئوۋلىماسلىق، دەل ـ دەرەخلىرىنى ئاسراش ۋەياكى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قانۇن چىقىرىلغان بولسا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش مەرۇپ (ياخشى ئىش) قا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر. ئەمما ئىمام ئەھمەد: **انما الطاعة فى المعروف** «شەرىئەتتە توغرا دەپ تونۇلغان ئىشتىلا بويسۇنۇش بار»[105] دېگەن سۆزنى رىۋايەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى ئۆمرىدە شام تەرەپكە بارىدىغان ئەسكەرلەرگە يىگىرمە ياشقا يەتمىگەن ئۇسامە ئىبنى زەيدنى قوماندان قىلىپ بەلگىلىگەن ئىدى. بۇ ئارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات قىلىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى خەلىپە بولغاندىن كېيىن، مەزكۇر ئەسكەرلەر شام تەرەپكە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغان يەرگە) يولغا چىقتى. مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ كاتتىلىرى يىگىرمە ياشىنىمۇ تولدۇرمىغان ئۇسامەنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. مانا ئۇلار ئىتائەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيەتلىرى بىلەن كۆرسىتىپ بەردى ۋە كېيىنكىلەرگىمۇ ئۆگەتتى.

«ئىتائەت» مەسىلىسى ناھايىتى چوڭ ۋە مۇھىم مەسىلە بولغانلىقتىن، بۇنى كىچىكلىكىدىن ۋە دەسلەپكى تەربىيە باسقۇچىدىن ئېتىبارەن ئۆزلەشتۈرۈش مۇھىم. بالا ـ چاقىلىرىمىز گەپ ئاڭلىمايدىغان، بۇيرۇقىمىزغا ئۇنىمايدىغان بولۇپ ئادەتلەنمىسۇن، قولىدىكى جانىسىز ۋە ئۇقىسىز قورالغا ئوخشاپ قالمىسۇن يەنى (بىلمەي، چۈشەنمەي قارىغۇلارچە بويسۇنىدىغانمۇ بولۇپ قالمىسۇن). شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىلار «ھەققە، توغرىغا» بويسۇنۇشقا ئادەتلىنىشى، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىشتا پىكىر ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزەلەيدىغان بولۇشى لازىم. ھەققە ئىتائەت قىلىشنى بىلىدىغان بالىنىڭ گۇناھ ئىشلارغا ئىتائەت قىلمايدىغانلىقى ۋە بۇزۇق ئادەملەرنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ، ئەقلىنىڭ ئەكسىچە خاتا يوللارغا كىرىپ كەتمەيدىغانلىقى ئېنىق.

---

[105] مۇسنەد 1 ـ قىسىم 94 ـ بەت.

## 214 ـ ھەدىس: قەبرە بېشىدا مال بوغۇزلاشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

**لَا عَقْرَ فِي الْإِسْلَامِ.** (سنن أبي داود)

ئىسلام دىنىدا قەبرە بېشىدا مال بوغۇزلاش يوق.

ئىسلامدىن ئىلگىرىكى مۇشرىكلار زامانىدا ئەرەبلەر ئۆلگەنلەرنى خاتىرىلەش، گويا ئۇنىڭ تىرىك ۋاقتىدىكى ياخشىلىقلىرىنى مۇكاپاتلىماقچى بولغاندەكلا ئۆلگەن كىشىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ تۆگە، قوي، كالا بوغۇزلايتتى. ئىسلامىيەت كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى چەكلىدى. مانا بۇ ھەدىس شەرىپتە قەبرە بېشىدا مال بوغۇزلاشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئىسلامىيەت، قىلغان ئىشلارنىڭ ساۋابىنى باشقىلارغا بېغىشلاشنى چەكلىمەيدۇ. بېغىشلانغان ئۇ ئىشنىڭ بېغىشلانغۇچىغا پايدىسى بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ بۇنى بىلىش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىش ئىسلام دىنىدا چەكلەنمىگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، بىر ئادەم ئۆزى قىلغان ياخشى ئىشىغا باشقىلارنىمۇ شېرىك قىلسا، ساۋابىنى ئۆتۈنۈپ بەرسە، ياخشى ئىش قىلغان بولىدۇ. مال سويۇپ پېقىر ـ مىسكىنلەرگە يېگۈزۈپ، ساۋابىنى ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ روھىغا ئاتىسا كېرەك يوق (بۇ سەدىقىنىڭ ساۋابى دادامنىڭ روھىغا ياكى پالانىنىڭ روھىغا بولسۇن! دېسە دۇرۇس بولىدۇ). ئەمما پېقىرلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش ياكى باشقىچە سەدىقە قىلىش مەقسىتى بىلەن، مالنى قەبرە بېشىغا ئېلىپ چىقىپ بوغۇزلاشقا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىش بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى مۇشرىكلارنىڭ ئادىتىنى ۋە ئىسلام دىنى چەكلىگەن يامان ئىشنى قىلىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەزكۇر ئۆلۈكنى كۆزلەپ مال بوغۇزلاش شېرىك ئىش قىلغانلىق بولىدۇ (ئاللاھنى رازى قىلىش مەقسىتى بىلەن قىلىنغان ئىشنى ئۆلۈكنى رازى قىلىش مەقسىتىدە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈكنى ئاللاھقا تەڭ قىلغانلىق بولىدۇ) ھەمدە ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن بوغۇزلانغان ھەرقانداق مالنىڭ گۆشى ھارام بولۇپ: ﴿**مِمَّا أُهِلَّ بِهِ لِغَيْرِ اللهِ**﴾ دېگەن ئىسلامىيەت چەكلىگەن ئىشنى قىلغان بولىدۇ. مەقسەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش بولسا، مالنى قەبرىگە ئېلىپ بېرىپ بوغۇزلاش شەرت ئەمەس. قەبرە بېشىغا ئېلىپ بېرىپ بوغۇزلانغان نەرسىنى، خالىس ئاللاھ ئۈچۈن بوغۇزلانغان دېگىلى بولمايدۇ.

بۇلغارىيە خارابىلىكىدىكى قەبرىلەرگە، غۇجىلار تاغلىرىغا، بۇلاقلارغا، باھائۇددىن نەقشىبەندى ۋە خوجا ئەھمەد يەسەۋىي قەبرىلىرىگە، ئۇرشاك بويىدىكى جىغىر ئىشان قەبرىسىگە، بۇلاق بويىدىكى كاشانە ۋە سەنتاش قەبرىلىرى ۋە باشقا جايلارغا ئاتاپ نەزرە ماللارنى بوغۇزلاش ۋە شۇلار ئارقىلىق مەزكۇر زاتلارغا ۋە جايلارنىڭ يېقىنلىقىنى تەلەپ قىلىش ياكى شۇ كىشىلەرنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئارىسىدا بىر ۋاستە دەپ بىلىش شەرىئەت قەتئىي چەكلىگەن بۇزۇق ئىشلار قاتارىدىن بولۇپ، ئىسلام يولىدىن ئازغانلىقتۇر. بۇنداق يوللار بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئۆگىتىلگەن ئەمەس، ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە سەلەپ ئۆلىمالىرىدىمۇ بۇنداق ئىشنىڭ كۆرۈلگىنى يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالمىغان ئىبادەت ئىشلىرىدىن ساۋاب ياكى پايدا ئۈمىد قىلىشقا بولمايدۇ.

**ترسم نرسى بكعبة اى أعرابي**      **اين رهك توميروي بتركستانست**

ئى سەھرالىق ئەرەب! سېنىڭ كەبىگە بارالماسلىقىڭدىن قورقىمەن، چۈنكى، سەن ماڭغان يول تۈركىستان يولىدۇر (كەبىگە بارىمەن دەپ، كەبىنىڭ يولىغا ئەمەس تۈركىستان يولىغا مېڭىۋاتىسەن).

كىشىلەر، بىزنىڭ بۇ سۆزلىرىمىزنى ئاڭلاپلا، ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر ئادەتلىرىنى تاشلىشى ناتايىن. ئۇلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى بىزنىڭ سۆزلىرىمىزدىن ئۈستۈن قويىدۇ. ئۆزلىرىچە ئالىم، پازىل، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىرى دەپ ئويلايدىغان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان ھۆرمەتلىك كىشىلىرى ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئىش تۇتمىغان يەردە، بىزنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىمىز ۋە سۆزلەپ ئېغىزلىرىمىزنىڭ تېلىپ كەتكىنىگە پەرۋا قىلمايدۇ. بىز بۇنى بىلىمىز ۋە شۇنداقلىقىدىن قەتئىي شۈبھىلەنمەيمىز. شۇنداق بولسىمۇ، پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان بۇ بۇزۇق ئېتىقاد ۋە بىدئەت ھەرىكەتلەرگە قوشۇلمايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈش ۋە بىزدىن كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان ھۆرمەتلىك ئەۋلادلىرىمىزغا شىكايەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە بۇ نەسىھىتىمىزنى ئېيتىپ ئۆتتۇق.

# 215 ـ ھەدىس: تەدبىرنىڭ ئەقىل، يامانلىقتىن ساقلىنىشنىڭ تەقۋالىق ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ پەزىلەت ئىكەنلىكى

لَا عَقْلَ كَالتَّدْبِيرِ وَلَا وَرَعَ كَالْكَفِّ وَلَا حَسَبَ كَحُسْنِ الْخُلُقِ. (سنن ابن ماجة)

تەدبىردەك ئەقىل، يامانلىقتىن ئۆزىنى تۇتۇشتەك تەقۋالىق، گۈزەل ئەخلاقتەك پەزىلەت يوق.

ئۆزىنى بىلىش، ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆزىگە لازىملىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۆز ئۈستىگە چۈشىدىغان خىزمەتلەرگە تەييار تۇرۇش تەدبىردۇر.

دۇنيانىڭ ئۆمرى ۋە ئادەملەرنىڭ ھاياتى ناھايىتى تولا كۆچۈش ۋە يۆتكىلىشلەردىن ئىبارەت بولغان ئۇزۇن سەپەرگە ئوخشايدۇ. بۇ مەنزىللەرنىڭ بىرىنچىسى «بۆشۈك» بولسا، ئاخىرقىسى «قەبرە» دۇر. بەزىبىر قونالغۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يوللار ئۇبدان ۋە بەزى مەنزىللەرنىڭ ئارىسىدىكى يوللار ئەسكى بولغاندەك، ئۆمۈر ۋە ھايات سەپىرىدىكى بەزى ۋاقىتلار زىيان ـ زەخمەتسىز ئۆتسە، بەزىسى، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب ـ كۈلپەت ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئاشۇ يامان ۋاقىتلاردا مۇشەققەتنى ئازراق تارتىش ۋە مۇمكىن قەدەر راھەت ئىچىدە كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئادەم بالىسى ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇشى ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىردىنبىر يولى گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش (تىلى ۋە قولى بىلەن باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلىشتىن ساقلىنىش) ۋە ئاللاھتىن قورقۇش (بۇيرۇقنى جايىدا ئادا قىلىپ، توسقىنىدىن يېنىش) دۇر.

تەقۋالىقنى، ياخشى ئەخلاقنى ئۆزلىرىنىڭ نىشانى قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن زىننەتلەنگۈچىلەر، ھەر ئىشنى بىلىپ ۋە چۈشىنىپ قىلىدۇ. قىلغان ئىشلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھتىن باشقىسىدىن كۈتمەيدۇ. ۋاقىت ۋە پۇرسەتلىرىنى بىكارغا زايا قىلىۋەتمەيدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ تەدبىر ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوق. بايلىقنى ۋە راھەت ـ پاراغەتلىك كۈنلەرنى بىكارغا ئۆتكۈزۈش، پايدىسىز چىقىم قىلىش بىر قېتىم تەدبىرسىزلىك ھېسابلانسا، پۇرسەتنى، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزىۋېتىش ئون قېتىم تەدبىرسىزلىكتۇر. ۋاقىت ۋە پۇرسەتنى ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزىۋېتىشتەك ئېغىر پۇشايمانلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئىش يوق. ھەرقانداق ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىنى يېڭىدىن تېپىش مۇمكىن بولسىمۇ، ۋاقىتنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەر ۋە ئارقىدا قالغان سائەتلەر، مىنۇتلار كەلمەسكە كەتتى، ئەسلا كەلمەيدۇ، كەينىگە يانمايدۇ. ۋاقىت، زامان ۋە پۇرسەتلەر جانابى ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بېغىشلىغان ئۇلۇغ ئىنئاملىرىنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىدىغان ئىشلار ئۈچۈن قۇربان قىلىۋېتىش ھەرگىزمۇ توغرا ئەمەس. ئەڭ دەردلىك ۋە ھەسرەتلىك سۆز: «پۇرسەت قولدىن كەتتى» دېگەن سۆزدۇر.

گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پەزىلەت ئىكەنلىكىدە شەك يوق. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا ئەخلاقلارنىڭ ياخشى ياكى ئەمەسلىكىنى ئايرىش ئاسانغا توختىمايدۇ. يالغان گەپ قىلىش، خىيانەت قىلىشتەك ئىشلار ھەمىشە يامان ئەخلاق؛ ئىشەنچلىك بولۇش، راستچىل بولۇشتەك ئىشلار ھەمىشە گۈزەل ئەخلاق بولسىمۇ، ئەمما چىدامچان بولۇش، غەيرەتلىك بولۇش ۋە ھەقنى قوغداش، روھلۇق بولۇشتەك ئىشلارنىڭمۇ گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىشى بەزىدە ئادەمنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇلار:

«دورا» غا ئوخشاش بولۇپ، ئۆلچەمگە يەتمىگەندە پايدىسىز ۋە ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەندە زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەخلاقلارنىڭ دورىدەك شىپا ۋە زەھەردەك زىيانلىق بولىدىغان تەرەپلىرىنى بىلىۋېلىش كېرەك. بۇنى بىلىش ئۈچۈن، تەجرىبىلەردىن ئوبدان ساۋاق ئېلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ ھايات ـ پائالىيەتلىرىنى ئوبدان چۈشىنىش يېتىپ ئاشىدۇ.

# 216 ـ ھەدىس: تەۋبە قىلغاندا چوڭ گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان ئەھۋالدا كىچىك گۇناھلارنىڭ چوڭ گۇناھلارغا ئايلىنىدىغانلىقى

**لاَكَبِيْرَ مَعَ الاِسْتِغْفَارِ وَلاَصَغِيْرَ مَعَ الاِصْرَارُ .**

تەۋبە قىلىپ (پۇشايمان قىلىپ ۋە قايتا قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ، ئاللاھتىن ئەپۇ سوراپ) تۇرالىسا چوڭ گۇناھ يوق (چوڭ گۇناھ ھالىتىدە تۇرىۋەرمەيدۇ) ۋە داۋاملىق قىلىۋەرگەندە كىچىك گۇناھ يوق (كىچىك تۇرىۋەرمەيدۇ، چوڭ گۇناھقا ئايلىنىدۇ).

چوڭ ـ كىچىك گۇناھلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۆلىمالارنىڭ قايسى گۇناھلارنىڭ چوڭ ۋە قايسى گۇناھلارنىڭ كىچىك ئىكەنلىكى مەسىلىسىدىكى پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرى ئوخشاش ئەمەس. بۇنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1ـ پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتلەردە بىردەك ھارام سانالغان ئىشلار چوڭ گۇناھ بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىسى كىچىك گۇناھ.

2ـ ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش يوللىرىنى توسىدىغان ئىشلار چوڭ گۇناھ، باشقىسى كىچىك گۇناھ.

3ـماللار (ئىقتىساد) نى يوقىتىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار چوڭ گۇناھ، باشقىلىرى كىچىك گۇناھ.

4ـ ھەر بىر گۇناھ ئۆزىدىن كىچىكىگە كۆرە چوڭ ۋە ئۆزىدىن چوڭىغا كۆرە كىچىك گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

5ـ قايسى گۇناھنىڭ چوڭ ۋە قايسىنىڭ كىچىكلىكى شەبى قەدىر كېچىسىدەكلا نامەلۇم.

6ـ ئاللاھ تائالا توسقان گۇناھلارنىڭ ھەممىسى چوڭ، ئۇندىن باشقىسى كىچىك.

7ـ دۇنيادا ھەد (سەكسەندىن يۈزگىچە ھەد ئۇرۇش ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىش) ئۇرۇلۇشى ۋە ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى بىلەن جازالىنىشى خەۋەر بېرىلگەن گۇناھلار چوڭ، باشقا گۇناھلار كىچىك... بۇ سۆز توغرىراق بولۇپ، ئىبنى ئابباسمۇ شۇنداق دېگەن[106]. مەزكۇر سۆزلەرنىڭ بەزىسىگە ئاساسلانغاندا، چوڭ گۇناھلارنىڭ سانى يەتتە، بەزىلىرىگە كۆرە ئون يەتتە ۋە يەنە بەزىلىرىنىڭ كۆرسىتىشچە توقساندىن ئارتۇق.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، جانابى ئاللاھقا بىر كىمنى يا بىر نەرسىنى شېرىك قىلىش، ئاتا ـ ئانىنى رەنجىتىش، شەرىئەتتە ئۆلۈم ھۆكمى بىكىتىلمىگەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈش، يالغان قەسەم قىلىش، يېتىمنىڭ ھەققىنى يېيىش، پاك ئاياللارنى زىنا قىلدى دەپ تۆھمەت قىلىش، زىنا قىلىش، ئىسراپ قىلىش، ئادەمنى مەست قىلىدىغان ئىچىملىك ۋە چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈش، ئۆزىنىڭ بالىسىنى مېنىڭ بالام ئەمەس دەپ تېنىش، پەرز نامازنى ئادا قىلماسلىق،

---

[106] پەتىۋا ئىبنى تەيمىيە 250 ـ بەت.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش، گەپ توشۇش، چېقىمچىلىق قىلىش، غەيۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى بەس ـ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.

مەزكۇر ھەدىسكە قارىغاندا، تەۋبە (قايتا سادىر قىلماسلىق نىيىتى بىلەن قىلغان گۇناھى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىش) ئارقىلىق «شېرىك» تىن باشقا چوڭ گۇناھلار چوڭ گۇناھلىقتىن چىقىپ كەتسە، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلغان كىچىك گۇناھلارمۇ ‹چوڭ گۇناھ› بولۇپ قالىدۇ. ئەسلىدە كىچىك گۇناھ بولسىمۇ، ئىنسان ئۇ گۇناھنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىۋەرسە، ئۇنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپمۇ قويمايدىغان، ۋىجدانى ئازابلانمايدىغان ھالغا كېلىپ قالىدۇ، ھەتتا ئۇ ئىشنى قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن خوشاللىق ھېس قىلىدۇ، توسقۇچىلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ، نەسىھەت قىلغۇچىلار ئۇنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ. مۇشۇ سەۋەبلەر يۈزىسىدىن كىچىك گۇناھلار چوڭ گۇناھلار قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ. ئەخلاق ئىلىملىرىگە قارىغاندا، «گۇناھ» تىن ساقلانماسلىق تۆۋەندىكى زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىكەن:

**1– وكآس شربت على لذت** **واخرى تداويت منها بها**

«بىر ئىستاكان لەززەتلىك ئىچىملىك ئىچتىم، ئۇنىڭ كېسىلىدىن داۋالىنىش ئۈچۈن باشقا داۋا ئىچتىم» دېگەندەك، بىر گۇناھ ئىش ئىككىنچى بىر گۇناھ ئىشقا سەۋەب بولىدۇ.

2.ـ ئاللاھ تائالاغا قايتىش ۋە ئاللاھقا مۇھەببەت باغلاش ئاجىزلىشىدۇ.

3. كۆڭۈل شۇ گۇناھقا كۆنۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنى يامان، قەبىھ ئىش دەپ ھېسابلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

## 217 ـ ھەدىس: ئۇستىلەپ خېرىدار بولۇشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

**قَالَ لَا يَبِعْ الرَّجُلُ عَلَى بَيْعِ أَخِيهِ وَلَا يَخْطُبْ عَلَى خِطْبَةِ أَخِيهِ إِلَّا أَنْ يَأْذَنَ لَهُ.** (صحيح مسلم)

بىر نەرسە ئېلىپ ساتقاندا ھېچكىم ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنىڭ ئارىسىغا كىرمىسۇن (ئۇنىڭكىنى ئالماي مېنىڭكىنى ئال دېمىسۇن)، ھېچكىم بىر قېرىندىشى (باشقا بىر مۇسۇلمان توي قىلىشقا) كېلىشكەن قىزغا ئۇستىلەپ خېرىدار بولمىسۇن! ئەگەر ئۇ قېرىندىشى رۇخسەت قىلسا (ئۆزى ئالمايدىغان بولۇپ، يېنىشىپ كەتكەن بولسا)، ئۇ چاغدا بولىدۇ.

ئىككى كىشى بىر نەرسىنى سودىلىشىپ نەرقىنى كېلىشىپ بولغاندا، يەنە بىر كىشىنىڭ كېلىپ ئۇ نەرسىنىڭ نەرقىنى ئۆستۈرۈپ ئېلىشى ياكى ئالغۇچىغا: «ئۇنى ئالماي مېنىڭ نەرسەمنى ئال» دېيىشى، شۇنىڭدەك نىكاھ توغرىسىدا ئىككى تەرەپ بىر قۇر سۆز ـ ۋەدىلەرنى قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى بىر شەخسنىڭ ئارىغا كىرىشى (تۆپىلەپ خېرىدار بولۇشى) ۋاپاسىزلىق ۋە خاتالىقتۇر. بۇرۇن سۆزلەشكۈچىدىن رۇخسەت ئېلىش ياكى يېنىشىپ كەتكەندىن كېيىن خېرىدار بولۇشى لازىم.

## 218 ـ ھەدىس: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا ئاداۋەت تۇتۇشىنىڭ ھاراملىقى

**لَا يَحِلُّ لِمُسْلِمٍ أَنْ يَهْجُرَ أَخَاهُ فَوْقَ ثَلَاثٍ يَلْتَقِيَانِ فَيَصُدُّ هَذَا وَيَصُدُّ هَذَا وَخَيْرُهُمَا الَّذِي يَبْدَأُ بِالسَّلَامِ.** (صحيح البخاري)

مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىدىن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مۇناسىۋەتنى ئۈزىشى ھالال ئەمەس، بۇلار ئۇچراشقاندا ئاداۋەت قىلىپ بىرى بۇ تەرەپكە، يەنە بىرى ئۇ تەرەپكە قاراپ (بىر ـ بىرىگە قارىماي) ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ياخشىراقى (ئاداۋەتنى تاشلاپ) بۇرۇن سالام قىلغان كىشىدۇر.

ئىككى مۇسۇلمان ئىنسانچىلىقتا ئۆز ئارا چېقىشىش ياكى بىر نەرسە تالىشىپ قېلىش سەۋەبىدىن بىر ـ بىرىدىن ئاغرىنىپ ئۈچ كۈنگىچە مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، بىر ـ بىرىگە قاراشماي يۈرگەن بولسا، بۇنىڭدا مەسىلە يوق. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئاچچىقلىنىشى تەبىئىي ئىش. لېكىن شۇ ئاچچىقنى ئۈچ كۈن ئىچىدە تۈگىتىش ۋە بۇرۇنقى ئالاقە ـ مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى لازىم.

ئىمام ئەھمەد بۇ ھەقتە: «ئۈچ كۈندىن ئارتۇق بىر ـ بىرىنى تاشلاشقانلار ناھەق ئىش قىلغۇچىلاردىن بولىدۇ، دەسلەپتە سالام قىلغۇچىنىڭ سالىمىنى ئىككىنچى كىشى ئىلىك ئالمىسا، ئۇنىڭ سالىمىغا پەرىشتىلەر سالام قايتۇرىدۇ، ئەگەر شۇ تاشلاشقانچە يارىشىپ قالماي ئاداۋەت بىلەن ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتتە بىرگە بولالمايدۇ.» (مۇسنەد 4ـ قىسىم 20ـ بەت) دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىس شەرىپىنى رىۋايەت قىلغان.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىرلىك ۋە مۇھەببەتنىڭ مۇھىملىقىنىڭ دەلىلى مۇشۇ ھەدىس شەرىپتىن روشەن چىقىپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى: «چېكىدىن ئېشىپ كەتمىگەن تاشلىششىنىڭ دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنىڭ يېڭىلىنىشىغا پايدىسى بار» دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە: «دوستتىن ئايرىلغاندا قەدرى ئۆتۈلىدۇ» دەيدۇ.

# 219 ـ دەرس: سۆخەنچىنىڭ جەننەتتىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى

**لَا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ نَمَّامٌ** . (صحيح مسلم)

گەپ توشۇغۇچى جەننەتكە كىرمەيدۇ.

ئىسلام دىنىدا گەپ توشۇش ئېغىر جىنايەت ۋە چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ھالال نىكاھ بىلەن تۇغۇلمىغان كىشىلەر گەپ توشۇش ۋە چېقىمچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. سەلەپلەر – ئىلگىرى ئۆتكەن ياخشى كىشىلەرنىڭ **«لاينم على الناس الا ولد زنا»** «زىنادىن تۇغۇلغان بالىدىن باشقا كىشى كىشىلەرگە گەپ توشمايدۇ» دېگەن.

كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇش ۋە چېقىمچىلىق قىلىش سەۋەبىدىن كۆپلىگەن ياخشى، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئېتىبارى چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە سۇيىقەستكە ئۇچرايدۇ، يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ، راھەت تۇرمۇشىدىن ۋە بايلىقىدىن ئايرىلىدۇ، خۇسۇسىي ۋە ئومۇمىي ئىشلىرىنى قىلالماي توختاپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقا ۋە يېقىن كىشىلىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئىلمىي ئەسەرلىرى زايە بولۇپ، تەسىر كۈچىنى يوقىتىدۇ، ياكى دۈشمەن قولىدا يوقىتىلىدۇ. ئوقۇش ئورۇنلىرى تارقىتىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئىلىم ھاسىل قىلىشتىن، ئۆز دىنىنى ۋە ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. جانابى ئاللاھنىڭ چېقىمچىلارنى جەننەتتىن مەھرۇم قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

دۈشمەنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ۋە قىزىقتۇرۇش خاراكتېرى بولغانلىقى ئۈچۈن «گەپ توشۇش» «ئوتۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوتۇننىڭ ئوتنىڭ يېنىشىغا سەۋەب بولغىنىدەك، چېقىمچىلىقمۇ ئىنسانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشقا سەۋەب بولىدۇ. تەپسىرشۇناسلارنىڭ بەزىسى: ﴿**وَامْرَأَتُهُ حَمَّالَةَ الْحَطَبْ**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە: «ئەبۇ لەھەبنىڭ ئايالى ئۇممۇ جەمىل گەپ توشۇيتتى، شۇڭا قۇرئان كەرىمدە ‹ئوتۇن يۈدۈۋالغۇچى› دەپ تونۇشتۇردى» دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ مەزمۇنى: «ئەبۇلەھەب لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ، ئوتۇن توشىغۇچى (گەپ توشىغۇچى) ئايالىمۇ بىللە كىرىدۇ» دېگەن بولىدۇ.

## 220 ـ ھەدىس: ھەق يولدا ماڭىدىغانلارنىڭ تۈگەپ قالمايدىغانلىقى توغرىسىدا

**لَا يَزَالُ طَائِفَةٌ مِنْ أُمَّتِي ظَاهِرِينَ حَتَّى يَأْتِيَهُمْ أَمْرُ اللَّهِ وَهُمْ ظَاهِرُونَ** . (صحيح البخاري)

ئۈممىتىمدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر (ھەق يولدا) داۋاملىق غالىب بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى كەلگەنگە قەدەر (يەنى قىيامەت بولغانغا قەدەر) شۇ ھالدا داۋام قىلىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن ۋە پالاكەتلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىغا دائىر ھەدىس شەرىپلەر كۆپ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام تۇرىدىغانلىقى ۋە ھەر دەۋردە بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق ۋە ئىسلام دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ ھەدىس شەرىپلەر بار. بۇ يەردە زىكىر قىلىنغان ھەدىس شەرىپمۇ شۇ قاتاردىندۇر. پۈتۈن دىنلاردىن غالىب كېلىدىغان بىر دىنغا ئەگەشكەن خەلق ئىچىدىكى بىر بۆلۈك كىشىنىڭ ھەر دائىم ھەق يولدا دادىل تۇرۇشى تەبىئىيدۇر.

﴿**هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَكَفَى بِاللَّهِ شَهِيدًا**﴾ ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىنى پۈتۈن دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن توغرا يول ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، ئاللاھ (بۇنىڭغا) گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىك.[107]

ئىسلام دىنىنىڭ ھەممىدىن غالىب كېلىدىغانلىقى ئەقىلگە زىت ئەمەس. شەيخ جامالىددىن ئافغانىنىڭ «رد الدهريين» ئىسىملىك رىسالىسىدە توختالغان بەزى مۇھىم نۇقتىلار بىزنىڭ بۇ يەردىكى سۆزلىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، كائىناتنىڭ سىرىنى يېشىپ، ئەشيا ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغۇدەك سەۋىيەدە بىلىم ھاسىل قىلىش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە يېتىش قاتارلىقلارغا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا بار بولۇپ، بۇنىڭ بىر قىسىم شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئەقىلنىڭ خۇراپىي، خىيالىي كىرلەردىن پاكلىنىشى. چۈنكى خىيالىلىق بىلەن خۇراپىيلىق ئەقىل بىلەن ھەقىقەتنىڭ ئارىسىدا پەردە بولۇۋالىدۇ ـ دە، ئەقىل بىلەن ھەقىقەت بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەي قالىدۇ. نەتىجىدە، خۇراپات ۋە خىيالىلىق بىلەن ئورىلىپ قالغان ئەقىل ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمايدۇ. ئەكسىچە ھەر تۈرلۈك خىيال ۋە گۇمانلارغا ئىشىنىدۇ. مۇنداق كىشىلەر قورقىدۇ ۋە ئىككىلىنىدۇ. ھەر نەرسىدىن گۇمانلىنىدىغان بىر خىل بالاغا مۇپتىلا بولىدۇ. سەپەرگە ماڭماقچى بولسا، يولىدىن بىر نەرسە ئۆتۈپ كەتسە، قاغا قاقىلدىسا ياكى قاپىقى تارتسا ۋەياكى يامان چۈش كۆرۈپ قالسا «ماڭا يول بولمىدى» دەپ، شۇم پال ئالغۇچىلارمۇ ئاشۇنداق خىيالىي نەرسىلەر بىلەن ئەقلى پەردىلىنىپ قالغان كىشىلەردۇر. ئىسلامنىڭ پۈتۈن ئاساسى، ئەقىلنى خۇراپاتلاردىن قۇتقۇزۇش ۋە بارلىق سۆزلەرنى ئەقىلگە قارىتىپ خىتاب قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىسلام دىنى ئەقىلنى «تەۋھىد» نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرىدۇ. كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى يالغۇز ئاللاھنىڭلا تەسەررۇپ قىلىپ باشقۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

107 فەتھ سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

2ـ تاكامۇللۇقنى قولغا كەلتۈرۈش. ھەممە جەھەتتە تاكامۇللۇقنى قولغا كەلتۈرۈش، مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۆزىنى قابىلىيەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرۈش ۋە شۇنداق قىلىشنى زۆرۈر دەپ تونۇش، شۇنىڭدەك قولۇمدىن ئىش كېلىدۇ دەپ ئىشىنىش. ئىرادىسىنى ئالىي قىلىپ: «جانابى ئاللاھ خالىسا، بېشىم ئەرشكە تاقاشقىچە ئۈستۈن كۆتۈرۈلىمەن» دەپ بىلىش ھەم شۇنىڭغا ئىشىنىش. تىرىشىشنىڭ بىر مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشىنىڭ يولىنى ئاچىدىغانلىقىغا قىل سىغمايدۇ. تىرىشچان مىللەتلەر دۇنيادا بەختلىك بولىدۇ، راھەت كۈن كۆرۈپ، يەر يۈزىگە ھۆكۈمران بولىدۇ. ئەمما تاكامۇللۇقنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشمايدىغان، ھەۋەس قىلمايدىغان، ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان، ‹بىزنىڭ قولىمىزدىن ئىش كەلمەيدۇ› دەپ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن مىللەتلەر، شۇ خىل پىكرى ۋە قارىشى يۈزىسىدىن كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بىر كەمچىلىكىدىن ئىككىنچىسىگە تەرەققىي قىلىپ مېڭىۋېرىدۇ. ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ھەممىدە (توغرا تونۇش، ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر ـ كەسىپ، سىياسەت، تەجرىبە، ھەرىكەتچانلىق، تىرىشچانلىق، غەيرەت، ۋىجدان، ئادالەت، ئىنساپ، ئەل ئۈچۈن قايغۇرۇش قاتارلىق) تولۇق كامالەتكە يېتىشكە چاقىرىدۇ. پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ھەر كىمنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھەرىكەت قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ.

3ـ ئېتىقادنىڭ توغرا بولۇشى. مىللەتلەرنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىرى ئېتىقادنىڭ توغرا بولۇشىدۇر. ئېتىقاد گۇمان، تەخمىن ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان ئۆرپ ـ ئادەت، دەلىل ـ ئىسپاتسىز گەپ ـ سۆزلەرگە ئاساسلانمايدۇ. بەلكى راست ھۆججەتلەرنى چىقىش قىلىدۇ ۋە ھەر بىر ئىشنى دەلىل ـ ئىسپاتى بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەقىل ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. كىشىلەرگە ئەگىشىپ، گۇمان ۋە تەخمىنلەرگە يۆلىنىپ ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئەقىللىرى ئىشقا يارىمايدۇ. ئەقلىدىن ئۆز يولىدا پايدىلىنالمىغان ئادەم بىلەن بېشى يوق ئادەمنىڭ پەرقى يوق. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. ئىسلام دىنى دەلىلسىز ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى، گۇمان ۋە مۆلچەرگە ئەگەشكۈچىلەرنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى ھايۋان بىلەن تەڭ كۆرىدۇ. ئىسلام دىنى، شەرىئەتنىڭ بىرەر ھېكمىتى بايان قىلىنغاندا، ئۇنىڭدىن نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ.

4ـ ئەقىدە، دىلدىكى ئىشىنىش، ئەدەپ ـ ئەخلاق، گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ئوmۇمنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىشى. ئىسلام شەرىئىتى يولغا قويغان ھۆكۈم، كۆرسەتكەن ئەخلاق ۋە مۇئامىلە پىرىنسىپلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ھايات پائالىيىتىگە ماس ۋە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئالەمشۇمۇل نىزام ئىكەنلىكى ھەممىگە قۇياشتەك ئايان.

ئىسلامدىكى ھۆكۈملەرنىڭ خۇلاسىسى بولسا، دىنىنى، نەپسىنى (ئۆزىنى)، ئەقلىنى، ئابرۇيىنى، مال ـ مۈلكىنى، جانىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. ئەگەردە بىر بۇزۇق نەرسە (سۆز ياكى ھەرىكەت) ياكى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ بىر ئىش بولۇپ قالسا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنىدىن ئەمەس. ئەگەر ئىسلام ئالەمىدە شۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىپ قالسا، ئۇنىڭ جاۋابكارى ھەرگىزمۇ ئىسلام ئەمەس.

5ـ مىللەتنىڭ دىندار ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلى بولۇشى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىپ تۇرىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق توسالغۇلارغا قارىماي ئۆز يولىدا داۋام قىلىشىدۇر. شۇنداق بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. چۈنكى بۇلار ھەممىگە باشلامچىلىق قىلىپ تۇرىدۇ. مىللەتكە ياخشى ـ يامان ئىشلار ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ، ئەخلاقسىز، يامان ئىشلاردىن نەپرەتلەندۈرىدۇ. خەلق بولسا، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكىگە لازىملىق ۋە دۇنيادا بەختلىك قىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا دەرس ئېلىپ، ئۆزلىرىنى مەنىۋي جەھەتتىن تەربىيەلەشكە موھتاجدۇر. ئۆگەتكۈچى (مۇئەللىم)

بولمىسا، ئۇلار بۇ دەرسنى كىمدىن ئالىدۇ؟ خەلقنىڭ ئۇلارنى باراۋەر كۆرۈپ، روھلىرىنى پاكىزلاپ تۇرىدىغان مۇئەللىملەر بولمىغىنىدا، شەيتان بۇنى پۇرسەت بىلىدۇ-دە، مۇئەللىملىك قىلىشقا باشلايدۇ ۋە ئازغۇنلۇق دولقۇنىدا غەرق قىلىۋېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا، مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئەمەس، بەلكى بەدبەختىت (خارۇ زار) بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەت ئىچىدە ياخشى يولغا ۋە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدىغان، يامان يول ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدىغان، دىنىنى ئۆگىتىدىغان، دۇنيادا بەختلىك، ئەركىن ياشاشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئىلىم ۋە توغرا پىكىرلەردە باشلامچىلىق قىلىپ تۇرىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى شەرت. بۇ ئىش بولسا، ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرىدۇر.

بۇ ھەدىستە ئېيتىلغان «گۇرۇھ» تىن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن گۇرۇھ كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئىسلام مىللىتى زامان ۋە مۇھىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا قانچىلىك بىلىمسىز ۋە نادانلىق ئىچىدە قالسىمۇ، ھالى خاراپلىشىپ بالاغا ئۇچرىسىمۇ، خەلق ئىچىدە مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرىدىغان، مىللەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەر ھەمىشە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا كېرەك. بۇ تائىپەنىڭ، قۇرئان ۋە ھەدىس ئەھلى (قۇرئان ۋە ھەدىس مەزمۇنىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، مۇلاھىزە قىلىپ ئىش ـ ئەمەلىنى قۇرئان ھەدىسكە توغرىلاپ، باشقىلارغا شۇ بويىچە رەھبەرلىك قىلىپ تۇرغۇچىلار) دىن بولۇشى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم.

## 221 ـ ھەدىس: زىنانىڭ، ئوغرىلىق قىلىشنىڭ ۋە ھاراق ئىچىشنىڭ ناھايىتى ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**لَا يَزْنِي الزَّانِي حِينَ يَزْنِي وَهُوَ مُؤْمِنٌ وَلَا يَسْرِقُ حِينَ يَسْرِقُ وَهُوَ مُؤْمِنٌ وَلَا يَشْرَبُ حِينَ يَشْرَبُهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ وَالتَّوْبَةُ مَعْرُوضَةٌ بَعْدُ.** (صحيح البخاري)

زىنا قىلغۇچى زىنا قىلغاندا مۆمىن ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكەندە مۆمىن ھالىتىدە ئىچمەيدۇ، ئوغرى ئوغرىلىق قىلغاندىمۇ مۆمىن ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ. لېكىن بۇ ئىشنى قىلغۇچىلارغا تەۋبە ئىشىكى تاقاقلىق ئەمەس.

دۇنيادا بار بۇزۇقلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئانىسى (ئاساسلىق سەۋەبى) مۇشۇ ئۈچ ئىش بولۇپ، بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن نەسىل ۋە نەسەب (ئۇرۇق ـ ئەۋلاد) بۇزۇلىدۇ، خاتىرجەملىك يوقىلىدۇ. ئەقىل دېگەن نېمەت يوقىلىدۇ. ئەخلاق ئالىملىرى، بۇ ئىشلارنىڭ ئۇسال ۋە يامان ئىشلاردىن ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە ئوخشاش پىكىرگە ئىگە. بۇ ئىشلار ئىسلام دىنىنىڭ نەزىرىدە چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، ھالال ساناپ (گۇناھ ئەمەس دەپ تونۇپ) قىلغان ئادەملەردىن ئىماننىڭ ئۆزى چىقىپ كېتىدۇ (ئىسلام دىنىغا ئىشىنىش يوقىلىدۇ). ئەمما گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، نەپسىنى يېغالمىغانلىق سەۋەبىدىن قىلىپ سالغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىمان ئۆزى چىقىپ كەتمەي، ئىماننىڭ نۇرى چىقىپ كېتىدۇ. ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا، ئۇ ئىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ، چىن دىلىدىن (قايتا قىلماسلىق شەرتى بىلەن) تەۋبە قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ (ھەر ئىككى گۇناھ ئۈچۈن تەۋبە ئىشىكى ئېچىلىدۇ).

ئوغرىلىق قىلمىشلىرىغا ھازىرقى زامان تۈزۈملىرىنىڭ ھۆكۈملىرى ئېغىر، نازارىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، باشقىلارغا بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھاراق ئىچىش ۋە زىنا قىلىشتەك قەبىھ ئىشلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە قاتتىق مەنئى قىلمايدۇ. خەلق، بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش پاسىقلىقلارغا ئۆز ئىختىيارىچە مۇئامىلە ۋە ۋىجدانلىرىغا كۆرە ھەرىكەت قىلىشىدۇ. كىشىنى بۇ خىل قىلمىشلاردىن دىنى، ئەقلى، ئىنساپى ۋە ۋىجدانى تۇتۇپ تۇرمىسا، باشقا ھەرقانداق نەرسە توسۇپ قالالمايدۇ. زىنا قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئورۇنلار (پاھىشەخانىلار) نىڭ ئېچىلىشىغا يول قويىدۇ ۋە ئۇ يەرلەردىكى بۇزۇق ئاياللار دوختۇرلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇتۇلىدۇ. ھايا ۋە ئىنسانىيەت پەزىلىتىدىن مەھرۇم ئاياللار ئەرلەرگە سېتىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئورنىدا يۈرۈشىدۇ. يولدىن ئازغان ئادەملەر ھېچكىمدىن تارتىنماي، يۈزى قىزارماي ئۆزىنىڭ دىن يولىدىن ئازغانلىقىدىن ماختىنىدۇ، قەبىھ قىلىقلىرىنى ئاشكارا سۆزلەيدۇ. بۇ زاماندا «ئىففەت» (روھى پاكىزلىق) دېگەن ئىسمى بار ئۆزى يوق، ئېغىزدا بار ئەمەلىيەتتە يوق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. جانابى ئاللاھ ياردەم بەرمىسە، بەندىنى ئۆز دىنى ۋە ئەقلى ساقلاپ قالمىسا، ئۇنىڭ ئۇشبۇ بۇزۇقلۇقلارغا غەرق بولۇش يولى ئوچۇقتۇر. بەلكى بۇ ئىشلارغا زامان ۋە تورمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ. بۇرۇنقى خەلقنى ‹پەرىشتىلەردەك ئىدى› دەيمىز، بۇرۇنقى زامان ۋە بۇرۇنقى شەھەرلەرنى ‹پىردەۋس جەننىتى› ۋە ‹دارۇسسالام›غا ئوخشايتتى دېيىش ئارقىلىق ئىلگىرىكى زامان بىلەن ھازىرقى زامان ئارىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىمىز.

زىنا ـ پاھىشىگە دۇچار بولغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇنقەرز بولدى (مۇستەقىل ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالدى) ۋە ھەممىسى ئېغىر پالاكەت ۋە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. كەلدانىلەر، ئاشۇرىلىقلار، روماللىقلار، يۇنانلىقلار ۋە ئەرەبلەر مۇشۇ يولدا

قۇربان بولغان ئىدى. ئەمما يىگىرمىنچى ئەسىر مەدەنىيىتى بۇنىڭغا قارشى تۇرالامدۇ؟ ياكى بۇرۇنقىلاردەك مۇنقەرىزلىككە مەھكۇم بولارمۇ؟ بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. لېكىن شۇنى بىلىمىزكى، مۇسۇلمان كىشى بۇنداق قەبىھ قىلىقلاردىن يېنىشى، ئەقىل ۋە ئىنساپلىرىنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمران قىلىشى، زىنادىن، ئىسلام دىنىغا خىلاپ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم. كەيىپ ـ ساپا ۋە زىنادا لەززەت يوق، پاسىقلىق ۋە ئاسىيلىقتا ياخشىلىق يوق. شەھۋەتكە بېرىلىشنىڭ نەتىجىسى پەقەت بارماقنى چىشلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ھەسرەت ۋە نادامەتلەرنى بىرلىكتە ئېلىپ كېلىدۇ.

زىنا بىلەن ھاراقنىڭ يامرىشى، دىنىنىڭ ئاجىزلاشقىنىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالامەتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. زىنانىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە چوڭ ئامىللىرى ئەرلەردۇر. بۇلار ئەفىفە (زىناغا يېقىن كەلمەيدىغان روھى پاكىزە) ئاياللارنى ئازدۇرىدۇ. ئارقىدىنلا پۈتۈن ئەيىبنى ئاياللارغا ئارتىپ قويىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئاياللىرىنى روپاش قىلىپ، چىڭ تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ زىنا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئېھتىمال ئۇلار باشقا ئاياللارنى ئازدۇرساقمۇ، ئۆز ئاياللىرىمىز پاكىزە تۇرىدۇ دەپ گۇمان قىلىدىغاندۇ! لېكىن ئاياللارنى پاكىزە تۇتىدىغان، بۇزۇقلۇقلاردىن ساقلاپ قالىدىغان نەرسە رومال ۋە پەرەنجىلا ئەمەس، بەلكى تەربىيە، ئەقىل، دىن ۋە ئىنساپتۇر. شۇنداقلا ئەرلەرنىڭ روھنىڭ پاك (زىنادىن ساقلىنىدىغان) بولۇشىدۇر. ئۆزىنى پاكىزە تۇتمايدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىنى بۇزۇشتىن قورقمايدىغان ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ پاكىزە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **عفوا تعف نسائكم** «ئۆزۈڭلارنى زىنادىن ساقلاڭلار، ئاياللىرىڭلارمۇ ساقلىنىدۇ» دېگەن. ئۆزۈڭ قانداق ئىش قىلساڭ، ئۇنىڭ جازاسىمۇ شۇنداق شەكىلدە بولغانلىقىنى كۆرىسەن. ئىنسان تېرىغاننى ئورۇيدۇ. كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن قانداق ھىيلە ـ مىكىر قىسمىقى قۇرساڭ، كىشىلەرمۇ سەن ئۈچۈن شۇنداق ھىيلە ئىشلىتىدۇ. سەن بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئايالى قانداق ھىيلە ۋە چارە تاپسا، سېنىڭ ئاياللىڭمۇ شۇنداق ھىيلە ـ مىكىر يوللىرىنى ئىزدەپ تاپىدۇ. باشقىلارنى ئالدىغۇچىلار: «ئۆزۈم ئالدانمايمەن دېمىسۇن!» باشقىلارنىڭ ئائىلىسىنى قۇترىتىپ بۇزغۇچىلار ئۆز ئائىلىسىنىڭ قۇترىتىلىشى ۋە بۇزۇلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن.

زىنا ـ پاھىشە شەرىئەت تەرىپىدىنلا ئەمەس، بەلكى تېببىي جەھەتتىنمۇ چەكلىنىدۇ. مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنىمۇ ئىچىش ۋە چېكىشمۇ شۇنداق.

ئۇشبۇ ھەدىس شەرىپنىڭ شەرھىنى يېزىش جەريانىمىزدا، زامانىمىز تېۋىپلىرىدىن بىرى يازغان بىر ئەسەردە مۇشۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بىر تېمىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. كۆرستىلىشچە، ئامېرىكىنىڭ بىر مەشھۇر تېببىي مەكتىپىدە ئوقۇغان بىر خىرىستىيان تېۋىپ شەھۋەتكە بېرىلىشتىن ۋە تاناسىل ئەزالىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتىن ناھايىتى قورقىدىكەن. ئۇ بۇ ئىشنىڭ تېببىي جەھەتتىكى زىيانلىرىنى تىلغا ئېلىپ: «ئىسلام دىنىدىكى بۇيرۇق ۋە نەسىھەتلەرنىڭ ھېكمەتلىك (ياخشى ئاقىۋەتلىرى) ۋە ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىگە ئەجەبلەنمەي ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس» دەپ يازغان.

مەزكۇر تېۋىپ ئۇشبۇ زىيانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىش ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك نەسىھەتلەرنى يازىدۇ: ياشلارنى ئازغۇن (يەنى يولدىن ئازدۇرىدىغان) ئادەملەرگە قوشماڭلار، ئىشق ۋە مۇھەببەت توغرىسىدا يېزىلغان ھېكايە ۋە رومانلارنى ئوقۇتماڭلار، ئەدەبسىز ۋە ھاياسىز ئىشلارنى كۆرستىدىغان كىنو ۋە تىياتىرلار كۆرۈشكە، ساز ۋە نەغمىلەرنى ئاڭلاشقا بارغىلى قويماڭلار. ئەدەب ـ ئەخلاقتا ئاجىز ۋە ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ياش ئەرلەرگە ئاياللارنى قوشۇپ يولغا سالماڭلار (يەنى يولدا بىرگە ماڭمىسۇن ۋە بىر ئورۇندا ئىشلىمىسۇن). بالىلىرىڭلار توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ: «ئادەمگە قوشۇلمايدۇ، ياۋا ئادەم بولدى، ئادەمگەرچىلىك قائىدە ـ يوسۇن دېگەننى بىلمەيدۇ، كىشىلەر بىلەن سۆزلەشمەيدۇ، ئۆزىنى كۆرستىش قولىدىن كەلمەيدۇ» دېگەندەك ئەيىبلەشلىرى، بالىلىرىڭلارنىڭ بۇزۇق ئادەم ۋە بۇزۇق ئىشلارغا ئارىلىشىپ بۇزۇلۇپ، يولدىن ئېزىپ كەتكىنىدىن ئون ھەسسە، يۈز ھەسسە

ياخشىراقتۇر. بالىلىرىڭلارنىڭ بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولماي، بىكار تەلەپ بولۇپ قېلىشىغا يول قويماڭلار، ئۆيلەش ۋاقتى كەلگەندە، شەرئىيتكە مۇۋاپىق شەكىلدە توينى قىلىپ بېرىڭلار!

بۇ نەسىھەتلەرگە ئىزاھات بېرىپ شەرھىلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ھەممىسى ئىسلام دىنى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن ئىشلاردۇر.

«تەۋبىسى مەقبۇل بولىدۇ»، «تەۋبە ئىشكى ئوچۇق» دېگەن جۈملىلەرنىڭ مەنىسى: «ئىخلاس بىلەن (دىلدا يالغۇز ئاللاھنى ئويلاپ، بىۋاسىتە ئۇمىدىنى ئۇ زاتقا باغلاپ) تۇرۇپ قىلىنغان تەۋبىنى جانابى ئاللاھ ئۆزىنىڭ لۇتپى ئىنايىتى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. گۇناھ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تەۋبە قىلىپ پۇشايمان قىلغاندىن خاتا ئىشلاردىن ئۇزۇل-كېسىل ساقلانغان ياخشى.

## 222 ـ ھەدىس: ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنىڭ ھۆكمى

**لاَ يَشْرَبَنّ أَحَدٌ مِنْكُمْ قَائِماً. فَمَنْ نَسِيَ فَلْيَسْتَقِئْ.** (صحيح مسلم)

سىلەردىن ھېچكىم ئۆرە تۇرۇپ بىر نەرسە ئىچمىسۇن، ئەگەر ئۇنتۇپ قىلىپ ئىچىپ سالغان بولسا، قۇسۇۋېتىشكە تىرىشسۇن (بىلىپ تۇرۇپ ئىچكۈچىمۇ ئوخشاشلا قۇسۇشقا تىرىششى لازىم).

بۇ ھەدىستىن ئۆرە تۇرۇپ بىر نەرسە ئىچىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەشھۇر ئالىملاردىن ئىبنى ھەزىم مەزكۇر ھەدىس شەرىپىنىڭ زاھىرىنى (ئاشكارا مەزمۇنىنى) دەلىل قىلغان ھالدا، چاي، قەھۋە قاتارلىق ھالال سۇيۇق نەرسىلەرنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچىش ھارام دېگەن قاراشتا بولغان[108]. ئەمما مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئالىملار «ھارام ئەمەس» دېگەن قاراشتا بولۇپ، بۇ يەردە ئېيتىلغان ھەدىس شەرىپ تەنزىھ (يەنى ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىش مەكروھ، ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچمەسلىكنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى) نى بايان قىلىدۇ، ـ دەيدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەد «ئەلمۇۋەتتا» ناملىق كىتابىدا، ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز ۋە سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاسنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنى زىيانلىق دەپ قارىمايدىغانلىقىنى ھەمدە ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى قاتارلىق بۈيۈك ساھابىلەرنىڭمۇ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ، ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ بىر قىلمىش ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ھەزرىتى ئەبۇ ھەنىفىنىڭمۇ مۇشۇ پىكىردە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرغان ھالدا زەمزەم ئىچكەن»[109] دېگەن سۆزى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۆزى ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەندىن كېيىن: «بەزى كىشىلەر ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنى يامان كۆرىدۇ. ھالبۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەندەك ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكىنى كۆردۈم»[110] دېگەن سۆزى، شۇنىڭدەك ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا ئۆرە تۇرۇپ ئاش ـ تاماق يەيتتۇق ۋە سۇ ئىچەتتۇق»[111] دېگەن سۆزى ھەمدە يەنە بىر ساھابىنىڭ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يالاڭ ئاياق ھالدىمۇ، كەشى بىلەنمۇ ناماز ئوقۇغانلىقىنى ۋە ئۆرە تۇرۇپمۇ، ئولتۇرۇپمۇ سۇ ئىچكەنلىكىنى كۆردۈم» دېگەن ھەدىسى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئۆرە تۇرۇپ بىر نەرسە ئىچىشتىن توسقان ھەدىس شەرىپلەرنىڭ بار بولغىنىدەك، ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى بىلدۈرىدىغان ھەدىس شەرىپلەرمۇ بار. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دەلىللىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، جۇمھۇر (يەنى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئالىملار) ئۆرە تۇرۇپ تائام يېيىش ۋە سۇ ئىچىش شەرىئەتتە دۇرۇس، بۇ ئىشلارنى قىلىپ سالغان

---

[108] پەتھۇلبارى 10 ـ قىسىم 67 ـ بەت.

[109] بۇخارى 6 ـ قىسىم 248 ـ بەت.

[110] بۇخارى 6 ـ قىسىم 248 ـ بەت.

[111] تىرمىزى 3 ـ قىسىم 10 بەت.

كىشى گۇناھكار ھېسابلانمايدۇ، ئەمما ساقلانغان ياخشى (ئۆرە تۇرۇپ تائام يېمەسلىك، سۇ ئىچمەسلىك ياخشى)، دەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۆرە تۇرۇپ يېيىش ياكى ئىچىشنىڭ دۇرۇس ياكى ئەمەسلىكى ئورۇن ۋە شارائىتقا قاراپ بولىدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە ئۆرە تۇرۇپ ئاش ـ نان يېيىش ۋە ئىچىش دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، بۇ ھەدىسنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندىم. ئەگەر بۇ سۆز راست بولسا، ئەلۋەتتە، بۇنداق ئىشقا ئادەتلەنمەسلىك ۋە مۇمكىن قەدەر ساقلىنىش لازىم. بۇ ھەدىسنى بۇ يەردە زىكىر قىلىشىمغا مەزكۇر سۆزنى ئاڭلىغانلىقىم سەۋەب بولدى.

بىزنىڭ كۆپىنچە كىشىلىرىمىز ئولتۇرغان ۋاقىتدا ئىلىپ كېلىنگەن زەمزەمنى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچىدۇ ۋە بۇ ئىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەمزەمنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچكەنلىكىنى دەلىل قىلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق بىر نۇقتا بار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى تۆگە ئۈستىدە تۇرۇپ تاۋاپ قىلدى، ئاندىن كېيىن تۆگىدىن چۈشۈپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن كېيىن تۆگىگە مىنىپ ساپا ـ مەرۋىگە يۈزلەندى. ھەدىسنى شەرھىلىگۈچىلەر: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەمزەمنى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۆگىسىدىن چۈشكەندە، ئۆرە تۇرۇپ ئىچكەن بولسا كېرەك»[112] دەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەمزەمنى ئولتۇرغان يېرىدىن قوپۇپ ئىچكەن ئەمەس، بەلكى ئۆرە تۇرغان ھالىتىدە ئىلىپ كېلىنگەن زەمزەمنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچكەن بولىدۇ. ھەتتا شۇ ۋەقەنىڭ ئۆزىدە ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى شەئبى ئىبنى ئاباسنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەمزەمنى ئۆرە تۇرغان ھالدا ئىچتى» دېگەن ھەدىسنى ئىكرەمەگە سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم، ئىكرەمە: «توغرا ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەمزەمنى تۆگە ئۈستىدە تۇرغان ھالىتىدە ئىچتى، دەپ قەسەم قىلدى» دېگەن مەزمۇندا سۆز قىلىدۇ[113].

يېقىنقى ئىمام بولغان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، بىر مەھەللىدىكى ئۆلىمالار مەجلىسىگە دەۋەت قىلىنغان ئىدىم، زەمزەم سۈيى ئىلىپ كېلىندى، مەجلىستە باش بولۇپ ئولتۇرغان قېرى بىر ئىشان زەمزەمنى قولىغا ئىلىپ، يېنىدا ئولتۇرغان كىشىلەرگە تايىنىپ تەستە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئارقىسىنى سورۇندىكىلەرگە، يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ تۇرۇپ زەمزەمنى ئىچتى. بۇ ئادەمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمۇ ئۇ ئادەمگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇپ ئىچتى. تۆۋەن تەرەپتە (شىمالغا) قاراپ ئولتۇرغان بىر موللامغا نۆۋەت كەلگەندىن كېيىن، ئۇ زەمزەمنى ئورنىدىن تۇرۇپ، قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ ئىچمەستىن ئولتۇرغان پېتىلا ئىچىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى قېرى ئىشان بىلەن ئۇنىڭ شاگىرت ـ مۇرىدلىرى بۇ موللامغا ناھايىتى يامان رەۋىشتە ھۇجۇم قىلدى. ئاسمان يىقىلغۇدەك دەرىجىدە غوۋغا كۆتۈرۈشتى، بىر قېرى ئىككى ئېغىز گەپنىڭ بىرىدە: «ئىشەنچلىك ئۇستازغا (ھېلىقى ئىشاننى دېمەكچى) خىلاپلىق قىلىش نېمە دېگەنلىك؟! مۇنداقمۇ ئىنساپسىزلىق بولامدۇ؟» دەپ خىتىلداپ، كۆزىدىن ياش چىقارماي يىغلايتتى. شەئبىنى قەسەم قىلدۇرغان كىشىلەردەك، بۇ موللامنىمۇ «زەمزەم سۈيىنى ئۆرە تۇرۇپ قىبلىگە قاراپ ئىچىش دۇرۇسلا ئەمەس، بەلكى زۆرۈر پەرز ئىشلارنىڭ قاتارىدىن» دەپ قەسەم قىلدۇرىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ ئولتۇرغان ئىدىم، ئۇ موللامۇ ئۇلارغا بويسۇنۇپ كەتمىدى، بىئارام بولۇپ تەمتىرەپمۇ قالمىدى ھەم چاندۇرۇپمۇ كەتمىدى. سۆزنى قويۇپ بەرمەي سۆزلەپ تۇرۇۋالماي، بەلكى ئۇلارغا غالىب كەلدى. لېكىن ئۇ سورۇندا گەپنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىغۇدەك ئەقلى ۋە بىلىمى بار ئادەم يوق ئىدى، ئۇ يەردە زامانىنىڭ مۇدەررىس ۋە ئىشانلىرى بار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇمىلاق تاۋۇز جان باقارلار ئىدى. شۇڭا بۇ مەزلۇم (ناھەق زۇلۇمغا ئۇچرىغان) موللامنىڭ ھەقىقەتتە غالىپ كەلگەنلىكى بىلىنمەي قالدى.

---

[112] پەتھۇلبارى 10 ـ قىسىم 69 ـ بەت.
[113] ئىبنى ماجە 2 ـ قىسىم 175 بەت.

# 223 ـ ھەدىس: مۆمىن كىشىنىڭ بىر خاتالىقنى ئىككىنچى قېتىم سادىر قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا

**لَا يُلْدَغُ الْمُؤْمِنُ مِنْ جُحْرٍ وَاحِدٍ مَرَّتَيْنِ.** (صحيح البخاري)

مۆمىن بىر تۆشۈكتە (يىلانغا) ئۆزىنى ئىككى قېتىم چاقتۇرمايدۇ.

يىلان تۆشۈكىدە دىققەتسىزلىكتىن ئۆزىنى يىلانغا چاقتۇرۇپ قويغان كىشى، ئىككىنچى قېتىم ئۆزىنى يەنە شۇ تۆشۈكتە يىلانغا چاقتۇرمايدىغانلىقى ئېنىق. بۇ ھەدىس شەرىپ بولسا، مۆمىن كىشى بىر قېتىم خەۋپكە ئۇچرىغان نەرسىگە ئىككىنچى قېتىم ئالدانمايدىغانلىقىغا، ئۇنىڭدىن ساقلىنىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ئەقلى، پىكرى ۋە ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئىككى قېتىم ئالدىنىشىغا توسالغۇ بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

بۇ سۆزنى تۇنجى قېتىم سۆزلىگەن كىشى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچكىم بۇ سۆزنى سۆزلەپ باقمىغان. مەككە مۇشرىكلىرىدىن بەدرى ئۇرۇشىغا كەلگەن ئەبۇ ئىززەتىل جەھمى ئىسىملىك شائىر شۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار تەرەپتىن ئەسىرگە ئېلىنغان ئىدى. ئۆزىنىڭ پېقىر ۋە ئائىلىسىنىڭ موھتاجلىقىدىن ئەھۋال ئېيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. ئۇ، مەككىدىكى چېغىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق ئەزىيەت يەتكۈزگەن، گەپ توقۇپ ھەر خىل تۆھمەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىدىن كېيىن يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا تىل ئۇزارتماسلىققا ۋەدە قىلدۇرۇپ، ئائىلىسىنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن قويۇپ بېرىپ، بىر قېتىملىق كەڭچىلىك قىلغان ئىدى. لېكىن بۇ ئادەم مەككىگە قايتقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەنە مۇسۇلمانلار ھەققىدە يامان گەپ ـ سۆزلەرنى تارقاتتى ۋە «يېقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىككىنچى قېتىم ئۇھۇد ئۇرۇشىغا چىقتى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، «ھەمرائۇلئەسەد» دېگەن جايدا يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ بۇ قېتىم يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بالىلىرىمنىڭ ھەققىدە مېنى قويۇپ بەرگىن، بۇنىدىن كېيىن ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلمايمەن» دەپ يېلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۆمىن كىشى بىر يىلان تۆشۈكىدە ئىككى قېتىم چېقىلمايدۇ» دېدى ۋە ئۇنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىشكە بۇيرۇدى.

مەزكۇر سۆز ئادەتتە ئۆز ئارا مۇئامىلىلەردە خەلق ئىچىدە تەمسىل ئورنىدا ئىنتايىن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىنسان دۇنيادا ياشىغان ئىكەن خاتالىق ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن، بۇ ئەيىب ئىش ئەمەس. خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سېلىشتىن قورققان كىشىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ. ئەمما، بىر خاتالىقنى ئىككىنچى قېتىم سادىر قىلىش ئەيىبتۇر. ئادەم بالىسى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى خاتالىقىدىن ئىبرەت ئېلىشى ۋە شۇ خاتالىقنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىماسلىقى لازىم. مەزكۇر ھەدىس شەرىپتە بۇ نۇقتا مەقسەت قىلىنىدۇ.

# *224* ـ ھەدىس: ئاللاھ ھەققىدە ياخشى گۇماندا بولۇش

**لاَيَمُوتُنَّ اَحَدُكُمْ إِلاَّ وَهُوَ يُحْسِنُ الظَنَّ بِا اللهِ عَزَّ وَجَلَّ.** (رياض الصالحين)

سىلەردىن ھېچكىم ئاللاھ ھەققىدە ياخشى گۇماندا بولماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتمىسۇن!

ئاللاھ تائالا ھەققىدە ياخشى گۇمان قىلىش «ئۇنى ياخشى كۆرۈش، ئەمر ـ پەرمانىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىشقا تىرىشىش ئۇچۇن قەتئىي ئىرادىگە كېلىش ۋە ئاللاھنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىنى ئۈمىد قىلىش» تىن ئىبارەتتۇر. لېكىن: «پەرۋەردىگارىم كەچۈرۈم قىلىۋېتىدۇ» دەپ ھەممىشە بىكار يۈرۈش، بۇزۇق ئىشلار بىلەن ھاياتىنى بىھۇدە زايە قىلىۋېتىش ئاللاھ ھەققىدە ياخشى گۇمان قىلىش ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزىنى ئالدىغانلىقتۇر.

مەسىلەن، دېھقان ئۆزىنىڭ يېرىگە ياخشى ئۇرۇقنى سېلىپ، ئوبدان سۇغۇرغاندىن كېيىن: «ئاللاھ تائالا بېرەر» دەپ ئاللاھ ھەققىدە ياخشى گۇمان قىلىشى لازىم. يېرىنى ياخشى سۇغۇرماي، ئۇرۇغنىڭ ياخشىسىنى تاللىماي «ئاللاھ تائالا بېرەر» دەپ ئولتۇرۇش ئاللاھ ھەققىدە ياخشى گۇماندا بولغانلىق ئەمەس، بەلكى ئەخمەقلىقتۇر. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى جانابى ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسان ئۆلۈم كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىغا پۇشايمان قىلسا: «بۇندىن كېيىن بۇنداق يارىماس ئىشلارنى قىلمايمەن» دەپ چىن قەلبىدىن ئىرادىگە كېلىپ: «جانابى ئاللاھ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلماس» دېگەن ئۈمىدتە بولسا، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش. ھەدىس شەرىپمۇ شۇنداق ئىشنى تەسۋىرلەيدۇ. جانابى ئاللاھ بەندىلەرگە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا مۇناسىپ مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا، بولۇپمۇ ئاخىرقى سائەتلەردە (جان ئۈزۈش ئالدىدا) جانابى ئاللاھنىڭ لۇتفى ۋە كەرەمىدىن ئۈمىدسىزلىنىش پەقەتلا ياخشى ئەمەس. تېنى ساق ـ سالامەت ۋە ھەرقانداق ئىش قولىدىن كېلىدىغان ۋاقتىدىمۇ، ھەممىشە جانابى ئاللاھنىڭ رەھمىتىن ئۈمىدۋار بولۇش، غەزىپىدىن قورقۇش لازىم. ئەمما ئاخىرقى لەھزىلەردە پۇرسەت قولدىن كەتكەن، ئىلتىجا قىلىشتىن باشقا يول قالمىغاندىن كېيىنكى بىرلا چارە، جانابى ئاللاھنىڭ چەكسىز رەھمىتىگە ئۆزىنى ئېتىش ۋە ياخشى گۇمان قىلىشتۇر.

# 225 ـ ھەدىس: ھالال كەسىپ قىلىشقا تەشەببۇس قىلىش توغرىسىدا

**لَأَنْ يَأْخُذَ أَحَدُكُمْ حَبْلَهُ ثُمَّ يَغْدو إِلَى الْجَبَلِ فَيَحْتَطِبَ فَيَبِيعَ فَيَأْكُلَ وَيَتَصَدَّقَ خَيْرٌ لَهُ مِنْ أَنْ يَسْأَلَ النَّاسَ.** (صحيح البخاري)

سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ قولىغا ئارغامچا ئېلىپ، تاغدىن ئوتۇن يىغىپ، ساتقان پۇلىغا ئۆزىمۇ يەپ ـ ئىچىپ، سەدىقىمۇ قىلغىنى كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلىگىنىدىن (كۆپ) ياخشى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ماڭلاي تەرىنى ئاققۇزۇپ، پۇت ــ قولىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئاش ـ نان تېپىپ يېيىشكە ۋە جاپا ــ مۇشەققەت تارتىسمۇ كۈچ سەرپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. باشقىلاردىن تىلەش، تەمە قىلىشتەك، ئۆزىنىڭ ئىززىتىگە خىلاپ ئىشلارنى تاللاشقا رازى بولمايدۇ. كەسىپ قىلىپ كۈن كەچۈرۈشنىڭ ھەممىدىن ئارتۇقلۇقى ھەققىدە مۇشۇ ھەدىس شەرىپ يېتەرلىكتۇر. بىر ئەرەب شائىرى:

**لاتكن طالبا فى يدى الناس، فيزور عن لقاءك الصديق،**

**إنما الذل فى سؤالك للناس و لو في السؤال أين الطريق؟**

«كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىنى تىلىمە، دوستۇڭ سەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىش، (ئادەمنى) خار قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا: «يول نەدە؟ دەپ سورىساڭمۇ» دېگەن ئىبرەتلىك شېئىرنى يازغان.

شۇنىڭدەك ئۆزىمىزنىڭ بىر شائىرى بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

ئەسنەپ يېتىپ پۇل تاپقان تەۋۋادىن،
ئىش قىلىپ پۇل تاپقان پاسىقلار ياخشىراق.
ئەل تالاپ ئېغىزغا كىرگەن ھالاۋىدىن،
يەر چاناپ تېپىلغان ئاش ـ نان ياخشىراق.

دۇنيادا قانچىلىك بىلىملىك كىشى، سەنئەتكار، كەشپىياتچى ۋە ھۈنەر ـ سانائەت ئىگىلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارغا ئەمەس، بەلكى ئۆزى كۈچىگە تايىنىپ ياشايدىغان كىشىلەردۇر. بۇلارنى ساناپ ئۆتۈش، ئىسىملىرىنى زىكىر قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنى تارىخچىلار ياخشى بىلىدۇ.

ھېكايەت: ياۋروپالىق مەشھۇر ۋەزىرلەردىن بىرى بىر دوستى بىلەن ئوۋغا چىققاندا، ئاغىنىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر ساسلىقتا كۆكرىكىگىچە لايغا پېتىپ قاپتۇ. ۋەزىر دوستىنىڭ لايغا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن، يىغلاپ ــ يالۋۇرۇشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇتقۇز، باشقىلارغا ئىشەنمە!» دەپ دوستىغا ياردەم قىلماپتۇ. دوستى ناھايەت بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆزىنى ئۆزى قۇتۇلدۇرۇپتۇ.

ياۋروپانىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشىدە، مەزكۇر كىشىگە ئوخشاش ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش، ھەر قانداق ئەھۋالدا باشقىلارغا ئۈمىد باغلىماسلىقتەك روھىي ئىنتايىن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

## 226 ـ ھەدىس: ھىدايەتكە سەۋەبكار بولۇشنىڭ پەزىلىتى

**لِأَنْ يَهْدِيَ اللهُ عَلَى يَدَيْكَ رَجُلاً خَيْرٌ لَكَ مِمَّا طلَعَتْ عَلَيْهِ الشَّمسُ وَغَرُبَتْ.** (الجامع الصغير)

سىنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ بىر ئادەمگە ھىدايەت ئاتا قىلىشى، سەن ئۈچۈن كۈن چىقىپ پاتقان نەرسىنىڭ (پۈتۈن يەر يۈزى بايلىقىنىڭ) ھەممىسىنى سەدىقە بەرگىنىڭدىن ياخشىراقتۇر.

ئوقۇتقۇچىلار – ئىلىم تارقاتقۇچىلارنىڭ، مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەرنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىنى راۋاجلانسۇن دەپ پۇل ـ مال سەرپ قىلغۇچىلارنىڭ نىيىتى: «بىزنىڭ سەۋەبىمىز بىلەن بىرەر كىشى بولسىمۇ توغرا يول تېپىپ قالسۇن» دېيىشتىن ئىبارەت بولسا، ئۇلارنىڭ قىلغان خىزمىتى مانا مۇشۇ ھەدىسنىڭ روھىغا توغرا كېلىدۇ.

# 227 ـ ھەدىس: پارا ئېلىش ۋە بېرىشنىڭ گۇناھى

**لَعَنَ اللهُ الرَّاشِي وَالْمُرْتَشِي وَالرائشَ الَّذِي يَمْشِي بَيْنَهُمَا.** (الجامع الصغير)

پارا بەرگۈچىگە، پارا ئالغۇچىغا ۋە ئارىچىلىق قىلغۇچى (يەنى ئۇ ئىككىسىنىڭ پارا ئېلىپ، پارا بېرىشىگە سەۋەب بولغۇچى) غا ئالالاھ لەنەت قىلىدۇ.

ئۆز پايدىسىغا ھۆكۈم قىلسۇن ئۈچۈن ياكى مەن ئۈچۈن گەپ قىلسۇن، ماڭا ئاۋاز بەرسۇن دەپ قازى، ھاكىم ۋە ھوقۇقدارلارغا بېرىلىدىغان پۇل ـ مال ۋە سوۋغا ـ سالاملار پارا ھۆكمىگە كىرىدۇ.

پارا ئېلىشنىڭ ھاراملىقىغا ئالالاھ تائالانىڭ: **(وَلَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ)** يەنى ئاراڭلاردا ماللىرىڭلارنى باتىل (يول) بىلەن يېمەڭلار.[114] دېگەن ئايەت دەلىل قىلىنىدۇ. ھەقىقەتتە بىرەر ۋاستە بىلەن ياكى ۋاستىسىز پارا ئېلىش ھارام ئىشلارغا سەۋەب بولىدۇ.

ئۇ: «ئەشرەت ئۇلۇغنجا خاتىرا گەلمەز خاتا ـ ساۋاب،

رىشوەت ئۇلۇغنجا قالە ئالىنماز ھالال ـ ھارام.»

«ئادەم راھەت ـ پاراغەتتە بولغاندا خاتالىق، توغرىلىق يادىغا كەلمەيدۇ، پارا بولىدىكەن ھالال ھاراممۇ دېيىلمەيدۇ.»

بەزى فەقىھلەر پارىنى تۆۋەندىكى تۆرلەرگە ئايرىيدۇ:

1ـ قازى بولۇش ئۈچۈن پارا بېرىش ۋە ئېلىش ھارام بولۇپ، بۇ يول بىلەن قازى بولغان كىشى شەرىئەت ئالدىدا قازى ھېسابلانمايدۇ.

2ـ ئۆز پايدىسىغا ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن قازىغا پارا بېرىش ھارام بولۇپ، بۇ ھۆكۈممۇ مەيلى توغرا، مەيلى ناھەق ھۆكۈم قىلسۇن ھەم ئالغۇچى ھەم بەرگۈچى ئۈچۈن كۈچكە ئىگىدۇر.

3ـ ئۆزىنىڭ جېنىغا ياكى مال ـ مۈلكىگە كېلىدىغان زۇلۇمنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن پارا بېرىش. بۇ پارا ئالغۇچىغا ھارام بولسىمۇ، بەرگۈچىگە ھارام ئەمەس (بەرگۈچى گۇناھكار بولمايدۇ).

بۇرۇندىن تارتىپ سوۋغات بېرىپ ئادەتلەنمىگەن ياكى قازىدا بىرەر ھاجىتى بولغان كىشىنىڭ قازىغا ھەدىيە، سوۋغا ـ سالام دەپ بەرگەن نەرسىسى پارىدۇر. قازى، بۇرۇندىن تارتىپ ھەدىيە ۋە سوۋغا ـ سالام قىلىپ ئادەتلەنگەن كىشىنىڭ (قازىنىڭ ھۆكمىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولمىسا) بۇرۇنقى ئادىتىدىن ھالقىپ كەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا قىلغان ھەدىيەسىنى ئالسا بولىدۇ، دەيدىغانلارمۇ بار. پارا ـ پارا ئالغۇچىنىڭ مۈلكى ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يا ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش لازىم ياكى

---

[114] سۈرە بەقەر 184 ـ ئايەت.

كۆپچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارغا تاپشۇرۇشى لازىم. بىزنىڭ مەھەللە ئىماملىرى مەھەللىدىكى نىكاھ ـ تالاق دەۋالىرىدا شەرىئەت قازىلىرىنىڭ رولىنى ئويناۋاتقان بولغاچقا، بۇ مەسىلىلەر ئۇلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. پۈتۈن جامائەتكە تەئەللۇق ۋەقپە يەرلەرنى سېتىش ۋاقتىدا باشقۇردلارنىڭ قوشتان (يۈز بېشى ـ ئاۋاڭ) لىرى تەرىپىدىن «تومنى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئېلىنىدىغان ئاقچە (پۇللار) نىڭ ھارام ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

# 228 ـ ھەدىس: پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالغۇچى قەۋم ھەققىدە

**لَعَنَ اللَّهُ قَوْمًا اتَّخَذُوا قُبُورَ أَنْبِيَائِهِمْ مَسَاجِدَ.** (مسند أحمد)

پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالغۇچى قەۋمگە ئاللاھ لەنەت قىلدى.

ئىسلام شەرىئىتى، قەبرە ئىگىسىنىڭ «مەبۇد» بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەبرە ئۈستىدە ناماز ئوقۇشتىن توسقان. بۇ ھۆكۈم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ساھابىلەرگىلا خاس بولماستىن، بەلكى پۈتۈن زامان ۋە ماكانلاردا كۈچكە ئىگە ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر. پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىدىن باشقىمۇ ھەرقانداق بىر قەبرە بېشىدا ناماز ئوقۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئەگەر قەبرە ئۈستىگە مەسجىد سېلىشتا مېيىتنى يادىغا كەلتۈرمىگەن، ئۇنى تەۋەررۈك بىلىشنى مەقسەت قىلمىغان، پەقەت مەسجىد سېلىشقا توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا مەسجىد سېلىنغان بولسا، ئۇ ھالدا لەنەتكە تېگىشلىك بولمايدۇ. بۇ ھەقتە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: **أَلَا وَإِنَّ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ كَانُوا يَتَّخِذُونَ قُبُورَ أَنْبِيَائِهِمْ وَصَالِحِيهِمْ مَسَاجِدَ أَلَا فَلَا تَتَّخِذُوا الْقُبُورَ مَسَاجِدَ إِنِّي أَنْهَاكُمْ عَنْ ذَلِكَ.** (صحيح مسلم)

«دىققەت قىلىڭلار! سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۆتكەن كىشىلەر ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋە ياخشى ئۆتكەن كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالغان، دىققەت قىلىڭلار قەبرىلەرنى مەسجىد قىلىۋالماڭلار، مەن سىلەرنى بۇنىڭدىن توسىمەن» مانا بۇ ھەدىس شەرىپ مېيىتكە يېقىنلىق قىلىش يۈزىسىدىن ياسالغان مەسجىدلەر ۋە ئۇ مېيىتنى تەۋەررۈك بىلىپ (قەبرىدىكى ئۆلۈغ كىشىگە ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن پايدا ئۈمىد قىلىپ) ئوقۇغان ناماز ھەققىدە كەلگەن.

مېيىتنى يوقلاش مەقسىتى بىلەن قەبرىستانغا بارغاندىن كېيىن، شۇ مېيىتتىن يېقىنلىق ئىزدەشنى مەقسەت قىلىپ ياكى ئۇنىڭدىن بىرەر پايدا ئۈمىد قىلىپ ناماز ئوقۇش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر پەرز نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن قورقسا، مېيىتنى يادىغا كەلتۈرمەي قەبرە بېشىدا پەرز نامىزىنى ئادا قىلسا بولىدۇ.

تەپسىر ۋە ھەدىس ئالىملىرى، سەلەپى سالىھىنلارنىڭ ھايات پائالىيىتىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار كىشىلەر مەزكۇر ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ قەبرىستانغا ئۆي، دۇئاخانا سېلىشتىن، چىراغ ياندۇرۇشتىن توسقان. ئەمما قەبرىگە بەلگە قىلىش ئۈچۈن تاش قويۇپ قويۇش ياكى دەل ـ دەرەخ ئۆستۈرۈپ قويۇش ۋە شۇ تاشقا ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويۇش، ئۆز ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى كۆمۈش ئۈچۈن بىرەر ئالامەت قىلىپ قويۇش مەكروھ ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇ داۋۇد مەتلەب ئىبنى ئەبى ۋەدائەدىن «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسمان ئىبنى مەزئۇنىنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە بەلگە قىلىپ تاش قويدى ھەمدە ئۆز ئەھلىمدىن ۋاپات بولغۇچىلارنى مۇشۇ يەرگە كۆمىمەن» دېدى دېگەن مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى تەيمىيە «ئىخلاس سۈرىسىنىڭ تەپسىرى» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ساھابە ۋە تابىئىنلار تەرىپىدىن ھېچ بىر پەيغەمبەر ۋە ھېچ بىر سالىھ، ياخشى دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ قەبرىسىگە ياكى ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇغان ۋە ئولتۇرغان يەرلىرىگە مەسجىد سېلىش، كىشىلەر يىغىلىپ تۇرىدىغان يەر قىلىۋېلىش (يەنى دۇئاخانا قىلىۋېلىش) تەك ئىشلار رىۋايەت قىلىنمىغان (ھەمدە ئۇ ئىشلارنى قىلىش ھەققىدە بىرەر سۆز ـ ئىشارىمۇ كەلمىگەن). ساھابە ۋە تابىئىنلار بىرەر زۆرۈرىيەت بولۇپ

قالمىغاندا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىرەر ئىشنى قىلغان يېرى دەپ بىرەر يەرنى زىيارەت قىلمىغان ھەمدە ئۇ يەردە نامازمۇ ئوقۇمىغان. ئەگەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەسىرى بولغان يەرلەردە ناماز ئوقۇغان بولسا، بۇ ئىشلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەسىرى بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى نامازنىڭ ۋاقتى كېلىپ شۇ يەردە ناماز ئوقۇشقا توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن بولاتتى. ھاجەت تىلەش، دۇئا قىلىش مەقسىتى بىلەن ياكى ئۇلارنىڭ بېشىدا ئوقۇغان ناماز ۋە قىلغان ئىبادەت ۋە دۇئا ـ تەلەپنىڭ ساۋابى باشقا يەردە قىلغاندىن كۆپرەك بولىدۇ دەپ، پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلارنىڭ (پاشايىم، سۇلتانىم ۋە غوجاملارنىڭ) قەبرىلىرىگە بېرىش، ئەھلى ئىسلام ئىماملىرىنىڭ بىرلىك قارارى بويىچە زالالەتتۇر (دىن يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلىكتۇر).

مازارلاردىن ۋە شەيخلەر (پىر كامىللار) دىن مەدەت تىلەش ئادىتى ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلاردا يوق ئىدى. مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا بۇ ئادەتنى بىلمىسىز، كاج سوپىلار پەيدا قىلدى. خەلقلەرگە ياخشى ئىش چىقىرىپ بەرگەن كىشىلەردەك بولۇپ كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى تۆۋەندىكى سۆزگە توغرا كېلىدۇ:

| | |
|---|---|
| **فساد كبير عالم متهتك** | **وافسد منه جاهل متنسك** |
| **هما فتنة فى العالمين عظيمة** | **لمن بهما فى دينه يتمسك** |

«يامان نەپسى ئۇچۇن دىنىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈپ خارلاشتۇرغان موللا چوڭ بۇزۇقتۇر، ئىبادەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمىگە مۇۋاپىق قىلىشنى بىلمىگەن ئابىد تېخىمۇ چوڭراق بۇزۇقتۇر. بۇ ئىككىسى، ئۆزىنىڭ دىنىي ئىشلىرىدا بۇ ئىككى خىل بۇزۇقنىڭ سۆز ۋە قىلمىشىنى چىڭ تۇتقان كىشى ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پىتنە (ئازدۇرغۇچى) دۇر.»

# 229 ـ ھەدىس: چاچ ئۇلاش ـ ئۇلىتىش، خال قويۇش ـ قويدۇرۇشنىڭ مەنئى قىلىنىشىدىكى ھېكمەت

**لَعَنَ اللَّهُ الْوَاصِلَةَ وَالْمُسْتَوْصِلَةَ وَالْوَاشِمَةَ وَالْمُسْتَوْشِمَةَ.**(صحيح البخاري)

چاچ ئۇلىغۇچى ۋە چاچ ئۇلاپ قويغۇچى ئاياللارغا، خال قويغۇچى ۋە خال قويدۇرغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ.

ھەدىس شەرھلىگۈچىلىرى، بۇ ئىشلارنىڭ ھارام بولۇشىدىكى سەۋەبنى: «جانابى ئاللاھنىڭ يارىتىشتىكى كۆرۈنۈشىنى شەرىئەت رۇخسەت قىلمىغان يول بىلەن ئۆزگەرتكەنلىكتۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىرقى كۈندە بۇ ئىشلار يۇقۇملۇق، داۋاسىز كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ، دېيىلىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىككى خىل سەۋەب بىر ـ بىرىگە زىت بولمىسا كېرەك. كېلىچەكتە كىشىلەر ئىلىم ـ پەننىڭ ياردىمى بىلەن بۇنىڭدىن باشقا ئۈچىنچى بىر خىل سەۋەبنى كەشىپ قىلىپ چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

بۇ ھەدىستىن مەقسەت چاچنى زىننەتلەش، پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈشنى چەكلەش ئەمەس. چاچ ـ ساقالنى تاراش، ياغلاش ۋە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلەنمىگەن. بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنى مەقسەت قىلىپ چاچ ـ ساقالنى تارىسا، ياغلىسا ساۋاب بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاچ ۋە ساقاللىرىنى تارايتتى، ياغلايتتى، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتەتتى. سەپەردىمۇ ئەينەكنى يېنىدىن ئاجراتمايتتى. ھەج قىلغاندا چاچ چۈشۈرۈش ياكى قىرقىش ھەجنىڭ زۆرۈر پائالىيەتلىرىدىن بولسىمۇ، ئەمما ھەجدىن باشقا چاغلاردا بۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى زۆرۈر ئىشلاردىن ئەمەس. چاچنى چۈشۈرۈش ياكى ئۇزۇن ئۆستۈرۈش پەقەت ئۆرپ ـ ئادەت، ئەنئەنىگە كۆرە بەلگىلىنىدىغان بولۇپ، دىن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. مۇھەددىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېچىنىڭ قولىقىنىڭ يۇمشىقىنىڭمۇ ئاستىدا ئىكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ[115]. ساھابە كىراملارنىڭ چاچلىرىمۇ ئۆسۈك ئىدى. ئەگەر بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابە كىراملىرىغا ئەگىشىش مەقسىتىدە چېچىنى قويۇپ بەرسە، ساۋابقا ئېرىشىشى مۇمكىن. بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ چاچ قويۇشقا مۇتلەق قارشى تۇرۇشى بولسا، دىن بىلەن ئۆرپ ـ ئادەتنى ئايرىيالمىغانلىقتىن، «كاپىر مىللەتلەرگە ئوخشىۋالغانلىق بولىدۇ» دەپ قارايدىغان نادانلىقنى چىقىش قىلسا كېرەك. ئەسىرى سائادەتتە (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا) ياخشى كۆرۈلگەن ئىشلارنى قىلسا زىيان يوق. ئۇ ئىش مەيلى ياۋرۇپالىق خرىستىيانلار بولسۇن، مەيلى ئاسىيالىق خىتاي، قالماق، ھىندىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشاپ قالغان بولسۇن، بۇنىڭ كېرىكى يوق. بۇ ئىشلارنى قىلغاندا شۇ ئەجنەبىي مىللەتلەرنى دوست تۇتۇش نىيىتىدە بولماي، ئەينى زاماندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ پاك ساھابىلىرى قىلغان بولغانلىقى ئۈچۈنلا قىلسا، زىيان يوق. كۈنىمىزدە مۇسۇلمان زىيالىيلار بىلەن قارا رۇسلار چاچلىرىنى ئۆستۈرۈپ يۈرىدۇ. ئەمما ئاۋام موسۇلمانلار بىلەن زىيالىي رۇسلار چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ يۈرىدۇ، بۇ ئىشلار ئاساسەن ئۆرپ ـ ئادەتكە ئالاقىدار ئىشلار بولۇپ، دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس.

---

[115] مۇسلىم 3 ـ قىسىم 217 ـــ بەت.

چاچقا چاچ ئۇلاش ئادىتى بۇرۇنقى زاماندا پارس خەلقى ۋە ئەرەبلەردە ئومۇملاشقان ئىش ئىدى. بۇ دەۋردە پەرەڭلەردە، رۇسلاردا تارقالغانلىقى مەلۇم. رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا بارمۇ يوقمۇ بىلمەيمەن، ئەمما «ۋاقىت گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىغا قارىغاندا، قەشقەر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا بار ئىكەن. ماقالىنىڭ ئاپتورى مۇنداق يازىدۇ: «بۇ يەردە (ئۇيغۇر ئېلىنى دېمەكچى) ئاياللار تۇغقانغا قەدەر ‹چوكان› دېيىلىپ، بالا تۇغقاندىن كېيىن ‹جۇۋان› ئىسمى بىلەن ئاتىلىدۇ، ئۈچ ـ تۆت يىلدىن كېيىن خىتايلارنىڭ باشلىرىدىن كېسۋەتكەن قارا چاچنى بازاردىن سېتىۋېلىپ ئۆز چېچىغا ئۇلايدۇ ـ دە، چېچىنى ئۇزۇن قىلىپ ئۆرىيدۇ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ‹چاچ باغى تويى› دېگەن ئىسمدا چوڭ توي قىلىدۇ.»

بۇ خەۋەر راست بولسا، مەزكۇر ھەدىس شەرىپتە ئېيتىلغاندەك (مەلئۇن) بولىدۇ، ھەدىس شەرىپكە شەرھ يازغۇچىلار: «بۇ ھەدىس پەقەت چاچقا چاچ ئۇلاش ھەققىدە بولۇپ، چاچقا يىپەك ۋە باشقىلارنى ئۇلاش، زىنەتلەش چەكلەنمەيدۇ» دەيدۇ.

# 230 ـ ھەدىس: پېقىر ـ مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈشنىڭ پەزىلىتى

**لِكُلِّ شَيْءٍ مِفْتَاحٌ وَ مِفْتَاحُ الجَنَّةِ حُبُّ الْمَسَاكِينِ وَالْفُقَرَاءِ.** (الجامع الصغير)

ھەر نەرسىنىڭ ئاچقۇچى بولىدۇ. جەننەتنىڭ ئاچقۇچى پېقىر ۋە مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈشتۇر.

پېقىرلىقنى سۆيۈش مۇمكىن بولمىسىمۇ، پېقىرلارنى سۆيۈش مۇمكىندۇر. پېقىرلارنى سۆيۈش كىبىرنىڭ يوقلىشى ۋە كۆڭلى سۇنۇقلارنى خۇش قىلىپ، رەھمىتىنى ئېلىشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇ يەردە پېقىر بىلەن مىسكىن بىر مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بىر يىللىق ھاجىتىگە لازىملىق نەرسىدىن مەھرۇم بولغان كىشى بۇ تۈرگە كىرىدۇ. پېقىرلىق، مىسكىنلىك تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن بولۇشى مۇمكىن:

1. ھۈنەر ـ كەسىپ قىلىشقا كۈچى يەتمەسلىك.

2. ئىقتىسادنى پايدىسىز ۋە گۇناھ ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىش.

3. ھۇرۇنلۇق قىلىش.

4. بىرەر ئاپەتكە ئۇچراپ مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قېلىش.

مەزكۇر سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدە بىرىنچى سەۋەب بىلەن تۆتىنچى سەۋەب ئۆزرە بولسىمۇ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى سەۋەبلەرنى ئۆزرە قاتارىدا قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ (ئاجىزلىق سەۋەبىدىن ياكى ئاپەتكە يولۇقۇپ پېقىر بولۇپ قالغانلارنىڭ ئىلاجى يوق. بىراق ئىقتىسادنى بۇزۇپ ياكى ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە ئىش ـ ئوقەت قىلىشتىن قېچىپ ھۇرۇنلۇق قىلغانلار بىگۇناھ ئەمەس). بۇ پېقىرلارنى ياخشى كۆرۈش ۋە ياردەم قىلىشنىڭ دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە ئىش تاپالماي قالغانلارغا ئىش تېپىپ بېرىش، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغانلارغا پۇل ـ مال ياردەم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، شۇنداق قىلىش كېرەك. مال ـ مۈلكنى ئورۇنسىز بۇزۇپ چاچقۇچىلارغا نەسىھەت قىلىپ يول كۆرسىتىش، ئۇلارنى ياخشى يولغا يېتەكلەپ قويۇش لازىم. ئۇنىڭدىن نەتىجە كۆرۈلسە، ناھايىتى ياخشى. ئەگەر نەتىجە چىقمىسا، ئۇنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، كۆڭلىگە ئىنساپ ـ تەۋپىق تىلەشتىن باشقا ئامال يوق.

كېيىنكى زامانلاردا رۇسىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى كەمبەغەللەرگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشتەك خەيرى ـ ساخاۋەت پائالىيەتلىرى يولغا قويۇلغان. ئىقتىساد ئىگىلىرى بۇ جەمئىيەتلەرگە ياردەم قىلىپ تۇرىدۇ. بەزىلىرى ئىدارىلىرىدە، بەزىلىرى ئۆز ئىش ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىدۇ. بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە چۈشلۇق خىزمەتلەرنى قىلىپ، كۈتۈلگەندىن ئارتۇق ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇنداق جەمئىيەتتە ئىشلەپ ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىگە پايدا يەتكۈزگۈچىلەر، ئىنشائاللاھ مەزكۇر ھەدىستە كۆرسىتىلگەن كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇسى، پېقىر ـ مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرگىنىگە لايىق مۇكاپاتقا ئېرىشكۈسى.

## 231 ـ ھەدىس: يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا

**لَنْ تَزُولَ قَدَمَا شَاهِدِ الزُّورِ حَتَّى يُوجِبَ اللَّهُ لَهُ النَّارَ.** (سنن ابن ماجة)

يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ ئىككى پۇتى يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن يەردىن ئايرىلماستىنلا، ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاخ ئوتىنى ۋاجىپ قىلىدۇ.

بۇ ھەدىس، ئۇنداق ئادەمنىڭ قەبرىدىن تىرىلىپ پۇتىنى يۆتكەپ بولغۇچە دوزاخقا كىرىشكە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى ۋە بۇ قىلمىشنى سادىر قىلغان كىشىلەرگە جانابى ئاللاھنىڭ غەزىپىنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىغا يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ چوڭ گۇناھلاردىنمۇ چوڭ ئىكەنلىكى 51 ـ ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىدى. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىبادەتتە ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈشى، ئادەم ئۆلتۈرۈشى، ئاتا ـ ئانىنى رەنجىتىشى ۋە ئۇنىدىن باشقا چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىشى تەبىئىي بولسىمۇ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش مەسىلىسىدە ئالدىنىپ قېلىش ئېھتىمالىدىن يىراق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن توسۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشقان، بۇنىڭ ناھايىتى ئېغىر گۇناھ ۋە زىيانلىق ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ نۇرغۇن ھەدىسلەرنى بايان قىلغان.

ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، مۇسۇلمان ئادەم مەيلى بىر مۇسۇلماننىڭ پايدىسىنى دەپ بولسۇن ياكى ئۇمۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ بولسۇن يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. بىرىنىڭ دۇنياسىنى ئاسرايمەن دەپ ئۆزىنىڭ دىنىنى قومۇرۇپ تاشلىماسلىقى، ھەسەد ۋە ئۆچمەنلىك تۇيغۇلىرىنىڭ ئارقىسىغا كىرمەسلىكى لازىم.

## 232 ـ ھەدىس: گۇناھلاردا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشنىڭ ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى توغرىسىدا

**لَنْ يَهْلِكَ النَّاسُ حَتَّى يُعْذِرُوا مِنْ أَنْفُسِهِمْ.** (مسند أحمد رقم الحديث 17573 في كتاب أول مسند الكوفيين/ حديث رجل)

دۇنيادا كىشىلەر گۇناھدا ھەددىدىن ئاشماي ۋە ئۆزلىرىنى ھالاك قىلغۇچىنى مەزۇر سانىماي تۇرۇپ ھالاك بولمايدۇ.

ئادەملەر گۇناھ ۋە پىسقى ـ پاساتقا بېرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۇناھتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇپ ھالاك قىلىنمايدۇ.

كىشىلەر ئەخلاقى چىرىكلىككە دۇچار بولۇپ، ھەر تۈرلۈك پىسقى ـ پاساتقا چۆمۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆز ئارا: «ئەمدى بىزنىڭ بېشىمىزغا بالا ـ قازا كېلىدۇ، ناھايىتى ھەددىمىزدىن ئېشىپ كەتتۇق» دەپ ئويلاشقىلى تۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ھەر تۈرلۈك ھالاكەت (مەيلى مەنىۋى، مەيلى ماددىي جەھەتتىن بولسۇن) كە دۇچار بولىدۇ. يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد، ئەخلاق، ئىبادەت ۋە مۇئامىلىلىرى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپكە مۇۋاپىق بولماي، چىرىكلىشىپ، ئىسلام دىنى توسقان ئىشلارنى پەرۋاسىز ھالدا قىلغىلى تۇرسا، كىبىر، ھەسەد، نەپرەت، غەيۋەت ـ شىكايەت، ھىيلە ـ مىكىر، مەنچىلىك، ھاكاۋۇرلۇق ۋە يۇرتۋازلىق قىلىشتەك مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان ئەخلاقلارنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىۋالسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھالاك قىلىنىشىنىڭ شەرتى توشقان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىپ، بانا ـ سەۋەب كۆرسىتىشكە ھېچقانداق ئاساسى قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، جانابى ئاللاھ ئۇلارنى مەيلى ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن بولسۇن، ھالاك قىلىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: (**اِنَّ اللّٰهَ لاَيُغَيِّرُ بِقَومٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِاَنْفُسِهِمْ**) ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ توغرا ئېتىقاد ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ئۆزگەرتىپ بۇزۇق يولغا ماڭمىغۇچە، ئاللاھ تائالا ئۇ مىللەتتىكى نازۇ ـ نېمەت ۋە بەخت ـ سائادەتلىك ئەركىن ھاياتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى دۈشمەنگە قۇل قىلىپ بەرمەيدۇ.

# 233 ـ ھەدىس: دۇنياغا ھېرىس بولۇش ۋە تەۋبە ھەققىدە

**لَوْ أَنَّ ابْنَ آدَمَ أُعْطِيَ وَادِيًا مَلْئًا مِنْ ذَهَبٍ أَحَبَّ إِلَيْهِ ثَانِيًا وَلَوْ أُعْطِيَ ثَانِيًا أَحَبَّ إِلَيْهِ ثَالِثًا وَلَا يَسُدُّ جَوْفَ ابْنِ آدَمَ إِلَّا التُّرَابُ وَيَتُوبُ اللَّهُ عَلَى مَنْ تَابَ**. (صحيح البخاري)

ئەگەر ئادەم بالىسىغا بىر جىلغا توشقىدەك ئالتۇن بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، يەنە ئىككىنچى بىر جىلغا توشقىچىلىك ئالتۇن بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر ئۇمۇ بېرىلسە يەنە ئۈچىنچى جىلغا ئالتۇن بېرىلىشىنى خالايدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىنى تۇپراقتىن باشقا نەرسە تويدۇرالمايدۇ (قەبرىگە كىرگەندە تويىدۇ). تەۋبە قىلغۇچىنىڭ تەۋبىسىنى ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلىدۇ.

بۇ ھەدىس شەرىپ ئادەملەرنىڭ دۇنياغا ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئادەملەر، پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ پايدىسى يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ياخشىسىنى يېيىش، ئۈستى ـ بېشى ئالىي بولۇش، ئالىي ئىمارەتلەردە، ئالىي دەرىجىلىك ماشىنىلاردا ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. دۇنيانىڭ بۇنىڭدىن باشقا دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ پايدىسى يوق دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز، ئەلۋەتتە. ئىنسان ئۆلگەندە ھەممىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

**انظر لمن ملك الدنيا بأجملها          هل راح منها بغير القطن والكفن**

«دۇنيانىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولغان كىشىگە قارا، دۇنيادىن كېپەندىن باشقا بىر نەرسە ئېلىپ كەتتىمۇ؟»

شۇنداق! ھاجەتتىن ئاشىدىغان كۆپ مالنى (ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلماي) جۇغلاپ بىر يەرگە يىغىپ قويۇپ، ئاخىرەتكە كېتىدىغان چاغدا بالىلىرىنىڭ ناشايان ئىش قىلىشلىرىغا ۋە بىر ـ بىرى بىلەن مىراس تالىشىپ دەۋالىشىشىغا قورال ۋە سەرمايە قىلىپ بېرىپ كېتىشتىن باشقا نېمە پايدىسى بار؟! بۇ ئىش دۇنياغا گول بولۇش ۋە ئاخىرەت بەختىدىن قۇرۇق قول قېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىرەر ياخشىلىق ئىشقا سەۋەب ۋە ۋاستە بولسۇن ئۈچۈن مال جۇغلاش ياخشى ئىش بولۇپ، بۇنداق قىلىش شەرىئەتتە چەكلەنمەيدۇ. ئەمما مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۆزىگە مۇھەببەت باغلاپ جۇغلاش ۋە ساۋابلىق ئىشلارغا چىقىم قىلماي قىسىپ تۇتۇش پايدىسىز. دوست تۇتۇپ جۇغلانغان مال قۇرئان كەرىمدە: «پايدىسى ئاز نەرسە» دەپ بايان قىلىنىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر مالغا ئامراق بولۇپ، ئۇنى جۇغلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ھېچكىم بۇ دۇنيادىن توپلىغان ماللىرى بىلەن بىرگە كېتەلمىدى. بەلكى ھەممىسى يىغلىپ قېلىۋەردى. ئىنساننىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقى مەلۇم بولمىسىمۇ، ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى مۇقەررەر. ئۇنىڭ مەڭگۈ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلغىلى بولمايدۇ.

بۇ ھەدىس شەرىپنىڭ سۆز ـ جۈملىسى ناھايىتى قىسقا بولسىمۇ، مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە تەسىرلىكتۇر.

## 234 ـ ھەدىس: دۇنيادا ھېچقانداق ئىشنىڭ مەخپىي قالمايدىغانلىقى

**لَوْ أَنَّ أَحَدَكُمْ يَعْمَلُ فِي صَخْرَةٍ صَمَّاءَ لَيْسَ لَهَا بَابٌ وَلَا كُوَّةٌ لَخَرَجَ عَمَلُهُ لِلنَّاسِ كَائِنًا مَا كَانَ.** (مسند أحمد)

ئەگەر بىرىڭلار ئىشىكىمۇ، يوچۇقىمۇ يوق قاتتىق تاشنىڭ ئىچىدە بىرەر ئىشنى قىلسا، (مەيلى ياخشى مەيلى يامان ئىش بولسۇن) ئەلۋەتتە خەلق ئارىسىدا ئاشكارا بولماي قالمايدۇ.

بۇ ھەدىس، بىرسى بىلمەيدىغۇ دەپ، يوشۇرۇن گۇناھ قىلىشتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇيدۇ. دۇنيادا ھېچكىم بىلمەي قالمايدىغان ئىش بولمايدۇ. زۇھەير ئەبى سەلما مۇنداق دەيدۇ:

**ومهما يكن عند امرئي من خليقة** — **وان خالها تخفى على الناس تعلم**

## 235 ـ ھەدىس: پۈتۈن ئارزۇ ـ تىلەكلەرنى يالغۇز ئاللاھتىنلا تىلەش توغرىسىدا

لِيَسْأَلْ أَحَدُكُمْ رَبَّهُ حَاجَتَهُ كُلَّهَا حَتَّى يَسْأَلَ شِسْعَ نَعْلِهِ إِذَا انْقَطَعَ. (سنن الترمذي)

ھەر قايسىڭلار ئۆز ھاجىتىنى ئۆزىنىڭ رەببىدىن (يوقتىن بار قىلىپ پەرۋىش قىلغۇچى ئىگىسىدىن) سورىسۇن! ھەتتا بىتىنگىسىنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، پەرۋەردىگارىدىن سورىسۇن!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۈممىتىنى ئاغزى بىلەنمۇ، تىلى بىلەنمۇ (يەنى قىياپىتى بىلەنمۇ ياكى ئەھۋال ئوقۇپ ئېچىنى ئاغرىتىش بىلەنمۇ) بىر نەرسە سوراشتىن توسىدۇ. ھەقىقەتتە بۇ ئىش خارلىق ۋە پەسلىككە، مىللەتنىڭ پالاكەتكە ئۈچرىشىغا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ چوڭ سەۋەبلەردىندۇر. بۇ خىل خارلىق ھازىرقى كۈندە مۇسۇلمانلارغا خاس بىر ئىش بولۇپ قالدى. تەرەققىياتتا ئىلگىرى كەتكەن غەرب ئەللىرى كىشلەرگە نەرسە ـ كېرەك بېرىپ، ياخشى يوللارغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر پەيتتە، بىزنىڭ ئېتىبارلىق ئۇبدان كىشلىرىمىز سەدىقە ئالىدىغان بالاغا دۇچار بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى، سەدىقىلەرنى ئۆز ئارا ئۈلىشىش ۋە شەرىئەتنىڭ روھىنى ئېتىبارغا ئالماسلىق بولسا كېرەك.

بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى: «بىتىنگىنىڭ بوغۇچى ئۈزۈلسە ياكى شۇنىڭدەك كىچىك بىرەر ھاجەت بولسىمۇ، ئۈزۈڭ ھېچ ئىش قىلماي، ھەممىنى ئاللاھقا تاشلاپ قويغىن» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى «ئۆز قولىدىن كەلمەيدىغان ۋە بۇ ھازىرقى چارىسى تېپىلمايدىغان بىرەر ئىش بولسا، قانچىلىك ئاددىي ئىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئاللاھتىن سورىغىن» دېگەن بولىدۇ.

خوجا باھائۇددىندىن مەدەت تىلىگۈچىلەر ۋە مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مازار خوجام ۋە پاشايىملارغا بېرىپ نەزىر ۋە سەدىقە قىلغۇچىلار ئۈچۈن، ئىبرەت ئېلىپ، ئۇ خىل قىلمىشلاردىن يېنىشىغا مۇشۇ ھەدىس شەرىپ كۇپايە قىلىدۇ.

## 236 ـ ھەدىس: دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمەسلىك توغرىسىدا

**لَيْسَ بِخَيْرِكُمْ مَنْ تَرَكَ دُنْيَاهُ لِآخِرَتِهِ وَلاَآخِرَتَهُ لِدُنْيَاهُ حَتَّى يُصِيْبَ مِنْهُمَا جَمِيْعًا فَإِنَّ الدُّنْيَا بَلاَغٌ اِلَى الآخِرَةِ وَلاَ تَكُونُوا كَلاًّ عَلَى النَّاسِ.**

ئاخىرەتلىك ئىش ئۈچۈن دۇنيالىق ئىشنى ۋە دۇنيالىق ئىشى ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ ئىشىنى تاشلىۋەتكەن، ھەر ئىككىسىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك ھەسسىسىنى ئالالمىغان كىشى سىلەرنىڭ ياخشى كىشىلىرىڭلاردىن ئەمەس. چۈنكى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە يەتكۈزىدىغان يولدۇر. كىشىلەرگە يۈك بولىۋالماڭلار!

بۇ دۇنيا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ئارقىلىق ئاخىرەتتىن قۇرۇق قېلىشتىن ساقلىنىڭلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيانى ئاخىرەتنىڭ تېرىلغۇ يېرى قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ﴿**هُوَالَّذِى جَعَلَ لَكُمُ الأَرْضَ ذَلُولاً فَامْشُو فِى مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَاِلَيْهِ النُّشُورُ**﴾ ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار، ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.[116]

مانا بۇ ئايەت كەرىملەر مەزكۇر مەنىلەرنى كۈچلەندۈرىدۇ.

**مَاأَحْسَنَ الدِّيْنَ وَالدُّنْيَا اِذَااِجْتَمَعَا** «دىن بىلەن دۇنيا بىرلەشسە نېمىدېگەن ياخشى!» ئاخىرەتلىك ئۈچۈن «ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك ئىشلە» دېگەن سۆز، ئىنسانلار ئۈچۈن ئىش ـ ھەرىكەت قوللانمىسى بولۇشقا ئەرزىيدۇ. ئەگەر ئىنسانلار دۇنيالىقتا ھېچ ئىش قىلماي، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرسا، ئۆلۈم دەرھال كەلمەي ئاچ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئەجەلنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقى نامەلۇمدۇر.

پەرز، ۋاجىپ ئىشلارنى ئادا قىلماي، پۇل تاپقۇچىلار دۇنيالىقى ئۈچۈن ئاخىرىتىنى قۇربان قىلىۋەتكەنلەر بولغاندەك، ھېچبىر ئىش قىلماي، بەيتۇللاھتا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى قېشىدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلغۇچىلار، گۇمبەز ۋە خانىقالاردا ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن دۇنيالىقنى تاشلىۋەتكەنلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇگۇنكىلەر (يەنى ئابىدلار) ئۇ ئىشلىرىنى دۇئا گۇيلۇققا، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە سەدىقىسىنى ئېلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالسا، ئۇ چاغدا دىنىنى دۇنياسىغا سېتىۋەتكەن بولىدۇ.

**الدنيا بلاغ الى آخرة** «بۇ دۇنيا ئاخىرەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر» دېگەن سۆزنى ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى ئۈچۈن ھەرىكەت قوللانمىسى قىلىشى ۋە بالىلىرىغا تىلى چىققاندىن باشلاپلا مەزمۇنىنى ئۆگىتىشى لازىم.

بۇ ئەسىر، بۇ كۈنلەردە، بۇ قىتئە ۋە بۇ مەملىكەتلەردە دۇنيالىق ئىشلار تۈزۈك بولماي تۇرۇپ، ئاخىرەت ئىشلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئېھتىمالى يوق. ئاقىل كىشىلەرنىڭ تەجرىبىلىرى بۇنىڭ شاھىتىدۇر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھەدىسلىرى توغرا دەلىلدۇر.

---

[116] سۈرە مۈلك 15 ـ ئايەت.

دۇنيالىقنى تۈزىتىش دېگەنلىك، ئالتۇننى ياكى دۇنيا بايلىقىنى بېسىپ يېتىش، «مېلىم، بايلىقىم» دەپ تەسبىھىنىڭ ئۇرۇغىنى سانىغاندەك ساناش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھۋاللىرىنى تۈزىتىش دېگەنلىكتۇر. ھازىرقى كۈندە دۇنيالىق ئىشلىرى تۈزۈكرەك خەلقلەر ياۋروپا ۋە ئامېرىكا خەلقلىرىدۇر. بۇلارنىڭ قولىدا دۇنيالىق ئىلىملەر ۋە خۇسۇسىي، ئىجتىمائىي ئىشلار تېخنىكىلىق ئۇسۇلغا كىردى. ئۇمەۋىي ۋە ئابباسىي خەلىپىلىرىنىڭ، تۈرك ۋە موڭغۇل خانلىرىنىڭ زامانىسىدا ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ ـ چىقمىغان ھايات قائىدىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. باشقۇرۇش ئىلىملىرى ۋە مىللەتنىڭ كۈچلىنىش يوللىرى مۇستەقىل پەنلەر قاتارىغا تىزىلدى. بۈگۈنكى پەرەڭلەر (ياۋروپالىقلار) مۇسۇلمانلاردىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى. ئۇلار بۇنداق تەرەققىياتنى ئانىسىدىن توغۇلغاندا يوقلۇق ئالەمدىن ئېلىپ كەلمىگەن، بەلكى ئىلىم ـ پەن ئىگىلەش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان ۋە ناھايىتى ئېغىر مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. مۇسۇلمانلار ئەگەر ئۆزىنىڭ مىللىيلىقىنى ساقلاش ۋە ئۆز دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى خالىسا، شۇ مەقسەتلىرىگە ياردەم قىلىدىغان ئىجتىمائىي بىلىملەرنى بۈگۈنكى ياۋروپالىقلاردىن ئۆگىنىشى ۋە ئىسلام دۇنياسىدا ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم. قورال بىر بولسىمۇ، ئىشلىتىلىشىگە كۆرە، نەتىجىسى ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. دۈشمەن قولىدىكى مىلتىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ، مىلتىقنىڭ دوستىنىڭ قولىغا چىقىشىغا قارشى تۇرۇش توغرا ئەمەس.

ئۆزىنى ئەزىزلەيدىغان ئادەملەرنىڭ بىرىنچى ئىشى باشقىلارغا يۈك بولىۋالماسلىق، خەلققە جاپا سالماسلىق ۋە ئىشلىرىغا توسالغۇ بولماسلىق، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۆز ئورنىدا يېتىپ قوپۇش، ئۆز رىزقىنى ماڭلاي تەرىنى تۆكۈپ ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ كۈنلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ توقسان پىرسەنتى قالغان ئون پىرسەنت كىشىلەرگە يۈك بولۇپ يۈرسە، بۇ ئىش ئادەمىيلىككە ۋە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى تەربىيە ۋە تەسىرنىڭ بۇزۇقلىقى ۋە ئۆز ئىززىتىنى ساقلىيالمىغانلىقتۇر.

باشقىلارغا يۈك بولىۋالماسلىق ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟

جاھاندا ئىش ۋە ھۈنەردىن كۆپ نەرسە يوق. ھەر خىل تۈردىكى ئىشنى قىلىش مۇمكىن. تىجارەتچى بول، دېھقان بول، قويچى ـ پادىچى بول، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئۆگەن! نېمە ئىش قىلساڭ قىل!... لېكىن باشقىلارغا بېقىندى، يۈك بولىۋالما! بىكار يەپلا يۈرىدىغان پەس ئادەملەرنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالما! مۇنداق قىلىش، كېسەل ۋە پۈت ـ قولى يوق مېيىپلارغا مۇناسىپ كەلسىمۇ، تېنى ساق، پۇت ـ قولى ساغلام ئادەملەر ئۈچۈن ئەڭ نومۇس ۋە خارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھازىرقى ئامېرىكىلىق مىليونېر ۋە مىلياردېرلارنىڭ ياش چېغىدا ئاددىي بىر ئىشچى ئىكەنلىكى سۆزلەنمەكتە. بىزنىڭ خەلقىمىز ئۈچۈن ئامېرىكىغا بېرىشقا ھاجەت يوق، ئامېرىكا ئۆزىمىزنىڭ ۋەتىنىدىدۇر (تىرىشساق ھەر ئىشنى قىلالايمىز).

بەزىبىر ھەدىس كىتابلىرىدا **اعمل لدنياك كانك تعيش ابدا واعمل لآخرتك كانّك تموت غدا** «ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك ئىشلە» دېگەن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان.

تېنى، ئەقلى، ئاڭ ـ پىكرى ساغلام ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۇشبۇ سۆز ئىش ـ ھەرىكەت دەستۇرى ۋە دۇنيادا قانداق ياشاش توغرىسىدا بىردىنبىر قائىدە بولۇشى لازىم. بىلىمسىزلىك قەبرىگە بارىدىغان ھارۋا بولسا، ھورۇنلۇق، بىكار ـ تەلەپلىك شۇ ھارۋىغا قوشۇلغان ئاتتۇر. بۇ ئىككىسى ئادەمنى خارلىق ۋە ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنى ئەسلا ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم!

## 237 ـ ھەدىس: مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا

**لَيْسَ الْخَبَرُ كَالْمُعَايَنَةِ.** (مسند أحمد)

كۆرۈش بىلەن ئاڭلاش ئوخشاش ئەمەس.

بۇ ھەممىگە مەلۇم. دۈشمەن ئەسكىرى بېسىپ كەلدى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن، ئۇستىمىزگە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ بېسىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈش ئوخشاش بولمايدۇ (بىزدىكى «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دەيدىغان ماقال بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ ـ ت).

## 238 ـ ھەدىس: ۋەدە بەرگەندە نىيەتنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا

**لَيْسَ الْخُلْفُ اَنْ يعِدَ الرَّجُلُ وَمِنْ نِيَّتِهِ اَنْ يَفِيَ وَلَكِنَّ الْخُلْفَ اَنْ يَّعِدَ الرَّجُلُ وَمِنْ نِيَّتِهِ اَنْ لاَّ يَفِيَ.** (الجامع الصغير)

ئادەمنىڭ سۆزىدە تۇرۇش نىيىتى بىلەن ۋەدە قىلىشى (ئەگەر ۋەدىسىدە تۇرالمىسىمۇ) ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىق بولمايدۇ؛ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش بولسا، گېپىدە تۇرماسلىق نىيىتى بىلەن ۋەدە قىلىشتۇر.

ئىككىنچى ھەدىس شەرىپتە، ۋەدىدە تۇرماسلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان ئىدى. مانا بۇ ھەدىستە قانداق بولغاندا ۋەدىدە تۇرماسلىق بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

## 239 ـ ھەدىس: روزا تۇتقاندا بىھۇدە گەپ ـ سۆزلەردىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا

**لَيْسَ الصِّيَامُ مِنَ الأَكْلِ وَالشُّرْبِ اِنَّمَا الصِّيَامُ مِنَ اللَّغْوِ والرَّفَثِ فَاِنْ سَابَّكَ اَحَدٌ اَوْ جَهِلَ عَلَيْكَ فَقُلْ اِنِّى صَائِمٌ.** (الدر المنثور في التفسير بالمأثور)

يېمەك ـ ئىچمەكنى توختىتىپ تۇرۇشلا روزا ئەمەس، بەلكى روزا يېمەسلىك ۋە ئىچمەسلىكنىڭ ئۈستىگە بىھۇدە، مەنىسىز گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىشتۇر. ئەگەر بىر كىشى سېنى تىللىسا ياكى نادانلىق قىلسا: ‹مەن روزىدارمەن، مەن روزىدارمەن› دېگىن.

يەنى جاھىل، نادان كىشى بىلەن تەڭ بولما، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگىن! ئىسلامىيەتتە ئومۇمىي روزا ۋە خاس روزا دەپ ئىككى خىل روزا بار. پەقەتلا جەھەتتىن دۇرۇست بولغان روزا ئومۇمىي روزىدۇر، بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئەمما خاس روزا بولسا، پەقەتلا جەھەتتىن دۇرۇست بولۇش بىلەن بىرگە ئەخلاقىي جەھەتتىنمۇ توغرا بولۇشى كېرەك. ئەخلاقىي جەھەتتىن توغرا بولۇش ئەزالارنى گۇناھلاردىن ساقلاش بىلەن بولىدۇ.

ھەدىس شەرىپتىكى: «يېمەك ـ ئىچمەكتىن چەكلىنىپ تۇرۇشنىڭ ئۆزىلا روزا ئەمەس» دېگەن سۆز، خاس روزا ئەمەس دېگەننى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نىيەت قىلىپ روزا تۇتقاندىن كېيىن، ئەزالارنى گۇناھلاردىن ساقلاش لازىم. بۇ مۇمكىن بولىدىغان ئىشتۇر. شۇنداق روزا تۇتالىسا، ئومۇمىي روزىسىمۇ، خاس روزىسىمۇ تېپىلىدۇ.

**«ربّ صائم ليس من صيامه الا الجوع      و ربَّ قائم ليس له من قيامه الا السهر»**

«روزا تۇتىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ تۇتقان روزىسى پەقەتلا ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتىشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ. كېچىلىرى ئۇخلىماي ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىبادىتى ئۇيقۇسىز قېلىشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ.» شۇنىڭدەك، يەنە بىر ھەدىس شەرىپتە: **اذا اصبح احدكم يوما صائما فلايرفث ولايجهل فان امرئ شاتمه او قاتله فليقل انى صائم انى صائم**[117]

«قايسى بىرىڭلار بىر كۈنى روزا تۇتۇپ قوپسا، بىھۇدە گەپ ـ سۆز قىلمىسۇن ۋە نادانلارچە سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلمىسۇن. ئەگەر بىر كىم ئۇ كىشى بىلەن تىللاشسا ياكى ئۇرۇشسا: ‹مەن روزىدارمەن، مەن روزىدارمەن› دېسۇن» دېگەن ھەدىس شەرىپلەر كەلگەن.

**فقل انى صائم** «مەن روزىدارمەن، ـ دېگىن» دېگەن سۆزنى ئۆلىمالار تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلايدۇ:

1 ـ كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىسۇن.

2 ـ پەرز روزا بولسا، تىلى بىلەن ئېيتسۇن. چۈنكى پەرز ئىشتا رىيا بولمايدۇ. ئەمما نەپلى روزا بولسا، قەلبىدە بىلسۇن.

[117] مۇسلىم 1 ـ قىسىم 31 ـ بەت.

3ـ پەرزدىمۇ نەپلىدىمۇ ئېغىزى ئارقىلىق ئىپادىلىسۇن.

بۇ ئىزاھاتلارنىڭ ھەممىسى توغرا بولسىمۇ، ئورۇن ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىش ئەڭ ياخشى.

ئۇسلۇبى ۋە ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، مەجۇسى، بۇتپەرەست، يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنىڭ دىنىدىمۇ روزا تۇتۇش بار. رىم ۋە يۇنانلىقلاردىمۇ بار ئىدى. روزا تۇتۇشنىڭ ھېكمىتى، يەنى (ياخشى ئاقىۋىتى) ئۆزىنى ئازابلاش ۋە جازالاش ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ۋە بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشتۇر. جانابى ئاللاھ روزا تۇتۇشنى قۇرئان كەرىمدىكى مونۇ ئايەت بىلەن بىز ئۈممەتلەرگە پەرز قىلغان: ﴿**يَا اَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِيْنَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ**﴾ يەنى ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.[118]

روزا تۇتۇش ئارقىلىق يېمەك ـ ئىچمەكنى تاشلىغان ئاچ كىشى كىشىلەرنى ئەسكە ئېلىشى ۋە ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىشى مۇمكىن. مانا بۇ ئاللاھتىن قورقۇشتۇر.

روزىنى كىشىلەرنىڭ «روزا تۇتمىدى» دەپ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ تۇتۇش لازىم. روزا تۇتقان چاغلاردا غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش بىلەن شۇغۇللىنىش، بەدخۇي بولۇۋېلىش ۋە يوقىلاڭ ئىشلارغا ئاچچىقلاپ كېتىشتەك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تۇتمىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدىندۇر.

بەزى يەرلەردە رامىزان ئېيى كۈن ئۇزۇن، ھاۋا ئىسسىق چاغلارغا توغرا كېلىپ قالىدۇ. ئۇنداق كۈنلەردە روزا تۇتۇش، بولۇپمۇ روزا تۇتۇپ كۈن بويى ئىشلەش ئاسان ئەمەس، لېكىن مۇنداق چاغلار ئىنسانىنىڭ ئۆمرىدە بىر ياكى ئىككى قېتىم كېلىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئىشىنىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا ئەھدە بەرگەن كىشى ئۆز ـ ئۆزىگە ئىگە بولۇشى، سۆزىدە تۇرۇشى ۋە ئۆزىنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈشى لازىم. ئىمتىھاندىن ئۆتەلىگەن ياكى ئۆتەلمىگىنىگە قاراپ، ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» ياكى «مەن مۇناپىق» دەپ ئاتىشى، مۇناپىق دېگەن نامدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

بۇرۇنقى زامانلاردا ئادەملەر دىن يولىدا سۇنى قايناتقۇدەك، گۆشنى پىشۇرغۇدەك قىزىق قۇم ئۈستىگە تاشلانغان ۋە پۇت قوللىرى باغلىنىپ قىزىق تاشنىڭ ئاستىغا باستۇرۇلاتتى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جانلىرىنى مۇشۇنداق پىدا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوت بىلەن ئازابلىنىۋاتقانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى قېرىنداشلار! سەۋر قىلىڭلار! بارىدىغان ئورنۇڭلار جەننەتتۇر» دەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىمانى تېخىمۇ كۈچىيەتتى ـ دە، ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇراتتى.

كۈن ئۇزۇن، ھاۋا ئىسسىق رامىزان ئايلىرىنىڭ بىرىدە بىر يېزىدىكى مەلۇم بىر مەدرىسىگە بارغان ئىدۇق. ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆردۇق، ھەتتا روزا تۇتماسلىقىقا شەرىئەت رۇخسەت قىلغان كىشىلەرنىڭمۇ روزا تۇتقانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىدۇق.

نەپسىنىڭ ئەركىنلىكىنىڭ چېكى يوق. ئادەم نەپسىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتسە، كۈندىن ـ كۈنگە ئەركىلەيدۇ، نازۇكلىشىدۇ. ئادەتتىكى ئەركىلەشلەرگە قانائەت قىلماي، كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ، «قوناق تامىقى يېيەلمەيمەن، كالا گۆشى سىڭمەيدۇ، قايماقسىز ياكى شېكەرسىز چاينى ئىچەلمەيمەن...» دەپ دەۋا قىلىدىغان شۇ نەپس تاغ ـ چۆللەرگە ئەۋەتىلسە،

---

[118] بەقەرە سۈرىسى 179 ـ ئايەت.

تۇرمىلەرگە قامالسا، ئۇ چاغدا قوناق تائامنى ئىشتىها بىلەن يەيدۇ، داغ سۇ ئىچىشكە رازى بولىدۇ، ئېرىك قوي گۆشىنى ئىزدىمەي، قانداق گۆش بولسا يەيدۇ ۋە ھەممىسى سىڭىدۇ.

تۇغرا، ئىبادەتتىن مەقسەت بەدەننى ئازابلاش ۋە شۇ يولدا جاننى قۇربان قىلىش ئەمەس. زۆرۈر تېپىلغاندا، روزا تۇتماسلىق ياكى روزىنى بوزۇش مۇمكىن. روزا تۇتماسلىقتا رۇخسەت قىلىنغان نۇقتىلار فىقھى كىتابلىرىدا بايان قىلىنىدۇ. شەرىئەتنىڭ رۇخسىتىگە ئەمەل قىلغان كىشى (رۇخسەتنى سۇيىئىستىمال قىلمىسىلا) ئەيىبلەنمەيدۇ ۋە مۇناپىق دەپ قارالمايدۇ. ﴿**لاَيُكَلِّفُ اللهُ نَفْسًا اِلاَّ وُسْعَهَا**﴾ «ئاللاھ ھېچ بىر ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا زورلىمايدۇ.»

# 240 ـ ھەدىس: كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ پەزىلىتى

**لَيْسَ الْكَذَّابُ الَّذِي يُصْلِحُ بَيْنَ النَّاسِ فَيَنْمِي خَيْرًا أَوْ يَقُولُ خَيْرًا.** (صحيح البخاري)

يالغان سۆزلەپ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغان كىشى يالغانچى ھېسابلانمايدۇ.

قىسقىسى، كىشىلەرنى ياراشتۇرۇپ قويۇش، ئاداۋەت، دۈشمەنلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن قىلىنغان يالغان سۆزلەر ھارام قىلىنغان يالغان سۆزلەش قاتارىغا كىرمەيدۇ. شۇنىڭدەك، دىنىي قېرىنداشنىڭ جېنى، مال ـ مۈلكىگە زىيان يېتىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دىنسىز زالىمغا يالغان سۆزلەشمۇ ھارام ئەمەس.

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ گەرچە ئەمەلىيەت بولسىمۇ غەيۋەت قىلىشنى ھارام قىلىشى ۋە يالغان سۆزلەپ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشقا رۇخسەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دوستلۇق ئورنىتىش، دۈشمەنلىكنى، سوغۇق مۇئامىلىلەرنى تۈگىتىش ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنى ياخشىلاشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «پەرۋەردىگارىڭ ئاھالىسى ياخشى بولغان يۇرتلارنى زۇلۇم سېلىپ ھالاك قىلمايدۇ.»[119] بۇ ئايەت كەرىمەنىڭ مەزمۇنى، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى ياخشىلاپ تۇرغان كەنت، شەھەر خەلقىنى ئۇلارنىڭ ئىچىدە سادىر بولغان ئاندا ـ مۇندا شېرىكلىك سەۋەبى بىلەن يوقىتىۋېتىش ئاللاھ تائالانىڭ شەنىگە لايىق ئەمەس دېگەنگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەملەر ئۈچۈن، بۇ ئايەت ۋە ھەدىستە چوڭ ئىبرەت باردۇر.

يالغان – بولغان ياكى بولمىغان نەرسىنىڭ (ئەمەلىيەتنىڭ) ئەكسىنى سۆزلەشتۇر. ئەگەر يالغان سۆزلەش مەقسەت قىلىنماي، بىر ئىشنى مۇشۇنداق بولدىغۇ دەپ ئويلىغان، ئەمما ماھىيەتتە ئۇنداق بولمىغان بولسا، بۇ يالغانغا كىرمەيدۇ، ئەپۇ قىلىنىدۇ. مۇشۇنداق تونۇش بىلەن قىلىنغان يالغان قەسەمنىڭمۇ ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقى: **(لَا يُؤَاخِذُكُمُ اللَّهُ بِاللَّغْوِ فِي أَيْمَانِكُمْ)** مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەملىرىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ.[120] دېگەن ئۇلۇغ ئايەتتىن بىلىنىدۇ. تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا يالغان سۆزلەشكە بولىدۇ:

1 ــ ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى تۇرمۇش مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، ئۆز ئارا ئاچچىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن يالغان سۆزلەش.

2 ــ ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە يالغان سۆزلەش؛ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغاندا يالغان سۆزلەش.

3 ــ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئاداۋەت، زىددىيەتنى تۈگىتىپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە يالغان سۆزلەش.

4 ــ بىر كىشىنىڭ مەخپىي گېپى ياكى ئۆزىنىڭ سىرىنى ساقلاش ئۈچۈن يالغان سۆزلەشكە بولمايدۇ. لېكىن زۆرۈر بولغان مىقداردىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك كېرەك. ئەمما بۇنىڭدىن باشقا مەقسەتلىك ھالدا سۆزلەنگەن بارلىق يالغانلار ھارامدۇر.

---

[119] ھۇد سۈرىسى 117 — ئايەت.

[120] بەقەرە سۈرىسى 225 — ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خۇلاسىلىگەندە، يالغان سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىش، ئىككى زىياننىڭ يەڭگىلرەكىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئېغىر زىيان، چوڭ پاجىئەنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. يالغان گەپ قىلىش مانا مۇشۇنداق مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە رۇخسەت قىلىنىدۇ. بۇ ئۆلچەمنى ھەر كىم ئېسىدە تۇتۇشى شەرت. بۇ مەسىلىدە كۆرۈنۈشتىكى گەپلەر ئەمەس، نىيەت ۋە مەقسەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

# 241 ـ ھەدىس: ئارتۇقچىلىقنىڭ تەقۋالىق بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى

**لَيْسَ لِأَحَدٍ عَلَى أَحَدٍ فَضْلٌ إِلَّا بِدِينٍ أَوْ تَقْوَى وَكَفَى بِالرَّجُلِ أَنْ يَكُونَ بَذِيًّا بَخِيلًا فَاحِشًا.** (مسند أحمد)

دىنى مۇكەممەل بولۇش ۋە ياخشى ئەمەل قىلىشتىن باشقا ساھەلەردە ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدىن ئارتۇقچىلىقى بولمايدۇ. بىراۋنىڭ قىلىقى سەت، ئاغزى يامان، بېخىل ۋە قورقۇنچاق بولۇشى ئۇنىڭ ھەقىر ـ ئېتىبارسىزلىقىنىڭ يېتەرلىك دەلىلىدۇر.

دىيانەت ۋە ئاللاھتىن قورقۇش ئارقىلىق باشقىلاردىن ئارتۇق بولۇش ئاللاھ كۆرسىتىپ بەرگەن پەزىلەت ئۆلچىمىدۇر. كىمنىڭ دىيانىتى ۋە تەقۋالىقى ئاللاھ تائالاغا ئەرزىسە، ئۇ كىشىنىڭ دەرىجىسىنىڭ باشقىلاردىن ئارتۇق بولۇشى تەبىئىيدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ**﴾ ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ.[121]

يەنى «مەن دىيانەتلىك، ئەمەل ـ ئىبادەتلىك بىرىمەن» دەپ ماختىنىش توغرا ئىش ئەمەس. ئاللاھ ئۆزى ئاتا قىلغان دەرىجىنىڭ كىمگە مۇناسىپ بولىدىغانلىقىنى ئۆزى بىلىدۇ. ئىسلامدا قەۋم ـ جەمەتى، ئەۋلاد ـ ئەجدادى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئىش يوق. دۇنيالىق ئىشلارغا كەلسەك، پۈتۈن ئىنسانلار دۇنيا ئىشلىرىدا باراۋەردۇر. يەنى، ھەر كىشىنىڭ توغرا ئېتىقادى، رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىماتلىرىغا لايىق ساۋابلىق ئىشلىرى، دىن ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلغان ئەمگىكى بولمىسا، قانداق كاتتا ئادەمنىڭ ئەۋلادى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىممىتى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ.

---

121 ھۇجۇرات سۈرىسى 13 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# 242 ـ ھەدىس: كامىل مۆمىننىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرى

**لَيْسَ الْمُؤْمِنُ بِالطَّعَّانِ وَلَا اللَّعَّانِ وَلَا الْفَاحِشِ وَلَا الْبَذِيءِ.** (سنن الترمذي)

كىشىلەرگە دائىم تاپا ـ تەنە قىلىدىغان، لەنەت ئوقۇيدىغان، بەتقىلىق ۋە ئاغزى سەت ئادەم كامىل مۆمىن بولالمايدۇ.

خۇلاسىلىگەندە: مۆمىن دېگەن، ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا، پەرىشتىلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان بۈيۈك كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، تەقدىر (ھەممە ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ قويغان قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ) گە، قىيامەت كۈنىنىڭ (دۇنيا ھاياتى ئاخىرلىشىپ ئاخىرەت ھاياتى باشلىنىدىغان كۈن بولۇپ، بۇ كۈندە ھەممە ئادەم مەھشەرگاھقا جەم بولۇپ، ياخشى ـ يامان قىلمىشلىرىدىن بىر ـ بىرلەپ ھېساب بېرىدىغان، ياخشى ئەمەل بىلەن بولغانلار جەننەتكە، يامان ئەمەللەر بىلەن بولغانلار دوزاخقا ھۆكۈم قىلىنىدىغان كۈن) بەرھەقلىكىگە شەكسىز ئىمان كەلتۈرىدىغان كىشىدۇر.

مۇسۇلمان كىشى باشقا مۇسۇلمانلارغا قولى ياكى تىلى بىلەن ئازار قىلمايدۇ. باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن ھەر ۋاقىت خاتىرجەملىك ھېس قىلىدۇ، ئۇ باشقىلارغا يامانلىق يەتكۈزمەيدۇ. مانا بۇ، ئىسلام دىنىدىكى مۇسۇلمانلىقنىڭ ئۆلچىمىدۇر.

لەنەت قىلىنىشقا لايىق بولغان كىشىلەر:

1 ـ كاپىرلار، بىدئەت ئىش قىلغۇچىلار، پاسىق (شەرىئەت بۇيرۇقلىرىنى جايىدا ئادا قىلمىغان كىشى) لارغا لەنەت بولسۇن، دەپ لەنەت قىلىش.

2 ـ زۇلۇم قىلغۇچىلارغا، پارا يېگۈچىلەرگە، بەتنام (تۆھمەت) قىلغۇچىغا لەنەت بولسۇن، دەپ لەنەت قىلىش.

3 ـ مەلۇم كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ لەنەت قىلىش، بۇ ئۈچ تۈرلۈك لەنەتنىڭ بىرىنچىسى ۋە ئىككىنچىسىدە بىر مىللەتكە ياكى ئايرىم بىر توپ كىشىلەرگە لەنەت قىلىش گۇناھ ئەمەس. ئەمما مەلۇم بىر مىللەتنى ياكى بىر جامائەتنى يۈزىدىن ـ يۈزىگە لەنەت قىلىش توغرا ئەمەس. قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: □﴿**وَلاَ تَسُبُّواْ الَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ اللّهِ فَيَسُبُّواْ اللّهَ عَدْوًا بِغَيْرِ عِلْمٍ**﴾ مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنى تىللايدۇ.[122] يەنە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: (**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُونُواْ قَوَّامِينَ لِلّهِ شُهَدَاء بِالْقِسْطِ وَلاَ يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلاَّ تَعْدِلُواْ**) ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن.[123] بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىمۇ يۇقىرىدىكى قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ.

---

[122] ئەنئام سۈرىسى 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[123] سۈرە مائىدە 7ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەمما شەخسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ لەنەت قىلىش قەتئىي هارامدۇر. مەسىلەن: ئەبۇ جەھىلدەك، پىرئەۋنىدەك كاپىر ئىكەنلىكىدە شەك يوق كىشىلەردىن باشقا كىشىلەرنى نامى بىلەن ئاتاپ لەنەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ھېچقانداق كىشىنىڭ ئاخىرقى نەپەسىدە كاپىر ھالىتىدە كېتىدىغانلىقىغا ياكى مۇسۇلمان ھالىتىدە كېتىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالمايمىز. ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرگە رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلىش ئۇلارنىڭ قايسى ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاساس قىلمايدۇ. ‹بەلكى ئاللاھ تائالا ئىمان بىلەن ئىبلىپ كەتسۇن!› دەپ دۇئا قىلىپ قويۇش پەزىلەتلىك ئىش بولسىمۇ، قىلغان ئەسكىلىكىگە قاراپ تۇرۇپ،‹ئاللاھ سېنى ئاشۇ ئەسكىلىكىڭ بىلەن ئىبلىپ كەتسۇن!› دەپ لەنەت قىلىشنى شەرىئەت چەكلىگەن. لەنەت قىلىش ئىسلام دىنىدا پەرز، سۈننەت ياكى مۇستەھەب ئىشمۇ ئەمەس، ‹لەنەت قىلغۇچىغا ساۋاب بولىدۇ› دەيدىغان ھېچقانداق ئاساسمۇ يوق، بۇيرىغىنىمۇ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىس شەرىپتە كۆرسىتىلگەن ئۈچ خىل يامان ئەخلاقنىڭ ھەممىسىدىن ساقلىنىش لازىم. ھەدىسنىڭ مەزمۇنىمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ.

مۇسۇلمان كىشىلەرگە يامان دۇئا قىلغۇچىلار (قاغىغۇچىلار، مەيلى شاگىرتىنى، مۇدىرىنى ۋە ئوقۇتقان بالىسىنى بولسۇن، قاغاپ لەنەت ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ ھەدىس شەرىپنىڭ ھېكمىتىگە قارىغاندا) كامىل مۆئمىن ئەمەستۇر. «مۇشرىكلارغا بەددۇئا قىلسىلا بوپتىكەن!» دەپ رەسۇلۇللاھقا تەكلىپ بېرىلگەندە: «مەن رەھمەت پەيغەمبىرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن[124].

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: (وَقَالَ نُوحٌ رَّبِّ لَا تَذَرْ عَلَى الْأَرْضِ مِنَ الْكَافِرِينَ دَيَّارًا) پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن[125] دەپ دۇئا قىلىشى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: □ (وَقَالَ مُوسَى رَبَّنَا إِنَّكَ آتَيْتَ فِرْعَوْنَ وَمَلأَهُ زِينَةً وَأَمْوَالاً فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا رَبَّنَا لِيُضِلُّواْ عَن سَبِيلِكَ رَبَّنَا اطْمِسْ عَلَى أَمْوَالِهِمْ وَاشْدُدْ عَلَى قُلُوبِهِمْ فَلاَ يُؤْمِنُواْ حَتَّى يَرَوُاْ الْعَذَابَ الأَلِيمَ﴾ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ چوڭلىرىغا بەرگەن مال ـ مۈلۈكنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن.»[126] دەپ دۇئا قىلىشى، ئۇ كاپىرلارنىڭ ئىمان كەلتۈرمەسلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك!

رەسۇلۇللاھ ھاراق ئىچكۈچىلەرگە، ئۆسۈمگە بىر نەرسە بېرىپ جازانە قىلغۇچىلارغا، يېرىنىڭ قىر ـ پاسىللىرىنى ئۆزگەرتىپ يەر قوشنىسىنىڭ يېرىنى ئۆز تەۋەلىكىگە قوشۇۋالغۇچىلارغا، ئاتا ـ ئانىسىدىن تانغۇچىلارغا لەنەت قىلغان بولۇپ، بۇلار مەزكۇر ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نەقەدەر يامان ئىكەنلىكىدىن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر.

---

[124] سەھى مۇسلىم 2 — قىسىم 282 — بەت.
[125] نوھ سۈرە 26 — ئايەت.
[126] سۈرە يۇنۇس 88 — ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## 243 ـ ھەدىس: قوشنىسىغا ئازار بېرىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**ليس المؤمن الذي لايأمن جاره بوائقه.** (صحيح مسلم)

قوشنىسىغا ئازار بېرىدىغان ۋە يامانلىق قىلىدىغان كىشى مۆمىن ئەمەس.

دېمەككى، قوشنىسىنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرمايدىغان كىشى كامىل مۇسۇلمان بولالمايدۇ. چۈنكى ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش ھەققىدە تولىمۇ تەسىرلىك نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. مۇسۇلمان بولغان كىشى بۇ نەسىھەتكە دىيانەت يۈزىسىدىن ئىنچىل ئەمەل قىلىشى زۆرۈر. ئولتۇراق ئۆيلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولغان ئادەملەرلا قوشنا ئەمەس، بەلكى سەپەرد‍ىكى سەپەرداشلارمۇ قوشنا ھېسابلىنىدۇ. تىجارەت ئورنى، خىزمەت ئورنى ۋە تېرىلغۇ يەر قوشنىلىرىمۇ قوشنا ھېسابلىنىدۇ. قوشنا تاللاشمۇ مۇھىم مەسىلە. ھەدىس شەرىپىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆي سېلىشتىن بۇرۇن قوشنا، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن سەپەرداش، ئاندىن ئوزۇق ــ تۈلۈك تەييارلاش لازىم.

## 244 ـ ھەدىس: خىيانەت قىلىشنىڭ يامانلىقى توغرىسىدا

**لَيْسَ مِنَّا مَنْ غَشَّ.** (سنن أبي داود)

خىيانەت قىلغۇچى كىشى بىزدىن ئەمەس.

ھەقنى (راستنى) يوشۇرۇش، كىشلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، ھىيلە ئىشلىتىش، ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىلارنى گوللاش، ساختا مۇئامىلىلەردە بولۇش خىيانەتتۇر. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىسنى سېتىشقا تەييارلانغان ئاشلىقنىڭ ئاستىنى نەمدەپ، ئۈستىگە قۇرۇق قىسمىنى چىقىرىپ ساتماقچى بولغان بىر كىشىگە قارىتا دېگەن ئىدى.

بەزى كىشىلەر تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئارزۇسى بىلەن خىيانەت قىلىدۇ. قىلغان ئىشىنى ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلايدۇ. بۇ ئىنتايىن يامان قىلىقتۇر. خەلقنىڭ باي بولۇشىغا، ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىپ، بەختىنىڭ ئېچىلىشىغا، خىيانەت ۋە ساختىپەزلىكنىڭ قىلچىلىك پايدىسى يەتمەيدۇ. بەلكى خىيانەت پۈتۈنلەي بەختسىزلىككە، ۋەيرانچىلىققا ئېلىپ بارىدىغان قىلمىشلارنىڭ بىرىدۇر. شۇڭىدەك ھالال يول بىلەن باي بولغىلى بولمايدۇ، راست گەپ قىلسا ئىشەنمەيدۇ، گۇناھتىن ساقلىنىدىغان ۋە راستچىل كىشلەر باي بولاي دېسە ئىشى تەس، باي بولغانلارنىڭ ھەممىسى خىيانەت قىلىش ۋە ئادەم ئالداش بىلەن باي بولغان دېگەن سۆزلەر تولىمۇ رەزىل نىيەتلىك سۆزلەردۇر ياكى مۇنداق سۆزلەرنى باي بولۇشقا تىرىشىپ باققان، ئەمما باي بولالمىغان، كۆڭلى تۈز، راستچىل بولسىمۇ قابىلىيەتسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىگەن ۋەياكى ئۆتكەن خاتالىقتىكى مەسئۇلىيەتنى ئالدى بىلەن ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ بېقىشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەن ئادەملەر دېيىشى مۇمكىن. مۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ باي بولالمىغانلىقىنى ياكى ئەمگىكىنىڭ راۋاجلانمىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ راستچىل، ھالالمەنلىكىدىن كۆرسە بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار باشقا تەرەپلەردىكى يېتەرسىزلىكىنى ئويلىنىپ كۆرۈشى لازىم. چۈنكى تۇرمۇشىنىڭ راۋاجلىنىشى، بېيىپ پۇلدار بولۇپ كېتىشى ئۇ كىشىنىڭ پاكىزلىق، راستچىللىق ۋە ھالالمەنلىك بولۇشىغىلا قارىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۆۋەندىكى سەۋەبلەرنىمۇ قىلىش لازىم:

1 ـ ئۆز ـ ئۆزىگە تايىنىش. مەسىلەن، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ بىلىم، ھۈنەر ـــ سانائەت ۋە بايلىق جەھەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن مىللەتلەرمۇ ئالدى بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىش ۋە ئىرادىلىك بولۇش ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. شۇنىڭدەك، خارۇ زارلىق، مەھكۇملۇق ۋە ئەجنەبىلەرنىڭ ئاياق ئاستىدا ئېزىلگۈچى خەلقلەرمۇ، بۇ خارلىق ۋە خارابىلىقنى ئۆزىگە تايىنىپ ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئاتا ـ بوۋىلىرى، ئاكا ـ ئاغىنىلىرىغا، ئۇلۇغ پىرىملارغا، ئۆلۈكلەر ۋە تىرىكلەرنىڭ مەنىۋى يول بىلەن مەدەت قىلىشىغا ئىشىنىپ تۇرۇش سەۋەبىدىن يۈكلىۋالدى. ئۇلار، ئۇمۇمىيۈزلۈك ياكى بەزىبىر پالاكەت ياكى بىرەر بالا ـ قازا كەلگىلى باشلىسا، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى توختىتىش ئۈچۈن شۇنىڭغا لايىق چارە قوللىنىشقا ئاتلانماي، ئېتىكاپخانا، دۇئاخانا، گۈمبەز، قەبرىستانلىقلارغا يۈگۈرۈش، خوجا ـ ماشايىخلاردىن مەدەت تىلەش دېگەندەك مەنىسىز قىلمىشلارنى قىلىدۇ ۋە باشقىلارغىمۇ شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇلۇغلاردىن بىر نېمىلەرنى تىلەيدۇ. ئىسلام دىنى ھېچقاچان بۇنداق قىلمىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەس. ئىسلام زىيان سېلىشقا، تاجاۋۇز قىلىشقا بۇيرىمايدۇ. باشقىلار تاجاۋۇز قىلسا، ئۇرۇش قىلسا يەنى قانداق شەكىل بىلەن ئېتىلسا، شۇ شەكىل بىلەن رەددىيە قايتۇرۇشقا، خەتەرنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئىسلامنىڭ روھىنى ئوبدان ئورۇندىماي، ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىشنى قايرىپ قويۇپ، دائىم ئۆزىنى باشقىلاردىن ئاجىز كۆرۈش تـوغرا ئىش ئەمەس. ئاڭلىق مۇسۇلمان ئۆز ئەقىدىسىگە خىلاپ، ئىرادىسىگە توسقۇن بولۇۋاتقان خاتا ئىشقا سوكۇت قىلماسـلىقى لازىـم. ھەرقانداق جاپادىن قورقماي، ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئـاقىلانە ھەرىـكەت قىلىـپ، نەتىجىسـىنى: «ئـى ئـاللاھ! سەندىن كۈتىمەن!» دەپ تەۋەككۈل قىلىشـى لازىـم. «ھەممىتـىڭ بولسا تـاغلارنى يۇلـۇپ تاشلايسـەن» دېـگەن گەپ ئورۇنسـىز دېيىلمىگەن.

2 ــ زېرەكلىـك ۋە قىزغىنلىـق. ئـادەم ھايـات كۆرىشـىدە ئۈسـتۈنلۈكنى ئىگىـلەش ئۈچـۈن نۇرغـۇن قوراللارغـا ۋە شـۇ قوراللارنى ئىشلىتىدىغان سەۋىيە، چارە ـ تەدبىـرلەرگە ئېھتىيـاجى چۈشـىدۇ. بـۇ ئىشـلار ئۈچـۈن ھوشـيارلىق بىـلەن قىزغىنلىـق كېرەك. گاللۇاڭ ۋە روھى چۈشكۈن ئادەملەرگە ھايات جېڭىدە ئورۇن بولمايدۇ. توغرا! بەزىبىر گاللۇاڭ ۋە روھـى چۈشـكۈن ئـادەملەر ئالتۇن تېپىپ ياكى كۈتـۈلمىگەن جايـدىن مـىراس تېگىـپ بايلىققـا ئېرىشـىدۇ، لـېكىن مۇنـداق مۇستەسـنا ئەھـۋاللار بـۇ يەردە سۆزلەنگەن قائىدىنى بۇزالمايدۇ.

3 ــ تەدبىر ۋە ئىرادە. باشلىماقچى بولغان ئىشنىڭ ئـاخىرىنى ئـويلاش، قولغـا كېلىـدىغان نەتىجـىگە يارىشـا ھەرىـكەت قىلىش، ئۆز ھالىغا لايىق خىزمەت ۋە كەسىپ تاللاش، ئاندىن شۇنىڭغا قارىتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش «تەدبىر» دېيىلـىدۇ. شـۇ ئىشنىڭ ئاخىرىغىچىلىك توختىماي ھەرىكەت قىلىش ئىرادە بىلەن بولىدۇ. تەدبىر ۋە ئىرادە بولمىسـا، ئىشـنىڭ مۇۋەپپىقىيەتسـىز بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى باشقا يەردىن ئىزدەشكە ھاجەت قالمايدۇ.

4 ــ ئىقتىسادقا رىئايە قىلىش. بايلىق ھاسىل قىلىش ۋە بايلىق ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولىـدىغان نىشـانلارغا يېتىش ئۈچۈن ئىقتىسادچان بولۇش لازىم. بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىزاھلاشقا ھاجەت بولمىسا كېرەك.

5 ــ گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشـى تەربىـيە. مىلـلەت يـاكى شەخسـنى بەخـت سەھنىسـىگە ئېلىـپ بارىـدىغان ئەڭ مـۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى تەربىيەلىك بولۇشتۇر. ئەخلاقى گۈزەل، تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن ئادەم قەيەرگىلا بارسا، ئۇ يەردە ئۆز ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ياخشى تەربىـيە بـۇزۇق خىيـاللاردىن سـاقلايدۇ، ئەقىلنـى خۇراپـات، يالغـان ـ ياۋىداقلاردىن ۋە جىسمانىي كېسەللىكتىن ساقلايدىغان بولغانلىقى ئۈچـۈن، بـۇ نەرسـىلەرنىڭ بەخـت ۋە سـائادەتكە ئېرىشىشـنىڭ سەۋەبلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. گۈزەل ئەخلاق، تەلىم ـ تەربىيە دائىم روھى ۋە جىسمانىي پاكلىققا ئېلىـپ بارىـدۇ. باشقىلارنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. ئىنسان، مەزكۇر گۈزەل تەربىيەنى ھاسىل قىلىش ئۈچـۈن ئـۈچ تۈرلـۈك باسـقۇچتىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ:

1ــ ياخشى ئائىلـىدە ئۆسـۈپ يېـتىلگەن بولـۇش. 2 ــ مەكتەپـتە ياخشـى ئوقـۇش. 3 ــ ياخشـى جەمئىيەتـتە چـوڭ بولۇش. بۇ ئۈچىدىن قايسى بىرسى كەم بولسا، بۇ ئادەمدە بىر كامالەت كەم بولىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئۈچ خىل تەربىيە باسـقۇچىدىن تولۇق ئايرىلىپ قالغان بولسا، بۇ كىشىدىن باشقىلارغا ھەتتا ئۆزىگىمۇ ياخشىلىق يېتىشى ناتايىن. بـۇ كىشـى بەخـت ـ سـائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، تاسادىپىي سەۋەبلەردىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشىپ قالسىمۇ، سائادەتلىك كۈنلىرى داۋام قىلمايدۇ. 4ــ تىرىشىش ۋە بار كۈچىنى سەرپ قىلىش. «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرسا يېتىش بىـلەن ھـېچ ئىـش بولمايـدۇ. بەخـت تېـپىش ۋە سائادەتكە يېتىش ئۈچۈن، دۇنيانىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىش (جاپاسـىنى تـارتىش) قـاتتىق دولقـۇنلارنى يېرىـپ ئۆتـۈش، بەرداشلىق بېرىپ تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. تۇرمۇش پاراۋانلىقى، بەخت ــ سائادەتلىك بولۇش، ئاللاھقا يارامىلىق مۇسـۇلمانلاردىن بولۇش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئىشلارنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم. بەخت ــ سائادەت ئىزدەش ئۈچۈن خىيـانەتكە ئەمەس، ئىشـەنچ

ۋە بىلەككە تايىنىش كېرەك. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «خىيانەت قىلغۇچىلار بىزدىن ئەمەس» دېگەن سۆزى بۇ ساھەدە دەستۇر قىلىنىشى لازىم.

# 245 ـ ھەدىس: كىچىكلەرنى ئىززەتلەش ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ پەزىلىتى

**لَيْسَ مِنَّا مَنْ لَمْ يَرْحَمْ صَغِيرَنَا وَيَعْرِفْ حَقَّ كَبِيرِنَا.** (مسند أحمد)

كىچىكلەرگە مېھرى ـ شەپقەت، چوڭلارغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام قىلمىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس.

جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھات قىلىنىشى، خەلقنىڭ بىرلىكى، ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇشى چوڭلارنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى تونۇشى ۋە كىچىكلەرگە مېھرى ـ شەپقەت قىلىشىغا باغلىق. جەمئىيەتنىڭ قالايمىقان بولۇشى ئائىلىلەرنىڭ قالايمىقانلىقىدىن بولىدۇ. ئائىلىلەرنىڭ قالايمىقان بولۇشلىرى ئائىلە ئىچىدىكى چوڭلارنىڭ قەدرى ـ قىممىتى تونۇلمىغان ۋە چوڭلارنىڭمۇ كىچىكلەرگە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ياخشى تەسىر قالدۇرمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. چوڭلارنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ۋە قەدرىنى بىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆپىنچە كىشىلەر بىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇزۇن گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشقا ھاجەت يوق. ئەمما كىچىكلەرگە قانداق ئۈلگە بولۇش، ئۇلارنى قانداق ئىززەتلەش، يارامىلىق ئادەم بولۇشى ئۈچۈن قانداق خىزمەتلەرنى قىلىش مۇھىم ئىش بولغانلىقتىن تۆۋەندە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتىمىز.

ياشلار ۋە كىچىكلەرگە مېھرىبان بولۇش دېگەنلىك، ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىپ ئەركىلىتىپ چوڭ قىلىش دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى ئەركىلىتىش باشقا، مېھرىبانلىق باشقا. بالىلارنى ئارتۇقچە ئەركىلىتىپ، دېگەن نەرسىسىنى ھەل قىلىپ بېرىش، ئائىلە ئىچىدە پادىشاھ ئورنىدا كۆتۈرۈپ، نېمە دېسە شۇنى ئورۇنداپ بېرىش بالا ۋە ئائىلە ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. مېھرىبانلىق بولسا، شەپقەت يولى بىلەن ئىلىم ـ ئەخلاق، ئەدەپ ـ قائىدە ۋە تەلىم ـ تەربىيەگە ھېرىسمەن قىلىپ چوڭ قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنداقلا بالىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن زۆرۈر بولىدىغان ئىشلارنى بىلدۈرۈش بالىغا ھەقىقىي كۆيگەنلىك ۋە مېھرىبانلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بالىلارنى ئەركىلىتىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلىدۇ، ئۆز سۆزىنى يورغىلىتىدىغان، خالىغانچە گەپ قىلىدىغان ۋە باشقىلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلىدىغان ناچار تەبىئەتنى ئۆزىگە سىڭدۈرىۋالىدۇ. ئۇ بالا باي بولسا، كىشىلەرنىڭ گەجگىسىدىن باسىدىغان، پېقىر بولسا، تەكەببۇر، بىمەنە ئادەم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ بالا ھېچكىمنى ياراتمايدىغان ۋە ھېچكىمگە پايدىسى يەتمەيدىغان نانىپىي بولۇپ چوڭ بولىدۇ. ئەمما بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئەخلاقلىق، قائىدە ـ يوسۇنلۇق تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىلسە، خۇش مىجەز، ئەخلاقى ياخشى، چىدامىلىق، كەمتەر چوڭ بولىدۇ. ئۆزىنى باشقىلار بىلەن ئوخشاش ھۆرمەتكە سازاۋەر دەپ مۇئامىلە قىلىدۇ. مۇنداق بولغاندا بالىلار ئۆزىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ۋە يارامىلىق ئادەم بولۇپ چوڭ بولىدۇ. بالىلارنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرەلەيدىغان قىلىپ چوڭ قىلىش لازىم. بالا تەربىيەلەشتىكى ئەڭ مۇھىم قائىدە مۇشۇ بولۇشى كېرەك. بۇ قائىدىلەرنى ئۆگىتىش، بالىلارنى ئۇرۇش، تىللاش ۋە قوپاللىق قىلىش بىلەن ئەمەس، مېھرىبانلىق بىلەن تەربىيەلەپ، ياخشى تەبىئەتلىك ئادەم بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مەيلى كەمبەغەلنىڭ ياكى باينىڭ بالىسى بولسۇن، ھەرگىز ھورۇنلۇقنى، باشقىلارنى ئىشقا بۇيرۇيدىغان ئادەتنى ئەمەس، ئۆز ئىشىنى ئۆزى مۇستەقىل قىلىشنى ئۆگەنسۇن. غەيرەتلىك بولسۇن. ھەتتا كىيىم كىيەلىگىدەك بولغاندىن تارتىپ كىيىمنى ئۆزى كىيىشكە، ئۆزى رەتلەپ قويۇشقا، ئۆزى دەزماللاپ قاتلاشقا ئادەتلەنسۇن. ياتقان ـ قوپقاندا ئورۇنلىرنى ئۆزى سېلىپ، ئۆزى

يىغسۇن. قىسقىسى، تۇرمۇشتا لازىملىق بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلالايدىغان پۇختا ئادەم بولسۇن. باللارنى ئاشۇنداق چوڭ قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى مېھربانلىق بىلەن تەبىئىتىگە سىڭدۈرۈش ناھايىتىمۇ زۆرۈر.

ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇپ ئۆگەنگەن، خۇش تەبىئەتلىك، جۈرئەتلىك باللار مىللەتنىڭ يارامىلىق سەركەردىسى بولۇپ چىقىدۇ. تۇرمۇش، تىرىكچىلىك يولىدا تېنەپ قالمايدۇ. ھالال مېھنەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە توغرا مۇئامىلىلەردە ئۈلگە بولۇپ چىقالايدۇ. بۇلار بىزنىڭ ۋە جەمئىيىتىمىزنىڭ تىلىكى بولسۇن. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، تەييارغا ھەييار، باشقىلارنىڭ سايىسىدە جان باقتى بولۇپ ياشايدىغان بولۇپ قالسا، بۇنداق ئادەملەر ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ئۇۋال قىلىدىغان، مىللەتكە يۈك بولىدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ. مىللەتنىڭ يۈكسىلىپ، پاراۋان مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈشى ياكى خار - زەبۇن بولۇپ قېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ياكى ئارقىدا قېلىپ قورساق بالاسىغا قېلىشى، خوجايىن بولۇشى ياكى چاكارغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىنچىلىك دائىرىسىدىكى ئىشلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەۋلادلارنىڭ يارامىلىق ياكى يارامسىز تەربىيەلىنىپ چوڭ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مىللەت ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ئىبادەت ۋە ئۆز ۋەزىپىلىرىنى دادىللىق بىلەن ئىجرا قىلماي، مەسئۇلىيەتسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مۇنداق خەلق بارغانسېرى دىن ھەققىدە ئەدەپسىزلىك قىلىدۇ. قۇرۇق گەپنى تولا قىلىدۇ. تۇرمۇش قۇرۇپ، ئائىلە ھۆرمىتىنى ساقلىمايدۇ، شەرىئەتتىن يىراقلىشىدۇ، بۇزۇق ئىشلار، شەھۋانىي خىياللاردا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى پەزىلەتلەرنى يوقىتىدۇ. مىللەتتە ساقايمىقى تەس بىر خىل يامان كېسەل بارلىققا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇزۇلغان مىللەتتىن بۇزۇق ياشلار بارلىققا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۈزەل ئەخلاقلىق ياشلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. مەزكۇر ياشلار ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ھەق - ھوقۇقنى تونۇيدۇ، مىللەتنىمۇ تەربىيەلەيدۇ. ياش ۋاقتىدا ياخشى تەربىيەلەنمىگەن ئادەمنىڭ شەيخلارنىڭ قېشىغا بېرىپ تەربىيە ئېلىشى پايدىلىق. لېكىن چوڭ بولۇپ قالغاندا، ئۆزىنى تۈزەتمەك ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا تەربىيەلىنىشنىڭ ئەسلى ۋاقتى قېرىلىق ئەمەس، بەلكى ياشلىق مەزگىلىدۇر. كىچىك چېغىدا ماياق ئۆسكەن چىۋىقنى ۋاقتىدا تۈزلىمەي، چوڭ بولغاندا تۈزلەيمەن، دېسە سۇنۇپ كېتىدۇ.

مەزكۇر ھەدىس شەرىپ مۇسۇلمانلىقنىڭ ئۆلچىمى بولۇپلا قالماستىن، ئىنسانچىلىقنىڭمۇ ئۆلچىمىدۇر. كىچىكلەرگە كۆيۈمسىز، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلمايدىغان ئادەمنى مۇسۇلمان قاتارىدا كۆرۈشكە بولمىسا، ئادەم سۆرىتىدىمۇ كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئۇنداق ئادەم تىرىك تۇرسا «ئۆلۈك» ھېسابلا، ئۆلۈپ قالسا، ئىچ ئاغرىتمىغىن.

## 246 ـ ھەدىس: سىلە ـ رەھىمنى ئۈلاش توغرىسىدا

**لَيْسَ الْوَاصِلُ بِالْمُكَافِئِ وَلَكِنْ الْوَاصِلُ الَّذِي إِذَا قُطِعَتْ رَحِمُهُ وَصَلَهَا.** (صحيح البخاري)

يوقلاپ ــ سوراپ تۇرغاننى يوقلاپ ـ سوراپ تۇرۇش، ئۇرۇق ـ توغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئىزدىمەي تاشلىۋەتكەن كىشىنى ئىزدەپ ـ يوقلاپ تۇرۇش سىلە ـ رەھىم قىلغانلىق بولىدۇ.

سىلە ـ رەھىم قىلغۇچى، يوقلىغاننى يوقلاپ تۇرغۇچى ۋە تۇغقانلىرىنى تاشلىۋەتكۈچىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئادەم بولىدۇ. بىر قورساق، قانداش توغقانلىرى بىلەن دۈشمەنلەشكەن ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايدىغان كىشى سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن، تۇغقانلىرىنى تاشلىۋەتكەن كىشىدۇر. ئىزدەپ كەلگەن تۇغقانلىرىنى ئىزدەيدىغان، ئىزدىمىگەننى ئىزدىمەيدىغان كىشى يوقلىغاننى يوقلايدىغان كىشىدۇر. ئىزدىمەيدىغان، كۆرۈشمەيدىغان توغقانلىرىنىمۇ ئىزدەپ، ھال ئەھۋال سورايدىغان كىشى سىلە ـ رەھىم قىلىدىغان كىشىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ ھەدىس شەرىپ بىر پۈتۈن ئۈممەتكە مۇھىم ئەخلاق ئۆلچىمى بولىدۇ. ئىنسانىي قەدرى ـ قىممەتنى قانداق تونۇپ يېتىشنى مۇشۇ ھەدىس شەرىپتىن بىلىۋالساق بولىدۇ. ئۆز تۇغقانلىرى بىلەن، يۇرت ـ جامائىتى بىلەن كارى بولماي، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن، سىلە ـ رەھىم قىلمىغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ.

## 247 ـ ھەدىس: نامازنى روھلۇق ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇش توغرىسىدا

**لِيُصَلِّ أَحَدُكُمْ نَشَاطَهُ فَإِذَا فَتَرَ فَلْيَقْعُدْ.** (سنن النسائي)

ناماز ئوقۇغان ۋاقىتتا روھلۇق، جانلىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇڭلار. ئەگەر سۇسلىشىپ، سولىشىپ مۈگدەپ قالساڭلار، ئولتۇرۇڭلار (نەپلى ناماز ئوقۇغاندا جانلىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇش، ئۇيقۇ تۇتۇپ كېتىپ ياكى باشقا بىر سەۋەبتىن سۇسلىشىپ قالساڭلار، ئولتۇرۇڭلار، يەنى نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇڭلار ياكى ئولتۇرۇپ دەم ئېلىڭلار. يەنى ئىبادەتتە سۇسلۇق قىلماڭلار.)[127]

رەسۇلۇللاھ مەسجىدكە كىرىپ ئىككى تۈۋرۈك ئوتتۇرىسىدا تارتىپ قويۇلغان بىر دانە ئارغامچىنى كۆردى ۋە: «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىدى. ساھابىلەر: «بۇ ئارغامچا جەھشىنىڭ قىزى زەينەبنىڭ (زەينەب بىنت جەھش) ئارغامچىسى، ئۇ نەپلى ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۇخلاپ قېلىشتىن، ئولتۇرۇپ قېلىشتىن قورقۇپ تارتىپ قويدى، مۈگدەپ قالسا ئارغامچىغا ئېسىلىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ نامىزىنى ئوقۇيدۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «ئارغامچىنى يېشىۋېتىڭلار! نەپلى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ، مەزكۇر ھەدىسنى بايان قىلدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەدىسنى نەپلى ناماز ھەققىدە سۆزلىگەنلىكى ئېنىق. لېكىن بۇ پەرز ئىبادەتلەردە كەيپىياتى جۇشقۇن، روھلۇق ۋە ھالى خۇشخۇي بولماي قالسا، ئىبادەتنى ئادا قىلماي ئولتۇرسۇن ياكى كەيپىياتى ياخشىلانغاندا ئوقۇسۇن دېگەنلىك ئەمەس. پەرز ئىبادەتلەرنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا ئادا قىلىش پەرز. ئۇ كىشىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىبادەتنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشى ۋاجىپ. ئەگەر مۇسۇلمان كىشى بىتاب بولۇپ قېلىپ، ئۆرە تۇرۇشقا قادىر بولالمىسا ئولتۇرۇپ، ئولتۇرۇشقىمۇ قادىر بولمىسا، ئوڭدىسىغا يېتىپ تۇرۇپ بەلگىلەنگەن ئىبادەتنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىدۇ. پەرز ناماز ئىسلام دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، ئۇنى كىم ئادا قىلسا، ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكىنى تىكلىگەن بولىدۇ. كىم ئادا قىلمىسا، ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكىنى يىقىتقان بولىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆي جاھازلىرى تولۇق ۋە تېنى ساغلام تۇرۇپ نامازنى تەرك ئەتسە، شۇنداق قىلغىنىغا ئىچى سىرىلمىسا، ۋىجدانى ئازابلانمىسا، ئادەتتىكى بىر ئىشتەك بىلىنسە، بۇ، شۇ كىشىنىڭ كۆڭلى قارىلىقىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا روھىي ھالىتىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆلگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. يەنە خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ناماز ئوقۇماي يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنى نامازغا ھەيدىمەسلىك ئۇ كىشىنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىدا شەك بارلىقىغا دەلىل بولىدۇ. خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ناماز ئوقۇمىغانلىقىغا رازى بولغان ئادەم، ئۇلاردىنمۇ ياخشىلىق كۈتمىسۇن، يەنى خوتۇن ـ بالىلىرىدىن بىۋاپالىق كۆرگەن ئادەم ئۇلاردىن رەنجىمىسۇن.

**اذا كان رب البيت بالطبول ضاربا فلا تلم الصبيان على الرقص.**

«داپنى چالغان ئۆينىڭ بېشى بولسا، بالىلىرىنىڭ ئۇسۇل ئوينىشىغا خاپا بولمىسۇن.»

---

[127] سۈنەنى ئەبى داۋۇد 1 — قىسىم 193 — بەت.

بۇ يەردە ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر بىر مەسىلە باركى، ئىخلاس بىلەن ھەقىقىتىنى تونۇپ قىلغان ئازغىنە ئىبادەتكە كۆپلەپ ئەجىرى ـ ساۋاب بېرىلىشى مۇمكىن. ئەكسىچە سۇسلۇق بىلەن ئىخلاسسىز قىلغان ئىبادەت كۆپ بولسىمۇ، نەتىجىسىنىڭ بولمايدىغانلىقى، بولغاندىمۇ ئاز بولىدىغانلىقىغا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتە ئىشارەتلەر بار. مەسىلە ئىبادەتنىڭ كۆپ بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئىخلاس بىلەن داۋام قىلىشىغا باغلىق. ئىخلاس بىلەن دىل ھۇزۇر ئىچىدە قىلىنغان ئىبادەت قانچە كۆپ بولسا، بۇ مۆمىننىڭ پەزىلىتى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇقەدەر كۆپ ئىبادەت قىلاتتى. «رەسۇلۇللاھنىڭ بىر سوتكىدا ئۇقۇيدىغان نامىزى (پەرز ۋە نەپلە بولۇپ) قىرىق رەكئەتكە يېتەتتى» دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن: «ئاللاھ سىزنىڭ ئۆتكەنكى، ھازىرقى بارلىق گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرۈم قىلغان تۇرسا، نېمىشقا كۆپ ئىبادەت قىلىسەن؟» دەپ سورىغاندا: «مەن رەببىمگە شۈكرى قىلغۇچى بەندە بولمىسام بولامدۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەن.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە بايان قىلىنغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، دۇئا قىلغاندا مەنىسىنى چۈشىنىپ قىلىش ئەلۋەتتە كاتتا ۋە ئەۋزەلدۇر. دۇئادا دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك مەقسەتلەرنى ئاللاھقا بايان قىلىدىغان بولغاچقا، لازىمەتلىك نەرسىلەرنى تىلگەندە ئاللاھقا يېلىنىپ تۇرۇپ تەلەپ قىلىش، ئازابىدىن ساقلىشىنى يىغلاپ تۇرۇپ تەلەپ قىلىش ياخشىدۇر. مەزكۇر ھەدىس شەرىپ يەنە، ئاياللار مەسجىدلەرگە كېلىپ ناماز ئوقۇسا، دۇئا تىلاۋەت قىلسا ۋە ئاللاھقا زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتسا بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

# 248 ـ ھەدىس: ئۆز ئەمگىكىچە تايىنىپ ياشاشنىڭ پەزىلىتى

**مَا أَكَلَ أَحَدٌ طَعَامًا قَطُّ خَيْرًا مِنْ أَنْ يَأْكُلَ مِنْ عَمَلِ يَدِهِ وَإِنَّ نَبِيَّ اللَّهِ دَاوُدَ عَلَيْهِ السَّلَام كَانَ يَأْكُلُ مِنْ عَمَلِ يَدِهِ.** (صحيح البخاري)

ھېچ بىر كىشى ئۆز قول كۈچى بىلەن ئىشلەپ تېپىپ يېگەن ئاش ـ ناندىن تەملىك بىر نەرسە يېيەلمەيدۇ. داۋۇد ئەلەيھىسسالاممۇ (خەزىنە ئاچقۇچى قولىدا بولسىمۇ) ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى.

بۇ ھەدىستە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەشكە ھاجىتى يوق تۇرۇپمۇ ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى ئۈممەتكە ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى داۋۇد ئەلەيھىسسالام كاتتا باي ھەم پادىشاھ ۋە يەر يۈزىگە خەلىپە ئىدى. پەيغەمبەر داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆمۈرچىلىك قىلغانلىقى ۋە تۆمۈر كىيىملەرنى (ساۋۇت) ياسىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ھەدىستە، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ تىككۈچى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ھەدىس شەرىپتە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. مۇسۇلمانلارنىڭ قان ـ تەر تۆكۈپ، ھۈنەر ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ئائىلە ۋە جەمئىيىتى ئۈچۈن گۈزەل مۇھىتنى يارىتىشىنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكى روشەندۇر.

ئىبنى ماجە مۇشۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىپ: «ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشىغاندەك ياخشى ئىش يوق. ئۆز قولى بىلەن كەسىپ قىلىپ، خوتۇن ـ بالىلىرى ۋە خادىملىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ، دەردىگە دەرمان بولۇشمۇ سەدىقە ئورنىدا ساۋابقا ياتىدۇ»، دېگەن. مۇنداق خۇشخەۋەرلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىن باشقا بىر دىندا بارلىقى مەلۇم ئەمەس. مۇسۇلمانلىرىمىز مۇنداق سۆزلەرنى ئوبدان ئويلىنىپ، مۇسۇلماننىڭ ئەسلى ۋەزىپىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىشى تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. بىز تامىر فورس شەھىرىنى سەيلە قىلىپ يۈرگەن ۋاقتىمىزدا بىر ھەيكەلنىڭ ئالدىدا توختىدۇق، ئۇ، يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرغان بىر ئايال كىشىنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، ئېگىرىۋاتقان يىپىنىڭ ئۇچىنىڭ ئالتۇنغا ئايلىنىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. بۇ ھەيكەلدە باي بولۇش ئەينەن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، يىپ ئېگىرىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئالتۇنغا ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ يەردە، باي بولماقچى بولسىڭىز ئۆز قولىڭىزغا تايىنىپ، ئۆز مېھنىتىڭىزدىن كەلگەن نەرسە گەرچە ئاددىي بولغان تەقدىردىمۇ، قىممىتى ئالتۇنغا باراۋەر ياكى ئادەمگە ئەڭ لەززەت بېغىشلايدىغان تائام ئۆز قولىڭىزنىڭ نەتىجىسىدىن كەلگەن نەرسىدۇر، دېگەن مەزمۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىز بۇ ھەيكەلنىڭ نېمىشقا مۇنداق قاتۇرۇلغانلىقىنى سورىغىنىمىزدا، تامىر فورس شەھىرىنىڭ بايلىرى، كىشىلەرنى باي بولۇشقا ئۈندەپ، باي بولۇشنىڭ ئاساسى بىلەككە تايىنىش ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق شەكىلدە ياساتقۇزغان دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. بۇ شەھەرنىڭ بايلىرى كۆرسەتكەن ئىشلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنغان مەزمۇنغا ئويغۇن كەلگەن.

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشىغان ئادەم ھاتەمنىڭ ساخاۋىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

## 249 ـ ھەدىس: ئەڭ ياخشى ھەدىيەنىڭ دانا تەۋسىيە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**ماَ أَهْدَى المَرْءِ المُسْلِمُ لأَخِيْهِ أفْضَلَ مِنْ كَلِمَةٍ حِكْمَةٍ يَزِيْدُهُ الله بِهَا هُدى أوْ يَرُدُّهُ بِهاَ عَنْ رَدىً.** (الجامع الصغير)

مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىغا تەۋپىق ـ ھىدايەتكە سەۋەب بولىدىغان ياكى بىرەر يامان ئىشتىن يېنىشىغا سەۋەب بولىدىغان دانا سۆزدىن ئارتۇق چوڭ ھەدىيە بېرەلمەيدۇ.

باشقىلارغا قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ياردەم ۋە ھەدىيە دانا سۆزلۈك نەسىھەتتۇر. ماددىي سوۋغات ۋە ياردەم بىر ئادەمنىڭ ھىدايەت تېپىپ، توغرا يولغا مېڭىپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇشى ناتايىن. لېكىن ياخشى سۆز، كۆيۈنۈپ تۇرۇپ قىلغان نەسىھەت دەرھال تەسىر قىلمىغان تەقدىردىمۇ، بىر كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىققا قايتىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، قېرىنداشلارغا ماددىي تەرەپتىن ھېسداشلىق قىلىپ كۆيۈنۈشتىنمۇ بەكرەك، سەممىي نەسىھەت، پايدىلىق يول، پايدىلىق ئىش ـ ئەمگەك كۆرسىتىپ، مەنىۋىي تەرەپتىن كۆڭۈل بۆلۈش مۇھىمدۇر.

# 250 ـ ھەدىس: خىزمەتچىسىنىڭ ئىشىنى يەڭگىللەتكۈچىنىڭ ئەجرى توغرىسىدا

**ماَ خَفَّفْتَ عَنْ خاَدِمِكَ مِنْ عَمَلِهِ فَهُوَ أجْرٌ لَكَ فِى مَواَزِينِكَ يَوْمَ القِياَمَةِ.**

خىزمەتچىڭنىڭ ئىشلىرىنى يەڭگىللىتىپ بېرىشىڭ، قىيامەت كۈنى مىزانىڭغا ئەجىر ـ ساۋاب بولۇپ يېزىلىدۇ.

خىزمەتچىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم باللىرىدۇر. ئۇلار پەقەت كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىكلەر يۈزىسىدىن باشقىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئەھۋالدا قالغان. ئەلۋەتتە، ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش، دىنىي قېرىنداشىم دەپ تونۇش لازىم. ئىشىنى يەڭگىللىتىپ بېرىش، ئېغىر ئىشقا سالماسلىق ياكى كۈنلۈك ۋەزىپىسىنى كۆپەيتىۋەتمەي، ئارام ئالدۇرۇپ خىزمىتىگە سېلىش، كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلاردا ئادەم قوشۇپ ياردەم بېرىش، جامائەت نامىزىغا بىللە ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلار خىزمەتچىگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇفا ۋە ئورۇنبۇرگ شەھەرلىرىدە بايلارنىڭ ياخشى ئات، ياخشى ھارۋىلاردا جۈمە نامازلىرىغا بېرىپ، يىللىقچى ـ خىزمەتچىلىرىنى ئات ـ ھارۋىلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن تۇرغۇزۇپ قويغان ئەھۋاللارنى كۆردۈم. خىزمەتچىلەر خوجايىنلىرىنى كۈتۈپ سىرتتا تۇرىدۇ، قۇل بولسىمۇ جۈمە نامىزى ئۇلارغا پەرز ئەمەس، پەشىن ئوقۇسا بولىدۇ. ئەمما بۇ يىللىقچى خادىملار قۇل ئەمەس، بەلكى ئازاد كىشىلەردۇر. بۇلارنى سىرتتا توختىتىپ قويۇپ، ئۆزلىرى جۈمە ئوقۇسا راۋا بولمايدۇ، ئۇلارمۇ بەندىچىلىكتە بايلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، جۈمە نامازلىرى ئۇلارغىمۇ پەرزدۇر. باشقىلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سورۇشتە قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ دىنىنى چەك تۇتمىغانلىقىدىن قايغۇرىدىغان، بېشىمىزغا كەلگەن ئومۇمىي بالا ـ قازالارنىڭ باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ شۇملىقىدىن بولغانلىقى دەپ قاراشقا ئالدىرايدىغان، ياخشى، دىندار بايلارنىڭ مۇسۇلمان خىزمەتكارلىرىنى ۋە تولىراقى ساقاللىق (يېشى چوڭ) خىزمەتچىلەرنى جۈمەگە كىرگۈزمەي، ئىشىك ئالدىدا ساقلىتىپ قويۇپ تۇرۇشىدا نېمە سەۋەب بارلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ. خاتىبلار داۋاملىق ئوقۇيدىغان: (**إِنَّ اللّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالإِحْسَانِ وَإِيتَاء ذِي الْقُرْبَى وَيَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاء وَالْمُنكَرِ وَالْبَغْيِ يَعِظُكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ**) يەنى: ئاللاھ ھەقىقەتەن كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل بولۇشقا، جىمى خەلققە ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ.[128] دېگەن ئۇلۇغ ئايەتنى ئاڭلاپ، چۈشىنىپ تۇرۇپ، خىزمەتكارلىرىنى ئۇلاغ ساقلىتىپ قويۇپ، ئۆزلىرى جۈمە ئوقۇغىلى كىرىپ كەتكەن بايلاردىن ئەجەبلەنمەي تۇرالمىدۇق.

تاغۇ ــ تاشلار، ھەتتا ئۆسۈملۈكلەرگىمۇ تەسىر قىلغۇدەك دەرىجىدە روشەن بولغان ئاللاھ تائالانىڭ بۇ بۇيرۇقىنىڭ مەسجىدنىڭ ئىشىكىدىن ئۆتەلمىگەنلىكىدە قانداق سەۋەب باردۇ؟ ناۋادا جامائەت ئويلاپ چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىدە بولسا ئىدى، خاتىب (خۇتبە سۆزلىگۈچى) بۇ ئايەتتىن باشقا بىرەر ئېغىز سۆز قىلمىسىمۇ، بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى يېتەرلىك بولار ئىدى. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا بۇ ئايەت كەرىمىدە ئۈچ نەرسىگە بۇيرۇيدۇ ۋە ئۈچ نەرسىدىن توسىدۇ. يەنى ئادىل بولۇشقا، ھەر ئىشنى ئاللاھنى رازى قىلىشنى ئويلاپ قىلىشقا ۋە خىش ـ ئەقرىبالىرىنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ سۆز ـ ھەرىكەتتىن، شەرىئەتكە خىلاپ قىلمىشلاردىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى رەنجىتىشتىن توسىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىش لازىم.

---

[128] سۈرە نەھل 90 — ئايەت.

ئاللاھ تائالانىڭ توسقان ئىشلىرى بولسا، فاھىشە (شەھۋەتكە ئەسىر بولۇش، زىنا ۋە قەبىھ سۆز ـ ھەرىكەتلەر)، مۇنكەر (شەرىئەت چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىش، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى رەنجىتىش، دىل ئازار قىلىش، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتۇپ، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ خىزمەتكارىدەك كۆرۈش) دىن ئىبارەتتۇر. يۇقىرىقىغا ئوخشاش كىشىلەر، ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ بۇيرۇق ۋە نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئۆزى بىلەن دىنىي قېرىنداش كىشىلەرنىڭ جۈمە نامىزىنى ئوقۇماسلىقىغا سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىشى لازىم ئىدى.

## 251 ـ ھەدىس: دىننى قويۇپ دۇنيالىققا ھېرىسمەن بولۇشنىڭ ئاقىۋىتى

**ذِئْبَانِ جَائِعَانِ أُرْسِلَا فِي غَنَمٍ أَفْسَدَ لَهَا مِنْ حِرْصِ الْمَرْءِ عَلَى الْمَالِ وَالشَّرَفِ لِدِينِهِ.** (مسند أحمد)

يايلاقتىكى پادا قويلارغا قويۇپ بېرىلگەن ئىككى ئاچ بۆرىنىڭ كەلتۈرگەن زىيىنىدىن ئادەم بالىسىنىڭ دىننى قويۇپ، پۇل ـ مال ۋە ھوقۇق ـ مەنسەپكە ھېرىس بولۇپ كېتىشىدىن كەلگەن زىيان نەچچە ھەسسە ئېغىر بولىدۇ.

بۆرە ئاچ بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى بۆرە بىر بولۇپ قالسا، يايلاقتىكى قويلارغا ئېغىر زىيان سالىدىغانلىقى ۋە پۈتۈن قويلارنى ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

ئەمما ئىنساننىڭ مال ـ مۈلۈك، مەنسەپ ـ مەرتىۋە ۋە ھوقۇقدار بولۇشقا ھېرىسمەن بولۇشى ئۇنىڭ دىنى ئۈچۈن ناھايىتى زىيانلىقتۇر. بۇ يەردە ئاچ بۆرىلەر ۋە يايلاقتىكى قويلارنىڭ مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلىشى بولسا، ئادەم باللىرىنىڭ پۇل ـ مال، ھوقۇق ـ مەنسەپ ۋە شۆھرەت دېگەنلەرگە ھېرىسمەن بولۇشنىڭ ئۆزى ۋە باشقىلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنىڭ نەقەدەر ئېغىر بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. ھايۋانلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئالىم ھايۋان تەبىئىتى بىلەن ئىنسان تەبىئىتىنى تەھلىل قىلغان ھالدا: «ئادەم بىلەن بۆرىنىڭ قايسىسى ئۇسال؟» دەپ سوئال قويغان ھەمدە ئۆزى سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بۆرە دۇنيادىكى ھايۋانلار تۈرى ئىچىدە ئەڭ ئەسكى، ئەڭ يامان ۋە زالىم ھايۋان بولمىسىمۇ، ناھايىتى ئەسكى ۋە قورقۇنچاق يىرتقۇچتۇر. لېكىن، ئادەم بالىسىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ كۆڭلى ۋە مۇئامىلىسى ياخشى. شۇڭا، ئەسكى ئادەملەرنى بۆرىگە ئوخشىتىش بۆرىگە زۇلۇم قىلغانلىق ۋە ئورۇنسىز تۆھمەت قىلغانلىق بولىدۇ. بۆرە قورسىقى تويسا شۈكرى قىلىدۇ. ئادەم نەپسى ئۈچۈن، مەنسەپ ئۈچۈن، ئابرۇي ـ شۆھرەت ئۈچۈن، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن بۇزۇلغاندا مەقسىتى ھاسىل بولسىمۇ، قورسىقى تويسىمۇ، نەپسى تويمايدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك، مال ـ ماتا دېگەندەك ئىنسانلار تۇرمۇشىغا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى يىغىۋېلىپ ياكى ھەر خىل ھىيلە بىلەن باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، يوقسۇل، ئاجىز ۋە پېقىر كىشىلەرنىڭ قان ـ ياشلىرىغا پىسەنت قىلماي، جەمئىيەتكە، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كەلتۈرىدىغان زىيان ۋە خەتەرلىرى بۆرىنىڭ كەلتۈرگەن زىيان ۋە خەتىرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. يەنە ئادەم باللىرى مۇستەبىت زالىملارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىغا جەبرى ـ زۇلۇم سالىدۇ. ھەتتا بېشىنى كېسىپ، ئۆلتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما بۆرە ئۆز قېرىنداشلىرىنى ھەرگىز چىشلىمەيدۇ ۋە ئۆلتۈرمەيدۇ. باشقا بىر بۆرىنىڭ تاپقان ئۆلجىسىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالمايدۇ. ئادەمنىڭ ئەسكىسى ياخشى، ياۋاش كىشىلەرنىڭ ماڭلاي تەرىنى ئېقىتىپ، كۆيۈپ ـ پىشىپ تىرىكچىلىك قىلىپ مىڭ تەستە قولغا كەلتۈرگەن ھالال نەرسىلىرىنى خىلمۇ خىل باھانە ـ سەۋەب، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن تارتىۋالىدۇ ياكى قولغا كىرگۈزىۋالىدۇ. ئىككى ناتونۇش ئادەم بىر يەردە ئۇچرىشىپ قالسا، ئاسانلا تەرگىشىپ ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. ئەمما ئىككى ناتونۇش بۆرە بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، بىر ـ بىرىنى ئەدەپ بىلەن پۇرىشىپ ئاسانلا ئىناق دوستلاردىن بولۇپ كېتەلەيدۇ. بىرلىكتە ئولجا ئىزدەپ، تاپقان نەرسىسىنى باراۋەر يەيدۇ. نەپسىگە ئالدىرىغان ئادەملەر بىرسى بىرسىنىڭ رىزقىدىن قىزغىنىپ، بىرسى بىرسىنىڭ رىزقىغا قىلتاق قۇرۇپ سوقۇشىدۇ. شۇڭا ئادەمنىڭ ئەسكىسىدىن ھەزەر ئەيلەش لازىم.»

بۇ يەردە سۆزلەنگەن مەزكۇر ھەدىس شەرىپمۇ بۆرىنىڭ ياۋۇزلۇقى بىلەن ئادەم باللىرىنىڭ نەپسىنىڭ بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن كېلىدىغان ئاقىۋەتنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگەن. پۇل ـ مال، ھوقۇق ـ مەنسەپ ۋە يۈز ـ ئابرۇيغا ھېرىسمەن بولۇشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكى توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەرمۇ كۆپ. دىن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلار تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان نەسىھەت خاراكتېرلىك سۆزلەرمۇ بار. ئادەملەر دۇنياغا ھېرىسمەن بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ باشلىرىنى ئاشۇنداق پاجىئەلىك ئىشلارغا دۇچار قىلىدۇ. نەپسى بۇزۇلغان ھوقۇقدارلار، يوقسۇل ـ كەمبەغەللەر، ئەھلى ئىلىملەر، ئوقۇغۇچىلار، ساخاۋەتلىك كىشىلەر ۋە خەلققە پايدىسى يېتىدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى پەزىلەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇنداق كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا اللهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ**﴾ ھەي چېكىدىن ئاشقانلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەس.[129] شەرىئەت مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ۋاستە بولىدىغان پۇل ـ ماللارنى توپلىشىنى چەكلىمەيدۇ. ئەمما دۇنيا بىلەن بولۇپ كېتىپ، دىيانىتىنى يوقىتىپ قويۇش، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ، خەيرى ـ ساخاۋەتنى يوقىتىپ قويۇش، مال ـ دۇنياغىلا بېرىلىپ كېتىپ ئىنساپ ـ ئىمانىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئاچكۆزلۈك ۋە ھېرىسمەنلىك بىلەن پۇل ـ مالغا ئۆزىنى ئۇرۇشىنى چەكلەيدۇ. مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئىنساپ ـ ئىمانىنى مىزان قىلغان كىشى قانچىلىك باي بولۇپ ئۆزى ۋە خەلقىگە پايدىسى يەتسە، بۇمۇ ئاللاھ ئاتا قىلغان پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. ساھابىلەردىن جۇندۇب رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن: «بارچە خاتالىقنىڭ بېشى ئۆزىنى دۇنياغىلا ئۇرۇشتۇر.» دېمەككى نەپسىگە قۇل بولغانلار، مال ـ دۇنيانى دەپ دۇم يىقىلىپ ـ دۇم قوپىدىغانلار، ھەمىشە شەيتانغا ئەگىشىپ پاسىق، فاجىر بولۇپ، ئىماندىن يىراقلاشقان يامان تەبىئەتلىك كىشىلەردۇر. ئىسلام دىنى گۇناھ ئىشلارغا ئېلىپ بارمايدىغان ئىشلار بىلەن دۇنيانى ياخشى كۆرۈشكە قارشى ئەمەس.

[129] بەقەرە سۈرىسى 74 — ئايەتنىڭ ئاخىرى.

# 252 ـ ھەدىس: ھىدايەت يولىدىن يانغانلارنىڭ جېدەل ـ ماجىراغا مۇپتىلا بولىدىغانلىقى

**مَا ضَلَّ قَوْمٌ بَعْدَ هُدًى كَانُوا عَلَيْهِ إِلَّا أُوتُوا الْجَدَلَ.** (سنن ابن ماجة)

ئىسلام يولىدا مېڭىش شەرىپىگە ئىگە بولغان قەۋملەر يولدىن ئېزىپ كېتىپ قالسا، جېدەل ـ ماجىراغا مۇپتىلا بولىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا جېدەل ـ ماجىرا قىلماسلىقى ۋە قارىمۇ قارشى ھالغا كېلىپ قېلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە دائىر سەھىھ ھەدىسلەر كۆپ. بىر مەزھەپ يولىدىكى كىشى ئۆزىنىڭ يولىنى راستقا چىقىرىش ئۈچۈن دەۋالىشىش، كىشىنى يارىتاماسلىق، ئۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشلار جېدەل قىلىش تۈرىگە كىرىدۇ. كىشىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈش، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلەش مەقسىتى بىلەن باشقىلارنىڭ سۆزىدىن قۇسۇر تېپىش رىياخورلۇق بولىدۇ. بويۇنتاۋلۇق قىلىپ بىرگە ئىككىنى قايتۇرۇش خۇسۇمەتچىلىك بولىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «جېدەل» دېگەن سۆز دۈشمەنلىشىش، ۋارقىرىشىش، ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىش، بىر ـ بىرىگە رەددىيە قايتۇرۇش، بىر ـ بىرىگە سىلىق ــ سىپايە مۇئامىلە قىلماسلىق دېگەن مەنىدە، دېگەن قاراشتىمىز. ئەيىبلەشكە ھەقلىق بولغان جېدەل ـ ماجىرادىن ناھەق قىلىنغان باتىل جېدەل ـ ماجىرا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئەگەر قىلىنغان جېدەل ـ ماجىرا ھەقنى دەپ، ھەقنى ھىمايە قىلىش يولىدا يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ دېسەك بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ**﴾ ئىسلامغا ئىلمىي ھېكمەت بىلەن چاقىرغىن، مۇخالىپلىق قىلغۇچىلار بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن.[130] ھىدايەتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، مۇھەببەت ۋە ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقنى ئاساس قىلىپ، خۇسۇمەت ۋە جېدەل ـ ماجىرادىن يىراق تۇرۇش ئىسلامنىڭ مۇھىم كۆرسەتمىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۇرۇنسىز، باتىل ۋە ناھەق جېدەل ـ ماجىرا قىلىشىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەرىكەت قالمايدۇ. قىلغان ئىشلىرى ئۈنۈمسىز بولۇپ، كۆپلەپ جاپا چەكسىمۇ، قولغا كېلىدىغان پايدا يېتەرلىك بولمايدۇ، ئەكسىچە قالايمىقانچىلىق ۋە پاساتچىلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ.

---

[130] سۈرە ئىسرا 124 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# 253 ـ ھەدىس: ئىنسانلارنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە كۆرە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**وَمَا فَتَحَ رَجُلٌ بَابَ عَطِيَّةٍ يُرِيدُ بِهَا صِلَةً إِلَّا زَادَهُ اللَّهُ بِهَا كَثْرَةً وَمَا فَتَحَ رَجُلٌ بَابَ مَسْأَلَةٍ يُرِيدُ بِهَا كَثْرَةً إِلَّا زَادَهُ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ بِهَا قِلَّةً.** (مسند أحمد)

بىر ئادەم سەدىقە بېرىش ۋە سىلە ـ رەھىم قىلىشنى مەقسەت قىلىپ بىر ياخشىلىقنىڭ ئىشىكىنى ئاچسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى كۆپىيىدىغان بىر ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدۇ. بىر ئادەم باي بولۇش ئارزۇسى بىلەن كىشىلەرگە يېلىنىپ تىلەمچىلىك ۋە تەمەخورلۇق ئىشىكىنى ئاچسا، ئاللاھ تائالا ئۇ ئادەم ئۈچۈن موھتاجلىقنى پەيقىرلىقتىنمۇ بەكرەك ئېغىر قىلىدۇ.

بۇ ئۇقۇپ ياكى ئاڭلاپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر سۆز ئەمەس. بەلكى بۇ سۆزنىڭ ماھىيىتىگە ئوبدان ئويلىنىپ ساخاۋەت قىلىشنىڭ، قولى ئوچۇق بولۇشنىڭ، قولدا بار نەرسىنى يوقىتىپ قويۇش ئەمەس، ئەكسىچە قولدىكى مۈلكىگە تېخىمۇ كۆپ بەرىكەت ياغدۇرىدىغان پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇش؛ شۇنداقلا قولدا بار نەرسىنى چىڭ سىقىش بىلەن بىرگە، باشقىلاردىن نەرسە تاما قىلىشنىڭ بولسا، قولدا بار نەرسىنىمۇ يوقىتىپ، قۇرۇق، سالپاڭ بولۇپ قېلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىشتىن ئىبارەت كاتتا ئىبرەت يوشۇرۇنغان.

# 254 ـ ھەدىس: ئادەم بار يەردە ھايا قىلىپ قىلالمىغان ئىشنى قىلماسلىق توغرىسىدا

**ما كَرِهْتَ أنْ يَرَاهُ النَاسُ مِنْكَ فَلاَ تَفْعَلْهُ بِنَفْسِكَ إذاَ خَلَوْتَ**

كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قىلالمىغان ئىشىڭنى ئادەم يوق يەردىمۇ قىلما!

قىلغان ئىشىڭنى كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمىساڭ، ئۇنداق ئىشنى كىشىلەر بىلمەيدىغان يەردىمۇ قىلما دېگەن سۆز، ئەخلاق ئۆلچىمىگە يەتمەيدىغان ئىشنى ۋىجدانىڭغا سېلىپ تۇرۇپ ھەرقانداق ۋاقىتتا قىلما، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇن قىلىپ كېتەلىگەن ئىشىڭنى ئاللاھتىن يوشۇرۇپ قالالمايسەن، دېگەننى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇڭا مۆمىن ئىنساندا، قىلغان ئىشنى ھەممىدىن يوشۇرۇپ كەتكىلى بولغان بىلەن ئاللاھتىن يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدۇ دېگەن ئۇقۇم بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق ئاڭ تۇرغۇزۇلغاندا، ئادەمنىڭ ئىچى بىلەن تېشى، تېنى بىلەن قەلبى بىر بولىدۇ ــ دە، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق ئۆلچىمىگە لايىق بولغان بولىدۇ.

## 255 ـ ھەدىس: مۇسۇلمانلارنىڭ ئابرۇيىنى قوغدىغانلارنى ئاللاھنىڭ قوغدايدىغانلىقى توغرىسىدا

**مَا مِنْ امْرِئٍ يَخْذُلُ امْرَأً مُسْلِمًا فِي مَوْضِعٍ تُنْتَهَكُ فِيهِ حُرْمَتُهُ وَيُنْتَقَصُ فِيهِ مِنْ عِرْضِهِ إِلَّا خَذَلَهُ اللَّهُ فِي مَوْطِنٍ يُحِبُّ فِيهِ نُصْرَتَهُ وَمَا مِنْ امْرِئٍ يَنْصُرُ مُسْلِمًا فِي مَوْضِعٍ يُنْتَقَصُ فِيهِ مِنْ عِرْضِهِ وَيُنْتَهَكُ فِيهِ مِنْ حُرْمَتِهِ إِلَّا نَصَرَهُ اللَّهُ فِي مَوْطِنٍ يُحِبُّ نُصْرَتَهُ.** (سنن أبي داود)

بىر مۇسۇلماننىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى ھاقارەتكە ئۇچراپ، يۈز ـ ئابرۇيى تۆكۈلسە، شۇ سورۇندا بار مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدىمىسا، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىسە، ئاشۇ مۇسۇلمانلارغا ئىززەت ـ ھۆرمەت لازىم بولغان جايدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى رەسۋا قىلىدۇ، ياردەم كېرەك بولغان ئورۇندا ياردەم قىلمايدۇ. ئەكسىچە، بىر مۇسۇلماننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ھاقارەتكە ئۇچرىغان بىر ئورۇندا باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ ياردەم بەرسە، ئۇلارغا ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە ياردەم كېرەك بولغاندا ئاللاھ ياردەم قولىنى سۇنىدۇ.

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇ بار ياكى يوق يەردە بولسۇن، ئەيىبى ئېچىلسا، خەلق ئالدىدا يامان گېپى قىلىنسا، شۇ يەردىكىلەرنىڭ ۋەزىپىسى، ئۇ ئىشقا سۈكۈت قىلىپ، جىم تۇرۇپ تىڭشاپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئۇنداق قىلىقلارنى توسۇش، ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىق بولىدۇ. كىمدە ـ كىم شۇ يەردە بولۇپ، يۇقىرىقى ۋەزىپىنى ئۆتىمىسە، ياردەم ۋە ئىززەت كېرەك بولغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىمۇ رەسۋا قىلىدۇ. ئەكسىچە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىپ، ياخشى گېپىنى قىلىش ئارقىلىق ياردەم قىلسا، ئاللاھ تائالامۇ ئۇ كىشىنى ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. «**الجزاء من جنس العمل**» يەنى تېرىغاننى ئورىسەن. بۇ ھەدىس شەرىپ مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر نەسىھەتنى قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار دائىم بىر ـ بىرى بىلەن توپلىشىپ ياشايدىغان كىشىلەر توپى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلىمىسا، ئۇلارغا كېلىدىغان پاجىئەلەرمۇ شۇنچە ئېچىنىشلىق بولىدۇ. چۈنكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئىززىتى ئىككىنچى بىر مۇسۇلماننىڭ ئىززىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىر مۇسۇلماننىڭ ئىززىتى، ھۆرمىتى ساقلانسا، ھەممە مۇسۇلماننىڭ ئىززىتى ساقلانغان بولىدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ھاقارەتكە ئۇچرىسا، ھەممە مۇسۇلمانغا ھاقارەت قىلىنغانلىق بولىدۇ. مۇشۇ نەسىھەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كۈچكە ئىگە بولمىسا، ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارغا بېرىدىغان رەھمەت ۋە ياردىمىنى كۆتۈرىۋېتىدۇ.

# 256 ـ ھەدىس: ھەق گەپ قىلىشنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى پەزىلىتى

**مَا مِنْ صَدَقَةٍ أَحَبَّ إِلَى اللهِ مِنْ قَوْلِ الحَقِّ.** (الدر المنثور في التفسير بالمأثور)

ھەق سۆزنى سۆزلىگەندەك ئاللاھ تائالاغا سۆيۈملۈك كۆرۈنىدىغان سەدىقە يوقتۇر.

سەدىقە دېگەندە، پۇل ـ مال ياكى باشقا يېمەك ـ ئىچمەككە ئوخشاش بىر نەرسىنى سەدىقە قىلىشلا كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. سەدىقىنىڭ ئاجىزلارغا پۇل ـ مال ياكى ھەر قانداق بىر نەرسىنى بېرىشتىن باشقا تۈرلىرىمۇ بار. جۈملىدىن ھەق گەپنى جايىدا سۆزلەشمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان سەدىقىلەرنىڭ بىرى ھەق سۆزلەشتۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتلىرىنىڭ بىزدىن ئارتۇق بولۇشى ئىلمىنىڭ ئۈستۈن بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ھەق سۆزدە دادىللىق بىلەن تۇرۇشى ۋە ھەق گەپ قىلىشىدىدۇر، دەپمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

توغرا ۋە ھەق گەپنى قورقماي سۆزلەش ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا كاتتا سەدىقە ھېسابلىنىدۇ ۋە كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ئەڭ كاتتا پەزىلەتتۇر. بۇ قاراشقا ھېچكىم قارشى ئەمەس. بىراق ھەقنى قوللايدىغان ئەھۋاللار بولغىنىدەك ھەقنى قوللىمايدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇد. ھەق گەپنى قىلماسلىق ۋە ھەق گەپنى قوللىماسلىق تولىمۇ رەزىل قىلمىشلاردۇر. ھەق گەپنى قىلالماسلىققا سەۋەب بولىدىغان، شۇنداقلا ھەممە بىلىدىغان ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە:

1 ــ ھېسسىياتقا قۇل بولۇش. ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىغا بېرىلگەن ھەر قانداق ئادەم لىللا گەپ قىلالمايدۇ. ھەق گەپ دېگەن، ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈل ـ ئارزۇسىغا قارىمۇ قارشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېس ـ ئارزۇلىرىنى چەكلەيدۇ ۋە ئەيىبلەيدۇ. ھېسسىياتىغا قۇل بولغان ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى، ھېس ـ تۇيغۇسى ۋە قىلغان ئىشلىرى ناھايىتى توغرا كۆرۈنۈپ كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەقنى كۆرىدىغان ئەقلى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ، ھەق گەپنىمۇ دېيەلمەيدۇ ۋە ئاڭلىسىمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۆزىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ قىلغىنى ۋە ئويلىغىنى ئەمەلىيەتتە ئۆيغۇنمۇ ياكى ئۆزىنىڭ قىلغىنى ئۇيغۇنمۇ بۇنى سىلىشتۇرۇپ كۆرگىسى كەلمەيدۇ. شۇنداق قىلاي دېسىمۇ، كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ. ئىناۋەت ـ ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ پىكرىگە خىلاپ پىكىرلەرنى مۇھاكىمە قىلغۇسىنىڭ كەلمەسلىكى، ھېسسىياتقا قۇل بولۇپ، ئارزۇلىرىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلالماسلىقىدىندۇر. ئەگەر ئىنسان بىر قېتىم شۇ قېلىن تامنى ئۆرۈپ ئۆتسە، كەڭ مەيداندىن ئىبارەت بولغان «ھەقىقەت» نىڭ داغدام يولى ئېچىلىدۇ.

2 ــ ھەر نەرسىنىڭ تاشقى تەرىپىنى كۆرۈپلا قانائەت قىلىپ قېلىش، تەپتىش ۋە تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە يۈرگۈزمەسلىك. قارىماققا نورمالدەك كۆرۈنگەن بىر مەسىلىنى ئىنقىلاپ، ئىنچىكىلەپ كۆرسەك، مەسىلىنىڭ ھەقىقىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلماسلىقىمىز سەۋەبىدىن، كۆپىنچە ئىشلار ھەقىقىي مەنىسى (يەنى توغرىسى) دىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ.

3 ــ تەقلىد (قارىغۇلارچە ئەگىشىش). ئاتا ـ بوۋىلىرى ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ قىلىپ ئۆتكەن ياكى ئادەتتە قىلىۋاتقان ئىش ـ ئىزلىرىنى دوراپ ئارقىسىدىنلا مېڭىش، ئۇلارنىڭ ئۇنى نېمىگە ئاساسەن شۇنداق قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەسلىك، دەلىلىنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكى بىلەن كارى بولماسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەقنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ. دېمەك، تەقلىد قىلىش، دوراش كۆپىنچە ھاللاردا ھەقىقەتنىڭ يولىدىن ئېزىپ كېتىشكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِن تُطِعْ أَكْثَرَ مَن فِي الأَرْضِ يُضِلُّوكَ عَن سَبِيلِ اللّهِ إِن يَتَّبِعُونَ إِلاَّ الظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلاَّ يَخْرُصُونَ**﴾ ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (يەنى كۇففارلار) گە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغانىلا سۆزلەيدۇ.[131]

[131] ئەنئام سۈرىسى 116 ـ ئايەت.

4 ـ ئۆرپ ـ ئادەتكە ئەسىر بولۇش. ئۆرپ ـ ئادەت مۇشۇنداق، بىز مۇشۇنداق قىلىپ كەلگەن دەپ ئۆرپ ـ ئادەتتىن كېلىدىغان شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەش، ھەق سۆزلەش ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا توسالغۇ بولىدۇ. كىشىلەر بىر نەرسىنىڭ ھەق ـ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئادەتكە ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە توغرا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئۇتتۇرىغا قويمايدۇ ياكى قويغۇسى كەلمەيدۇ. ئۆز مەنپەئەتىنىڭ سىگنالى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، ھەقنى قوبۇل قىلالمايدىغان ئەھۋاللارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. چۈنكى خۇسۇسىي مەنپەئەتى قۇلاقنىڭ پەردىسىنى توسۇۋېلىپ، ئېغىزى ھەقنى سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ، قۇلىقىنى ئاڭلىماس قىلىپ قويىدۇ. ياشلارنىڭ پىكرىنى تېز قوبۇل قىلىش، ياشانغانلارنىڭ پىكرىنى ياراتماسلىقمۇ ھەقىقەتتىن ئاسانلا چەتنەپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

ھەق گەپ قىلىش ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا ياردەمچى بولىدىغان ئامىللار:

1 ـ ئەقىل، تەجرىبە ۋە مۇھاكىمە. ئەقىل ـ ئىدراكى جايىدا ئادەم ھەرقاچان ھەق تەرەپنى قوللايدۇ، ئەقىل ئارقىلىق خۇلاسە چىقىرىلمىغان ۋە مەلۇم بىر ئاساسى بولمىغان سۆزلەرنى ئالدىراپلا قوبۇل قىلمايدۇ. تەجرىبە ۋە مۇھاكىمە ئەقىلنىڭ ئىككى ۋەزىرى ياكى قاراۋۇلنىڭ ئورنىدا بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئەقىل بىر نەرسىنى توغرا يەكۈنلەش ۋە راستىنى بىلىش ھەم ھەقىقەتنى سۆزلەشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ.

2 ـــ ئۆز سۆزىنىلا راست دەپ تۇرىۋالماسلىق. باشقىلارنىڭ سۆز ۋە پىكىرلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئومۇمەن پىكىر ئەركىنلىكىنى بىلىش. لېكىن ئۆز گېپىنى يورغىلىتىدىغان، تەرەپبازلىق قىلىدىغان، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان ناچار مىجەزلىك كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

3 ـــ ئاڭلىق غەيرەت. سېپىللارنى ئۆرۈپ تاشلاپ شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىش ۋە كۆپلىگەن ئەسكەرلەرنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك مەنۋىي جاسارەت كېرەك بولسا، كىچىكىدىن تارتىپ قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن، قان ـ قېنىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەقىدە خاتالىقى ۋە نامۇناسىپ كۆز قاراشلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك جاسارەت كېرەك.

بىر ئىشقا يۈرەكلىك قەدەم قويماسلىق، جاسارەتلەردىن قورۇق قېلىش، ھەقنى سۆزلىيەلمەسلىك ۋە ھەقىقەتنى قوللاپ ـــ قۇۋۋەتلەشكە جۈرئەت قىلالماسلىق ئېغىر ئىللەتتۇر. «ئاڭلىق غەيرەت» نىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دىن يولىدا نامايان قىلىنغان جاسارەتتۇر. چۈنكى كۆپىنچە ۋاقىتتا دىندىكى ئىلمىي پاكىت، ئىلمىي بېشارەت ۋە مۇسۇلمان خەلقنىڭ ئەسلى بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەتلەر جاھىللارنىڭ توسالغۇلۇق پەيدا قىلىشلىرىغا ئۇچرايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دىنىنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىدىن خەۋەردار بولالمىغانلىرى بۇ ھەقىقەتلەرنى ئېتىمۇ رەھسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە ئاڭلىق غەيرەت بىلەن ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەقنى سۆزلەپ، ئۇنى تىكلەشكە تىرىشىش لازىم. بۇنداق قىلىش ھەقىقەتنىمۇ كۈچلۈك جاسارەت تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان كۆپلىگەن مىساللار بار. رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىسىدا بىلال ئىبنى رەباھ، ئەممار، ئۇنىڭ ئانىسى ياسىر ۋە ئانىسى سۇمەييە قاتارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقنى دېگەنلىكى ئۈچۈن باشتىن كەچۈرگەن جەبىر ـ زۇلۇملىرى تارىخ كىتابلىرىدا مەشھۇر. شۇنىڭدەك، خۇبەيب ئىبنى ئەدى ئۆزىنىڭ ھەق دىندا قەتئىي مۇستەھكەم تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

**ولست ابالى حين اقتل مسلما** — **على اي جنب كان لله مصرعي**

**وذلك فى ذات الاله وان** — **يشأ يبارك على اوصال شلو ممزعِ**

ئاللاھ ئۈچۈن ئاقىۋەت قايسى تەرەپكە يېقىلسام،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن ئىمان بىلەن ئۈزۈلىنىپ.
ھەقىقەت دەپ ئەزايىم، تىتىلىپ كەتسە بەدىنىم،
بەرىكەت بىرەر ئىلاھىم نەچچە ھەسسە تولدۇرۇپ.

خۇبەيب ئىبنى ئەدى «‹ئاللاھ بىر› دېگەن گەپنى قىلما» دەپ قىينىغان مەككە مۇشرىكلىرىغا: «قىل سىغمايدىغان ھەقىقەتنى سەنلەرنىڭ ئازابلىشىڭدىن قورقۇپ تاشلىمايمەن» دېدى. نەتىجىدە مۇشرىكلار ئۇنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ھۆرمەتلىك ساھابىلەردىن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەقنى سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ۋەتىنىدىن سۈرگۈن قىلىندى ۋە غېرىبچىلىقتا ۋاپات بولدى. ھەجەر ئىبنى ئەدى ھەقنى قوغداش يولىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى نامايان قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى. ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن كولانغان يەرلىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، بېشىدا قىلىچ تۇتۇپ تۇرغانلارغا قاراپ: «ئەگەر مېنى ئۆلۈمدىن قورقۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالمايدىغان بولساڭلار، نامازنى ئۇزۇنراق ئوقۇغان بولاتتىم. ئەمدى مېنى مۇشۇ باغلانغان ھالىتىم ۋە ئاققان قېنىم بىلەنلا غۇسلى - تاھارەت قىلدۇرماستىنلا كۆمۈپ قويۇڭلار. مېنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان مۇئاۋىيە بىلەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مۇشۇ ھالىتىم بىلەن يۈز كۆرۈشىمەن» دېدى. تابىئىنلارنىڭ كاتتىلىرىدىن بولغان سەئىد ئىبنى جۇبەير ھەق سۆز قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەججاج تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىرەر مەزھەب (ئېقىم) كىلا ئەگىشىشى ياكى بىر تەرەپتىكى پىرىنسىپىنى قوبۇل قىلىپ باشقا تەرەپلەرگە قولاق سالماسلىقى، مۇتەئەسسىپلىك قىلىشى، ئۆز كۆڭلىدە ئورۇن ئالغان پىكىردە چىڭ تۇرۇۋېلىشى توغرا ئەمەس. بەلكى مۇسۇلمان كىشى تۇتۇپ ماڭغان يولىنى ھەقنى دەپ، ھەقىقەتنى ئىزدەپ تۇتقانىكەن، كىم ھەق سۆزلىسە - ھەتتا دۈشمىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ھەقىقەت تەرەپتە تۇرۇپ، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى كېرەك.

دۇنيادا ناھايىتى كۆپ ئادەملەر، ھەتتا ئېتىبارلىق كىشىلەر، نوپۇزلۇق ئۆلىما دەپ قارالغان مۆتىۋەر ئىنسانلارمۇ بىزنىڭ مەزھىپىمىز توغرا، باشقىسى باتىل دەپ دەۋا قىلىدىغان خاتالىقلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار بۇ يولدا توغرا - خاتا سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئادەتتىكى كىشىلەر ھەقتىن تېخىمۇ يىراقلىشىدىغان، ئازىدىغان ۋە جېدەللىشىدىغان ئەھۋاللار بارلىققا كېلىدۇ. ناھايىتى كۆپ ئىنسانلار مانا مۇشۇنداق رەزىللىكلەرگە مۇپتىلادۇر. مۇسۇلمانلارغا بۇنداق قىلمىشلار ياراشمايدۇ. بەلكى مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ۋە يۈكسەك ئارزۇسى «ھەق ۋە ھەقىقەت» تىن ئىبارەت بولۇشى ۋە ئۇنى ئەقىل - پاراسىتى بىلەن قوبۇل قىلىشى لازىم. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى قانۇنى «ھەقنى سۆزلەش ۋە ھەقنى قوبۇل قىلىش» تىن ئىبارەتتۇر.

بۇرۇنقى دەۋرلەردە، سەلەپ ــ سالىھلارنىڭ زامانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىملىرى ھەق گەپ قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسى دەپ تونۇيتتى ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە كېلىدىغان جەبىر - زۇلۇم ۋە مۇشەققەتلەرگە كۆكرىكى بىلەن تەييار تۇراتتى. ئەنە شۇنداق ھەقىقىي ئالىملار تۈگەپ كېتىپ، ئورنىغا ئۇلارنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان قورساق باقتىلار ئولتۇرغاندىن باشلاپ ھەق گەپنى قىلىش ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت دەيدىغان نەرسىمۇ ئازىيىپ كەتتى. ھەق گەپ دېگەن جۈملە تىلدىن يوقىلىپ كەتكىلى ئاز قالدى. بىر ئادەم ھەق گەپ قىلىشقا باشلىسا، دەرھال: «ئۇ ئۇنداق، بۇ مۇنداق» دەپ گەپ ئويناپ، ئەقلى ئىشلىمەيدىغان ئالدىراڭغۇلار قاتارىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزىنى ئالىم - ئۆلىما دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەرنىڭ تۇتقان يولى، شامالغا قاراپ ئارا ئېتىش، ئىككى يۈزلۈك بولۇپ شەيتانلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. ھازىرقى زاماندا ھەق گەپ ئۈچۈن تەر ئاققۇزىدىغان، ھەق گەپ ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىغان ئۆلىمالار بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلار ئەۋلىيا، پىر دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ نامىنى قوغلاپ قەبرىلەرگە بېرىپ چوقۇنۇپ، يولدىن ئېزىپ كەتكەن بولارمىدى؟! ئەۋلىيا دەپ ئاتىلىۋاتقان نىمىلەر بىدئەتنىڭ مەنبەسى، خۇراپىيلىق ئىسكەنجىسى ھەتتا مۇشرىكلىق مەركىزىگە ئايلىنىپ قالماقتا. بۇ مازار خوجاملارنى بەيتۇللاھتىكى كەبىدىن ئۇلۇغ كۆرىدىغان ئەھۋاللار بارلىققا كەلدى. ھەقنى سۆزلەش ۋە ھەق يولدا مېڭىش ھەممە ئادەمنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى. بولۇپمۇ ئالىم كىشىلەرنىڭ بۇنى ئىجرا قىلىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئۇلار ھەقنى سۆزلىگەن، ئىجرا قىلغان بولسا ئىدى، دۇنيا بۇنچىلىك قالايمىقانلىشىپ كەتمىگەن، ئىنسانى قەدىر - قىممەت ساقلىنىپ قالغان، كىشىلەرمۇ بارغانچە نادانلىشىپ، ئىشلار بۇنچىلىك كۆپ ئاستىن ــ ئۈستۈن بولۇپ كەتمەس ئىدى! ھېچبولمىغاندىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھېچبىر خەۋەر بېرىلمىگەن كىشىلەرنى «ئەۋلىيا» دەپ يۈرۈشلىرىدىن ساقلانغىلى بولار ئىدى! ئادەتتە «پالانى ئەۋلىيا» دەپ دەۋا قىلىنىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئەسلىدە مۇسۇلمان ھالىتىدە ئۆلگەن ياكى ئۆلمىگەنلىكىنى بىلىشمۇ قىيىن!

ھەق گەپ قىلىش سەدىقە بولغاندەك، ھەق گەپنى قوللاش ۋە ئۇنى چىداپ تۇرۇپ كۆتۈرۈشمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر يىغىلىشتا سۆز قىلىۋاتسا، سورۇندىكىلەرنىڭ بىرى: «ئى ئۆمەر! ئاللاھتىن قورقىقىن» دەپ ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم توۋلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن، سورۇندىكىلەرنىڭ بىرى: «خەلىپىگە ئەدەپسىزلىك قىلدىڭ، بولدى قىل!» دەپ ۋارقىرايدۇ. شۇ چاغدا ھەزرىتى ئۆمەر: «ئۇنى توسمىغىن، گېپىنى دەۋالسۇن، ئۇ ‹ئاللاھتىن قورق› دېگەن گېپىنى بىزگە دېيەلمىسە كىمگە دېيەلەيدۇ؟ ئاشۇنداق سۆزنى بىز قوبۇل قىلمىساق، كىم قوبۇل قىلىدۇ؟» دەيدۇ. ھەزرىتى ئۆمەردىكى بۇ خىسلەت قايسى ھۆكۈمادا ئۇچرايدۇ؟

## 257ـ ھەدىس: باشقىلار ئۈچۈن ياخشى دۇئا قىلىشنىڭ پەزىلىتى

**مَا مِنْ عَبْدٍ مُسْلِمٍ يَدْعُو لِأَخِيهِ بِظَهْرِ الْغَيْبِ إِلَّا قَالَ الْمَلَكُ وَلَكَ بِمِثْلٍ.** (صحيح البخاري)

بىر مۇسۇلمان بەندە ئۆزىنىڭ يەنە بىر دىنىي قېرىندىشى ئۈچۈن ئالدىدا ئەمەس، بەلكى ئۇ قېرىندىشى يوق يەردە ياخشىلىق بىلەن دۇئا قىلىپ قويسا، پەرىشتىلەرمۇ تەڭ دۇئا قىلىشىپ: ‹ساڭىمۇ قېرىندىشىڭغا تىلىگەن ياخشىلىقنىڭ ئۆز ئەينى بولسۇن!› دەيدۇ.

بىر دىنىي قېرىندىشى ئۈچۈن ياخشى دۇئا قىلىش، ئەمەلىيەتتە ئۆزى ئۈچۈن ياخشىلىق تىلەشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن: «ئى ئۇلۇغ ئاللاھ! پالانى ـ پوكۇنى ئادەملەرنىڭ مەقسىتىنى ھەل قىلىپ بەرگىن، ئىشلىرىنى ئاسان قىلغىن!» دەپ ئىسمىنى ئاتاپ دۇئا قىلىپ قويۇش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئومۇمەن قىلىپ: «ئى ئاللاھ! مېنىڭ ئىشلىرىمغا بەرىكەت ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلغايسەن! شۇنداقلا ماڭا ئوخشاش سەندىن ياخشىلىق ئۈمىد كۈتىدىغان دىنىي قېرىنداشلىرىمنىڭمۇ مەقسىتىنى ھەل قىلىپ بەرگەيسەن!» دەپ دۇئا قىلىش تولىمۇ ياخشى پەزىلەتتۇر. كىشىلەرگە ياخشىلىق بىلەن خالىسانە دۇئا قىلىپ قويۇش، ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنىڭ دۇرۇسلۇقى، نىيىتىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ۋە سالىھ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىمانىنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى شۇ قەدەر كەڭ، شۇ قەدەر كۆپتۇركى، پاشىنىڭ قانىتىچىلىك رەھمىتىمۇ پۈتۈن دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارغا يېتىدۇ، ھەتتا ئېشىپ قالىدۇ.

# 258 ـ ھەدىس: قەرزنى قايتۇرۇشتا قەرزدارنىڭ نىيىتىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**مَا مِنْ عَبْدٍ كَانَتْ لَهُ نِيَّةٌ فِي أَدَاءِ دَيْنِهِ إِلَّا كَانَ لَهُ مِنْ اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ عَوْنٌ فَأَنَا أَلْتَمِسُ ذَلِكَ الْعَوْنَ.** (مسند أحمد)

باشقىلارغا بېرىشى بار قەرزدار بىر بەندە قەرزىمنى ئادا قىلىۋالسام بولاتتى دەپ ياخشى نىيەت قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ ياردىمىدە بولۇپ، قەرزنى ئادا قىلىۋېلىشىغا مەدەت بېرىدۇ.

ھەدىسشۇناس ئالىملار: «قەرزدار كىشى سەدىقە بەرمىسۇن، كىشىلەرگە ھەشەمەت قىلىپ زىياپەتمۇ بەرمىسۇن ۋە ئالاھىدە پاسۇندا كىيىنىپ غادىيىپمۇ يۈرمىسۇن. ئالدى بىلەن قەرزنى ئادا قىلىش نىيىتىدە بولۇپ، شۇ ئىشنى ھەل قىلسۇن، ئاندىن كېيىن قولىدىن كەلسە سەدىقە قىلىش، زىياپەت بېرىش، مېھماندارچىلىق قىلىش ۋە ئېسىل كىيىنىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا بولىدۇ. چۈنكى مەزكۇر قىلمىشلار باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان قەرزنى ئادا قىلىشتىن توسىدۇ ياكى ئەقەللىيسى قەرزنى ئادا قىلىشنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ» دەيدۇ. باشقىلارنىڭ قەرزنى ئادا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. قەرز بەرگۈچى رازى بولمىسا، قەرزنى ئادا قىلمىغان كىشىدىن ئاللاھمۇ رازى بولمايدۇ. «ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغانلارنىڭ ھەممە گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ئەمما قەرزى بولۇپ قالسا، كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ» دەيدىغان سەھىھ ھەدىسلەرمۇ بار.

## 259 ـ ھەدىس: بىرەر ئۆستۈرۈلۈك ياكى دەل ـ دەرەخ ئۆستۈرۈشنىڭ پەزىلىتى

**مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَغْرِسُ غَرْسًا أَوْ يَزْرَعُ زَرْعًا فَيَأْكُلُ مِنْهُ طَيْرٌ أَوْ إِنْسَانٌ أَوْ بَهِيمَةٌ إِلَّا كَانَ لَهُ بِهِ صَدَقَةٌ.** (صحيح البخاري)

بىر مۇسۇلمان بىرەر ئورۇنغا مېۋىلىك دەرەخ ياكى زىرائەت تېرىپ قويسا، ئۇنىڭدىن ئۇچار قۇشلار ياكى ھايۋاناتلار يېسە، شۇ زىرائەتنى تېرىغان كىشىگە مەزكۇر ھايۋانلار يېگەن مىقداردا سەدىقە ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلاردىن تاكى قۇرت ـ قوڭغۇزغىچە بولغان بارلىق مەخلۇقلار، ئىنسانلار تېرىغان زىرائەتلەردىن مەيلى ئىنسانلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن مەيلى يەرگە چېچىلىپ قالغان ۋەياكى تېرىلغان يەردىكى زىرائەتلەردىن بىر ــ ئىككى تال دان يەپ بولسىمۇ قورسىقىنى تويغۇزسا، ئۇ دان زىرائەتنى تېرىغان كىشى ئۈچۈن سەدىقە ئورنىدا ساۋاب يېزىلىدۇ. بىر كىشىنىڭ تىكىپ قويغان كۆچىتى چوڭ بولۇپ ھايۋانات ياكى ئۇچار ـ قۇشلارغا سايە چۈشۈرۈپ بەرسە، ئۇنىڭ ساۋابى كۆچەت تىككەن ئادەمگە بولىدۇ.

بىزنىڭ مۇسۇلمانلىرىمىز ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ۋە ئاساسلىق كەسىپ تېرىقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى تېرىقچىلىقنى مەنبە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار تېرىغان زىرائەتلەردىن ئۆزلىرى ۋە باشقا ھايۋانلار يەپ قورسىقىنى باقسا، ئۇنىڭ بارلىق ساۋابى زىرائەتنى تېرىغان دېھقانغا بولىدۇ. خەلقىمىزنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۆز كەسپىگە ماھىر بولۇش، مەرىپەتلىك بولۇش، ھالال ئەجرىدىن مېھنەت يارىتىپ كۆرەش قىلىش، ئۆزىنىڭ رىزىق مەنبەسىنى كېڭەيتىش ۋە شۇ ئارقىلىق بارلىق جان ــ جانىۋارلارغا ھاياتلىق مەنبەسى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ياخشىلىق مىزانىنى زىيادە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى، ھەر ئىككى دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا بولماسلىق ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. زىرائەت تېرىلمايدىغان يەرلەرنى ئېچىپ زىرائەت تېرىغىلى بولىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش، زىرائەت تېرىلىۋاتقان يەرلەرنى تاشلىۋەتمەي كۆكەرتىش ئىنتايىن مۇھىم. كۆكەرتىش ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك مۇسۇلمانلىق سۈپىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىندۇر. ئىسلام دىنى كۆكەرتىش ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا سەل قاراشنى ئەيىبلەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆز مەملىكەتلىرىدە ئاشلىق، ماي مەنبەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆكەرتىشكە ئەھمىيەت بەرمىسە، تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش مەسىلىسىدە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاشلىق ۋە ماي باھالىرىنىڭ ئېشىپ كېتىشكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ ـ دە، قېرى، يېتىم ۋە پېقىر ـ مىسكىنلەرنىڭ كۈنى تەسلىشىپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئاچكۆز بولۇپ، سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ۋاز كېچىدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ، دائىم ئۇلارغا يالۋۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ ياردەملىرىنىڭ سايىسىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنداق قىلمىشلاردىن رازى بولمايدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش ئۈچۈن تېخنىكا ـ تەجرىبە ئىگىلىشى ۋە ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلىشى لازىم.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەر نەرسىنى بىر سەۋەبكە باغلىغانلىقىنى ۋە بىزنى ئاشۇ سەۋەبلەرنى تولۇق ئادا قىلىپ نەتىجىسىگە كەلگەندە: «ماڭا تەۋەككۇل قىلىڭلار» دېگەن بۇيرۇقنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. سەۋەب قىلماي تۇرۇپ، ھېچ نەرسىنىڭ قولغا كەلمەيدىغانلىقى ھەممىگە ئېنىق. خۇلاسىلىگەندە، ھاياتنىڭ مەنبەسى تېرىقچىلىق، سودا ــ تىجارەت ۋە سانائەتتىن ئىبارەتتۇر.

مۇئەللىملىك، دوختۇرلۇق، ھېساۋاتچىلىق قىلىش قاتارلىقلار سانائەت قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇ ئىشلار ئارقىلىق ئىنسانلار بەدىنىنى چېنىقتۇرىدۇ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ شاتلىنىدۇ، خارلىق ۋە پەسلىكتىن يىراق بولىدۇ. ئۆزى ۋە بالا ـ چاقىسىنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەگەر ئىنسانلار تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن تىرىشىپ تەر ئاققۇزماي، توختاپ قالغان سۇدەك بىر يەردىلا تۇرۇپ قالىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن پايدا چىقمايدۇ، بەلكى ئادەملەر توغرا يولدىن چىقىپ كېتىدۇ. زۇلۇم ۋە بۇزۇقلۇق كۆپىيىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە دېھقانچىلىق، سانائەت ۋە تىجارەت قاتارلىقلارنىڭ بىرەرىگە ئەھمىيەت بەرمىگەن كىشى ئاچ قېلىش، بۇزۇلۇش ياكى بىرەر ناچار كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۆزىنى تۆگەشتۈرىۋالىدۇ.

بەزى كىشىلەر قىلغىلى ئىش يوق دەپ قىمار ئوينىشقا باشلايدۇ. قىمار قانداق شەكىل ۋە قايسى خىل ئۇسۇلدا بولسا بولسۇن قىماردۇر. ھېچنېمىگە ئۇدۇل قىلماي كىشىنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋېلىش بولغانلىقى ئۈچۈن، قىمار كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى باتىل (ناھەق) يېۋېلىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ھاراملىقى قۇرئاندا بايان قىلىنغان. قىمار ئىنسانلارنىڭ تەييارتاپ، ھورۇن بولۇپ قېلىشىغا، ھېچبىر توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي، خىيالى يوللار ئارقىلىق رىزىق ئىزدەشكە كۆندۈرىدىغان بۇزۇق نەرسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرىئەت قىمارنى مەنئىي قىلغان. قىمار يالغۇز شەرىئەت تەرىپىدىنلا ئەمەس، بەلكى قىمارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانچىلىك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ھازىرقى زاماندىكى مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت جەھەتتە تەرەققىي قىلغان ھۆكۈمەتلەرمۇ قىمارنى چەكلەپ ئايرىم قانۇن چىقىرىشقا باشلىدى. قىمار سەۋەبىدىن خەلق ئارىسىدا دۈشمەنلىك كۆپىيىدۇ. قىمارغا ئادەتلىنىش ئەقلىنى بۇلغايدۇ، كەشپىيات ۋە يېڭىلىقلاردىن مەھرۇم قىلىدۇ. قىمارۋازلار ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى يېتىم قىلىدۇ. ھەتتا ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرىۋالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. مونتې كارلو دېگەن يەردە مەشھۇر بىر قىمارخانا بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا: «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلار قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ بىر قەبرىستانلىقمۇ بار دەيدىغان رىۋايەتلەرمۇ بار.

كىچىككى چوڭغا ئېلىپ بارىدىغان بولغانلىقى ۋە باشقا جەھەتلەردىن قىمار بىلەن ھاراق ئوخشاش شەكىلدە ھارام قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئاللاھ تائالا: ﴿**يَسْأَلُونَكَ عَنِ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ قُلْ فِيهِمَا إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَإِثْمُهُمَا أَكْبَرُ مِن نَّفْعِهِمَا**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: ‹بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنە ماددىي) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ› دېگىن[132] دەيدۇ. ھاراقتىكى پايدا ھاراق سودىسىدىن كېلىدىغان تاپاۋەتتە، قىماردىكى پايدا بولسا، قىمارۋازلارنىڭ ئۇتقان پۇلدىن پېقىرلارغا بەرگەن سەدىقىدە ئىدى. قىمار بىلەن ھاراقنىڭ پايدىسىدىن زىيىنىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالا بايان قىلىپ ئۆتتى. بىر نەرسىنىڭ پايدىسى بىلەن زىيىنى تەڭ ـ باراۋەر بولسا، ئۇنى قىلماسلىق لازىم. پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ ئىشنى قىلماسلىق ئەقىلگە تېخىمۇ ئۇيغۇن ئەمەسمۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ھەممىگە مەلۇم. «ياخشىلىق قىل! بېلىق بىلمىسە، خالىق بىلىدۇ» دەيدىغان ماقال بار. مۇسۇلمان بول، كۆكەرتكۈچى بول، خاراب قىلغۇچى بولما، ئۇرۇق چاچ، ياخشى يە، سەن يېمىسەڭ باشقىلار يېسۇن، باشقىلار يېمىسە ھايۋانلار يېسۇن! ئۇلارمۇ يېمىسە، ھاشاراتلار، قۇرت ـ قوڭغۇزلار يېسۇن! ئۇلار ساڭا رەھمەت ئېيتمىسىمۇ، ئاللاھ ساڭا ئىلتىپات قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممەتلىرىگە مۇشۇنداق قىممەتلىك نەسىھەتلەرنى قالدۇرغان.

---

[132] سۈرە بەقەر 219 — ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# 260 ـ ھەدىس: كۆپ يېيىشنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**مَا مَلأَ آدَمِيٌّ وِعَاءً شَرًّا مِنْ بَطْنٍ بِحَسْبِ ابْنِ آدَمَ أُكُلاَتٌ يُقِمْنَ صُلْبَهُ فَإِنْ كَانَ لاَ مَحَالَةَ فَثُلُثٌ لِطَعَامِهِ وَثُلُثٌ لِشَرَابِهِ وَثُلُثٌ لِنَفَسِهِ.** (سنن الترمذي)

ئادەملەر ئۆز قورساقلىرىدىن يامان يەنە بىر قاچىنى تولدۇرمايدۇ. قورساق — تولدۇرۇشقا تېگىشلىك قاچىلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. ئادەم دۇنيادىكى ھاياتىدا ئامان ـ ئېسەن، ساق ـ سالامەت تۇراي دېسە، بىر ئاز لوقما يېسە كۇپايە. ئۇنىڭدىن كۆپ يېيىشكە توغرا كەلسە، ئاشقازاننى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر بۆلىكىنى ئاشقا، يەنە بىر بۆلىكىنى سۇ، چايغا ئوخشاش ئىچىملىككە ئاجرىتىشى، ئۈچىنچى بۆلىكىنى ئەركىن نەپەس ئېلىش ئۈچۈن بوش قالدۇرۇشى كېرەك.

قورساقنى ئۈچكە بۆلۈش، ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قالغان ئىش بولۇپ، باشقا شەكىلدە ئۇنى تەڭشەش مۇمكىن بولمايدۇ. دېمەككى قورساقنى قاتتىق تويغۇزۇۋەتمەي، بىر ئاز بوش قالدۇرۇش، بەدەننىڭ نورمال ھەرىكەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش، ئىنسان ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن پايدىلىقتۇر.

كۆپ ۋە تەرتىپسىز تاماق يېيىش بىز مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ساقلىنىشۋاتقان ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى كۆپلىگەن كېسەللىكلەر قالايمىقان ۋە بىنورمال تاماق يېيىش، شۇنداقلا چاينى دەرىجىدىن تاشقىرى قېنىق ئىچىشتىن كېلىپ چىققان دەيدىغان قاراشلار بار.

كۆپ تاماق يېيىش ئاشقازاننى ئاجىزلىتىدۇ ــ دە، ئېغىر كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. زامانىمىز دوختۇرلىرىدىن بىرى ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە: «كۆپ تاماق يەيدىغان كىشى كېسەللىكتىن نېرى بولالمايدۇ ۋە ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. ئالدىدا يېگەن تائام ھەزىم بولۇپ بولماي تۇرۇپلا، ئىككىنچى ۋاخ تاماقنى يېيىش سالامەتلىككە زىيانلىق. كۆپ تاماق يېيىشنىڭ ئورنىغا سۈزۈك، پاكىز سۇ ئىچىپ بەرگەن ياخشى» دەيدۇ. ئاز تاماق يېيىشكە بىراقلا ئادەتلىنىش قىيىن بولسىمۇ، ئاستا ـ ئاستا، تەدرىجىي ھالدا ئادەتلەنگىلى بولىدۇ بولىدۇ. بەزى ئالىملار: «ئاللاھ تائالا مېدىتسىنا ئىلمىنى: ﴿**وَكُلُواْ وَاشْرَبُواْ وَلاَ تُسْرِفُواْ إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ**﴾ يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ.[133] دېگەن ئايەتكە مۇجەسسەملىگەن» دەيدۇ. بۇ ئالىملار، يەپ ـ ئىچىشنىڭ نورمال بولۇشى كېرەكلىكىنى، ھاجەتتىن ئارتۇق يېيىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ياۋروپانىڭ داڭلىق دوختۇرلىرىنىڭ بىرى بايلارغا: «سىلەر كېسەللىكتىن ساقلىنىشنى ئارزۇ قىلساڭلار، كەمبەغەللەرنىڭ تائاملىرىچىلىك تائامغا قانائەت قىلىڭلار! قارا نان بىلەن ئادەتتىكى ئاش تويۇ ئېشىغا قارىغاندا پايدىلىقتۇر» دەپ تەلىم بەرگەنلىكىنى كىزىتلەردە ئوقۇغان ئىدۇق.

قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ئايەت ۋە بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ھەدىس شەرىپ تەلىماتلىرى شۇنى بايان قىلىپ بېرىدۇكى، ئىنسان نورمال يەپ ــ ئىچىشكە دىققەت قىلىشى، نورمىدىن ئارتۇق يەپ كېسەللەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئىنسان ئەۋلادىنىڭ ئەڭ رەھىمسىز دۈشمىنى ئۇنىڭ قورسىقىدۇر.

[133] سۈرە ئەئراف 31 — ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# 261 ـ ھەدىس: پەرزەنتلەرگە دىن ئىلمىنى ئۆگىتىشنىڭ كاتتا سۆيۈنچە ئىكەنلىكى

**مَا نَحَلَ وَالِدٌ وَلَدًا مِنْ نَحْلٍ أَفْضَلَ مِنْ أَدَبٍ حَسَنٍ.** (سنن الترمذي)

ھېچبىر ئاتا ئۆز بالىسىغا ياخشى تەربىيە، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگەتكەندىنمۇ كاتتا سۆيۈنچە بېرەلمەيدۇ.

كىچىك بالىلار خۇددى خەت يېزىلمىغان ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا ھەر قانداق نەرسىنى يېزىشقا ۋە ئۇنى ھەرقانداق ئىشتا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك، كىچىك بالىنىمۇ قانداق تەربىيەلىسە، شۇنداق چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىلارغا كىچىك ۋاقتىدا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ياخشى تەربىيەلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بالىنى ئوبدان تەربىيەلەش دېمەك، ئۇنىڭ ئېزىپ كېتىشىنىڭ، يامان يولغا كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دېگەنلىك بولىدۇ. چوڭ بولغاندا، ئۆز كۆڭلىنى ئۆز مېھنىتى بىلەن ئۆتكۈزەلەيدىغان، بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ چىقالايدىغان، مەرىپەتلىك ئادەم بولۇشى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىش، بالىغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ ھەدىيە ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى ماجە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **أَكْرِمُوا أَوْلَادَكُمْ وَأَحْسِنُ أَدَبَهُمْ** «بالىلىرىڭلارنى ئىنسانىي رەۋىشتە ھۆرمەتلەڭلار ۋە گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىڭلار.»

كۆز ئالدىمىزدىكى كۆنلۈك تەجرىبىلەر ۋە ئەمەلىي ۋەقەلەر مەزكۇر ھەدىستە بايان قىلىنغان نەسىھەتنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى نامايان قىلىپ بەرمەكتە. دۇنيانى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئالىملار، سىياسىيونلار، ئەدىبلەر ۋە ھۈنەرۋەن، سودىگەر ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى سەبىي باللار ئىدى. ئۇلار ياخشى تەربىيە نەتىجىسىدە شۇنداق يارامىلىق، قابىل ئادەملەرگە ئايلانغان. ياخشى تەربىيە ۋە گۈزەل ئەخلاق كۆرگەن باللار، چوڭ بولغاندا، ھايات جېڭىدە قەتئىي تېنەپ قالماي كۈرەش قىلالايدۇ، يولۇققان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن دۇنيانى بويسۇندۇرىدىغان كىشىلەرمۇ چىقىدۇ. دۇنيانى بويسۇندۇرمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا باش ئەگمەي، ئۆز ۋەزىپىسىنى، ئىنسانىي بۇرچىنى قەھرىمان جەڭچىدەك ئادا قىلىدۇ. قىسقىسى، بۇلار جەمئىيەتتە يارامىلىق، پايدىسى يېتىدىغان ئادەملەردىن بولۇپ يېتىشىدۇ. ئەمما ئەۋلادلىرىغا ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئىلىم ـ تەربىيەنىڭ ئورنىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ باللىرى، ئەدەبسىزلىكىدىن دادىسىنىڭ جىنازىسىنى چىقارماي تۇرۇپلا مىراس تالىشىپ غالجىر ئىتقا ئوخشاپ قالىدۇ. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئەبگا، يارىماس، جەمئىيەتكە ھەمدە ئۆز ـ ئۆزىگە يۈك بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغانلىقىدىن بىزار بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئاغىنىسى كۆپ بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان نەرسىلىرىنى شۇراپ ــ شۈمۈرۈپ يەپ بولۇپلا، يوللىرىغا راۋان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇنداق بايلىق باللارغا بالا ـ قازا بولۇپ قالىدۇ. بۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نامىنىمۇ بۇلغايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى، ئەۋلادلىرىغا مال ـ دۇنيا قالدۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئورنىغا بىر ئاز بولسىمۇ تەلىم ـ تەربىيە، ئەدەپ ـ قائىدە ئۆگەتكەن بولسا، تۇرمۇشنىڭ قائىدە ــ يوسۇنلىرىدىن خەۋەردار قىلغان بولسا ئىدى، كىچىككىنە مال ــ مۈلكىنىمۇ نۇرغۇنلىغان پايدىسى بولغان بۇلار ئىدى.

قىسقىسى، ھەدىس شەرىپنى: «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەرىكەت قىلالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن، بالاڭنى ئوقۇت، ئۇنىڭغا تەلىم ـ تەربىيە، ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگەت!» دەپ خۇلاسىلەشكە بولىدۇ.

ئەگەر بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى فرانسىيە ياكى نېمىس ئالىمى تەرىپىدىن سۆزلەنگەن بولسا ئىدى، ھازىرقى فرانسۇز ۋە نېمىسلار ئۇنى تەستىقلاپ، سەجدە قىلىشقان بولاتتى! لېكىن مەزكۇر سۆز فرانسۇز ۋە نېمىس ئالىملىرى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى بۇندىن ئون نەچچە ئەسىر مۇقەددەم مەدىنە شەھرىدە مۇسۇلمانلارغا سۆزلەنگەن ئىدى. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەنىلىك سۆزلەرنىڭ قەدرىگە يېتىدىغانلار تولىمۇ ئاز. بىزنىڭ بايلىرىمىزنىڭ باللىرى دادىلىرىدىن مىراس قالغان دۇنيا ئوقتىنى بۇزۇپ، يوقىتىپ تۈگىتىۋاتقانلىقىنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۆز باللىرىغا كۆپرەك پۇل ـ مال قالدۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار، پۇل ـ مالنى قويۇپ كېتىشنىڭ ئورنىغا، ئىلىم، ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ياخشى تەربىيە قالدۇرۇپ قويسا ئىدى، باللىرىنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشى ئۈچۈن سەۋەبكار بولۇر ئىدى.

## 262 ـ ھەدىس: سەدىقە ۋە كەمتەرلىكنىڭ پەزىلىتى

**مَا نَقَصَتْ صَدَقَةٌ مِنْ مَالٍ وَمَا زَادَ اللَّهُ عَبْدًا بِعَفْوٍ إِلَّا عِزًّا وَمَا تَوَاضَعَ أَحَدٌ لِلَّهِ إِلَّا رَفَعَهُ اللَّهُ.** (صحيح مسلم)

سەدىقە بېرىش قولدىكى مالنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، ئەپۇ قىلغان بەندىنىڭ ئىززىتىنى ئاللاھ كۆتۈرىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۈچۈن كەمتەر بولغان كىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدۇ.

«سەدىقە بېرىش قولدىكى مال ـ مۈلۈكنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ» دېگەن سۆزنى زاھىرى نۇقتىدىنلا چۈشىنىۋالماسلىق كېرەك. چۈنكى زاھىرى نۇقتىدىن چۈشەنگەندە، «ئون پۇلۇڭدىن بىرنى سەدىقە بەرسەڭ، قولۇڭدىكى پۇلۇڭ كېمىيىپ كەتمەيدۇ» دېگەن مەنا چىقىدۇ. ئۇنداق چۈشەنگەندە مال ــ مۈلۈك ئەلۋەتتە كەملەيدۇ. ئەمما ھەدىس شەرىپتە كۆزدە تۇتۇلغان مەزمۇن بۇ ئەمەس، بەلكى سەن كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ پېقىر ـ مىسكىنلەرگە سەدىقە بەرسەڭ، قولۇڭدىكى پۇلۇڭ كەملەپ كەتمەيدۇ دېگەنلىك بولۇپ، ماھىيىتىنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1 ــ ئون پۇلدىن بىرنى سەدىقە بەرسە، توققۇز پۇلنىڭ قالدىغانلىقىدا گەپ يوق. «كەملىمەيدۇ» دېگەنلىك گەرچە پۇل توققۇزغا قالسىمۇ، بەرىكىتى ئون پۇلدىنمۇ كۆپ بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

2 ــ قالغان مال ـ مۈلۈك بېرىلگەن سەدىقە يۈزىسىدىن بالايى ـ قازادىن ساقلىنىشقا، نەچچە ئون پۇل قوشۇلۇپ ئاۋۇپ كېتىشكە يول ئاچىدۇ.

3 ــ سەدىقە بېرىش ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان بولغاچقا، سەدىقە قىلىنغان بىر پۇلنىڭ ئورنىغا ئاللاھ تائالا مىڭ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ساۋاب ۋە نېمەت ئاتا قىلىدۇ. ماھىيەتتە، ئۇ پۇلغا نۇرغۇن نېمەت ۋە ساۋاب سېتىۋالغانلىق بولىدۇ.

4 ـ ئاللاھ تائالا سەدىقە بەرگۈچىگە بەرگەن سەدىقىسىدىن نەچچە ھەسسە ياخشى نەرسىلەرنى تولۇقلاپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: (**وَمَا أَنفَقْتُم مِّن شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ وَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ**) ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر.[134]

ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان نەرسىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ياردەم قولىنى سۇنغان كىشىنى ئاللاھ تائالا ئەزىز قىلىدۇ.

مەيلى دۇنيا مەيلى ئاخىرەتتە بولسۇن، ئۆز ھەقلىرىدىن كەچكەن كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا ئەزىز قىلىدۇ.

‹تواضع› دېمەك: ئۆزىنى مەن ئاددىي بىر ئىنسانمەن، باشقىلاردىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىم يوق دەپ بىلىش، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇ تونۇش بويىچە ئىش قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئەكسى «تەكەببۇرلۇق» قىلىشتۇر. تەكەببۇرلۇق بولسا، ئۆزىنى باشقىلاردىن مۇكەممەل ۋە ئۈستۈن تۇتۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ــ مۇناسىپ، لايىق كىشىلەردىن ئۈستۈن ئورۇندا ئولتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېڭىش.

2 ـ كىشىلەرنى كەمسىتىپ، ئۆزىنى ئۇلاردىن يۇقىرى كۆرۈش.

3 ــ باشقىلارنىڭ كىچىككىنە ئازارلىرىنى كۆتۈرەلمەسلىك ۋە باشقىلار.

مەزكۇر بەلگە ۋە ئالامەتلەر زامان ۋە يۇرتلارغا كۆرە پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ «كەمتەرلىك» بىلەن «تەكەببۇرلۇق»نى ھەممە ياخشى بىلىدۇ. خەلق كىمنىڭ كەمتەر، كىمنىڭ تەكەببۇر ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

---

[134] سۈرە سەبەئ 39 — ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەپۇ قىلغۇچىلارنىڭ ئىززەت ــ ھۆرمىتى ئاشىدۇ، كەمتەر كىشىلەرنىڭ دەرىجىلىرى ئۆسىدۇ. بۇ ئىشلار ھەر ئىككى ئالەمدە بولۇشى مۇمكىن.

# 263 ـ ھەدىس: كەلگەن مۇسىبەتكە سەۋرى قىلىشنىڭ پەزىلىتى

**مَا يُصِيبُ الْمُسْلِمَ مِنْ نَصَبٍ وَلَا وَصَبٍ وَلَا هَمٍّ وَلَا حُزْنٍ وَلَا أَذًى وَلَا غَمٍّ حَتَّى الشَّوْكَةِ يُشَاكُهَا إِلَّا كَفَّرَ اللَّهُ بِهَا مِنْ خَطَايَاهُ.** (صحيح البخاري)

مۇسۇلمان كىشىگە بىرەر تۈرلۈك مۇشەققەت، كېسەللىك، قايغۇ ـ ھەسرەت، باشقا بىرسىدىن دىل ـ ئازار، غەم ـ ئەندىشە يەتسە ھەتتاكى پۇتىغا تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ كىشىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ تۇرىدۇ.

دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ بېشىغا تۈرلۈك كۆلپەتلەر، ئېغىرچىلىقلار ۋە مۇسىبەتلەر كېلىشى مۇمكىن. دۇنيا جاپا ــ مۇشەققەت ماكانىدۇر. ئەگەر ئىنسان ئەۋلادى ئۆز بېشىغا كەلگەن بالا ــ قازالارغا سەۋر قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە بويسۇنسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلىش بىلەن بىرگە گۇناھىدىن ئۆتىدۇ. ئىمام تىرمىزى: «مۇسۇلمان كىشى دىن ـ دىيانىتىگە كۆرە بالاغا مۇبتىلا بولىدۇ، بەندىلەر دۇچار بولغان بالالىرى سەۋەبىدىن گۇناھلىرىدىن پاكلىنىپ، يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

بىزنىڭ خەلقىمىزدە مۇنداق بىر ناتوغرا ئىللەت بار: بىرەر كىشىگە مۇسىبەت يەتسە، كېلىشمەسلىك كەلسە ياكى بىرەر بالا ـ قازاغا ئۇچراپ قالسا، ئۆزىنىڭ شۇملۇقىدىن ياكى پالانىنى قاخشاتقانلىقىدىن ۋەياكى گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلغانلىقتىن شۇنداق ئاقىۋەتكە قالدى ياكى قارغىشقا كەتتى دەيدۇ. ھەتتا پالانى ئەۋلىيا ئەزىمنىڭ دۇئاسىنى ئالمىغانلىقىدىن شۇنداق بولدى دەپ، مەسىلىنى باشقا بىر يەرلەرگە يۆكلەپ قويىدۇ. بۇ بىزنىڭ مۇسۇلمانلىرىمىز ئارىسىدا خېلى بازار تېپىپ قالغان گەپلەردىن بولۇپ، تىلدىن ـ تىلغا كۆچۈپ يۈرمەكتە. مەشھۇر مەدرىسىلەرنىڭ بىرىدە ئاتاقلىق خەلپەت (ياردەمچى مۇئەللىم) بولۇپ تۇرغان بىر ئادەمنىڭ موللا بولۇپ چىققاندىن كېيىن، يوقسۇللۇق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ۋە پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن كىشىلەر «ئۇستازىنىڭ قارغىش دۇئاسىنى ئالغانلىقىدىن بولدى» دەپ گەپ توقۇشتى. دېيىلىشىچە، ئۇستازىنىڭ ئۇنىڭغا بىر قىزنى بەرگۈسى بارمىش، ئۇ كىشى ئۇنى ئالماي، باشقا بىر كىشىنىڭ قىزىنى ئالغانمىش، شۇنىڭ بىلەن، ئۇستازى ئاغرىنىپ قالغانمىش. بۇ كىشى بېيىپ، نام ــ شۆھرىتى كۆتۈرۈلدى، ئىشانلىق قىلىشنى باشلىغاندىن كېيىن مۇرىتلىرىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. قوشنا يۇرتتىكى بايلار كېلىپ، ئۇنى سەدىقە بىلەن كۆمۈۋەتتى. شاگىرتلار كۆپىيىپ، مەدرىسىنىڭمۇ نامى چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇغان ئېتىبارلىق بىر ئادەمنىڭ: «ئاللاھ تائالا بۇ ھەزرەتنىڭ بەختىنى ئاچتى، بولمىسا ئۇستازىدىن دۇئا ئالالمىغان ئىدى، ھەتتا ئۇستازى: پالانى خەلپەتتىن دەرس ئالغانلار مېنىڭ ئالدىمغا كىرمىسۇن! دەپمۇ توسقان ئىدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئەمما ئۇستازىنىڭ ھەم قىزىنى ھەم دۇئاسىنى ئالغان بىر موللا، ئورنىدىن ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىپ قامالغاندىن كېيىن، خەلق بۇنى تەقدىر ـ ئىرادىگە تاپشۇردى.

«قىزنى ئالسام، بۇ ئىشىم ئۇستازىمنى رەنجىتىشكە سەۋەب بولىدۇ دەپ، ئۆزىنى تارتقان ۋە توغرا نىيەت بىلەن ھەرىكەت قىلغان شاگىرتنى قارغاپ دۇئا قىلىشقا ئۇستازلىرىنىڭ، ئىشانلىرىنىڭ نېمە ھەققى بار؟ بۇ دىنى ئىسلامدا ھارام ئىشتۇر. مۇنداق دۇئالارنىڭ مەقبۇل بولىدىغانلىقىنىڭ قانداق دەلىلى بار؟

خەلقىمىز بىر تەرەپتىن شەرىئەتنى توغرا بىلمىگەنلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن روھانىي ئىستىبدادلارنىڭ ئاستىدا (ئەرۋاھپەرەسلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا) ئېزىلىپ كەلگەنلىكى، كىشىلىك تاللىشىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن داۋاملىق ھالدا ئاشۇنداق ۋەھىمە، خىيال، پەرەزلەرگە تايىنىپ گەپ قىلىشىدۇ ۋە شۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىپ ئولتۇرىدۇ. ئۆز ئۆزىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئەقلىنى ئىشلىتەلمەيدۇ، كۆڭلىگە كەلگەن گەپلەرنى سۆزلەپ يۈرىدۇ. تەقدىرنىڭ سىرلىرىغا قول ئۇزارتىشىدۇ. بۇنداق قىلىش ھەددىدىن زىيادە ئەدەپسىزلىكتۇر. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قانداق يېرىدە پالانى پىرىمنىڭ قارغىشىغا كەتسە، كىشىنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا كېلىدۇ دەيدىغان گەپ بار؟ نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان خەلقىمىز ئارىسىدا، بىر كىشى بىرەر مۇسىبەتكە گىرىپتار بولسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ شۇملۇقىدىن شۇنداق بولغان دەپ ھۆكۈم قىلىش بازار تېپىپ كېتىدۇ؟ مۇسۇلمانلار بۇنداق بىمەنە سۆزلەرنىڭ ئازغۇنلۇق ۋە زالالەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ بۇ قىلمىشلار ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە، تەقدىرىگە قوشۇق سالغانلىق ئەمەسمۇ؟

بىز بىر كىشىنىڭ بېشىغا دەرد ـ ئەلەم كەلگەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە: «ئېھتىمال ئاللاھ تائالا مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ، دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى مۇمكىن» دەپ ئىشىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلىساق ھەمدە بىزمۇ ياخشىلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويساق، ھېچ بولمىغاندا يامان گۇمان قىلمىساق، ئاندىن بىز مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىزگە لايىق ئىش قىلغان بولمامدىمىز؟ ھەر كىشى ئۆز ــ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرسۇن، باشقىلارغا قاراپ ئۇلارغا ھەر خىل باھا بەرمىسۇن. ئاللاھ تائالانىڭ بىر كىشىگە مۇسىبەت بېرىشى ئۇنى ئۆچ كۆرگەنلىكىدىن، بىر كىشىگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىشى ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن بولمايدۇ. دۇنيا ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا ئەڭ مۇناسىپ يەر دەپ ھېچكىم دەپ باقمىدى، ھەم دېيەلمەيدۇ. چۈنكى دۇنيا ھېچبىر ئىنسانغا تەبەسسۇم بىلەن مەڭگۈ قۇچاق ئېچىپ تۇرمايدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، مەن باشقىلارغا ياخشى تىلەكتە بولسام، ئاللاھ ماڭىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلار، دەپ ئويلاش لازىم. بىز تېخى پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ بولمىغاندىكىن، باشقىلارنىڭ مۇسىبەتلىك كۈنىگە قاراپ: «ئۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق بولدى» دەپ جۆيلۈشكە ئالدىرىمايلى، ئۆز ھالىمىز بىلەن مەشغۇل بولايلى! ئەدەپ ۋە ئىنساپ، گۈزەل ئەخلاق ۋە «مۆمىنلىك» دېگەن شۇ.

## 264 ــ ھەدىس: مۆمىن كىشىنىڭ ساددىلىقى ۋە فاجىر كىشىنىڭ قاتتىقلىقى توغرىسىدا

**اَلْمُؤْمِنُ غِرٌّ كَرِيمٌ وَالْفَاجِرُ خِبٌّ لَئِيمٌ.** (سنن الترمذي)

مۆمىن كىشى ساددا ۋە ئالدىنىپ قالىدىغان كېلىدۇ (كىشىلەرنى «دوُرۇست ۋە ياخشى» دەپ ئويلايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسان ئالدىنىپ قالىدۇ)، ئەمما پاسىق كىشى بۇزغۇنچى ۋە ئوسال كېلىدۇ.

ئاسان ئالدىنىپ قالماسلىق، ھەر كىمدىن گۇمانلىنىپ ئېھتىيات قىلىپ تۇرۇش ۋە ھەددىدىن زىيادە بەدگۇمان بولۇپ كېتىشتىن كېلىدۇ. ئۇچرىغانلار ئادەمنى ياخشى دەپ ئويلاش ۋە كىم كەلسە شۇنىڭغا ئالدىنىپ قېلىش ياخشى ئىش بولمىسىمۇ، كىشىدىن يامان گۇمان قىلىپ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. مۇسۇلمان كىشى ئوتتۇرا ھال بولۇش كېرەك. ھەدىس شەرىپتىكى ‹**غِرٌّ كَرِيمٌ**›دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى مۇشۇ. مۇسۇلمان كىشى كۆپرەك ئالدىنىدۇ، ئەمما ھەممىلا ئادەمگە ئالدىنىپ قېلىۋەرمەيدۇ، ئالدانغاندا كۆڭلى تاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدىنىدۇ، ھەددىدىن ئارتۇق يامان گۇمان قىلىش ۋە «پالانىنىڭ كاساپىتىدىن بۇ ئىش مۇشۇنداق بولدى» دېيىش، ھېچكىمگە ئىشەنمەسلىك، ھەممە ئادەمنى ماڭا يامانلىق قىلىدۇ دەپ قاراش ئەخلاقسىزلىقتۇر.

كەرىم (ئېسىل، ئوڭلۇق) بولۇش، بىر ئاز قورساقنى كەڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەرەب شائىرى:

**إذا ما أتت من صاحب لك زلة،     فكن أنت محتالا لزلته عذرا.**

«ھەمراھىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا خاتالىق سادىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭ خاتالىقىغا باھانە ــ سەۋەب تېپىشقا تىرىشقىن» دېيىش ئارقىلىق ئېسىل كىشىلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

# 265 ـ ھەدىس: مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قاياشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**اَلْمُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِ كَالْبُنْيَانِ يَشُدُّ بَعْضُهُ بَعْضًا.** (صحيح البخاري)

مۆمىنلەر ئۆز ئارا كېسەكلىرى ھەم تامغا ئوخشاش بىر ـ بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدۇ.

بىر بىنانىڭ مۇستەھكەم بولۇشى تاش، پىششىق خىش، ياغاچ، تۆمۈر ۋە لايلار قوشۇلۇپ بىر ـ بىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغاندەك، مۇسۇلمانلارمۇ بىر ـ بىرىگە ياردەمچى، بىر ـ بىرىگە ئارقا تىرەك بولۇپ، بىر پۈتۈن ھالىتى بىلەن چوڭ بىناغا ئوخشاش بولۇپ تۇرۇشى لازىم. رەسۇلۇللاھ ئۈممىتىنىڭ ئۇيۇل تاشتەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنداق بولۇشلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ، شۇنىڭغا قىزىقتۇرىدۇ ۋە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئۈممەتنىڭ دۇنيادا ياشىشى، ئىززەت ـ ھۆرمەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشى (ئەجنەبىيلەرگە قۇل بولماسلىقى) بولسا، شۇ ئۈممەتكە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىششىشى، دوستلۇق ۋە قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىززەت ـ ھۆرمەت ئىچىدە ياشاش قابىلىيىتى بار مىللەتلەرنىڭ ھەر بىر كىشىسىگە جانابى ئاللاھ شۇنداق تونۇشنى ئاتا قىلىدۇ ۋە كۈچلەندۈرىدۇ ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى ئۈچۈن شۇ مىللەتنىڭ خۇي ۋە تەبىئىتىگە ئايلىنىدۇ. بىر ـ بىرى ئۈچۈن قۇربان بولۇشنى ئۆزى ئۈچۈن شەرەپ دەپ بىلىدۇ. شۇنداق تونۇش ۋە ئىشەنچتىن مەھرۇم قالغان مىللەتلەر بولسا، باشقىلارنىڭ يۇتۇپ كېتىشى، ئۇرۇغ ـ ئەۋلادىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە مەھكۇم بولىدۇ.

ھازىرغا قەدەر دۇنيادا نۇرغۇن ئۈممەتلەر مۇنقەرز بولۇپ تۈگىدى، كۆپىنچىسى ھەتتا خاتىرىلەردىنمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇلارنىڭ تۈگەپ كېتىش ۋە مۇنقەرز بولۇشى ئۆز ئىچىدىكى بۆلۈنۈش ۋە قارىمۇ قارشىلىقلاردىن باشلاندى.

ئىبرەت ئېلىڭلار، ئى قېرىنداشلار!

## 266 ـ ھەدىس: مۆمىننىڭ چىقىشقاق ۋە ياخشىلىق قىلغۇچى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**اَلْمُؤْمِنُ يَألِفُ وَيُؤْلَفُ وَلاَ خَيْرَ فِيْمَنْ لاَيَأْلَفُ وَلاَ يُأْلِفُ وَخَيْرُ النَّاسِ أَنْفَعُهُمْ للنَّاس.** (مسند أحمد)

مۆمىن ئادەم باشقىلار بىلەن ئۈلپەتلىشىپ، كېلىشىپ ئۆتەلەيدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ئۈلپىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۆزىمۇ ئۈلپەتلەشمەيدىغان ۋە باشقىلارنىڭ ئۈلپىتىنىمۇ قوبۇل قىلمايدىغان ئادەمدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئادەملەرنىڭ ياخشىسى كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزىدىغان ئادەمدۇر.

ئادەم بالىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىكى مەخلۇقاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا پايدىسى يېتىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ياخشى كۆرۈلۈشى، ياخشى مۇكاپات، رەھمەت ۋە ئىلتىپاتلارغا نائىل بولۇشى ناھايىتى تەبىئىي ئىشتۇر. ئۈلپەتلىك بولۇش، كىشىلەرنىڭ ئۈلپىتىنى قوبۇل قىلىش دېگەنلىك، كىم ئۇچرىسا شۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇچرىغانلا ئادەم بىلەن بىر ــ ئىككى سائەت پاراڭلىشىپ تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس. ئىلىمدىن، ئەدەب ــ ئەخلاقتىن باشقا نەرسىلەردىن لەززەت ھاسىل قىلالمايدىغان بىرىنىڭ ياكى سودا ــ تىجارەتتىن باشقا ئىشتا كۆڭلى ئېچىلمايدىغان بىر كىشىنىڭ قىش زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان بىر ئادەم بىلەن قىلىشقىلى گەپ تاپالمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرغاندا كۆڭلىنىڭ ئېچىلمايدىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ.

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى، مۆمىن كىشى ئۆزىنىڭ دىنىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىنى چىن كۆڭلىدىن يېقىن كۆرىدۇ ۋە «باشقا مۆمىنلەرمۇ مېنى يېقىن كۆرىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ، بىرەر مۇناسىۋەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش دەرىجىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كۆڭۈللىرى توق، خۇرسەنلىك بىلەن بىر ـ بىرلىرىگە تەبەسسۇم قىلىدۇ، مەسلىھەت سوراشسا ياخشى يول كۆرسىتىدۇ، ھەتتا ياردەم قىلىشىدۇ، ھەرقانچە باي، ئالىم ۋە مەرتىۋىلىك كىشى بولۇپ كەتسىمۇ، ئۆزىنى يېقىن ـ يوقسۇللاردىن ئۈستۈن كۆرمەيدۇ، ئاددىي كۆزى بىلەن قاراپ مۇئامىلە قىلمايدۇ دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئارا بىرلىك، باراۋەرلىك ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن، شۇ مىللەتكە مەنسۇپ ھەر بىر كىشىنىڭ مىللەتكە پايدا يەتكەندە خۇشال بولۇشى، زىيان يەتكەندە ھەسرەت چېكىپ قايغۇرۇشى شەرتتۇر. مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىدا شۇنداق بىر تۇيغۇ بولغاندىلا، مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىمۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشى بىلەن ئوخشاش كۆرىدۇ. شۇنىڭغا لايىق ھەرىكەت ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن ئالغا باسىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۆلۈنۈشتىن توسۇپ، ئىناقلىققا بۇيرۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەر مۇسۇلمانلارنى ئىناق ـ ئىتتىپاقلىققا چاقىرىپ كەلمەكتە. ھازىرقى مۇسۇلمانلار بۇ چاقىرىقلارنى قوبۇل قىلدىمۇ؟ ئۈستىگە يۈكلەنگەن دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلدىمۇ؟ بۇ سوئالغا ئىجابىي جاۋاب بېرىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلمانلار بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولدى. ئۈلپەت ــ دوستلۇق دېگەن نەرسىلەرنىڭ ئىسمىمۇ قالمىدى. قانچە تۈرلۈك مەزھەب ۋە تەرىقەتلەر پەيدا بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ تەرەپدارلىرى ئىككىنچى بىرىنى ئازغۇنلۇق بىلەن ئەيىبلەشتى. ئۆز مەزھەبىدىكىلەردىن باشقىلارنى «بەد مەزھەب» ۋە «دىندىن چىققۇچى» دەپ ئەيىبلەشتى. ئۆزىدىن باشقىلارنى مۇسۇلمانلىقتىن چىقاردى. مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان ئىسلام دۇنياسىدا قانداقمۇ ئۈلپەت پەيدا بولسۇن؟! دوستلۇق ۋە بىرلىك ــ باراۋەرلىكنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟! ئەگەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش، بىر ـ بىرى بىلەن كېلىشەلمەسلىك كېسىلى باشقا بىر مىللەتتە بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە دۇنيادىن يوقىلىپ بولار ئىدى! لېكىن مۇسۇلمانلار باشتىن ئاياغ ئىچى يامانلىق، كىن ـ ئاداۋەت، نادانلىق، ھورۇنلۇق، ئۈلپەتسىزلىك، مېھرى ــ مۇھەببەتسىزلىك، خارلىق ۋە بەختسىزلىكنى سۆيۈش، زۇلۇم ـ زۇلمەت ۋە پەسكەشلىك قاتارلىق كېسەللىكلەرگە دۇچار بولۇپ تۇرۇپمۇ، نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويماي ياشاپ كەلمەكتە. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ. بولمىسا، ئىجتىمائىي زاكون ـ قانۇنىيەتكە خىلاپ بولغان بۇ ئىشقا ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەب تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

# 267 ـ دەرس: ياخشى دوست تاللاشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا

**مَثَلُ الْجَلِيسِ الصَّالِحِ وَالْجَلِيسِ السَّوْءِ كَمَثَلِ صَاحِبِ الْمِسْكِ وَكِيرِ الْحَدَّادِ لَا يَعْدَمُكَ مِنْ صَاحِبِ الْمِسْكِ إِمَّا تَشْتَرِيهِ أَوْ تَجِدُ رِيحَهُ وَكِيرُ الْحَدَّادِ يُحْرِقُ بَدَنَكَ أَوْ ثَوْبَكَ أَوْ تَجِدُ مِنْهُ رِيحًا خَبِيثَةً.** (صحيح البخاري)

ياخشى ھەمراھ خۇددى ئىپار ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ. ناچار ھەمراھ خۇددى تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكىگە ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىدىن ئىپار ئالىسەن، يا پۇرىقىنى پۇرىۋالىسەن، تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكى بولسا، بەدىنىڭنى يا كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ، ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى بۇرنۇڭغا كىرىدۇ.

دوست ــ بۇرادەرلەرنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىنىڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، ئىنتايىن ياخشى كىشىنىڭمۇ بۇزۇق ئاداش ــ ئايماقلار يۈزىسىدىن بۇزۇلۇپ كاردىن چىقىپ كېتىدىغانلىقى، بۇزۇق، ئۇسال كىشىلەرنىڭمۇ ياخشى دوست ــ ئاغىنىلىرىنىڭ بەرىكىتى بىلەن تۈزۈلۈپ، ياخشىلاردىن بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىشلاردىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر:

**عن المرء لاتسأل وأبصر قرينه    وكل قرين بالمقارن يقتدي،**

**إذا كان ذا شر فجانبه سرعة    وإن كان ذا خير فقارنه تهتدي.**

«بىر ئادەمنى بۇ ‹قانداق ئادەم› دەپ سورىماي، ئۇنىڭ دوستلىرىغا قارا! چۈنكى ھەر كىم ئۆزىنىڭ يېقىنىغا ئەگىشىدۇ. يېقىنى ئۇسال ئادەم بولسا، ئۇنىڭدىن دەرھال يىراقلاش، ياخشى ئادەم بولسا، يېقىنلاشقىن، توغرا يول تاپىسەن.»

دوست ـ يارەن تاللىغاندا ئالدىراپ كېتىش، تەجرىبە ــ سىناقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئارىلىشىش، سىرتقى كۆرۈنۈشكە قاراپلا ئىش تۇتۇش توغرا ئەمەس.

دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك ئىلىملەرنىڭ بىرى «ئادەم تونۇش» ئىلمىدۇر. بۇ ئىلىمدىن مەھرۇم كىشىلەر، بۇزۇق ئاغىنىلەردىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلسىمۇ، كىمنىڭ بۇزۇق، كىمنىڭ تۈزۈك ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ناچار كىشىلەردىن يىراقلىشىپ، ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال «ئادەم تونۇش» ئىلمىنى بىلىش كېرەك. بۇ ئىلىم كىتابلار ياكى مۇئەللىملەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئەقلى، تەجرىبىسى ۋە ئاڭ سەۋىيەسى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

# 268 ـ ھەدىس: باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى

مَثَلُ الَّذِى يُعَلِّمُ النَّاسَ الخَيْرَ وَيَنْسي نَفْسَهُ كَمَثَلِ السِّرَاجِ يُضِئُ لِلنَّاسَ وَيَحْرُقُ نَفْسَهُ. (الجامع الصغير)

باشقىلارغا ياخشىلىقنى ئۆگىتىپ، ئۆزى ئەمەل قىلىشنى ئۇنۇتقان كىشى خەلققە يورۇقلۇق بېرىپ، ئۆزىنى كۆيدۈرگەن چىراغقا ئوخشايدۇ.

قۇرئانى كەرىم: (أَتَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبِرِّ وَتَنسَوْنَ أَنفُسَكُمْ وَأَنتُمْ تَتْلُونَ الْكِتَابَ أَفَلَا تَعْقِلُونَ) كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ قويۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات) نى ئوقۇپ تۇرسىلەر، ئويلاپ باقمىدىڭلارمۇ؟[135] دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرگە ۋەز سۆزلەپ، ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان كىشىلەرنى تەنقىد قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردە زىكىر قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىس شەرىپ، ئۆزى ئەمەل قىلماي تۇرۇپ كىشىلەرگە ئۆگىتىشتىن ۋە باشقىلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتىن توسۇشنى مەقسەت قىلمايدۇ. ئۆزى شەرىئەتكە ئەمەل قىلمايدىغان ئادەمنىڭمۇ ئىلىم ئۆگىتىش ۋە نەسىھەت قىلىشى شەرىئەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن ئەمەس، بەلكى مۇئەللىملەر ۋە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىلارنىمۇ ئۆزلىرىدىن باشلاپ ئىلىمگە ئەمەل قىلىشقا چاقىرىش ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئۆلىمالار «ئاخىرەت ئالىملىرى» ۋە «دۇنيا ئالىملىرى» دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ. دۇنيا ئالىمى (مۇللىسى) بولۇپ قېلىش تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىق بولسا، ئاخىرەت ئالىمى بولۇش پەزىلەتلىك ئىشتۇر. ھەدىس شەرىپ بولسا، دۇنيا مۇللىسى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە توختىلىدۇ. دۇنيا مۇللىرى ئەخلاق كىتابلىرىدا «ئۆلىمائۇسسۇئ» دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنيا ئالىمى بىلەن ئاخىرەت ئالىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرقلىق بەلگىلەر بولىدۇ. ئۇ بەلگىلەرنى بىلىپ، دۇنيا مۇللىسى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، ئاخىرەت مۇللىسى بولۇشقا تىرىشىش لازىم. ئۇسال ـ يامان مۇللىلارنىڭ بىر قىسىم ئالامەتلىرى 152 ــ ھەدىستە سۆزلەنگەن ئىدى. بۇ يەردىمۇ بەزى ئالامەتلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز:

1 ـ قۇرئان ۋە ھەدىس شەرىپتىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈش ۋە شۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش، ئادەتتىكى ئادەملەرنى پەيغەمبەرنىڭ ئورنىدا كۆرۈش.

2 ــ دىن ئىشلىرىدا تەرەپبازلىق بىلەن ئورۇنسىز تالاش ـ تارتىش قىلىش، بۇ ھەقتە كېلىشەلمىگەن تەرەپكە ئىنساپسىز مۇئامىلە بىلەن تاقابىل تۇرۇش.

3 ــ ئىسلامنىڭ ئاساسى بولغان ئۆز ئۆزىنى تونۇتۇش، تەربىيە ـ تەنقىد قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلماسلىق، ئەخلاق پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلماسلىق.

4 ـ ھايات ۋە مەئىشەتنىڭ ئاساسى بولغان ھۈنەر ـ سانائەت ۋە ئىلىم ــ پەنگە دۈشمەنلىك قىلىش. «ھايات» كۈرەشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دۇنيادا ياشاش شۇ كۈرەشتە غەلىبە قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۈنەر ـ سانائەتتىن قېچىش دۇنيادا باشقىلارغا ئەسىر، مەھكۇم بولۇش ۋە ياتلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا ئېزىلىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ.

5 ــ باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش مەسىلىسىگە تولىمۇ سەل قاراش (باشقىلار بىلەن چاتىقى بولماسلىق). ئەگەر ئەمرىمەرۇپ قىلغاندىمۇ، ياخشى ئىشلاردىن توسقاندىمۇ ئۇنى پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ياكى بىرلىرىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنلا قىلىش. ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شەرىئەتنى ئۆز رەھى بويىچە يەتكۈزمەسلىك.

[135] سۈرە بەقەر 44 — ئايەت.

6 ـ جۈمە، ھېيت خۇتبىلىرىدە ئەسلى مەقسەت بولغان «خەلقنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىش» مەقسىتىدىن تاشقىرى چىقىپ، تەرمە قاپىيىلەرنى يادلىۋېلىپ ھەممىشە شۇنى ئوقۇش بىلەنلا قانائەتلىنىش (خۇتبە دېمەك: دىنىي تەشۋىقات دېگەنلىك بولۇپ، خۇتبە ئوقۇشتىن مەقسەت، دىنىي ئىسلامنىڭ ئېتىقاد، ئەخلاق، ھالال ـ ھارام، ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەر ۋە مۇئامىلىدە ئادىل بولۇش قاتارلىق مۇھىم ئىشلارغا دائىر كۆرسەتمىلىرىنى ھەر مىللەتكە ئۆزىنىڭ تىلىدا چۈشەندۈرۈش، بۇزۇق ۋە گۇناھ ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت بولسىمۇ، بۇ مۇھىم مەزمۇنغا ئائىت بولمىغان كىرىشتۈرمە سۆزلەرنى تەكرارلاش ۋە ئۆز تىلىدا چۈشەندۈرمەسلىك).

7 ــ ئىسلام دىنىنىڭ يەڭگىللىكىنى قايرىپ قويۇپ، دىندا يوق نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا قوشۇش. دىننى ئۆگىتىدىغان كىتابلارنى چۈشىنىكسىز، قېيىن ئۇسۇلدا يېزىش. سەھرالىق ساۋاتسىز بىر ئادەم بىر سائەتتە ئۆگىنىپ بولالايدىغان دىننى ئون بەش يىل ئوقۇپمۇ بىر نەرسە بىلگىلى بولمايدىغان قىلىۋېتىش. ھەقىقىي دىن دەرسلىرىنىڭ ئورنىغا ئەمەلى ۋە ئەقلى ناقىس ئادەملەر يازغان مەتىن (تېكىست)، شەرھ (ئىزاھات) ۋە ئىرماش ــ چىرماش سۆزلىرىنى ئوقۇتۇپ، شاگىرتلارنىڭ ئۆمۈر ۋە قابىلىيەتلىرىنى زايا قىلىۋېتىش.

8 ــ بىرەر مەسىلىگە ھۆكۈم (پەتىۋا) قىلىشتا قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن ھالدا ھەر زاماننىڭ ئەمەلى ئەھۋالى ۋە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق بولغان، شۇنداقلا تۇرمۇش مەجبۇر قىلغان مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماسلىق. كىشىلەرنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇن ــ تۈزۈملەرگە يۈزلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش.

9 ـ ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى ئېغىرلاشتۇرۇش، باللارنى تەرتىپ ــ ئىنتىزامسىز ئوقۇتۇپ، زېھىن ۋە قابىلىيەتلىرىنى بۇزۇش.

10 ــ ئۆزىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە ئومۇمىي مۇئامىلىسى بىلەن خەلقنىڭ ئىسلام دىنىدىن مېھرىنى ئۈزۈشى ۋە نەپرەتلىنىشىگە سەۋەب بولۇش.

11 ـ قۇرئان كەرىمدە ئىبرەت ئېلىنسۇن ئۈچۈن كۆپ سۆزلىنىدىغان تەبىئەت ۋە كائىنات (ئاي، كۈن، يۇلتۇز، بۇلۇت، شامال، قار، يامغۇر، ئۆسۈملۈك، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى، تارىخ، جۇغراپىيە) قا دائىر ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىلىملىرىگە ئېتىبار بەرمەسلىك، بۇ ھەقتە مۇئەييەن تونۇش ھاسىل قىلماسلىق. دىنىي ئىشلارغا ئۇلارنى قورال قىلىشنى بىلمەسلىك، شۇ ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، شۇ ئىلىم مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كامالىلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق.

12 ــ ئالىملارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى جايىدا ئادا قىلماسلىقى ياكى سۇيىئىستىمال قىلىشى. يېقىنقى زامانلاردا بىزنىڭ موللىلىرىمىز ياشلارنى دىنسىز دەيدىغان، ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغان كىشىلەرنى «دەھرى»، «زىندىق» دەيدىغان بولۋالدى. بۇ توغرىدا ئۇلتۇرۇشلاردا ناھايىتى كۆپ سۆزلەيدۇ، مەتبۇئات ئارقىلىقمۇ تارقىتىدۇ. بۇ ئىش ئالىملىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلىق بولمىسا كېرەك! ئەگەر مىللەت ئىچىگە دىنسىزلىق، دەھرىلىك ۋە زىندىقلىق تارقالسا، ئۇ چاغدا ئالىملارنىڭ ۋەزىپىسى بۇ ئىشنى ئۇلتۇرۇشلارنىڭ سەرمايىسى، مەتبۇئاتنىڭ نىشانىسى قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەدبىر قوللىنىش، ئىجابىي چارە ئىزدەش كېرەك. لېكىن ئالىملىرىنىڭ بۇ ئىشلارغا چارە تېپىش ئۈچۈن ئاتلانغانلىقىنى بىلمەيمىز.

توغرا! بۇ زاماندا ھەر ئىشتا يېڭىلىق كۆپەيدى، ناھايىتى كۆپ ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە مۇئامىلىلەر ئالمىشىپ كەتتى. لېكىن، باشقا بىر ئىش بولمىسا، مۇنداق دۇنيالىق يېڭىلىقلارغا «دىنسىزلىق»، «زىندىقلىق» دەپ ئات قويۇش دۇرۇس بولمايدۇ. دىندارلىق دېگەن باشقىلارغا تۆھمەت قىلىش، ئەقىدىسى يوق، ئىمانى يوق دەپ ھۆكۈم قىلىش، مەجلىسلەردە سۆكۈش ۋە مەتبۇئات يۈزىدە مەسخىرە قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەس. بەلكى ئۆزىنى تۈزىتىش بىلەن بىللە شۇنداق بالا ـ قازا، پالاكەتلەردىن قۇتۇلۇشقا چارە ئىزدەشتىن ئىبارەت. كائىناتتا كۆرۈلگەن چوڭ ـ كىچىك ھادىسىلەر، بىر ياكى بىر قانچە سەۋەبلەرنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئادەتتە دۇنيادا بىر ئىشنىڭ سەۋەبسىزلا بولۇشى كۆرۈلمەيدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە مىللىتىمىز ئارىسىدا دىنسىزلىق، دەھرىلىك كېڭەيگەن بولسا، بۇ ئىش بۇندىن بۇرۇن ياشىغان خەلقنىڭ تېرىپ قويغان ئۇرۇقلىرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. دىنسىزلىقنىڭ ئەڭ ئېغىر پاجىئە ۋە يۇقۇملۇق ۋابا كېسىلى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. لېكىن، مۇنداق پالاكەتكە ئۇچرىغانلارنى تىللاش ۋە ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى كۈچى يەتسە قولىدىن

تۇتۇپ بۇ پالاكەت دېڭىزىدىن تارتىپ چىقىرىش، دىنسىزلىقتا سەۋەب بولغان نەرسىلەرنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش، بۇزۇقلۇق مىكروپلىرىنى يوقىتىش لازىم. بۇلار ئۆلىمالارنىڭ ۋەزىپىلىرىدۇر.

13 ــ كىشىلەرگە ئۆگەتكەن ۋە ئوقۇتقان نەرسىلەرگە ئۆزى ئەمەل قىلماسلىق، شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرىنى جايىدا ئادا قىلماسلىق. ئىلىم ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشتىن مەقسەت روھنى پاكلاش، كۆڭۈلنى سۈزۈك قىلىش، بىلگەنگە ئەمەل قىلىش. بولۇپمۇ، مۇئەللىملەر ۋە ۋائىزلارنىڭ شەرىئەتتە پەرز سانالغان ئىشلارنى ئادا قىلىشقا سەل قارىشى توغرا ئىش ئەمەس. بۇنداق قىلىش، ياشلارنىڭ شۇ مۇئەللىم ۋە ئالىملارنى ئۈلگە قىلىشىنى، ۋەزىپىسى ياخشىلىقنى ئۆگىتىش بولغان تەربىيەچىلەردىن ياخشىلىقنىڭ ئورنىغا بۇزۇقلۇقنى ئۆگىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىش مۇشۇنداق بولسا، بالا ئوقۇتۇشنىڭ ۋە مۇشەققەت چېكىپ مەكتەپ ئېچىپ يۈرۈشنىڭ نېمە مەنىسى بولىدۇ؟

توغرا! بۇنىڭ بىر ئاز پايدىسى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ پايدا ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايدۇ.

ھەر ھالدا ئۆزى بىلىدىغان ۋە كىشىلەرگە ئۆگىتىدىغان نەرسىلەرگە ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان ئالىم، ئۆز ـ ئۆزىنى ئالدىغۇچى ۋە بىكار ئىشلار بىلەن ئۆمرىنى زايا قىلغۇچىدۇر. ئۆزى تۇتمىغان نەرسىلەر بىلەن خەلققە نەسىھەت قىلىش، ھەم دىنىنى ھەم خەلقنى زاڭلىق قىلىش بولمىسىمۇ، جىددىيلىك ۋە ئىرادىلىك بولغانلىق ئەمەس. ئىخلاس بولمىغان ئىشتا خىسلەت ۋە بەرىكەتنىڭ يوقلۇقىنى ھەممە بىلىدۇ.

مۇتەنەببى:

| | |
|---|---|
| **ابدأ بنفسك فانها عن غيها** | **فإذا انتهت عنه فأنت حكيم،** |
| **لاتنه عن خلق وتأتي مثله** | **عار عليك إذا فعلت عظيم.** |

«سەن ئاۋۋال ئۆزۈڭنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرغىن، بۇزۇق يولدىن ئۆزۈڭ يانساڭ، پايدىلىق ئىلىم ۋە ئەقىل ئىگىسى سەن. ئۆزۈڭ بىر يامان ئىشنى قىلىپ تۇرۇپ، خەلقنى توسما، ئۇنداق قىلىشىڭ سەن ئۈچۈن ئېغىر ئەيىبتۇر.»

ئاخىرەت ئالىملىرىنىڭ ئالامەتلىرى 201 ــ ھەدىستە سۆزلەندى.

# 269 ـ ھەدىس: مۇسۇلمانلارنىڭ بىر گەۋدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**مَثَلُ الْمُؤْمِنِينَ فِي تَوَادِّهِمْ وَتَرَاحُمِهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ مَثَلُ الْجَسَدِ إِذَا اشْتَكَى مِنْهُ عُضْوٌ تَدَاعَى لَهُ سَائِرُ الْجَسَدِ بِالسَّهَرِ وَالْحُمى.** (صحيح مسلم)

مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشتە، بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق ۋە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشتا بىر تەنگە ئوخشايدۇ. بەدەننىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىسا، پۈتۈن ئەزالار شۇ ئاغرىقتا شېرىك بولىدۇ، ئۇخلىمايدۇ، قىزىيدۇ، ئىششىيدۇ.

توغرا! بەدەننىڭ قايسى بىر يېرى ئاغرىسا، سىقىرىسا، پۈتۈن ئەزالار بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالمايدۇ، قىزىپ ئىششىپ قالىدۇ. مۇسۇلمانلارمۇ ئۆز ئارا دەل مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى، ئاللاھنىڭ نېمە ھېكمىتى باركى، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلاردا بۇ ئەھۋالنى كۆرگىلىمۇ، دۇنيادا بارلىقىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايدۇ.

توغرا! رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ۋاقتىدا مۇسۇلمانلار خۇددى بىر بەدەننىڭ ئەزالىرىغا ئوخشاش بولۇپ، غەم ــ قايغۇ ۋە شاد ــ خۇراملىقلىرى ئورتاق ئىدى. مال ــ مۈلۈك ئىشلىرىدىمۇ سېنىڭ ـ مېنىڭ دەيدىغان گەپ يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى قۇرئان كەرىم ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ**﴾ ئۇلار ئۆزلىرى موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ.[136]

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق دىنداشلىرىنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلاتتى، مال ـ مۈلكىنى بىر ـ بىرىدىن ئايىمايتتى. مەدىنىلىك يەرلىك خەلقلەر مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ساھابىلەرگە يىلتىز تارتىپ ئورۇنلىشىپ قالسۇن ئۈچۈن ئۆي ــ ماكان، يەر ــ زېمىن ئايرىپ بەرگەن، يېمەك ــ ئىچمەكلىرىگە شېرىك قىلىپ بۆلۈپ بەرگەنىدى.

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىگە مەسلىھەت سېلىشىپ ئىش قىلاتتى، مەسلىھەت سوراپ كەلگەن كىشىگە ئۆزىنىڭ ئىشىدەك كۆڭۈل بۆلۈپ باش قاتۇراتتى، ھەر نەرسىنى ئوچۇق سۆزلىشەتتى، بىر ـ بىرىدىن گەپ يوشۇرۇشمايتتى. مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەت، قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىكلىرىنى يوقىتىپ، كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا ئۈندەيتتى. كەمچىلىكى بولسا تۈزىتىپ، بىر ـ بىرىگە توغرا يول كۆرسىتىشەتتى. بۇلار پەرەزگە ئاساسەن سۆزلەنگەن سۆز ئەمەس، ھەقىقىي يۈز بەرگەن ئىشلاردۇر.

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت (ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ بىر پۈتۈن بەخت ـ سائادىتى) ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مەنىسىنى بۈگۈنكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى مەنىسى بىلەن چۈشىنەتتى. ئارىسىدا ئىتتىپاق، بىرلىك بولمىغۇچە ھېچقانداق ئەتىۋارى، قەدرى، ھۆرمىتى ۋە نوپۇزى بولماسلىقىنى بىلەتتى. دىن ۋە مىللەت يولىدا ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلاتتى. ئۆزىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى مىللەت ۋە جامائەتنىڭ بەختلىك بولۇشىغا قاراشلىق دەپ چۈشىنەتتى. مۇشۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە بىر ــ بىرىنىڭ مەنپەئەتىگە كېپىللىك قىلىش ھۆكۈم سۈرەتتى.

ئەمما ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى تارلىشىپ كەتتى، ئۇلپەت ۋە مۇھەببەت پۈتۈنلەي تۈگىدى، بۆلۈنۈش، تارقاقلىشىش ھۆكۈم سۈردى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمەت ــ ئېتىبارى قالمىدى. نۆۋەتتە كۈندىن ـ كۈنگە يوقسۇللىشىش، ھۈنەر ـ تېخنىكىدىن يىراقلىشىپ، خارلىق ۋە زەبۇنلۇق تەرەپكە قاراپ يول ئالماقتا.

بىر ـ بىرى بىلەن ئۈلپەتلەشمىگەن، بىر ـ بىرىگە ئىشەنمىگەن مىللەتلەردە ھاياتنىڭ تەمى بولمايدۇ، دوستلۇقمۇ بولمايدۇ. بۈگۈنكى سودا ـ تىجارەتلەر، كەسىپلەر بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچ ئاساسىدا داۋام قىلىدۇ، مال بولمىسا، دۇنيادا تۇرغىلى بولمايدۇ. مال تېپىش ئۈچۈن كەسىپ قىلىش،

---

[136] ھەشر سۈرىسى 9 — ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەسىپ قىلىش ئۈچۈن ئىشەنچ بولۇش لازىم. ئەخلاق توغرا، مۇئامىلە ئادىل بولمىغاندا، ئىشەنچنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆلپەت ۋە مۇھەببەتنىڭ ئۆندىن بىرىچىلىكمۇ ئۆلپەت ـ مۇھەببەت بولمىسا، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھايات بولمايدۇ. ھازىرقى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدىن رەنجىشى، باشلىرىغا كەلگەن پۈتۈن پالاكەت ۋە ۋەيرانچىلىقتا ئۆزلىرىنىڭ سەۋەبكار ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم.

# 270 ـ ھەدىس: ئىنساننىڭ ئازغۇنلۇق يولىغا ئىنتىلىشچانلىقى

**مَثَلِي وَمَثَلُكُمْ كَمَثَلِ رَجُلٍ أَوْقَدَ نَارًا فَجَعَلَ الْفَرَاشُ وَالْجَنَادِبُ يَقَعْنَ فِيهَا وَهُوَ يَذُبُّهُنَّ عَنْهَا وَأَنَا آخِذٌ بِحُجَزِكُمْ عَنْ النَّارِ وَأَنْتُمْ تَفَلَّتُونَ مِنْ يَدِي.** (مسند أحمد)

مەن بىلەن سىلەرنىڭ مىسالىڭلار، يېنىپ تۇرغان ئوتقا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرغان پەرۋانىنى ئوتقا چۈشۈپ كېتىشتىن توسۇپ تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ. مەن سىلەرنى ئوتقا چۈشمىسۇن دەپ بەلبېغىڭلاردىن تۇتۇۋېلىپ ئوتتىن يىراق كەتكۈزۈشكە تىرىشىمەن، (ئوتتىن ساقلىنىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىمەن)، لېكىن سىلەر مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ ئوتقا ئۆزۈڭلارنى ئاتىسىلەر.

ھەزرىتى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىنى بىرەر ۋەزىپىگە مەسئۇل كىشىلەرگە ئوخشىتىپ سۆزلىگەن ھەدىسلىرى كۆپتۇر. ھەتتا ئىمام تىرمىزى بۇ ھەدىسلەرنىڭ بىر بۆلۈكىنى: «رەسۇلۇللاھ مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلىگەن ھەدىسلەرنىڭ بابى» دەپ مەخسۇس بىر بابقا جۇغلاپ رىۋايەت قىلىدۇ. ئىمام بۇخارى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان: **مَثَلِي وَمَثَلُ مَا بَعَثَنِي اللَّهُ كَمَثَلِ رَجُلٍ أَتَى قَوْمًا فَقَالَ رَأَيْتُ الْجَيْشَ بِعَيْنَيَّ وَإِنِّي أَنَا النَّذِيرُ الْعُرْيَانُ فَالنَّجَا النَّجَاءَ فَأَطَاعَتْهُ طَائِفَةٌ فَأَدْلَجُوا عَلَى مَهْلِهِمْ فَنَجَوْا وَكَذَّبَتْهُ طَائِفَةٌ فَصَبَّحَهُمْ الْجَيْشُ فَاجْتَاحَهُمْ»** (المصدر صحيح البخاري) «مەن بىلەن ئاللاھ مېنى سىلەرگە ئەۋەتكەن ھىدايەتنىڭ مىسالى بىر ئادەمگە ئوخشايدۇكى، ئۇ بىر قەۋمگە كېلىپ: مەن قوشۇننى ئۆز كۆزلىرىم بىلەن كۆردۈم، ھەقىقەتەن مەن يالىڭاچ (بولۇپ، كىيىمنى پۇلاڭلىتىپ ھۇجۇمدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، شۇڭا تېز قېچىپ قۇتۇلۇڭلار! تېز قېچىپ قۇتۇلۇڭلار! دېسە، بىر گورۇپ كىشىلەر ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ كېچىنىڭ ئاۋۋىلىدە ئالدىرىماي مېڭىپ قۇتۇلۇپ كەتكەن، يەنە بىر گورۇپ ئۇنى يالغانچى دەپ قارىغان، شۇنىڭ بىلەن سەھەردە قوشۇن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىۋەتكەن. مانا مېنىڭ ئەھۋالىم ۋە ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ئىسلامنىڭ يولى، شۇ كىشى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن خەۋەرگە ئوخشايدۇ.» دېگەن ھەدىسمۇ شۇ بابتىندۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز ئۈممىتى ئۈچۈن داۋاملىق قۇتۇلۇش ۋە بەخت ـ سائادەت يوللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرغانلىقى، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خارلىقىدىن قۇتقۇزۇشقا ناھايىتى كۆپ ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. شۇ نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلمەي ھەمىشە نەپسىگە قۇل بولۇپ يۈرۈش، كېچىدە ئۆزىنى ئوتقا ئاتقان پەرۋانىگە ئوخشىغانلىقنىڭ ئۆزىدۇر.

# 271ـ ھەدىس: ھەر ئىنساننىڭ دوستىنىڭ ئۆزىنىڭ تىپىدىن بولىدىغانلىقى

**الْمَرْءُ عَلَى دِينِ خَلِيلِهِ فَلْيَنْظُرْ أَحَدُكُمْ مَنْ يُخَالِلُ.** (مسند أحمد)

ھەر ئىنسان ئۆز دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر ئادەم دوست بولماقچى بولغان ئادەمنىڭ ھال ـ ئەھۋالى، ئەخلاق ۋە ئادىتىنى كۆرۈپ ئېنىقىپ دوست بولسۇن.

ھەقىقەتەن ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئادەم بىلەن دوست بولىدۇ، تەبىئىتى كېلىشمەيدىغان ئادەملەرنىڭ دوستلۇق ئورنىتىشى مۇمكىن بولمايدۇ. ئەقىللىق ئادەم بىلەن ئەخمەق ئادەم، كەمتەر ئادەم بىلەن تەكەببۇر ئادەم، ئالىم بىلەن نادان ئادەم ۋە كۆڭلى ئاق ئادەم بىلەن مۇناپىق (ئىككى يۈزلىمچى) ئادەم ھېچقاچان دوست بولالمايدۇ. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان: **الأَرْوَاحُ جُنُودٌ مُجَنَّدَةٌ فَمَا تَعَارَفَ مِنْهَا ائْتَلَفَ وَمَا تَنَاكَرَ مِنْهَا اخْتَلَفَ** «روھلار بىرلەشكەن ئەسكەر قوشۇنى بولۇپ، يارىتىلىشىدا ۋە ئەخلاقىدا بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق بولغانلار بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشىدۇ، يارىتىلىشىدا بىر ـ بىرىگە مۇناسىپ بولمىغانلار كېلىشەلمەيدۇ» دېگەن ھەدىس شەرىپ مۇشۇ ئۇقۇمنى تەكىتلەيدۇ. ئىمام مۇسلىم بۇ توغرىدا: **المرء مع من احب** «ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ. ھەر ھالدا ياخشى سىناپ كۆرۈپ باقماي دوست تۇتماسلىق. مۇمكىن بولسا كىشىلەر بىلەن دوستمۇ، دۈشمەنمۇ بولماي ئۆتۈش لازىم. ياخشى دوست تېپىش ناھايىتى مۈشكۈل ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

بۇ توغرىدا بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دەيدۇ:

**ما في زمانك من ترجو مودته        ولا صديق إذا جار الزمان وفى،**

**فعش فريدا ولا تركن إلى أحد        ها، قد نصحتك فيما قلته وكفى.**

«بۇ زاماندا ماڭا دوست بولۇپ قالسا دەپ ئۈمىد قىلغۇدەك كىشى يوق. زامانىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغاندا ۋاپا قىلغۇدەك دوستمۇ يوق. ھېچكىمگە بېرىلمەي يالغۇز كۈن كەچۈر. ھۇشيار بول! مېنىڭ بۇ سۆزۈم ساڭا يېتەرلىك نەسىھەتتۇر.»

ئىككىنچى بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

**جزى الله خيرا كل من ليس بيننا        ولابينه ود ولا تعرف،**

**فما نالني ضيم ولا مسني أذى        الا من فتى كنت أعرف.**

«دوستمۇ ئەمەس ياتلاردۇر ئۇلار ھەممىسى،

ئەجىر بەرسۇن رەببىم ئاللاھ ئاشۇ ياتلارغا.

كەلمىدى ھېچ زۇلۇم دوستتىن باشقىدىن.

ھېچ قالمىدىم يات كىشىدىن ئازارلارغا.»

ئۈچىنچى بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

**عدوك من صديقك مستفاد        فلا تستكثرن من الصحاب،**

**فإنَّ الداء أكثر ما ترا هـ        يكون من الطعام او الشراب.**

«دۈشمەنىنىڭ پەيدىلىنار دوستۇڭدىن ھامان.

دوستۇم كۆپ دەپ كېرىلمە خۇش بولۇپ.

كېسەللىك يېمەكتىن كەلگەندەك گويا،

يېقىندىن كېلىدۇ شۇملۇقلار ھەم خوپ.»

بىزنىڭ ئارىمىزدا دوستلۇق دېگەن نەرسە بارمۇ؟ توغرا! بىر ـ بىرىمىزنى چايغا چاقىرىشىمىز، سۆزلىشىپ ئولتۇرىمىز، خەت يېزىشىمىز، لېكىن دوستلۇق ئۈچۈن شۇ ئىشلار يېتەمدۇ؟ ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ بەلگىسى: دوست تەرىپىدىن مەيلى خۇشاللىق مەيلى جاپا ــ مۇشەققەت كەلسۇن، ئۇنىڭدىن شىكايەت قىلماسلىق ۋە ھەر تۈرلۈك مۇئامىلىلەرگە رازى بولۇشتۇر. يەنى دوستلۇق بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن زارلىنىش بولمايدۇ، زارلىنىش يامان كۆرۈش بولىدىكەن، دوستلۇق بولمايدۇ. توغرا! ئەڭ يېقىن دوستلار ئارىسىدا قاتتىق ـ قۇرۇق گەپلەر، ئۆز ئارا ئاچچىقلىنىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ، لېكىن بۇ ئىشلار بىر ـ بىرىدىن زارلىنىش ۋە شىكايەت قىلىشقا ئوخشىمايدىغان نازۇك نەرسىلەردۇر.

بىزدىكى دوستلۇقلار ئىبنى ۋەردىنىڭ:

| | |
|---|---|
| **احذر عدوك والمعاندة مرة** | **واحذر صديق الصديق سبع مرار،** |
| **فالأصدقاء لهم سبرك خبرة** | **ولهم به سبب الى الاضطرار.** |

«گەر قىلساڭ دۈشمەندىن بىر قېتىم ھەزەر.
دوستۇڭنىڭ دوستىدىن قىل يەتتە ھەزەر.
سېنىڭ تەجرىبەڭ تۇققىدۇر ياتقا،
دۈشمەنگە يەم قىلار سەندىكى شۇ سىر.»

# 272 ـ ھەدىس: ئۆز ئارا ھەمكارلىق ئورنىتىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا

**اَلْمَرْءُ كَثِيْرٌ بِاَخِيْهِ.** (الجامع الصغير)

بىر كىشىمۇ ئۆز قېرىندىشى بىلەن كۆپ بولىدۇ.

مەقسەت: ئۇلپەت ۋە مۇھەببەت ئورنىتىش، بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشقا چاقىرىش ئارقىلىق يالغۇز بىر ئادەم قىلالمايدىغان ئىشلارنى قېرىنداش ۋە دوستلارنىڭ بىرلىشىپ قىلىشلىرىنىڭ مۇمكىنلىكىنى خاتىرىلىتىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت. «تاما ـ تاما كۆل تولار.»

دەسلەپكى چاغلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى يوقسۇل، مال ـ مۈلۈك ۋە يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلار بولغانلىقى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك چارىلەرنى ئىشقا سالغان. بىر ـ بىرى بىلەن دوست ـ ئۇلپەتلىشىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۆز ئارا ياردەملىشىشلىرى توغرىسىدا ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى قىلغانىدى. بۇ ھەدىسمۇ مۇسۇلمانلارنى مەنىۋىي يول ئارقىلىق مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۆرۈلگەن چارىلەرنىڭ بىرىدۇر. ھەممىگە مەلۇمكى، بىر ئادەم قىلالمىغان ئىشنى بىر نەچچە ئادەم بىرلەشسە ئەلۋەتتە قىلالايدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگەن نەرسىگە كۆپ كىشى جەم بولغان ھەيئەتنىڭ ئەقلى يېتىدۇ. ھازىرقى كۈندە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا بولۇۋاتقان سودىلار، سانائەت ـ كارخانىلىرى، پويىز، پاراخوتلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەن چوڭ شىركەتلەرنىڭ بىرلىشىشى ئارقىسىدا روياپقا چىقىرىلىدۇ. دېمەك، بۇلار: **اَلْمَرْءُ كَثِيْرٌ بِاَخِيْهِ** دېگەن ھەدىس شەرىپىنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن ئىش قىلغان.

مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ۋە ئەستە تۇتۇپ، يوقسۇللار ۋە ئۆي ـ ماكانسىزلارنىڭ ئەھۋالىغا قايغۇرسا، ئۆزىنى بىر ئائىلە كىشىلىرىدە ئورۇنغا قويسا، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلار ناھايىتى ياخشىلانغان، ئەمەلىي ۋە دىنىي ئىشلاردا ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېچىلغۇدەك نەتىجىلەر ھاسىل بولغان بۇلار ئىدى.

ئەگەر يوقسۇللارغا ئىش تېپىپ بېرىدىغان، پېقىرلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتىدىغان، ھۈنەر ـ كەسىپ، پەن ـ تېخنىكا ئۆگىتىدىغان، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىدا يول كۆرسىتىدىغان جەمئىيەتلەر (مۇسۇلمانلار بىرلىكى) بولغان، مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى يېڭىچە ئۇسۇلدا ئىسلام روھى بىلەن تەربىيەلىنىپ تۇرغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مىللەتنىڭ ئورنى ئۈستۈن كۆتۈرۈلگەن، ئېتىبار ـ ئىناۋىتى ئۆسكەن، ساداسى يۇكسەكلەردە جاراڭلىغان، مەقسەتلىرى ھاسىل بولغان ۋە خەلقمۇ «بىر كىشىمۇ ئۆز قېرىندىشى بىلەن كۆپ بولىدۇ» ۋە «ئاللاھنىڭ ياردىمى كۆپچىلىك بىلەن بىللە» دېگەندەك ھەدىسلەرنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىپ يەتكەن بولاتتى.

# 273 ـ ھەدىس: تىل ـ ئاھانەتكە ئۇچرىغاندا ئۆزىنى بېسىۋېلىشنىڭ پەزىلىتى

**الْمُسْتَبَّانِ مَا قَالَا فَعَلَى الْبَادِئِ مَا لَمْ يَعْتَدِ الْمَظْلُومُ.** (صحيح مسلم)

بىر ـ بىرى بىلەن تىللاشقان ئىككى ئادەمنىڭ تىللاشقانلىق گۇناھى ئەگەر ئىككىنچىسى رەددىيە قايتۇرۇشتا ئالدىرىمىغانلا بولسا، ئاۋۋال تىل ياغدۇرغان كىشىگە بولىدۇ.

ئىككى ئادەم ئاچچىقلىنىشىپ تىللاشقىلى تۇرسا، بۇنىڭ گۇناھى بىرىنچى بولۇپ تىل ـ ئاھانەت قىلغان كىشىگە بولىدۇ. ئەمما يەنە بىر تەرەپمۇ ئۇنىڭدىن ئۆتە تىل ـ ئاھانەت قايتۇرسا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ قىلغان تىل ــ ئاھانىتىگە كۆرە گۇناھكار بولىدۇ. ئۇشبۇ ھەدىستىن بىر كىمگە بىر كىم دىل ئازار قىلىشقا باشلىسا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. **(فَمَنْ اعْتَدَى عَلَيْكُمْ فَاعْتَدذا عَلَيْهِ بِمِثْلِ مَا اعْتَدَى عَلَيْكُمْ)** بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار.[137] دېگەن ئايەتمۇ يۇقىرىقى مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما، تاقابىل تۇرماي سەۋر قىلىش (ئۇرۇشۇش ۋە تىللىشىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش) نىڭ ناھايىتى ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئاللاھ تائالا: **(وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ)** كىمكى ئەزىيەتكە سەۋر قىلسا (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئىشلاردۇر.[138] دەيدۇ. ئەھۋال شۇنداقكەن، سەۋر قىلىش، زوكۇنلاشماسلىق ياخشىدۇر.

ئەرەب شائىرى مۇنداق يازىدۇ:

| | |
|---|---|
| **اذا ما هجانى ناقص لا أجيبه** | **فإني إن جاوبته فلي الذنب،** |
| **انزه نفسي عن مساواة سفلة** | **ومن ذا يعض الكلب ان عضه الكلب.** |

«نادانلار مېنى سۆككەندە ئۇلار بىلەن جاۋابلاشمايمەن، جاۋابلىشىپ قالسام گۇناھى ماڭا بولىدۇ. ئۆزۈمنى پەسكەش ئادەملەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشتىن ساقلىنىمەن، كىممۇ ئىت چىشلىۋالدى دەپ، ئىتنى چىشلەيدىغان ئىشنى قىلسۇن؟!»

ئىمام ئەھمەد ئەيازىل مۇجاشىئىدىن: **المستبّان شيطانا يتهازيان ويتكاذبان** «تىللاشقۇچى ئىككى ئادەم، يارىماس گەپ قىلىدىغان ۋە يالغان سۆزلەيدىغان ئىككى شەيتاندۇر، دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **إِنَّ مِنْ أَكْبَرِ الذَّنْبِ أَنْ يَسُبَّ الرَّجُلُ وَالِدَيْهِ قَالُوا وَكَيْفَ يَسُبُّ الرَّجُلُ وَالِدَيْهِ قَالَ يَسُبُّ أَبَا الرَّجُلِ فَيَسُبُّ أَبَاهُ وَيَسُبُّ أُمَّهُ فَيَسُبُّ أُمَّهُ.** «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاتا ـ ئانىسىنى تىللاش چوڭ گۇناھتۇر، ـ دېدى. ساھابىلەر رەسۇلۇللاھتىن: «ئاتا ـ ئانىسىنى تىللايدىغان ئادەممۇ بولامدۇ؟» دەپ سوراشتى، رەسۇلۇللاھ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «بىر كىم يەنە بىر كىمنى تىللايدۇ، ئاندىن ئۇ بۇنى دادىسى بىلەن قوشۇپ تىللايدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ دادىسىنى تىللايدۇ، ئاندىن ئۇ بۇنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ.»

ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ھاقارەتكە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولۇش، ئاتا ــ ئانىسىنى ئۆزى تىللىغان بىلەن ئوخشاشتۇر.

---

137 بەقەر سۈرىسى 194 — ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

138 شۇرا سۈرىسى 93 —ئايەت.

## 274ـ ھەدىس: مەسلىھەت سورالغۇچى كىشىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى توغرىسىدا

**اَلْمُسْتَشَارُ مُؤْتَمَنٌ.** (سنن الدارمي)

مەسلىھەت سېلىنىدىغان كىشى ئىشەنچلىك بولۇشى لازىم.

بىر كىشى ھېچكىمگە زىيان ئىلىپ كەلمەيدىغان ۋە شەرىئەتتىمۇ چەكلەنمىگەن بىر ئىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىغاندا، مەسلىھەت بېرىدىغان كىشى ئۇ ئىشنى ئۆزۈمنىڭ ئىشى دەپ ئويلىسۇن ۋە پايدىلىق يولنى كۆرسىتىپ قويسۇن. ئەگەر پايدىلىق يولنى كۆرسەتمەي، باشقىچە مەسلىھەت بەرسە ياكى سىر تۇتىدىغان گەپنى باشقىلارغا ئاشكارىلاپ پاش قىلىپ قويسا، خىيانەت قىلغان بولىدۇ. ئەگەر توغرا مەسلىھەت بەرگەندە ئۆزىگە زىيانلىق بىر ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولۇپ قالسا، مەسلىھەت كۆرسەتمەي جىم تۇرۇش، چىرايلىق جاۋاب بىلەن يانىدۇرۇش لازىم. بۇ ھۆكۈم خۇسۇسىي مەسىلىلەرگىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي مەسىلىلەردىمۇ كۈچكە ئىگە. مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بىر ئىش توغرىسىدا كېڭەش بولۇپ قالسا، شۇ يەردىكى ھەر كىم ئۆزى توغرا دەپ قارىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا، كىشىلەر بۇ قاراشلارنىڭ بىرىدىن پايدىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەمما مىللەت، دۆلەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي ئىشلاردا، يەنى مۇھىم ئىشلاردا دىنى مۇستەھكەم، ئەقىل ـ ئىدراكلىق ۋە كۆپنى كۆرگەن ئادەملەردىن مەسلىھەت سوراش لازىم. لېكىن، كۆرسىتىلگەن يول بويىچە ئىش كۆرۈش شەرت ئەمەس، مۇۋاپىق كۆرۈلمىگەن مەسلىھەتنى قويۇپ قويغان ياخشى، ئەمما مەسلىھەتلىشىشنىڭ زىيىنى يوق. ئاللاھ تائالا ھەممە ئادەملەرنىڭ ئاقىللىرىقى بولغان زات رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغىمۇ: **شاورهم فى الأمر** «سەپداشلىرىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىل» دەپ ئەمر قىلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى جىھاد ۋە باشقا ئىشلاردىمۇ ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ ئىش قىلار ئىدى. ئىبنى قۇتەيبە مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ئۆز ئايالىرىغىمۇ مەسلىھەت سېلىپ، ئۇلارنىڭ توغرا پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلاتتى.»

# 275 ـ ھەدىس: مۇسۇلماننىڭ بىر ـ بىرىگە قېرىنداش ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**الْمُسْلِمُ أَخُو الْمُسْلِمِ لَا يَخُونُهُ وَلَا يَكْذِبُهُ وَلَا يَخْذُلُهُ كُلُّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ حَرَامٌ عِرْضُهُ وَمَالُهُ وَدَمُهُ التَّقْوَى هَا هُنَا بِحَسْبِ امْرِئٍ مِنْ الشَّرِّ أَنْ يَحْتَقِرَ أَخَاهُ الْمُسْلِمَ.**

(سنن الترمذي)

مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، مۇسۇلمان ئۆز قېرىندىشىغا خىيانەت قىلمايدۇ، يالغان سۆزلىمەيدۇ، ياردىمىدە بولماي تاشلاپمۇ قويمايدۇ، مۇسۇلمان ئۈچۈن يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى، ئابرۇيىنى تۆكۈش، مال ـ مۈلكىگە قول ئۇزارتىش قەتئىي ھارامدۇر، تەقۋالىق مانا بۇ. بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى تۆۋەن كۆرۈشى، كۆزگە ئىلماسلىقى ئۇنىڭ ئەسكىلىكىگە يېتەرلىك دەلىلدۇر.

بۇ ھەدىس شەرىپ مۇسۇلماننىڭ مال ـ مۈلكىگە، ئابرۇيىغا دەخلى ـ تەرز يەتكۈزۈشنىڭ ھاراملىقىنى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ بۇزۇق ۋە قەبىھ ئىشلار ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. لېكىن، بىز بۇ ھەدىس بىزدىن باشقا بىرلىرىگە سۆزلىگەندەكلا ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە قۇلاق سالمايمىز، مەزمۇنىنى قەلبىمىزگە ئورۇنلاشتۇرمايمىز. ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرىمىز. كىشىنىڭ نامۇناسىپ قىلمىشلىرىنى سۆزلەپ ھۇزۇرلىنىپ يۈرىمىز، بىزنىڭ ھالىمىز ناھايىتىمۇ ئەجەبلىنەرلىك! ئۆمۈرلۈك دوست بولۇشۇپ ئۆتكەن قېرىنداشلىرىمىزدىن ئازراق سوغۇق مۇئامىلە كۆرۈلۈپ قالسا، مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزۈشكە ئالدىرايمىز، ئۇنىڭ نومۇسىغا تېگىپ كەمسىتىمىز، قانچە دەككىسىنى بېرىۋالساق، شۇنچە خۇش بولىمىز. بىرسىمىزنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسۈپ بەختى ئېچىلسا، ئىككىنچى بىرسىمىز يۈرەك كېسىلى بولۇپ چىدىيالمايمىز. شۇ ھامانلا ئۇ كىشىدىن ئايرىلىپ بۇرۇن پەقەت مۇئامىلە قىلىشمىغاندەكلا بولۇپ كېتىمىز.

ئىسلام دىنىدا ھەر كىشىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئاسرايدىغان ئالاھىدە قانۇن ـ پەرمانلار بار بولسىمۇ، بىراۋغا زىيان يەتكۈزۈش، ئابرۇيىنى تۆكۈش، يامان گۇماندا بولۇش ياكى دىن نامىدىن كىشىلەرنىڭ گەجگىسىگە مىنىۋېلىش قاتارلىق ئىشلار ئەخلاق نۇقتىسىدىن قەتئىي مەنئى قىلىنغان. بىر ئادەم ھەر قانچە تەقۋا، كامىل مۇسۇلمانلىق دەرىجىسىگە يېتىپ كەتكەن بولسىمۇ، باشقا بىر مۇسۇلماننىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش ياكى ھاقارەت قىلىش ھەققى بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە خەلىپىلەرنىڭ دەۋرىدە دىنىي پەرمانلار مۇشۇ يوسۇندا چىقىرىلغان، مۇسۇلمانلار شۇ نىزام بىلەن بەختلىك ھاياتنى ۋۇجۇدقا چىقارغانىدى. ئاتا ـ بوۋىلار ياخشى ئىدى، ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن! ئەمما كېيىنكى مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئىزباسارى بولالماي كەلدى، ئىبادەتنى تەلەپكە لايىق قىلمىدى، كۆڭۈل ـ ئارزۇلىرىغا ئەسىر بولۇپ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمىدى. پادىشاھ ۋە ھوقۇقدارلار مال توپلاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئالىملار بولسا، ھەق ـ ناھەق ئىشلارغا رازى بولۇپ تۇرۇشتى. شۇ سەۋەبتىن ئەخلاقى بۇزۇلدى، ھەركىم ئۆز پىكرىگە ئەگىشىپ بىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى، چۈمۈلدەك تارقىلىپ كەتتى، باشباشتاقلىق ھۆكۈم سۈردى. بەزىبىر چاغلاردا ھەقنى سۆزلەيدىغان ئادەملەر ئوتتۇرىغا چىقىپ ياخشىلىققا چاقىرغان، يامانلىقتىن توسقان بولسىمۇ، سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى كاپىرلىق ۋە زىندىقلىق بىلەن ئەيىبلىنىپ، سۆزلىرى بىر تىيىنغا ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى، ئىسلام دىنىدىن چىقىرىلدى. ئىبنى تەيمىييە ۋە ئىمام غەزالىيلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ھەممە بىلىدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە يۇرتىمىزدا مەرجانى ھەققىدە دېيىلگەن سۆزلەر قۇلىقىمىزغا كىرىپ تۇردى، باشقىلارمۇ ئاڭلىدى. بۇ زاتقا، بىدئەتچى، شىئە، مۆتەزىلە، ۋەھھابى، دەھرى، كاپىر، زىندىق دېگەندەك ناملارنى قويۇشتى. ئۇ كىشى ئۆزىگە ئەمەس، ھەتتا شاگىرتلىرىغا شاگىرت بولالىغۇدەكمۇ سالاھىيىتى يوق ئادەملەر تەرىپىدىن ھاقارەتلەندى. ئەيىبى نېمە ئىدى؟ ھەممىگە مەلۇم، غەزالى، ئىبنى تەيمىييەلەردەك ئەمرى ــ مەرۇپ، نەھى ـ مۇنكەر ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. بىر ئادەمدە زىندىقلىق بىلەن ۋەھھابىيلىق، دەھرىلىك بىلەن شىئەلىك قانداقمۇ مۇجەسسەملەنسۇن؟! بۇلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ؟ سەييىد جامالىددىن ئافغانى بىلەن شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھ ھەققىدىكى ئۆيدۇرما ۋە بوھتانلارمۇ ھەددىدىن زىيادە بولدى. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بىر قېرى مۇدەررىسنىڭ مىسىردا ئوقۇغان بىر شاگىرتىنىڭ ئاكىسىنى ئۆيىگە چاقىرتىپ:

«تۇغقىنىڭنى مىسىردا ئۇقۇتۇشقا بولمايدۇ، ئۇ يەردە تۇرسا، مۇھەممەد ئابدۇھ دېگەن پىتنىخورغا ئەگىشىپ دىنسىز، دەھرى بولۇپ كېتىدۇ. بايلاردىن پۇل قەرز ئېلىپ ئەۋەتىپ، دەرھال قايتۇرۇپ كەل!» دەپ قورقۇتقانلىقى پۇر كەتكەنىدى.

ئەگەر ئىسلام دۇنياسىدا ھەقىقىي ئالىملار ۋە ياخشى تەربىيەلەنگەن كىشىلەر يېتەرلىك دەرىجىدە بولسا ئىدى، ئادەم ئالداش، زىيانكەشلىك قىلىش، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش، كىشىنىڭ كۆڭلىگە زوراۋان بولۇۋېلىپ، كاپىرلىق ۋە مۆمىنلىك توغرىسىدا ئۆزى خالىغىنىچە ھۆكۈم قىلىش ئىشلىرى مۇنداق كېڭىيىپ كەتمىگەن بولار ئىدى. بىراق بەختىمىزگە قارشى مۇتتەقى (تەقۋادار) ۋە تەربىيەلىك ئالىملىرىمىز ناھايىتى ئاز. ئىسلام دىنىنىڭ نەزىرىدە «تەقۋالىق» دېگەن، ئاخىرەتتە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشنى مەزمۇن قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلىش، ياردەم قولىنى سۇنماي تاشلاپ قويۇش ئاخىرەتتە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىندۇر. مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھەقىر كۆرۈشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىگە دائىر بۇنىڭدىن باشقا ئايەت ـ ھەدىسلەرمۇ كۆپتۇر.

## 276 ـ ھەدىس: مۇسۇلماندىن باشقىلارنىڭ سالامەت قالىدىغانلىقى توغرىسىدا

**اَلْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ.** (صحيح البخاري)

مۇسۇلمان دېگەن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىل ۋە قول ئازارىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر.

مانا بۇ مۇسۇلمانلىقنىڭ ئۆلچىمىدۇر. ھەركىم بۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن ئۆز ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك. مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن سىرتقى كۆرۈنۈشنىڭ دېگەندەك ئەھمىيىتى يوق. مۇھىمى ئۆزىنىڭ زىيىنىنى باشقا ھېچبىر مۇسۇلمانغا يۇقتۇرماسلىقىدۇر. تىلى بىلەن زىيان يەتكۈزمەسلىكنىڭ قاتارىغا قاش، قاپاق، قىيايەت بىلەن، قەلەم بىلەن زىيان يەتكۈزمەسلىك، رەنجىتمەسلىك قاتارلىقلارمۇ كىرىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا: تىل، قول، قىسقىسى، ھېچبىر ئەزا بىلەن مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك لازىم.

ئىسلام دىنىنىڭ روھى قېرىنداشلىق ۋە بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت باغلاشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن، يەر يۈزىدىكى مۇسۇلمانلار مەنىۋى بىر ھەيئەت (بىر تەن، بىر جان) ھېسابلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ: ﴿**إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ**﴾ مۆمىنلەر چوقۇم قېرىنداشلاردۇر.[139] دەپ ئېيتىشىدىكى ھېكمەتمۇ مۇشۇ.

دىنىي قېرىنداشلىق ھەققى ھەر قانداق شەخسىي غەرەزلەر، شەخسىي پايدا ـ مەنپەئەت ۋە ئارزۇ ـ تەلەپلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. ھەقىقەتتە ئىسلام دىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىلمىگەن، ھەركىم چۈشىنەلەيدىغان دەۋردە مۇسۇلمانلار دىنىي قېرىنداشلىرىنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى ياخشى بىلىشەتتى ھەم بۇنىڭغا رىئايە قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دۇنيادا يېڭى بىر مەدەنىيەت، يېڭى بىر ئىلىم دەرياسىنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. ئىسلام تارىخىدىن خەۋەردار كىشىلەر بۇ ئەھۋاللارنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ.

---

[139] ھۇجۇرات سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

## 277 ـ ھەدىس: مۇسۇلمانلار شەرتلىرىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك

**الْمُسْلِمُونَ عِنْدَ شُرُوطِهِمْ.** (صحيح البخاري)

مۇسۇلمانلار شەرتلىرىدە تۇرىدۇ (چىڭ تۇرۇشى لازىم).

مۇسۇلمانلار، ئەگەر قىلغان شەرتلىرى شەرىئەت ئالدىدا توغرا بولسا، ئۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلىشى ۋە سۆزلىرىدە تۇرۇشى لازىم. لېكىن، قانداق شەرتلەرنىڭ توغرا ۋە قانداق شەرتلەرنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلىشى كېرەك.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆيلىنىش، ئاجرىشىش ۋاقىتلىرىدا، ئېلىم ـ سېتىم قىلىش، ئىجارىگە بېرىش ۋە گۆرۈگە قويۇش دېگەندەك مۇئامىلىلەردىكى شەرتلەرنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى فىقھي كىتابلىرىدا بايان قىلىنىدۇ. سىھاھ سىتتە (ئالتە سەھىھ ھەدىس كىتابى) مۇئەللىپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەرنى «شەرتلەر كىتابى (بابى)» دېگەن نام ئاستىدا ئايرىم بىر باپتا توپلاپ رىۋايەت قىلىدۇ.

ھەر ھالدا قۇرئان بىلەن سۈننەت (ھەدىس) كە مۇۋاپىق بولمىغان شەرتلەر ( ۋەقپى قىلغۇچىنىڭ شەرتىمۇ مۇشۇ قاتاردا) ئىناۋەتسىز ۋە بۇزۇق شەرت بولۇپ، **الْمُسْلِمُونَ عِنْدَ شُرُوطِهِمْ** دېگەن ھەدىس قۇرئان ۋە سۈننەتكە خىلاپ بولمىغان شەرتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ.

# 278 ـ ھەدىس: قەرزنى قەستەن كېچىكتۈرۈشنىڭ زۇلۇم قىلغانلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە

**مَطْلُ الْغَنِيِّ ظُلْمٌ.** (صحيح البخاري)

باي كىشىنىڭ قەرزنى قايتۇرماي كەينىگە سۈرىشى زۇلۇمدۇر.

بۇ يەردىكى زۇلۇم، ئۇستىگە يۈكلەنگەن ھەقنى بەرگىلى ئۇنىماسلىقنى كۆرستىشتىن ئىبارەت. كىشىلەردىن ئامال بار بىر نەرسە قەرز ئالماسلىق لازىم. مەجبۇر بولۇپ قىلىپ قەرز ئېلىنغان ئىكەن، رەنجىتمەي ۋاقتىدا قايتۇرۇش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قەرز ئېلىشتىن قاتتىق پاناھلىق تىلەيمىز» دېگۈچىلەرگە:

«ئىنسان قەرزگە بوغۇلغاندا، ۋەدە قىلسا، ئۇنىڭدا تۇرالمىغىلى باشلايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

بۇ سۆزنىڭ راستلىقىدا شەك يوق. خۇسۇسەن بۇ زاماندا قەرز (نىسى) مۇئامىلە قىلىشتا بەرىكەت قالمىدى. نۇرغۇن كىشىلەر بانكىلارغا قەرزدار بولغانلىقى ئۈچۈن كېرەكتىن چىقتى، بۇرۇنقى بايلىقلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى ۋە ئەسلىگە كېلەلمىدى.

يوقسۇللۇق سەۋەبىدىن قەرزنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمەسلىك زۇلۇم قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى يوقسۇل كىشى ئىلاجسىزدۇر. مۇنداق چاغدا كىشىدە ئېلىشى بار كىشى قەرزدارنىڭ قولىغا پۇل ـــ مال كىرگۈچە ساقلاپ تۇرۇشى لازىم. ﴿وَإِن كَانَ ذُو عُسْرَةٍ فَنَظِرَةٌ إِلَى مَيْسَرَةٍ﴾ ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار.[140]

لېكىن بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مەزۇرلۇق (يوللۇق سەۋەب)، ھەممىشە كەسىپ قىلىشقا تىرىشىدىغان ۋە سەئيى قىلىدىغان ھەم قەرزنى ئادا قىلالىغۇدەك بولغان ھامان تۆلەش نىيىتى بار ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەڭ ـ كۇشادە يەپ ـ ئىچىشنى ئويلىماي، ئېھتىياجىغا كۆرە چىقىم قىلىشقا قانائەت قىلىدىغان، يېمەك ـ ئىچمىكىدە ئادەتتىن تاشقىرى كەڭ ـــ كۇشادە بولۇشنى ۋە ئالىي كىيىم كىيىپ، ياسىنىپ يۈرۈشنى ئويلاشمايدىغان پېقىرلار ئۈچۈن شۇنداق. «پېقىرلار قەرزنى بىرەلمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ قەرزنى تۆلەش مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالى (ئىسلام بانكىسى) غا يۈكلىنىدۇ» دەيدىغان ئالىملارنىڭ كۆزدە تۇتقىنىمۇ شۇ خىل پېقىر كىشىلەردۇر. بۇ مەسىلىنىڭ تەپسىلاتى ئەخلاق كىتابلىرىدا بايان قىلىنىدۇ.

---

[140] بەقەرە سۈرىسى 282 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## 279 ـ ھەدىس: ياخشىلىققا تەۋسىيە قىلغۇچى كىشىنىڭ پەزىلىتى

**مُعَلِّمُ الْخَيْرِ يَسْتَغْفِرُ لَهُ كُلُّ شَيْءٍ حَتَّى الْحُوتُ فِي الْبَحْرِ.** (سنن الدارمي)

ياخشىلىق ئۆگەتكۈچى كىشى ئۈچۈن ھەممە نەرسە، ھەتتا دەريادىكى بېلىقمۇ (ئاللاھ تائالادىن) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ سۆز مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارغىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئۆزى بىلىدىغان ياخشىلىقنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن كۈچكە ئىگىدۇر. مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار (نىيىتىنى توغرا قىلسىلا) بۇ سۆزنىڭ ئاستىغا بىرىنچى بولۇپ كىرىدۇ. لېكىن ياخشىلىقنى ئۆگىتىش تىلىدىنمۇ بەكرەك ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بولۇشى لازىم. ئەمەلىي ھەرىكىتى ناچار كىشىنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ياخشىلىق ئۆگىتىشىنىڭ پايدىسى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، بالىلارنى تەربىيەلىگۈچىلەر دىنىدا ھەممىدىن چىڭ تۇرىدىغان، پەزىلەتلىك ۋە گۇناھتىن ساقلىنىدىغان پاكىزە كىشىلەر بولۇشى لازىم. مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرمىگەن ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلاردا ئوقۇغان بالىلار (ئەگەر ئاللاھ تائالا باشقا بىر چارە بىلەن بۇ ھالاكەتتىن قۇتقۇزمىسا) بەختسىز بالىلاردۇر.

گەرچە مۇئەللىم بولسىمۇ، ئۆزى دىنىنىڭ بۇيرۇقنى تۇتمايدىغان، تىلى بىلەنلا ئۆگىتىدىغان، دىن ئىشلىرىنى ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆرسەتمەيدىغان، ياخشى ئەخلاق ۋە ئىپپەت (گۇناھ ۋە كەمچىلىكتىن ساقلىنىش) مەسىلىلىرىدە شاگىرتلىرىغا نەمۇنە، ئۈلگە بولالمايدىغان مۇئەللىملەر ئۇشبۇ ھەدىستىكى خۇش خەۋەرلەرگە توغرا كەلمەيدۇ.

# 280 ـ ھەدىس: غەيب ئىشلارنى يالغۇز ئاللاھ تائالانىڭلا بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

**مَفَاتِيحُ الْغَيْبِ خَمْسٌ لَا يَعْلَمُهَا إِلَّا اللَّهُ لَا يَعْلَمُ مَا تَغِيضُ الْأَرْحَامُ إِلَّا اللَّهُ وَلَا يَعْلَمُ مَا فِي غَدٍ إِلَّا اللَّهُ وَلَا يَعْلَمُ مَتَى يَأْتِي الْمَطَرُ أَحَدٌ إِلَّا اللَّهُ وَلَا تَدْرِي نَفْسٌ بِأَيِّ أَرْضٍ تَمُوتُ إِلَّا اللَّهُ وَلَا يَعْلَمُ مَتَى تَقُومُ السَّاعَةُ إِلَّا اللَّهُ.** (صحيح البخاري)

غەيبنىڭ ئاچقۇچى بەش بولۇپ، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بالىياتقۇدا نېمىنىڭ كېمىيىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، يامغۇرنىڭ قاچان يېغىشىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھېچبىر ئىنسان ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلۈشىنى بىلمەيدۇ، قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

مەزكۇر بەش نەرسىنى بىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا خاستۇر. بۇ بەش نەرسە قۇرئان كەرىمدىمۇ: □ **﴿إِنَّ اللَّهَ عِنْدَهُ عِلْمُ السَّاعَةِ وَيُنَزِّلُ الْغَيْثَ وَيَعْلَمُ مَا فِي الْأَرْحَامِ وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ مَاذَا تَكْسِبُ غَدًا وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ بِأَيِّ أَرْضٍ تَمُوتُ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾** قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللاھ بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر[141] دېيىلىدۇ.

(قەدىمكى) ئەرەبلەر ئارىسىدا بۇ بەش نەرسىنىڭ كۆپىنچىسىنى «مەن بىلىمەن» دەپ داۋراڭ سالىدىغانلار بولغانلىقى ئۈچۈن ھەدىس شەرىپتە بۇ بەش نۇقتا ئايرىم تىلغا ئېلىنغان. بولمىسا، بۇنىڭدىن باشقا غەيب نەرسىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. ھەدىستىكى «بەش» دېگەن سۆزنى «ئۇنىڭدىن باشقا غەيب يوق» دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ.

«كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى ۋە ئانىلارنىڭ قورسىقىدىكى بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاللاھ تائالادىن باشقىلار بىلمەيدۇ» دېگەن سۆزلەرنىڭ دائىرىسىگە تەجرىبىلەر، قەتئىي بولغان ھېسابلار ۋە ئادەتكە تايىنىپ تۇرۇپ بىلگىلى بولىدىغان نەرسىلەر كىرمەيدۇ. مۇنداق قائىدە ۋە قانۇنلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بىلگىلى بولىدىغان نەرسىلەر غەيب ھېسابلانمايدۇ. بۈگۈن پېشىن بولۇپ ئالتە سائەت كېيىن كۈن ئولتۇرىدۇ. ئەتىگەن سائەت ئۈچتە كۈن چىقىدۇ ياكى بۇ يىل پالانى ۋاقىتتا كۈن ياكى ئاي تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭدەك، پالانى سائەت ۋە پالانى مىنۇتتا پاراخوت ياكى پويىز كېلىدۇ، دېگەندەك سۆزلەر، تېۋىپلارنىڭ ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ كۆپ خىل ئەمەلىي باسقۇچلار ئارقىلىق ئىگە بولغان بەلگە ــ ئالامەتلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئاياللارنىڭ قورسىقىدىكى بىرەر بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بېرىشى ۋە ئۇنىڭ توغرا چىقىشى غەيبتىن خەۋەر بەرگەنلىك، غەيبنى بىلگەنلىك بولمايدۇ. ھەممە تەرەپتىن قوبۇل قىلىنىدىغان بىرەر دەلىلگە ئاساسلانغان ھالدا چىقىرىلغان يەكۈنلەر غەيب دېيىلمەيدۇ. «قورساقتىكى بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ» دېيىشتىكى مەقسەت: ئۇلارنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشىنى، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىنى بىلمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر. تولۇق تەبىئىي ئالامەتلەر ۋە تەجرىبىلەرگە ئاساسەن يامغۇر يېغىشىنى ئالدىن خەۋەر قىلىش ۋە بىلىشمۇ ھەدىستە ئېيتىلغان غەيبنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى «ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم دەلىل، تەجرىبە ياكى ئۇسكۇنىلەرگە تايانماي تۇرۇپ بىلەلمەيدۇ» دېگەنلىكتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، تەبىئىي ۋە قوبۇل قىلارلىق دەلىل ــ پاكىتلارنى ئاساس قىلماي تۇرۇپ خەۋەر بەرگۈچىلەر، ئىنسانغا بەختلىك ياكى بەختسىز دەپ ھۆكۈم قىلغۇچىلار، بىركىشىنىڭ قولىغا قاراپ ياكى تۇتۇپ، ياكى سۇغا ياكى ئەينەككە ۋەياكى چىراققا قاراپلا يوقالغان مالنىڭ جايىنى ئېيتقۇچىلار،

---

[141] سۈرە لوقمان 34 ـ ئايەت.

ئومۇمەن رامبال، چىراغچى، جىنكەش ۋە قىياپەتچىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ. بۇلارنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى ساددا، گول ئادەملەرنى ئالداش ۋە ئاسان چارە ـ ئۇسۇللارغا تايىنىپ پۇل تېپىشتىن ئىبارەتتۇر.

## 281ـ ھەدىس: قىز بالىلارنى باققانلارنىڭ دوزاختىن ساقلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

**مَنْ ابْتُلِيَ مِنْ هَذِهِ الْبَنَاتِ بِشَيْءٍ كُنَّ لَهُ سِتْرًا مِنْ النَّارِ.** (صحيح البخاري)

كىمكى قىز بالىلارنىڭ جاپاسى بىلەن سىنىلىدىكەن، ئۇ قىزلار بۇ ئادەم ئۈچۈن دوزاختىن ساقلاپ قالىدىغان توساق بولىدۇ.

ھەزرىتى ئائىشە يېقىن، ئاجىز بىر ئايالغا (باشقا نەرسە بولمىغانلىقتىن) بىر دانە خورما سەدىقە بەرگەن ئىدى. ئۇ ئايال شۇ بىر دانە خورمىنى ئۆزى يېمەي ئىككىگە بۆلۈپ، ئىككى قىزىغا بەردى. ھەزرىتى ئائىشە (بەلكى بالىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر ئاز ئەجەبلەنگەن بولسا كېرەك) بۇ ئەھۋالنى رەسۇلۇللاھقا سۆزلەپ بەردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسنى شۇ چاغدا ئېيتقان ئىدى.

بۇ ھەدىس قىز بالىلار توغرىسىدىدۇر. ئىمام ئەھمەد «بىر كىشىنىڭ قىزلىرى ياكى ئۈچ قىز بىر تۇغقىنى، ياكى ئىككى قىزى، ياكى ئىككى قىز قېرىندىشى بولسا، شۇلار ئۆلۈپ كەتكۈچە ياكى ئەرگە بېرىلگەنگە قەدەر ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئوبدان بېقىپ، يېتىشتۈرسە دوزاختىن پەردە (توسالغۇ) بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

**عَنْ سُرَاقَةَ بْنِ مَالِكٍ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَلَا أَدُلُّكُمْ عَلَى أَفْضَلِ الصَّدَقَةِ ابْنَتُكَ مَرْدُودَةً إِلَيْكَ لَيْسَ لَهَا كَاسِبٌ غَيْرُكَ** سۇراقە ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەرگە ئەڭ پەزىلەتلىك سەدىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئاجرىشىش، ئېرى ئۆلۈپ كېتىش دېگەندەك بىرەر سەۋەب بىلەن سېنىڭ يېنىڭغا ئەۋەتىلگەن، سەندىن باشقا نەپىقىسىنى بېرىدىغان ئادىمى يوق قىزىڭ (ئۈچۈن سەرپ قىلغان) دۇر.

قىز بالىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگۈچىلەر بۇ خۇشخەۋەر بىلەن شاتلىنىشى ۋە قىزلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك خىراجىتىنى قىسماسلىقى لازىم. بەزىبىر قىز بالىلار ئاخىرەت ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دۇنيالىقىدىمۇ ناھايىتى پايدىلىق ۋە ياخشىلىق مەنبەسى بولىدۇ.

## 282 ـ ھەدىس: سەۋرچان، ئەيۇچان ۋە شۇكۇر قىلغۇچى بەندىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**مَنْ اُبْتُلِيَ فَصَبَرَ، وَأُعْطِيَ فَشَكَرَ، وَظُلِمَ فَغَفَرَ، وَظَلَمَ فَاسْتَغْفَرَ اللهَ، أُوْلَئِكَ لَهُمْ الأَمْنُ وَهُمْ مُهْتَدونَ.** (الدر المنثور في التفسير بالمأثور.)

كىمكى بالاغا دۇچار بولغاندا سەۋر قىلسا (چىداپ چىڭ تۇرسا)، نېمەت بېرىلگەندە شۈكۈر قىلسا، زۇلۇم قىلىنغاندا زۇلۇم قىلغۇچىنى كەچۈرسە (زالىم مۇسۇلماندىن ئىنتىقامىنى ئېلىشنى ئويلاشمىسا)، ئۆزى زۇلۇم قىلىپ سالسا، ئاللاھ تائالادىن ئەپۇ سورىسا، شۇنداق بەندىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئامانلىق بولىدۇ ھەم ئۇلار توغرا يولنى تاپىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە، ھەر تۈرلۈك يامان ئەھۋاللارغا، قازالارغا، بالا ۋە مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغۇچىلارغا مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ. مۆمىنلەرنى رەنجىتىدىغان نەرسىلەر مەيلى ئاللاھ تەرىپىدىن ياكى باشقا ئادەملەر تەرىپىدىن كەلگەن بولسۇن ھەممىسى مۇسىبەت ۋە بالا بولۇپ، ئۇنىڭغا چىداپ سەۋر قىلىش لازىم.

سەۋر دېمەك: قۇرۇق تىلى بىلەن ﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾ نى ئوقۇشتىن ئىبارەت ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە چىن كۆڭلى بىلەنمۇ چىداش، ئاللاھ تائالادىن نارازى بولماسلىق، غەزىپىنى قوزغىماسلىقتۇر. چۈنكى ئۇ بەندىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىدۇ. قولىدىكى نېمەتلەردىن قۇرۇق قېلىشنىڭ ئۆزى ئېغىر مۇسىبەتتۇر. قازا ۋە بالاغا سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرەتتە ساۋابقا ئېرىشىدۇ. بۇنى ئويلىغان كىشى مۇسىبەتلەرگە چىداشلىق بېرىپ، سەۋر قىلىدۇ. غەم ـ قايغۇسىز ئورۇن (جەننەت) غا يەتكۈزىدىغان بىردىنبىر سەۋەب: دۇنيادىكى قايغۇ، دەرد ـ ئەلەملەرگە چىداش، دىنى ئىسلام يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇشتۇر.

سەۋر ئەيلە بالالەرگە ئەي سىرداش دوستۇم!<br>
تەپەككۇر ئەيلە يۇسۇف نە ھاللەرگە بولدى دۇچار.<br>
سەۋر قىلغان ئالۇر ئەلۋەتتە بۇ يولدا گۈزەل مۇكاپات،<br>
بۇ سۆز يالغانمىدۇر دەپ قالما زىنھار ۋە زىنھار.

پەرۋا قىلما، قايغۇرمىغىل بۇ ئازابلار ئالدىدا،<br>
چىن قەلبىڭدىن سەئيى قىل، ئويلانما زىنھار.

# 283 ـ هەدىس: دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى

مَنْ أَحَبَّ دُنْيَاهُ أَضَرَّ بِآخِرَتِهِ وَمَنْ أَحَبَّ آخِرَتَهُ أَضَرَّ بِدُنْيَاهُ فَآثِرُوا مَا يَبْقَى عَلَى مَا يَفْنَى. (مسند أحمد)

بىر كىشى دۇنيالىقىنى ياخشى كۆرسە، ئاخىرەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ ۋە بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ياخشى كۆرسە، دۇنيالىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. سىلەر يوقىلىدىغان (دۇنيا) نى قويۇپ، ھەمىشە تۇرىدىغان، يوقالمايدىغان نەرسىنى (ئاخىرەتنى) تاللاڭلار!

دۇنيا ۋە ئاخىرەت دېگەن سۆزلەرنىڭ نېمىلەرنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. يەر يۈزىدىكى ماددىي نەرسىلەر ۋە (دىنىي بولمىغان) پۈتۈن مەۋجۇداتلار «دۇنيا» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسى بولسا «ئاخىرەت» تۇر.

بۇ يەردە بايان قىلىنغان «دۇنيانى ياخشى كۆرۈش» دېگەندىن مەقسەت: ئاخىرەتلىك مەقسەتلەرگە يېتىشنىڭ ۋاستىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇتتۇرا ھال رەۋىشتە ياخشى كۆرۈش ئەمەس، بەلكى بىۋاستە ھالدا دۇنيانىڭ ئۆزىنى سۆيۈش ھەم ھەددىدىن تاشقىرى دوست تۇتۇپ، قوغلاپ، ئىككىنچى تەرەپنى (ئاخىرەت ئىشلىرىنى) پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز قالدۇرۇش دېمەك بولسا كېرەك. بولمىسا، ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى ئۆزى ياخشى كۆرىدۇ، ئىنساننىڭ ياراتماي، ئەرزىتمەي تۇرۇپ ئىشىدىن پايدا چىقمايدىغانلىقى ۋە مەنىسىز بولىدىغانلىقى تەبىئىيدۇر.

ساھابە كىراملار ئارىسىدا ناھايىتى باي ئادەملەر، كاتتا سودىگەرلەر بار ئىدى. ئۇلارنى ئۆز كەسپىنى ياراتماي، ياخشى كۆرمەي تۇرۇپ داۋاملاشتۇرغان دېيىشكە بولمايدۇ. بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەر ـ كەسپلىرىنى سۆيۈش بىلەن بىرگە ئىككىنچى تەرەپنى (ئاخىرەتلىكنى) مۇ تاشلاپ قويمىغان. ھەتتا ئاخىرەتلىكنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئورۇنغا ۋە ئالدىنقى پىلانغا قويۇپ تۇرۇپ ئىشلىگەن. بۇ ھەدىسنى ھۈنەر ـ كەسىپ، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش ياخشى ئەمەس دېگەن مەنىدە چۈشىنىشكە بولمايدۇ (پۇل تېپىشنى ئاخىرەت ئىشىدىن، پەرز ئىبادەتلەردىن يۇقىرى ئورۇندا قويماستىن، پەرز ئىشلىرىنى كېچىكتۈرمەستىن ھۈنەر ــ كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش يامان ئىش ئەمەس).

رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇنقى ئۆمرىنىڭ بىر قىسمى كەسىپ ۋە تىجارەت بىلەن ئۆتتى. تىجارەت ئۈچۈن يىراق يەرلەرگە سەپەر قىلدى، پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىنمۇ ئېلىم ـ سېتىم قىلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۆت خەلىپىنىڭ خەلىپىلىك ۋاقىتلىرىدا قىلغان پۈتۈن ھۆكۈملىرىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە قۇرەيشنىڭ نەسەبىنى بىلىشتە مىسالى تېپىلمايدىغان، ساھابىلەر ھايات چاغلاردا، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا شەرىئەت ئىشلىرى بويىچە پەتىۋا بېرىدىغان سەئىد ئىبنى مۇسەييىب ھەزرەتلىرىمۇ سودىگەر ئىدى. تابىئىنلارنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئالىمىنىڭ شۇ كىشى ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە ھەممىنىڭ پىكرى بىردەكتۇر. شۇنىڭدەك، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن، مۇسلىم ئىبنى يەسار، ئەييۇب سەختىيانى، يۇسۇف ئىبنى ئۇبەيدكە ئوخشاش مەشھۇر ئالىملارمۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى.

زاھىدلاردىن بولغان يەھيا ئىبنى مۇئاز ئەررازىغا: «زاھىدلار دۇنيادىن يۈز ئۆرۈيدىغان ئىدى. ھالبۇكى، سەن دۇنيانى ياخشى كۆرسەن!» دېگەن ئىدى، يەھيا ئۇنىڭغا: «ئاخىرەتنىڭ بەختى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن قولغا كېلىدۇ، تائەت ـ ئىبادەت تىرىكلىك بىلەن بولىدۇ. تىرىكلىك، كۈچ ـ قۇۋۋەت دۇنيادا بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئاخىرەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە دۇنيا سەۋەب دېگەنلىك بولىدۇ. ئاخىرەتكە سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيانى ياخشى كۆرسەم نېمە زىيىنى بار؟» دەپ جاۋاب بەردى.

دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى ياخشى كۆرۈشنىڭ قايسى شەكىلدە بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلىشمۇ چوڭ ئىش. بىز، ھەر كۈنى ئىش ــ كۈش بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىدىغانلارنى «دۇنياغا ئامراق، دۇنيا پەرەستلەر»، سەللە يۆگەپ مەسجىدتە ئولتۇرىدىغانلارنى ۋە مۇرىت تەربىيەلەيدىغان خەلىپە ــ ئىشانلارنىڭ سۆھبىتىگە ئىشتىراك قىلغانلارنى «ئاخىرەتنى ياخشى كۆرگۈچىلەر» دەپ ھۆكۈم قىلىمىز. بۇ ھۆكمىمىز بىر قەدەر توغرا بولۇشىمۇ، تامامەن خاتا بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ دۇنيا، ناھايىتى نۇرغۇن كىشىنى تور ـ قاپقانغا چۈشۈرگەن دۇنيادۇر. سەدىقە جارىيە (كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار ئۇزۇن زامان پايدىلىنىدىغان سەدىقە) قالدۇرۇش، ئىلىم ھاسىل قىلغۇچىلار (مۇئەللىم ۋە ئوقۇغۇچىلار) نىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىنى ھەل قىلىش نىيىتىدە

بۇرۇنقىلىرىمىز، ياخشى كۆڭۈللۈك ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان ۋەقپىلەر، ياخشى ئورۇن ۋە ئىشلار بولسا، كەسىپ ئەھلىلىرى ياكى ئىشچىلار تەرىپىدىن تالان قىلىنمىدى، بەلكى كۆپچىلىكنىڭ كۆزىگە ئاخىرەت كىشىلىرىنىڭ قىياپىتىدە كۆرۈنۈپ يۈرگەن، «دۇنيانى سۆيمەيمىز» دەپ جار سېلىپ يۈرىدىغان رىياكارلار ۋە قاراقچىلار تەرىپىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىندى. ھەممىسى بۇلارنىڭ ئۆلى يوق قورساقلىرىغا كىرىپ تۈگىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك، قىياپەتلەرگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش توغرا ئەمەس. ھۆكۈم قىلىنىدىغان كۈن بۈگۈن ئەمەس، بەلكى كېلەچەكتۇر (قىيامەت كۈنىدۇر). ﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ مُّسْفِرَةٌ ضَاحِكَةٌ مُّسْتَبْشِرَةٌ وَوُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ عَلَيْهَا غَبَرَةٌ تَرْهَقُهَا قَتَرَةٌ﴾

## 284 ـ ھەدىس: ھەر كىمنىڭ ئۆزى سۆيگەن مىللەتنىڭ قاتارىدا ھەشر قىلىنىدىغانلىقى

**من أحب قوما حشره الله فى زمرتهم.** (رواه الطبراني)

بىر ئادەم قانداق بىر مىللەتنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھ تائالا ئۇ ئادەمنى قىيامەت كۈنى شۇ مىللەتنىڭ قاتارىدا تىرىلدۈرىدۇ.

باشقا بىر مىللەت ياكى گۇرۇھنىڭ ئۆز بەختى ئۈچۈن قىلغان سەئيى ۋە تىرىشچانلىقىنى، ئىلىم ـبىلىم، ھۈنەر ـ سانائەتلىرىنى، ئۆز ئارىسىدىكى دوستلۇق ــ ئىتتىپاقلىقىنى، ئۆز مىللىتىگە قىلغان خىزمەت ۋە خەير ـ ساخاۋەتلىرىنى، غەيرەت ـ جاسارەتلىرىنى، ھەتتا ئۆز دىنى ۋە ئىبادەتخانىلىرىغا قىلغان ياخشىلىق ۋە ياردەملىرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنى ماختاش ياكى يېزىپ نەشر قىلىش بولسا، بۇ ھەدىستە كۆرسىتىلگەن ياخشى كۆرۈشنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

بۇ ھەدىستىكى «ياخشى كۆرۈش» تىن مەقسەت، ھېچ بىر مەنپەئەتى ۋە ئالاقىسى بولماي تۇرۇپ، پەقەت ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشتۇر (ياكى ئىسلام دىنىغا ۋە ئۆز مىللىتىگە ئۆچۈقتىن ــ ئۆچۇق دۈشمەنلىك قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆز شەخسى مەنپەئەتىگە قاراپلا دوست تۇتۇش، ئادىل، ئىنساپلىق دەپ ماختاشتۇر. مۇنداق دوست تۇتقان كىشى نىيىتىگە قاراپ قىيامەت كۈنى شۇلارنىڭ سېپىدە قوپۇشى مۇمكىن).

ئىمام بۇخارى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان **المرأ مع من أحب** (ئىنسان ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن بولىدۇ) دېگەن ھەدىسمۇ مۇشۇ مەزمۇندىدۇر.

ئەگەر ئادەملەر ئۆزى ياخشى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەملەرنىڭ گۇرۇھىدا بولۇپ قوپۇرۇلىدىغان بولسا ئىدى، ئىسلام شەرىئىتى، يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلار قىزلىرى بىلەن نىكاھلىنىشتىن توسقان بولاتتى. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئۆز خوتۇن ـ بالىلىرىنى دوست تۇتۇشى تەبىئىي ئىشتۇر. شۇنداق، دوست تۇتقان كىشىلىرى ئارىسىدا مۇسۇلمانلارمۇ، باشقىلارمۇ بولغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى ئىككى ـ ئۈچ گۇرۇھنىڭ قاتارىدىن قوپۇشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

## 285 ـ ھەدىس: دىندا يوق نەرسىنى پەيدا قىلغۇچىغا قارىتىلغان رەت توغرىسىدا

**مَنْ أَحْدَثَ فِي أَمْرِنَا هَذَا مَا لَيْسَ فِيهِ فَهُوَ رَدٌّ.** (صحيح البخاري)

كىمكى دىنىمىزنىڭ جۈملىسىدىن بولمىغان بىر ئىشنى، قائىدە ياكى بىرەر تۈرلۈك ئېتىقاد ۋە ئەمەلى ئىشنى دىندا پەيدا قىلسا، ئۇ نەرسە شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ.

شەرھى يازغۇچىلارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا قارىغاندا، بۇ ھەدىس شەرىپ ئىسلامنىڭ ناھايىتى مۆتىۋەر قائىدىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقىتىش ۋە مەنىسىنى بارلىق كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈش زۆرۈردۇر. سەلەپ (ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار) نىڭ زامانىسىدىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا قوشۇلغان قانچىلىغان بىدئەت ۋە مۇنكەر (دىنى ئىش نامى ئاستىدا پەيدا بولغان شەرىئەت يامان كۆرىدىغان ئىش)نى رەت قىلىش ۋە ئىنكار قىلىش توغرىسىدا مۇشۇ ھەدىس ئەمەلى ھەرىكەت دەستۇرى قىلىنىشى لازىم.

ئەگەر بىر مۇسۇلماننىڭ قولىدىن كەلسە پاراخوت، پويىز، تۆمۈر يوللارنى ياساپ چىقسۇن، تېلېگرامما، تېلېفون ئىجاد قىلسۇن، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق خىيالغا كەلمىگەن نەرسىلەرنى روياپقا چىقارسۇن، بۇنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق. چۈنكى بۇ ئىشلار دىنىي ئىشلار ئەمەس ۋە دىندا پەيدا قىلىنغان ئىش (بىدئەت) مۇ ئەمەس.

مەكتەپ، مەدرىسە قۇرۇش، مەسجىدلەرگە مۇنار، مىنبەر قويۇش، كىتاب يېزىش، قۇرئان كەرىمنى باسماخانىلاردا باستۇرۇش دۇنيا ئىشلىرىدىندۇر (ئۆزى دىنىي ئىبادەت ئەمەس، ۋاستىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ بىدئەت ئەمەستۇر).

ئەمما رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنمىغان يول بىلەن بىرەر تۈرلۈك ئەقىدە ـ ئىبادەت پەيدا قىلىش ياكى ئومۇمىي ئىبادەتلەرگە خاس سۈپەت ئىلاۋە قىلىش، سەلەپلەردىن مىراس بولۇپ قالغان ۋە ئىسلام دۇنياسىدا ھەرىكەت دەستۇرى قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان دىنىي مەرتىبە ۋە ئىستىلاھلار (ئاتالغۇلار) نى باشقا بىر مىللەتنىڭ دىنىي ناملىرى ۋە دىنىي ئىستىلاھلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش (مەسىلەن، جامەنى سابۇر، ئىمام ۋە مۇئەززىنلەرنى روھانىلار دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاش) مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىدئەتتۇر ۋە مۇشۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن ئىناۋەتسىزدۇر.

«بىدئەت» دېگەن سۆزنىڭ پەقەت دىنىي ئىشلارغىلا خاس ئىكەنلىكىنى يۇقىرىقى سۆزلەردىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

مۇستەھەب دەرىجىسىدە بولسىمۇ، ئاللاھ ۋە رەسۇلى تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ياكى «مۇشۇ ئىشنى قىلسا ساۋاب بولىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىنغان ئىشلار دىنىي ئىشلار، ئۇنىڭدىن باشقىلىرى دۇنيا ئىشلىرىدۇر. بۇ قائىدىنى داۋاملىق ئەستە تۇتۇش لازىم (دىنىي ئىشلار تۈرىگە كىرمەيدىغان يېڭى ئىشلار، ئادەتلەر بىدئەت دەپ ئاتالمايدۇ ۋە قىلسا گۇناھ بولمايدۇ).

دىن ئىشلىرىدا تەسەررۇپ (ئۆزگەرتىش) ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا خاس بولۇپ، نىيەتنىڭ قانچىلىك توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق.

ئادەتتە دىنغا قوشۇلىدىغان يېڭى ئىشلار، دىنىي ئالىملار تەرىپىدىن «دىن» ئىسمىدا قوشۇلىدۇ ـ دە، دىن نامىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا دىققەت قىلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا كۈچى يەتمەيدىغان كىشىلەر ئۇ ئىشلارنى ئەركىن ــ ئازادە ھالدا قوبۇل قىلىدۇ.

دىنىنىڭ ئۆزگەرتىلىش بالاسىغا ئۇچرىشى، نائەھلىلىكى ۋە دۈشمەنلىكى بىلەن تونۇلغان كىشىلەرنىڭ بەزىبىر ھۆكۈملەرنى چۈشۈرۈشى، زوراۋانلىق قىلىشىدىنمۇ بەكرەك، بۇ دىنىنىڭ ئۆز ئالىملىرىنىڭ «دىن» غا خىزمەت قىلىش، دىننى ياخشى، چىرايلىقلاشتۇرۇش دېگەن سۆزلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، بىر نەرسىلەرنى پەيدا قىلىشى ۋە ئومۇمىي بىر ئەمەلگە يېڭى قائىدە ـ يوسۇنلارنى قوشۇپ قويۇش بىلەن بولىدۇ. شۇ يول بىلەن زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ ئىشكى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئىشىك ئارقىلىق كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدىغان يوللار كېڭىيىدۇ. مۇشۇ سىر مەلۇم بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ﴿**الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ**﴾ دېگەن ئايەتنى گۇۋاھ، دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئىسلام دىنىدا مەيلى بىر نەرسىنى

قوشۇش ياكى قىسقارتىش ئارقىلىق بولسۇن، بىدئەت پەيدا قىلىشنى قەتئىي مەنئى قىلدى ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنىنىڭ ئەسرى سائادەت (رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابە كىراملار دەۋرى) تىكى ئۇسۇلى بەندىلەر ئۈچۈن تولۇق ۋە يېتەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىسى قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە شەرتسىز رەت قىلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە دىنغا كېيىن پەيدا قىلىنىپ، دىن ۋە ئەمەل ـ ئىبادەت نامى ئاستىدا داۋاملاشتۇرۇلىۋاتقان بىر قىسىم بىدئەتلەرنى مىسال ئورنىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز:

1 ـ ئاشۇرا (مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى). ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە ياخشى ئەمەل ھەم ئىبادەت بولسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنىدە شىئەلەر «تەزىيە» (ئىمام ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىد قىلىنغانلىقىغا) بىلدۈرۈشنى ۋە ئۆزىنى ئەھلى سۈننەت دەپ ئاتىۋالغانلار شىئەلەرنىڭ بۇ تەزىيەلىرىگە قارشى بايرام قىلىش ئادىتىنى پەيدا قىلىشتى. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ مۇشۇ قىلىقلىرى بىدئەت ھەم زالالەت (توغرا يولدىن ئېزىش) تۇر.

ئاشۇرا تەزىيەسى خېلىلا كېيىنكى مەزگىللەردە تارقالدى. بۇرۇنقى شىئەلەردە بۇنداق ئىشلارنىڭ بارلىقى نامەلۇم. ھەتتا بۇ ئادەتنىڭ ھىجرىيىنىڭ تۆتىنچى ئەسىرلىرىدە پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەتلەر بار. بەزى كىشىلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، تەزىيە قىلىش ئادىتىنى ئەڭ دەسلەپ سۇپىلار تارقاتقان. بۇ تەزىيە مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە باشقا بىدئەتلەر، توقۇلما ۋە ئۇيدۇرمىلار پەيدا بولدى. تەزىيە مەجلىسلىرىدە ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلىگۈچىلەر: «پۈتۈن ئالەمنىڭ ھەزرىتى فاتىمەنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى، كەربالا سەھراسىنىڭ مەككىگە قارىغاندا ئەۋزەل ۋە ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھەزرىتى ھۈسەيىنىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھەج قىلىشتىنمۇ ساۋابلىقراق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىك ساھابىلەرنى سۆكۈپ، ھاقارەتلەشنى ئۆگىتىشتى. بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدە تايىنىدىغان دەلىللىرى قەيس ئىبنى سۇلەيم ھىلالىنىڭ ماۋزۇ (ئۇيدۇرما) ھەم ياسالمىلار بىلەن تولغان كىتابىدۇر.

ھەزرىتى ھۈسەيىن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتلىك بىر زاتتۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ زاتنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈشىدە شەك يوق. بۇ مۆھتەرەم زات زۇلۇم بىلەن ناھەق ئۆلتۈرۈلدى ۋە مەجبۇرى شېھىد قىلىندى. بۇ زاتنى ئۆلتۈرۈش ئېغىر جىنايەتتۇر. بۇ شېھىدلىق ھەزرىتى ھۈسەيىنىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۈچۈن قايغۇرۇش، بۇ مۇسىبەتكە قوشۇلۇپ ھازىدار بولۇش كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇۋلاپ يىغلاش، تەنلىرىنى جاراھەتلەندۈرۈش، كىيىملەرنى يىرتىش قاتارلىق قىلىقلاردىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى: «مېيىت ئۈچۈن ئۆز يۈزىگە كاچاتلىغان، ياقىلىرىنى يىرتقان كىشى بىز مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس»[142] دېگەن ئىدى.

شىئەلەر تەرىپىدىن ئاشۇرا تەزىيەسى پەيدا قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارغا قارشى سەپىتكىلەر پەقەت شۇلارغا قارشىلىق بولسۇن ئۈچۈن «ئاشۇرا بايرىمى» دېگەن نامدا بىر بايرام پەيدا قىلىشتى. بۇ ئىش ئۈچۈنمۇ تېگى يوق توقۇلما ھەدىسلەر دەلىل قىلىندى.

مۇھەررەمنىڭ ئونىنچى كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلەتلىك بىر ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا سەھىھ (راست) ھەدىسلەر بار. بۇنىڭدىن باشقا ئىشلار توغرىسىدىكى ھەدىسلەر توقۇلما ـ يالغاندۇر. سەھىھ ھەدىسلەر دېگەندىن مەقسەت: بەزى ۋەز كىتابلىرىدىكى ھەدىسلەردىكىدىنمۇ ئارتۇق دەرىجە، ساۋابلار ۋەدە قىلىنغان ھەدىسلەر ئەمەس، بەلكى ئىشەنچلىك مۇھەددىسلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردۇر.

ئەينىنىڭ: «ئاللاھ تائالا ئاشۇرا كۈنىدە ئون پەيغەمبەرنى ئەڭ كاتتا كارامەت بىلەن ھۆرمەتلىدى» دەپ، شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى ۋە تەرجىمھاللىرىنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ چىقىشى ۋە «سەھىھۇلبۇخارى» دەك مۆتىۋەر كىتابقا يازغان شەرھىگە مۇنداق يالغان رىۋايەتلەرنى كىرگۈزۈشى ناھايىتى ئېچىنارلىق ئەھۋالدۇر.[143]

خۇلاسە: ئاشۇرا كۈنى ساۋاب ئۈمىد قىلىپ مۇسىبەت قىلىشمۇ، بايرام قىلىشمۇ ساقلىنىشقا تېگىشلىك بىدئەتلەردىندۇر.

---

[142] سەھىھۇلبۇخارى.
[143] ئۇمدەتۇلقارى.

2 ـ رەغائىب ۋە بارائەت نامازلىرى. ناماز ئوقۇش هارام بولمىغان ۋاقىتلاردا نەپلە ناماز ئوقۇش ياخشى ئىش. نىيەتنى توغرا قىلىپ (ئاللاهنى رازى قىلىشنىلا ئويلاپ تۇرۇپ) ئىبادەت قىلغان كىشىلەرگە ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان. لېكىن نەپلە نامازلار رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن ئۇسۇل بويىچە بولۇشى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىسىدىكى هالىتىدىن ئۆزگەرتىلمەسلىكى لازىم. ئۆزگىچە ئۇسۇلدا قىلىنغان ئىبادەتلەرنىڭ شۇنداق ئادا قىلىشقا بولىدىغانلىقى هەققىدە دەلىللەر بولۇشى كېرەك. بولمىسا، ئۆزى بىلگەنچە ئىبادەت قىلىش «دىن» پەيدا قىلغانلىق بولۇپ، بۇنداق قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى هەممىگە مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەجەپ ئېيىدا «رەغائىب» ئىسمىدا ۋە بارائەت ئېيىدا «بارائەت» ئىسمىدا ناماز ئوقۇش بىدئەتتۇر.

بۇ نامازلار خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، هەدىس ۋە سۈننەت ئىلىملىرىدىن ئازراقلا خەۋىرى بار ئەبۇ تالىپ مەككى ۋە ئەبۇ هامىد غەزالىدەك سوپىلار تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. لېكىن، هەر زاماننىڭ مۇهەددىسلىرى ۋە ئىسلام هاپىزلىرى (توغرا هەدىسلەرنى ئايرىپ، يادلاپ تەتقىق قىلىپ تەكشۈرگۈچىلەر) بۇ نامازلارنى ئىنكار قىلىپ كەلگەن. ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان «شەئبان ئېيىنىڭ ئون بەشى كەلگەندە كېچىسى ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتۇڭلار» دېگەن هەدىسنىڭمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمىغۇدەك دەرىجىدە زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ.

3 ـ هۆۋل نامىزى. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئاۋام ئالدىدا پەرز ئىشتەك مۇهىم تۇتۇلىدىغان بىر ئادەت بار. مۆتىۋەر ئادەملەردىن بىرسى ۋاپات بولسا ياكى باشقا جايدا ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىگە دائىر خەۋىرى كېلىپ قالسا، ناماز شامدىن كېيىنلا مۇئەززىن ئورنىدىن تۇرۇپ، خەلقنى ئىككى رەكئەت هۆۋل نامىزى ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن ئىمام جامائەتكە قاراپ تۇرۇپ «مۇشۇ ئوقۇغان ناماز هۆۋلنىڭ ساۋابىنى پالان كىشىنىڭ روھىغا ئاتىدىڭلارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. جامائەت: «ئاتىدۇق، بەخشەندە قىلدۇق!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىمام دۇئا قىلىدۇ، جامائەت ئامىن! ـ دېيىشىدۇ.

شەرىئەتتە، ساۋابلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئۇنىڭ ساۋابىنى باشقا بىرىگە بېغىشلايدىغان ئىش بار. هەم بالا ـ مۇسىبەت يۈز بەرگەندە ناماز ئوقۇش شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ئىشتۇر. لېكىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئادەت ۋە رەسمىيەت بويىچە هۆۋل نامىزىدەك ناماز ئوقۇپ، شۇ يوسۇندا ئۆلۈككە ئاتاشنىڭ شەرىئەتتە ئاساسى يوق بولۇپ، بۇمۇ رەغائىب ۋە بارائەت نامازلىرىغا ئوخشاشلا بىدئەت ئىشتۇر (پالانى ناماز دېمەي هەم بەلگىلىك ۋاقىتنى تەيىن قىلىۋالماي، ئۆزى خالىغان ۋە پۇرسىتى يەتكەن ۋاقىتتا ئۆز ئۆيىدە نەپلە ناماز ئوقۇپ، ساۋابىنى مېيىتقا ئاتىسا بولىدۇ). يۇقىرىقىدەك شەكىلدە ناماز هۆۋل ئوقۇش ئادىتىنىڭ كىملەر تەرىپىدىن قاچان پەيدا قىلىنغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، ئەسرى سائادەتتە، ساهابە ۋە تابىئىنلارنىڭ زامانىسىدا يوقلۇقى ناهايىتى روشەندۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىش بىدئەتتۇر).

4 ـ مەسجىدتە ئېهتىيات پېشىن نامىزى ئوقۇش. ساهابە كىراملارنىڭ زامانىسىدىن 400 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەبۇ هەنىپە (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن مىسىر (شەهەر) بولۇشنى شەرت قىلغان ئىدى هەمدە بۇ زاماندا مىسىر (شەهەر) شەرتىنىڭ تېپىلىشى قىيىن. شۇڭا جۈمە ئوقۇغاندىن كېيىن ياكى ئىلگىرى تۆت رەكەت ئېهتىيات پېشىن ئوقۇش كېرەك. ئەگەر جۈمە نامىزى پەرزدىن هېساب بولسا، بۇ ئېهتىيات پېشىن قازا پېشىنگە هېساب بولىدۇ ياكى نەپلە بولىدۇ. ئەگەر جۈمە نامىزى پەرزدىن هېساب بولمىسا، بۇ تۆت رەكئەت ناماز شۇ ۋاقىتنىڭ پەرزى هېسابلىنىدۇ دەپ، بۇ نامازنى ئوقۇشقا بۇيرۇغان. ئەمما بۇ نامازنى ئوقۇشقا بۇيرۇيدىغانغا هېچقانداق يول يوق. شۇنداقلا بۇ نامازنى شەرىئەت ئېتىراپ قىلمايدۇ.

جۈمە نامىزى ئىسلام شوئارى (ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئىبادەتلىرى) دىن بولۇپ، مەيلى شەهەر ياكى كەنتتە بولسۇن ئوقۇش پەرزدۇر. ئەبۇ هەنىپە (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) جۈمە ئۈچۈن شەهەر بولۇش شەرت دېگەن بولسا، ئۇ پەقەت گۇمانى دەلىلگە ئاساسلانغان بولۇپ، ئەسلىدە جۈمەنىڭ پەرزلىكى قەتئىي دەلىل (قۇرئان) بىلەن بېكىتىلگەندۇر. گۇمانى دەلىل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر شەرتنىڭ هازىرلانماسلىقى قەتئىي دەلىل بىلەن سابىت بولغان ئەسلىدىكى مەسىلىنى ساقىت قىلالمايدۇ. شەهەرنىڭ شەرتلىرى (قانداق، قانچىلىك بولسا شەهەر بولىدۇ دېگەن) گە دائىر پىكىرلەرمۇ بىر يەرگە توختالغان پىكىرلەر ئەمەس. يەنى بەزى تەرىپلەرگە كۆرە كىچىك كەنتلەرمۇ شەهەر هېسابلانسا، بەزى تەرىپلەرگە كۆرە، رەسۇلۇللاھ ئۆمۈر بويىچە جۈمە ئوقۇغان مەدىنە شەهىرىمۇ شەهەر بولالمايدۇ.

رەسۇل ئەكرەم ھەزرەتلىرىنىڭ پەرز جۈمەنى ئوقۇغان «مەدىنە» سى بىزنىڭ ھازىرقى يۇرتلىرىمىزدىكى ياكى ناھايىتى كۆپ ئىسلام شەھەرلىرىدىنمۇ كىچىك ئىدى. بەندىلەر بىر ۋاقىتتا ئىككى پەرز ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلمىغان. ئەگەر بىرىنىلا پەرز دەپ ئېتىقاد قىلسا، قايسى پەرز بولسا شۇنىلا ئوقۇشى كېرەك.

بۇ ھەقتە «ناماز ئوقۇغاننىڭ نېمە زىيىنى بار؟» دەپ گۇمانلىنىشقا ۋە بۇ ئىشنى ئادەتتىكى ساناشقا بولمايدۇ. بەندىلەرنىڭ، ئاللاھ ۋە رەسۇلى تەرىپىدىن مۇقىم كۆرسىتىپ بېرىلمىگەن رەۋىشتە ئەمەل ۋە ئىبادەت قوشۇۋېلىش، ئىسلام دىنىنى تولۇقلاش ھەققى يوق.

ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ياكى رەسۇلۇللاھتىن سابىت بولمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىبادەت تۈزۈپ چىقسا، ئۇ كىشى ئۆزىنى ئاللاھقا شېرىك ھېسابلىغان بولىدۇ. ئەگەر باشقا بىر ئادەمنىڭ سۆزىگە ئەگىشىپ مۇنداق بىر ئىشنى قىلسا، ئۇ ئادەمنى ئاللاھقا شېرىك قىلغۇچىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. دىندا غۇلۇۋ (چېكىدىن ئاشۇرۇش) خاتالىقنىڭ سەۋەبى مۇشۇدۇر.

مەسجىدتە ئېھتىيات پېشىن ئوقۇشتىن كىشىلەرنى توسقان بىر ئىمامغا: ﴿أَرَأَيْتَ الَّذِي يَنْهَى عَبْداً إِذَا صَلَّى﴾ دېيىلگەن ئىكەن، ئىمامىمۇ: ئى ئاخۇنلىرىم! ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ بىر ئادەم پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىنى ئالتە رەكئەت ئوقۇسا ياكى شامنىڭ پەرزىنى تۆت رەكئەت ئوقۇسا ياكى كۈن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ شۇ چاغدا بىر قانداق ناماز ئوقۇسا، سىلەر توسماي رازى بولۇپ تۇرارمىدىڭلار؟ دەپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىپتۇ.

گەپنىڭ قىسقىسى: ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەت ۋە باشقا ئىشلار تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئاساسقا تايىنىدۇ:

1 ـ ھەر قانداق ئىبادەت ۋە ساۋابلىق ئىشنى ئاللاھنى رازى قىلىشنىلا ئۇيلاپ قىلىش، باشقا بىرسىنىڭ رازىلىقىنى شېرىك قىلماسلىق.

2 ـ شەرىئەت تەرىپىدىن كۆرسىتىلگىنى بويىچە ئادا قىلىش. ھەر قانداق بىر ئىسىم ياكى قائىدە ـ يوسۇن ئارقىلىق ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك.

3 ـ ئىخلاسمەن بولۇش.

ئىسلامنىڭ ئىبادەت ۋە باشقا ئىشلىرىدا مەزكۇر ئاساسلارغا رىئايە قىلىنىشى كېرەك.

جۈمە نامىزى بىلەن ھېيت نامىزى ئىككى رەكئەت پەرز ناماز ۋە ئىككى خۇتبە (تەشۋىق) دىن ئىبارەتتۇر.

ھېيت نامىزىدا خۇتبە نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. جۈمەدە ئالدىدا ئوقۇلىدۇ. ھېيت نامازلىرىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان بەلگىلىك بىر سۈننەت ناماز يوق. ئەمما جۈمەدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئۆز ھۇجرىسىدا بەزىدە تۆت رەكئەت، بەزىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ جۈمە نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىن تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇشقا بۇيرۇغان ھەدىسلىرىمۇ بار. بەزى رىۋايەتلەردە بۇ بۇيرۇق: «ئەگەر جۈمە نامىزىدىن كېيىن ناماز ئوقۇماقچى بولساڭلار، تۆت رەكئەت قىلىپ ئوقۇڭلار!» دېگەن مەزمۇندىدۇر.

جۈمەنىڭ پەرزىنى ئوقۇپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، تۆت رەكئەت ياكى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش ناھايىتى پەزىلەتلىك ئىش. ئەمما جۈمە ئوقۇغان ئورۇندا پەرزگە ئۇلاپ تۆت رەكئەت ياكى ئىككى رەكئەت، ياكى ئىككى سالام بىلەن ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇش سۈننەتكە توغرىمۇ؟ مۇنداق قىلىش رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغىنىغا خىلاپ بولامدۇ؟ رەسۇلۇللاھ بۇ سۈننەتنى ئۆيدە ئوقۇشقا ئايرىم بۇيرىمىغانلىقى ئۈچۈن ئەھلى ئىلىملەر سۈننەتكە مۇۋاپىق بولىدۇ، لېكىن ئۆيدە ئوقۇغان ياخشى دەيدۇ. بەزىلەر ساھابىلەرنىڭ مەسجىدتە جۈمەنىڭ پەرزىدىن كېيىنلا سۈننەت ئوقۇشتىن توسقانلىقىنىمۇ رىۋايەت قىلىدۇ. ھەر ھالدا ئېھتىيات پېشىن دېيىلگەن ناماز رەسۇلۇللاھتىنمۇ، سەلەپلەردىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان ئەمەس[144]، بەلكى كېيىن پەيدا قىلىنغان بىر نامازدۇر. شۇنىڭدەك دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى مەخسۇس ئوقۇلىدىغان ۋە رەجەپ ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنىدە ئوقۇلىدىغان نامازلارنىڭ ئەسلى يوق بولۇپ، بىدئەتلەردۇر.

[144] ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى بىر كىشىنىڭ جۈمە نامىزى ئوقۇغان يەردە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ كىشىنى ئىتتىرىۋەتتى ۋە تۆت رەكئەت ئوقۇمامسەن؟ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر جۈمە كۈنىدە پەرزدىن كېيىن ئۆز ئۆيىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى ۋە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى» دەيتتى. ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ جۈمەدىن كېيىن شۇ جۈمە ئوقۇغان يەردە سۈننەت ئوقۇشنى ئىنكار قىلغانلىقى ئەبۇ داۋۇدتا بايان قىلىنغان.

5 ـ پۇل ۋە باشقا نەرسە ئەجىر ئېلىپ (ياكى بېرىپ) قۇرئان تامام قىلىش ۋە قىلدۇرۇش. پۇلغا قۇرئان ئوقۇش دېگەن سۆز مۇنچىلىك ئوقۇپ بەرگەنگە مۇنچىلىك ھەق بېرىش دەپ توختام تۈزۈشۈش ياكى مەھكىمىلەردە ھۆججەتلىشىش دېگەنلىكنى ئەمەس، بەلكى قۇرئان ئوقۇغۇچى ئۆز كۆڭلىدە: «قۇرئان ئوقۇپ بەرگىنىمگە بىر نەرسە قويىدىغۇ» دەپ ياكى ئوقۇتقان ئادەم ئۆز كۆڭلىدە: «ماڭا بىكارغا ئوقۇپ بەرمەيدۇ، بىر نەرسە ئالدىدا قويۇشۇم كېرەك» دەپ ئويلىسا، شۇ ئىش پۇلغا قۇرئان ئوقۇغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەسلى مەقسەت پۇل تۇرۇقلۇق، ئۇنى خالىس ئىبادەت رېڭى بىلەن بوياش ۋە ئاۋامنى گوللاش ھەقىقىي مەنىسى بىلەن مۇناپىقلىقتۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ **أكثر منافقي أمتي قرائها**: «ئۈممىتىمنىڭ مۇناپىقلىرىنىڭ تولىسى قۇرئان ئوقۇغۇچىلىرىدۇر» دېيىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئېھتىمال شۇنداق ئىشلارغا قارىتىلغان بولسا كېرەك.

پۇل ئېلىش نىيىتى بىلەن قۇرئان ئوقۇش ۋە قۇرئان ئوقۇتۇش نىيىتى بىلەن پۇل بېرىش ئىشى جانابى رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ زامانىسىدا كۆرۈلگەن ئەمەس ھەم بۇنداق قىلىشقا ھاجەتمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ھەرقانداق مۇسۇلمان فاتىھە ۋە ئىخلاس سۈرىلىرىنى بىلىدۇ. خېلى كۆپلىرى بۇ سۈرىلەرنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشىنىدۇ. بىرسىگە قۇرئان ئوقۇتقانىنىڭ ئورنىغا ئۆزى دىلىنى خالىس ئاللاھقا يۈزلەندۈرۈپ تۇرۇپ، فاتىھە ۋە ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇپ ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇش ۋە بەندىچىلىك قىلىش تېخىمۇ ياخشىدۇر.

قەبرە بېشىدا قۇرئان ئوقۇش، تەسبىھ ـ تەھلىل ئوقۇش ۋە: «قەبرە سەدىقىسى» ئىسمىدىكى مەخسۇس سەدىقىلەر (بارائەت ئېيىدا مازار بېشىدا قويماق سەدىقە قىلىشتەك ئىشلار) مۇشۇ باتىن (بىدئەت) بولۇپ، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن پەيدا بولغان، رەت قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر. سىلەر ئەجرى ئالغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ھەق بولغىنى، ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر

ئىمام بۇخارىنىڭ: **أَحَقُّ مَا أَخَذْتُمْ عَلَيْهِ أَجْرًا كِتَابُ اللَّهِ.** (صحيح البخاري) «سىلەر ئەجىر ئالغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ھەقلىق بولغىنى، ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر» دەپ ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سەھرالىق ئەرەبلەر ئارىسىدا يۈرگەن ساھابىلەرنىڭ فاتىھە ئوقۇپ، قوي ئالغانلىقىنى چەكلىمىگەنلىكى، بىز سۆزلەۋاتقان ئىبادەت مەسىلىلىرىدىن ئەمەس. ئۇلار كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن پۇل ئالغاندۇر. ئەسىرى سائادەتتە رۇقيە (ئايەت ئوقۇپ كېسەلگە سۈپكۈش قىلىش) تېبىبىي ئىشلاردىن ھېسابلىناتتى (داۋالاش فىزىكىلىك داۋالاش ۋە روھىي داۋالاش دەپ ئىككىگە ئايرىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىش ئىبادەت ئەمەس، بەلكى بىر خىل روھىي داۋالاشتۇر). ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئىي قۇرئان ئۆگىتىش ئۈچۈن ھەق ئېلىشنى توغرا دەپ قارىسىمۇ، بۇرۇنقى ھەنەفىي ئۆلىمالار بۇنىمۇ توغرا كۆرمەيدۇ. ھەر ھالدا ئىلىم ئۆگىتىش ۋە كېسەل داۋالاش ئىشى بىلەن، ئىبادەت ئۈچۈن خەتمە ئوقۇشنى بىر ــ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

6 ـ ئەرۋاھلاردىن ۋە قەبرىلەردىن مەدەت تىلەش. بۇنداق قىلىش پەقەت بىدئەتلا بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئىشلار بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەسىلە ھەققىدە باشقا يەرلەردە تەپسىلىي توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە قىسقىچىلا توختىلىپ ئۆتتۇق.

7 ـ ئاياللارنى مەسچىدكە بېرىشتىن توسۇش. بۇ يەرگە كەلگۈچە سۆزلەنگەن سۆزلەر «مۇبالىغە قىلىش (ئاشۇرۇش)» يولى ئارقىلىق دىندا يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان بىدئەتلەردۇر. ئەمما مەسجىد ئىشىكلىرىنى ئاياللار ئۈچۈن يېپىۋېلىش رەسۇلۇللاھتىن مىراس بولۇپ قالغان دىنىي بىر ئىشنى «دىن» نامىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇش يولى بىلەن پەيدا قىلىنغان بىدئەتتۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھەزرەتلىرى ئەبۇ سەئىد خۇدرىدىن: **مَنْ أَكَلَ مِنْ هَذِهِ الشَّجَرَةِ الْخَبِيثَةِ شَيْئًا فَلَا يَقْرَبَنَّا فِي الْمَسْجِدِ. أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّهُ لَيْسَ بِي تَحْرِيمُ مَا أَحَلَّ اللَّهُ لِي وَلَكِنَّهَا شَجَرَةٌ أَكْرَهُ رِيحَهَا.** «بۇ پاسكىنا ئۆسۈملۈكتىن يېگەن كىشى مەسجىدتە بىزگە يېقىن كەلمىسۇن! ئەي خەلق! ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىشقا مېنىڭ ھەققىم يوق. لېكىن بۇ نەرسىنىڭ پۇرىقىنى ياخشى كۆرمەيمەن» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان نەرسىنى رەسۇلۇللاھ ھارام قىلالمىغان يەردە، رەسۇلۇللاھ ھالال قىلغان ئىشنى (ئاياللىرىنىڭ مەسجىدكە بېرىشىنى توسماسلىقنى) باشقىلارنىڭ مەنئى قىلىشقا نېمە ھەققى بار؟ رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئەبۇ ھۇمەيد ئەسسەئىدىنىڭ ئايالىغا سۆزلىگەن ئۇزۇن بىر ھەدىسىدە: **صلاتك في بيتك خير من صلاتك في مسجد قومك** «قەۋمىڭنىڭ مەسجىدىدە ناماز ئوقۇغىنىڭدىن ئۆز ئۆيۈڭدە ئوقۇغىنىڭ ياخشىراق» دېگەن بولسا، ئۇممۇ سەلەمە ھەزرەتلىرىدىن: **خير مساجد النساء قعر بيوتهن** دېگەن ھەدىس ۋە مۇشۇ مەزمۇندا ھەر خىل ئىبارىلەر بىلەن باشقا ھەدىسلەر

رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ ھەدىسلەردىن ئاياللارنى مەسجىدلەردىن توسۇشنىڭ توغرىلىقى چىقمايدۇ. ساھابىلەر، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ: **صلاة في مسجدي هذا خير من ألف صلاة فيما سواه:** «مېنىڭ بۇ مەسجىدىمدە ئوقۇغان بىر ناماز باشقا مەسجىدتە ئوقۇغان مىڭ رەكئەت نامازدىن ياخشى» دېگەن سۆزىنى مەسجىدى ھەرامدىن باشقا مەسجىدتە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنىدۇ، دەپ چۈشەنمەي، بەلكى رەسۇلۇللاھلارنىڭ مەسجىدىدىن باشقا بىر قانچە مەسجىد سالغاندى. رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا مەدىنىدىكى مەسجىدلەرنىڭ سانى بەزى ئەھلى ئىلىملەرنىڭ قەيت قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، سەككىز ـ توققۇزغا يېتىدۇ. ساھابىلەر شۇ مەسجىدلەردە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيتتى. ئۇنى رەسۇلۇللاھمۇ بىلەتتى. ھالبۇكى، «ئايالنىڭ ئۆيدە ئوقۇغان نامازلىرى مەسجىدلەردە ئوقۇغان نامازلىرىدىن مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل» دېگەن مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلىنغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس. ئەمدى ئايالنى مەسجىدلەردىن توسۇشنى مەزمۇن قىلغان مەزكۇر ھەدىسلەرنى شەرئى ھۆججەت دەپ ھېسابلاشقا بولامدۇ؟ ھۆججەت بولمىغان بىر نەرسىنى ھۆججەت دەپ قاراش ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن شەرئى ھۆكۈم چىقىرىش شەرىئەتكە يوقلاڭ بوھتان چاپلىغانلىق ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۈستىدىن گەپ توقۇش بولمامدۇ؟ ئايالنى مەسجىدلەردىن توسۇش مەسىلىسىدە كەلتۈرۈلگەن دەلىللەرنىڭ ھەممىسى، توسماسلىق توغرىسىدىكى دەلىللەرنىڭ بىرسىگىمۇ تەڭ كېلەلىگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس. ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ ۋە زەئىپلىك دەرىجىلىرىنى بىلىدىغانلار بۇ ئەھۋالنى ياخشى بىلىدۇ (208 ـ ھەدىس).

گەپنىڭ قىسقىسى، مۇئەييەن بىر ئىبادەتنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن شۇ ئىبادەتكە دائىر شەرئى دەلىل بولۇشى لازىم. ئىبادەتلەرنىڭ ئىسىم ۋە سانلىرى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى تەئەببۇدى (ئاللاھ تەرىپىدىن بەندىلەرگە سىناق ۋە بۇيرۇق قىلىنغان) ئىشلار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئىجرا قىلىپ كۆرسىتىلگەن بولۇشى كېرەك. بەندىلەرنىڭ ئومۇمىي دەلىللەرگە تايىنىپ تۇرۇپ مەخسۇس بىر ئىش (ئىبادەت) نى ئىجاد قىلىشى دۇرۇست ئەمەس. شۇڭا ناماز ئوقۇش ھەققىدىكى ئومۇمىي دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ رەغائىب، بارائەت، قەدىر ۋە ھۆۋلدەك نامازلارنى پەيدا قىلىشنى؛ شۇنىڭدەك، سەدىقە، زىيارەت، زىكىر ۋە قۇرئان ئوقۇشنىڭ شەرىئەتتە يوللۇق ئىكەنلىكىگە دائىر ئومۇمىي دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، قەبرە سەدىقىسى، مېيىت ئۈچۈن بىرىنچى كۈن، ئۈچىنچى كۈن، يەتتىنچى، قىرىقىنچى ۋە يىل توشقان كۈنگە بېغىشلاپ نەزرە بېرىشنى، قەبرە بېشىدا تەھلىل ئوقۇشنى (بارائەتتە قۇيماق سېلىش، «**آمَنَ الرَّسُولُ**» نى ئوقۇشنى) ۋە مەخسۇس كۈنلەردە مەخسۇس يول بىلەن جۇغلىشىپ، مەلۇم سان بىلەن خەتمە ئوقۇشنى شەرئى ئىبادەت ھېسابلاش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنمىغان نەرسە ئىبادەت بولمايدۇ ۋە بولالمايدۇ.

مۇنداق ئىبادەت ۋە ئىشلارنى پەيدا قىلىش دېگەنلىك «بىزنىڭ دىنىمىز رەسۇلۇللاھ بىلەن تولۇقلانماي قالغان، كەمچىلىكى بار ئىدى. بىز ئۆزىمىز چالا قالغان يەرلىرىنى تولۇقلاپ قويدۇق. ئەمدى ياخشى بولدى» دېگەنلىك بولىدۇ. (**سُبْحَانَكَ هَذَا بُهْتَانٌ عَظِيمٌ**) (ئاللاھ تائالا مۇنداق كەمچىلىكلەردىن پاكتۇر. بۇ سۆز ۋە تونۇش رەسۇلۇللاھقا قارىتىلغان بۈيۈك بوھتاندۇر).

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئۈممىتىنى بىدئەت ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «ھەممىسى ئىسلام يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلىكتۇر» دېدى ۋە خەلىپىلەر ۋە ساھابىلەرگە ئەگىشىشنى تاپىلىدى. بۇ ئەھۋالنى ھەممە بىلىدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بولمىغان ۋە «راشىدىن» لىق سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەنگەن ھۆرمەتلىك خەلىپىلەردىن رىۋايەت قىلىنمىغان، ئىسلام ھاپىزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنمىغان ئەمەل ۋە ئىبادەتلەردىن، مەزھەپ ۋە ئەقىدىلەردىن ياخشىلىق كۈتۈش بولسا، سۇغۇرۇلمىغان ۋە ئۇرۇق چېچىلمىغان قاقاس يەردىن ئاشلىق ئۈمىد قىلغاندەك ئورۇنسىز خىيال ۋە بىھۇدە ئىشتۇر.

ھەزرىتى ئوسمان زامانىسىدا جۈمە نامىزى ئۈچۈن ئىككىنچى ئەزاننىڭ ئوقۇلۇشى بولسا، «بۇ بىر ئىبادەت، بۇنى قىلىشنىڭ نېمە زىيىنى بار؟» دېگەن سۆزگە قاراپ ياكى «ئەزان ئوقۇش ۋە ئاڭلاش ئارقىلىق خەلق ساۋابقا ئىگە بولسۇن» دېيىلىپ ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ھاجىتى تەقەززا قىلغان (خەلق كۆپىيىپ كېتىپ ئۇلارغا ناماز ۋاقتىدىن خەۋەر بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالغان) لىقى ئۈچۈن ئىدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ بامدات نامىزى ئۈچۈن ئەزاننى تەكرار ئوقۇش رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدىمۇ بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ زامانىسىدا بىرلا ئورۇندا ۋە بىرلا جامائەت بولۇپ ئوقۇلىدىغان جۈمە نامىزىنىڭ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر شەھەردە نەچچە ئورۇندا ئوقۇلۇشى ھەم رەسۇلۇللاھنىڭ تۇزلەڭ يەردە ئوقۇيدىغان ھېيت نامىزىنى مەسجىدلەردە ئوقۇشنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ خىل ئىجتىمائىي شەرتلەر (ئومۇمىي خەلقنىڭ ئېھتىياجى ۋە مۇشەققەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى)

تۆپەيلىدىندۇر. ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي زۆرۈرىيەتلەرنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىنغان ئىشلار بىلەن ناماز ھۆۋل، رەغائىب، بارائەت نامازلىرى، ئېھتىيات پېشىن ۋە دۇنياۋى مەنپەئەت ئۈچۈن قۇرئان خەتمە قىلىش دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئۆز ئارا ئوخشىتىشقا بولمايدۇ.

## 286 ـ ھەدىس: بىر كىشىنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا ئاللاھنىڭ ياردەمدە بولىدىغانلىقى

**مَنْ اَحْسَنَ فِيْماَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ اللهِ كَفاَهُ اللهُ ماَبَيْنَهُ وَبَيْنَ النَّاسِ وَمَنْ أَصْلَحَ سَرِيْرَتَهُ أَصْلَحَ اللهُ عَلاَنِيَتَهُ.**

بىر كىشى ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بارالىسا (ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىپ، توسقان ئىشلىرىدىن يانسا)، ئۇ كىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشى قىلىپ قويۇشقا ئاللاھ كۇپايە قىلىدۇ. بىر كىشى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىنى توغرىلاپ ماڭسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئاشكارا ئىشلىرىنى جايىدا ئېلىپ مېڭىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

خەلقلەرگە سۆيۈملۈك بولۇش، ئۇلارنى رازى قىلىش، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ياخشى دەپ تونۇلۇشنىڭ يولى خەلقنىڭ ئالدىدا ياخشى دېگەن نامنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاپا چېكىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن ئەمەس، ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئارىسىنى ياخشىلاش (خەلقنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشنى ئويلاپ ئىش قىلىش) بىلەن بولىدۇ. ئىش مۇشۇنداقلا بولىدىكەن، (مەيلى ئويلا ياكى ئويلىما) خەلققە ياخشى بولۇش ئۆزلىكىدىن ئىشقا ئاشىدۇ.

## 287 ـ ھەدىس: باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكى

**مَنْ ادَّعَى مَا لَيْسَ لَهُ فَلَيْسَ مِنَّا وَلْيَتَبَوَّأْ مَقْعَدَهُ مِنْ النَّارِ.** (سنن ابن ماجة)

ئۆزىنىڭ ئەمەس نەرسىنى مېنىڭ دەپ دەۋا قىلىدىغان كىشى بىزدىن (يەنى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن) ئەمەس، ئۇنداق كىشى ئۆزى ئۈچۈن جەھەننەمدىن ئورۇن تەييارلاپ قويسۇن.

بۇ ھەدىس شەرىپىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىگە تۆۋەندىكى نۇقتىلار كىرىدۇ:

1 ـ ئۆزىنىڭ بولمىغان بىر مالنى مېنىڭ دەپ دەۋا قىلىش. مەيلى گۇۋاھچى مەيلى ھۆججەت ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بولسۇن، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئەمەس مالنى مېنىڭ دەپ دەۋا قىلىشى ۋە مەھكىمە (ئىسلام مەھكىمىسى) نىڭ قارارىدىن كېيىن ئۇنى قولغا ئېلىشى ھارامدۇر. ئۇ ھۆججەت مەيلى بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىش ئۈچۈن يېزىلغان بولسۇن، مەيلى بىر كىمنىڭ قەرزى ئۈچۈن سېتىلىدىغان ماللىرىنىڭ بىر بۆلىكىنى ئېلىپ قېلىش (بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ دۇرۇست ئەمەس) مەقسىتىدە تەييارلانغان ساختا ھۆججەت بولسۇن، ھۆكمى ئوخشاشتۇر. (باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى گۇۋاھسىز، ئاساسسىز مېنىڭ دېيىش ھارام. يالغان گۇۋاھ، ساختا ھۆججەت، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن قانۇنلاشتۇرۇپ يۇل تېپىپ ئېلىشمۇ ئوخشاشلا ھارام دېگەنلىكتۇر).

2 ـ ئۆزىنىڭ بولمىغان بىرەر كىتابنى مېنىڭ دەپ دەۋا قىلىش. شېئىرلار، ماقالىلەر، نۇتۇق، خۇتبىلەرنى، ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى مېنىڭ دەپ دەۋا قىلىشمۇ مەزكۇر ھۆكۈمنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۆزى يازمىغان ئەسەرلەرنى، شېئىرلارنى، نۇتۇقلارنى ۋە ئۆزى قىلمىغان ئىشنى ۋە ئۆزى سۆزلىمىگەن سۆزلەرنى مەن قىلدىم دېيىش، ھەتتا مەجلىسلەردە سۆزلەش ھەققى بېرىلمىگەن مۇستەبىدلەرنىڭ سۆزلىشىمۇ مۇشۇ قاتارغا كىرىدۇ. چۈنكى ھېچكىمنىڭ بىر ئىنساننى شەرىئەتكە توغرا سۆزنى قىلىشتىن توسۇش ھەققى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىراۋنى توسۇشمۇ ئۆزىدە يوق ھوقۇقنى دەۋا قىلغانلىقتۇر. بەزىبىر ھەدىس شەرھىلىگۈچىلەر بۇ ھەدىس: «كايىش ۋە قورقۇتۇش ئۈچۈن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق ئىشلارنى قىلىش بىلەنلا كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتمەيدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم» دېيىشىدۇ.

## 288 ـ ھەدىس: باشقىلارنىڭ قايغۇلىرىغا ئورتاقلىشىشنىڭ دۇئانىڭ ئىجاۋەت بولۇشىغا ۋاسىتە بولىدىغانلىقى

**مَنْ أَرَادَ أَنْ تُسْتَجَابَ دَعْوَتُهُ وَأَنْ تُكْشَفَ كُرْبَتُهُ فَلْيُفَرِّجْ عَنْ مُعْسِرٍ.** (مسند أحمد)

بىر كىشى قىلغان دۇئاسىنىڭ مەقبۇل بولۇشىنى خالىسا، غەم ـ قايغۇسىنىڭ يوقۇلىشىنى خالىسا، بالا ـ مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشىگە ياردەم بەرسۇن ۋە ئۇنى خوش قىلسۇن.

يۈرىكى داغ، ئېغىر كۈنلەرگە قالغان كىشىلەرگە ياردەم قىلىش، ئۇلارغا تەسەللى بېرىش، كۆڭلىنى ياساپ ياخشىلىقتا ئۇندەش دۇئانىڭ مەقبۇل بولۇشىنىڭ مەنىۋىي سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر. ياخشىلىق ۋە ساۋابلىق ئىشلارغا مۇكاپات بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ ئادىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن خاپىلىقنى يوقىتىشقا تىرىشقانلارنى شۇ ياخشىلىقى ئۈچۈن دۇئالىرىنى ئىجاۋەت قىلىش بىلەن مۇكاپاتلىنىشى مۇمكىن.

## 289 ـ ھەدىس: باشقىلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ۋە ياخشى دۇئا قىلىش

**مَنْ اسْتَعَاذَكُمْ بِاللَّهِ فَأَعِيذُوهُ وَمَنْ سَأَلَكُمْ بِاللَّهِ فَأَعْطُوهُ وَقَالَ سَهْلٌ وَعُثْمَانُ وَمَنْ دَعَاكُمْ فَأَجِيبُوهُ ثُمَّ اتَّفَقُوا وَمَنْ آتَى إِلَيْكُمْ مَعْرُوفًا فَكَافِئُوهُ قَالَ مُسَدَّدٌ وَعُثْمَانُ فَإِنْ لَمْ تَجِدا فَادْعُوا اللَّهَ لَهُ حَتَّى تَعْلَمُوا أَنْ قَدْ كَافَأْتُمُوهُ.** (سنن أبي داود)

بىر كىشى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دەپ سىلەرگە سېغىنسا (ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن مېنى پالانى زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسىڭىز ياكى مېنى ئۆيىڭىزدە يوشۇرۇپ قالسىڭىز دەپ ئىلتىماس قىلسا)، ئۇ كىشىنى قوغداپ قانات ئاستىڭلارغا ئېلىڭلار! بىر كىم سىلەردىن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بىر نەرسە سورىسا بېرىڭلار! بىر كىشى سىلەرنى ئۆيىگە چاقىرسا، ئىشىڭلارغا دەخلىسى بولمىسا تەلىپىنى رەت قىلماڭلار، بىر كىشى سىلەرگە ياخشىلىق قىلسا، سىلەرمۇ ياخشىلىق قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ياخشىلىقنى ياندۇرغىدەك بىر نەرسە تاپالمىساڭلار، ئۇ كىشى ئۈچۈن «ئەمدى ياندۇرۇپ بولغاندىمەن» دېگەن ئويغا كەلگەنگە قەدەر دۇئا قىلىڭلار!

# 290 ـ ھەدىس: قانائەتنىڭ بەخت ـ سائادەتنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**مَنْ أَصبح مِنكُمْ آمِناً في سِرْبِهِ، معافى في جَسدِه، عِندهُ قُوتُ يَومِهِ، فَكَأَنَّمَا حِيزَتْ لَهُ الدُّنْيَا بِحذافِيرِها.** (سنن الترمذي)

سىلەردىن كىمكى ھاياتلىقتىن خاتىرجەم، تېنى ساغلام بولغان ۋە شۇ كۈنلۈك ئوزۇقلۇقى يېتەرلىك ھالدا تاڭ ئاتقۇزسا خۇددى پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ ئۈچۈن توپلانغاندەك بولىدۇ.

بىر كىشىنىڭ ئۆز بالىلىرى بىلەن سالامەت، خاتىرجەم ۋە بىر كۈنلۈك يېمەك ـ ئىچمىكى ئېھتىياجىغا يەتكۈدەك ھالدا كۈن ئۆتكۈزگەنلىكى، پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولغان بىلەن باراۋەردۇر. بۇ نېمەتنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان نېمەت يوقتۇر.

سائادەت دېگەن نەرسە دۇنيادا بارمۇ ـ يوق؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى شۇكى، بەخت ـ سائادەت كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىگە قارىتا ھەر خىل بولىدۇ. دۇنيادا بەخت ـ سائادەت كۆرمەيدىغان ئادەملەرمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بەزى ئادەملەر باشقىلارنىڭ خاپىلىقى يولىدا ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان بەخت ـ سائادەتتىن ۋاز كېچىپ، دائىم باشقىلارنىڭ راھەت ـ پاراغىتى، خۇشال ـ خوراملىقى ئۈچۈن جاپا چېكىپ، ئۇلارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بەخت ئورنىغا رىيازەت چېكىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بەخت ـ سائادەت ئەمەس نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ، ئۇنىڭدىن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرىدىغانلارمۇ بار. شۇڭا بۇ كىشىلەرنىڭ جاۋابلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بولىدىغانلىقى تەبىئىي.

پادىشاھلاردىن بىرى دۇنيادا بەخت ـ سائادەتكە يېتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەپ تاپالماي ئىچى پۇشۇپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھنىڭ مۇنەججىملىرىدىن بىرى: «بۇنىڭ چارىسى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەن كىشىنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىش» دەپ يول كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ بەخت ـ سائادەتكە يەتكەن كىشىنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتلەرنى ئىزدەپ، ئاختۇرۇپ چىقىپتۇ، ئۇزۇن زامان تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپتۇ. نۇرغۇن ئىزدەنگەندىن كېيىن، ئىشچىلارنىڭ ئارىسىدا بىر بەختلىك ئادەمنىڭ بارلىقى بايقىلىپتۇ. لېكىن، بەختكە قارشى ھېلىقى بەخت ـ سائادەتلىك كىشىنىڭ يوقسۇللىقى يۈزىسىدىن پادىشاھ كىيگۈدەك بىرمۇ كۆينىكى چىقماپتۇ...

مىستىن ئالتۇن ياساش ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، شۇ ئىش بىلەن ئالتۇن ياساپ بەخت ـ سائادەتكە يېتىش نىيىتى بىلەن پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلغان بىر ئادەم، مىڭ تەستە بۇ ئىشنى بىلىدىغان ئالىمدىن بىرنى تېپىپ شۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىپ قويۇشنى سوراپتۇ، ئۇ ئالىم: سېنىڭ ئۈستى ـ بېشىڭغا قارىغاندا ھالىڭ ياخشىدەك تۇرىدۇ، مېنىڭ ئۇستام بۇ ھۈنەرنى پېقىرلىقنىڭ ئەڭ چېكىگە يەتكەن كىشىلەرگە ئۆگىتىپ قويۇشقا رۇخسەت قىلغان، سەن شۇنداق پېقىر ئادەمدىن بىرنى تېپىپ كەل، مەن شۇنىڭغا ئۆگىتىمەن، سەن شۇ يەردە ئاڭلاپ تۇرساڭ بولىدۇ، ـ دەپتۇ. بۇ ئادەم پېقىر ئادەم ئىزدەپ يۈرۈپ ئىشچىلار ئارىسىدىن، تىلەمچىلەر ئارىسىدىن ئەڭ پېقىر بىرسىنى تېپىپ كەپتۇ، ئۇ ئادەم پېقىرلىقتىن كىيىمنى يۇيۇپ كىيگىلى سويۇن ئالغۇدەكمۇ پۇلى بولمىغاچقا كىيىمنى كۆل بىلەن يۇيۇپ كىيىدىكەن. ئۇ ئادەمنى مەزكۇر ئالىمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئالىم پېقىرنى كۆرۈپلا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ: سۇبھانەللاھ! بۇ ماڭا ئالتۇن ياساشنى ئۆگىتىپ قويغان ئۇستام ئىدىغۇ! ـ دەپتۇ. دېمەك، ئالتۇن يىغىشنى بىر ئادەم بەخت ـ سائادەت ھېسابلىسا، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا ئالتۇننىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، ئۇ ئادەم ئالتۇن بىلەن ئۆزىنى بەخت ـ سائادەتلىك دەپ ئويلىمايدۇ، بەخت ـ سائادەت ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەش، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشتىنلا ئىبارەتتۇر.

شۇنداق بولسىمۇ، بەخت ـ سائادەت دېگەن نەرسىنىڭ دۇنيادىمۇ بار ئىكەنلىكىدە شەك يوق. مەيلى چوڭ ياكى كىچىك، مەيلى داۋاملىق ۋەياكى ۋاقىتلىق بولسۇن، بەخت ــ سائادەت ھەقىقىي رەۋىشتە دۇنيادىمۇ بار، ئۇ خىيالى بىر نەرسە ئەمەس. قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى كۆرۈش، غەم ـ قايغۇدىن كېيىن خۇشاللىققا ئېرىشىش، كېسەللىكتىن كېيىن ساغلاملىققا يېتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي شەكىلدىكى بەخت ـ سائادەتلەردۇر. بىراق نۇرغۇن كىشىلەر سائادەتنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئۆزىنىڭ بەختسىز بولۇپ قالغانلىقنى رىۋايەت قىلىپ

زارلىنىپ يۈرىدۇ. بەخت دېگەن ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا كۆرە ھالال ئەجرى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، كىشىگە ئېھتىياجىنى چۈشۈرمەي، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆزى قامداپ ماڭالىغانلىقىغا قانائەت قىلسا، ھەر كىشى ئۆز ئېتىقادىغا كۆرە مۇناسىپ خىزمەت بىلەن ئۆزىنى خاتىرجەم قىلالىسا، بەخت دېگەن شۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەخت ھەر ئادەمدە ئوخشاش بولمايدۇ. بەختسىزلىك بولسا، ئۆز ئېتىقادىدىن مۇناسىپ پايدىلىنالماي، باشقىلارغا بېقىندى بولۇش، تاماخورلۇق، ئاچكۆزلۈك قىلىش، قولىدا يېتەرلىك نەرسىسى بولسىمۇ نەپسى تويماسلىق قاتارلىقلاردۇر. مەزكۇر ھەدىس شەرىپ رازىلىق ۋە قانائەتكە ئېرىشەلمىگەن ئادەم ھەرگىزمۇ بەخت ـ سائادەتكە يېتەلمەيدۇ دېگەن مەزمۇنغا ئىشارەت قىلىدۇ.

## 291 ــ ھەدىس: زۇلۇمغا ياردەم بەرگۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتى

**مَنْ أَعَانَ عَلَى خُصُومَةٍ بِظُلْمٍ أَوْ يُعِينُ عَلَى ظُلْمٍ لَمْ يَزَلْ فِي سَخَطِ اللَّهِ حَتَّى يَنْزِعَ.** (سنن ابن ماجة)

بىر كىشى ھەقسىز دەۋالاشقان كىشىگە ياكى ھەر قانداق بىر زۇلۇمغا ياردەم بەرسە، شۇ قىلمىشىنى تاشلىغانغا قەدەر ئاللاھ ئۇ كىشىگە غەزەپ قىلىدۇ.

ئەمما زالىمنىڭ بىرەر تۇرلۇك توغرا ۋە ھەق ئىشى بولسا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش چەكلەنمەيدۇ. بەلكى ئۇ، ھەققە ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ. ئەمما بىلىپ تۇرۇپ بىرەر ناھەق ئىشقا ياردەم بېرىش ھارامدۇر. بۇنداق ئىشنى قىلغان كىشى تەۋبە قىلغانغا قەدەر ئاللاھنىڭ غەزىپى ئاستىدا بولىدىغانلىقى يۇقىرىقى ھەدىستە خەۋەر بېرىلگەن. ناھەقلىقنى بىلىپ تۇرۇپ دەۋالىششقا قۇتراتقۇچىلار، زالىملار ۋە چېقىمچىلار ئۇچۇن ماتېرىيال توپلاپ بېرىش، ناھەق دەۋاغا تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىش ياكى سوراق قىلىنغان يەرلەردە ھە ــ ھۇ دېيىشىپ بەرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇن دائىرىسى (خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ دېگەن ھۆكۈمنىڭ دائىرىسى) گە كىرىدۇ.

## 292 ـ ھەدىس: ئاللاھ يولىدا ماڭغان پۇتلارغا دوزاخ ئوتىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**مَنْ اغْبَرَّتْ قَدَمَاهُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ حَرَّمَهُ اللَّهُ عَلَى النَّارِ.** (صحيح البخاري)

قانداق بىر كىشىنىڭ ئىككى قەدىمى ئاللاھ يولىدا توپا ـ تۇزاڭ بولسا ، ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوزاخقا ھارام قىلىدۇ.

توغرا نىيەت بىلەن باسقان قەدەملەر (قىلغان ھەرىكەتلەر) زايا بولۇپ كەتمەيدۇ. ئاللاھ تەرىپىدىن مۇكاپات بېرىلىدۇ (ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى، دىنىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن قىلغان ھەق سۆز، ئەمەلىي ھەرىكەت، خىزمەت مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ھەرگىزمۇ بىكارغا كەتمەيدۇ).

# 293 ــ ھەدىس: پەتىۋا بېرىشكە ئالدىرىماسلىق توغرىسىدا

**مَنْ أُفْتِيَ بِغَيْرِ عِلْمٍ كَانَ إِثْمُهُ عَلَى مَنْ أَفْتَاهُ وَمَنْ أَشَارَ عَلَى أَخِيهِ بِأَمْرٍ يَعْلَمُ أَنَّ الرُّشْدَ فِي غَيْرِهِ فَقَدْ خَانَهُ.** (سنن أبي داود)

بىر كىشىگە خاتا پەتىۋا بېرىلسە، ئۇنىڭ گۇناھى پەتىۋا بەرگۈچىگە بولىدۇ. بىر ئادەم ئۆزى مۇنداق بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ دەپ بىلىدىغان بىر ئىشنىڭ دەل ئەكسىنى بىر ئادەمگە مەسلىھەت بەرسە، ئۇ كىشىگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان پەتىۋا دىنى مەسىلىلەر، ھالال ــ ھارام مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك پەتىۋالار بولۇپ، ئۇنداق پەتىۋانى بېرىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپنى ياخشى بىلىشى لازىم.

سەلەپ ئالىملىرى ھالال ـ ھارام توغرىسىدا پەتىۋا بېرىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. پەتىۋا سوراپ كەلگەنلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە باشقا ئالىملارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىشكە تىرىشاتتى. پەتىۋا بېرىشنى ناھايىتى چوڭ ئىش دەپ بىلەيتتى. بەزىلىرى: «پەتىۋانى 1) قۇرئان كەرىمنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەم. 2) تالاش ـ تارتىشنى بىتەرەپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان رەھبەر (ئىمام). 3) ئۆزىنى زورلاپ موللا قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئەخمەقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك كىشى بېرىدۇ» دەيدۇ. ئىبنى سىيرىن ھەزرەتلىرى ھەمىشە: «مەن بۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ بىرىنچىسىمۇ ۋە ئىككىنچىسىمۇ ئەمەسمەن، ئۈچىنچىسى بولغۇم كەلمەيدۇ» دەيتتى. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەمۇ: «بىلىمسىز، نادان كىشى ھەر دائىم پەتىۋا بېرىشكە ئالدىراپ تۇرىدۇ» دەيتتى. شەئبىنىڭ: «خىيالىغا كەلگەنچە پەتىۋا بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ يۈزىسىدىن مەسجىدنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىم» دەپ ئىچى پۇشۇپ ھەسرەتلەنگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. يەنە بۇ توغرىدا: **أجرؤكم على الفتيا أجرؤكم على النار** «پەتىۋا بېرىشكە ئالدىرىغانلىق دوزاخقا ئالدىرىغانلىقتۇر» دېگەن ھەدىس شەرىپمۇ بار. ھەر ھالدا پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ھالال ـ ھارام، پەرز ـ مەكرۇھ مەسىلىلىرى ھەققىدە پەتىۋا بېرىشكە ئالدىرىماسلىقى لازىم.

ئىلىملىك بولۇپ، مەسىلە ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن خاتا پەتىۋا بېرىپ قالغان بولسا، ئۇ كىشى مۇجتەھىد بولۇپ، ئەلۋەتتە ئەيىبلەنمەيدۇ. پەتىۋا بېرىش بولسا، ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەتىۋا بېرىدىغان كىشى بېرىدىغان پەتىۋاسى توغرىسىدا بىر نەرسە بىلىدىغان، راستچىل، سۆزى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى توغرا، ئىنساپلىق، ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش بىر كىشى بولۇشى كېرەك. پادىشاھلار ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى سۈپەتلەرنىڭ تېپىلىشى شەرت قىلىنسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ــ پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈش ئىشلىرىنى قىلىدىغانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ياخشى سۈپەتلىرىنىڭ تېپىلىشى تېخىمۇ مۇھىم شەرتتۇر.

دىنى ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش خىزمىتىنى قىلىدىغانلارنىڭ بىرىنچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، پەتىۋا بەرگۈچىلەرنىڭمۇ بىرىنچىسى ئۇ ئىدى. رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن پەتىۋالار پۈتۈن ئۇممەت ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت يوق. رەسۇلۇللاھتىن كېيىن پەتىۋا بېرىدىغان ئىشلارنى ساھابىلەر ئىچىدىن ئىلىمدە ئىمتىيازلىق ساھابىلەر بېجىرىپ ماڭغان ئىدى. بەرگەن پەتىۋالىرى ھەممىگە تونۇلغان ساھابىلەر جەمئىي 130 نەپەر (ئەر ــ ئايال) دىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ پەتىۋا بەرگەنلىرى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردۇر.

كىشىلەرنىڭ مۇپتىنىڭ بەرگەن پەتىۋاسىغا ئەمەل قىلىشى شەرت ئەمەس، خەلقنىڭ پەتىۋاغا ئەمەل قىلىش ياكى قىلماسلىق ئىختىيارلىقى بولىدۇ. ئەمما قازىنىڭ ھۆكۈملىرىگە خەلقنىڭ ئەمەل قىلىشى شەرت بولۇپ، رەت قىلىشقا بولمايدۇ. مۇپتى بىلەن قازىنىڭ پەرقى مۇشۇ. قابىلىيەتسىز كىشىنىڭ بەرگەن پەتىۋاسى يۈزىسىدىن گۇناھكار بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقى مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇمدۇر.

ئىبنى مالىك ھەزرەتلىرىنىڭ: «پەتىۋا بېرىدىغان كىشى ئۆزىنى جەننەتكىمۇ دوزاخقىمۇ تەگلەپ بېقىپ پەتىۋا بېرىشى لازىم» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ﴿اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ﴾[145] ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبىرلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىي، ناسارانىڭ دىنى رەھبىرى) ئاللاھنى قويۇپ مەبۇد قىلىۋالدى، دېگەن ئايەت توغرىسىدا ئەدى ئىبنى ھاتەم رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىدىن: «زامانە ئاۋۋالدا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىي رەھبەرلىرىنى مەبۇد دەرىجىسىگە كۆتۈرمەيتتى (موللا ـ ئىشانلارنى خۇدا دەپ باش ئۇرمايتتى)، بۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنى قانداق خۇدا قىلىۋالغان؟» دەپ سورىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەرنى بۇلار ھالال دەپ، ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ پەتىۋا بېرىشتى. مەزكۇر قەۋملەر شۇ پەتىۋالارنى قوبۇل قىلدى، شۇ ئىش (موللا ــ ئىشانلىرىنى خۇدا دەپ) ئىبادەت قىلغانلىق بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟» دېدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزى ۋە يۇقىرىدىكى ئايەتكە ئەمەلىي مىسال بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن «ھالال»، «ھارام» توغرىسىدا پەتىۋا بېرىشكە ئالدىرىماسلىق لازىم. ھالال ۋە ھارام مەسىلىسىدە ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئاساسسىز سۆزلىرى دەلىل ۋە ئاساس بولالمايدۇ. كىتاب (قۇرئان) ۋە سۈننەت ئارقىلىق رەسمىي يۈت دەسسەيدىغان ھۆججەتلىك ئاساسلارغا تايىنىپ تۇرۇپ پەتىۋا بېرىش شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئىشتۇر. قۇرئان كەرىمدە ياكى ھەدىس شەرىپتە ئوچۇق بايانى بولمىغان بىر مەسىلىگە پەتىۋا بېرىشكە توغرا كېلىپ قالسا، بۇ ئىشتا تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم:

1 ــ مەزكۇر ئىش ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىشنىڭ ئەسرى سائادەتتە بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش، ئۇ ئىشنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش.

2 ــ ئۇ ئىشنىڭ ئەسرى سائادەتتە، سەلەپلەرنىڭ زامانىدا كۆرۈلمىگەنلىكى ئېنىق بولسا، ئۇنىڭ قاچان ۋە قەيەردە پەيدا بولغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش.

3ـ ئۇ ئىش ھەققىدە ئىسلام ھۆكۈمەتلىرىنىڭ، ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ۋە تېببىي دوختۇرلارنىڭ قانداق پىكىرلەردە بولغانلىقىنى بىلىش.

4 ــ ئەگەر ئىجتىمائىي ۋە تېببىي ئالىملارنىڭ كۆپ سانلىقى مەزكۇر نەرسىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن زىيانلىق ئەمەسلىكى ھەققىدە پىكىر بايان قىلغان ياكى شۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، توسمىغان بولسا، ئۇنى شەرىئەتنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش كېرەك. ئۇ ئىش شەرىئەت مەنئىي قىلغان بىر ئىشقا ئېلىپ بارامدۇ ياكى شەرىئەت توسقان بىر ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ ــ يوقمۇ؟ بۇنىڭغىمۇ قاراش لازىم. ئەگەر بۇ ئىشلارنىڭ بىرىمۇ بولمىسا، «نەرسىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكمى مۇباھلىق» تۇر دېگەن قائىدىگە ئاساسەن مەزكۇر ئىشنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بېرىش كېرەك. بىر كىشى بىرەر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەت سورىغاندا، قانداق ئىش پايدىلىق كۆرۈلسە، مەسلىھەت بەرگۈچى مەيلى ئۇ ئىشنى ئۆزى قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، پايدىلىق مەسلىھەتنى يوشۇرماي ئېيتىپ بېرىشى ۋاجىپ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مەسلىھەت بېرىش خىيانەتتۇر.

فاتىمە بىنتى قەيس رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹ماڭا ئەبۇ جەھمە بىلەن مۇئاۋىيە تەلەپ قويۇپ كەلدى، مەن ئۇلارنىڭ قايسىسىغا ياتلىق بولاي؟› دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئەبۇ جەھمە ئايال كىشىنى قىينايدىغان ئادەم، مۇئاۋىيە بولسا، تولىمۇ پېقىر، ھېچنەرسىسى يوق. مەن ئۇسامە ئىبنى زەيدقا ياتلىق بولۇشىڭنى مۇۋاپىق كۆرىمەن» دېگەن مەزمۇندا مەسلىھەت بەرگەن ۋە ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان پىكرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

[145] تەۋبە سۈرىسى 31ـ ئايەت.

## 294 ـ ھەدىس: ئاللاھنى رازى قىلىشنى ئىنساننى مەمنۇن قىلىشتىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇش توغرىسىدا

**مَنْ الْتَمَسَ رِضَا اللَّهِ بِسَخَطِ النَّاسِ كَفَاهُ اللَّهُ مُؤْنَةَ النَّاسِ وَمَنْ الْتَمَسَ رِضَا النَّاسِ بِسَخَطِ اللَّهِ وَكَلَهُ اللَّهُ إِلَى النَّاسِ.** (سنن الترمذي)

بىر كىشى ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن قىلغان ئىشىدا باشقىلارنى خاپا قىلغان بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى باشقىلارنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇساللىق قىلىشىدىن ساقلايدۇ. بىر كىشى باشقا بىرسىنى رازى قىلىمەن دەپ ئاللاھ تائالا رازى بولمايدىغان ئىشنى قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى ياردەمدىن مەھرۇم قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ قويىدۇ.

بۇ ھەدىستىن مەقسەت: ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت. ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلاردا خەلق رازى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئىككىلەنمەي قىلىۋېرىش لازىم. بىر مەسىلىنى تەتقىقلاش، سۆزلەش ۋە يېزىش ئىشلىرىمۇ ئالدى بىلەن ئاللاھ رىزالىقىغا ئۇيغۇن كېلىشى مۇھىم (ھەر بىر سۆز ۋە ھەرىكەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى نىشان قىلىش كېرەك). ھەقنى بايان قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش بولسا، شۇ سۆزنى ۋە ھەق گەپنى سۆزلىگەنلىكىگە خەلق قانچىلىك ئاچچىقلاپ قالسا قالسۇن ياكى قانداق يامان غەرەزدە بولسا بولسۇن، ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئۆزى ھىمايە قىلىدۇ.

## 295 ـ ھەدىس: ھالال كەسىپ قىلىپ ياشاشنىڭ پەزىلىتى

**مَنْ بَاتَ كَالاًّ مِنْ طَلَبِ الحَلاَلِ بَاتَ مَغْفُوراً لَهُ.**

بىر كىشى ھالال كەسىپ قىلىمەن دەپ ھېرىپ ـ چارچىغان ھالدا يېتىپ قالسا گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان ھالدا ئۇخلىغان بولىدۇ.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئەبەدىي ھايات ئۈچۈن تىرىشىش ۋە سەرمايە توپلاشقا چاقىرىش بىلەن بىرگە، چەكلىك دۇنيا ھاياتى ئۈچۈنمۇ تىرىشىشقا چاقىرىدۇ. ھەتتا چاقىرىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن بەزى چاغلاردا دۇنيا ھاياتىدا لازىمەتلىك بولىدىغان نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشنى پەرز قىلىدۇ. دەرۋەقە، ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە يېتىش پانىي ھاياتتىمۇ ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىش، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش، ئاجىز ۋە مىسكىن ھالغا چۈشۈپ قالماسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھالال كەسىپ قىلىپ ھېرىپ ـ چارچاپ يېتىپ قالغان كىشىلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ مەزكۇر چاقىرىق ۋە پەرزلىرىنى جايىدا ئورۇندىغان كىشىلەر دەپ ھېسابلاشقا، ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىنى خارلىق ۋە چۈشكۈنلۈكلەردىن قوغداپ قېلىش نىيىتىدە ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلارنى مەزكۇر ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، مەغپىرەت قىلىنىشقا تېگىشلىك كىشىلەر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قەبرىستانلىقلاردا، گۈمبەز تەكتىلىرىدە ياكى راھەت جايلاردا يېتىپ، كىشىلەرنىڭ سەدىقە ۋە ياردەم ـ ئېھسانلىرىنى تەمە قىلغۇچىلارغا مۇنداق ئۇلۇغ خۇش خەۋەرلەر قەيەردىن كەلسۇن؟! رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى خارلىماسلىق، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ماڭلاي تەرىنى ئاققۇزۇپ، ھالال يوللار بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايدىغانلار ھەققىدە بەرگەن خوشخەۋىرىنى ھەممە بىلىدۇ.

كەسىپدار، ھۈنەرۋەن، سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى يېزا ــ سەھرالاردا تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىش ئارقىلىق رىزقىنى تېپىپ يەيدىغان كىشىلەر بۇ خۇشخەۋەرگە ئوبدان قۇلاق سېلىشى، بۇ خۇشخەۋەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىپ كۆڭلىنى شات قىلىشى، ھالال ئىشلەپ، ھالال پۇل تېپىپ نەپلە ناماز ئوقۇغانلىقنىڭ ساۋابىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىششى لازىم.

| | |
|---|---|
| **أروني امّة يا قوم سادت** | **وشادت وارتقت أوج المعالى** |
| **بلا جد وكد واجتهاد** | **وود وائتلاف واتصال** |
| **وهل يحظي بما يرجو فرد** | **وهل تجدي اليمين بلا شمال** |

تىرىشماي، تىرماشماي، مۇشەققەت تارتماي،
سەممىي دوست بولماي قۇدرەت تاپ قېنى.
سىياسەت، ئەركىنلىك ھايات سەھنىسىدە،
ھەيۋەڭنى كۆرستىپ ياشاپ باق قېنى.
ئىتتىپاق بول دېسە ئۆزەمنىڭ راست دەپ،
نەپ ئالغان پايداڭنى كۆرسەتكىن قېنى.
سول قولۇڭ ئوڭ قولغا ماسلاشماي تۇرۇپ،
مۇراد ھەم مەقسەتكە يېتىپ باق قېنى.

تۆۋەندە، ھەممە ئېتىراپ قىلغان پېشقەدەم ئالىملىرىمىزدىن مەرھۇم ئالىم ئىسمائىل ھەققى ئەپەندى ھەزرەتلىرىنىڭ مەلۇم بىر جامەدە سۆزلىگەن خۇتبىسىنىڭ مۇشۇ ئورۇنغا مۇناسىۋەتلىك جۈملىلىرىنى نەقىل كەلتۈرىمىز: «بىز مۇسۇلمان خەلق ئارىسىدا: «بىزگە ئاخىرەتلا لازىم، باشقا ھېچ نەرسە

كېرەك ئەمەس» دەپ ئۆزى بىلگىنىچە زاھىدلىق ۋە تەقۋالىق يولىنى تاللىغان بىر گۇرۇھ بار. بۇلارنىڭ قىلمىشلىرى توغرا ئەمەس، بەلكى ھورۇنلۇق ۋە تەييارتاپلىق يولىدۇر. ئۇلار: «دۇنيالىق ئىشلار ئۈچۈن تىرىشىش ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق، قولدا نېمە بولسا شۇ كۇپايە قىلىدۇ» دەپ قانائەت ۋە تەۋەككۇل قىلغانلىقنى داۋراڭ سالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار قانائەت ۋە تەۋەككۇلنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئىسلام دىنى بىكار تەلەپلىك ۋە جىم يېتىپ تەۋەككۇل قىلىشنى قوبۇل قىلىدىغان دىن ئەمەس، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «زېمىننىڭ بولۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن بولسىمۇ رىزىق ئىزدەڭلار» دېگەن ئىدى.

قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە: ﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ﴾ ئاللاھ يەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، رىزقىڭلارنى تاغلارنىڭ ئۈستىدىن ئىزدەڭلار!» دەيدۇ (رىزقلارنى تاغلارنىڭ ئۈستىدىن ئىزدەش كېرەك بولغان يەردە، تۈز يەرلەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن رىزىق ئىزدەش تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ).

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە دېھقانچىلىق قىلىشلا يەتمەيدۇ، ئۇلار زېمىندىكى باشقا بايلىق ۋە خەزىنىلەردىنمۇ پايدىلىنىشى لازىم. ھەقىقىي بايلىق يەر ئاستى بايلىقنى چىقىرىپ ئىشلىتىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. يەر ئاستىدا بايلىقلار كۆپ، لېكىن يەر ئاستىدا تۇرسا، ئۇلارنىڭ پايدىسى يوق. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى بىكاردىن بىكارغا يەرگە كۆمۈلۈپ ياتسۇن دەپ ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ئېچىپ پايدىلانسۇن دەپ ياراتقانلىقى: ﴿وَأَنْزَلْنَا الْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ﴾ تۆمۈرنى چۈشۈردۇق، تۆمۈردە كۈچ - قۇۋۋەت بار ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا تۆمۈرنى ماختىدى ۋە تۆمۈر بولمىسا بىر ئىش قىلغىلى بولمايدىغانلىقنى، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقانلىقنى، تۆمۈر ۋە باشقا مەدەنلەر يەر ئاستىدا بېسىلىپ زايە بولۇپ كەتمەسلىكىنى، يەر ئاستى بايلىقى ۋە تۆمۈرنى قېزىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلدى.

ئەمما بىزنىڭ زاھىدلىرىمىز بۇنىڭدەك پايدىلىق ماتېرىياللارنى سۆيمەسلىككە، قانائەت ۋە تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. باشقىلار بولسا ئۇلارغا خۇشامەت قىلىدۇ. بۇ بالا پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى قاپلاپ كەتتى، شۇنداق سەۋەبلەردىن ئىسلام دۇنياسى ئېتىباردىن چۈشۈپ، مۇنقەرزلىك يولغا گىرىپتار بولماقتا.

ئاللاھ تائالا رىزىق ئىزدەشكە بۇيرىغان، رەسۇلۇللاھ ھالال كەسىپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلغۋاتقان تۇرسا، بۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنىڭ ئورنىغا سەن كىشىلەرنىڭ قولىغا قاراپ تۇرساڭ، بۇنى مۇسۇلمانلىق ۋە دوستلۇق دېيىشكە بولامدۇ؟ باشقىلار تاغ - دەريالارنى يۇگۈرەك تىتىپ كان بايلىقى ئىزدەۋاتسا، سېنىڭ كىشىلەرگە قولۇڭنى تەڭلەپ (دۇئا گوي) بولۇپ تۇرۇشۇڭ توغرىمۇ؟ ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىنى، كۆرسەتكەن يوللىرىنى ئېتىبارغا ئالمىغاندىن كېيىن ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئەلۋەتتە، ئاجىزلىق ۋە پېقىرلىق بولىدۇ. پېقىرلىقنىڭ كېلىشى بىلەن «دىن» ئاجىزلىشىدۇ، موھتاجلىقتا قالغان كىشىنىڭ ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. رەسۇلۇللاھ: «رىزقىڭلارنى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئىزدىمەڭلار! پېقىرلارنى ئېزىپ باي بولۇش يولىنى تۇتماڭلار! بەلكى ئۇنى كانلارنى ئېچىش ۋە يەرلەردىن ئىزدەش يولى بىلەن تېپىڭلار» دېگەنىدى. ئەلۋەتتە، يەر ئاستى بايلىقنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن بىلىم، قەتئىي ئىرادە ۋە تىرىشچانلىق بولۇشى كېرەك. مۇسۇلمانلار بۇ ئىشلاردىن قۇرۇق قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆز بايلىقىدىن ئۆزى پايدىلىنالماي خار بولدى. زاھىدلارنىڭ نەسىھەتلىرى، سان - ساناقسىز ئالىملار يېتىشىپ چىققان ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) مەملىكىتى، ئاسىيادا بولسا بۇخارا ۋە سەمەرقەنتلەردىن ئىسلام ئىلمىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بۇ زاھىدلار: «بىز دۇنياغا ئەبەدىي ياشاشقا كەلمىدۇق، قىيامەت يېقىن» دەيدۇ. توغرا، قىيامەت يېقىن، لېكىن قىيامەت مىڭ يىلدىن كېيىن بولامدۇ، يۈز يىلدىن كېيىن بولامدۇ، بۇنىسى نامەلۇم. قىيامەتنى پۈتۈن ئۈممەتنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويۇش بولسا، مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلغانلىق ۋە تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلغانلىقتۇر. شۇنداق خىيال - پىكىر بىلەن بېشى قايمۇقۇپ قالغان مۇسۇلمانلار، «بەرھەق! بۇ دۇنيادا ياخشىلىق يوق» دەپ دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ۋە بۇ خىل ھورۇنلۇقىغا «تەۋەككۇل»، «قانائەت» دەپ نام بېرىپ زاھىدلىق قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. لېكىن بۇنداق قىلىش «تەۋەككۇل» مۇ، «قانائەت» مۇ ئەمەس، بەلكى خارلىق ۋە ۋەيرانلىقتۇر. قانائەت دېگەن باشقىلارنىڭ ماللىرىغا كۆز قىرىنى سالماسلىق، ئىچى تارلىق قىلماسلىق، ئۆز قولىدىكى نەرسىلەرگە رازى بولۇش، تەۋەككۇل بولسا، پۈتۈن سەۋەب ۋە چارىلەرنى

قوللىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشتۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرەتلىرى ئۆزىمۇ تىرىشاتتى، قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇراتتى ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىزگە ئەخلاق ئۆگىتەتتى.

ئەگەر ئىش دۇئا بىلەن پۈتسە ئىدى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسىدىن ئۇلۇغ دۇئا يوق بولغاچقا، ئۇرۇشلارغا چىقىشقا ئېھتىياج قالمىغان، بەلكى ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىپلا قويسا، دۈشمەنلەر ھالاك بولغان بولاتتى. لېكىن ئۇنداق قىلمىدى. ئادەم بالىسى تىرىشىش، سەئيي ــ ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر.

رەسۇلۇللاھ: «سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار ئاخىرەتنى دەپ دۇنيالىقنى تاشلىمىغان، دۇنيانى دەپ ئاخىرەتنى تاشلىمىغان ۋە خەلققە يۈك بولۇپ قالمىغان كىشىلەردۇر» دېگەن. (پەيغەمبىرىمىز ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئىككى ئالەمدە بەختلىك بولىدىغان كىشىلەر بولسا، ئاخىرەت ئىشىنى دەپ دۇنيالىق ئىشىنى تاشلىمىغانلار، دۇنيانىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرىنى دەپ ئاخىرەتنى تاشلىمىغان، بەلكى ھەر ئىككىسىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشقان كىشىلەردۇر. چۈنكى ئاخىرەتنىڭ بەخت ــ سائادىتى بۇ دۇنيانى تاشلاش ئارقىلىق ئەمەس، ئەكسىچە ھەر ئىككىسىنى بىرلىكتە ئېلىپ مېڭىشتا ئىپادىلىنىدۇ.)

«بىزگە دۇنيا كېرەكمىدى؟ ئاخىرەت بولسىلا بولدى!» دېگەن خىيالدىكى كىشىلەر بىكار تەلەپلىكنى كەسىپ قىلىدۇ. قىلىدىغان ئىشى مازار، ئاستانىلەرگە كېتىدۇ، بەزىلىرى باشقا جايلارغا قاچىدۇ. قىسمەنلىرى ئۆز ئۆيلىرىدە بىكار ئولتۇرىدۇ. بىكار ــ تەلەپلىكى يۈزىسىدىن بۇلارنىڭ ئويلاش ئىقتىدارى كاردىن چىقىدۇ، پۈتۈن ئۆمرى ئەسنەپ، سوزۇلۇپ يېتىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش قىلماسلىقى ۋە كۈچ ــ قابىلىيىتىدىن پايدىلانماسلىقى سەۋەبىدىن پۈتۈن مىللەت زىيان تارتىدۇ. مۇنداق ئادەملەرنى ئىنسان دەپ ھېسابلاش دۇرۇست بولمايدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ئىنسانچىلىق بىلەن ئالاقىسى يوق.

بەزى ئادەملەر باركى: «بايلاردىن كەلگەن زاكات، سەدىقە پىترە، نەزىر ۋە ئۆشرە بىلەنمۇ كۈن ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ» دەيدۇ ۋە شۇ سەدىقىلەر بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ. مۇسۇلمانلار ھېسابىغا كۈن كەچۈرۈش، ئۇلارغا يۈك بولۇۋېلىش ياخشى تىرىكچىلىك ئەمەس. ھەر كىم ئۆز رىزقىنى ئۆزى تاپسۇن، ئەگەر ئاجىز كېلىپ مادارى يەتمىسە، ئاندىن مۇسۇلمانلاردىن ياردەم سورىسا بولىدۇ.

ئارىمىزدا مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلىدىغانلار كۆپ، نۇرغۇن كىشىلەر قۇرۇق دىندارلىق دەۋاسى قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ يۈكسىلىشى ۋە بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئازراقمۇ كۈچ چىقارمايدۇ، باشلامچىلىق قىلمايدۇ. ھەقىقەتتە مۇنداق كىشىلەر دىندارلىق تونىغا ئورىنىۋېلىپ دىنغا خىيانەت قىلىپ، ئىسلام دۈشمەنلىرىگە خىزمەت قىلماقتا. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەت كىشىلىرى (ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەيدىغان كىشىلەر) ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ تۇرسىمۇ، پۈتۈن ئارزۇ ــ ئارمانلىرى دۇنيادا بولۇپ، ئۇنى بىر سائەتمۇ كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلىيالمايدۇ.»

ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ خۇتبىسىدىن ئېلىنغان سۆزىمىز مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. دەلىل قىلغان ھەدىسلىرىنىڭ ئەسلىنى تەكشۈرۈپ كۆرمىدۇق. ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىمىزگە ئالمايمىز.

ئىنسانلار دۇنيالىقى ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئوخشاشلا تىرىشىشى لازىم. ھۈنەر ـ كەسىپ قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ئىنسانلارنى ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق، پېقىرلىق، ئوغرىلىق ۋە باشقا يامان ئىشلاردىن ساقلاپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئەرەب شائىرلىرىدىن ئۇرۋە ئىبنى ئۇزەينەنىڭ تۆۋەندىكى ئەستە تۇتۇۋېلىشقا تېگىشلىك شېئىرىنى مىسال كەلتۈرىمىز:

**إذ المرء لم يعلب معاشا لنفسه — شكا الفقر اولام الصديق فاكثرا**

**ووصار على الأذنين كلا واوشكت — صلات ذوي القربى له ان تنكرا**

**وما علب الحاجات من كل وجهة — من الناس إلا من اجد وشمرا**

**فسر في بلاد الله والاتمس الغنى — تعش ذا يسار او تموت فتعذرا.**

«گەر ئىنسان تاپمىسا ياشاش يولىنى،
زارلىنار يوقلۇقتىن، ئاچلىقتىن شۇئان.

ئۆزگىگە بولار يۈك، دوست قاچار يىراق،
قېرىنداش تۇغقانلار تۇنىماس ھامان.

يەڭ تۈرۈپ ئىشلەشكە قەدەم قويىسا،
كىشلەر ئارىسدا مەھكۇمدۇر ھەر ئان.
ئىزدىسەڭ زېمىندىن ھالال رىزقىڭنى،
ئۆلسەڭمۇ ھېچكىمدە قالماس بىر ئارمان.»

توغرا، دۇنيادا ياشاش ۋە دۇنيادىكى بايلىقلارغا ئېرىششنى كۆزلىگەن مىللەت ئۆزىنىڭ پىداكارلىقى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ياشايدۇ. يېتەرلىك دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەن، خىيال ۋە تەخمىنلەرگە بېرىلىپ، تىرىشش ۋە سەئيى ــ ھەرىكەت قىلىشتىن قۇرۇق قالغان بىر مىللەتنىڭ نېسىۋىسى بولسا، خارلىق ۋە ئاياغ ئاستى قىلىنىشتىن باشقا بىر نەرسە بولمايدۇ.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

**دواءك فيك ولا تشعر وداءك منك وما تبصر**

«كېسىلىڭنىڭ داۋاسىنىڭ ئۆزۈڭدە ئىكەنلىكىنى، كېسىلىڭنىڭمۇ سەندە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن» دەيدۇ.

«بۇ زاماندا ھالال كەسىپ تېپىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەندەك سۆزلەر چالا سوپىلارنىڭ سۆزلەپ يۈرىدىغان مەنىسىز، بىھۇدە گەپلىرىدۇر. «ھالال كەسىپ» ھەر زامان ۋە ھەممە يەردە تېپىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ وَاشْكُرُواْ لِلّهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ**) ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى مۇئەييەن زامان ياكى مۇئەييەن بىر خەلققە خاس بولمىسا كېرەك. قۇرئان، سۈننەت (ھەدىس)، ئىجماﺋ (كۆپ سانلىق ئىلىملارنىڭ قارىشى) ۋە قىياس ئارقىلىق چەكلەنمىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھالال كەسىپ دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ توغرىدا بىر قىسىم مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ پەرقلىق پىكىرلىرى بولۇپ قالسىمۇ مەسىلە يوق. چۈنكى، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇجتەھىدلارنىڭ ئىجتىھادلىرىغا رىئايە قىلىشى كېرەك دەيدىغان تەلىمات يوق. مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن ماللىرى ۋە شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق كەسىپلىرى تامامەن ھالال بولۇپ كەتمىسىمۇ، كۆپىنچىسىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇ.

## 296 ـ ھەدىس: ۋاقتىدا قىلىنغان تەۋبىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقى

**مَنْ تَابَ إِلَى اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ قَبْلَ أَنْ يَمُوتَ بِيَوْمٍ قَبِلَ اللَّهُ مِنْهُ.** (مسند أحمد)

كىمكى جېنى ئېلىنىشتىن بىر كۈن بۇلسىمۇ بۇرۇن تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ جېنى ھەلقۇمىغا كېلىشتىن ئىلگىرى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئادا قىلىشى (شۇ جۈملىدىن گۇناھى بولسا تەۋبە قىلىشى) تەلەپ قىلىنىدۇ. ھايات قېلىش ئېھتىمالى بار چاغدا قىلىنغان تەۋبە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەۋبە ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزۈلگەندە قىلىنغان «ئۈمىدسىزلىك تەۋبىسى» ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەۋبە: **(وَلَيْسَتِ التَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ حَتَّىٰ إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ الْمَوْتُ قَالَ إِنِّي تُبْتُ الْآنَ وَلَا الَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمْ كُفَّارٌ أُولَٰئِكَ أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا)** ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر، ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق. دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى دائىرىسىگە ئەمەس، بەلكى **(إِنَّمَا التَّوْبَةُ عَلَى اللَّهِ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ السُّوءَ بِجَهَالَةٍ ثُمَّ يَتُوبُونَ مِن قَرِيبٍ)** ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر ، دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇن دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى: بىلمىسىزلىك ۋە ھاماقەتلىكتىن گۇناھ قىلىپ سېلىپ، ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ، تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسى ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتى ۋە پەزلى كەرەمى بىلەن مەقبۇل بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىس شەرىپ ئارقىلىق، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنى مەغپىرەت قىلىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىشتىن توسۇپ، تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. يۇقىرىدا بىر قانچە ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە تەۋبە توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتۇلدى. ئاللاھ تائالا تەۋبىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئەمەس، «تەۋبىنى قوبۇل قىلىش» دېمەك، ئاللاھ تائالا تەۋبىنى ئۆزىنىڭ پەزلى ۋە كەرەمى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ۋەھىي:

بۇ شۇدۇر دېيۈرسەن ئەي مۇتەفەلسىق خاتا ـ ساۋاب،

بىر كۈن كېلۈردە دەرسەن ئامان ۋارمىش ھېساب.

ۋەيەرمۇ زەرەر زىيان ساڭا تەستىق ھەشىر ـ نەشىر،

ئىنكارى بىلەن سىنجە ئۇلۇر مۇجىب ئازاب.

جىرمىپ كەسىر ئۇلسىدە ھەق لوتپا ئەيۋ ئىدى،

ئەمما كى ئېتىقادىڭ تەسھىھ قىل شىتاب.

يەشمىسى: «ئى پەيلاسوپ قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىنسان! خاتا بىلەن توغرا ئوخشاش، ئارىسىدا پەرق يوق دەيسەن. سەن «ھېساب بار ئىكەن» دەيدىغان بىر كۈن كېلىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىپ مەھشەرگە توپلىنىمىز دەپ ئىشىنىشىڭنىڭ ساڭا زىيىنى يوق. ئەكسىچە، قىيامەتنى ئىنكار قىلىشىڭ ساڭا ئازاب كەلتۈرىدۇ. گۇناھىڭ كۆپ بولسىمۇ، خودا رەھىم قىلىپ كەچۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېتىقادىڭنى (ئىسلامدا ئىشىنىش تەلەپ قىلىنغان ھەقىقەتلەرگە ئىشىنىشنى) قولغا كەلتۈرۈشكە ئالدىرىغايسەن.»

## 297 ـ ھەدىس: ئۈچ جۈمە نامىزىنى ئوقۇماسلىقنىڭ ئاقىۋىتى

**مَنْ تَرَكَ ثَلَاثَ جُمَعٍ تَهَاوُنًا بِهَا طَبَعَ اللَّهُ عَلَى قَلْبِهِ.** (سنن أبي داود)

كىمكى بىپەرۋالىق قىلىپ ئۈچ قېتىم جۈمە نامىزىنى ئوقۇمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ دىلىغا پېچەت سېلىۋېتىدۇ (دىلى قارىلىشىپ كېتىدۇ).

جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن مەھەللە، كەنت ۋە شەھەر خەلقى بىر يەرگە يىغىلىپ، ئىمامنىڭ جۈمە خۇتبىسىنى تىڭشايدۇ، بۇ باھانىدە بىر ــ بىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ دوستلۇق ئورنىتىدۇ. بىر ــ بىرىنىڭ ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر تاپىدۇ، بىر ھەپتە ئىچىدىكى ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىدۇ ۋە ھەممە بىرلىكتە ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىپ، ئىسلام قېرىنداشلىقىنى يېڭىلايدۇ. بۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىنمۇ جۈمە نامىزى ئىنتايىن مۇھىم ۋە پايدىلىقتۇر. بۇنى ئېتىبارغا ئالماسلىق، سەۋەبسىزلا جۈمە نامىزىنى ئوقۇماسلىق كۆڭۈلنىڭ قارىلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھېچبىر ئۆزرە ۋە سەۋەبسىزلا ئارقا ــ ئارقىدىن ئۈچ جۈمەنى ئوقۇماسلىق كۆڭۈلنىڭ قارىلىشىپ، نىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولمىسا كېرەك. ھەدىسنىڭ يۇزەكى مەنىسى پۈتۈن ئۆمرىدە ئۈچ جۈمەنى ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ يۇقىرىقى ئەھۋالغا دۇچار بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلسىمۇ، ھەقىقىي مەنىسى ئۈچ جۈمەنى ئارقا ــ ئارقىدىن ئوقۇماسلىق بولسا كېرەك. چۈنكى گۇناھنى ئارقىمۇ ئارقا ئۇلاپ قىلىش، ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزۈپ، ئاز ــ ئاز قىلىشقا قارىغاندا خەتەرلىكرەكتۇر. «كۆڭۈل بۆلمەي، كۆزنگە ئىلماي» دېگەن سۆزگە قارىغاندا، بىرەر سەۋەب ياكى ئۆزرە بىلەن ئوقۇيالماي قالغانلار، بۇ جازا بىلەن جازالانمايدۇ.[146]

جۈمە نامىزى جۈمە كۈنى پېشىن ۋاقتىدا خۇتبە ۋە جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەتلىك نامازدۇر. سەلەپ ئۆلىمالىرىنىڭ جۈمە نامىزىنىڭ بۇ شەكىلدە ئوقۇلىدىغانلىقى مەسىلىسىدە ئوخشمايدىغان پىكىرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمىز. جۈمە نامىزىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ بەزىدە تۆت رەكئەت، بەزى ۋاقىتتا ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزى ئوقۇغانلىقى مەلۇم. بۇ نامازنىڭ كىملەرگە ۋە قانداق ئورۇنلاردا پەرز ئىكەنلىكى تەپسىر كىتابلىرى، ھەدىس شەرھلىرىدە تولۇق بايان قىلىنىدۇ. جۈمە نامىزى مەككىدە، ھىجرەتتىن ئىلگىرى پەرز بولغان ئىدى. لېكىن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ دۈشمەنلىكى ۋە توسقۇنلۇقلىرى سەۋەبىدىن مەككىدە ۋاقىتلىق ئوقۇلماي قالدى. مەدىنىدە تۇنجى قېتىم جۈمە نامىزى ئوقۇغان كىشى ئەسئەد ئىبنى زۇرارە بولدى، بۇ كىشى رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىشتىن بۇرۇن مەدىنىدە جۈمە نامىزى ئوقۇغان ۋە پۈتۈن جامائەت يىغىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىپ، قۇبا دېگەن يەردە ئۆمەر ئىبنى ئەۋفنىڭ ئائىلىسىگە چۈشتى، شۇ كۈندىن باشلاپ دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى قۇبا مەسجىدىنى بىنا قىلدى. رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 12 ـ كۈنى بولغان جۈمە كۈنى ئەتىگەندە قۇبادىن مەدىنىگە كۆچتى ۋە بەنى سالىم ئىبنى ئەۋف «**بطن الوادي**» دا ناھايىتى مەزمۇنلۇق بىر خۇتبە سۆزلەپ، جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى، بۇ رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن مەدىنىدە تۇنجى ئوقۇلغان جۈمە نامىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھنىڭ مەسجىدى تېخى بىنا قىلىنمىغان ئىدى.

---

[146] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە «ئۆزرىسىز» دېگەن ئىبارە ئوچۇق زىكىر قىلىنىدۇ.

# 298 ـ ھەدىس: يالغاندىن، تاكاللىشىشتىن يىراق تۇرۇش، ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈشنىڭ پەزىلىتى

**مَنْ تَرَكَ الْكَذِبَ وَهُوَ بَاطِلٌ بُنِيَ لَهُ فِي رَبَضِ الْجَنَّةِ وَمَنْ تَرَكَ الْمِرَاءَ وَهُوَ مُحِقٌّ بُنِيَ لَهُ فِي وَسَطِهَا وَمَنْ حَسَّنَ خُلُقَهُ بُنِيَ لَهُ فِي أَعْلَاهَا.** (جامع الترمذي)

كىشىلەر بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە يالغان سۆزلەشنى تاشلىغان كىشىگە جەننەتنىڭ بىر تەرىپىدە مېھمانخانا سېلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ سۆزى ھەق بولسىمۇ، كىشى بىلەن تاكاللاشماي قويۇپ بەرگەن (ئىتتىپاقلىقنى ساقلىغان) كىشىگە جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىمارەت سېلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى گۈزەللەشتۈرگەن كىشىگە جەننەتنىڭ ئالىي يېرىدە ئىمارەت بىنا قىلىنىدۇ.

ئەخلاقنى تۈزىتىش ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ مۇھىملىقى مۇشۇ ھەدىس شەرىپتە روشەن ئىپادىلەنسە كېرەك.

دوختۇر ئىنسانلارنىڭ بەدەنلىرىنى زىيانلىق ۋە ۋەيران قىلغۇچى كېسەللىكلەردىن ساقلاشقا سەۋەب بولسا، ئەخلاقلىق كىشىلەرمۇ دۇنيادا ياشاشتىن مەقسەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە سەۋەب بولىدۇ. ئەخلاق تۈزۈك بولمىسا، ئادەم باللىرىنىڭ روھى ساغلام بولمايدۇ. ئەخلاق پىرىنسىپلىرىغا بويسۇنمىغان كىشى ئىنسانلىق نامىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە لايىق ئەمەس. چۈنكى ئىنساننىڭ ھەر ئىككى ئالەمدە سائادەتكە ئېرىشىشى، ئۆزىنى ھەر خىل بۇزۇق ئىشلاردىن ساقلاپ، پەزىلەتلىك ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزىنى زىننەتلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. (**قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا**) روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ.

ئەخلاق ئىنسانلاردا تەبىئىي يارىتىلغان خۇي بولسىمۇ، بۇزۇق ئەخلاقلارنىڭ تەربىيە بېرىش، كۆيلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە تۈزىلىپ كېتىدىغانلىقىمۇ بىر خىل رېئاللىقتۇر. بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنىڭ ئەخلاقنى گۈزەل قىلىشقا بۇيرۇشىمۇ شۇنى بىلدۈرىدۇ. قىسقىسى، تېببىي ئىلىم بولمىغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ جىسىملىرى كېسەللىكتىن قۇتۇلالمىغان، ئەخلاق ئىلمى بولمىغان بولسا، ئىنسانلار روھى كېسەللىكتىن خالىي بولالمىغان بولاتتى. كىشىلەر ئۆز ئەخلاقىنى گۈزەللەشتۈرۈشى لازىم. بۇزۇق ئەخلاق ۋابا كېسەللىكىگە ئوخشاش بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ، پۈتۈن مىللەتكە كېڭىيىپ كېتىشى مۇمكىن. دۇنيادا مۇنقەرز بولغان (مىللىي مۇستەقىللىقنى يوقىتىپ يائلارغا قۇل بولۇپ قالغان) ۋە ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە مۇپتىلا بولغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇزۇق ئەخلاق كېسەللىكىگە دۇچار بولغان مىللەتلەردۇر. قۇرئان كەرىمدە بۇلارنىڭ ئەھۋالى ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن بايان قىلىنىدۇ.

زامانىمىزدىكى بەزى مەھكۇم مىللەتلەر باللىرىنىڭ بىر ـ بىرىنى ھېچقىز، جالاپ دەپ ھاقارەتلىشى، بۇنى ئاز دەپ ھاراق، نەشە، قىمار، زىنا ـ پاھىشە ئىشلىرىنى جىنايەت دەپ تونۇماي، ۋەھشى ھايۋانلارچە قىلىقلارنى قىلىشى، جىڭ ـ تارازىلارغا ھۈنەر ئىشلىتىپ، بىر ـ بىرىنى ئالدىشى، يالغان سۆزلىشى، ۋەدىسىدە تۇرماسلىقىدەك قەبىھ ئەخلاقلىرى ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ تېخىمۇ خار ۋە ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئەخلاقنى تۈزەتمەي، خائىنلىق، چېقىمچىلىق، بۆلگۈنچىلىكنى يوقاتماي تۇرۇپ، خۇدانىڭ رەھىم قىلىشىنى ئېغىزدىلا ئۈمىد قىلىپ يۈرۈش مەغرۇرلۇقتۇر.

ئەخلاق ئۆلچىمى ھەر ئادەمدە بىردەك بولۇپ كەتمەيدۇ. بىر قىسىم ئەخلاقلار بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە گۈزەل ئەخلاق بولۇپ ھېسابلانسا، ئىككىنچى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە گۈزەل ھېسابلانماسلىقى مۇمكىن. ئەخلاقنى تۈزەش ۋە ياشلارنى تەربىيەلەشتە مۇشۇ نۇقتىنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش لازىم. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمىز:

1 ــ سېخىيلىق. ئەرلەر ۋە ئۆزلىرى ئىشلەپ پۇل ـ مال تاپقۇچىلار ئۈچۈن كاتتا ئەخلاق ھېسابلانسىمۇ، شۇ ئەرلەرنىڭ ئەمرى ئاستىدىكى ئاياللارغا نىسبەتەن ياخشى ئەخلاق ھېسابلانمايدۇ.

2 ــ ماختانچاقلىق. مەرىپەتلىك، ئىلىم ئەھلى كىشىلەر ماختىنىشنى ۋە ھۆرمەتلىنىشنى ياخشى ئەخلاق دەپ قارىمايدۇ، ئەمما بۇ ئىش ياشلار ئۈچۈن گۈزەل ئەخلاق ھېسابلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ياشلار بۇ خىل قوللاش، ماختاش بىلەن روھى ھالىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ياخشى ئىشلارغا قەدەم باسىدىغان، تىرىشچان ھەم ناچار ئىشلاردىن نومۇس قىلىدىغان ئەدەپلىك ۋە ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىلىشى مۇمكىن!

3 ــ مودا كىيىنىش. يۇرۇق كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزلىرىنى پارقىرىتىپ يۈرۈش ياشلار، چىچەن كىشىلەر ۋە ئەدىبلەر، زىيالىيلار، خۇسۇسەن ياش ئايال ـ قىزلار ئۈچۈن گۈزەل ئەخلاق ھېسابلانسىمۇ، ئۆلىمالار ئۈچۈن، يۈكسەك غايىلىك كىشىلەر (دىن، مىللەت، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا قابىلىيەتلىك كىشىلەر) ، زاھىدلار ۋە مويسىپىت كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى ئەخلاق ھېسابلانمايدۇ. ياسانچۇق قىز ـ چوكانلار ھەققىدە مۇنداق بىر شېئىر يېزىلغان:

ئارزۇ قىلدى قىز بولۇشنى قېرى خوتۇن،
دۈمچىيىپ قالغان تۇرۇپ بېقىنلىرى ئاندىن ئۇتۇن.
ئەتىر چېچىپ ياسىنىدۇ ياشلىقنى ئىزدەپ،
قويالامدۇ ئەتىر دوگىغاق بەلنى تۈزلەپ.

4 ـ ماختىغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش. شېئىر ياكى مەتبۇئات ئارقىلىق كىشىلەرنى ماختاش. ماختانغان كىشى ماختاشقا لايىق، ئالاھىدە ئىمتىيازلىق كىشى بولسا، ماختىغۇچىغا مۇكاپات بېرىش ياخشى ئىش. ئەمما بىر بۆلۈك ئادەملەرنىڭ كىشىلەرنى ماختاپ پۇل تېپىپ جان بېقىشقا سەۋەب بولغانلىقى ۋە «ھىيلە ــ مىكرىمىز قامالاشتى» دەپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، نىيىتى ساغلام كىشىلەرگە، ئىلىملىك كىشىلەر ۋە ئىلمىي ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەرگە ماختانچاقلىق، ماختاپ قويغۇچىلارغا مۇكاپات بېرىش يامان ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ.

5 ــ زاھىدلىق (تەركى دۇنيا بولۇپ، مال ـ مۈلۈك ۋە دەپنە ـ دۇنيادىن قول ئۈزگۈچى). بۇ ئەخلاق مويسىپىت كىشىلەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ، دىن ئالىملىرى ئۈچۈن ماختاشقا لايىق ئەخلاق بولسا، ياشلار، بولۇپمۇ ئىقتىدارلىق ئىسلاھاتچىلار ئۈچۈن ياخشى ئەخلاق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى مىللەتنىڭ ئەركىن، ھوقۇقلۇق بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياشلار ئوقۇشى، ياخشى تەلىم ــ تەربىيە ئېلىشى، ھۈنەر ــ تېخنىكا ئىگىلىشى، ياتلارنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتلىك ۋە ئېتىبارلىق بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە بايلىق، مال ــ مۈلۈك، ھوقۇق ۋە مەرتىۋە كېرەك. ھوقۇق ــ مەرتىۋىسى، مال ــ دۆلىتى بولمىغان كىشىلەرنى يات مىللەتلەرلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئەمرىدىكى ئاياللىرىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ. مۇنداق زاھىدلار باركەن مىللەت قانداقمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلسۇن! ئۆزى موھتاج بولغان كىشى قانداقمۇ مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرىنى تەربىيەلىيەلىسۇن؟ مەكتەپ قۇرۇپ، مۇئەللىملەرنى باشقۇرۇش قانداقمۇ قولىدىن كەلسۇن!

6 ــ تەپتىش قىلىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش. ئۆزلىرىدىن تۆۋەن بولغانلارنى ياخشى ۋە ساۋابلىق ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ئومۇمەن يامان ئىشلاردىن يېنىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش، ياشانغانلار ۋە گۇناھتىن يىراق ئالىملار ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئەخلاق، زۆرۈر ۋەزىپە بولۇپ، ياشلارنىڭ ئۆزىدىن چوڭ كىشىلەرگە ۋە ئۆتمۈشتە يۈرگۈزۈلگەن كەمچىلىكلەر سادىر قىلغان كىشىلەرنىڭمۇ باشقىلارنى ياخشىغا بۇيرۇشى، ياماندىن توسۇشى، تەپتىش قىلىشى ياخشى ئىش ئەمەستۇر (تەنقىدكە ئۇچرىغۇچىلار ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلالماي، سوغۇقلىشىپ قېلىش خەۋپى بار). بۇلاردىن باشقا (كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ياخشى ـ يامان بولىدىغان) ئەخلاقلارمۇ بولۇشى مۇمكىن، بۇ يەردە سۆزلەنمىگەنلىرىنى سۆزلەنگەنلىرىگە قىياس قىلىپ تۇرۇپ بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## 299 ـ ھەدىس: ئۆزىنى باشقىلارغا ئوخشىتىۋالغۇچىلارنىڭ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**مَنْ تَشَبَّهَ بِقَوْمٍ فَهُوَ مِنْهُمْ.** (سنن أبي داود)

كىمكى ئۆزىنى بىر مىللەتكە ئوخشاتسا، ئۇ كىشى شۇ مىللەتتىن ھېسابلىنىدۇ.

بىرى قىسىم يېقىنقى زامان ھەدىس شەرھىلىگۈچى ئالىملار بۇ ھەدىس شەرىپىنى «كىيىم ــ كېچەك ۋە يۈرۈش ــ تۇرۇشتا ئوخشىۋالسا شۇلار قاتارىدىن بولىدۇ» دەپ ئىزاھلىسا، يەنە بەزىلىرى ، «بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىشلاردا، مەيلى ئۇ كىيىم ـ كېچەك ياكى مىجەز ـ خۇلقتا بولسۇن، باشقىلارغا ئوخشىۋالسا، شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىملىرى، «كاپىرلارغا ئوخشاشنى كۆزلىسە ۋە مەجبۇرى ئۆزىنى ئۇلارغا ئوخشاتسا، شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ» دەپ ئىزاھلايدۇ.

«ئىجتىھادنىڭ يولى توسۇلغان ئەمەس» دېگەن كىشىلەر بىلەن جېدەللىشىدىغان، مەتبۇئات ئارقىلىق ھاقارەتلەيدىغان، ئۆزلىرىنى «بىز، مۇجتەھىدلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىر غېرىچمۇ چىقىپ كەتمىگۈچىلەرمىز» دەپ جار سالىدىغان كىشىلەر دەل بىزنىڭ زامانىمىزنىڭ داموللىلىرى، ھەزرەتلىرىدۇر. باشقىلارنى ئايەت ـ ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈش دەرىجىسىدىن قوغلاپ چۈشۈرۈپ، ئۇ ۋەزىپىنى ئۆزىگە خاس قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇشبۇ ھەدىسنى كۆپ ئىشلارغا دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ھېسابتىن تاشقىرى پەتىۋالارنى چىقىرىشىدۇ. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندە بىر قىسىم مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1 ــ يېڭى ئۇسۇلدا ئوقۇش ــ يېزىشنى ئۆگىتىش، قارا دوسكىلارغا خەت يېزىپ دەرس بېرىش، ئوقۇغۇچىلارنى ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغۇزۇش، مۇئەللىم ـ مۇدەررىسلەر ئۆرە تۇرۇپ دەرس سۆزلەش، ئومۇمەن تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق مەدرىسىلەر ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ تەلىم ــ تەربىيە مېتودلىرى بويىچە ئىلىم ئۆگىتىش، باشقا دىندىكىلەرگە ئۆزىنى ئوخشاتقانلىق بولىدۇ. بۇ بولسا، «كىمكى باشقا بىر مىللەتكە ئوخشاپ قالسا، شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ ھۆكمى دائىرىسىگە كىرىدۇ ـ دېيىشىدۇ. بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ تېزىس ۋە ئورغۇنلىغان ماقالىلەر بېسىلىپ تارقىتىلدى. پۈتۈن مەملىكەت مۇسۇلمانلىرى ئوقۇدى، ئاڭلىدى، بىر ــ بىرىگە ھېكايە قىلىشتى. شۇڭا گەپنى ئۇزارتىشنىڭ ھاجىتى يوق. «**من تشبه**» دېگەن ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن چىقىرىلغان يېڭىچە ئۇسۇل بەس ـ مۇنازىرىسى بۈگۈنكى كۈنلەردە خېلى بېسىقىپ قالدى، ھەتتا كۆپچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىدە بۇ تەسىرلەر يوق دېيەرلىك دېيىلسىمۇ، پۈتۈنلەي يوق دېيەلمەيمىز. بۇ كىتاب نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرىۋاتقاندا، قازاندا چىقىدىغان گېزىتلەرنىڭ بىرىدە: «قازان بايلىرىدىن بىرى ‹ئۆيياش كيوگى› كەنتىدە ئوغۇل ـ قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپ قۇرۇپ، پۈتۈن چىقىمنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، مائاشلىق مۇئەللىملەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئوقۇش باشلىماقچى بولۇپ، شۇ يەردىكى مەسجىد جامائەتلىرىدىن مەسلىھەت سورىغان. مەھەللە ئاھالىسى، بولۇپمۇ ياشانغان كىشىلەر بۇنىڭغا: ‹بىزنىڭ يۇرتىمىزغا جەدىتچىلىك (يېڭىچە ئۇسۇل) نەزەرىيەسىگە كۆرە، ‹مۇئەللىم تەكلىپ قىلمەن› دەپ جاپا تارتماڭ! بۇنداق قىلىشىڭىزغا قېرىلىرىمىزمۇ، ياشلىرىمىزمۇ رازى ئەمەسمىز.› دەپ جاۋاب بەرگەن» دېگەن خەۋەرنى ئوقۇدۇق.

2 ـ يۇقىرىقى دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ، جىنازىنى هارۋىغا سېلىپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ ـ دېيىشىدۇ. ھالبۇكى، قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شەرىپتە جىنازىنى هارۋىغا سېلىپ ماڭسا دۇرۇس ئەمەس دەيدىغان سۆز يوق، ھېچ بىر ئىشتا ئوخشىمىسا، قەبرىگە كۆمۈشتە ئوخشاشلىق بار.

3 ــ مەسجىدلەردە خەير ــ ساخاۋەت جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىئانە يىغىش ساندۇقلىرىنى قويۇشنى مەنئىي قىلىشتى. ئۇفا شەھرىدە خەيرۇللاھ ئاخۇن ھەزرەتلىرى تۇنجى قېتىم مەسجىدكە قويۇش ئۈچۈن ياساتقان ساندۇقنى قويۇشقا مۇۋەپپەق بولالماي، بىزنىڭ ۋاقتىمىزدا

ئۈچ ـ تۆت يىل ئۆمۈر ئۆتكۈزدى، بىزدىن كېيىن قانداق قىلدى بىلەلمىدۇق. بۇنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدىمۇ قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شەرىپتە بىرەر دەلىلنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمىز.

4 ــ شىلەپە، پەلتو ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان چەت ئەل پاسونلىرىدىكى كىيىملەرنى كىيىشكە قاتتىق قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ چاپان ـ تونلىرىنى، بۆك ۋە تەلپەكلىرىنى، قولاقچا ـ قالپاقلىرىنى ۋە پىيما ــ چەكمەنلىرىنى، بەتىنكە، ئۆتۈك، مەسە، كەمزۇللىرىنى سۈننەتكە مۇۋاپىق، ساھابىلەر كىيگەن كىيىملەر بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدىغاندەك قىلىدۇ. بولمىغىنىدا، ئۇلار كىيىم ـ كېچەك مەسىلىسىدە بۇنچىلىك تەرسالىق بىلەن دەۋالاشمىغان، ئۆزلىرىنىڭ كىيىملىرىدىن باشقا كىيىملەرنى ئىنكار قىلمىغان بولار ئىدى. ھالبۇكى رەسۇلۇللاھنىڭ رىملىق ناسارالارنىڭ پەلتوسىنى كىيىپ ناماز ئوقۇغانلىقى، ئىرانلىقلارنىڭ «تەيلەسانى» (ئۆلىمالار كىيىدىغان يېشىل يەڭسىز تونى) نى كىيگەنلىكى مەلۇم.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ئۇزۇن بىر ھەدىستە: «رەسۇلۇللاھ بىرەر ئىشنى قىلىش توغرىسىدا مۇئەييەن بىر كۆرسەتمە بولمىغان ئەھۋالدا، ئەھلى كىتابلارنىڭ قىلغىنىغا ئوخشىتىپ قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى»[147] دەيدۇ. ئەھلى كىتاب دېگەندىن مەقسەت مۇسۇلمانلار ئەمەسلىكى ئېنىق ۋە «مۇۋاپىقەت (قىياپەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىق)» مەنىسىدىكى ئوخشاشلىق بولۇشى مەلۇم.

يەنە ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن رىۋايەت قىلىپ: **رأى رسول الله صلى الله عليه وسلم عليّ ثوبين معفرين فقال إن هذه من ثياب الكفار فلا تلبسها** «رەسۇلۇللاھ ئۇستۈمدىكى ئىككى دانە سېرىق رەڭلىك كىيىمنى كۆرۈپ: ‹بۇلار كاپىرلارنىڭ كىيىمى، سەن بۇنى كىيمە!› دېدى» ـ دەيدۇ. ھەدىسلەرنى شەرھىلىگۈچى ئالىملار: رەسۇلۇللاھ ئۇ كىيىمنى كاپىرلارنىڭ كىيىمى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سېرىق رەڭلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ياكى ئاياللارچە پاسوندا بولغانلىقى ئۈچۈن توسقان، ـ دەيدۇ ۋە بۇ ئۇقۇمنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ: **أأمك امرتك بهذا** «ياكى ئاناڭ مۇشۇنداق كىيىمنى كىيىشكە بۇيرىدىمۇ؟» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن: «سېرىق رەڭلىك كىيىمنى كىيىش دۇرۇسمۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن بەس ــ مۇنازىرىنىڭ كېلىپچىقىش مەنبەسى مۇشۇ ھەدىستۇر. يەنە بىر رىۋايەتتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەزكۇر ئىككى سېرىق كىيىمنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. رەسۇلۇللاھ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن: «بۇ نېمە قىلغىنىڭ! ئاياللارغا بېرىۋەتسەڭ بولماسمىدى!» دەپ كايىغان. ئەگەر ئۇ كىيىم كاپىرلارنىڭ كىيىمى بولغانلىقى ئۈچۈن چەكلەنگەن بولسا، رەسۇلۇللاھ مەزكۇر كىيىمنى كىيىشتىن ئاياللارنىمۇ توسقان بولاتتى!

5 ـ جامائەت ئارىسىدا موللا دەپ ئاتىلىپ قالغان ئاخۇنلار ئۆرە تۇرۇپ سىيىشە ھارام دەپ، قاتتىق مەنئىي قىلىدۇ. تۈركىستاندىكى بەزى شەھەرلەردىن كەلگەن مەكتۇبلاردا، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سىيگۈچىلەرنى كاپىر دەپ يۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنماقتا. بۇ مەسىلىنى مۇنداق چۈشەنچۈرۈشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ بۇ ھەقتىكى ئەڭ سەھىھ رىۋايەت ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان: **من حدثكم أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يبول قائما فلا تصدقوه، ماكان يبول إلا قائدا** «ئەگەر بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ئۆرە تۇرۇپ سىيدى دېسە ئىشەنمەڭلار، رەسۇلۇللاھ ئولتۇرماي سىيمەيتتى.»[148] دېگەن ھەدىستۇر.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر بۇخارىنىڭ شەرھىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيدۇ: «ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ بىلگىنى ۋە كۆرگىنىگە ئاساسەن بۇ ھەدىسنى بايان قىلغان، بۇنىڭ توغرىلىقىدا مەسىلە يوق. ئەمما بۇ ئىشلار ئائىشە ئانىمىزنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيى ئىچىدىكى، ھويلا ئاراملىرىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىنى رىۋايەت قىلىشى، لېكىن ئائىشە ئانىمىزنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ھويلىسىنىڭ سىرتىدىكى ئۇ كۆرمىگەن چاغلاردىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن بىخەۋەر بولۇشى تەبىئىيدۇر. كاتتا ساھابە ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سىيگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ئىشنىڭ مەدىنىدە بولغانلىقى مەلۇم.[149] ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىك مۇمكىنمۇ؟ بۇ

[147] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس.
[148] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[149] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

نېمە دېگەنلىك بولىدۇ؟! يەنە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب ۋە زەيد ئىبنى سابىتتەك كاتتا ساھابىلەرنىڭمۇ ئۆرە تـۇرۇپ سـىيگەنلىكلىرى رىۋايەت قىلىنىدۇ. دېمەك، ئۆرە تۇرۇپ سىيسە دۇرۇس ئەمەس دەيدىغان دەلىل يوق.

سۈننەتكە ئەمەل قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان «**نيل الأوطار**» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى شـەۋكانى: «گەپنىـڭ قىسقىسـى، ئولتـۇرۇپ سىيىشمۇ، ئۆرە تۇرۇپ سىيىشمۇ جائىز» دەيدۇ. ئىمام تىرمىزىمۇ: «ئەھلى ئىلىملارنىڭ بىر بۆلۈكى ئۆرە تۇرۇپ سىيسە بولىدۇ، دېـگەن قاراشـتا» دەپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىدۇ.

ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىكەن: **من تشبه** (بىر قەۋمگە ئوخشاپ قالسا) دېگەنگە ئوخشاش دالالەت قىلىش دائىرىسى كۆپ خىـل ئېھتىمـاللىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي ئىبارەلىك  بىر ھەدىسنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، بۇ ئىشنى توسۇش قانداقمۇ مۇمكىن بولىدۇ؟ ئۆرە تـۇرۇپ سـىيگەنلەرنى كاپىر دېيىشنىڭ دەلىلى نېمە؟ توغرىسى مۇسۇلمانلارنى كاپىر دېيىشكە بۇلارنىڭ نېمە ھەققى بار؟ ھاجەتنى ئادا قىلغانـدا مـۇمكىن قەدەر خىلـۋەت يەرگە بېرىش، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش مۇھىم. مۇشۇ ئىككى ئىش چىڭ تۇتۇلسا، ھاجەتنى قانداقلا ئادا قىلسا بولىۋېرىدۇ. ھەر ئىنسـان، ۋاقىـت، ئـورۇن ۋە قولايلىقنى نەزەرگە ئېلىپ مۇۋاپىق ئىش قىلىشى كېرەك.

6 ــ ھەر تۈرلۈك خەير ــ ساخاۋەت جەمئىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىشىدۇ ۋە شۇ خىـل ئىشـلار بىـلەن مەشـغۇل بولغـۇچىلارنى «ئـازغۇنلار» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى شۇ قەدەر ئاساسسىز ۋە خىيالدۇركى، بۇ ھەقتە توختىلىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق.

7 ــ ئەرلەرنىڭ يالاڭباش يۈرۈشى ۋە چاچ قويۇشىنى شەرئەت ھـارام قىلغـان ئىشـلارنىڭ قاتارىغـا ئەكىرىۋالـدۇ. چـاچ مەسىلىسـى 133 ــ ھەدىستە سۆزلەنگەنىدى، شۇڭا تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەرلەرنىڭ يالاڭباش يۈرۈشىنىڭ شەرئەتتە مۇباھ ئىكەنلىكـى، باشـنى يـۆگەپ يۈرۈشـنىڭ شەرئەت تەرىپىدىن تەلەپ قىلىنمىغانلىقىنى ھەممە بىلىشى كېرەك. چاچنى ئۆستۈرۈپ يۈرۈش باشقا مىللەتـكە ئوخشـاپ قالغـانلىق بولـىدىغان بولسـا، چۈشۈرۈپ، قىرىپ تۇرۇشمۇ باشقا دىندىكىلەرگە ئوخشاپ قالغانلىقتۇر (كاپىرلارنـىڭ ئىچيـدە چېچىنـى قويـۇپ بېرىـدىغانلارمۇ بولغانـدەك، چۈشـۈرۈپ يۈرىدىغانلارمۇ بار). شۇنداقكەن، بۇنىڭ بىرىنى توسۇپ، يەنە بىرىنى دورۇست دەپ قاراشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

چاچ ھەققىدە: «ھەممىنى قويۇڭلار ياكى ھەممىنى چۈشۈرىۋېتىڭلار» دېگەن ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ. رەسـۇلۇللاھ شـۇنداق دېـگەن تۇرسـا، كىمنىڭمۇ چاچنى ئۆستۈرۈشتىن توسۇش ھەققى بولسۇن؟!

بەزى ئادەملەر ئۆز ئىسمىنى ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمىغا قوشۇشنى ۋە ئاياللىرىنىڭ ئىسمىنى قىزلىرىنىڭ ئىسمىغا قوشۇشنى ھارام ئىشنىڭ ئورنىدىكى يامان بىر ئىش دەپ قارايدۇ. دادىنىڭ ئىسمىنى ئوغۇلغا قويۇشنى، ئانىنىڭ ئىسمىنى قىزغا قويۇشنى شەرئەت توسـمايدۇ، ئىسـلام ئـالىملىرى ئارىسـىدا «مۇھەممەدنىڭ ئوغلى مۇھەممەد، ئۇنىڭ ئوغلى يەنە مۇھەممەد» دەيدىغان ئىسىملار كۆپ. 736 ــ يىلى ۋاپـات بولغـان ئەيـمەن ئەبـل بەرەكاتنىـڭ ئىسمى ئالتىنچى بوۋىسىغىچە «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەگەر بۇ دېگەن كونا زامـان ئەمەس، ئاتـا بـىلەن بوۋىنىـڭ ئىسـمىنىڭ بىـر بولۇپ قېلىشى چوڭ خاتالىق، ئالماشتۇرۇش ياخشى بولۇشى مۇمكىن دېيىلسە، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن كاپىرلارغا ئوخشىتىشقا بولمايدۇ.

«ئىجتىھات يولى تۈگەپ كەتمىدى» دېگـۈچىلەرگە رەددىـيە قايتۇرىـدىغان دامـوللىلار، يۇقىرىـدا سـۆزلەنگەن ئىشـلارغا ۋە شـۇنىڭغا ئوخشـاش كۆپلىگەن ئىشلارنىڭ شەرئەتتە چەكلەنگەنلىكىگە مۇشۇ ھەدىسـنى دەلـىل قىلىـپ كەلتـۈرگەن تۇرۇقلـۇق، قەبـرە بىـدئەتلىرىنى توسـۇش ئۇلارنـىڭ ئەقلىلىرىگە كەلمىدى. قەبرىستانغا ئۆي، دۇئاخانا، شەمگو ياساش، تۇغ ـ ئەلەم تىكلەش، چىراغ ياندۇرۇش، مازارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەش مەقسىتى بىلەن يىراق يەرلەردىن سەپەر قىلىش، ئۇلارنىـڭ روھىـدىن دۇنيـالىق ۋە ئاخىرەتلىـك ھـاجەتلىرىنى تـىلەش بولسـا، چوقـۇم بـۇلارنى يۇتنىـڭ ئورنىـدا كۆرگەنلىك بولىدۇ. مانا بۇ دۇنيالىق نۇقتىسىدىن ئەمەس، پەقەت دىنىي نۇقتىدىن ئوخشىغانلىقتۇر.

ئەمدى مۇشۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ھەققىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتەيلى:

نامازنى مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئوقۇيدىغان ۋاقىتنى خەلققە ئېلان قىلىش زۆرۈرىيىتى توغۇلغاندىن كېيىن، ساھابىلەر قوڭغۇراق يـاكى بورغـۇي چېلىش ۋەيـاكى ئـوت يـېقىش دېگەنـدەك تەكلىپلەرنـى ئوتتۇرىغـا قويغـان ئىـدى. لـېكىن رەسـۇلۇللاھ مەزكـۇر ئىشـلارنىڭ يەھـۇدىيلار، ناسـاralar ۋە مەجۇسىيلارنىڭ ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قوبۇل قىلمىدى. ئاخىردا ئەزان ئېيتىش قارار قىلىندى.  دېـمەك، رەسـۇلۇللاھ بـۇ ئىشـتا يەھـۇدىي،

ناسارا ۋە مەجۇسيلارغا ئوخشاپ قېلىشقا رازى بولمىدى. سالاملىشىش مەسىلىسىدىمۇ مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرىگە يەھۇدىيلاردەك سالام قىلىشتىن توسقان ھەدىسلىرى بار. دۈشمەن ئەسكەرلىرى كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئىرانلىقلاردىن ئۆلگە ئېلىپ مەدىنە ئەتراپىغا خەندەك كولاتقۇزدى. يەنە باشقا دىندىكىلەرنىڭ چېركاۋلىرىغا چىراغ ياندۇرغانلىقىنى كۆرۈپ مەسجىدلەرگە چىراغ ياندۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. بۇ ئىش چەت ئەللىكلەرگە ئوخشاپ قېلىشتىن توسماسلىقلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەينى ئۇلارغا ئوخشىغانلىقتۇر.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ خىل ئەمەلىي ئىش ـ ئىزلىرىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، «دىنىي ئىشلاردا»، بولۇپمۇ باشقا دىندىكىلەرنىڭ دىنىي بەلگىلىرى (داغدۇغىلىق پائالىيەتلىرىدە كىيىدىغان كىيىملىرى) نى كىيىش ياكى «روھانىي ئاتىلار»، «راھىب»، «قىسسىيس» دېگەن ئۇنۋانلىرىنى قوبۇل قىلىشتەك ئىشلار قەستەن ئوخشىتىش بولۇپ، بۇنداق قىلىش شەرىئەتتە مەنئىي قىلىنىدۇ. ئەمما ئۆرپ ــ ئادەتلەر، ئومۇمەن دۇنيالىق ئىشلاردا ياتلارغا ئوخشاشنى مەنئىي قىلمايدۇ.

دەرۋەقە، بىلىمسىز مىللەتلەرنىڭ بىلىملىك مىللەتلەرگە، مەدەنىيەتسىزلەرنىڭ مەدەنىيەتلىكلەرگە ئەگىشىشكە، ئۇلارغا ئوخشاشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىشى ھاياتنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىدۇر. چاي ئىچىشلىرىمىز، ھاۋا، ۋېلسىپىت، ماشىنا ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشىمىز، گېزىت ــ ژۇرناللارنى ئوقۇشىمىز، كىتابلارنى باستۇرۇشىمىز، ئېلېكتىر لامپىلارنى ياندۇرۇشىمىز، رەڭلىك كەشلەرنى كىيىشىمىزدەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ساھابىلەرگە ئوخشىشىمىز كېرەك دېيىشكە ئامالىمىز يوق. پويىز، پاراخوت بىلەن مېڭىشنى، تېلېگرامما، تېلېفون ئارقىلىق ئۇچۇرلىشىشنى، توك كۈچى ۋە يۇرۇقلۇقلىرىدىن پايدىلىنىشنىمۇ سەلەپلەرگە ئوخشاش يول تۇتىمىز دېگەننى دەۋا قىلالمىساق كېرەك.

سەلەپ ئالىملىرى ۋە ئىسلام دىنىغا ھەقىقىي خىزمەت قىلغۇچىلار مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دۇنياسىغا راھىبلىقنى كىرگۈزۈپ (سوپىلىقنى تېرىپ)، مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ۋە ھۈنەر ـ سانائەت ئۆگىنىشتىن پۈتۈنلەي ياندۇردى. يەنە بىر قىسمى مۇكەممەل ھالدا دۇنياغا كەلگەن ئىسلام ھوقۇقىنى (فىقھى ئىلمىنى) ئۆزىنىڭ نىشان ۋە مەقسىتىدىن ئېزىقتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر تۈرلۈك پەتىۋا كىتابلىرىنى «قال ۋە قيل» (مىش ــ مىش گەپلەر) دىن تەشكىل تاپقان ئىنتايىن مۇرەككەپ ئەسەرلەرنى تارقاتتى. شۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار دۇنياسى قۇرۇق شاخقا ئايلىنىپ قالدى. شەخسىي ئەركىنلىك ۋە ئىستىقبالنىڭ يوقلىشى بىلەن بىرگە، مىللىي ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقىمۇ بوغۇزلاپ تاشلاندى. ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئىكەن، ئۇلار قانداقمۇ پايدىلىق ئىشلارنى ئىجاد قىلالىسۇن؟! كىشىلەرگە ئەگەشمەي ۋە ئەجنەبىيلەرگە ئوخشىماي (ئەجنەبىلەردىن سانائەت ئۆگەنمەي) قانداقمۇ دۇنيادا پۇت تىرەپ تۇرالىسۇن؟ ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇ ئاڭ ـ سەۋىيىسى بىلەن باشقىلارغا ئوخشىيالىشىمۇ چوڭ ئىشلاردىن ھېسابلىنىشى كېرەك.

ئىسلام دىنىدا ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرۈشلىرى ۋە ئاياللارنىڭ ئەرنىچە كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشىنىڭ مەنئىي قىلىنىشىنىڭ دەلىلى «من تشبه» دېگەن ھەدىس ئەمەس، بەلكى **لعن الله المتشبهين من الرجال بالنساء والمتشبهات من النساء بالرجال** «ئاللاھ تائالا، ئاياللارغا ئوخشىۋالغان ئەرلەرگە، ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلدى» دېگەندەك مەخسۇس دەلىللەردۇر. **لعن الله المتشبهات** دەك ھەدىسلەردىكى ئۆز ئارا ئوخشىۋېلىش دېگەندىن مەقسەت، خاس كىيىملەردىكى ئوخشاشلىق بولسا كېرەك. ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بولغان كىيىملەردە مەزكۇر ھۆكۈم كۈچكە ئىگە ئەمەس. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بىر ئايالنى باشماق كىيىشتىن توسۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ دەۋردە باشماق ئەرلەرنىڭ كىيىدىغان كىيىمى بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. خىتاي مۇسۇلمانلىرى (تۇڭگانلار) نىڭ ئەرلىرىنىڭمۇ، ئاياللىرىنىڭمۇ ئوخشاش فورمىدا كىيىم كىيىدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ خەۋەر توغرا بولسا، خاس كىيىملەر بىر ــ بىرىگە ئوخشاپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن، شەرىئەت ئالدىدا چەكلەنگەن ئىشنى قىلدى، دەپ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ.

بىزدىكى كالاچ قانداق بولسا، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ھەدىس شەرىپىنىڭ شەرھىسىدە سۆزلەنگەن سۆزلىرىمىز شەرىئەتنىڭ نەزىرىدە توغرا ياكى ئەمەسلىك نۇقتىسىدىن سۆزلەندى. جائىز، مۇباھ، ھارام ۋە ھالال مەسىلىلىرىدە شەرىئەتنىڭ ھۆكمى مۇتلەق تۆردە بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇشى، خەلقنىڭ پىكىرلىرىگە، ئەقىدىلىرىگە مۇۋاپىق بولۇش ـ بولماسلىقىنى ئېتىبارغا ئالماسلىقى، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھۆكۈملەرنى ئىنسانلارنىڭ تىلەكلىرىگە بويسۇندۇرماسلىق لازىم. ئەمما بۇنىڭدىن باشقا

جەھەتلەردە خەلقنىڭ پىكىرلىرى بىلەن ھېسابلىشىش، ئومۇمىي بولغان ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە رىئايە قىلىش، خەلق يىرگىنىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ رايىنى ياندۇرىدىغان ئىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم.

خۇسۇسەن دىنىي مەنسەپلەرنى تۇتىدىغانلار ۋە شەرىئەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانلار ئۆزلىرىنى ياخشى كۆرسىتىش، خەلق ياخشى كۆرمەيدىغان قىياپەت ۋە ئەھۋاللاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

بىر كىشى، ئەجنەبىيلەرنىڭ بەلگىلىك دىنىي كىيىملىرىدىن باشقا ئۆزى خالىغان فورمىدا كىيىم كىيىپ يۈرسۇن، خالىسا چېچىنى چۈشۈرۈپ، خالىسا ئۆستۈرۈپ يۈرسۇن، خالىسا ئولتۇرۇپ، خالىسا ئۆرە تۇرۇپ تاھارەت قىلسۇن، بەلگىلىك مەقسەت ۋە تونۇشلاردىن خالىي بولسىلا، بۇ ئىشلار مۇباھ (گۇناھمۇ ياكى ساۋاپمۇ ئەمەس) ئىشلار بولۇپ، بۇ ئىشلار سەۋەبىدىن ئۇ كىشىگە تەنە قىلىش، ئەيىبلەش ياخشى ئەمەس. ھەتتا بۇنداق قىلىش، شەرىئەت ئالدىدا ناھەق زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە گەرچە ھارام، گۇناھ، چەكلەنگەن ۋە ئەيىبلەنگەن ئىش بولمىسىمۇ، دىنىي خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلار، قازىلىق، ئىماملىق، مۇدەررىسلىك قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق ۋە تەبىئەتلىرى، مۇئامىلىلىرى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن خەلقنىڭ دوستلۇقى، مۇھەببىتىگە نائىل بولۇپ، ئۇلار ياخشى كۆرمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ سېلىشتىن ئەلۋەتتە ئۆزىنى تارتىشى لازىم. چۈنكى خەلق بۇ كىشىلەردىن مۇھەببىتىنى ئۈزسە، توغرا بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بۇلارنى ئېتىبارسىز، ساۋاتسىز ھېسابلىسا، بۇ چاغدا دىنىنىڭ ئۆزىدىنمۇ ئىخلاسلىرىنىڭ يېنىشىغا ۋە ئەھمىيەت بەرمەسلىكىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ ناھايىتى زىيانلىق ئىكەنلىكى روشەن. ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق خەلقنى نەپرەتلەندۈرۈپ تۇرۇپ، ئېغىزى ئارقىلىق ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. خەلقنى نەپرەتلەندۈرۈپ قويۇشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىغا دائىر ھەدىسلەرمۇ بار. 167 ـ ھەدىستىمۇ بۇ ھەقتە بىر ئاز توختالغاندۇق.

زۆرۈر بولمىغاندا، مۇپتى، قازى، ئىمام ۋە مۇئەززىن، مۇدەررىس ۋە مۇئەللىملەر يەرلىك خەلققە ئەرزىيدىغان فورمىلاردا كىيىم كىيىپ يۈرۈشى، بولۇپمۇ تەپسىر، ھەدىس، سىيرە (تەرجىمھال) ۋە فىقھى دەرسلىرىنى ئۆگىتىپ تۇرۇقلۇق، پوشكىن، نىرمونتوفلارغا ئوخشىتىش مەقسىتى بىلەن يالاڭباش، بۇدۇر چاچلىق بولىۋالماسلىقى لازىم (ئۆزرىسى بولماي تۇرۇپ دىنسىز، زالىم مىللەتلەرنىڭ كۆرۈنۈشىدە يۈرمەسلىكى كېرەك).

گىمنازىيە مۇئەللىملىرى مەخسۇس كىيىملەر ۋە مەخسۇس فورمىلارنى كىيىپ يۈرمەكچى بولسا، ئۇ ئىشتا قائىدە ـ تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىشى لازىم. ئەمما مەھمۇدىيە، ھۇسەينىيە ۋە يۇقىرى سىنىپلاردا دىن دەرسى بېرىدىغانلارغا مۇنداق تەلەپ قويۇلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلار دىن ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىشى، خەلقنى ئۆزلىرىدىن ئۈركىتىپ قويماسلىقى لازىم. شۇنىڭدەك، دىنىي مەدرىسىلەردە ئىلىم ئىگىلەيدىغان تالىبلارمۇ داپ ـ دۇتار، گارمون، ئىسكىرىپكا دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرمەسلىكى (پاسىق ئادەملەرنىڭ قىلىقلىرىدىن ساقلىنىشى) لازىم.

سەللە بىلەن يۈرۈش تەس بولسا، دوپپا ياكى تۇماق بىلەن يۈرۈش قېيىنغا توختىمىسا كېرەك. دىن مۇئەللىمى بىلەن گىمنازىيە مۇئەللىمى ئارىسىدا، پەندە ئوقۇيدىغانلار بىلەن دىندا ئوقۇيدىغان تالىبلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئاز پەرق بولۇشى لازىم. زامانىمىزدا ئۆزگەرگە بويسۇندۇرالمىغانلارنىڭ زامانىغا ئەگەشمەي چارىسى يوق. ئىلىمسىز خەلق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە چېكىدىن ئېشىپ ئېسىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنمىسىمۇ، ئاڭلىق، بىلىملىك كىشىلەر چوقۇم ئەيىبلىنىدۇ (ھەققە بويسۇنماي، ئۆرپ ـ ئادەتنى قوغداش بۇلار ئۈچۈن ئەيىبتۇر). بىر موللىنىڭ يالاڭباش، بېلىگە تاسما باغلىغان ھالدا بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنى نىكاھلاپ قويغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا چەكسىز قايغۇردۇم. شۇ چاغدا بولسىمۇ، بېشىغا سەللە ۋە ئۈستىگە بىرەر ئۇزۇن كىيىم كىيگەن بولسا، قايسى ئىشىغا دەخلى قىلار ئىدى...؟

## 300_ ھەدىس: يالغان دوختۇرنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەققىدە

**مَنْ تَطَبَّبَ وَلَمْ يُعْلَمْ مِنْهُ طِبٌّ قَبْلَ ذَلِكَ فَهُوَ ضَامِنٌ.** (سنن ابن ماجة.)

دوختۇرلۇقتىن خەۋىرى يوق بىرى كېسەل داۋالاش ئارقىلىق بىمارغا زىيان يەتكۈزسە، يەتكۈزگەن زىياننى تۆلەيدۇ.

بىپەرۋا مۇپتى (بەزى ئەھمىيەتسىز كىتابلاردىن ئىبارىلەرنى تېرىپ تىزىپ، ھىيلە بىلەن پەتىۋا چىقىرىپ بېرىدىغان كىشى) نى، ئىلىم ۋە تېبابەتتىن بىخەۋەر يالغان دوختۇرنى، رامبال ــ داخانلارنى شەرىئەتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن قىلىۋاتقان قىلمىشلىرىدىن توسۇش لازىم. تېببىي ساھەدە ئوقۇماي ياكى ماھىر دوختۇرلاردىن تەلىم ئالماي تۇرۇپ كېسەل كۆرۈپ يول كۆرسەتكۈچىلەر، دورا بۇيرۇغۇچىلار، بۇ قىلمىشلىرى ئارقىلىق بىمارغا زىيان يەتكۈزۈپ قويسا، مۇشۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن زىياننى تۆلەيدۇ. ئەمما يېتىشكەن دوختۇر تۇرۇپ، خاتا ھالدا بىمارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا سەۋەب بولۇپ قالسا تۆلىمەيدۇ.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدىكى كاتتا ئۆلىمالار تېببىي ئىلىمنى ئوقۇشنى پەرزى كۇپايە (بىرەر يۇرتتىن بىر نەچچە كىشى يېتىشىپ چىقسا، باشقىلاردىن ساقىت بولىدىغان پەرز) دەپ قارايتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاغرىپ قالغان كىشىلەرنى داۋالىنىشقا بۇيرىغانلىقى 143 ــ ھەدىستە بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. ھەتتا ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئۆزىمۇ دورا ئىشلىتەتتى. ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: «كېسەللەرگە بەرگەن مەسلىھەتلىرىڭىز ناھايىتى پايدىلىق بولىدۇ، سىز بۇنى قانداق ئۆگەنگەن؟» دەپ سورىغاندا، ئائىشە ئانىمىز: «رەسۇلۇللاھ ئاغرىپ قالسا دوختۇرغا كۆرۈنەتتى، مەن دوختۇرلارنىڭ چارە ـ تەدبىر ۋە نەسىھەتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھنى شۇ بويىچە باقاتتىم، شۇنىڭ بىلەن تەجرىبە ھاسىل قىلىپ قالدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ كىيىم ـ كېچەكلەرنى ۋە بەدەننى پاكىزە تۇتۇش، چاچ ۋە كېرەكسىز تۈكلەرنى پاكىزلاش ۋە ئاغزىنى مىسۋاكلاش (چىش چوتكىسى بىلەن چىشنى تازىلاش)، ئومۇمەن پاكىزلىققا رىئايە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ «تېبابەتچىلىك» نىڭ قائىدىلىرىدىن ئىكەنلىكى مەلۇم.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ھويلىسىدا يىغىلىپ قالغان ئەخلەت ـ چاۋالارنى كۆرۈپ، ئۆي ئىگىسى بىلەن زاكۇنلاشقان ۋە دەرھال تازىلاشقا بۇيرۇغان. بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار تېبابەت ئىلمىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ياتلارنىڭ بۇ ئىلىمغا دائىر نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان ۋە ئۆز ئارىسىدىن دوختۇرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. دوختۇرخانىلارنى تەسىس قىلغان ۋە تېببىي مەكتەپلەرنى قۇرغانىدى. ھىجرىيەنىڭ 302 ــ يىلى باغدادتا بىرىنچى بولۇپ، ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ تەن ــ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى. ھىجرىيەنىڭ 304 ــ يىلى باغدات شەھرىدە «**السيدة**» ۋە «**المقتدر**» دەپ ئىككى دوختۇرخانا بار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق مەشھۇر شەھەرلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن دوختۇرخانىلار قۇرۇلدى، تېببىي مەكتەپلەر ئېچىلدى. مەسىلەن: ئەندەلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە) مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن يەھۇدىيلار «مۇنپىلىيە» شەھرىدە ياۋروپادا تۇنجى بولۇپ دوختۇرخانا تەسىس قىلىپ، مۇسۇلمان دوختۇرلارنىڭ رېتسىپلىرىغا ئاساسەن كېسەل داۋالايدۇ.

## 301 ـ ھەدىس: مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقنىڭ ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى

**مِنْ حُسْنِ إِسْلَامِ الْمَرْءِ تَرْكُهُ مَا لَا يَعْنِيهِ.** (سنن ابن ماجة)

ئىمانى ياخشى بولغان كىشىنىڭ ئالامىتى پايدىسىز سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى تارتىشىدۇ.

ھەزرىتى رەسۇلۇللاھنىڭ تىلنى كەلسە ـ كەلمەس گەپ ـ سۆزلەردىن ساقلاش توغرىسىدا نۇرغۇن نەسىھەتلىرى بار. ئىسلام دۇنياسىدا زوراۋان خەلىپىلەر، زالىم پادىشاھلارنىڭ ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭ (خەۋەرچىلىرى) دىن ئاڭلىغان خەۋەرلىرى سەۋەبىدىن ناھايىتى كاتتا ئادەملەرنىڭ باشلىرى كەتتى، بۇ رەسۇلۇللاھقا بىر قەدەر مەلۇم بولغاچقا، مۇشۇنداق نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تولا گەپ قىلىشنىڭ ئاخىرەت ئۈچۈنمۇ زىيىنى بار. ھەزرىتى مۇئاز رەسۇلۇللاھتىن: «قىيامەت كۈنى تىلىمىز بىلەن قىلغان سۆزلىرىمىز ئۈچۈنمۇ ھېساب بېرەمدۇق؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ: «ئى مۇئاز! قىيامەتتە كىشىلەرنىڭ جەھەننەمگە يۈزىچە تاشلىنىشىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ تىل» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭ چارىسى زۆرۈرىيەت بولمىغاندا كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماي ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇش، خۇسۇمەت، دەۋا، جېدەل ــ ماجىرا، گەپ تالىشىش، رىقابەتلىشىشتەك ئىشلاردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

گەپ قىلىشمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىنىڭ بىر پارچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى سۆز قىلسا ساۋابلىق دېيىلگەن، ناچار سۆزلەرنى قىلسا يامانلىق دېيىلگەن. خۇلاسىلىگەندە، بەندىلەر زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋالدا قىلغان پايدىسىز گەپ ــ سۆزلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بالايىئاپەتنىڭ بېشىنىڭ تىل ئىكەنلىكى توغرىسىدا **البلاء موكل بالمنطق** دېگەن ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە بىر شائىر ناھايىتى ئورۇنلۇق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

| | |
|---|---|
| **يصاب الفتي من عثرة بلسانه** | **وليس يصاب المرء من عثرة الرجل** |
| **فعثرته بالقول تذهب رأسه** | **وعثرته بالرجل تبرأ على مهل.** |

مەنىسى:

يىگىتنىڭ بېشى ئامان، تېيىلىپ يىقىلسىمۇ گەر،<br>
ۋە لېكىن ئامانسىز، تىل تېيىلسا گەر.<br>
ساقىيار تېيىلىپ سۇنسا پۇت ـ قولى،<br>
كېتىدۇ بېشى ھەم تىلى قايسا مەگەر.

قۇرۇق خىيال، قۇرۇق سۆزلەر بىلەن مەشغۇل بولغاندىن كۆرە، بىرەر تۈرلۈك پايدىلىق ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئەتراپتىكى نەرسىلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىش، سۇ، ھاۋا، تۇپراقنى تەتقىق قىلىش، كۆكتات، دەل ــ دەرەخ ۋە ئاي ــ يۇلتۇزلارنىڭ سىرىنى ئۆگىنىش، قىسقىسى، تەبىئەتكە خوجا بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش ياخشىدۇر.

# 302 ـ ھەدىس: ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ پەزىلىتى

**مَنْ خَرَجَ فِي طَلَبِ الْعِلْمِ كَانَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ حَتَّى يَرْجِعَ.** (سنن الترمذي)

بىر كىشى ئىلىم ئۆگىنىش مەقسىتى بىلەن ئۆيىدىن چىقسا تاكى ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئاللاھنىڭ يولىدا ماڭغان بولىدۇ.

بۇ گەپ مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارغىلا خاس ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ ئاستىغا مەھەللە مەكتەپلىرىگە بارىدىغانلار، يىراق شەھەرلەردىكى مەدرىسەلەرگە بېرىپ ئوقۇغانلار، كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ كىتاب ئوقۇيدىغانلار، بىلمەيدىغان بىرەر نەرسە ھەققىدە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن كاتتا ئالىملارنىڭ يېنىغا بارغانلارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۆگەنگەن ئىلمى ئۆزى ۋە خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق ئىلىملاردىن بولۇشى كېرەك. كۆڭۈل ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كۇتۇپخانىلاردا رومان، ھېكايىلەرنى ئوقۇپ ئولتۇرۇشنىڭ دىگەندەك ئەھمىيىتى يوق.

ئادەم بالىسى بىر ۋاقىتتا ھەم ئىلىم ھەم مالنى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلىم تەھسىل قىلغاندا مال ــ دۇنيادىن ۋاز كېچىشى، ئىلىم ئۈچۈن دۇنيانى قوربان قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتى ئۇلارنى «ئاللاھ يولىدىكى كىشىلەر» دەپ ھېسابلايدۇ. «دىن» بىلەن «دۇنيانى» جۇغلاش مۇمكىن، ئەمما ئىلىم بىلەن دۇنيانى بىر ۋاقىتتا ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. «ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى بىلەن مال ــ دۇنيا بىر يەرگە كەلمەيدۇ»، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەر يوقسۇل كېلىدۇ.

ھەدىسشۇناس، تىلشۇناس ھەم ئەدىب، شۇنداقلا سەھھۇلبۇخارىنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان نەزەر ئىبنى شۇمەيلنىڭ بەسرە شەھىرىدىن ئايرىلغان ۋاقتىدا، «ئاچ قالمىغۇدەك بىر نەرسە تاپالىغان بولسام، بەسرەدىن چىقىپ كەتمىگەن بولاتتىم» دىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مەزكۇر ئالىمنى ھەدىس، تىل، تارىخ ۋە فىقھى ئالىملىرىدىن بولۇپ، ئۈچ مىڭدەك ئادەم ئۆزىتىپ قويغان دەيدىغان رىۋايەتمۇ بار.

شۇ زاماننىڭ زاھىدلىرىدىن ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد تىرمىزى ئاز غىنە ئاشلىق بىلەن ئون يەتتە كۈننى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ئىدى. شەيخ ئابدۇلقادىر جەيلانىنىڭ ئۇستازى، تىل ۋە گىراماتىكىدا يېتۈك ئالىم ئەبۇ زەكەرىيا خەتىب تىبرىزى تەھزىب (مەنتىق ئىلمى) ئوقۇش ئۈچۈن، ئەبۇلئەلا مەئەررىينىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن تۆگە كىرالىغۇدەك پۇل تاپالماي باغداتتىن شامغا كىتابلىرىنى يۈدۈپ پىيادە سەپەر قىلغان.

ئەبۇل ئەبباس ئەھمەد ئەلئەبىيوردى ئىسمىلىك ئالىمنىڭ قىشلىق كىيىم ئالغۇدەك ھالى يوق ئىدى. مەشھۇر شائىر ۋە كەم ئۇچرايدىغان تەھرىرلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى سارە ئەششەنتەرىي شۇنچىلىك يوقسۇل ئىدىكى، ئەرزىمەس نەرسە ــ كېرەكلەرنى تويلاپ سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانىدى.

تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇجتەھىدلىرىدىن خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەلفەراھىدى ئىككى تىيىن پۇلغا ئىگە بولالماي، قومۇش كەپىدە يېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. دۇنيادا شۇنداق مۇشەققەتلەرنى چەككەن زاتلار ئەلۋەتتە تەسەللى ۋە ياخشى مۇكاپاتلارغا لايىق بولۇپ، ئۇ مۇكاپات «ئاللاھ يولىدىكى كىشىلەر» دىن ھېسابلىنىشىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىگە تۆۋەندىكى شېئىر ئارقىلىق تەسەللى بېرىدۇ:

**رضينا قسمة الجبار فينا** **لنا علم وللأغيار مال**

**فان المال يفنى عن قريب** **وان العلم يبقى لايزال.**

ئاللاھ تائالا بىزگە تەقسىم قىلغان نېمەتكە رازى بولدۇق، بىزگە ئىلىم، باشقىلارغا مال ئاتا قىپتۇ، مال يېقىندا تۈگەيدۇ، ئىلىم ھەمىشە قالىدۇ.

## 303- ھەدىس: يامان ئىشلارنى تۈزىتىشنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**مَنْ رَأَى مِنْكُمْ مُنْكَرًا فَلْيُغَيِّرْهُ بِيَدِهِ فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِلِسَانِهِ فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِقَلْبِهِ وَذَلِكَ أَضْعَفُ الْإِيمَانِ.** (صحيح مسلم)

قايسى بىرىڭلار (مۆمىن قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ بىرىنىڭ) بىر يامان ئىش قىلغىنىنى كۆرسە (ياكى بىلسە، ئەگەر كۈچى يەتكۈدەك بولسا)، قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە سۆزى بىلەن ئۆزگەرتىشكە تىرىشسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، كۆڭلىدە (شۇ يامان ئىشقا قارىتا) نارازىلىق بىلدۈرسۇن. بۇ بولسا، ئىماننىڭ ئاجىز دەرىجىسىدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ: ﴿**وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ**﴾ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.[150] دېگەن كۆرسەتمىسىگە قارىغاندا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ياخشى ئىشلارغا دالالەت قىلىدىغان ۋە يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈشكە نەسىھەت قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەر زامان ۋە ھەر يەردە بولۇپ تۇرۇشى لازىم. پەرز ئىشلارغا بۇيرۇش، ھارام ئىشلاردىن توسۇش پەرزدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار مۇستەھەب ياكى ئەۋزەل ئىشلاردۇر. بۇ پەرز (كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئىشى) پەرزى كۇپايە بولۇپ، ئۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر مەۋجۇت بولسا، باشقىلارنىڭ قەرزى ئادا بولىدۇ. ئەمما ھېچكىم بولمىسا، شۇ ئىش (قىلىنغان گۇناھ) نى كۆرگەن ياكى بىلگەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى قولىدىن كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ توسۇش جاۋابكارلىقى بار.

ئەمر - مەرۇپ ۋە نەھى مۇنكەر (شەرىئەت كۆرسەتكەن ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش) نىڭمۇ ئۆزىگە خاس قائىدە — پرىنسىپلىرى بار. بۇلارنى بىلمەيدىغان ياكى بىلسىمۇ ئۆز تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بارالمىغان كىشىلەر بۇنىڭ ئەھلىدىن ھېسابلانمايدىغان بولۇپ، بۇ خىزمەتنى قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولمىسا كېرەك!

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى — گۇناھنىڭ قەبىھ نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش. ئىككىنچى باسقۇچى — سىلىق — سىپايە سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىش. ئۈچىنچى باسقۇچى — ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاگاھلاندۇرۇش. بالىنىڭ ئاتا — ئانىغا، ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە قىلىدىغان نەسىھىتى يۇقىرىقى ئۈچ باسقۇچتىن ھالقىپ كەتمەسلىكى لازىم. بۇلارنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، ئاللاھ تائالادىن تەۋپىق — ھىدايەت تىلەش كېرەك. ئۇلاردىن باشقىلارغا نىسبەتەن بۇ ئىشنىڭ تۆتىنچى باسقۇچى — ئاچچىقلىنىش (قاتتىقراق چۈشەندۈرۈش). بەشىنچى باسقۇچى — ئۆزگەرتىش (شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلارنى قولى بىلەن توسۇش ۋە ئۆزگەرتىش). ئالتىنچى باسقۇچى — تەھدىت سېلىش (ئۇرىمەن، تىللايمەن دەپ قورقۇتۇش). يەتتىنچى باسقۇچى — ئۇرۇش. بۇ ھەدىس شەرىپتىكى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مۇشۇ يەتتىنچى باسقۇچتىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلەرنى باشقا ھەدىسلەردىن بىلگىلى بولىدۇ. سەككىزىنچى باسقۇچى — كۆڭۈلدە يامان كۆرۈش. ئۇشبۇ ھەدىستىكى «ئىماننىڭ ئاجىز دەرىجىسىدۇر» دېگەن سۆز «ئۇ كىشى مۆمىنلەرنىڭ ئاجىزلىرىدىندۇر» دېگەننى كۆزدە تۇتىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا عَلَيْكُمْ أَنْفُسَكُمْ لَا يَضُرُّكُمْ مَنْ ضَلَّ إِذَا اهْتَدَيْتُمْ**﴾ ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ[151] دېگەن ئايەتى كەرىمەسىمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەككىزىنچى باسقۇچتىن كېيىنكى ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ دېيىلىدۇ.

---

[150] سۈرە ئالى ئىمران 104 — ئايەت.
[151] سۈرە مائىدە 105 — ئايەت.

بۇ يەردە ئېيتىلىپ ئۆتۈلگەن باسقۇچلاردىن تۆتىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى، يەتتىنچى باسقۇچلار پادىشاھلار ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرىغا خاستۇر. ھازىرقى كۈندە ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشى بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە سەككىزىنچى باسقۇچلار بىلەنلا مۇمكىن بولۇپ، ساۋاب ۋە گۇناھلارمۇ شۇ دەرىجىلەرگە قارىتا بولىدۇ.

# 304 ـ ھەدىس: ئاپەتلەرگە قارشى تۇرغانلارنىڭ كاتتا پەزىلەتكە ئىگە بولىدىغانلىقى

**من رد عادية ماء أو عادية نار فله أجر شهيد.** تخريج السيوطي (ضعيف)

كىمكى سۇ تاشقىنىنى زىيانسىز يەرلەرگە بۇرىۋەتسە ياكى ئوت ئاپىتىنىڭ زىيىنىغا قارشى تۇرسا، ئۇنىڭغا شېھىدنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ.

سۇ ۋەياكى ئوت ئېلىپ كېلىدىغان زىيانغا قارشى تۇرغانلارغا مۇشۇنداق ساۋاب ۋەدە قىلىنغان ئىكەن، بۇ ساھەدە قانداق چارە، تەدبىر ـ تۈزۈم بولسا، ئۇنى باشقا مىللەتلەردىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىغا چىقىرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرى مۇنداق نەرسىلەرنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئەمەس، چىققانلارنىمۇ جايىدا قوبۇل قىلمايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن بىر گەپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ بىلمىسىز، ئەخمەقلىقىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇشبۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە قارىغاندا، كەنتلەرنىڭ پىلان ـ لايىھە بويىچە تۈزۈلۈشى، شەھەر رەستىلىرىنى كەڭ قويۇپ، رەتلىك سۇ ئىنشائاتلىرى، ئوت ئۆچۈرۈش مەركەزلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ھەمدە داۋاملىق تەييار تۇرىدىغان ياش ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھەممە ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى لازىم. سۇنىڭ راۋان ئېقىشى ئۈچۈن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئېرىقلارنىڭ ئېلىنىشى، چوڭقۇر يەرلەرنى، سۇ يىغىلىپ قالىدىغان جايلارنى تۈزەش، كۆۋرۈكلەرنى سېلىش كېرەك. چۈنكى ئوت ئاپىتىگە قارشى كۈرەش قىلغانلار ۋە تاشقىن سۇنى تىزگىنلىگەنلەرگە شېھىدنىڭ ساۋابى بېرىلىدىغان بولسا، ئوت كېتىش ۋە تاشقىن كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئالدىنى ئالغانلار، خەۋپ ـ خەتەرنى ۋاقتىدا بىتەرەپ قىلغانلار بۇ ساۋابقا نائىل بولۇشقا تېخىمۇ ھەقلىقتۇر.

ئوت ئۆچۈرۈش ۋە سۇ تاشقىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان جەمئىيەتلەرنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ نەزىرىدە «ئاللاھ يولى» دىكى خىزمەتلەردىن ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئۇشبۇ ھەدىس شەرىپتىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

شېھىدلىقنىڭ ساۋابىنى تېپىش ئۈچۈن كېچە ـ كېچىلەپ نەپلە ناماز ئوقۇش، ئايلاپ ـ ئايلاپ نەپلە روزا تۇتۇش شەرت ئەمەس. كەنتلەر ۋە كارخانىلاردا ئىشلەپ يۈرۈپمۇ شېھىدنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىش، سىددىقلار ۋە پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە قوپۇشنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئىنتايىن قولاي يوللىرى بار. مۇھىمى، تەجرىبىلىك، تىرىشچان ۋە پىكرى ئۆتكۈر بولۇشى كېرەك. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئۇلارغا قوشۇلغان ياشلار يازلىق تەتىل مەزگىللىرىدە يېزىلارغا قايتىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىشى، ئۇنداق ئورۇن ياكى جەمئىيەتلەر بولمىسا، ئۆزلىرى شۇ خىل جەمئىيەتلەرنى قۇرۇشى كېرەك. ياشلار بۇ خىل خىزمەتلىرى ئارقىلىق يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. زوراۋانلارنىڭ بېسىمىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بىچارە خەلقلەرنى يېرتقۇچلاردىن قۇتقۇزىدۇ، خەلقنىڭ رەھمىتىنى ئالىدۇ ۋە شۇنداقلا ساۋابقا نائىل بولىدۇ.

## 305 ـ ھەدىس: مۆمىنلەرنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى قوغداشنىڭ پەزىلىتى

**مَنْ رَدَّ عَنْ عِرْضِ أَخِيهِ رَدَّ اللَّهُ عَنْ وَجْهِهِ النَّارَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.** (سنن الترمذي)

كىمكى ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېرىندىشىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى ساقلىسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى (ئۆزىنى) ئوتتىن، ئازابتىن ساقلاپ قالىدۇ.

مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، بىر ئورۇندا بىر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتى قىلىنىشقا باشلىسا، ھاي دېيىشكە كۈچى يېتىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئاڭلاپ راھەتلىنىپ ئولتۇرماسلىقى، بەلكى ئۇنى چەكلەش، غەيۋەت قىلدۇرماسلىققا تىرىشىشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر توسۇش قولىدىن كەلمىسە، ئۇ چاغدا ئۇ يەردە ئولتۇرماسلىقى لازىم.

زامانىمىزدا بىر يەردە بىر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتى قىلىنسا، ئۇنداق قىلماسلىققا تىرىشىدىغانلار بارمۇ؟ ئارىمىزدا دىندارلىق نامىنى ئالغانلار كۆپ. چۈنكى بۇ نام ھازىرقى كۈندە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى يوقىتىپ، كۆرۈنۈش جەھەتتىن دىندار كىشىلەرگە، دىنىنى سۇيىئىستىمال قىلىپ تىجارەت قىلغۇچىلارغا بېرىلىشكە باشلىدى. ھالبۇكى، دىندارلىق قۇرۇق دەۋا، تاشقى كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئەمەس، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئۆلچەملەرگە كۆرە ئۆلچىنىدۇ. يۈز ئىشىنىڭ بىرى مۇسۇلماننىڭ ئىشىغا ئوخشىمايدىغان، بارلىق ئىشى باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، دۈشمەنگە ماتېرىيال تەييارلاپ تاپشۇرۇش، مەتبۇئات (گېزىت ـ ژۇرنال) لار ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ھاقارەتلەش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا «دىندار» لىق نامىنى بېرىشكە تىرىشىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق.

# 306 ـ ھەدىس: سالىھە ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئىمانىنى يېتىلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا

**مَنْ رَزَقَهُ اللهُ اِمْرَأَةً صَالِحَةً فَقَدْ أَعَانَهُ عَلَى شَطْرِ دِيْنِهِ، فَلْيَتَّقِ اللهَ فِي الشَطْرِ البَاقِي.** (الدر المنثور في التفسير بالمأثور)

ئاللاھ تائالا بىر كىشىگە سالىھە ئايال ئاتا قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ دىنىنىڭ يېرىمىغا ئاللاھ ياردەم قىلغان بولىدۇ، دىنىنىڭ قالغان يېرىمىدا ئاللاھتىن قورقسۇن.

ياخشى ئايالنىڭ «دىن» نى ساقلاشتىكى ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى شۇنى ئەسلىتىدۇ ۋە دىنىنىڭ قالغان قىسمىنى ساقلاشقا بۇيرۇيدۇ. سالىھە ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ئادەم، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە بەرگەن نېمىتى دەپ تونۇشى ۋە ھەر دائىم شۈكۈر قىلىشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئايالار ئەرلىرىگە قارىغاندا كۆڭلى ياخشى، ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشنى خالايدىغان، ئادەمگەرچىلىكى بار بولىدۇ. ئۇلارنى يولدىن چىقىرىۋېتىدىغانلار ۋە «ناچار خوتۇن» دېگەن نامنى ئېلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالغۇچىلار كۆپىنچە ھاللاردا بۇزۇق ۋە ھاياسىز ئەرلەردۇر.

سالىھە ئايال ئېرىنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ ھالدا خوتۇن ــ قىزلار بىلەن ئارىلاشماسلىقىغا ھەمدەم بولۇش بىلەن بىرگە، ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىشى ۋە ھارام نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشى ئۈچۈنمۇ ھەمدەم بولۇشى مۇمكىن. «دىنىنىڭ يېرىمى ساقلىنىپ قالىدۇ» دېگەنلىك قىسمەن بۇزۇق ئىشلاردىن ساقلىنىپ قېلىشنىلا ئەمەس، تۈرلۈك بۇزۇقچىلىقلاردىن ساقلىنىپ قېلىشنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئەمما بۇنداق ياخشى ئايال ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، دېڭىزدىن چىقمايدۇ، بەلكى بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۆسۈپ يېتىشىدۇ. ياخشى، سالىھە ئايالارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ياخشى تەربىيە ۋە كۆپلەپ تىرىشچانلىق سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بۇ ۋەزىپىلەرنى ئەرلەر ئورۇندايدۇ. (**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا**) ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.[152] دېگەن بۇ ئايەتنى كەرىمەنى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ئۆزۈڭلارغا ۋە ئايال ـ بالىلىرىڭلارغا ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىتىڭلار» دەپ تەپسىر قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئايالارنى تەربىيەلەشتە دىنىي كۆرسەتمىلەرنى ئاساسلىق تۇتقا قىلىش ۋە دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك لازىم. ياۋروپالىقلارنىڭ بىر قىسىم ياخشى ئادەتلىرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلاردا، مىللىتىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىن چارە ــ تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىدىغان ئالىملىرى ۋە باشقا بىر قىسىم ئىنساپلىق كىشىلىرىنىڭ بايان قىلىشىغا قارىغاندا، ناھايىتى ناچار ۋە زىيانلىق ئادەتلەرمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارلىق ئادەتلىرىنى قارا ــ قويۇق قوبۇل قىلماي، ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، زىيان ئېلىپ كەلمەيدىغان بولۇش شەرتى بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەك.

ئىسلام دىنىنىڭ ئايالارغا مۇناسىۋەتلىك نەسىھەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئائىلە ئەھۋالىنى تۈزۈك تۇتۇش، ئاساسلىق يوسۇندا ئەمەلىيەتچان بولۇشتىن ئىبارەت. ئائىلە ئەھۋالى تۈزۈك بولمىغان، ئائىلە ھاياتىنىڭ ئورنىغا كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈش يولىنى تاللىغان، چايخانا ۋە مەيخانىلاردا ئۆمرىنى زايا قىلىپ، پۇل بۇزۇشنى ئادەت قىلىۋالغان مىللەتلەرنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تورۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆز ئەركىنلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئېھتىمالى بولمايدۇ.

[152] سۈرە تەھرىم 6 — ئايەت.

# 307 ـ ھەدىس: ئىشلارنىڭ نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**مَنْ سَأَلَ الشَّهَادَةَ بِصِدْقٍ بَلَّغَهُ اللَّهُ مَنَازِلَ الشُّهَدَاءِ وَإِنْ مَاتَ عَلَى فِرَاشِهِ.** (صحيح مسلم)

بىر كىشى چىن كۆڭلىدىن شېھىت بولۇپ كېتىشنى تىلىسە، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى تۆشىكىدە يېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، شېھىتلەرنىڭ قاتارىدىن قىلىدۇ.

ھەر ئىش نىيەتكە باغلىقتۇر. شېھىت بولۇشنى نىيەت قىلغاندىن كېيىن، «ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى نىيەتكە باغلىقتۇر» دېگەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، شېھىتلەرنىڭ قاتارىدىن سانىلىشى تەبىئىي ئىشتۇر.

## 308 ـ ھەدىس: ئىلىمنى يوشۇرغانلارنىڭ قاتتىق ھېسابقا تارتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

**مَنْ سُئِلَ عَنْ عِلْمٍ فَكَتَمَهُ أَلْجَمَهُ اللَّهُ بِلِجَامٍ مِنْ نَارٍ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.** (سنن أبي داود)

بىر كىشى بىر ئالىمدىن ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ئىلىمنى سورىسا (بىرەر دىنىي مەسىلىگە جاۋاب بېرىشنى ياكى ئىلىم ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلسا)، ئالىم كىشى ئۇ ئىلىمنى يوشۇرۇپ ئېيتىپ بەرمىسە، قىيامەت كۈنى ئۇ ئالىمنىڭ ئاغزىغا ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ.

بۇ سۆز ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان دىنىي مەسىلە ھەققىدە سوئال سورىغان كىشى بىلەن شۇ مەسىلىنى بىلىدىغان ئالىم توغرىسىدىدۇر. شۇنداق ۋاقىتتا ئىلىمنى ئۆگىتىش لازىم. ئىلىمنى يوشۇرۇش: ﴿**إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنْزَلْنَا مِنَ الْبَيِّنَاتِ وَالْهُدَى مِنْ بَعْدِ مَا بَيَّنَّاهُ لِلنَّاسِ فِي الْكِتَابِ أُولَئِكَ يَلْعَنُهُمُ اللَّهُ وَيَلْعَنُهُمُ اللَّاعِنُونَ**﴾ بۇ كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى باشقىلارغا دەپ بەرمەي يوشۇرىدىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ، (يەنى رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ)، پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەرمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ،[153] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا كۆرە ھارامدۇر. چۈنكى بۇ ئايەت يەھۇدىيلار ھەققىدە چۈشكەن بولسىمۇ، ئىبارىسى ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكمىمۇ ئاۋامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەزكۇر ھەدىس شەرىپتە «سورالغان مەسىلىگە جاۋاب بەرمەي ئىلىمنى يوشۇرۇش» دېيىلگەن بولسىمۇ، ئايەت كەرىمدە ئومۇمىي يۈزلۈك يوشۇرۇش بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىستىكى: «سوئال سورىلىش» دېگەن سۆزنى ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن دەپ پەرەز قىلماسلىق، بەلكى «كېرەكلىك ۋاقىتتا ئىلىمنى يوشۇرۇش» دەپ چۈشىنىش لازىم، يەنى دىنىي مەسىلىلەر سورالغاندا بىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەرمىگەن كىشىگە ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ دېمەستىن، ئىلىمنى بايان قىلىش كېرەك بولغان ھەر قانداق يەردە كىشىلەر سورىمىسىمۇ سۆزلەپ ئۇلارنى ۋاقىپلاندۇرماي، بىلمەس بولۇپ، جىم تۇرىۋالغان كىشىگە ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ، دەپ مەنە ئېيتىش لازىم.

پەرز ھەم ۋاجىپ ئىلىملىرى، دۇنياۋى ۋە دىنىي ئىلىملەرنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھلىرىنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ئىلىملەرنى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھلىرى يەڭگىل بولسا، بەزى ئىلىملەر (مەسىلەن، ھارام، ھالال، پەرز مەسىلىلەرگە دائىر ئىلىملەر) نى يوشۇرۇشنىڭ گۇناھلىرى ناھايىتى ئېغىر بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، قولدىن قانچىلىك كەلسە شۇنچىلىك ئوقۇش ۋە ئىلىمنى تارقىتىشقا ھەمدەم بولۇش كېرەك. ھېچ بولمىغاندا، دىنىي مەكتەپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلارغا قارشى چىقماسلىق لازىم.

تۆۋەندىكىدەك كىشىلەر ئىلىمنى يوشۇرغانلار قاتارىغا كىرىدۇ:

1 ــ بىر مەسىلە توغرىسىدا شەرىئەتنىڭ ھۆكمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، سەۋەبسىزلا ياكى تۇترۇقسىز ئىشلارنى باھانە قىلىپ، گەپ قىلمىغان، ھەقىقەتنى سۆزلىمىگەنلەر.

2 ــ مەكتەپ ــ مەدرەسەلەرگە بېرىپ دەرس بېرىش ۋەزىپىسى ئۈستىگە يۈكلەنگەن تۇرۇپ بارغىلى ئۇنىمىغانلار ياكى بارسىمۇ دىققەت قىلمايدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى ھالىغا قويىۋېتىپ، ۋاقىتنى زايا قىلىۋېتىدىغانلار.

3 ــ ئۆزى ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باش تارتقاندىن سىرت، باشقىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشىغا قارشى تۇرغانلار ۋەياكى ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش، تەلىم ــ تەربىيەنىڭ قائىدە ــ تۈزۈمىنى بىلمەي تۇرۇپ، بالا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار.

4 ــ پالان تۈرلۈك ئۇسۇل بىلەن بالا ئوقۇتۇش شەرىئەتكە خىلاپ دېگەندەك، تۇترۇقسىز باھانىلەر بىلەن ئوقۇشقا، ئوقۇتقۇچىلارغا ۋە مەكتەپ خىزمىتىنى قىلغۇچىلارغا قارشى تۇرغۇچىلار، ماقالە يېزىپ تارقىتىپ ئاۋام خەلقنى قايمۇقتۇرغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈستىدىن چېقىمچىلىق

---

[153] بەقەرە سۈرىسى 159 — ئايەت.

قىلغۇچىلار. چۈنكى تەلىم ـ تەربىيەنىڭ شەرئەت تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن ئۇسۇلى، يەڭگىل ۋە سىلىق ــ سىپايە بولۇش، ئەڭ مۇھەممىدىن باشلاپ قەدەممۇ قەدەم چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئۈچ تۈرلۈك قائىدىنى تەرتىپ ــ ئىنتىزامغا سېلىش ھەر قايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغاندۇر.

5 ــ ئىلىمسىز ئادەملەر تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابلار، بولۇپمۇ پايدىسىز شەرھلەر، پايدىسىز ئەسەرلەرنى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆمرىنى زايە قىلىۋەتكۈچىلەر.

6 ــ ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ بەخت ــ سائادەت يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئەقىدە ۋە ئەمەللىرىنى تۈزىتىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر سۆزلىنىدىغان مۇنبەرلەرگە چىقىۋېلىپ، خوراپاتلىقلارنى تەشۋىق قىلىدىغانلار، ئەھمەدكە زەربە بېرىپ، مەھمۇدقا نەشتەر سانجىش ئارقىلىق شۇ مۇبارەك ئورۇننى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا قورال قىلىۋالغۇچىلار، خۇتبىنىڭ ئورنىغا ئەجەملەرنىڭ ئەھمىيەتسىز كىتابلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغانلار.

7 ــ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىش زۆرۈر بولىۋاتقان بىر پەيتتە، مەزھەپ تالاش ــ تارتىشلىرىنى قوزغاپ، خەلقنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى ۋە قانلىرىنىڭ قىزىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىلار.

8 ـ ئىسلام دىنىنىڭ روھى، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرنىڭ نىشان ۋە كۆرسەتمىلىرىنى، پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ خەلىپە ۋە ساھابىلىرى تەرىپىدىن ئارزۇ قىلىنغان ئاساسىي كۆرسەتمىلەرنى ئومۇمىي خەلقتىن يوشۇرۇپ، ئۇممەتنى ھالاكەت ۋە پالاكەت گىردابىغا ئېلىپ بارغۇچىلار.

يەنە بۇلاردىن باشقا كىشىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ ئىلىمنى يوشۇرغانلىق دەپ ھېسابلىنىشقا تېگىشلىك بولغان ئەھۋاللار يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى، بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر. چۈنكى ھازىر دۇنيادا پۈتۈنلەي يېڭى بىر دەۋر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان، بارلىق ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئۆزگىرىشكە، دۇنيانىڭ پۈتۈن ھەيئىتى بىر خىل رەۋىشكە كىرىپ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. ئۆتكەن ئەسىرلەردىكى مىللەتلەر، قەۋملەر ۋە ئۇممەتلەر كەڭ دېڭىزلارغا يىغىلغان سۇدەك، كۆلدەك جىم ياتار ئىدى، ئۆز پىكىرلىرى ۋە ئۆز ھاياتلىرىغا كۆرە ئۆمۈر ئۆتكۈزەتتى. ئەمما ھازىرقى كۈندە مىللەتلەر دەريالار كەبى ھەرىكەتلىنىپ، ئىلىم ــ مەرىپەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا سەپەر قىلىشقا باشلىدى.

بۇ يوللارنىڭ بىر قىسمى ھاياتلىققا ئېلىپ بارسا، يەنە بىر قىسمى ئۆلۈمگە (مۇنقەرزلىككە) ئېلىپ بارىدۇ.

ئاگلىق، ئىلىملىك ۋە مەرىپەتپەرۋەر، شۇنداقلا مەۋجۇتلۇق ئالەمنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق تەييارلانغان، مەدەنىي ھاياتنىڭ شەرتلىرىنى بىلىپ، ئىلىم بىلەن قوراللانغانلار ھاياتلىقتىن نەسىۋىسىنى ئالسا، ئىلىمسىز، ئاڭسىز، نادان ۋە تەييارلىقسىز كىشىلەر، كونىلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈك مىسالى مەجبۇرى ھالدا مۇنقەرز بولۇشقا، يوقىلىشقا مەھكۇم بولىدۇ.

مەدەنىي ھاياتنىڭ شەرتلىرى ۋە يەر يۈزىدە ئورۇنباسار بولۇشنىڭ قائىدىلىرىنى تىرىك ۋە ئاگلىق مىللەتلەرنىڭ تۈپ ئاساسلىق تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدىغان ئاگلىق ئادەملەر تەكشۈرۈپ كۆردى ۋە ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىپ، شۇنىڭغا مۇۋاپىق پىلان تۈزۈپ، ئۆز مىللىتىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، مىللەتلەر بولسا شۇ پىلان بويىچە ماڭىدۇ. كۈنسېرى بەخت ـ سائادەتنىڭ يۇقىرى بالداقلىرىغا ئۆرلەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

تۈرك مىللەتلىرى ئالدىدا مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارنى سالامەتلىككە ئېلىپ چىقىشتەك قەدىر ـ قىممەتلىك خىزمەت، پايدا ـ مەنپەئەت يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارنىڭ ئەقىللىق كىشىلىرى ۋە ئالىملىرى ئۆز مىللىتىنى بۈگۈنكى سەۋىيەلەرگە يەتكۈزۈش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، بەلكى بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل كېيىن پەيدا بولغۇسى بەزىبىر تۇسالغۇلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى ئىزدەيدۇ. ئىلىم ـ مەرىپەتلىك مىللەتلەر مۇشۇنداق ھايات سەھىپىلىرىنى ئاچتى. ئۇلار بۈگۈن بەختلىك بولغاندەك، كېلەچەكتىمۇ بەختلىك بولۇشقا ئىشىنىدۇ. سەئىي ــ ھەرىكەت قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرىدە مەقسىتىگە يېتىشى ئاللاھ تائالانىڭ سۈننىتىدۇر. قۇرئان كەرىم مۇنداق دېدى: ﴿**فَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّةِ اللَّهِ تَبْدِيلًا**﴾ ئاللاھنىڭ سۈننىتىنى ئۆزگەرتىدىغانلارنى تاپالمايسەن.

باشقىلار بۇ شەكىلدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كېلەچەكنىڭ راھەت ــ پاراغىتى ئۈچۈن بۈگۈنىنىڭ ھۇزۇر ــ ھالاۋىتىنى قۇربان قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، بىز مۇسۇلمانلار نېمە ئىش قىلماقتىمىز؟ ھاياتلىق ئۈچۈن سەپەر قىلدىمۇ ياكى مۇنقەرزلىككە سەپەر قىلدىمۇ؟ ۋەياكى ئولتۇرغان جايىدىن مىدىرلىماي ئۆلگىچە تۇرۇشنى راۋا كۆردىمۇ؟ بۇرۇنقى پېتى قالغان بولسا، بۇ بىر قىسىم ئىدى، لېكىن مىڭ ئەپسۇسكى، ھازىرقى كۈندە ئاۋۋالقىدەك

تۇرۇۋېرىش مۇمكىن ئەمەس. يا ئۆزۈڭ تىرىشىپ ھاياتلىق يولىنى تاپسەن ياكى باشقىلارنىڭ ئالدىدا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى «مۇنقەرزلىك» چوڭقۇرىغا چۈشۈپ ۋەيران بولىسەن.

شۈبھىسىزكى، بىز ئاۋۋالقى ئورنىمىزدا ئولتۇرمىدۇق، ئولتۇرالمىدۇق، بارىمىز ـ يۇ، لېكىن ھارۋىغا تاڭغان ياغاچتەك تۈيغۇسىز، مەقسەتسىز مەجبۇرى ھالدا بارىمىز. «ياق بىز مۇنداق ماماتلىق سەپىرگە رازى ئەمەسمىز» دېيىشكە كۈچىمىز يەتسىمۇ، جىم تۇرۇۋېلىشقا كۈچىمىز يەتمەيدۇ. بۇنىڭغا ئىمكان يوق، بولىدىغاندەكمۇ ئەمەس. بىز مۇسۇلمانلار باشقىلار بىلەن سەپەر قىلىمىز، لېكىن ھاياتلىق تېپىشقا ئەمەس، بەلكى مۇنقەرزلىككە بارىمىز، ئالدىمىزدىكى پالاكەت ئىنتايىن دەھشەتلىكتۇر.

بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى، مىللەتنىڭ ئەقىللىق كىشىلىرى مىللەت ئۈچۈن دىنىي، ئەخلاقىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي قۇرۇلۇش پىلانلىرىنى تۈزۈپ بەرمىگەنلىكىدىن، ئۆلىمالارنىڭ رەسۇلۇللاھ يەتكۈزگەن مۇھىم قائىدىلەرنى ئۈممەتتىن يوشۇرغانلىقىدىن ۋە موللىلارنىڭ رېئاللىقتا بىر قېتىممۇ ئۇچرىمايدىغان قۇرۇق مەسىلىلەر، شەرھلەر، چىگىش سۆزلەر بىلەن ئىسلام دۇنياسى يىقىلغان (مۇستەقىل ھاياتىدىن ئايرىلغان) دىن كېيىن ئىلىمسىز، نادان ئادەملەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئەسەرلەردىكى مىش ـ مىش گەپلەر بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىدىندۇر.

«ئۆلىمالار» دېگەن سۆزۈمدە كۆزدە تۇتقىنىم، چېكەتكىدەك كۆپ ئۇكازلىق موللىلار، تۈركمەن، تۈركىستان، بۇخارا ۋە ھىندىستاننىڭ ھازىرقى مەۋلىۋى ۋە داموللىلىرى ئەمەس. بۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئىسلام ئالىمى» دېگەن ئىسمىغا لايىق ئادەملەر بار بولسىمۇ، ناھايىتى ئازدۇر. «ئاز يوقنىڭ ھۆكمىدەدۇر». بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز: ھىجرىيەدىن بەش ئەسىر كېيىنكى ئىسلام ئالىملىرىدۇر. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھەقىقىي ئالىملار، قۇرئان ۋە سۈننەت ئەمەللىرىنى يوشۇرماي سۆزلەيدىغان مۇجاھىدلار چىققان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا نىسبەتەن ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مۇستەبىت ۋە جاھىل ئادەملەرنىڭ جەبىر ـ زۇلۇملىرى يۈزىسىدىن قىلغان ھەققانى سۆزلىرى ھاۋادا ئۇچۇپ زايە بولۇپ كەتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئەمرىنى ئاڭلىيالمىدى، نادانلىق ئىچىدە ياشاشقا ۋە باشقىلارنىڭ ئاياق ئاستىدا ئېزىلىشكە مەھكۇم بولۇپ قالدى.

ئىسلام شەرىئىتى ھەر تۈرلۈك مىللەت ۋە قەۋملەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مۇۋاپىق بىر دىن ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئالىملىرى تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئىجتىمائىي ھايات ئىلىملىرىنى مىللەتتىن يوشۇردى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ النَّاسَ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ**﴾ (بۇ قۇرئان شۇنداق) كىتابتۇركى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقىرىشى ئۈچۈن، غالىب (ھەممە تىللاردا) مەدھىيىلەنگەن ئاللاھنىڭ يولىغا (باشلىشىڭ ئۈچۈن) نازىل قىلدۇق.[154] بۇ ئايەتتە ئۇقتۇرۇلغان ئومۇمىي مەقسەتنى خەلققە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرمىدى. سەھرالىق ساۋاتسىز ئەرەبلەرنىڭ نادانلىق، ياۋايىلىقىنىڭ زۇلمىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، دىن، ئىلىم ــ مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت نۇرلىرى بىلەن نۇرلانغانلىقىنى، شەرەپلىك ئىسلام دىنىنى مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىغا كېڭەيتكەنلىكىنى، پۈتۈن يەر يۈزىدە نوپۇز ـ ھوقۇق يۈرگۈزگەنلىكىنى روشەن شەكىلدە چۈشەندۈرمىدى، بۇنىڭ سەۋەب ــ نەتىجىسىنى ئىزاھلاپ بەرمىدى. بىر سەۋەبنىڭ بىر تۈرلۈك نەتىجىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمىدى. بولمىسا ئايەتتە زىكىر قىلىنغان «كىتاب» تىن مەقسەت، ھازىرقى كۈندە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بار بولغان «قۇرئان» بولۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلىلا ئوخشىمايدۇ. ساھابىلەر، سەلەپلەر «قۇرئان»نى بىلىش، ئەمەل قىلىش ۋە ئەقلىنى نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇيتتى. ھازىرقى كۈندە بولسا، ئاز ـ كۆپ سەدىقە ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ، قەبرىستاندا خەتمە قۇرئان قىلىنىدۇ. قۇرئاننىڭ نېمىلەرنى ئۆتتۈرىغا قويىدىغانلىقى دېگەندەك مۇلاھىزە قىلىنىپ كەتمەيدۇ. ھەتتا ئۇنىڭدىن دەلىل كەلتۈرۈش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش ھارام ئىشلار قاتارىدىن سانىلىدۇ.

مۇھەددىسلەر ئۆزى ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى پۈتۈن ئىسنادلىرى (رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلاپ ئېغىزدىن ــ ئېغىزغا نەقىل قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى، فامىلە يۇرتلىرى) بىلەن يادلايتتى. ھەدىسلەرنىڭ سۆزلىنىش سەۋەبلىرى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەلەرنى ئېسىدە چىڭ تۇتاتتى. ھازىر بولسا، ھەدىس كىتابلىرى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تەۋەررۈك ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ. ئىسىملىرى زىكىر قىلىنغان راۋىيلار (رىۋايەت قىلغۇچىلار) نىڭ

---

[154] ئىبراھىم سۈرىسى 1— ئايەت.

فاملىلىرى، فاملىسى يېزىلغان راۋىيلارنىڭ ئىسىملىرى سورالسا، ئۆزىنى ئالىم دەپ يۈرىيدىغانلارنىڭ يۈزدىن بىرىمۇ بۇنىڭغا توغرا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. «ئىسلام شەرىئىتى نېمىلەردىن ئىبارەت؟» دەپ سورىغانلار بۇرۇندىن تارتىپلا «قۇرئان ۋە ھەدىستە بۇيرۇلغان ئىشلاردىن ئىبارەت» دېگەن جاۋابقا ئېرىشىپ كەلمەكتە. لېكىن ئۇ قۇرئاننى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىغان ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەقسەت ـ مەزمۇنلارنى مۇلاھىزە قىلىپ پايدىلىنالمىغاندىن كېيىن، ھېلىقىدەك جاۋابنىڭ نېمە مەنىسى قالىدۇ؟!

﴿**وَلَقَدْ ضَرَبْنَا لِلنَّاسِ فِي هَذَا الْقُرْآنِ مِن كُلِّ مَثَلٍ لَّعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ**﴾ بىز كىشىلەرنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق،[155] دېگەن ئۇلۇغ ئايەتكە مۇۋاپىق ھالدا قۇرئان كەرىم مىسال ۋە ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ. بۇرۇن ئۆتكەن قەۋملەرنىڭ تارىخلىرىنى سۆزلەپ ئىبرەت ئېلىشقا ھەم كائىنات سۈننەت (دۇنيادا قانداق ئىشلارنىڭ قانداق سەۋەبلەرگە باغلىق ئىكەنلىكىگە دائىر قانۇنىيەت) لىرىگە رىئايە قىلىشقا، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەربىيە بېرىشكە چاقىرىدۇ. سۆز ۋە خىتابلىرىنى ئەقىللىق كىشىلەرگە قارىتىدۇ. تەبىئەت (كۈن، ئاي، يۇلتۇز، تاغ، دەريا، ئۆسۈملۈك، ئادەم، ھايۋان قاتارلىقلار) نىڭ ئەھۋالىغا چوڭقۇر دىققەت قىلىشقا، ۋۇجۇد ۋە ھايات قائىدىلىرىگە كۆز سېلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ئىشلار كۆزى ۋە دىلى كور ئەمەس ئادەملەرگە مەلۇمدۇر. لېكىن ئالىملار شۇ نەرسىلەر ھەققىدە خەلقلەرگە مەلۇمات بەردىمۇ؟ بەرگەن بولسا، قايسى مەملىكەتتە بېرىلدى، قايسى كىتابلاردا يېزىلدى، مەلۇمات بەرگەن ئالىملار كىملەر ئىدى؟!

ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى، ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت ۋە نىشانى ئىنسانلارنى بەخت ـ سائادەتكە يەتكۈزۈش بولۇپ، قۇرئان كەرىم شۇ سائادەت يولىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ يولىنى ئەركىن ۋە سالامەت داۋام قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. ﴿**وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا**﴾ ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يولىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن. ﴿**رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً**﴾ پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن،[156] دېگەن ئايەت بۇ سۆزگە دەلىلدۇر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار قۇرئان بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، قۇرئانغا بولغان مەشغۇللۇقنىڭ تولىراقى زىر ـ زەۋەرلىرىنى توغرىلاش، تەجۋىد قائىدىسىنى تۇتۇش، بىر ئاز پۇل يىغىۋېلىش ئۈچۈن تەراۋىھ نامىزىدا خەتمە قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى مەلۇم (قۇرئاننىڭ مەزمۇن ۋە مەقسىتى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ھەممىگە يەتكۈزۈپ، ئەلنى ئىككى ئالەمنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە يېتەكلەش، ئۆزىمۇ ئەمەل قىلىپ روھنى پاكلاشتىن ئىبارەت ۋەزىپە تاشلانغان). ئەگەر ئالىملار قۇرئان بىلەن شۇغۇللانسا ئىدى، قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿**إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَالْفُلْكِ الَّتِي تَجْرِي فِي الْبَحْرِ بِمَا يَنْفَعُ النَّاسَ وَمَا أَنْزَلَ اللَّهُ مِنَ السَّمَاءِ مِنْ مَاءٍ فَأَحْيَا بِهِ الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَبَثَّ فِيهَا مِنْ كُلِّ دَابَّةٍ وَتَصْرِيفِ الرِّيَاحِ وَالسَّحَابِ الْمُسَخَّرِ بَيْنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ**﴾ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر.[157] مەزكۇر ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى چۈرىدىگەن ھالدا نەچچە توم ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى، ئالىملار ھەيئەت ۋە ھايات، تەبىئەت ۋە ھايۋانات ئىلىملىرىدە پۈتۈن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا ئۇستازلىق قىلىشى لازىم ئىدى. ئەمما رېئاللىقچۇ؟!

كىتابلارنى يېزىش، ئۇستازلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، باشقىلار قالدۇرۇپ كەتكەن كىتابلارنى چۈشىنەلىگۈدەك كىشىلەرگىمۇ تەشنا بولماقتىمىز. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى، قۇرئان ۋە سۈننەت ئىلىملىرىنىڭ بىر قىسمىنى خەلقتىن يوشۇرۇشنى مەنبە قىلىدىغان بولۇپ، پۈتۈن مىللەت بىلىمسىز ۋە ئاڭسىز ئەھۋالدا قالدى.

---

[155] زۇمەر سۈرىسى 27— ئايەت.
[156] بەقەرە سۈرىسى 201 — ئايەت.
[157] بەقەرە سۈرىسى 164 — ئايەت.

گەپنىڭ قىسقىسى، ئىلىمنى يوشۇرۇش گۇناھتۇر. پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىش «بارلىق ياخشى ئىشلار سەدىقىدۇر» دېگەن ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن ـ ئىنشائاللاھ ـ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ.

دۇنياۋى ئىلىملەر (سىياسەت، تارىخ، جۇغراپىيە، فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا، ئاناتومىيە قاتارلىق) نىڭ پايدىسى، پۇلنى سەدىقە قىلغاندىن ئارتۇقتۇر. ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى دىنىي ئىلىملەردە بولسا، دۇنيانىڭ بەخت ـ سائادىتىنىڭ دۇنياۋىي ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي ۋە دىناۋىي ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئارقىدىنلا شۇ ئىلىملەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىغا ئۆگىتىش لازىم. ئاخىرەتتە زىيان تارتىشتىن ساقلاپ قالىدىغان نەرسە، دىنىي ئىلىملەرنى ئىگىلەش ۋە شۇنىڭغا كۆرە ئەمەل قىلىش بولسا، دۇنيادا زىيان تارتىشتىن ساقلىنىشتىن ساقلاپ قالىدىغان نەرسە، دۇنياۋىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشتۇر. ئادەم بالىسى ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى لازىمدۇر. كىبىرەكسىز يەرلەردە ئىلىم ھەققىدە گەپ قىلماي تۇرغانلار، بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنىڭ تەھدىتى دائىسىرىگە كىرمەيدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامدەك كاتتا ساھابىلەرنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىنىڭ ئاز بولۇشىنىڭ سەۋەبى، سۆزلەش زۆرۈرىيىتىنىڭ قالمىغانلىقى ۋە باشقا ئىشلىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقى، شۇنداقلا گەپ قىلىدىغان باشقا كىشىلەرنىڭ بولغانلىقىدىندۇر.

# 309 ـ ھەدىس: چېقىمچىلىقنىڭ ئىنتايىن رەزىل قىلمىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**من سعى بالناس فهو لغير رشده او فيه شيء منه.**

بىگۇناھ كىشىلەر ئۈستىدىن ھاكىمغا، ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە، يۇرت كاتتىسىغا ۋە ياكى ئاۋام خەلقىقە چېقىمچىلىق قىلسا (ئىغزاكى ياكى خەت ئارقىلىق چاقسا)، ئۇ ھالال نىكاھتىن تۇغۇلغان بالا ئەمەس ياكى نەسەبىنىڭ بىر تەرىپى پاك ئەمەس.

ئىشپىيونلۇق قىلىش، غەيۋەت ۋە سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئىنساننىڭ جان ۋە مال ـ مۈلكىگە زىيان يەتكۈزۈش ۋە ئائىلىلەرنى بوزۇشقا ئېلىپ بارىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يوقىتىدىغان زىيانلىق ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا**﴾ جاسۇسلۇق قىلماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار.[158] يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَا يُحِبُّ اللَّهُ الْجَهْرَ بِالسُّوءِ مِنَ الْقَوْلِ إِلَّا مَنْ ظُلِمَ وَكَانَ اللَّهُ سَمِيعًا عَلِيمًا**﴾ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن باشقا (ھەر قانداق كىشىنىڭ) ئاشكارا يامان سۆز قىلىشىنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ زالىمدىن شىكايەت قىلىشىغا ۋە ئۇنىڭغا دۇئايىبەد قىلىشىغا بولىدۇ)، ئاللاھ (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىنى) ئاڭلىغۇچىدۇر، (زالىمنى) بىلگۈچىدۇر.[159]

ئاللاھ تائالا بۇزۇق سۆزلەرنىڭ ئاشكارىلىنىپ يېيىلىشىنى ياخشى كۆرمىگەن ئىكەن، يوشۇرۇن ھالدا دۇنياغا تارقىلىشىنىمۇ ياخشى كۆرمىسە كېرەك. زۇلۇم قىلىنغان تەقدىردە ئۆز ھەققىنى تەلەپ قىلىش (مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن) ھەققى بولسىمۇ، زۇلۇم قىلىنمىغان ئەھۋالدا ۋە ئۇمۇمىي پاراكەندىچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىرەر ئەھۋال يۈز بەرمىگەندە، بىرەر كىشىنى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە چېقىش ياكى بىر كىشىنىڭ ئەسىرىگە دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قاراپ، ئاڭلار ـ ئاڭلىماس ھالدا شۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ھەققىدە يالغان سۆز تارقىتىپ، ئاۋام خەلقنىڭ دۈشمەنلىك تۇيغۇسىنى قوزغاش ھەدىس شەرىپتە ئېيتىلغاندەك، ئۇرۇقى ساپ بولمىغان ئادەملەرنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلىم ـ ھېكمەت ساھىبلىرى شاگىرتلىرىنى جاسۇسلاردىن ئېھتىيات قىلىش (چېقىمچىدىن يىراق تۇرۇش) توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىدۇ. لېكىن جاسۇسلارنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى كۆزدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ گۇمانلىرىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىدىغان ئۇنداق كىشىلەردىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، قۇرئان كەرىم ھەسەتخورنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالادىن پاناھلىق تىلەشنى ئۆگىتىدۇ: ﴿**وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ**﴾

بۇ توغرىدا ئازار ۋە مۇڭلار كۆپ بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى تۇتۇپ سېلىشتىن قورقۇپ بۇنىڭدىن ئارتۇقنى يازالمىدىم.

| | |
|---|---|
| **اَما والله ان العلم لؤم،** | **ومازال المسئ هو الظلوم،** |
| **الى ديان يوم الدين نمضى،** | **وعند الله تجتمع الخصوم.** |

جاسۇسلار ھەققىدە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇ گۇۋاھلىقى بولغاندىن كېيىن، زار ـ مۇڭلارنى يېزىشقا ھاجەت يوق. بەلكى ئۆزۈڭنىڭ شۇ ئىشقا مۇپتىلا بولۇپ قالماسلىقىڭنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى دەپ بىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قولدىن كېلىشىچە شۈكرى قىلىش لازىم.

پاسىق، گۇناھكار، زىندىق، كاپىر، كاززاپ دەپ تۆھمەت قىلىدىغان، كۆڭۈلگە ئازار بېرىدىغان، خەلق ئىچىدە بىرئاز يۈز تاپقان ۋە كۆتۈرۈلۈپ قالغان كىشىلەرنى چىشلەپ تارتىدىغان، يامان گەپلىرىنى تارقىتىپ ئاۋام خەلققە يامان كۆرسىتىدىغان ۋە خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرىدىغان ئىشلار خېلى كونا زاماندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلاردۇر.

---

[158] سۈرە ھۇجۇرات 12 — ئايەت.
[159] سۈرە نىسا 148 — ئايەت.

ھەدىسشۇناس ئالىملاردىن ئەبۇ ھاتەم مۇھەممەد ئىبنى ھەببان ئەلبىستىنى زىندىقلىق بىلەن ئەيىبلەشتى ۋە خەلىپىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھۆكمىنى چىقارغۇزۇشتى.

ئىسلام دىنى ئۈچۈن كاتتا خىزمەتلەرنى قىلغان، ئىسلام دەۋىتىگە زور تۆھپە قوشقان ئەبۇ ھامىدىلغەززالىغا ئىنتايىن سەت بەتناملارنى چاپلىدى. ماھىر تەشۋىقاتچى، پاساھەت ـ بالاغەت ساھەسىدە ئالاھىدە ئۇستىلىقكە ئىگە بولغان ئەدىبلەرگە «قۇرئان كەرىمگە قارىمۇ قارشى سۆز قىلدى» دېگەن بەدناملارنى چاپلىدى، شۇ چېقىمچىلىقى سەۋەبىدىن شۇنداق مۆتىۋەر كىشىلىرىمىزنى ئاۋام خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈشتى، ئەبۇلئەئلا مەئەررى «غۇپران» ناملىق ئەسىرىدە قۇرئان كەرىمگە قارشى پىكىر قىلىش ئەخمەقلىق ۋە بىھۇدىلىك دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇ كىشىگە قۇرئان كەرىمگە قارشى گەپ قىلدۇ دەپ تۆھمەت چاپلىدى، شۇ يولدا (قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇش) توغرىسىدا يېزىلغان **الفصول والغايات** ئىسىملىك كىتابنى ئەبۇلئەئلانىڭ ئەسىرى دەپ يۈرۈشتى.

# 310 ـ ھەدىس: ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى

**مَنْ سَلَكَ طَرِيقًا يَلْتَمِسُ فِيهِ عِلْمًا سَهَّلَ اللَّهُ لَهُ طَرِيقًا إِلَى الْجَنَّةِ وَإِنَّ الْمَلَائِكَةَ لَتَضَعُ أَجْنِحَتَهَا رِضًا لِطَالِبِ الْعِلْمِ وَإِنَّ طَالِبَ الْعِلْمِ يَسْتَغْفِرُ لَهُ مَنْ فِي السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ حَتَّى الْحِيتَانِ فِي الْمَاءِ وَإِنَّ فَضْلَ الْعَالِمِ عَلَى الْعَابِدِ كَفَضْلِ الْقَمَرِ عَلَى سَائِرِ الْكَوَاكِبِ إِنَّ الْعُلَمَاءَ هُمْ وَرَثَةُ الْأَنْبِيَاءِ إِنَّ الْأَنْبِيَاءَ لَمْ يُوَرِّثُوا دِينَارًا وَلَا دِرْهَمًا إِنَّمَا وَرَّثُوا الْعِلْمَ فَمَنْ أَخَذَهُ أَخَذَ بِحَظٍّ وَافِرٍ.** (سنن ابن ماجة)

بىر كىشى ئىلىم ئىزلەش مەقسىتى بىلەن يولغا چىقسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىدۇ. ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى خۇش بولسۇن دەپ پەرىشتىلەر قاناتلىرىنى قويۇپ تۇرىدۇ (ھۆرمەتلەيدۇ). ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى كىشى ئۈچۈن ئاسماندىكىلەر ۋە يەردىكىلەر ھەتتا سۇدىكى بېلىقلارمۇ ئىستىغفار ئېيتىدۇ (ئۇ كىشىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشنى ئاللاھ تائالادىن تىلەيدۇ). ئىبادەت قىلغۇچىلارغا قارىغاندا ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئارتۇقلۇقى ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلاردىن ئارتۇقلۇقىدەكتۇر. ئالىملار پەيغەمبەرلەردىن مىراس ئالغۇچىلاردۇر. پەيغەمبەرلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش مىراس قويۇپ كەتمىدى، ئىلىمنىلا مىراس قويۇپ كەتتى. ئىلىم ھاسىل قىلغان كىشى كامىل ۋە تولۇق نېسىۋىگە ئىگە بولغان كىشىدۇر.

ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە بۇ يولغا كىرىشنىڭ ئارتۇقلۇقچىلىقى توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەرمۇ كۆپ. بۇ ھەدىسلەرنىڭ كۆپىرەكىنى سەھىھلەرنىڭ ۋە سۈنەنلەرنىڭ مۇئەللىپلىرى رىۋايەت قىلىدۇ. لېكىن ئىلىم ھاسىل قىلىش توغرىسىدا ئىسلام دىنى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن بەلگىلىك تەرتىپ بار. مۇسۇلمانلار شۇ تەرتىپنى ئىلىم ئۆگىنىش يولىدا دەستۇر (يول كۆرسەتكۈچ) قىلىشى لازىم.

ئەڭ باشتا ئېتىقادىي ۋە ئەمەلىي ئىلىملەرنى (دىلدا ئىشىنىشكە تېگىشلىك ئىمان ئاساسلىرىنى ۋە ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىدىغان پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە ساقلىنىشقا تېگىشلىك ھارام ئىشلارنى تونۇتىدىغان ئىلىملەرنى)، ئاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا كارغا كېلىدىغان پەنلەرنى، پۈرستى بار كىشىلەرنىڭ بالىلاردىن كېيىن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ۋە ئۆز ئائىلە ـ تۇغقانلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك خىراجەتلىرىنى قامدىغۇدەك كەسىپ ـ ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىشى لازىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ئوغۇل ـ قىز باللىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلىم ھاسىل قىلىشى، ئوقۇمايدىغان بىرمۇ بالا قالماسلىقى لازىم.

ھەربىر مەھەللىدە ئوغۇل ۋە قىزلار ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ياخشى ئوقۇتقۇچىلار، تۇرمۇش ئېھتىياجى تەمىنلەنگەن ئەر ـ ئايال مۇئەللىملەر، بەدەن ساغلىقىنى ساقلاش ئۇسۇلىغا مۇۋاپىق سېلىنغان مەكتەپلەر، ئۇلار ئۈچۈن ئىنتىزاملىق ئىدارىلەر، دەرسلىك كىتابلىرى ۋە مەكتەپلەرگە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق بولۇشى لازىم. بالىلاردىن باشقا ھېچ بولمىغاندا ھەر بەش، ئون مەھەللە ئۈچۈن كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئۆزلىرىگە لايىق ھۈنەر ـ سانائەتنى ئۆگىنىشى زۆرۈر. مۇشۇ ئىشلارغا باش قاتۇرۇش بەزى مۇسۇلمانلارغا پەرز ئەين بولسا، بەزىلىرىگە پەرز كۇپايە بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

سەلەپ ئالىملىرى: «ئىلىم تەھسىل قىلىش پەرز» دېگەن سۆزنى ناھايىتى كەڭ مەنىدە چۈشەنگەن ئىدى. ئىسلام دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىن ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاپ ياشىشى ۋە باشقىلارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىماسلىقىغا سەۋەب بولىدىغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى مەزكۇر سۆزنىڭ ئاستىغا كىرگۈزەتتى. شۇ سەۋەبتىن دىنىي ۋە دۇنياۋىي ئىلىملەر ھەققىدە كىتابلارنى يېزىپ تارقاتتى. ناھايىتى مۇكەممەل ھالدا مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەر، ھەتتا دارۇلفۇنۇن دەپ ئاتاشقا لايىق بولغۇدەك ئوقۇش ئورۇنلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. چەت ئەل تىللىرىدىن ناھايىتى كۆپ پەنلەرنى تەرجىمە قىلدى.

بىزنىڭ بۇگۈنكى ۋەزىيىمىز بولسا، بىر يەرگە توپلىنىپ يىگى ۋە كونا ئۇسۇل توغرىسىدا تالاش تارتىش قىلىپ قول شىلتىپ ۋاقتىنى زايا قىلىش، يىڭى ئوقۇش ئۇسۇلىنى دوراپ، زاڭلىق قىلىپ ئولتۇرۇش ئەمەس. بەلكى باشتىن تارتىپ سۆزلەپ كەلگەن ئىشلارنى مەيدانغا چىقىرىش ۋە شۇ يولدا تىرىشىشتۇر.

ئامىۋىي مائارىپ مەسىلىسى ئەمدى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، بۇ خىل مائارىپنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا پەرز بولغىنىغا مىڭ ئۈچ يۈز يىلدىن ئاشتى. «ئۇ بىزگە يات ئىش ئەمەس، ئومۇمىيۈزلۈك مائارىپ بىزدىن تەلەپ قىلىنغان» دەپ ماختىنىمىز. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئۆزىمىز ئەمەلىيلەشتۈرەلمىدۇق، ھەتتا يولغا كىرگۈزەلىگىنىمىزمۇ يوق.

باشقا گۇرۇھ ۋە مىللەتلەر دىنلىرى تەرىپىدىن تەكىتلەنمىگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەنلا ئومۇمىيۈزلۈك ئوقۇش ئادىتىنى پەيدا قىلدى ھەم بۇ ئىشنى ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ، ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئىلىم يولغا كىرگۈزدى. ئەمما بىز نېمە ئىش قىلدۇق؟ بىز ھەمىشە شۇ ئېلىپبە ۋە ئەبجەد مەسىلىلىرى بىلەن قارا تاختا بىلەن ئاق بور تېمىسىنى ھالقىپ ئۆتەلمىدۇق ۋە: **طلب العلم فريضة على كل مسلم** (ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر) نى ئوقۇپ يۈرسەكمۇ، كۆڭلىمىزنىڭ قارىلىقى، پىكرىمىزنىڭ تۇتۇقلۇقىنى، ھىممىتىمىز (دىن ۋە ئىلىم قوغداش روھىمىز) نىڭ ئۆلگەنلىكى، ھەرخىل خارلىق ۋە تۆۋەن چۈشۈشكە خۇيلىنىپ قالغانلىقىمىز ۋە ھەر تۈرلۈك چۈشكۈنلۈك ۋە رەزىللىكنى ئۆزىمىزگە ئادەت قىلىۋالغىنىمىز ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ ئىلىم ئوقۇش ۋە دىنىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش توغرىسىدىكى ئەمرلىرىگە قاراپمۇ باقماي، تاشلاپ قويدۇق. شۇڭا بىزدە دىنىي تۇيغۇ، دىنىي تەربىيە ئاز، بەلكى پۈتۈنلەي يوق.

كۆپلىگەن كىشىلەر باللىرىنى بىرەر مەكتەپ ياكى بىرەر مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەنلا بالا ئوقۇتۇشقا مۇناسىۋەتلىك ۋەزىپەمنى ئادا قىلدىم دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇ خاتا تونۇش بولۇپ، باللارنى مەكتەپكە ياكى بىرەر ئوقۇتقۇچىنىڭ قولغا تۇتقۇزۇپ بېرىش بالا ئوقۇتۇش قەرزىنىڭ ئۈندىن بىرىلا ئورۇنلانغان بولىدۇ. قالغان توققۇز ھەسسىسى بولسا، ئۇ بالا مەكتەپكە بېرىۋاتامدۇ، كۈندىلىك دەرسلىرىنى قالدۇرماي ئوقۇۋاتامدۇ، ئوقۇغان دەرسلىرىنى چۈشىنىۋاتامدۇ، تەربىيەلىنىشى ۋە ئەخلاقى جايىدىمۇ، ناچار ئاداش، پاسىق باللار بىلەن ئارىلىشامدۇ ـ يوق؟... دېگەندەك ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

## 311 ـ دەرس: ياخشى ئىشلارغا باشلامچى بولۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە يامان ئىشلارغا باشلامچى بولۇشنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا

**مَنْ سَنَّ فِي الْإِسْلَامِ سُنَّةً حَسَنَةً فَعُمِلَ بِهَا بَعْدَهُ كُتِبَ لَهُ مِثْلُ أَجْرِ مَنْ عَمِلَ بِهَا وَلَا يَنْقُصُ مِنْ أُجُورِهِمْ شَيْءٌ وَمَنْ سَنَّ فِي الْإِسْلَامِ سُنَّةً سَيِّئَةً فَعُمِلَ بِهَا بَعْدَهُ كُتِبَ عَلَيْهِ مِثْلُ وِزْرِ مَنْ عَمِلَ بِهَا وَلَا يَنْقُصُ مِنْ أَوْزَارِهِمْ شَيْءٌ.** (صحيح مسلم.)

بىر كىشى ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ياخشى ئىشنى يولغا قويسا، ئاندىن كېيىن شۇنىڭغا ئەمەل قىلىنسا (باشقىلار شۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرسا)، شۇ ئىشقا ئەمەل قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئەجىر ھېچ كېمەيتىلمەستىن يولغا قويغۇچىغىمۇ بېرىلىدۇ. بىر كىشى ئەگەر ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بىر بۇزۇق ئىشنى (ئادەتنى) يولغا قويسا، ئاندىن كېيىن شۇنىڭغا ئەمەل قىلىنسا (باشقىلار شۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرسا)، شۇ ئىشقا ئەمەل قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازا ھېچ كېمەيتىلمەستىن يولغا قويغۇچىغىمۇ باراۋەر بېرىلىدۇ.

خۇلاسە سۆز، ئىسلام دىنى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشنى يولغا قويغۇچىغا، ئۇ كىشىدىن كېيىن، شۇ ئىشقا ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ساۋابى بىلەن ئوخشاش مىقداردا ساۋاب بولىدۇ. زىيانلىق ئىشنى ئادەت قىلىپ قالدۇرغۇچىغىمۇ شۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گۇناھىچىلىك گۇناھ يېزىلىدۇ. ئۇ ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابىمۇ گۇناھىمۇ ئازىيىپ قالمايدۇ. «ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمەل قىلىنسا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، ئۇ كىشىدىن كېيىن باشقىلار شۇ ئىشنى قىلسا دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ ئىش دەسلەپ قىلغان كىشى ھايات ۋاقتىدا قىلىنسۇن ياكى ئۆلگەندىن كېيىن قىلىنسۇن بەرىبىر ئوخشاشتۇر.

## 312 ـ ھەدىس: باشقىلارنىڭ دۇنيالىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى قۇربان قىلىشىنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا

**مِنْ شَرِّ النَّاسِ مَنْزِلَةً عِنْدَ اللَّهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَبْدٌ أَذْهَبَ آخِرَتَهُ بِدُنْيَا غَيْرِهِ.** (سنن ابن ماجة)

باشقا بىرىنىڭ دۇنيالىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى قولدىن بېرىپ قويغان كىشى، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان كىشىدۇر.

يات بىر كىشىنىڭ دۇنيالىق ئىشىنى ياخشىلاپ قويىمەن، خالىغان ئىشىنى قىلىپ بېرىمەن دەپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىگە زىيان، ئىمانىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان كىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا يامان ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

ھاراق ئىچىدىغان، ئەپيۇن ــ نەشە قاتارلىقلارنى چېكىدىغان، قىسقىسى، ھەر تۈرلۈك يامان ئىشلارنى قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى دەسلەپتە ئاداش ـ ئاغىنىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئۇلارغا ماسلىشىش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى قېتىم شۇ گۇناھنى سادىر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى تارتىپ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇ گۇناھلارنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ياكى ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىمەن ۋەياكى ئۇ كىشىنى خۇش قىلىمەن دەپ گۇناھ قىلغۇچىلار، يېقىنىم مەندىن ئاغرىنىپ قالىدۇ دەپ يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر ۋە ئاساسىي، دەلىلى يوق ھىيلە ـ پەتىۋا بەرگۈچىلەر (دۇرۇست ئەمەس ئىشنى دۇرۇست دەپ بەرگۈچىلەر) نىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھەدىسكە توغرا كېلىدۇ (باشقىلارنىڭ دۇنيالىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ساتقان كىشىلەر مۇشۇنداق كىشىلەردۇر).

زالىم ۋە خائىنلارغا يانتاياق بولۇش، ھاياسىز ۋە ئىپپەتسىز (گۇناھتىن تارتىنمايدىغان) ئادەملەرنىڭ شۇ گۇناھ ئىشىنى قىلىشىقا جۈرئەت قىلىشىغا سەۋەب بولۇش، پاسىق ئادەملەرنىڭ پاسىقلىقلىرىنى ماختاشتەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ دۇنيالىقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ۋەيران قىلىشتۇر. بۇ زاماندا سودىگەر ۋە بايلار ئارىسىدا «ئىش تۈزىتىش» نامى بىلەن خىيانەت قىلىش ۋە كىشىنىڭ ھەققىنى تارتىۋالىدىغان ئەھۋاللار بار. بۇ ئىش مەيلى مۇسۇلمان ياكى خرىستىيانغا، مەيلى مەجۇسى ياكى دىنسىزلارغا قارىتا ئىشلەنگەن بولسۇن ئوخشاشلا ھارامدۇر. باشقىلارنىڭ دۇنيالىقى ئۈچۈن دىنىنى ساتىدىغان ئادەملەرنىڭ دىنلىرى ئۆزى تەرىپىدىن زايا بولسا، دۇنيالىقى ئۇلار خىزمەت قىلغان ئادەملىرى تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ. بۇ تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ئىش بولۇپ، بىر ئەرەب شائىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**بعت ديني لهم بدنياي حتى　　حرموني دنياهم بعد ديني**

«دىنىمنى دۇنيالىقىم ئۈچۈن ساتقاندىن كېيىن، مېنى دۇنيالىقىمدىنمۇ مەھرۇم قىلىشتى.»

## 313 ـ ھەدىس: ماھىيىتى ئېنىق بولمىغان ئىشلار ھەققىدە سۈكۈت قىلىشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

**مَنْ صَمَتَ نَجَا.** (مسند أحمد)

بۇزۇق سۆز ۋە بۇزۇق ئىشلاردىن ساقلىنىپ، جىم تۇرىۋالغان كىشى مەقسىتىگە يېتىدۇ.

مەقسەت، ياخشى نەرسىلىكى روشەن بولمىغان نەرسىلەر توغرىسىدا گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋېلىش بولسا كېرەك. ياخشى ئىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندا، جىم تۇرۇۋېلىش ئەمەس، بەلكى سۆزلەش نىجاتلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

سۆزى خەلققە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان ئالاھىدىلىكى بار تەشۋىقاتچىلار نەچچە يۈزمىڭ خەلقنى سوقۇشتۇرالايدۇ. چوڭ ئۇرۇشلارنى توختىتىش قولىدىن كېلىدۇ. تەشۋىقاتچى ۋە مۇئەللىپلەرنىڭ سۆز ۋەياكى ئەسەرلىرى يۈزىسىدىن مىللەتلەر يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئاۋام خەلق ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى شەرئەت دەپ بىلگەنلىكتىن، ئالىملاردەك كىيىم كىيىپ، پاڭىللارنىڭ قىياپىتىدە كۆرۈنۈپ يۈرىدىغانلارنىڭ ۋە بىلىمسىز گەپچىلەرنىڭ دىن ۋە مىللەتكە يەتكۈزىدىغان زىيىنى ھەددى ـ ھېسابسىزدۇر. بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن مىللەتنىڭ ئىدىيىسى زەھەرلىنىدۇ، ھەق ـ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەر، باي ۋە پاراۋان ھاياتلار يوقىلىدۇ (چالا موللا ۋە جاھىل ئىشانلار چۈشلەر، كارامەتلەر توغرىسىدا ھېكايە توقۇپ خەلقنى ئېزىقتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ «ھەر ئادەم ئاخىرەت سائادىتى ۋە دۇنياۋى پاراۋان ھاياتى ئۈچۈن، جىددىي تىرىشىشى كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت نۇرلۇق يولىنى بۇرمىلاپ، «كۆزۈڭنى يۇمۇپ، پىرنى ياد ئەت، ھەر كۈنى نەچچە مىڭ زىكرى ئوقۇپ ئولتۇر، بېھىشكە بالا ـ چاقا كەلسە پالانى مازارغا بار! پالان ھەزرەتتىن دۇئا ئال! دۇنيانى دوست تۇتما! ھەممە نەرسەڭنى ماڭا دۇئا قىلدۇر، بەن سانائەت دېگەن كاپىرلارنىڭ ئىشى، بۇ دۇنيا مۇسۇلمانىنىڭ دوزىخىدۇر، پەرۋەردىگارىمىز بىز مۇسۇلمانلارنى مۇشۇنچىلىك كۈن كۆرۈشكە ياراتقان، ھەممە ئىش قازا ۋە قەدەر بولغاچقا، سەئىي ـ سەۋەپ قىلىشنىڭ پايدىسى يوق» دەپ مۇسۇلمانلارنى ئەللەي ئېيتىپ ئۇخلىتىپ، دۇنيادا ئىت، ئېشەك كەبى ھايات كەچۈرۈشكە رازى بولۇشنى، ھورۇنلۇقنى، دۇئا گويلۇقنى تەشۋىق قىلىدۇ). بۇلار دۇنياغا ماۋزۇ (يالغان) ھەدىسلەرنى تارقىتىدۇ ۋە تەپسىر نامى ئاستىدا يەھۇدىيلارنىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشسىز قېلىشىغا، خۇراپاتلىقلارغا چۆكۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بىر موللىنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: «يەر ئۆينىڭ مۈڭگۈزىنىڭ ئۈستىدە، ئۇنى بىر مۈڭگۈزىدىن يەنە بىر مۈڭگۈزىگە يۆتكىگەندە يەر تەۋرەيدۇ» دېگەن ئەپسانىسىنى ئاڭلىغان بىر مۇسۇلمان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ: «ئىسلام مۇشۇنداق بولسا، مەن بۇ دىنىدىن چىقتىم» دەپ، قوپۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ ھەقتە ئەيىب ئىسلام دىنىدا ئەمەس. ئۇ ئوقۇغۇچىدا دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، بەلكى يالغان بىلەن راستنى ئايرىماي، كىمنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى تەكشۈرمەي سۆزلەيدىغان موللىلاردىدۇر. بۇ موللا ئەگەر سۆزلىمەي جىم تۇرغان بولسا ئىدى، ئۆزىمۇ نىجات تاپقان، كىشىلەرمۇ سالامەت قالغان بولار ئىدى. مەسجىدتىكى خەلققە يەرنىڭ، ئاسمانلارنىڭ يول ۋە ئەھۋاللىرىنى سۆزلەشنىڭ ئىلمى ھەيئەت ۋە جوغراپىيەگە دائىر مەلۇمات بېرىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟

«ھەر قانداق سۆزنىڭ ئورنى، ھەر قانداق مەيدانىنىڭ ئەرلىرى بار» دەيدىغان ماقال بار.

مەسجىدلەردە خاتىبلىق قىلىش ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە مۇبارەك ئىشتۇر. مۇنبەرگە چىققاندا رەسۇلۇللاھ تۇرىدىغان يەردە تۇرغانلىقىنى ئەستە تۇتۇشى ۋە سۆزنى ئويلاپ، ئۆلچەپ سۆزلىشى، چاقچاق ۋە سەپسەتىلەردىن ساقلىنىشى لازىم. ئېتىبارسىز گەپلەرنى قىلىدىغانلار مۇسۇلمانلارنىڭ دىنسىز بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولسا، ئېتىبارلىق سۆزلەرنى قىلىدىغانلارنىڭ سۆزلىرى بەزى چاغدا كىشىلەرنىڭ دىنغا كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بىر مەجلىستە كاتتا ۋە نوپۇزلۇق، ئۇنىڭغا قارشى گەپ قىلىش ناھايىتى قىيىن بولغان مىرزىلاردىن بىرسى، جەننەت ۋە دوزاخ ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى كۆزىگە ئىلماي، «مەن پالانى كىشى بىلەن جەننەتكە كىرگۈچە، يۈكۈنى بىلەن دوزاخقا كىرىشنى ئەۋزەل دەپ قارايمەن. دوزاخقا كىرسەممۇ ئۇسال مۇسۇلمانلارنى ئازابلاپ يۈرىمەن» دەپ مەسخىرە قىلاتتى. دەرۋىشلەردىن بىرى:

زعم المنجم والطبيب كلاهما　　لن يحشر الأموات قلت إليكما

ان صح قولكما فلست بخاسر　　وان صح قولي فالخسار عليكما

«مۇنەججىم ۋە تېۋىپ: ئۆلۈكلەر ئەسلا تىرىلمەيدۇ، دەپ بىلجىرلىدى. مەن ئۇلارغا: ئەگەر سۆزۈڭلار راست بولۇپ قالسا، مەن زىيان تارتمايمەن، لېكىن مېنىڭ سۆزۈم راست بولسا، سىلەر زىيان تارتىسىلەر، ـ دەپ جاۋاب بەردىم.» دېگەن بېيىتنى ئوقۇپ: «سىز ئادىدىي كۆرگەن خەۋەرلەر يالغان بولسا، ھېچكىمگە زىيان يوق. ئەمما راست بولۇپ چىقسا، شۇ ئەھۋال (دوزاخقا كىرىش) ئۆز بېشىغا كەلسە مىرزىلىق ۋە تۆرىلىكنىڭ بىر تىيىنلىق پايدىسى بولمىسا، ئۇ قاراڭغۇ كۈندە ھازىرقى ئادەملەرنىڭ ھېچ بىرى بولمىسا، شۇ ۋاقىتتا نېمە ئىش قىلارسەن؟ ـ دېدى.» مىرزا، يۆلىنىپ ياتقان ئورنىدىن چىرايى ئۆڭگەن ھالدا تۇرۇپ كەتتى ۋە شۇندىن كېيىن ئۇنداق گەپلەرنى قىلغىنى ئاڭلانمىدى.

ئىنتايىن سىلىق ۋە ناھايىتى تەسىرلىك سۆزلەرمۇ بولىدۇكى، قۇلاقتىن ئۆتۈپ يۈرەككە، كۆڭۈلنىڭ ئەڭ ئىچكى قاتلاملىرىغا بېرىپ ئورۇنلىشىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى شۇ تۈردىكى سۆزلەردىندۇر. شام ۋە مىسىرلىق خرىستىيان ئەرەبلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا «جەۋامىئۇلكەلىم» دېن بولغان مىساللار ئورنىدا سۆزلىنىدىغان ھەدىسلەرنى ماقالىلىرىنىڭ ماۋزۇسى قىلىدۇ ۋە ئۆز مۇددىئاسىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ئورنىدا، دەل كۆڭۈلگە تەسىر قىلىدىغان يەرلەردە ئىشلىتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھەدىسلىكى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپمۇ قويۇشماي، ئۇنى گويا ئەرەبلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان ھېكمەتلىك سۆزلەردەك كۆرسىتىشىدۇ. مۇنداق ئەھۋاللارنى خرىستىيان ئەرەبلەرنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا نەچچە قېتىملاپ ئۇچراتتۇق ۋە ئۆزلۈكسىز ئۇچراتماقتىمىز.

## 314 ـ ھەدىس: ياخشىلىق قىلغان كىشىگە: «ئاللاھ ئەجىر ئاتا قىلسۇن» دېيىش توغرىسىدا

**مَنْ صُنِعَ إِلَيْهِ مَعْرُوفٌ فَقَالَ لِفَاعِلِهِ جَزَاكَ اللَّهُ خَيْرًا فَقَدْ أَبْلَغَ فِي الثَّنَاءِ.** (سنن الترمذي)

كىمكى بىر كىشىدىن ياخشىلىق كۆرگەندىن كېيىن، «ئاللاھ سىزگە ياخشى ئەجرى بەرسۇن» دېسە، ئۇستىگە چۈشكەن قەرزىنى بىر ئاز بولسىمۇ قايتۇرغان بولىدۇ.

ياخشى ئىش قىلغان كىشىگە ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش مۇسۇلمانلىقتىندۇر. ئەگەر بىر كىشىنىڭ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا كۈچى يەتمىسە، ئۇ چاغدا: «ئاللاھ تائالا سىزگە ئەجرى ـ ساۋاب ئاتا قىلسۇن» دەپ دۇئا قىلىشىمۇ ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغانلىق بولىدۇ.

## 315 ـ ھەدىس: يېتىم بالىنى باققان كىشىلەرنىڭ كاتتا ئەجرگە ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا

**من ضم يتيما له أو لغيره حتى يغنيه الله عنه وجبت له الجنة.**

بىر كىشى ئۆزى بېقىشقا تېگىشلىك بولغان بىر يېتىم بالىنى ياكى يات بىر كىشىنىڭ يېتىم بالىسىنى بالاغەتكە يەتكۈچە بېقىپ تەربىيەلىسە، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ.

«يېتىمغا كېپىللىك قىلغۇچى بىلەن مەن جەننەتتە مۇشۇ ئىككى بارماقتەك بولىمىز دەپ، ئىككى ئوتتۇرا بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتتى»[160] دېگەن ھەدىسمۇ مۇشۇ مەزمۇندىدۇر.

يېتىمنى باققۇچى كىشىلەرگە كاتتا ساۋاب ۋەدە قىلىنغانلىقىغا دائىر بۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەرمۇ كۆپ. قۇرئان كەرىم يېتىملەرگە قوپاللىق قىلىشتىن توسىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرىنى يېۋالغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. كۆپلىگەن يېتىملەر ئۇلارغا قارايدىغان، مېھرى ـ شەپقەت بىلەن ئۇلارنىڭ روھى ۋە تەن سالامەتلىكىنى ئاسراپ تەربىيەلەيدىغان كىشىلەردىن مەھرۇم قالىدۇ. بەزىبىر يېتىملەرنىڭ ئانىسى بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئاياللار باشقىلارنىڭ تەربىيەسى ۋە ھىمايىسىگە  سېغىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقتىن ياكى باشقا بىر ئەرگە نىكاھلانغانلىقتىن يېتىم بالىلارغا كۆڭۈل بۆلەلمەي قالىدۇ. مەيلى دىنىي مەيلى دۇنياۋىي جەھەتتە تەربىيەدىن مەھرۇم قىلىپ، ھايۋانلاردەك ھايات كەچۈرۈشكە مەھكۇم بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر يېتىملەرنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئۇلارغا مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئورۇنداش قىزغىنلىقى بولسا، رەسمىي شەكىلدە يېتىمخانىلارنىڭ ئېچىلىشى ۋە بۇ يېتىمخانىلارنىڭ مۇسۇلمانلار كۆپ جايلاشقان شەھەرلەر، يېزىلار ۋە چەت كەنتلەردىمۇ بولۇشى، ئۇ يەرلەردە دىنىي ئىلىملەر بىلەن بىللە دۇنيادا ھايات كەچۈرۈشنىڭ يوللىرى، ھۈنەر ـ سانائەتلەر ئۆگىتىلىشى لازىم. رەسمىي جەمئىيەتلەر ۋە تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق نازارەتلەر ئاستىدا بولغان بۇ يېتىمخانىلەر ھەرتۈرلۈك ناتوغرا باشقۇرۇشلاردىن ئامان بولىدۇ. ئىلمى، ئەقلى ۋە بەدەن كۈچى بىلەن خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ساۋابنىڭ يولى ئېچىلىدۇ.

بىر ـ بىرىگە «ھە، خۇش» دېيىشىپ، قورۇق پاراڭ سوقۇشۇپ، خەلقنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىنى قىلىشىپ ئولتۇرىدىغان مېھماندارچىلىقلاردىن ئاشۇنداق يېتىمخانا ۋە تەلىم ــ تەربىيە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ھەم ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلاش ھەم نەتىجىسىنىڭ تېخىمۇ  ئۈنۈملۈك بولۇشى نۇقتىسىدىن ياخشىدۇر. شۇنداق مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بولسىمۇ، يەنىلا كەينىگە سۆرىلىدۇ. شۇنداق جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزالىرى ۋە يېتىمخانىلارنىڭ خادىملىرى ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇشبۇ ھەدىسلىرىدە ئېيتىلغان ساۋابلارغا نائىل بولىدۇ. ئىنسانلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئادا قىلغان ھالدا ئاخىرەت مەيدانىغا يۈزى ئوچۇق ھالدا بارالايدۇ.

---

[160] ئىبنى ماجە.

# 316 ـ ھەدىس: قىز بالىنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇشنىڭ يەزىلىتى

**مَنْ عَالَ جَارِيَتَيْنِ حَتَّى تَبْلُغَا جَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَنَا وَهُوَ وَضَمَّ أَصَابِعَهُ.** (صحيح مسلم)

كىمكى ئىككى كىچىك قىز بالىنى بالاغەتكە يەتكۈچە بېقىپ تەربىيەلىسە، شۇ كىشى قىيامەت كۈنىدە مەن بىلەن مۇشۇنداق كېلىدۇ دەپ بارماقلىرىنى جۈپلەپ كۆرسەتتى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى بارمىقىنى جۈپلەپ ئۆزىگە ناھايىتى يېقىن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشى، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈندۇر. يات ۋە يېتىم قىزلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۆيلۈك ــ ئۇچاقلىق قىلىپ قويغۇچىلار بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇن دائىرىسىگە بىرىنچى بولۇپ كىرىدۇ (قىيامەت كۈنى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولىدىغانلارنىڭ ئالدى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ). بۇ ھەدىس، ئۆز قىزلىرىنى ئوبدان تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگۈچىلەر ئۈچۈنمۇ خۇشخەۋەر بولسا كېرەك. بۇ خۇسۇستا باشقا ھەدىسلەرمۇ بار.

زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تۇرمۇش يوللىرىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بالىلارنى، بولۇپمۇ قىز بالىلارنى تەربىيەلەش بىلەن تۇرمۇش تۈزۈمى ئارىسىدا مۇناسىۋەت بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىزلارنى ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامدىيالىغۇدەك سەۋىيەدە تەربىيەلەش كېرەك.

ئەگەر ئەرگە تەگكەندىن كېيىن، ئېرىنىڭ كەسپى ۋە ئىقتىسادى يېتەرلىك بولسا، بۇ ھۈنەرنى ئىشلەتمىسە زىيىنى بولمايدۇ، ئۇ ھۈنەر ئاش ـ نان دېمەيدۇ. ئەمما ئېرىنىڭ كەسپى ۋە ئىقتىسادى يېتەرلىك بولمىسا، شۇ ۋاقىتتا ئۇ ھۈنەر ئىشقا يارايدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا شۇنداق بىر ھالدىدۇركى، قىز بالىلارنىڭمۇ ھەم ئۆزى ھەم باشقا بىرەر ـ ئىككى جاننى بېقىپ كېتەلىگۈدەك ھۈنىرى بولۇشى لازىم. ئوغۇل بالىلار ھەققىدە گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ تۇزدەك ئالا ـ يېشىل، ئاللۇ ـ پۇللۇ بولۇپ، ياسىنىپ يۈرىدىغان قوچاقلارغا قارىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈشىمىز توغرا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم، ئىقتىسادى ياخشى ۋە كىيىم ــ كېچەكلىرى كۆپ بولۇپ، ئۆزىنى ياساپ ـ جابدۇپ يۈرۈشتىن باشقا غېمى يوق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىز ئۆز يېمەك ـ ئىچمىكىمىزنى ئۆزىمىز تېپىشقا مەجبۇرمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ھەممىمىز، ھەتتا قىزلىرىمىزمۇ ھۈنەر ـ كەسىپلىك بولۇشى، ئەرگە تەگكەندىن كېيىن كېسەل بولۇپ قالغان (ياكى قامالغان) ئېرى ۋە ئۇششاق باللىرىنى بېقىپ كېتەلىگۈدەك ھالەتتە تەييارلىق كۆرۈشكە تېگىشلىكمىز. بۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشتۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئايال ـ قىزلارنى ئوبدان ئاسراش، تەن ۋە جانلىرىنى ياخشى تەربىيەلىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى مۇشۇ ئۇلۇغ ھەدىس ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەردىن مەلۇم بولىدۇ.

بەنى ئىسرائىل (يەھۇدىيلار) غا تونۇشلۇق بولغان بىر دەستۇرغا كۆرە، ئاياللار ئازاد ئەمەس، بەلكى ئەرلىرىنىڭ مۈلكىنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئەرلەرنىڭ قانچە ئايال ئېلىشنى خالىسا، شۇنچىنى ئېلىشى دۇرۇست بولۇپ، مەلۇم بىر سان بىلەن چەكلەنمەيتتى. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى يۈز ئىدى دەيدىغان رىۋايەتلەرمۇ بار. ئېرى تەستىقلىماي تۇرۇپ ئايال كىشىنىڭ قىلغان قەسىمى ئېتىبارغا ئېلىنمايتتى. ھىندىلاردىمۇ بىر ئەرنىڭ ئالىدىغان ئاياللىنىڭ سان جەھەتتىن چەكلىمىسى يوق ئىدى. ئايال ئېرىنىڭ مۈلكى ھېسابلىناتتى. ئېرى ھەرقانچە ۋاپاسىز بولسىمۇ، ئايالى ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغان «ئىلاھ» تەك تەزىم قىلاتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى. نۆۋىتى كەلگەندە ئېرى ئۈچۈن جىنىنى پىدا قىلاتتى. ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ دۇنيانى ئۆزىگە ھارام دەپ ھېسابلاپ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرەتتى.

يۇنان ۋە رىملىقلاردا ھەرقانچە باي كىشلەرنىڭ ئاياللىرى بولسىمۇ، ئۆي ئىچىدىن چىقماي يىپ ئېگىرىپ، كەندىر سوقۇپ، قوماچ قورۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. ناھايىتى ئاز ۋاقىتلاردا ساياھەت ۋە ئايلىنىشقا چىقسىمۇ، ئۇ يەردىمۇ خىزمەتچى قىزلار بىلەنلا يۈرۈپ قايتاتتى. ئەرلەر ۋە ئادەم يىغىلغان يەرلەرگە بارمايتتى. تەلىم ــ تەربىيەدىن يىراق، نادان ھالەتتە ياشايتتى. توغرا ـ ناتوغرا بارلىق ئىشلاردا ئەرلەرگە ئىتائەت قىلاتتى. رىمدا ئاياللارنى ماختايدىغان سۆز: «ھەمىشە ئۆيدە رەخت توقۇپ ئولتۇرىدۇ، تاشقىرىغا چىقىپ يۈرمەيدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. يۇنانلىقلار قىزلىرىنى ئون بەش

ياشقا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دوستلىرى ياكى بىرەر تۇغقانلىرىغا بېرەتتى. قىزلارنىڭ پىكرىنى، رازىلىقىنى سورىمايتتى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قىزلار ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تويدىن كېيىن بىر يەرگە كەلگەندىلا بىلەلەيتتى.

ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ خالىغىنىچە خوتۇن ئالاتتى، خالىغان چېغىدا تالاق قىلىپ يولغا سېلىپ قوياتتى. خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ نەپىقىسىنى بېرەلىشى ۋە ئادىل مۇئامىلە قىلىشى (ھەممە جەھەتتە ئايالنى ئوخشاش كۆرۈشى) شەرت قىلىنمايتتى. ئاياللار مال ـ مۈلۈك ۋە ئۆي سەرەمجانىنىڭ ئورنىدا كۆرۈلەتتى. ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئېرىنىڭ تۇغقانلىرىغا مىراس قالاتتى، ئۇ خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن شۇ ئادەمنىڭ خوتۇنى بولۇشقا مەجبۇر ئىدى.

قىز باللار ۋە ئاياللارغا مىراس بېرىلمەيتتى. بەزىبىر قەبىلىلەر قىز باللارنى تىرىكلا كۆمۈۋېتەتتى ياكى باشقا بىر يول بىلەن ئۆلتۈرىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشلار ئەيىب دەپ قارالمايتتى.

مۇشۇ ئەھۋاللار بىلەن ياخشى تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا دائىر ھۆكۈملىرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ نەسىھەتلىرىنىڭ دەرىجىلىرىنى، ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى ياخشى قائىدىلەرنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىۋالغىلى بولسا كېرەك. ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ۋە تۈزىتىش تارىخى ئىسلام دىنى كەلگەن كۈندىن باشلىنىدۇ. بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ باش رەھبىرى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى. بۇ ئىشنى فىرانسۇزلار باشلىغان دېيىش ۋە ئىسلاھ ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ باشلىقلىرى فىرانسۇز ئالىملىرىدۇر دەپ قاراش خاتالىق ۋە ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن دۈشمەنلىك قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

## *317* ـ ھەدىس: دىنىي قېرىندىشىنىڭ گۇناھىنى يۈزىگە سېلىپ خىجىل قىلىشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكى توغرىسىدا

**مَنْ عَيَّرَ أَخَاهُ بِذَنْبٍ لَمْ يَمُتْ حَتَّى يَعْمَلَهُ.** (سنن الترمذي)

كىمكى دىنىي قېرىندىشىنى بىر گۇناھى يۈزىسىدىن خىجىل قىلسا، شۇ گۇناھنى ئۆزىمۇ سادىر قىلماي تۇرۇپ ئۆلمەيدۇ.

بۇ سۆز تەۋبە قىلىنغان گۇناھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەيدىغانلارمۇ بار. شۇنداق بولسىمۇ، كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش ۋە يۈزىگە سېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يېقىنلاشتۇرۇش يولى بىلەن يۈزىگە ئېيتىشقا توغرا كېلىپ قالغاندا، بۇ چاغدا ئەمرى ـ مەرۇپنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش لازىم. «بىر كىشىنى ئىتنى ئېمىش بىلەن ئەيىبلىگەن ئادەم، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە شۇ ئىتنىڭ ئىككىنچى ئەمچىكىنى ئەممەي قالمايدۇ» دەيدىغان ماقال بار.

يامان غەرەز بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرىدىغان، ئەيىبىنى كولايدىغان، غەيۋىتىنى قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ (ماتېرىيال يېزىپ) چېقىمچىلىق قىلىدىغان ۋە ناھەق ھالدا بىر نېمىلەرنى قىلىپ ئۇلارغا ئازار بېرىدىغانلار، ھەق تائالانىڭ: ﴿**وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُبِينًا**﴾ مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ،[161] دېگەن ئايىتىنىڭ ھۆكمىگە توغرا كېلىدۇ.

---

[161] سۈرە ئەھزاب 58 ـ ئايەت.

**من فرق فليس منا.** (الطبراني)

بىر كىشى خەلقنىڭ (ياكى ئۈممەتنىڭ) ئارىسىنى ئايرىسا، ئارىسىغا دۈشمەنلىك ۋە بۆلگۈنچىلىك سالسا، ئۇ كىشى بىزدىن ئەمەس.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىپ، ئايرىلىپ كېتىشىنى قەتئىي ياقتۇرمايتتى. پىرقە ۋە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كېتىشىدىن قورقاتتى ۋە ساقلىناتتى، ئاللاھ تائالادىن پاناھلىق تىلەيتتى. ھەتتا بىر كۈنى مەسجىدكە كىرگىنىدە جامائەتنىڭ تارقاق ھالەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. قۇرئان كەرىمدۇ: ﴿**وَاعْتَصِمُواْ بِحَبْلِ اللّهِ جَمِيعاً وَلاَ تَفَرَّقُواْ**﴾ ھەممىڭلار بىرلىكتە قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسىنى چىڭ تۇتۇڭلار! بۆلۈنۈپ كەتمەڭلار! دەپ پارچىلىنىشتىن توسىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەر بىلەن ئايالنىڭ، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىنىڭ ئارىسىنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق سەۋەبلەردىن باشقا بىر سەۋەپ بىلەن ئايرىۋەتكۈچىلەر، بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار، ئۇمۇمەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلغۇچىلار ئۇشبۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا چۈشىدۇ (يەنى، مۇسۇلمانلار جۈملىسىدىن ئەمەس)[162].

[162] بۇ ھەدىس، ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان: «كىمكى، بىر ئەر ۋە ئايالنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇ ئادەمنى ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان يېقىن كىشىسىدىن ئايرىۋېتىدۇ» دېگەن ھەدىس بىلەن ئىبنى ماجە تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: «من فرق بين الوالد و ولده و بين الاخ و اخيه» يەنى: «كىمكى بالا بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، قېرىنداش بىلەن قېرىنداشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتسە» دېگەن لەۋزى بىلەن بايان قىلىنغان.

## 319 ـ ھەدىس: ئەما كىشىگە قىلىنغان ياردەمنىڭ پەزىلىتى

**من قاد أعمى أربعين خطوة وجبت له الجنة.** (مجمع الزوائد)

كىمكى بىر ئەما كىشىنى گۇناھ بولمايدىغان يەرگە قىرىق قەدەم يېتىلەپ ئاپىرىپ قويسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەما كىشىنى قىرىق قەدەملىك يەرگە يېتىلەپ ئاپىرىپ قويۇش شۇنچىلىك ساۋابلىق بولسا، ئۆزلىرى ئوچۇن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىپ باللارنى تەربىيەلىگۈچىلەر، ئوقۇتقان باللارنى تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدىن خاتىرجەم قىلغۇچىلار، ئۇلارغا ھۈنەر ئۆگىتىپ قورۇق ياغاچ كەبى بولۇپ قېلىشتىن قۇتۇلدۇرغۇچىلار، ھەتتا خەت يېزىشنى ئۆگەتكۈچىلەر، ئومۇمەن، كىشلەرنى مەنىۋي كورلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەت يولىغا يېتەكلىگۈچىلەرگە قانچىلىك ساۋاب بولىدىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمدۇر. رەسۇلۇللاھ ئۇممىتىگە شەپقەت ۋە مەرھەمەت دەرسلىرى بېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغۇچىلارغا بىرگە بىرنىلا ئەمەس، بەلكى بىرگە ئون ھەسسە ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. لېكىن ئۇممەت قوزغالمايدۇ، سىلكىنمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى ياۋرۇپالىقلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا قاراپ ئەجەبلىنىپ ئولتۇرىدۇ. مۇنداق ئىشلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن دەپ ئويلايدۇ، ئۇلاردىن ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلمايدۇ. ئەھۋال شۇنداقكەن، رەسۇلۇللاھ ئۇممەتنىڭ ھازىرقى ھالىدىن مەمنۇن بولارمۇ؟ ياكى ھەسرەتلىنىپ:

**لقد اسمعت لو ناديت حيا          لكن لا حيات لمن تنادي**

«تىرىك ئادەمنى قىچقىرغان بولساڭ ئاڭلىتالايتتىڭ، لېكىن سەن چاقىرغان ئادەمدە ھايات يوق» دېگەندەك، سۆزىنىڭ مۇنداق ئېتىبارسىز تاشلىنىپ قالغىنىغا قاراپ ئۇممىتىمنىڭ ھەممىسى ئۆلۈك ئىكەن دەرمۇ؟

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئەخلاقىي ئىشلارغا دائىر مۇنداق ۋەز ـ نەسىھەتلىرى، ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە قورقۇتۇشلىرى بار بولسىمۇ، ئۇممەت بىرەر ئىشتا ئۈلگە بولالمىدى. پۈتۈن ھىممەت ۋە تىرىشچانلىقى يېمەك ـ ئىچمەك، ياسىنىش ـ جابدۇنۇش، توي ـ تاماشا قىلىش، رەستە ـ بازارلاردا يۈگۈرۈپ يۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر ناماز ئوقۇسا، روزا تۇتسا، بۇ ئىش خەلق ئۈچۈن مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن، ئۆز جېنىغا ئامراق بولغانلىقتىن قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىبادەتلەرنى ئۇنداق ئىجتىمائىي ئىشلاردىن دېيىشكە بولمايدۇ. بۇلار باشقا مەسلىلەردۇر.

ئۇفا شەھرىدىكى بىر مەجلىستە بىر مىرزا ئورنىدىن تۇرۇپ، قولى بىلەن خەلققە ئىشارەت قىلغان ھالدا: «بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى دەپ ھۆكۈم قىلىش ناھايىتى قىيىن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئادەتتىن تاشقىرى ھىممەتلىك ۋە جاسارەتلىك، ئالغا باسار، تەدبىرلىك، تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق ۋە ئىرادىسى مۇستەھكەم بىر كىشى ئىدى. ھالبۇكى ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا ئۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھېچ قايسىسىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ بار ــ يوق ماھارىتى، بىر يەرگە جۇغلىشىپ «ئالىملار ئولتۇرۇشى»، «ياشلار ئولتۇرۇشى»، «دوستلار ئولتۇرۇشى»، «يېقىن ــ يۇرۇقلار ئولتۇرۇشى» دېگەندەك ناملار ئاستىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ قورساق بېقىش، بىر تىيىنلىق مەنىسى يوق پاراڭلارنى قىلىشىپ ئولتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆمۈر ۋە ئاش ــ ناننى ئورۇنسىز زايا قىلىۋېتىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق، «ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئەسلا چۈشەنمەيدۇ. ھازىرقى ياۋروپالىقلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى دېسەكمۇ يارىشىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، مۇئامىلىلىرى، دۇنيادا كۈن كۆرۈش، ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشلىرى پۈتۈنلەي پەيغەمبىرىمىز ياخشى كۆرىدىغان رەۋىشتە. ئۇلار ناھايىتى ئىشچاندۇر ۋە ئىش باشقۇرغۇچىلاردۇر. ئاد قەۋملىرى ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ جىنلىرى بۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەس.

بۇلار ناھايىتى پۇختا، ئىقتىسادچان، ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئىشلەيدىغان، ئۆز مىللىتى ۋە دىنداشلىرىغا مېھرى ــ شەپقەت ۋە ياردەم قىلىدىغان، ئىلىم يولىدا جېنىنى پىدا قىلالايدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز دىنىغا ناھايىتى مۇستەھكەم كىشلەردۇر...» دەپ بۇ ھەقتە ئۇزۇن توختالغانىدى. يىگى بارغان چاغلىرىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەم دىققەت قىلىپ ھەم ھەيرانلىق ئىلكىدە تىڭشىغان ئىدىم.

# 320 ـ ھەدىس: ئىككى يۈزلىمچىلىكنىڭ جازاسى

**مَنْ كَانَ لَهُ وَجْهَانِ فِي الدُّنْيَا كَانَ لَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ لِسَانَانِ مِنْ نَارٍ.** (سنن أبي داود)

دۇنيادا ئىككى يۈزلىمچىلىق قىلغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى ئوتتىن ئىككى تىلى بولۇپ، ئازاب قىلىنىدۇ.

«ئىككى يۈزلىمچى» دېگەن، بىر تەرەپكە بېرىپ ئۇنىڭ تەرەپتارى بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتىگە ئورتاقلىشىپ، يەنە بىر تەرەپكە بارغانـدا، ئۇنىـڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ مەقسىتىگە ئورتاقلىشىپ گەپ قىلىدىغان كىشىدۇر. بۇنداق قىلىش، مۇسۇلمانلارچىلىق بىلەن قىلچىمۇ مۇناسىۋىتى بولمىغان يامان ئەخلاقلاردىندۇر.

بىر تەرەپكە بىر يۈزنى، ئىككىنچى تەرەپكە يەنە بىر خىل يۈزنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، مۇنداق كىشىلەر ئىككى يۈزلىمچى دەپ ئاتىلىدۇ. (117 ھەدىسكە قاراڭ.)

## 321 ـ ھەدىس: مېھماننى ھۆرمەتلەش، قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ياخشى سۆزلەرنى قىلىشنىڭ پەزىلىتى

**مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيُحْسِنْ إِلَى جَارِهِ وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْرًا أَوْ لِيَصْمُتْ.** (مسند أحمد)

كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، مېھمىنىغا ھۆرمەت قىلسۇن. كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن. كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، گەپ قىلسا ياخشى گەپ قىلسۇن، بولمىسا جىم تۇرسۇن.

قوشنىلىرىنى گەپ ـ سۆز ياكى ئىش ــ ھەرىكەت ئارقىلىق رەنجىتىش، ئۇلارغا جاپا سېلىش ئىسلامنىڭ ھۆكمىگە كۆرە گۇناھ ئىشتۇر. مۇسۇلمان ئەمەس قوشنىنىڭمۇ قوشنىدارچىلىق ھەققى بار. مۇسۇلمان قوشنىنىڭ بولسا ھەم قوشنىدارچىلىق ھەم مۇسۇلماندارچىلىق ھەققى بار. تۇغقان بولسا، مۇسۇلمان قوشنىنىڭ قوشنىدارچىلىق، مۇسۇلماندارچىلىق ۋە تۇغقاندارچىلىق ھەقلىرى بولىدۇ.

قوشنا ھەققى رەنجىتمەسلىك، زىيان ـ زەخمەت سالماسلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى قوشنىدىن كەلگەن دىل ـ ئازار ۋە جەبىر ـ جاپالارنى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. **مازال جبرئيل عليه السلام يوصيني بالجار حتى ظننت إنه سيورثه** «ھەزرىتى جىبرىل قوشنا ھەققىدە شۇنداق كۆپ تەۋسىيەلەرنى قىلدىكى، ھەتتا قوشنا قوشنىدىن مىراس ئالامدىكىن دەپ گۇمان قىلدىم» دەپ ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ. يەنى رەسۇلۇللاھ: «ئاخىرى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ باشقا تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە قوشنىسىغىمۇ بىر ھەسسە مىراس تەيىن قىلىنىشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم» دېمەكچى بولىدۇ.

مەيلى قىچقىرىپ ئەكەلگەن ياكى ئۆزى كەلگەن مېھمان بولسۇن، مېھماننى ھۆرمەتلەش ئىسلام دىنىنىڭ نەزىرىدە گۈزەل ئەخلاق ۋە چىرايلىقچە بىللە ياشاش قاتارىدىن سانىلىدۇ. بۇ ئىش ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبلەردىمۇ ياخشى ئادەت ھېسابلىناتتى. ئەرەبلەرنىڭ مېھماننى ھۆرمەتلىشى تۈرك مىللىتىدىن پەرقلەنمەيتتى. بىر ئەرەب شائىرى بۇ ھەقتە:

**فراشي فراش الضيف والبيت بيته** — **ولم يلهني عنه غزال مقنع**

**أحدثه " إن الحديث من القرى "** — **وتعلم نفسي إنه سوف يهجع**

بارلىقىم مېھماننىڭ، ئۆيۈم ئۆيىدۇر،
يېنىمدا جانانىم، ئەس ــ يادىم مېھمان.
ھۆرمەتنى ۋايىغا يەتكۈزەر سۆھبەت،
تەيياردۇر ئۇيقۇغا ماكانى پىنھان.

مۆتىۋەر ئالىملاردىن لەيس ئىبنى سەئىد بۇ يەردە بايان قىلىنغان ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مېھمانغا زىياپەت بېرىشنى ۋاجىپ دەيدۇ.[163] مېھمانغا زىياپەت قىلىش مەيلى ۋاجىپ ياكى مۇستەھەب ۋەياكى پەزىلەتلىك ئىشلاردىن بولسۇن، ئادەتتىن تاشقىرى تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەسلىك، مال ۋە ئۆمۈرنى ئىسراپ قىلماسلىق شەرتتۇر (ئارتۇق چىقىم، زىيادە ھەشەمەتخورلۇق قىلماسلىق كېرەك). ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ قىلىنمىغان چىقىملار پۇلنى ھەم مالنى ئورۇنسىز چىقىم قىلىشقا سەۋەب بولغان مېھماندارچىلىقتىكى گۇناھلار، مېھماننى ھۆرمەتلەشكە بېرىلىدىغان ساۋابقا باراۋەر كەلمەيدۇ. بىر قېتىملىق چاي زىياپىتىدە ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئۆمۈرنى ئۆتكۈزىۋېتىش، كەلمىگەن كىشىلەرنى ساقلاش، پايدىسىز، كېلەر ـ كەلمەس سەپسەتىلەرنى

[163] قۇرئان ھۆكۈملىرى، 1 ـ جىلد، 431 ـ بەت.

سۆزلىشىپ ئولتۇرۇش ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋە بىمەنە ئىشلاردىندۇر. كۆپ ئادەم قىچقىرىلغان چاي ۋە ئولتۇرۇشلاردا سائەتلەر ۋە مىنۇتلار ھېسابقا ئېلىنمىغاندىن كېيىن، يانچۇققا سائەت سېلىپ يۈرۈش بىھۇدىلىكتۇر.

سۆزلەش پايدىلىقمۇ ياكى سۈكۈت قىلىشمۇ؟

بۇ ھەقتە سۆز قىلىشقا ماھىر ئادەملەر بىلەن ئۇبدان گەپ قىلالمايدىغانلار ئارىسىدا مۇنازىرىلەر بار. جاھىزنىڭ «**البيان والتبيين**» ناملىق كىتابىنىڭ بىر نەچچە يېرى ۋە باشقا كىتابلاردىن پايدىلانغان ھالدا بۇ مەسىلىنى بەس ـ مۇنازىرە تېمىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز. بۇنىڭدىن بىر قىسىم ئەدەب ئەھلىلىرى پايدىلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

جىم تۇرۇش پايدىلىق دېگۈچىلەرنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

جىم تۇرۇش ئەۋزەل. ھەدىس ئالىملىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئەلئاستىن «**من صمت نجا**» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ. لوقمان ئوغلىغا: «ئەي ئوغلۇم! جىم تۇرغىنىمغا پۇشايمان قىلغىنىم يوق. ئەمما گەپ قىلغىنىمغا نۇرغۇن قېتىم پۇشايمان قىلدىم» دەپ نەسىھەت قىلغان. بۇ مەزمۇندا شائىر:

**العقل زين والسكوت سلامة** **فإذا نطقت فلاتكن مكثارا**

**ما ان ندمت على سكوتي مرة** **ولقد ندمت على الكلام مرارا**

ئەقىل زىننەتتۇر، تىنچلىق سۈكۈت..
ئاز سۆزلە گەر سۆز قىلار بولساڭ.
نادامىتىم يوق شۈك تۇرغىنىمغا،
سۆز قىلىپ نادامەت چەكتىم گەر بىلسەڭ.

جىم تۇرۇش كېسەللىك بولسا، سۆزلەش ئۆلۈمدۇر. ئەلۋەتتە كېسەللىك ئۆلۈمدىن ياخشىراقتۇر. ئەگەر بىراقىش[164] قاۋماي شۈك تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئىگىلىرى بۇلاڭ ـ تالاڭغا، ئۆلۈمگە دۇچار بولمىغان بولاتتى. ئەرەبلەر: جىم تۇرۇش پايدىلىق، لېكىن جىم تۇرالايدىغان ئادەملەر ئاز ئۇچرايدۇ ـ دەيدۇ. جىم تۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن تاياق يېگەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم يوق. ئەمما گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن تاياق يېگەن، ئۆلتۈرۈلگەن ۋەياكى جەرىمانە تۆلىگەن ئادەملەر كۆپ ئۇچرايدۇ. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى: «جىم تۇرۇش سالامەتلىك، سۆزلەش غەنىمەت» دەپ جىم تۇرۇشنى سالامەتلىك ۋە سۆزلەشنى غەنىمەت دەپ ساندى. غەنىمەتكە قارىغاندا، جىم تۇرۇشنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم. ئەرەبلەر: «سۆزۈڭ كۈمۈش بولسا، جىم تۇرۇشۇڭ ئالتۇندۇر» دەيدۇ.

خەتىبلەر سۆزلەش پايدىلىق دەپ تۆۋەندىكىدەك دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ:

سۆزلىشىش ئەۋزەل. چۈنكى جىم تۇرۇشنىڭ پايدىسى ئىنسان ئۆزىنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىمايدۇ. ئەمما سۆز ئارقىلىق كىشىلەرگە نۇرغۇن پايدا يەتكۈزۈشى مۇمكىن. سۆزلىمەيدىغان كىشىلەر باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، قۇرئان كەرىم (**سَمَّاعُونَ لِلْكَذِبِ**) دەپ يالغان سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىنى ئوخشاش ئورۇندا قويىدۇ. بۇ ئايەت، جىم تۇرۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. جىم تۇرۇش قانداقمۇ ئەۋزەل بولسۇن؟ جىم تۇرۇش ئەۋزەل دېگەن تەرەپتە تۇرىدىغانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ شۇ پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سۆزلەشكە موھتاجدۇر. ئەمما سۆزلەشنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن جىم تۇرۇشقا ھاجەت چۈشمەيدۇ. سۆزلەر رىۋايەت قىلىنىدۇ (ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا نەقىل قىلىنىدۇ)، مەجلىسلەردە سۆزلىنىدۇ. ئەمما بوگۈنگە قەدەر جىم تۇرۇشنىڭ رىۋايەت قىلىنغانلىقى كۆرۈلۈپ باقمىدى.

[164] بىراقىش: بىر قەبىلىنىڭ ئىتىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇلاڭچىلار ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئاتلارنىڭ تۇياق تېۋىشىنى ئاڭلاش بىلەن قاۋىغان، بۇلاڭچىلار بۇنىڭدىن بۇ يەردە ئادەم بارلىقىنى بىلىپ قېلىپ شۇ قەبىلىنى بۇلاپ كەتكەن. شۇ چاغدا بىراقىش ئۆز ئىگىلىرىگە جىنايەت قىلىدۇ، دېيىلىپ، شۇندىن كېيىن ئۆز ئىتى بىلەن ئۆزىگە زىيان ئۇرغۇچىلارغا مىسال بولۇپ قالغان.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى جىم تۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سۆزلەش ئۈچۈن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. جىم تۇرۇش ئارقىلىق ئىشلار تۈزەلمەيدۇ، بەلكى بۇزۇلىدۇ. جىم تۇرۇۋېلىش مېڭىنى ئاجىزلىتىدۇ، سەزگۈرلۈك ناچارلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەرەبلەر بالىلىرىنىڭ تىلى چىققان ھامان، چىرايلىق سۆزلەرنى ئۆگىتىدۇ ھەم تەكرار قىلدۇرىدۇ، ئۇنلۇك سۆزلەشكە كۆندۈرىدۇ.

تىلنى قانچىلىك تەۋرىتىپ گەپ قىلسا، شۇنچە ياخشىلىنىدۇ، خۇيغا ئايلىنىدۇ. جىم تۇرۇۋېلىش تىلنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، كېرەكتىن چىقىرىۋېتىدۇ. قايسى بىر ئەزا ھەرىكەت قىلمايدىكەن ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، تىلمۇ شۇنداق. ئەگەر سۆزلىمەي جىم تۇرغان بولسا، رەسۇلۇللاھ نابىغەئەلجەئدىگە: «ئاللاھ تائالا ئاغزىڭنى رەسۋا قىلمىسۇن، دۈشمەنگە مەغلۇپ قىلمىسۇن» دەپ ياخشى دۇئا قىلارمىدى؟ نابىغە يۈز يىل جىم تۇرغان بولسىمۇ، مۇنداق بەرىكەتلىك دۇئانى ئالالمىغان بولار ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھېچ بىر ۋاقىتتا «ئاللاھ تائالا سېنىڭ بۇ خىل جىم تۇرۇشۇڭنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنمىدى. ئەمما كەئب ئىبنى مالىكقا: «ئاللاھ تائالا بۇ سۆزۈڭنى سەن ئۈچۈن ئۇنتۇمايدۇ» دېدى. ھەسسان ھەققىدىمۇ شۇنداق ئۇلۇغ سۆزلەرنى سۆزلىگەن ئىدى. زىياد ئىبنى تەشۋىق سۆزلەشكە باشلىغاندا ئىمام شەئبىنىڭ: «توختىماي سۆزلىسە ياخشى بولاتتى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. (زىيادمۇ ناھايىتى سىلىق ۋە تەسىرلىك سۆز قىلىدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى.) ئەمرۇ ئىبنى ئۇبەيد، ھىشام ئىبنى ھەسسان، ئىببان ئىبنى ئەبى ئەيياش ۋە باشقا كاتتا ئادەملەر پەزل ئىبنى ئىيسا ئەلرىقاشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا مەجلىسكە باراتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھېچبىرى ھەممە سۆز قىلماي جىم تۇرىدىغان مەجلىسلەرگە بارغانلىقى رىۋايەت قىلىنمايدۇ. ناتىق بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن ئەر ۋە ئاياللار داھى دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئەمما سۆزلىمەي جىم تۇرغانلىقى ئۈچۈن «داھىيلىق» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بىرمۇ ئادەم يوق. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى تارقىلىپ، مەككە خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش خەۋپى توغۇلغاندا، سۇھەيل ئىبنى ئۆمەرنىڭ قىلغان قىسقىغىنە تەبلىغى بىلەن ۋەزىيەت نورمال ھالغا، خەلقمۇ بۇرۇنقى ھالىغا قايتقانىدى. ئەگەر بىرىنىڭ سۆز قىلىشى زۆرۈر بولغان ئاشۇنداق يەردە سۇھەيلمۇ، باشقىلارمۇ سۆزلىمەي جىم تۇرغان بولسا، مەككىدە ناھايىتى يامان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. دانالار: «قېرىلار ئۆيلىسۇن، ياشلار بەسلەشسۇن» دېيىش ئارقىلىق ياشلارنى نوتۇق سۆزلەشكە ئادەتلىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەگەر جىم تۇرۇش ئەۋزەل بولسا ئىدى، «ياشلارنى بەس - مۇنازىرە قىلىشقا بۇيرۇڭلار» دېيىشنىڭ ئورنىغا «جىم تۇرۇشقا بۇيرۇڭلار» دېگەن بولار ئىدى.

ئاللاھ تائالاغا شۈكرى قىلىشمۇ، جىم تۇرۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى سۆزلەش بىلەن بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ھاجەتلىرىنى سورىغاندىمۇ سۈكۈتتىن ئەمەس، سۆزدىن پايدىلىنىدۇ. ئىنساننىڭ باشقا نەرسىلەر ئالدىدىكى ئارتۇقچىلىقى جىم تۇرۇشىدا ئەمەس، بەلكى گەپ قىلىشىدىدۇر. گەپ قىلمايدىغان ئادەم بىلەن ياساپ قويغان ھەيكەلنىڭ نېمە پەرقى بار؟ سۆزلىمەي جىم تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم بولمىسىمۇ، بەزى چاغدا بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. جىم تۇرۇشنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك دەلىللەر خاس، سۆزلەشنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا دائىر دەلىللەر ئومۇمىيدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلارنى پاچاقلاپ تاشلاش ئارقىلىق ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى. لېكىن ئۇ: ﴿فَاسْأَلُوهُمْ إِنْ كَانُوا يَنْطِقُونَ﴾ بۇتلىرىڭلار گەپ قىلالىسا، سىلەرنى كىم پاچاقلاپ تاشلىدى دەپ سوراڭلار! دېيىش يەنى سۆزلەش ئارقىلىق پاجىئەدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ئىمان كەلتۈرۈش، تەسبىھ، تەھلىل ئېيتىشلارنىڭ ھەممىسى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. سۆزنىڭ كۆڭۈلنىڭ تەرجىمانى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم ئىكەن، سۆزلىمەي جىم تۇرۇشنى قانداقمۇ ئەۋزەل دېگىلى بولسۇن؟!

بۇ تالاش ـ تارتىشنى مۇنداق ھەل قىلىش مۇمكىن: ھەممىلا يەردە سۆزلەش ياكى ھەممىلا يەردە جىم تۇرۇۋېلىشنى پايدىلىق دەپ دەۋا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئورۇن سۆز قىلىشقا مۇۋاپىق بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلارغا تەسىر قىلىش ئېھتىمالى بولسا، سۆز قىلىش پايدىلىق، بولمىسا سۆزلىمەي جىم تۇرۇش پايدىلىقتۇر. مەسىلەن، بىر كىشىنىڭ بىلمەستىن خاتالىشىپ كېتىپ خاپىلىققا ئۇچرايدىغانلىقى ياكى قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقى ۋەياكى يازدىن يىقىلىپ ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى توسىۋالماي جىم تۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس. كىشىگە يول كۆرسىتىدىغان، بىراۋنىڭ بىر نەرسىسىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ياكى چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى كۆرگەن چاغدىكى ھۆكۈممۇ شۇنداقتۇر (جىم تۇرۇش دۇرۇس ئەمەس).

خۇتبە ۋە قۇرئان كەرىم ئوقۇلىۋاتقان، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىۋاتقان چاغلاردا، مەسجىد ۋە ھېيتگاھلاردا، جىنازا ئۆزىتىلگەن يەرلەردە، مازار بېشىدا زۆرۈرىيەت بولماي تۇرۇپ گەپ قىلىش، ئاۋازىنى چىقىرىش زىيانلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، گەپ قىلىدىغان ۋە جىم تۇرىدىغان يەرلەرنى بىلىش لازىم.

سۆزلەشنىڭ پۈتۈن خاسىيىتى ۋە مەنىسى، تەسىرلىنىش ۋە تەسىرلەندۈرۈشتۇر.

گەپنىڭ تەسىر قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سۆزلەش بىمەنىلىكتۇر. سۆزنىڭ تەسىر قىلماسلىقى بەزىدە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نالايىقلىقىدىن بولسا، بەزىدە سۆزلىگۈچىلەرنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدنان قەبىلىسىنىڭ پاساھەتلىك كىشىلىرى بىلەن قەھتان قەبىلىسىنىڭ بالاغەتلىك سۆز قىلىدىغان كىشىلىرىنى جىم تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىشى، ئەرەب ۋە ئەرەبلىشىپ كەتكەنلەرنىڭ قىسقا بىر سۈرىنىمۇ تەقلىد قىلالماسلىقى (قۇرئان كەرىمنىڭ كىچىك بىر سۈرىسىگە تەڭ كېلەلىگۈدەك بىر سۆز قىلىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكى)، ﴿وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُواْ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ﴾ دەپ دوئىل ئېلان قىلىشىغا قارىتا ھېچنېمە دېيەلمەي ھەيكەلدەك قېتىپلا قېلىشى، رەسۇلۇللاھقا ئەڭ قاتتىق دۈشمەن بولغان ئەرەبلەرنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ئۆزلىرىنى تۇتالماي سەجدە قىلىشى ۋە «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇلار بىر ئىنسان قىلالايدىغان سۆزلەر ئەمەس» دەپ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنىڭ تەسىر قىلىش كۈچىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلىكىدىن بولغان. قۇرئان كەرىم دەلىللىرى ئارىسىدا قەتئىي، ئەقلى ۋە ئىلزامى دەلىللەرمۇ بار. ئېھتىمال بۇلار ناھايىتى كۆپتۇر. ئەمما دەلىللەرنىڭ تەسىر قىلىش كۈچى ئاجايىبتۇر. قۇرئان كەرىمدە: ﴿فَبِأَيِّ آلاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ﴾، ﴿وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ﴾ ....، ﴿فَكَيْفَ كَانَ عَذَابِي وَنُذُرِ﴾ غا ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ تەكرار قىلىنىشى تەسىر جەھەتتىن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولۇپ، بۇلارنى بىكار ساناش ئەرەب تىلىنىڭ روھىنى بىلمەسلىك ۋە گۈزەل ئۇسلۇبىدىن بىخەۋەر قېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەرگىزمۇ تەكرار ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي بىر يېڭى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، ھەر بىر ئوقۇلۇشىدا باشقىچە تەسىر بېرىدۇ.

﴿إِنَّ فِي ذَلِكَ لَذِكْرَى لِمَنْ كَانَ لَهُ قَلْبٌ أَوْ أَلْقَى السَّمْعَ وَهُوَ شَهِيدٌ﴾

## 322 ـ ھەدىس: رەسۇلۇللاھقا تۆھمەت قىلىشنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى

**وَمَنْ كَذَبَ عَلَيَّ مُتَعَمِّدًا فَلْيَتَبَوَّأْ مَقْعَدَهُ مِنْ النَّارِ.** (صحيح البخاري)

كىمكى، بىلىپ تۇرۇپ ماڭا بىر يالغان سۆز ياكى بىر ئىشنى دۆڭگەپ قويسا (مەن دېمىگەن گەپنى، مەن قىلمىغان ئىشنى «رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن» ياكى «مۇنداق قىلغان دېسە») ئۆزىگە دوزاختىن ئورۇن تەييارلىسۇن.

بىر ھەدىسنى راستىنلا رەسۇلۇللاھ دېگەن دېيىش ئۈچۈن ئادىل رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسنادى مۇستەھكەم تۇتۇشى بىلەن رەسۇلۇللاھقا تۇتاشقان بولۇشى شەرتتۇر. ھازىرقى زاماننىڭ كىشىلىرى ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى تەكشۈرۈش ئىنتايىن قىيىن بولغاچقا، ھەدىس ئىلمىدە ئىناۋەتلىك ۋە ئىشەنچلىك دەپ ھېسابلىنىدىغان ئەسلى مەنبە ۋە مەلۇم سەنەدلەردىن كۆچۈرۈپ ئېلىش يېتەرلىكتۇر. گەرچە بۇ كىتابلاردا بەزىبىر سەھىھ ئەمەس ھەدىسلەر بار بولسىمۇ، ئۇلار ھازىرقى كۈندە ئېنىقلىنىپ بولدى، ھەدىس تەتقىقاتچىلىرى راست بىلەن يالغان، كۈچلۈك بىلەن زەئىپ ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقتى.

ھەر ھالدا قۇرئان كەرىمگە ياكى ئەقىلگە زىت كېلىدىغان، ئىناۋەتلىك ئاساسلىق ھەدىس كىتابلىرىدىن تېپىلمىغان ھەدىسلەرنى راست ھەدىس دەپ ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش ياكى قورقۇتۇش مەقسىتىدە، مەيلى باشقا كاتتا ۋە ئومۇمىي مەنپەئەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ياكى شەرىئەت ھۆكۈملىرى ۋەياكى باشقا خۇسۇسلاردا بولسۇن، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىگە يالغان ۋە توقۇلما ھەدىسلەرنى دۆڭگەپ قويۇش ئۇشبۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن ھارامدۇر.

ھەتتا راستلىقىدا گۇمان بار ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىشمۇ دۇرۇس ئەمەس. ئۇشبۇ ھەدىس شەرىپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامدەك كاتتا ساھابىلەرمۇ خاتا رىۋايەت قىلىپ سېلىشتىن قورقۇپ ھەدىس سۆزلەشتىن توختىغان.

شەرىئەتنىڭ نەزىرىدە دەلىل بولالمايدىغان نەرسىلەرنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ھالال ـ ھارام توغرىسىدا پەتىۋا بېرىشمۇ رەسۇلۇللاھقا تۆھمەت قىلغان بىلەن ئوخشاش گۇناھتۇر. ئاللاھ تائالاغا تۆھمەت قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن ئاللاھ تائالاغا ۋە رەسۇلۇللاھقا بوھتان چاپلىغۇچىلار چىن كۆڭلىدىن تەۋبە قىلسا، رىۋايەتلىرى مەقبۇل بولمىسىمۇ، تەۋبىلىرى مەقبۇل بولۇشى مۇمكىن. **(وَأَنَّ اللَّهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ)**

## 323 ــ ھەدىس: شەرمى ـ ھايالىق بولۇشنىڭ پەزىلىتى

**من لايستحيى من الناس لايستحي من الله**. (أحمد بن حنبل)

كىشىلەردىن ھايا قىلمايدىغان ئادەم، ئاللاھ تائالادىنمۇ ھايا قىلمايدۇ.

ئىسلام دىنى، قورقۇنچاقلىق دائىرىسىگە كىرمەسلىك شەرتى ئاستىدا ھايا (ئۇيات) نى ماختايدۇ. ھەدىستە **الحياء شعبة من الإيمان** «ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېيىلگەن. ھايانى ئىنسانلارغا خۇي ـ ئادەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ياش بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپلا ھايالىق قىلىپ تەربىيەلەش كېرەك. بۇ، ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئەر ـ ئايال مۇئەللىملەر ھەم بالا باققۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

سېخىيلىق، چېكىدىن ئېشىپ كەتسە ئىسراپ، ئىقتىسادنى چىڭ تۇتۇش چېكىدىن ئېشىپ كەتسە بېخىللىق دەپ ئاتالغاندەك، ئېھتىيات بىلەن ھايامۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتسە، قورقۇنچاق، كارغا كەلمەس دەپ ئاتىلىدۇ.

ھايا ھەم ئاللاھ تائالادىن ھەم خەلقتىن ئۇيىلىش ۋە خىجىل بولۇشتىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلار ئۈچۈن زىننەت ۋە گۈزەل ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. ھاياسىز يۈز جانسىز تەنگە ئوخشايدۇ. شائىر مۇنداق دەيدۇ:

**اذا لم تخش عاقبة الليالى ولم تستحى فاصنع ما تشاء**

**فلا والله ما فى العيش خير ولا الدنيا إذا ذهب الحياء**

«كېچىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقمىساڭ، ھايا قىلمىساڭ خالىغىنىڭنى قىل. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھايا بولمىسا نە ھاياتتا، نە دۇنيادا ياخشىلىق بولمايدۇ.»

## 324ـ ھەدىس: ياخشىلىققا رەھمەت ئېيتىش، نېمەتكە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى

**مَنْ لَمْ يَشْكُرْ النَّاسَ لَمْ يَشْكُرْ اللَّهَ.** (سنن الترمذي)

كىمكى، ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە رەھمەت ئېيتمىسا، ئاللاھ تائالاغىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ. (شۈكۈر قىلمىغان بولىدۇ).

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلىۋاتقان مەسىلە، خۇشامەت قىلىپ، داۋاملىق چۇشۇپ كېتىش ئەمەس، بەلكى مۇبالىغە قىلماستىن، توغرا گەپ بىلەن رەھمەت ئېيتىپ خۇرسەنلىك بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى سەھىپىلىرىمىزدە «ماختىغۇچىلارنىڭ يۈزىگە توپا چېچىڭلار» دېگەن ھەدىسنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق.

بۇ ھەدىستىن، بەندىلەرنىڭ قىلغان ياخشىلىق ۋە خىزمەتلىرىگە مۇۋاپىق شەكىلدە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. مەيلى بەندىلەرگە مەيلى ئاللاھ تائالاغا جايىدا شۈكۈر قىلالماسلىقنىڭ سەۋەبى، نېمەتنىڭ قەدرىنى تونۇپ يەتكۈدەك ئىلمىنىڭ بولماسلىقى ۋە غاپىللىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. كۆپلىگەن كىشىلەر نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىدىغان بولسىمۇ، شۈكۈر قىلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، «ئاللاھقا شۈكۈر» دېيىشنىڭ ئۆزى شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش «ئاللاھقا شۈكۈر» ياكى «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېگەن قۇرۇق سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى جانابى ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئۆز ئورنىغا سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئادا قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، بەندىلەرنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغىمۇ «رەھمەت!»، «ئاپىرىن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇ كىشىنى جانى كۆڭۈلدىن ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ دىلىنى رەنجىدە قىلىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك.

## 325 ـ ھەدىس: دۇنيانىڭ ئاخىرەتنىڭ تېرىلغۇسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**مَنْ مَاتَ عَلَى شَيْءٍ بَعَثَهُ اللَّهُ عَلَيْهِ.** (مسند أحمد)

بىر كىشى قانداق ئېتىقاد ۋە قانداق ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن بولۇپ ۋاپات قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى شۇ ھالەت بىلەن ھەشىر قىلىدۇ ( تىرىلدۈرۈپ قوپۇرىدۇ).

«بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ تېرىلغۇ يېرىدۇر» دەيدىغان ناھايىتى توغرا بىر سۆز بار. كىشىلەر دۇنيادا نېمىنى تېرىسا شۇنى ئورۇيدۇ. مەيلى بۇغداي، مەيلى تۆرۈك بولسۇن، ئىنسان قىلغان ئىشلىرىغا كۆرە مۇكاپات ۋە جازاسىنى كۆرىدۇ. بۇ ھەدىس شەرىپ مانا مۇشۇ نۇقتىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. تۆۋەنـدە ئىنگلىز پەيلاسوپلىرىنىڭ بىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بىر پارچە ماقالىنىڭ خۇلاسىسىنى سىلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز:

ئادەملەر ھەر كۈنى كەچتە كەم دېگەندىمۇ يېرىم سائەت خالىي يەردە ئولتۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشى، قىلغان ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك. بۇنىڭغا ۋاقىت يوق، پۇرسەت چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار. خالىي تۇرغاندا ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھېسابىنى تۈگىتىپ، يېڭى ئىشلار ئۈچۈنمۇ پىلان تۈزۈش لازىم. بۇنداق قىلىش ئۆلۈمنى دائىم ئەستە تۇتۇش ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا ياردەم بېرىدۇ. ھەربىرىمىز ئۆزىمىز خالىغان بىر خىل شەكىلدە ئۆلۈشنى خالايمىز. بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان يوسۇندا تىرىكچىلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇيرىغاندەك تىرىكچىلىك قىلساق، ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغاندەك ئۆلىمىز.

ئۆلۈمدىن قورقۇشقا بولمايدۇ. ئۆلۈم ئۇيقۇنىڭ قېرىندىشىدۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئېغىرلىقلىرىنى يەڭگىللەشتۈرىدىغان نەرسە، دىنغا يېپىشىش، ئاللاھ تائالادىن قورقۇش، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتۇر. مۇنداق كىشىلەرگە دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرىمۇ، ئاخىرەتنىڭ جاپالىرىمۇ ئېغىر تۇيۇلمايدۇ (پەيلاسوپنىڭ سۆزى تۈگىدى. بۇ سۆزلەر غەزالى ۋە ئەبۇ تالىب ئەلمەككىنىڭ ئەسەرلىرىدە تەپسىلىي يېزىلغان.)

ئۇزۇن سۆزنىڭ قىسقىسى، ئىنسان ئاخىرەتتە قانداق قوپۇشنى ئارزۇ قىلسا، دۇنيادىكى چاغدا شۇنداق ياشىشى ۋە ئۆمرىنى شۇنىڭغا لايىق ئۆتكۈزۈشى لازىم.

ھېكايەت: پەيغەمبەرلەردىن بىرىنىڭ دوزاخنى كۆرگۈسى كېلىپ، ئاللاھ تائالاغا كۆرسىتىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. رۇخسەت بېرىلگەندىن كېيىن، دوزاخقا بېرىپ قارىسا، كەڭ كەتكەن بىپايان جايدىن باشقا نەرسە كۆرۈلمەپتۇ ـ دە، پەرىشتىدىن: ئوتلار، يىلان، چايانلار، ھەر تۈرلۈك ئازابلار نەگە كەتتى؟ بۇ يەردە ھېچ نەرسە يوققۇ! ـ دەپ سوراپتۇ. پەرىشتە: بۇ يەردە ئۇنداق نەرسىلەر يوق. ئۇ نەرسىلەرنى ئادەملەر دۇنيادىن ئۆزلىرى ئېلىپ كېلىدۇ. دۇنيادا قىلغان يامان قىلىقلىرىنىڭ بەزىسى ئوت بولۇپ كۆيدۈرىدۇ. بەزىلىرى يىلان بولۇپ چاقىدۇ ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ، گەرچە بىر ھېكايە بولسىمۇ، ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك كۆپلىگەن ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# 326 ـ ھەدىس: توغرا ۋە ناتوغرا نەزىرلەر توغرىسىدا

**مَنْ نَذَرَ أَنْ يُطِيعَ اللَّهَ فَلْيُطِعْهُ وَمَنْ نَذَرَ أَنْ يَعْصِيَهُ فَلَا يَعْصِهِ.** (صحيح البخاري)

كىمكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشنى ۋەدە قىلسا، ئۇ ۋەدىسىنى ئادا قىلسۇن (بويسۇنسۇن)، كىمكى ئاللاھ تائالاغا گۇناھ ئىش بىلەن نەزىر قىلسا، گۇناھنى قىلمىسۇن (نەزىرىسىگە تۇرمىسۇن).

نەزىر، بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ــ ھوشى جايىدا بىر ئادەمنىڭ ھازىر ياكى كېلەچەكتە بىر ئىشنى قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ سۆز ئەرەبچىدە «لله علي» ياكى «نذرت» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنسە، بىزنىڭ تىلىمىزدا «ئۈستۈمگە ئالدىم»، «زىممەمگە پەرز ياكى ۋاجىپ بولسۇن»، «ئەھدە قىلدىم»، «نەزىر قىلدىم»، «نەزىر بولسۇن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بىر ئىشنى بۇ شەكىلدە ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا خاس بولمىغان سۆزلەر ۋەدە بولسىمۇ، نەزىر ئەمەستۇر. نەزىرنى تۆۋەندىكىچە قىسىملارغا ئايرىش مۇمكىن:

1 ــ ئىبادەت قىلىشنى نەزىر قىلىش. «ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى ياكى بىر كۈن روزا تۇتۇشنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بولسۇن ياكى پالان مەقسىتىم ھاسىل بولسا، روزا تۇتۇشنى يا ناماز ئوقۇشنى ياكى مۇنچىلىك نەرسە سەدىقە بېرىمەن دېگەندەك شەرتكە باغلانغان ھالدا بولسۇن، نەزىر قىلىش.

2 ــ تاھارەت ئېلىش، مەسجىد سېلىش دېگەندەك ۋاستە ئىبادەتلەرنى نەزىر قىلىش.

3 ــ ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندە ئىشقا تۇتۇش قىلىپ جاپا تارتىش، ھارۋا ـ ماشىنىدا ماڭماي پىيادە مېڭىش، گۆش يېمەسلىكتەك ئىبادەت ئەمەس ئىشنى نەزىر قىلىش.

4 ــ مازار ـ ماشايىخلارنىڭ قەبرىسى بېشىدا مال بوغۇزلاش؛ خوجا ئەھمەد يەسەۋىي، خوجا باھائۇددىن نەقشىبەندىگە ئاتاپ سەدىقە بېرىش؛ ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىشنى ئەھدە قىلىشتەك ھارام ئىشلارنى نەزىر قىلىش.

مۇشۇ تۆت خىل نەزىرنىڭ بىرىنچىسىگىلا ئەمەل قىلىش، قالغانلىرىغا ئەمەل قىلماسلىق لازىم. بۇ يەردىكى ھەدىس شەرىپنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ.

قىلغان نەزىرنىڭ شەرئەتكە توغرا بولۇشى ئۈچۈن، ئىبادەت تۈرىگە كىرىدىغان ئىشنى قىلىشنى ئەھدە قىلىش كېرەك. مەسىلەن، پىيادە بېرىپ ھەج قىلىشنى ئۆزىگە نەزىر قىلغان كىشى ھەجنى ئادا قىلىشى لازىم. چۈنكى ئۇ تۈرگە كىرىدىغان پەرز ھەج بار. ئەمما پىيادە بېرىش شەرت ئەمەس. چۈنكى پىيادە بېرىش تۈرىگە كىرىدىغان پەرز ئىبادەت يوق.

ئىلىم ئەھلىلىرى نەزىر قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۆز ئارا ئىختىلاپلىشىدۇ:

1 ــ نەزىر قىلىش «مۇستەھەب» : چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿يُوفُونَ بِالنَّذْرِ﴾ نەزرىسىگە ۋاپا قىلىدۇ. يەنى قىلىمەن دېگەن ياخشى ئىشنى قىلىدۇ، دەپ نەزىر قىلغۇچىلارنى ماختايدۇ. يەنە ﴿وَلْيُوفُوا نُذُورَهُمْ﴾ نەزىرلەرگە ۋاپا قىلىش لازىم[165] دەيدۇ. ئەمرنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى مۇستەھەبتۇر.

2 ــ نەزىر قىلىش «مەكروھ»: چۈنكى نەزىر بەندە تەرىپىدىن شەخسى مەنپەئەت كۆزدە تۇتۇلغان ھالدا قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىش ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا بولماي، بەلكى بەندىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن شېرىك بولىدۇ. خالىس بولمىغان ئىش ھېچ بولمىغاندا «مەكروھ» بولۇشى كېرەك.

3 ــ ئاللاھ تائالاغا تائەت قىلىشنى نەزىر قىلىش «مۇباھ»: ئۇنىڭدىن باشقا ئىشنى نەزىر قىلىش ھارام.

4 ــ نەزىر قىلىش «مۇتلەق ھارام»: چۈنكى رەسۇلۇللاھ ناھايىتى كۆپ ھەدىسلىرىدە نەزىردىن توسقان (نەزىرنى مەنئى قىلغان ھەدىسلەر بۇخارى قاتارلىق مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرىدا بار). سەھىھۇلبۇخارىدا يەنە «نەزىر بىر نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ پايدىسى پەقەت بېخىل قاتارىدىن

---

[165] ھەج 30 — ئايەت.

چىقىشتۇر.» دېگەن ھەدىسىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا مال بىلەن نەزىر قىلىش، پۇلنى ئىسراپ قىلىشتىن باشقا نەتىجىسى يوق بىر ئىشتۇر. ئەمما ناماز، روزا، ھەجكە ئوخشاش ئىشلارغا ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى شەرت قىلىنغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خالىس بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نەزىر قىلىش بىلەن مەقسەت ھاسىل بولىدۇ دەپ قاراش ھەدىسلەرگە ئوچۇق ــ ئاشكارا خىلاپ ئېتىقادتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىش مەنئىي قىلىنىشى لازىم. ﴿يُوفُونَ بِالنَّذْرِ﴾، ﴿وَلْيُوفُوا نُذُورَهُمْ﴾ دېگەن ئايەتلەردىكى نەزىرلەر، بەندىلەر ئۆز ـ ئۆزىگە يۈكلىگەن ئەمەس، بەلكى شەرىئەت تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ئىشلار بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى شەرىئەت تىلىدا «نەزىر» دېگەن سۆز بەندىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە يۈكلىگەن ئىشنى كۆزدە تۇتۇش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بۇيرۇلغان پەرز ناماز، روزا، زاكات ھەم ھەجگىمۇ قارىتىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن مەقسەت چۈشىنىشلىك بولغان بولسا كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ يەنە بىر قېتىم تەكرارلايمىز: نەزىر بولىدىغان سۆزلەر بىلەن ناماز، روزا، ھەج، زاكات ۋە سەدىقىلەرگە ئوخشاش ئىبادەتلەرنى قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالسا، بۇنىڭغا ۋاپا قىلىش (ئەمەلىيەتتە شۇ ئىشنى قىلىش) لازىم. ئۆزى مەقسەت قىلىنمىغان ئىبادەتلەرنى ياكى مۇباھ ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئەھدە قىلسا، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش شەرت ئەمەس. كۆپىنچە مۇجتەھىدلەر: مۇنداق بولغاندا قەسەمگە كاپارەت بېرىش كېرەك دەيدۇ.

قەبرىلەرگە، ئۆلۈكلەرگە ئاتاپ ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇ ئىشلار ئۈچۈن پۇل چىقىم قىلىشتەك ھارام ئىشلارنى قىلىشنى ئۆزىگە ئەھدە قىلسا، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلماسلىق، قەسەم ئۈچۈن كاپارەت بېرىش كېرەك. نەزىر سۆزىنى ئىشلەتمىگەن بولسا، ئادا قىلىشقىمۇ، كاپارەت بېرىشكىمۇ كېرەك قالمايدۇ.

مۇباھ ئىشلاردا ۋەدىدە تۇرۇپ نەزىر قىلىش ۋە مۇباھ ئەمەس ئىشلاردا ۋەدىدە تۇرماسلىق لازىم.

نەزىر سەدىقىلەرنى ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار، باشقا ۋاجىپ سەدىقىلەرنى سەرپ قىلىدىغان ئورۇنلاردۇر. بۇ مەسىلىدە قارشى پىكىرلەر بولمىسا كېرەك.

## 327 ـ ھەدىس: مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشنىڭ پەزىلىتى

**مَنْ نَفَّسَ عَنْ مُسلِمٍ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ الدُّنْيَا نَفَّسَ اللهُ عَنْهُ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ، وَمَنْ يَسَّرَ عَلَى مُعْسِرٍ يَسَّرَ اللهُ عَلَيْهِ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ، وَمَنْ سَتَرَ مُسْلِمًا سَتَرَهُ اللهُ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ، وَاللهُ فِي عَوْنِ الْعَبْدِ مَا كَانَ الْعَبْدُ فِي عَوْنِ أَخِيهِ.** (سنن الترمذي)

كىمكى، بىر مۇسۇلماننىڭ دۇنيالىق مۇشەققەتلىرىدىن بىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنى خوش قىلسا، كۆڭلىنى كۆتۈرسە، تەسەللى بەرسە، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنىنىڭ مۇشەققەتلىرىنىڭ بىرىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئارقىلىق خۇش قىلىدۇ. كىمكى، دۇنيادا پېقىر ۋە قەرزگە بوغۇلغان ئادەمگە ياردەم قىلسا، قىيىنچىلىقدىن قۇتقۇزۇپ قويسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە ھەم دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە ئاسانلىق بېرىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبى ۋە خاتالىقىنى يوشۇرسا، ئاللاھ تائالا دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ قالىدۇ. قېرىندىشىغا ياردەم قىلغان كىشىگە ئاللاھ تائالا ياردەم قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ھەدىسلەر بايان قىلىندى ۋە بىزمۇ ھالىمىزغا يارىشا شەرھىلەپ ئۆتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە ئارتۇقچە توختالمايمىز. ئىنسانلار جەمئىيىتى ئىنسان بەدىنىدىكى موسكۇللارغا ئوخشايدۇ. بەدەندىكى ئەزالار بىر ـ بىرى بىلەن ماسلاشقان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىرەر ئەزادا مەسىلە كۆرۈلسە، باشقا ئەزالارمۇ زىيانغا ئۇچرىغاندەك، ئىنسانلارمۇ بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ئۆتۈشى ۋە بىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن خاپىلىقنى ھەممە ئورتاق تارتىشى لازىم.

# 328 ـ ھەدىس: تىلنى ۋە ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلىغۇچىلارغا بېرىلگەن خۇش خەۋەر

**من يتوكل لي ما بين لحييه وما بين رجليه أتوكل له بالجنة.** (جامع الترمذي)

كىمكى ماڭا ئاغزى بىلەن ئەۋرىتىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغانلىقىغا دائىر كاپالەت بېرىدىكەن، مەنمۇ ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كاپالەت بېرىمەن.

دەرۋەقە، پۈتۈن بەخت ـ سائادەت ئېغىزنى بۇزۇق سۆزلەرنى قىلىش، ھارام نەرسىلەرنى يېيىشتىن يىراق تۇتۇش ۋە ھارام يول بىلەن شەھۋەتكە ئەسىر بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشتا ياتىدۇ.

بۇ ئىشلارغا دۇچار بولۇشنىڭ ھەر تۈرلۈك خاپىلىق ۋە رەسۋاچىلىقلارغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ.

## 329 ـ ھەدىس: دىندا ئالىم بولۇشنىڭ ئاللاھنىڭ يەنە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**مَنْ يُرِدْ اللَّهُ بِهِ خَيْرًا يُفَقِّهْهُ فِي الدِّينِ.** (صحيح البخاري)

ئاللاھ تائالا بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلىشنى خالىسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ.

فىقھى دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى چۈشىنىش دېگەنلىك بولسىمۇ، سەلەپلەرنىڭ دەۋرىدە شەرىئەت ئىلىملىرىنى، قۇرئان ۋە ھەدىسنى، خۇسۇسەن شەرىئەتنىڭ مۇددىئا ــ مەقسەتلىرىنى بىلىش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ دىندا «فەقىھ» دېگەن سۆزنىڭ ھەم شەرىئەت ئىلمىنى ھەم شەرىئەت مەقسەت ــ مۇددىئاسىنى بىلگۈچى دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

«فىقھى» دېگەن سۆز كېيىنكى مەزگىللەردە فۇرۇئ (قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئىجتىھات ئارقىلىق چىقىرىلغان شاخچە مەسىلىلەر) نى چۈرىدەيدىغان ئىلىم تۈرىگە خاس بولۇپ قالدى. ئىمام غەزالى ئېيتقاندەك، بۇ، «ئىلىم» سۆزىنىڭ ئورنىنىڭ ئالمىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى يانداش مەنىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان. شۇنىڭدەك، فىقھى دېگەن سۆز سەلەپلەرنىڭ دەۋرىدە ئاخىرەت ئىلمى ۋە قەلبنى پاكلاش ئىلىملىرىگىلا خاس ئەمەس ئىدى. غەزالىنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرىمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە ئەمەس، بەلكى سەلەپلەرنىڭ دەۋرىدە فىقھى دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرەت ئىلمى ۋە قەلبنى پاكلاش مەنىلىرىدە ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا زىتلىق يوق. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ: **نضَّر الله امرأً سَمِع مقالتي فوَعَاها وحَفِظها وبَلَّغها، فرُبَّ حامل فِقْه إلى مَن هو أفقه منه.** (مختصر جامع بيان العلم) «ئاللاھ تائالا، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ چۈشەنگەن، يادلىغان ۋە ئۇنى يەتكۈزگەن كىشىنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرسۇن. فەقىھ بولمىسىمۇ فىقھىنى يەتكۈزىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر باردۇر» دېگەن ھەدىس شەرىپىمۇ ئاخىرەت ئىلىملىرى ۋە قەلب ئىلىملىرىگىلا خاس بولماستىن، بەلكى ئەھلى ئىلىملەرنىڭ سۆزىگە كۆرە، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا قۇرئان ۋە ھەدىس ئىلىملىرى (شەرىئەتنىڭ بۇيرۇق ۋە مەقسەتلىرى) نى چۈشىنىشتۇر.

ئاللاھ تائالا تەۋپىق ئاتا قىلغان فەقىھ: ھەر تۈرلۈك ئادەملەرنىڭ كىتابلىرىغا، كىملىكى نامەلۇم كىشىلەردىن نەقىل قىلىنغان سۆزلەرگە، ئاساسسىز پەتىۋالارغا ئەمەس، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپكە، قىسقىسى شەرىئەتنىڭ روھىغا مۇۋاپىق يول تۇتىدىغان فەقىھتۇر.

شەرىئەتنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىش ۋە ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشقا توغرا كەلسە، شەرىئەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ كۆرۈش لازىم ۋە شۇنداق قىلىش ناھايىتى مۇھىمدۇر. بايى كىشىلەرنىڭ پەتىۋا كىتابلىرىدىكى سۆزلەرگە ئاساسلىنىپ، كېيىن ئۆزلىرىگە لازىم بولۇپ قالغاندا قايتۇرىۋېلىش نىيىتى بىلەن زاكاتنى ئۆزلىرىنىڭ شاگىرتلىرىغا تۇتقۇزۇپ، گوياكى زاكات بەرگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالغانلار، زاكاتنىڭ مۇددىتى توشۇشتىن ئىلگىرى ئېرى ئايالىغا ياكى ئايالى ئېرىگە ياردەم بەرگەن بولۇپ، ئىقتىسادنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىلار، مال ئىگىلىرىنىڭ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشى نەتىجىسىدە ۋەقپە قىلىنغان ماللارنى ۋەقپىلىك دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتكۈچىلەر، ئۈچ تالاقنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ھىيلە ــ مىكىرلەرنى ئىشلەتكۈچىلەر ــ ئىشلەتكۈزگۈچىلەر ۋە شۇنداق ئىشلارنى بىلىپ ۋە مەنئى قىلىشقا ئاجىز بولسىمۇ كۆچى يېتىدىغان تۇرۇپ، چىرايلىق گەپ بىلەن بولسىمۇ مەنئى قىلمىغانلار فەقىھمۇ، ئالىممۇ ئەمەس، بەلكى ئىلىم ۋە ئەدەبنىڭ ئەخلاقىغا كۆرە جىنايەتكارلاردۇر.

ھەر بىر ئىشتا شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا (قۇللۇق ــ مەھكۇملۇق) لارنىڭ ئەڭ ئېغىرى، شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئېتىبار قىلماسلىق، ئۇ ھەقتە ئويلىنىپ كۆرمەسلىك، پەقەت شەكىلگىلا ئەھمىيەت بېرىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئۈممەتلەرگە ئەقىدە، ئەمەلىي ئىشلار ۋە ئەخلاق ئۆگىتىدىغان بىر كىتاب بولۇش بىلەن بىرگە، ھايات ئىلمى ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىمۇ ئۆگىتىدۇ. مىساللار، بۇرۇنقىلارنىڭ ئەھۋاللىرىغا دائىر ئۇچۇرلار، كائىناتنىڭ سىرلىرى قاتارلىقلار ئىككىنچى قىسىمغا كىرىدۇ. (قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئومۇمىي ھادىسىلەرنى، خارلىق، مەھكۇملۇق، قۇللۇق دېگەندەك پاجىئەلەرنى

بىزگە سۆزلەپ بېرىشىنىڭ سەۋەبى: بىز ئىسلام مىللىتىنى شۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولغان يامان قىلىقلار، بۇزۇق ئىدىيىلەردىن ساقلىنىش، ئۇلاردىن ئىبرەت ـ ئاچچىق ساۋاقلارنى ئېلىپ، ئۆزىمىزنى تۈزىتىۋېلىشىمىزغا ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر ئىشنىڭ ھەقىقىي سەۋەب ۋە ۋاسىتىلىرىنى تۇتۇپ، جىددىي ھەم پۇختا ئىشلەپ، ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيا ھاياتى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يولى ۋە قانۇنىيىتى بويىچە مېڭىپ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە، دۈشمەنىنىڭ زامانىۋىي قوراللىرىغا قارىتا دۇئا ـ تەكبىر، كەشىپ ـ كارامەت، ئەرۋاھلاردىن مەدەت تىلەش بىلەن قارشى تۇرماي، ئۇنىڭغا لايىق سەۋەبلەرنى ئىشقا سېلىشقا، ئېتىقاد، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە مۇئامىلىدە قۇرئان ۋە ھەدىسنى تۇتقا قىلىپ، ياردەم، مەدەت ۋە مەنپەئەتنى بىر ئاللاھنىڭ ئۆزىدىنلا كۈتۈشكە چاقىرىشتىن ئىبارەتتۇر.) مۇسۇلمانلار بۇ كىتاب (قۇرئان) تىكى ئەقىدە، فىقھى (شاخچە مەسىلىلەر) ۋە ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرگە رىئايە قىلغان، ئىجارە، گۆرە، ئېلىم ـ سېتىم، ھاۋالە قىلىشتەك مەسىلىلەر ھەققىدە كىتابلارنى يازغان بولسىمۇ، كېيىنكى قىسمى (ئىجتىمائىي ھاياتقا دائىر ئايەتلەر) گە ئەمەل قىلماي تاشلىۋەتتى. ﴿وَخَلَقْنَا لَهُمْ مِنْ مِثْلِهِ مَايَرْكَبُونَ﴾ بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇ كېمىگە ئوخشاش ئۇلار چۈشىدىغان نەرسىلەرنى ياراتتۇق. ﴿وَأَرْسَلْنَا الرِّيَاحَ لَوَاقِحَ﴾، ﴿وَاللَّهُ خَلَقَ كُلَّ دَابَّةٍ مِن مَّاءٍ﴾ دەك ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى پەنلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا تونۇپ يەتتۇق، دېگەن سۆزنى شەيخ جامالۇددىن ئافغانىدىن ئاڭلىغانىدىم.

ئومۇمەن كېيىنكى مۇسۇلمانلار قۇرئان تەرىپىدىن چاقىرىلغان ۋە تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان ھايۋاناتلارنىڭ يارىتىلىش ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ماددا ۋە خۇسۇسىيەتلىرى، مەنپەئەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوبدان تەكشۈرۈپ كۆرمىدى. قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ئىجتىمائىي قائىدىلەر ۋە ھايات يوللىرىغا ئەھمىيەت بەرمىدى. شەرىئەت تەرىپىدىن چوڭ بىر پەن سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىشى كېرەك بولغان يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرگە ھەتتا ئىشارەتمۇ قىلىپ قويۇشمىدى. شەرىئەتنىڭ روھىغا زىت ئىكەنلىكى قوياشتەك پارلاپ تۇرىدىغان مەسىلىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ فىقھى كىتابلىرىدا خالىغىنىچە يول كۆرسىتىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دۇنياسى بۇرۇنقى ئورنىدىن چۈشۈپ، پۈتۈنلەي مۇنقەرزلىك يولىغا كىرىپ كەتتى. ئاللاھ تائالا ئۆز رەھمەت ـــ ئىنايىتى بىلەن، بۇ مىللەتكە ھاياتلىق يوللىرى ۋە تۇرمۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىدىغان يولباشچىلارنى بەرگەي! دىندا فەقىھلەرنى يېتىشتۈرگەي!

شۇنداق بولسا ئىدى، ئۇلار مىللەتنىڭ يول باشچىلىرى بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىنى ھالاكەتتىن تارتىپ چىقىرىپ، ھاياتلىق يولىغا ئاتلاندۇرغان بولاتتى.

## 329 ـ ھەدىس: پۇشايمان قىلىشنىڭ تەۋبە ھېسابلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

**النَّدَمُ تَوْبَةٌ.** (مسند أحمد)

گۇناھ ئىش قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىش تەۋبىدۇر.

شەرىئەت ئىستىلاھىدا «**توبة**»، «**أنابت**»، «**أوبه**» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش مەنىدىدۇر. تەۋبە قىلىش دېگەنلىك: قۇرۇق تىل بىلەن «**أستغفر الله**» نى ئوقۇپ قويۇش، تەۋبە دۇئالىرىنى تەكرارلاش، «تەۋبە قىلدىم» دېيىش ياكى بىرەر ئىشانغا قول بېرىشتىن ئىبارەت ئەمەس. ئىسلامدىكى تەۋبە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ گۇناھنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا قارشىلىق كۆرسىتىش بولىدىغانلىقىنى بىلىش، گۇناھ ئىش قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىش؛ پۇشايمانى شۇ گۇناھ سەۋەبىدىن بىرەر ئەزانىڭ ئاغرىغانلىقى ياكى ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىغانلىقى (ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بىرەر زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىغانلىقى) ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى گۇناھ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن قىلغان بولۇش لازىم.

2 ـ ئۇ گۇناھتىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا قولنى ئۈزۈش ۋە ئەمچەكتىن چىققان سۈت قايتىپ كىرمىگەندەك ئۇ گۇناھقا قايتا يېقىنلاشماسلىق؛ گۇناھ سادىر قىلغان چاغنىڭ ئۆزىدىلا پۇشايمان قىلىپ قايتماي، كېيىنچىرەك تەۋبە قىلىشنى ئويلىسا، ئۇ چاغدا ئۇ تەۋبە ھېسابلانمايدۇ.

3 ـ ئۇ گۇناھنى كېيىنچە قايتا سادىر قىلماسلىق ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كېلىش. ئەگەر قىلغان گۇناھى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ، دەرھال توختىغان، ئەمما كېلەچەكتە قايتا قىلماسلىق ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كەلمىگەن بولسا، بۇمۇ تەۋبە قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم ئالىملار، كىشىنىڭ ھەققى ئارىلىشىپ قالغان گۇناھلاردا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى رازى قىلىشنىمۇ شەرت دەپ قارايدۇ.

مەيلى چوڭ ياكى كىچىك گۇناھ بولسۇن گۇناھلار ئۈچۈن تەۋبە قىلىش مۇسۇلمانلارغا پەرز ئەيىندۇر. لېكىن بىر قىسىم گۇناھلار ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ تۇرۇشمۇ پايدىلىق بولۇپ، شەرىئەتنىڭ ئالدىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. تەۋبە قىلىشنى كەينىگە تارتماسلىق، پۇرسەت قولدىن كېتىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىش لازىم.

# 330 ــ ھەدىس: تەبلىغ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە دەۋەتچىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر توغرىسىدا

**نَضَّرَ اللهُ امرأً سمع منَّا شيئاً فبلَّغَهُ كما سمعه، فَرُبَّ مُبَلَّغٍ أَوْعَى من سامع.** (جامع ترمذي)

بىزدىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى باشقىلارغا ئەينەن يەتكۈزگەن كىشىگە ئاللاھ تائالا يۈز ــ ئابرۇي ئاتا قىلسۇن! بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى بىۋاسىتە ئاڭلىغانلاردىن ياخشىراق چۈشىنىدۇ ۋە ئېسىدە تۇتىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ «ئاڭلىغىنى بويىچە يەتكۈزىدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئېغىزدىن چىققان ئىبارىنى ئۇقۇپ بېرىشتىنمۇ بەكرەك، مەزمۇن ۋە مەنىسىنى ئۆزگەرتمەي يەتكۈزىدۇ دېمەكچى بولىدۇ. ئەھلى ئىلىملەر (مۇھەددىسلەر) مۇ شۇنداق دەيدۇ ۋە ھەدىسلەرنى مەنىسى بىلەن بىرلىكتە نەقىل قىلىشنى توغرا كۆرىدۇ.

بۇ ھەدىس شەرىپىنىڭ مەزمۇنى رەسۇلۇللاھتىن بىۋاسىتە ئاڭلاپ باشقىلارغا يەتكۈزگۈچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، بىرەر ۋاسىتە ئارقىلىق ئاڭلاپ يەتكۈزگۈچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ھازىرقى كۈندىكى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى خەلققە يەتكۈزىدىغان ۋە ئۆگىتىدىغان كىشىلەرمۇ مۇشۇ ياخشى دۇئانىڭ دائىرىسىگە كىرىشى مۇمكىن.

ئىسلام دىنىنى بىلىمگەنلەرگە بىلدۈرۈش، ئۆگىتىش ۋە يەتكۈزۈشنىڭ پەزىلەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ. قۇرئان كەرىم دىنىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش توغرىسىدا: ﴿**ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنْ ضَلَّ عَنْ سَبِيلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ**﴾ پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ، دەپ ئاساسىي قانۇن بەلگىلىدى ۋە شۇ قانۇن بويىچە مېڭىشنى بۇيرۇدى.

ئۇشبۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا دىن ئۆگىتىش ۋە دىنىنى تارقىتىشنىڭ بىرىنچى ئاملى تەبلىغ (دىنىنىڭ روھى مەزمۇنىنى يەتكۈزۈش) دۇر. كائىنات (ئاسمان ـ زېمىندىكى جانلىق ـ جانسىز بارلىق مەخلۇقاتلار) تەرتىپ ــ ئىنتىزامى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي قائىدىلىرىگە قارىغاندا، مەزھەب ۋە دىنلارنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يوللىرىنىڭ بىرى تەبلىغ قىلىشتۇر.

تەبلىغ، دىن ۋە مەزھەبلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە نوپۇزغا ئېرىشىشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى بولغاچقا، بۇلار تەبلىغسىز راۋاجلانمايدۇ، تەبلىغ قىلىنمىغان دىن ۋە مەزھەبلەر كۈندىن ــ كۈنگە ئاجىزلىشىدۇ، نەتىجىدە تاشلىنىپ قالىدۇ.

دىن ۋە مەزھەبلەرنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىشى، كۆپىيىشى ۋە ئېتىبارغا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەق ۋە توغرا بولۇشى ئەمەس، بەلكى شۇ دىن ياكى ئېقىمنى خەلققە تەشۋىق قىلىش، يەتكۈزۈش ئۇسۇلى (تەبلىغ) نىڭ توغرا ۋە قائىدىلىك بولۇشى شەرتتۇر.

تەبلىغ قىلىش ئۇسۇلى توغرا ۋە مېتودىغا ئۇيغۇن بولسا، ئۇ دىن ياكى مەزھەب توغرا بولسۇن ياكى بولمىسۇن، تارقىلىدۇ، كېڭىيىدۇ.

ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن مەھدىي، ئىشان دېگەندەك ناملار بىلەن تونۇلغان ناھايىتى كۆپ ئادەملەر چىققان بولسىمۇ، قىلغان ئىشلىرى تەبلىغ، دەۋەت قائىدىسىگە مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، نەتىجىگە ئېرىشەلمەيلا قالماي، ئۈممەتنىڭ ئارىسىغا تەپرىقىچىلىك سالدى، توغرا ئەقىدىلەرنىڭ ئارىسىغا ۋەھىمە، خىيال ۋە خۇراپىي (دەلىلسىز، يالغان) ئەقىدىلەرنى كىرگۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارنىڭ پەيدىسىدىن زىيىنى نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولدى. توغرا! بۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھەققە دەۋەت قىلغۇچىلار، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغانلارمۇ چىققان بولدى. لېكىن،

بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرئان كەرىم بۇيرۇغان ھېكمەتكە كۆرە ھەرىكەت قىلمىغانلىقى ۋە ئىشلىرىنى ئۆز يولىدا ئېلىپ بارالمىغانلىقى ئۈچۈن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

قۇرئان كەرىم تەبلىغنى ھېكمەت ۋە گۈزەل ۋەز ـ نەسىھەتلەر بىلەن قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.

ئەقىللەر قانائەت قىلغۇدەك دەلىل ـ پاكىت كۆرسىتىش ھېكمەتتۇر ۋە دەلىلنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ئامىل بولسا، گۈزەل ۋەز ــ نەسىھەتتۇر. بۇ ئىككى تۈرنىڭ بىرىنچىسى ئالىيىم كىشىلەرگە خاس بولسا، كېيىنكىسى ئاۋام ئۈچۈندۇر. لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ مەقسىتى بىردۇر.

تەبلىغدىن ئۈنۈملۈك نەتىجىگە ئېرىشىشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ــ دىننى تەبلىغ قىلىدىغان (تەشۋىق قىلىپ خەلقكە يەتكۈزىدىغان) كىشى ئۇ دىننى ئۆزى ئوبدان بىلىشى كېرەك. يەنى قۇرئان ۋە ھەدىسنى، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت ــ ئادەتلىرىنى، ھالال ۋە ھارام ھۆكۈملىرىنى ياخشى بىلىشى لازىم.

2ــ دىننى يەتكۈزىدىغان خەلقنىڭ تىلىنى بىلىش (ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان يەرلىك تىل بىلەن سۆزلەش). بۇ، تەجرىبە ــ سىناقتىن ئۆتكەن ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، خرىستىيان تەبلىغچىلەر تەبلىغ قىلىنىدىغان خەلقنىڭ تىلىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئەمما بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار بولسا، چەت ئەللىكلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشنى دىنسىزلىق دەپ قارايدۇ. ھەق تائالانىڭ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوْمِهِ لِيُبَيِّنَ لَهُمْ﴾ قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن (سۆزلەيدىغان) قىلىپ ئەۋەتتۇق، دېگەن سۆزى، تەبلىغ قىلىنىدىغان خەلقنىڭ تىلىنى بىلىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئۆزىمۇ بەزى ساھابىلەرنى يەھۇدىيلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن دۇنيا تىللىرىنى بىلىدىغان ئادەملەر كۆپلەپ چىقىشى كېرەك.

3ــ كۆڭۈللىرىنى ئاۋايلاش، نارازى قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، تەبلىغ قىلىنىدىغان خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئەخلاقى ۋە خۇي ــ پەيلىنى بىلىش.

4 ــ تەبلىغ قىلىنىدىغان خەلقنىڭ دىن ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ، ئىلىم ۋە تونۇشلىرىنىڭ قايسى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇش. چۈنكى بۇ ئىشلارنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ مۇجمەل تونۇشلىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ھالبۇكى، خرىستىيان تەشۋىقاتچىلىرى ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللاندى، دىنىي ئىلىملەر بىلەن پەننىي ئىلىملەرنى بىرلەشتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەقسەتلىرىگە ئازراق بولسىمۇ ئېرىشىپ كەلمەكتە.

5 ــ تەبلىغنى تەسىرلىك ۋە دىققەتنى جەلپ قىلارلىق ئۇسۇلدا قىلىش. ئۇنداق بولمىغاندا، تەبلىغدىن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل بولماي قالىدۇ.

6 ــ گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە مۇلايىم بولۇش. قۇرئان كەرىمنىڭ: ﴿وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ﴾ ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە مۇنازىرىلەشكىن! دېگەن ئەمرىدىنمۇ مۇشۇ مەزمۇن چىقىدۇ. تەجرىبىلەردىن مەلۇمكى، سىلىق ــ سىپايە سۆزلەر ۋە روھنى كۆتۈرىدىغان مۇئامىلىلەر ئىنساننى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، ياخشى قۇلاق سېلىنىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار پىرئەۋننى ئىمانغا چاقىرغاندا: «ئۇنىڭغا يۇمشاق گەپ قىلىڭلار، بەلكى ئۇ ھەقنى تونۇپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ بۇيرۇلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ تېنى سالامەت، تىلى ۋە دىلى يۇمشاق بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، خەلقنى جەلپ قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر. ھەر ھالدا سۆزى قوپال، ئاچچىقى يامان كىشىلەرنىڭ قىلغان تەبلىغىنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. ﴿وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ﴾ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى»[166]

7ــ تەبلىغ قىلىدىغان ئادەمنىڭ دىنىي ئېتىقادى مۇستەھكەم ۋە دىننىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىجانىدىل ئورۇندايدىغان بولۇشى. ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى توغرىلىيالمىغان كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ ئېتىقادىنى توغرىلىيالىشى ۋە ئۆزى ئادا قىلالمىغان ئەمەللەرگە باشقىلارنى ئەمەل قىلدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭغا قارىتا ھەركىمنىڭ:

**يأيها الرجل المعلم غيره** **هلا لنفسك كان ذا التعليم**

[166] ئال ئىمران سۈرىسى، 159 ـ ئايەت.

«ئى! باشقىلارغا ئىلىم ئۆگەتكۈچى مۇئەللىم،

ئۆزۈڭگە نېمىشقا يۇقمىدى ئۇشبۇ ئىلىم.» دېيىشى تەبىئىيدۇر.

8 ــ چىدامچان، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولۇش. ئالدىراڭغۇ ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ئۈنۈم ھاسىل بولمايدىغانلىقى بىر خىل ئادەت بولۇپ، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم: ﴿فَاصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُولُو الْعَزْمِ مِنَ الرُّسُلِ وَلا تَسْتَعْجِلْ لَهُمْ﴾، ﴿فَلَا تَكُنْ فِي صَدْرِكَ حَرَجٌ مِنْهُ لِتُنْذِرَ﴾ دېگەندەك بۇيرۇقلارنى قىلىدۇ. سەۋر بولسا، دىل ئازارلارغا بەرداشلىق بېرىش ۋە كىشىلەرنىڭ ناچار مۇئامىلىلىرىگە ناچار مۇئامىلە قىلماسلىقتىن ئىبارەتتۇر.

خىرىستىئان دەۋەتچىلەرنىڭ سەۋرچانلىقىغا دائىر گېزىت خەۋەرلىرىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

9 ــ ئۆزىنىڭ تەبلىغ ۋە تەشۋىقلىرىدىن ئۈنۈمى بولمايدۇ دەپ ئۈمىدسىزلەنمەسلىك؛ دۇنيادا ئۈمىدسىزلىكتەك ناچار ئىش يوق. ئۈمىدسىز كىشىنىڭ ھېچبىر ئىشى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ: ﴿إِنَّهُ لاَ يَيْأَسُ مِن رَّوْحِ اللّهِ إِلاَّ الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ﴾ شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ دېگەن بۇيرۇقىغا كۆرە، ئۈمىدسىزلىنىش مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس.

## 331 ـ ھەدىس: كىشىلەر قەدرىنى بىلەلمەيدىغان ئىككى خىل نېمەت توغرىسىدا

**نِعْمَتَانِ مَغْبُونٌ فِيهِمَا كَثِيرٌ مِنْ النَّاسِ الصِّحَّةُ وَالْفَرَاغُ.** (صحيح البخاري)

كۆپىنچە كىشىلەر ئىككى تۈرلۈك نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلمەي زىيان تارتىدۇ، ئالدىنىدۇ. بىرى تەننىڭ سالامەتلىكى، ئىككىنچىسى بوش ۋاقىتتۇر.

بۇ ناھايىتى قىسقا، ئەمما ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە سۆزدۇر. ساغلام ھالىتى ۋە بوش ۋاقتىدىن پايدىلىنالمىغان كىشى، خۇددى مېلىنى زىيانغا ساتقان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بەزى ئادەملەر تېنى ساق بولسىمۇ، ئارام ئالالمايدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ بوش ۋاقتى ۋە ئاراملىقى بولسىمۇ، تەن سالامەتلىكىگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇ ئىككى نېمەتنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئېرىشىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمىغان كىشى ئەلۋەتتە زىيان تارتىدىغان كىشىدۇر. چۈنكى بۇ دۇنيا پايدا تاپىدىغان بازار ۋە ئاخىرەتنىڭ تېرىلغۇسىدۇر. بۇ بازار ۋە زىرائەتتىن پايدىلىنالىغانلار بەختلىكلەر، پايدىلىنالمىغانلار بەختسىزلەردۇر.

خەلق يوقسۇزلۇقتىن ۋە نەرسە ـ كېرەك يېتىشتۈرۈلمەيۋاتقانلىقىدىن قاخشايدۇ، زارلىنىدۇ، ئاھ ئۇرىدۇ، ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىدۇ. بىرەر تۈرلۈك كېسەل ياكى خاپىلىققا مۇبتىلا بولغاندىن كېيىن ئەقلىگە كېلىپ: «ئەسلىدە ناھايىتى باي ئىكەنمىز، بەختلىك ئىكەنمىز، لېكىن قەدرىنى بىلمەي قاپتىكەنمىز» دەپ پۇشايمان قىلىشقا ۋە ئۆزىگە ـ ئۆزى كايىشقا باشلايدۇ. ئۆمرىنى، ۋاقتىنى، پەيتىنى ئۆتكۈزىۋېتىپ زىيان تارتىش دېگەن مانا مۇشۇ ئىشلاردۇر. دانالار بەخت ـ سائادەتنى:

1 ـــ شەخسى نۇقتىدىن بەختلىك بولۇش.

2 ـــ ئائىلە نۇقتىسىدىن بەختلىك بولۇش.

3 ـــ مىللىتى نۇقتىسىدىن بەختلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىيدۇ. ئەگەر بىر ئادەمدە يۇقىرىقى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياكى بىرەرى كەم بولسا، ئۇ كىشى دۇنيادا بەختلىك بولالمايدۇ، ھاياتى بويىچە مۇشەققەت ۋە بوروختۇملۇق ئىچىدە ياشايدۇ. تېنى ۋە جېنى ساغلام بولۇشى شەخسى نۇقتىدىن بەختلىك بولغانلىقتۇر. ئائىلە ۋە مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ياخشى مۇئامىلىسىنىڭ ئادەمنى سۆيۈندۈرگۈدەك دەرىجىدە ياخشى بولۇشى ئائىلە ۋە مىللەت نۇقتىسىدىن بەختلىك بولغانلىقىدۇر.

ئەقلىنىڭ ساغلاملىقى، تەننىڭ سالامەتلىكىگە باغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، تېنى سالامەت بولمىغان كىشىنىڭ ئەقلى ئىشلىمەس، قولى ئىشقا يارىماس بولۇپ قالىدۇ، يارىسىمۇ مەنىسى بولمايدۇ. سالامەتلىكنىڭ نېمەت ئىكەنلىكى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەتتۇر. بالا ۋە كۈلپەتلەردىن ئامان بولۇشمۇ تەن سالامەتلىكىگە يېقىن كېلىدىغان بىر خىل نېمەتتۇر.

تونۇش ـــ بىلىشلىرىمىزدىن بىرى بىز تۇرغان شەھەرگە كېلىپ، غەرىبانە ئۆيىمىزنى زىيارەت قىلدى. شاگىرت (تالىپ) لىق كۈنلىرىمىزنى بىللە ئۆتكۈزگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ھەر قانداق سۆزىمىزنى ئوچۇق ـــ ئاشكارا قىلىشالايتتۇق. دوستىمىز تۇرمۇشىنى بەختىيار ئۆتكۈزەلمىگەنلىكى، تالىپلىق ۋاقتىدىكى پەرەزلىرىنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ كۆرەلمىگەنلىكى ۋە دۇنيانىڭ كەم ـــ كوسىلىرىنى تولۇقلاپ بولالمىغانلىقى قاتارلىقلاردىن شىكايەت قىلدى، ئىچىدىكى زار ـ مۇڭلىرىنى پۈتۈنلەي تۆكىۋەتتى.

ساپ ھاۋا ئېلىش ئۈچۈن رەستىگە چىقتۇق. شۇنچە كۆپ سۆزلەرنى قىلىپ بۇرادىرىمنىڭ دەردىنى پەسلىتىشكە تىرىشقان بولساممۇ، دېگەندەك تەسىرى بولمىدى، مېنىڭمۇ ئىچىم سىقىلىپ، بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. يىراقتىن كېلىۋاتقانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى سەزدىم ـ دە، ئاغىنەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ: «بۇ يەردە بىر دەم تۇرايلى!» دېدىم.

توختىدۇق. قىلىچ ئېسىۋالغان ئەسكەرلەر ئىككى كىشىنى يالاپ ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەسكەرلار يالاپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىرى دېھقان كىيىمى بىلەن، يەنە بىرى ناھايىتى ئېسىل كىيىنگەن بولۇپ، ئىككىسى يانمۇ يان ۋە بىرىنىڭ سول قولى يەنە بىرىنىڭ ئوڭ قولىغا ئىشكەل ئارقىلىق

چىتىقلىق ئىدى. ئاغىنەم: «خۇدايىم بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! نىمەت ئىچىدە تۇرۇپ، قەدرىنى بىلمەي يۈرگەن ئىكەنمەن» دەپ ئۆزىنىڭ زارلانغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن پاناھلىق تىلەپ مۇناجات ئوقۇغىلى تۇردى. مۇنداق ئىشنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەددىدىن ئارتۇق قورقۇپ كەتكەنىدى.

## 332 ـ ھەدىس: يامان دوست، بۇزۇق ئىشلاردىن ساقلىنىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا

**الوحدة خير من جليس السوء والجليس الصالح خير من الوحدة وإملاء الخير خير من السكوت والسكوت خير من إملاء الشر.** (مرقاة المفاتيح شرح مشكاة المصابيح)

يالغۇز قېلىش ئۇسال ئادەمنىڭ ھەمراھ بولۇشىدىن ياخشى. ياخشى ھەمراھ يالغۇزلۇقتىن ياخشى. قىلغان ئىشىنى دەپتەرگە يېزىپ تۇرىدىغان پەرىشتىگە ياخشىلىق يازدۇرغىنىڭ، جىم تۇرغاندىن ياخشى. جىم تۇرغىنىڭ، پەرىشتىگە يامانلىق يازدۇرغىنىڭدىن ياخشى.

ئۆمەر ئىبنى ھەتتان (خاۋارىج مۇجتەھىد بولۇپ، ھەزرىتى ئائىشە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە ئەبۇ زەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان) ئەبۇ زەرنىڭ مەسجىدتە يالغۇز ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «نېمىشقا يالغۇز ئولتۇردۇڭ؟» دەپ سورىغاندا، ئەبۇ زەر: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم» دەپ يۇقىرىقى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ خۇلاسىسى، يامان دوست ـ بۇرادەردىن ساقلىنىش ۋە بىمەنە، بۇزۇق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشتىن يىراق تۇرۇشنى تەرغىب قىلىدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت ـ سائادىتى شۇ ئىككى ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاپەتمۇ شۇنىڭدىن كېلىدۇ. يامان ئادەمنىڭ خىسلىتى بولمايدۇ، ھەتتا ياخشى دوست ــ ئادەمدىن ئېھتىيات قىلىشمۇ زىيانلىق ئەمەس. ئادەملەر ئۆزىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلارغا ئازار بېرىدۇ، تۆۋەندىكىلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى ئىنسانلارغا ھەسەت (چىدىماسلىق) قىلىدۇ.

ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟!...

## 333 ـ دەرس: كىشىنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلىگۈچىلەرنىڭ يامان ئاقىۋىتى

**وَيْلٌ لِلَّذِي يُحَدِّثُ بِالْحَدِيثِ لِيُضْحِكَ بِهِ الْقَوْمَ فَيَكْذِبُ وَيْلٌ لَهُ وَيْلٌ لَهُ.** (سنن الترمذي)

خەلقنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلىگەن كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي! ھالىغا ۋاي!

كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان گەپنىڭ تېگى ــ تەكتى راست بولمىسا، ئۈستىلەپ ئۇنىڭغا ئالداش ئارىلىشىپ قالغان بولسا، ھەر ئىككىسى پەسكەشلىك ۋە رەزىللىك بولۇپ، ئادىمىگەرچىلىككە، ئۆزىنىڭ ئىززەت ــ ئابرويىنى ساقلايدىغان ئادەملەرگە قەتئىي ياراشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ بۇنداق ئىشلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

يالغان سۆز ئارقىلىق ئالداش باشقىلارنى كۈلدۈرۈشنى مەقسەت قىلمىغان ئەھۋالدا ھارام بولغان ئىكەن، بىرلىرىنى كۈلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغاندا تېخىمۇ ئېغىر گۇناھ بولىدىغانلىقى ئۆز ــ ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. سۆزلەش ھارام بولغان گەپلەرنى ئاڭلاشمۇ ھارام بولغانلىقى ئۈچۈن، يالغان سۆزلەرنى تىڭشاپ ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ھۆكمىمۇ سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.

ئادەم كۈلدۈرۈشتىن باشقا، غەرەزلىك ھالدا مەلۇم كىشىلەرنىڭ رەسىملىرىنى مەتبۇئاتلارغا چىقىرىش ئارقىلىق كۈلۈش ۋە كۈلدۈرۈشمۇ ئوشبۇ دەرس شەرىپتە ئاگاھلاندۇرۇلغان تۈرگە كىرىدۇ.

## 334 ـ دەرس: ھوقۇقتا ھېرىسمەن بولۇشتىن ساقلىنىش توغرىسىدا

**يَا أَبَا ذَرٍّ! إِنِّي أَرَاكَ ضَعِيفًا وَإِنِّي أُحِبُّ لَكَ مَا أُحِبُّ لِنَفْسِي لاَ تَأَمَّرَنَّ عَلَى اثْنَيْنِ وَلاَ تَوَلَّيَنَّ مَالَ يَتِيمٍ.** (صحيح مسلم)

ئى ئەبۇ زەر! سېنى ئاجىز بىر ئادەم دەپ قارايمەن. ئۆزۈم ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى سەن ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئىككى ئادەمگە بولسىمۇ باشلىق بولما! يېتىمنىڭ مېلىغا ئىگە بولما!

بۇ سۆز ئەبۇ زەر ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن كۈچكە ئىگە بولۇپ، رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن خەيرى ـ خاھلىق بىلەن قىلىنغان نەسىھەتتۇر.

كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىدىغان (مەنسەپدار) لار، شۇنىڭدەك يېتىملەرنىڭ ماللىرىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشقا مەسئۇل كىشىلەر، مۇھىتنىڭ (ئۆرپ ـ ئادەت، ئىناۋەت ۋە باشقىلارنىڭ) تەسىرىگە ئۇچراپ كەتمەسلىكى، ھېچ كىمگە باش ئەگمەسلىكى، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىقى، تىلىۋالغۇچىلارنىڭ يۈزىگە قارىماسلىقى لازىم. ھالبۇكى، دىلى يۇمشاق، ياۋاش چىراي، بوزەكتەك كۆرۈنىدىغانلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان كىشىلەر مۇنداق ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بۇلار ئۆز ھېسسىياتى ياكى ناتىق كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ. بۇلارنىڭ خاتا ھۆكۈم قىلمايدىغانلىقىغا ۋە يېتىملەرنىڭ مېلىنى ئورۇنسىز چىقىم قىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ.

# 335 ـ ھەدىس: ئۆز ئارا سالاملىشىش، نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىش قاتارلىقلارنىڭ پەزىلىتى

**يَا أَيُّهَا النَّاسُ أَفْشُوا السَّلَامَ وَأَطْعِمُوا الطَّعَامَ وَصَلُّوا بِاللَّيْلِ وَالنَّاسُ نِيَامٌ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ بِسَلَامٍ.** (سنن ابن ماجة)

ئى ئىنسانلار! ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار! موھتاج كىشىلەرگە ئاش ـ نان بېرىڭلار! كېچىلىرى كىشىلەر ئۇخلاپ قالغاندا تۇرۇپ ناماز ئوقۇڭلار! ئازاب ۋە خاپىلىقتىن خاتىرجەم ھالدا جەننەتكە كىرىسىلەر.

مەيلى تونۇش ياكى ناتونۇش بولسۇن، بارلىق كىشىلەرگە سالام قىلىش سالامنى ئومۇملاشتۇرغانلىق بولىدۇ.

ئاۋازنى ئاڭلىمىغۇدەك يىراقلىقتىكى كىشىلەرگە سالام قىلىش شەرت ئەمەس. لېكىن سالام قىلىۋاتقانلىقنى ئىما ـ ئىشارەت بىلەن بىلدۈرۈش زىيانلىق بولمىسا كېرەك. ناماز ئوقۇۋاتقاندا قىلىنغان سالامنى بېشى ياكى قول بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قايتۇرۇش دۇرۇس دېگەن ئالىملارمۇ بار. سالاملىشىشنىڭ پايدىسى بىر ـ بىرىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، ئۈلپەت ۋە تونۇشلۇق ئورنىتىشتۇر.

ئاياللارنىڭ ئۆز ئارىسىدا سالام قىلىشماسلىقى، سالامنىڭ يولغا قويۇلۇش روھى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان ئەمرلىرىگە مۇۋاپىق ئەمەس. (130 ـ ھەدىسكە قاراڭ)

«ئاش ـ نان بېرىڭلار!» دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇن دائىرىسىگە، يېمەك ـ ئىچمەك خىراجىتىنى بېرىش ۋاجىپ بولغان كىشىلەرگە نەپىقە بېرىش، قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشىلەرگە ياردەم قىلىش، ئۆيگە كەلگەن تىلەمچىلەرگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىر نەرسە بېرىپ يولغا سېلىش قاتارلىقلار كىرىدۇ.

كېچىلىرى ناماز ئوقۇش دېگەندىن مەقسەت، ئازدۇر ـ كۆپتۇر نەپلە ناماز ئوقۇشتۇر. بىر قىسىم مۆتىۋەر ئەھلى ئىلىم زاتلار: خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇش بىلەنمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرى ئادا قىلىنىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان ئەمەس نۇرغۇن كىشىلەر شۇ ۋاقىتتا ئۇخلايدۇ، ـ دەيدۇ.

ناماز ئوقۇش. ھەر تۈرلۈك پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بىر ئىبادەتتۇر. ئۇنىڭدا تاھارەت ئېلىش، ئەۋرەتلەرنى يېپىش ھەم بولار ئۇچۇن ئاز ـ كۆپ پۇل چىقىم قىلىش، يۈزنى كەبىگە قارىتىش، ئەزالار ئارقىلىق ئاللاھتىن ئەيمىنىدىغانلىقنى ئىزھار قىلىش، كۆڭلىدە نىيەت قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، كەلىمە شاھادەت (ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىقرار قىلىش) نى ئوقۇش، نەپسى خاھىشلىرىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىش، شەيتان بىلەن ئېلىشىش، ئاللاھ تائالانى چاقىرىش ۋە مۇناجات قىلىش (مەخپىي سۆزلىشىش) دېگەندەك جەريانلار بار.

«**افشوا السلام**» نىڭ مەنىسى «سالامەتلىك، ئامانلىق، تىنچلىقنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار» دېگەنلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق بولغاندىمۇ، كىشىلەرگە سالام قىلىش ۋە سالامغا جاۋاب بېرىش قاتارلىقلار يەنىلا بىرىنچى بولۇپ بۇ دائىرىگە كىرىدۇ.

## 336 ـ ھەدىس: ھەر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تىرىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

**يَا فَاطِمَةُ بِنْتَ مُحَمَّدٍ يَا صَفِيَّةُ بِنْتَ عَبْدِ الْمُطَّلِبِ يَا بَنِي عَبْدِ الْمُطَّلِبِ لَا أَمْلِكُ لَكُمْ مِنْ اللَّهِ شَيْئًا سَلُونِي مِنْ مَالِي مَا شِئْتُمْ.** (صحيح مسلم)

ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! ئى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ قىزى سەفىييە! ئى ئابدۇلمۇتەللىب ئەۋلادى! ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن بىر ئىش قىلىشقا كۈچۈم يەتمەيدۇ. مېلىمدىن خالىغىنىڭلارنى سوراڭلار!

رەسۇلۇللاھ ئۆز يېقىنلىرىنى، قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىشقا ئىشىنىپ تۇرماسلىققا، ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى تىرىشىشنى بۇيرۇيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ قىزى ۋە ئائىسىنىڭ بىر تۇغقانلىرىغا: «ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئەمەل قىلىڭلار!» دەپ بۇيرۇغان، باشقىلارنى پاناھ تارتىپ تۇرۇشتىن توسقان ئىكەن، باشقا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تونۇپ يېتىشى، مەيلى مەقبۇل بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بۇيرۇلغان ئىبادەت (قۇللۇق ـ خىزمەت) لەرنى جايىدا ئورۇندىشى شەرتتۇر.

دۇنيادىن ئىمان بىلەن كەتكەنلىكى ئېنىق بولمىغان ۋە جانابى ئاللاھ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە خۇشخەۋەر بېرىلمىگەن كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ گۇمانلىرىغا ئاساسەن «ئەۋلىيا» دەپ ئاتىۋالغۇچىلارنىڭ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ خاتا يولدا ئىكەنلىكىنى يۇقىرىقى ھەدىستىن چۈشىنىۋېلىش، ئۇ ئىشلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قىلىنغان بوھتان ۋە جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىش لازىم ئىدى.

لېكىن، نېمىشقىدۇر مەزكۇر ئېتىقاد كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ، خەلق ئارىسىغا تارالماقتا. بۇ خىل ئىشلارنىڭ بىدئەت ۋە زىيانلىق ئىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەشمۇ خەۋپلىك بولىدىغان كۈنلەر يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتىكى نەسىھەتلەر، ئاگاھلاندۇرۇشلار، ئۇلىمادىلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمايۋاتىدۇ. ﴿سَوَاءٌ عَلَيْهِمْ أَأَنْذَرْتَهُمْ أَمْ لَمْ تُنْذِرْهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ﴾ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلارغا بەرىبىر ئوخشاش، ئىمان ئېيتمايدۇ.

## 337 ـ ھەدىس: مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچقۇچىلارنىڭ رەسۋا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**يَا مَعْشَرَ مَنْ آمَنَ بِلِسَانِهِ وَلَمْ يَدْخُلْ الْإِيمَانُ قَلْبَهُ لَا تَغْتَابُوا الْمُسْلِمِينَ وَلَا تَتَّبِعُوا عَوْرَاتِهِمْ فَإِنَّهُ مَنْ اتَّبَعَ عَوْرَاتِهِمْ يَتَّبِعُ اللَّهُ عَوْرَتَهُ وَمَنْ يَتَّبِعْ اللَّهُ عَوْرَتَهُ يَفْضَحْهُ فِي بَيْتِهِ.** (سنن أبي داود)

ئى تىلى بىلەن ئىمان كەلتۈرگەن، ئەمما ئىمانى دىلىغا كىرەلمىگەن جامائە! مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار! ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى (خىجىل بولىدىغان ئىشلىرىنى) كوچىلاپ، ماراپ يۈرمەڭلار! كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆمۈر ئۆتكۈزسە، ئاللاھ تائالامۇ ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كوچىلايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەر كىمنىڭ كەمچىلىكى ۋە ئەيىبىنى تەكشۈرىدىكەن، ئۇنى رەسۋا قىلىدۇ، ھەتتا ئۆيىدە مۆكۈپ ياتسىمۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ.

ھەدىس شەرىپىنىڭ غەيۋەت قىلغۇچىلارنى، مۇسۇلمانلارنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىنى كوچىلاپ، ماراپ يۈرگۈچىلەرنى «ئىسلام دىنىغا ئېغىزىدا ئىشەنگەن، ئىمانى دىلىغا كىرمىگەن» دەپ تەرىپلىشى ئىنتايىن ئېغىر تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىلى بىلەن ئىمان كەلتۈرۈپ، دىلى بىلەن ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشى «مۇناپىق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن قورقۇنچلۇق ئىش يوق. ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى ۋە بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى لازىم.

غەيۋەتنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى ھەققىدە يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ شەرھلىرىدە سۆزلەپ ئۆتۈلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە تەكرار سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. غەيۋەتنىڭ ئەڭ ئېغىرى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كاپىر دېيىشتۇر. قەلەم بىلەن يازغاننىڭ ھۆكمى تىل بىلەن سۆزلىگەندىن ئېغىرراق بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىر ئىسلام قازىسى (ئىسلام قانۇن مەھكىمىسى) ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، بىرەر شەرئى مەسىلىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىش يولىدا بىر كىشىنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم قىلسا، ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. دە ـ تالاشلارغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان سودىيەلەرگە جاۋابكارلىق كەلمىگەن يەردە، ئىسلام قازىسىغا جاۋابكارلىق ئارتىلمايدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ لاياقىتى ۋە ھەققى بولماي تۇرۇپ كىشىنىڭ كۆڭلىگە مۇسەللەت بولۇش (كۆڭلى مۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلىش)، ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئەھۋالدىكى بىر كىشىنى كاپىر دېيىش ناھەقچىلىق قىلغانلىق، تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا زۇلۇم قىلىشتۇر.

قەتئىي دەلىللەر بىلەن مۇئەييەنلەشكەن ئىسلام ئاساسلىرىنى ئىنكار قىلمىسىلا، ھېچكىمنى «كاپىر» دېمەسلىك لازىم. بۇ تەۋسىيەلەر، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام شافىئى ۋە باشقا كاتتا مۇجتەھىدلەردىن نەقىل قىلىنغان تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى پۈتۈنلەي يوق نەرسىنى باھانە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى كاپىر دېيىش كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى. پەتىۋا كىتابلىرىدىكى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك تېمىلارنى كۆرۈپ چىققۇچىلار ھەيرانلىققا چۆمۈشى مۇمكىن (‹فەتھۇل قەدىر›دە، بىر كىشىنى كاپىر دېيىش مەسىلىسىگە دائىر مۇھىم سۆزلەر بار).

بىرەر ئالىمغا سوۋغا ـ سالام بەرمىگەن ياكى زالىم پادىشاھلارنى زالىم دەپ قويغان ئادەملەرنىڭ كاپىرلىققا چىقىرىلىشى ئىسلام دۇنياسىدا كۆپلەپ ئۇچرايدۇ.

بىزنىڭ مەھەللىنىڭ موللىلىرىنىڭ يوق باھانىلەر بىلەن مەھەللە ئادەملىرىنى «ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق» دەپ ئەر ـ ئاياللى ئايرىۋېتىش ماجىرالىرىنى ئورۇنبۇرگدا خىزمەت قىلغان ۋاقىتلىرىمدا كۆپ قېتىم ئۇچراتتىم. بىر كىشىنى «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىشتىن ئىلگىرى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك كۆپلىگەن ئىشلار بار. بۇنىڭدىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ مۇسۇلماننى كاپىر دېيىشنىڭ قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقى ئېنىق. ئەمما ئىسلام دۇنياسىدا ھاياتى بويىچە بىرمۇ كاپىرنى مۇسۇلمان قىلىپ باقمىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، ئۆزگە ھۆرمەت قىلمىغان، ئۆزى بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولمىغان مۇسۇلمانلارنى ئازراقلا ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويسىلا كاپىرلىققا چىقىرىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى «قىلغان ئىشىدىن سوراق قىلىنمايدىغان زات» نىڭ مەرتىۋىسىدە ھېسابلايدۇ. لېكىن دۇنيادىمۇ ئاخىرەتتىمۇ ھېسابسىز ئىش، سوراق قىلىنمايدىغان ئىنسان بولمىسا كېرەك.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ۋىدالىشىش ھەججىدە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ: «قانلىرىڭلار، مال ـ مۈلكىڭلار، ئابرويۇڭلار ھارام (ئۆز ئارا بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مېلىغا قول سۇنۇش، ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش ھارام) دېگەن مەزمۇندا نەسىھەت قىلغان ئىدى. ئاۋام خەلقنىڭ كۆزىگە دىندار بولۇپ كۆرۈنۈش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى «كاپىر» دېيىش ئېغىر ئازغۇنلۇق ۋە خاتالىقتۇر.

## 338 ـ ھەدىس: مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبنى كولاشنىڭ قەبىھ ئىشلاردىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**يبصر أحدكم القذاة في عين أخيه، وينسى الجِذْعَ في عينه.** (كشف الخفاء)

سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنىڭ كۆزىگە چاپلىشىپ قالغان كىچىككىنە نەرسىنىمۇ كۆرىدۇ، ئۆزىنىڭ كۆزىدىكى خورما ياغىچىدەك چوڭ نەرسىنىمۇ كۆرمەيدۇ.

بۇ ھەدىس كىشىلەرنىڭ كىچىككىنە ئەيىبنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ چوڭ ئەيىبلىرىنى ھېسابقا ئالمايدىغان كىشىلەر توغرىسىدا ئېيتىلغان. بۇ بەكمۇ قەبىھ قىلىقتۇر. شائىر:

**قبيح من الإنسان ينسى عيوبه　　ويذكر عيبا في أخيه قد اختفى**

**فلو كان ذا عقل لما عاب غيره　　وفيه عيوب لو رآها بها اكتفى**

«ئىنساننىڭ ئۆز ئەيىبلىرىنى ئۇنتۇپ، مۇسۇلمان بۇرادىرىنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبنى ئاغزىغا ئېلىشى قەبىھ ئىشتۇر. ئەگەر ئەقلى بولسا ئىدى، ئۆزىدە يېتەرلىك ئەيىب بار تۇرۇپ، باشقا كىشىنى ئەيىبلىمەيتتى» دەيدۇ.

بۇنداق ئادەت بۇرۇنقى زامانلاردىمۇ بار ئىدى، لېكىن بۇ ئىش ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تەبىئىي خۇيىغا ئايلىنىپ كەتتى. بارلىق كىشىلەر ئۆز ئەيىبنى ئۇنتۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەيىبنى سۈرۈشتۈرىدۇ، باشقىلارنىڭ ئىشىدىن ھېساب ئېلىش بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئىش ھازىرقى دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ ۋەزىپىسىگە ئايلىنىپ قالدى (161 ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە ئۆزىنىڭ ئەيىبنى قانداق تونۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتۈلدى.)

ھالبۇكى، بىزنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەيىبنى تەكشۈرۈپ يۈرگۈدەك ۋاقتىمىز يوق. ئەگەر ئارتۇق ۋاقتىمىز بولسا، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز ئەيىبىمىزنى تەكشۈرۈپ، ئۆزىمىز بۇزغان ئىشنى تۈزىتىش بىلەن مەشغۇل بولۇشىمىز لازىم. بۇ ھەدىستىن ئىبرەت ئېلىش ۋە مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىش ھەممىدىن بەك ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن شەرتتۇر. كىشىلەرنىڭ ئەيىبنى ئىزدەش بولسا، قەلبنىڭ بۇزۇقلۇقىنىڭ دەلىلىدۇر.

## 339 ـ ھەدىس: ئىنساننىڭ ئۇ دۇنياغا ياخشى ـ يامان ئىشلىرى بىلەنلا كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا

**يَتْبَعُ الْمَيِّتَ ثَلَاثَةٌ فَيَرْجِعُ اثْنَانِ وَيَبْقَى مَعَهُ وَاحِدٌ يَتْبَعُهُ أَهْلُهُ وَمَالُهُ وَعَمَلُهُ فَيَرْجِعُ أَهْلُهُ وَمَالُهُ وَيَبْقَى عَمَلُهُ.** (صحيح البخاري)

مېيىتنى دەپنە قىلىشقا ئېلىپ ماڭغاندا، خوتۇن ـ بالىلىرى، مال ـ مۈلكى ۋە قىلغان ئىشلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسە قەبرىگىچە ئەگىشىپ بارىدۇ. ئۇلاردىن بالا ــ چاقىسى بىلەن مال ــ مۈلكى قايتىپ كېلىدۇ، قىلغان ياخشى ــ يامان ئىشلىرى بولسا، مېيىت بىلەن بىرگە قالىدۇ.

«قىلغان ئىشلىرى» دېگەن ئىبارىنى ئوقۇغان ناماز، تۇتقان روزا، قىلغان ھەج، بەرگەن زاكات دەپلا چۈشىنىشكە بولمايدۇ. توغرا، بۇلارنىڭمۇ ئەمەل، ھەتتا ناھايىتى ساۋابلىق ئەمەللەردىن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىش بىلەن بىرگە، ئەمەل (ئىش ــھەرىكەت) دېگەن سۆزنىڭ دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭ ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىق لازىم.

بىر پاھىشە ئايالنىڭ ئۇسساپ قالغان بىر ئىتنى سۇغۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى 169 ــ ھەدىستە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلدى. ناماز، روزا، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەردىن ساھابىلەردەك ھوزۇرلانغان كىشىلەرنىڭ بولۇشى ناتايىن. لېكىن، ساھابىلەر ئاشۇ ئىبادەتلەر بىلەنلا قانائەتلىنىپ تۇرماي، بەلكى تىجارەت، باغۋەنچىلىك قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار، ئاللاھ تائالانىڭ كەرىم (سېخى) ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىشىمۇ، «ئاللاھ كەرىم» دەپلا سوزۇلۇپ ياتماي، ماڭلاي تەرلىرىنى ئاققۇزۇپ ئىشلىدى. بۇنىڭدىن 1300 يىل ئىلگىرى (كىتاب يېزىلغان ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـ ت) مىسىر بىلەن شام دېڭىزى ئارىسىغا قانال قازغان ۋە ئۇ قانال كەلتۈرىدىغان پايدىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلىگەن بۇ ساھابىلەر ئۈستىدە كۆپلەپ توختىلىشقا كېرەك يوق. ئۇلار مۇشۇ دەۋردە بولسا ئىدى، سۇۋەيش قانىلىنى ئاچمايتتى، ئەرەبىستان تاغلىرىدىن مەدەن چىقارمايتتى ۋە ھىجاز زېمىنىنى زاۋۇت ــ فابرىكىلار بىلەن توشقۇزۇۋەتمەيتتى دېگىلى بولمايدۇ. نىيەت دۇرۇس بولسىلا، سوقا سوقۇش، يىپ توشۇش، ئوتۇن تېرىپ سېتىش، زاۋۇتلاردا ئىشلەشتەك ئىشلارمۇ ئەمەل، مىللەتكە، خەلققە ھەتتاكى ھايۋانلارغا پايدا يەتكۈزۈشمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ.

مېيىتنى بالىلىرى، يېقىنلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ قەبرە بېشىغا ئاپىرىپ ئۇزىتىشى، لەھەتكە قويۇپ ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ دۇئا قىلىشى لازىمدۇر. بۇنداق قىلىش ھەممە مىللەتنىڭ ئادىتىدۇر. لېكىن بىزدە، بايلارنىڭ جىنازىسىغا دوستلىرى ۋە بالا ـ چاقىلىرىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن يۇرت خەلقى ئەگىشىپ قەبرىسىگىچە بېرىپ ئۇزىتىدىغان، پېقىر ـ غېرىپلارنىڭ جىنازىسىغا دېگەندەك كۆپ ئادەم ئەگەشمەيدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى، ئۆلۈكنى دەپنە قىلغان يەردە سەدىقە (ناماز ھەققى) بېرىشنى (ۋە ئېلىشنى) ئادەت قىلغانلىقىمىزدۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى، ياخشى ئىشلار يامانلىقىقا ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە تەدبىرسىزلىك يۈزىسىدىن باشقا يامان ئىشلارنى پەيدا قىلىدۇ. ياخشىلىق پۈتۈنلەي تۈگەپ، يامان ئىشنىڭ يامانلىقى ئىككىنچى بىر يامان ئىشقا سەۋەب بولىدۇ. سەدىقە بېرىش مەيلى مېيىت قېشىدا مەيلى باشقا يەردە بولسۇن، ناھايىتى پەزىلەتلىك ئىش ۋە ساۋابلىق بىر ئەمەل. بۇ توغرىدا يۇقىرىدا ناھايىتى كۆپ ھەدىسلەر ئۆتتى ۋە ئەتراپلىق شەكىلدە شەرھلەندى. سەدىقە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق كەلگەندىلا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەزىلەت ۋە ساۋاب بېرىلىدۇ. شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق كېلىشى بولسا، سەدىقىنى سەدىقە ئېلىشقا لايىق كىشىلەرنىڭ قولىغا يەتكۈزۈش ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ. ئەمما بىزنىڭ مېيىت ئۈچۈن بېرىدىغان سەدىقىلىرىمىزنىڭ پەزىلەت ۋە ساۋابقا لايىق بولۇشى ئادەمنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ. بىزنىڭ ئۆلۈككە ئاتاپ بېرىدىغان سەدىقىلىرىمىز ئۈچۈن ساۋاب ئۈمىد قىلىشنىڭ ئورنى يوق.

بىزدە ئىقتىساد كۆپ، مەھەللىسىدە نام ــ ئاتىقى بار، ئىناۋەتلىك بىرى ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى سەدىقە توپلايدىغان قاغا ــ قۇزغۇنلار، تاماخور ئادەملەر قورشىۋالىدۇ. مېيىتنى دەپنە قىلىپ قايتقۇچە بۇ ئەھۋال داۋاملىشىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ مېيىتقا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، تەزىيە بىلدۈرۈش، تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بىرەر پايدا ــ مەنپەئەتكە ئېرىشىش، قولىغا بىر نەرسە چۈشۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىدىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. «ساڭا كۆپ نەرسە بەردىمۇ، ماڭا مۇنچىلىك بىر نېمە بەردى. بېخىللار! ئاز ئۈلەشتۈردى!» دېگەندەك گەپلەرنى

قىلىشىپ يۈرۈشى ئۇلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مېيىتنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن مۇنداق ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا قولىغا بىر نەرسە چۈشۈرۈشنىڭ پېيىدە بولمىغان، گۇناھ ۋە نومۇس ئىشلاردىن ئۆزىنى ئاياىدىغان، شۇنداقلا سەدىقە ئېلىشقا ھەقلىق ئادەملەر ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ. مۇشۇنداق قالايمىقان سەدىقە ئۈلەشتۈرۈش سەۋەبىدىن ئەھلى ئىسلام ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتتى.

ئۆزىنى ئاياىدىغان، نومۇسچان، سالىھ كىشىلەرمۇ يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىدى. تاماخورلۇق كېسىلى باش كۆتۈردى. ئۆلۈكلەرگە ھۆرمەت قىلىدىغان ئىش قالمىدى. ئۆلۈم قانداق نەرسە؟ ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇچرىشىش (ھېساب بېرىش) قانداق بولىدۇ؟ بۇنى ئويلاپ كۆرەلمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. قەبرىلەرگە ۋە مېيىتلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئەھۋاللار قالمىدى.

رۇسلارنىڭ قەبرە بېشىدا سەدىقە ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن. چوڭ ئاياقتىن بىر مېيىتنىڭ ئۇزىتىلىش جەريانىنى كۆرۈپ ناھايىتى تەسىرلەندىم. بىزنىڭ مېيىتلىرىمىزنىڭ شۇنداق ھۆرمەت ۋە تەسىر قالدۇرىدىغان دەپنە قىلىش ئەھۋاللىرىدىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۈچۈن قايغۇردۇم. راستىنى ئېيتقاندا، نومۇس قىلدىم. بىر توپ كىشى مېيىتنى چېركاۋدىن ئېلىپ چىقىپ، يولنى بويلاپ ماڭدى. ئۇلارچە ھارۋا، يىگىرمە ئوتتۇزدەك ئادەم ناھايىتى مۇكەممەل قىياپەتتە، يۈزلىرىدە قايغۇ ۋە مۇسىبەت ئالامىتى كۆرۈنگەن ھالەتتە كېتىپ باراتتى. ئۇيان ـ بۇيانغا قاراش، ئۇنلۇك سۆزلىشىش، ئۇلاغلارنى چاپتۇرۇپ ماڭىدىغان ئىش يوق ئىدى. يول بويىدا تىلەمچىلەر، دۇئاگۇيلارمۇ كۆرۈنمەيتتى.

بىزنىڭ مېيىتلىرىمىزمۇ شۇنداق بىر قايغۇلۇق ھالەتتە، تەسىرلىك رەۋىشتە ئۇزىتىلسا ۋە قەبرە بېشىغا بارغۇچىلار بىلەن ئۆيدە قالغانلار ئىختىيارسىز ھالدا مۇسىبەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، نېمىمۇ بولاتتى؟

بايلارنىڭ جىنازىلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ خارلىنىشى، تەرتىپ ساقلاش ئۈچۈن ساقچىلارنى چاقىرىشقا توغرا كېلىپ قېلىشى، سەدىقە ئالغۇچىلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشلىرى ۋە تالىشىشلىرىنى ئويلىسا، ئادەمنىڭ تېنى سىقىلىدۇ. مۇنداق سەدىقە بېرىشنىڭ قانداق پايدىسى باردۇ؟ بۇنىڭغا قانچىلىك ساۋاب بېرىلىدىغاندۇ؟

مېيىتقا ئاتاپ سەدىقە بەرگەندە، خەلقنىڭ ھېسسىياتىنى بوغىدىغان، ۋىجدانلىرىغا زەربە بېرىدىغان شەكىلدە ئەمەس، بەلكى شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە مۇۋاپىق ئۇسۇلدا بېرىش كېرەك! ھازىرقى كۈندە ھەممە يەردە جەمئىيەتلەر بار، بۇلار ئاللاھ تائالا بەرگەن خادىملاردۇر. ئۆلۈكلەرمۇ سەدىقە قاغىلىرىدىن، تاماخور كىشىلەردىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن ـ ئازادە سەپەر قىلىدۇ. ئەتراپىنى مۇخلىسلىرى ۋە خەيرى ـ خاھلىرى قورشىغان ھالدا ۋەتەنلىرىگە ئورۇنلىشىدۇ.

تەييار تاپلارغا بېرىلىدىغان پۇللار دىنىي مەكتەپلەر ئۈچۈن سەرپ قىلىنسا، ماددىي پايدىسىمۇ كۆرۈلگەن، ساۋابىمۇ كۆپرەك بولغان بولاتتى. ھازىر بۇ ئىشنى ئادەت قىلىش ئۈچۈن خېلىلا كېچىكىپ كەتتۇق! (شۇنداقتىمۇ ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىلسا، ئاللاھ چىقىش يولى بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. چۈنكى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزۈشكە بولمايدۇ.)

ھەدىس شەرىپتىكى «خوتۇن ـ بالىلىرى ئەگىشىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئومۇمىي دائىرىسىگە ئاياللارمۇ كىرىدۇ. ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىپ قەبرە بېشىغا بېرىشى دۇرۇسمۇ، ئەمەسمۇ؟ قۇرئان كەرىمدە بۇ ئىشنى مەنئىي قىلغان ئايەت يوق. ئالتە سەھىھ ھەدىس كىتابىدا ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «مۇسنەد» دە ئۇچۇق ــ ئاشكارا ھالدا مەنئى قىلىدىغان ھەدىس بارلىقى بىلىنمىدى. ئىمام بۇخارى مۇشۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك **«نهينا عن اتباع الجنائز ولم يعزم علينا»** جىنازىغا ئەگىشىشتىن مەنئىي قىلىندۇق، ئەمما بۇ ئىش بىزگە قەتئىي شەكىلدە ھارام قىلىنمىدى، دېگەن ھەدىسنى ئۇممۇ ئەتىيە (نەسىيبە) دىن رىۋايەت قىلىدۇ[167]. ھاسىل كالام: بىز ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىپ مازار بېشىغا بېرىشىمىز ھارام ئەمەس، بەلكى مەكرۇھ، دېمەكچى. بۇخارىنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇممۇ ئەتىيە مەنئىي قىلغۇچىنىڭ كىملىكىنى ئېيتمىغان، ئەگەر مەنئىي قىلغان كىشى رەسۇلۇللاھ بولماي، باشقا بىرى بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىپ مېڭىشىنىڭ مەكرۇھلىقىمۇ جەزملەشمىگەن بولىدۇ.

---

[167] سەھىھۇلبۇخارى.

كۆپىنچە ئالىملار، ئاياللارنىڭ جىنازە ئۇزىتىشىنى مەكرۇھى تەنزىھى (ھالالغا يېقىن مەكرۇھ) دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ: «ئاياللارنىڭ جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن چىقمىغىنى ياخشىراق» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىمام مالىكنىڭمۇ، ئۆزىنىڭ بالىسى، دادىسى ۋە ئېرىنىڭ جىنازىسىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىشى مەكرۇھ ئەمەس، دېگەن سۆزلىرى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىبنى ھەزمى بولسا: «ئاياللارنى جىنازىغا ئەگىشىشتىن مەنئىي قىلىدىغان دەلىل يوق»، ـ دەيدۇ. (بەزىبىر مۇھەددىسلەرنىڭ «مەنئىي قىلغۇچى رەسۇلۇللاھتۇر» دېگەنگە ئوخشاش رىۋايەتلىرى بار.)

144 ـ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە ئاياللارنىڭ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالدۇق. ھافىز ئىبنى ھەجەرنىڭ ‹ئەلئىسابە› ناملىق ئەسىرىدە: «فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر تۇغقان ھەمشىرىسى رۇقىيەنىڭ قەبرىسى بېشىدا يىغلىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭ يېشىنى ئېتىپ قويدى» دېيىلىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، ئىسلام شەرىئىتى، ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلارغا سەۋەب بولمىغان، ئەدەب ۋە ئىنساپ قېلىپىدىن چىقىپ كەتمىگەن ئەھۋالدا، ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىپ مازار بېشىغا چىقىشنى چەكلىگەن ياكى ھارام قىلغان ئەمەس. ئەرلەر يوق ۋاقىتدا (مەسىلەن ئۇرۇش سېپىدە) مېيىتنى تەييارلاپ دەپنە قىلىش پۈتۈنلەي ئاياللارنىڭ ۋەزىپىسى بولىدۇ. مەشھۇر مۇھەددىس ۋە مۇجتەھىدلەر بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشمايدۇ.

مۇسۇلمان بولغان ئەسكىرى مەمۇرلار (ھەربىي خادىملار) ھەربىي قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئاساسەن، مۇزىكا ۋە تەنتەنىلەر بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىز مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقىسى يوق. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، بۇ خىل مۇراسىملار يات دىندىكىلەرگە خاس بولغان دىنىي ئالاھىدىلىكمۇ ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەسمىي ئادەت ۋە ئۆز ئىچىدىكى دۇنياۋىي ھۆرمەتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەيلى دەرھال ياكى كېلەچەكتە بولسۇن بىرەر پايدا چىقىش ئېھتىماللىمۇ يوق. شۇڭا بۇ، دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك پايدىسى بولمايدىغان ئىش ئۈچۈن پۇل خەجلەشنى تەقەززا قىلغانلىقى ئۈچۈن، قەتئىي ھارام قىلىنغان ئىسراپنىڭ دائىرىسىگە كىرىشى مۇمكىن. ئاخىرەت سەپىرى دېگەن ئۆزىگە لايىق، دىلنى يۇمشىتىدىغان، شۇنداقلا ئىبرەت ۋە تەسىر ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ھالەتتە بولۇشى كېرەك. مەيلى مۇسۇلماننىڭ ياكى باشقا مىللەتنىڭ جىنازىسى بولسۇن، جىنازە ئۇچرىغاندا ئېتىبار بەرمەسلىك، پەرۋا قىلماسلىق ئەدەبسىزلىكتۇر. مۇنداق ۋاقىتتا ئەلۋەتتە تەسىرلىنىش، قورقۇش ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈشتەك ئالامەتلەرنى ئىپادىلەش، ھېچبولمىغاندا: «بۇ ئۆلۈم ھەممىمىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزى مەرھەمەت قىلسۇن!» دېگەندەك پىكىر ـ خىيال بىلەن مەشغۇل بولۇش لازىم.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس: «رەسۇلۇللاھ ‹كاپىرنىڭ جىنازىسى ئۆتكەن چاغدا ئۆرە تۇرۇڭلار! بۇ ئىش (ئۆرە تۇرغىنىڭلار) جانلارنى ئالغۇچى ئاللاھ تائالانى تەزىم (ئۇلۇغلىغانلىق) قىلغانلىق بولىدۇ› دېدى» دېگەن مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

# 340 ـ ھەدىس: ئىشلارنى تەلەپكە لايىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى

**يحب الله العامل إذا عمل أن يحسن.** (كتاب معرفة الصحابة)

ئاللاھ تائالا، ئىشنى تەلەپكە لايىق قىلىدىغان ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۇ ھەدىس شەرىپ ئاخىرەت ئىشلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاخىرەت ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلىنىشىنى ياخشى كۆرگەندەك، دۇنيالىق ئىشلارنىڭمۇ ئوبدان، تەلەپكە لايىق قىلىنىشىنى ياخشى كۆرسە ئەجەب ئەمەس.

قانداق ئىش بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ياخشى، مۇكەممەل ۋە شەرتلىرىنى ئورۇندىغان ھالدا قىلىش كېرەك. «بولغىنىچە بولار، بۇ دېگەن ئاخىرەتنىڭ ئىشى ئەمەس» دېمەسلىك لازىم.

ئىنسانلار بىر ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئىشقا ئاشۇرۇلىشىدىن بەكرەك، قىلىنغان ئىشنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىشلىرىنى توغرا نىيەت بىلەن كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا قىلىدىغانلارنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىمۇ، ئاخىرەتلىك ئىشلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىشى ۋە ئۇلار شۇ ئىشلىرى سەۋەبىدىن جەننەتتىن ئورۇن ئېلىشى مۇمكىن.

دۇنيادا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرۈلگەن مەشھۇر زاتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز كەسپىدە تىرىشچان ۋە ئىشلىرىنى تەلەپكە لايىق قىلىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلغان كىشىلەردۇر.

داڭلىق ئەرەب شائىرى زۇھەير ئىبنى ئەبى سەلما شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. ئۇ بىر قەسىدىسىنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن تۆت ئاي سەرپ قىلاتتى. ئاندىن كېيىن تۆت ئاي بويىچە تەكشۈرۈش، تۈزىتىش، بۇزۇش، ئۆزگەرتىشلەر بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئاندىن كېيىن مەشھۇر شائىرلارغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تۈزىتىشلىرىگە قولاق سېلىپ ئارىدىن تۆت ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خەلقنىڭ ئارىسىغا چىقىپ ئوقۇپ بېرەتتى. قەسىدىلىرى بىر يىللىق پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، «يىللىق قەسىدىلەر» دەپ ئاتىلاتتى. مانا بۇلار، زۇھەيرنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ياخشى ۋە ھەممىگە ئۈلگە بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر. زۇھەير شېئىر ـ قەسىدىلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىغا ئەمەس، مەيلى كۆپ ياكى ئاز بولسۇن، ياخشى ۋە خەلق تەرىپىدىن سۆيۈلىدىغان بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرەتتى.

ئەبۇلفەرەج ئىسفەھانى «ئەلئەغانى» ناملىق ئەسىرىنى ئەللىك يىلدا يېزىپ بولغانىدى. ئەگەر ئۇمۇ: «ۋاي ــ ۋۇي! ئاخىرەتنىڭ ئىشىمىدى بۇ؟» دېگەن بولسا ئىدى، بەلكى بەش يىلدا يېزىپ بولغان بولاتتى.

ئىمام بۇخارى مەشھۇر كىتابى «سەھىھۇلبۇخارى» نى ئون ئالتە يىل ئۆمۈر سەرپ قىلىپ يېزىپ چىقتى. ئەگەر كىتابىنىڭ ئىشەنچلىك ۋە تەلەپكە لايىق بولۇشىغا بۇنچىلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن بولسا ئىدى، ئۇنى بىر يىل ئىچىدە يېزىپ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى...

مەيلى ئۆي ئىمارەت سېلىش، زىرائەت تېرىش ياكى ئوت ـ چۆپ چېپىش ۋە سېتىشتەك ئىشلار بولسۇن، ئىش قىلماقچى بولغان كىشى ھەممىدىن بۇرۇن قىلىدىغان ئىشىنىڭ ياخشى، پايدىلىق، سۈپەتلىك ۋە كۆڭۈلگە ياقىدىغان بولۇشىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇشى كېرەك. «دانا ئۆيلىنىپ بولغۇچە، كەمتۈك ئىشنى تۈگىتىپتۇ» دېگەن ماقالدىكىدەك بولۇش لازىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قانداقلا ئىش بولمىسۇن، شەرت ۋە ئۆلچەملىرىگە مۇۋاپىق قىلىش، ئەۋلادلارغىمۇ كىچىكىدىن باشلاپلا «ياخشىلىقنىڭ، ئىشنىڭ تېز تۈگىتىلىشىدە ئەمەس، بەلكى پۇختا قىلىنىشىدا» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ۋە شۇنداق ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. باللارنىڭ يېنىدا «بولسا بولار، بولمىسا يوق، بولغىنىچە قىلىپ قويىمەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش توغرا ئەمەس. بىر قېتىم ئادەتلىنىۋالغاندىن كېيىن، باللارمۇ مەيلى ئاخىرەت

ياكى دۇنيا ئىشى بولسۇن، پۇختا قىلىدىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار، ياخشىلىقنىڭ ئىشنى پۈتتۈرۈشتە ئەمەس، بەلكى پايدىلىق بولۇشىدا ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك.

مەتبۇئات ـ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدا بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا تېخىمۇ ئەستايىدىل ئەمەل قىلىش لازىم. چوڭ كىتابلارنى باسقاندا، باب ۋە بۆلۈملەرگە مۇندەرىجە قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن، ھەرخىل ئىلىم ۋە شەھەر، ئىسىملىرى ۋە ھەر تۈرلۈك تېمىلارغا ئايرىم ـ ئايرىم ماۋزۇ قويۇش ناھايىتى مۇھىم. چوڭ كىتابلاردىكى مۇكەممەل مۇندەرىجىلەرنىڭ پايدىلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ھەممە جەھەتتە ئوخشاش بولغان چوڭ كىتابلارنىڭ تولۇق مۇندەرىجىلىك بېسىلغىنى يىگىرمە تەڭگە، مۇندەرىجىسى تولۇق بولمىغىنى بەش تەڭگە بولسا، يىگىرمە تەڭگە بېرىپ مۇندەرىجىسى تولۇق بولغىنىنى ئېلىش كېرەك. ئۆمۈرنى ئىسراپ قىلماسلىق، نېرۋىنى چارچاتماسلىقتەك تەرەپلىرى كۆزدە تۇتۇلغاندا، مۇندەرىجىسى تولۇق كىتابنىڭ پايدىسى ئون بەش تەڭگىگە ئەمەس، ئون بەش مىڭ تەڭگىگە باراۋەر كېلىدۇ.

مەسىلەن، «سەھىھ مۇسلىم» دا بىر ھەدىسنى كۆرگەندىن كېيىن، بېشىنى، قايسى بابتا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالسىڭىز، ئېسىڭىزدە پەقەت ئەنەس ئىسىملىك ساھابىنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقىلا قالغان بولسا، مۇكەممەل مۇندەرىجە بولغاندا، ئەنەس رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، كۆزلىگەن ھەدىسنى تېپىش قىيىن بولمايدۇ. بىز، سەھىھۇلبۇخارىدا تەۋراتقا دائىر بىر سۆزنى كۆرگەندىن كېيىن، قايسى باب، قانچىنچى بەتتە كۆرگەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالدۇق. ئاردىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ سۆزنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالدۇق. يەنە مۇشۇ كۈنلەردە، سەھىھۇ مۇسلىمدىن ئابدۇللاھ ئەنبەرنى تېپىشىمىزغا توغرا كېلىپ قېلىپ، پۈتۈن كىتابنى ۋاراقلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەگەر قولىمىزدا مۇندەرىجىسى تولۇق بىر كىتاب بولغان بولسا ئىدى، تەۋراتقا دائىر سۆزنىمۇ، ئابدۇللاھقا مۇناسىۋەتلىك سۆزنىمۇ بىر مىنۇت ئىچىدىلا تېپىپ بولغان بولار ئىدۇق.

ئەلھاسىل، ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ئىش، مەيلى ئەمەل ۋە ئىبادەت، مەيلى دۇنيالىق ئىشلار بولسۇن، «بولغىنىچە بولار» دەپ ئەمەس، بەلكى ياخشى، پۇختا ۋە شەرتلىرى ئورۇندالغان ھالدا قىلىنغان ئىشلاردۇر.

خوراز دان تەرگەندەك ھاپىلا ـ شاپىلا يىگىرمە رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن، ئىككى ياكى تۆت رەكئەت پەرز نامازنى شەرتىگە مۇۋاپىق ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ھالدا ئوقۇغان ياخشى. شۇنىڭدەك غەيۋەت، گەپ توشۇش، سەت گەپ قىلىش، باشقىلارنى تىللاشتەك يامان ئىشلاردىن ساقلانماي تۇرۇپ، ھەر يىلى يۈز كۈن نەپلە روزا تۇتقاندىن، تىلنىڭ ئاپەتلىرىدىن (تىل بىلەن قىلىنىدىغان گۇناھلاردىن) ساقلانغان ۋە باشقا شەرتلەرگىمۇ رىئايە قىلغان ھالدا يىلدا بىر ئاي پەرز روزىنىلا تۇتۇش ياخشىراقتۇر.

بىر مەجلىستە: «تەراۋىھ نامىزىنى يىگىرمە مىنۇتتا ئوقۇپ تۈگەتىمەن. خۇپتەننىڭ پەرز ۋە سۈننىتى، ۋىتىر ۋە تەسبىھ ئېيتىشلارمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە» دەپ ماختىنىپ ئولتۇرغان بىر قازان سودىگىرىنى كۆردۈم.

يىراقتىن ئۆي ـ ئىمارەتلىرى ئالىي، رەستە ـ بازارلىرى تۈپ ـ تۈز ۋە كەڭ، ئېلېكتىر چىراغلىرى كۆپ، ئەتراپى باغ ـ ۋارانلىق، ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىدە سۇلار ئېقىۋاتقان، ئۈجمە، ئۆرۈك، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئالما، ئانار، ئەنجۈر، بادام دەرەخلىرى بىلەن ياشارتىلغان ، يەرلىرى ئوبدان سۇغۇرۇلغان ھەم ياخشى ئىشلەنگەن، زىرائەتلىرىدە ياۋا ئوت يوق، ھارۋىلىرى كۆپ، ئاتلىرى سېمىز ۋە كۈچلۈك، ئەسۋاب ـ سايمانلىرى ياخشى ۋە تولۇق بىر كەنتنى كۆرسىڭىز، ئېنىقكى، بۇ مەھەللە مۇسۇلمانلارنىڭ مەھەللىسى ئەمەس. چۈنكى، مۇسۇلمانلار: «ۋاي ـ ۋۇي، بۇ ئاخىرەتنىڭ ئىشى ئەمەسقۇ» دەيدۇ، قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەيدۇ ۋە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇنى كۆرگەنلەر: «بۇلار ئاخىرەت ئىشلىرىنى ناھايىتى ئوبدان قىلىدىغاندۇ» دەپ ئويلايدۇ، لېكىن بۇ ئوي توغرا چىقمايدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاخىرەت ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغان تىرىشچانلىقى دۇنيالىق ئىشلىرىغا قىلغان تىرىشچانلىقىچىلىكمۇ ئەمەس. مۇئەززىن پەشتاققا چىقىپ پېشىن نامىزىغا ئەزان ئوقۇيدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئىمامنىڭ ھاسا تېپىنىپ مەسجىدكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، دەرەخ سايىلىرىدا يىغىلىپ ئولتۇرىدۇ، بىكار گەپنى يوق گەپكە ئارىلاشتۇرۇپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر توغرىسىدا گەپ تاپىدۇ. جامائەت مەسجىدتىن تارقايدۇ، بۇلار يەنىلا شۇ بىمەنە پاراڭلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ھېچبىر سەۋەب ۋە ئۆزرىسىزلا پەرز نامازلارنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋىجدانى ئازابلانمايدۇ، ئىچى پۇشمايدۇ، ئۇلاردا پۇشايمان ـ نادامەت قىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ.

## 341 ـ ھەدىس: ئىنسان ئالدىراپ كەتمىسلا، دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

يُسْتَجَابُ لِأَحَدِكُمْ مَا لَمْ يَعْجَلْ يَقُولُ دَعَوْتُ فَلَمْ يُسْتَجَبْ لِي. (صحيح البخاري)

قايىسىبىرىڭلار: «دۇئا قىلسام، ئىجابەت قىلىنمىدى» دەپ ئالدىراپ كەتمىسلا ، دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ.

ئەھلى ئىلىملەرنىڭ دۇئا (ئاللاھ تائالادىن مۇرات ـ مەقسىتىنى تىلەش) توغرىسىدىكى بايانلىرىغا قارىغاندا، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ــ ئالدىراپ كەتمەسلىك. كۆپىنچە كىشىلەر بىرەر تىلىكىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ ـ يۇ، مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن «تولا دۇئا قىلدىم، ئاللاھ تائالادىن بەك تىلىدىم، قوبۇل بولمىدى» دەپ بوشاپ، توختاپ قالىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىپ دۇئا قىلمايدىغان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش قەتئىي ياخشى ئەمەس. دۇئاسىنىڭ ئىجاۋەت بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسۇن ياكى كۆرۈلمىسۇن، ھەمىشە دۇئا قىلىش ۋە ئاللاھ تائالادىن تىلەش، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇش لازىم. بەندىنىڭ ۋەزىپىسى شۇ. «ئۈمىدسىزلەنمەسلىك، دۇئا قىلىشتىن بوشاپ، توختاپ قالماسلىق شەرتى بىلەن ناھايىتى كۆپ دۇئا قىلغان ئىدىم، مەقبۇل بولمىدىمىكىن، ئىجاۋەت بولۇش ۋاقتى كەلمىدىمىكىن ياكى ھەزرىتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ ئالدىدا قىلغان دۇئايىمنىڭ ئاقىۋىتى مەن ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەسمىدىكىن؟ ھېچبىر تەسىرى بولغاندەك ئەمەس» دەپ ئويلاش ۋە:

**دعوت الله حتى خفت أن لا      يكون الله يسمع ما دعوت**

«ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلدىم، ھەتتا ئاللاھ تائالا مېنىڭ دۇئايىمغا قۇلاق سالمامدىكىن دەپ قورقتۇم» دېگەندەك پىكىر بىلەن مۈڭلىنىپ، ئىچى پۇشۇش ـ ئىنشائاللاھ ـ ئەدەبسىزلىك بولماس.

2 ــ دۇئا قىلىپ ئاللاھ تائالادىن تىلەيدىغان نەرسە ئەقىل ۋە شەرىئەتكە، شۇنداقلا ئادەتتە ۋۇجۇدقا چىقىشى ئىمكانسىز ئىش ــ ياكى نەرسە بولماسلىقى لازىم. چۈنكى، ئۇنداق نەرسىنى تىلەپ دۇئا قىلىش بولسا، ئاللاھ تائالاغا: «ئى ئاللاھ! سەن ئەمدى ئۆزەڭنىڭ ھېكمىتىڭنى بۇزغىن ھەم ‹ئاللاھنىڭ تۇتقان يولىدا ھېچ بىر ئۆزگىرىش كۆرمەيسەن› دەپ خەۋەر بەرگەن سۈننىتىڭنى بىكار قىلىپ، مېنىڭ تىلىگەن نەرسەمنى بەرگىن!» دېگەنلىك بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەدەبسىزلىكتۇر.

3 ــ ھارام نەرسىنى تىلەپ دۇئا قىلماسلىق. بۇ مەسىلە ھەممىگە ئايدىڭ بولغاچقا كۆپ توختالمايمىز.

4 ــ ئۇسساپ قالغاندا، ئېقىننىڭ بويىدا تۇرۇپ، ئاللاھ تائالادىن سۇغۇرۇپ قويۇشنى تىلەشكە ئوخشاش، قولدىن كېلىدىغان ئىش ئۈچۈن دۇئا قىلماسلىق. بۇنداق ئەھۋالدا بەندىنىڭ ۋەزىپىسى دۇئا قىلىپ تۇرۇش ئەمەس، بەلكى سۇنى ئۆزى ئېلىپ ئىچىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك...

5 ــ دۇئا قىلغاندا ئىخلاس (ئاللاھتىن باشقىسىدىن كۆڭلىنى خالىي قىلىش) بىلەن قىلىش، ئۆزىنىڭ نېمە تىلەۋاتقانلىقىنى بىلىش. ئىخلاس بولمىسا، قۇرۇق تىل بىلەن دۇئا قىلىش، دەلائىلۇلخەيرات، ھىزبى ئەزەم ياكى باشقا ۋىردى ـ ۋەزىپىلەرنى ئوقۇغاننىڭ دېگەندەك مەنىسى بولمايدۇ.

6 ــ دۇئا قىلىشتىن بۇرۇن، ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىشى مۇمكىن بولىدىغان بارلىق سەۋەبلەرنى قىلىپ تۈگىتىش لازىم. مۇمكىن بولغان سەۋەبلەرنى قىلماي تۇرۇپ، پەقەت دۇئا قىلىش بىلەنلا مەشغۇل بولۇش شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەستۇر.

ھىجرىيەنىڭ 1331 ـ يىلى (مىلادىيە 1913 ـ يىلى) تۈركىيە ـ بالقان ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈركىيەدە شەيخۇلئىسلاملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان زات بىر دۇئا باستۇرۇپ «تۆت مىڭ تۆت يۈز قىرىق تۆت مەرتىۋە ئوقۇش لازىم» دەپ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا تارقاتقان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىستانبۇلدا چىقىدىغان ژۇرناللاردىن بىرى مۇنداق يازغان: «شەيخۇلئىسلام، مەزكۇر دۇئانى مەكتەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان باللارغا ئوقۇتۇش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. دۇئا، قەلبنى ئاللاھقا باغلايدىغان بىر ۋىجدانى ۋە روھى قوزغىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇئانىڭ ئىبارىلىرى دۇئا قىلغۇچىنىڭ جېنى ۋە ۋىجدانى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن بولۇشى لازىم. لېكىن مەزكۇر ئەرەبچە دۇئانى ئون ئىككى ياشلاردىكى تۈرك باللىرى

ئەمەس، قىرىق ياشلاردىكى ئەرەبلەرنىڭمۇ چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن. دۇئا قىلىشتىن مەقسەت نۇسرەت (ئاللاھنىڭ ياردىمى) كە ئېرىشىش بولسا، پەقەت دۇئا بىلەنلا ياردەم ئۈمىد قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدىن غاپىل قېلىشتۇر، گۇناھتۇر.

توغرا! ئاللاھ تائالا: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) ئىجابەت قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)» دېدى. لېكىن بۇنىڭ مەنىسى «ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان تىلدا يېزىلغان دۇئا سۆزلىرىنى 4444 قېتىم ئوقۇڭلار! شۇ چاغدا سىلەرنىڭ ھەر قانداق مۇرادىڭلار بولسا، مەن بېرىمەن» دېگەنلىك بولمىسا كېرەك.

دۇئانىڭ ئەلاسىنى بۇلغارلار قىلدى. ئوتتۇز يىل ئىشلىدى، تىرىشتى، كۆچەيدى. ئىدارە (ھۆكۈمەت باشقۇرۇش) ئىشلىرىنى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، مەدەنىي ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالدى. دۈشمەننى يېڭىش ۋە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ھازىرلىدى.»

# 342 ـ ھەدىس: ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىنغان مال ـ مۈلۈكتىن باشقىسىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

**يَقُولُ ابْنُ آدَمَ مَالِي مَالِي قَالَ وَهَلْ لَكَ يَا ابْنَ آدَمَ مِنْ مَالِكَ إِلَّا مَا أَكَلْتَ فَأَفْنَيْتَ أَوْ لَبِسْتَ فَأَبْلَيْتَ أَوْ تَصَدَّقْتَ فَأَمْضَيْتَ.** (صحيح مسلم)

ئىنسان ئوغلى، مېلىم ـ مېلىم دەپلا يۈرىدۇ. ئى ئادەم بالىسى! سېنىڭ يەپ تۈگەتكىنىڭ، كىيىپ كونىراتقىنىڭ ۋە سەدىقە بېرىۋەتكىنىڭدىن باشقا مېلىڭ بارمىدى؟

يەنى يېگەن ـ ئىچكەنلىرىڭ، كىيگەنلىرىڭ دۇنيالىقىڭ ئۈچۈن، سەدىقە بەرگىنىڭ ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن پايدىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقىسى سەن ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز بولۇپ، قىيامەت كۈنى ھېسابىنى سەن بېرىسەن، بايلىقىڭنى باشقىلار خەجلەيدۇ.

توغرا! ئادەم بالىسىنىڭ شۇ ئۈچىدىن باشقا بىر نەرسىسى يوق. بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ كېيىنكىسى (سەدىقە) دىن باشقىسىدا خاسىيەت يوق. خاسىيىتى بولغاندىمۇ تۈگىدى، يوقالدى. ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە ئۆزىمۇ يوق. ھەدىس شەرىپىنىڭ يەپ ـ ئىچىپ، كىيىپ تۈگىگەن نەرسىلەرنى مال دەپ ئاتىشىدىكى سەۋەب، كىشىلەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلىرى بىلەن ماختىنىپ يۈرىدىغانلىقى، تونۇشىنىڭمۇ شۇنداق بولغانلىقىدىندۇر. ئۇستى ـ بېشىغا كىيگەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن يەپ ـ ئىچىشكە تەييارلىغان نەرسىلىرىمۇ تۈگەيدۇ ۋە يوقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ يەيدىغان ـ ئىچىدىغان، كىيىدىغان نەرسىلەرنى «مېلىم» ھېسابلاپ يۈرۈشى بەسىرەتسىزلىك (يىراقنى كۆرەلمەسلىك) دۇر. بەلكى ئىنسان ئوغلىنىڭ پۈتۈن مېلى ئاخىرەت ئۈچۈن بەرگەن سەدىقىسى ۋە ياخشى ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلغان پۇل ـ مېلىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىسى يوقتۇر.

ھەدىس شەرىپ، ئەخلاقنى ياخشىلاشقا بۇيرۇيدۇ، دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇش، بېخىللىق قىلىشتەك ئىشلاردىن ساقلىنىش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئىنساندا بولىدىغان تاكامۇللۇقنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنى مۇنداق ئۈچ قىسمغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: ئېتىقادنى توغرىلاش. ئائىلە ۋە خەلق بىلەن ئىناق ۋە چىرايلىق ئۆتۈش؛ نەپسىنى كەلسە ــ كەلمەس ناچار ئىش ــ ھەرىكەتلەردىن پاكلاش. «ئۆزۈمگە ئائىت مېلىم يوق» دەپ قارايدىغان، قولىدىكى مال ــ مۈلكىنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان قىسمىنىلا «مەن ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ بىلىدىغان كىشى، ئېتىقادىنى توغرىلاشقا، خەلق بىلەن ئەپ ئۆتۈشكە، ئىقتىسادىنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا مەجبۇردۇر.

مال مۈلۈكەت، ئىززەت ـ دۆلەت كۆپلىكىگە ئى پالان!
ئالدىنىپ فەخرى ـ تەكەببۇر ئەيلىمە، تارتما زىيان.
جەمئى جانلىق ئۆلگۈسى، قالمىغاي بىرمۇ ھايات،
گەر تۆمۈر قەلئەدە بولساڭ، بىل ھايات قويماس جاھان.

## 343 ـ ھەدىس: ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىقنىڭ ئاللاھ تائالاغىلا خاس سۈپەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**يَقُولُ اللَّهُ سُبْحَانَهُ الْكِبْرِيَاءُ رِدَائِي وَالْعَظَمَةُ إِزَارِي مَنْ نَازَعَنِي وَاحِدًا مِنْهُمَا أَلْقَيْتُهُ فِي جَهَنَّمَ.** (سنن ابن ماجة)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلۇغلۇق تونۇم ۋە كاتتىلىق ئىزارىم (ئىشتىنىم) دۇر (بۇ نەرسىلەر مەندىن باشقىغا لايىق ئەمەس). كىمكى مۇشۇ سۈپەتلەرنى مەن بىلەن تالاشسا، ئۇ كىشىنى ئوتقا تاشلايمەن.

سېخىيلىق، مېھرىبانلىق، ئادىللىق ۋە شەپقەتلىك دېگەندەك ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىنىش مۇمكىن بولسىمۇ، بەندىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇق (ئەلكىبرىيائ) ۋە كاتتىلىق (ئەلئەزەمە) دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىشى مۇمكىنمۇ ئەمەس ۋە دۇرۇسمۇ ئەمەس. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ قانداق جازالىنىدىغانلىقى يۇقىرىقى ھەدىستە روشەن بايان قىلىنىدۇ.

دۇنيادا بىرىنچى قېتىم قىلىنغان گۇناھ تەكەببۇرلۇقتىن ئىبارەت بولدى. شەيتان تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىدى. بۇ قىلىقنىڭ جازاسى مۇشۇ دۇنيادا بېرىلدى. تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جازاسى بۇ دۇنيادا كېلىپ تۈگىمىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى كەلمەيدۇ دەپ خاتىرجەم بولۇشقا بولمايدۇ. تەكەببۇرلۇق ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۆز ـ ئۆزىنى ياخشى تونۇيدىغان ئادەمنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى كىبىردىن ساقلىنىش ھەققىدە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋەزلەرنى قىلىدۇ، بەزىدە تەكەببۇرلۇق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ياخشى كىيىنىپ يۈرۈشنى سۆيىدىغان ساھابىلەردىن بىرى ئۆز ئەھۋالىدىن ئەنسىرەپ، ھەزرىتى رەسۇلۇللاھتىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئېسىل يۈرۈشنى خالايمەن، ھالىم ئۆزۈڭگە مەلۇم. ھەتتا بەلبېغىمنىڭمۇ باشقىلارنىڭكىدىن چىرايلىق بولۇشنى خالايمەن. ئۇلارنىڭ كەينىدە قالغۇم كەلمەيدۇ. بۇ ئىشلىرىم كىبىرگە كىرەمدۇ؟ (مۇشۇ ئەھۋالىم ئۈچۈن مەن گۇناھكار بولامدىمەن؟)» ـ دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ياق كىبىر ئەمەس. كىبىر دېگەن ھەق ئىشقا قارشى تۇرۇش ۋە كىشىنى كەمسىتىش (ئۆزىنى كىشىلەردىن ئۈستۈن كۆرۈش) دېمەكتۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇشبۇ سۆزىنى ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ئۆلچەم قىلىشى ۋە ھەر بىر ئىشنى شۇ ئۆلچەم بويىچە قىلىشى لازىم. بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، ياخشى كىيىم كىيىپ، ياخشى ئاتلاردا، ھارۋىلاردا مېڭىش، چوڭ ۋە ئالىي ئىمارەتلەردە ئولتۇرۇش، خەلقنى تۆۋەن كۆرۈشكە ۋە ناھەق ئىش قىلىشقا يول ئاچمىسىلا كىبىر سانالمايدۇ.

# 344 ـ ھەدىس: ئىنساننىڭ قېرىغانسېرى مال ـ دۇنيا ۋە ئۇزۇن ئۆمۈرگە ھېرىسمەن بولۇپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا

**يَهْرَمُ ابْنُ آدَمَ وَتَشِبُّ مِنْهُ اثْنَتَانِ الْحِرْصُ عَلَى الْمَالِ وَالْحِرْصُ عَلَى الْعُمُرِ.** (صحيح مسلم)

ئىنسانلار قېرىغانسېرى ئۇنىڭدىكى مال بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈرنى سۆيۈش روھى ياشىرىدۇ.

ئىنسانلار دۇنيادا ياشىغانسېرى پۇل ـ مالغا ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە بولغان ھېرىسمەنلىكى بارغانچە كۈچىيىدۇ. ھەدىس شەرىپ ئۇنىڭدىكى شۇ ھېرىسمەنلىكنى «بارغانچە ياشىرىدۇ» دەپ گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ئۆمۈر بىلەن مالغا ھېرىسمەن بولۇشى تەبىئىي ئىش بولۇپ، بۇنى تامامەن ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئىش دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

ھەدىس شەرىپمۇ بۇ ھەقتە توختالمايدۇ. بۇ خىل ھېرىسمەنلىككە نەتىجىگە كۆرە باھا بېرىش لازىم. بىر ئىنسان ئەگەر شۇ تەبىئىي خۇينى باياۋاندىكى ھايۋاندەك ئۆز ئىختىيارىغا قويىۋەتسە، ئۇنى تىزگىنلەشكە، توغرا يولغا سېلىشقا تىرىشمىسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ خىل ھېرىسمەنلىك مال ـ مۈلۈك ۋە ئۆمۈرنىڭ ئۆزىنىلا نىشان قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئەيىبلەشكە تېگىشلىك سۈپەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم، دوستلىرىنىڭ، تەڭتۇشلىرىنىڭ، ھەتتا ئۆزىدىنمۇ ياش كىشىلەرنىڭ ۋاپات قىلىپ، ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرۇپ، خۇددى ئۆلۈم ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلمەيدىغاندەك ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلمايدۇ، تەۋبە قىلىشنى كېچىكتۈرىدۇ، ئىبادەت ۋە ساۋابلىق ئىشلارغا سەل قارايدۇ، ھەمىشە پۇل يىغىش ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش خىيالى بىلەنلا يۈرىدۇ. «ئۆزۈڭ پايدىسىنى كۆرمىگەن ۋە كۆرەلمەيدىغان پۇل ـ مالنىڭ نېمە پايدىسى؟ يا ئۆزۈڭگە، يا باشقا كىشىگە تايانچ بولالمايدىغان، ئارزۇ قىلغۇدەك بىرمۇ يېرى بولمىغان ئۆمۈرنى ئۇزارتىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟» دېگەن مەزمۇندىكى سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئالالمايدۇ. ئىسمى قويۇلغان ۋاقتىدا ئوقۇلغان ئەزاننىڭ جىنازە نامىزىدىمۇ ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئويلىمايدۇ.

ئەگەر ئىنسان ئەقلى كۈچىگە تايىنىپ مەزكۇر تەبىئىي ھالنى ئۆزگەرتىشكە، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن توغرا يولغا يېتەكلەشكە تىرىشسا ۋە شۇ ئارقىلىق پۇل ــ مالغا بولغان خۇسۇسىي ھېرىسمەنلىكنى ئومۇمىي مەنپەئەتلەر (دىن ۋە مىللەت ئۈچۈن چىقىم قىلىش ئىرادىسى بىلەن پۇلغا ۋە ئۆمۈرگە ھېرىس بولۇش) گە قاراتسا، ئۇ چاغدا بۇ ھېرىس ئىنسانلارنىڭ نىيەت ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، ئەخلاقىنىڭ تۈزىلىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، پۇل ـ مال ۋە ئۆمۈرگە ھېرىسمەن بولۇش ئاخىرەت ئىشتىياقى ۋە مۇھەببىتىگە توسالغۇ بولمىسىلا خاتا ئەمەس، بەلكى ياخشىدۇر. ئەمما ئاخىرەت سەپىرىنى يامان كۆرۈشكە سەۋەب بولىدىغان ھېرىسمەنلىك مەيلى ياش ياكى قېرى ئادەملەردە بولسۇن، ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەس.

□□□

دۇنيادا ياشاشنى بىلىش كاتتا ھۈنەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۆلۈشنى بىلىپ، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى قىلىشقا تېگىشلىك تېخىمۇ مۇھىم، پايدىلىق ئىشلارنى كېچىكتۈرۈشكە، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش، پەيتنى ئۆتكۈزىۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. دۇنيادا مىڭ يىل ياشايدىغاندەك ئىش قىلىش ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھازىرلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنىمۇ قىلىش لازىم. بۇ ئىككىسى بىر ــ بىرىگە زىت ئەمەس، بەلكى بۇلار پىكىر ــ تەپەككۇر قىلىدىغانلار ئۈچۈن بىر ــ بىرىنى تولۇقلايدۇ.

«بالا ـ چاقىلىرىم، ئۇششاق پەرزەنتلىرىم بار. شۇلارغا ئاز ـ تولا نەرسە ـ كېرەك قالدۇرسام، مەندىن كېيىن ئۇلار خاپىلىق تارتماي چوڭايسا، موھتاج بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ قالمىسا» دەپ ھۈنەر ــ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، پۇل ـ مال يىغىش يامان ئىش ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پەرزەنتلىرىنى ئوبدان تەربىيەلىگەن (ئىلىم ئۆگىتىپ، ئىسلامنىڭ ئېتىقاد، ئەمەل ـ ئىبادەت، ئەخلاق ۋە مۇئامىلىلىرىنى تونۇتقان) بولۇشى، ۋەسىيەت ۋە تاپشۇرۇقلارنى خاتىرىگە يېزىپ قالدۇرغان بولۇشى، ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىگە مەسئۇل بولۇپ،

پەرزەنتلىرىگە خەيرىخاھلىق قىلىدىغان ئاق كۆڭۈل بىرىنى تەيىنلىگەن بولۇشى، ئالىدىغان ـ بېرىدىغانلىرىنى، ئارىيەت ۋە ئامانەت نەرسىلەرنى دەپتەرگە يېزىپ قويغان بولۇشى، ئاللاھ ئالدىدىكى ۋەزىپىلىرى ۋە بەندىلەرگە بېرىدىغان ھەق ۋە قەرزلىرى ئادا قىلىنىپ بولغان بولۇشى، ھەممە ئىشلىرى تۈگىتىلگەن بولۇشى كېرەك.

«موتوا قبل أن تموتوا»

# خاتىمە

ئادەم باللىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ياشىشىدىكى ئەسلى مەقسەت، ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىكى غايە (ئاخىرقى نىشان) نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش، بەندىچىلىك بىلەن ئىلاھلىق مەرتىۋىلىرى ئارىسىدىكى ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەرنى تەكشۈرۈش، قۇرئان ۋە ھەدىستە كۆرسىتىلگىنى بويىچە جانابى ئاللاھنى تونۇش ۋە ئۇ زاتقا مۇھەببەت باغلاشتىن ئىبارەتتۇر. ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ مەن ئىنسان ۋە جىنلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ياراتتىم، دېگەن ئايەتتىكى ئىبادەتنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنىمۇ ئاللاھ تائالانى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك تونۇش ۋە ياخشى كۆرۈشتۇر. ھەقىقىي ئىبادەت، قۇرئان ۋە سۈننەت يولى بىلەن ئاللاھنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاش بولۇپ، ناماز ئوقۇش، ھەج، روزا ۋە زاكات بېرىشتەك بەدەن ۋە مال بىلەن قىلىدىغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى «ئىبادەت» دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى، بۇ ئىشلار ھەقىقىي ئىبادەتكە ۋاستە بولىدىغانلىقى، ھەقىقىي ئىبادەتنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلىنىش ئالامىتى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالانى مەھبۇبۇم، پەرۋەردىگارىم دېمەي، يەتكۈچى زات دەپ بىلمىگەن ۋە ئۇ ئاللاھ زۇلجەلالنى ئۆزىنىڭ ئىلاھى (قۇلچىلىق قىلىدىغان ئىگىسى)، ھىمايىچىسى، ھەقىقىي مەبۇدى ۋە پاناگاھى دەپ تونىمىغان ئەھۋالدا، بەندىنىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى ۋە مەقسىتىگە يېتىشى، نېمەت، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، راھەت ـ پاراغەتتىن بەھرىمەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولمىغاندا، پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ ئىنسان ئۆزىنى پېقىر، ياردەمسىز، پەس ۋە خار ھېس قىلىپ قالىدۇ ـ خالاس.

ئاللاھ تائالانى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاشتىنمۇ لەززەتلىك، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بايلىق ۋە راھەتنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت ۋە تونۇشىنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، شۇنداقلا ھەممە بىلىدىغان ئالامىتى، مۇھەببەت باغلىغان زاتنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش (بۇيرۇقلىرىنى قىزغىن ئادا قىلىپ، مەنئىي قىلغانلىرىدىن دەرھال يېنىش) ۋە مۇرادىغا مۇۋاپىق بولۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بولسا، دەلىل ـ ئىسپاتسىز دەۋالار ۋە خىيالىي نەرسىلەرگە ئالدىنىپ يۈرۈشتىن ساقلىنىشى، ئۇلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى ۋە ئىلاھىي مىزانغا سېلىپ ئۆلچەپ بېقىشى لازىم. ئەگەر ئۇنىڭدا ئاللاھ ۋە رەسۇلنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىش بولسا، ئۇنىڭ «ئاللاھنى سۆيىمەن» دېگىنى راستتۇر. ئەگەر پەقەت ئىتائەت قىلمىغان ياكى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىتائەت قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەم شۇنىڭغا چۇشلۇق يالغانچىدۇر. شائىرنىڭ:

**تعصى الإله وأنت تُظهر حبه** — **هذا لعمري في الفعال بديعُ**

**لو كان حبك صادقاً لأطعته** — **إنَّ المحب لمن يحب مطيعُ**

«ئاللاھنى سۆيىدىغانلىقىڭنى سۆزلەيسەنۇ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىسەن، قەسەم قىلىمەنكى، بۇ غەلىتە ئىشتۇر. ئەگەر سېنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىڭ سەممىي بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان بولاتتىڭ. شەكسىزكى، سۆيگۈچى سۆيۈلگۈچىگە ئىتائەت قىلىدۇ.» دېگەن ھەق سۆزلىرىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

ئىنسانلار ئاللاھ تائالانى تونۇش ئۈچۈن يارىتىلغان ئىكەن، سېخىيلىق ۋە مېھرىبانلىقنىڭ قائىدىلىرىگە ئاساسەن، بۇ «مەرىپەت» نىڭ يولىمۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كۆرسىتىپ بېرىلىشىنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىرەر قورالنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ قورال ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان «ئەقىل» دۇر. كۆرسىتىلگەن يول بولسا، پەيغەمبەر تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن «دىن» ۋە شەرىئەتتۇر.

﴿قَدْ جَاءَكُمْ بَصَائِرُ مِنْ رَبِّكُمْ فَمَنْ اَبْصَرَ فَلِنَفْسِهِ وَمَنْ عَمِيَ فَعَلَيْهَا﴾ (ئى پەيغەمبەر ئېيتقىنكى) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (ھىدايەتنى ئازغۇنلۇقتىن ئايرىپ كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر كەلدى، كىمكى ھەقنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتسا ئۆزىگە پايدا، كىمكى ئۇنىڭدىن كۆز يۇمسا (يەنى باش تارتسا) ئۆزىگە زىيان.

بەندىلەرنىڭ، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۆزىنى تونۇشنىڭ يولى قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، دىن ۋە شەرىئەتنىڭ ئاساسىنى، بولۇپمۇ ئىبادەت ۋە ئەمەلگە دائىر ئىشلارنى زىيادە قىلىش ۋە كېمەيتىش، ئورنىدىن يۆتكەش، ئەسلىدىكى ھالىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىش، بەلگىلەنگەن سىزىقىدىن ھالقىپ كېتىش، چەك ــ چېگرالىرىنى قايتىدىن بەلگىلەش ھەققى يوق. دۇنيا مەيلى مىڭ يىل ياكى مىليون يىللار تۇرسۇن، ئىنسانلار تەجرىبىلىرى ۋە ئىلىملىرى بىلەن ئەسۋابلىرى ياكى ئەسۋاپسىز سۇ ئاستىغا شۇڭغىسۇن ياكى ھاۋادا ئۇچسۇن (يەنى دۇنيالىق ئىشلاردا قانداق زور تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلسا قىلسۇن)، ئىبادەت ۋە ئەمەلنىڭ رەۋىشلىرى ئۆزگەرمەيدۇ، ئۆزگەرمەسلىكى لازىم. بۇ ئەمەل ۋە ئىبادەتلەر ھەر تۈرلۈك تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشلەرگە زىت ئەمەس، بەلكى مۇۋاپىق ۋە ياردەمچى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇشىنىڭ ھەم ئىسلام دىنىنىڭ ئەبەدىي داۋام قىلىدىغان بىر دىن بولۇشىنىڭ سىرى مۇشۇ بولسا كېرەك.

﴿**وَتَمَّتْ كَلِمَةُ رَبِّكَ صِدْقًا وَعَدْلًا لَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَاتِهِ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ**﴾ پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر. ئاللاھ (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت ۋە نىشانى ئاللاھ تائالانى تونۇش ۋە مۇھەببەت باغلاشتىن ئىبارەت بولغان بىر دىن توغرىسىدا «بۇ دىندا ئالىي پىكىرلەرگە مەيدان، مەنىۋى ۋە روھىي ئەھۋاللار يوق» دەپ گۇمان قىلىش توغرا ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش ئەمەس. مەرىپەت ۋە مۇھەببەتنىڭ ئۈستۈن تۇرىدىغان رۇھانىيلىق ۋە ئالىي پىكىرنىڭ بولۇش ئېھتىمالى يوق. ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت ۋە ئەڭ يۇقىرى ئارزۇ ـ تەلەپ شۇلاردۇر.

﴿**فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَعْلَمُونَ**﴾ باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.»

شۇنداق، ئىسلام دىنىدا ماددىي ئەمەللەر، ئەھكام، مۇئامىلە قىسىملىرى كۆپ. لېكىن بۇلار ئۇنىڭ مەنىۋىي جەھەتتە مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن زىيانلىق ئەمەس. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، قىبلىگە قاراش، تاش ئېتىش ۋە سەئيى قىلىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى، شۇ مەرىپەت ۋە مۇھەببەتلەرنىڭ ئىگىسى (ئاللاھ تائالا) تەرىپىدىن تەيىن قىلىنغان ئالامەتلىرى ۋە بەندىلەرنىڭ ئۆزىنى سىناش ۋە ئىمتىھان قىلىش يوللىرى، شۇنداقلا تاشقى كۆرۈنۈش مىساللىرىدىنلا ئىبارەتتۇر. بىر ئادەم ئۆزىنى ئاللاھ تائالانى تونۇغۇچى، ئۇنىڭغا مۇھەببەت قىلغۇچى، ئىخلاس بىلەن ئۆزىنى غىزالاندۇرغۇچىلاردىن دەپ ھېسابلىسا، بۇنىڭغا تەخمىنەن ھالدا ئىشىنىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ، بەلكى بۇنى ئىمتىھان قىلىپ قاراپ بېقىش، مەھبۇبىنىڭ خالىغىنىنى ۋە تەلىماتلىرىنى ئادا قىلىشتىكى تەييارلىقىنى ئۆلچەمگە سېلىپ تارتىپ بېقىش لازىم. ئەگەر «مەھبۇب (ئاللاھ)» نىڭ مۇراتلىرىنى ئادا قىلىش يولىدا قۇربان بولسا، مەرىپەت ۋە مۇھەببەت توغرىسىدىكى دەۋاسى راست، بولمىسا يالغاندۇر.

﴿**مَنْ عَمِلَ صَالِحًا فَلِنَفْسِهِ وَمَنْ أَسَاءَ فَعَلَيْهَا وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّامٍ لِّلْعَبِيدِ**﴾ ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ پايدىسى ئۆزىگە، يامان ئىش قىلغۇچىنىڭ زىيىنى ئۆزىگە، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەس.

خەلقنىڭ بىر دىنغا ئەگىشىپ، مەنىۋى ۋە ئەخلاق جەھەتتىن بىر ـ بىرىنىڭ ياردەملىرىگە مۇھتاج بولۇشى تەبىئىي. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر يەرگە جۇغلاش، ئۆزئارا تونۇشۇشلىرىغا ۋاستە بولسۇن ئۈچۈن ئالامەت ۋە ۋاستىلەرگە ئېھتىياج بار. ئىسلام دىنىدىكى بۇ ئالامەت ۋە ۋاستىلەر قۇرئان ۋە ھەدىسلەر تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ۋە مەنئى قىلىنغان نەرسىلەردۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزىنى قىبلىگە قارىتىشنىڭ بىر ھېكمىتى مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن.

ئىنسانلارنىڭ قابىلىيىتى ئوخشاش ئەمەس. قابىلىيەت ۋە تەبىئەتلەرنىڭ پەرقى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋام خەلقنى بىۋاستە ھالدا ئاللاھ تائالانى تونۇش ۋە مۇھەببەت باغلاشقا تەكلىپ قىلىش، ئادەتتىن تاشقىرى (قىلالمايدىغان) ئىشقا زورلىغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانى تونۇشقا ۋە مۇھەببەت باغلاشقا تەكلىپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، شۇ مەرىپەت ۋە مۇھەببەتكە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يول، شۇ مەقسەتلەرنىڭ مۇقەددىمىسى ئورنىدىكى بەزىبىر رەسمىي ئىبادەتلەرگە بۇيرۇش ۋە بەزى ئىشلاردىن توسۇش ئىشى يولغا قويۇلدى. بىر ئادەم شۇ يول بىلەن مېڭىپ، ئەسلى مەقسەت بولغان مەرىپەت ۋە مۇھەببەتكە بېرىپ يېتىشسە، ئاللاھ تائالا ھەزرەتلىرىگە مەنىۋى يول بىلەن ئۇلاشسا، ئۇ كىشى ھەققىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكۈچى

كىشىدۇر. شۇ سائادەتكە مۇيەسسەر بولالمىغان ھالەتتىمۇ، ھەممىشە شۇ يولدا يۈرگەن ۋە تاقىتى يەتكەن مىقدارى تىرىشقان ئادەملەر ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە نىيىتىگە قاراپ ئەجىرگە ئېرىشىدۇ، بۇمۇ ياخشى ئىش.

﴿لا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلاَّ مَا آتَاهَا سَيَجْعَلُ اللَّهُ بَعْدَ عُسْرٍ يُسْرًا﴾ ئاللاھ ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ (يەنى پېقىر ئادەمنى باينى تەكلىپ قىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ)، ئاللاھ قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى بېرىدۇ (يەنى پېقىرلىقتىن كېيىن بايلىقنى بېرىدۇ).»

ئىسلام دىنىدا بەزى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە بەزى ئىشلاردىن توسۇشنىڭ سەۋەبى جاننى قىيناش، بەدەننى ئازابلاش ئەمەس، بەلكى پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا مۇھەببەت باغلاشنىڭ يولى قىلىپ كۆرسىتىلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خۇسۇستا، مەسىلەن: نېمە ئۈچۈن بەزى نامازلار تۆت رەكئەت، بەزىسى ئۈچ رەكئەت بولدى؟ دېگەندەك ئېتىراز ۋە شۈبھىلەرنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. مۇھەببەت يولىغا كىرگەن كىشىنىڭ ۋەزىپىسى، ئېتىراز بىلدۈرۈش ئەمەس، مەھبۇبىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ ئىشلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ھەقىقەتتە ناماز، روزا، ھەجدەك ئىشلارنى پەقەت ماددىي ۋە رەسمىي ھەرىكەتلەردىنلا ئىبارەت دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ رەسمىي ھەرىكەتلەر نىيەت، ئىخلاس ۋە پىكىر قىلىشتەك مەنىۋى نەرسىلەر بىلەن بىللە بولۇشى لازىم. نىيىتىمنى توغرىلىيالمايمەن، ئىخلاسىم يوق، پىكىر قىلىشقا كۈچۈم يەتمەيدۇ دېگەندەك باھانىلەر بىلەن پەرز ئىشلارنى قىلماي قويۇش توغرا بولمىسىمۇ، ئىخلاس، نىيەت ۋە پىكىرنى ھاسىل قىلىشقا تىرىشىش قەتئىي پەرزدۇر. ھالبۇكى ئۇلار خالىس روھانىي نەرسىلەردۇر.

تەپەككۇرنىڭ ئورنىنىڭ قانچىلىك يۈكسەك ئىكەنلىكى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە سەھىھ ھەدىسلەردىن مەلۇمدۇر.

﴿تِلْكَ الْأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز.

زامانىمىزدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ ناماز، روزا، زاكاتتەك ئىبادەتلەرگە سەل قارىشىغا قاراپ: «قاراڭلار! بۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەت ۋە ئەمەلىيەت ئىشلىرى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ» دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىش توغرا بولمايدۇ.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كۆرۈلۈۋاتقان ھازىرقى ئەھۋاللار، ياۋروپا مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام ئالەمىنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۆز ئارا ئۇچرىشىشىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا پەيدا بولغان بولۇپ، ئىككى ھاۋا ياكى ئىككى پويىز ئۆز ئارا دوقۇرىشىپ قالغاندا توختاپ قېلىش، بالا ـ قازا ۋە خاراپلىقلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغاندەك، بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشىپ بەسلىشىشى جەريانىدا پەۋقۇلئاددە ئىشلار، ۋەيرانچىلىقلار ۋە بالا ــ قازالارنىڭ يۈز بېرىشى تەبىئىيدۇر. مۇنداق پەۋقۇلئاددە ئىشلار بۇنىڭدىن بۇرۇن يۇنان، ھىند، سابىئى ۋە ئىران پەلسەپىلىرى بىلەن ئىسلام دىنى ئۆز ئارا ئۇچراشقاندىمۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. شۇ زامانلاردا يېزىلغان ئەسەرلەرگە قارىغاندا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەك ـ شۈبھە پىتنىسىگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى، ئىسلامنىڭ نىگىزى ھېسابلىنىدىغان ئىش ۋە ئىبادەتلەرلا ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ «مۇنقەرزلىك» بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ گەپلەر بىلەن ئىسلام دىنى مۇنقەرز بولمايدۇ، ئىبادەت ۋە ئەمەللەر يوقالمايدۇ. بۇ قېتىممۇ ئىنشائاللاھ شۇنداق بولىدۇ.

﴿وَعْدَ اللَّهِ لَا يُخْلِفُ اللَّهُ وَعْدَهُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ ئاللاھ (ئۇلارنى غالىب قىلىدىغانلىقىنى) ۋەدە قىلدى. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ (چۈنكى ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، سۆزى راستتۇر)، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

بىر قىسىم كىشىلەر مەلۇم مەزگىل ئەمەل ـ ئىبادەتسىز، سەجدە ـ تىلاۋەتسىز كۈن ئۆتكۈزسىمۇ، ئۇنىڭدىن يانىدۇ. بۇ يېڭى ئىشنىڭ لەززىتى ئۇنداق ئۇزاققا بارمايدۇ.

«ھازىرقى كۈندە بەلنى ئېگىپ رۇكۇ قىلىشنىڭ، باشنى يەردە قويۇشنىڭ، كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ، ئوتتۇز كۈن ئاچ يۈرۈشنىڭ، جەھەننەمدەك ئىسسىق ھىجاز (ئەرەبىستان) غا بېرىپ تىكىلمىگەن رەختكە يۆگىنىپ يۈرۈشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟» دېگۈچىلەرنىڭ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن: «بۇ ۋۇجۇد، بۇ ھاياتنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئاللاھنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىش ئىكەن، ئۇنىڭغا قاراپ سەئيى ـ ھەرىكەت قىلىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. ئەگەر ئاللاھ تائالا ‹مېنى تونۇشنىڭ يولى، جېنىڭنى پىدا قىلىشتۇر› دېگەن بولسا ئىدى، بىز جېنىمىزنى پىدا قىلار ئىدۇق. لېكىن ئاللاھ تائالا مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن بىزگە مۇنداق تەلەپنى قويمىدى، بەلكى ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش ۋە زاكات

بىرىشتىن ئىبارەت ناھايىتى يەڭگىل ئىشلارنى قىلىشنى بۇيرۇدى. بىز بۇنى پۈتۈن رازىلىقىمىز بىلەن قوبۇل قىلىمىز» دەيدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋارمىز. چېكىنگۈچىلەر، قارشىلىق ۋە ئاسىيلىق قىلغۇچىلار بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئېھتىياجى ئەلۋەتتە يوق.

﴿وَمَنْ يُسْلِمْ وَجْهَهُ إِلَى اللَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى وَإِلَى اللَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ﴾ ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.

□□□

ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ئەسەر مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ كىتابلىرى تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن بەزى بىر ھەدىسلەرنى «الترغيب والترهيب»، «مصابيح السنة» ۋە «الجامع الصغير» قاتارلىق ھەدىس كىتابلىرىدىن كۆچۈرۈپ ئالدۇق. لېكىن بۇنداق ھەدىسلەر ئاز. ھەدىسلەرنىڭ تولىسى ئالتە ھەدىس كىتابى بىلەن ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «مۇسنەد» ناملىق ھەدىسلەر توپلىمىدىن ئېلىندى. ھەر بىر ھەدىسكە بىر - ئىككى مەنبە كۆرسىتىلدى. تاللانغان ھەدىسلەرنىڭ بەزىلىرى توغرىسىدا ھەدىس ئىماملىرىنىڭ بەزى پىكىرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلسەكمۇ، ماۋزۇ (توقۇلما) دېيىلمىگەن، بەلكى ئۇ سۆزلەر رىۋايەت قىلغۇچىلارغا ئائىت بولغاچقا، ئۇ خىلدىكى ھەدىسنى كۆچۈرۈپ ئېلىشتىن تارتىنىپ ئولتۇرمىدۇق. بۇلارنىڭ سانىمۇ تۆت - بەشتىن ئاشمايدۇ. بىز بۇ ئەسەرنى دىنىمىزنىڭ دۇنياۋى بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە توسالغۇ بولمايدىغانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان، قوللايدىغانلىقىنى نامايەن قىلىش، ئەخلاقنى تۈزىتىش يولىدا خەلقىمىز ئۈچۈن قەدرى ئەھۋال خىزمەت قىلىش، ئىجتىمائىي كېسەللىكلىرىمىزگە چارە ئىزدەش مەقسىتىدە ھازىرلىدۇق. ھەدىسلەرنى رەتلەشتىكى مەقسىتىمىزمۇ شۇ ئىدى. ئەگەر بۇ مەقسىتىمىز جايىدا ئورۇندالمىغان بولسا، ئەيىب ھەدىسلەردە ئەمەس، بەلكى بىزدە ۋە بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزدا. بىز، ئومۇمەن ئىسلام دۇنياسىدا دىنىي ئىنقىلاب يۈز بېرىۋاتقان بىر دەۋردە، خۇسۇسەن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى يېڭىدىن كۆتەرتىپكە كېلىۋاتقان بىر دەۋردە ياشىدۇق. بىپايان دېڭىز كەبى پىكىر دولقۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزۈپ يۈردۇق. مۇنداق ئادەملەرنىڭ، تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا مۇتەئەسسىپلىشىشى، ئىرادە ۋە غەيرەتلىرىنىڭ زەربىگە ئۇچرىشى ۋە شۇ سەۋەبتىن خاتالىشىشى، توغرا يولدىن ئېغىپ كېتىپ قېلىشى تەبىئىي ئىش. خۇسۇسەن بۇ كىتابنى ئەتراپىمىزنى غايەت زور تەشۋىش، كۆڭۈل ئىزتىرابلىرى ۋە قارا بۇلۇتلار قورشىۋالغان بىر پەيتتە رەتلەپ چىقتۇق. بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ توختىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى بىئارام قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. جانابى ئاللاھنىڭ بىلگىنىلا كۇپايە قىلىدۇ.

﴿إِنَّمَا أَشْكُو بَثِّي وَحُزْنِي إِلَى اللَّهِ﴾ مەن قايغۇ - ھەسرىتىمنى پەقەت ئاللاھقىلا ئېيتىمەن، ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن.

«مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلار، شۇنداقلا كىتاب مۇتالىئە قىلىپ ھوزۇرلىنىدىغانلار، خۇسۇسەن ئۆزۈمنىڭ بالا - چاقىلىرىم، ئورۇنباسارلىرىم، نەسلداش ۋە نەسەبداشلىرىم، ئىلىم ۋە ئەدەب يولىدىكى دوستلىرىم پايدىلانسا ئىدى!» دەپ يېزىپ ئولتۇردۇم. سالامەتلىكىم ۋە سەرمايەم يار بېرەلمەيدىغان ئاخىرەت كۈنىدە نىجاتلىققا ئېرىشىشىمگە سەۋەب بولۇپ قالسا ئىدى دەپ، كۈنلەر ۋە سائەتلەرچە مەشغۇل بولدۇم. ئۈمىدىم شۇكى: ئاللاھ تائالا ئۇشبۇ مەقسىتىمگە نائىل ۋە ئۆز لۇتپى بىلەن سۇنۇق كۆڭلىمىزگە مەرھەمەت ئاتا قىلار! ئامىن!!!

﴿رَبَّنَا امَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا وَاَنْتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ﴾ پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن.

﴿وَمَا تَوْفِيقِى اِلَّا بِاللّٰهِ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَاِلَيْهِ اُنِيبُ﴾ مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن.